国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

مارگارېت مىچېل (ئامېرىكا)

# ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن

2

تەرجىمە قىلغۇچى: راخمان مامۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**图书在版编目(CIP)数据**

飘．下：维吾尔文／(美) 米切尔 (Mitchell,M.)著；热合曼·马木提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.7
ISBN 978-7-228-17030-2

Ⅰ.①飘… Ⅱ.①米… ②热… Ⅲ.①长篇小说 — 美国 — 现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I712.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第232808号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 阿依古丽·阿西木 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 28.125 |
| 版　　次 | 2014年9月第2版 |
| 印　　次 | 2014年9月第1次印刷 |
| 定　　价 | 74.00 元 |

# مۇندەرىجە

تۆتىنچى قىسىم ........................................ 1

بەشىنچى قىسىم ........................................ 575

# تۆتىنچى قىسىم

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

1866 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھاۋا شۇنچىلىك سوغۇق. سىكارلېت ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ پىتتىي ھاممىغا ئۆزىنىڭ، مېلانىيەنىڭ ياكى ئاشلېينىڭ نېمە ئۈچۈن ئاتلانتاغا بارالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق خەت يېزىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىنچى قېتىملىق خەت بولۇپ، خەت يېزىۋېرىش ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. پىتتىي ھامما بەربىر ئۇنىڭ خېتىنىڭ بېشىدىكى بىرنەچچە قۇرنى ئوقۇيلا ئايىغىنى ئوقۇماي، ئۆزلىرىگە يەنە: «لېكىن، مەن ئۆزۈم يالغۇز ياشاشتىن قورقىمەن!» دەپ قاقشاپ خەت يازاتتى.

سىكارلېت قوللىرى مۇزلاپ كېتىپ، قەلەمنى قويۇپ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى. پۇتلىرىمۇ مۇزلاپ، ئورىۋالغان پاختىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە كىيىۋالىدىغان ئايىغىنىڭ چەمى تېشىلىپ كېتىپ ئىچىگە كىگىز پېتەك سېلىۋالغان بولسىمۇ، پېتەك نىپىز بولغاچقا پۇتىنى دېگەندەك ئىسسىق تۇتالمايتتى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ۋىل ئاتنى تاقىلىتىپ كەلگىلى جونېسبوروغا ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇ ئىش ئېسىگە كېلىپ قېلىپ، سىكارلېت ئىچىدە، دۇنيانىڭ ئىشلىرىمۇ قىزىق، ئاتنىڭ كىيىدىغان ئايىغى بار، ئەمما ئادەم خۇددى ھويلىدىكى ئىتقا ئوخشاش يالاڭ ئاياغ يۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇ قەلەمنى يەنە قولىغا ئېلىپ خەتنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، ۋىلنىڭ ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى ـ دە، قەلەمنى يەنە تاشلاپ قويدى. ۋىلنىڭ ياغاچ پۇتى كارىدوردا بىردەم

توكۇلداپ، ئارقىدىن بىردىنلا جىمىپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنى ھازىرلا كىرىدۇ دەپ بىردەم ساقلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن شەپە بولمىغاندىكىن، ئۇنى توۋلىدى. ۋىل كىرىپ چىرايىدا بىر خىل يېقىملىق كۈلكە، بوسۇغىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى.

— سىكارلېت خانقىز، سىزدە زادى قانچىلىك نەق پۇل بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— سىز مېنىڭ پۇلۇمنى بىلمۇئېلىپ، ئاندىن مەن بىلەن توي قىلاي دەپ ئويلاۋاتامسىز، ۋىل؟ — سەل قوپاللىق بىلەن ياندۇرۇپ سورىدى ئۇ.

— ياق، خانقىز، بىلگۈم كەلدى.

سىكارلېت سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. ۋىلنىڭ تۇرقى تازا ئەستايىدىل ئەمەس ئىدى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى. شۇنداقتىمۇ سىكارلېت بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ:

— قولۇمدا پەقەت ئون ئالتە دانە تىللا بار، بۇمۇ ھېلىقى شىماللىق ئالۋاستىدىن قالغان پۇلنىڭ ساقىنىدىسى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ھىم، خانقىز، بۇنچىلىك پۇل يەتمەيدۇ.

— نېمىگە يەتمەيدۇ؟

— باجغا، — ۋىل جاۋاب بەرگەچ تام مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى ئوتقا قاقلىدى.

— باجغا؟ — سىكارلېت ئۇنىڭ گېپىنى ئاددىيلا تەكرارلىدى، — ۋاي خۇدايىم، ۋىل! بىز باجنى تاپشۇرۇپ بولغان ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، خانقىز، ئەمما ئۇلار تاپشۇرغىنىڭلار يەتمەيدۇ، دەۋاتىدۇ. بۇ گەپنى مەن بۈگۈن جونېسبورودىن ئاڭلاپ كەلدىم.

— ۋىل، خۇدا ھەققى، نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم.

— سىكارلېت خانقىز، سىزگە يەنە ئاۋارىچىلىك تېپىپ

بېرىشتىن قورقۇپ يۈرۈۋاتاتتىم، ئۇنىڭسىزمۇ سىزنىڭ تارتىۋاتقان جاپايىڭىز ئاز ئەمەس، ئەمما سىزگە دېمەيمۇ بولمىدى. ئۇلار سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ باج تاپشۇرىدىغانلىقىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ. تاراغا كېلىدىغان باجنى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئۆستۈرۈۋېتىپتۇ، كېيىن ئېيتالايمەنكى، بۇ باج ناھىيەدىكى ھەرقانداق كۆچمەس مۈلۈككە كېلىدىغان باجدىن ئېشىپ كەتكەن.

— بىر قېتىم تاپشۇرۇپ بولغاندىكىن، ئىككىنچى قېتىم ئۇنچىلا كۆپ ئۆستۈرۈۋەتمەسلىكى كېرەكتىغۇ؟

— سكارلېت خانقىز، سىز جونېسبوروغا پەقەتلا بېرىپ باقمىدىڭىز، مەنمۇ سىزنىڭ بارمىغىنىڭىزغا خۇشال. ئۇ يەر بۇ كۈنلەردە ئايال كىشى بارىدىغان جاي ئەمەس. ئەمما، بېرىپ قالسىڭىز، ئۇ يەردە ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغانلارنىڭ كۆپىنىڭ لۈكچەك ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر، سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى كۆرەتتىڭىز. ئۇلارنى كۆرسىڭىز يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىسىز. يەنە تېخى قارا ئالىۋاستىلار ئاق تەنلىكلەرنى ئادەم ماڭىدىغان يوللاردىن ئىتتىرىۋېتىدىغان، ئۇنى ئاز دەپ...

— بۇ ئىشلارنىڭ مېنىڭ باج تاپشۇرۇشۇم بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— مەن دەل شۇنى دېمەكچى، سكارلېت خانقىز، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ مۇتتەھەملەر تاراغا كېلىدىغان باجدىن، خۇددى بىز يىلدا مىڭلاپ تاي پاختا ئالىدىغاندەك تازا رازى ئەمەس. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاۋاقخانىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقتىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىلدىمكى، ئەگەر سىز ئۇ پۇلنى تۆلىيەلمىسىڭىز، بەزى ئادەملەر ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت ئارقىلىق تارانى تۆۋەن باھادا باھالىتىپ ئاندىن ئۆزلىرى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنچىلا كۆپ پۇلنى تاپشۇرالمايدىغانلىقىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ يەرنى كىمنىڭ سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئەمما، كاسلېن خانقىزنى ئالغان ھېلىقى ھىلتون دېگەن خۇنپەر چوقۇم بىلىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن سورىغاندا، ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ كۈلۈپ قويدى.

ۋىل سافادا ئولتۇرۇپ توكۇر پۇتىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ پۇتى ھاۋا سوغۇق كۈنلىرى ئاغرىيتتى، سېلىنىۋالغان ياغاچ پۇتىمۇ تازا جايىغا چۈشمىگەچكە ئۇنى كۆپ بىئارام قىلاتتى. سىكارلېت ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ۋىل تارا توغرۇلۇق شۇنداق مۇھىم گەپلەرنى ئىختىيارىي ئولتۇرۇپ قىلىۋاتاتتى. ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت راستىلا تارانى باھا قويۇپ ساتقۇزۇۋېتەرمۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ نەگە بارىدۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن تارا باشقا بىر ئادەمنىڭ بولۇپ كېتەمدۇ؟ ياق، بۇ ھەرگىز ئەقىلگە سىغمايدۇ.

سىكارلېت پۈتۈن زېھنىنى تارانىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قاراتقاچقا، سىرتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار بىلەن كارى يوق يۈرگەنىدى. چۈنكى، ۋىل بىلەن ئاشلېي جونېسبورو بىلەن فايېتېۋىلنىڭ ھەممە ئىشىنى بېجىرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇ يەرلەرگە بېرىش ھاجەتسىز ــ دە. ھەتتا ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى دادىسى ئۇرۇش توغرۇلۇق گەپ قىلسا ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك، ھازىرمۇ ۋىل بىلەن ئاشلېي كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يەنە ئۇرۇش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلسا ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە زادىلا قۇلاق سالمايتتى.

دەرۋەقە، ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇۋاتقان مۇناپىقلار ۋە سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. كېيىنكى ئادەملەر جەنۇب تەسلىم بولغاندىن كېيىن چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشكەن شىماللىق ئالۋاستىلار بولۇپ، پۈتۈن بايلىقىنى سومكىسىغا سېلىپلا كۆتۈرۈپ كېلىشكەنىدى. سىكارلېت يەنە «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»نىڭ ئادەملىرى بىلەنمۇ بىرقانچە قېتىم كۆڭۈلسىز ئۇچراشقان، ئازاد

قىلىنغان بەزى ئېگىرلارنىڭ تەكەببۇرلىشىپ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان، ئەمما تارا ئىشەنمىگەنىدى، چۈنكى ئۇ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە تەكەببۇرلۇق قىلغان بىرمۇ ئېگىرنى كۆرمىگەن ـ دە.

ۋىل بىلەن ئاشلىپي كېلىشىۋېلىپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېمەيتتى. ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇلىشىپلا قايتا قۇرۇشنىڭ تېخىمۇ زور ئاپەتلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىككىسى ئادەتتە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقاندا سكارلېتقا قورقۇنچلۇق ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق زادىلا ئېغىز ئاچمايتتى، سكارلېتنىڭ ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالغاندا سۆزلىنىدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى تالاغا چىقسىلا ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار ئىدى.

ئۇ ئاشلىپىدىن شىماللىقلارنىڭ جەنۇبقا بويسۇندۇرۇلغان ئۆلكە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، بويسۇندۇرۇلغانلارغا تۇتۇلىدىغان سىياسەت ئاساسلىقى ئۆچ ئېلىش بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئەمما، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارمۇ سكارلېت ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىشلار ئىدى، سىياسەت ئەرلەر شۇغۇللىنىدىغان ئىش دەپ قارايتتى. ھەتتا ۋىل، شىماللىقلار جەنۇبنىڭ قايتا ئورنىدىن تۇرۇشىغا يول قويمايدۇ دېگەنىدىمۇ، ئۇ، بۇ ئەرلەر نەدىكى يوقىلاڭ بىر ئىشلارغا كاللىسىنى قاتۇرىدىكەن، دەپ ئويلىغانىدى. بۇرۇنمۇ ئۇ ماڭا شىماللىقلارنىڭ قامچىسى تەگمىگەن، بۇ قېتىممۇ مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر جېنىنىڭ بارىچە ئىشلەش كېرەك، شىماللىقلاردىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىدى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇرۇش ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

سكارلېت رىقابەتنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، ھالال ئەمگەك بىلەن ئادىل ھەقكە ئېرىشكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. جۇرجىيە ھازىر ھەربىي ئىدارە تۈزۈمىدە ئىدى، شىماللىق ئەسكەرلەر پۈتۈن يەرنى قامال قىلىپ تۇراتتى، «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى» ھەممىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىگەن ۋە ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈشكەنىدى.

قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ۋەزىپىسى ھۇرۇن ۋە ھاياجان نېگىرلارنى باشقۇرۇش ئىدى. ئۇلار يەنە مىڭلىغان نېگىرلارنى قورۇقلاردىن يېزا ۋە شەھەرلەرگە جەلپ قىلىۋاتاتتى. ئۇيۇشما ئۇلارنى باقاتتى، ئوينىتاتتى ۋە ئۇلارنىڭ كاللىسىغا بۇرۇنقى غوجايىنلىرىغا قارشى تۇرىدىغان زەھەرلىك پىكىر ئېقىملىرىنى قۇياتتى. گېرالدىنىڭ بۇرۇنقى نازارەتچىسى جوناس ۋىلكېرسون تارادا بۇ ئۇيۇشمىنىڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى كاسلېن كالۋېرتنىڭ ئېرى ھىلتون ئىدى. ئىككىسى، جەنۇبلۇقلار بىلەن دېموكراتچىلار نېگىرلارنى قايتا قۇل قىلىشنىڭ پەيتىنى پايلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. نېگىرلارنىڭ بۇ شۇم تەقدىردىن قۇتۇلۇشلىرىنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇيۇشما بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدۇر، دېگەندەك گەپلەرنى تىنماي تارقىتىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىككىسى يەنە نېگىرلارغا ئۇلارنىڭ ئاق تەنلىكلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، ئاز كۈندە ئۇلارنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى، بۇرۇنقى غوجايىنلىرىنىڭ مال - مۈلكى بۆلۈپ بېرىلىپ، ھەربىر نېگىرغا قىرىق ئىنگلىز مو يەر بىلەن بىردىن قېچىر تېگىدىغانلىقىنى سۆزلىشەتتى. بۇنىڭ بىلەن قۇلدارلار بىلەن قۇللارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن تونۇلغان بۇ رايوننىڭ ھەممە يېرىدە ئۆچمەنلىك ۋە بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشلار باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

«ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»غا ئەسكەرلەر يۆلەنچۈك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي تەرەپ بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىر - بىرىگە زىددىيەتلىك نۇرغۇن پەرمانلارنى چىقارغانىدى. ئادەملەر قىلدىن قىيىق كەتسە قولغا ئېلىناتتى، ھەتتا ئۇيۇشمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئالىيىپ

قويۇشمۇ جىنايەت ھېسابلىناتتى. ھەربىي تەرەپنىڭ پەرمانلىرى مەكتەپلەر، ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرى، كىيىملەردىكى تۈگمىلەرنىڭ خىللىرى، ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىش دېگەندەك پۈتۈن ئىشلارغا قارىتىلاتتى. ۋىلكېرسون بىلەن ھىلتون سكارلېت شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقانداق تىجارەتكە ئارىلىشىشقا ھەقلىق ئىدى ھەم ئۇ ساتىدىغان، ئالماشتۇرىدىغان بارلىق تاۋارلارغا باھا بېكىتىپ بېرەتتى.

ھېلىمۇ ياخشى سكارلېت ئۇ ئىككىسى بىلەن ئاز مۇئامىلە قىلاتتى. ۋىل ئۇنى سودا ئىشلىرىنى ئۆزىگە قويۇپ بېرىپ، قورۇقنىڭ ئىشلىرىنىلا باشقۇرىدىغانغا قايىل قىلغانىدى. ۋىل ئۆزىنىڭ مۆتىدىل چارىلىرى بىلەن نۇرغۇن مۈشكۈلچىلىكلەرنى يېڭىپ كەتتى ۋە بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا زادىلا گەپ قىلمىدى. زۆرۈر تېپىلغاندا ۋىل سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى ۋە شىماللىقلارغا بىر ئامال قىلىپ تاقابىل تۇرالايتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ دۈچ كەلگىنى نورمىدىن تاشقىرى بېكىتىلگەن باج بىلەن تارا قورۇقى قولدىن كېتىدىغان زور مەسىلە بولغاچقا، بۇنى بىر تەرەپ قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، سكارلېتنى دەررۇ خەۋەرلەندۈرمىسە بولمايتتى.

سكارلېت ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ھۇ، ئۆلمەيدىغان ئالۋاستىلار، — توۋلاپ كەتتى ئۇ، — ئۇلار بىزنىڭ ئەدىپىمىزنى بېرىپ ھەممىمىزنى دىۋانە قىلىۋەتتى. ئۇمۇ يەتمىگەندەك، ئۇ لۈكچەكلەرگە بىزنى ھاقارەت قىلدۇرماقچىمىكەن؟

ئۇرۇش ئاخىرلاشقان، تىنچلىق ئورنىتىلغان بولسىمۇ، شىماللىقلار يەنىلا ئۇنى تالان ـ تاراج قىلالايتتى، ئاچ قويالايتتى، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەلەيتتى. ئەمما، سكارلېت بۇنى چۈشەنمەي، كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئەتىيازدىن ئۆتۈۋالساقلا ھەممە ئىشىمىز ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. لېكىن، ۋىل ئېلىپ كەلگەن بۇ

شۇم خەۋەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي بىر يىل ئىشلەپ، ئەمدى بىلىمىزنى ئازراق رۇسلىۋالارمىزمىكىن دەپ تۇرغاندا ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ قەددىنى پۈكۈپلىۋەتتى.

— ۋىل، مەن تېخى ئۇرۇش تۈگەپ، قىيىنچىلىقلىرىمىزمۇ ئاخىرلىشىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ئۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ۋىل سەھرالىقلارغا خاس ياداڭغۇ يۈزىنى كۆتۈرۈپ، — قىيىنچىلىقلىرىمىز ئەمدى باشلىنىدۇ.

— ئۇلارغا يەنە قانچىلىك باج تاپشۇرساق بولىدىكەن؟

— ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرى.

سكارلېت بىردىنلا ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرى؟ بۇ ئۇنىڭغا ئۈچ مىليون ئامېرىكا دوللىرىدەك ئاڭلىنىپ كەتكەندى.

— نېمە؟ — ئۇ ھاسىراپ قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي قالدى، — نېمە... نېمە؟ قانداقلا قىلىپ بولسۇن، بۇ ئۈچ يۈز دوللارنى تاپشۇرۇشىمىز كېرەكمىكەن؟

— شۇنداق ! يا ئۇنىڭغا، يا بۇنىڭغا تۇرۇش كېرەك، بولمىسا ئىككىلىسىگە تۇرۇش كېرەك. ئەمما ئاسان ئەمەس.

— بىراق، ۋىل، ئۇلار تارانى سېتىۋېتەلمەيدۇ. سىزنىڭچە...

ۋىلنىڭ مېھرىبان ۋە نۇرسىز كۆزلىرىدە غەزەپ ۋە ئازاب قايناپ تۇراتتى.

— ئۇلارنى ساتالمايدۇ دەۋاتامسىز؟ مېنىڭچە، ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئۇ مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدۇ. سكارلېت خانقىز، دۆلەت ھازىر پۈتۈنلەي دوزاخقا ئايلىنىپ بولدى. سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن لۈكچەكلەرنىڭ بېلەت تاشلاش ھوقۇقى بار، ئەمما بىزنىڭ، دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى كۆپچىلىك ئادەمنىڭ يوق. بۇ ئىشتاتتىكى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسى 1865 ـ يىلىدىكى باج تىزىملىكى بويىچە ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرۇشى

كىرەك، دەپ تىز ىملانغان بولسا، ئۇ ئادەم بىلەت تاشلىيالمايدۇ. بۇ بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا سىز نىڭ دادىڭىز، تارلىتون ئەپەندى، ماكراي ئەپەندى بىلەن فونتائىننىڭ ئۆيىدىكى بەگزادىلەر بىلەت تاشلاشقا هوقۇقلۇق ئەمەس. ئۇرۇش ۋاقتىدا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيەسىدە كاپىتاندىن يۇقىرى ئۇنۋان بىلەن تۇرغانلارمۇ شۇنداق. كىسىپ ئېيتالايمەنكى، بىز نىڭ بۇ ئىشتاتتا كاپىتاندىن يۇقىرى مەنسەپ تۇتقانلار باشقا هەرقانداق ئىشتاتتىكىدىن كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبنىڭ ئىتتىپاق هۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلغانلارمۇ ئۇ هوقۇقتىن بەهرىمەن بولالمايدۇ. دېمەك، گۇۋاهچىلار بىلەن سوتچىلارمۇ شۇنداق دېگەن گەپ. بۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ بۇ يەرلەردە ئىنتايىن كۆپ. ئەمەلىيەتتە، شىماللىقلار جاكارلىغان چوڭ كەچۈرۈم چارىسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى جەمئىيەتتە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئورنى بار ئادەملەرنى بىلەت تاشلاش هوقۇقىدىن مەهرۇم قالدۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن. ئەمدى ئەقىللىق ئادەملەر، مەرتىۋىلىك ئادەملەر سايلاملاردا بىلەت تاشلىيالمايدۇ، پۇلى بار ئادەملەرمۇ شۇنداق.

— مەن ئۇلارنىڭ ئۇ يىرگىنچلىك قەسىمىگە ئەمەل قىلسام بىلەت تاشلىيالايدىغان بولىمەنكەنمەن ـ دە. 1865 ـ يىلى مەندە بىر تىيىنمۇ پۇل يوق ئىدى. كاپىتان ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەنسەپلەر مەندە تېخىمۇ يوق، مەن قەسەم بەرمەيمەن، هەرقانچە تەس كۈنگە قالساممۇ مەيلى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئادىل بولغان بولسا، ئۇلارغا ساداقىتىمنى بىلدۈرۈشۈم مۇمكىن ئىدى، ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. ئىشتات تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىشىم مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرىدىن بولمايمەن. مەڭگۇ سايلاش ـ سايلىنىش هوقۇقىدىن مەهرۇم قالساممۇ ئۇلارغا قەسەم بەرمەيمەن. هىلتونغا ئوخشاش لۈكچەكلەرنىڭ، ۋىلكىرسونغا، سىلاتتېرىيغا ئوخشاش نومۇسسىز ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، ماكلىنتوشقا ئوخشاش يارامسىزلارنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش هوقۇقى بار، ئۇلار يەنە تېخى بىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقۇرىدۇ، بوزەك قىلغۇسى كەلسە باجنى ئون ھەسسىلەپ ئۆستۈرەلەيدۇ. بۇ، بىر نىگىر بىر ئاق تەنلىكنى ئۆلتۈرۈۋەتسە سوتلانمىغاندەك بىر ئىش ياكى ... — ۋىل گىپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، دېيىشمۇ تەس ئىدى. سىكارلېت ئىككىسى لوۋېجوي ئەتراپىدىكى خىلۋەت بىر جاڭزىدا ئۆلتۈرۈشلۈق تەتھا بىر ئاق تەنلىق ئايالنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى بىلەتتى... — ئۇ نىگىرلار بىزگە پايدىسىز ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدۇ. «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى» بىلەن ئەسكەرلەر بولسا ئۇلارغا يار - يۆلەك بولىدۇ، بىز بولساق سايلامىلارغا قاتنىشالمايمىز، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامالىمىزمۇ يوق.

— سايلام! — سىكارلېت چالۋاقاپ كەتتى، — سايلام! سايلامدا بىلەت تاشلاشنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار، ۋىل؟ بىز ھازىر باج توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتىمىز... ۋىل، تارانىڭ ياخشى قورۇق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. پەقەتلا ئامال قىلالمىساق ئۇنى گۆرۈگە قويۇپ، شۇ پۇل بىلەن باجنى تۆلىۋەتسەكمۇ بولىدىغۇ.

— سىكارلېت خانقىز، سىز ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ناھايىتى ئىنچىكە، ئەمما بەزىدە يوقىلاڭ گەپلەرنىمۇ قىلىپ قويىسىز. ئويلاپ بېقىڭ، بىزنىڭ قورۇقنى ھازىر پۇل تۆلەپ گۆرۈگە ئالغۇدەك كىم بار؟ تارانى تارتىۋېلىشقا ئاران تۇرۇۋاتقان سومكىچىلاردىن باشقا كىممۇ ئالالايدۇ؟ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېرى بار. ئۆزىنىڭ يېرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقان ئەھۋالدا، سىزنىڭ يېرىڭىزنى گۆرۈگە ھېچكىم ئالالمايدۇ.

— مەندە يەنە ھېلىقى شىماللىقتىن ئېلىۋالغان بىرىلىيانت كۆزلۈك ھالقا بار، شۇنى ساتساممۇ بولىدۇ.

— سىكارلېت خانقىز، بۇ ئەتراپتا سىزنىڭ ئۇ ھالقىڭىزنى ئالالىغۇدەك كىم بار؟ خەقلەرنىڭ سورلىگەن گۆش ئالغۇدەك پۇلى بولمىسا، ھالقىغا پۇل نەدە تۇرۇپتۇ. ئەگەر سىزدە راستلا ئون دانە تىللا بار بولسا، دېمەك، سىزنىڭ جىق ئادەملەردىن پۇلىڭىز

كۆپ دېگەن گەپ.

ئۇلار يەنە جىمىپ كەتتى. سىكارلېت خۇددى تاش تامغا ئۇسسۇزلۇق بولۇپ قالدى. ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىل ئىچىدە ئۇ ئۇنداق تاش تاملارغا خېلى ئۇسۇپ باققانىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، سىكارلېت خانقىز؟

— بىلمەيمەن، — سىكارلېتنىڭ كاللىسىدا ھېچنېمە يوق ئىدى، ئۇ ئىش بىلەن كارى بولماسلىقنىمۇ ئويلاۋاتاتتى. ئۇ بۇ تاش تامنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يەتكەندەك پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى قىيناپ نېمانچىلا ئىشلەيدۇ؟ ھەر قېتىمقى جان تالىشىشنىڭ ئاقىۋىتى يېڭىلىش بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ؟

— قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەنمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئەمما بۇنى دادام بىلىپ قالمىسۇن، بىلىپ قالسا بىئارام بولىدۇ.

— ئۇ شۇنداق بولىدۇ.

— بۇ ئىشنى باشقىلارغىمۇ دېدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئالدىراپلا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم.

شۇنداق، كىملا بولسۇن، بىرەر يامان خەۋەر ئاڭلىسىلا ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ خويمۇ تويدىغۇ كىشى.

— ۋىلكېس ئەپەندى نەدە؟ بەلكىم ئۇنىڭ ياخشى مەسلىھەتى باردۇ.

ۋىل مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن خۇددى ئاشلې كەلگەن كۈندىن باشلاپ ھەممە ئىشنى بىلىدىغاندەك بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇ باغدا قاشا ياساۋاتىدۇ، بايا ئاتنى باغلاۋېتىپ پالتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ تاپقان پۇلى بىزنىڭ پۇلىمىزدىن كۆپ ئەمەس.

— بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى لايىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپقانىكەنمەن، سۆزلەشسەم بولىدۇ. بولمامتى يا؟ — ئۇ ئۇشتۇمتۇت ۋارقىراپ پۇتىغا ئورىۋالغان پاختىنى تېپىۋەتتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ۋىل ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىدى، ئەمما ئورنىدىن مىدىرلىماي، قولىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرىۋەردى.

— ياغلىقىڭىزنى ئۇستىڭىزگە ئارتىۋېلىڭ، سىكارلېت خانقىز، تالا سوغۇق.

ياغلىق ئۇستەل ئۇستىدە ئىدى، سىكارلېت ئۇنى ئالمايلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاشلىپي بىلەن سۆزلىشىشى، ئۆزى ئۇچرىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى ئۇنىڭغا دېيىشى كېرەك. بۇ بىر جىددىي ئىش، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئۇ ئۇ يەردە ئۆزى يالغۇز بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇ قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىممۇ يالغۇز سۆزلىشىپ باقمىدى. ئۇ دائىم ئۆيدىكىلەرى بىلەن ئىدى، مېلانىيە يېنىدىن ئايرىلمايتتى، ئۇنىڭ راست يېنىدا بار ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك پات - پات چاپىنىنىڭ يېڭىنى سىلاپ قوياتتى. بۇ خىل مېھرىبانلىق سىكارلېتنىڭ ئوغىسىنى قايناتاتتى. بۇرۇن ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل روھىي ھالەت ئاساسەن يوقاپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز سۆزلەشمەكچى، ئەمدى ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەنھا پاراڭلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

ئۇ مېۋە دەرەخلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان باغنىڭ ئىچى بىلەن ماڭدى، قۇرۇق ئوت - چۆپلەر ئىچىدىكى ھۆلچىلىك ئاياغلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. سازلىق تەرەپتىن ئاشلېينىڭ پالتىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شىماللىقلار بۇزۇۋەتكەن ئۇ قاشالارنى باشقىدىن ياساپ چىقىش جاپالىق ۋە ۋاقىت كېتىدىغان ئىش ئىدى. باشقا ئىشلارمۇ شۇ، جاپا ھەم ۋاقىت كېتىدۇ، ئويلىدى ئۇ

سەل تىتىلدىغاندەك بولۇپ. شۇ خىيال بىلەنلا ئۇنىڭدا بىر خىل تېرنكىش، ئاچچىقلىنىش، بىزار بولۇشتەك روھىي ھالەت پەيدا بولۇپ قالدى، ئاشلېي مېلانىيەنىڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئېرى بولغان بولسا، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى مۇرىسىگە قويۇپ ئەركىلىسە، ئۇستىدىكى ھەممە ئېغىر يۈكنى ئۇنىڭ تىرىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە قانداق ياخشى بولاتتى.

سكارلېت شامالدا شاخلىرى لىڭشىپ تۇرغان بىر تۈپ ئانار دەرىخىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاشلېينىڭ پالتىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن تەرىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇستىدە قولدا توقۇلغان رەختتە تىكىلگەن ئىشتان بىلەن گېرالدنىڭ كۆڭلىكى تۇراتتى. ئۆز ۋاقتىدا گېرالد بۇ كۆڭلەكنى ئاياپ سوتقا بارغاندا، باراۋەتلەرگە قاتناشقاندا كىيەتتى. ھازىر كونىراپ پۇرلىشىپ كېتىپتۇ ھەم يېڭى غوجايىنىغا كىچىكمۇ كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چاپىنى دەرەخكە ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇنداق ئەمگەكنى قىلغان ئادەم تەرلەيدۇ ـ دە. سكارلېت يېنىغا بارغاندا ئۇ تېخىچە دەم ئېلىپ تۇراتتى.

ئۇ ئاشلېينىڭ ئۇستىدە كونا كۆڭلەك، قولىدا پالتا، چارچىغاندەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ھەم خۇدانىڭ قىسمەتلىرىدىنمۇ رەنجىپ، ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى. سىلىق ـ سىپايە، ئاق كۆڭۈل ئاشلېينى ئاشۇنداق جۇل ـ جۇل كىيىملەردە، ئېغىر ئەمگەك قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ چىدىماي قالدى. ئۇنىڭ قوللىرى ئەمگەك ئۈچۈن يارالغان ئەمەس، ئۇنداق كىيىملەرمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. خۇدا ئۇنى كاتتا ئىمارەتلەردە مېھمانلار بىلەن ھەمسۆھبەتلەردە بولۇشقا ياكى مۇزىكا چېلىپ، مۇشائىرەلەرگە قاتنىشىپ كۆڭۈل ئېچىشقا ياراتقان.

سكارلېت ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئەسكى تاغارغا ئوراپ قويۇشقا، قىزلارغا پاسكىنا، قوپال كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويۇشقا، ۋىلنى ئېتىزنىڭ ئەڭ ئېغىر ئىشلىرىغا سېلىشقا رازىكى، ئاشلېينى بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالەتتە تاشلاپ قويۇشقا رازى ئەمەس. ئۇ تولىمۇ لاتاپەتلىك، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالتۇندىمۇ قىممەتلىك يىگىت، شۇڭا ئۇنى بۇنداق ھايات ئىچىگە تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق ئىشلارنى ئۆزى قىلسا قىلىدۇكى، ئۇنىڭ قىلمىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئازاب تارتىشقا چىدىمايدۇ.

— كىشىلەر ئابې لىنكولىننى ئىلگىرى قاشا ياسايدىغان ئادەم ئىدى دېيىشەتتى، — دېدى ئاشلېي سكارلېت يېقىن كەلگەندە، — قارىغاندا، مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىپ قالىدىغانمۇ ئوخشايمەن.

سكارلېتنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ دائىم مۇشۇنداق، جاپا تارتىۋاتىسىمۇ چاقچاق قىلىۋاتقاندەك يۈرىدۇ. سكارلېتنىڭ قارىشىچە، بۇ ئېغىر ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلىسا تېرىكىپ قالاتتى.

سكارلېت ۋىل كۆتۈرۈپ كەلگەن گەپنى، خۇددى دەۋەتسە يەڭگىللەپ قالىدىغاندەك ئاددىيلا قىلىپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ئاشلېينى پايدىلىق مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. سكارلېت ئۇنىڭ تىترىگەندەك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرەختە ئېسىقلىق تۇرغان چاپىنىنى ئېلىپ دۈمبىسىگە يېپىپ قويدى.

— نېمە، — دېدى سكارلېت ئاخىر، — سىزچە، ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر يەردىن يېتەرلىك پۇل تېپىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە، كېرەك، — دېدى ئاشلېي جاۋابەن، — ئەمما نەدىن تاپىمىز؟

— مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، — سكارلېتنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى يوققا چىققانىدى. ئۇ ياردەم بېرەلمىسىمۇ كۆڭۈلگە ياخشى ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويسا بولمامدۇ. «ھىم! مېنى كەچۈرۈڭ!» دەپ قويسىمۇ ھېساب ئەمەسمۇ.

ئاشلېي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمگە بىرنەچچە ئاي بولدى، پەقەت بىرلا ئادەمدە پۇل بارلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇ بولسىمۇ رېت باتلېر، — دېدى ئۇ.

ئۆتكەن ھەپتە پىتتىي ھامما مېلانىيەگە يازغان خېتىدە رېت باتلېرنىڭ ئىككى ئات قوشقان بىر پەيتون بىلەن خالتا - خالتا دوللارنى ئېلىپ ئاتلانتاغا كەلگەنلىكىنى يازغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ توغرا يوللار بىلەن تاپقان پۇل ئەمەس ئىدى. ئاتلانتادا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەر بويىچە، رېت باتلېر جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ خەزىنىسىدىكى بىرنەچچە مىليون كەلگۈدەك سىرلىق پۇلنى ئوغرىلاپ قېچىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى، — دېدى سىكارلېت ئاشلېينىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ، — دۇنيادا يامان ئادەمدىن بىرسى بولسا، شۇ ئادەم ئاشۇ. ئېيتىڭا، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟

ئاشلېي قولىدىكى پالتىنى قويۇپ، يىراقلارغا، سىكارلېتنىڭ نەزىرىمۇ يەتمەيدىغان يەرلەرگە قاراۋاتقاندەك ئالدىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— مەن يالغۇز تارادا تۇرۇۋاتقان ئۆزىمىزدىنلا ئەمەس، پۈتۈن جەنۇبتىكى ھەربىر ئادەمدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇلار قانداقمۇ قىلار، — دېدى ئاشلېي.

سىكارلېتنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «جەنۇبتىكى ئادەملىرىڭنى خۇدا ئۇرسۇن! گەپ، بىز قانداق قىلىمىز، شۇنىڭدا!» دەپ ۋارقىرىۋەتكۈسى كەلدى - يۇ، لېكىن ۋارقىرىمىدى، ئەمما بىردىنلا ھەممىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى، بۇرۇنقىدىنمۇ ئۆتە سوۋۇپ كەتتى. ئەسلىدە ئاشلېي ئۇنىڭغا قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىكەن ئەمەسمۇ.

— ئاقىۋىتىمىز زادى قانداق بولىدۇ؟ بۇنى تارىختىكى ھەربىر مەدەنىيەت گۇمران بولغاندا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا دىققەت قىلساق بىلەلەيمىز. بۇ ۋەيرانچىلىقتىن كاللىسى بار،

www.uyghurkitap.com

جاسارەتلىك ئادەملەر ئامان ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. كالىلىسى يوق، قورقۇنچاق ئادەملەر بولسا شالىلىنىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق Gotterdammerung[1]نى ئۆز كۆرىمىز بىلەن كۆرۈش بىزنى بەكمۇ بىزار قىلمىسىمۇ، ھەر ھالدا قىزىقتۇرىدۇ.

— نېمىنى كۆرۈشنى دەيسىز؟

— ئىلاھلارنىڭ ئاقىۋىتىنى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز جەنۇبلۇقلار ئۆزىمىزنى پەقەتلا ئىلاھ دەپ قارىمايمىز.

— خۇدا ھەققى، ئاشلىي ۋىلكىس، بۇ قالايمىقان جۆيلۈشلىرىڭىزنى توختىتىڭ. بۇ قېتىم بىز شالىلىنىپ كېتىمىز.

سكارلېتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىنىۋاتقان ئېغىر ھارغىنلىق ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى بولغاي، يىراقلاردا سەيلە قىلىپ يۈرۈۋاتقان ئەس - خىيالىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ ئالىقىنىنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭدىكى قاداقلارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ مەن كۆرگەن قوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق قوللار، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ ئالىقانلىرىغا سۆيۈپ قويۇپ، — بۇ قوللار شۇنچىلىك گۈزەل، چۈنكى ئۇ شۇنچىلىك قەيسەر، ئۇنىڭدىكى ھەربىر قاداق بىر ئوردېن، سكارلېت، ھەربىر قاپارتقۇ سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا بېرىلگەن مۇكاپات. بۇ قوللار بىز كۆپچىلىك ئۈچۈن، دادىڭىز ئۈچۈن، ئۇ قىزلار ئۈچۈن، مېلانىيە ۋە ئۇنىڭ بوۋىقى، ئۇ نېگىرلار ۋە مەن ئۈچۈن قاپارغان. سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىڭىزنى بىلىۋاتىمەن. سىز: «ئەمەلىيەت بىلەن كارى يوق بۇ ئەخمەق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ئىلاھلىرى توغرۇلۇق قۇرۇق گەپ سېتىۋاتىدۇ، ھازىر تىرىك ياشاۋاتقانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر بىلەن كارى يوق» دەۋاتىسىز، بۇ گېپىم يالغانمۇ؟

سكارلېت بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ

① نېمىسچە سۆز، دۇنيا ئىلاھلار ۋە گىگانت ئادەملەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىدۇ، دېگەن مەنىدە.

قوللىرىنى مەڭگۈ قويۇۋەتمەسلىكىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن ئۇ قويۇۋەتتى.

— سىز مېنى ياردەم بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن يېنىمغا كەپسىز، لېكىن مەندە ئۇنچىلىك قۇدرەت يوق.

ئۇ بىر خىل ئازاب بىلەن پالتىغا ھەم يەردە ياتقان ياغاچقا قاراپ قويدى.

— مېنىڭ ئائىلەم ھەم بارلىق مال - مۈلكۈم پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. بۇرۇن مەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ماڭا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەپتىكەنمەن. مېنىڭ ئەمدى بۇ دۇنياغا ھېچقانداق كېرىكىم قالمىدى، چۈنكى مەن مەنسۇپ بولغان ئۇ دۇنيا ھازىر يوقالدى. شۇڭا، مەن سىزگە ياردەم بېرەلمەيمەن، سىكارلېت، ياۋاشلىق بىلەن دېھقان بولۇشنى ئۆگەنمەكتىن ئۆزگە چارەم يوق. بۇ ھالىتىم بىلەن سىزنىڭ تارانى ساقلاپ قېلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلمەيمەن. سىز بىزنى، مېنىڭ ياردىمىم بىلەن جان بېقىۋاتىسىلەر، دەپ ئويلىشىڭىزمۇ مۇمكىن... ھەم، شۇنداق، سىزگە تايىنىپ جان بېقىۋاتىمىز. مەن سىزنىڭ ماڭا ۋە مېنىڭ ئائىلەمگە قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىڭىزنى مەڭگۈ ياندۇرۇپ بولالمايمەن. مەن بۇ نۇقتىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن ھەم ئۆزۈمنىڭمۇ قانچىلىك يارىماس ئادەم ئىكەنلىكىمنى، سىزنىڭ شۇ شەپقەتلىرىڭىزگە نائىل بولۇشقا مۇناسىپ ئادەملەردىن ئەمەسلىكىمنى بىلىۋاتىمەن. مېنىڭ رېئاللىقتىن قاچىدىغان بۇ خىل نەپرەتلىك ئادىتىم يېڭى رېئاللىققا يۈزلىنىشىمگە بارغانسېرى تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

سىكارلېت بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىگە قارىتا ئوچۇق بىر ئۇقۇم شەكىللەنمىگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئاشلېي ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى تۇنجى قېتىم سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. سىكارلېت خۇددى بۇنىڭدىن يېڭى بىر نەرسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بايقىغاندەك قاتتىق ھاياجانلاندى.

— ئوچۇق - ئاشكارا رېئاللىقتا دادىل يۈزلىنەلمەسلىكىمنىڭ بەختسىزلىكىم، ئۇرۇش پارتلىغانغا قەدەر ھايات ماڭا خۇددى پەردىگە چۈشۈرۈلگەن قورچاق ئويۇنىدەك مەنىسىز بىلىنىپ كەلگەنىدى، ئۆزۈممۇ شۇنداق بولۇشنى خالايتتىم، شەيئىلەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ روشەن بولۇپ كېتىشىنى ياخشى كۆرۈپمۇ كەتمەيتتىم. ماڭا ئۇلار گۇڭگا، تۇمان ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك بولسا ياخشى بولاتتى.

ئۇ گېپىدىن توختاپ سۈس كۈلۈپ قويدى، ئۇستىدە بىر لا كۆڭلەك بولغاچقا سەل تىترىگەندەك قىلىۋاتاتتى.

— قىسقىسى، سىكارلېت، مەن بىر قورقۇنچاق ئادەم.

ئۇنىڭ قورچاق ئويۇنى، گۇڭگالىق توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرى سىكارلېت ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىدى، ئاخىرقى گەپلىرىلا ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك بولدى. بۇنى ئۇ ئۇنىڭ راست گېپى ئەمەس، دەپ بىلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قورقۇنچاقلىقنىڭ ھېچقانداق ئىپادىلىرى يوق ئىدى. ئورۇق - ئېگىز گەۋدىسىنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ باتۇر، كېلىشكەن ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

— سىز ئۇنداق ئەمەس. يارىماس ئادەم گېتتىس قەلئەسىدە زەمبىرەكنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ جەڭچىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن باشقىدىن جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرالامدۇ؟ گېنېرال مىلانىيەگە ئايرىم خەت يېزىپ، قورقۇنچاق ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەمدۇ؟ يەنە...

— ئۇ باتۇرلۇق ئەمەس، — دېدى ئۇ پىسەنت قىلمىغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇرۇش يارىماس، قورقۇنچاق ئادەملەرنىڭ كاللىسىغىمۇ باتۇرلارنىڭ كاللىسىغا تەسىر قىلغاندەك تېز تەسىر قىلالايدۇ، جەڭدە باتۇرلۇق قىلمىسىڭىز ھارام ئۆلۈپ

كېتىسىز، شۇڭا ئۇنداق چاغدا كالۋا ئادەمـمۇ باتۇر بولـۇپ كېتىدۇ. مېنىڭ هازىر سۆزلەۋاتقىنىم باشقا ئىش. مېنىڭ بۇ خىل قورقۇنچاقلىقىم تۇنجى قېتىم زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ هوجۇمغا ئۆتكەن چاغدىكىدىنمۇ يامان.

ئۇنىڭ گەپلىرى خۇددى دېسە ئۆزى ئازابلىنىدىغاندەك كۆچەپ ۋە شۇنچىلىك ئاستا چىقىۋاتاتتى. ئەگەر باشقا ئادەم ئاشۇنداق گەپ قىلىدىغان بولسا، سىكارلېت ئۇ ئادەمنى، قەستەن كەمتەرلىك قىلىپ ياكى خەقتىن ماختاش تەلەپ قىلىپ شۇنداق دەۋاتىدۇ، دەپ مەنسىتمىگەن بولاتتى. ئەمما، ئاشلېينىڭ سۆزلەۋاتقانلىرى راست ئىدى. كۆزلىرىنى پات ـ پات قاچۇرۇپ تۇرۇشلىرى قورقۇنچتىن، ئەپۇ سورىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ساقلانغىلى ۋە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل جىددىيچىلىكتىن ئىدى. سوغۇق شامال پۇتلىرىغا نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرغاچقىمۇ سىكارلېت يەنە تىترەشكە باشلىدى. بۇ تىترەشنى سوغۇق شامالدىن دېگەندىن كۆرە، ئاشلېينىڭ ئۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىدە پەيدا بولغان ۋەهىمىدىن دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى.

ــ ئاشلېي، سىز زادى نېمىدىن قورقىسىز؟

ــ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نامەلۇم بىر نەرسىدىن، ئېغىزدىن چىقارسا ئىنتايىن كۈلكىلىك ئاڭلىنىدىغان نەرسىدىن، ئەڭ مۇهىمى، تۇرمۇشنىڭ تۇيۇقسىز بەكمۇ رېئاللىقتا قاراپ ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ جىپسىلىشىپ كېتىشىدىن، ئاخىر ئۇنىڭدىن تويۇپ، ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىشتىن قورقىمەن. بۇ، مەن بۇ پاتقاقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئوتتۇن يېرىشتىن بىزار بولدۇم، دېگەنلىك ئەمەس، مەن بۇ ئىشنىڭ ئاشۇنداق مەنە بېرىپ قويۇشىنى زادىلا قوبۇل قىلالمايمەن. مەن يەنە بۇرۇنقى هاياتىمدىكى گۈزەللىكلەرنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقاپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن. سىكارلېت، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى هايات شۇنچىلىك گۈزەل،

www.uyghurkitap.com

جەلپكار، خۇددى قەدىمكى رىم سەنئىتىگە ئوخشاش تولۇق، مۇكەممەل ۋە كېلىشىملىك ئىدى. بەلكىم ھەممە ئادەم ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەستۇ. بۇ نۇقتىنى مەن ئەمدى چۈشەندىم. ئەمما، مەن ئۇچۇن «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى ھايات ھەقىقىي گۈزەل ئىدى، ئۇ تۇرمۇشقا شۇنچىلىك كۆنۈك ھەم ئۇنىڭ بىر قىسمى ئىدىم. ئەمدى ھازىر ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ يوق، ھازىرقى يېڭى تۇرمۇش بولسا ماڭا پۈتۈنلەي يات. شۇڭا، مەن شۇنچىلىك قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتىمەن. ئەمدى بىلدىمكى، بۇرۇن مېنىڭ كۆرگەنلىرىم قورچاق ئويۇنى ئىكەن، شۇڭا ھازىر ئۇ خىل گۈڭگا نەرسىلەردىن، ھەددىدىن زىيادە رېئال ۋە جانلىق ئادەم ھەم مەنزىرىلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ مېنى ئاۋارىچىلىككە سېلىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن. سىزدىنمۇ ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن، سىكارلېت، سىز بەكمۇ جانلىق، بەكمۇ رېئال، مەن بولسام قورقۇنچاقلىقىمدىن كۆلەڭگىلەر ۋە چۈشلىرىمنى ئۆزۈمگە دوست تۇتۇپ كېتىۋاتىمەن.

— لېكىن... لېكىن... مېلانىيەچۇ؟

— مېلانىيە مېنىڭ ئەڭ چىرايلىق چۈشۈم، شېرىن خىياللىرىمنىڭ بىر تەركىبى. ئەگەر ئۇرۇش بولمىغان بولسا، مەن بەخىرامان ھايات كەچۈرگەن، «ئون ئىككى تۈپ كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە بەختلىك ھالدا كۆز يۇمغان، ھاياتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا خۇددى مەن ئۇنىڭ بىر تەركىبىي ئەمەستەك رازىمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان بولاتتىم. لېكىن، ئۇرۇش بولۇپ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ماڭا قارشى چىقتى. مەن تۇنجى جەڭگە قاتناشقان — سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ بۇل - رون جېڭى ئىدى — ۋاقتىمدا، بالىلىق چاغلىرىمدىكى دوستلىرىمنىڭ تەنلىرىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاتلارنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنەشلىرىنى ئاڭلاپ، ئوق ئېتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان ۋە ئادەمنىڭ قان ئىچىگە يىقىلغان ھالەتلىرىنى

كۆرگەن چاغلىرىمدا، كۆڭلۈم ئېلىشىپ قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدىم. ئەمما، بۇ ئەھۋاللار تېخى ئۇرۇشتا كۆرگەن ئەڭ يامان كۆرۈنۈشلەر ئەمەس ئىدى. سىكارلېت، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى، ئۆزۈڭ تونۇمايدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇرلىنىش ئىكەن.

مەن ھاياتىمدا كىشىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ كەلگەن، شۇڭا ئاغىنىلىرىم ئاز ئىدى. ئەمما، ئۇرۇش جەريانىدا مەن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ دۇنيايىم ئىچىدىلا ياشاپ كەلگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خىيالىي شەخسلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇ ماڭا ھەقىقىي ئادەملەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ، ئۇلار بىلەن قانداق بىللە ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆگەتمىگەنىكەن. مەن ئۇنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەسمەنمىكىن دەپ قورققانىدىم. ئەمدى ھازىر چۈشەندىمكى، خوتۇن - بالىلىرىمنى بېقىش ئۈچۈن، ئۆزۈم بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى بولمىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆزۈمنىڭ ھايات يولۇمنى ئېچىشىم كېرەك ئىكەن. ئەمما، سىز، سىكارلېت، ئۆزىڭىزگە بويسۇندۇرماق ئۈچۈن ھايات بىلەن ئىككى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئېلىشىۋاتىسىز. مەن بۇ خىل ھاياتقا قانداق ماسلىشىشىم كېرەك؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، مەن ئەنە شۇنىڭدىن قورقىمەن.

ئاشلېي جاراڭلىق ئاۋازى ۋە ئادەم چۈشىنىپ بولمايدىغان ھېسسىياتى بىلەن توختىماي سۆزلەۋاتقاندا، سىكارلېت ئۇنىڭ ئايرىم گەپلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە كۆپ ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن، ئۇ گەپلەر خۇددى ياۋا قۇشقا ئوخشاش ئۇنىڭ قولىدىن تېزلا ئۇچۇپ كېتەتتى. قارىغاندا، ئۇ قۇشنىڭ كەينىدىن بىر نەرسە رەھىمسىز قامچا بىلەن ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىۋاتسا كېرەك. ئەمما، سىكارلېت ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى.

— سىكارلېت، مېنىڭ قورچاق ئويۇنۇمنىڭ تۈگەپ

كەتكەنلىكىنى ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قاچان سەزگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم بۇل - رون ئۇرۇشى باشلىنىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۆزۈم تۇنجى قېتىم ئاتقان ئادىمىمنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا سەزگەندىمەن. لېكىن، ئۇ چاغدا ماڭا ئىشنىڭ ئاللىبۇرۇن تۈگەپ بولغانلىقى، ئۆزۈمنىڭ مۇناسىۋەتسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىم ئايان بولۇپ بولغانىدى. ياق، مەن تۇيۇقسىز سەھنىدە پەيدا بولۇپ، ئارتىسلاردەك بىكارغىلا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردۈم. مېنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىمدىكى دۇنيا يوقالدى، باشقىلار ئۇنى بېسىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى مېنىڭ ئىدىيەم ئەمەس، ئۇ ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىمۇ ياۋايى ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىغا ئوخشاش، مېنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پاسكىنا ئاياغلىرى بىلەن مېنىڭ كىچىككىنە ماكانىمنى بۇلغاپ بولدى، ھەتتا ماڭا چىداش مۇمكىن بولمىغاندا كىرىۋالغۇدەك تۆشۈكمۇ قويمىدى. مەن تۇرمىدىكى ۋاقتىمدا، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن بۇرۇنقى تۇرمۇشۇمغا، بۇرۇنقى چۈشلىرىم ئىچىگە قايتىپ بارىمەن، شۇ چاغلاردىكى قورچاق ئويۇنلىرىنى داۋاملىق كۆرىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، سىكارلېت، ئۇنىڭغا قايتىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمىدى. ھازىر بىز ئۇرۇشتىنمۇ، تۇرمىدىنمۇ... مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆلۈمدىنمۇ يامان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدۇق... شۇڭا، سىكارلېت، مەن قورقۇنچاقلىق قىلغىنىم ئۇچۇن جازاغا ئۇچراۋاتىمەن.

— لېكىن، ئاشلېي، — سىكارلېت خۇددى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان پاتقاقلىق يولدا ئىنتايىن تەستە كېتىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى، — ئەگەر سىز بىزنىڭ ئاچتىن ئۆلۈپ كېتىشىمىزدىن ئەنسىرەيدىغان بولسىڭىز... سىز... بىز... بىز، ئاشلېي، بۇنىڭ ئامالىنى قىلىمىز، ئامالىنى قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

ئاشلېينىڭ نۇرلۇق كۆل رەڭ كۆزلىرى يەنە سىكارلېتنىڭ

يۈزىگە تىكىلدى، بۇ كۆزلەردە قايىللىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ كۆزلەر تۇيۇقسىز نۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ سىكارلېتنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ، ئۇنىڭ ئويلىغىنىنى ھەرگىزمۇ ئاچ قېلىش مەسىلىسى ئەمەسلىكىنى تۇيغاندەك بولدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار باشقا ـ باشقا مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلىشىۋاتقاندەك، بىر ـ بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشەلمەيۋاتاتتى. سىكارلېت ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ، ھەر قېتىم ئۇ ھازىرقىدەك كەينىگە يېنىۋالغان چاغلاردا، خۇددى قۇياش پېتىپ كېتىپ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىغا تاشلاپ قويغاندەك ئۆزىنى شۇنچىلىك مىسكىن سېزىدۇ. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئاشلېينى باغرىغا بېسىپ، ئۆزىنىڭ قان بىلەن گۆشتىن ئاپىرىدە بولغان تىرىك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، كىتابلاردا ئوقۇغان، چۈشلىرىدە كۆرگەن نەرسىلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغۇسى كېلەتتى. سىكارلېتقا لازىمى ئۇنىڭ بىلەن بىر تەنگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىدى. بۇ خىل تۇيغۇ ئاشلېي ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ياۋروپادىن قايتىپ كېلىپ، تارانىڭ پەلەمپىيىدە كۈلۈپ تۇرغان ھالەتتە پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ سىكارلېتنىڭ ئۆتتەك ئارزۇسىغا ئايلانغانىدى.

— ئاچلىققا چىدىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئاشلېي، — بۇ ماڭا ئايان، چۈنكى مەن ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتقان، ئەمما ئۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى، بىز ئاللىقاچان مەھرۇم بولغان بۇرۇنقى تۇرمۇشىمىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا قالغان تاتلىق سېزىملىرى يوقالغاندىن كېيىنمۇ بىزنىڭ شۇ تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، شۇ تۇرمۇشنى ئۇنتۇماي يۈرۈۋاتقىنىمىز.

سىكارلېت ئازاب ئىچىدە ئويغا پاتتى. بەلكىم ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى مېلانىيە چۈشىنىدىغاندۇ، چۈنكى ئۇلار پات ـ پات شېئىر، كىتاب، چۈش، ئاي، يۇلتۇز دېگەندەك ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىشىدۇ. قارىغاندا، ئۇ سىكارلېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورقىدىغان نەرسىلەردىن، يەنى ئاچ قېلىشتىن، سوغۇقتا دىر - دىر تىترەشلەردىن، تارا قورۇقمىدىن قوغلىنىپ كېتىشتىن قورقمايدىكەن. قورقىدىغىنى سىكارلېت ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلمايدىغان نەرسىلەر ئىكەن. سىكارلېت ئۈچۈن، پۈتۈن نەرسە بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان بۇ دۇنيادا ئاچارچىلىق، سوغۇق ۋە ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى.

سىكارلېت ئاخىر ئۇنىڭ گەپلىرىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمۇۋالالايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

«ۋاي !» سىكارلېت خۇددى چىرايلىق ئوراپ قويۇلغان بولاقنى ئاچقان كىچىك بالا ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئويلىغان نەرسىنى تاپالماي ئۈمىدسىز توۋلاپ كەتكەندەك توۋلاپ قويدى. ئاشلېي بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، غەلىتىلا كۈلۈپ قويۇپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

— ئۇ گەپلىرىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، سىكارلېت، سىز قورقۇنچنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسىز، شۇڭا سىزگە چۈشەندۈرۈش تەس. سىز شىر يۈرەك، ئەمما سىزدە تەسەۋۋۇر دېگەن نەرسە زادىلا يوق. مۇشۇ ئىككى خاراكتېرىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئىچ تارلىقىم كېلىدۇ، سىز رېئاللىقتا يۈزلىنىشتىن مەڭگۈ قورقمايسىز، ماڭا ئوخشاش رېئاللىقتىن قېچىشمۇ سىز ئۈچۈن مەڭگۈ زۆرۈر ئەمەس.

— رېئاللىقتىن قېچىش؟

سىكارلېت ئۇنىڭ گەپلىرىدىن پەقەت شۇ بىرلا گەپنى چۈشەنگەندەك قىلدى. ئەسلىدە ئاشلېيمۇ ئۆزىگە ئوخشاش كۈرەش دېگەن گەپتىن جاق تويغانىكەن - دە، شۇڭا ئۇنىڭدىن قاچىدىكەن. شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئۇنىڭ نەپسى سىقىلىشقا باشلىدى.

— ئاھ، ئاشلېي، — دېدى ئۇ، — سىز خاتالاشتىڭىز، مەنمۇ ئۇنىڭدىن قاچىمەن. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن جاق تويدۇم.

ئاشلېي گاڭگىراش ئىچىدە قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى.

سىكارلېت شۇئان ئۈتتەك قىزىرىپ تۇرغان بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە تاشلىدى.

— سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، — دېدى ئۇ تۇختىماي سۆزلەپ، — مەنمۇ ئۇ ئىشلاردىن بۇرۇن - قۇلىقىمغىچە تويدۇم، زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن يەيدىغان نەرسە تېپىش ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن تېپىرلىدىم، ئوت ئوتىدىم، پاختا تەردىم، ھەتتا قوشمۇ ھەيدىدىم، بۇ ئىشلارنى جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالغۇچە قىلدىم. سىزگە ئېيتارىم، ئاشلېي، جەنۇب ئاللىبۇرۇن ئۆلدى! ئۆلدى! شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن ھۆر نېگىرلار ۋە سومكىچىلار ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، ئەمدى بىزنىڭ ئۇنىڭدا ھېچقىمىز قالمىدى. ئاشلېي، ئىككىمىز بۇ يەرلەردىن قېچىپ كېتەيلىچۇ!

ئاشلېي غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن نەزىرىنى قىزىرىپ كۆيۈپ كېتىۋاتقان يۈزىگە يۆتكىدى.

— راست دەۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ قېچىپ كېتەيلى! ھازىر مەن ئۇلار ئۈچۈن پايپېتەك بولىۋېرىشتىن تويدۇم. ئۇلارغا قارايدىغان ئادەم چىقىدۇ. ئاشلېي، بۇ يەردىن كېتەيلى، پەقەت ئىككىمىزلا. مېكسىكىغا بارساق بولىدۇ... مېكسىكا ئارمىيەسىگە ئوفىتسېرلار بەكمۇ لازىم ئىمىش. بىز شۇ يەردە راھەت تاپىمىز، مەن سىز ئۈچۈن ئىشلەيمەن، نېمە ئىش بولسا مەيلى. مەن بىلىمەن، سىز مېلانىيەنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيسىز...

ئاشلېي چۆچۈپ كەتتى، چىرايىدا قاتتىق ھەيران قېلىۋاتقانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭغا جاۋابەن گەپ قىلماقچى بولۇپ گەپكە تەمشەلدى، لېكىن سىكارلېتنىڭ ۋېچىرلاشلىرى ئۇنىڭغا زادىلا پۇرسەت بەرمىدى.

— ئاشۇ كۈنى سىز مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى ئېيتقان، شۇ كۈن ئېسىڭىزدە باردۇ؟ ئۇ گېپىڭىزدىن يېنىۋالمايدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلىمەن. چوقۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېنىۋالمىدىڭىز ! ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بايا مىلانىيەنى چۈشىڭىزدىكىدەك ئويلايدىغانلىقىڭىزنى دېدىڭىز. ئاھ، ئاشلېي، بىز قېچىپ كېتەيلى. مەن سىزنى چوقۇم خۇشال قىلالايمەن، — ئۇ يەنە زەھەرخەندىلىك بىلەن قوشۇپ قويدى، — مىلانىيە ئۇنداق قىلالمايدۇ. فونتائىن دوختۇر ئۇنىڭ ئەمدى بالا تۇغالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما مەن سىزگە...

ئاشلېي سكارلېتنىڭ ئىككى مۈرىسىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. سكارلېت مۈرىسى ئاغرىپ كېتىپ گېپىنى قىلالماي قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارچاپ كېتىپ نەپىسى قىسىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى ئۇ كۈننى ھەر ئىككىمىز ئۇنتۇپ كېتەيلى.

— سىز مېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ سىز ئۇنتۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن دەپ چىن يۈرىكىڭىزدىن ئېيتالامسىز؟

ئاشلېي چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، ئاندىن ئىتتىكلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— يالغان !

— يالغان بولغان تەقدىردىمۇ، — ئاشلېينىڭ ئاۋازىدىكى خاتىرجەملىك ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتاتتى، — ئۇ تىلغا ئالىدىغان ئىش ئەمەس.

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز...

— مەن ئۇلارغا نەپرەتلەنگەن تەقدىردىمۇ، سىزچە، مىلانىيە بىلەن بالامنى تاشلاپ قېچىپ كەتسەم بولامدۇ؟ مىلانىيەنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىمەنمۇ؟ ئۇلارنى دوستلارنىڭ سەدىقىسى بىلەن جان باقىدىغان قىلىپ قويىمەنمۇ؟ سكارلېت، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ يۈرىكىڭىزدە ساداقەتمەنلىك دېگەندىن قىلچە ئۇقۇم يوقمۇ؟ سىز دادىڭىز بىلەن سىڭىللىرىڭىزنى تاشلاپ كەتسىڭىز بولمايدۇ. خۇددى مەن مىلانىيە بىلەن ئوغلۇمغا مەسئۇل

بولغاندەك، سىزمۇ ئۇلارغا مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك. شۇڭا، ئۇلاردىن قانچىلىك بىزار بولسىڭىزمۇ ئۇلار مۇشۇ يەردىلا بولىدىكەن، ئۇلارغا باشپاناھ بولۇشىڭىز كېرەك.

— ئۇلارنى تاشلاپ كەتسەم بولىۋېرىدۇ ... ئۇلاردىن زېرىكتىم ... تاقىتىم قالمىدى ...

ئاشلېي سەل ئېڭىشكەنىدى، مېنى قۇچاقلايدىغان بولدى، دەپ سىكارلېتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى، ئۇ خۇددى كىچىك بالىنى پەپىلىگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ مۈرىسىنى بوش ئۇرۇپ قويدى.

— مەن سىزنىڭ ئۇلاردىن زېرىككەنلىكىڭىزنى، چارچىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، شۇڭا سىز مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز. ھازىر ئۈستىڭىزدە ئۈچ ئەرنىڭ يۈكى بار. ئەمما مەنمۇ سىزگە ياردەم بېرىمەن ... مەڭگۈ بۇنداق ئۆتۈپمۇ كەتمەسمەن ...

— سىز ماڭا پەقەت بىرلا ئىشتا ياردەم بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى سىكارلېت نىيىتىنى يامان قىلىپ، — ئۇ بولسىمۇ، مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭ، ئىككىمىز ھاياتىمىزنى باشقىدىن باشلايمىز. ئۆزىمىزنىڭ بەختىنى تاپىمىز، بۇ يەردە بىزنى تارتىشقۇدەك ھېچنېمە قالمىدى.

— راست، ھېچنېمە قالمىدى، — دېدى ئاشلېي خاتىرجەم تۇرۇپ، — يۈز - ئابرۇيدىن باشقا ھەممە نەرسە تۈگەشتى.

سىكارلېت ئۇنىڭ ھىلال ئاي شەكلىدىكى كىرپىكلىرىنى خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قىزغىن تەلمۈرۈپ قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى يالىڭاچ بويىنى ئۈستىدە مەغرۇر تۇراتتى. ئورۇق گەۋدىسىدە ئالىيجانابلىق بىلەن ئېسىلزادىلەرگە خاس بىر خىل خۇسۇسىيەت ئەكس ئېتەتتى، بۇ خىل ھالەتنى ئۈستىدىكى ئەسكى كىيىملىرىمۇ يوقىتىۋېتەلمىگەنىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى، سىكارلېت ئۆزىنىڭ كۆزلىرىدە تىنىمسىز ئىشق ئوتىنى كۆرگەن بولسا، ئاشلېينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىدىن سۇر ئاسمانىنىڭ تېگىدە ياتقان تىنىچ كۆلنىڭ بىپايانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى.

سىكارلېت ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەدەپسىز خام خىياللىرى بىلەن تەلۋە ھېسسىياتىغا بولغان قورقۇنچنى كۆردى.

كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە ھارغىنلىق بىردىنلا ۋۇجۇدىنى چىرماپ، سىكارلېت بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. ئاشلېي ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ھەم بۇنداق ئىرادىلىك ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاقىدىغانلىقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ھەم ئۆزىنىڭ بايىقى گېپىگە پۇشايمانمۇ قىلدى، يېنىغا بېرىپ ئۇنى باغرىغا باستى، بېشىنى مەيدىسىگە چىڭ چاپلاپ تۇرۇپ، بوش ئاۋازدا تەسەللى ئېيتتى:

— سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ باتۇرۇم، ئومىقىم — ئۇنداق قىلماڭ! ھەرگىز يىغلىماڭ!

بۇ قۇچاقلاش بىلەن تەڭ، ئاشلېي مەيدىسىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان سىكارلېتتا بىر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، ئۆزى قۇچاقلاپ تۇرغان بۇ ھارارەتلىك بەدەندىن بىر خىل تەلۋە يالقۇن ۋە جەلپكارلىق، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان تىنىق كۆك كۆزلەردىن قىزغىن ۋە يېقىملىق نۇر سەزگەندەك ۋە كۆرگەندەك بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەتراپى قاقاسلىق ئەمەس، باھار، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن ئىللىق ۋە يېقىملىق، ئارامبەخش ۋە ئېرىنچەك باھار. ئۇ ئەمدى ياشلار ئىنتىلىدىغان، ئۆزىمۇ ئىچ ـ ئىچىدىن سېغىنىپ تۇرۇۋاتقان غەمسىز كۈنلەر يەنە قايتىپ كەلگەندەك. شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئازابلىق ئاي ـ كۈنلەر مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆزلىرى پەقەت ئۆزىگە سوزۇلغان گىلاستەك قىپقىزىل، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان، تىترەپ تۇرۇۋاتقان نېپىز لەۋلەرنىلا كۆرۈۋاتاتتى. ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇ لەۋلەرگە بېسىپ سۆيدى.

سكارلېت قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە خۇددى بورغىنىڭ ئاۋازىدەك بوش ۋە غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. مۇشۇ ئاۋاز ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىتتىك سوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. ۋۇجۇدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئىككىسى بىر گەۋدە بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئاشلېي ئۇنىڭ لەۋلىرىگە مەڭگۈ سۆيسىمۇ قانمايدىغاندەك بېسىپ - بېسىپ سۆيەتتى.

بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز سكارلېتنى قويۇۋەتتى، سكارلېت خۇددى ئۆزى يالغۇز تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغاندەك، بىر قولى بىلەن ئىتتىك قاشانى تۇتۇۋالدى ۋە مۇھەببەت ۋە غالىبلارغا خاس ئوت چاقنىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قادالدى.

— سىز مېنى سۆيىسىز! سىز مېنى سۆيىسىز! شۇنداق دەڭ! شۇ گەپنى قىلىڭ!

ئاشلېينىڭ ئىككى قولى تېخىچە سكارلېتنىڭ مۈرىلىرىدە ئىدى، سكارلېت ئۇ قوللارنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى ھەم شۇنداق بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئۇنىڭغا يەنە قىزغىن چاپلاشتى. بۇ قېتىم ئاشلېي ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەي، ئۆزىنى كەينىگە ئاستا تارتتى، ئەمما يىراقلاشقۇسى يوق ئىدى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تېپىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ! ئۇنداق قىلماڭ! — دېدى ئۇ، — يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز، سىزگە قوپاللىق قىلىپ قويىمەن.

سكارلېت خۇشال ۋە قىزغىن كۈلۈپ تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭ ۋاقىت، ئورۇن ۋە باشقا ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى، ئېسىدە قالغىنى پەقەت ئۇنىڭ لەۋلىرىگە بېسىلغان چاغدىكى ئاشۇ تاتلىق سېزىملا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

ئاشلېي تۇيۇقسىز ئۇنى كۈچەپ سىلكىشتۈردى، قاتتىق سىلكىگەچكە سكارلېتنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ مۈرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستىگە يېپىلىپ چۈشتى.

— بىز بۇنداق قىلىشمايلى، — دېدى ئاشلېي، — ئاڭلاۋاتامسىز، بىز بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايلى.

يەنە سىلكىشتۈرىدىغان بولسا سىكارلېتنىڭ بوينى ئۈزۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كۆزلىرىنىمۇ توسۇۋالدى. سىكارلېت قورقۇپ كېتىپ ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىۋالدى، كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادىلىپلا قالدى. ئاشلېي پېشانىسىدە مونچاقتەك تەر، خۇددى چىدىغۇسىز بىر ئازابقا بەرداشلىق بېرىۋاتقاندەك مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈۋالغانىدى. كۆزلىرى خۇددى سىكارلېتنىڭ باغرىنى يېرىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ چىرايىغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى.

— مەندىن سەۋەنلىك ئۆتتى... سىزدىن ئەمەس مەندىن. بۇ ئىش ئەمدى مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ، مەن مېلانىيە بىلەن بالىنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىمەن.

— كېتىمەن؟ — سىكارلېت ئازاب بىلەن توۋلاپ كەتتى، — ئاھ، ياق!

— ياق! بۇ راست! سىز مېنى مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ يەنە بۇ يەردە تۇرىۋېرىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ...

— لېكىن، ئاشلېي، كەتسىڭىز بولمايدۇ، نېمىشقا كېتىسىز؟ سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز...

— سىز ماڭا شۇ گەپنى دېگۈزمەكچىمۇ؟ ماقۇل، مەن دەي، سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

ئاشلېي تۇيۇقسىز ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. سىكارلېت قورقۇپ كېتىپ ئىتتىك قاشاغا يۆلىنىۋالدى.

— مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزنى، قەيسەرلىكىڭىزنى، قايناق ھېسسىياتىڭىزنى، ئۇچىغا چىققان رەھىمسىزلىكىڭىزنى سۆيىمەن. سىزنى سۆيۈشۈم قايسى دەرىجىدە ئىكەن، بىلدىڭىزمۇ؟ ماڭا ۋە مېنىڭ ئائىلەمگە قىلغان

ياخشىلىقىڭىزغا تۆزكورلۇق قىلغۇدەك، دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئوبدان خوتۇنۇمنى ئۇنتۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە. يەنە بۇ پاتقاقلىقتا ئەخلاقسىزلىق قىلىپ، سىزنى...

سىكارلېت چىگىچ خىياللار ئىچىدە قىينىلىشقا باشلىدى، يۈرىكى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك، پۈتۈن بەدىنى مۇزنىڭ ئىچىدە قېلىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەگەر سىز ئاشۇنداق ھېسسىياتلاردا بولغان بولسىڭىز، — دېدى ئۇ ئىككىلىنىپرەك، — دېمەك، مېنى تازا ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز.

— سىز مېنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدىغان ئوخشايسىز.

ئىككىسى زۇۋان سۈرمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ كەتتى. سىكارلېتقا بىردىنلا تىترەك ئولاشتى، خۇددى يىراق سەپەردىن قايتىپ كېلىپ زىمىستان قىشنى، يالىڭاچ ئېگىزلىقلاردىكى زىرائەتلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. قاتتىق مۇزلاپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئاشلېينىڭ قورۇلۇپ كەتكەن سۆرۈن چىرايىغا قارىدى. ئۇنىڭغا شۇقەدەر تونۇش بۇ چىرايمۇ بۇگۈن قايتىپ كەلگەندەك. ئۇنىڭدىمۇ قەھرىتان قىش مەنزىرىسى ھۆكۈم سۈرەتتى، ئازاب ۋە پۇشايمان قوشۇلۇپ تېخىمۇ سۆرۈنلىشىپ كەتكەندى.

شۇ تۇرقىدا ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئاشلېينى تاشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتسە، ھېچكىم كۆرمەيدىغان بىر يەرگە تىقىلىۋالسا بولاتتى. لېكىن، ئۇ بەكمۇ چارچاپ كەتتى، قەدىمىنى يۆتكىيەلمەيدۇ، ھەتتا گەپ قىلىشمۇ شۇنچىلىك ئېغىر كېلىدۇ.

— ئەمدى قىلىدىغان گەپ قالمىدى، — دېدى ئۇ ئاخىر، — ھەممە ئىش تۈگىدى، مۇھەببەتمۇ تۈگەشتى، ئۆزۈمنى ئۇرۇپ كەتكۈدەكمۇ ئىش قالمىدى، سىز كەتسىڭىز تارامۇ تۈگەيدۇ.

ئاشلېي ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئېڭىشىپ يەردىن قىزىل تۇپراقتىن بىر ئوچۇم ئالدى.

— لېكىن، يەنە ئازراق بىر نەرسىمۇ قالدۇ، — دېدى ئۇ.

www.uyghurkitap.com

چىرايىدا بايىقى كۆلكىنىڭ سايىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ كۈلكىدە ئۆزىنى ۋە سىكارلېتنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك مەنە بار ئىدى، — ئۇ سىز ئۆزىڭىز ھېس قىلمىغان، ئەمما مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان نەرسە، ئۇ بولسىمۇ تارا، تارا يەنە سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بولىدۇ.

ئۇ سىكارلېتنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قولىدىكى تۇپراقنى ئۇنىڭغا قويىدى، ئاندىن ئۇ قوللارنى چىڭ يۇمدۇرۇپ قويىدى. ھازىر ئۇنىڭ قوللىرى بايىقىدەك قىزىق ئەمەس، سىكارلېتنىڭمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ قولىدىكى قىزىل تۇپراققا بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئۇنى قىلچە ئەھمىيىتى يوق نەرسىدەك كۆردى. ئۇ يەنە ئاشلېيغا قاراپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل روھىي مۇكەممەللىكنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنى ئۇ بۇ قوللىرى بىلەن پارچىلىۋېتەلمەيتتى، باشقا ھەر قانداق قولمۇ ئۇنى يىمىرىۋېتەلمەيتتى.

ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ مېلانىيەنى تاشلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، سىكارلېتنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بېشىنى بىر يەرگە قىلمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئامال بار مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ياشايتتى. سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭ چويۇندەك يۈرىكىنى ئېرىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىشچانلىق، مېھماندوستلۇق، نام ـ ئابرۇيىنى ساقلاش دېگەنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن سىكارلېتتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك ئىدى.

مۇزدەك تۇپراق تېخىچە ئۇنىڭ ئالىقىنىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويىدى.

— توغرا، — دېدى سىكارلېت، — مېنىڭ يەنە مۇشۇ نەرسەم بار.

دەسلەپتە ئۇ ئاشلېينىڭ گەپلىرىنى قىلچە ئەھمىيىتى يوق گەپلەر، تۇپراقنى بولسا ئادەتتىكى تۇپراق، دەپ بىلگەنىدى. كېيىن بىردىنلا تارانىڭ ئەتراپىدىكى قىزىل تۇپراقلىق دېڭىزنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنى

ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن شۇنچىلىك جاپالىق ئىشلىگەنىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق جاپالىق كۈرەش قىلىدۇ. سىكارلېت ئاشلىيىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. ئۇنىڭدىكى ھېلىقى قىزغىن ھېسسىيات ئېقىنلىرى نەگە كەتتى؟ ھازىر ئۇ پىكىر قىلالايدۇ، ئەمما ھېسسىيات يوق، ئاشلىيىغىمۇ، تاراغىمۇ ئوخشاش، چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە قىزغىنلىقى پۈتۈنلەي سوۋۇپ تۈگىگەنىدى.

— بۇ يەردىن كېتىشىڭىز ھاجەتسىز، — دېدى ئۇ ئېنىق قىلىپ، — مەن ھەممىڭلارنى ئاچ قويمايمەن. بايىقىدەك ئىش ئىككىنچى يۈز بەرمەيدۇ.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى كەينىگە تۈرمەكلىگەچ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئاشلىيى ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئورۇق گەۋدىگە كەينىدىن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىيماسى يۈرىكىگە ھەرقانداق گېپىدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇر ئورناپ كېتىۋاتاتتى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

سىكارلېت ئۆينىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيگە يېتىپ كەلگەندىمۇ قولىدا ھېلىقى قىزىل تۇپراق بار ئىدى. نېگىر ئانىنىڭ، بىر ئىش قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيگە ئارقا ئىشىكتىن كىردى. ئۇنىڭ نېگىر ئانا ياكى باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇسى، پاراڭلاشقۇسى يوق ئىدى، ئوڭايسىزلىنىدىغان، ئۈمىدسىزلىنىدىغان ياكى ئازابلىنىدىغان تۇيغۇمۇ ھەم شۇنداق. ئىككى پۇتى بوشىشىپ، ئىچى بىر خىل بوشتەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قولىدىكى لاي ئارىلاش توپىنى قاتتىق مىجىۋىدى. بارماقلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىلىقلىرىدىن لاي سىرغىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنى كۆرۈپ خۇددى شاتۇتىدەك: «مېنىڭ بۇ نەرسەم بار، توغرا، مېنىڭ بۇ نەرسەم بار!» دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

ئۇنىڭ ھېچقانداق نەرسىسى يوق، مۇشۇ قىزىل تۇپراقلىق يېرىدىن، بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدىلا ئەسكى قول ياغلىقتەك چۆرۈۋېتەمەكچى بولغان مۇشۇ زېمىندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ئەمدى بۇ يەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قانداق بىر تەلۋە كۈچ ئۇنىڭغا بۇ زېمىننى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان قىلىپ كۆرسەتكەن بولغىيتى؟ بۇنىڭغا ئۇ ھەيران. ئەگەر ئاشلېي ماقۇل دېگەن بولسا، ئۇ بۇ ئائىلىسى بىلەن دوستلىرىنى تاشلاپ كەتكەنمۇ بولاتتى. ئەمما، بىر كۈنلەردە ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ، سۆيۈملۈك بۇ قىزىل تۇپراق زېمىننى، ئۇنىڭ سۇ يالاپ تۇرىدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى، قاپقارا يېيىلىپ ياتقان ئورمانلىرىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسا، چوقۇم يۈرىكى ئېچىشقان، خىيالى ئۆلارنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ توختىمىغان بولار ئىدى. بۇ خىل ھالەت ئۇ تىنىقىدىن قالغانغا قەدەر داۋاملىشىشى مۇمكىن. ۋاقتى كەلگەندە يۈرىكىدىكى تارا كولىنىپ كېتىپ بوش قالغان ئورۇننى ئاشلېيمۇ تولدۇرالمايدۇ. ئاشلېي ئۇنى نەقەدەر توغرا، نەقەدەر ئېنىق چۈشەنگەن ـ ھە! ئۇ ئۇنىڭغا بىر كاللەك تۇپراقنى تۇتقۇزۇپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ كاللىسى شۇئان پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى.

ئۇ كارىدورنىڭ ئىشىكىنى ياپاي دەپ تۇراتتى، سىرتتا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، ئىتتىك تالادىكى ھارۋا يولىغا قارىدى. مۇشۇ چاغدا مېھمان كېلىپ قالىدىغان بولسا ئادەمنى تازىمۇ بىزار قىلىدۇ. بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ دەپ ھۇجرامغا كىرىپ يېتىۋالارمەن شۇ.

لېكىن، يولدا كۆرۈنگەن پەيتوننى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرىپ كەتمەي ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ يېپيېڭى، سىرلىرى

پارقىراپ تۇرىدىغان پەيتون ئىدى. نۇرغۇن يېرىگە تەڭگىسىمان مىس نەقىش قىلىنغانىدى.

بۇ چوقۇم ناتونۇش مېھمان، ئۇ تونۇيدىغانلارنىڭ ئىچىدە بۇنداق كاتتا پەيتون سېتىۋالالايدىغانلار يوق.

ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاراپ تۇردى، سوغۇق شامال كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى، ھۆل بولۇپ كەتكەن پۇتلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىنمۇ شامال غۇرۇلداپ ئۆتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. پەيتون ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئۈستىدىن جوناس ۋىلكېرسون چۈشتى. سىكارلېت ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى نازارەتچىسىنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق پەيتونغا ئولتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ئېسىل پەلتو كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ھەتتا كۆزلىرىگە ئىشەنمەيمۇ قالدى. ۋىل ئۇنىڭ «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»دا خىزمەت تاپقاندىن بېرى كاتتىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نېگىرلارنى ياكى ھۆكۈمەتنى ئالداش، كىشىلەرنىڭ پاختىلىرىنى، بۇ پاختىلار قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ، دەپ مۇسادىرە قىلىش يوللىرى بىلەن نۇرغۇن پۇل تېپىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ پۇللارنىڭ بىر تىيىنىمۇ ئۇنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن كەلمىگەن.

ھازىر ئاشۇ ۋىلكېرسون چىرايلىق پەيتوندىن چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئۆزىگە ماس كەلگۈدەك ياسانغان بىر ئايالنى پەيتوندىن يۆلەپ چۈشۈردى. ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگى سىكارلېتنىڭ كۆزىگە سىغمىدى، بەكمۇ چاكىنا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزىقىپ ئۇنىڭ پۈتىدىن بېشىغىچە سەپسالدى. بۇنداق يېڭى كىيىملەرنى كۆرۈپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. بۇ يىل كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەكلەر مودا ئەمەس ئوخشىمامدۇ، ئويلىدى ئۇ ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىدىكى گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلىكىگە سەپسالغاچ، شىلەپىسى نېمىدېگەن چىرايلىق! گىرۋەكسىز شىلەپىلەر مودىدىن قاپتۇ ـ دە. ئۇنىڭ شىلەپىسىنىڭ گىرۋىكى نېمىدېگەن چوڭ، خۇددى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوغان بىر لېگەننى بېشىغا كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، بوغقۇچىمۇ يۇمشاق شىلەپىلەرنىڭكىدەك ئېگىزلىكىنىڭ ئاستىدىن چىگىلمەي، بېشىنىڭ كەينىدىكى توگوكلوك چېچىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگىلىدىكەن. سكارلېت ئۇنىڭ شىلەپىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇ شىلەپە رەڭگى ھەم پاسونىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئايالنىڭ چاچلىرى بىلەن زادىلا ماسلاشمىغانىدى.

ئۇ ئايال پەيتوندىن چۈشۈپلا ئۆيلەرگە قاراپ كەتتى، سكارلېت ئۇنىڭ ئۇپا بىلەن ئاقىرىپ كەتكەن توشقاننىڭكىگە ئوخشايدىغان يۈزىگە قاراپ نەدىدۇ بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى.

— ھۇي، ئېممى سىلاتتېرىي ئىكەنغۇ! — قاتتىق ھەيران قالغاچقىمۇ ئىختىيارسىز تووۋلاپ كەتتى ئۇ.

— شۇنداق، مەن! — ئېممى بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەكەببۇرانە كۈلۈپ قويۇپ پەلەمپەيگە دەسسىدى.

ئېممى سىلاتتېرىي! ھېيلىگەر جالاپ! ئېللېن ئۇنىڭ بالىسىنى چوقۇندۇرغان، ئۇ بولسا ئېللېنغا كېزىكنى يۇقتۇرۇپ قويغان، ئېللېن شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ بۇگۈن بۇ ئىپلاس ئاق تەنلىكنىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇپا - ئەڭلىكنى بولۇشىچە سۈرتۈپ، خۇددى تارانىڭ غوجايىنىدەك گىدىيىپ پەلەمپەيدىن چىقىشلىرىنى قارىمامدىغان. سكارلېت ئاپىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىردىنلا قۇيقۇرۇق كۆڭۈل ئېتىزىغا قايتا ھېس - تۇيغۇ يۇگۇرگەندەك بولدى، ئىچ - ئىچىدىن بىر غەزەپ ئۆرتەپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇددى بەزگەكتەك تىترىتىۋەتتى.

— يوقال، پاسكىنا! — بار ئاۋازى بىلەن تووۋلاپ كەتتى ئۇ، — بۇ يەردىن دەررۇ يوقال! كۆزۈمدىن يىت!

ئېممىنىڭ قوۋزىدىكى گۆشلىرى بىردىنلا ساڭگىلاپ، ئىتتىك جوناسقا قارىدى. جوناس قاپىقىنى تۈرۈپ بىر خىلدا چىقىپ كېلىۋاتاتتى، خاپا بولغان بولسىمۇ سالاپىتىنى بۇزمىدى.

— مېنىڭ خوتۇنۇمغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا يول قويالمايمەن، — دېدى ئۇ.

— خوتۇنۇم؟ — سىكارلېت ئىختىيارسىز مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكە قارشى تەرەپنىڭ يېغىرىغا تەگدى، — ئۇنى سەن بۇرۇنلا خوتۇن قىلىپ بولغان. سەن، ئېممى، مېنىڭ ئاپامنى كېسەل قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى بالىلىرىڭنى كىممۇ چوقۇندۇرار، سېنىڭ؟

ئېممى «ئاھ!» دەپ بىرلا تۇۋلاپ كەينىگە يانغانىدى، جوناس بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ ماڭدۇرمىدى.

— بىز سىلەرنى يوقلاپ كەلدۇق، بۇ پۈتۈنلەي دوستانە يوقلاش، — ھۆركىرىدى ئۇ، — قەدىناس دوستۇم بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىمەن.

— دوستۇم؟ — سىكارلېت خۇددى قامچا بىلەن ساۋىغاندەك ئىنتايىن ئاچچىق گەپ قىلدى، — بىز قاچان سىلەردەك ئادەملەر بىلەن دوست بولۇپ باققان؟ سلاتتېرىينىڭ ئائىلىسى ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ سەدىقىمىز بىلەن جان باقاتتى، كېيىن ئۇلار قىلغان ياخشىلىقىمىزغا ئاپامنى ئۆلتۈرۈش بىلەن جاۋاب بەردى... ئەمما سەن... سەن... سېنى دادام ئېممى بىلەن ھارامدىن بالا تاپقىنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن قوغلاپ چىقارغان، بۇ ئۆزۈڭگىمۇ ئايان. سەن بىزنىڭ دوستىمىزمۇ تېخى؟ مەن بېتىن ئەپەندى بىلەن ۋىلكېس ئەپەندىنى چاقىرماستا بۇ يەردىن كېتىۋال.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېممى جوناسنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ پەيتونغا قاراپ يۈگۈردى.

جوناسمۇ سىكارلېتقا ئوخشاش غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ساڭگىلاپ كەتكەن يۈزىنىڭ گۆشلىرى بەئەينى تۈركىيە توخۇسىنىڭكىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— سەن ئۆزۈڭنى يەنە شۇنداق دېگىنىم دېگەن دەپ يۈرەمسەن؟ مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى تازا بىلىمەن، كىيىدىغان ئايىغىڭ يوق يالاڭ ئاياغ يۈرۈۋاتىسەن، داداڭنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ خەۋىرىم بار...

— كۆزۈمدىن يوقال!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھىم، بۇنداق ۋارقىرىشىڭمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ، ئاللىبۇرۇن تۈگەشتىڭ، باجىنىمۇ تاپشۇرالمايسەن. بۇ يەرگە سېنىڭ ئۆيۈڭنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن باھاسىنى ئۇقۇشقىلى كېلىۋىدىم، ئىمىنىڭ مۇشۇ ئۆيلەردە ئولتۇرغۇسى بار ئىدى. ئەمدى شۇنى دەپ قوياي، ساڭا بىر تىيىنمۇ بەرمەيمەن. ھەي، سازلىقتا ياشاشقا مۇناسىپ كۆرەڭ ئىرلاندىيەلىكلەر، باجنى تۆلىيەلمەي بۇ يەردىن قوغلانغان ۋاقىتىڭلاردا ھازىر ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىپ قالىسەن. شۇ چاغدا مەن بۇ يەرنى سېتىۋالىمەن، ئۆي جاھازلىرى بىلەن قوشۇپ... ئاندىن كۆچۈپ كېلىپ مۇشۇ ئۆيلەردە تۇرىمەن.

ئەسلىدە تارانى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ پېيىدە يۈرۈۋاتقانلار جوناس ۋىلكېرسون بىلەن ئىمى ئىكەن ـ دە. شۇم ۋاستىلەر بىلەن ئىلگىرى ئۆزلىرى ھاقارەتلەنگەن بۇ جاينى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ يول بىلەن ئۆچ ئېلىشماقچى. سكارلېتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھېلىقى چاغدا تاپانچىنى شىماللىق ئەسكەرنىڭ ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزىگە توغرىلىغان چاغدىكى غەزەپكە ئوخشاش غەزەپ چىرماپ كېتىۋاتاتتى، شۇ تۇرقىدىمۇ ئاشۇ تاپانچا قولىدا بولغان بولسا ـ ھە!

— سەن خەقنىڭ ئايىغى بوسۇغىغا تېگىپ بولغۇچە ئۆينى چۇۋۇپ، كۆيدۈرۈپ، يەرلەرگە تۇز سېپىپ ھېچنېمىسىنى قويمايمەن، — دەپ ئۇنلۇك توۋلاپ كەتتى سكارلېت، — كۆزۈمدىن يوقال! يوقىلىش!

جوناس زەردە بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىپ يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە پەيتون مېڭىپ كەتتى. سكارلېتنىڭ ئۇلارغا قارىتىپ تۈكۈرگۈسى كەلدى. بۇنىڭ بالىلارچە قىلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرسىمۇ يەنىلا بىرنى تۈكۈرۈۋەتتى.

قارا زەڭگىلەرنىڭ بۇ ھىمايىچىسىنىڭ تەپ تارتماي كېلىپ ئۇلارنىڭ نامراتلىقىنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى قارا. ئۇ نومۇسسىز تارانى پۇلغا سېتىۋالغىلى ئەمەس، ئۆزى بىلەن

ئېمىنى سىكارلېتنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلغىلى كەلگەن گەپ.

تۇيۇقسىز سىكارلېتنى قورقۇنچ باستى، بايىقى ئاچچىقلىرى نەگىدۇر يوقالدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەردە راستلا ئولتۇرغۇسى كەلگەن بولسا سىكارلېتنىڭ ئۇلارنى توسۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق! ئۇلار بۇ ئۆيدىكى ھەر بىر ئەينەكنى، ھەربىر ئۈستەل ۋە كارىۋاتنى، ئېللېننىڭ ياڭاق ياغىچىدا ياساتقان جاھازلىرىنى، شىماللىق ئالۋاستىلار بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ سىكارلېت ئۈچۈن يەنىلا ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان نەرسىلەرنى، يەنە روبىللارد ئائىلىسىنىڭ كۈمۈش قاچىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى. ياق، ئۇلارنى ئۇ مەقسەتلىرىگە ھەرگىز يەتكۈزمەيمەن، — غەزەپ بىلەن ئويلىدى سىكارلېت، — پەقەت ئامال قىلالمىسام ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن. ئېمىي سىلاتتېرىي ئاپام ماڭغان يەرلەرگە ئاياغ باسىمەن دەپ خىيال قىلمىسۇن.

ئۇ ئىشىكنى يېپىپ، ئىشىككە يۆلەنگىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ئىچ - ئىچىدىن قورقۇنچ بېسىپ كېتىۋاتاتتى، قورقۇنچىسى شېرماننىڭ ئەسكەرلىرى كەلگەن ھېلىقى كۈندىكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. ئۇ كۈنى ئۇ ئۇلارنىڭ تارانى كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن قورققانىدى، بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئىپلاسلار ئۆينى تارتىۋېلىپ، ھەقەمسايىلىرىگە تەكەببۇر ئوخارالارنى ئۆيىدىن قانداق ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. نېگىرلارنى باشلاپ كېلىپ قوندۇرۇشىمۇ مۇمكىن. ۋىل ئۇنىڭغا جوناسنىڭ مەقسەتلىك ھالدا نېگىرلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇپ بارىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلارنى چاقىرىدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن پەيتوندا بىللە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟

تارانىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ ھاقارەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئويلاپ، ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىلىپ تىنىقى يەتمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكچى بولاتتى. ئەمما، ئەمدىلا دىققىتىنى يىغىپ بىر نەرسىنى ئويلاي دېگۈچە، يەنە قورقۇنچ ئارىلاش غەزىپى ئۆرلەپ يۈرىكى سىلىپ كېتەتتى. بۇنىڭ چارىسى چوقۇم تېپىلىدۇ، ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم چوقۇم چىقىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ پۇلى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، پۇلى بار ئادەملەر ھامان بار. بىردىنلا ئاشلىيىنىڭ چاقچاق قىلىپ دېگەن گېپى ئېسىگە كېلىپ قالدى.

«پەقەت بىرلا ئادەمدە، رېت باتلېردا... پۇل بار.»

رېت باتلېر! سكارلېت ئىتتىك مېڭىپ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان گۈگۈم يورۇقلۇقى ئۇنى مەھكەم ئوراپ تۇراتتى. ئۇنى بۇ يەرگە ھېچكىم ئىزدەپ كىرمەيتتى. تىنچ ئولتۇرۇپ ئويلىنىۋېلىشى ئۈچۈن بۇ يەردىن مۇۋاپىق جاي يوق ئىدى. بايا كاللىسىغا كەچكەن ئوي شۇنچىلىك ئاددىي ئىكەن، نېمىشقا ئۇنى بۇرۇنراق ئويلىمىغاندۇ؟

«باتلېردا پۇل بار، ئۇنىڭغا بىرلىيانت كۆزلۈك ھالقامنى سېتىپ بېرىمەن. يا بولمىسا ماڭا پۇل بېرىپ تۇرىدۇ، ھالقىنى پۇلنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا گۆرۈگە قويۇپ تۇرىمەن. كېيىن پۇل تاپقاندا بېرىۋەتسەم بولىدۇغۇ.»

ئۇ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ باجنى تاپشۇرغىلى بارغاندا، جوناس ۋىلكېرسوننىڭ ئالدىدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدىغان بولدى ـ دە. لېكىن، ئۇ خۇشاللىققا ئۇلىشىپلا يىمىرىلمەس بىر پاكىت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى.

«مەن بۇ يىللا ئەمەس، كېلەر يىلىمۇ، ھاياتىمنىڭ ھەر بىر يىلىدا باج تاپشۇرۇپ تۇرۇشۇم كېرەك. بۇ قېتىم تاپشۇرغىنىمدىن كېيىن، ئۇلار كېلەر يىللىق باجنىڭ پۇلىنى مېنى بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغۇدەك دەرىجىدە ئۆستۈرۈۋېتىشى

مۇمكىنغۇ؟ پاختىدىن ياخشى ھوسۇل ئالسامۇ، بەربىر ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا باج قوشىدۇ ياكى بۇ پاختا قوشما ئىشتاننىڭ دەپ مۇسادىرە قىلىۋېلىشتىن يانمايدۇ. شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن ئۇلارنىڭ چوماقچىلىرى مېنى ئۆزلىرىنىڭ دېگەن يېرىگە ئاپارماي قويمايدۇ. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇلارنىڭ بۇ تەھدىتلىرىدىن قۇتۇلالمايمەن. ئۆمرۈم قورقۇنچ، پۇل تاپىمەن دەپ پالاقلاش بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ... بۇ ئۈچ يۈز دوللار ھازىرقى دەردكىملا دەرمان بولىدۇ. ماڭا لازىمى بۇ چەمبەر ئىچىدىن مەڭگۈلۈككە چىقىپ كېتىش. ھەر كۈنى خاتىرجەم ئۇخلايدىغان، ئەتىنىڭ، يەنە بىر ئاينىڭ ، كېلەر يىلنىڭ غېمىنى يېمەسلىك.»

ئۇ تونۇتىماي ئويلىناتتى. بىر پىكىر ئاستا ـ ئاستا كاللىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىدى. خىيالى رېت باتلىرغا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى، ئاپپاق چىشلىرى، ئۇنى بىردەممۇ ئۆزىدىن نېرى قىلمايدىغان قارا كۆزلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، ئاتلانتادىكى ئاخىرقى كۈنلەر، تىنچىق كېچە، پىتتىي ھامىنىنىڭ ئۆيىنىڭ خىرە يورۇق پېشايۋىنىدا باتلېر ئوتتەك قىزىق قولى بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىز مەن بۇرۇن تونۇشقان ئاياللارنىڭ ھەرقاندىقىنى بېسىپ چۈشىسىز. مەن سىزنى ھەرقانداق ئاياldın ئۇزاق كۈتتۇم» دېگەنىدى.

«ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، — ئويلىدى سكارلېت، — ئۇ چاغدا پۇل ئۈچۈن ھەرگىز غەم قىلمايدىغان بولىمەن.»

ئاھ، نېمىدېگەن بەختلىك خىيال بۇ، ئاسمانغا چىقىشنى ئارزۇ قىلىشتىنمۇ ئۆتە ئوماق. ئەمدى ئۇ مەڭگۈ پۇلنىڭ غېمىنى قىلمايدۇ، تارا مەڭگۈ خاتىرجەم بولىدۇ، ھېچكىم كىيىدىغان، يەيدىغاننىڭ غېمىنى قىلمايدۇ، سكارلېتمۇ ئەمدى تاش تامغا ئۇسۇپ بېشىنى ئىششىتىۋالمايدۇ.

سكارلېت ئۆزىنى قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالدى.

چۈشتىن كېيىنكى بىرقانچە ئىش ئۇنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىنى خورىتىۋەتكەنىدى. بىرىنچى بولۇپ باجىنىڭ قورقۇنچلۇق خەۋىرى، ئاندىن ئاشلىپي، ئەڭ ئاخىرىدا جوناس ۋىلكېرسونغا بولغان غەزەپلىك چېچىلىش. ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېچقانداق ھېس - تۇيغۇ قالمىدى. ئەگەر بولغان بولسىيدى، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بىرخىل كۈچ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان پىلانىغا قارشى تۇرغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ دۇنيادا رېت باتلېردىن باشقا ئادەمگە ئۇنچىلىك ئۆچ ئەمەس ئىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ھېچقانداق رولى يوق ئىدى، پەقەتلا ئويلايتتى، ئويلىغان ئويلىرى ناھايىتى ئەمەلىي ئىدى.

ئاشۇ كۈنى كېچىدە ئۇ بىزنى تاشلاپ كەتمەكچى بولغاندا ئۇنىڭ جېنىغا تەگكۈدەك گەپ قىلغانىدىم. كېرەك يوق، ئۇنى ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەلەيمەن، — ئويلىدى ئۇ ناھايىتى ئىشەنچلىكلا. ئېنىقكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرمۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، — ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدىغانلا بولسام، ئۇ ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكىمنى، ئۇ كۈنكى ئىش قاتتىق قورقۇنچ تۈپەيلى يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن. ئەرلەر ئۆزلىرىنى كارامەت چوڭ چاغلايدۇ، ئەمما ئازراقلا ماختاپ قويساڭ، نېمىلا دېسەڭ ئىشىنىدىغان بولىدۇ... مەن ئۇنىڭغا ھازىر ئۆزىمىزنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى ھەرگىز چاندۇرمايمەن، ئۇندەككە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن بىر گەپ بولىدۇ. ھەم، ھەرگىز ئۇنىڭغا بىلىندۈرمەسلىك كېرەك، نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىمىزدىن گۇمانلىنىپ قالغۇدەك بولسا، بىزگە ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، پۇلى لازىملىقىنى بىلدۈرمەي بولمايدۇ. ئۇ بەربىر بىلەلمەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ھەتتا پىتتىمي ھامىممۇ ئۇقمايدىغان تۇرسا. ئۇ مەن بىلەن توي قىلىپ

بولغاندىن كېيىن بىزگە ياردەم قىلالمايمۇ تۇرالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى ئاچ قويمايدىغاندۇ.

ئۇنىڭ خوتۇنى، رېت باتلېرنىڭ خانىمى. سكارلېتنىڭ سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىغان ئويلىرىنىڭ تېگىدە ئەمدى بىزار بولۇشتەك بىر خىل روھىي ھالەت قىمىرلاشقا باشلىدى، ئەمما يەنە تېزلا بېسىلىپمۇ قالدى. ئۇ چارلېس بىللە بىلەن ئۆتكەن قىسقىغىنا شېرىن ئاي مەزگىلىدىكى ئوڭايسىز كۆرۈنۈشلەرنى، ئىككى قولىنىڭ بەدىنىگە تېگىشلىرىنى، قوپال ھەرىكەتلىرىنى، چۈشىنىپ بولمايدىغان تەلۋە ھېسسىياتىنى... ۋاد خامىلتوننى ئويلاپ قالدى.

«ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىماي تۇرايچۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئويلىساممۇ ئۈلگۈرمەمدىمەن...»

ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، خاتىرىسى ئۇنىڭغا سىگنال چېلىشقا باشلىدى. تېنىدە ئۇشتۇمتۇت بىر جۇغۇلداش پەيدا بولۇپ، پىتتىي ھاممىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا ئۆتكەن ئاشۇ كېچىنى، ئۇنىڭدىن ئۆزى بىلەن توي قىلىش نىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى قانداق سورۇشتۇرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ زەھەرلىك كۈلۈپ: «سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ توي قىلىش نىيىتىم يوق» دېگەنلىكىنى ئويلاپ كەتتى.

بەلكىم ئۇنىڭ توي قىلىدىغان نىيىتى يوقتۇ. بەلكىم مەن شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك جەلپكار بولساممۇ، باتلېر مېنىڭ بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلىدىغاندۇ. بەلكىم — ئاھ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق خىياللاربۇ! — بەلكىم ئۇ مېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، باشقا ئاياللارنىڭ كەينىدە يۈرۈۋاتقاندۇ.

«سىز مەن بۇرۇن تونۇشقان ئاياللارنىڭ ھەرقاندىقىنى بېسىپ چۈشىسىز...»

سكارلېت مۇشتىنى تىرناقلىرى ئالىقىنىنىڭ گۆشىگە پېتىپ كەتكەنگە قەدەر قاتتىق تۈگدى. «ئەگەر ئۇ مېنى ئۇنتۇپ

كەتكەن بولسا، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئىپسىگە سىڭدۈرۈشنى قايتىدىن ئويلىشىپ كۆرەي، ئۇنىڭ ماڭغۇلۇقىنى ئاساسىي ئىككىنچى قىلىشنى ئويلاپ قالدىم. كەينىمگە چۈشىدىغان قىلىۋېتىشىم كېرەك.»

ئەگەر ئۇ مېنى ئەمرىگە ئالماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئويلاپ كەينىگە قايتسا، ئۇنىڭدىن پۇل ئۇندۇرۇشنىڭمۇ ئامالى بار. بىر قېتىم مەندىن ئۆزىگە ئاشنا بولۇشنى تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدى.

ئۇ گۇگگا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بۇ ئۆيدە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنى كىشەنلىيەلەيدىغان ئۈچ دانە ئارقان بىلەن تېز سۇرئەتتە ھەل قىلغۇچ جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئارقانلارنىڭ بىرسى، ئىلىپىغا بولغان سېغىنىش، بىرسى، دىنغا بولغان ئېتىقادى، يەنە بىرسى، ئاشلىپىغا بولغان مۇھەببىتى ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنىڭ يىراقتىكى ئىللىق جەننەتتە (ئۇ چوقۇم شۇ يەردە) تۇرۇۋاتقان ئاپىسىنىڭ نەزىرىدە رەزىل قىلمىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، يات بىر ئەر بىلەن بىرىش - كېلىش قىلمىشىنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، ئاشلىپىنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرۇقلۇق ئاشۇنداق پىلان قۇرۇشىنىڭ تېنىنى قوشلاپ سېتىش بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى رەھىمسىز تاش يۈرەكلىك ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ بورانلىرى بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلاندى. ئىلىپىن ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلۈم بەلكىم ئىنسانلارغا ھەممە ئىشنى توغرا چۈشىنىدىغان بىر خىل قۇدرەت ئاتا قىلىشى مۇمكىن. دىنغا كەلسەك، ئۇ ئادەملەرنى دوزاخنىڭ ئوتى بىلەن قورقۇتۇپ يامان ئىشلاردىن توسۇيدۇ. لېكىن، ئۇمۇ ئۇنىڭ تارانى ساقلاپ قېلىش، بىر ئۆيلۈك ئادەمنى ئاچ قويماسلىق ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تىرىشىۋاتقانلىقىنى، شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپمۇ قالار. ئەگەر چۈشەنمەي مەندىن خاپا بولسا بولىۋەرسۇن، سىكارلېت ھەرگىز خاپا بولمايدۇ. ئاشلىپىچۇ؟ ئاشلىپى ئۇنى كېرەك قىلمايدۇ. ياق، ئۇنى كېرەك قىلىدۇ، ئۇ ھەر قېتىم ئۇنىڭ

ئۆزىنى سۆيگەن چاغدىكى ئاشۇ تاتلىق سېزىمنى ئويلىسا ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، لېكىن ئۇ ئۇنى مەڭگۇ بىللە ئېلىپ يۈرەلمەيدۇ. قىزىق ئىش، ئاشلىپى بىلەن قېچىپ كېتىشنى ئويلاش گۇناھ ھېسابلانماي، رېت باتلېر بىلەن...

ئۇ ئاتلانتا قولدىن كەتكەن كېچىدە باشلانغان بۇ ئۇزاق مۇساپىنىڭ ئاداققى پەللىسىگە يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ يولغا تۇنجى قەدەم قويغان چاغدا، ئۇ ئەركە، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر بىر قىز ئىدى، ۋۇجۇدىدا ياشلىق كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، قىزغىن ئىدى، تۇرمۇش ئۇچىگە ئاسانلا سىڭىپ كېتەلەيتتى. ھازىر بۇ مۇساپىنىڭ پەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ چاغلاردىكى ھالەتلىرى بارسا كەلمەسكە كەتتى. ئاچلىق، ھارغىنلىق، ۋەھىمە ۋە دائىملىق جىددىي تۇرمۇش، ئۇرۇش ۋە قايتا قۇرۇش ۋەھىمىلىرى ئۇنىڭدىكى ئىللىقلىقنى، ياشلىقنى ۋە نازاكەتنى ئېلىپ كەتتى. ھايات يادروسىنىڭ ئەتراپى بىر قەۋەت قاتتىق جىسىم بىلەن قاپلاندى. يەنە تېخى يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇ قاتتىق جىسىم ئاز - ئازدىن قېلىنلىشىشقا باشلىدى.

ئۇنى ھازىرغىچە ئىككى خىل ئۈمىد تۇتۇپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ بىرسى، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ ئاستا - ئاستا ئەسلىي قىياپىتىگە يانىدىغانلىقىغا، يەنە بىرسى، ئاشلىپى قايتىپ كەلسە تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاش ئىدى. ھازىر ئىككىلا ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلاندى. جوناس ۋىلكېرسون تارانىڭ يولىدا پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋە پۈتكۈل جەنۇب ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇشنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ يەتتى. ئەڭ كەسكىن ئۇرۇش، ئەڭ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىش تېخى يېڭىلا باشلىنىپتۇ. ئاشلىپى بولسا ئۆزى ئېيتقاندەك، مەڭگۇ بېكىنىپ ياتقۇدەك، بېكىنىشى تۈرمىدىنمۇ مۇستەھكەم ئىكەن.

تىنچلىق ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى، ئاشلىپى تېخىمۇ رايىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياندۇردى، بۇ ئىككى ئىش بىر كۈندە يۈز بېرىپ، سىكارلېتنىڭ ھاياتىنىڭ سىرتىنى ئورىۋالغان ئۇ قاتتىق جىسىمدىكى ئازراق يوچۇقمۇ پۈتۈنلەي ئېتىپ تاشلاندى، ئەڭ سىرتىدىكى تېرىسىمۇ قېتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فونتائىن موماي ئۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ قالماڭ، دەپ نەسىھەت قىلغاندەك، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتۈپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھايات بىلەنمۇ، ئاپىسى بىلەنمۇ، جەمئىيەتنىڭ غۇلغۇلىسى بىلەنمۇ كارى يوق، ئۇنىڭ ئۇچۇن پەقەت ئاچلىق ۋە ئاچلىقنىڭ ۋەھىمىسىلا قورقۇنچلۇق.

ئۇ يۈرىكىنى قاتتىق قىلىپ، ئۆزىنى بۇرۇنقى دەۋردە، بۇرۇنقى سىكارلېت پېتى قالدۇرماقچى بولغان ھەممە نەرسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى بىر قارارغا كېلىپ بولدى ھەم خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ مەھرۇم قالىدىغان نېمىسى بار، بولدى، قارار قارار.

رېت باتلېرنى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ توي قىلىۋالسىلا ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. ناۋادا بۇ ئىش ئەپلەشمەي قالسىچۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ كېرەك يوق، ئۇ بۇ پۇلنى شۇ چاغدىمۇ ئالماي قويمايدۇ. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاشنا بولسا قانداق بولىدىغاندۇ، دەيدىغان غەلىتىلا بىر خىيال كىرىپ قالدى. رېت ئۇنى ئاتلانتادا قالسەن دەپ تۇرۇۋالارمۇ؟ شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ پۇل تۆلەش كېرەك، تارادىن ئايرىلىپ تارتقان زىيىنىنى تولدۇرغۇدەك پۇل بەرمىسە بولمايدۇ ـ دە. سىكارلېت ئەرلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى يوشۇرۇن بىر تەرەپنى زادىلا چۈشەنمەيتتى ھەم بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قانداق ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. بالا بولۇپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭغىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.

«بۇ ئىشلارنى ھازىر ئويلىمايلا، كېيىن بىر گەپ بولار.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قارشى ئېلىنمايدىغان ئۇ خىياللارنى ئىرادەمنى سۇسلاندۇرۇپ قويمىسۇن، دېگەن ئوي بىلەن نېرى چۆرۈۋەتتى. بۈگۈن ئاخشام ئۆيدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ئاتلانتاغا قەرزگە پۇل تېپىپ كېلىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى، زۆرۈر تېپىلسا قورۇقنى گۆرۈگە قويۇۋېتىدىغانلىقىنى دەپ قويۇشى كېرەك. ھازىرچە ئۇلار مۇشۇ ئىشنىلا بىلىپ تۇرسۇن، كېيىن بۇنداق ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالسا بۇمۇ ئۆزۈمنىڭ شورى.

ئۇ شۇ نىيەتكە كېلىپ بولغاندىن كېيىن مەغرۇر كېرىلىپ قويدى. بۇ ئىشنىڭ ئاسانغا توختىمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. ئۆتكەن قېتىم رېت باتلېر ئۇنىڭغا يالۋۇرغان، ئۇ بولسا گىدىيىۋالغانىدى، مانا ھازىر ئۇ دېۋاننىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى، يەنە كېلىپ ھېچقانداق شەرت قويالمايدىغان دېۋانە.

«ئەمما، مەن ھەرگىزمۇ دېۋانىگە ئوخشاش ئۇنىڭدىن تىلىمەيمەن. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالدىغا شەپقەتچى مەلىكە سۈپىتىدە بارىمەن، ئۇ مېنىڭ مۇددىئايىمنى ھەرگىز بىلەلمەيدۇ.»

سكارلېت ئېگىز تاشئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قارىدى. ئەينەكنىڭ ئىچىدە ناتونۇش بىر ئادەم تۇراتتى، ئۇنى كۆرۈپ ئەينەككە قاراپ باقمىغىنىغا بىر يىل بولغاندەك، ھازىر تۇنجى قېتىم قاراۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قارايتتى، ئەمما ئۈستىدىن نۇرغۇن ئىشلار بېسىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۆزىگە كۆڭۈل قويۇپ قاراپ باقمىغانىدى. ئورۇق، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بۇ ناتونۇش ئايال ھەرگىز سكارلېت ئەمەس، سكارلېت دېگەن مەڭزىلىرى تولۇق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر قىز! ئەينەكتىكىسى نېمە ئۇ؟ قىلچە چىرايلىق ئەمەس، جەلپكارلىقىمۇ يوق بىر نېمىغۇ! چىرايى سارغىيىپ كېتىپتۇ، بۇرۇنقى قاپقارا قاشلار يوق، خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن قۇشنىڭ پېيىدەك ھۇرپىيىپ تۇرۇپتۇ. «مەن بۇ چىرايىم بىلەن ئۇنى جەلپ قىلالمايمەن، — بىردىنلا ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى، — يادا پ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىپتىمەن، قورقۇنچلۇق ياداپ كېتىپتىمەن.»

ئۇ مەڭزىنى سىلاپ ئوقۇرەكلىرىنى تۇتۇپ باقتى، بەدىنىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان كۆڭلىكىدىن بۇرتۇپ تۇرۇپتۇ، كۆكسىمۇ سوغۇلۇپ مېلانىيەنىڭكىدەك بولۇپ قاپتۇ، تېگىگە يۇمشاق بىر نەرسە قويۇپ ئازراق كۆتۈرۈۋالمىسا بولمىغۇدەك. لېكىن، ئۇ بۇرۇندىن كۆكسىنى يالغان كۆپتۈرۈۋالىدىغان قىزلارغا ئۆچ ئىدى. يالغىنى هامان يالغان، راستتەك بولامدۇ! يەنە بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ قالدى. كىيىملىرىچۇ؟ ئېڭىشىپ ئۈستىدىكى كىيىملىرىگە قاراپ قويدى، كۆڭلىكىنىڭ ياماق چۈشكەن ئېتىكىنى قولىغا ئېلىپ قاراپ كەتتى، رېت ئايالنىڭ زامانغا لايىق چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە قارىلىق تۇتۇۋاتقان كۈنلەردە بىرىنچى قېتىم سىرتقا كىيىپ چىققان چىرايلىق يېشىل كۆڭلىكى بىلەن ئۈستىدە قۇشنىڭ پېيى بار شلەپىسى كەلدى، شۇ كىيىملىرى بىلەن كەڭ گىرۋەكلىك شلەپىسى ۋە قىزىل ئۆتۈكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كىيىملەر سەل چاكىنىراق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مودا كىيىملەر بولۇپ، كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ خەقنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك بولۇشقا نەقەدەر ئېھتىياجلىق ـ هە! بولۇپمۇ رېت باتلېرنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك بولسا ! ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كونا كىيىملىرىگە قاراپلا تارانىڭ هازىر بولماي قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا هەرگىز بىلىندۈرمەسلىك كېرەك.

شۇ تۇرقىدىكى ئىنچىكە بويىنى، ئاچ قالغان مۈشۈكنىكىدەك كۆزلىرى، ياماق چۈشكەن كىيىملىرى بىلەن ئاتلانتاغا بېرىپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئادەمنى ئۇندەككە كەلتۈرىمەن دېيىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئەڭ چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان، قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن تۇرسا، بۈگۈنكى سەت ۋە جۇلدۇر كېيپەن هالىتى بىلەن يەنە شۇنداق ئۈمىدتە يۈرسە بولامدۇ؟ ئەگەر پىتتىمي

ھاممىنىڭ خېتىدە يازغانلىرى راست بولىدىغان بولسا، رېت ھازىر ئاتلانتا بويىچە ئەڭ پۇللۇق ئادەم. بەلكىم ئۇ چىرايلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسى بىلەن سەت - چىرايلىق دېمەي ئويناپ يۈرۈۋاتقاندۇ. مەيلىلا، — ئويلىدى ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەندەك قىلىپ، — مەندە ئاشۇ چىرايلىق ئاياللاردا يوق نەرسە — قەتئىي ئىرادە بارغۇ. ئەمما، چىرايلىق كىيىملىرىم بولغان بولسا...

تارادا ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنداق چىرايلىق كىيىملەر، ھەتتا بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆرۈلۈپ باقمىغان كىيىملەرمۇ يوق ئىدى.

«بوپتۇلا، بولمىغاندىكىن قانداق قىلاتتىم.» ئۇ يەردىن بېشىنى ئالماي ھەسرەت چېكىشكە باشلىدى. يەردە ئېللېننىڭ يېشىل رەڭ گىلەمى سېلىقلىق تۇراتتى، ئۇزاق تۇتۇلغاچقا، گىلەم يىرتىلىپ، نەچچە يېرى تېشىلىپ، ھەتتا مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى. سىكارلېت تارانىمۇ مۇشۇ گىلەمگە ئوخشاش ۋەيرانە، كۆز بىلەن كۆرگۈسىز ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، ئۆيدىكى گۇڭگالىق ئىچىنى تېخىمۇ سىقىۋەتتى. ئۇ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، بىر تەرەپكە تۈرۈپ قويغان دېرىزە پەردىسىگە بېشىنى قويۇپ، گۈگۈم مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى يورۇقلۇقىغا قاراپ تۇردى.

يېشىل رەڭ پەردە مەڭزىنى غىدىقلىغاندەك بولۇپ بىر خىل يېقىملىق سەزگۇ بېرىۋاتاتتى. سىكارلېت بۇ سەزگۇ خۇشيېقىۋاتقاندەك مەڭزىنى پەردىگە ئەتەي سۇركەشكە باشلىدى. بىر چاغدا كۆزلىرىنى مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىرىتىپ پەردىگە قاراپلا قالدى.

بىر مىنۇتتىن كېيىن، يۇزلۇكى مەرمەر تاش يوغان ئۈستەلنى دارقىرىتىپ سۆرەپ دېرىزىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى، ئاندىن كۆڭلىكىنى قايرىۋېتىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ گەرنىزگە قولىنى سوزدى. گەرنىز ئېگىز بولغاچقا، بويى يەتمەي بىرنەچچە قېتىم سەكرەپ، ئاخىر گەرنىزنى تامدىن يۇلۇپ ئالدى، پەردە گەرنىز بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلدۈر ـ غالاپ قىلىپ پولغا چۈشتى.

خۇددى ماراپ تۇرغاندەك، دەل مۇشۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ نېگىر ئانىنىڭ قاپقارا كەڭ يۈزى كۆرۈندى. سىكارلېت ئۈستەل ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشمەكچى بولۇپ كۆڭلىكىنى تۇرۇۋالغان، پاقالچاقلىرىمۇ ئېچىلىپ قالغانىدى، چىرايىدا غەلىبە خۇشاللىقى ئويناپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، نېگىر ئانىنىڭ كۆڭلىگە شۇئان گۇمان چۈشتى.

— ئېللېنىنىڭ پەردىسىنى ئېلىپ نېمە قىلماقچىسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— نېمىشقا ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ ئوغرىلىقچە تىڭشايسەن؟ — سىكارلېت ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى. ئاندىن ئۈستەلدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇزۇن يىل توپا ـ چاڭ قونۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن پەردىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— بۇ ئىشقا ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئوغرىلىقچە تىڭشاش كەتمەيدۇ، — دېدى نېگىر ئانا قوللىرىنى بېلىگە قويۇپ، خۇددى ھازىرلا سوقۇشىدىغاندەك ئەلپازدا، — ئېللېنىنىڭ پەردىسى نەرىڭىزگە تاقاشتى؟ گەرنىزنىمۇ يۇلۇۋاپسىز، توپىغىمۇ مىلىنىپ كېتىپسىز. ئېللېن خانقىز ھايات ۋاقتىدا بۇ پەردىلەرنى بەكمۇ ئاسرايتتى. مەن سىزنىڭ ئۇنى بىر نېمە قىلىشىڭىزغا يول قويالمايمەن.

سىكارلېت ئۇنىڭغا يېقىملىق قاراپ قويدى. ئۇ كۆزلەردىكى قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق ئادەمگە ئىلگىرىكى بەختلىك يىللاردا ئويناپ يۈرگەن كەپسىز قىزنى ئەسلىتەتتى. ئۇ يىللاردىن نېگىر ئانىدا ئەپسۇسلىنىشتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى.

— ئانا، ئۈستىگە چىقىپ، مېنىڭ كىيىم نۇسخىلىرىنى سېلىپ قويىدىغان ساندۇقۇمنى ئەپچۈشۈپ بەرسەڭچۇ، — سىكارلېت ئۇنى كەينىدىن بوش ئىتتىردى، — بۇ رەخت بىلەن ئۆزۈمگە كۆڭلەك تىكمەكچى.

نېگىر ئانا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىككى يۈز قاداق

كېلىدىغان ئېغىر گەۋدىسى بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ - چۈشۈشتىن غەم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قانداقتۇر بىر يامان ئىش يۈز بېرىدىغاندەك قورقۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ دەررۇلا سىكارلېتنىڭ قولىدىن پەردىنى تارتىۋېلىپ، خۇددى تەگسە بولمايدىغان مۇقەددەس نەرسىدەك، ساڭگىلاپ تۇرغان كۆكسىگە مەھكەم بېسىۋالدى.

— ئېللېن خانقىزنىڭ نەرسىسى بىلەن كىيىم تىكمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ. تېنىمدە جېنىملا بولىدىكەن، سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن.

نېگىر ئانا «جاھىل» دەپ ئاتاپ ئۆگىنىپ قالغان بىر خىل ئىپادە سىكارلېتنىڭ چىرايىدا يالت قىلىپ ئەكس ئەتكەندەك بولۇپ، ئارقىدىنلا يەنە كۈلكىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئەمدى نېگىر ئانا چىڭ تۇرۇۋالالمايتتى. ئەمما، بۇمۇ ئۇ مومايىنى ئالدىيالمىدى. ئۇ سىكارلېت خانقىزنىڭ ئاشۇ كۈلكىسى بىلەن ئۆزىنى ئالدىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما بۇ ئىشتا ئۇ يول قويالمايتتى.

— ئانا، كىچىك بالىدەك قىلىق قىلمىساڭچۇ. مەن ئاتلانتاغا قەرزگە پۇل تېپىپ كەلگىلى بارماقچى، يېڭىراق كىيىم كىيىپ بارمىسام بولماس.

— يېڭى كىيىم كىيىپ بېرىشىڭىز ھاجەتسىز، باشقا خانىملارمۇ يېڭى كىيىملەر بىلەن بارغان ئەمەس. كونا كىيىملىرىڭىز بىلەن بارسىڭىز يۈزلۈكرەك بولىسىز تېخى. ئېللېن خانقىزنىڭ بالىلىرى ئۆزلىرى خالىسىلا كونا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسىمۇ بولىۋېرىدۇ، بۇنىڭ ھەيران قالىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق، ئەكسىچە خەق خۇددى تاۋار - دۇردۇنلارنى كىيىۋالغاندەك ھۆرمىتىنى قىلىدۇ.

سىكارلېتنىڭ چىرايىغا «جاھىل» لىق يەنە قوندى. «ۋاي خۇدايىمەي، سىكارلېت خانقىز چوڭ بولغانسېرى ئېللېن خانقىزغا ئوخشىماي، نېمىشقا گېرالد ئەپەندىنى دوراپ

قالىدىغاندۇ !»

— ئانا، كېپىمگە قولاق سال. پىتتىي ھامىمام خەت يېزىپ، فەننى ئېلىسنىنىڭ شەنبە كۈنى توي قىلىدىغانلىقىنى دەپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تويىغا بارمىسام بولمايدۇ. يېڭىراق كىيىم كىيىپ بارمىسام بولماس؟

— ئۇستىڭىزدىكى مۇشۇ كىيىمىڭىزمۇ فەننى خانقىزنىڭ توي كىيىمىدىن چىرايلىق. پىتتىي خانقىز خېتىدە ئېلىسنىلارنىڭمۇ نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى يېزىپتىكەنغۇ.

— ئەمما، مېنىڭ يېڭى كىيىمىم بولمىسا بولمايدۇ. بىزگە ھازىر پۇلنىڭ قانچىلىك زۆرۈر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ باجنى...

— باج توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. ئەمما...

— سەنمۇ بىلەمسەن؟

— شۇنداق، خۇدا ماڭىمۇ قۇلاق بەرگەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئاڭلىماي؟ بولۇپمۇ ۋىل ئەپەندى ئىشكنى ھەم يېپىشقا ھورۇنراق.

نېگىر ئانامۇ ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولغانمىدۇ؟ سىكارلېت ھەيران قالدى. يول ماڭسا تاختايلار كۆتۈرەلمەي غىچىرلاپ كېتىدىغان ئاشۇ ئېغىر گەۋدىسى ئۇنىڭ پۈتىنىڭ ئىچىدا دەسسەپ كېلىپ، ئىشكنىڭ يوچۇقىدىن بولۇنغان گەپلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشقا ماسلىشىپمۇ بەرگەنمىدۇ؟

— ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بولساڭ، ئەمىسە، جوناس ۋىلكېرسون بىلەن ئېممىنىڭ...

— ئۇنىمۇ ئۇقتۇم، — دېدى نېگىر ئانا كۆزلىرىدىن غەزەپ چاچرىتىپ.

— ئەمىسە جاھىللىق قىلما، ئانا. سەن مېنىڭ ئاتلانتاغا بېرىپ باجغا تۆلىگۈدەك پۇل تېپىپ كەلمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى بىلمەيۋاتامسەن؟ پۇل تاپمىسام ھەرگىز بولمايدۇ، شۇڭا مەن

مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك، — ئۇ بىر قولىنى تۇگۈپ يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنىغا زەرپ بىلەن ئۇرۇپ قويدى، — گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، ئانا، ئۇلار بىزنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقارماقچى. ئۇ چاغدا بىز نەگە بارىمىز؟ ئاپامنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئېممى سىلاتتېرىي بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئاپام ياتقان كارىۋاتتا ياتماقچى. مۇشۇنداق چاغدا ئاپامنىڭ پەردىسى ئۈچۈن مەن بىلەن دە ـ تالاش قىلىپ ئولتۇرساڭ بولامدۇ؟

ئېگىر ئانا خۇددى ئىتائەتمەن پىلغا ئوخشاش بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىدىن يەنە بىر پۇتىغا يۆتكىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنى سىكارلېتقا يول قويىدىغاندەك سېزىۋاتاتتى.

— مەن ئۇ نومۇسسىزنى ئېللېن خانقىزنىڭ ھۇجرىسىغا ھەرگىز يولاتمايمەن ھەم ئۇ خەق بىزنى كوچىغا قوغلاپمۇ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. بىراق، — ئۇ ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن سىكارلېتقا قادىلىپ تۇردى، — سىز يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ بىرسىدىن قەرز ئېلىشقا بارىدىكەنسىز، ئۇ ئادەم زادى كىم؟

— ئۇ، — سىكارلېت بىردىنلا گېپىنى توختىتىۋالدى، ئارقىدىن سەل دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇ، ئۇ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

ئېگىر ئانا خۇددى سىكارلېت كىچىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش خاتا ئىش قىلىپ قويۇپ يالغان گەپ بىلەن ئۆزىنى ئالداۋاتقاندەك ۋە ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى بىلىۋالغاندەك، ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن مىختەك قادالدى. ئۇ سىكارلېتنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكمۇ قىلاتتى. سىكارلېت چارىسىز قېلىپ، بېشىنى ئېگىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ قىلمىشى ئۈچۈن نومۇس قىلىپمۇ قالدى.

— سىز پۇل قەرز ئېلىپ كېلىشكە چىرايلىق كىيىنىپ بارماقچى بوپسىز، بۇ ئىش ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىمنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى ئېيتمايۋاتىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ھېچنېمىنى ئېيتقۇم يوق، — دېدى سكارلېت بىزار بولۇپ، — ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى، پەردىنى بېرەمسەن ـ بەرمەمسەن؟

— ماقۇل، بېرەي، — دېدى نېگىر ئانا بوش ئاۋازدا. سكارلېت ئۇنىڭ بۇنداق تېز بوشاپ كەتكىنىگە ھەيران قالدى، — بۇنىڭدا سىزگە لايىق قىلىپ كۆڭلەكمۇ تىكىپ بېرەي.

ئۇ قولىدىكى پەردىنى سكارلېتقا ياندۇرۇپ بەردى. چىرايىدا ئازراق كۆلكە ئەكس ئەتكەندەك بولدى.

— ئاتلانتاغا مىلانىيە خانقىز سىز بىلەن بىللە بارامدۇ، سكارلېت خانقىز؟

— ياق، — سكارلېت سەزگۈرلۈك بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ قانداق ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغانىدى، — ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن.

— بۇ سىزنىڭ ئويىڭىز، — دېدى موماي كېسىپلا، — سىزگە ئۇ يېڭى كىيىمنى كىيدۈرۈپ ئۆزۈم بىللە بارىمەن. شۇنداق خانقىز، بىرىپ كەلگۈچە سىزدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلمايمەن.

سكارلېت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاتلانتاغا بېرىپ رېت باتلېر بىلەن كۆرۈشكەندە، نېگىر ئانىسىنىڭ دەرۋازىغا قارايدىغان ئىنتايىن زور قارا ئىتقا ① ئوخشاش، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ يېنىدا تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن چىرايىغا يەنە كۈلكە يۈگۈرۈپ مومايىنىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ قويدى.

— ئوبدان ئانا، ياخشى نىيىتىڭگە رەھمەت. سەن مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغىلى كەتسەڭ، سەن يوق، بۇ يەردىكىلەر قانداق قىلىدۇ؟ سەن ھازىر تارانىڭ غوجىدارى بولۇپ قالدىڭ.

— ھىم، — دېدى موماي، — مېنى ئازدۇرىمەن دېمەڭ،

---

① يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئەرشنىڭ دەرۋازىسىغا قارايدىغان ئۈچ باشلىق ئىت.

سكارلېت خانقىز. سىزگە مەن تۆنجى زاكىنى تۇتقاندىن بېرى مىجەزىڭىزنى بىلىپ كېلىۋاتىمەن. سىز بىلەن ئاتلانتاغا بىللە بارىمەن دېدىمۇ بارىمەن. ھەممە يېرىنى شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن ھۆر نېگىرلار بېسىپ كەتكەن ئۇ شەھەرگە ئۆزىڭىزنى يالغۇز قويۇۋەتسەم، ئېللېن گۆرىدە خاتىرجەم ياتالمايدۇ.

— مەن دېگەن پىتتىپي ھاممامنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان تۇرسام، — سكارلېت ئۇنى بارغۇزماسلىقتا ئامال بار سەۋەب ئىزدەۋاتاتتى.

— پىتتىپپات خانقىز ئوبدان ئايال، ھەممىنى مەن بىلىمەن دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە بىلمەيدۇ، — نېگىر ئانا شۇنداق دەپ، سۆھبەت مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى دېگەندەك، سۇرلۇك قىياپەتتە كەينىگە بۇرۇلۇپلا گۇس - گۇس دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. كارىدوردا ئۆينىڭ تورۇسلىرىنى تىترىتىپ ئۈنلۈك توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— پىرىسسي، بالىخانىغا شوتا قويۇپ، سكارلېت خانقىزنىڭ كىيىم ئۆلگىلىرىنى سالىدىغان ساندۇقنى ئەپچۇشۇپ بەرگىن. ياخشى قايچىدىن بىرنى تېپىپ بەر. شۇ ئىش بىلەن تاڭ ئېتىپ كەتمىسۇن، چاپسان بول.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سكارلېت بىلەن نېگىر ئانا كىيىملەرنىڭ ئۆلگىلىرىنى ئۈستەلگە يايدى. سۇئېللېن بىلەن كاررىن پەردىنىڭ ئەستىرىنى سۆكۈشكە، مېلانىيە پاكىز چوتكا بىلەن پەردىگە يېپىشىپ قالغان توپا - چاڭلارنى تازىلاشقا باشلىدى. ۋىل بىلەن گېرالد، ئاشلىي ئۇچى كۆلۈشكەن پېتى ئالدىراپ يۈرۈشكەن ئاياللارغا قاراپ بىر چەتتە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشتى. سكارلېتنىكى خۇشال كەيپىيات باشقىلارغىمۇ يۇقىدى، ئەمما ئۇلار بۇ خىل خۇشاللىقنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئۇلارغا تەسىر قىلىپ ئۇلارمۇ كۈلەتتى، چۈنكى ئۇلار نىڭ سكارلېتنىڭ كۈلۈپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. بولۇپمۇ گېرالد بەك

خۇشال ئىدى. كۆزلىرى سىكارلېتتىنىڭ ھەربىكىتى بىلەن تەڭ ھەرىكەتلىنەتتى، كۆزلىرىدىكى خاراموش ھالەت كۆپ ئازلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنى ماختاپ دولىسىغا ئۇرۇپ قوياتتى. قىزلار خۇددى ئۆزلىرىگە مېھمانلىق كىيىم تىكىۋاتقاندەك كەيپى چاغ ھالدا كېسەتتى، تىكەتتى، سۆكەتتى.

سىكارلېت ئاتلانتاغا قەرزگە پۇل تېپىپ كەلگىلى بارماقچى، زۆرۈر تېپىلسا قورۇقنى گۆرۈگىمۇ قويىدۇ. لېكىن، گۆرۈگە قويۇش قانداق بولىدۇ؟ سىكارلېت ئۇلارغا گۆرۈگە ئالغان پۇلنى كېلەر يىلنىڭ پاختىسى بىلەن تۆلىۋېتىپ، يەنە ئېشىنىپ قالالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ شۇنچىلىك ئىشەنچلىك گەپ قىلاتتى. شۇڭا، باشقىلار يەنە سورايدىغانغا گەپ تاپالماي قېلىشتى. بىرسى ئۇنىڭدىن بۇنچە كۆپ پۇلنى كىمدىن قەرز ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «ئىشقىلىپ، پۇل بېرىپ تۇرىدىغان بىر بار» دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، قالغانلار بۇ يۇمۇرلۇق جاۋابقا كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە چاقچاق قىلىشىپ، ئۇ مىليونېر زادى كىم دەپ سوراپ تۇرۇۋېلىشتى.

— چوقۇم كاپىتان رېت باتلېر، — مېلانىيەنىڭ بۇ چاقچىقىغا كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار سىكارلېتنىڭ ئۇ ئادەمگە ئىنتايىن ئۆچ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ گېپى چىقسىلا «لوكچەك» دەپ تىللايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

لېكىن، سىكارلېت مېلانىيەنىڭ چاقچىقىغا رەددىيە بەرمىدى. ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈۋاتقان ئاشلىي نېگىر ئانىنىڭ سىكارلېتقا قاراپ، ئارتۇق گەپ قىلما، دېگەندەك مەنىدە شەرەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ كۈلكىسىنى دەررۇ توختىتىۋالدى.

سىكارلېت توختىماي ئىش قىلىۋاتقان قوللارغا قاراپ، كۈلكە ـ چاقچاقلارنى ئاڭلاپ ئىچىدە ئازابلاندى ۋە نومۇس قىلدى.

«ئۇلار پۈتۈن جەنۇبتا مەن ياكى ئۇلار ئۇچۇن پايدىسىز قانچىلىك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئەتراپىدا نېمە ئىشلار يۈز بەرسۇن، ھېچقايسىسى ئۆزىنى قورقۇنچلۇق ئىشلارغا ئۇچرايمىز، دەپ ئويلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى ئوخارانىڭ، ۋىلكېسنىڭ، خامىلتوننىڭ جەمەتلىرى بىز دەپ بىلىدۇ، ھەتتا نېگىرلار چېغىدىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ. نېمىدېگەن ئەخمەق ئادەملەر بۇ! ئۇلار مەڭگۈ ئۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. شۇ پېتى ئويلايدۇ، شۇ پېتى ياشايدۇ، ھېچنېمىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. مېلانىيە ئەسكى كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈۋېرىدۇ، كېۋەزلىكتە ئىشلەۋېرىدۇ، ماڭا ياردەملىشىپ ئادەممۇ ئۆلتۈرىدۇ، ئەمما زادىلا ئۆزگەرمەيدۇ، يەنىلا نومۇسچان، ئالىيجاناب ۋىلكېس خانىم، تەلتۆكۈس ئېسىلزادە خوتۇن! ئاشلېيمۇ شۇنداق، ئۇرۇشقا، ئۆلۈمگە دادىل يۈزلىنەلەيدۇ، ئوق تەگسە، تۈرمىدە ياتسا چىدايدۇ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ھېچنېمىسى يوق قارا نامراتلىقتىنمۇ ئۆتە نامراتلىققا چىداپ ياشىيالايدۇ، ئەمما ئۆزىنى يەنىلا «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى پۈتۈن زېمىننىڭ ئىگىسىدەك تۇتىدۇ. ۋىل ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىدۇ، مەھرۇم بولۇشتىن قورقىدىغانىمۇ ھېچنەرسىسى يوق. سۇئېللېن بىلەن كاررېنغا كەلسەك، ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋاقىتلىق، تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، خۇدا بىزگە پايدىلىق ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ، دەپ بىلىدۇ. ئەمما، خۇدا ئۇلارغا ئۇنداق مۆجىزىنى يارىتىپ بەرمەيدۇ. بۇ ئەتراپتا يۈز بېرىدىغان بىردىنبىر مۆجىزە مەن ئاتلانتاغا بېرىپ رېت باتلېردىن ئۇندۇرۇپ كېلىدىغان ئاشۇ پۇل... ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىغانلار. بەلكىم ئۇلار شۇ پېتى ئۆزگەرمەي ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما، بىردىنبىر ئۆزگىرىدىغان ئادەم مەن... بىراق، ئامالىم بولىدىغان بولسا مەنمۇ ئۆزگەرمىسەم دەيمەن.»

نېگىر ئانا ئەرلەرنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى تاقىۋالغاندىن كېيىن، تىككەن كىيىمنى سىكارلېتقا كىيدۈرۈپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باقتى، پورك گېرالدنى يۆلەپ ئۇستىگە چىقىپ كەتتى، ئاشلېي بىلەن ۋىل ئىككىسىلا تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار، خىلىغىچە بىر ـ بىرىگە گەپ قىلىشمىدى. ۋىل بىر خىلدا تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇراتتى، مۇلايىم چىرايىدا خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرەتتى.

— ئۇنىڭ ئاتلانتاغا بېرىشىنى مەن زادىلا قۇۋۋەتلىمەيمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر ئالدىرىماي سۆزلەپ.

ئاشلېي ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئارقىدىنلا باشقا ياققا قارىۋالدى. ھېچنېمە دېمىگىنى بىلەن ئىچىدە، ۋىلمۇ كۆڭلىدە مەن ئويلىغان قورقۇنچلۇق ئوينى ئويلاۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن باغدا بولغان ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ سىكارلېتتنى قانداق قىلىپ ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلمەيدۇ. نېگىر ئانىنىڭ رېت باتلېرنىڭ گېپى چىققاندا چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرمىدى، رېت باتلېرنىڭ پۇلى بار، ئەمما ئاتىقى چىقىپ قالغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشىمۇ ناتايىن. قىسقىسى، ئاشلېي ئۇنى بۇ ئىشلارنى بىلىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. بىراق، ئۇ تاراغا قايتىپ كەلگەندىن بېرى، ۋىلنىڭمۇ نېگىر ئانىغا ئوخشاش گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھەتتا بىرەر ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنى پەرەز قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى سېزىپىمۇ كېلىۋاتاتتى. ئاشلېي ئەتراپتىكى كەيپىياتتىن چۈشەندۇرۇپ بولمايدىغان بىرخىل شۇملۇقنى سەزگەندەكمۇ بولۇۋاتاتتى. ئەمما، ئۇنىڭدا سىكارلېتتنى قۇتۇلدۇرۇۋالغۇدەك، چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئازگالدىن تارتىۋالغۇدەك قۇدرەت يوق ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە سىكارلېت ئاشلېيغا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى. ئۇنىڭ ئاشلېيغا بولغان قاتتىقلىقى ئادەمنى چۆچۈتەتتى. ئاشلېينىڭ ئىچىگە چۈشۈۋالغان ئەنسىزلىك بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

ئۇنىڭدىن ئۇ ئىشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى، ھاقارەتلەنگەندەك بولغان - بولمىغانلىقىنى سوراشقا ھەققى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت توغرۇلۇق ئىشلارنى ئەمدى ئۇنىڭدىن سوراشقا ھەقلىق ئەمەس. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ بۇ ھوقۇقتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان. مەڭگۈگە مەھرۇم بولغان، ئۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، باشقىلارمۇ ياردەم بېرىشكە ئامالسىز. ئەمما، نېگىر ئانىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئاتلانتاغا بىللە بېرىشنى قارار قىلغانلىقى ئاشلېيغا ئازراق تەسەللىمۇ بولدى. مەيلى سىكارلېت خالىسۇن - خالىمىسۇن، ئۇ ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرالايتتى.

بۇنىڭ ھەممىسىنى مەن كەلتۈرۈپ چىقاردىم، — ئويلىدى ئاشلېي كۆڭلى يېرىم بولۇپ، — ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئادەم مەن.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ يېنىدىن مەغرۇر كەتكەنلىكى، ھېچنېمىنى مەنسىتمەس قىياپىتى ھازىرمۇ ئاشلېينىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئاشلېينىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىگەنلىكى ئۇچۇن پارە - پارە بولۇۋاتقان ۋە ئۇ خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتقان يۈرىكى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ سىكارلېتنىڭ لۇغەتلىرىنىڭ ئىچىدە «مەردلىك» دېگەن سۆزنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى. كىمكى ئۇنى، مەن ھاياتىمدا ئۇچراتقان ئەڭ، ئەڭ باتۇر ئايال دەپ تەرىپلەيدىغان بولسا، ئۇ ھەيران قېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشى مۇمكىن. ئاشلېي ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا باتۇرلۇق بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلىنەلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى بىلەن ھەرقانداق قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق مەغلۇبىيەتنى ئېتىراپ قىلمىغان ئىرادە بىلەن ئالغا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن چامدىيالايدىغانلىقىنى، يېڭىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ داۋاملىق كۈرەش قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئىلگىرىكى تۆت يىل ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ مەغلۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغان، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك تۇرۇپ، باشقىلارغا مەردلىك بىلەن ياردەم قىلغان ئادەملەرنى كۆرگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان، ئىشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان.

ئاشلىبې قاراڭغۇ ئۆيدە ۋىلغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، ھاياتىدا سىكارلېت ئوخارانىڭ ۋۇجۇدىدا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئۇ خىل قەيسەرلىكنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ دېرىزە پەردىسىدە تىكىلگەن كىيىملەر بىلەن خورازنىڭ پېيىنى قىستۇرۇۋالغان شىلەپىنى كىيىپ، دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغاندى.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەندە سىكارلېت بىلەن نىگىر ئانا ئىككىسى سوغۇق شامال چىقىپ تۇرغان، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغان يامان ھاۋادا ئاتلانتا پويىز ئىستانسىسىدا پويىزدىن چۈشتى. پويىز ئىستانسىسىمۇ شەھەر بىلەن تەڭ كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. سىكارلېت كونا ئادىتى بويىچە پېتتېر تاغا بىلەن پىتتىي ھاممىسىنىڭ پەيتونىنى ئىزدىدى. چۈنكى، ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغلاردا ئۇ تاراغا بېرىپ قايتىپ كەلسە، ئۇلار پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالاتتى. سىكارلېت بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ پەيتون ساقلىغان بۇ ئىشىغا كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۇلارغا كېلىشىدىن خەۋەر بەرمىگەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە پىتتىي ھامما ئۇلارغا يازغان بىر خېتىدە ماكوندىن ئېلىپ كەلگەن قېرى ئېتىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى قايغۇ بىلەن يازغانىدى. سىكارلېت تونۇشلارنىڭ پەيتونلىرى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئەتراپىغا خېلى قاراپمۇ باقتى، لېكىن ئاق

تەنلىكلەر ياكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىن بولسۇن، بىرمۇ تونۇش ئادەم كۆرۈنمىدى. پىتتىي ھامىمىنىڭ خېتىدە دېگەنلىرى راست بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسىنىڭمۇ پەيتونى يوق بولۇشى مۇمكىن. قاتتىقچىلىق باشلىنىپ، ئادەملەر يەيدىغانغا نەرسە تاپالماي يۈرسە ئۇلارغا ئات نەدە تۇرۇپتۇ.

بىرنەچچە يۈك ھارۋىلىرى ۋاگوننىڭ يېنىدا تۇرۇپ يۈك بېسىۋېتىپتۇ، ئادەم ئولتۇرىدىغان پەيتوندىن ئىككىسىلا تۇرۇپتۇ. بىرسى ئۈستى يېپىق پەيتون بولۇپ، ئىچىدە چىرايلىق كىيىنىۋالغان بىر خانىم بىلەن بىر ئوفىتسېر ئولتۇراتتى. ھەربىي فورما كىيگەن ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ سكارلېتنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ھەممىلا يەردە كۆك فورما كىيىشكەن ئەسكەرلەر مېڭىپ يۈرۈشەتتى. سكارلېت ئۇلارغا قاراپ ھەيران قالدى ھەم قورقتى. خۇددى ئۇرۇش تۈگىمىگەندەك، ئۇ ئەسكەرلەر ھازىرلا يوگۇرۇپ كېلىپ ئۆزىنى بۇلايدىغاندەك. ئاياغ ئاستى قىلىدىغاندەك سۈر بېسىپ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى.

چۆلدەرەپ كەتكەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ بۇ قىياپىتى سكارلېتقا 1862 ـ يىلى بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۈستىدە قارىلىق كىيىملىرى، ھەممىدىن بىزار بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھالەتتە ئىدى. پويىز ئىستانسىسىنىڭ ھەممىلا يېرى قىستا ـ قىستاڭ، ھارۋا ـ مەپىلەر تۇشۇپ كەتكەن، ھارۋىكەشلەرنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا چىققانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى تۇۋلاشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. سكارلېت ئۇرۇش ۋاقتىدىكى شۇ كۆرۈنۈشلەرنى يەنە كۆرۈۋاتقاندەك چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. ئارقىدىنلا بوگۇنكى كۈنگە كەلگەندە پىتتىي ھامىمىسىنىڭ ئۆيىگە پىيادە بېرىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقىنىدىن ئۆكۈنۈپ يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تىنىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ئۈمىدلىك ئىدى، پىچاچتېر كوچىسىغا بېرىۋالسىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە تونۇشلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىغا ئىشىنەتتى.

ئۇلار ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان شۇ مىنۇتتا، ئوتتۇرا ياش بىر نېگىر بىر پەيتوننى ھەيدەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— پەيتون لازىممۇ خانىم؟ — سورىدى ئۇ، — ئاتلانتانىڭ نەرىگىلا بارسىڭىز ئىككى سوم.

نېگىر ئانا ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— سەتەڭلەرنىڭ پەيتونىغۇ بۇ! — دېدى ئۇ غودۇراپ، — قارا زەڭگى، بىزنى قانداق ئادەم دەپ ئويلاپ قالدىڭ، سەن؟

نېگىر ئانا يېزىلىق نېگىر بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ۋاقتى يېزىدا ئۆتمىگەنىدى، شۇڭا يۈز ـ ئابرۇيلۇق خانىملارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرى ياكى دېدەكلىرى بولسىمۇ، بۇنداق كىرا پەيتونلىرىدا ئولتۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. نېگىر ئانا سكارلېتنىڭ كۆزى قىيمىغاندەك ئۇ پەيتونغا قاراپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— بىز ماشايلى، سكارلېت خانقىز! سەتەڭلەر پەيتونى، ئۇنىڭغا قوشۇپ، يېڭى ئازاد بولغان نېگىر، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە نېمىدېگەن يار كەلگەن.

— مەن يېڭى چىققان ھۆر قۇل ئەمەس، — دېدى ئاچچىقى كەلگەن ھارۋىكەش ئۆزىنى ئاقلاپ، — مەن تالبوت خانقىزنىڭ ئادىمى، بۇ پەيتون شۇياقنىڭ، مەن ئۆيگە خىراجەت قىلغىلى ئازراق پۇل تاپاي دەپ چىققان.

— قايسى تالبوت خانقىز ئۇ؟

— مىلگېۋىلنىڭ قىزى سۇزاننا تالبوت خانقىز. بىز قېرى مارس ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن.

— ئۇ قىزنى تونۇمسىز، سكارلېت خانقىز؟

— تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى سكارلېت ئەپسۇسلىنىپ، — مەن تونۇيدىغان مىلگېۋىللار ناھايىتى ئاز.

— ئەمىسە ماشايلى، — كېسىپلا دېدى نېگىر ئانا، —

پەيتونۇڭ بىلەن قېلىنۋەر، زەڭگى.

نېگىر ئانا سىكارلېتنىڭ دېرىزە پەردىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلىكىنى، شىلەپىسى بىلەن كېچىلىك كىيىمى سېلىنغان بىرېزېنت سومكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئورېۋالغان بوپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، سىكارلېتنى ھەممە يەرنى شاخار بېسىپ كەتكەن پاتقاق يول بىلەن باشلاپ ماڭدى. سىكارلېتنىڭ ئۇ پەيتوندا ئولتۇرغۇسى بولسىمۇ، بۇ موماي بىلەن دە تالاش قىلىشنى خالىمىدى. ئاشۇ كۈنى ئىككىسى پەردە توغرۇلۇق دېيىشىپ قالغاندىن بېرى موماي ئۇنى بەكمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى، سىكارلېت بولسا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمايتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن ئەمدى قۇتۇلالمايتتى. شۇڭا، پەقەتلا بولالمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن دە تالاش قىلمىسا، بولمىسا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشنى زادىلا خالىمايتتى.

ئۇلار ئادەم ماڭمىدىغان تار يولنى بويلاپ پىئاچتىر كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. سىكارلېت يول بويى ئازاب ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئاتلانتا ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئاتلانتا ئەمەس، پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىپ كەتكەن ئاتلانتا ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى رېت باتلېر بىلەن ھېنرى تاغا تۇرغان مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ھەيۋەتلىك بۇ ئىمارەت ھازىر ئەسكى تاملىققا ئايلىنىپ قالغانىدى.

«ئۇلار سېنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، تۈزلىۋەتكەن بىلەن ئورنۇڭدىن قوپالماس قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ مۇمكىن ئەمەس، — دەپ ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە، — سەن يەنە يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ زور، بۇرۇنقىدىنمۇ ھەيۋەتلىك شەھەرگە ئايلىنىسەن.»

ئۇ كوچىنى بويلاپ ئالدىغا مېڭىۋەردى، نېگىر ئانا كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. كوچا يەنىلا ئۇرۇشنىڭ جىددىي چاغلىرىدىكىدەك قىستا ـ قىستاڭ، ئاۋات ئىدى. ئۇ پىتتىي ھامىنىڭكىگە

بىرىنچى قېتىم كەلگەن چاغدا بۇ كوچىنىڭ ئاۋاتلىقىغا قاراپ، خۇددى قانلىرى تومۇرلىرى ئىچىدە ئۆركەشلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ھازىرمۇ شۇ چاغدىكىگە ئوخشاش ئاۋات، ھاۋا - پەيتونلار يەنە شۇنداق جىق (ياربدارلارنى باسقان ھارۋىلارلا كۆرۈنمەيدۇ) ئىدى. نۇرغۇن ئاتلار، قېچىرلار دۇكانلارنىڭ ئالدىلىرىدىكى تۈۋرۈكلەرگە باغلاپ قويۇلغان. پىيادىلەر يولىدا ئادەم شۇنچە كۆپ بولىسىمۇ، ھەممىسىلا ناتونۇش، يېڭى ئادەملەر ئىدى. لەلەڭشىپ يۈرگەن نېگىرلارنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار تامنىڭ تۈۋلىرىدە، يول بويلىرىدىكى تاشلارنىڭ ئۈستىدە، ئۆتكەن - كەچكەن پەيتون - ھارۋىلارغا، خۇددى كىچىك باللار سېرك كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ ئولتۇرۇشاتتى، پۈتۈن كوچا قارا رەڭ بىلەن توشقانىدى.

— يېڭى ئازادلىققا چىققان بۇ ھۆر زەڭگىلەر، — دېدى نېگىر ئانا دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ، — مەڭگۈ ياخشى ئادەملەردىن بولالمايدۇ. پۈتۈن تۇرقى لۈكچەكنىڭ ئۆزى.

راست، ئۇلار لۈكچەكلەرگە ئوخشايدۇ. سىكارلېتمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەدەپسىزلىك بىلەن تىكىلىپ قارىشاتتى. لېكىن، ئۇ كۆك فورما كىيگەن شىماللىق ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۇ نېگىرلارنى شۇئانلا ئۇنتۇپ كەتتى. ھەممىلا يەردە پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر يۈرۈشەتتى. بەزىلەر كوچىدا لەلەڭشىپ يۈرسە، بەزىلىرى قاۋاقخانىلارغا كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشاتتى.

بۇ ئىپلاسلارنى مەڭگۈ كۆرەرگە كۆزۈم يوق، — ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — مەڭگۈ كۆرمىسەم دەيمەن.

— چاپسان ماڭايلى. ئانا، بۇلاردىن چاپسانراق نېرى كېتەيلى، — دېدى ئۇ مومايغا.

ئۇلار داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بارغانسېرى ئادەملەر شالاڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ۋېسلىي چېركاۋىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ، 1864 - يىلى سىكارلېت مادى دوختۇرنى ئىزدەپ

كەلگەندە ئولتۇرۇپ دەم ئالغان جاي ئىدى. سىكارلېت بۇ چېركاۋنى كۆرۈپ مېيىقىدا سوغۇق كۈلۈپ قويدى. نېگىر ئانا سەزگۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر نېمە تاپماقچى بولۇۋاتقاندەك قاراپ كەتتى، ئەمما قىزنىڭ ھەرقانداق قىلىمىغۇ قانائەتلەندۇرەلمىدى. ئەسلىدە سىكارلېت شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ كۈنى ئۇ شىماللىق ئالۋاستىلاردىن، مېلانىيە تولغاق يەۋاتقان جىددىي ھالەتتىن قورقۇپ كېتىپ پۈت ـ قولىدا جان يوق، مادىي دوختۇرنى ئىزدەپ ئۆملەپ دېگۇدەك ماڭغانىدى. ئەمدى ھازىر، نېمىشقا شۇ چاغدا قاتتىقراق ئاۋازدىن قورقۇپ كەتكەن كىچىك بالىدەك شۇنچىلا قورقۇپ كەتكەن بولغىيدىم؟ دەپ ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا شىماللىق ئالۋاستىلار، ئوت ۋە ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇ ئۇچرىغان ئەڭ يامان ئىشلار بولسا كېرەك. ئەمدى ئويلىسا ئۇ ئىشلار ئېلېننىڭ ئۆلۈمى، گېرالدنىڭ ساراڭ قېتىش بولۇپ قالغىنى، ئاچارچىلىق، ھالىدىن كەتكۈچە چارچىتىدىغان ئەمگەك ۋە تۇگىمەس تەھدىتلەرنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىكەن. ھازىر تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قورقماس، باتۇر بولمىقى ئىنتايىن ئاسان ئىدى، ئەمما تارانىڭ قولدىن كېتىش خەۋپى ئالدىدا باتۇرلۇق قىلماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ياق، ئۇ ئاچلىقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدىن قورقمايدۇ.

ئالدى تەرەپتىن يېڭى بىر پەيتون كېلىپ قالدى. سىكارلېت ئىتتىك يولنىڭ چېتىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنى تونۇيمەنمۇ دەپ قاراپ كەتتى، تونۇسا ئۆزلىرىنى ئاپىرىپ قوي دېمەكچىدى، چۈنكى پىتتىي ھامماننىڭ ئۆيىگە يەنە بەش كوچىدىن ئۆتكەندە يېتىپ بارالايتتى. پەيتون يېقىن كەلگەندە سىكارلېت ھىجايماق بولۇپ تەييارلىنىپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت پەيتوننىڭ دېرىزىسىدىن بېشىغا سۆسەر تۇماق كىيگەن، چاچلىرى قىزىل بىر ئايال بېشىنى چىقاردى. سىكارلېت

ئىختىيارسىز، ۋاي، دېدى ـ دە، كەينىگە بىر قەدەم داجىدى. ئۇ بېللىي ۋاتلىن ئىدى. ئۇ بېشىنى ئىچىگە تارتىۋالغۇچە، سىكارلېت ئۇنىڭ يىرگىنىۋاتقاندەك بولۇپ يوغىناپ كەتكەن بۇرنىنى كۆرۈپ قالدى. توۋا، بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا تونۇش چىرايلاردىن مۇشۇ خوتۇننىڭ ئۇچرىغىنىنى.

— ئۇ كىم؟ — سورىدى نېگىر ئانا گۇمان بىلەن، — ئۇ سىزنى تونۇيدىكەن، ئەمما سالام قىلمىدى. مەن ئۇنداق رەڭلىك چاچنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان. تارلېتونلارنىڭ ئائىلىسىدىمۇ كۆرمىگەن. ئۇ... ھەم، بويىغان چاچتەك قىلىدۇ.

— شۇنداق، بويىغان چاچ، — سىكارلېت ئاددىيلا جاۋاب بېرىپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

— سىز چېچىنى بوياتقان ئۇ خوتۇننى تونۇمسىز؟ سىزدىن سوراۋاتىمەن، ئۇ زادى كىم؟

— ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى بىر بۇزۇق ئايال، — جاۋاب بەردى سىكارلېت ئاددىيلا قىلىپ، — خۇدا ھەققى، مەن ئۇ ئۇ ئايالنى تونۇمايمەن، سوراۋەرمىسەڭچۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، — نېگىر ئانا ئىچىگە يېنىك تارتىپ قويدى. كۆزلىرى كېتىۋاتقان پەيتوندا، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئۇ ئېللېن بىلەن يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا ساۋاننادىن كەتكەندىن بۇيان پاھىشە ئاياللارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا بېللىينى ئوبدانراق كۆرۈۋالمىغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ كەتتى.

— شۇنداق چىرايلىق كىيىنىۋاپتۇ، پەيتونى، پەيتونكىشى بار ئىكەن، — ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — خۇدانىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ، چۈشەنمىدىم. ئۇنىڭدەك بۇزۇق خوتۇنلارغا دۇنيانى ئايىماي بېرىپ، بىزگە ئوخشاش ياخشى ئادەملەرنى ئاچ ھەم يالاڭ ئاياغ قويۇۋاتقىنىنى.

— بىر نەچچە يىل بولدى، خۇدانىڭ بىز بىلەن كارى يوق، — دېدى سىكارلېت قوپال تەلەپپۇزدا، — بۇ گەپنى سەن ماڭا دېمە، بولمىسا ئاپام گۆرىدە ئېغىناپ ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ.

سىكارلېت ئۆزىنى ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە پەزىلەت جەھەتتە بېللىدىن يۇقىرى ھېساپلايتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىشقا ئاشۇرالمايتتى. ئەگەر ئۇنىڭ پىلانى ئوڭۇشلۇقلا ماڭىدىغان بولسا، ئۇمۇ بېللىي بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرالايدۇ ھەم ئوخشاش بىر ئەردىن ياردەم ئالالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قارارىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئۇنى بىئەپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. «ئۇ ئىشنى ھازىر ئويلىماي تۇرايچۇ.» ئۇ ئۆزىگە شۇنداق دەپ قويۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئۇلار مادىي دوختۇرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆيلەردىن ھازىر پەلەمپەي بىلەن پەلەمپەيگە تۇتىشىدىغان تار يولدىن باشقا ھېچنېمە قالماپتۇ. ۋېمتىنىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ تۈزلىنىپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇلىمۇ يوق، ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان ھارۋا چاقلىرىنىڭ كونا ئىزلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. ئېلسىنلارنىڭ پىششىق خىشلىق ئۆيلىرى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ، يېنىغا يەنە ئىككى قەۋەت قىلىپ يېڭى ئۆيمۇ سېلىنىۋاپتۇ. بونىېللار ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىنىۋاپتۇ، ئەمما ياخشى ئەمەس، ئۆگزىسىگە يامغۇر بىلەن كۈندىن دالدا قىلىپ تاختايلارنى تاشلاپلا قويۇپتۇ. ئەمما، بۇ ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدە بىرمۇ تونۇش چىراي كۆرۈنمەيدۇ، ئىشىكلىرىدىمۇ بىر ئادەم يوق. ئەكسىچە بۇ ئەھۋال سىكارلېتنى خۇشال قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ھازىر ھېچقانداق ئادەمگە كۆرۈنگۈسى يوق ئىدى.

پىتتىي ھاممىنىڭ قىزىل خىشلىق ئۆيى ئاخىر كۆرۈنۈپ سىكارلېتنىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى. خۇدا رەھىملىك، مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندە ھېچنېمىسىنى بۇزماي ئامان ساقلاپ قاپتۇ. پېتتېر تاغا قولىدا بىر نېمە ئالغىلى بارىدىغان سېۋەت، ھويلىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى، سىكارلېت بىلەن نېگىر ئانىنىڭ پۈتلىرىنى سۆرەپ ئاران كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قاپقارا يۈزىدە خۇشال، لېكىن يەنە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۈلكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەيدا بولدى.

سىكارلېت ئىچىدە: مەن بۇقېرى قارا ئەخمەقنى تازا بىر سۆيمەيدىغان بولسام، شۇ تۇرقىدا ئۇنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ خۇشال تووۋلاپ كەتتى:

— پىتتېر، چاپسان كىرىپ هامامىغا دورىسىنى تېپىپ بەر، بۇ راستلا مەن!

شۇ كۈنى كەچتە پىتتىي هاما ئۈستەلگە قوناق ئۇنىدا قىلىغان ئۇماچ، پۇرچاق دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى كەلتۈردى. سىكارلېت ئۇ نەرسىلەرنى يەۋېتىپ، پۇل تاپقاندا ئۈستەلگە بۇ ئىككى نەرسىنى يولاتمايمەن دەپ ئويلىدى. قانداق بەدەل تۆلىسىمۇ پۇل تاپىسا بولمايدۇ، تارانىڭ بېجىغا كېتىدىغان پۇلدىنمۇ كۆپ پۇل تېپىش كېرەك. قىسقىسى، ئۇ بىر كۈنلەردە نۇرغۇن پۇل تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۆچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلسىمۇ مەيلى.

سىكارلېت تاماقخانىدىكى غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئولتۇرۇپ پىتتىي هامىدىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرۇلۇق سورىدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك پۇلنى چارلېستون ئائىلىسىدىن چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولغانىدى. پىتتىي هاما بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بىلەن ئەركىن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش پۇرسىتىنىڭ كەلگىنىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپ، تۈيۈقسىز بۇنداق سوئالنىڭ سورىلىپ قېلىۋاتقىنىغا دىققەت قىلماي ئۆزىنىڭ دەردىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇقىنىڭ، شەھەردىكى زېمىنلىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، بىردىنلا ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم بوپتۇ. ئىنىسى ھېنرى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتىمىش، ئۆينىڭ يەر بېجىنى تۆلىيەلمىگۈدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. مۇشۇ ئۆيدىن باشقا ئۇنىڭ ھېچنېمىسى قالماپتۇ. بۇ ئۆيمۇ مېلانىيە بىلەن سىكارلېتقا تەئەللۇق ئىكەن. ھېنرى پەقەت مۇشۇ ئۆيلەرنىڭلا بېجىنى تۆلىيەلەپتۇ. ئۇنىڭغا

ھەر ئايدا ئازراقتىن تۆرمۆش راسخوتى بېرىپ تۇرىدىكەن.

— ھېنرى ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى يوكىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، باجنىڭ ئۆسۈپ، جاننى ساقلاپ قېلىشنىڭمۇ تەسكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇنى قولىدا كۆپ پۇل بولسا ماڭا بەرگۈسى كەلمەي يالغان سۆزلەۋاتامدىكىنمۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

سىكارلېت ھېنرى تاغىنىڭ يالغان سۆزلىمىگەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ، چارلېسنىڭ مال - مۈلۈكلىرى توغرۇلۇق ئۆزىگە يازغان خەتلىرىدىن مەلۇم ئىدى. بۇ قېرى ئادۋوكات بۇ ئۆيلەر بىلەن شەھەردىكى ئىسكىلات قىلىنغان يەرلەردىكى زېمىنلارنى ۋاھ بىلەن سىكارلېتقا كېيىنكى كۈنلەردە قولىدا بىر نەرسە قالمىغاندا ئەسقېتىپ قالار، دەپ كۆپ تىرىشقانىدى. يەنە ئۇنىڭ ئاشۇ زېمىنلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ يەرلەرگە كەلگەن باجلارنى ئامال بار تۆلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىنمۇ سىكارلېتنىڭ خەۋىرى بار ئىدى.

ئۇنىڭدىمۇ ئانچە كۆپ پۇل يوق، — ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە، — بولدىلا، پىتتىي ھامما بىلەن ھېنرى تاغىنى تىزىملىكىمدىن چىقىرىۋېتەي. ئەمدى رېت باتلېردىن باشقا ئادەم قالمىدى، ئەمدى شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. چوقۇم شۇ يولدا مېڭىشىم كېرەك. ئەمما ھازىر ئۇنى ئويلىماي تۇراي ... رېت باتلېر توغرۇلۇق ئۇنىڭ ئۆزىگە سۆزلىتەي، ئاندىن بىر ئامال قىلىپ ئەتە ئۇنى بۇ يەرگە پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆزى چاقىرتىپ كېلىدىغان قىلاي.

سىكارلېت چىرايىدا خۇشال كۈلكە، پىتتىي ھاممىنىڭ سېمىز قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— ئوبدان ھامما، — دېدى ئۇ، — ئۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى ئەمدى قويۇپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان گەپلەرنى قىلىشايلىچۇ. دوستلىرىڭىزنىڭ ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭا. مېرۋېتېر خانىمنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ مايبېلىنىڭچۇ؟

ئاڭلىسام، مايىپلىنىڭ يىگىتى سالامەت قايتىپ كەپتۇدەكقۇ؟ ئېلىسىن خانىم بىلەن مادې خانىملار قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

گېپىنىڭ مەزمۇنى يۆتكىلىشى بىلەنلا پىتتىي ھامىمىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، بايىقى يىغلاڭغۇ چىرايىدىن ھېچنېمە قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن كونا قوشنىلىرىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى، نېمە يەۋاتقانلىقى، نېمە كىيىۋاتقانلىقى، نېمە ئويلاۋاتقانلىقى توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەپ كەتتى. مېرۋېتېر خانىم بىلەن مايىپلىنىڭ رېنى پىكارد ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى شىماللىق ئەسكەرلەرگە پوشكال پىشۇرۇپ سېتىپ جان باققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ ئارقا ھويلىسىدا بىرقانچە ئون شىماللىق ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ پوشكىلىنى ساقلاپ تۇرۇپ كېتىدىكەن، رېتى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر كۈنى كونا ھارۋىسى بىلەن ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى شىماللىق ئەسكەرلەرنىڭ بارگاھلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىغان بوپتۇ. مېرۋېتېر خانىم ئاززاق پۇل توپلىغاندىن كېيىن، شەھەردە بولكىخانا ئاچماقچى بولۇۋېتىپتۇ. پىتتىي ھامىمىنىڭ بۇنداق ئىشلارنى تەنقىد قىلىش نىيىتى يوقتەك قىلاتتى. ئەمما، ئۆزىگە كەلگەندە شىماللىقلار بىلەن ئاچتىن ئۆلسەممۇ بۇنداق سودىنى قىلمايمەن، دېدى. ھەتتا ئۇ كوچىلاردا شىماللىق ئەسكەرلەرگە ئۇچراپ قالسا ئۇلارنى مەنسىتمەيدىكەن، يامغۇر يېغىپ يول پاتقاق بولسىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. پىتتىي ھامىمىنىڭ نەزىرىدە جەنۇب ئىتتىپاقىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بەرسىمۇ، ئىككى كۈندە بىر ئايىغى پاتقاقتا رەسۋا بولۇپ كەتسىمۇ ئەرزىيتتى، ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايتتى.

مادې دوختۇرنىڭ ئۆيى شىماللىقلار شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەندە كۆيۈپ كەتكەنىدى. كېيىن پىل بىلەن دارس ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى قايتىدىن سېلىشقا زادىلا قولى

بارمىدى. مادېي خانىم، ئۆيدە يا باللار، يا نەۋرىلەر بولمىسا ئۆي سېلىپ نېمە قىلىمىز، دەپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يالغۇز ياشاشتى. كېيىن بەكمۇ زېرىكىپ ئېلسىنلارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىشىۋالدى. ئېلسىنلار ئۆيلىرىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ياسىۋالغاندى، ئەر ـ ئايال ۋېمتىنلارمۇ ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى.

— شۇنچە ئادەم ئۇ ئۆيلەرگە قانداق پاتقاندۇ؟ — ھەيران قالدى سكارلېت، — ئېلسىن خانىم، فەننى، يەنە...

— ئېلسىن خانىم بىلەن فەننى مېھمانخانا ئۆيدە ياتىدىكەن، — دېدى پىتتىي چۈشەندۇرۇپ. ئۇ ھەممە دوستلىرىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى تولۇق بىلەتتى، — سۆيۈملۈكۈم، ئەسلىدە بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمىسەم بولاتتى. ئېلسىن خانىم ئۇلارنى «قوشنىلار» دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، — ئۇ ئاۋازىنى پەسلەتتى، — ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئېلسىن خانىم ساراي ئاچتى دېگەن گەپ ـ دە بۇ. قانداق، قورقۇنچلۇق ئىشمىكەن؟

— مېنىڭچە، ئۇ خانىم قالتىس ئىش قىپتۇ، — دېدى سكارلېت سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — مەنمۇ بۇلتۇر تارادا بىكارغا ئەمەس، پۇل بېرىپ ئولتۇرىدىغان قوشنىلار بولسىكەن دەپ ئويلىغان. شۇنداق بولغان بولسا بىز ھازىرقىدەك نامراتلىشىپ كەتمەيتتۇق.

— سكارلېت، نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟ ئاپىڭىز سىزنىڭ تاراغا بارغان دوستلار بىلەن ئورۇق ـ تۇغقانلاردىن پۇل ئېلىشنى ئويلىغانلىقىڭىزنى بىلىدىغان بولسا گۆرىدە خاتىرجەم ياتالمايدۇ. ئېلسىن خانىم ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلدى. بولمىسا ماشىنچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن جېنىنى باقالمايتتى. فەننىنىڭ چىنىلەرگە گۈل سىزىپ، خۇگىنىڭ ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇلى نېمىگە دال بولسۇن؟ ئويلاپ بېقىڭا، خۇگ كىچىككىنە تۇرۇپ ئوتۇن سېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتاقلىق ئادۋوكات

www.uyghurkitap.com

بولغۇسى بار ئىدى. بىزنىڭ بالىلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلىدۇ.

سكارلېت ئۆزىنىڭ يازنىڭ پىژغىرىم ئاپتاپلىرىدا كېۋەز ئوتاپ بەللىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىپ كەتكەنلىكلىرىنى، قاتتىقراق بىر نەرسە تۇتۇپ باقمىغان يۇمران قوللىرى بىلەن ساپاننى تۇتۇپ يەر ھەيدەپ قوللىرىنىڭ قاپىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، خۇگ ئېلىسىنىغا ئىچ ئاغرىتىشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. پىتتىنى ئىبىدىيگەن سىزدا، ئەخمەق خوتۇن — ھە! ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خارابىلىككە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئامان قالغانلىقىنىڭ ئۆزى چوڭ گەپ — دە.

— ئوتۇن ساتقۇسى بولمىسا، خۇگ نېمىشقا ئادۋوكات بولمىدى؟ ئاتلانتادا ئادۋوكاتلار قىلىدىغان ئىشلار يوقمۇ يا؟

— ئۇنداق ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم، ھازىر ھەممە ئادەم بىر — بىرىنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. ھەممە يەر كۆيۈپ پاسىللار يوقىلىپ كەتكەچكە، پاسىل تالىشىدىغان ئىشلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، خەقنىڭ ئەرز قىلغۇدەك پۇلى يوق، ئەرز قىلىشالمايدۇ. شۇڭا، خۇگ ئامالسىز ئوتۇن سېتىپ يۈرۈۋاتىدۇ... ھە راست، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قاراڭ! مەن سىلەرگە خەت يازدىمغۇ دەيمەن، فەننى ئەتە توي قىلماقچى. دېگەنىبىلەن سىز ئۇنىڭ تويىغا ئۈلگۈرۈپ كەپسىز. ئېلىسىن خانىم سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولىدۇ. ئۇستىڭىزدىكىدىن باشقا كىيىملىرىڭىزمۇ باردۇ دەيمەن. بۇ مېنىڭ بۇ كىيىملىرىڭىزنى سەت دېگەنلىكىم ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم، ئازراق كونىراپ قالغان يېرى بار ئىكەن شۇ. چىرايلىق كۆڭلىكىڭىز بارمۇ؟ بۇ ئاتلانتا قولدىن كەتكەندىن كېيىن بولۇۋاتقان تۇنجى توي، تويدا چوقۇم تورت، ھاراق، ئاندىن تانسا بولىدۇ. لېكىن، مەن ئېلىسىنلارنىڭ بۇنچىلا چىقىمنى قانداق كۆتۈرەلەيدىغانلىقىغا ھەيران، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ھېچنېمىسى يوق — دە.

— فەننى كىمگە ياتلىق بولىدۇ؟ دالالاس مىكلورى گىيتئىس قەلئەسىدە قۇربان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن...

— قوزام، فەننىنى ئەيىبلەپمۇ كەتمەڭ. ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىگە سىزدەك سادىق بولمايدىكەن. ئويلاپ باقاي، ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ خەقنىڭ ئىسمى زادىلا ئېسىمدا تۇرمايدۇ. ئىسمى تامغۇ دەيمەن، ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن بەكمۇ ئوبدان ئۆتەتتۇق. لاگرانگې قىزلار ئىنستىتۇتىدا بىللە ئوقۇغان. فامىلىسى تومىلىنسون ئىدى. گىلارانگالىق ئىدىغۇ دەيمەن. ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمى ... ئويلاپ باقاي... پېركىنس، پېركىنىسمىدۇ؟ پېركىنس ! سىپارتالىق، ئائىلىسى مەرتىۋىلىك ئائىلە. بىراق، ئۇنىڭ ھازىر نېمە ئەھمىيىتى... ھىم. فەننى قانداق بولۇپ ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىدىغان بولۇپ قالدىكىنتاڭ.

— ئۇ ئادەم ھاراققا ئامراقمۇ؟ ياكى...

— ياق، سۆيۈملۈكۈم، ئۇ پەزىلەتلىك ئادەم. ئەمما، ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە ئوق تېگىپ، ئىككى پۇتى... پۇتلىرى... بۇ گەپنى ئېغىزغا ئېلىشتىن شۈنچىلىك بىزارمەن. ئىشقىلىپ، ئۇ ئىككى پۇتىنى كېرىپ ماڭىدۇ. مېڭىشى شۇنچىلىك سەت — ھىم، ئۇنداق ماڭسا بەكمۇ سەت تۇرىدىكەن. فەننى نېمىشقا ئۇ ئادەمگە تېگىدىكىنتاڭ.

— قىزلار ھامان ئەرگە تېگىشى كېرەكقۇ؟

— ئۇمۇ مۇتلەق ئەمەس، — دېدى پىتتىي ھامما قاپىقىنى تۈرۈپ، — مانا مەن تەگمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەنغۇ.

— سۆيۈملۈك ھامما، مەن سىزنى دېمەكچى ئەمەس. سىزنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ. ھازىرغىچە شۇنداق بولمىسا، سىزنىڭ گېپىڭىز چىقسا تۇرالمايدىغان سوتچى كارلېتوغا بۇرۇنلا ماقۇل دېمەمتىڭىز...

— سكارلېت، بولدى، ئۇ بىر نېمىنىڭ گېپىنى قىلماڭا ! — پىتتىي ھامما پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، كەيپى يەنە ئورنىغا چۈشتى، — نېمىلا دېگەن بىلەن فەننى ئادەمنىڭ ئامراقلىقى

www.uyghurkitap.com

كەلگۈدەك قىز ئىدى. بىجىرىمىرەك بىرسىگە ياتلىق بولسا بولاتتى. مەن ئۇنىڭ تام دېگەن ئۇ ئادەمنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ كېتىشىگە تازا ئىشەنمەيمەن، ئۇنىڭ داللاس مىكلورىنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئۇ سىزگە ئوخشىمايدۇ. سىز ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭىز چارلېسقا بولغان ساداقىتىڭىزدىن يانمىدىڭىز. ئەگەر ياتلىق بولايچۇ دېگەن بولسىڭىز، بۇ چاغقىچە بىر نەچچىسىگە تېگىپمۇ بولاتتىڭىز. خەقلەر كەينىڭىزدىن كۆڭلى يوق سەتەڭ، دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرسىمۇ، مېلانىي ئىككىمىز سىزنىڭ چارلېسقا بولغان ساداقىتىڭىزنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەي ماختاپ كېلىۋاتىمىز.

سكارلېت ئۇنىڭ بۇ خىل گەپلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، باشقا دوستلىرىنىڭ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىپ رېت باتلېرنىڭ گېپىنى قىلىشقا شۇنچىلىك تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ يەرگە يېڭى كەلدى، شۇڭا ئۇپۇل - توپۇللا رېت باتلېرنىڭ گېپىنى چىقارسا بولمايتتى. بولمىسا پىتتىي ھاممىنى باشقا خىياللارغا سېلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا رېت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلغان تەقدىردىمۇ، يېپىق قازان يېپىق پېتى قېلىۋېرەتتى.

پىتتىي ھامما خۇددى گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم تاپقان كىچىك بالىغا ئوخشاش ئاغزى بېسىلماي سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئاتلانتادا نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلىقى بىلەن ھازىر ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن ئوساللىشىپ كەتكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ نامرات نېگىرلارنىڭ كاللىسىغا قۇيۇۋاتقان ئىدىيەلەرنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئەھۋالنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇلار نېگىرلارغا سايلام بېلىتى تاشلاتقۇزۇۋاتىدۇ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە ئىش بولامدۇ؟ مەن ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەرگە قارىغاندا بىزنىڭ پىتتېر تاغىنى سەزگۈر، ئەخلاقلىق كۆردۈم. بىزنىڭ پىتتېر تاغىمىزغا ئوخشاش تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر، ئەلۋەتتە ئۇنداق سايلاملارغا

قاتناشمايدۇ. ئۇلار ھازىر ئۇ نېگىرلارنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى. ئەسلىدىلا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخلاقسىز ئادەملەر خېلى بار ئىدى، ئەمدى ھازىر قاراڭغۇ چۈشكەندە كوچىلاردا خاتىرجەم ماڭغىلى بولمايدۇ. كۈندۈزلىرىمۇ ئۇلار قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇيدىكەن. ياخشى نىيەتلىك بىرەر ئادەم ئۇلارغا نارازىلىق بىلدۈرسە ئۇنى شۇ ھامان قولغا ئالىدىكەن. سىزگە ئېيتتىممۇ، يوق، ئۇلار كاپىتان باتلېرنىمۇ قولغا ئېلىشتى.

— رېت باتلېرنى؟

بۇ يامان خەۋەر بولسىمۇ، سكارلېت پىتتىي ھاممىدىن بەكمۇ رازى بولدى. چۈنكى، ئۇ رېت باتلېرنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭغا دېگۈزمەي ئۆزىلا تىلغا ئالغانىدى.

— شۇنداق، بۇ ئېنىق خەۋەر، — ھاياجاندىن پىتتىي ھاممىنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى، قەددىمۇ رۇسلىنىپ قالدى، — ئۇ بىر نېگىرنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈن ھايال ئۆتمەيلا تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇنى دارغا ئېسىشىمۇ مۇمكىن. ئاڭلىدىڭىزمۇ، كاپىتان باتلېرنى ئۇلار دارغا ئاسىدۇ.

سكارلېت بىردىن بوشىشىپ نەپىسى قىسىلىشقا باشلىدى. پىتتىي ھامما سۆزلىگەنلىرىنىڭ ئۇنىڭدا كۆرسىتىۋاتقان ئۈنۈمىگە مەست بولۇپ تېخىمۇ سۆزلەپ كەتتى.

— ئۇلار ھازىرغىچە تولۇق پاكىت تاپالمىغانمۇ ئوخشايدۇ، ئەمما بىرسىنىڭ ئاق تەنلىك بىر ئايالنى ھاقارەت قىلغان بىر نېگىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى راست. شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ بۇ ئىشقا بەكمۇ ئاچچىقى كېلىۋېتىپتۇ. ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان نېگىرلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار يېقىندىن بېرى كۆپىيىپ قالدى. ئۇلار كاپىتان باتلېرنىڭ يېنىدىن ھېچقانداق ئىسپات تاپالمىغان گەپ. ئەمما، مادې دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بىرەر ئادەمنى قۇربانلىق قىلسا كېرەك. مادې دوختۇر، رېت باتلېرنى ئۆلتۈرسە، بۇ شىماللىقلارنىڭ قىلغان تۇنجى ياخشى ئىشى بولىدۇ، دەيدۇ. نېمىشقا ئۇنداق دەيدىكىن، چۈشەنمىدىم...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كاپىتان باتلېر تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا بىر نەچچىگە كېلىپ ئۇماق بىر شاتۇتنى ماڭا سوۋغا قىلغان، سىز ئىمۇ سورىغان. سىزنى رەنجىتىپ قويۇپتىمەن، شۇ ئىشتا سىزنىڭ ئۆزىنى كەچۈرمەسلىكىڭىزدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىكەن.

— تۈرمىدە قانچىلىك ياتىدىكەن؟

— كىم بىلىدۇ، دارغا ئاسقۇچە يېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنىگە ئىسپات تاپالمايمۇ قالامدۇ تېخى. شىمالىلىقلار ئۈچۈن، مەيلى ئۇنىڭ جىنايىتى بولسۇن ـ بولمىسۇن، بىر ئادەمنى تۇتۇپ دارغا ئېسىش زۆرۈر بولۇپ قالغان گەپ. ئۇلارنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كېلىۋاتقانىمىش، — پىتتىي سىرلىق ھالدا ئاۋازىنى پەسەيتتى، — سىلەرنىڭ يېزىلاردىمۇ 3K پارتىيەسىدىكىلەر بارمۇ؟ سۆيۈملۈكۈم، مەن ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەردىمۇ بار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئاشلىي سىلەرگە بۇنداق گەپلەرنى دېمىگەن ئوخشايدۇ. 3K پارتىيەسىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلدۇرمايدىكەن. ئۇلار كېچىلىرى ئالۋاستىلاردەك ياسىنىپ چىقىپ، پۇل ئوغرىلايدىغان سومكىچىلار بىلەن ھەددىدىن ئاشقان نېگىرلارنى ئىزدەيدىكەن. بەزىدە ئۇلارنى قورقۇتۇپ، ئاتلانتادىن چىقىپ كېتىسەن، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىكەن، گەپ ئاڭلىمىغانلارنى قامچا بىلەن ساۋايدىكەن، — پىتتىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ پەسلەپ كەتتى، — بەزىدە ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدىكەن، جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە پارتىيەسىنىڭ بەلگىسىنى تاشلاپ قويۇپ، جەسەتنى ئادەم كۆرىدىغان يەرلەرگە قويۇپ قويىدىكەن... شۇڭا شىمالىلىقلار قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بىرەسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ... خۇڭ ئېلىسىننىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، شىمالىلىقلار باتلېرنى ئۆلتۈرمەيدىغانمۇ ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇ پۇللارنىڭ نەدىلىكىنى شۇلا بىلىدىكەن، ئەمما دېمەيۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا دېگۈزۈشنىڭ چارىسىنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— نېمە پۇل ئۇ؟

— سىز تېخى بىلمەمسىز؟ مەن سىزگە خەتتە دېمىگەنمۇ؟ سۆيۈملۈكۈم، سىز تاراغا كۆمۈلۈپلا كېتىپسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كاپىتان باتلېر قايتىپ كەلگەندە پۈتۈن شەھەر تەۋرەپ كەتتى. بىز ھەممىمىز قورساققا يەيدىغانغا يوق غەمگە پېتىپ تۇرغاندا، ئۇ چىرايلىق پەيتونغا ئولتۇرۇپ، يانچۇقلىرىدا جىق پۇل، قايتىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ كۆپچىلىكنىڭ ئاچچىقى كېلىپ جېنى چىقتى. ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىم يامان گېپىنى قىلىدىغان بىر ھايانكەش سودىگەر شۇنچە كۆپ پۇل تاپسا، بىز بولساق نامراتلىشىپ بىر تىيىنغا زار يۈرسەك ئاچچىقىمىز كەلمەمدۇ؟ ھەممىمىزلا ئۇنىڭ ئۇ پۇلنى قانداق تاپقانلىقىغا قىزىقتۇق، ئەمما ھېچقايسىمىز سورىيالمايتتۇق. ئاخىر مەن جۈرئەت قىلىپ سورىدىم. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ: «بۇ دۇرۇس يول بىلەن تاپقان پۇل ئەمەس، سىز خاتىرجەم بولۇڭ» دەپلا قويدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن راست گەپ ئالماق شۇنچىلىك تەس ئىكەن.

— ئۇ پۇلنى قامال قىلىنغان جايلارغا بېرىپ - كېلىپ تاپقاندۇ...

— ئۇغۇ شۇنداق، قوزام. بىر قىسمىنى شۇ يول بىلەن تاپقان. ئۇ چاغدا تاپقان پۇلى قولىدىكى ھەممە پۇلنىڭ پەقەت بىر تامچىسىلا بولۇشى مۇمكىن. ھەممە ئادەم، شىماللىقلارمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۇ چوقۇم ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغان نۇرغۇن تىللالىرىنى تېپىۋالغان، دەپ ئويلاۋاتىدۇ.

— نۇرغۇن تىللالىرىنى؟

— شۇنداق، قوزام. ئويلاپ بېقىڭا، بىزنىڭ جەنۇب ھۆكۈمىتىمىزنىڭ شۇنچە كۆپ ئالتۇنى نەگە كېتىدۇ؟ ئۇنى بىر قىسىم ئادەملەر ئېلىپ كەتكەن گەپ. كاپىتان باتلېر چوقۇم شۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى. شىماللىقلار بۇ ئالتۇنلارنى داۋس زۆكتۈك ئېلىپ قاچقان دەپ ئويلاپتىكەن. كېيىن ئۇ تۇتۇلغاندا قارىسا يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق ئىمىش، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا خەزىنىدىن ھېچنېمە چىقماپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ ئادەملەر، بۇ

پۇللارنى قامال قىلىنغان رايونلارغا قاتنايدىغان ئاشۇ ئادەملەر ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېيىشىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلار زادىلا ئىقرار قىلمايۋېتىپتۇدەك.

— نۇرغۇن تىللا؟ بۇ قانداق...

— كاپىتان باتلېر ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە مىڭ تاي پاختىسىنى ئەنگلىيە بىلەن ناسسوغا ئاپىرىپ ساتقان ئەمەسمىدى؟ — دېدى پىتتى مەغرۇر سۆزلەپ، — ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ پاختىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەنگلىيەگە پاختا ئېلىپ بېرىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قانچىگە ساتىمەن دېسە ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ئۇ پاختىلارنىڭ پۇلىغا بىزگە قورال سېتىۋېلىپ بەرمەكچى بوپتىكەن. ئەمما، شۇ چاغدا قامال قىلىش بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپ، قورال - ياراغلارنى توشۇپ كېلىشكە ئامالسىز قالغان. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھەممە پۇلغا قورال سېتىۋېلىشى ناتايىن، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەم ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى قىلغان ئادەملەر نەچچە مىليون پۇلنى ۋەزىيەت سەل ياخشىلانغاندا ئېلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەنگلىيە بانكىسىغا قويۇۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۇ پۇللارنى جەنۇب ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا قويۇشىمۇ ناتايىن. چوقۇم ئۆزىنىڭ نامىدا قويىدۇ. ئۇ پۇل ھازىرغىچە شۇ يەردە تۇرۇۋېتىپتۇ... بىز تەرەپ تەسلىم بولغاندىن بېرى ھەممىلا ئادەم ئاشۇ ھايانكەشلەرنى تىللاپ كەلدى، ئەمما شىماللىقلار كاپىتان باتلېرنى بىر نېگىرنى ئۆلتۈرگەن، دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالدى. ئۇلار كېيىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك. ئەمدى ئۇنى شۇ پۇلنىڭ ئورنىنى دەپ تېپىپ بېرىسەن دەپ قىستاۋېتىپتۇ. كۆردىڭىزمۇ، بىزنىڭ جەنۇب ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممە بايلىقى شىماللىقلارغا مەنسۇپ بولغۇدەك... ئۇلار شۇنداق ئويلاۋاتقان گەپ - دە. ئەمما، كاپىتان باتلېر، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ... مادى دوختۇر، شىماللىقلار ئۇنى دارغا ئاسسا بولىدۇ. قىلغان گۇناھىغا

سىلىشتۇرغاندا، دارغا ئېسىش جازاسىمۇ ئۇنىڭغا يەڭگىل بولۇپ قالىدۇ، دەۋاتىدۇ... سۆيۈملۈكۈم، نېمە بولدىڭىز؟ بىر قىسىملا بولۇپ كېتىۋاتىسىزغۇ؟ بېشىڭىز قېيىۋاتامدۇ؟ گەپلىرىم سىزگە خۇشياقمايۋاتامدۇ يا؟ سىزنى زېرىكتۇرۇپ قويدۇممۇ؟ ئۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىدا كەينىڭىزگە چۈشكەن. ئەمما، ھازىر ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنسىز دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇنداق بىر مۇتتەھەمكى...

— ئۇ مېنىڭ دوستلىرىم قاتارىدا ئەمەس، — دېدى سكارلېت ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ، — مۇھاسىرە ۋاقتىدا سىز ماكونغا كەتتىڭىز، مەن ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق دېيىشىپ قالغان. ئۇ ھازىر... ھازىر نەدە تۇرۇۋېتىپتۇ؟

— ئاممىۋى مەيداندىكى ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتىدا.

— ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتىدا؟

پىتتىي پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنداق، ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتىدا. شىماللىقلار ئۇ يەرنى ھازىر تۈرمە قىلىۋالدى. ئۇلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدىكى گازارمىدا تۇرىدۇ، ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتى بولسا شۇنىڭ يېنىدىكى بىر كوچىدا، ئۇلار باتلېرنى شۇ يەرگە سولاپ قويۇپتۇ. تۈنۈگۈن مەن ئۇ توغرۇلۇق قىزىق بىر گەپنى ئاڭلىدىم، كىمنىڭ دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ شۇنچىلىك ياسانچۇق ئادەم. ئۇ ياتقان يەردە مۇنچا يوق ئىكەن، ھەر كۈنى يۇيۇناتتىم دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر ئۇلار ئۇنىڭ ھويلىدىكى ئات سۇغىرىدىغان ئۇزۇن ئوقۇردا يۇيۇنۇشىغا يول قويۇپتۇ. بىر پولك ئادەم شۇ يەردە يۇيۇنىدىكەن. ئەمما، ئۇ، جەنۇبلۇقلارغا خاس مەينەتچىلىك ئىچىدە يۈرسەممۇ مەيلى، شىماللىقلارنىڭ پاسكىنىچىلىقلىرىنى ئۆزۈمگە يۇقتۇرمايمەن، دەپ ئۇ يەردە يۇيۇنۇشقا ئۇنىماپتۇ...

ئۇ روھلىنىپ سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، زادىلا توختاي دېمەيتتى. سكارلېت ئاڭلاپ ئولتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىر گېپىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، خىيالى باشقا ئىشلاردا ئىدى: رېت باتلېرنىڭ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپ پۇلى بار ئىكەن، ئەمما ئۆزى تۈرمىدە يېتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ تۈرمىدە يېتىپ قالغىنى ياكى كېيىن دارغا ئېسىلىپ كېتىش مۇمكىنلىكى سىكارلېتنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانمۇ بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇنىڭ دارغا ئېسىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كەتمىدى، پۇلغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىگە كاللا قاتۇرغۇدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مادې دوختۇرنىڭ، دار جازاسى ئۇنىڭغا يەڭگىل كېتىدۇ، دېگەن گېپىگىمۇ قىسمەن قوشۇلاتتى. ئىككى قوشۇن سوقۇشۇۋاتقان بىر چاغدا بىر ئايال كىشىنى يېرىم كېچىدە يالغۇز تاشلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن تۈگەشكەن ئىشى ئۈچۈن كەتكەن ئادەم بولامدۇ؟ دارغا ئېسىلسا ئېسىلمامدۇ... ناۋادا ئۇ تۈرمىدىكى چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئامال قىلىپ توي قىلىۋالسا، توي قىلىپ بولۇپلا ئۇنى شىماللىقلار ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مىليونلىغان تىللالىرى ئۇنىڭغا قالاتتى. توي قىلغىلى بولمىسىچۇ؟ ياكى ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن توي قىلىدىغانغا ماقۇل دېسىچۇ؟ يا بولمىسا... ئاھ، قانداقلا بولسا مەيلى ئىدى... ئۇنىڭدىن ئازراق پۇل ئېلىۋالسىلا بولاتتى، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا پۇلنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بەرمەيتتى.

سىكارلېت شىماللىقلارنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يەنە بىر قېتىم تۇل قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، تەسەۋۋۇرلىرى ئاجايىپ قاناتلىنىپ كەتتى. نەچچە مىليون تىللا ـ دە، ئۇ! ئۇ پۇل بىلەن ئۇ تارانى قايتىدىن رەتكە سېلىۋالىدۇ، ئىشچىلارنى ياللاپ، تېرىيدىغان كېۋەزنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتەلەيدۇ، نۇرغۇن چىرايلىق كىيىملەرنى، يېگۈسى كەلگەن ئېسىل يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالالايدۇ. ئېلىپ بىلەن كاررىنىمۇ شۇنداق قىلالايدۇ. ۋاد قۇۋۋەتلىك نەرسىلەرنى يەپ سەمرىپ كېتىدۇ، ئىسسىق، چىرايلىق

كىيىملەرنى كىيەلەيدۇ، يەنە تېخى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ياللىيالايدۇ، كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتقا چىققاندا... تاغلىق نامرات ئادەملەرنىڭ باللىرىدەك كىچىكىدىن پۇتىغا ئاياغ كىيمەيدىغان، كالللىسى ھېچنېمىگە ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالمايدۇ. دادىسىغا خۇسۇسىي دوختۇرمۇ ياللىيالايدۇ. ئاشلىپىغا كەلسەك... ئۇنىڭغا ئۇ قىلماي قالامدۇ؟

پىتتىي ھاممىنىڭ گېپى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى.

— دېگەنلىرىم راستتۇ، سىكارلېت؟ — دېدى ئۇ سىكارلېتنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈپ.

سىكارلېت بىردىنلا خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە قوللىرىنى پەرتۇقىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇرغان نېگىر ئانىسىنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى سىكارلېتتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە قاچاندىن بېرى تۇرغانلىقىنى، نېمىنى ئاڭلاپ نېمىنى سەزگەنلىكىنى بىلمەيتتى، قاراشلىرىدىن قارىغاندا ئۇ ھەممىنى بىلىۋالغاندەكمۇ قىلاتتى.

— سىكارلېت خانقىز چارچاپ قالغاندەك قىلىدۇ، ئۇخلىسۇنمىكىن، — دېدى ئۇ.

— راست چارچىدىم، — دېدى سىكارلېت نېگىر ئانىنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى چارىسىز قالغان كىچىك بالىغا ئوخشاش قاراپ قويۇپ، — ئازراق شامالداپ قالغاندەكمۇ قىلىمەن. پىتتىي ھامما، ئەتە سىز بىلەن قوشنىلارنى يوقلاپ بارماي بىر كۈن ئارام ئېلىۋالسام رەنجىمەسسىز؟ ئۇلارنىڭكىگە قاچانلا بولسا بارغىلى بولىدىغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە فەنىنىنىڭ تويىغا بارىمەن. ناۋادا زۇكىمىم ئېغىرلىشىپ كەتسە تويىغىمۇ بارالمايدىغان گەپ. شۇڭا، ئەتە بىر كۈن يېتىپ دەم ئېلىۋالسام زۇكىمىم ياخشى بولۇپ قالارمىكىن دەيمەن.

نېگىر ئانا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، چىرايىغا قاراپ سەل ئەنسىرىگەندەك بولدى. سىكارلېتنىڭ چىرايى ياخشى بولمىسا كېرەك. بايىقى شېرىن خىياللىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ

قالغاچقا، چىرايى ئاقىرىپ سەل تىترىگەندەك بولغانىدى.
— قوللىرىڭىز مۇزدەك توڭۇپتۇ، قوزام. چاپسان يېتىۋېلىڭ. سىرىق چايدىن دەملەپ كىرەي، ئىچىپ ئازراق تەرلىنىڭ.
— مەن نېمىدېگەن بىخەستە، — پىتتىنى دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىكارلىپتىنىڭ مۇرىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى، — گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز بىلەن كارىم بولماپتۇ. ئەتە بىر كۈن يېتىپ ئارام ئېلىڭ، يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىپ بېرىمەن، ھە ياق، سۆيۈملۈكۈم، سىزگە ھەمراھ بولالمىغۇدەكمەن. ئەتە بوننېل خانىمنىڭكىگە بارىدىغان بولغان. ئۇمۇ زۇكام بولۇپ قاپتۇ، ئاشپىزىمۇ ئاغرىق ئوخشايدۇ. نېگىر ئانا، سىنىڭ كەلگىنىڭمۇ ئوبدان بوپتۇ، ئەتە ئەتىگەندە مەن بىلەن بىللە بېرىپ ئازراق ياردەم قىلساڭ.
نېگىر ئانا ئۇنى پەلەمپەيدە ئالدىغا سېلىپ ماڭغاچ، قوللىرىڭىز مۇزلاپ كېتىپتۇ، ئايىغىڭىز يېلىڭ بولۇپ قالدى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ توختىماي غوتۇلدىدى. سىكارلېت ئۇچۇن، نېگىر ئانىدا ھېچقانداق گۇمان قوزغالماي، ئەتە پىتتىنى ھامما بىلەن خاتىرجەم ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان بولسا شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ شىماللىقلارنىڭ تۈرمىسىگە بېرىپ رېت باتلېر بىلەن كۆرۈشەلەيتتى. ئۇ پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ھاۋۋا گۈلدۈرلىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا شەھەر مۇھاسىرىدىكى چاغدا ئېتىلغان زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئەسلەتتى. ئاشۇ چاغدىن باشلاپ ھاۋا گۈلدۈرلىسىلا ئۇ ئۇرۇشنى ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەندە بوران ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلارنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ، قۇياشنىڭ يۈزى ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنۈپ

قالدى. سىكارلېت قىسقا بىر ئايەتنى ئوقۇۋېتىپ، ئاخشامقى يامغۇرنىڭ توختاپ قالغىنىنى ئۈچۈن خۇداغا رەھمەت ئېيتتى. ئاخشام ئۇ توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەتىمۇ توختىمىسا شىلەپەم بىلەن يېڭى كۆڭلىكىم يامغۇردا رەسۋا بولۇپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرىگەنىدى. ئەمدى هازىر قۇياشنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ پالىلىدە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئورنىدا ياتالمايتتى، ئۆزىنى داۋاملىق چارچىغاندەك قىلىپمۇ كۆرسىتەلمەيتتى. پىتتىي هامما بىلەن نېگىر ئانا، پېتتېر تاغىلار قاچانمۇ ماڭار، دەپ كۆزلىرى تۆت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر دەرۋازا گۈپ قىلىپ يېپىلىپ، ئۆيدە ئۇ ئۆزى يالغۇز قالدى. ئاشخانىدا ئاشپەز ناخشا ئېيتقاچ بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. سىكارلېت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشكاپقا ئېسىپ قويغان يېڭى كىيىملىرىنى ئالدى.

كېچىچە ئۇبدان ئۇخلىغاچقا، سىكارلېتنىڭ كالللىسى ئىنتايىن سەگەك، ئۆزى روھلۇق بولۇپ، ۋۇجۇدى كۈچكە تولغانىدى. مۇشۇ تۇرقى بىلەن هەر قانداق بىر ئەر بىلەن گەپتە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېلىشالايتتى. بۇ خىل روهىي هالەت ئۇنىڭغا خېلى ئىلهام بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاقتىن بېرى سانسىز ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كۆرەشلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۆزدىنىڭ رەقىبلىرىنى تىرىشىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمۇ بار ئىدى، شۇلارنى ئويلاپ ئۆزىچە كۆرەڭلەپمۇ قويدى.

بىرسى ياردەم بەرمىسە كىيىنمەكمۇ تەس ئىكەن، شۇنداقتىمۇ بىر ئامال قىلىپ كىيىنىپ بولدى، ئاندىن خوراز پېيى قىستۇرۇلغان نەپىس شىلەپىسىنى بېشىغا قوندۇرۇپ، پىتتىي هاممىنىڭ هۇجرىسىغا چىقىپ ئەينەككە قارىدى. ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى، يېشىل رەڭلىك شىلەپىسىنىڭ ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆپكۆك كۆزى زۇمرەتتەك يالتىراپ تۇراتتى. كىيىملىرىمۇ ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ تىكىلگەن، رەڭگىمۇ ئۆزىگە ئاچقانىدى. كۆڭۈلگە ياققۇدەك كىيىملەرنى يەنە كىيىشكە مۇيەسسەر بولۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى. ئادەم ئۆچۈن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى بىلىشتىن ئارتۇق خۇشال ئىش بولماس. سىكارلېت ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ لەۋلىرىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىگە كۈلگۈسى كەلدى. ئۇ سۆيۈملۈكىنىڭ يۇڭ شارپىسىنى مۈرىسىگە سالدى، لېكىن ئۇنىڭ رەڭگى سۇس رەڭلىك كۆڭلىكىنىڭ رەڭگى بىلەن ماس كەلمەي كۆڭلى سەل يېرىم بولۇپ قالدى. پىتتىي ھامىمىنىڭ ئىشكاپىنى ئېچىپ ئۇنىڭ يەكشەنبە كۈنلىرى كىيىدىغان كۈزلۈك پەلتوسىنى ئالدى. ئۇنى كىيىپ بولۇپ تارادىن ئېلىپ كەلگەن بىرلىيانت كۆزلۈك ھالقىسىنى تاقىدى. ئاندىن بېشىنى بوش سىلكىپ قويۇۋىدى، ھالقىلار يالت - يۇلت نۇر چاقنىتىپ بىر خىلدا چىرايلىق لىڭشىپ كەتتى. رېت باتلېر بىلەن كۆرۈشكەندە بېشىمنى پات - پات سىلكىپ قوياي، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھالقىلىرىنىڭ بوش سىلكىنىپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم ئۇ ئايال ئۇلارغا شۇ ھەرىكىتى بىلەنمۇ شوخ، تېتىك كۆرۈنىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

پىتتىي ھامىمىنىڭ سېمىز قوللىرىغا كىيىۋالىدىغان ئاشۇ بىر جۈپ پەلەيدىن باشقا پەلىيى بولمىسا كېرەك، ئايال كىشى قولىغا پەلەي كىيمىسە ئېسىلزادە خېنىملاردەك كۆرۈنمەيدىغانمۇ ئىش بار. ئەمما، سىكارلېت ئاتلانتادىن كەتكەندىن بېرى بىر قېتىممۇ قولىغا پەلەي كىيىپ باقمىغانىدى. ئاشۇ جاپالىق يىللاردا ئۇنىڭ قوللىرى ھەممە نەرسىنى تۇتۇۋېرىپ قوپاللىشىپ كەتتى. بولدىلا، بۇنى ئەمدى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. پىتتىي ھامىمىنىڭ بېلىق تېرىسىدىن قىلغان قول قاپچۇقىغا ئىككى قولىنى تىقىۋالسا ئۈستىدىكى كىيىملىرى بىلەن ھېچقانداق يېرى چانمايدۇ. ئۇنى شۇ قىياپىتى بىلەن كىملا كۆرسە ھەرگىز يالاڭتۆش كەمبەغەل دەپمۇ ئويلىمايدۇ.

ئەڭ مۇھىمى، رېت باتلېردا شۇنداق خىيال پەيدا بولۇپ قالمىسۇن، ئۇنى سىكارلېت مېنى سېغىنىپ ئەمەس، باشقا مەقسەتتە ئىزدەپ كەپتۇ، دەيدىغان گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

ئۇ پەلەمپەيدىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چۈشۈپ سىرتقا چىقىۋالدى. ئاشپەز ئايال تېخىچىلا ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. سىكارلېت باكېر كوچىسى بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى. قوشنىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، بىر يەرگە كەلگەندە ئىۋى كوچىسىغا بۇرۇلۇپ، شۇ يەردىكى كۆيۈپ كەتكەن بىر ئۆينىڭ ئالدىدا ھارۋا ياكى پەيتون كېلىپ قالسا ئولتۇرۇۋالارمەن دەپ ساقلاپ تۇردى. قۇياش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلار ئىچىدىن ئارىلاپ چىقىپ قالاتتى، ھاۋا يەنىلا سوغۇق، ئاچچىق شامال ئۇنىڭ يالاڭ پاچاقلىرىنى ئاچچىق چېقىپ تۇراتتى. ئۇ ھاۋانى بۇنچىلىك سوغۇق دەپ ئويلىمىغانىدى. پىتتىپى ھاممىنىڭ نېپىز پەلتوسىغا مەھكەم ئورىنىۋالغان بولسىمۇ ئىسسىماي تىترەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاخىر بولماي، شىماللىقلارنىڭ گازارمىسىغا پىيادىلا بارايچۇ دەپ تۇرغاندا بىر ھارۋا كېلىپ قالدى. ھارۋا كونا ئىدى، بىر موماي ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. مومايىنىڭ كالپۇكلىرىدا تاماكىنىڭ ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ تۇراتتى، سىكارلېت يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋالدى. ئۇنىڭ يېڭى كىيىملىرى، شىلەپىسى، قولىدىكى پەلىيى مومايدا ھېچقانداق قىزىقىش قوزغىمىدى.

«ئۇ مېنى ئادەتتىكى بىر خوتۇن دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك، — ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە، — بەلكىم ئۇ توغرا ئويلىغاندۇ.»

ئۇلار ئاخىر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىلىك بىناسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. سىكارلېت مومايغا رەھمەت ئېيتىپ ھارۋىدىن چۈشۈۋالدى. ئەتراپتا ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى مەڭزىنى ئۇۋۇلاپ قىزارتىۋالدى، لەۋلىرىنىمۇ چىشلەپ قويۇۋەتكەنىدى، خۇددى لەۋ سۇرۇخ سۈركىگەندەك قىزىرىپ كەتتى. ئاندىن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ شىلەپىسىنى بېشىغا چىرايلىق كىيدى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ ئەتراپىغا

سەپسالدى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى قەۋەتلىك بۇ بىناسى ئۇرۇشتا كۆيمەي ساق قالغانىدى، بىنانىڭ ئالدىدىكى مەيدان شۇنچىلىك قالايمىقان ئىدى، شىماللىقلار مەيداننىڭ ئەتراپىغا ئۆيلەرنى سېلىپ ئەسكەرلىرىنى تۇرغۇزۇۋاتاتتى. ئەسكەرلەر ئۇ ئۆيلەرگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇشۇۋاتاتتى. سكارلېت ئۇلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى، ئابايىقى باتۇرلۇقى سەل تەۋرىنىپ قالدى. ئۇ نېمىشقىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ گازارمىسىغا رېت باتلېرنى ئىزدەپ كەلگەندۇ؟

سكارلېت چوڭ يولنىڭ ئالدىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىغا قارىدى، تۆمۈر دەرۋازىدا يوغان بىر قارا قۇلۇپ تۇراتتى. ئىككى ئەسكەر دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مېڭىپ يۈرەتتى. رېت باتلېر چوقۇم شۇ يەردە. سكارلېت ئۇ شىماللىقلارغا نېمە دېسە بولار؟ ئۇلار ئۇنىڭغا نېمە دېيىشى مۇمكىن؟ ئۇ بىردىنلا قەددىنى رۇسلىدى. شىماللىق بىر قاراقچىنى ئۆلتۈرەلىگەن ئادەم، باشقا بىر شىماللىققا گەپ قىلىشتىن نېمىشقا قورقىدۇ!

ئۇ پاتقاق يولنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئالدىغا ماڭدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، سوغۇقتىن قورقۇپ چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر قاراۋۇل ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— نېمە ئىش، خانىم؟ — سورىدى ئۇ ئوتتۇرا غەرب تەلەپپۇزى بىلەن، ئەمما گېپى سىلىق، مۇئامىلىسى ئىللىق ئىدى.

— ئىچكىرىگە كىرىپ بىرسى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم... ئۇ ئادەم جىنايەتچى.

— بۇ ئىشنى مەن ئۇقمايمەن، — دېدى قاراۋۇل بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، — بۇ يەرنىڭ تۈزۈمى بەك چىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە... — ئۇ بىردىنلا گەپتىن توختاپ سكارلېتقا قاراپ قالدى، — نېمە بولدى، خانىم، يىغلىماڭ! ئاۋۇ يەردىكى باش ئىشتابتا بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز بار، شۇلار بىلەن سۆزلىشىپ

بېقىڭ، ئۇلار ئۇ ئادىمىڭىزنى يوقلاپ چىقىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

سىكارلېتنىڭ ئەسلىدە يىغلىغۇسى يوق ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۇ ئەسكەرگە قاراپ كۈلدى، قاراۋۇل كەينىگە قايرىلىپ، ئۇ تەرەپتە مېڭىپ يۈرگەن قاراۋۇلغا توۋلىدى:

— ھەي، ۋىل، بۇياققا كەل!

ئۇ قاراۋۇل يوغان باش ئادەم ئىدى، ئۈستىدە كۆك ھەربىي چاپان، يۈز - كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇ پاتقاق كېچىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۇ خانىمنى باش ئىشتابقا باشلاپ بارغىن.

سىكارلېت ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، يەنە بىر قاراۋۇلنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

— دىققەت قىلىپ مېڭىڭ، بولمىسا بۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا پۇتىڭىزنى قايرىۋالىسىز، — ئۇ سىكارلېتنى قولتۇقىدىن تۇتۇۋالدى، — پەلتويىڭىزنى ئۈستىگە ئازراق كۆتۈرۈۋېلىڭ، لاي بولۇپ كەتمىسۇن.

بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى سەل يېقىمسىز بولسىمۇ، ھەر ھالدا سىلىق ھەم ئادەمگە كۆڭۈللۈك ئاڭلىناتتى، سىكارلېتنىڭ بىلىكىنىمۇ ئەدەپ بىلەن تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. شىماللىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئەسكى ئادەملەر ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟

— ئايال كىشىنىڭ بۇنداق سوغۇقتا سىرتقا چىقمىقى ئاسان ئەمەس، — دېدى ئۇ ئادەم مۇلايىم ئاۋازدا، — يىراقتىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

— ھەم، شۇنداق، شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلدىم، — ئۇ ئەسكەرنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن سىكارلېت ئۆزىنى ئازراق ئىسسىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

— بۇ ھاۋا ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىغا لايىق ھاۋا ئەمەس، — دېدى ئۇ ئەسكەر سىكارلېتنىڭ بۇ ئىشىنى لايىق كۆرمىگەندەك تەلەپپۇزدا، — بۇنداق ھاۋادا ئادەم ئاسانلا زۇكام بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باش ئىشتاب مانا مۇشۇ يەر، خانىم، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟
— مۇشۇ ئۆي... مۇشۇ ئۆي سىلەرنىڭ باش ئىشتابىڭلارمۇ؟ — سىكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا قاراپ تۇرغان بۇ چىرايلىق ئىمارەتكە قارىدى. ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغلاردا ئۇ بۇ يەرگە نۇرغۇن قېتىم تانسىغا كەلگەنىدى. هازىر ئۇنىڭ ئۈستىدە قوشما ئىشتاتلار دۆلىتىنىڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ سىكارلېتنىڭ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى.
— نېمە بولدىڭىز؟
— هېچنېمە... مەن، مەن بۇ يەردە بۇرۇن ئولتۇرغان ئادەملەرنى تونۇيتتۇم.
— هە، مۇنداق دەڭ. بۇ ئۆيلەرنى هازىر ئەسلىدىكى ئىگىلىرى كۆرسىمۇ تونۇماسلىقى مۇمكىن، ئىچى بەكمۇ ۋەيران بولۇپ كەتكەن. بولىدۇ، ئىچكىرىگە كىرىپ باشلىقىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ.
سىكارلېت پەلەمپەيگە چىقىپ، پەلەمپەينىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن ئاق سالاسۇنىنى تۇتۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ سوغۇق هەم قاراڭغۇ زالنى كۆردى. ئۇ يەردە مۇزلاپ تىترەپ كېتىۋاتقان بىر ئەسكەر قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى.
— باشلىقىڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، — دېدى ئۇ.
ئەسكەر ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. سىكارلېت بىردىنلا جىددىيلىشىپ، ئۆزىنى بىرخىل قورۇنۇش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك هېس قىلىپ قالدى، هاياجاندىن مەڭزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى تاماكىنىڭ، ئوتۇننىڭ، تېرە هەم نەم تارتىپ قالغان يۇڭ رەختلەرنىڭ پۇراقلىرىدەك بىر خىل پۇراقلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، بەدىنىدىن چىقىدىغان ئاچچىق تەر پۇرىقىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆينىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى قەغەزلىرى سويۇلۇپ كەتكەن تام، تاملارغا قېقىلىپ كەتكەن قاتار مىخلارغا ئېسىلىپ كەتكەن كۆك رەڭ هەربىي چاپانلار، پۇرلىشىپ كەتكەن شىلەپىلەر، ئوچاقتا چاراسلاپ

كۆيۈۋاتقان ئوتۇن ۋە ئۈستى ھۆججەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئۇزۇن ئۈستەل، مىس تۈگمىلىك ھەربىي فورمىلاردىكى بىر توپ ئوفىتسېرلار بولدى.

سكارلېت تۈكۈرۈكىنى يۇتۇۋېتىپ، ئۆزىنى ئۇلارغا قورقماي گەپ قىلالايدىغاندەك تۇتتى، بۇ شىمالىلىقلارنىڭ ئالدىدا قورقۇمسىراپ تۇرسا بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ يېقىملىق تەرەپلىرىنى تولۇق نامايان قىلىشى كېرەك.

— قايسىڭىزلەر بۇ يەرنىڭ مەسئۇلى؟

— مەن ! — دېدى چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن سېمىز بىرسى.

— مەن كاپىتان رېت باتلېر ئىسىملىك بىر جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم.

— باتلېر بىلەن كۆرۈشىدىغان يەنە بىرسى كەلدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى نېمىدېگەن كەڭرى، — ئۇ ئادەم كۈلۈپ قويۇپ ئاغزىدىكى سىگارىتىنى قولىغا ئالدى، — سىز ئۇنىڭ تۇغقىنىمۇ، خانىم؟

— شۇنداق... ئۇنىڭ سىڭلىسى بولىمەن.

ئۇ ئادەم يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنىڭ سىڭىللىرى نېمىدېگەن كۆپ، تېخى تۈنۈگۈنلا بىر سىڭلىسى كېلىپ كەتكەن.

سكارلېت قىزىرىپ كەتتى. ئۇ رېت باتلېر بىلەن ئوينايدىغان بىرەر بۇزۇق خوتۇن بولسا كېرەك، بەلكىم ۋاتىلىن دېگەن خوتۇندۇ. بۇ شىمالىلىقلار ئۇنى ئاشۇ خوتۇنغا ئوخشاتقان ئوخشايدۇ. بۇ ھاقارەتكە قانداق چىدىغىلى بولسۇن؟ ئۇ بۇ يەرگە تارانىڭ تەقدىرىنى دەپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە بۇ ھاقارەتكە چىداپ بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇسى كەلمەي، كەينىگە بۇرۇلۇپلا غەزەپ بىلەن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىلدى. شۇ ئارىلىقتا بىر ئوفىتسېر ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ساقىلىنى پاكىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىرغان، كۆزلىرى كۆلۈپ تۇرىدىغان مۇلايىم يىگىت ئىدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، خانىم. ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئىسسىنىۋالغۇڭىز يوقمۇ؟ مەن سىزنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقاي. سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟ تونۇگۈن بىر خانىم كېلىۋىدى، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى.

سىكارلېت ئۇ قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئوۋايسىزلىنىپ قېلىۋاتقان ئۇ سېمىز ئادەمگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردى. ئۇ چەبدەس ياش ئوفىتسېر شۇئان چاپىنىنى كىيىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. قالغان ئوفىتسېرلار ئۇستەلگە ئېگىشىپ، ھۆججەتلەر توغرۇلۇق بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىشقا باشلىدى. سىكارلېت خۇشال ھالدا پۇتلىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنىڭ قاتتىق مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، ئۆيدىن چىققۇچە ئايىغىنىڭ چەمىنىڭ تېشىلىپ كەتكەن يېرىگە قەغەز تىقىۋالغان بولسىمۇ بۇنچىلىك مۇزلاپ كەتمەس ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن سىرتتىن بوش گەپ قىلىشقان ئاۋاز كەلدى. سىكارلېت رېت باتلېرنىڭ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئىشىك ئېچىلىپ، گۈر قىلىپ كىرگەن سوغۇق ھاۋا بىلەن تەڭ باتلېرمۇ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى. بېشىدا شىلەپىسى يوق، ئۇستىگە ئادەتتىكىدەك بىر چاپاننى كىيىۋالغان، ئۇستىبېشى مەينەت، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، بوينىدا گالىستۇكمۇ يوق، ئەمما ناھايىتى روھلۇق ئىدى، سىكارلېتنى كۆرۈپ بىردىنلا كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— سىكارلېت!

ئۇ سىكارلېتنىڭ ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش شۇنچىلىك قىزغىن، شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولغۇچە ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ ساقاللىرى سانجىلىپ، سىكارلېتنىڭ مەڭزىلىرى غىدىقلىنىپ

كەتتى. ئۇ سىكارلېتنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئىككى مۇرىسىدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ: «ۋاي ئوماق سىڭلىم !» دەپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ بۇنداق قىزغىن مۇئامىلىدىن خىجىل بولۇپ كېتىۋاتقان چىرايىغا ھەۋىسى كېلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىدى. سىكارلېتمۇ ئامالسىز ئۇنىڭ بۇ ئورۇنسىز ھەرىكەتلىرىگە جىمجىت كۈلۈپلا تۇردى. سېپى ئۆزىدىن لوكچەك ـ دە بۇ ! تۇرمىمۇ ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ.

ھېلىقى سېمىز ئادەم ئاغزىدا سىگارىت، ئۇ ئوفىتسېرغا پىچىرلىدى:

— بۇ بەلگىلىمىگە مۇخالىپ ئىش بولدى. ئۇلار ئەشەدىلا كۆرۈشسە بولاتتى. بەلگىلىمىدە نېمە دېيىلگەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز.

— بوپتۇلا، ھېنرى، ئۇ يەردە بۇ خېنىم مۇزلاپ قېتىپ قالىدۇ.

— ھىم، مەيلىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز.

— مەن سىلەرگە كاپالەت بېرەلەيمەن، ئەپەندىلەر، — دېدى رېت باتلېر ئۇلارغا يۈزلىنىپ، ئىككى قولى يەنىلا سىكارلېتنىڭ مۈرىسىدە ئىدى، — مېنىڭ سىڭلىم مېنى قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ھەرە ياكى ئېكەك ئەكەلمەپتۇ.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا سىكارلېت تېزلا ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ مۇشۇ ئالتە شىماللىقنىڭ ئالدىدا باتلېر بىلەن سۆزلىشەمدۇ؟ باتلېر ئۇلار بىر دەممۇ كۆزىدىن نېرى قىلمىغۇدەك شۇنچىلىك خەتەرلىك جىنايەتچىمىدۇ؟ ھېلىقى ياش ئوفىتسېر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەنسىزلىكنىڭ تېگىگە يەتكەندەك، ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئۆزىنى كۆرۈپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتكەن ئىككى قاراۋۇل ئەسكەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، ئۇ ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دەرھال ئۆيدىن چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى.

— ئەگەر خالىساڭلار، ماۋۇ پاكىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىڭلار، — دېدى ياش ئوفىتسېر، — ئەمما سىز قېچىپ كېتىمەن دەپ ئويلىماڭ، سىرتتا قاراۋۇل بار.

— سكارلېت، كۆردىڭىزمۇ، مەن مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك جىنايەتچى بولۇپ قالدىم، — دېدى باتلېر، — سىزگە رەھمەت، باشلىق، ماڭا بەكمۇ كەڭچىلىك قىلدىڭىز.

باتلېر ئۇنىڭغا قاراپ ئادەتتىكىدەكلا ئېگىلىپ قويدى. ئاندىن سكارلېتنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ گۇگۇگا تۇرغان ئۆيگە باشلاپ كىردى. كېيىن سكارلېت بۇ ئۆينىڭ قانداق ئۆي ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. ئېسىدە پەقەت ئۆينىڭ كىچىك ھەم قاراڭغۇلۇقى، سوغۇقلۇقى، سوۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن، تامغا مىخ بىلەن قولدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ئېسىپ قويۇلغان، بىر ئورۇندۇق، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە تېرە تاشلاپ قويۇلغان كۆرۈنۈشلا قالغانىدى.

باتلېر ئىشىكنى يېپىپ ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. سكارلېت ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدى. ئەمما، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى.

— سىزنى ھازىرمۇ چىن كۆڭلۈمدىن سۆيسەم بولامدۇ؟

— ئاكىلىق سۆيۈپتىڭىز بىلەن پېشانەمگە سۆيسىڭىز بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سكارلېت قەستەن جىددىي قىياپەتتە.

— بۇ دېگىنىڭىزگە رەھمەت، ئەمما ئۇنىڭغا بولمايدۇ. ئۆزۈم كۆتكەن نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانچىلىك ساقلىسام مەيلى، — ئۇنىڭ كۆزلىرى سكارلېتنىڭ لەۋلىرى ئۈستىدە يوگۇرۇشكە باشلىدى، — ئەمما سىزنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىز بەكمۇ ئوبدان بولدى، سكارلېت ! مەن تۈرمىگە كىرىپ قالغاندىن بېرى مېنى يوقلاپ كەلگەن دۇرۇس ئادەملەرنىڭ تۇنجىسى سىز بولدىڭىز. تۈرمە ھاياتى ئادەمنى دوستلارغا بەكمۇ ئىنتىزار

قىلىۋېتىدىكەن. شەھەرگە قاچان كەلدىڭىز؟

— تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن.

— تۈنۈگۈن كېلىپلا بۈگۈن بۇ يەرگە يۈگۈرۈپسىز - دە؟ ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، سىز نېمىدېگەن ياخشى، — ئۇ كۈلۈپ سىكارلېتقا ئېڭىشتى. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ خىل ھەقىقىي خۇشال بولغان ھالىتىنى ئىلگىرى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغاچقا، خۇددى خىجىل بولۇۋاتقاندەك پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— شۇنداق، تۈنۈگۈن پىتتىي ھامامدىن ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلاپ كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. رېت، سىز ئۈچۈن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم.

— شۇنداقمۇ، سىكارلېت؟

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك مۇلايىم ھەم ئازراق تىترەپ چىقىۋاتاتتى. سىكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا قارىدى. بۇ چىرايدا ھەيران قېلىۋاتقانلىق ياكى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بولغان مەسخىرە ئالامەتلىرى قىلچە كۆرۈنمەيتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرىۋېرىشكە چىدىماي، سەل تېڭىرقىغاندەك بولۇپ ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئەھۋال ئۇ ئۆيلىغاندىنمۇ ياخشى بولۇۋاتاتتى.

— سىزنى كۆرۈپ، بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، تۈرمىدە ياتقىنىمغا بەكمۇ ئېچىنىپ كەتمەيۋاتىمەن، ئۇلار سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئېيتقاندا قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. ھېلىقى كۈنى كېچىدە ئاچچىقىمدا سىزنى رەنجىتىپ قويغاندىن كېيىن، سىزنى ئەمدى مېنى كەچۈرمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ قېتىم سىزنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزنى، مېنى كەچۈرگەنلىكى دەپ چۈشەنسەم بولارمۇ؟

شۇ كۈنكى ئىش ئېسىگە يېتىپ سىكارلېتنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى. لېكىن، يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئىتتىك بېشىنى باشقا ياققا بۇرىدى. بېشىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىقىدىكى ھالقىسى تەۋرىنىپ كەتتى.

— ياق، مەن سىزنى كەچۈرمىدىم، — دېدى ئۇ سەل دومسايغاندەك قىلىپ.

— يەنە بىر ئارزۇيۇم يوقۇقا چىقتى. ئۆزۈمنى دۆلەتكە بېغىشلاپ، فىرانكلىنىنىڭ قارلىق دالالىرىدا يالاڭ ئاياغ جەڭ قىلىپ، شۇ تارتقان جاپالىرىمنىڭ بەدىلىگە سىزمۇ ئۆمرىڭىزدە ئاڭلاپ باقمىغان ئېغىر تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىنكى يەنە بىر ئارزۇيۇم يوققا چىقتى.

— مېنىڭ ئۇ جاپالىرىڭىزنى پەقەتلا ئاڭلىغۇم يوق، — سكارلېت تېخىچە دومسىيىپ تۇراتتى، ئەمما يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدە كۈلكە ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى، — ھازىرغىچە مەن سىزنى ئاشۇ ئاخشىمى بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلدى دەپ بىلىمەن، شۇڭا سىزنى ئەپۇ قىلىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىدىم. ھەرقانداق بىر تاسادىپىي ھادىسە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئاشۇنداق بىر چاغدا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتتىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ئەمما، سىز ھېچقانداق ھادىسىگە ئۇچرىماپسىز. شۇنىڭدىن سىزگە بولغان ئىشەنچىمنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. شۇ چاغدا مەن سىلەرنى يولدا شىماللىق ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قالماي ساق - سالامەت تاراغا يېتىۋالدى دەپ ئويلىغانىدىم.

— رېت، نېمىشقا سىز ئاشۇ چاغدا ئەخمەقلىق قىلىپ ئارمىيەگە قاتناشتىڭىز؟ بىزنىڭ تۈگەشكەنلىكىمىز سىزگە ئېنىق ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز شۇ چاغلاردا، ساراڭ ئادەم ئەسكەر بولمىسا، ساق ئادەم ھەرگىز ئەسكەر بولمايدۇ، دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلغانىدىڭىز.

— سكارلېت، مېنى كەچۈرۈڭ! ھەرقېتىم شۇ ئىشىمنى ئويلىسام نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىمەن.

— ياخشى. شۇ چاغدا ماڭا قىلغان شۇ قىلىقىڭىز ئۈچۈن نومۇس قىلغانلا بولسىڭىز، مەن خۇشال بولىمەن.

— خاتالاشتىڭىز. مەن ئەپسۇس ئىچىدە سىزگە شۇنى دەپ قوياي، شۇ چاغدا سىزنى يېرىم يولدا تاشلاپ كەتكىنىم ئۈچۈن ۋىجدان ئازابى تارتقىنىم يوق. ئارمىيەگە قاتناشقان ئىشىمغا كەلسەك، ئۇ چاغدا مەن ھەربىيچە ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، فورما كىيسەم ۋە دۇئېلدا ئىشلىتىدىغان تاپانچىلارغا ئوخشايدىغان تاپانچىلارنى ئېسىپ يۈرسەم دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كېيىن ئۆتۈكۈم يىرتىلىپ، قورساققا يەيدىغان نەرسىمۇ يوق، قارلىق دالادا توڭلاپ يۈرگەن چاغلىرىمدا... نېمىشقا قېچىپ كەتمىگەنلىكىمگە ھەيرانمەن، بۇ بىر تەلۋە ھەرىكەت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا جۈرئەت كېرەك ئىدى. جەنۇبلۇقلار ئۆز ئىشلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى مەندىن سوراۋەرمەڭ، ئەپۇ قىلسىڭىزلا، ماڭا شۇ كۇپايە.

— سىز ئەپۇ قىلىنمىدىڭىز. مېنىڭچە، سىز بىر ئاپشاركا! — ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئادەم، ئۇ مېنى «قوزام» دەپ ئەركىلىتىۋاتىدۇ، دەپ قالغۇدەك تەلەپپۇزدا دېدى.

— يالغان گەپ قىلماڭ، سىز مېنى كەچۈردىڭىز. ئادەتتە ياش خانىملار باغرى يۇمشاق بولمىسا، ھەرگىزمۇ شىماللىقلارنىڭ قاراۋۇللىرىدىن ئۆتۈپ بىر جىنايەتچىنى يوقلاپ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلىك چىرايلىق كىيىنىپ، ياسىنىپ كەپسىز. سكارلېت، سىز نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ بۇ يەرگە كونا كىيىملىرىڭىز ياكى قارىلىق كىيىملەر بىلەن كەلمەپسىز. مېنىڭ ئۇنداق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان خانىملار بىلەن پەقەتلا ئېقىم كېلىشمەيدۇ. قارىغاندا، كۆڭلىڭىز يامان ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۆرۈلۈك، سۆيۈملۈكۈم سىزنى ئوبدانراق كۆرۈۋالاي.

دېگەندەك، ئۇ ئۇنىڭ كىيىملىرىگە دىققەت قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق كىيىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بولمىسا رېت باتلېر بولامدۇ؟ سكارلېت خۇشال كۈلۈپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن

پېتى باتلېرنىڭ ئالدىدا پىرقىراشقا باشلىدى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىچىدىكى ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. باتلېرنىڭ ئاچ كۆز كۆزلىرى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ سەپسېلىپ تۇراتتى. نومۇسلىنىشنى بىلمەيدىغان ئۇ كۆزلەر بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ سىكارلېتنىڭ ۋۇجۇدىنى شۈركۈندۈرگەنىدى.

— سىز شۇنچىلىك روھلۇق، شۇنچىلىك پاكىز ھەم رەتلىك، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىسىز. ئەگەر سىرتتا شىماللىقلار بولمايدىغان بولسا... ئەمما، سۆيۈملۈكۈم، سىز ھازىر ئىنتايىن بىخەتەر. ئولتۇرۇڭ، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆتكەنكىگە ئوخشاش سىزگە يەڭگىللىك قىلماقچى ئەمەس، — ئۇ شۇ چاغدىكى ئىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا يۈزىنى سىلاپ قويدى، — راستىنى ئېيتسام، سىكارلېت، ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى سىز ئۆزىڭىزنىلا ئويلاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ مەن شۇ چاغدا سىز ئۈچۈن ھاياتىمنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي بىر ئات ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بەردىم، ئاتمۇ شۇنداق ياخشى ئات ئەڭا. ئاندىن مەن بىزنىڭ شەرەپلىك ئىشلىرىمىزنى قوغداشقا ئاتلاندىم. بۇنىڭ بەدىلىگە مەن نېمىگە ئېرىشتىم؟ سىزنىڭ زەھەردەك گەپلىرىڭىز بىلەن غەزەپ بىلەن ئۇرۇلغان كاچىتىڭىزغا ئېرىشتىم.

سىكارلېت ئولتۇردى، سۆھبەت ئۇ ئارزۇ قىلغان تەرەپكە قاراپ ماڭمايۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگىنىگە شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن قارشى ئېلىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ سىكارلېتقا تونۇشلۇق نەپرەتلىك يامان ئادەم ئەمەس، ئەكسىچە ۋىجدانلىق ئادەم سىياقىدا كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— سىزنىڭ تارتقان جاپالىرىڭىزغا جەزمەن ھەق تۆلەش كېرەكمۇ؟

— ئەلۋەتتە. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئۇچىغا چىققان

شەخسىيەتچى، غەلىتە مەخلۇق. ھەر بىر قىلغان ئىشىم ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىكارلېت بىردىنلا شۈركۈنۈپ كەتتى. لېكىن يەنە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، قۇلاقلىرىدىكى ھالقىلىرىنى يەنە بىر قېتىم مىدىرلىتىپ قويدى.

— سىز ئانچە يامان ئادەممۇ ئەمەس، رېت، ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىشكە ئامراق تەرىپىڭىزلا بار.

— سىزدە راستىلا ئۆزگىرىش بار جۇمۇ، — دېدى رېت كۈلۈپ كېتىپ، — قاچانلاردا خىرىستوسنىڭ مۆمىن بەندىسىگە ئايلىنىپ قالدىڭىز؟ مەن پىتتىپيات خانقىزدىن سىزنى كۆپ سۈرۈشتۈردۇم. ئەمما، ئۇياق ماڭا سىزنىڭ ھازىر ئۇنداق نازاكەتلىك خانىملاردەك بولۇپ قالغىنىڭىزنى ئېيتمىغان. ئۆزىڭىز توغرۇلۇق كۆپرەك سۆزلەپ بېرىڭ، سىكارلېت. بىز ئايرىلغاندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

رېت باتلېرغا بولغان كونا ئاداۋەت تېخىچە سىكارلېتنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئاچچىق گەپلەرنى قىلغۇسى كېلەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى، چىرايىغا كۈلكە ھەم ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك تۈس بېرىپ ئولتۇرىۋەردى. بىر چاغدا رېت ئورۇندۇقنى ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈپ ئولتۇردى، ئۇمۇ يېقىن ئولتۇرۇپ پەرۋاسىز ھالدا بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— رەھمەت سىزگە، كۆڭلىرىم يامان ئەمەس. ھازىر تارا ياخشى بولۇپ كەتتى. شېرمان كەلگەن چاغلاردا ئەھۋالىمىز ناچار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆيلەر ئامان قالغان. ئۇلاغلارنىمۇ نېگىرلار سازلىققا ھەيدەپ كېتىپ ساقلاپ قالدى. بۇ يىل كۈز يەردىن يىگىرمە تاي پاختا ئالدۇق. تارانىڭ ئىلگىرىكى مەھسۇلاتىغا قارىغاندا بۇنچىلىك ھوسۇل ھېچگەپ ئەمەس، بۇمۇ ئېتىزدا ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن شۇنداق بولدى. دادام، بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىرىمىز تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ دەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، رېت، ھازىر يېزىلارنىڭ پەقەتلا مەسىلىھەتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالمىدى. ئويلاپ باقمامسىز، يا تانسا، يا باراۋەت بولمىسا، ھەممىلا ئادەم قىيىن كۆنلەر توغرۇلۇقلا پاراڭلىشىدۇ. مەن ئۇنداق گەپلەردىن جاق تويدۇم. ئاخىر بولماي ئۆتكەن ھەپتە دادام ماڭا، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە بېرىپ ئايلىنىپ ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقىرىپ كەلگىن، دەپ رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم. بىر ـ ئىككى قۇر كىيىم تىكتۈرۈۋېلىپ، چارلېستونغا ھاممىلىرىمنى كۆرۈپ كەلگىلىمۇ بارىمەن. ئۇ يەرلەردە تانسا ئويۇنغۇدەك پۇرسەت چىققان بولسا بەكمۇ ئوبدان بولاتتى ـ دە.

گەپنى ئەپچىللىك بىلەن توغرىلىدىم، دەپ ئويلىدى سكارلېت، ئەمدى بىز ئۇنىڭ نەزىرىدە بايمۇ ئەمەس، كەمبەغەلمۇ ئەمەس.

— تانسا كىيىملىرىنى كىيسىڭىز شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كېتىسىز، سۆيۈملۈكۈم. تانسا سېغىنىپ قېلىۋاتقىنىڭىز يېزىدىكى يىگىتلىرىڭىز بىلەن ئويناپ زېرىكىپ، يىراقتىن يېڭىلىرىنى تېپىش ئۈچۈنغۇ دەيمەن؟

سكارلېتنىڭ خۇش بولغىنى، رېت چەت ئەلدە بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ ئاتلانتاغا تېخى يېقىندا كەلگەندى، بولمىسا ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق كۆلكىلىك گەپنى قىلمايتتى. شۇ گەپ بىلەن ئۇ يېزىدىكى ئۇ يىگىتلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ئاكا ـ ئۇكا فونتائىنلار، مۇنرو ئائىلىسىدىكى ئىگىلىكى ۋەيران بولغان يىگىتلەر، جونېسبورو بىلەن فايېتېۋىلدىكى بايۋەچچىلەرنىڭ ھەممىسىلا تېرىلغۇسى، ئۇلاغلىرى بىلەن ئالدىراش، تانسا، قىزلارغا چاقچاق قىلىش دېگەنلەرنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن. سكارلېت ئۇلارنى كۆپ ئويلىماي، ئۇنى توغرا تاپتىڭىز دېگەندەك، ئەتەي پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھىم. قاراڭ سىزنى! — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاقلىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىزدە ۋىجدان دېگەن نەرسە يوق، سكارلېت، ئادەمنى

مەپتۇن قىلىدىغان يېرىڭىزمۇ شۇنىڭدىمىكىن دەيمەن، — باتلېر يەنە شۇ كۈلكىسى بىلەن ئىمدى. ئەمما، سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىگە خۇشامەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، — سىز ئۆزىڭىزدە ھۆر - پەرىلەردىمۇ يوق جەلپكارلىقىنىڭ بارلىقىنى بىلىسىز، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. بەزىدە مەن زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىگۇدەك بۇ قىزنىڭ زادى نېمە ئارتۇقچىلىقى باردۇ دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. مەن نۇرغۇن ئاياللارنى تونۇيمەن، ئۇلار سىزدىنمۇ چىرايلىق، سىزدىنمۇ چېۋەر، مىجەزلىرىمۇ شۇنداق ياخشى، ئاق كۆڭۈل، لېكىن يەنە نېمىشقىكىن، سىزنى زادىلا خىيالىمدىن چىقىرالمايمەن. تەسلىم بولغىنىمىزغىمۇ شۇنچە ئۇزاق بولدى، فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيەدە يۈرۈپ سىزنى كۆرمىدىم ھەم سىز توغرۇلۇق ئاڭلىمىدىم، ئەتراپىمدا چىرايلىق ئاياللار پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ، لېكىن يەنىلا سىز خىيالىمدىن چىقمىدىڭىز، ھازىر قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ، دەپ ئوي - خىيالىم سىزدىلا بولدى.

سىكارلېت ئۇنىڭ باشقا ئاياللارنى ئۆزىدىن چىرايلىق، ئەقىللىك دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، لېكىن يەنە ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماي دائىم ئەسلەپ تۇرغانلىقىدىن خۇشال بولدى. ئاخىرىدا خۇشاللىق خاپىلىقنى ئۇنتۇلدۇرغانمۇ بولدى. ئۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ ئەمەسمۇ! ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىرى ئەپلىشىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ شۇ تۇرقىدا شۇنچىلىك سىلىق - سىپايە، ھېچقانداق مۆتىۋەردىن قېلىشقۇچىلىكى يوق، سىكارلېت ئەمدى گەپنى ئۇنىڭ ئۇستىگە يۆتكەپ ئۆزىنىڭمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن...

سىكارلېت ئۇنىڭ بىلىكىنى بوش چىمدىپ قويۇپ كۈلكە چىرايىنى يەنە كۆرسەتتى.

— رېت، قاراڭ سىزنى، مەن سەھرالىقنى كولدۇرلىتىۋاتىمە-سىزھە! ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى مېنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سىز مېنى ئۆنتۈپلا كەتتىڭىز، بۇنى بىلىمەن. ئەتراپىڭىزدا شۇنچە چىرايلىق فىرانسۇز، ئىنگلىز قىزلىرى پەرۋانە بولۇپ يۈرسە مېنى ئويلاپ قويامسىز؟ مەن سىزنىڭ بۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغىلى كەلمىگەن، مېنىڭ... كېلىشىم... مۇنداق بىر...

— نېمە ئىش؟

— ئاھ، رېت، مەن سىزدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. ئۇلار سىزنى بۇ ئىپلاس يەردىن قاچان قويۇپ بېرىدۇ؟

باتلېر ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ بىلىكىنى ئاستىغا باستۇرۇۋالدى.

— مېنىڭ غېمىمنى يېگىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ تەشەككۈر. قاچان قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىمغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئۇلار ئارغامچىنى تېخىمۇ ئۇزۇن قويۇۋەتسە كېرەك.

— ئارغامچىنى؟

— شۇنداق. ئۇلار ئارغامچىنى يەرگە تاشلىغاندا، ئاندىن بۇ يەردىن ئايرىلالايمەن.

— ئۇلار سىزنى دارغا ئاسمايدىغاندۇ؟

— ماڭا پايدىسىز ئازراقلا پاكىتقا ئېرىشسە ئۇنىمۇ قىلىدۇ.

— ئاھ، رېت! — سكارلېت قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇۋلاپ كەتتى.

— مەن ئۆلسەم ئازابلىنامسىز؟ قاتتىق ئازابلىنىدىغان بولسىڭىز، ۋەسىيەتنامەمگە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى كىرگۈزۈپ قويىمەن.

ئۇنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزلىرى ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن مەسخىرە قىلىپ تۇراتتى، قوللىرى بولسا قوللىرىمنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى؟ سكارلېت كۆڭلىدىكىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى، لېكىن

ئۇلگۇرەلمىدى، باتلېرنىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىز غەلىتىلا چاقناپ كەتتى.

— شىماللىقلارنىڭ گېپى بويىچە، مەن ياخشى بىر ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇشۇم كېرەك. ھازىر كىشىلەر مېنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمغا بەكمۇ قىزىقىدۇ. مەن ھەر كۈنى ئوخشاشمىغان سوراق سەھنىلىرىگە چىقىپ بەزى ئەخمىقانە سوئاللارغا جاۋاب بېرىمەن. ھازىر سىرتتا مېنى، جەنۇب ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم سىرلىق ئالتۇنلىرىنى ئەپقېچىپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ.

— راست... شۇنداق ئەھۋال بارمۇ؟

— مېنى شۇ گەپكە ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئويۇن ئۇ. سىزمۇ بىلىسىز، جەنۇب ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلا باسما ماشىنىسى بار، پۇل باسىدىغان زاۋۇتى يوق.

— سىزنىڭ پۇللىرىڭىز نەدىن كەلگەن؟ ھايانكەشلىكتىنمۇ؟ پىتتىي ھامىمىنىڭ دېيىشىچە...

— سوئال سوراشقا تازىمۇ ئۇستا ئىكەنسىز!

قۇۋلۇقىنى قارا بۇنىڭ؟ ! ئۇ پۇل چوقۇم مۇشۇنىڭدا. سكارلېت ھاياجانلىنىپ، سىلىقىراق گەپ قىلىشقا ئامالسىز قىلىۋاتاتتى.

— رېت، مەن سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن. سىزچىمۇ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىڭىزنىڭ پەقەتلا ئامالى يوقمىدۇ؟

— سىزگە ئېيتارىم «ئۈمىدسىزلىنىشمۇ كار قىلمايدۇ.»

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— نېمە دېگىنىم بولاتتى، «بار بولۇشى مۇمكىن» دېگىنىم، مېنىڭ چىرايلىق ئەخمىقىم!

سكارلېت قويۇق كىرپىكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قاراپ يەنە ئىتتىك چۈشۈرۈۋالدى.

— سىزگە ئوخشاش ئەقىللىك ئادەمنى ئۇلار ئاسالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

سىزنىڭ ئەپچىل چارە تېپىپ، ئۇلار ئۇستىدىن غالىب كېلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، شۇ چاغدا...

— شۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ — باتلېر يېقىملىق ئاھاڭدا سورىدى ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ چاپلىشىپ ئولتۇردى.

— ئەمىسە، مەن... — سىكارلېت خۇددى بىر ئىشتىن نومۇس قىلىپ كېتىۋاتقاندەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي توختاپ قالدى. يۈرىكى سېلىپ، نەپىسى قىسىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، يۈزىنىڭ قىزىرىپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى، — رېت، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە .. ئاشۇ كۈنى كېچىدە سىزگە دېگەن... سىزمۇ بىلىسىز... رېئادىدا، ئۇ چاغدا مەن... ئاھ، شۇنچىلىك قورقۇپ تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتىم، سىزمۇ شۇنچىلىك... شۇنچىلىك... — سىكارلېت يەرگە قارىۋالدى. رېت باتلېرنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ قوللىرىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى، — شۇڭلاشقا ... شۇ چاغدا مەن سىزنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن دەپ ئويلىغان، لېكىن تۈنۈگۈن پىتتىي ھاممامدىن سىزنى... سىزنى ئۇلارنىڭ دارغا ئاسماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ... بىردىنلا قورقۇپ كەتتىم، شۇڭا مەن... مەن، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇ كۆزلەردە يۈرەكنى ئېزىدىغان ئېغىر ئازابمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، — ئاھ، رېت، ئۇلار سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولسا، مەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن. مەن چىدىيالمىدىم ! قاراڭ، مەن... — سىكارلېتنىڭ كۆزلىرى رېت باتلېرنىڭ كۆزلىرىدە ئۇچقۇنلاپ تۇرغان ئوتتەك قىزغىنلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي يەنە پەسكە قارىۋالدى.

يەنە بىر ئازدىن كېيىن يىغلىۋېتىدىغاندەك تۇرىمەن، دەپ ئويلىدى سىكارلېت قاتتىق ئەندىكىش ۋە ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي. يىغلىشىم كېرەكمۇ؟ شۇ چاغدا گەپ ـ سۆز ھەرىكەتلىرىم تېخىمۇ تەبىئىي بولارمۇ؟

— سىكارلېت، — دېدى باتلېر دەررۇلا، — ئۇنداق

خىياللاردا بولماڭ، — باتلىر شۇ گەپنى قىلىپلا سىكارلىپتىنىڭ قولىنى قاتتىق بىر چىمدىۋالدى، خۇددى ئۇستىخىنى سۇنۇپ كەتكەندەك، سىكارلىپتىنىڭ ئاغرىققا چىدىماي چىرايى تۈرۈلۈپ كەتتى.

سىكارلىپت ئازراق ياش چىقارماقچى بولۇپ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمدى ۋە ئۇنىڭ سۆيۈشكە ئاسان بولسۇن دەپ ئويلىغاندەك، بېشىنى ئازراق كۆتۈردى. رىت باتلىرنىڭ لەۋلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۈستىگە بېسىلاي دەپ تۇراتتى. ئاھ، چىڭ ھەم جاھىل، سۆيۈپ بولغاندا سىكارلىپتنى ھارغىنلىق ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىدىغان ئاشۇ لەۋلەر! ئۇ لەۋلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ھېلىمۇ سىكارلىپتىنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. لېكىن، باتلىر ئۇنى سۆيمىدى. ئۈمىدسىزلىك كۆڭلىنى پەرىشان قىلىپ، سىكارلىپت كۆزلىرىنى ئازراق ئېچىپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە قارىدى، باتلىر ئۇنىڭ قوللىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، بىر چاغدا ئۇنىڭ بىر قولىنى سۆيدى، يەنە بىر قولىنى كۆتۈرۈپ مەڭزىگە بىردەم يېقىپ تۇردى. سىكارلىپت ئەسلىدە تەلۋىلەرچە ھەرىكەتكە تەييارلىنىپ تۇراتتى. ئەمدىكى بۇ سىلىق - سىپايە ھەرىكەت ئويلىمىغان يەردىن ئۇنى تاڭ قالدۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھازىرقى ئىپادىنى كۆرگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇ ئېڭىشىپ تۇرغاچقا ئېنىق كۆرەلمىدى.

سىكارلىپت بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن يەنە ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ باتلىرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ خۇشاللىقى مۇقەررەر ھالدا چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. رىت باتلىر ئەمدى ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى ئېيتىدۇ... ھېچبولمىغاندا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەيدۇ، ئاندىن... سىكارلىپت ئۇنى يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ كۈزىتىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ئۇنىڭ ئالىقىنىغا سۆيمەكچى بولۇپ قولىنى ئۆرۈپ بىردىنلا تۇرۇپ قالدى،

www.uyghurkitap.com

سىكارلېتمۇ ئېگىشىپ ئۆزىنىڭ ئالقىنىغا قاراپ، خۇددى بىر يىلدىن بېرى تونجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاتتىق چۆچۈپ، پۈتۈن بەدىنى بىردىنلا جۇغۇلداپ كەتتى. بۇ سىكارلېت ئۇخارانىڭ نازۇك، يۇمشاق، يۇمران ۋە ئاجىز قوللىرى ئەمەس، باشقا بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ قوللىرى ئىدى. بۇ قوللار ئەمگەك ۋە ئاپتاپتا قوپاللاشقان، قارايغان، چىكىم ـ چىكىم داغلار پەيدا بولغان، تىرناقلىرىنىڭ شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن، ھەممە يېرى قاداق قوللار ئىدى. ئۆتكەن ئايدا قىزىق ماي چاچراپ كېتىپ قىزىرىپ قالغان يەر كۆزگە شۇنچىلىك سەت تاشلىنىپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۆزىنىڭ قوللىرىغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ ئىتتىككىلا يۇمۇۋالدى.

باتلېر تېخىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغاچقا، سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيۋاتاتتى. باتلېر ئۇنىڭ ئالقىنىنى مەجبۇرىي ئېچىپ يەنە قاراپ كەتتى. ئاندىن يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنىنىمۇ ئېچىپ، ئىككى قولىنى يېقىن ئەكېلىپ ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى.

ــ ماڭا قاراڭ، ــ دېدى ئۇ ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋازى ناھايىتى تەمكىن ئىدى، ــ ئەمدى ئۇنداق يالغانچىلىقىڭىزنى قويۇڭ.

سىكارلېت قاتتىق نارازىلىقى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. باتلېر كۆزلىرىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇلاردا يارقىن بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى.

ــ سىز تارادا مانا مۇشۇنداق ياخشى ئۆتۈپ كەپسىز، شۇنداقمۇ؟ پاختىدىن نۇرغۇن پۇل تېپىپ، سىرتلارغا چىقىپ ساياھەت قىلغۇدەكمۇ بوپسىز. سىز بۇ بىر جۈپ قولىڭىز بىلەن نېمە قىلىۋاتىسىز... تېرىقچىلىقمۇ؟

سىكارلېت قوللىرىنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى، لېكىن باتلېر قويۇپ بەرمەي، بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭدىكى قاداقلارنى سىلاشقا باشلىدى.

— بۇ بىر خانىمنىڭ قولى ئەمەس ! — باتلىر ئۇنىڭ قوللىرىنى تىزى ئۇستىگە قويۇپ قويدى.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ ! — توۋلىدى سىكارلېت. ئەمدى ئۇنىڭغا خىجىللىقتىن قۇتۇلۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغانغا پۇرسەت كەلگەنىدى، — مەن بۇ قوللىرىم بىلەن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن، باشقىلارنىڭ نېمە كارى !

مەن نېمىدېگەن دۆت، — ئاچچىقىدا ئويلىدى سىكارلېت، — پىتتىي ھامامنىڭ پەلىيىنى ئېلىپ تۇرسام ياكى ئوغرىلىۋالسام بولمامدۇ. قولۇمنىڭ بۇنچىلىك سەتلىكىنى پەقەتلا سەزمەپتىمىنا. ئۇنىڭ دىققەت قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمدى ھەممە ئىش تۈگەشتى. كۆڭلۈمدىكىنى ئەمدىلا ئېيتاي دەپ تۇرغاندا بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىنى قارىمامدىغان.

— سىزنىڭ قوللىرىڭىز بىلەن ئەلۋەتتە كارىم بولماسلىقى كېرەك، — دېدى باتلىر سوغۇققانلىق بىلەن، ئاندىن ئورۇندۇققا يۆلەندى. چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى.

ئەمدى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرماق تەس بولىدىغان بولدى. ئۇ ئۈگۈشسىزلىق ئىچىدىن غەلىبىنى تاپىمەن دەيدىكەن، كۆڭلى كۆتۈرمىسىمۇ ئۇنىڭغا تاتلىق گەپلەرنى قىلىش كېرەك، شۇنىڭدا بەلكىم...

— سىز بەكلا ئاشۇرۇۋېتىڭىز، ئۆتكەن ھەپتە ئات مىنگەندە قولۇمغا پەلەي كىيمەپتىكەنمەن، شۇ چاغدا...

— ئات مىنگەنگىمۇ؟ قۇرۇق گەپ ! — دېدى باتلىرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپپۇزدا، — سىزنىڭ بۇ قوللار بىلەن خۇددى قارا زەڭگىلەرگە ئوخشاش ئەمگەك قىلغانلىقىڭىز ئېنىق تۇرمامدۇ، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ نېمىشقا تارادا ھەممە ئىشلار جايىدا دەپ مېنى ئالدايسىز؟

— ھازىر، رېت...

— گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا ئېيتىڭ، مېنىڭ يېنىمغا زادى نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟ سىزنىڭ ناز - كەرەشمىلىرىڭىزگە

مەپتۇن بولۇپ، راستلا ماڭا كۆيۈنۈۋاتقان، مېنىڭ غېمىمنى يەۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن.

— مەن سىزنىڭ غېمىڭىزنى يېدىم، بۇ راست!

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار مېنى ئاسمان - پەلەك دەرەختىنىمۇ ئېگىز دارغا ئاسسىمۇ سىزنىڭ پەرۋايىڭىز پەلەك. خۇددى ئېغىر ئەمگەك قوللىرىڭىزغا يېزىلىپ كەتكەندەك بۇمۇ سىزنىڭ چىرايىڭىزغا يېزىلغان. سىزنىڭ ماڭا، بىر هاجىتىڭىز چۈشكەن، ئۇ شۇنداق جىددىي بىر هاجەت. شۇڭا سىز مېنىڭ ئالدىمغا مۇشۇ قىياپەت بىلەن كەلدىڭىز. نېمىشقا گەپنى ئوچۇق قىلىپ تەلەپىڭىزنى ئېيتمۇۋەرمەيسىز؟ شۇنىڭدا سىز مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيتتىڭىز ئەمەسمۇ؟ ماڭا ئاياللارنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكى هەممىدىن بەك ياقىدۇ. ئەمما، سىز بۇ يەرگە خۇددى پاھىشە خوتۇننىڭ ئۆزىگە خېرىدار ئىزدەش ئۈچۈن هالقىلىرىنى جىرىڭلىتىپ، خۇلق چىقىرىپ ئۆزىنى بازارغا سالغىنىدەك قىياپەتتە كەپسىز.

ئۇ ئاخىرىدىكى گەپلەرنى ئاۋازىنى كۆتۈرمەي هەم بەكمۇ تەكىتلەپ كەتمەيرەك سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما سىكارلېتقا خۇددى قامچا بىلەن ساۋىغاندەك تەگدى. ئەمدى ئۇ ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ قالارمىكىن دېگەن شېرىن خىيالىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەگەر باتلېر ئۇنىڭغا چېچىلغان، غۇرۇرىغا تەگكەن ياكى ئۇنى ئەيىبلەپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرنېمە دەپ تەڭ تۇرالايتتى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق تەمكىنلىكى سىكارلېتنى خېلىلا چۆچۈتتى، هەتتا ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشنى كېرەكلىكىنىمۇ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ جىنايەتچى بولسىمۇ، شىماللىقلار يانلىكى ئۆيدە بار بولسىمۇ، باتلېر ئۇنىڭغا هېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان خەتەرلىك ئادەمدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— قارىغاندا، مېنىڭ خاتىرەم كېرەكتىن چىققان ئوخشايدۇ.

بولمىسا سىزنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، ماڭا ئوخشاش بىرەر مەقسەتنى كۆڭۈلگە پۈكمەي تۇرۇپ قىلمايدىغانلىقىڭىزنى ئېسىمدىن چىقارماسلىقىم كېرەك ئىدى. خوش، خامىلتون خانىم مېنى نېمە مەقسەتتە ئىزدەپ كەلدى، پەرەز قىلىپ باقايچۇ. سىز گالۋاڭلىق قىلىپ، مېنى ئۆزىڭىزگە توي قىلايلى دەپ تەلەپ قويىدۇ دەپ ئويلىمىغانسىز؟

سىكارلېت بىردىنلا ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

— سىزگە مېنىڭ، توي قىلمايمەن دەپ دائىم دەپ كېلىۋاتقان گېپىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك.

• سىكارلېت يەنىلا گەپ قىلمىدى. شۇ چاغدىلا باتلېر ئۇنىڭدىن قوپاللىق بىلەن سورىدى:

— شۇ گەپلىرىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ جاۋاب بېرىڭ.

— ئۇنتۇپ قالمىدىم، — سىكارلېت ئامالسىز جاۋاب بەردى.

— سىكارلېت، سىز قىمارۋازنىڭ ئۆزى، — دېدى باتلېر ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلىپ، — سىز مېنى تۈرمىدە يېتىپ ئايالالارنى كۆزىگە سۈرتكۈدەك بولۇپ كەتتى، شۇڭا بارسامىلا ئۇنى قولغا چۈشۈرەلەيمەن، دەپ ئويلىدىڭىز.

سەنمۇ شۇنداق قىلدىڭ، — ئويلىدى سىكارلېت غەزەپ بىلەن، — ئەگەر قوللىرىمنى كۆرۈپ باقمىغان بولساڭ...

— ئىشلار ئاساسەن ئېنىق بولۇپ قالدى. سىزنىڭ كۆرسىتىدىغان باھانىڭىزدىن باشقىسىنى بىلىپ بولدۇم. ئەمدى سىز مېنى نېمە ئۈچۈن توي قىلىشقا قىزىقتۇرماقچى بولغىنىڭىزنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالامسىز، يوق؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدا سىلىق، ئەمما قارشى تەرەپنى دەيدەيگە سالىدىغان تەلەپپۇز بار ئىدى، بۇ سىكارلېتقا مەدەت بولدى. بەلكىم پۈتۈنلەي تۈگىشىپمۇ كەتمىگەندۇ؟ ئۇنىڭ توي قىلىش ئۈمىدى يوققا چىقتى، ئەمما ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خۇشال بولىدىغان ئىشمۇ چىقىپ قالار. ياغاچقا ئوخشايدىغان بۇ ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدىدا ئۇ قورققۇدەك تەرەپلىرىمۇ بار ئەمەسمىدى. ئەمدى ئويلىسا ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇش شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولۇپ كۆرۈندى. ئەمما، ئۇ سەزگۈرلۈك قىلسا ھەم ئۇنىڭ ھېسداشلىقى ۋە خاتىرىسىدىن پايدىلانسا ئۇنىڭدىن ئۆتنىگە ئازراق پۇل ئۆندۈرۈۋالالىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۈدەك ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— رېت، سىز ماڭا ياردەم بېرەلەيسىز... پەقەت مۇلايىمىراق بولسىڭىز بولاتتى.

— مۇلايىملىق مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان مىجەزىم.

— رېت، كونا تونۇشلۇقىمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن ماڭا بىر ئىشتا ياردەم بەرسىڭىز.

— قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن بۇ خانىم ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىدىغان ئوخشايدۇ. مەن سىزنىڭ ئوينايدىغان رولىڭىزنىڭ «ئايغاقچىلىق» بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئېيتىڭ، سىزگە نېمە كېرەك، پۇلمۇ؟

ئۇنىڭ گەپنى تېپىپ قىلىشى سكارلېتنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئەگىتىپ يۈرۈپ بىلدۈرمەكچى بولغان پىلانىنى بىراقلا بەربات قىلىۋەتتى.

— پىخسىقلىق قىلماسسىز دەيمەن، رېت، — دېدى سكارلېت سەل ئەركىلىگەندەك قىلىپ، — ماڭا سىز دېگەندەك ئازراق پۇل كېرەك بولۇپ قالدى. ماڭا ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز.

— راست گېپىڭىزنى ئاخىر ئېيتتىڭىز - دە، ئاغزىڭىزدا مۇھەببەت دېگەن بىلەن، لازىمى پۇل ئىكەن. نېمىدېگەن يېتىشكەن ئايال سىز. بۇ پۇل سىزگە جىددىي لازىممىدى؟

— ھىم، ھەئە، ئانچە جىددىي لازىممۇ ئەمەس، ئەمما ماڭا كېرەك ئىدى.

— ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرى، بۇ ئاز پۇل ئەمەس. بۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلەتمەكچى سىز؟

— تاراغا كەلگەن باجغا تۆلىمەكچىمەن.
— سىز ئەسلىدە قەرز سوراپ كەپتىكەنسىز - دە. بولىدۇ، سىز ماڭا سودىگەردەك مۇئامىلە قىلغاندىكىن، مەنمۇ سىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلاي. بۇ پۇلنىڭ ئورنىغا نېمىڭىزنى گۆرۈگە قويىسىز؟
— نېمە... نېمە؟
— مەن بېرىپ تۇرىدىغان پۇلنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن بىر نەرسىڭىزنى گۆرۈگە بېرىسىز. ئۇنچە كۆپ پۇلنى بىكارغا بېرىۋەتمەيمەن - دە، — ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل مەككارلىق ۋە يارىشىپ قېلىشتەك مەنىمۇ بار ئىدى، ئەمما سىكارلېت ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى.
— مېنىڭ ھالقامنى ئېلىڭ.
— مەن ھالقىنى ياخشى كۆرمەيمەن.
— ئەمىسە تارانى گۆرۈگە قوياي.
— بۇ كۇندە ئېكىنزارلىقنى ئېلىپ نېمە قىلاي.
— سىز ئۇنى... سىز ئۇنى... ئۇ دېگەن شۇنداق ياخشى قورۇق. ھەرگىز زىيان تارتمايسىز. كېلەر يىلنىڭ پاختىسى بىلەن چوقۇم پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.
— مېنىڭچە، ئۇ نەرسىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئىشەنچسىز، — رېت ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇردى، ئىككى قولى چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىدا ئىدى، — پاختىنىڭ باھاسى كۈندىن - كۈنگە چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جان باقماق ھازىر ئىنتايىن تەس، پۇل تاپماقمۇ ھەم شۇنداق.
— رېت، سىز قەستەن ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن. سىزنىڭ دېگەن نەچچە مىليونلۇق دۇنيايىڭىز بار تۇرسا.
رېت باتلېر ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. قاراشلىرىدا ئىللىقلىق ۋە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىرخىل شۇم نىيەتمۇ باردەك قىلاتتى.
— قارىغاندا، ھەممە ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق، ئۇ پۇلغىمۇ

www.uyghurkitap.com

ھاجەتمەن ئەمەس ئوخشايسىز. شۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ خۇشال بولۇپ قالدىم. مەن دائىم دوستلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى تىلەيمەن.

— رېت، خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن... — سىكارلېت ئالدىراپ قالدى. بايىقى باتۇرلۇقى ۋە تەمكىنلىكى بىراقلا يوقالدى.

— ئاۋازىڭىزنى سەل پەسلىتىڭ. شىماللىقلار گېپىمنى ئاڭلىسۇن دەمسىز يا؟ بىرەرسى سىزنىڭ مۈشۈككە — قاراڭغۇ كېچىدىكى مۈشۈككە — ئوخشايدىغانلىقىڭىزنى دېگەنمىدى؟ كۆزلىرىڭىز مۈشۈكنىڭكىدەك شۇنچىلىك ئۆتكۈر سىزنىڭ.

— رېت، ئۇنداق دېمەڭ. سىزگە ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىشكە تەييارمەن. مەن بۇ پۇلغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق. مەن ... مەن، ھەممە ئىشىم ئوڭۇشلۇق دەپ يالغان ئېيتتىم. ئىشلار شۇنچىلىك ناچاركى، نېمىسىنى دەي. دادامنىڭ نېرۋىسى ئاجىزلاپ كەتتى، ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، غەلىتە بىر مىجەزگە كىرىپ قېلىپ ماڭا پەقەتلا ياردەم بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا. بىزنىڭ ئېچىمىزدە ئېتىزنىڭ ئىشىنى، كېۋەز تېرىشنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، ئەمما تەييارنى يەيدىغان ئادەم كۆپ، ئون ئۈچ ئادەم. ئۇنىڭغانغا يونىغاندەك، باج ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ. رېت، سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي، بۇلتۇر بىر يىل ئاچلىقتىن ئۆلمىدۇق، ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇق. كۆرگەن كۈنلىرىمىزنى سىز بىلمەيسىز، بىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەيدىغىنىمىز يېتىشمەي، كۆنبويى ئاچ قورساق يۈرۈپ كېتەتتۇق. ئاچلىق دېگەن شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق نەرسە ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەر سوغۇق، ئۈستىمىزدە قېلىنىراق كىيىممۇ يوق، باللار توڭلاپ كېسەل بولۇپ كەتتى.

— ئەمىسە ئۈستىڭىزدىكى بۇ چىرايلىق كىيىملەرنى نەدىن تاپتىڭىز؟

— بۇنى ئاپامنىڭ دېرىزە پەردىسىنى بۇزۇپ تىكتۇردۇم، — سىكارلېت ئالدىراپ كېتىپ، يۈز كېتىدىغان بۇ ئىشنى يالغان گەپ بىلەن يوشۇرۇپ كېتىشكە ئۇلگۈرەلمىدى، — ئاچارچىلىققىمۇ، سوغۇققىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيتتۇق، لېكىن... لېكىن سومكىچىلار باجنى ھېسابسىز ئۆستۈرۈۋەتتى، يەنە تېخى دەررۇ تاپشۇرمىساق بولمايدۇ. ئەمما، مەندە بەش ئامېرىكا دوللىرىدىن باشقا بىر تىيىن پۇل يوق. بىر يەردىن پۇل تېپىپ باجنى تاپشۇرمىسام تېخى بولمايدۇ. مېنىڭ گەپلىرىمنى تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامسىز؟ ئۇ پۇلنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسام... تارادىن ئايرىلىپ قالىمەن، مېنىڭ تارانى زادىلا قولدىن چىقىرىۋەتكۈم يوق، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن.

— سىز بۇ ئەھۋالنى نېمىشقا ماڭا دەسلەپتىلا دېمەي، چىرايلىق خانىملارنى كۆرسە ئېرىپ كېتىدىغان سەزگۈر يۈرىكىمنى قىينايسىز؟ ياق، سىكارلېت، يىغلىماڭ. سىز ماڭا مۇشۇ چارىدىن باشقا چارىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ باققان. مېنىڭ پەقەت مۇشۇ چارىڭىزلا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان مىجەزىم بار ئىدى. سىزگە كېرىكى مەن ئەمەس پۇل ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئازاب مېنىڭ يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىۋەتتى.

سىكارلېت ئۇنىڭ باشقىلارنى مەسخىرە قىلغاندا، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى راستىلا ئازار يېگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى بارلىقى راستمىدۇ؟ قوللىرىمغا قاراشتىن ئىلگىرى ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويماقچى بولغان بولغىيمىدى؟ ياكى بۇ ئۆتكەن ئىككى قېتىمقىدەك ئادەمنى بىزار قىلىدىغان تەلەپلەرمىدىكىن؟ ھەقىقىي كۆڭلى بولسا ئۇنى يەنە ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلىمۇ بولار. ئەمما، ئۇنىڭ سىكارلېتقا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى بىرخىل يەڭگىلتەك كۈلكە ئوينىپ

تۇراتتى.

— ماڭا سىزنىڭ ئۇ نەرسىلىرىڭىز كېرەك ئەمەس، مەن قورۇق باشقۇرۇپ باقمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمىڭىز بار؟

ياخشى، ئۇ ئاخىر رەسمىي مەقسەتكە كۆچتى، ئەمدى ئوچۇقىنى ئېيتىش كېرەك! سىكارلېت چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ رېت باتلېرنىڭ كۆزلىرىگە دادىل قارىدى. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئېرىشىلىشقا جۈرئەت قىلغانىكەن، ئۇنىڭغا ئەمدى نازلىنىشلار، خولق چىقىرىشلار ھاجەتسىز ئىدى.

— ئۆزۈم... مەن ئۆزۈم بار.

— شۇنداقمۇ؟

جىددىيلىشىپ سىكارلېتنىڭ يۈزى نەچچە بۇرجەك بولۇپ كەتتى، كۆزلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

— مۇھاسىرە ۋاقتىدا، ئىككىمىز پىتتىي ھامىمنىڭ پېشايۋىنىدا ئولتۇرغان ئاشۇ كېچە ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ چاغدا سىز ماڭا... مېنى ئالىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان.

باتلېر ئېرەنشىمىگەندەك كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سىكارلېتنىڭ جىددىيلىشىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى. كۆزلىرىنىڭ بىر يەرلىرىدە بىلىپ بولماس بىر خىل ئىپادە ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەيتتى.

— سىز شۇ چاغدا — شۇ چاغدا ماڭا كۆيگەندەك ھېچقانداق ئايالغا كۆيۈپ باقمىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان. ئەگەر سىز شۇ گېپىڭىزدە تۇرىدىغانلا بولسىڭىز، مەن تەييار، رېت، نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن، ئېيتىڭ، ئەمما ماڭا، خۇدا ھەققى، چەك كېسىپ بېرىسىز. گېپىم گەپ، ھەرگىز يېنىۋالمايمەن. ھۆججەت يېزىپ بەر دېسىڭىز ھازىرلا يېزىپ بېرەي.

باتلېر تېخىچىلا ئۇنىڭغا غەلىتە نەزەردە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنى چۈشىنىپ بولمايتتى. شۇڭلاشقا سىكارلېت يەنە ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ خۇشال بولۇپ ياكى

ئامالسىزلىقتىن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. سىكارلېت ئۈچۈن ھازىر ئۇنىڭ گېپى كېرەك ئىدى، نېمىلا دېسە مەيلى ئىدى، يۈزى ئوت ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

— ماڭا بۇ پۇل ھازىرلا كېرەك، رېت، ئۇلار بىزنى تارادىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، ئاندىن ئۇ يەرگە دادامنىڭ بۇرۇنقى نازارەتچىسى كۆچۈپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— توختاپ تۇرۇڭ. مېنىڭ سىزنى ھازىرمۇ ئالماقچى ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدىغانلىقىڭىزنى نەدىن بىلىسىز؟ كۆپ ئاياللار ئۆزىگە ئۇنچىلىك يۇقىرى باھا قويالمايدۇ.

سىكارلېت قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك بولۇپ، بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.

— نېمىشقا ئۇ قورۇقتىن ۋاز كېچىپ پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلمەيسىز؟ ئۇ ئۆيلەرنىڭ يېرىمى سىزنىڭ ئەمەسمۇ؟

— ۋاي خۇدايىمەي! — توۋلاپ كەتتى سىكارلېت، — سىز شۇنچىلىك دۆت ئادەممۇ؟ مەن تارادىن ۋاز كېچەلمەيمەن. ئۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز. ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن، تېنىمدە جېنىملا بولىدىكەن، ئۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئىرلاندلار راستىلا غەلىتە مىللەت - دە، — باتلېر ئورۇندۇقتا تېخىمۇ بەكرەك يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئىككى قولىنى يانچۇقىدىن چىقاردى، — ئۇلار مەنىسىز بىر نەرسىلەرگە، مەسىلەن، يەرگە ئۆزىنى شۇنچىلىك ئۇرۇپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ يەر بىلەن ئۇ يەر ئوخشاشلا بىر يەر ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سىكارلېت، سىزگە گەپنى ئوچۇق ئېيتاي، سىز بۇ يەرگە سودىلىشىش ئۈچۈن كەپسىز، شۇڭا مەن سىزگە ئۈچ يۈز دوللار بېرەي. بۇنىڭ بەدىلىگە سىز ماڭا ئاشنا بولۇڭ.

— بولىدۇ.

بۇ يىرگىنچلىك گەپنى دەۋېتىپ، سىكارلېت ئۆزىنى خېلى

www.uyghurkitap.com

يەڭگىلىلەپ قالغاندەك، يۈرىكىدىكى ئۆمىدمۇ باشقىدىن جانلانغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ: «سىزگە ئۈچ يۈز دوللارنى بېرەي» دېدىغۇ؟ ئەمما، شۇ گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇددى بىر ئىشتىن قاتتىق خۇشال بولغاندەك رەھىمسىز بىر نۇر ئۇچقۇنلىغاندەك بولدى.

— بىراق، بۇرۇن مەن سىزگە يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ مۇشۇنداق تەلەپنى قويغاندا تەلىپىمنى رەت قىلغانىدىڭىز، ھەتتا نۇرغۇن تىلغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن تىللاپمۇ، «بىر توپ هارامىلىقلار»نى باقمەنمۇ دەپ چالۋاقاپمۇ كەتكەن. مەن بۇ گەپلەر بىلەن سىزنىڭ يىغىرىڭىزنى ئاچماقچى ئەمەس، پەقەت ئۆزگىرىشچان غەلىتە مىجەزىڭىزنى چۈشەنمەكچى، سىز بۇ ئىشنى ھۆزۈر ئېلىش ئۈچۈن قىلىدىغان چاغدا خالىمىدىڭىز، ئەمدى ئاچ قېلىۋاتقاندا خالاۋاتىسىز. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشەندىمكى، ئەخلاق ـ پەزىلەت دېگەن نېمىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ باھاسى بار نېمىلەر ئىكەن.

— رېت، دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ! يەنە ھاقارەتلىگۈڭىز بولسا داۋاملىق ھاقارەتلەۋېرىڭ، ئەمما پۇلنى بېرىڭ.

سىكارلېت ئەمدى سەل تىنچلانغانىدى. رېت ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئۇنى داۋاملىق قىيىنىسا، ھاقارەتلىسە، بۇرۇن ئۆزىنى مەنسىتمىگەنلىكلىرى، بايا ئالدىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆچىنى ئالسا بولىۋېرەتتى، سىكارلېت ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيتتى، بۇنداق قىلىش تارا ئۈچۈن ئەرزىيتتى. سىكارلېت يازنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تارادىكى بېدىلىكتە يېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئەسلىدى. ئاسمان گۈمبىزى زۇمرەتتەك چاقناپ تۇرغان، ئۇيەر ـ بۇيەردە ئاپپاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن، ئەتراپنى ھەرخىل گۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى بىر ئالغان، قۇلاق تۈۋىدە ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غۇڭغۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان. ئاھ، بۇ بىر تىلسىمات ماكانغۇ، بۇ ماكان ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسەڭ ئەرزىمەمدۇ؟

سىكارلېت بېشىنى كۆتۈردى.

— پۇلنى بېرىدىغان بولدىڭىزمۇ؟

رېت باتلېر شۇ تۇرقىدا بىر نەرسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك ئولتۇراتتى، ئەمما گەپلىرىدىن رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ياق، بېرەلمەيمەن.

ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، سىكارلېت بىردىنلا تېڭىرقاپ قالدى.

— سىزگە پۇل بېرەلمەيمەن، بېرەي دېسەممۇ مۇمكىن ئەمەس، يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق، ئاتلانتادىمۇ پۇلۇم يوق. پۇلۇم بارلىقى بار، ئەمما بۇ يەردە ئەمەس، پۇلۇمنىڭ قانچىلىكلىكى، نەدىلىكىنىمۇ سىزگە دەپ بېرەلمەيمەن. ماقۇل دەپ سىزگە چەك كېسىپ بەرسەم، شىماللىقلار خۇددى ئەنجۈر قۇرتنىڭ پېيىگە چۈشكەندەك پېيىمگە چۈشىدۇ. ئۇ چاغدا سىزگىمۇ، ماڭىمۇ يوق بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سىكارلېتنىڭ رەڭگى بىردىنلا كۆكىرىپ كەتتى، ئاغزى خۇددى گېرالد قاتتىق غەزەپكە كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش بىر تەرەپكە قىسىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، يان ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. رېت باتلېر خۇددى يىلپىزغا ئوخشاش بىر سەكرەپلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر قولى بىلەن ئاغزىنى، بىر قولى بىلەن بېلىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. سىكارلېت ھە دەپ قارشىلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ قولىنى چىشلىمەكچى بولاتتى، پۇتلىرىغا تېپەتتى. قاتتىق چىرقىراش بىلەن ئىچىدىكى پۈتۈن غەزىپىنى، ئۈمىدسىزلىكلىرىنى، غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى بىر يولىلا چىقىرىۋالماقچى بولاتتى، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر يان تاشلايتتى، يۈرىكى غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتاتتى، لېكىنكى چىڭ تارتىلغان بولغاچقا دەم ئالالماي قېلىۋاتاتتى. باتلېر ئۇنى قوپاللىق بىلەن شۇنچىلىك چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى، ئاغزىنى ئېتىۋالغان قولى رەھىمسىزلىك

بىلەن ئىككى قوۋۇزىغا پېتىپ تۇراتتى، چىرايى تاتىرىپ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا سىكارلېتنى ئىگىز كۆتۈرۈپ مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ئومىقىم، خۇدا ھەققى، چۇقان كۆتۈرمەڭ، يەنە توۋلايدىغان بولسىڭىز ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كىرىدۇ. تىنچلىنىڭ، شىماللىقلار مۇشۇ تەلەتىمنى كۆرسۇن دەۋاتامسىز؟

سىكارلېتنىڭ ئۆزىنى كىمنىڭ كىرىپ كۆرۈشى بىلەن كارى يوق ئىدى، ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، ۋۇجۇدى ئوتتەك يېنىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىلا ئويلايتتى. ئەمما، ئۇ ئاستا ـ ئاستا بوشىشىشقا باشلىدى، چۈنكى رېت ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالغاچقا دەم ئالالماي قېلىۋاتاتتى. لىپىتىكىمۇ تۆمۈر قىسقۇچتەك كۆكسىنى قىسىپ كېتىۋاتاتتى. ئاستا ـ ئاستا ئاۋازى پەسلەشكە، سۇسلىشىشقا باشلىدى، باتلېرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان يۈزىمۇ ئىچىنى ئىلەشتۈرۈپ پىرقىراشقا، كۆز ئالدى تۇمانلىشىپ، تۇمان بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ باتلېرنى، باشقا ھەرقانداق نەرسىنى كۆرەلمىدى.

بەدىنىنى مىدىرلىتىپ، سېزىمى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندا، چارچىغان ئادەمدەك قاتتىق ئېزىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ، ھەيران ئىدى. ئۆزى ئورۇندۇقتا ياتاتتى، بېشىدا شىلەپىسى يوق، رېت باتلېر بىلەكلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئەنسىز ھالدا بېشى ئۈستىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ياخشى نىيەتلىك ھېلىقى ياش ئوفىتسېر ئاغزىغا ھاراق قۇيۇۋېتىپتۇ. ھاراق ئاغزىدىن يېنىپ چىقىپ بويىنىغا ئېقىۋاتىدۇ، باشقا ئوفىتسېرلار نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈشىدۇ.

— مەن... مەن ھوشۇمدىن كەتكەن ئوخشايمەن، — ئاۋازى تولىمۇ يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ، ئۇ ئېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— بۇ هاراقنى ئىچمىۋېتىڭ، — دېدى رېت رومكىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ. شۇندىلا ئۇ ئېسىگە كەلدى، لېكىن ئۇنىڭدا ئۇنىڭغا ھومايغۇدەك، قاتتىق خاپا بولغۇدەك ماغدۇر يوق ئىدى.

— مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ ئىچىۋېتىڭ.

ئۇ بىر يۇتۇم ئىچىپ قېقىلىپ كەتتى، لېكىن رېت يەنىلا رومكىنى ئاغزىغا تەڭلەپ تۇراتتى. يەنە بىر يۇتۇم ئىچتى، ھاراق كانىيىنى كۆيدۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، ئەپەندىلەر، سىلەرگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، — دېدى رېت، — مېنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپلا چىدىيالمىدى.

ئۇ ئوفىتسېرلار خىجىل بولۇشقاندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كېتىشتى، ياش ئوفىتسېر ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى.

— مەن ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلار بارمۇ؟

— يوق، رەھمەت سىزگە.

ئۇ چىقىپ كېتىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— يەنە ئازراق ئىچىڭ، — دېدى رېت.

— ئىچمەيمەن.

— ئىچىڭ.

ئۇ يەنە بىر يۇتۇم ئىچتى. پۈتۈن بەدىنىگە ئىسسىق تاراپ پۇتلىرىغا ئاستا - ئاستا ماغدۇر كىرىشكە باشلىدى. رومكىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، رېت ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ تۇرمىدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، كېتىمەن.

— ھازىر بولمايدۇ، بىر ئازدىن كېيىن مېڭىڭ. بولمىسا يەنە يىقىلىپ قالىسىز.

— كوچىدا يىقىلىپ قالسام مەيلىكى، سىز بىلەن بۇ يەردە بىللە تۇرمايمەن.

— نېمىلا دېسىڭىز دەڭ، سىزنى كوچىغا مۇنداق قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرمەيمەن.

— مېنى قويۇۋېتىڭ. سىزدىن نەپرەتلىنىمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، رېتنىڭ چىرايىدا يەنە كۆلكە پەيدا بولدى.

— مانا بۇ سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئوخشىدى، ئەمدى ياخشىلىنىپ كېتىسىز.

سكارلېت ئۆزىگە كۈچ يىغىۋېلىش ئۈچۈن يەنە بىردەم يېتىۋالدى. لېكىن، ئۇ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنىدى، خەققە ئاچچىقلىنىشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەيتتى، ئويلاشمۇ خۇشياقمايتتى. مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ روھىنى ئېزىۋەتكەنىدى. تەۋەككۇل قىلىپ دوغا چىقىۋىدى، نەتىجىدە ھەممە نېمىسىنى، ھەتتا ئىززەت ـ نەپسىنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنىڭ بەربات بولۇشى، تارانىڭ ئاقىۋىتى ھەم تارادىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، ئەمما يېنىدىكى رېت باتلېرنىڭ تىنىقلىرىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتى. ھاراقنىڭ تەسىرىدە بەدىنى سەل ئىسسىدى، ئۆزىگىمۇ ئازراق ماغدۇر كىرگەندەك بولدى. بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ باتلېرنى كۆرۈش بىلەن يەنە غەزىپى تۇتتى. قاشلىرى يىمىرىلىپ يەنە ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغاندا، رېت باتلېرنىڭ چىرايىدىكى ھېلىقى كۆلكە يەنە پەيدا بولدى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلىسىز. بۇ سىزنىڭ قوشۇمىڭىزنىڭ تۈرۈلگەنلىكىدىن مەلۇم.

— دېمىسىڭىزمۇ ياخشى بولۇپ كەتتىم، رېت باتلېر. سىز نېمىدېگەن نەپرەتلىك ئادەم. مەن لۆكچەكنى ئۇچراتتىم دېسەم، شۇ لۆكچەك سىز. مەن گەپكە ئېغىز ئاچقاندىلا نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلدىڭىز ھەم ماڭا ئۇ پۇلنى بەرمەسلىكىنىمۇ ئويلاپ قويدىڭىز، ئەمما باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەتكۈزدىڭىز. ئۇنداق ئادەم باشتىلا گەپ قىلدۇرمىسىڭىز بولمامدۇ...

— سۆزلەتمىسەم تەسىرلىك ھېكايىڭىزنى ئاڭلاشتىن

مەھرۇم بولمامدىمەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشلار ئىنتايىن ئاز، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان بۇنداق ھېكايىنى مەن بۇ يەردە تېخى ئاڭلاپ باقمىغان، — ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپلا شلەپىسىنى قولىغا ئالدى.

رېت باتلېر ئىتتىك ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇۋالدى.

— ھازىر ماڭسىڭىز بولمايدۇ. پۇتۇنلەي ئەسلىمىڭىزگە كەلگەندىن كېيىن، رەسمىي ئىشلار توغرۇلۇق يەنە پاراڭلىشارمىز؟

— مېنى قويۇۋېتىڭ!

— قارىغاندا، ئەسلىڭىزگە كەلگەندەكمۇ قىلىسىز، ئەمدى ئېيتىڭا، سىزنىڭ سەندىلىڭىز ئۈستىدىكى بىردىنبىر تۆمۈر مەنلىمۇ؟ — ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە ھوشيار كۆزلىرى سىكارلېتنىڭ چىرايىدىكى ئەڭ كىچىك ئۆزگىرىشلەرگىمۇ دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئويناۋاتقان ئويۇنىڭىزنىڭ ئوبيېكتى بىر مەنمۇ؟

— بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— بۇنىڭ سىزنىڭ ئويىڭىزدىكى مۇناسىۋەتتىنمۇ چوڭ مۇناسىۋىتى بار. قارىمىقىڭىزغا ئىلىندۇرماقچى بولغان يەنە قايسى ئەرلەر بار؟ ئېيتىڭ!

— ھېچكىم يوق.

— ئىشەنمەيمەن. سىزنى مەن بەش ـ ئالتە ئادەمنى زاپاس قويۇپ قويماي تۇرۇپ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن. چوقۇم بىرسى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىزنىڭ بۇ قىزىقارلىق تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، شۇڭا سىزنى ئازراق ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن.

— ماڭا سىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

— ئەمما، مەن شۇنداق قىلماقچى. ھازىر مەن سىزگە شۇنىڭدىن باشقا ياردەم بېرەلمەيمەن. قولاق سېلىڭ، بۇ ياخشى ئاگاھلاندۇرۇش. بىر ئەردىن بىر نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىزدا ھەرگىزمۇ ماڭا قىلغاندەك ئۇچەي - باغرىڭىزنى تۆكۈۋەتمەڭ. چارىلىرىڭىز ئەپچىل ھەم ئۇ ئادەمنى قىزىقتۇرالايدىغان بولسۇن، شۇنىڭدا سىز ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشىسىز. سىز بۇنى ئوبدان چۈشىنىسىز ھەم بۇنىڭغا ئۇستا. ئەمما، بايا ئۆزىڭىزنىڭ — پۇل قەرز ئالماقچى بولغىنىڭىزنى — گۆرۈگە قويماقچى... بولغان نەرسىڭىزنى ئېيتقاندا، خۇددى تۆمۈر مىخقا ئوخشاش قاتتىقلىق قىلدىڭىز. مەن سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئۇنداق كۆزلەرنى مەندىن يىگىرمە قەدەم نېرىدا ماڭا تەڭلىنىپ تۇرغان دۇئېل تاپانچىسىنىڭ ئۇستىدىمۇ كۆرگەن. ئۇ ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان كۆرۈنۈش ئەمەس. ئۇ كۆزلەر ئەرلەرنىڭ يۈرىكىدە ئوت ياندۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئەرلەرنى خوتقا سېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. سۆيۈملۈكۈم، قارىغاندا، ئۆتكەن يىللاردا ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋېتىپسىز.

— ماڭا تەنبىھ بېرىشىڭىز ھاجەتسىز، — دېدى سىكارلېت ھارغىن ھالدا شىلەپىسىنى بېشىغا كىيىۋېتىپ. ئۇ باتلېرنىڭ بويىنىغا سىرتماق چۈشىدىغان چاغدىمۇ خەقنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، قانداقمۇ ئېچىلىپ كۈلكە - چاقچاق قىلالىغۇسى كېلىدىغانلىقىغا ھەيران ئىدى. ئەمما، باتلېرنىڭ ھازىر ھېچنېمىگە قۇربى يەتمەيدىغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن كېسىلىپ، تۈرۈلگەن مۇشتلىرىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغانلىقىغا دىققەت قىلمىدى.

— ئۆزىڭىزنى روھلۇق تۇتۇڭ، — دېدى باتلېر ئۇنىڭ شىلەپىسىنىڭ بوغقۇچىنى چىگىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇپ، — مېنى دارغا ئاسقاندا كېلىپ كۆرۈڭ، دەردىڭىز چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەتلەر، بۇ قېتىمقىسىمۇ قوشۇلۇپ بىراقلا تۈگەيدۇ. مەن ۋەسىيەتنامەمگە سىزنىمۇ



www.uyghurkitap.com

كىرگۈزمەكچى.
— رەھمەت سىزگە. بەلكىم ئۇلار جازانى ئۇزاق كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا باجغا كېتىدىغان ئۇ پۇلنى ئېلىپ بېرىمەن دېسىڭىزمۇ كېچىكىسىز، — ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بايىقى كۆلكىسىگە يارىشا سوغۇق ھىجىيىپ قويدى. ئۇ زادى مۇشۇ گەپنى دەۋالماقچىدى.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

سىكارلېت ئۇ يەردىن يېنىپ چىققاندا ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. مەيداندىكى ئەسكەرلەر يامغۇردىن قېچىپ چېدىرلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشىۋالغان، كوچىلاردا بىرمۇ ئادەم، بىرمۇ ھارۋا كۆرۈنمەيتتى. ئۆيگە پىيادە كەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى، ئەمما ئارىلىق شۇنچىلىك يىراق.

ئۇ ناھايىتى تەستە مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. بايا ئىچكەن ھاراقنىڭ ئىسسىقىمۇ تۈگەپ سوغۇق ئۆتۈپ تىترەشكە باشلىدى، ئاچچىق شامال ۋە تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر يۈزىگە توختىماي ئۇرۇپ تۇراتتى. يىتتىي ھامىمىنىڭ ئىپەك پەلتوسى يامغۇردا بىردەمدىلا ھۆل بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ، ئۇستىدىكى يېڭى كىيىممۇ رەسۋا بولۇپ كەتتى. بېشىدىكى شلەپىسىگە قىستۇرۇلغان خورازنىڭ پەيلىرىمۇ سالپىيىپ كەتكەنىدى. ئادەم ماڭىدىغان يولغا يېيىتىلغان خىشلار ماڭدامدا بىر قومۇرۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇ يەرلەر پاتقاق بولۇپ پۇت كىرىپ كەتسە تارتىۋالماق تەس بولاتتى. سىكارلېتنىڭ پۇتى نەچچە قېتىم كىرىپ كېتىپ ئاران تارتىۋالدى، بىر نەچچە قېتىم ئايىغى پاتقاقنىڭ ئىچىدە قالدى. ھەر قېتىم ئايىغىنى پاتقاقتىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئېڭىشكەندە، پەلتوسى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى پاتقاققا تېگىپ بۇلغىنىپ كېتەتتى. بەزىدە سۇ يىغىلىپ قالغان

www.uyghurkitap.com

ئازگاللارنى ئەگىپ مېڭىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىپ سۇنى كېچىپ مېڭىۋېرەتتى. شۇنداق بولىۋېرىپ، پەلتو بىلەن كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى پاتقاقتا تېخىمۇ بۇلغىنىپ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كۆڭلىكىنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولمىدى، ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ئەجىر قىلغان بولسىمۇ، ئەمدى كۆزلىرىگە سەت، سۆرۈن كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۇ شۇنچە كۆپ پۇتى ئېتىۋېتىپ تاراغا قۇرۇق قول قانداق بارىدۇ؟ ئۇ يەردىكىلەرگە، ئەمدى سىلەر باشقا ياقلارغا سەرسان بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭلار، دېگەن گەپنى قانداق دېيەلەيدۇ؟ ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى: قىزىل تۇپراقلىق ئېتىزلارنى، ئېگىز ئۆسكەن قارىغايلارنى، قاپقارا سوزۇلۇپ ياتقان سازلىقلارنى، يەرگە باغرىنى يېقىپ جىمجىت ياتقان قەبرىلەرنى تاشلاپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ قەبرىستانلىقتىكى قېلىن ئارچىلارنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۇنىڭ ئانىسى ئېلىپىننىڭ قەبرىسى بارغۇ؟

پاتقاقلىق يولدا ئاران تەستە كېتىۋېتىپ يۈرىكىدە باتلىرغا بولغان نەپرەت ئوتى يەنە يالقۇنلاشقا باشلىدى. نېمىدېگەن مۇتتەھەم ئادەم ئۇ. ئۇنى شىماللىقلار تېزرەك دارغا ئېسىۋەتسۇن ئىلاھىم، شۇ چاغدا سىكارلېتنىڭ سەتچىلىكلىرىنى، ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ئادەم كۆزدىن يىتىدۇ. ئەگەر ئۇ خالىسا، ئۇ تەلەپ قىلغان ئۇنچىلىك پۇلنى تامامەن بېرەلەيتتى. ئاھ، دارغا ئېسىلسىمۇ ئۇنىڭغا يېنىك كەتكۈدەك. خۇداغا شۇكۇر، ئۇ ئۇنىڭ ھازىرقى ئەپتىنى، ئۇستىبېشىنىڭ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، چاچلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئىچ - ئىچىدىن مۇزلاپ چىشلىرىنىڭ كاسىلداپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەيدۇ. كۆرىدىغان بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ يەنە قاتتىق كۈلۈشى مۇمكىن. شۇ تۇرقىدا ئۇ چوقۇم سەتلىشىپ كېتەتتى.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نىگىرلار ئۇنىڭ پاتقاقتا مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھاسىراپ تۇرۇپ پاتقاقتا مىلىنىپ

كەتكەن ئايىغىنى ئوڭشاۋاتقانلىقىنى، ئۇستىبىشىنىڭ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشقاندەك بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشەتتى. بۇ قارا مايمۇنلارنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا پېتىنىۋاتقانلىقىنى قارا! تارا قورۇقىنىڭ غوجايىنى سىكارلېت ئوخارا خانقىزغا قاراپ كۈلۈشۈۋاتىدا! ئۇنىڭ ئۇلارنى ئۇلگۇدەك دۇمبالىغۇسى، قولىدا پىچاق بولسا قارنىغا تىقىۋەتكۈسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئازاد قىلغان، ئاق تەنلىكلەرنى مازاق قىلىشقا يول قويغان شىماللىق ئالۋاستىلارغا مىڭ لەنەت!

ئۇ ۋاشىنگتون يولىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئوخشاشلا ئۇلۇك ئىدى، بۇرۇنقى ئاۋات مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ يوق. بۇ يەرلەردە بۇرۇن چىرايلىق ئۆيلەر بولىدىغان، ھازىر بىرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، باشقىدىن سالغانلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز، كۆيۈپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئۇللىرى ۋە چوقچىيىپ تۇرغان قاپقارا تۇرخۇنلار (كىشىلەر ھازىر ئۇ تۇرخۇنلارنى شېرماننىڭ قاراۋۇللىرى دېيىشىدۇ) ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئوت بېسىپ كەتكەن يەرلەردىكى تار يوللارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ئولتۇراق ئۆيلەرگە، پەيتون بېكەتلىرىگە، ئاتلارنى باغلايدىغان يەرلەرگە تۇتىشىدىغان يوللار بولغان، ئۇ يەرلەرنىڭ نىشانى بولۇپ مۇشۇ چىغىر يوللارلا قېلىپ قالغانىدى. بۇ يەرلەردە ھازىر سوغۇق شامال ئارىلاش يامغۇر، پاتقاق، يالىڭاچ دەرەخلەر، تىمتاسچىلىق ۋە قاقاسلىقلار ھۆكۈم سۈرۈپ تۇراتتى. سىكارلېتنىڭ پۇتلىرى سۇنىڭ ئىچىدە دېگۇدەك ئىدى، شۇنچىلىك مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما يول تېخى ئۇزۇن!

سىكارلېت كەينىدىن پاتقاق چاچرىتىپ كېلىۋاتقان پەيتوننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پىتتىي ھاممىنىڭ پەلتوسىنى تېخىمۇ لاي بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئاياپ يولنىڭ تېخىمۇ چېتىگە چىقىپ تۇردى، تۆت چاقلىق بىر پەيتون ئاستا كېلىۋاتاتتى. پەيتونكەش ئاق تەنلىك بولسا دەپ باقاي، پەيتونغا سېلىۋالار دەپ ئويلىدى

www.uyghurkitap.com

سىكارلېت. پەيتون ئۇنىڭغا يانداشقاندا سىكارلېت پەيتونغا قارىدى، لېكىن يامغۇردا ئۇستىدىكى ئادەمنى ئېنىق كۆرەلمىدى. شۇ ئارىلىقتا پەيتوننى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئادەم سىكارلېتقا قارىغاندى، ئۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى. چوڭ يولغا چىقىپ يەنە قارىغاندا، ئۇ ئادەم خىجىل بولغاندەك بوش يۆتىلىپ قويدى، ئارقىدىن تونۇش ۋە ھەيران قالغان ئاۋازدا:

— ھوي، بۇ سىكارلېت خانقىزمۇ نېمە؟ — دېدى.

— ۋۇي، كېننېدى ئەپەندىمۇسىز! — توۋلاپ كەتتى سىكارلېت. ئاندىن پەلتويىنىڭ مەينەت بولۇپ كېتىشى بىلەنمۇ كارى يوق، چاقىقا يېقىنلاشتى، — سىزنى ئۇچرىتىپ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان خۇشاللىقتا چۆمدۈم.

كېننېدى ئۇنىڭ بۇ قىزغىن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن قىزىرىپ كەتتى ۋە شۇئان ئاغزىدىكى تاماكىنىڭ يۇقۇندىلىرىنى ئۇ تەرەپكە تۈكۈرۈۋېتىپ سەكرەپ پەسكە چۈشتى. سىكارلېت بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ ئۇنى پەيتونغا يۆلەپ چىقاردى.

— سىكارلېت خانقىز، ئۆزىڭىز يالغۇز بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ بۇ ئەتراپنىڭ يېقىندىن بېرى خەتەرلىك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ ئۇستىبېشىڭىزمۇ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. مانا بۇ ئەدىيال بىلەن دەررۇ پۇتىڭىزنى ئورىۋېلىڭ.

كېننېدى كۈرۈك توخۇغا ئوخشاش توختىماي سايراپ ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا، سىكارلېت مىدىر - سىدىر قىلماي ئۇنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتاتتى، مۇشۇنداق بىر ئەر كىشى، گەرچە ۋىتىلداپ توختىمايدىغان فىرانك كېننېدى بولسىمۇ، ئۆزىگە كۆيۈنۈپ، ئىچى ئاغرىپ، ئەيىبلەپ توختىماي سۆزلەپ تۇرسىمۇ، ئادەمنى شۇنچىلىك خۇشال قىلاتتى. تېخى يېڭىلا رېت باتلېرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ھازىرقى ئەھۋال ئۇنى بۆلەكچىلا خۇش قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەم باشقا يۇرتلاردا يۇرۇپ ئۆزىگە تونۇش بىر يۇرتلۇقنى كۆرگەندە باشقىچە يايراپ كېتىدىغان گەپ ـ دە. سىكارلېت ئۇنىڭ يېڭى ئۇستىبېشىغا، يېپيېڭى پەيتونىغا سەپسېلىپ چىقىشقىمۇ ئۈلگۈردى. ئېتىمۇ سېمىز، تىمەن ئىدى. ئەمما، فىرانك كېننېدى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي يېشىدىن خېلىلا قېرى كۆرۈنەتتى. ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، يۈزىنىڭ گۆشلىرى قورۇلۇپ ساڭگىلاپ قالغان. سېرىق ساقىلىمۇ بۇرۇنقىدىن ئازلاپ قاپتۇ، ئۇستىدە تاماكىنىڭ ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ، تارالمىغان، خۇددى دائىم مىجىپ ئوينايدىغاندەك شۇنچىلىك رەتسىز. ئەمما، سىكارلېت ھەممە يەردە كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان غەمكىن، سۆرۈن ۋە ھارغىن چىرايلارغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇنى خېلى روھلۇق، جانلىق ھەم روھى كۆتۈرەڭگۈ كۆردى.

— سىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدۇم، — دېدى فىرانك قىزغىن سۆزلەپ، — سىزنىڭ شەھەرگە كەلگىنىڭىزنى بىلمەپتىمەن. ئۆتكەن ھەپتە پىتتىي ھامما بىلەن كۆرۈشكەندە سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق گەپ قىلمىغان. سىز بىلەن... ھىم... سىز بىلەن تارادىن بىللە كەلگەن باشقا بىرسىمۇ بارمۇ؟

بۇ ئەخمەق قېرى سۆئېللېننى دېمەكچىدى.

— يوق، — دېدى سىكارلېت ئىسسىق كونا ئەدىيال بىلەن بەدىنىنى تېخىمۇ چىڭ ئورىغاچ، — ئۆزۈم يالغۇز كەلدىم، پىتتىي ھاممامغىمۇ ئالدىن دەپ قويمىغان.

فىرانك كېننېدى بوجىنى سىلكىۋىدى، ئات ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ پاتقاق يول بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ يۈرۈپ كەتتى.

— تارادىكىلەر ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ھىم، قەدىر ئەھۋال.

سىكارلېتمۇ ئازراق گەپ تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسا بولاتتى، لېكىن كۆڭلى خۇددى قوغۇشۇن سېلىپ قويغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېغىر تۇرۇۋاتقاچقا، دەيدىغان گېپىنى تاپالماي ئولتۇرۇپ كەتتى، ئامالسىز ئەدىيالغا تېخىمۇ چىڭ يۆگىلىپ، ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن بولدى: «تارانىڭ ئىشلىرىنى هازىر ئەمەس، كېيىن ئويلايچۇ، ئۇ چاغدا هازىرقىدەك بەكمۇ ئازابلىنىپ كەتمەسمەن.» بۇ بوۋاي بىلەن يولدا هارغۇچە پاراڭلىشىپ ماڭغۇدەك بىرەر گەپ بولغان بولسا شۇنداق ياخشى بولاتتى ــ دە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ گەپ قىلىشىمۇ هاجەتسىز بولاتتى، ئارىلاپ «بەكمۇ ئوبدان بوپتۇ»، «قولىڭىزدىن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىستۇرۇپ تۇرسىلا ئىش پۈتەتتى.

ــ كېنىنېدى ئەپەندى، سىزنى ئۇچرىتارمەن دەپ پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن. كونا دوستلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرمىغىنىمغا شۇنچىلىك ئۆكۈنۈۋاتىمەن. ئەمما، سىزنىڭ ئاتلانتاغا كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. سىزنى بىرسى مارتادا دېگەندەك قىلغان.

ــ مارتادا بىر مەزگىل سودا ــ سېتىق بىلەن يۈردۈم، ــ دېدى ئۇ، ــ سۇئېللېن خانقىز مېنىڭ ئاتلانتاغا كەلگىنىمنى، بۇ يەردە دۇكان ئېچىۋالغىنىمنى سىزگە دېمىدىمۇ؟

سكارلېت سۇئېللېنىنىڭ فىرانك بىلەن ئۇنىڭ دۇكىنى توغرۇلۇق بىر نېمىلەر دېگەنلىكىنى غۇۋا ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا ئۇ سۇئېللېنىنىڭ گەپلىرىگە ئانچە دىققەت قىلمىغان، پەقەت فىرانك هايات بولسا، بىر كۈنى كېلىپ سۇئېللېننى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتسە، دېگەننىلا ئويلىغانىدى.

ــ ياق، ئۇ بۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ــ دېدى ئۇ يالغان سۆزلەپ، ــ دۇكان ئېچىۋالدىڭىزمۇ؟ قولىڭىزدىن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ سىزنىڭ!

سۇئېللېنىنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى گەپلەرنى سكارلېتقا دېمىگەنلىكىدىن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالغان كېنىنېدى ئارقىدىكى ماختىغان گەپنى ئاڭلاپ يەنە باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى.

— شۇنداق، دۇكان ئېچىۋالدىم، يەنە كېلىپ خېلى ئوبدانلا دۇكان دەڭا. خەقلەر مېنى، تۇغما سودىگەر ئىكەنسەن، دېيىشىۋاتىدۇ، — ئۇ خۇشال كۈلۈپ قويدى. كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي بارا - بارا ئۇنلۇك كۈلۈشكە باشلىغانىدى، سىكارلېت بىزار بولغاندەك شۇركۇنۇپ قويدى.

قارا، بۇ ئۆزىنى چاغلىمايدىغان قېرىنىڭ ئەپتىنى! سىكارلېت ئىچىدە ئويلاپ قالدى.

— سىز نېمىلا ئىش قىلسىڭىز قاملاشتۇرۇپ قىلىدىكەنسىز، كېننېدى ئەپەندى. قانداق بولۇپ دۇكان ئېچىشنى ئويلاپ قالدىڭىز؟ بۇلتۇر مىلاد بايرىمى كۈنى يېنىمدا بىر تىيىن پۇلۇم يوق دېگىنىڭىز ھازىرغىچە ئېسىمدە.

ئۇ قۇلاققا ياقمايدىغان يۆتەلدىن بىرنەچچىنى يۆتىلىۋېتىپ ساقىلىنى سىلاپ قويدى، ئاندىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە كۈلۈمسىرىدى.

— بۇ ھەقتە سۆزلىسەم گەپ ئۇزۇن، سىكارلېت خانقىز.

ئۇھ، خۇداغا مىڭ شۈكۈر، ئويلىدى سىكارلېت، ئۇ مۇشۇ سۆزلىگەنچە ئۆيگە بارغۇچە سۆزلەپ مېڭىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشال ھالدا:

— سۆزلەپ بېقىڭچۇ، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

— ئۆتكەن قېتىم تاراغا قوشۇنغا تەمىنات يىغىپ بارغانلىقىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي مەن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كەتتىم، قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭمۇ مەنىسى قالمىدى، قىلاي دېسەم باشقا ئىشمۇ يوق. ئويلىسام، تېنى ساق ئادەم ئۇچۇن ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىن ئارتۇق ئىش يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن بىر مەزگىل ئۇرۇشتا يۈردۈم، تاكى مۈرەمگە ئوق تەگكەنگە قەدەر.

ئۇ ناھايىتى مەغرۇر سۆزلەۋاتاتتى. سىكارلېت گەپ قىستۇرۇپ قويدى.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش بۇ!

www.uyghurkitap.com

— ئانچىمۇ ئېغىر ئەمەس، مۇرەمنىڭ گۆشى ئازراق زەخىملەندى شۇ، — دېدى ئۇ سىكارلېتنىڭ چۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئانچە ياقتۇرمىغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇلار مېنى جەنۇبتىكى بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى. يارام خېلى ساقىيىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرسىدە شىماللىقلار تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ قالدى. ۋاي، ۋاي، ئۇ چاغدىكى جىددىيچىلىكنى بىر دېمەڭ. ئالدىن ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىغاندۇق، تۇيۇقسىزلا بولدى. ماڭالايدىغانلىرىمىز ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى تۆمۈريولغا توشۇپ باردۇق. ئەمدىلا بىر ۋاگونغا قاچىلاپ تۇراتتۇق، شىماللىقلار باستۇرۇپ كېلىپ قالدى، ھەممە نېمىنى تاشلاپلا قاچتۇق. ۋاي، ۋاي، ئۇ چاغدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى بىر دېمەڭ. پويىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، شىماللىقلارنىڭ تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان نەرسىلىرىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆردۇق. سىكارلېت خانقىز، يېرىم ئىنگلىز مىلى كەلگۈدەك ئارىلىققا بېسىلىپ كەتكەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى. بىز جېنىمىزنى ئېلىپ ئاران قېچىپ كېتەلىدۇق.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق.

— شۇنداق، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئادەملەر ئاتلانتاغا قايتىپ كەلگەنىدى، بىز ئولتۇرغان پويىزمۇ ئاتلانتاغا كەلدى. قاراڭ، سىكارلېت خانقىز، ئۇ ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغان چاغلار ئىدى. شۇڭا... نۇرغۇن چىنە ـ قاچىلار، بىرىېزېنت كارىۋاتلار، كارىۋاتقا سالىدىغان تەگلىكلەر، ئەدىياللار ئىگىسى يوق، ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. ھۆددە قىلالايمەنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شىماللىقلارنىڭ ئىدى. بىز ئۇلارغا تەسلىم بولساق ئۇلاردىن بىزگە قالىدىغىنى شۇ ئوخشايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سىكارلېت خۇشياقمىغاندەك «ھىم» دەپلا قويدى. بەدىنىگە

ئىسسىق ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئارزاق مۇگدەك بېسىپ قالغانىدى.

— مەن هازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ شۇ ئىشىمنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلمەيمەن، — ئۇ ئۆزىدىن سەل رەنجىگەندەك سۆزلىدى، — مېنىڭچە، ئۇ نەرسىلەرنىڭ شىمالىلىقلارغا ھېچقانداق لازىمى يوق ئىدى، چوقۇم كۆيدۈرۈۋېتەتتى. ئەمما، بىزنىڭ ئادەملەر ئۇ نەرسىلەرنى پۇلغا سېتىۋالغان، شۇڭا ئۇلار جەنۇب ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىغا مەنسۇپ ئىدى. مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ھىم.

— سىزنىڭ مېنىڭ قارىشىمغا قوشۇلغىنىڭىزدىن تولىمۇ خۇشالمەن، سىكارلېت خانقىز. لېكىن، نېمىشقىدۇر، ئۇ ئىشلارغا ۋىجدانىم قايىناپ تۇراتتى، نۇرغۇن ئادەملەر: «ھەي، ئۇنى ئويلىما، فىرانك!» دېيىشتى. لېكىن، مەن ئويلىماي تۇرالمايتتىم. بىرەر يامان ئىش قىلىدىغان بولسام خەقلەرنىڭ ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمەيتتىم. سىز مېنى توغرا قىپسىز دەپ ئويلامسىز؟

— ئەلۋەتتە توغرا قىپسىز، — دېدى سىكارلېت. ئەمما، ئۇ بۇ قىزنىڭ باياتىندىن بېرى نېمە مەزمۇندا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلمىدى. فىرانكنىڭ يېشىدىكى ئادەملەر ئۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ، ئەمما فىرانك ئۇنداق ئەمەس ئىدى، قورقۇنچاق، تۇگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك بىلىدىغان، قېرى قىزلارغا ئوخشاش مىجەزى بار ئادەم ئىدى.

— بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. تەسلىم بولغانلىقىمىزنى جاكارلىغان چاغدا يېنىمدا ئاران ئون دانە يامبۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ جونېسبورودىكى دۇكىنىم بىلەن ئۆيلىرىمنى نېمە قىلىۋەتكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز. شۇنداق ئەھۋالدا مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمىدىم. شۇنداقتىمۇ يېنىمدىكى پۇلغا ئۇۋى

پوئىنتىسىنىڭ يېنىدىكى بىر يەرگە دۇكان سېلىپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى، كارىۋات، چىنە ـ قاچا، ئەدىيال دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ كېلىپ سېتىشقا باشلىدىم. ئۇ نەرسىلەرنى ئەرزان ساتتىم، چۈنكى مەن سېتىۋاتقان بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى ئاشۇ ئادەملەرنىڭمۇ، كىم بىلىدۇ. ساتقان نەرسىلىرىمنىڭ پۇلىغا باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كېلىپ دۇكىنىمغا سېلىپ تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن سودام جانلىنىشقا باشلىدى. داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىۋەرسەم نۇرغۇن پۇل تاپالايتتىم.

پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، سىكارلېتنىڭ دىققىتى دەررۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە مەركەزلەشتى.

— سىز نۇرغۇن پۇل تاپتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

فىرانك ئۇنىڭ قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۆچەپ سۆزلەشكە باشلىدى. سۇئېللېندىن باشقا ھېچقانداق بىر ئايال ئۇنىڭ گەپلىرىگە بۇنچىلىك قىزىقىپ باقمىغانىدى. سىكارلېتقا ئوخشاش ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ھەۋەس قىلىپ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر چىرايلىق خانىمنىڭ ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن زور بەخت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە سۆزلەيدىغانلىرىمنى سۆزلەپ بولالماي قالماي دەپ ئويلاپ، ئېتىنىڭ مېڭىشىنى ئاستىلىتىپ قويدى.

— مەن تېخى مىليونېر ئەمەس، سىكارلېت خانىقىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن پۇلۇم كۆپ بولغاچقىمۇ، ھازىرقى پۇلۇم كۆزۈمگە ھېچقانچە جىق كۆرۈنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپتىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بەش يۈزىنى يېڭى مال كىرگۈزۈشكە، دۇكاننىڭ رېمونتىغا، باجغا ئىشلىتىمەن، ساپ پايدا بەش يۈز دوللار. ھازىرقى سودا ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كېلەر يىلى ئىككى مىڭ دوللار تاپالايدىغاندەك قىلىمەن. بۇ پۇلنى ئىشلىتىدىغان يەرنىڭمۇ ئورنى چىقىپ قىلىۋاتىدۇ. سىكارلېت خانىقىز، قولۇمدا يەنە بىر ئىش بار، شۇنىمۇ قىلماقچى

بولۇۋاتىمەن.

— ئۇ قانداق ئىش، كېنىنېدى ئەپەندى؟

ئۇ كۆلۈپ قويۇپ قولىدىكى بوجىنى ئاتىنىڭ دۇمبىسىگە تاشلاپ قويدى.

— ساپلا سودا توغرۇلۇق گەپ قىلسام زېرىكىپ قالارسىزمىكىن، سىزگە ئوخشاش گۈزەل خانىملارغا سودا ئىشلىرىنى بىلىشمۇ ھاجەتسىز.

گېپىنى قارا، بۇ قېرى ئەخمەقنىڭ.

— مەن ئۆزۈمنىڭ سودا ئىشلىرىدىن پەقەتلا خەۋىرىم يوقلۇقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقىمەن. قېنى سۆزلەۋېرىڭ، بىلەلمىگەن يەرلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ قويىسىڭىز بولىدۇ.

— ماقۇل، سىزگە دەپ بېرەي، مەن يەنە پەن زاۋۇتى قۇرماقچى.

— نېمە؟

— ياغاچ ھەرىدەيدىغان، پەن تىلىدىغان زاۋۇت قۇرماقچى. مەن ئۇنى تېخى سېتىۋالمىدىم، ئەمما سېتىۋېلىشقا تەييارلىنىق قىلىۋاتىمەن. جونسون ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئاشۇنداق بىر زاۋۇتى بار. ئۇنىڭغا پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ زاۋۇتىنى ماڭا سېتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۆزى مەندە ئىشلەۋېرىدۇ، ھەپتىلىك مائاشىنى بېرىمەن. بۇ ئەتراپتا پەن زاۋۇتىدىن بىر نەچچىسىلا بار، قالغىنىنى شىماللىقلار ۋەيران قىلىۋەتتى. مۇشۇ كۈندە پەن زاۋۇتى بار ئادەمنى ئالتۇن كېنى بار دېيىشىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، شىماللىقلار نۇرغۇن ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەچكە، كىشىلەر ھەدەپ ئۆي سېلىشىۋاتىدۇ. سىزگە ئېيتسام، ئاتلانتا تېز ئارىدا چوڭ شەھەرگە ئايلىنىدۇ. كىشىلەرگە ئۆي سالىدىغانغا ياغاچ كېرەك، شۇڭا ئاشۇ زاۋۇتنى سېتىۋالاي دەپ ئويلىدىم. خەقلەردىكى پۇللىرىمنى يىغسام ئۇنى بەخۇدۇك سېتىۋالالايمەن. كېلەر يىللىرى قولۇمغا خېلى كۆپ پۇل كىرىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قالىدۇ. مەن... مەن سىزنى نېمە ئۈچۈن تىرىشىپ پۇل تاپماقچى بولۇۋاتقىنىمنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

كېنىپدى يەنە قىزىرىپ، پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالى سۇئېللېندا، ئەمما سىكارلېت ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى.

ئۇ ئۇنىڭدىن ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرى بېرىپ تۇرۇشنى سورىماقچىمۇ بولدى، لېكىن يەنە بىئەپ كۆرۈپ ئۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇ پۇلنى سورىسا كېنىپدى تەڭلىكتە قېلىشى، تىلىنى چاينىشى، بەرمەسلىككە باھانە تېپىشى مۇمكىن. قىسقىسى، بەرمەيدۇ، ئۇ سۇئېللېن بىلەن توي قىلىمەن دەپ مىڭبىر جاپادا تاپقان پۇلىنى خەققە بېرىۋەتسە، تويىنى كېچىكتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ ـ دە. ئۇ ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ قەرز بېرىپ تۇرۇشقا ئۇناتقان قەدىرىدىمۇ سۇئېللېن ئۇنىڭغا ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. سۇئېللېنمۇ بېشىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تويىنى كېچىكتۈرۈۋېتىشىگە يول قويمايدىغانلىقى ئېنىق.

ئەتىدىن كەچكىچە غىڭشىپلا يۈرىدىغان بۇ قىزنىڭ نەرى بۇ قېرىنى ئۇنىڭغا شۇنداق راھەت تۇرمۇش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىشكە ئالدىرىتىۋاتقاندۇ؟ ئۇ بۇ ئەرگە خوتۇن بولۇشقا، بىر دۇكان بىلەن بىر يەن زاۋۇتىنىڭ ئايال غوجايىنى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. قولى ئازراقلا پۇل كۆرىدىغان بولسا مەيدىسىنى كېرىپ ھېچكىمنى ياراتمايدۇ ئۇ. تارانى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئازراق پۇلنىڭ مەرىدىن كېچىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. قولىدا پۇل بولىدىغانلا بولسا راھەت قوغلىشىپ، تارا باجنى تاپشۇرالمىغانلىقى بىلەن قولدىن كېتەمدۇ ياكى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتەمدۇ، كارى بولمايدۇ، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرسە، خەقلەر «خانىم» دەپ چاقىرسا شۇنىڭغا خۇشال بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

سىكارلېت سۇئېللېننىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتىدىغان

كەلگۈسى تۇرمۇشى بىلەن تارانىڭ قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتقان تەقدىرىنى ئويلاپ، غەزەپ ئوتىدا پۇچۇلىنىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ بۇ تەڭسىزلىكلىرىگە ئىچ - ئىچىدىن نارازى بولدى ۋە چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشنى فىرانك كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ دەررۇلا يول تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ ھەممىدىن مەھرۇم قىلىۋاتاتتى، سۇئېللېن بولسا... تويۇقسىز، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كىرىپ قالدى.

سۇئېللېن فىرانك كېيىنكىدىنىڭ دۇكىنى بىلەن پەن زاۋۇتىغا ئىگە بولماسلىقى كېرەك.

ئۇ نەرسىلەر سۇئېللېنغا مۇناسىپ ئەمەس، سكارلېتقا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. ئۇ تارانى، جوناس ۋىلكېرسوننى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن زەھەر چاچرىتىپ پەلەمپەيدە تۇرغان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تەقدىرىنىڭ كېيىنكى چۆكۈپ كېتىۋاتقان مۇشۇ خەتەرلىك مىنۇت ئىچىدە لەيلەپ تۇرغان بىر تال پاخالغا مەھكەم ئېسىلماقچى بولدى. رېت باتلېر ئۇنى نائۇمىد قويغانىدى، خۇدا ئۇنىڭغا فىرانك كېيىنكىدىنى يەتكۈزدى.

«بىراق، ئۇنىڭغا ئېرىشەلەرمەنمۇ؟ — ئۇ قوللىرىنى مەھكەم جۈپلەپ، يىغىۋاتقان يامغۇرغا تىكىلىپ قالغانىدى، — ئۇنىڭغا سۇئېللېننى ئۇنتۇلدۇرۇپ ئۆزۈمگە تەلەپ قويدۇرالارمەنمۇ؟ رېت باتلېرنى شۇنداق قىلىشقا يېقىن كەلتۈرەلىگەن يەردە، بۇ ئادەمنى چوقۇم كەلتۈرەلەيمەن، — ئۇ ئىنتىك بېشىنى بۇراپ، ئۇنىڭغا پۈتىدىن بېشىغىچە ناھايىتى تېز سەپسېلىپ چىقتى، — بۇ ئادەم چىرايلىق ئەمەس، چىشلىرى شۇنچىلىك سەت، ئاغزىمۇ پۇرايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۆزىمۇ ماڭا دادا بولغۇدەك ياشتا... ئۇنىڭدىن باشقا، تەرساراق، شۇنچىلىك ئېھتىياتچان، ئەنسىز، بۇنىڭ ھەممىسى ئەرلەردە بار يامان خىسلەتلەر. ئەمما، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئادىمىغۇ؟ بىر ئامال قىلىپ بىللە ياشاپ كېتەلەيمەن، رېت باتلېرغا قارىغاندا ياخشىراقتۇ. ئۇنى گېپىمگە كىرگۈزمەكمۇ ئاسان. قىسقىسى، نامراتلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىلەمچىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئەر تاللاپ ئولتۇرۇشقا ھەققى يوق.

ئۇ سۇئىللىرىنىڭ توي قىلىدىغان ئادىمىغۇ؟ ئەمما، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ۋىجدانىنى قىلچە بىئارام قىلمىدى. ئەسلىدىمۇ ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئۇزۇل ـ كېسىل گۇمرانلىق ئۇنى ئاتالمىشتاغا رېت باتلىرىنىڭ يېنىغا سۆرەپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟ سىڭلىسىنىڭ تېگىدىغان ئادىمىنى تارتىۋېلىش ئۇ ئىشنىڭ ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس، كاللا قاتۇرۇپ كەتكۈچىلىكى يوق.

يېڭى ئۆمىد تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچىيىپ، پۈتلىرىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ فىرانكقا قاراپ كەتتى، فىرانك خىجىل بولۇپ نەگە قارىشىنى بىلمەي قالغان چاغدىلا ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. چۈنكى، ئۇ باتلىرنىڭ: «مەن سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئۇنداق كۆزلەرنى مەندىن يىگىرمە قەدەم نېرىدا ماڭا تەڭلىنىپ تۇرغان دۈئېل تاپانچىسىنىڭ ئۇستىدىمۇ كۆرگەن... ئۇ كۆزلەر ئەرلەرنىڭ يۈرىكىدە ئوت ياندۇرالمايدۇ» دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

— نېمە بولدىڭىز، سىكارلېت خانقىز؟ مۇزلاۋاتامسىز؟

— شۇنداق، — ئامالسىز جاۋاب بەردى ئۇ، — باشقىچە ئويلىمىسىڭىز، — قورقۇمسىراپراق دېدى ئۇ يەنە، — قوللىرىمنى چاپىنىڭىزنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالسام ئېغىر كۆرمەسسىزمۇ؟ ھاۋا شۇنچىلىك سوغۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە قول قېپىم ھۆل بولۇپ كەتتى.

— ھە، ھىم، ئەلۋەتتە ئېغىر كۆرمەيمەن. نېمىشقا پەلەي كىيىۋالمىدىڭىز؟ مەنمۇزە، مەنمۇزە، ئۆتۈپ كەتكەن گالۋاڭ ـ دە. گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. دەررۇ ئوتقا قاقلىنىۋېلىشىڭىز كېرەك ئىدى. چاپسان ماڭ، سالىي! سىكارلېت خانقىز، مەن ئۇزۇم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىزنىڭ بۇنداق يامان ھاۋادا بۇ تەرەپلەردە نېمە

ئىش قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى سورىماپتىمەن.

— شىماللىقلارنىڭ باش ئىشتابىغا بېرىپ كەلدىم، — ئۇ ئويلانمايلا جاۋاب بەردى. فىرانك ئاڭلاپ ھەيران قالدى، قوشۇمىسى بىردىنلا تۈرۈلۈپ كەتتى.

— سكارلېت خانقىز، ئۇ ئەسكەرلەر... ھىم...

«ئاھ، خۇدا، ئەمدى ئۇ ئىشەنگۈدەك يالغاندىن بىرنى تاپاي!» ئۇ دەررۇلا خۇداغا تېۋىندى. ئۇنىڭغا رېت باتلېرنىڭ يېنىغا بارغانلىقىمنى ھەرگىز بىلدۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك. فىرانك ئۇنى شۇنچىلىك يامان كۆرىدۇ، ياخشى ئاياللارنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلىشىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ.

•— مەن ئۇ يەرگە... ئۇ يەرگە... ئوفىتسېرلارنىڭ ئىچىدە قولدا توقۇغان نەرسىلەرنى خوتۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىدىغانلىرى بارمۇ، يوق، ئۇقۇشۇپ باقاي دەپ بارغان. مەن كەشتە تىكىشكە خېلى ئۇستا.

ئۇ ھودۇقۇپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى، يىرگىنىش بىلەن تېڭىرقاش كاللىسىدا كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى.

— شىماللىقلارنىڭ يېنىغا بارسىڭىز... سكارلېت خانقىز، ئۇ يەرگە بارماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. قاراڭ... قىلغان ئىشىڭىزنى... بۇ قىلىقىڭىزنى دادىڭىز چوقۇم بىلمەيدۇ، پىتتىپات خانقىزمۇ...

— ئۇ ئىشنى پىتتىي ھامامىغا دەپ قويىدىغان بولسىڭىز تۈگەشكىنىم شۇ، — ئۇ راستىلا تىت - تىت بولۇپ يىغلاپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا مۇزلاپ ھەم بىئارام بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، يىغلىماقمۇ ئاسان ئىدى، بۇ يىغا ھەيران قالغۇدەك ئۈنۈممۇ بەردى. فىرانك ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ بىئارام بولدى، ئۇنى نېمە دەپ بەزلىشىنىمۇ بىلمىدى. «ۋاي خۇدايىم ! ۋاي خۇدايىم !» دېيىشتىن باشقا گەپ ئاغزىغا كەلمىدى، قوللىرىمۇ ئۇيان - بۇيانغا قۇرۇق سىلكىنىپ تۇراتتى. بىر چاغدا كاللىسىغا يۈرەكلىك بىر خىيال كىرىپ، سكارلېتنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە

قويۇۋالـماقچى، ئـاندىن دۈمبىسىگە بوش ئۇرۇپ بەزلىمەكچى بولدى. لېكىن، ھېچقانداق ئايالنى ئۇنداق قىلىپ باقمىغاچقا، قانداق قىلىشنىمۇ بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. سكارلېت ئوخارادەك تەڭداشسىز بىر گۈزەل خانىم ئۆزىنىڭ كەشتىلىرىنى شىماللىق ئالۋاستىلارغا ساتىمەن دەپ مۇشۇ يەرلەردە يۈرسە ــ ھە ! فىرانكىنىڭ يۈرىكى لاۋۇلداپ يانماقتا ئىدى.

سكارلېت توختىماي يىغلىدى، ئارىلاپ گەپمۇ قىلىپ قوياتتى. فىرانك ئۇنىڭ شۇ گەپلىرىدىن تارانىڭ ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى ئازراق بىلگەنمۇ بولدى. ئوخارا ئەپەندى ھازىرغىچە گومۇش ئەھۋالدا ئىكەن، شۇنچە ئادەمنىڭ يەيدىغىنىمۇ يېتىشمەيدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆيىنىڭ چاي ـ تۇزىغا ئازراق پۇل تېپىش ئۈچۈن ئاتلانتاغا كەپتۇ. فىرانك شۇ خىياللار بىلەن بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدىسىدە تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ باشنىڭ قاچانلاردا بۇ يەرگە قويۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ باقمىغاندىغۇ؟ ئەمما، ئۇ باشنىڭ مەيدىسىدە تۇرغانلىقى ئېنىق، سكارلېت جانسىز ھالدا بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ بوش يىغلاۋاتىدۇ. ئاھ، بۇ فىرانك ئۈچۈن نەقەدەر خۇشاللىق ھەم يېڭىلىق ـ ھە. ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ قويدى. دەسلەپتە قورقتى، كېيىن سكارلېتنىڭ قارشىلىق قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرەكلىك ھالدا چىڭ ـ چىڭ ئۇرۇشقا باشلىدى. نېمىدېگەن بىچارە، نېمىدېگەن يۇمران تەن بۇ. ئۇ ئۆزى تىككەن كەشتىسى بىلەن پۇل تاپماقچى بولغان. بۇ يۈرەكلىك ھەم باللارچە ھەرىكەت ئەمەسمۇ؟ بىراق، شىماللىقلارنىڭ ئالدىغا بارغىنى بولماپتۇ.

ــ پىتتىپپات خانقىزغا بۇ ئىشىڭىزنى دېمەيمەن، ئەمما ماڭا ئىككىنچى ئۇنداق ئىش قىلمايمەن دەپ ۋەدە بېرىڭ، سكارلېت خانقىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوخارا ئەپەندىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىسىڭىزلا...

سىكارلېتنىڭ زۇمرەتتەك كۆپكۆك كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئامالسىزلىقتىن ئىزدىمەكتە ئىدى.

— بىراق، كېيىنكىدى ئەپەندى، قانداقلا بولسۇن بىر چارە تېپىشىم كېرەك - دە. بىچارە ئوغلۇمنى باقمىسام بولمايدۇ، ھازىر بىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق.

— سىز باتۇر ھەم يېقىشلىق ئايال، — دېدى فىرانك قىلچە تەمتىرىمەي، — ئەمما مەن سىزنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشىڭىزنى خالىمايمەن، بولمىسا ئۆيدىكىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى نومۇستىن ئۆلىدۇ.

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى خۇددى ھەممە ئىشنى شۇ بىلىدىغاندەك ھەم ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىگە قاراشلىق قالغاندەك فىرانكنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ھازىر مەنمۇ سىزگە مەسلىھەت كۆرسىتەلمەيمەن، ئەمما سىزگە چوقۇم چارىسىنى تېپىپ بېرىمەن.

— مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن! سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئىش كېلىدۇ، فىرانك.

سىكارلېت بۇرۇن ئۇنى پەقەتلا ئىسمى بىلەن ئاتاپ باقمىغانىدى. فىرانك بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقاچقىمۇ خۇشال بولدى ھەم ھەيران قالدى. بۇ بىچارە قىزنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنىمۇ سەزمەيۋاتىدۇ. فىرانك ئۆزىنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن سېزىشكە باشلىدى، ھەتتا سۇئېللېننىڭ ھەدىسى ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بەرمەكچىمۇ بولدى. بۇنى ئۇ چوقۇم قىلىدۇ. ئۇ يانچۇقىدىن يوغان بىر قىزىل قول ياغلىقنى ئېلىپ سىكارلېتقا بەردى. سىكارلېت ياغلىق بىلەن كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، ئاندىن پىسىڭخىدە كۈلۈپ قويدى.

— مەن نېمىدېگەن كۈلكىلىك ئەخمەق قىز - ھە! — كەچۈرۈم سورىغاندەك دېدى سىكارلېت، — ئەيىبكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇيرۇمىسىڭىز مېنى خۇشال قىلغان بولاتتىڭىز.

— سىز ئەخمەق ئەمەس، باتۇر ھەم يېقىملىق ئايال، ئارتۇقچە يۇكىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىۋالغانلا يېرىڭىز بار. پېتتىيېپات خانقىزنىڭ سىزگە ئۇنچە كۆپ ياردىمى تەگمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئاڭلىسام، ئۇ نۇرغۇن دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ھېنرى خاملىتون ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ. مەن ئۆي تۇتسام سىزنى ئەكېلىۋالساقمۇ بولىدۇ. سۇئېللېن ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن، سىزگە بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇق، ۋادىنىمۇ ئېلىپ كەلسىڭىز بولىدۇ.

ئەمدى پەيتى كەلدى! چوقۇم مېنى پەرىشتىلەر يۆلەپ بۇ ياخشى پۇرسەتنى ماڭا كەلتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەيران قالغان ياكى بىئارام بولغان بىر ئىپادىدە ئۆزىنى گەپ قىلغۇسى بار، ئەمما گەپكە ئاغزى بارمايۋاتقاندەك قىياپەتتە كۆرسىتىپ، ئېچىلغان ئاغزىنى دەررۇ يۇمۇۋالدى.

— خۇدا بۇيرۇسا بۇ يىل باھاردا سىڭلىڭىزنىڭ كۈيۈسى بولۇپ قالىمەن. بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوقتەك قىلماڭ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان بىرخىل خۇشاللىق بىلەن. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ يەنە ياشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇمسىراپ سورىدى، — نېمە بولدى؟ سۇئېللېن خانقىز ئاغرىپ قالدىمۇ؟

— ھە، ياق، ياق!

— چوقۇم بىر ئىش بوپتۇ. ماڭا ئېيتىڭ.

— ئېيتالمايمەن! بىلمەيمەن! مەن تېخى ئۇنى خەت يېزىپ سىزنى خەۋەرلەندۇردى دەپ ئويلاپتىكەنمەن... ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈردىغۇ ئۇ!

— سىكارلېت خانقىز، زادى نېمە بولدى؟

— فىرانك، بۇ گەپنى سىزگە مەن دېمىسەم بولاتتى، ئەمما مېنىڭچە... ئەلۋەتتە، سىزمۇ بىلىسىز... مەن تېخى ئۇنى سىزگە

خەت يازدى دەپ ئويلاپتىمەن.

— ماڭا نېمە دەپ خەت يازاتتى؟ — فىرانك تىت - تىت بولۇپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— سىزدەك بىر ياخشى ئادەمگە شۇنداقمۇ قىلامدۇ؟

— ئۇ نېمە قىلدى؟

— ئۇ راستىلا سىزگە خەت يازمىدىمۇ؟ خىجىل بولغان ئوخشايدۇ. ئۇمۇ نومۇس قىلىدۇ - دە. مۇشۇنداق بىر نومۇسسىز سىڭلىمنىڭ بولغىنى ئۈچۈن مەنمۇ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتىمەن.

ئەمدى فىرانكنىڭ ئۇنىڭدىن سوئال سوراۋېرىشكە ماجالى قالماي سىكارلېتقا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى، چىرايىمۇ سارغىيىپ كەتتى، بوجىمۇ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇ كېلەر ئايدا تونى فونتائىن بىلەن توي قىلماقچى. مېنى كەچۈرۈڭ، فىرانك. بۇ گەپنى سىزگە مېنىڭ دېگىنىممۇ تازا قاملاشمىدى. ئۇ قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقۇپ ساقلاشقا تاقەت قىلالمىدى بولغاي.

فىرانك سىكارلېتنى قولتۇقىدىن يۆلەپ پەيتونىدىن چۈشۈرۈۋاتقاندا، نېگىر ئانا ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغانلىقى ھۆل بولۇپ كەتكەن ياغلىقى بىلەن ئۈستىدىكى چاپىنىدىن مەلۇم ئىدى. قورۇلۇپ كەتكەن قارا يۈزىدىن ئاچچىق ۋە ئەندىشە چىقىپ تۇراتتى، كالپۇكلىرىمۇ سىكارلېت كۆرگەن ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك پۈرۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىتتىككىلا فىرانكقا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن شۇئان ئۆزگىرىپ، خۇشال بولغاندەك ھەم ھەيران قېلىۋاتقاندەك بولدى، ئازراق خىجىل بولغاندەكمۇ قىلدى. فىرانكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، فىرانك قولىنى ئۇزارتقاندا كۈلكىدىن ئاغزىنى يۇمالماي دەررۇ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— سىزنى بۇ يەردە ئۇچراتقىنىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى ئۇ، — ياخشىمۇسىز، فىرانك ئەپەندى؟ ۋاي - ۋۇي، قالتىس بېيىپ كەتكەن ئوخشىمامسىز! سىكارلېت خانقىزنىڭ سىز بىلەن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسام بۇنچىلىك ئەنسىرەپمۇ كەتمەيدىكەنمەن. ئۇنىڭ خىزمىتىدە بىر ئادەم بولمىسا زادى بولمايدۇ. سىرتتىن كېلىپ قارىسام ئۆيدە يوق، شۇنىڭ بىلەن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتىم. كوچىلار يېڭى قويۇپ بېرىلگەن نېگىرلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، بىر ئىش بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ قوزام، نېمىشقا ماڭا گەپ قىلماي چىقىپ كەتتىڭىز؟ زۇكامىمۇ بولغان ئوخشايسىز تېخى.

سىكارلېت فىرانكقا قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. فىرانك بايىقى خەۋەرنى ئاڭلاپ تېخىچىلا ئېسىگە كېلەلمەيۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ سۆكۈت قىلىپ، مېنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنۇمغا ماسلىشىپ بېرىڭ، دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشەنگەندى.

— ماڭا قۇرۇق كىيىمدىن بىر قۇر ئاچىقىپ بەرگىن، ئانا، — دېدى سىكارلېت، — قىزىق چايمۇ دەملەپ بەر.

— ۋاي قانداق قىلاي، يېڭى كىيىملىرىڭىز رەسۋا بولۇپ كېتىپتىغۇ، — موماي تۈۋلاپ كەتتى، — ئەمدى ئۇنى قۇرۇتۇپ پاكىز تازىلىسام بولغۇدەك، بولمىسا بۈگۈنكى تويغا كىيىپ بارالمايسىز.

موماي كىرىپ كەتتى، شۇ ئارىلىقتا سىكارلېت فىرانكقا يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۈگۈن كەچتە تاماققا كېلىڭ، بىز بەكمۇ غېرىبسىنىپ كېتىۋاتىمىز. ئاندىن بىللە تويغا بارىمىز، ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارىسىز. يەنە بىر ئىش، پىتتىي ھاممامنىڭ ئالدىدا... سۇئېللېننىڭ ئىشى توغرۇلۇق ھەرگىز گەپ قىلماڭ، ئۇ بىئارام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا سىڭلىمنىڭ گېپى چىقىپ قالسا مەنمۇ چىدىمايمەن.

— دېمەيمەن! دېمەيمەن! — دېدى فىرانك ئالدىراپ. بۇ ئىشنى ئۇيلىسىلا ئۇنى تىترەك بېسىپ كېتىۋاتاتتى.

— بۈگۈن ماڭا جىق ياردەم بەردىڭىز، ئۇبدان مۇئامىلە قىلدىڭىز. سىزنى كۆرۈپ مەنمۇ خېلى يۈرەكلىك بولۇپ قالدىم، — خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇ فىرانكنىڭ قولىنى چىڭ - چىڭ سىقىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە بىردەم قاراپ تۇرۇۋالدى.

ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان نېگىر ئانا ئۇنىڭغا چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل نەزەردە قارىدى، ئاندىن سىكارلېتنىڭ كەينىدىن ئۈستىدىكى ھۇجرىغا چىقىپ، لام - جىم دېمەي ئۇنىڭ ھۆل كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى، سالدۇرۇپ بولۇپ كارىۋاتقا ئىتتىردى، كېيىن بىر پىيالە قىزىق چاي بىلەن قىزدۇرۇلغان بىر دانە خىشنى ئەكېلىپ، خىشنى يوتقاننىڭ ئىچىگە پۇتىغا توغرىلاپ قويۇپ قويدى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ، سىكارلېت دائىم ئاڭلايدىغان، كەچۈرۈم سورىغاندەك ئاھاڭدا دېدى:

— قوزام، ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى نېگىر ئانىڭىزغا نېمىشقا دېمەيسىز؟ شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىم مەن؟ يېشىم چوڭ ھەم سېمىز بولغاچقا، كەينىڭىزدىن سوكۇلداپ يۈرەلمەيمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— قوزام، مېنى ئالدايمەن دېمەڭ. مەن سىزنى بىلىمەن. بايا فىرانك ئەپەندىنىڭ چىرايىغا، سىزنىڭ چىرايىڭىزغا قاراپلا كۆڭلىڭىزدىكىنى تولۇق چۈشەندىم. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇئېللېن خانقىز توغرۇلۇق قىلغان گېپىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم. سىزنىڭ فىرانك ئەپەندىنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بالدۇرراق ئاڭلىغان بولسام، ئۆيۈمدە ئولتۇرماي بۇ يەرگە نېمىشقا كېلەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بولدىلا، — دېدى سىكارلېت ئەدىيالنىڭ ئىچىگە كىرىۋېتىپ. نېگىر ئانىسىغا ھېچقانداق ئىشنى بىلدۈرمەيمەن دېيىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى، — سەن مېنى كىمنى ئىزدەپ كەلدى، دەپ ئويلىدىڭ؟

— قىزىم، مەن ئۇنى بىلمەيمەن، تۈنۈگۈنكى چىرايىڭىز كۆڭلۈمنى بەكمۇ يېرىم قىلغان. پىتتىيپات خانقىز مېلانىيەگە يازغان خېتىدە باتلېر دېگەن ھېلىقى لۈكچەكنىڭ پۇلىنىڭ جىقلىقىنى دەپتىكەن. ئۇ ئادەم توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىم زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. فىرانك ئەپەندى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، سەت بولسىمۇ مەرتىۋىلىك ئادەم.

سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى، نېگىر ئانىمۇ بوش كەلمەي ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، دېگەندەك ئۇنىڭغا دادىل تىكىلىپ تۇردى.

— قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟ سۆيۈملۈكىڭغا سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويماقچىمۇ؟

— سىزگە بار ئامالىم بىلەن ياردەم بېرىپ فىرانك ئەپەندىنى تېخىمۇ خۇش قىلماقچىمەن، — دېدى موماي يوتقاننىڭ چەت - چۆرىسىنى ھەم باستۇرۇپ قويغاچ.

نېگىر ئانا ئۆيدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا سىكارلېت يوتقاننىڭ ئىچىدە جىمجىت ياتاتتى. ئەمدى ئۇ خاتىرجەم ئىدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ توغرۇلۇق جېدەل ئىككىنچى يۈز بەرمەيتتى. نېگىر ئانا ھەممىنى چۈشەندى، شۇڭا ئۇنى ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى ھەم بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. سىكارلېت نېگىر ئانا ئۆزىدىنمۇ ئۆتە مۇرەسسە قىلمايدىغان رېئالىزمچى ئىكەنلىكىنى پەقەت بۈگۈنلا بىلدى. ئۇنىڭ ئۇ سەزگۈر قېرى كۆزلىرى ھەرقانداق ئادەم ۋە ھەرقانداق ئىشنى چوڭقۇر كۆزىتەلەيتتى. ئۆزى ئىپتىدائىي ئادەملەر ۋە كىچىك بالىلارغا ئوخشاش ساددا بولۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە خەۋپكە ئۇچرىغاندا ۋىجداننىڭ چەكلەشلىرىگە پەرۋا قىلماي كۆكرەك

كېرىپ چىقاتتى. سكارلېت ئۇنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا نېمىلا لازىم بولىدىكەن، ئۇ نەرسە باشقىلارغا تەئەللۇق بولسىمۇ ئۇ ئۇنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرەلەيتتى، سۇئېللېن بىلەن فىرانك كېننېدىنىڭ ئىشلىرىمۇ سكارلېتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكلىرىگە سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ يۈرىۋېرەتتى. ھازىر سكارلېت قىيىنچىلىقتا يولۇقتى ھەم ئۇنى بار ئىمكانىيىتى بىلەن يېڭىشكە تىرىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئېللېن خانىقىزنىڭ قىزى، شۇڭا نېگىر ئانا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ھەرگىز ئىككىلەنمەيدۇ.

سكارلېت ئۇنسىز قوللاشقا ئېرىشكەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇتلىرى تېگىپ تۇرغان قىزىق خىشنىڭ تەپتى بىلەن بەدىنىگە ئىسسىق ئۆتۈپ، پەيتونىدا مۇزلاپ تۇرغان چاغدا ئۇچقۇنلىغان ئۈمىدى ئەمدى ھازىر يالقۇنلاشقا باشلاۋاتاتتى. ئۇ يالقۇن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈشكە، يۈرىكىنى تېپچەكلىتىشكە، قانلىرىنى ئۇرغۇتۇشقا باشلىدى، بەدىنىگە قۇۋۋەتمۇ كىردى. كۈچلۈك بىر ھاياجاننىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنى باسالماي قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىشكىمۇ تاس قالدى. تېخى يىقىلمىدىم دەپ ئويلىدى ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي.

— ئەينەكنى ئېلىپ بەرگىنە، ئانا، — دېدى ئۇ.

— مەھكەم چۇمكىنىڭ، مۇرىلىرىڭىز ئېچىلىپ قالمىسۇن، — دېدى نېگىر ئانا ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەينەكنى ئېلىپ بەردى. قېلىن كالپۇكلىرى ئۈستىدە ئازراق كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

سكارلېت ئەينەككە قارىدى.

— چىرايىم سارغىيىپ ئالۋاستىغىلا ئوخشاپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ. — چاچلىرىمۇ ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك چىگىچلىشىپ كېتىپتۇ.

— راست، چىرايىڭىز تازا ياخشى ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھىم... يامغۇر يەنە شۇنداق جىق يېغىۋاتامدۇ؟
— چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتىدۇ.
— قانداقلا بولسۇن، كوچىغا بىر چىقىپ كىرمىسەڭ بولمايدۇ.
— مۇشۇنداق قاتتىق يامغۇردىمۇ؟ ھەرگىز چىقمايمەن.
— يا سەن چىقىسەن، يا مەن چىقىمەن.
— شۇنچىلا جىددىي نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟ كەچكىچە تالادا يۈرۈپ چارچىغىنىڭىزمۇ يېتەر.
— ماڭا كولوگنىي ئەتىرىدىن بىر قۇتا كېرەك، — دېدى سكارلېت ئەينەكتىكى ئەكسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، — بېشىمنى يۇيۇپ، كولوگنىي ئەتىرىنى چېچىپ قويىسەن. يەنە ئازراق لىمون سۈيى بولمىسا بولمايدۇ، چاچلىرىم ھازىر تارغاققا كۆنمەيدىغان بولۇپ قالدى.
— بۇنداق ھاۋادا بېشىڭىزنى يۇيۇپ قويالمايمەن. ئالۋاستى خوتۇنلارغا ئوخشاش بېشىڭىزغا ئەتىر چاچىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سىزگە ئۇنداق ئىشلارنى قىلدۇرمايمەن.
— قىلىمەن دېدىم قىلىمەن. ھەمىيەنىمدىكى بەش دوللارلىق تىللانى ئېلىپ دەررۇ سىرتقا چىقىپ كىرگىن، يەنە... ھە راست، ئانا، ئازراق ئەڭلىكمۇ ئالغاچ كىرگىن.
— نېمە؟ — نېگىر ئانا سەل شۈبھىلىنىپ ئۇنىڭدىن سورىدى.
سكارلېت نېگىر ئانىنىڭ ئۆزىگە گۇمان بىلەن قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— ئۇنىڭ نېمىلىكى بىلەن كارىڭ بولماي، ئەڭلىك ئالسەن دېسەڭلا بولىدى.
— ئۆزۈم بىلمەيدىغان نەرسىنى ھەرگىز سېتىۋالمايمەن.
— ئۇششاق ئىشلارغىمۇ ئارىلىشىۋالىدىكىنە. ئۇ بىر خىل

رەڭ، يۈزگە سۈركەيدىغان. ھاڭۋېقىپ تۇرىۋەرمەي چاپسانراق ماڭساڭچۇ.

— رەڭ! — نىگار ئانا غودۇرىدى، — يۈزىگە سۈركەيدىغان! مەن چوڭ بولدۇم، نىگار ئانام مېنى ئەمدى ئۇرالمايدۇ دەپ ئويلىماڭ جۇمۇ؟ مەن يۈز كېتىدىغان ئىشنى ھازىرغىچە قىلىپ باقمىغان. بىشىڭىز ئايلىنىپ قاپتۇ سىزنىڭ. ئېللېن خانقىز شۇ تۇرقىدا سىزنىڭ مۇشۇ قىلىقىڭىز ئۈچۈن تولغىنىپ كېتىۋاتقاندۇ ھەرقاچان! يۈزىڭىزنى مايمۇندەك...

— سەن روبېللارد مومامنىڭ دائىم يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتۈپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلىسەن... ھەم...

— بىلىمەن، ئۇ يەنە بىرلا كۆڭلەك كىيىپ، پاقالچاقلىرىم كۆرۈنۈپ تۇرسۇن دېگەن مەقسەتتە كۆڭلىكىنى ئەتەي ھۆل قىلىۋالاتتى، سىزمۇ چوقۇم ئۇنى دورىشىڭىز كېرەكمۇ؟ ئۇ خېنىم ياش ۋاقتىدا ئەنە شۇنداق نومۇسنى بىلمەيتتى، ئەمما ھازىر دەۋر ئۆزگەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ۋاي خۇدايىم! — سىكارلېت ئاخىر چىدىماي توۋلاپ كەتتى، ئىچى تىتىلداپ ئۈستىدىكى ئەدىيالنىمۇ ئۈستىدىن ئېلىۋەتتى، — سەن ھازىرلا تاراغا قايتىپ كەت!

— ئۆزۈم كەتمىگۈچە سىز مېنى قوغلاپ كەتكۈزۈۋېتەلمەيسىز، مەن ئەركىن ئادەم، — دېدى نىگار ئانىمۇ بوش كەلمەي ئاچچىقى بىلەن، — بۇ يەردە تۇرغىنىم تۇرغان، چاپسان يېتىۋېلىڭ، ئۆپكىڭىزگە سوغۇق تەگكۈزمەكچىمۇ سىز؟ لېپتىكىڭىزنى يېشىڭ! بولۇڭ، قوزام. قىسقىسى، سىكارلېت خانقىز، بۇنداق ھاۋادا سىرتقا چىقسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ! دادىڭىزغا نېمە دېگەن ئوخشىغانسىز! چاپسان كارىۋاتقا چىقىڭ... مەن سىزگە ئۇنداق بوياقلارنى ئەكېلىپ بەرمەيمەن. ئۆزىنىڭ بالىسىغا ئۆزى شۇنداق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. سىز شۇنچىلىك ئۇماق، شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇڭا سىزگە ئەڭلىك ئىشلىتىش كەتمەيدۇ. بىلىپ قېلىڭ، قوزام،

ياماﻥ ئاياللاردىن باشقا ھېچكىم يۈزىگە ئۇنداق نېمىلەرنى سۈرتمەيدۇ.

— ئۇنى سۈرتكەنلەرنىڭ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ قىزنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قاراڭلار. قوزام، ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ. پايپاقلىرىڭىزنىمۇ سېلىڭ. مەن ئۇ نەرسىلەرگە ھەرگىز ئۆزىڭىزنى چىقارمايمەن، بولمىسا ئېللېن خانقىز مەندىن رەنجىيدۇ. چاپسان كارىۋاتقا چىقىپ يېتىڭ. مەن چىقاي، مېنى تونۇمايدىغان بىرەر دۇكاننى ئۇچرىتىپمۇ قالارمەن.

شۇ كۈنى كەچتە ئېلسىن خانىمنىڭ ئۆيىدە فەننىنىڭ تويى بولدى. قېرى لېۋى بىلەن باشقا مۇزىكانتلار تانسىغا مۇزىكا چېلىۋاتقاندا، سىكارلېت كەيپى چاغ ھالدا ئەتراپقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم تانسىغا داخىل بولغىنىدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. فىرانك بىلەن قولتۇقلىشىپ كىرىپ كەلگەندە، ئۆيدىكى ھەممە ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشال ھالدا ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى: ئۇنى سۆيۈشتى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇنى سېغىنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، تاراغا قايتىپ كەتمەي مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ، دېيىشتى. ئەرلەر ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئاجايىپ قىزغىن ئىدى. قىزلارمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ يىگىتلىرىنى تارتىۋالغانلىقىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويۇشقاندەك قىلىشاتتى. ھەتتا مېرىۋېتېر خانىم، ۋېمتىن خانىم، مادې خانىملار بىلەن ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچلۈك قىلىشقان باشقا تول خوتۇنلارمۇ ئۇنىڭ شۇ چاغلاردىكى يەڭگىلتەكلىكىنى، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقانلىرىنى ئۇنتۇپ، پەقەت ئۇنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئازاب تارتقانلىقىنى، پىتتىپيات خانقىزنىڭ جىيەن كېلىنى، چارلېسنىڭ تول قالغان خوتۇنى ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىغاندەك باشقىچىلا قىزغىن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مۇئامىلىدە بولۇشتى. ئۇلار ئۇنى بىر - بىرلەپ سۆيۈپ چىقىشتى. ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىگە كۆز يېشى قىلىشتى، دادىسىنىڭ، سىڭىللىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراشتى. ئاشلىي بىلەن مېلانىيەنى سورىمىغان، ئۇلارنىڭ ئاتلانتاغا نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا قىزىقمىغان بىرمۇ ئادەم بولمىدى.

سكارلېت كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن مۇئامىلىلىرىدىن شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ تۇرۇۋېتىپمۇ يەنە بىر خىل ئەندىشىدىن زادىلا خالىي بولالمايۋاتاتتى. بۇ ئەندىشىگە ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى سەۋەب بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تىزىدىن تۆۋىنى ھازىرمۇ ھۆل ئىدى، يەنە تېخى چاچرىغان لايلارنىڭ داغلىرىمۇ بار ئىدى، نېگىر ئانا بىلەن ئاشپەز ئايال ئۇۋۇلاپمۇ، دەزمال سېلىپمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەنىدى. سكارلېت باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىپ، ھە، ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا كۆڭلىكى بار ئوخشىمامدۇ، دېيىشلىرىدىن قورقاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ يەردىكى مېھمانلارنىڭ كۆپىنىڭ كىيىملىرى ئۆزىنىڭكىدىن ناچارراق ئىدى. ھەممىسىنىڭكىلا كونا، ياماق چۈشكەن، پاكىز يۇيۇپ، دەزماللاپ كىيىۋالغان كىيىملەر ئىدى. ئۇلارنىڭكىگە قارىغاندا، سكارلېتنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ھەر ھالدا يېڭى، ياماق چۈشمىگەنىدى. فەننىنىڭ يېڭى تويلۇق كىيىمىدىن قالسىلا سكارلېتنىڭ كىيىمى بۇ يەردىكىلەرنىڭ كىيىملىرىدىن يېڭى ئىدى.

پىتتىي ھامما سكارلېتقا ئېلىسىنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەمىسە ئۇلار كىيىم كىيگەن، يىپەك رەختلەرنىڭ، تويغا كەتكەن قەنت - گېزەك ۋە ئۆينى بېزىگەن بېزەكلەرنىڭ، مۇزىكانتلارنىڭ پۇلىنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ئۇ نەرسىلەرگە ئاز پۇل كەتمەيدۇ. بەلكىم قەرز ئالغاندۇ. يا بولمىسا ئېلىسىن جەمەتىنىڭ ھەممىسى پۇل چىقىرىشىپ ياردەم بەرگەن بولسا، شۇلارنىڭ كۈچى بىلەن بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەشەمەتلىك تويىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ. بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق جاپالىق كۈنلەردە تويىنى بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش سىكارلېتنىڭ نەزىرىدە، ئاكا - ئۇكا تارلېتونلارنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغانغا ئوخشاش ئىسراپچىلىق ئىدى، شۇڭا ئۇ بۈگۈنمۇ بۇ يەردە خۇددى ئۇلارنىڭ قەبرىسى يېنىدا تۇرغان چاغدىكىدەك بىئارام بولۇپ ئولتۇردى. يۇلنى بۇزۇپ - چاچىدىغان دەۋرلەر ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ دەۋلەر بارسا كەلمەسكە كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر يەنە نېمە ئۈچۈن بۇرۇنقىغا ئوخشاش بايۋەچچىلىك قىلىشىدۇ؟

ئەمما، بۇ كۆڭۈلسىز خىياللار بىر دەمدىلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. خەجلىسە ئۇنىڭ يۇلىنى خەجلىمىگەندىكىن، ئۇ باشقىلارنىڭ ئەخمىقانە ئىشى ئۈچۈن نېمە دەپ بۈگۈن كەچتىكى بىر ئوبدان كەيپىنى بۇزغۇدەك؟!

تويى بولۇۋاتقان يىگىتنى سىكارلېت تونۇدى. ئۇ سىپارتادىن كەلگەن تومىي ۋېلبورن ئىسىملىك يىگىت بولۇپ، 1863 - يىلى مۇرىسىدىن يارىلانغاندا سىكارلېت ئۇنى دوختۇرخانىدا باققانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئېگىز بوي، قاملاشقان، تېببىي ئىنستىتۇتتىن ئاتلىق ئەسكەرلىككە قاتناشقان يىگىت ئىدى. ھازىر قىرى بوۋايلارغا ئوخشاش دومچەك بولۇپ قاپتۇ. يول ماڭغاندا، پىتتىنى ھامما دېگەندەك ئالچاڭلاپ ئاران ماڭىدىكەن. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى زادىلا بىلمەيدىغاندەك ياكى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدىغاندەك قىياپەتتە يۈرەتتى. مۇشۇ يول ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشلىرىغا يول قويمايمەن دەپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ داۋاملىق دوختۇرلۇقتا ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ ھۆددىگەر بولۇۋاپتۇ. قول ئاستىدا بىر گۇرۇپپا تامچىلار بار ئىكەن. ھازىر يېڭى بىر مېھمانخانىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىشلەۋېتىپتۇ. سىكارلېت ئۇنى، مۇشۇ ھالىتى بىلەن ئۇ ئېغىر ئىشلارنى قانداق قىلالايدىغاندۇ، دەپ ئويلىدى، ئەمما سورىمىدى. كۆڭۈلدە بولسا، تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى ئادەمگە ھەرقانداق ئىشنى

قىلدۇرىدىكەن ـ دە، دەپ قويدى.

توممى بىلەن خۇگ ئىلىسىن، رېنې پىكارد ئۇچى سىكارلېت بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا تانسا ئويناش ئۇچۇن ئورۇندۇق ـ ئۇستەللەرنى بىر چەتكە سۈرۈش باشلاندى. خۇگ سىكارلېت 1862 ـ يىلى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چاغدىكىدەكلا تۇرۇپتۇ، يەنىلا ئورۇق، بالا چىراي، بىر تۇتام چېچى پېشانىسىنى يېپىپ تۇرىدۇ. ئورۇق قوللىرى ھېچنېمىگە قولاشمايدۇ. ئەمما، رېنې ئۆتكەندە دەم ئېلىشقا كېلىپ مايىبېل مېرۋېتېر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن كۆپ ئۆزگىرىپتۇ. بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزلىرىدە گاللىكلارنىڭ ئىرادىسى، كىرېئوللارنىڭ① ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى پارلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ بىر نېمىگە خۇشال بولۇپ قاتتىق كۈلگەن چاغلىرىدىمۇ چىرايىدا بىر خىل سۇر ساقلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋال ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۇنىڭدا يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى تەكەببۇرلۇقلىرىدىنمۇ ھېچنېمە قالماپتۇ.

— ئىككى مەڭزىڭىز قىزىل گۈلنىڭ ئۆزى، كۆزلىرىڭىز مىسالى زۇمرەت، — ئۇ شۇنداق دەپ سىكارلېتنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى، — ھازىرمۇ ئاشۇ چاغلاردىكىدەك چىرايلىق تۇرۇپسىز. ئىئانە توپلاش يىغىلىشىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن سىزنىڭ تويلۇق ئۈزۈكىڭىزنى سېۋەتكە تاشلىغان چاغدىكى قىياپىتىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. باتۇرلۇق دېگەن شۇ ـ دە. ئەمما، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن يەنە بىر ئۈزۈككە ئېرىشىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— مەنمۇ سىزنىڭ پوشكال ساتىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن، رېنې پىكارد، — دېدى سىكارلېتمۇ جاۋابەن.

① كىرېئوللار لۇئىسئانا ئىشتاتىدىكى فىرانسىيەلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رېتي ئۇنىڭ ئاڭلىنىشقا سەت ئاڭلىنىدىغان ئۇ كەسپىنى تىلغا ئالغىنىدىن پەقەتلا نومۇس قىلمىدى، ئەكسىچە خۇشال بولۇپ، خۇگىنىڭ دۇمبىسىگە ئۇرغىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— توغرا دېدىڭىز! — دېدى ئۇ ئۈنلۈك سۆزلەپ، — ئەمما بۇ ئىشنى ماڭا قېيىنئانام مېرۋېتېر خانىم قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە قىلغان تۇنجى خىزمىتىم. رېتي پىكارد ئەسلىدە ئىسكىرىپكا چېلىشى، بەيگە ئاتلىرىنى بېقىپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ھازىر پوشكال سېتىۋاتقىنىدىنمۇ رازى. قېيىنئانام جانابلىرى ئادەمنى ھەر قانداق ئىشقا سالالايدۇ. ئۇياق ئەسلىدە گېنېرال بولغان بولسا بىز بۇ ئۇرۇشتا چوقۇم يېڭەتتۇق، شۇنداقمۇ، تومى؟

ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مىسسىسسىپى دەرياسىنىڭ بويلىرىدا چەكسىز كەتكەن زېمىنى، ئورلىئاندا چوڭ بىر بىناسى بار تۇرۇپ بۇ يەردە پوشكال سېتىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، ئويلىدى سكارلېت.

شۇ ئارىلىقتا مۇزىكانتلار تۇنجى مۇزىكىنى چېلىپ بولۇپ، «دان تۇكېر بوۋاي» دېگەن مۇزىكىغا كۆچتى، تومى سكارلېتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتتى.

— تانسا ئوينامسىز، سكارلېت؟ مەن سىز بىلەن ئويناشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم، قارىسام خۇگ بىلەن رېتي...

— ياق، رەھمەت. ھازىرغىچە ئاپامغا قارىلىق تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى سكارلېت ئىتتىك ئۇنى رەت قىلىپ، — مۇشۇ يەردە كۆرۈپ ئولتۇراي، ئوينىماي.

بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن فىرانك كېنىېدىنى تېپىپ، ئېلسىن خانىملارنىڭ يېنىدىن ئۆزىنىڭ قېشىغا كېلىشكە شەرەت قىلدى.

— مېنىڭ ئاۋۇ ياقتا ئولتۇرغۇم بار، ئازراق يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلسىڭىز، ئاندىن ئىككىمىز شۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، — دېدى سكارلېت ئۇ ئۈچ ياش يېنىدىن كەتكەندىن كېيىن فىرانكقا.

فىرانك دەررۇ كەتتى. سىكارلېت مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىكى ئويۇققا بېرىپ، كۆڭلىكىنىڭ داغ بولۇپ قالغان يەرلىرىنى ئەپلەپ باستۇرۇپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ ئولتۇردى. شۇنچە كۆپ ئادەم ۋە ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاپ باقمىغان مۇزىكا ئۇنى ھاياجانغا سېلىپ، بۈگۈن ئەتىگەن رېت باتلېرنىڭ يېنىدا يۈز بەرگەن سەتچىلىكلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇردى. ئۇنىڭ يارىماس قىلىقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ نومۇسقا قالغانلىقىنى ئەتە ئويلاپ، ئەتە ئازابلانسۇن. ئەتە يەنە فىرانك كېننېدىنىڭ ئازار يېگەن ۋە گۇمان بىلەن تولغان يۈرىكىدىن ئورۇن ئالالامدۇ، يوق، شۇنىمۇ ئويلىشى كېرەك، بۈگۈن ئاخشام ئۇلارنى ئويلاش ھاجەتسىز. كەيپى چاغ، ۋۇجۇدى كۈچكە توشۇپ تۇرغاندا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇۋالسۇن.

ئۇ ئويۇقتا تانسا ئويناۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇردى، ئاتلانتاغا تۇنجى قېتىم كەلگەن چاغدىكى بۇ مېھمانخانىنىڭ ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشىنى ئەسلىدى. ئۇ چاغلاردا پول ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى، تورۇستىكى شاخسىمان شامدانلاردا يېنىپ تۇرغان نەچچە ئونلىغان شاملارنىڭ تورۇستىكى ئەينەكتىن قايتقان نۇرلىرى خۇددى بىرلىيانت، ئوت يالقۇنى ۋە قىممەت باھا ياقۇتلارغا ئوخشاش ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ تۇراتتى. تاملارغا ئېسىۋېتىلگەن قەدىمكى رەسىملەر ئاجايىپ لاتاپەت، قىزغىن ۋە مۇلايىم چىرايلار بىلەن مېھمانلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. قىزىل قارىغايدىن قىلىنغان يۇمشاق سافالار شۇنچىلىك كۆركەم ئىدى. ئەڭ چوڭ بىر سافا ئۇ ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئويۇققا ئىززەتلىك مېھمانلار ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغانىدى. سىكارلېت شۇ چاغدىمۇ مۇشۇ يەردە، ئاشۇ سافادا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغان ئادەمگە مېھمانخانىنىڭ ھەممە يېرى، ئۇ تەرەپتىكى تاماقخانا، تاماقخانىدىكى ئون ئىككى ئورۇندۇق قويۇلغان ئۇزۇن ئۈستەل ۋە تامغا يۆلەپ قويۇلغان يىگىرمە دانە ئىنچىكە پۇتلۇق ئورۇندۇقلار، قوپال چىنە - قاچا ئىشكاپى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتمىگەندىكى ئېسىل قاچا ــ قۇچىلار، ئېگىز پۇتلۇق رومكىلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا سىكارلېت چىرايلىق بىر ئوفىتسېر بىلەن مۇشۇ سافادا ئولتۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلىغان، تانسا كۆرگەنىدى.

ئەمدى ئۇ ئاسما شامدانلار يوق، شاملار قىڭغىر ــ قىيسىق بولۇپ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ، تورۇستىكى نۇر قايتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەينەكلەرمۇ سۇنۇپ تۆكۈلگەن. هازىر مېهمانخانىدا بىر جىنچىراغ بىلەن بىر نەچچىلا شام پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، ئۆيگە كۆپ يورۇقلۇق تام مەشتە چاراسلاپ كۆيۈپ تۇرغان ئوتتۇندىن چۈشۈۋاتاتتى. لىپىلداپ تۇرغان يورۇقلۇقتا سۇنۇپ، يېرىلىپ، رېمونت قىلىغۇسىز بولۇپ كەتكەن پول غىل ــ پال يورۇپ تۇراتتى، تاملاردىكى تۆت چاسا ئىزلاردىن ئىلگىرى بۇ يەرلەرگە رەسىملەر ئېسىلغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. تاملار يېرىلىپ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئۈستىگە زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئۆگزىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ، بىر قىسىم ئۆيلەر ۋەيران بوپتۇ. تاماقخانىدىكى تاماق ئۈستىلى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپتۇ. ئەمما، پۇتلىرى سۇنغان، خېلى يەرلىرى بۇزۇلغان، چىنە ــ قاچا ئىشكاپى، كۈمۈش قاچىلار، چىرايلىق ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىمۇ يوق. چۆرىسىگە ئىشلەنگەن دېرىزە پەردىلىرى ئۆز جايىدا ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. يەنە شۇنداق پاكىز، ئەمما بىر نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن.

سىكارلېت بۇرۇن ياخشى كۆرىدىغان سافالارنىڭ ئورنىدا ئولتۇرسا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئۇزۇن بىر ئورۇندۇق تۇرىدۇ. ئۇ شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئورۇندۇق ياخشى بولمىسىمۇ، فىرانك بىلەن بۇ يەردە بىللە ئولتۇرسا هېرىپ ــ چارچاپ تانسا ئوينىغاندىنمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ تىڭشايتتى ۋە ئۇنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇپ شېرىن خىياللار ئىچىگە غەرق قىلالايتتى.

مۇزىكا شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىدى. مۇزىكا ۋىرگىنىيەنىڭ

ئۇسسۇلىغا چىلىنغاندا، قىرى لىۋى ئۆزىنى باسالماي پۈتلىرىنى مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ پولغا ئۇرۇپ كەتتى. پۇتلار ئاجايىپ چەبدەس ئۇرۇلاتتى، بەزىدە پولغا سۈركىلىپ، بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ رىتىملىق ئاۋاز چىقىراتتى. ئىككى رەت ئەر ـ ئايالالار بىردە كەينىگە شوخشۇپ، بىردە ئالدىغا مېڭىپ، بىلەكلىرىنى بىلەكلىرىگە ئۆتكۈزۈپ پىرقىراپ ئويىنىشىۋاتاتتى.

«دان توكبىر بولدى مەست ـــ»
(پىرقىراڭلار، قىز ـ يىگىتلەر!)
«يىقىلدى پەيتون، تەپتى ئات !»
(شوخ ـ شوخ ئويناڭلار، خانىملار !)

تارادا بىر مەزگىل قايغۇ ۋە ھېرىش ـ چارچاش بىلەن ئۆتۈپ، بۈگۈن بۇ يەردە تۇنجى قېتىم مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندا، تونۇش چىرايلارنىڭ چىراغلارنىڭ گۈڭگا يورۇقىدىكى شاد كۈلكىلىرىنى كۆرگەندە، چاقچاقلىرىنى، بىر ـ بىرىگە قىلىشىۋاتقان تەنلىرىنى ئاڭلىغاندا سىكارلېت قانداقمۇ خۇشال بولمىسۇن. ئۇ شۇ تۇرقىدا ھاياتلىققا باشقىدىن كۆز ئاچقاندەك، بەش يىلنىڭ ئالدىدىكى شانلىق كۈنلەر يەنە قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قېلىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۆرۈپ تىكتۈرۈلگەن كونا كىيىملەرنى، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن ئۆتۈكلەرنى كۆرمەيدىغان، ھازىر بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆرۈنمىگەن يىگىتلەرنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىدىغان بولسا، ئۆزىنى چوقۇم ئاشۇ چاغدىكى سورۇنغا كىرىپ قالغاندەك ئويلاپ قالغان بولاتتى. ئەمما، ئۇ بوۋايلارنى ئاشخانىدا ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ يېنىدا، خانىملارنى تام تۈۋىدە، قوللىرىدا يەلپۈگۈچ يوق، قوللىرى بىلەن ئاغزىلىرىنى توسۇۋېلىپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلاۋاتقان ھالەتتە كۆرۈۋاتاتتى، ياشلار تانسا بىلەن ئىدى. شۇندىلا ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس

www.uyghurkitap.com

قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا تونۇش ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەرۋاھلاردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئادەملەر قارىماققا بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئوخشىمايتتى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ئۇلارنىڭ ياشلىرىغا بەش ياش قوشۇلغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، بۇنىڭ ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، تۇرمۇشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن. بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئوراپ تۇراتتى، بۇ تۇيغۇ ئىنتايىن يەڭگىل بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى سەزمەيتتى، شۇ تۇيغۇنىڭ ھىمايىسىدە ئالتۇندەك دەۋرنى ئۆتكۈزۈپ كېلىشكەنىدى. ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، ئۇ كۈنلەر ئۆزى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ بارلىق شاد - خۇراملىقلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يوق بولدى.

سىكارلېتمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران. بۇ يەردە ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇۋاتقىنى بىلەن، ئۆزىنى باشقا يەردىن، باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەندەك، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان تىلدا سۆزلەيدىغاندەك، ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدىغاندەك سېزىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتى ئاشلىي بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكى ھېسسىياتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مىجەزدىكى ئادەملەر (بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ ھايات چەمبىرىكىنىڭ زور بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن) بىلەن بىللە بولغاندا، ئۆزىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر نەرسىنىڭ چەتكە قاقىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ چىرايىدا چوڭ ئۆزگىرىش يوق، مۇئامىلىلىرى زادىلا ئۆزگەرمىگەن. ئەمما، ئۇنىڭ قارىشىچە، كونا دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ساقلاپ قويغىنى پەقەت ئىككىلا نەرسە: بىرسى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق چاغدا ئۆلمىگەن تەكەببۇرلۇقى؛ يەنە بىرسى، دەۋرگە

باقمىغان مەردلىكى. بۇ ئىككى نەرسە هازىرغىچە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن نېرى كەتمەي مەڭگۈلۈككە هەمراھ بولۇپ قالغان. ئەمما، ئۇلار شۇ تۇپەيلى تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب بىلەن گۈرىگە كىرىپ كېتىشىدۇ. ئۇلار گەپ ـ سۆزلىرى مۇلايىم، ئەمما ئىچى كۈچلۈك، هارغىن ئادەملەر، مەغلۇپ بولۇشىمۇ مەغلۇپ بولۇش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلىشمەيدۇ. تاياق يەپ تۇرسىمۇ قەددىنى پۈكمەيدۇ. ئۇلار خانىۋەيران بولدى، تايانچسىز هالدا هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار سۆيۈملۈك دۆلىتىدىن نەزىرىنى ئۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە قانۇنى ئويۇنچۇق كۆرىدىغان مۇتتەهەملەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقىنىغا، ئەسلىدىكى قۇللارنىڭ هەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقىنىغا، خەلقنىڭ هەممىدىن مەهرۇم قېلىۋاتقىنىغا، ئايالالارنىڭ دەپسەندە بولۇۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇشىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆلۈمنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشمىغان.

ئۇلارنىڭ كونا دۇنياسىدىكى هەممە نەرسە ئۆزگەردى، ئەمما كونا ئاڭلىرى ئۆزگەرمىدى، كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەر يەنە داۋاملاشماقتا هەم داۋاملىشىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلارغا شۇنىڭدىن باشقا هېچنېمە قالمىغان. ئۇلار بۇرۇندىن ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى، بىكار تەلەپلەرگە خاس قىياپەتلىرىنى، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى، بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقانلىرىدا ئىشلىتىدىغان، هېچكىم ئېغىر ئالمايدىغان ئادەتلىرىنى زادىلا قويۇپ بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنى قاتتىق مۇهاپىزەت قىلىدىغان ئادەتلىرىنى هەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەرلەر كىچىكىدىن ئۆگەنگەن ئەنئەنىسىگە، پەزىلەت ۋە كەمتەرلىكلەرگە هەرقانداق چاغدا سادىق. ئۇلار ئاياللارنى مۇهاپىزەت قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئادەتلەرنى ئىجاد قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئاياللار ئۆزلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان هەرقانداق قوپاللىقلارنى رەت قىلالايدىغان بولغان، سىكارلېت كۆڭلىدە ئۇنى ئەڭ بىمەنە ئىش دەپ بىلدى. چۈنكى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كەتكەن بۇ بەش يىل ئىچىدە، ئەڭ پىنھان يەرلەردە ياشاۋاتقان ئاياللارمۇ ئاز ئاڭلىغان ۋە ئاز كۆرگەن بۇ خىل ئادەتلەردىن ھازىر ھېچقانچە قالمىغانىدى. ئۇلار ياريدارلارنى باقتى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئېڭەكلىرىنى چاتتى. ئۇرۇش ئاپەتلىرى ئىچىدە ئۆلگۈدەك قىينالدى، ۋەھىمە، قېچىش ۋە ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

لېكىن، ئۇلار قانچىلىك ئەھۋاللارنى كۆرسۇن، قانچىلىك قارا ئىشلارنى قىلسۇن، يەنىلا خانىم، تۆرىلەردىن ئىدى، سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا قانچىلىك ئازاب تارتسىمۇ، غېرىبسىنغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ساداقەتلىرىنى ساقلاپ قالدى، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلدى، ئالماسقا ئوخشاش مۇستەھكەم تۇرالىدى، روھلىرى بېشى ئۈستىدىكى شامدانلارنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بېكىتىلگەن ئەينەكتەك شۈنچىلىك سۈزۈك. ئۆتكەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما بۇ ئادەملەر يەنىلا ئۆرلىرىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ، شىماللىقلاردەك كىچىككىنە مەنپەئەتنى كۆرسە ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قىسقىسى، ئۇلار كونا ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ.

سكارلېتمۇ ئۆزىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. بولمىسا ئۇ ئاتلانتادىن كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى قىلمىغان، بۈگۈنمۇ شۇ ئىشلارنىڭ داۋامىنى قىلىش ئۈچۈن بۇنچىلىك تىرىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قەيسەرلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، بۇ پەرق زادى قانچىلىك، ھازىرچە ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. پەرق بەلكىم ئۇنىڭ ھەرقانداق نەرسىدىن يانماسلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆلسىمۇ قىلماسلىقىدا بولسا كېرەك، يەنە بىرسى، ئۇلار ھېچقانداق ئۈمىدلىرى يوق ھالەتتىمۇ ھاياتقا كۈلۈپ باقىدۇ، ياۋاشلىق بىلەن ياشايدۇ، ئەمما سكارلېت ئۇنداق قىلالمايدۇ.

سكارلېت ھاياتقا سەل قارىيالمايدۇ. ئۇ چوقۇم ياشىشى

كېرەك. لېكىن، ھايات رەھىمسىز، دوستانە ئەمەس، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ كۆلكە بىلەن ئۆزىنىڭ قىيىنىلىۋاتقانلىقىنى ياپالمايدۇ، دوستلىرىنىڭ قىممەتلىك خىسلەتلىرى بىلەن باتۇرلۇقلىرى ۋە پۈكۈلمەس غۇرۇرلىرىنى زادىلا كۆرمەيدۇ، كۆرىدىغىنى ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىش، ھەرگىزمۇ جىددىي قارىماسلىقتەك ئەخمىقانە جاھىللىقى.

سىكارلېت خۇشال تانسا ئويناۋاتقان ئۇ ئادەملەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدە، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش خىلمۇ خىل ئىشلارنىڭ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاشىقلىرىنىڭ، مەجرۇھ بولغان ئەزالىرىنىڭ، بىر پارچە بولكىغا زار باللىرىنىڭ، قولىدىن كەتكەن زېمىنلىرىنىڭ، ناتونۇش ئادەملەرگىمۇ پاناھگاھ بولغان تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ خىيالى بىلەن ياشىمىدىغاندۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى تەس، ئۇ ئۇلارنى ئۆزىنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تارتقان زىيىنى ئۇنىڭ زىيىنى، ئۇلارنىڭ ئازابلىرى ئۇنىڭ ئازابى. ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن ئوخشاش، ئەمما ئۇلار ئۇ ئىشلارغا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان مۇئامىلىدە بولۇشىدۇ. سىكارلېت ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ چىرايلار چىراي ئەمەس نىقاب، مەڭگۈ ئېلىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىنتايىن ئوبدان نىقاب ئىدى.

ئەگەر ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش دەھشەتلىك مۇھىتنىڭ قىيناشلىرىنى مىڭبىر ئازابلار بىلەن بېشىدىن كەچۈرگەن بولسا ھازىرقىدەك شاد - خۇرام ۋە غەمسىز يۈرەلەمتى؟ راست گەپنى قىلغاندا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىياپەتكە كىرىشىۋالىدۇ؟ سىكارلېت ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى چۈشەنمىدى ھەم ئازراق ئاچچىقى كەلگەندەك قىلدى. ئۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولالمايدۇ، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان بۇ دۇنياغا پەرۋاسىز قارىيالمايدۇ. ئۇ مىسالى ئوۋچىلاردىن قېچىپ كېتىۋاتقان بىر تۈلكە، ئوۋچىلاردىن قۇتۇلۇپ بىر تۆشۈككە كىرىۋېلىش ئۈچۈن، يۈرەك - باغرى پارە -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پارە بولۇپ جىنىنىڭ بارچە قىچىپ كېتىۋاتىدۇ.
ئۇ بىردىنلا ئۇلاردىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. سەۋەبى ئۇلار ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار يوقاتقان نەرسىلىرىگە قولىدىن كەلمەيدىغان، قولىدىن كەلسىمۇ قىلمايدىغان مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئۇ ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. چىرايلىرىدىن كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان، مىڭىشلىرى يەڭگىل بۇ ناتونۇش ئادەملەردىن، تەكەببۇر ئەخمەقلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار يوقاتقان نەرسىلىرى ئىچىدىن غۇرۇر ئىزدەيدۇ، يوقاتقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى مەغرۇر تۇتۇشىدۇ. ئايالىرى ئۆزلىرىنى خېنىملاردەك ياساشقا ئامراق، سىكارلېت ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى قارا ئىش قىلسىمۇ ئۆزلىرىنى خېنىملاردەك تۇتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئەتە كىيىدىغان كىيىملىرىنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىشمەيدۇ. ئەمما، سىكارلېت ئۆزىنى ھەرگىز خېنىم دەپ ئويلىمايدۇ. كىيىملىرى باشقىلارنىڭكىدىن يېڭى، چاچلىرىغا ئەتىر چېچىۋالغان، ئائىلە كېلىپچىقىشى بىلەن ئىلگىرىكى مال ـ دۇنياسى ماختانغۇدەك بولسىمۇ بەرىبىر. تارانىڭ قىزىل تۇپراقلىرى بىلەن جاپالىق ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايلىق قەددى ـ قامەتلىرى يوقاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇستەللىرىگە كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلار، خىرۇستال چىنىلەردە ئىسىل تائاملار ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان، ئېغىللىرىدا ياخشى كۆرىدىغان ئاتلىرى كىشنەپ تۇرىدىغان، كېۋەزلىكلىرىدە ئاق تەنلىكلەر ئەمەس، نېگىر قۇللار پاختا تېرىيدىغان بولمىغۇچە ئۆزىنى ھەرگىز خېنىملاردەك ھېس قىلىپ يۈرەلمەيدۇ.
ئاھ، پەرق دېگەن مانا مۇشۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ ئاچچىقى بىلەن، — ئۇلار كەمبەغەل بولسىمۇ ئۆزلىرىنى يەنىلا خېنىم چاغلايدۇ، ئەمما مەن ئۇنداق ئەمەس. بۇ دۆتلەر پۇل بولمىسا خېنىم بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىسە كېرەك!
ئۇشتۇمتۇت بايقالغان بۇ يېڭى بايقاشتىن ئۇ ئۇلارنىڭ گەرچە

ئەخمەقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مۇئامىلىلىرىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدى. ئىپلىپىن ھايات بولغان بولسىمۇ شۇنداق ئويلىغان بولاتتى. بۇ ئوي ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىگە مۇشۇ ئادەملەرگە قارىغاندەك قاراشنىڭ لازىملىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇمۇ ئۇلارغا ئوخشاش، يارىلىشىدىلا خېنىم بولۇپ يارالغانلار كېيىن نامراتلىشىپ كەتسىمۇ مەڭگۈ خېنىم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ دېگەنگە ئىشەنسە بولاتتى، لېكىن ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئىشەندۈرەلمىدى.

ئۇ شىماللىقلارنى كەمسىتىدىغان گەپلەرنى بىر ئۆمۈر ئاڭلاپ كەلدى. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ يالغان لاتاپەتلىرى ئالغان تەربىيەلىرى ئۈستىگە ئەمەس بايلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. سىكارلېت شىماللىقلارنىڭ مۇشۇ ئىشىنى توغرا تاپتى، قالغان ئىشلىرى، ئەلۋەتتە خاتا ئىدى. دېمەك، خېنىم بولۇش ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك. ئەگەر ئىپلىپىن ھايات بولۇپ، قىزىنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ گەپنى ئاڭلايدىغان بولسا جەزمەن ھوشىدىن كېتەتتى. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق نامراتلىقنى نومۇس دەپ بىلمەيتتى. پەقەت سىكارلېتلا شۇنداق ئويلايدۇ. ئۇ بۈگۈن نامرات، شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان، بېخىل ۋە نېگىرلار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇ نومۇس قىلىدۇ.

ئۇ ئاچچىقى ئۆرلەپ مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ توغرا، مېنىڭ خاتادۇر، لېكىن بەرىبىر ئوخشاش. ئۆزىنى چوڭ بىلىدىغان بۇ ئەخمەقلەر ئۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئالدىغا قارىمايدۇ، ھەتتا نامىنىڭ بۇلغىنىشىغا، ھاقارەتلەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي يوقاتقان نەرسىسىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنمايدۇ، پۇل تېپىشقا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ ھەتتا بۇنداق قىلىشنى يۈزىنى چۈشۈرگەنلىك، دەپ قارايدۇ. دۇنيا جاپالىق ھەم رەھىمسىز، ئۇنى بويسۇندۇرماقچى بولىدىكەنسەن، رەھىمسىزلىك بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىشىڭ كېرەك. سىكارلېت ئۇ ئادەملەرنىڭ ئائىلە ئەنئەنىسىنىڭ ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىشىغا، يەنى پۇل تېپىش مەقسەت قىلىنغان كۇرەشكە ئاتلىنىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى، ھەممىسى قىلچە ئىككىلەنمەي پۇل تېپىشنىڭ لازىملىقىنى بىلىدۇ، ھەتتا پۇل تاپمىسا بولمايدىغانلىقلىرى توغرۇلۇق قىزغىن سۆزلىشىپ كېتىدۇ. مېرۋېتېر خانىمنىڭ پوشكال پىشۇرۇشلىرى، رېنېنىڭ ئۇنى ئاچچىقىپ سېتىشلىرى، خۇگىنىڭ ئوتۇنچىلىق قىلىشلىرى، توممىنىڭ ھۆددىگەرلىك قىلىشى شۇنىڭ مىسالى. قىرانكمۇ قورقماي دۇكان ئېچىۋېتىپتۇغۇ؟ ئەمما، ئۇلار ئاز سانلىق، كۆپ سانلىقلىرى قانداق قىلىدۇ؟ يەرلىرى بارلىرى بولسا بىرنەچچە مو يېرىگە تايىنىپ غورىگىل ياشايدۇ، سوتچىلىرى بىلەن دوختۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلاردىن باشقىلىرىچۇ؟ يەر ـ زېمىنلىرىدىن كىرگەن كىرىمى بىلەن باياشات ياشاپ ئۆگىنىپ قالغانلىرى قانداق قىلىشىدۇ؟ ئۇلار قانداق كۈنلەرگە قالىدۇ؟

ئەمما، سىكارلېت مەڭگۇ ئۇنداق نامرات پېتى كېتىۋەرمەيدۇ، بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ ئۆزىنى بۇ مۇشكۇلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىنىمۇ ساقلىمايدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۆزىگە لازىملىق نەرسىنى شۇنىڭ ئىچىدىن ئالىدۇ. ئۇنىڭ دادىسىمۇ بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە كۆچمەنچى نامرات يىگىت ئىكەن، ئاخىر تارادەك مۇشۇنداق بىر زېمىنغا ئىگە بوپتۇ. ئۇ قىلغاننى ئۇنىڭ قىزىمۇ قىلالايدۇ. ئۇ بۇ ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ھەممە نېمىسىنى ئاللىقاچان تۈگىشىپ كەتكەن ئىشلارغا تىكىۋەتكەن، ئەمدى بۈگۈن ئۇ ئىشلىرىدىن مەھرۇم بولغاندىمۇ ئۇنىڭدىن ماختىنىپ يۈرۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ قۇربان بېرىشلىرىگە ئەرزىيدىغان ئىشلار ئىمىش. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆتمۈشىدىن مەدەت ئالىدۇ. سىكارلېت بولسا ئۇ خىل مەدەتنى كەلگۈسىدىن ئالىدۇ. ھازىر قىرانك كېيىنكىدى دەل ئۇنىڭ كەلگۈسى. ئۇنىڭ بىر دۇكىنى، يەنە پۇلى بار. ئۇنىڭغا

تېگەلەيدىغان، ئۇنىڭ پۇلىنى ئالالايدىغانلا بولسا، تارا يەنە بىر يىل بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بىر يىلدىن كېيىن فىرانك ھېلىقى پەن زاۋۇتىنى سېتىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا سىكارلېت بۇ يەردە شۇنداق بىر ئاۋات مەنزىرىنى كۆرىدۇ. كىشىلەردە تېخى رىقابەت ئېڭى ئويغانمىغان بۇگۈنكىدەك كۈندە پەن زاۋۇتىنىڭ بولۇشى ئالتۇن كانىنىڭ بولغانلىقى بىلەن باراۋەر ئىش.

سىكارلېت ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا رېت باتلېرنىڭ قامال قىلىنغان جايلارغا بېرىپ سودا قىلىپ پۇل تاپقانلىقى توغرۇلۇق قىلىپ بەرگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يەتمىگەن، تېگىگە يېتىشنىمۇ ئويلىمىغانىدى، ئەمدى ھازىر چۈشەندى. قىزىق ئىش، نېمىشقا شۇ چاغدا نادانلىق قىلىپ ئۇ گەپلەرنى ئوبدانراق ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى؟

بىر خىل مەدەنىيەت گۇمران بولغان چاغلاردا ئۇنىڭ گۇللەنگەن چاغلىرىدىكىگە ئوخشاشلا نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇ ھازىرقى مۇشۇ گۇمرانلىقنى شۇ چاغلاردىلا پەرەز قىلىپ بوپتىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە توغرا دەپتىكەن. ھازىرمۇ جاپادىن قورقمىغان ئادەملەر نۇرغۇن ... نۇرغۇن پۇل تاپالايدۇ، ياكى سۇزۇۋالالايدۇ.

ئۇ فىرانكنىڭ بىر رومكىدا ھاراق، يەنە بىر تەخسىدە تورت كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايىغا ئازراق كۈلكە بەردى. ئۇ تارا ئۈچۈن فىرانك بىلەن توي قىلسا ئەرزىمدۇ، يوق، دېگەننى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەرزىيدۇ دەپلا قارىغاچقا، بىر قارارغا كېلىپ بولۇپلا ئىككىنچى ئۇ توغرۇلۇق ئويلىمىدى.

ئۇ قولىدىكى مېۋە ھارىقىنى ئىچكەچ فىرانكقا قاراپ كۈلۈپ قويدى. شۇ تۇرقىدا مەڭزىلىرىدە ۋىلىلداپ تۇرغان قىزىللىقنىڭ ھەرقانداق بوتۇلكىدىكى نەرسىدىنمۇ ئۈتە جەلپ قىلارلىق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. كۆڭلىكىنى قايرىپ فىرانكقا يېنىدىن ئورۇن بەردى، ئاندىن ئېرىنچەكلىك بىلەن قول ياغلىقىنى بوش يەلپۈپ، ئۇنىڭدىكى ئەتىر پۇراقلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فىرانكىنىڭ بۇرنىغا پۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە چاچقان بۇ ئەتىر بىلەن ماختىنىپ ئولتۇراتتى، بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسى ئەتىر چاچمىغانىدى، فىرانكمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلغانىدەك تۇراتتى. تېخى ئۇ ھاياجانلىنىپ سىكارلېتنىڭ قولىنىغا، مەخزىلىرىڭىز قىزىل گۈلنىڭ بەرگىلىرىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلدى.

ئۇ يورەكسىزلىك قىلمىسا بولاتتى. سىكارلېت ئۇنى قورقۇپ تىترەپ تۇرىدىغان ياۋا توشقانغا ئوخشاتتى. ئۇ تارلېتونلاردەك ئوچۇق، قىزغىن، ياكى رېت باتلېرغا ئوخشاش قوپال، ئەدەپسىز بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ــ ھە. ئۇنداق بولمىغىنىمۇ بوپتۇلا. ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالسا، سىكارلېتنىڭ تەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالغان چىرايىنىڭ تېگىدىكى تىنىمسىز جان تالىشىشلارنى سېزىپ قالامدۇ؟ ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاياللارنى تازا چۈشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى نېمە مەقسەتتە قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ سىكارلېتنىڭ بەختى ئىدى. ئەمما، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ فىرانكقا بولغان ھۆرمىتىنى زادىلا ئاشۇرالمىدى.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، تېز سۈرئەتتىكى كۆڭۈل بېرىشلەر نەتىجىسىدە سىكارلېت بىلەن فىرانك توي قىلىشتى. سىكارلېت قىزىرىپ تۇرۇپ قارشى تەرەپكە، ئارقا ــ ئارقىدىن تەلەپ قويىۋەرگەچكە، تىنالمىغۇدەك بولۇپ كېتىپ، ئاخىر كۆڭلىگىزنى رەت قىلالمىدىم، دېدى.

ئەمەلىيەتتە، فىرانك ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەي، ئۇنى قانچىلىك تىت ــ تىت قىلغانلىقىنى، يەنە ئۇنىڭ سۆيۈملۈكىدىن خەت كېلىپ ئىشىنى

بۇزمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ، كىچە ـ كىچىلەپ ئۇخلىماي ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەنلىكلىرىنى زادىلا بىلمەيتتى. ئۇ سۇئېللېننىڭ خەت يېزىشقا قىزىقلىقىدىن قاتتىق سۆيۈنۈپمۇ كەتتى. ئۇ باشقىلاردىن خەت كەلسە خۇشال بولاتتى، ئەمما ئۆزى ھەرگىز خەت يازمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ سىكارلېت زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى، ئارىلىقتا تاسادىپىي بىر ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن شۇنچىلىك ئەنسىرىدى. فىرانك ئۇنىڭغا ۋىلدىن قىسقا بىر پارچە خەت كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ۋىل ئۇ خېتىدە جوناس ۋىلكېرسوننىڭ تاراغا يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ئاتلانتاغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق خاپا بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئاشلىبي ئىككىسىنىڭ ئۇنى قوغلاپ چىقارغانلىقىنى يېزىپتۇ، بولۇپمۇ باج تاپشۇرۇشقا بېرىلگەن مۆھلەتنىڭ توشۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپتۇ. كۈنلەرنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى سىكارلېتنى بەكمۇ ئالدىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. قولىدىن كەلسە، ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇمنىڭ تۆشۈكىنى ئېتىپ قويۇپ بىر تال قۇمنىمۇ پەسكە چۈشۈرمىسە.

ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ خىل روھىي ھالەتلىرىنى شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، ئېلىۋاتقان رولىنى قىلچە چاندۇرماي ئوينىۋاتقاچقا، فىرانك ئۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى، ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى چارلېس خاملتوننىڭ چىرايلىق، ئاجىز، تايانچىسىز تۇل خوتۇنىنىڭ تاشقى قىياپەتلىرى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنى پىتتىپىيات خانىمنىڭ مېھمانخانىسىدا كۈتۈۋالاتتى، ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى خىلمۇ خىل پىلانلىرىنى، يېتەرلىك پۇل تېپىپ پەن زاۋۇتىنى سېتىۋالماقچى بولغانلىقلىرىنى ئاجايىپ دىققەت بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ھەر بىر ئىشنى قوللايتتى، ھەرقانداق ئىشقا قىزىقاتتى، بۇ ھالەت فىرانكنىڭ سۇئېللېننىڭ ۋاپاسىزلىقى بىلەن جاراھەتلەنگەن يۈرىكىگە مەلھەم بولاتتى. ئۇ سۇئېللېننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلاندى ۋە بىر مەھەل تېڭىرقاپمۇ يۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ غۇرۇرى، ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرنى ئاياللارنىڭ ياراتماسلىقىدىن پەيدا بولىدىغان بىرخىل نومۇسچانلىقى ۋە ئورۇنسىز غۇرۇرى تېخىمۇ بەكرەك زەربىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ سۆئىبىللىنىغا، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ، دەپ ئەيىبلەپ خەت يازالمايتتى ھەتتا ئۇنى ئويلاشتىنمۇ قورقاتتى، ئەمما سىكارلېتقا سۆئىبىللىنىنى يامانلاپ بېرەتتى، مۇشۇنىڭ بىلەن يۈرەك ئازابى ئازراق يەڭگىللىگەندەكمۇ بولاتتى. سىكارلېت جاۋابەن سۆئىبىللىنىنى پەقەتلا قارىلاپ كەتمەيتتى. سىڭلىم سىزگە ياخشى ئىش قىلمىدى دەپلا قوياتتى. يەنە تېخى ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ، ئۆزىڭىزگە ئەسقاتمىدىغان، كۆيۈنمىدىغان ئايالدىن بىرنى تاپمىسىڭىز بولمايدۇ، دەيتتى.

ئەقىللىك، چېۋەر خامىلتون خانىم ئەنە شۇنداق چىرايلىق، خەقنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاشقا ئۇستا ئايال ئىدى. ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى ئويلاپ قالسا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنى بىلەن، فىرانك قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەرسە، مىس قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن شۇئان تاتلىق كۈلۈپ كېتەتتى. نېگىر ئانىسى يۇيۇپ دەزماللاپ بەرگەن چىرايلىق كۆڭلىكى بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن بولۇپ، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. قول ياغلىقى بىلەن چاچلىرىدىن كېلىدىغان خۇشبۇي ھىدىنىڭ ئېسىللىقىچۇ تېخى! مۇشۇنداق بىر نازۇك، چىرايلىق بىر ئايالنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان جەبىر - جاپالىق بۇ دۇنيادا تىمكەندەك يالغۇز ياشىشى كىشىلىك ھاياتتا بولغان ھاقارەت ئەمەسمىدۇ؟ ھازىر ئۇنى قوغداپ تۇرىدىغان يا ئېرى، يا ئاكا - ئىنىلىرى يوق، دادىسىنىڭمۇ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ. فىرانكنىڭ قارىشىچە، يالغۇز ئايال ئۈچۈن بۇ دۇنيا تولىمۇ رەھىمسىز ئىدى، سىكارلېتمۇ ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا پۈتۈنلەي قوشۇلاتتى.

فىرانك ھەر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى، پىتتىيىپات خانقىزنىڭ ئۆيى ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. نېگىر ئانا دائىم ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپلا تۇراتتى، بۇ پەقەت مەرتىۋىلىك ئادەملەرگىلا بېرىلىدىغان كۈلكە ئىدى. پىتتىيىپات ئۇنىڭغا قەھۋە دەملەپ بېرەتتى، مۇئامىلىسى تولىمۇ سىلىق ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى، بەزىدە چۈشتىن كېيىنلىرى سىرتقا چىقىپ قالسا سىكارلېتنى بىللە ئېلىۋالاتتى، بۇنداق ساياھەت تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى. بەزىدە سىكارلېت ئۇنىڭدىن تولىمۇ ئەخمىقانە سوئاللارنى سوراپ قوياتتى. «ئايال كىشى دېگەننىڭ كاللىسى شۇنداق ئاددىي ـ دە» دەپ قوياتتى ئۇ شۇنداق چاغلاردا ئۆزىگە ئۆزى. ئۇنىڭ قارىشىچە، سىكارلېتنىڭ سودا ئىشلىرىدىن قىلچىلىك خەۋىرى يوق ئىدى، شۇڭا ھېلىقىدەك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتەتتى، سىكارلېتمۇ كۈلۈپ كېتىپ: «شۇڭا، ماڭا ئوخشاش بۇنداق ئەخمەق ئايالدىن، ئۇ بىز ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىلىشى كېرەك، دەپ ئۈمىد كۈتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەپ قوياتتى.

سىكارلېت شۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر ئەركەك ئىكەنلىكىنى، خۇددا ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۈكسەك جاسارەت بېرىپ، ئاجىز، تايانچىسىز ئاياللارنى ھىمايە قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

ئۇلار ئاخىر توي قىلدى. فىرانك ئۇنىڭ ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرغان نازۇك قوللىرىنى تۇتتى، سىكارلېتنىڭ كىرپىكلىرى ئاستا يەرگە قاراپ، قىپقىزىل مەڭىزلىرى ئۈستىدە ھىلال ئاي كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلدى. لېكىن، فىرانك ھازىرغىچە بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق رومانتىك ۋە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان چوڭ بىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنىلا بىلەتتى. سىكارلېتتەك بىر ساھىبجامالنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ باغرىغا باسالىغانلىقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى.

ئۇلارنىڭ تويىغا بىرمۇ تۇغقىنى ياكى دوستى قاتناشمىدى. گۇۋاھچىلىققا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ناتونۇش بىر ئادەمنى ئېلىپ كىردى. سىكارلېت شۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغانىدى، فىرانكمۇ ئامالسىز تەستە قوشۇلدى. ئۇ ئەسلىدە تويغا جونېسبورودىكى سىڭلىسى بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى چاقىرتماقچىدى. ھېچبولمىغاندا پىتتىپيات خانقىزنىڭ ئۆيىگە دوستلىرىنى چاقىرىپ قىزغىن مەرىكە قىلغان بولسىمۇ فىرانك خۇشال بولاتتى. لېكىن، سىكارلېت ھەتتا پىتتىي ھاممىسىنىمۇ قاتناشتۇرۇشقا قوشۇلمىدى.

— قىچىپ توي قىلغاندەك ئىككىمىزلا قىلايلىچۇ، — دەپ يالۋۇردى ئۇ فىرانكنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ تۇرۇپ، — مەن خېلىدىن بېرى بىرسى بىلەن قېچىپ كېتىپ توي قىلسام دەپ ئويلايتتىم، سۆيۈملۈكۈم. ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن ئۈچۈن شۇنداق بىر قىلىڭچۇ.

ئۇنىڭ شۇنداق يېقىملىقلىقى، ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىغان تاتلىق گەپلەر ۋە ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان زۇمرەتتەك كۆزلەردە لىغىرلاپ تۇرغان ياش ئۇنچىلىرى فىرانكنىڭ ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ئاخىر ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئەرلەر توي قىلىۋاتقان قىزنىڭ مەلۇم تەلەپلىرىگە يول قويىدىغان گەپ ـ دە، بولۇپمۇ توي مۇراسىمى ئۇستىدىكى تەلەپلىرىگە. چۈنكى، ئاياللار ئاسان ھېسسىياتلىنىدىغان بۇنداق ئىشلارنى تولىمۇ چوڭ كۆرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، فىرانك بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلىپ بولغۇچە تويىنى قىلىپ بولدى.

فىرانك ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرىنى بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ پۇلغا بۇنچىلىك جىددىي ئېھتىياجى

چۈشۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. دەسلەپتە ئۇ پۇلنى بىرىشكە تازا رازى بولمىدى، چۈنكى بۇ، پەن زاۋۇتىنى دەررۇ سېتىۋېلىش ئىشىنىڭ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشىغا قاراپ تۇرسا بولمايدۇ - دە. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئۇ پۇلنى ئالغان چاغدىكى خۇشاللىقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى. بۇ ئەھۋال فىرانكىنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقان كەيپىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ «چوڭقۇر رەھمەت» ئېيتقان چاغدىكى ناز - خۇلقلىرى فىرانكىنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە كۆڭۈلسىز خىياللارنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. بۇرۇن ھېچقانداق بىر ئايال ئۇنىڭغا بۇنداق «چوڭقۇر رەھمەت» ئېيتىپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۇ بۇ ئۈچ يۈز دوللارنى ئۇنىڭ شۇ ئىشىغا بېرىشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارىدى.

سىكارلېت نېگىر ئانىسىنى ئۈچ ئىشنى بېجىرىپ كېلىش ئۈچۈن دەررۇ تاراغا ماڭدۇردى. بۇلارنىڭ بىرسى، پۇلنى ۋېلغا تاپشۇرۇش؛ يەنە بىرسى، ئۆزىنىڭ توي قىلغانلىقىنى جاكارلاش؛ ئۈچىنچىسى، ۋادنى ئاتلانتاغا ئېلىپ كېلىش ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ ۋېلدىن بىر پارچە قىسقا خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتنى ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇپ شۇنچىلىك خۇش بولدى. ۋېل خېتىدە ئۇ پۇلنى يۇقىرىغا تاپشۇرغانلىقىنى، لېكىن جوناسنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «قاتتىق ئەدەپسىزلىك» قىلغانلىقىنى، ئەمما ھازىرغىچە يەنە باشقا تەلەپلەرنى دەپ ئۇلارنى قورقۇتمىغانلىقىنى يېزىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بەخت تىلىگەنىدى. بۇ ئىنتايىن ئاددىي، قىلچە ئۆزىنىڭ پىكرىدەك تۇس يوق قۇتلۇقلاش ئىدى. ۋېل ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇنى ئەيىبلەپمۇ، ماختاپمۇ كەتمىگەنىدى. ئاشلېي قانداق ئويلىغاندۇ؟ سىكارلېتنىڭ پۈتۈن خىيالى شۇنىڭدا قالدى. تېخى يېقىندىلا تارادىكى باغدا مەن ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلغان، ئەمدى ئۇ مېنى قانداق ئادەم دەپ ئويلاپ قالار؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ يەنە سۇئېللېندىنمۇ بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئۇنى تىللاپ يېزىلغان خەت ئىدى، ئۈستىدە بىرنەچچە تامچە ياشنىڭ دېغىمۇ تۇراتتى. خەتتە ئۇنى ئەڭ يامان گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغانىدى. ئۇ بۇ خەتنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى ھەم بۇ خەتنى يازغان ئادەمنىمۇ مەڭگۇ كەچۈرەلمەيتتى. ئەمما، تارا ئامان قالدى، ھېچبولمىغاندا ھازىرقى خەۋپتىن قۇتۇلدى. بۇنىڭدىن كەلگەن خۇشاللىقنى سۇئېللېننىڭ زەھەردەك ئۇ گەپلىرى ھەرگىز يوقىتىۋېتەلمەيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئائىلىسىنىڭ ئەمدى تارادا ئەمەس ئاتلانتادا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇ يول ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئاشۇ چاغلاردا ئۇ تارا بىلەن خەۋپ ئىچىدە تۇرغان ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىمىغان، ھەتتا ئۇ تويى بولىۋاتقان مىنۇتلاردىمۇ ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان شۇ ئىشلىرىنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئۇ ئائىلىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ باقمىغانىدى. ئەمدى ھازىر ئىش پۈتكەندە بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنتۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل ئۆيىنى سېغىنىش پىراقىدا كۆيۈشكە باشلىدى. ئىش مۇشۇ ھالەتكە يەتتى، ئىبرىگە سۆزمۇ بېرىپ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا بويسۇنماي ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە فىرانك پۇل بېرىپ تارانى قۇتۇلدۇرۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭدا فىرانكقا قارىتا مۇھەببەتمۇ ئويغىنىپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنى مەن بىلەن توي قىلغىنىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلدۇرمايمەن، دەيدىغان ئىرادىگە كېلىپ قويغانىدى.

ئاتلانتانىڭ ئاياللىرى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدەك ئېنىق بىلىپ تۇرۇشىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا شۇنچىلىك قىزىقىشىدۇ. ئۇلار فىرانك كېيىنىپدى بىلەن سۇئېللېننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل «ئەھدىنامە»نىڭ

بارلىقىنى، ئۇنىڭغا بىرنەچچە يىل بولغانلىقىنى بىلىشەتتى. فىرانكمۇ ئۇلارغا ئىزا تارتىپ تۇرۇپ، كېلەر يىلى باھاردا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتقانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سىكارلېت بىلەن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي توي قىلىۋالغانلىقى ئاشكارىلانغان ھامان قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل گۇمان، ھەرخىل پەرەزلەرنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ. مىرۋېتېر خانىم ھەرقانداق ئىشنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان ئايال ئىدى، شۇڭا فىرانكتىن پۈتۈشۈپ قويغان قىزنى ئالماي، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئالغانلىقىنى توغرىدىن توغرىلا سورىدى. كېيىن ئېلسىن خانىمغا فىرانكنىڭ ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئېنىق جاۋاب بەرمەي قاراپلا تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەمما، ئۇ ئايال بۇ سوئالنى سىكارلېتتىن ئۇدۇل بىرىپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. يېقىندىن بېرى سىكارلېت تەمكىن، مۇلايىم بولۇپ قالغاندەك قىلغىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان بىر خىل تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى، ئۆزىمۇ سەپرا بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئۇ ئاتالانتالىقلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما كارى بولمىدى. چۈنكى، ئەرگە تېگىش ئەخلاقسىزلىق ئەمەس ــ دە. ئۇ ئەمدى تارادىن خاتىرجەم بولدى. شۇڭا، خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، ئۇنىڭ كاللا قاتۇرىدىغان باشقا ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن فىرانكقا تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. جوناس ۋىلكېرسوننىڭ ھېلىقى كۈندىكى تەھدىتىدىن كېيىن ئۇنىڭدا خاتىرجەملىك يوقالغانىدى، شۇڭا فىرانك ئىككىسىدە كېيىنكى كۈنلەر ئۈچۈن ئازراق زاپاس پۇل بولمىسا بولمايتتى. تاسادىپىي ئىشلار يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، تارانىڭ كېلەر يىلىلىق بېجى ئۈچۈن يەنە پۇل كېرەك ــ دە. ئۇنىڭدىن باشقا، فىرانك دېگەن ھېلىقى پەن زاۋۇتى

سىكارلېتنىڭ كاللىسىدىن پەقەتلا چىقىپ كەتمەيۋاتاتتى. فىرانك ئۇنى سېتىۋالسا ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن پۇل تاپالايتتى. ھازىر ياغاچ ئىنتايىن قىممەت، شۇڭا كىمنىڭ ئاشۇنداق زاۋۇتى بولسا شۇ تېز بېيىپ كېتەتتى. سىكارلېت يەنە فىرانكنىڭ پۇلى تاراغا بەرگەنلىكى بىلەن ئازىيىپ كېتىپ، ئۇ پەن زاۋۇتىنى سېتىۋالالماي قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فىرانكنىڭ دۇكاننى ياخشى ئېچىپ، پۇلنى كۆپ ھەم تېز تېپىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلماقچى بولدى. بۇنىڭدا ئۇلار ئۇ پەن زاۋۇتىنى باشقىلار سېتىۋالغۇچە ھەممىدىن بۇرۇن سېتىۋالالايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىمۇ بۇ ئىنتايىن ياخشى بىر سودا ئىدى.

ئەگەر ئۇ ئەركەك بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ دۇكاننى گۆرۈگە قويۇپ ئۇنىڭ پۇلىغا ئاشۇ پەن زاۋۇتىنى سېتىۋالاتتى. توي بولۇپ ئەتىسى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى فىرانكقا پۇرىتىپ بېقىۋىدى، ئۇ كۇلۇپ قويۇپ، بۇ كىچىككىنە كاللىڭىزنى ئۇنداق ئىشلارغا بىھۇدە ئاۋارە قىلماڭ، دېدى. ئۇنىڭ گۆرۈنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشى فىرانكنى ھەيران قالدۇردى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلغانىدى، ئەمما توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ خىل روھىي ھالەت بىردىنلا يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قاتتىق چۆچۈش ئىگىلىۋالدى. بىر كۈنى ئۇ ئويلىمايلا «بەزى ئادەملەر» نىڭ (ئېھتىيات قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى دېمىدى) ئۆزىگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى، ھازىرغىچە ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ دوستلىرى بىلەن ئۇ مۆتىۋەرلەرنى پۇلنى بېرىڭلار دەپ قىستىمىغانلىقىنى دەپ سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىكارلېت بۇ ئىشنى توختىماي سۈرۈشتۈردى. شۇندىلا فىرانك ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ خاتا قىلغانلىقىنى بىلدى. بەزىدە سىكارلېت كىچىك بالىدەك ساددا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەملەرنىڭ كىملىكىگە، قانچىلىك پۇلغا قەرز ئىكەنلىكىگە قىزىقىشتىن

باشقا خىيالىنىڭ يوقىلۇقىنى دەيتتى، ئەمما فىرانك گەپنى قاچۇرۇپ زادىلا ئېيتقىلى ئۇنىمايتتى. يالغان يۆتىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە كاللىسى توغرۇلۇق قىلغان ھېلىقى گېپىنى يەنە تەكرارلايتتى.

فىرانك ئۇنىڭ بۇ ئوماق كىچىككىنە كاللىسىنىڭ «ھېسابقا ئۇستا» كاللا ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا ئېلىپ يەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كاللىسى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ سەزگۈر ئىكەن. بۇ ئەھۋال ئۇنى سەل خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويدى. سىكارلېت خېلى كۆپ سانلارنىمۇ كۆڭلىدە ھېسابلاپ چىقالايتتى. فىرانك ئۈچ خانىلىقتىن ئېشىپ كەتكەن ھېسابلارنى دەپتەرگە يېزىپ تۇرۇپ ھېسابلايتتى، سىكارلېت بولسا خېلى مۇرەككەپ بۆلۈش ئەمەللىرىنىمۇ كۆڭلىدە بىردەمدىلا ھېسابلاپ بولاتتى. بۇ ئەھۋال فىرانكنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئايال كىشىنىڭ سودا، ھېسابات دېگەندەك ئىشلارنى بىلىشى يۈز كېتىدىغان ئىش ئىدى، تۇغۇلۇشىدىنلا ئېسىلزادە خانىملارنىڭ سۆيۈمىگە توغرا كەلمەيدىغان بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە بولسىمۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇنىڭغا سودىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەيدىغان بولدى. توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى بۇنداق ئىشلارنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشمۇ بىر خىل قىزىقارلىق ئىش دەپ ئويلاپ، نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى فىرانكنىڭ سەل ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئاياللارنىڭ كاللىسىنىڭمۇ ئىشلەيدىغانلىقىنى بايقاشمۇ ئۇنىڭ بەزى خام خىياللىرىنى يوققا چىقىرىۋەتكەنىدى.

فىرانك سىكارلېتنىڭ ئۆزىگە تېگىۋېلىش مەقسىتىدە ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى قاچان بىلىپ قالدى، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. تونى فونتائىن سودا ئىشى بىلەن ئاتلانتاغا كەلگەن بولسا، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشنى شۇ ئاشكارىلاپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ جونېسبورودىكى سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسا، فىرانكقا شۇ خەت يازغاندۇ بەلكىم. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى سۇئېللېندىن ئاڭلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ فىرانكقا پەقەتلا خەت يېزىپ باقمىغان، ئۇمۇ ئۇنىڭغا خەت يېزىپ بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەيدۇ. توي قىلىپ بولغان تۇرسا يەنە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ نېمە قىلىدۇ؟ سۇئېللېنىنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى مەڭگۈ بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى مەڭگۈ ۋاپاسىز، رەھىمسىز دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئويلىسا فىرانكىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولاتتى. باشقىلارمۇ شۇنداق ئويلاپ ئۇنى تىللاشلىرى مۇمكىن. شۇنداق بولسا ئۇ ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدا قالىدۇ، ئۆزىنى ئاقلاپ كېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئەر كىشى بولغان ئادەم خوتۇن كىشىنى، بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، دېگەن گەپنى قانداقمۇ ئاغزىدىن چىقىرالىسۇن؟ بولۇپمۇ يۈز ـ ئابرۇيى بار بىر ئەر، خوتۇنۇم يالغان گەپلەر بىلەن مېنى ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈۋالدى، دەپ ھەممە يەردە جار سېلىپ يۈرەلەمدۇ؟

سىكارلېت ھازىر ئۇنىڭ خوتۇنى، خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىدىن ئۆزىگە سادىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا ھەققى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىكارلېت ماڭا ئويۇنىنىڭ ئورنىدا تېگىپ قويغان، ماڭا زادىلا ھېسسىياتى يوق دېيەلمەيدۇ، ئەرلىك غۇرۇرىمۇ مۇنداق خىيالنىڭ ئۇزاققىچە كاللىسىدا ھۆكۈم سۈرۈشىگە يول قويمايدۇ. ئۇ پەقەت، سىكارلېت مېنى تۇيۇقسىز ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، يالغان گەپلەرنى قىلىپ ئاخىر ماڭا تېگىۋالدى، دېگەنگىلا ئىشىنىشى كېرەك. لېكىن، يەنە بۇ ئىشنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۆزىدىن بىر باراۋەر كىچىك ھەم ئەقىللىك بىر ئايالنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ لېكىن، ئۇ مەرتىۋىلىك ئادەم، بۇنداق گۇمانلىرىنى ئىچىدىلا بىلىشى كېرەك. سىكارلېت ھازىر ئۇنىڭ خوتۇنى، شۇڭا ئۇنى كۆلكىلىك ئىشلار بىلەن

ھاقارەتلىسە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىپمۇ نېمە مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

فىرانكىنىڭ بۇ ئىشلارنى ئۇيان - بۇيان قىلىۋېتىدىغان باشقا خىيالىمۇ يوق ئىدى، چۈنكى تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك، سىكارلېتمۇ ئاياللارنىڭ سەرخىلى، جاھىللىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممە جەھەتتىن تەلتۆكۈس ئىدى. فىرانك توي بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي سىكارلېت بىلەن ھاياتى گۈلدەك ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن تۇرمۇشىنى ئەمدى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. بەزىدە سىكارلېت كىچىك قىزلاردەك شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەتتى، كۈلۈپ توختىمايتتى، تىزىغا چىقىۋېلىپ ساقاللىرىنى تارتىپ ئوينايتتى، سەن بىلەن توي قىلىپ يىگىرمە ياش ياشىرىپ كەتتىم دېمىگۈچە تىزىدىن چۈشمەيتتى. يەنە ئۇ شۇنچىلىك مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىدى، كەچتە دۇكاندىن قايتىپ كەلگەندە سايلىما كەشىنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپ تەييار قىلىپ قوياتتى، پۇتلىرىڭىز ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، بۇنداق بولۇۋەرسە يەنە زۇكامداپ قالامسىز دەپ خاپا بولۇپ كېتەتتى. فىرانكىنىڭ توخۇنىڭ قانتىنى يېيىشكە، قەھۋەگە ئىككى قوشۇق شېكەر سېلىپ ئىچىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايتتى. قىسقىسى، سىكارلېت بىلەن ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشى شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى. لېكىن، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ كېتىۋاتقىنى بولمىدى.

توي بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن فىرانك يۇقۇملۇق زۇكام بىلەن ئاغرىپ قالدى. مادې دوختۇر ئۇنى مىدىرلىماي يېتىپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىلىدا ئۇ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپ دوختۇرخانىدا ئىككى ئاي يېتىپ چىققانىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە شۇنداق بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە مىدىرلىماي چۈمكىنىپ ياتتى. نېگىر ئانا بىلەن پىتتىي خانقىز بىر سائەتتە بىر قېتىم

www.uyghurkitap.com

قايناتقان دورىنى ئەكىرىپ بېرىپ تۇردى.

لېكىن، كېسىلى سوزۇلۇپ كېتىپ، فىرانك دۇكاننىڭ ئىشلىرىدىن بارغانسېرى ئەنسىرەشكە باشلىدى. دۇكاننىڭ سودىسىنى پىرىكازچىك بالا قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە كېلىپ بىر كۈنلۈك سودىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا دەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى، تىت ـ تىت بولۇپ پەقەتلا ياتالمىدى. سىكارلېت ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى مۇزدەك قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، گەپ بىلەن ئۇنى چېكىپ باقتى.

ــ سۆيۈملۈكۈم، مۇنداق تىت ـ تىت بولىۋەرسىڭىز مەن چىدىيالمىغۇدەكمەن. رۇخسەت قىلسىڭىز، شەھەرگە كىرىپ دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلسەم.

ئۇ ئاخىر بارىدىغان بولدى. ماڭىدىغان چاغدا بىرمۇنچە گەپ بىلەن فىرانكنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، فىرانك نارازىلىق بىلدۈرگەندىمۇ كۆلۈپلا تۇردى. توي قىلغاندىن بېرى ئۇنىڭ فىرانكنىڭ ھېساباتلىرىنى كۆرۈپ، دۇنياسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ باققۇسى بار ئىدى. تەلىيىگە ئۇ ئاغرىپ قېلىپ ئاخىر مەقسىتىگىمۇ يەتتى.

ئۇ دۇكان فىۋى پوئىنتىس كوچىسىغا يېقىنلا يەردە ئىدى، يېڭى يېپىلغان ئۆگزىسى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ دۇكان بۇللاردنىڭ جونېسبورودىكى دۇكىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى، بۇ يەردە پەقەت يوغان مەشنىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەرلا يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ دۇكىنىدىن سەل چوڭ، ئەمما قاراڭغۇراق ئىدى. ئالدىدىكى لەمپىسى كۈننىڭ نۇرىنى توسىۋالغاچقىمۇ، ئىچى خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. ئىككى تەرىپىدىكى ئەينەكلىرى چىۋىن چېچىۋەتكەندەك چېكىم ـ چېكىم دىرىزىلىرىدىنلا ئازراق يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. يەردە پاتقاق ئارىلاش ھەرە كېپىكى چېچىلىپ ياتاتتى. يەرمۇ، نەرسىلەرمۇ، ئىشقىلىپ، ھەممە نېمە مەينەت ئىدى. ئالدى تەرەپ

سەل ـ پەل پاكىز ئىدى. قاراڭغۇراق يېرىدە مال تىزىدىغان بىر مۇنچە ئېگىز جازىلار بولۇپ، ئۇلارغا ھەرخىل رەختلەر، چىنە ـ قاچىلار، ئۇششاق ـ چۈششەك كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى تىزىۋېتىلگەنىدى. ئەمما، جازىلارنىڭ كەينى تەرەپلىرى ئادەمنىڭ زېھنى ئىلەشكۈدەك قالايمىقان ئىدى، ھەر خىل نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ ياتاتتى، تاغارلاردا بىر نەرسىلەر بار ئىدى، ساپال چىنى، ئېگەر ـ جابدۇقلار، ئەرزان باھالىق قارىغاي گىروفىلار، ئادەتتىكى ياغاچلاردا ياسالغان كونا ئۆي جاھازلىرى، يىپەك رەختلەردە قاپلانغان دىۋانلار، ئورۇندۇقلارمۇ تۇراتتى. تۆت تەرىپىدە يەنە بىرمۇنچە ئاغزى ئوچۇق ساندۇقلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە بەزى زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى، مىخ، بۇرما مىخ، ياغاچچىلىق سايمانلىرى دېگەندەك نەرسىلەر سېلىپ قويۇلغانىدى.

مەن تېخى فىرانكىنىڭ ھەممە ئىشنى زىغىرلايدىغان مىجەزىگە قاراپ، ئىشلارنى ناھايىتى رەتلىك، تەرتىپلىك قىلسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — ئويلىدى سىكارلېت مەينەت بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەر چوشقا قوتىنىنىڭ ئۆزىلىغۇ، قانداق دۇكان ئېچىش بۇ! بۇ نەرسىلەر ئۈستىلىرىدىكى توپا ـ چاڭلار پاكىز سۈرتۈلۈپ خەق كۆرىدىغان يەرگە تىزىپ قويۇلسا تېز سېتىلىپ كەتمەمدۇ؟

نەرسىلىرى بۇنچىلىك قالايمىقان، ھېساباتى قانچىلىكتۇ؟

ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ ھېسابات دەپتىرىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ چىراغنى كۆتۈرگەن پېتى ئالدى تەرەپكە ئۆتتى. پىرىكازچىك بالا خالار ـ خالىماي، تېشى مەينەتلىشىپ كەتكەن قېلىن بىر دەپتەرنى ئۇنىڭغا چىقىرىپ بەردى. قارىغاندا، ياش بولسىمۇ، ئۇمۇ فىرانكقا ئوخشاش ئاياللارنى سودا ئىشلىرىغا ئارىلاشسا بولمايدۇ، دەپ قارىسا كېرەك. ئەمما، سىكارلېت ئۇنى ئاچچىق گەپلەر بىلەن بېسىپ، سىرتقا تاماپ يەپ كىرىشكە چىقىرىۋەتتى ۋە شۇندىلا ئۆزىنى يەڭگىل سەزدى. ئۇ بالىنىڭ كۆزگە

www.uyghurkitap.com

ئىلمىغاندەك قىلىقلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. ئۇ مەشىنىڭ يېنىدىكى ئەسكى بىر ئورۇندۇقتا پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ دەپتەرنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. چوش مەزگىلى بولغاچقا، كوچىدا ئادەم يوق، دۇكانغىمۇ ئادەم كىرمىگەن، ئۆزى يالغۇز ئىدى.

سىكارلېت ئالدىرىماي ۋاراقلاپ، فىرانك يازغان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن سان - سىپىرلارنى ھەجىلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇماق ئىنتايىن تەس ئىدى. ئۇ پەرەز قىلغاندەك، فىرانك سودىگەرلەرگە خاس سەزگۈر كاللىسى بار ئادەم بولماي چىقتى. سىكارلېتنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئالىدىغان قەرز پۇلى بەش يۈز ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن، بەزىلىرىگە ھەتتا بىر نەچچە ئاي بوپتۇ. قەرزدارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىكارلېتقا تونۇش ئادەملەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىرۋېتېر خانىم بىلەن ئېلسىن خانىممۇ بار ئىكەن. فىرانكنىڭ ئۇ «ئادەملەر»نىڭ ئىسمىنى دەپ بەرمىگىنىگە قاراپ، ئۇلاردىكى پۇلى كۆپ بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە، ئىنتايىن جىق پۇل ئىكەن.

ئۇلار بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرەلمەي تۇرۇپ، يەنە نېمىدەپ قەرزگە مال ئېلىۋېرىدۇ؟ — ئويلىغانسېرى سىكارلېتنىڭ غەزىپى كېلىشكە باشلىدى، — ئۇلار قەرزگە ئالغان ماللارنىڭ پۇلىنى بەرمىگەندىكىن، ئۇمۇ نېمىشقا ئۇلارغا يەنە قەرزگە مال بېرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆپى قەرزنى قايتۇرغۇچىلىكى بار ئادەملەر ئىدى. ئېلسىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر فەننىگە يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرگەن، شۇنچە كاتتا توي قىلىپ بەرگەن يەردە ئۇنچىلىك پۇلنى چوقۇم قايتۇرالايدۇ. فىرانك بەكمۇ بوشاڭ ئادەم ئىكەن، ئۇ خەق ئۇنىڭ ئاشۇ تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىپتۇ. ئاشۇ پۇللارنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇۋالىدىغان بولسىمۇ پەن زاۋۇتىنى سېتىۋالغانىنىڭ ئۈستىگە، تاراغا كېلىدىغان باجنىمۇ تۆلىگىلى

بولىدۇ ئەمەسمۇ.

شۇ ھالىغا پەن زاۋۇتىنى سېتىۋالىمەن دەيدۇ تېخى، — يەنە خىيالغا كەتتى سىكارلېت، — ئۇنى سېتىۋېلىشى قۇرۇق گەپ. بۇ دۇكاننى ساخاۋەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان تۇرسا، پەن زاۋۇتنى سېتىۋېلىپ پۇل تېپىشتىن ئۈمىد بولامدۇ؟ بىر ئايغا قالماي ئۇ زاۋۇتنى ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىۋالىدۇ شۇ. دۇكاننى مەن ئۇنىڭدىن ياخشى باشقۇرۇپ كەتكۈدەكمەن. ياغاچ سودىسىدىن قىلچە خەۋىرىم بولمىسىمۇ، پەن زاۋۇتىنىمۇ چوقۇم ئوبدان يولغا سېلىپ كېتەلەيمەن.

سىكارلېت كىچىكىدىن تارتىپ، ئەرلەر ھەممىگە قادىر، ئاياللارنىڭ ھامان ئەقلى كەم، دېگەندەك ئەنئەنىۋى تەربىيەدە تەربىيەلەنگەن بولغاچقا، ئايال كىشىمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش سودا بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ياخشى قىلالايدۇ، دېگەن گەپلەر ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق ۋە ئىنقىلابىنىڭ گەپلىرىدەك ئاڭلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خىل قاراشنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ قاراش ئادەمنى روھلاندۇرۇپ بىر نەرسىگە ئىنتىلدۇرەتتى. شۇڭا، بۇ گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئورناپ قالغان ھەم بۇ خىيالنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدى. ھازىر ھېسابات دەپتىرى تىزىدا، بىر نەرسىگە ھەيران بولۇۋاتقاندەك ئاغزى يېرىم ئوچۇق، يەنە خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى. تارادىكى ئاشۇ قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە ئۇ ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغانغۇ؟ تېخى ئەرلەردىنمۇ ياخشى قىلغان. ئاياللار ئۆزى يالغۇز ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، دېيىشىدىكەن، ئەمما ئۇ ۋىل كېلىشتىن ئىلگىرى ياردەم بېرىدىغان بىرمۇ ئەر كىشى يوق قورۇقنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرۇپ كەتتىغۇ؟ شۇنىڭغا قاراپ، مەن ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرنىڭ ياردىمىسىز ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇلارنىڭ قولىدىن بالا تۇغۇشتىنمۇ باشقا ئىشلار كېلىدۇ. خۇدا بىلىدۇ، كاللىسى جايىدا خوتۇنلارنىڭ قايسىبىرى بالا تۇغۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خالايدىكەنتاڭ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئىش قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاپ بىردىنلا كېرىلىپ كەتتى ۋە ئەرلەرگە ئوخشاش، ئۆزى ئۇچۇن پۇل تېپىشنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىغا بېرىلىپ خىيالغا چۆكتى. ئۆز ئالدىغا ئىش قىلسا تاپقان پۇلى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ھەرقانداق ئەركىشىگە يېلىنمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھېسابمۇ بەرمەيدۇ.

«يېتەرلىك پۇل تېپىپ ئاشۇ پەن زاۋۇتىنى ئۆزۈم سېتىۋالسام، ــ ئۇ ئىختىيارسىز ئۈنلۈك سۆزلەپ قويدى، ــ ئۇ زاۋۇتنى چوقۇم راۋاجلاندۇرىمەن، بىر تاختايىنىمۇ خەققە قەرزگە بەرمەيمەن.»

ئارقىدىن ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ پۇل ئېلىپ تۇرىدىغان يېرى بولمىغاچقا، بۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. فىرانك خەقتىكى پۇللىرىنى يىغىۋالسا، ئاندىن ئۇ زاۋۇتنى سېتىۋالغىلى بولاتتى، ھازىرقى ئىشەنچلىك چارە مۇشۇ ئىدى. ئۇ زاۋۇتنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئامال قىلىپ فىرانكقا دۇكاننى ياخشى باشقۇرۇش ئۈستىدە تەسىر كۆرسەتسە بولاتتى.

ئۇ ھېسابات دەپتىرىنىڭ ئاخىرقى بىر بېتىنى يىرتىپ ئۇنىڭغا قەرزدارلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۆيگە بېرىپلا ئۇلاردىكى پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى فىرانكنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنماقچىدى. ئۇ ئۇنىڭغا بۇ ئادەملەرنى قەرزنى قايتۇرۇشقا قىستاشنىڭ ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇلار قايتۇرمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. فىرانك تەڭقىسچىلىقتا قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ قورقۇنچاق، خەقنى رەنجىتىشنى خالىمايدىغان ئادەم. يۈزى شۇنچىلىك نېپىزكى، ئۆزىنىڭ خەققە قەرز بەرگەن پۇلىنى سوراشتىنمۇ ئۇيىلىدۇ.

بەلكىم ئۇ، ئۇلاردا قەرز قايتۇرغۇدەك پۇل يوق، دېيىشىمۇ مۇمكىن، بۇمۇ راست، سكارلېت نامراتلىقنىڭ نېمىلىكىنى

بىلىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ يېڭى ئىشمۇ ئەمەس. ئەمما، ھەممە ئادەمنىڭ كۆمۈش قاچا ـ قۇچا، زىننەت بۇيۇملىرى دېگەندەك ئانچە ـ مۇنچە ساقلاپ قويغان نەرسىلىرىمۇ يوق ئەمەس، كۆچمەس مۈلۈكلىرىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر بار. فىرانىك شۇ نەرسىلەرنى بولسىمۇ پۇلغا سۇندۇرۇپ ئالسا بولىدۇ ئەمەسمۇ.

سكارلېت بۇ خىياللىرىنى فىرانكقا ئېيتسا، ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى. دوستلىرىنىڭ ئالتۇن بۇيۇملىرى بىلەن باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋېلىش دېگەن نېمە گەپ ! راست ئەمەسمۇ؟ سكارلېت مۇرىلىرىنى قىسىپ قويدى. مەيلىلا، ئازابلانسا ئازابلىنىۋەرمەمدۇ. ئۇنىڭغا چوقۇم دەيمەن. ئۇ دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كەمبەغەللىچىلىكتە ئۆتىۋېرىمەن دېگەن بىلەن مەن ئۇنداق ئۆتەلمەيمەن. ئۇنىڭدا بۇنچىلىكمۇ جۈرئەت بولمىسا مەڭگۈ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئۇ چوقۇم پۇل تېپىشى كېرەك. مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىسىمۇ ئۇنى شۇنداق قىلدۇرماي قويمايمەن.

ئۇ باشقىدىن روھلىنىپ، قەغەزگە ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىشقا باشلىغاندا، ئۇشتۇمتۇت دۇكاننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، گۈررىدە كىرگەن سوغۇق شامال بىلەن تەڭ ئېگىز بوي بىر ئەر ئىندىيانلارغا خاس يەڭگىل قەدەم بىلەن دۇكانغا كىرىپ كەلدى، سكارلېت ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان رېت باتلېرنى كۆردى.

ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى تىكىلگەن چىرايلىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا، پەلتو تۇراتتى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا، رېت بېشىدىكى ئېگىز شلەپىسىنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىنى مەيدىسىگە قويدى ـ دە، ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئاپپاق چىشلىرى قوڭۇر رەڭ چىرايى بىلەن سېلىشتۇرما ھالدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، جۈرئەتلىك كۆزلىرى سكارلېتنىڭ بەدىنى ئۈستىدە يۇگۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

— سۆيۈملۈك كىچىنىدى خانىم، — دېدى ئۇ سكارلېتقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىغقىن مىغىپ، — ئەڭ سۆيۈملۈك كىنىيدى خانىم، — ئارقىدىنلا بار ئاۋازى بىلەن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

سىكارلېت دەسلەپتە خۇددى ئالۋاستىنى كۆرۈۋاتقاندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنىدى. كېيىن ئىتتىك پۇتلىرىنى چۇشۇرۇپ رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭىز؟

— پىتتىپات خانقىزنىڭ يېنىغا بېرىۋېدىم، سىزنى توي قىلىۋالدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سىزنى تەبرىكلەپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىراپ بۇياققا ماڭدىم.

سىكارلېت ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئويلاپ غەزەپتىن بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.

— مەن سىزنى يۈزىنى داپتەك قىلىپ يەنە مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ.

— دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىزمۇ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى باردىڭىزغۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، سىز نېمىدېگەن...

— بىز بىر - بىرىمىزگە ھۆرپىيىشنى قويۇپ تۇرساق قانداق؟ — ئۇ سىكارلېتقا قاراپ ھىجىيىپ قويدى. چاقماق تېزلىكىدە يوقاپ كەتكەن بۇ كۈلكىدە ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن نومۇس قىلىش ياكى سىكارلېتنىڭ قىلىقلىرىنى ئەيىبلەش مەنىسى يوق ئىدى. سىكارلېتمۇ جاۋابەن كۈلۈپ قويدى، ئەمما بۇ مەجبۇرىي ۋە ئاچچىق كۈلكە ئىدى.

— ئۇلارنىڭ سىزنى دارغا ئېسىۋەتمىگىنى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ.

— باشقىلارمۇ سىزدەك ئويلىسا كېرەك، سىكارلېت. ئۆزىڭىزنى سەل ئەركىنرەك تۇتۇڭ. خۇددى ھەممە نېمىڭىزنى قىمارغا ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك بولۇپ كېتىۋاتىسىز، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. مەن سىزنى ھېلىقى... ھىم... ھېلىقى چاقچاقلىرىمنى

ئۇنتۇپ كەتتى دەپ ئويلايمەن.
— چاقچاق؟ ھىم! مەن مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.
— ياق، ئۇنتۇپ كېتىسىز. ھازىر سىز مېنىڭ ئالدىمدا يۈزۈم كەتمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئەتەي خاپا بولغاندەك بولۇۋېلىۋاتىسىز. ئولتۇرسام بولامدۇ؟
— بولمايدۇ.
ئۇ ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بايىقى كۈلكىسىنى يەنە كۈلدى.
— مېنى ئىككى ھەپتىمۇ ساقلىيالماپسىز، — دېدى ئۇ مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ئايال كىشىنىڭ تۇراقسىز كېلىدىغانلىقى راست ئىكەن.
ئۇ سىكارلېتنىڭ جاۋاب بەرمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى.
— ئېيتىڭا، سىكارلېت، دوستلۇقىنىڭ... ئەڭ يېقىن، ئەڭ سىرداش دوستلۇقىنىڭ يۈزى ئۈچۈن ئېيتىڭا، مەن تۈرمىدىن چىققۇچە ساقلاپ تۇرغان بولسىڭىز، تېخىمۇ ئەقىللىق ئىش قىلغان بولمامتىڭىز؟ فىرانك كېننېدى دېگەن ئۇ قېرى بىلەن توي قىلىش، مەن بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىنمۇ لەززەتلىكمىدى؟
ھەر قېتىم ئۇنىڭ مەسخىرىسى جېنىغا تەگكەن چاغدا سىكارلېت ئۇنىڭ ئۇ خىل ئەدەپسىزلىكىگە قاتتىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب بېرەتتى.
— بايقاپ سۆزلەڭ جۇمۇ.
— ئۇزاقتىن بېرى بىلىشكە قىزىقىپ كېلىۋاتقان بىر سوئالىمغا جاۋاب بېرىشنى خالامسىز؟ سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمەيدىغان، قىلچە كۆڭلىڭىز يوق ئىككى ئەرگە تەگدىڭىز. ئەجەبا، سىزدە ئاياللارغا خاس يىرگىنىچ ۋە ئۇلارغا تەگكۈچە ئارسالدى بولۇش دېگەندەك تۇيغۇلارمۇ بولمىدىمۇ؟ يا مەن بىزنىڭ جەنۇبلۇق ئاياللىرىمىزنىڭ شۇ جەھەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاجىزلىقلىرىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويدۇممۇ؟

— رېت !

— بۇ سوئالىمغا قارىتا ئۆزۈمدىمۇ جاۋاب بار. مەندە كىچىكىمدىن تارتىپ سىڭگەن ئاياللار ئاجىز، مۇلايىم ۋە سەزگۈر، دېگەن ئوي بولسىمۇ، لېكىن ئاياللاردا يەنە ئەرلەردە يوق بىر خىل جاسارەتنى سېزىمەن. ياۋروپالىقلار ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشلىرىنى ئەڭ ناچار قوشۇلۇش ئۇسۇلى دەپ بىلىشىدىكەن. دېمىسىمۇ، تازا ئويلاپ كەلسە ئۇنىڭ شۇنداق تەرىپىمۇ بار. مەن ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ قارىشىنى باشتىن - ئاخىر توغرا تېپىپ كەلدىم. بىر - بىرىنىڭ هاجىتىدىن چىقىش ئۈچۈن توي قىلىش، ئويناپ - كۈلۈش ئۈچۈن مۇھەببەتلىشىش بىر خىل ئاقىل تۈزۈم ئوخشايدۇ. سىزچىمۇ شۇنداقمۇ؟ سىز بۇ قەدىمكى دۆلەتكە ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن.

بۇ گەپلەرگە: «مەن ئۇنىڭ بىلەن هاجىتىمدىن چىقىرىپ قويۇشى ئۈچۈن توي قىلغان ئەمەس !» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىش كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، رېت ئۇنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. ئەگەر قارشىلىق قىلىپ ئۆزىنى، مەن ئاق، ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىز دەيدىغانلا بولسا، رېت تېخىمۇ سەت، تېخىمۇ ئاچچىق گەپلەرنى دېيىشى مۇمكىن.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز، — دېدى سىكارلېت سوغۇقلا. ئاندىن ئۇ گەپنى باشقىغا يۆتكەش مەقسىتىدە، — تۈرمىدىن قانداق چىقتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، بۇ ئىشتا، — دېدى رېت ئۇ ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىغان تەلەپپۇزدا، — جىق ئاۋارىچىلىككىمۇ ئۇچرىمىدىم. ئۇلار مېنى بۈگۈن ئەتىگەن قويۇپ بېرىشتى. ۋاشىنگتوندىكى مەنسەپدار بىر ئاغىنەمدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندىم. ئۇ مەشھۇر ئادەم ھەم ۋەتەنپەرۋەر. جەنۇب ئىتتىپاقى ئۈچۈن سېتىۋالغان قورال بىلەن ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى شۇنىڭدىن ئالاتتىم، مېنىڭ قىيىن ئەھۋالدا

قالغانلىقىم نورمال يوللار بىلەن ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇ دەررۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مېنى قويدۇرۇۋەتتى. ھوقۇق دېگەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسە، سىكارلېت، ئۇنىڭغا ئېرىشىپ قالغان كۈنلىرىڭىزدە مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇڭ. ھوقۇق ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ، گۇناھىڭىز بولسىمۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن گۇناھسىز بولۇپ كېتەلەيسىز.

— خۇدا تۇرۇپتۇ، سىز ھەرگىزمۇ گۇناھسىز ئەمەس.

— توغرا دېدىڭىز. ئەمما، مەن ھازىر ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقتىم. سىزگە شۇنى ئىقرار قىلىمەنكى، مېنىڭ گۇناھىم ھابىلنىڭكى① بىلەن ئوخشاش. مەن بىر نېگىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئۇ بىر ئاقسۆڭەك ئايالغا ئەدەپسىزلىك قىلغان، جەنۇبنىڭ مەرتىۋىلىك ئادىمى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى شۇ قىلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتمەي قاراپ تۇرىمەنمۇ؟ يەنە بىر قېتىم شىماللىق بىر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قاۋاقخانىدا گەپ تالىشىپ قېلىپ ئۇنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم، بۇ ئىشقا ئۇزاق بولغان، ھېچكىممۇ مېنى جاۋابكارلىققا تارتمىدى، مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىر بىچارىنى دارغا ئېسىشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سىكارلېتنى قورقۇنچ باستى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئۇ ئىشلىرىنىڭ بولمىغۇر ئىشلار ئىكەنلىكىنى دەپ تەنبىھ بېرىپ قويۇشنى ئويلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز تارادىكى ئۇزۇم بارىڭىنىڭ ئاستىغا ئۆزى كۆمۈۋەتكەن ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنى ئويلاپ قالدى. ئۇ شىماللىقنى ئۇمۇ خۇددى تاپىنى ئاستىدا ئۆلۈپ قالغان چۈمۈلىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئۇنتۇپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟

خوش، ئۇنىڭمۇ رېت باتلېرغا ئوخشاش گۇناھى بار

① ھابىل ئادەمئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنىڭ چوڭ ئوغلى، ئىنىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا نېمە ھەققى بار.

— مەن سىزگە يەنە بىر ئىشنىمۇ دەپ بېرەي، بۇ بەكمۇ مەخپىي ئىش — بۇ گەپنى پىتتىپىپات خانقىزغا ھەرگىز دەپ سالماڭ — مەندە راستىلا ھېلىقى پۇل بار، لىۋېرپولدىكى بىر بانكىدا.

— راستمۇ؟

— راست، شىماللىقلار بىلىشكە قىزىقىۋاتقان ئاشۇ پۇل. سىكارلېت، ئۆتكەندە سىز مەندىن پۇل سورىغاندا بېرەلمىدىم. بۇ مېنىڭ پىخسىقلىق قىلغىنىم ئەمەس. ئەگەر سىزگە چەك كېسىپ بېرىدىغان بولسام، ئۇلار ئىزىڭىزغا چۈشۈپ پۇلۇمنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالاتتى. نەتىجىدە، سىزمۇ بىر تىيىن ئالالمايتتىڭىز. مېنىڭ چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي يۈرگىنىم ئۇ پۇلنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ پۇل ھازىر ئىنتايىن بىخەتەر ھالەتتە. ئەگەر ئۇلار ئۇ پۇلنىڭ بار يېرىنى بىلىۋېلىپ مەندىن تارتىۋالىدىغان بولسا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ماڭا قورال ساتقان شىماللىق ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلەرنى بىر - بىرلەپ ئاشكارىلىۋېتىمەن، ئۇ چاغدا ئۇلار خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ھازىر ۋاشىنگتوندا مۇھىم ئورۇنلاردا ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن بۇ قېتىم تۈرمىدىن، سىرلىرىڭنى ئاشكارىلىۋېتىمەن دەپ ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ يۈرۈپ قۇتۇلۇپ چىقتىم. مەن...

— بۇ گەپچە، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ئالتۇنلىرى راستىلا سىزدە ئىكەن - دە؟

— ھەممىسى ئەمەس! بۇرۇن قامال قىلىنغان رايونلاردا سودا قىلىپ يۈرگەن ئەللىك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەم نۇرغۇن پۇلنى ناسسۇ، ئەنگلىيە، كانادا بانكىلىرىغا قويۇۋېتىپتىكەن. جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىچىدىكى بىزدەك سەزگۈر ئەمەس ئادەملەر بىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن ئارىدىن ئەللىك تۈمەندەك تاپتىم. سىكارلېت، ئويلاپ بېقىڭ، ئەللىك

تۇمەن، ئەگەر سىز ئاچچىقىڭىزغا پايلىماي بۇنداق ئالدىراپ تـوي قىلمىغان بولسىڭىز قانداق ياخشى بولاتتى.

ئەللىك تۇمەن ئامېرىكا دوللىرى! بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى ئاڭلاپ سكارلېت خۇددى ئاغرىپ قالغاندەك، پۈتۈن بەدىنى بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ دېگەن گەپلىرىنىمۇ چۈشەنمىدى، ھەتتا ئۇ گەپلەر قۇلىقىغا كىرىپمۇ چىقمىدى. ھازىرقىدەك مۇشۇنداق جاپالىق ۋە نامرات دۇنيادا مۇشۇنچىلا كۆپ پۇل بولسا ھەم بۇ پۇللار بىر ئادەمنىڭ بولۇپ، ئىشلىتىدىغان يېرى يوق قويۇپ قويسا، ئۆزىنىڭ بولسا دۈشمەنلىك بۇ دۇنيادا قېرى، ئاغرىقچان ئېرى بىلەن مۇشۇ پاسكىنا ۋە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق دۇكاندىن باشقا ھېچنېمىسى بولمىسا، رېت باتلېردەك بىر لوكچەك شۇنچە باي، ئۆزى بولسا ئۈستىگە شۇنچىلىك كۆپ يۈكنى ئارتىۋالغان شۇنچە گاداي تۇرسا، بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك! ئۇنىڭ رېت باتلېرغا، پار ـ پۇر كىيىنىۋېلىپ يېنىدا ئۆزىنى كەمسىتىپ ئولتۇرغان بۇ بايۋەچچىگە قاتتىق ئۆچلۈكى كەلدى. ئۇ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ھەرگىز ماختىماسلىقى كېرەك، بولمىسا ئۇ تېخىمۇ گىدىيىۋالىدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت نەشتەردەك گەپ كېرەك.

— جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ بۇ پۇللىرىنى ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋېلىشنى توغرا دەپ قارىسىڭىز كېرەك. ياق، مېنىڭچە، توغرا ئەمەس. بۇ، قىپقىزىل ئوغرىلىق، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. ۋىجدانەن گەپ قىلسام، مەن بۇ پۇلىڭىزنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ ئالمايمەن.

— ۋاي ـ ۋۇي، بۇگۈنكى ئۇزۇم نېمىدېگەن ئاچچىق، — رېت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ توۋلاپ كەتتى، — ئېيتىڭا، مەن بۇ پۇلنى كىمدىن ئوغرىلاپتىمەن؟

سكارلېت گەپ قىلمىدى. كىمدىن ئوغرىلىغانلىقىنى ئويلىمىسا بولمايتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىشلىرى فىرانكىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، فىرانكىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دائىرىسى تارراق ئىدى.

— بۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى مەن قانۇنىي يول بىلەن تاپقان، — دېدى رېت سۆزىنى داۋام قىلىپ، — شىمالنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تاپتىم. ئۇ ئادەملەر شىمالنىڭ قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىش ھېسابىغا بۇ سودىنى قىلىشتى. ئۇ سودىدا مەن بىرگە - بىر پايدا ئالدىم، قالغان قىسمىنى پاختىغا ئازراق سەرمايە سېلىش يولى بىلەن تاپتىم. ئۇ پاختىلارنى مەن ئەرزان سېتىۋالدىم. ئەنگلىيەنىڭ فابرىكىلىرى پاختىغا تازا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقاندا، ھەربىر قادىقىنى بىر ئامېرىكا دوللىرىدىن ساتتىم. يەنە ئاشلىق ھايانكەشلىكى بىلەنمۇ ئازراق پۇل تاپتىم. مەن نېمە دەپ ئۆزۈم تاپقان پۇلنى شىمالىلىقلارنىڭ تارتىۋېلىشىغا يول قويغۇدەكمەن؟ راست گەپنى قىلغاندا، بۇ پۇلنىڭ ئاز بىر قىسمى جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ. ئۇلار بىزگە پاختىسىنى قامال رايونلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، لىۋېرپولدا يۇقىرى باھا بىلەن سېتىپ، پۇلغا خۇرۇم بىلەن ماشىنا ئۇسكۇنىلىرى ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغانىدى. مەنمۇ پاختىنى سېتىپ، پۇلغا ئۇلارغا لازىملىق ئۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرمەكچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇيرۇق بويىچە پاختىنىڭ پۇلىنى ئۆزۈمنىڭ نامىدا ئەنگلىيە بانكىسىغا قويۇپ قويدۇم. بۇنىڭدا مەن ئېھتىياتچانلىق قىلدىم... ئىشەنچلىك بولاتتىم. ئۇ چاغدا قامال قاتتىق كۈچىيىپ كېتىپ، كېمىلىرىم جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ پورتلىرىغا يېقىنلىشالمىدى. ئامال يوق، ئۇ پۇل ئەنگلىيە بانكىسىدا تۇرىۋەردى. بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم؟ ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇ ئالتۇنلارنى ئەنگلىيە بانكىسىدىن ئېلىۋېلىپ ۋىلمىنتونغا ئەكەلسەم، ئاندىن ئۇ يەردە ئۇ پۇلنى شىمالىلىقلار ئېلىۋالسا بولامتى؟ قامالنىڭ چىڭىپ كېتىشى مېنىڭ گۇناھىممۇ؟ بۇ پۇللار بۇرۇن جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئىدى. ھازىر ئۇ ئىتتىپاق مەۋجۇت ئەمەس... سىز بۇ ئەھۋاللارنى بىلمەيسىز، باشقىلاردىن ئاڭلىدىڭىز.

ئېيتىڭا، مەن بۇ پۇلنى كىمگە بېرىشىم كېرەك؟ شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ھۆكۈمىتىگىمۇ؟ خەقلەرنىڭ مېنى ئوغرى كۆرۈۋاتقىنىغا ئىچ - ئىچىمدىن نەپرىتىم كېلىدۇ.

ئۇ يانچۇقىدىن بىر خۇرۇم قاپچۇقنى چىقىرىپ، ئىچىدىن بىر تال سىگارېت ئېلىپ بۇرنىغا تۇتۇپ پۇراپ قويدى ۋە ئۇنىڭدىن گەپ كۈتۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

ھۇ خۇنپەر، دائىملا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈۋالىدۇ، — ئويلىدى سىكارلېت، — ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىساملا ماڭا خاتادەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما نەرى خاتا، دەپ بېرەلمەيمەن.

— ئۇ پۇلنى پۇلغا زار بولۇۋاتقان ئادەملەرگە تارقىتىپ بەرسىڭىز بولىدىغۇ، — دېدى سىكارلېت جىددىي تەرزدە، — جەنۇب ئىتتىپاقى بولمىغان بىلەن، ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ئاچتىن ئۆلۈۋاتىدۇ.

رېت باتلېر كەينىگە غادىيىپ تۇرۇپ قوپال ئاۋازى بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ ساختا ساخاۋەتچى قىياپىتىڭىزگە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى ھەم كۈلگۈسى كېلىدۇ، — سۆزلەپ كەتتى ئۇ خۇشال ئاھاڭدا، — سىكارلېت، سىز دائىم مۇشۇنداق راست گەپ قىلىسىز، يالغان ئېيتمايسىز. ئېرىلاندىيەلىكلەر دۇنيادا ئەڭ راستچىل ئادەملەر، يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. يەنىمۇ راستچىل بولۇڭ. سىز ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن يوقالغان جەنۇب ئىتتىپاقىنى قىلچە ئويلاپ قويمايسىز، ئاچلىقتا قىينىلىۋاتقان جەنۇبنىڭ ئادەملىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيسىز. ئەگەر مەن ئۇ پۇلنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەرگىلى تۇرسام، سىزگە نۇرغۇن پۇل تەگكەن تەقدىردىمۇ، بىرىنچى بولۇپ سىز چىرقىراپ نارازىلىق بىلدۈرىسىز.

— ماڭا سىزنىڭ پۇلىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى سىكارلېت كۆكسى - قارنى توق ئادەم قىياپىتىدە ئولتۇرۇپ.

— سىزگە راستىلا پۇل كېرەك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە، ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالىقانلىرىڭىز قىچىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ تۇرقىدا يىگىرمە بەش تىيىنلىق كۆمۈش تەڭگىدىن بىرنى چىقىرىدىغان بولسام ھازىرلا ئۇنىڭغا ئېتىلىسىز.

— ئەگەر سىز مېنى ھاقارەت قىلغىلى، مېنىڭ نامراتلىقىمنى مەسخىرە قىلغىلى كەلگەن بولسىڭىز، ھازىرلا بۇ يەردىن كېتىڭ! — دېدى سىكارلېت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، كېتىش ئۈچۈن تىمىزدىكى ھېسابات دەپتىرىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ. لېكىن، رېت باتلېر ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلگەن پېتى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— راست گەپنى ئاڭلىسىڭىزلا چىچاڭشىپ كېتىدىكەنسىز، بۇ مىجەزىڭىزنى قاچانمۇ ئۆزگەرتەرسىز؟ ئۆزىڭىز باشقىلارنىڭ يېغىرىنى ئايىماي ئاچىسىز، ئەمما ئۆزىڭىزگە كەلگەندە چىدىمايسىز. مەن سىزنى ھاقارەت قىلمىدىم. مەنمۇ تويمىغۇرلۇق قىلىشنىمۇ بىر خىل ياخشى خىسلەت دەپ قارايمەن.

سىكارلېت «تويمىغۇرلۇق» دېگەن گەپنىڭ نېمە مەنىدىكى گەپ ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، رېت باتلېرغا ياقىدىغان گەپ بولغاچقا، يۈرىكى سەل تىنچىغاندەك بولدى.

— مەن بۇ يەردە سىزنىڭ نامراتلىقىڭىز ئۈستىدىن كۈلگىلى ئەمەس، ئەكسىچە توي قىلغانلىقىڭىزنى تەبرىكلىگىلى، سىزگە ئۆزۈن ئۆمۈر تىلىگىلى كەلدىم. سۈئېللېن سىزنىڭ ئوغرىلىقىڭىزنى نېمە دەپ ئويلاۋاتقاندۇ؟

— نېمە دېدىڭىز؟

— سىز ئۇنىڭ فىرانكىنى ئوغرىلىۋالدىڭىز ئەمەسمۇ؟

— مەن ھەرگىز ئۇنداق...

— بولدىلا، گەپنى يوپۇرۇپمۇ ئاۋارە بولمايلى. سۈئېللېن زادى نېمە دېدى؟

— ھېچنېمە دېگىنى يوق، — دېدى سىكارلېت.

رېت باتلېرنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، چۈنكى سىكارلېت يالغان گەپ قىلىۋاتاتتى.

— بەكمۇ مەرد قىز ئىكەن جۇمۇ ئۇ. ئەمدى سىزنىڭ نامراتلىقىڭىز توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي، بۇنىڭغا ھەقلىقمەن، چۈنكى يېقىندا سىز مېنى تۈرمىگە مۇشۇ توغرۇلۇق ئىزدەپ بارغان. فىرانكنىڭ سىز ئويلىغاندەك كۆپ پۇلى بارمىكەن؟

رېت باتلېر ئۆزىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان بۇ قىلىقلىرىنى زادىلا يوشۇراي دېمەيتتى. سىكارلېت بىر بولسا ئۇنىڭغا چىداپ ئولتۇرۇشى، بىر بولسا ئۇنى قوغلاپ چىقىرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنى قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلىمايتتى. باتلېرنىڭ گەپلىرىدە تىكەن بار ئىدى، ئەمما تىكىنى بار راست گەپلەر ئىدى. باتلېر ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىش قىلغانلىقىنى چۈشىنەتتى، ئەمما شۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى كەمسىتمەيتتى. قويغان مەسىلىلىرى ئۆتكۈر ۋە يىرگىنچلىك مەسىلىلەر بولسىمۇ، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى دوستانە كۆيۈنۈشتىن چىقىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇ سىكارلېت بىلەن راست گەپلەرنى قىلىشالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسا سىكارلېت ئۆزىگە تەسەللى تاپالايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى بىرمۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى گەپلىرى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىپ باقمىغانىدى. ئەگەر ئۇ گەپلىرىنى باشقىلار ئاڭلايدىغان بولسا ھەيران قېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، رېت باتلېر ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسا خۇددى پۇتىنى قىستىغان ئاياغ بىلەن تانسا ئويناپ، تانسىدىن كېيىن كەڭ ـ كۇشادە ساپلىما كەشنى كىيىۋالغاندەك راھەتلىنىپ قالاتتى.

— باجغا تاپشۇرىدىغان پۇلنى تاپتىڭىزمۇ؟ ئەمما، ماڭا تارادىكىلەرنىڭ ئاچ قېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلماڭ، — ئۇنىڭ بۇ گەپنى دېگەن چاغدىكى ئاۋازى ئالدىدىكىسىگە ئوخشىمىدى.

www.uyghurkitap.com

سىكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىگە قاراپ، چىرايىدىكى ئىپادىدىن دەسلەپتە ھەيران قالدى، كېيىندىن ئازراق تەمتىرىدى، ئاندىن تۇيۇقسىز كۈلۈۋەتتى. بۇ خىل تاتلىق كۈلكىنىڭ ئۇنىڭ چىرايىدىن يىتىپ كەتكىنىگە خېلى زامانلار بولغانىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئەسكى ئادەم، ئەمما بەزىدە ھەم ياخشىمۇ ئادەم. ئۇ ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتى ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە باجغا تۆلەيدىغان ھېلىقى پۇلنى تاپالىغان ـ تاپالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى. سۇرلۇك قىياپەتتە كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، تۈرمىدىن چىقىپلا ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشى سىكارلېتقا تولۇقى بىلەن چۈشىنىشلىك بولدى. ئەگەر ئۇنىڭغا ھازىرمۇ پۇل لازىم بولسا ئۇ چوقۇم بېرىپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنى چۈشەنمەي ئۇنى ـ بۇنى دەپ يەنە ئەيىبلەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇنى يەنە قىينىشى، ھاقارەتلىشى، ئۇنداق نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بويىنىغا ئالماسلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان بىر ئادەم. ئۇنىڭ سىكارلېتقا ئۆزى ئېيتىراپ قىلغاندىنمۇ بەكرەك كۆڭلى بارمىدۇ؟ يا كۆڭلىگە باشقا بىر مەقسەتنى پۈكۈپ يۈرەمدىغاندۇ؟ بەلكىم كېيىنكىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئۇنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق غەلىتە ئىشلىرىمۇ بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بىلىپ بولمايدۇ ـ دە.

— تارا ھازىر ئاچارچىلىقتا ئەمەس، — دېدى سىكارلېت، — مەن... مەن ئۇ پۇلنى تاپتىم.

— ئەمما، كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇ پۇل ھېچقانداق ئەجىرسىز لا قولىڭىزغا كەلدى. ئۆزىڭىزنى قولىڭىزغا تويلۇق ئۈزۈكى سالغانغا قەدەر بار ئامال بىلەن قاتتىق تۇتۇپ كەلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

سىكارلېت كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى، چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئېچىپ

تاشلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ زىننىخلىرىنى تۇتۇپ قالالمىدى. رېت باتلېر يەنە ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن پۇتلىرىنى راھەتلىنىپ ئالدىغا سوزدى.

— خوش، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ قىينىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېقىڭچۇ. فىرانك دېگەن بۇ ھايۋان ھال - كۈنىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن سىزنى ئالدىدىمۇ؟ ئاجىز بىر ئايالنى شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئالدىغان بولسا ئەدىپىنى بېرىپ قويماي بولمايدۇ. قېنى سىكارلېت، ھەممە ئەھۋالىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ. مەندىن سىرىڭىزنى يوشۇرسىڭىز زادىلا بولمايدۇ. راستىنى ئېيتسام، سىزنىڭ ئەڭ بولمىغۇر سىرلىرىڭىزنىمۇ مەن بىلىمەن.

— رېت، سىز شۇنچىلىك ئەسكى ئادەمغۇ... سىزگە نېمىلەرنى دەپ بەرسەم بولار؟ ئۇ مېنى ئالدىغىنى يوق، ئەمما... — ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ كەتتى، — رېت، ئەگەر فىرانك خەقلەردىكى قەرزلىرىنى يىغىۋالىدىغان بولسا، مەن ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيتتىم. ئۇنىڭغا ئەللىك نەچچە ئادەم قەرزدار ئىكەن، ئەمما ئۇ ئۇلاردىن زادىلا قەرزنى سۈيلىمەپتۇ. ئۇ ئاشۇنداق يۇزى نېپىز ئادەم. ئۇ، مەرتىۋىلىك ئادەم باشقا مەرتىۋىلىك ئادەملەرنى بۇنداق ئىشتا قىينىماسلىقى كېرەك، دەيدۇ. شۇڭا بىز يەنە بىر نەچچە ئاي ساقلاپ قېلىشىمىز ياكى ئۇ پۇللارنى مەڭگۇ يىغىۋالماسلىقىمىز مۇمكىن.

— سىز بۇ پۇل بىلەن نېمە ئىش قىلماقچى؟ خىراجەتتە مۇشۇ پۇلغىلا قاراشلىق بولۇپ قالغانمۇ يا؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ماڭا ھازىر ئاشۇنچىلىك پۇل لازىم ئىدى، — پەن زاۋۇتى ئېسىگە كېلىپ، سىكارلېتنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، بەلكىم...

— ئۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلەتمەكچى سىز؟ تېخىمۇ كۆپ باج ئۆچۈنمۇ؟

— بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— مۇناسىۋىتى بار، چۈنكى سىز ھازىر مەندىن شۇ پۇلنى قەرز ئېلىشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىسىز. مەن سىزنىڭ ئەگىتمە تاكتىكىڭىزنى چۈشىنىمەن ھەم ئۇ پۇلنى بېرىپمۇ تۇرىمەن — ماڭا يېقىندا ئۆزىڭىز بىلدۈرگەن يېقىملىق ئۇ گۆرۈ بۇيۇمىڭىزمۇ لازىم ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم كېنىنېدى خانىم.

— سىز شۇنچىلىك قوپال ئادەمسىزكىن ...

— مەن قىلچە ئۇنداق ئادەم ئەمەس. مەن سىزنى شۇ ئىشتا خاتىرجەم قىلىپ قويماقچى. سىزنىڭ شۇ ئىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىڭىز ماڭا مەلۇم، ئەمما ئەنسىرىشىڭىز ئانچە ئېغىرمۇ ئەمەس. مەن سىزگە پۇل بېرىپ تۇرالايمەن. شەرت، ئاۋۋال بۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى بىلىشىم كېرەك، بۇنى بىلىشكە ئۆزۈمنى ھەقلىق دەپمۇ قارايمەن. ئەگەر ئۇ پۇلغا ئۆزىڭىزگە چىرايلىق كىيىم ياكى پەيتون سېتىۋالسىڭىز بېرىپ تۇرىمەن. ناۋادا ئاشلىيغا ئىشتان ئېلىپ بېرىمەن دېسىڭىز، ئۇ چاغدا بۇ تەلىپىڭىزنى رەت قىلىشىم مۇمكىن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا سىكارلېتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇۋلاپ كەتتى.

— ئاشلىي ۋىلكېس ئەزەلدىن مەندىن پۇل سوراپ باقمىغان، پۇلى يوق ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتسىمۇ ئۇنىڭغا پۇل تەڭلىيەلمەيمەن. سىز ئۇنىڭ غۇرۇرلۇق، تەكەببۇر يىگىت ئىكەنلىكىنى زادى چۈشەنمەيسىز، چۈشىنىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. سىزگە ئوخشاش...

— بىر - بىرىمىزنى تىللاشمايلى. مەنمۇ سىزنى سىز مېنى تىللىغان گەپلەردىن قېلىشمايدىغان گەپلەر بىلەن تىللىيالايمەن. سىز مېنىڭ سىزنى پىتتىيپات خانقىز ئارقىلىق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز. ئۇ بىچارە قېرى قىز ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغان ئادەمنى كۆرسە ئۇچەي - باغرىنى تۆكۈپ بېرىدۇ. مەن ئاشلېينىڭ روك ئىسلاندىن قايتىپ كېلىپ

ھازىرغىچە تارادا تۇرۇۋاتقانلىقىنى شۇنىڭدىن ئاڭلىدىم. سىز كەڭ قورساقلىق قىلغىنىڭىز بىلەن، خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشىغا چىدىمايسىز، بۇ سىز ئۇچۇن چوقۇم بىر سىناق بولدى.

— ئاشلىي ئۇ...

— شۇنداق، — دېدى رېت باتلېر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي قولىنى چايقاپ، — ئاشلىي ئىنتايىن ئالىيجاناب يىگىت. مەندەك توم تۇۋاق ئادەمنىڭ ئۇنى چۈشىنىشى مۇمكىنمۇ دەيسىز. ئەمما، شۇ نەرسىنى ئۇنتۇماڭكى، مەن «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە ئۇنىڭ بىلەن ئوينىغان ھېلىقى قىزىق ئويۇنۇڭلارنىڭ ئەڭ قىزغىن گۇۋاھچىسى بولىمەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالامەتلەر ماڭا ئۇنىڭ زادىلا ئۆگەرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. سىزمۇ ئۆزگەرمەپسىز. ئەگەر خاتالاشمىسام، ئۇنىڭ شۇ كۈنى ماڭا بەرگەن تەسىرى ئۇنچىلىك ئالىيجاناب بولمىدى، شۇڭا مەن ئۇنى ھازىر باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ دەپ ئويلىمايمەن. ئۇ نېمىشقا تارادا تۇرىۋەرمەي سىرتقا چىقىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمايدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئوي ئۇشتۇمتۇت كاللامغا كېلىپ قالدى. ئەمما، شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر سىز ئۇنى يەنە داۋاملىق تارادا تۇرغۇزۇپ باقمەن دەيدىكەنسىز، سىزگە بىر تىيىنمۇ بېرىپ تۇرمايمەن. ئايال كىشىنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەيدىغان ئەرلەر ياخشى ئەرلەر ئەمەس.

— نېمىشقا بۇنداق گەپنى قىلىسىز؟ ئۇ ھازىرغىچە قارا ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئوخشاش ئېتىزلىقتا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ، — ئۇنىڭ گېپىگە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، سكارلېت ئاشلىينىڭ ھېلىقى چاغدىكى قىياپىتىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— بىز ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، ئەمما مەن ئۇنىڭ سىزگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنچىلىك كۆپ ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. سىز ۋىلكىپس ئائىلىسىدىن دېھقانچىلىققا ماھىر ئادەم چىقىدۇ دېگەن گەپكە ھەرگىز ئىشەنمەڭ... باشقا ئىشقا يارايدىغانمۇ ئادەم چىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ قۇرۇق سۆلىتىلا بار. ئۇ تەكەببۇر، ئېسىلزادە ئاشلېي توغرۇلۇق ئازراق قوپال گەپلەرنى قىلىپ قويدۇم، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن. مەن سىزدەك چېۋەر ۋە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان بىر ئايالنىڭ ئاشۇنداق خام خىياللاردا بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىغا ھەيران. سىزگە زادى قانچىلىك پۇل كېرەك، نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ شۇ گەپنى قىلىڭچۇ.

سىكارلېت جاۋاب بەرمىگەنىدى، رېت يەنە تەكرارلىدى:

— ئۇ پۇلنى زادى نېمە قىلماقچى؟ راست گەپ قىلامسىزكىن، قېنى ئاڭلاپ باقاي. راست گەپ بىلەن يالغان گەپ ئوخشاشلا مېنى ئىشەندۈرەلىشى مۇمكىن، ئەمما راست گەپ قىلغانغا يەتمەيدۇ. يالغان گەپ قىلسىڭىز ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئالدىمدا يەرگە قاراپ قالىسىز. سىكارلېت، بۇ نۇقتىنى ئېسىڭىزدە ئوبدان تۇتۇڭ. يالغان سۆزلەشتىن باشقا ھەرقانداق ئىشىڭىزغا... مەندىن بىزار بولۇشىڭىزغا، چېچىلىشىڭىزغا چىدايمەن. ئەمما، يالغان گەپ قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن ھەم چىدىمايمەن. قېنى ئېيتىڭ، ئۇ پۇلنى زادى نېمىگە ئىشلىتىسىز؟

رېت باتلېرنىڭ ئاشلېيغا تىل تەگكۈزگەنلىكى سىكارلېتنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈردى، ھەتتا ئاچچىقىدا ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەكچى، پۇل قەرز بېرىپ تۇرمەن دەپ بەرگەن ۋەدىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇنى دۇكاندىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى. راستلا شۇنداق قىلماقچىدى، لېكىن زېرەك ۋە سوغۇققان بىر قول كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىنى بېسىپ، ئۆزىدە بىر سۆلكەتلىك قىياپەت پەيدا قىلدى ـ دە، پۈتلىرىنى مەشكە يېقىن سوزۇپ، ئورۇندۇقتا يېرىم يېتىپ ئولتۇردى.

— ئەگەر دۇنيادا بىر ئىش مېنى ھەرقانداق ئىشتىن ئۆتە

خۇشال قىلدى دەيدىغان بولسا، — دېدى رېت، — ئۇ، سىزنىڭ كاللىڭىزدا بولۇۋاتقان كۇرەشلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىم. ئەلۋەتتە، مېنىڭ دەۋاتقىنىم پىرىنسىپ بىلەن پۇلغا ئوخشاش ئەمەلىي نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۇرەش. مەن سىزنىڭ تۇغما خاراكتېرىڭىزدىكى ئەمەلىي تەرەپنىڭ دائىم غالىب تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرۇپ، ئەڭ ياخشى تەرىپىڭىزمۇ بىر كۇنلەردە يەنە بىر تەرىپىڭىز ئۇستىدىن غالىب كېلەمدۇ، يوق، شۇنىمۇ بىلمەكچى. ئاشۇ كۇنلەر يېتىپ كەلگەندە، مەن كۇدە - كۆرپەمنى يىغىشتۇرۇپ ئاتلانتادىن مەڭگۇلۇككە كېتىمەن. نۇرغۇن ئايال بار، ئۇلارنىڭ تۇغما خاراكتېرىدىكى ئەڭ ياخشى تەرەپلىرى دائىم غەلىبە قىلىپ تۇرىدۇ... بولدى، ئاساسلىق گېپىمىزگە كېلەيلى، سىزگە قانچىلىك پۇل كېرەك، ئۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىسىز؟

— قانچىلىك پۇل لازىملىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى سىكارلېت چىرايىنى تۇرۇپ، — ئەمما مەن بىر يەن زاۋۇتىنى سېتىۋالماقچى — ئۇنى ئەرزان سېتىۋالالايمەن دەپمۇ ئويلاۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ماڭا يەنە ئىككى يۇك هارۋىسى، ئىككى قېچىر كېرەك، ياخشى قېچىرلاردىن، يەنە ئۆزۈمگە بىر ئات، بىر پەيتون سېتىۋالايمىكىن دەيمەن.

— يەن زاۋۇتى؟

— شۇنداق، ئەگەر سىز ماڭا قەرزگە پۇل بېرىپ تۇرسىڭىز، تاپقان پۇلنىڭ يېرىمىنى سىزگە بېرەتتىم.

— مەن سىزنىڭ يەن زاۋۇتىڭىزنى نېمە قىلىمەن؟

— پۇل تاپىسىز، تېخىمۇ جىق پۇل تاپىمىز. يا بولمىسا پۇلىڭىزنىڭ ئۆسۈمىنى بېرىمەن... ئۆسۈمى قانچە بولسا مۇۋاپىق بولار؟

— ئەللىك پىرسەنت بولسا ئەڭ مۇۋاپىق.

— ئەللىك پىرسەنت؟ چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ كۇلمەڭ ! قانداق شەيتان ئادەم بۇ. مەن سىز بىلەن رەسمىي سۆزلىشىۋاتىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇمۇ.

— مەنمۇ سىزنىڭ رەسمىي سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزغا كۆلۈۋاتىمەن. سىزنىڭ ئاشۇ ئادەم ئالدايدىغان ئۇماق چىرايىڭىزنىڭ ئۇستىدىكى كاللىڭىزدا نېمە خىياللارنى قىلىۋاتقىنىڭىزنى مەندىن باشقا كىممۇ بىلەلىسۇن؟

— يوق گەپنى قىلماڭ! ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى؟ رېت، قانداق، بۇ ئوبدان سودىمىكەن؟ فىرانك ماڭا بىرسىنىڭ پەن زاۋۇتىنى سېتىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان، ئۇنىڭ ئۇ زاۋۇتنى سېتىۋالغۇسى بار. ئۇ ئادەمگە جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ ئەرزانلا سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ. ھازىر بۇ ئەتراپتا ئۇنداق زاۋۇت يوق، كىشىلەر بولسا ئۆي سېلىشقا كۆچەپ كېتىۋاتىدۇ... ھەي، ئاشۇ زاۋۇتنى سېتىۋالغان بولساق، ئۇ چاغدا ياغاچنى قىممەت باھادا ساتاتتۇق. ئۇ ئادەم زاۋۇتتا قېلىپ فىرانكقا ياردەملەشمەكچىمۇ بوپتىكەن. پۇلى بولغان بولسا ئۇنى فىرانكنىڭ ئۆزى سېتىۋالاتتى. ئەسلىدە ئۇ ماڭا باج تۆلەشكە بەرگەن پۇلغا سېتىۋالماقچى بوپتىكەن.

— بىچارە فىرانك! ئۇ زاۋۇتنى ئۇنى قارىتىپ تۇرۇپ سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى دېسىڭىز، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭغا مەندىن قەرز ئالغانلىقىڭىزنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

خىيالى زاۋۇتنى سېتىۋېلىپ قانداق پۇل تېپىشتا بولۇپ كەتكەچكە، سكارلېت بۇ ئىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

— ھىم، ئۇنىڭغا دېمىسەملا بولمىدىمۇ؟

— ئۇ بەرىبىر سىزنىڭ ئۇ پۇلنى ئورمانلىقتىن تېپىۋالمىغىنىڭىزنى بىلىدۇ ــ دە.

— ئەمىسە دەيمەن شۇ ــ توغرا، ئۇنىڭغا بىرىلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈكۈمنى سېزگە سېتىپ بەرگەنلىكىمنى دەيمەن، ئۆزۈممۇ ئۇنى سىزگە ساتماقچىدىم. بۇ مېنىڭ سىزگە گۆ... گۆرۈگە قويغان بىر نەرسەم بولۇپ قالىدۇ.

— سىزنىڭ ھالقىڭىزنى گۆرۈگە ئالمايمەن.

— مەنمۇ بۇ ھالقىنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيمەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھالقا مېنىڭمۇ ئەمەس.

— سىزنىڭ بولمىسا كىمنىڭ؟

سىكارلېت شۇئان ھېلىقى كۈنى تومۇز ئىسسىقتىكى چۈش مەزگىلىنى، تارانىڭ شۇ چاغدىكى تىمتاسلىقىنى، دالان ئۆيدە ئوڭدىسىغا ياتقان كۆك ھەربىي كىيىملىك ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكىنى ئېسىگە ئالدى.

— بۇ ھالقا ماڭا بىر ئۆلۈكتىن قالغان، ھازىر ئەمدى پۇتۇنلەي مېنىڭ بولۇپ كەتتى. ئېلىڭ، بۇنىڭ ماڭا لازىمى يوق، بۇنى نەق پۇلغا تېگىشكۈم بار.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى رېت تاقەتسىزلىنىپ، — سىز پۇلدىن باشقا نەرسىنىمۇ ئويلىغانمۇ؟

— ئويلىمىغان، — راستى بىلەن جاۋاب بەردى سىكارلېت بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ، — ئەگەر شۇ چاغدىكى ئىشلار سىزنىڭ بېشىڭىزدىنمۇ ئۆتكەن بولسا سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ھېچنېمىنى ئويلىمايتتىڭىز. مەن دۇنيادا پۇلنىڭ ئەڭ، ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. خۇدامۇ ماڭا گۇۋاھ، مەن ئەمدى ئۇنداق نامراتچىلىقتا ئۆتەلمەيمەن.

سىكارلېت ئاشۇ كۈندىكى ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرغان ئاپتاپنى، بېشىنى يۇمشاق تۇپراققا قويۇپ بىھوش ياتقانلىقىنى، «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى قۇللارنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقىۋاتقان بەتبۇي پۇراقلارنى ھەم ئاشۇ كۈنى «ئەمدى ئاچ قالمايمەن، ئەمدى ئاچ قالمايمەن» دېگەن بىر گەپنى ئىچىدە تىنماي تەكرارلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— بىر كۈنلەردە مېنىڭمۇ نۇرغۇن - نۇرغۇن پۇلۇم بولىدۇ، نېمە يېگۈم كەلسە يېيەلەيمەن، ئۈستىلىمگە ئۇماچ بىلەن پۇرچاق ئىككىنچى چىقمايدۇ، چىرايلىق كىيىملىرىم بولىدۇ، ھەممىسىنى تاۋار - دۇردۇنلاردا تىكتۈرىمەن.

— ھەممىسىنىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھەممىسىنى، — ئاددىيلا جاۋاب بەردى سىكارلېت، ئۇنىڭ مەسخىرە تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قىزىرىپمۇ قويمىدى، — راست، مېنىڭ نۇرغۇن پۇللىرىم بولىدۇ. ئۇ چاغدا شىماللىقلار تارانى تارتىۋالمىز دەپ مەڭگۈ خىيال ئەيلىمىسۇن. تارادا مەن يەنە يېڭى ئۆيلەرنى سالىمەن، يەنە بىر يېڭى ئىسكىلاتمۇ سالدۇرىمەن، يەر ھەم ياخشى قېچىرلاردىن سېتىۋېلىپ، ئىلگىرى سىز كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ نۇرغۇن كېۋەزلەرنى تېرىۋېتىمەن. ۋاد ئويلىغان نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان ئۇنداق نامرات تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقىنى مەڭگۈ تېتىمايدىغان بولىدۇ، مەڭگۈ! دۇنيادىكى ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە ئىگە بولىدۇ، ئۆيدىكىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى ئاچلىقنىڭ ئازابىنى تارتمايدۇ. ئاغزىمدىن چىققان گەپنى چوقۇم ئورۇنلايمەن، گېپىم گەپ. سىز بۇنى مەڭگۈ چۈشەنمەيسىز، چۈنكى سىز دېگەن ئۆزىڭىزنىلا بىلىدىغان بىر ئوۋ ئىتى، سومكىچىلارنىڭ سىزنى قوغلىغان ئۇنداق ئىشلارغا ئۇچراپ باقمىدىڭىز، ئاچ قالمىدىڭىز، يالىڭاچ قالمىدىڭىز، يىرتىق كىيىملەرنى كىيىپ باقمىدىڭىز، ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن بېلىڭىزنى ھېچقانداق يەردە پۈكۈپ باقمىدىڭىز.

— ئەمما، مەن جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنىدا سەككىز ئاي تۇردۇم. ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئۇ يەردىن باشقا نەدە شۇنداق تارتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، — دېدى رېت باتلېر سىلىق ئاھاڭدا.

— قوشۇندا؟ تۇفى! سىز ئۆمرىڭىزدە پاختا تېرىپ باقمىغان، ئوت ئوتاپ كۆرمىگەن، سىز يەنە... مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلمەڭ!

سىكارلېتنىڭ ئاۋازى قوپاللاشقانىدى. رېت دەررۇ قولىنى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالدى.

— مەن سىزگە كۈلمىدىم، پەقەت سىرتقى قىياپىتىڭىز بىلەن ئىچكى دۇنيايىڭىزنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغىلا كۈلدۈم. ۋىلكېس ئائىلىسى ئۆتكۈزگەن باراۋەتتە سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا ئۈچىڭىزدا

ھاۋارەڭ كۆڭلەك، پۇتىڭىزدا چىرايلىق تۇپلەي، ئەتراپىڭىزدا بىر توپ يىگىت، ئۆزىڭىز شۇنچىلىك مەغرۇر. كېيىنكى ئېيتالايمەنكى، سىز ئۇ چاغدا بىر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ نەچچە تىيىن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭىز، كاللىڭىزدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنى قانداق قىلىپ ئاشلىپىنى...

سكارلېت دەررۇ قولىنى تارتىۋالدى.

— رېت، ئەگەر بىز ياخشى ئۆتەيلى دېسىڭىز، ئاشلىپىي ۋىلكېسنىڭ گېپىنى زادىلا قىلماڭ، بىز دائىم شۇ توغرۇلۇقلا دەتالاش قىلىمىز، سىز مېنى پەقەتلا چۈشەنمەيسىز.

— سىز ئۇنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى رېت باشقىچىرەك نىيەتتە، — ئەمما سكارلېت، سىزگە بېرىپ تۇرىدىغان ئۇ پۇلنى مەن ئاشلىپي توغرۇلۇق گەپ قىلىش ھوقۇقۇمنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن بېرىمەن. ئۇنى نېمە دېسەم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى. پۇلنىڭ ئۆسۈمىدىن كەچسەم كېچىمەنكى، ئۇ ھوقۇقۇمدىن كەچمەيمەن. ئۇ يىگىت توغرۇلۇق يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىشىم كېرەك.

— سىز بىلەن ئۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ماڭا ھاجەتسىز، — دەپ ئاددىيلا جاۋاب بەردى سكارلېت.

— ھىم، ئەمما سىز چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك. بىلىپ قويۇڭ، پۇل تېخى مېنىڭ يانچۇقۇمدا. پۇل قولىڭىزغا كىرگەندىن كېيىن، سىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق شەرتلەرنى قويۇشقا ھەقلىق بولىسىز... روشەنكى، سىزنىڭ ھازىرمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىز بار...

— يوق !

— سىزنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق ئالدىراپ چاپان يايقىنىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ نەرسە ئېنىق، سىز...

— مەن ئۆز دوستۇمنى باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا يول قويالمايمەن.

— بوپتۇ، ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھازىرمۇ سىزگە كۆڭلى بارمۇ؟ ياكى ئۇ روك - ئىسلاندىكى كەچۈرمىشلىرىدىن كېيىن سىزنى ئۇنتۇپ قاپتۇمۇ؟ يا بولمىسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك خوتۇنىنىڭ قەدرىگە يېتىپتىمۇ؟

مېلانىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا سىكارلېتنىڭ تىنىقى ئىتتىكلەشكە باشلىدى. ئۇ پۈتۈن ئەھۋالنى، يەنى ئاشلېينىڭ يۈز - ئابرۇيىنى دەپلا مېلانىيە بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقانلىقىنى دەۋېتىشكە تاس - تاس قالدى. شۇ گەپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ گەپچە، ئۇ تېخىچە ۋىلكېس خانىمنىڭ ياخشىلىقىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ تۇرمىدىكى جاپالىق ھايات ئۇنىڭ سىزگە بولغان كۆڭلىنى سۇسلاشتۇرالمىغاندىمۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز.

— مەن سۆزلەيمەن، — دېدى رېت. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئازراق چۈشكۈنلۈك چىقىپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنى چۈشەنمىدى ھەم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسىمۇ كەلمىدى، — راستىنى دېسەم، سىز جاۋاب بەرگۈچە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋېرىمەن. ئېيتىڭا، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، — سىكارلېت ئاچچىقىدا تۈۋلاپ كەتتى، — مەن سىز بىلەن ئۇنىڭ توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى خالىمايمەن، چۈنكى سىز ئۇنى زادىلا چۈشەنمەيسىز ، ئۇنىڭ ئۇ خىل مۇھەببىتىنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمەيسىز. سىزنىڭ بىلىدىغان مۇھەببىتىڭىز... ھىم، ۋاتلىنىغا ئوخشاش ئاياللار بىلەن قىلىشىپ يۈرگەن ئىشلارغا ئوخشاش...

— بۇ گېپىڭىزچە، مەن ھاۋايى ھەۋەستىن باشقىنى چۈشەنمەيدىكەنمەن - دە؟ — رېتنىڭ ئاۋازى سىلىق ئىدى.

— شۇنداق، ئۆزىڭىز دېگەندەك بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— مەن سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن بۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم. ئەسلىدە سىز

مېنىڭ بۇ مەينەت قوللىرىم بىلەن لەۋلىرىمنىڭ قىرانكىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى بۇلغىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىكەنسىز.

— ھىم، شۇنداق... شۇنىڭغا يېقىنراق.

— ئەكسىچە، مەن ئۇ خىل ساپ مۇھەببەتكە بەكمۇ قىزىقىمەن...

— رېت، ئادەمنى بۇنداق بىزار قىلماڭ. سىز ئەسكىلىكتە شۇ دەرىجىگە يېتىپ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا غەيرىي مۇناسىۋەت بولۇپ ئۆتكەن دەپ قارايدىغان بولسىڭىز...

— ھە، بۇنى مەن مۇتلەق ئويلاپ باقمىدىم. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن سىزنىڭ ھەممە نېمىڭىزگە قىزىقىپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن، نېمە ئۈچۈن سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق غەيرىي مۇناسىۋەت بولۇپ باقمىغان؟

— ئەگەر سىز ئاشلېينى...

— ھە، بۇ گەپچە، مۇھەببەتنىڭ ئۇ خىل ساپلىقى ئۈچۈن سىز ئەمەس ئاشلېي كۈرەش قىپتۇ ـ دە. راست گەپنى قىلسام، سكارلېت، ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئاسانلا سېتىۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى.

سكارلېت ئۇنىڭ چۈشىنىپ بولمايدىغان خاتىرجەم چىرايىغا ھەيرانلىق ۋە غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— بىز بۇ توغرۇلۇق ئەمدى پاراڭلاشمايلى، بولامدۇ؟ سىزنىڭ ماڭا پۇلىڭىزمۇ كېرەك ئەمەس، بۇ يەردىن تېز يوقىلىڭ!

— ياق، سىزگە مېنىڭ پۇلۇم كېرەك، مۇشۇ يەرگىچە پاراڭلاشقاندىكىن، نېمىشقا پاراڭنىڭ ئاخىرىنىمۇ چىقىرىۋەتمەيمىز؟ مۇنداق مۇقەددەس ۋە پاك مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىشنىڭ زىيىنى يوق... بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي نىيەت، غەيرىي ئىشلار يوققۇ. ئۇنداقتا ئاشلېي سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى، روھىڭىزنى، يۈكسەك خىسلەتلىرىڭىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

سكارلېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندى. راست،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشلېينىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئۇنىڭ ئاشۇ تەرەپلىرى ئىدى، شۇنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا سىكارلېت تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئاشلېي ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان، پەقەت بىر ئۆزىلا بىلىدىغان ئاشۇ گۈزەل نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن يۈز ـ ئابرۇيىنى دەپ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى پىنھان تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر رېت ئۇ نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ مەسخىرە تەلەپپۇزى ۋە كىشىلەرنى ئالداپ كەتكىلى بولىدىغان تەمكىن ئاھاڭدا ئېچىپ تاشلىۋىدى، ئۇ نەرسىلەر ھېچكىم بىلمەيدىغان چاغدىكىدەك ئۇنداق گۈزەل بولماي قالدى.

— بۇ ئەھۋال كىچىك چاغلىرىمدىكى، بۇ خىل مۇھەببەت بۇ رەزىل دۇنيادا ھامان ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ، دەيدىغان خىياللىرىمنى ئېسىمگە سالدى، — دېدى رېت سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۇ گەپچە، ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىدە تېنىڭىزگە قىزىقىش يوق ئوخشىمامدۇ؟ سىز ئىنتايىن سەت بولۇپ، تېرىلىرىڭىز بۇنداق سوزۇق بولمىغان بولسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولامتى؟ ناۋادا سىزنىڭ ئەرلەرنى ھوش ـ كاللىسىدىن ئايرىۋېتىدىغان، سىزنى باغرىغا بېسىشقا ئالدىرىتىدىغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزلىرىڭىز بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ سىزنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈۋېرەمتى؟ يەنە ئۆزىنىڭ ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ تۇرۇشلىرى بىلەن توقسان ياشتىن تۆۋەن ھەرقانداق ئەرنى ئۆزىگە تارتالايدىغان ساغرىڭىزمۇ، نېپىز لەۋلىرىڭىزمۇ بار تېخى... مەن ئۇلارنى دەپ ھاۋايى ـ ھەۋەس ئوتلىرىنى ھەرگىز ئۇلغايتمايمەن. ئەجەبا، ئاشلېي سىزنىڭ تېنىڭىزدىكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرمىگەندىمۇ؟ ياكى كۆرسىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىغانمىدۇ؟

سىكارلېت ئىختىيارسىز ئاشۇ كۈنى باغدا بولغان ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى: ئاشلېي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغان، مەڭگۈ ئايرىلمايدىغاندەك لەۋلىرىگە قىزغىن

سۆيگەنىدى. شۇنى ئويلاپ سىكارلېت ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، بۇ ھالەت رېت باتلېرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولالمىدى.

— ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى رېت. ئاۋازىدا غەزەپلىنىۋاتقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ھاياجان چىقىپ تۇراتتى، — ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن، پەقەت سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدىكەن.

ئۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ سىرىنى تاتىلاپ ئېچىپ، ھاياتىدىكى بىردىنبىر گۈزەل ۋە مۇقەددەس نەرسىسىنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە قانداق پېتىنىۋاتقاندۇ؟ ئەمدى ئۇ يەنە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە تورىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىگە كېرەكلىك ئاخباراتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تەمكىن ۋە قەتئىي تۈردە جەڭگە ئاتلاندى.

— شۇنداق، راست دەيسىز، — ئۇ ئاشلىيىنىڭ لەۋلىرىنىڭ شېرىن تەمىنى ئۇنتۇپ بىردىنلا تۇۋلاپ كەتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ بار-يوقلۇقىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنى جەلپ قىلىۋاتقىنى سىزنىڭ يۈرىكىڭىز بولىدىغان بولسا، ئۆزىنى ھەرگىز سىزدىن قاچۇرمىغان، بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ «مۇقەددەس» — شۇنداق دېسەك بولارمۇ؟ — لىكى ئۈچۈن تىرىشقان بولاتتى. قىسقىسى، ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىنى پىسەنتىگە ئالماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئەر كىشىلەر باشقا بىر ئايالنىڭ قەلبىگە تەلپۈنسە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەرتىۋە سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالسا، خوتۇنىغا داۋاملىق سادىق ئۆتىۋەرسە بولىۋېرىدۇ. ئەمما، ئاشلىي ئۈچۈن ھەم ۋىلكېس ئائىلىسىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىش، ھەم سىزنىڭ تېنىڭىزنى باغرىغا بېسىش ئىنتايىن قىيىن.

— سىز دائىم ئۇلۇغۋار ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى ئۆزىڭىزنىڭ چاكىنا ئادەملىك نەزىرىڭىز بىلەن ئۆلچەيسىز.

— مەن سىزنىڭ تېنىڭىزگە قىزىقىدىغانلىقىمنى زادىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنكار قىلىپ باقمىغان. ئەمما، خۇداغا شۈكۈر، نام ـ ئابروي دەيدىغان نەرسىلەر خىيالىمغا كىرىپ چىقمايدۇ. قىزىقىدىغان نەرسىلىرىمگە كۈچۈم يېتىدىغانلا بولسا ئۇنى ئالماي قويمايمەن. شۇڭا، ماڭا ئالىۋاستىلار ياكى پەرىشتىلەر بىلەن ئېلىشىش ھاجەتسىز. سىز ئاشلىپي ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇشاللىنارلىق بىر دوزاخ ياساپ بەردىڭىز، مېنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— مەن ئۇنىڭغا دوزاخ ياساپ بېرىپتىمەنمۇ؟

— شۇنداق، سىز ياساپ بەردىڭىز، سىز ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك مەبۇدى، ئەمما ئۇ جەمەتى ئىچىدە كۆپ سانلىق ئادەملەرگە ئوخشاش، جەمەتىنىڭ ئاتالمىش نام ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق چوڭقۇر مۇھەببىتىدىنمۇ كېچىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ بىچارە بايقۇشقا ھازىر تەسەللى بولغۇدەك مۇھەببەتمۇ، نام ـ ئابرۇيمۇ يوق.

— ئۇنىڭدا مۇھەببەت بار... دېمەكچىمەنكى، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇ راستىلا سىزنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ مۇشۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىۋېتىڭ، ئاندىن سۆھبىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرايلى. پۇلنىمۇ ئېلىڭ، تالاغا ئاچىقىپ پاتقاقتا تاشلىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى.

رېت باتلېر ئورنىدىن تۇرۇپ، يېرىمىنى چېكىپ بولغان سىگارېتىنى تۈكۈرۈك قاچىسىغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە ئاتلانتا قولدىن كەتكەن كۈنى كېچىسى سكارلېت دىققەت قىلغاندىكىدەك، جەدىتلەرگە خاس بىر خىل ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىر ھالەت، شۇنداقلا ئازراق سۇرلۇك ۋە قورقۇنچلۇق بىر تۈس بار ئىدى.

— ئەگەر ئۇ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولسا ئاتلانتاغا پۇل ئۈچۈن كېلىشىڭىزگە ماقۇل دەيتتىمۇ؟ مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم مۇشۇنداق ئىشنى قىلىمەن دەيدىغان بولسا، ھەرگىزمۇ...

— ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ، ئويلاپمۇ

باقىدى...

— سىز ئۇنى بىلىدۇ دەپمۇ ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئاچچىقىنى ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — ئەگەر ئۇ سىز ئېيتقاندەك، سىزنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان بولسا، سىزنىڭ ئۇمىدسىزلىك تۈپەيلىدىن نېمىلەرنى قىلىش ئېھتىمالىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلىشى، سىزنى بوغۇزلىۋېتىپ بولسىمۇ بۇ يەرگە ئاياغ باستۇرماسلىقى كېرەك ئىدى... يەنە كېلىپ سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تاپقىنىڭىز مەن بولدۇم. بۇ ئىشلارغا توۋا دەيمەن.

— راست، ئۇ پەقەتلا بىلمەيدۇ.

— باشقىلار دېمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزى پەرەز قىلالمىغىنىغا قارىغاندا، سىزنىڭ بۇ سۆيۈملۈك يۈرىكىڭىزنى ئۇ زادىلا چۈشەنمەيدىكەن.

نېمىدېگەن ئادالەتسىز ئادەم بۇ! خۇددى ئاشلىپي باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلىپ بىلەلەيدىغاندەك گەپ قىلىدۇغۇ؟ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئاشلىپي راستلا ئۆزىنى بارغۇزمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاشۇ كۈنى باغدا ئۇنىڭغا ئازراقلا بېشارەت بېرىپ، بۇ قىيىنچىلىقلار هامان بىر كۈنى تۈگەيدۇ دەۋەتكەن بولمىسىلا، ئۇ ئاتلانتاغا رېت باتلېرنى ئىزدەپ كەلمەيتتى ياكى بولىسا پويىز ئىستانسىسىغا بىللە چىقىپ سىكارلېتنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئىككى ئېغىز ئىللىق گەپ قىلغان، ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ سىكارلېت ئۆزگىرەتتى ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئۇ نام ـ ئابرۇيىدىن باشقا هېچنېمە دېمىدى. ئەمما ... ئەجەبا، رېت باتلېرنىڭ دېگىنى توغرىمىدۇ؟ ئاشلىپي راستلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەدىغاندۇ؟ سىكارلېت بۇ ساداقەتسىز خىيالنى دەررۇ كاللىسىدىن نېرى قىلدى. ئەلۋەتتە، ئاشلىي ئۇنىڭدىن گۇمان قىلمايدۇ، ئۇنى بۇنداق ئەخلاقسىز ئىشنى قىلىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. ئاشلىپي ئالىيجاناب يىگىت، هەرگىزمۇ بۇنداق خىياللاردا بولمايدۇ. رېت ئۇنىڭ مۇهەببىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇزماقچى، ئۇ ياخشى كۆرگەن، قەدىرلەۋاتقان نەرسىسىنى بىر ئامال قىلىپ ۋەيران قىلىۋەتمەكچى، غەزەپ بىلەن ئويلىدى سىكارلېت، هامان بىر كۈنى ئۇنىڭ دۇكىنى راۋاج تاپىدۇ، پەن زاۋۇتىنىڭ كىرىمىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. شۇ چاغدا رېت باتلېر ئۆزىنى ئازابقا، هاقارەتكە قويغىنى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاسىنى يەيدۇ.

رېت باتلېر ئۇنى كۈلدۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، چىرايىدىكى بايا ئىپادىلەنگەن هاياجاندىن هېچنېمە يوق ئىدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ سىز بىلەن زادى نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — سورىدى سىكارلېت، — بۇ مېنىڭ، ئاشلېينىڭ ئىشى، سىزنىڭ ئەمەس.

رېت مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— بىر ئىش، سىكارلېت، مەن سىزنىڭ سەۋرچانلىقىڭىزغا چىن دىلىمدىن قايىل، ئەمما سىزنىڭ روهىڭىزنىڭ شۇنداق ئېغىر بېسىم ئاستىدا مىجىلىپ كېتىشىنىمۇ خالىمايمەن. تارانى ئالساق، ئۇ يەرنى باشقۇرۇشقا راۋرۇس بىر ئەركەك كېرەك. سىزنىڭ ئاغرىقچان دادىڭىز ئەمدى سىزگە مەڭگۈ ياردەم بېرەلمەيدۇ، قىزلار بىلەن نېگىرلارمۇ شۇنداق. هازىر سىزنىڭ ئېرىڭىز بار بولدى، ئۇنىڭغا يەنە پىتتىپىيات خانقىزمۇ قوشۇلدى. ئاشلېي بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىۋالمىسىڭىزمۇ قالغانلىرى سىزگە يېتىپ ئاشىدۇ.

— ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشىم هاجەتسىز، ئۇنىڭ ياردىمىمۇ...

— بۇ گەپنى قويۇڭچۇ، — دېدى رېت بىزار بولغاندەك قىلىپ، — بۇنداق گەپلەرنى ئەمدى قىلىشمايلى. ئۇ سىزگە هېچقانچە ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇ هازىر سىزگە تايىنىدۇ. كەلگۈسىدىمۇ تايىنىدۇ، تا ئۆلۈپ كەتكۈچە خەققە تايىنىپ ياشايدۇ. مەن هازىر ئۇنىڭ گېپىدىن زېرىكتىم، ئۇ توغرۇلۇق

گەپ قىلغۇم كەلمەيدۇ... سىزگە زادى قانچىلىك پۇل كېرەك؟

سىكارلېتنىڭ ئۇنى راسا بىر تىللىغۇسى كەلدى. ئۇ ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل ھاقارەتلەرنى كەلتۈرۈپ كۆڭلىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى تۆكتۈرۈۋالغان، ئاندىن ئۇنى دەسسەپ ـ چەيلىۋەتكەنىدى. شۇنچە ئىشلارنى قىلىۋېتىپ، يەنە ئۇنى مەن بەرگەن پۇلنى ئالىدۇ دەپ ئويلاۋاتقىنىچۇ تېخى.

لېكىن، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۇنى تىللىمىدى. ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىنى تەكەببۇرانە تۈرۈپ رەت قىلغان، ئۇنى دۇكاندىن قوغلاپ چىقارغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. بىراق، قول ئىلكىدە بار، ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئادەملەرلا خۇشال ھالدا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئىش قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما سىكارلېت ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇ ھازىرمۇ نامرات، شۇڭا بۇنداق ئەھۋاللارغا چىدىشى كېرەك. قولى پۇل كۆرگەندىن كېيىن — ئاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان خىيال بۇ ھە! — ئۆزى خالىمىغان ھەرقانداق ئىشقا سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ، ئۆزى خالىمىغان ئىشنىمۇ ھەم قىلمايدۇ. كىشىلەرگە ھۆرمەتچان بولۇش ـ بولماسلىقىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى خۇشال قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىغا قاراپ بولىدۇ.

مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خالىغانچە پالىۋېتىمەن، ئويلىدى ئۇ، بىرىنچىسى رېت باتلېر.

شۇ خىيال بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، بىر جۈپ يېشىل كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. جاۋىغايلىرىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى. رېت باتلېرمۇ كۈلۈپ قويدى.

— سىز ھەقىقەتەن ئوماق، سىكارلېت، — دېدى ئۇ، — بولۇپمۇ يامان ئويلارنى ئويلىغان ۋاقتىڭىزدا تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كېتىسىز. سىزنىڭ ئاشۇ زىنىخلىرىڭىز ئۈچۈن ئوتتۇز تۈياق قېچىر سېتىۋېلىپ بېرىشكىمۇ رازىمەن، سىز لازىم قىلسىڭىزلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇكانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، پىرىكازچىك بالا چىشىنى كولىغان پېتى كىرىپ كەلدى. سىكارلېت شۇندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ شارپىسىنى دولىسىغا سالدى، شىلەپىسىنىڭ بوغقۇچىنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگدى. ئۇ بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى.

— چۈشتىن كېيىن ئالدىراشمۇ سىز؟ هازىرلا مەن بىلەن بىللە بارسىڭىز چۇ؟

— نەگە؟

— مېنى پەيتونىڭىز بىلەن پەن زاۋۇتىغا ئاپىرىپ قويىسىز. فىرانك مېنى ئۆزىڭىز يالغۇز شەھەردىن چىقماڭ، دېگەن.

— مۇشۇ يامغۇردىمۇ؟

— شۇنداق، سىزنىڭ گېپىڭىزدىن يېنىۋالماسلىقىڭىز ئۈچۈن پەن زاۋۇتىنى هازىرلا بېرىپ سېتىۋالماقچىمەن.

رېت باتلېر ئۈشتۈمتۇت شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى، پۇكەيدە تۇرغان پىرىكازچىك بالا چۆچۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ يەنە توي قىلغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ خەقلەر كېيىنكى خانىمنىڭ رېت باتلېر دېگەن لۈكچەك بىلەن شەھەردىن بىللە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇ چاغدا جېنىڭىزغا ۋاي. بىلىپ قويۇڭ، مەن دېگەن مەرتىۋىلىك ئادەملەر قارشى ئالمايدىغان بىر ئادەم. ئەجەبا، سىز يۈزىڭىزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقمامسىز؟

— ئۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ. سىز ئۆزگىرىۋالغۇچە هەم فىرانك بىلىپ قالغۇچە پەن زاۋۇتىنى سېتىۋالمىسام بولمايدۇ. ئەزمىلىك قىلماڭ، رېت، بۈنچىلىك يامغۇر نېمىدى؟ چاپسان ماڭايلى.

فىرانك پەن زاۋۇتىنى ئويلىسىلا ئىچىگە تىنىدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقىمۇ سىكارلېتقا ئۇ زاۋۇت توغرۇلۇق گەپ قىلغان

بولغىيدى. ئۇ ھالقىسىنى رېت باتلېرغا سېتىپ — باشقىسىغا ئەمەس، دەل ئاشۇنىڭغا ساتقىنىنى قارىمامدىغان —، ئېرىگە مەسلىھەتمۇ سالماي ئۇ زاۋۇتنى سېتىۋاپتۇ. بۇ دەردمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشاتتى، زاۋۇتنى ئېرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرمىگىنى ھەممىدىن ئېشىپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇ ئېرىگە ياكى ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشەنمىسە كېرەك.

فىرانك ئۆزى تونۇيدىغان بارلىق ئەرلەرگە ئوخشاش، خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا تەن بېرىشى، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلماي، ئەرلىرىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك، دەپ قارايتتى ھەم • يەنە ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى قىزىققان ئىشلىرىغا يول قوياتتى، بۇنداق يول قويۇشنى يامان ئىش دەپمۇ قارىمايتتى، ئايالىغا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇپمۇ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئەخمىقانە تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپمۇ تۇراتتى. ئەمما، سىكارلېتنىڭ ئۆز ئالدىغا قىلماقچى بولغان بۇ ئىشى پەسەنتىگە زادىلا توغرا كەلمىدى.

مەسىلەن، ئاشۇ پەن زاۋۇتنى ئالايلى، سىكارلېت تاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بەزى سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە ھەم ئۇ زاۋۇتنى ئۆزى باشقۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، فىرانكنىڭ قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچتى. «ياغاچ سودىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن.» بۇ سىكارلېتنىڭ ئەسلىي گېپى ئىدى. فىرانك شۇ چاغدىكى قورقۇنچىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. ئۇ ئۆز ئالدىغا سودا بىلەن شۇغۇللانماقچى! بۇنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئاتلانتا بويىچە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرمۇ خوتۇن كىشى يوق، فىرانكمۇ ئۇنداق خوتۇنلارنى ئاڭلاپ باقمىغان. قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە ئاياللار ئۆينىڭ راسخوتى ئۇچۇن پۇل تېپىشقا مەجبۇرلانغانلىرىدا، ئاياللارغا لايىق ئىشلارنى يوشۇرۇنچە قىلغان. مەسىلەن، مېرۋېتېر خانىم پوشكال پىشۇرۇپ ساتتى، ئېلسىن خانىم قاچىلارغا گۈل سىزدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەشتىچىلىك قىلدى، مادې خانىم مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئۆتتى، بونىپل خانىم مۇزىكىدىن دەرس بەردى. ئۇلار مانا شۇنداق يول بىلەن پۇل تاپتى، ئەمما ئۇ ئىشلارنى ئۆيلىرىدە قىلىشتى. ئايال كىشى ئائىلىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ، قاراملىق بىلەن قوپال ئەرلەر دۇنياسىغا كىرىپ كەتسە، ئۇلار بىلەن سودىدا دەتالاش قىلىشسا، سوقۇشسا، ئۇلار ئۇنى ھاقارەتلىسە، كەينىدىن گەپ قىلسا، ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ... ئېرىنىڭ باققۇدەك ھالى بار، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلانمايدىغان ئاياللار تېخىمۇ ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ـ دە.

فىرانك دەسلەپتە، ئۇ مېنى چېكىپ باقماقچى ياكى ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ پەن زاۋۇتىنى سېتىۋېلىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. سىكارلېت ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن ئەتىگەن تۇرۇپ پىئاچتېر كوچىسىغا پەيتون بىلەن كېتەتتى. كەچتە فىرانك دۇكاننى تاقاپ پىتتىيپاتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندا، ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. پەن زاۋۇتى بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى خېلىلا يىراق ئىدى، پىتتېر تاغا ئۇنىڭ ئىشىنى ياقتۇرمىسىمۇ ئۇنى ھەر كۈنى پەيتۇنغا سېلىپ ئاپىرىپ قوياتتى. ئارىلىقتا ئۇلار بىر ئورمانلىقتىن ئۆتەتتى. ئۇ يەردە ئەركىن نېگىرلار، شىمالىلىق لۇكچەكلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. فىرانكنىڭ ئۇنىڭ بىللە بىلەن بولىدىغانغا ۋاقتى يوق ئىدى، پۈتۈن ۋاقتى دۇكاندا ئالدىراش ئۆتەتتى. ئۇ نارازى بولسا سىكارلېت ئاددىيلا گەپلەر بىلەن ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قوياتتى.

— جونسون دېگەن بۇ ھىيلىگەر تۈلكىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرمىسام ياغاچلىرىمنى سېتىۋېتىپ پۇلىنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سېلىۋالىدۇ. زاۋۇتنى باشقۇرىدىغانغا ياخشىراق بىر ئادەم تاپقاندا، ئاندىن ئۇ يەرگە كۆپ بارمىساممۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا كۆپ ۋاقتىمنى شەھەردە ياغاچ سېتىش بىلەن ئۆتكۈزىمەن.

سىكارلېت شەھەردە ياغاچ سېتىپ يۈرەرىمىش ! ئۇ تېخىمۇ

بولمىغۇر ئىش - دە. راست دېگەندەك، بەزىدە ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر كۈن ۋاقىت چىقىرىپ شەھەردە ياغاچ ساتاتتى. بۇنداق چاغلاردا فىرانك، تونۇشلار ئۇچراپ قېلىپ، خوتۇنۇڭ ياغاچ سېتىپ يۈرىدۇ، دەپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، دۇكاننىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىۋالاتتى.

خەقلەر سىكارلېتنىڭ كەينىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشقا باشلىدى. ئايالنى خوتۇن كىشى قىلمايدىغان ئىشلارغا سېلىپ پۇل تېپىۋېتىپتۇ دەپ ئۇنىڭ كەينىدىنمۇ گەپ قىلمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ. بەزىدە دۇكانغا كىرگەنلەر ئۇنىڭغا: «تېخى بايىلا كېنىنېدى خانىمنى كۆردۇق...» دېيىشەتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا فىرانك يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا سىكارلېتنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەتتى. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا يېڭى سېلىنىۋاتقان مېھمانخانىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش سۆز - چۆچەك بولۇپ يۈرەتتى. ئەسلىدە تومىي ۋېلبۇرن بىر ئادەمدىن ياغاچ سېتىۋېلىۋاتقاندا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سىكارلېت پەيتوندىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇل قويۇۋاتقان ئىرلاندىيەلىك ئىشچىلارنىڭ ئالدىدىلا تومىغا بۇ سودىدا قاتتىق ئالدانغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياغاچلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىنى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىنى ئېيتقان ھەم دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شۇ يەردىلا ياغاچنىڭ پۈتۈن باھاسىنى ھېسابلاپ چىقىرىپ بەرگەن. قارا ئىش قىلىدىغان ناتونۇش ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈشنىڭ ئۆزى يۈز كېتىدىغان ئىش ئىدى، ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇ شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېسابقا ئۇستىلىقىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك قىلىق قىلغان. تومىي ئۇنىڭغا ئىشىنىپ زاكاز بەرگەندىن كېيىنمۇ، سىكارلېت ئۇ يەردىن كەتمەي ئايلىنىپ يۈرگەن. جونني گالگېر ئىسىملىك ئاتىقى چىقىپ قالغان لۈكچەك بىر ئىش بېشى بىلەن پاراڭلاشقان، نەتىجىدە بۇ ئىش شەھەردە بىر نەچچە ھەپتىگىچە سۆز - چۆچەك بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇ زاۋۇتنى سېتىۋالغاندىن كېيىن پۇل تاپقان بولىسمۇ، فىرانك باشقا ئەرلەرگە ئوخشاشلا، ئايالىنىڭ ئايالىلارنىڭ قىلىشىغا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىغا خۇشال بولۇپ كەتمەيتتى. سىكارلېتمۇ تاپقان پۇلىدىن دۇكانغا ئىشلىتىش ئۈچۈن فىرانكقا بېرىپ باقمىدى. كۆپ قىسىم پۇلىنى تاراغا ئەۋەتىپ تۇردى ھەم ۋىل بېنېنغا توختىماي خەت يېزىپ، بۇ پۇللارنى نېمىلەرگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى تاپشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ فىرانكقا يەنە تارانىڭ ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، تاپقان پۇللىرىنى خەقلەرنىڭ گۆرۈگە قويىدىغان نەرسىلىرىگە ئىشلىتىپ، شۇ يول بىلەنمۇ پۇل تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

فىرانك بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا ئىچىگە تىنىپلا قالدى. ئايال كىشى دېگەن گۆرۈ - پۆرۈ دېگەندەك ئىشلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىكلىرى كېرەك ئىدىغۇ؟

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى سىكارلېتنىڭ كاللىسى ھەرخىل پىلانلار بىلەن توشۇپ كەتتى. فىرانكنىڭ قارىشىچە، بۇ پىلانلار بىر بىرىدىن بەتتەر ئىدى. سىكارلېت ھەتتا ئۆزىنىڭ شىرمان كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىسكىلاتىنىڭ ئۈستىگە بىر قاۋاقخانا سالماقچىمۇ بولدى. فىرانك گەرچە ھاراقنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ تىجارەتكە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۆينى قاۋاقخانا قىلىشقا ئىجارىگە بېرىش، پاھىشىخانا قىلىشقا ئىجارە بەرگەن بىلەن ئوخشاش نامى يامان ئىش ئىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ فىرانك ئۇنىڭغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت ئۇنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغان ئۇنداق گەپلىرىنى «قۇرۇق گەپ» دەپ يوققا چىقىرىۋەتتى.

— ئۆينى قاۋاقخانا قىلىشقا ئىجارىگە بېرىش ئەڭ ئىشەنچلىك ئىكەن، ھېنرى تاغام شۇنداق دېگەن، — دېدى بىر كۈنى ئۇ فىرانكقا، — ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئىجارە ھەققىنى ئۆز ۋاقتىدا

تاپشۇرۇپ تۇرىدىكەن، سىپتىلماي قالغان ناچار ياغاچلار بىلەن قاۋاقخانا سالدۇرسام ئۇنىڭدىنمۇ بىرمۇنچە پايدا ئالغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن كىرگەن پۇل بىلەن زاۋۇتتىن، گۆرۈگە ئىشلەتكەن پۇلدىن كىرگەن پۇللارنى قوشۇپ پەن زاۋۇتىدىن يەنە بىرنەچچىنى سېتىۋالىمەن.

— جېنىم، ئارتۇق پەن زاۋۇتلىرىنىڭ سىزگە لازىمى يوق، — فىرانك قورقۇپ كېتىپ تۇۋلاپ كەتتى، — تېخى سىز قولىڭىزدىكى ئۇ زاۋۇتنى سېتىۋېتىشىڭىز كېرەك، ئۇ سىزنى ھاردۇرۇپ ئۆلتۈرەي دېدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆر نېگىرلارنى ئىشلەتسىڭىز سىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

— ھۆر نېگىرلار ئەلۋەتتە ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، — دېدى سىكارلېت ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ. ئەمما، فىرانكنىڭ گېپىدىكى زاۋۇتنى سېتىۋېتىشىڭىز كېرەك، دېگەن مەنىنى چۈشەنمىدى، — جونسون ئەپەندى ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا دەل ۋاقتىدا كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ، شۇڭا نېگىرلارغا مۇتلەق ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىر - ئىككى كۈن ئىشلەپلا مائاشىنى خەجلەپ تۈگىتىۋەتمىگۈچە ئىشقا كەلمەيدۇ، تېخى ھەممىسىلا كەلمەي قويۇشىمۇ مۇمكىن. مەن ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جىنايى ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ ھەرىكەت نېگىرلارنى كاردىن چىقاردى. نۇرغۇنى ئىشلىمەيدۇ. بىزنىڭ زاۋۇتتىكىلىرىمۇ ھۆرۈن، كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا. ئۇلارغا كۆيۈنۈپ قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويسىڭىز، ئۇرغىلىغۇ تېخىمۇ بولمايدۇ، «ھۆرلەر ئىدارىسى»نىڭ ئادەملىرى ئەنجۈرنىڭ قۇرتىغا ئۆزىنى ئاتقان ئۆردەكلەرگە ئوخشاش شۇئان سىزگە يېپىشىدۇ.

— قەدىرلىكىم، ئۇلارنى جونسونغا ئۇردۇرمىغانسىز...

— ھە ياق، — جاۋاب بەردى سىكارلېت سەل خۇشياقمىغاندەك قىلىپ، — ھازىر دېدىمغۇ، ئەگەر شۇنداقلا قىلىپ قويىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسام شىماللىقلار مېنى ھازىرلا تۇرمىگە سولايدۇ.

— بىلىشىمچە، سىزنىڭ دادىڭىزمۇ نېگىرلارنى زادىلا ئۆرۈپ باقمىغان.

— ھىم، پەقەت بىرلا قېتىم ئۇرغان، ئۇۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتباقار ئاتنى پاكىز سۈرتمىگەنىكەن، ئاچچىقىدا ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرغان. ئەمما، فىرانك، ئۇ چاغلار ھازىرقىغا ئوخشىمايدۇ، ھازىرقى نېگىرلار دېگەن ھۆر نېگىرلار — دە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۇرۇپ تۇرغانمۇ ياخشى، ئۆزلىرىگە پايدىلىق.

فىرانك خوتۇنىنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە بەزى پىلانلىرىدىنلا ئەمەس، توي قىلغاندىن بېرىقى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ چوڭلۇقىدىنمۇ ھەيران ئىدى. سكارلېت ھازىر يېڭى توي قىلغان چاغلاردىكىدەك ئۇنداق مۇلايىم، شېرىن سۆخەن ئەمەس ئىدى، ئاياللارغا خاس خۇسۇسىيەتلىرىمۇ يوقىلىپ كېتىۋاتاتتى. توي قىلمىز دەپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى تۇرمۇشقا بولغان خىلمۇ خىل قاراشلىرى، نادانلىقى، نومۇسچانلىقى، سۆلكەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقا ئاياللاردا يوق بىر خىل جەلپكارلىقنى كۆرگەنىدى. ئەمدى ھازىر ھەممە ھەرىكەتلىرى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، زىنىخلىرى يەنە شۇنداق چىرايلىق، كۆلكىلىرى يېقىملىق كۆرۈنىسىمۇ، گەپ — سۆزلىرى، ئىش — ھەرىكەتلىرى ئەرلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئاۋازى چىرقىراق، كەسكىن، ھەرقانداق ئىشقا قىزلارغا ئوخشاش مىجىپ ئولتۇرماي كەسكىن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئەرلەرگە ئوخشاش ئەڭ ئەپچىل يوللار بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ، ئاياللارغا ئوخشاش ئىككىلىنىپ، نومۇس قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

فىرانك ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ سكارلېتقا ئوخشاش بۇنداق كەسكىن مىجەزلىك ئاياللارنى كۆرمىگەنمۇ ئەمەس، جەنۇبنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئاتلانتادىمۇ پۇللۇق

ئاقسۆڭەك خانىملار بار ئىدى، ئۇلارغا ھېچكىم تېگەلمەيتتى. پاكار، سېمىز مېرۋېتېر خانىمنىڭ ھەيۋىسىنى، لاتاپەتلىك ئېلسىن خانىمنىڭ زوراۋانلىقى ۋە تەكەببۇرلۇقىنى، ئاۋازى تاتلىق ۋېمتىن خانىمنىڭ مەقسىتىگە يەتمىگۈچە قويمايدىغان خاراكتېرىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئاياللار يوق ئىدى. ئەمما، ئۇلار ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆزلىرىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى ھەم شۇ يول بويىچە ئىش كۆرەتتى، ئەرلەرنىڭ پىكرىگە، پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ كەتمىسىمۇ ھەر ھالدا ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى، گەپلىرىنى ئاڭلايتتى. سكارلېت بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە ئىش قىلاتتى، شۇڭا شەھەردە ئۇ توغرۇلۇق گەپ - سۆزلەر بەكمۇ ئۇلغىيىپ كېتىۋاتاتتى.

خەقلەر تېخى، — ئويلايتتى فىرانك ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ، — مۇشۇنداق بىر خوتۇننىڭ ئېرى بولغىنىم ئۈچۈن مېنىڭ ئۈستۈمدىنمۇ گەپ قىلىشىدىغاندۇ.»

يەنە تېخى باتلېر دېگەن ھېلىقى ئادەم پىتتىيپات خانقىزنىڭ ئۆيىگە دائىم بېرىپ تۇراتتى. بۇمۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىش - دە. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككىسى بىللە سودا قىلىشقان بولسىمۇ، فىرانك ئۇ ئادەمگە ئۆچ ئىدى. ئاشۇ چاغدا ئۇنى «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە باشلاپ بېرىپ دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويغىنىغا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئۇرۇش ۋاقتىدا ھايانكەشلىك قىلغانلىقى، ئارمىيەگە قاتناشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئىدى. رېت باتلېرنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيەسىدە سەككىز ئاي تۇرغانلىقىنى پەقەت سكارلېتلا بىلەتتى، چۈنكى ئۇ سكارلېتقا قورققاندەك قىياپەتتە بۇ «رەسۋا ئىش»نى ھېچكىمگە ئاشكارىلاپ قويماسلىق توغرۇلۇق يالۋۇرغان بولغاچقا، سكارلېت ھېچقانداق ئادەمگە دېمىگەنىدى. لېكىن، فىرانك خالىسۇن - خالىمىسۇن، رېت باتلېر پىتتىيپات خانقىزنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باتلېر كۆرۈنۈشتە پىتتىي ھامىمنى كۆرگىلى كېلەتتى، پىتتىي ھامىمىز ھېچنېمىنى سەزمەي مېنى يوقلاپ كېلىدۇ، دەپ يۈرىۋېرەتتى، تېخى ئۇنىڭ كەلگىنىگە ئۆزىچە كېرىلىپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇ كەلگەندە فىرانك، ئۇ ھەرگىزمۇ پىتتىيپاتنى دەپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالاتتى. كىچىك ۋاد باشقا ئادەملەردىن قورقىسىمۇ باتلېردىن ھەرگىز قورقمايتتى، ئەكسىچە ئۇنى «رېت بوۋا» دەپ ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئەھۋال فىرانكنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. فىرانك ئۇرۇش ۋاقتىدا باتلېرنىڭ سىكارلېتقا سۆركىشىپ يۈرگەنلىكلىرىنى، خەقلەرنىڭ شۇ چاغلاردىلا ئىككىسى توغرۇلۇق كۇسۇرلىشىدىغانلىقىنى ئەسلىدى ۋە ھازىر ئۇلار توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. فىرانكنىڭ ئاغىنىلىرى سىكارلېتنىڭ زاۋۇت سېتىۋالغان ئىشلىرىنى قورقماي دېيىشكەنلىرى بىلەن بۇنداق ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي يۈرگەن بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن. ھازىر ئۇلارنى تاماققا، ئولتۇرۇشلارغا چاقىرىشلارمۇ ئازلاپ كەتتى، ئۇلارنىڭكىگە كېلىدىغانلارمۇ ھەم شۇنداق، سىكارلېت قوشنىلىرىنىڭ كۆپىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ياخشى كۆرىدىغانلىرىنىڭكىگىمۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن بارالمايدۇ، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭكىگە كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكى بىلەنمۇ تازا كارى يوق. ئەمما، فىرانك ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئىشقا بەكمۇ دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

فىرانك ئۆمۈر بويى «قوشنىلار نېمە دەپ قالار» دېگەن گەپ بىلەن ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى. ھازىر خوتۇنىنىڭ ئۇنداق گەپلەر بىلەن بىر تال كارى يوق، قائىدە - يوسۇنلارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتتى. سىكارلېتقا ھېچكىمنىڭ كۆچى يەتمەيتتى، شۇ سەۋەبتىن، ھەممىلا ئادەم ئۇنى «خوتۇنىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى» دېيىشىپ كۆزگە ئىلمايتتى. فىرانك ھېچقانداق ئەر قىلمايدىغان

ئىشنى قىلىپ خوتۇنىغا يول قويدى، يول قويمايمۇ ئامالى يوق ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلسا، ئۇنى تەنقىدلىسە خوتۇنى ئۇنى بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويدۇرۇپ قوياتتى.

ئۇنىڭ ساراڭلىقى مەن كۆرگەن ھەرقانداق ئايالنىڭكىدىن ئاسان تۇتىدۇ، — دەپ ئويلىدى فىرانك ئامالسىز، — يەنە تېخى تۇتىدىغان ۋاقتى ئۇزۇن.

ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتقان كۈنلەردىمۇ، ئۆيدە ناخشا ئېيتىپ خۇشال يۈرۈۋاتقان بۇ خوتۇن ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، بىردىنلا باشقا بىر ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالىدىغان چاغلارمۇ پات ـ پات بولۇپ تۇراتتى. فىرانك: «قەدىرلىكىم، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام ئۇنداق قىلمايتتىم...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ قويىدىغان بولسىغۇ بولدى، ئۇنى تالاپ، دېگىنىگە تويدۇرۇۋېتەتتى.

ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر بىر سىزىق پەيدا بولغاندا، فىرانكنى ئۆزى تۇيمايلا تىترەك بېسىپ كېتەتتى، سىكارلېتتا تاتارلارنىڭ ئىتتىك مىجەزى، ياۋا مۈشۈكنىڭ ۋەھشىيلىكى بار ئىدى، ئاچچىقى كېلىپ كەتكەندە نېمە دەۋاتىدۇ، گەپلىرى خەقلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىۋاتامدۇ، يوق، پەقەتلا كارى يوق ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك سۈرۈنلىشىپ كېتەتتى، فىرانك ئورنىدىن تۇرۇپلا دۇكانغا كېتىپ ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلەتتى. پىتتىپپات خۇددى توشقان ئۇۋىسىغا يۈگۈرگەندەك ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ بېكىنىۋالاتتى. ۋاد بىلەن پېتتېر تاغا پەيتون قويىدىغان ئۆيگە كىرىۋالاتتى. ئاشپەز ئايالنىڭ زۇۋانى ئۆچۈپ، ئېيتىۋاتقان مۇناجاتلىرىمۇ ئاللىقاياقلارغا يوقىلىپ كېتەتتى. يالغۇز نېگىر ئانىلا سىكارلېتنىڭ بۇ مىجەزىگە بەرداشلىق بېرىپ جىمجىت تۇرۇۋالاتتى، چۈنكى ئۇ گېرالد ئوخارانىڭ شۇ خىل مىجەزىگە ئۇزۇن يىل بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۆگىنىپ كەتكەنىدى.

سىكارلېت يەنە خوتۇننى بېشىغا مىندۇرۇۋالغان ئەرلەرنى ھەرگىز ھۆرمەت قىلمايتتى. فىرانك شۇنداق ئىدى، ھەرقانداق چوڭ خاپىلىق تارتسىمۇ، ئۇنىڭغا ياكى باشقىلارغا قورقۇپ ھەم تارتىنىپ مۇئامىلە قىلاتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇنداق روھىي ھالەتلىرىنى زادىلا پىسەنتىگە سىغدۇرالمايتتى. بۇنداق ئىشلارنى ئويلىماي خۇشال - خۇرام ياشىسىمۇ بولاتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىمۇ ئاساسەن ھەل بولۇپ بولغانىدى، ئەمما فىرانك ئۇ ئويلىغاندەك سودىدا پۇختا ئادەم بولۇپ چىقمىدى، ئۇنىڭغىمۇ ھېچنېمە قىلدۇرمايدىغان تەرەپتە ئىدى، شۇڭا سىكارلېتنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ بۇ ئىشتىن قول ئۈزگۈسى كەلمەيتتى.

سىكارلېت پەرەز قىلغاندەك، فىرانك خەقلەردىكى قەرزلىرىنى يىغىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. ئاخىر تولا سۆيلەۋەرگەچكە، ئامال يوق ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇددى خەقتىن سەدىقە ئېلىۋاتقاندەك سوراپ كۆرۈپ ھېچكىمدىن پۇلىنى ئۇندۇرەلمىدى. بۇ ئەھۋاللاردىن سىكارلېت كېيىنبىدى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مەڭگۈ ئالدىغا بار، كەينىگە يوق، غورىگىل ھالەتتە ئۆتىدىغانلىقىنى، فىرانكنىڭ قالغان ئۆمرىنى مەينەتچىلىك بېسىپ كەتكەن ئاشۇ دۇكىنىدا ئۆتكۈزسە شۇنىڭدىن ئالەمچە رازى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. فىرانك ئۆزىنىڭ يانچۇقىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆيىنى قامداپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇ ئەنسىز يىللاردىكى يېڭى ئاپەتلەرگە پەقەت پۇل بىلەنلا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا پۇل تاپمىسا بولمايدىغانلىقىنى زادىلا ھېس قىلمىغاندەك قىلاتتى.

فىرانك ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئاسايىش زامانلاردا سودا قىلىپ ئازراق پۇل تاپقانمۇ بولسا كېرەك. لېكىن، ھازىر ئۇ شۇنچىلىك قاتمال ئىدىكى، كونا ئۇسۇل - چارىلىرىدە جاھىللىق بىلەن مەھكەم تۇرۇۋېلىپ زادىلا يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلاي دېمەيتتى. ئۇ كونا ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ كونا زامان بىلەن تەڭ

قويرۇقىنى قوۋم بېسىپ بولغانىدى. بۇ رەھىمسىز يېڭى دەۋردە ئادەمدە ئازراق تاجاۋۇز خاراكتېر بولمىسا پەقەتلا بولمايتتى، فىرانكتا بولسا دەل مۇشۇ نەرسە كەمچىل ئىدى. سىكارلېتتا بولسا ئۇ خىل خاراكتېر خېلىلا بار ئىدى، فىرانك خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، شۇ خاراكتېرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئويلايتتى. ئۇلارغا پۇل كېرەك ئىدى، سىكارلېت بولسا شۇ پۇلنى تېپىۋاتاتتى، ئەمما ئىنتايىن جاپا بىلەن تاپاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، فىرانك ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتقان ئاشۇ پىلانلىرىغا ئارىلىشىۋالمىسا بولاتتى.

سىكارلېتنىڭ تەجرىبىسى بولمىغاچقا، ئۇ زاۋۇتنى باشقۇرۇپ كېتىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ھازىرقى رىقابەت يېڭى باشلانغان چاغدىكىدىن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇ ئۆيگە ھەر كۈنى ھېرىپ ـ ئېچىپ ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلەتتى. ئادەمنى غەمگە سالىدىغان، بىزار قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا فىرانك قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ: «قەدىرلىكىم، مەن ئۇنداق ئىشنى ئۇقمايمەن»، «قەدىرلىكىم، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام ئۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتىم» دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتى. سىكارلېت بەزىدە ئۆزىنى بېسىۋالاتتى، بەزىدە بېسىۋالالماي قالاتتى. ئۆزىنىڭ پۇل تېپىشقا جۈرئىتى يوق تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا تاقاق سالىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىمۇ شۇنچىلىك كۆلكىلىك ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى ئايال كىشىنىڭكىگە ئوخشىمىغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ مانا، ئايال كىشى ئارىلاشسا بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان بۇ ئىشقا ئۇ ئارىلاشقاندىن كېيىن، زاۋۇتتىن پۇل دېگەن شۇنداق جىق كىرىۋاتامدۇ؟ بۇ پۇللار ئۇلارغا ـــ سىكارلېتقا، تاراغا، يەنە فىرانكقا شۇنچىلىك لازىم ئەمەسمۇ؟

فىرانكقا دەم ئېلىش ۋە خاتىرجەملىك كېرەك ئىدى. جان ـ

جەھلى بىلەن ئۆزىنى ئۇرغان ئۇرۇش ئۇنى سالامەتلىكىدىن، مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىدى، قىرىتىپ ھالىدىن كەتكۈزدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى. تۆت يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ تىنچ ياشاشنى، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈشنى خالاپ قالدى. تەگىلا قارىسا تونۇش چىرايلار، دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشاتتى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆيدە خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىكارلېتنى مەيلىگە قويۇپ بېرىشى، نېمە قىلىمەن دېسە يول قويۇشى كېرەك ئىدى. ھاردۇق يەتكەن بولغاچقىمۇ، سىكارلېتنىڭ تەلىپى بويىچە ئاخىر ئۇ خاتىرجەملىكىنى سېتىۋالغانمۇ بولدى. بەزىدە ئۇ كەچ قىلىپ سىرتتىن مۈزلاپ قايتىپ كەلگەنلىرىدە، سىكارلېت ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا، بۇرنىغا ياكى سۆيۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان باشقا بىر يەرلىرىگە سۆيۈپ كېتەتتى، ئىسسىق ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندا بېشىنى مۈرىسىگە قويۇپ ئۇخلاپ قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا فىرانك ئۆزى تۆلىگەن بەدەلنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالاتتى. سىكارلېت داۋاملىق ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە ئىش قىلىۋەرسە، ئۆيدىكى خاتىرجەملىكمۇ شۇنچە ئۇزاق داۋاملىشاتتى. ئەمما، فىرانك ئېرىشكەن بۇ خاتىرجەملىكنىڭ ئىچى كاۋاك ئىدى، سىرتقى كۆرۈنۈشىلا بار ئىدى، چۈنكى ئۇ تويىدىن كېيىن ئېرىشمەن دەپ ئويلىغان ھەممە نېمىسىدىن مەھرۇم بولۇۋاتاتتى.

ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ھەم ئائىلىسىدىكى ئادەملەرنىڭلا غېمىنى يېيىشى كېرەك. ئەرلەرگە ئوخشاش سىرتتا لاغايلاپ يۈرسە بولمايدۇ، — دەپ ئويلايتتى فىرانك، — بالا بولغان بولسا بەلكىم...

بالىنى ئويلاپ ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ئۇزاقتىن

بىرىقى ئۆيىمۇ شۇ ئىدى. لېكىن، سىكارلېت بالا تۇغمايدىغانلىقىنى كېيىنلا ئېيتقانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا دېگەنمۇ چاقىرسىلا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس ـ دە. نۇرغۇن ئاياللارنىڭ بالا تېپىشنى خالىماسلىقى نادانلىق ھەم قورقۇنچتىن ئىكەنلىكى فىرانكقا ئايان. ئەگەر سىكارلېت تۇغىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا چوقۇم ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن، باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئۆيدىن چىقارماي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بالىسىنى باققان بولاتتى، پەن زاۋۇتىنىمۇ سېتىۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن فىرانكمۇ بۇ باش ئاغرىقلىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلاتتى. كۆپ ئاياللار بالا يۈزى كۆرگەندىن كېيىن بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. سىكارلېتنىڭ ھازىر* ئۇنداق ھالەتتە ئەمەسلىكى فىرانكقا مەلۇم. ئۇ ئاياللار توغرۇلۇق ھېچنەرسە بىلمىسىمۇ، سىكارلېتنىڭ تازا خۇشال ـ خۇرام ئەمەسلىكىنى سېزىپ تۇراۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، سەزمەيدىغان ھالەتتىكى ئادەم ئەمەس ـ دە.

بەزىدە يېرىم كېچىلەردە ئويغىنىپ كېتىپ سىكارلېتنىڭ يىغلاپ ياتقانلىقىنى كۆرەتتى، تۇنجى قېتىم ھەتتا يىغىسىنىڭ، ئېسەدەشلىرىنىڭ قاتتىقلىقىدىن كارىۋات مىدىرلاپمۇ كەتكەنىدى. فىرانك قورقۇپ كېتىپ: «ئومىقىم، نېمە بولدىڭىز؟» دەپ سورىسا، سىكارلېت ئۇنى سىلكىپ: «ھىم، سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن!» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككىنچى سورىمىدى.

توغرا، بالا بولسا ئۇ خۇشال بولىدۇ، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئۇ خىل ئەخمىقانە ئىشلاردىن قولىنى تارتىدۇ. بەزىدە فىرانك ئۆزىنى تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان، قانات ـ قۇيرۇقلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق بىر ئىسسىق بەلباغ قۇشىنى تۇتۇۋالغاندەك ئويلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدەك رەڭسىز قۇشقاچ بولسىمۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭدا تېخى ئوبدان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

تۆتىنچى ئاينىڭ قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كېچىسى، تونى فونتائىن تەرلەپ - پىشىپ كەتكەن، چارچاپ هالى قالمىغان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئەنسىز قاقتى. قىرانىڭ بىلەن سكارلېت چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، قورقۇپ چىرايلىرىدا قان قالمىدى. سكارلېت تۆت ئاي ئىچىدە قايتا قورۇشىنىڭ پۈتۈن مەنىسىنى ئىككى قېتىم چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى، بۇگۈنكىسى ئىككىنچى قېتىملىقى ئىدى. ۋىلنىڭ «بىزنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىمىز تېخى ئەمدىلا باشلاندى» دېگەن گېپىنىڭ تېگىگىمۇ بۈگۈن يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشلېينىڭ ئاشۇ كۈنى تارادىكى باغدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا قىلغان هېلىقى يېقىمسىز گەپلىرىنىمۇ ئەمدى چۈشەندى. شۇ چاغدا ئۇ: «بىز ئەمدى ئۇرۇشتىنمۇ، تۈرمىدىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر يامان ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىمىز» دېگەنىدى.

ئۇنىڭ قايتا قورۇش مەزگىلىگە تۇنجى قېتىم دۇچ كەلگەن ۋاقتى جوناس ۋىلكېرسون شىمالىلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇنى تارادىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغان چاغ ئىدى. ئەمدى بۈگۈن تونىنىڭ كېلىشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق پاكىتلار ئارقىلىق قايتا قورۇش مەزگىللىرىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈردى. تونى يېرىم كېچىدە كېلىپ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە يامغۇرلۇق قاراڭغۇ كېچىدە تېزدىنلا غايىب بولدى. ئەمما، بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يېڭى بىر تىراگېدىيەنىڭ پەردىسىنى ئېچىۋېتىپ كەتتى، سكارلېت بولسا بۇ پەردە مەڭگۈ يېپىلمايدىغاندەك قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدى.

شۇ كۈنى كېچىسى قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئىشىكنىڭ

قاتتىق ئۆرۈلۈشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن سىكارلېت يوغان ياغلىقىغا ئورىلىپلا ئىشىكتىن چىقتى، پەستىكى دەھلىزدە تونى تۇراتتى. تونى دەررۇلا فىرانكىنىڭ قولىدىكى شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتتى. سىكارلېت قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ تونىنىڭ مۇزدەك قولىنى تۇتتى.

— ئۇلار مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تونى بوش ئاۋازدا، — مەن تېكساسقا كەتمەكچى — ئېتىم ئۆلەيلا دەپ قالدى... مەنمۇ ئاچتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم... بۇ يەردىن تېز كەتسەم، سىلەرگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ بەرمىسەم دەپ ئويلايمەن.

پۈتۈن دېرىزىلەر ئېتىلىپ، پەردىلەر چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن تونى ئۇلارنىڭ شام يېقىشىغا ماقۇل بولۇپ، فىرانكقا بولغان ئىشلارنى تېز - تېز سۆزلەشكە باشلىدى، سىكارلېت ئۇنىڭغا ئالدىراش تاماق تەييارلىدى.

تونىنىڭ ئۇستىدە پەلتو، بېشىدا شىلەپىمۇ يوق، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق ھۆل، قاپقارا چاچلىرى بېشىغا چاپلىشىپ كەتكەندى. سىكارلېت ئېلىپ كەلگەن بىر ئىستاكان ۋىسكىينى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە فونتائىن ئائىلىسىدىكى يىگىتلەرگە خاس بىر خىل تېتىكلىك يۈگۈردى. سىكارلېت پىتتىي ھاممىنىڭ ئويغانماي خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى، بولمىسا ئۇ بۇ ئەرۋاھنى كۆرسە چوقۇم ھوشىدىن كېتەتتى.

— ھۇ خۇنپەر، ئىپلاس ! — تونى كىمنىدۇر تىللاۋېتىپ، يەنە هاراق تەلەپ قىلىپ ئىستاكاننى سىكارلېتقا سۇندى، — ھېرىپ ھالىم قالمىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىن دەررۇ كەتمىسەم جېنىمدىن ئايرىلىمەن، شۇنىڭغا ئەرزىگۈدەكمىغۇ ئىش قىلدىم. خۇدا تۇرۇپتۇ، بۇ راست. بىر ئامال قىلىپ تېكساسقا بېرىۋېلىپ شۇ يەردە ئۆزۈمنى دالدىغا ئالمىسام بولمايدۇ. ئاشلېي جونېسبورودا مەن بىللە ئىدى، شۇ مېنى سىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېنىڭلارغا يولغا سالدى. فىرانك، باشقا ئات تاپمىسام بولمايدۇ ھەم ئازراق پۇلمۇ كېرەك، ئېتىم ئۆلەيلا دەپ قالدى — ئۇ جانىۋار ئاز يول ماڭمىدى — مەن ئۆيدىن خۇددى دوزاختىن چىققان شەپەرەڭگە ئوخشاش ھېچنېمە ئالماي چىقتىم، يېنىمدا بىر تىيىن پۇلمۇ يوق، ئۆيدىمۇ پۇل قالمىغان.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇستىگە قېلىن سېرىق ماي سۈرتۈلگەن قوناق بولكىسى بىلەن تورۇپنىڭ كۆكىنى ئالدىراپ يېيىشكە باشلىدى.

— مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ مېڭىڭ، — دېدى فىرانك خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، — يېنىمدا ئون سوملا بار ئىكەن. ئەگەر ئەتە ئەتىگەنگىچە تۇرىدىغان بولسىڭىز...

— ھە ياق، ھازىر دوزاخقا ئوت كەتتى، ئارتۇق تۇرالمايمەن، — دېدى تونى مەنىلىك سۆزلەپ، ئەمما كەيپى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، — بەلكىم ئۇلار كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندۇ. مەن ناھايىتى تېزلا يولغا چىققان، ئەگەر ئاشلېي مېنى ئۇ يەردىن سۆرەپ چىقىپ ئاتقا مىندۇرۇپ قويمىغان بولسا مەن ساراڭدەك شۇ يەردە تۇرىۋەرگەن بولاتتىم، بۇ چاغقىچە مېنى دارغا ئېسىۋېتىشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئاشلېي يارايدىغان يىگىت.

بۇ گەپچە، ئاشلېيمۇ بۇ قورقۇنچلۇق ئىشقا ئارىلىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ. سكارلېتنىڭ تېنى بىردىنلا جۇغۇلداپ، يۈركى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى. شىماللىقلار ئاشلېينى تۇتۇۋالغانمىدۇ؟ فىرانك نېمىشقا ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى كوچىلاپ سورىمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا بۇ ئىشقا ئادەتتىكى ئىشتەك مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ؟ ئاخىر چىدىماي، سكارلېت ئۆزى تونىدىن سورىدى.

— نېمە ئىش بولدى... كىم...

— دادىڭىزنىڭ بۇرۇنقى نازارەتچىسى... جوناس ۋىلكېرسون دېگەن ئاشۇ مۇناپىقنىڭ ئىشى بولمامدۇ.

— سىز ئۇنى... ئۇ ئۆلدىمۇ؟

— سكارلېت ئوخارا!، — دېدى تونى چىشلىرىنى

كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ، — مەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان بولسام، سىز مېنى پىچاقنى ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپ قويۇپلا بولدى قىلدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ياق، مەن ئۇنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتىم.

— بارىكاللا! — دېدى فىرانك ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ، — مەنمۇ ئۇ ئىپلاسنى ياخشى كۆرمەيتتىم.

سىكارلېت ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويدى، شۇ تۇرقىدىكى فىرانك ئۇ بىلىدىغان ئىنتائەتمەن، نېمىلا قىلسا بولىدىغان، تىللىسىمۇ ساقىلىنى مىجىپ ئولتۇرىدىغان فىرانك ئەمەس، شۇنچىلىك قەتئىي، سالماق فىرانك ئىدى، ھازىرقىدەك جىددىي پەيتتىمۇ بىر ئېغىز قۇرۇق گەپ قىلمىغانىدى، ھەقىقىي ئەركەك قىياپىتىدە ئولتۇراتتى. تونىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنداق زوراۋانلىق سورۇنلىرى ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدىغان مەيدانى بولۇپ، ئۇنداق يەرلەرگە ئاياللار يېقىنمۇ بارالمايتتى.

— ئاشلېي... ئۇنىڭغا ھېچ ئىش...

— ھېچ ئىش كەلمىدى. ئۇ خونپەرنى ئاشلېي ئۆلتۈرمەكچىدى، مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دائىرەمدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم، چۈنكى ساللى ئىنىمنىڭ خوتۇنى - دە. ئاخىر ئۇ بۇنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋىلكېرسوننىڭ مېنى بىر نېمە قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ جونېسبوروغا مەن بىلەن بىللە باردى. مەن ئاشلېينى بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن. قوناق بولكىسىنىڭ ئۈستىگە ئازراق مۇراببا سۆركەپ بەرسىڭىز قانداق؟ يولدا يېگۈدەك بىر نەرسە تەييارلاپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— ماڭا ھەممە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەيدىغان بولسىڭىز، ھازىرلا ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ تۇۋلاپ كېتىمەن.

— مەن كەتكەندىن كېيىن قانچىلىك تۇۋلىغۇڭىز كەلسە شۇنچىلىك تۇۋلىۋالارسىز. فىرانك ئاتنى تەييارلاپ بەرگۈچە ئارىلىقتا سىزگە سۆزلەپ بېرەي. ۋىلكېرسون دېگەن ئۇ خونپەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بورۇنلا بىرىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەن، باج توغرۇلۇقمۇ سىلەرگە نۇرغۇن زۇلۇم سالدى. بۇ ئۇنىڭ نومۇسسىز قىلىقلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى، خالاس. ئەڭ نەپرەتلىكى، ئۇ نېگىرلارنى توختىماي كۈشكۈرتۈپ تۇردى. ئۇ نېگىرلارمۇ ئۇچىغا چىققان دۆت نېمىلەر، ئۇ لۈكچەكلەرنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، بىزنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان ھەممە ياخشىلىقلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. ھازىر شىماللىقلار نېگىرلارنى سايلامغا قاتناشتۇرىمىز دېيىشىۋاتىدۇ، بىزنى بولسا قاتناشتۇرمايدىكەن. ئەگەر ئۇلار نېگىرلارنى سايلامغا قاتناشتۇرىدىغان بولسا بىز تۈگىشىمىز. بۇ شىماللىقلارنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ دۆلىتىمىزغۇ؟ سكارلېت، بۇ ئەلەملەرگە چىداش مۇمكىنمۇ؟ قانداق چىدىغۇلۇق؟ بىز ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ئېلىشمىساق بولمايدۇ، بۇ يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا سەۋەب بولسىمۇ مەيلى. ئۇزاققا بارماي بىزدە نېگىر سوتچىلار، نېگىر پالاتا ئەزالىرى پەيدا بولىدۇ... ھەممىسى ئورمانلىقتىن چىققان قارا مايمۇنلار...

— تېز، تېزرەك سۆزلىسىڭىزچۇ! زادى نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— ئالدىرىماي ئۇراڭ، بولكىمدىن يەنە بىرنى يەۋالاي. بۇ مۇنداق گەپ، ۋىلكېرسون شۇغۇللانغان نېگىرلار باراۋەرلىك ھەرىكىتى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە نېگىرلارغا شۇ توغرۇلۇقلا گەپ قىلىدىكەن، ھەتتا ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ... — تونى ئۆزىنى باسالماي ئىتتىك سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — نېگىرلار... ئاق تەنلىك ئاياللار بىلەن توي قىلسا...

— تونى، ئۇنداق دېمىگەندۇ؟

— بۇ راست گەپ! بۇ گەپكە كۆڭلىڭىز يېرىم بولدى، بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمما، سكارلېت، ھازىر دوزاخقا ئوت كەتتى. بۇ سىز ئۈچۈن يېڭى خەۋەرمۇ ئەمەس، ئۇلار ئاتلانتادىمۇ

نېگىرلارغا شۇنداق گەپلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ.

— بۇنى... مەن بىلمەيدىكەنمەن.

چوقۇم فىرانىك سىزگە دېمىگەن گەپ. شۇنىڭ بىلەن بىز مەسلىھەتلىشىپ، ۋىلكېرسون ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېچىدە بېرىپ ئۇنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولدۇق. شۇ ئارىلىقتا... بىزنىڭ قورۇقتا باش نازارەتچى بولۇپ تۇرغان ئېستىس ئىسىملىك ھېلىقى نېگىر ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە.

— ئاشۇ ئىپلاس بۈگۈن سالىلى ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقانىدا ئاشخانىغا كىرىپتۇ... ئۇنىڭ سالىلىغا نېمە دېگەنلىكىنى بىلمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ بىلمەسلىكىم مۇمكىن. ئىشقىلىپ، بىر نېمە دېگەن. بىر چاغدا چىرقىرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ ئاشخانىغا كىرسەم، ئۇ ئىپلاس شۇ يەردە تۇرۇپتۇ، غەرق مەست ... سىكارلېت، كەچۈرۈڭ، قوپال گەپ قىلىپ قويدۇم.

— سۆزلەۋېرىڭ.

— مەن ئۇنى ئېتىپ تاشلىدىم. ئاپام سالىلى بىلەن قالدى. مەن ئېتىمغا مىنىپ ۋىلكېرسوننى ئىزدەپ جونېسبوروغا چاپتىم. بۇ ئىشقا شۇ مەسئۇل بولۇشى كېرەك ـ دە. ئۇ بولمىغان بولسا، ئۇ ئىپلاس نېگىر ئۇنداق ئىش قىلىشنى ھەرگىز ئويلىمايتتى. تارادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاشلىقىغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇمۇ مەن بىلەن ماڭدى، كېتىۋېتىپ ۋىلكېرسوننىڭ تارادا قىلغانلىرى ئۇچۇن بۇرۇندىنلا ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزىگە قويۇپ بېرىشىمنى دېدى. مەن ئۇنىڭغا، سالىلى ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىمنىڭ ئايالى، شۇڭا بۇ ئىشنى مەن قىلىشىم كېرەك، دەپ تۇرۇۋالدىم. يولدا ماڭغۇچە مەن بىلەن گەپ تالىشىپ كەلدى. شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاپانچامنى ئېغىلغا تاشلاپ قويۇپ كەلگەنلىكىمنى بىلىپ ئۆزۈمگە شۇنچىلىك ئاچچىقىم كەلدى.

www.uyghurkitap.com

تونى گەپتىن توختاپ، قاتتىق بولكىدىن بىر چىشلەم چىشلىدى. سكارلېتنى تىترەك بېسىپ كېتىۋاتاتتى. فونتائىن ئائىلىسىنىڭ تەلۋە خاراكتېرى بۇرۇندىنلا ھەممە ئادەمگە مەلۇم ئىدى.

— شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا پىچاق بىلەن تاقابىل تۇرماقچى بولدۇم. ئۇنى ئاخىر بىر قاۋاقخانىدىن تېپىپ بىر بۇلۇڭغا سۆرەپ ئاپاردىم، ئاشلېي باشقىلارنى توسۇپ تۇردى. مەن ئاۋۋال كېلىش مەقسىتىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ پىچاقنى قورسىقىغا تىقىۋەتتىم. ئېسىمگە كېلىپ بولغۇچە ھەممە ئىش تۈگەپ بولدى، — دېدى تونى شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئويلىغاچ، — ئېسىمگە كەلگەندە بىرىنچى بولۇپ بىلگەن ئىشىم، ئاشلېينىڭ مېنى ئاتقا مىندۇرۇپ، بۇ يەردىن دەرھال كەت، دېگىنى بولدى. جىددىي پەيتتە ئاشلېي ئوغۇل بالىلىق قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسى باشتىن - ئاياغ سەگەك ئىدى.

فىرانك ئۆزىنىڭ پەلتوسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تونىغا بەردى. ئۇنىڭ مۇشۇ بىرلا پەلتوسى بار ئىدى. سكارلېت پەلتونى بەرگىنىگە باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى ئىدى.

— ئەمما، تونى، ئۆيدە سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، شۇڭا قايتىپ كېتىپ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ باقسىڭىز...

— فىرانك، سىز ئۇچىغا چىققان ئەخمەق بىر خوتۇننى ئېلىۋاپسىز جۇمۇ، — دېدى تونى پەلتونى تەستە كىيىۋېتىپ، — ئۇ ئايال، قېرىنداشلىرىنى قوغدىغان ئادەمنى شىماللىقلار مۇكاپاتلايدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇلار مۇكاپاتلايدۇ، نېمە بىلەن؟ ۋاقىتلىق سوت ۋە دارغا ئاسىدىغان ئارغامچا بىلەن. سكارلېت، مېنى بىر سۆيۈپ قويسىڭىز. فىرانك، سىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، بەلكىم مەن سىلەر بىلەن مەڭگۈ خوشلىشىۋاتقاندىمەن. تېكساس بۇ يەرگە ئىنتايىن يىراق. خەت يېزىشىم مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۆيدىكىلەرگە ھازىرغىچە ئامان -

ئېسەن تۇرغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار.

ئۇ سىكارلېتنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن ئىككى ئەر يامغۇر يېغىۋاتقان قاراڭغۇ كېچە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئارقا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىردەم پاراڭلاشتى. ئارقىدىن سىكارلېت بىر ئاتنىڭ سۇ چاچرىتىپ چېپىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. تونى كەتتى. سىكارلېت ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن فىرانكنىڭ ھالىدىن كەتكەن بىر ئاتنى يېتىلەپ ئېغىلغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئىشىكنى يېپىپ بىردىنلا ئولتۇرۇپ قالدى، ئىككى تىزى غال ـ غال تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ باشقىمدىن قورۇش ھەرىكىتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. بۇ، ئالدىغا كىچىككىنە بىر پارچە لاتا تارتىۋالغان، قالغان يەرلىرى ئوچۇق ياۋايى ئادەملەر ئۆيۈڭنى قورشىۋالغاندەك بىر ئىش ئىكەن. يېقىندا زادىلا ئويلاپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلار ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. مەسىلەن، ئۇ ئاڭلىغان، ئەمما دىققەت قىلمىغان بەزى گەپلەر، ئەرلەر پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۇستىگە كىرىپ قالسا گەپلىرىنى توختىتىۋېلىشلىرى، شۇ چاغدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك كۆرۈنگەن بەزى ئۇششاق ئىشلار، فىرانكنىڭ ئۆزىنى قېرى، ئاجىز پىتتېرنىڭ ھەمراھلىقىدا زاۋۇتقا بارماڭ دەپ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى، ۋەھاكازالار. ھازىر ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە ھاسىل قىلىۋاتاتتى.

نېگىرلار يۇقىرى قاتلاملارغا يامىشىپ چىقىۋاتىدۇ، شىماللىقلار نەيزىلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغدايدۇ. سىكارلېتنى بىرەرسى ئۆلتۈرۈۋېتىشى، باسقۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئىشلارغا ھېچكىم ئامال قىلالماسلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىش ئىدى. بىرەرسى ئۇنىڭ ئۆچ ئالىمەن دەيدىكەن، ئۇ ئادەمنى شىماللىقلار دارغا ئاسىدۇ، سوتچى ياكى زاسىداتېللارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشى يوق گەپ. قانۇندىن قىلچە ساۋاتى يوق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جىنايى ئىشلارغا تېخىمۇ دىققەت قىلمايدىغان شىماللىق ئوفىتسېرلار سوراق رەسمىيىتىنى ئۆتەپ قويۇپلا، جەنۇبلۇقلارنىڭ بويىنىغا سىرتماقنى سېلىۋېرىدۇ.

«بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — سىكارلېت قوللىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ، قورقۇنچ ۋە تايانچسىزلىقنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئازابىدا قېلىۋاتاتتى، — ئۇ ئالۋاستىلار تونىغا ئوخشاش ياخشى يىگىتلەرنى ئۆزىنىڭ ئايالى، قېرىنداشلىرىنى ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە مەست نېگىر بىلەن مۇتتەھەم بىر زالىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دارغا ئېسىپ تۈگىتىشىدۇ. بۇ ئالۋاستىلارغا قارىتا بىزدە زادى ئامال يوقمىدۇ؟»

تونى: «زادىلا چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ تايىنىدىغان ئادىمى بولمىغاندىكىن، چىدىماي ئامالى قانچە؟ سېكارلېت تىترەپ كېتىۋاتاتتى ھەم ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بەزى ئادەم ۋە ئىشلارغا ئوبيېكتىپ قاراۋاتاتتى، ئىگە - چاقىسىز ۋە قورقۇپ كېتىۋاتقان سىكارلېت ئوخارا قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر مۇھىم ئىش ئەمەسلىكىنىمۇ تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. جەنۇبتىكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىڭلىغان ئاياللارمۇ ۋەھىمە ئىچىدە تايانچسىز ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. مىڭلىغان ئەرلەر بولسا ئاپپوماتوكستا قوراللىرىنى تاشلىغان بىلەن، ھازىر يەنە ئاشۇ بىچارە ئاياللارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قوللىرىغا قورال ئالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

تونىنىڭ چىرايىدا فىرانكىنىڭ، يېقىندىن بېرى سىكارلېت ئاتلانتادىكى باشقا ئەرلەرنىڭ چىرايىدا كۆرۈۋاتقان، دىققەت قىلغاندەك قىلغان بىلەن تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ كۆرمىگەن بىر خىل روھىي ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت ئاشۇ چاغلاردا تەسلىم بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشقان ئەرلەرنىڭ چىرايىدىكى بىزارلىق ۋە چارىسىز قالغاندەك كۆرۈنگەن روھىي ھالەتلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ چاغدا

ئەرلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى، ئەمدى ھازىر ئۇلار مەلۇم ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى، سېزىملىرى ئويغىنىشقا، ئەسلىدىكى جاسارەتلىرى ئۇرغۇشقا، رەھىمسىز ئازاب ئىچىدە ئەتراپىدىكى ھەممە ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭمۇ تونىغا ئوخشاش «چىدىغۇچىلىكى قالمىغان» ئىدى.

ئۇ جەنۇبلۇق نۇرغۇن ئەرلەرنى كۆرگەن. ئۇلار ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەدەپلىك، مۇلايىم، ئەمما سوقۇشقاق ئىدى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئۈمىدسىز كۈنلەردە شۇنچىلىك قارام، شۇنچىلىك قەيسەر بولۇپ كېتىشكەن. ئەمما، سكارلېت شۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا، ئىككى ئەرنىڭ شامنىڭ يورۇقىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان چىرايلىرىدىن مەلۇم بىر نەرسىنى، ئۇنىڭغا ئىلھام بولىدىغان، لېكىن يەنە ئۇنى قورقۇنچقا سالىدىغان بىر نەرسىنى، يەنى تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز غەزەپ ۋە توسۇش مۇمكىن بولمايدىغان تەۋرەنمەس ئىرادىنى كۆرگەندەك بولدى.

سكارلېت تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئەتراپىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتا ئوخشايدىغان بىر خىل يېقىن مۇناسىۋەتتە تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇسى، ئازابلىرى ۋە ئىرادىلىرى ئۆزىنىڭكى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. راست، چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، جەنۇبتەك بۇنداق گۈزەل زېمىننى كۈرەشسىز تاشلاپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدىكەن. جەنۇپ شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، ئۇنى جەنۇبلۇقلارنى ئۆچ كۆرىدىغان، ئۇلارنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كېلىدىغان شىماللىقلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. جەنۇب شۇنچىلىك قىممەتلىك ماكان، ئۇنى ۋىسكىي بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقان نادان نېگىرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

سىكارلېت تونىنىڭ ئۆشتۆمتۆت كېلىپ يەنە ئالدىراپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانچىلىكى بار دەك ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا قاتىللىق ھېسابلانمايدىغان بىر قاتىللىق دېلوسى تۈپەيلىدىن ئىرلاندىيەدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ قالغانىدى. سىكارلېتنىڭ قېنىدا گېرالدنىڭ، يەنى زوراۋانلىقنىڭ قېنى بار ئىدى. ئۇ ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلىغان چاغدىكى خۇشال بولۇپ كەتكەن ھالىتىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئەرلەرنىڭ قانلىرىدىمۇ ئەنە شۇنداق زوراۋانلىق بار. ئۇ قان ئۇلارنىڭ مۇلايىم، ئىنتائەتچان تاشقى قىياپەتلىرىنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇن ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە، ئۇ تونۇيدىغان بارلىق ئەرلەردە — كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان ئاشلېيمۇ، ھەممە ئىشقا ئەنسىزلىك قىلىدىغان فىرانكمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە — ئاشۇ خىل قان ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. زۆرۈر تاپقاندا ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ، قوراللىق قوزغىلىپ چىقالايدۇ. ھەتتا رېت باتلېرغا ئوخشاش قىلچە ئەخلاق كۆز قارىشى يوق لۈكچەك چېغىدا بىر نېگىرنى «ئاقسۆڭەك خېنىمغا ئەخلاقسىزلىق قىلغىنى ئۈچۈن» ئۆلتۈرۈۋېتىپتىغۇ؟

فىرانك يامغۇرغا چىلىنىپ قايتىپ كىرگەندىلا، سىكارلېت ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— ئاھ، فىرانك، بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايمىز؟

— شىماللىقلار بىزگە مۇشۇنداق ئۆچلۈك قىلىۋېرىدىكەن، شۇنداق ياشىماي ئامالىمىز يوق، قەدىرلىكىم.

— بۇنىڭ زادى ئامالى يوقمىدۇ؟

فىرانك تېلىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ قويدى.

— بىز چارىسىنى ئويلاۋاتىمىز.

— قانداق چارە ئۇ؟

— ئۇ سوئالىڭىزنى بىز بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندىراق سورىسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇنىڭغا بەلكىم بىر نەچچە يىل كېتەر، يا بولمىسا... جەنۇب مەڭگۇ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەر.

— ئۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئاپپىقىم، ئەمدى ئۇخلاڭ، شامالداپ قالغان ئوخشايسىز، تىترەۋاتىسىز.

— بۇ ئىشلارنىڭ قاچان ئاخىرى چىقىدۇ؟

— بىز ھەممىمىز سايلامغا قاتنىشىپ بىلەت تاشلايدىغان بولغان چاغدا، قەدىرلىكىم. جەنۇب ئۇچۇن ئۇرۇش قىلغان ئادەملەر بىلەت تاشلاپ، جەنۇبلۇقلار بىلەن دېموكراتلارنى سايلىيالايدىغان بولغان چاغدا، ئاندىن ئىشلارنىڭ ئاخىرى كۆرۈنىدۇ.

— سايلامغا قاتنىشىش؟ — سكارلېت چىدىماي تۇۋلاپ كەتتى، — سايلامغا قاتنىشىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ نېگىرلار ھەددىدىن ئاشقان، شىماللىقلار ئۇلارنىڭ كاللىسىنى زەھەرلەپ بولغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ بىزگە بىلەت تاشلىشى مۇمكىنمۇ؟

فىرانك ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى. لېكىن، سايلام ئارقىلىق بۇ مۇشكۇلچىلىكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ گەپلىرى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭغا بۇنى چۈشەندۈرۈپ كېتىش قىيىن ئىدى. سكارلېت جوناس ۋىلكېرسوننىڭ تاراغا ئەمدى مەڭگۇ تەھدىت سالالمايدىغان بولغانلىقىدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىدى، خىيالى يەنىلا تونىدا يۈرەتتى.

— بىچارە فونتائىنلار! — دېدى سكارلېت، — يالغۇز ئالېكسلا قاپتۇ، مىموسادا بولسا قىلىدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپ. تونىمۇ نېمىشقا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ ئىشنى يېرىم كېچىدە قىلمىغان بولغىيدى؟ ئۇ چاغدا ئۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي قالاتتى ئەمەسمۇ. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىدا ئۆيدە بولسا، تېكساستا بولغاندىن مىڭ ياخشى ئىدى ـ دە.

فىرانك ئۇنىڭ بىلىدىن چىڭ قۇچاقلىدى. ئادەتتە ئۇ سىكارلېتنى سىلكىۋەتمىسۇن دەپ قورقۇپ ئۇنداق تۇتۇشقا پېتىنالمايتتى، بۈگۈن ئاخشام كۆزلىرى خۇددى يىراق كەلگۈسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، قورقمايلا ئۇنىڭ بېلىدىن قوروپ تۇتتى.

— هازىر بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىنمۇ مۇھىم ئىشلار بار، ئامرىقىم. نېگىرلارنى چۆچۈتۈپ قويۇش، جوناسقا ئوخشاش مۇتتەھەملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش هازىر بىز قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرسى. تونىغا ئوخشاش ياشلىرىمىز مەۋجۇت ئىكەن، جەنۇبنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. ئەمدى كىرىپ ئۇخلايلى.

— ئەمما، فىرانك...

— بىز ئىتتىپاقلىشىپ، شىماللىقلارغا يول بەرمەيدىغانلا بولساق، هامان بىر كۈنى غەلىبە قىلىمىز. كىچىككىنە مېڭىڭىزنى بۇ ئىشلارغا كۆپ سەرپ قىلماڭ، قەدىرلىكىم، ئۇ ئىشلارنى سىزنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىڭىز ئويلىسۇن. ئۇ كۈنلەر بەلكىم بۇ دەۋردىكى ئادەملىرىمىزگە نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ چوقۇم قولغا كېلىدۇ. شىماللىقلار بىزنىڭ كۈچىمىزنى خورىتىشقا كۆزى يەتمىگەندە، ئاخىر زېرىكىپ بىزنى مەيلىمىزگە قويۇپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان دۇنيادا ياشايمىز، باللىرىمىزنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرىمىز.

سىكارلېت ۋادنى ۋە نەچچە كۈندىن بېرى ئىچىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر سىرنى ئويلىدى. ياق، سىكارلېت باللىرىنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك، زوراۋانلىق، نامراتلىق، ئازاب - ئوقۇبەت هۆكۈم سۈرۈۋاتقان مۇشۇ دەۋردە ياشىشىنى هەرگىز خالىمايدۇ، باللىرىنىڭ بۇ هالەتلەرنى بىلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايدۇ. ئۇلارغا خاتىرجەم، ياخشى تەرتىپ ئورنىتىلغان دۇنيا كېرەك. ئۇلار ئالدىغا قارىسا خاتىرجەم ۋە بىخەتەر كەلگۈسى

كۆزلىرىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بولسۇن. ئۇ بالىلار پەقەت ئىللىق، ھەممە نەرسە تەل دۇنياغا ئېھتىياجلىق.

فىرانك سىكارلېت ئۆيلىگەن ئۇ دۇنيانى پەقەت سايلام ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. سايلام؟ سايلامنىڭ زادى قانچىلىك ئەھمىيىتى بار؟ جەنۇبلۇق ياخشى ئادەملەرنىڭ ئەمدى سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى يوق. دۇنيادا ھاياتنى ھەرقانداق خەتەرلىكتىن ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ پۇل. سىكارلېت بالىلىرى ئۈچۈن، بالىلىرىنىڭ ئامانلىقى، خېيىم ـ خەتەرلەردىن خالىي ياشاشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن پۇل تېپىشى كېرەك.

ئۇ ئۇشتۇمتۇت، فىرانكقا ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

تونى قېچىپ كېتىپ بىر نەچچە ھەپتىگىچە شىماللىق ئەسكەرلەر پىتتىي ھامىمىنىڭ ئۆيىنى بىرنەچچە قېتىم ئاختۇرۇشتى. ئۇلار خەۋەر بەرمەيلا كېلىپ ھەممە ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ چىقىشاتتى، ئۇچرىغان ئادەمنى سوراق قىلاتتى. ھەممە نېمىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئاختۇراتتى، ھەتتا كارىۋاتلارنىڭ ئاستىلىرىغىچە قاراپ چىقىشاتتى. ھەربىي تەرەپ بىرەيلەننىڭ تونىغا پىتتىي ھامىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ئېيتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى چوقۇم مۇشۇ يەرگە ياكى يېقىن ئەتراپقا يوشۇرۇنۇۋالدى، دەپ جەزملەشتۈرۈشكەندى.

شۇنىڭ بىلەن پىتتىيپات خانقىز پېتتىر دېگەندەك «دائىملا جىددىيچىلىك» ئىچىدە ياشايدىغان بولدى. ئۇ ئەسكەرلەر قاچان ھۇجرامغا كىرىپ ئاختۇرىدىكىن، دەپ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئولتۇراتتى. فىرانك بىلەن سكارلېت ئۇنىڭغا تونىنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى دېمىگەچكە، ئۇلارغا دەپ بېرەي دېسىمۇ دەپ بەرگۈدەك ھېچنېمە بىلمەيتتى. ئۇلارغا تونى فونتائىن دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەمنى ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىم، يەنى 1882 ـ يىلىنىڭ مىلاد بايرىمىدا كۆرگەنلىكىنى دەيتتى، ھەر قېتىمدا دەيدىغان گېپىمۇ پەقەت مۇشۇلا ئىدى، بۇ گەپمۇ راست ئىدى.

— شۇ چاغدا ئۇ، — دەيتتى ئۇ يەنە يۇقىرىدىكى گېپىنى تېخىمۇ ئاساسلاش ئۈچۈن شىماللىق ئەسكەرلەرگە، — ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېتىپ غەرق مەست بولۇپ كېتىپتىكەن.

سىكارلېت يېڭى قورساق كۆتۈرگەن بولغاچقا، بىئارام بولۇپ يۈرەتتى، كۆڭلىمۇ پاراكەندە ئىدى. كۆك كىيىملىك ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجرىسىغا ئىختىيارىچە كىرىپ، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن غەزىپى كېلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تونىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق قورقاتتى. تۈرمىلەر تولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلار ھېچقانداق سەۋەبسىزلا سولىنىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئىدى. تونىنىڭ ئىشى ئازراق ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا، فىرانك ئىككىسىدىن باشقا بىگۇناھ پىتتىي ھاممىمۇ سولىنىپ كېتەتتى.

بىر مەزگىل ۋاشىنگتوندا «ئىسيانكار»لارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇشتا تارتقان چىقىمىنى تۆلىتىۋېلىش توغرۇلۇق كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەشۋىقاتلارنى ئاڭلاپ، سىكارلېت قاتتىق غەم ھەم ئازاب ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتلانتادىمۇ ھەربىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، دەپ گەپ تارقالغانىدى. سىكارلېت بۇ گەپنى ئاڭلاپمۇ قورقۇپ جېنى چىقتى. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇلار ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغاننىڭ ئۈستىگە، ئۆيلىرىدىن، دۇكاندىن، يەن زاۋۇتىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ نەرسىلىرى مۇسادىرە بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئىككىسى تۈرمىگە كىرىپ كەتسە، ئۇلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ بۇمۇ مۇسادىرە قىلغان بىلەن باراۋەر ئىش ـ دە.

ئۇ ئەمدى، بىرگە پالاكەت ئېلىپ كەلدى، دەپ تونىدىن

ئاغرىنىشقا باشلىدى. تونى نېمىشقىمۇ ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندۇ؟ ئاشلېيمۇ نېمىشقا ئۇنىڭغا بىزنىڭكىگە بېرىشنى ئېيتمىدۇ؟ خەققە ياردەم قولىنى سوزۇش شىمالىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بولسا، بولدى، ئەمدى ئىككىنچى ھېچكىمگە ياردەم بەرمىسۇن. توغرا، ئۆزىدىن ياردەم سوراپ كەلگەن ئادەملەرنى ئىشىكتىن كىرگۈزمەسلىك كېرەك. ئەلۋەتتە، ئاشلېي بۇنىڭ سىرتىدا. تونى كېتىپ بىر نەچچە ھەپتىگىچە چوڭ يول تەرەپتىن ئازراقلا شەپە ئاڭلانسا، سكارلېت خۇددى ئاشلېيمۇ تونىغا ياردەم بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن تېكساسقا قېچىپ كەتكىلى كەلگەندەك چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ ئاشلېينىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى زادىلا بىلەلمەيۋاتاتتى. تونىنىڭ يېرىم كېچىدە كېلىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق تاراغا خەت يېزىشتىن تېخىمۇ قورقاتتى. خەت يازسا شىماللىقلار خەتنى ئېچىپ ئوقۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى، بۇنىڭدا تارانى تېخىمۇ پالاكەت باساتتى. بىر نەچچە ھەپتىگىچە تارا تەرەپتىن ھېچقانداق يامان خەۋەر كەلمىگەچكە، ئاشلېينى سالامەت ئوخشايدۇ دەپ سكارلېتنىڭ كۆڭلى تىنغانمۇ بولدى. شىماللىقلارمۇ ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ قايتا كەلمىدى.

شۇنداقتىمۇ سكارلېتنىڭ كۆڭلى تونى كېلىپ كەتكەندىن كېيىنكى قورقۇنچتىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. بۇ قورقۇنچ شەھەر قورشاۋدىكى چاغدا ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ قورقۇنچىسىدىنمۇ ئېغىر ئىدى، ھەتتا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شېرماننىڭ قوشۇنى پەيدا قىلغان قورقۇنچمۇ ئۇنىڭچىلىك ئەمەس ئىدى. تونىنىڭ يامغۇرلۇق كېچىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى سكارلېتنىڭ كۆز ئالدىدىكى مېھرىبانلىقنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى مەجبۇرىي كۆرسىتىپ قويدى.

1866 ـ يىلى باش باھاردا، سكارلېت ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ

www.uyghurkitap.com

ئۆزى ۋە پۈتۈن جەنۇبنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ كەلگۈسىنى پىلانلىيالايدۇ، ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. ئۆزىنىڭ قۇللىرىدىنمۇ بەتتەر كۆچەپ ئىشلىيەلەيدۇ، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپمۇ كېتەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن بۇرۇنقى ھاياتىدا پەقەتلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەرخىل مەسىلىلەرنى ھەلمۇ قىلالايدۇ. لېكىن، ئۇ ھەرقانچە كۆپ قۇربان بەرگەن، تىرىشقان، ھەتتا ھەرقانداق ئەھۋالغا ماسلىشالايدىغان بولسىمۇ، شۇنچە كۆپ ئەجىر بىلەن بەرپا قىلغان بايلىقىنى ئۇلار بىر كۈندىلا سۈپۈرۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق ئىش راستىلا يۈز بېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا قالىدىغىنى تونى ئازاب بىلەن تىلغا ئالغان ۋاقىتلىق سوت بىلەن زوراۋان ھەربىي ھۆكۈملا بولىدۇ، ھەرقانداق قانۇنمۇ ھوقۇقىقا ۋە ھېچقانداق تۆلەمگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ كۈنلەردە پەقەت نېگىرلاردىلا ئاشۇنداق ھوقۇق بار، ئۇلار يەنە تۆلەممۇ تۆلىمەلەيدۇ. شىماللىقلار جەنۇبلۇقلارنى ئاللىبۇرۇن تىز پۈكتۈرگەن، يەنە داۋاملىق شۇنداق قىلماقچى. جەنۇب ئىنتايىن زور بىر زەھەرلىك قول تەرىپىدىن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىۋېتىلدى. ئىلگىرى ھوقۇق تۇتقانلار ھازىر شۇ چاغلاردىكى قۇللاردىنمۇ بەتتەر ياشاۋاتىدۇ.

جورجىيە ئەسكەر بىلەن توشۇپ كەتتى، ئاتلانتادىمۇ باشقا جايلارغا قارىغاندا ئەسكەرلەر ھەسسىلەپ كۆپ ئىدى. ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ كوماندىرلىرىنىڭ ھوقۇقى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، شۇ جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالايتتى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى، ئازراق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ياكى بىگۇناھلا پۇقرالارنى سولىۋېتەلەيتتى، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ كېتەلەيتتى، ھەتتا ئۇلارنى دارغىمۇ ئېسىۋېتەلەيتتى. بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان قائىدە - قانۇنلار بىلەن پۇقرالارنىڭ خەت - چەكلىرىنى پوچتىخانىلار بەرمەسلىك، دەيدىغان بەلگىلىمىلىرى

بار ئىدى. يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەر ئۆز نەپرەتلىك قەسەمنى ئوقۇمىسا توي خېتى كېسىپ بەرمەيدىغان ئىشلىرىمۇ بار ئىدى.

كىشىلەرنىڭ ئاخبارات ئەركىنلىكىمۇ تارتىۋېلىنغانىدى. ھەربىي تەرەپنىڭ خىلمۇ خىل قانۇنسىزلىقلىرى ياكى بۇلاڭچىلىقلىرىغا ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداق نىيىتى بارلارمۇ قولغا ئېلىنىپ كېتىشتىن قورقۇپ زۇۋان سۈرمەيتتى. تۈرمىلەر ئابرۇيلۇق ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سوتلىنىش ئۈمىدلىرىمۇ يوققا چىققانىدى. زاسىداتېللارنىڭ سوراق قىلىشلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ جىسمانىيىتىنى قوغداش قانۇنلىرى ئەمەلىيەتتە بىكار قىلىنىپ كەتكەنىدى. جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيەسى زورغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ئۇمۇ ھەربىيلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار ھەرقانداق ھۆكۈمەتكە ئارىلىشالايتتى. شۇڭا بەختكە قارشى قولغا ئېلىنىپ قالغان شەھەر ئاھالىلىرىنى ئەمەلىيەتتە ھەربىي تەرەپ ئىختىيارىي بىر تەرەپ قىلىۋېرەتتى. قولغا ئېلىنغانلار دېمىسىمۇ بەك كۆپ ئىدى. ھۆكۈمەتكە قارشى قۇتراتقۇلۇق بىلەن شۇغۇللانغان، 3K پارتىيەسىنىڭ ئادىمى دەيدىغان گۇمانلا پەيدا بولسا ياكى نېگىرلار پالانچى ماڭا تەكەببۇرلۇق قىلدى دەپ ئەرزلا قىلسا، ئۇنداق ئادەملەر دەررۇلا تۈرمىگە تاشلىناتتى، جىنايى پاكىت ۋە گۇۋاھچى دېگەنلەرنىڭ پەقەتلا لازىمى يوق ئىدى. «ھۆرلەر ئويۇشمىسى»نىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن خەقنىڭ ئۈستىدىن ئەرز بېرىدىغان نېگىرلارنى تاپماقمۇ ئاسان ئىدى.

نېگىرلارنىڭ ھازىر سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، شىمال تەرەپ ئۇلارنى شۇنداق ھوقۇققا ئېرىشىشكە تېگىشلىك دەپ قارايتتى ھەم ئۇلارنىڭ تاشلىغان بېلىتى شىماللىقلارغا مايىل بولۇشى كېرەك دەپمۇ قارار چىقىرىشقانىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، نېگىرلار ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت ئىدى، نېگىرلار نېمىلا ئىش قىلماقچى بولسا شىماللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەر ئۇلارنى قوللايتتى.

ئىلگىرىكى قۇللار ھازىر تەڭرىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەركىلىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭغا شىمالىلىقلارنىڭ ياردىمى قوشۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئۇ نادان نېگىرلار يۇقىرى قاتلامغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. نىيەت ـ ئىقبالى ياخشىراق بەزى نېگىرلار ھۆرلۈكنى ئۆزلىرىگە خوپ كۆرمەي، بۇرۇنقى غوجايىنلىرى بىلەن بىللە جاپا تارتىپ ياشاۋاتاتتى. غوجىدارلىق قىلغان نۇرغۇن قۇللارنىڭ شۇ چاغدىكى ئورنى قۇللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئىدى، ھازىر ئۇلار غوجايىنلىرىنىڭ قېشىدىن كەتمەي، ئاشۇ قۇللار قىلىدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلىشىۋاتاتتى. بۇرۇن ئېتىزلىقتا ئىشلەيدىغان قۇللارمۇ بۇ خىل يېڭى ھۆرلۈكنى رەت قىلىشقانىدى. لېكىن، يەنە «كارغا كەلمەيدىغان ھۆر زەڭگىلەر»نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېتىزلىقنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئاشۇ قاتلامدىن كەلگەنىدى.

قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدە، تۆۋەن قاتلامدىكى ئۇ قۇللار ئۆي ئىشلىرى بىلەن ھويلا ئىشلىرىنى قىلىدىغان قۇللار تەرىپىدىن كارغا كەلمەيدىغان نان قېپىلار دەپ كەمسىتىلەتتى. جەنۇبنىڭ بارلىق قورۇقلىرىدىكى ئايال غوجايىنلار خۇددى ئېلىلىنغا ئوخشاش، نېگىرلارنىڭ باللىرىنى بىر مەزگىل تەربىيەلەپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياراملىقلىرىنى مۇھىم ئىشلارغا قوياتتى. ئېتىزلىقتا ئىشلەيدىغان قۇللار ھېچنېمىنى ئۆگەنمەيتتى، ئۆگەنگۈدەكمۇ قابىلىيىتى يوق ئىدى، پاراسەتسىز، ئىشەنچسىز، يامان ھەم ۋەھشىي كېلەتتى. ھازىر خەلقنى پاراكەندە قىلىۋاتقانلار دەل ئاشۇ ئەڭ تۆۋەن قاتلامغا مەنسۇپ نېگىرلار ئىدى.

ئەسلىدىكى قۇللار «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»دىكى بىر توپ تەلۋىلەرنىڭ قوللىشى ۋە شىمالىلىقلارنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىككە يېقىنراق كېلىدىغان ئۆچمەنلىكلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئۆزلىرىنى بىردىنلا ئاسماندا كۆرۈشكە باشلاۋاتاتتى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇلار خۇددى ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار دۆۋىسىگە كىرىپ قالغان كىچىك بالىغا ئوخشاش، يا بۇ ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەي، خىيالىغا كەلگەن ئەسكىلىكنى قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچاتتى، يا بۇزۇپ ـ چاچاتتى، جېدەل چىقىراتتى.

پاراسەتسىزلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇ نېگىرلاردىن ئادەمنىڭ خۇش بولىدىغان يەنە بىر يېرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىقلىرىلا ئاشۇنداق يامان تەرغىباتلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدىمۇ «باشقۇرۇش تەس زەڭگىلەر» ئىدى. ئۇلارنى بىر سىنىپ سۈپىتىدە قارايدىغان بولساق، بۇ سىنىپ ئىدىيەدە بەكمۇ نادان، گۆدەك ئىدى، خەقلەرنىڭ ئالدىمىغا ئاسانلا چۈشۈپ قالاتتى ھەم ئۇلار ئۆزاقتىن بېرى خەقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىدىغانغا ئادەتلىنىپ كېتىشكەنىدى. بۇرۇن ئۇلارغا خوجايىنلىرى بۇيرۇق بېرىدىغان بولسا، ئەمدى يېڭى خوجايىنلىرى بولغان «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»دىكى سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى بۇيرۇق بېرەتتى. ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرى مۇنداق مەزمۇندا بولاتتى: «سىلەر ئەمەلىيەتتە ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئاشۇلاردەك ئىش قىلساڭلار بولىۋېرىدۇ. جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۇچۇن بېلەت تاشلىغان ۋاقتىڭلاردا ئاق تەنلىكلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگىمۇ ئىگە بولىسىلەر، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى مال ـ مۈلكى سىلەرگە تەئەللۇق، خالىساڭلار قانچىلىك ئالساڭلار بولىۋېرىدۇ.»

نېگىرلار مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقانىدى. ھۆرلۈك ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈ يەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان باراۋەتكە ئايلىنىپ، ھەر ھەپتە، ھەر كۈنى دىگۇدەك تاماشىدىن، ئوغرىلىق ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ تەلۋە تەنتەنىلىرىدىن نېرى بولمايدىغان ھالەتكە يېتىشكەنىدى. يېزىلاردىكى نېگىرلار شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. ئاتلانتا يېزىلاردىن كەلگەن نېگىرلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، يەنە داۋاملىق تۈركۈملەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىشۋاتاتتى. ئاشۇ خىل يېڭى تەلىماتنىڭ تەربىيەسى بىلەن ھەممىسى ھۇرۇن ۋە خەتەرلىك ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. پاسكىنا ياغاچ ئۆيلەردە قىستىلىشىپ يېتىپ، بىر - بىرىگە چىپچەك، كېزىك، ئۆپكە كېسەللىرىنى يۇقتۇرۇشاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئاغرىپ قالسا كېسەللىرىنى غوجايىنلىرى كۆتۈپ ئادەتلىنىپ قېلىشقانىدى، ئەمدى ھازىر ئۆزلىرىنى ۋە كېسەل ئادەملىرىنى قانداق كۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلىشمەيتتى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ قېرىلىرى بىلەن بالىلىرىنىڭ ھالىدىن غوجايىنلىرى خەۋەر ئالاتتى، ھازىر بولسا ئۇلاردا بۇ ئىگە - چاقىسىز ئادەملەرگە قارىتا قىلچە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق ئىدى. «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»نىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قىزىقىشى كۈچلۈك بولۇپ، قورۇق ئىگىلىرىدەك ئۇلارغا ئۇنداق غەمخورلۇق قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىگە - چاقىسىز نېگىر بالىلىرى شەھەر كوچىلىرىدا خۇددى لالما ئىتلاردەك لاغايلىشىپ يۈرەتتى، ئۇلارنى يەنىلا ئاق تەنلىك ئادەملەر ئۆيلىرىگە باشلاپ كىرىپ قورساقلىرىغا يەيدىغان نەرسە بېرەتتى. بالىلىرىنى باقماي تاشلىۋەتكەن قېرى - چۆرىلەر بۇ شاۋقۇنلۇق شەھەردە قورقۇپ تىترىشىپ يۈرەتتى، يولنىڭ ياقىلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ، ئۆتكەن - كەچكەن ئاياللارغا قاراپ يالۋۇرۇشاتتى: «خانىم، فايېتۋېردىكى غوجايىنىمىزغا خەت يېزىپ بىزنىڭ بۇ يەردىلىكىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويسىڭىز، ئۇ ئاڭلىسا چوقۇم مېنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئاھ، خۇدا، بۇنداق ھۆرلۈكتىن جاق تويدۇم!»

شەھەرگە كېلىۋاتقان نېگىرلارنىڭ كۆپلۈكى «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»نى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم خاتالىقىنى ئەمدى ھېس قىلىشقا باشلاپ، نېگىرلارنى ئامال بار ئەسلىدىكى غوجايىنلىرىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشتى، لېكىن كېچىكىشكەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەركىن ئىشچىغا ئايلىنىپ،

كۈن ھېسابى بويىچە مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. كەلگەن جايلىرىغا خۇشال قايتىپ بېرىشقان قېرى نېگىرلار شۇ كۈنلەردە نامراتلىشىپ كەتكەن غوجايىنلىرىغا ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇ قېرى نېگىرلارنى ھەيدىۋېتىشكە يۈرىكى چىدىمايتتى. ئەمما، ياش نېگىرلار ئاتلانتادىن كەتمىدى. ئۇلارنىڭ باشقا ھەرقانداق جايغا بېرىپ ئەمگەك قىلغۇسى يوق ئىدى، ھەر كۈنى قورسىقى تويۇپ تۇرۇۋاتسا نېمىدەپ ئەمگەك قىلغۇدەك.

نېگىرلار ھاياتىدا تۈنجى قېتىم ۋىسكىي ئىچەلەيدىغان بولۇشتى، قانچىلىك ئىچىمەن دېسە شۇنچىلىك ئىچەلەيتتى. ئىلگىرى مىلاد بايرىمىدىن باشقا چاغدا ۋىسكىي ئىچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بايرام بولغاندا باشقا نەرسىلەرگە قوشۇپ «بىر نەچچە تېمىم»لا بېرىلەتتى. مانا ئەمدى «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى» نىڭ قۇترىتىشى ۋە ۋىسكىينىڭ كەيپى بىلەن قانۇنسىز قىلىقلىرى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تەھدىتى بىلەن مال ـ مۈلكى ۋە ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۈنى قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتەتتى. كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەملەر غەرق مەست نېگىرلارنىڭ ھاقارەتلىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى، دۇكانلار ۋە ئىسكىلاتلارغا كېچىلەردە ئوت كېتەتتى، كۈپكۈندۈزدە خەقلەرنىڭ توخۇ ـ ئۆردەكلىرى ئوغرىلىناتتى. خىلمۇ خىل جىنايەتلەر ئۈزۈلمەي سادىر بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما جىنايەت سادىر قىلغانلار ھەرگىز تۇتۇپ جازالانمايتتى.

لېكىن، بۇ نومۇسسىز قىلمىشلار بىلەن تەھدىتلەر ئاياللار ئۇچراۋاتقان خەتەرلىك ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرغاندا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇرۇشتا ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان نۇرغۇن ئاياللارنىڭ كۆپى شەھەردىن يىراقراق خىلۋەت كوچىلاردا ياشايتتى. ئاياللارغا قىلىنغان نۇرغۇن زوراۋانلىقلار ۋە ئاياللىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىدىن ئەنسىرەشلەر جەنۇبلۇق نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا غەزەپ ئوتلىرىنى تۇتاشتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەتىجىدە بىر كېچىدىلا 3K پارتىيەسى پەيدا بولدى. شىماللىقلارنىڭ گېزىتلىرى كېچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بۇ تەشكىلاتقا قارشى نۇرغۇن چوقان كۆتۈرۈشتى، ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىچىنىشلىق مۇقەررەرلىكنى پەقەتلا ھېس قىلىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 3K پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىنى تۇتۇپ دارغا ئېسىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇلار جىنايەتچىلەرنى جازالاش ھوقۇقىنى تەپ تارتماي ئۇلاردىن تارتىۋېلىشقانىدى.

بۇ يەردە بىر مىللەتنىڭ يىرىمى قالغان، يىرىمىنى نەيزە ئارقىلىق نېگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇپ بېرىۋاتقان ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇ نېگىرلار بولسا ئافرىقا ئورمانلىقلىرىدىن چىققىنىغا تېخى بىر ئەۋلاد بولمىغان قارا قورساق ئادەملەر ئىدى، ئۇلارغا سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى بېرىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى غوجايىنلىرى بولسا بۇنداق ئىمتىيازدىن مەھرۇم ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە جەنۇبنى چوقۇم ئېزىش كېرەك ئىدى، ئۇلارنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۆزى ئۇلارنى ئېزىشنىڭ بىر خىل چارىسى ئىدى. جەنۇب ئىتتىپاقى ئۇچۇن ئۇرۇش قىلغان، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئەمەل تۇتقان ياكى ئۇلارغا ياردەم بەرگەن كۆپ سانلىق ئادەملەر سايلامغا قاتناشتۇرۇلمىدى. ئۇلارنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىنى سايلاش ھوقۇقى يوق ئىدى، پۈتۈنلەي دېگۈدەك سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. نۇرغۇن سەزگۈر ئادەملەر گېنېرال لىينىڭ يولىدا مېڭىپ، قەسەم بېرىپ قايتا گىرازدان بولۇشنى، ئۆتمۈشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشنى ئويلاشقانىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىغىمۇ يول قويۇلمىدى. باشقىلارغا ئۇنداق قىلىشقا بولاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارنى نومۇسقا قويغان ئۇ ھۆكۈمەتكە تىز پۈكۈشنى قەتئىي رەت قىلدى.

«ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈزۈكرەك بولغان بولسىيدى، مەن ئۇلارنىڭ ئۇ ئىپلاس قەسىمىنى ئوقۇپ قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىگە قايتىپ باراتتىم. لېكىن، مەن ھازىر ئۇلارنىڭ ئۇنداق ياخشى ھۆكۈمەت بولۇپ ئۆزگىرىشىگە زادىلا ئىشەنمەيمەن.» بۇ سىكارلېت تولا ئاڭلاپ قۇلاقلىرى ياداپ كەتكەن، ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىغان گەپلەر ئىدى.

بۇ ئەنسىز كۈنلەردە سىكارلېت كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك قورقۇنچ ئىچىدە قىينىلىپ ياشاۋاتاتتى. قانۇندىن ساۋاتى يوق نېگىرلار بىلەن شىماللىق ئەسكەرلەرنىڭ تەھدىتلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر مىنۇتمۇ ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. مال ـ مۈلكىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ كېتىش خەۋپى دائىم مەۋجۇت ئىدى، ھەتتا بۇ خەۋپ چۈشلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيتتى، ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيتتى، ئۆزىنىڭ، دوستلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن جەنۇبنىڭ بوشاڭلىقىغا قايغۇراتتى. شۇڭا، يېقىندىن بېرى تونى فونتائىننىڭ ئۇ گەپلىرىدىن پەقەتلا ئەجەبلەنمەيدىغان بولدى. تونى شۇ چاغدا ھاياجان بىلەن: «سىكارلېت، بۇ ئەلەملەرگە چىداش مۇمكىنمۇ؟ قانداق چىدىغۇلۇق؟» دېگەنىدى.

ئاتلانتا ئۇرۇش، ئوت ئاپەتلىرى ۋە قايتا قۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىۋاتاتتى. كۆپ جەھەتلەردە، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى پايتەخت شەھەر قىياپىتىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بىرلا تەرىپى، كوچىلاردا كۆزگە يېقىمسىز كۆرۈنىدىغان ھەربىي كىيىملىك ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى، پۇل پۇل تۇتۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئادەملەرنىڭ قولىدا ئىدى، نېگىرلار باياشاتچىلىقتا ياشاۋاتاتتى، بۇ يەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولسا زەردىگۆش بولۇپ ئاچ ـ زارلىقتا ئۆتۈۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاتلانتا پۇتۇنلەي ئېچىۋېتىلگەنىدى، ئۆزىدىكى رەزىللىكلەر ۋە يېتىشسىزلىكلەرنى زادىلا يوشۇرمايتتى. قاۋاقخانىلار بىردىنلا جانلىنىپ بىر كوچىدا ئۈچ ـ تۆتتىن بولۇپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن كوچىلاردا مەست يۈرگەن نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەرنى ماڭدامدا بىر ئۇچراتقىلى بولاتتى. لۈكچەكلەر، ئوغرىلار، جالاپلار قاراڭغۇ كوچىلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى، قىمارخانىلارنىڭ سودىسىمۇ قىزىپ كېتىۋاتاتتى، بىر ـ بىرىنى ئېتىشمايدىغان، پىچاقلاشمايدىغان، مۇشتلاشمايدىغان كېچە زادىلا بولمايتتى. دىيانەتلىك شەھەر ئاھالىسى ئاتلانتادا ئاۋات بىر قىزىل چىراغ رايونىنىڭ① پەيدا بولغانلىقىنى غەزەپ بىلەن بايقاشقا باشلىدى. بۇ جايلار ئۇرۇش ۋاقتىدىكىدىنمۇ چوڭ ھەم ئاۋات ئىدى. ئۇ يەردىكى پاھىشىخانىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ نامى چىققىنى بېللې ۋاتلىڭنىڭ پاھىشىخانىسى ئىدى. ئۇ بۇ پاھىشىخانىنى يېڭىدىن ئاچقانىدى. ئىككى قەۋەتلىك بۇ پاھىشىخانا سىرتىدىن قارىغاندا ۋەيرانە بىر توشقان فېرمىسىغا ئوخشايتتى، ئەمما ئىچى ھەشەمەتلىك ئىدى. ئاستى قەۋىتى ئۇزۇن كەتكەن قاۋاقخانا ئىدى، تاملىرىدا ھەر خىل نەپىس ماي بوياق رەسىملىرى ئېسىقلىق تۇراتتى، ھەر كۈنى ئاخشىمى نېگىر مۇزىكانتلار بۇ يەردە مۇزىكا چالاتتى. ئاڭلىغان گەپلەرگە قارىغاندا، ئۈستۈنكى قەۋىتى پۈتۈنلەي ھەشەمەتلىك جاھازلار بىلەن بېزەلگەنمىش، دېرىزىلىرىگە ئېغىر دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان، ئەينەكلىرىمۇ ئىمپورت قىلىنغان تاشئەينەكلەر ئىكەن. بۇ يەردە ئون ئىككى نەپەر قىز بار بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئىمىش، گەپ ـ سۆزلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى باشقا پاھىشىخانىلاردىكى قىزلارنى بېسىپ چۈشەرئىمىش.

بۇ پاھىشىخانا ئاتلانتادىكى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان ئاياللارنىڭ ئاستىرتىن غۇلغۇلا قىلىشىدىغان نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. دىنىي زاتلارمۇ ئۇ يەرلەردىن شۇنچىلىك يىرگىنىپ،

① قىزىل چىراغ رايونى — پاھىشىخانىلار جايلاشقان كوچا.

كىشىلەرگە ئۇ يەرلەرنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى سۆزلەيتتى. ھەممىلا ئادەم بىلىدىغا ئوخشاش ئايالالارنىڭ ئۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى بەرپا قىلغۇدەك پۇلىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ چوقۇم پۇللۇق بىر ئارقا تىرىكى بار، دەپ ئويلايتتى. رېت باتلېر بىللىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەزەلدىن يوشۇرۇپ باققان ئەمەس، شۇنىڭدىن قارىغاندا، بىللىينىڭ ئارقا تىرىكى چوقۇم شۇ.

ئەسكى پەنلەر، ئوتتا قارىداپ كەتكەن خىشلار بىلەن ياسىۋالغان ئەبجەق ئۆيلەرنىڭ يانلىرىدا ئۇرۇشتا بىيىپ كەتكەن سومكىچىلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى قەد كۆتۈرۈۋاتاتتى. بۇ ئۆيلەردە تاڭ ئاتقۇچە بەزمىلەر بولاتتى، تاۋار - دۇردۇنلارغا يۆگىلىپ كەتكەن خېنىملارنىڭ ئەتراپىدا ئەرلەر پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۇستەللەرگە ئاجايىپ ئېسىل نازۇ نېمەتلەر تىزىلىپ كېتەتتى، شامپانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلغان چاغدىكى پاڭ - پۇڭلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ غوجاملارنىڭ ھەيۋەتلىك سارايلىرىدا شېرىن شاراب، يېقىملىق مۇزىكا، چىرايلىق تانسىلار قاينىسا، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ياشاۋاتقانلار ئاچلىقتىن ئاستا - ئاستا قىرىلىپ كېتىۋاتاتتى. زوراۋانلار مۇستەبىت، تەكەببۇر ۋە رەھىمسىز ئىدى، ئۇلاردىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا قىلىنىۋاتقىنى ئازاب ۋە ئۆچمەنلىك بولۇۋاتاتتى.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

سكارلېت ئاشۇ خىل ئىشلارنى ھەر كۈنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. كۈندۈزى كۆرگەنلىرىنى كېچىدىمۇ ئۇنتۇيالماي ئۆزى بىلەن بىللە كارىۋىتىغا ئېلىپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلاردىن ئەنسىرەپ ياتاتتى. تونىنىڭ ئىشى بىلەن شىماللىقلارنىڭ قارا تىزىملىكىگە

www.uyghurkitap.com

فىرانك ئىككىسىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى، قاچانلا بولسۇن باشلىرىغا بالا ـ قازا كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولۇپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە بارلىق ئەجرىنىڭ بىتچىت بولۇپ كېتىشىگە پەقەتلا چىدىمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككىنچى بالىسى تۇغۇلۇش ئالدىدا ئىدى. پەن زاۋۇتى ئەمدىلەتىن پايدا تېپىۋاتاتتى، تاراغا تاكى كۈزدە كېۋەزنى يىغىۋالغۇچە پۇل كېرەك ئىدى. ئاھ، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالسا قانداق قىلار؟ بۇ غالجىر دۇنياغا ئاجىز تېنى بىلەن يەنە تىغ كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەممىنى باشقىدىن باشلىسۇنمۇ؟ ياكى جىنەستىدەك لەۋلىرى، تىنىق كۆزلىرى، قۇۋ ۋە يۇزە كاللىسى ئارقىلىق شىماللىقلار ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق تەشەببۇسلىرى بىلەن كۆرەش قىلسۇنمۇ؟ ياق، ھەممىنى باشقىدىن باشلىغاندىن كۆرە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنى ياخشى. سىكارلېتنىڭ ئەندىشىسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

1866 ـ يىلى باھار پەسلىدىكى ئاشۇ ۋەيرانچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، سىكارلېت پۈتۈن زېھنىنى پەن زاۋۇتىغا قارىتىپ، جان ـ جەھلى بىلەن پۇل تېپىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئاتلانتادا پۇل دېگەن كۆپ ئىدى، يېڭىدىن ئۆي سېلىش دولقۇنى ئۇنىڭغا شۇ ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. تۈرمىگە چۈشۈپ قالمىسىلا بىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. شۇڭا، داۋاملىق ئۆزىنى مۇلايىم، ئېھتىياتچان بولۇشقا، ھاقارەتكە، ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىسىمۇ دەردىنى ئىچىدە بىلىشكە، مەيلى ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، ئۆزىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىشىغا تەگمەسلىككە ئۈندەپ تۇراتتى. ئۇمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ئاشۇ تەكەببۇر، ئەدەپسىز ھۆر نېگىرلارغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى، ئۇلارنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرىنى، قاقاھلاپ كۈلۈشلىرىنى ئاڭلىسا پۈتۈن بەدىنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى، ئەمما ئۇلارغا كەمسىتكەن

نەزەردە قاراشقا زادىلا جۇرئەت قىلالمايتتى. ئۇ يەنە سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىگە ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە قاتناشقان جەنۇبلۇق ئاق تەنلىك ئادەملەرگىمۇ ئۆچ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاسانلا باي بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ تەستە جان بېقىپ كېتىۋاتقىنىغىمۇ چىدىمايتتى، ئەمما ئۇلارنى يامانلاپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. ئاتلانتا بويىچە شىماللىقلارغا ئۆچ ئۇنىڭدەك ئادەم تېپىلمايتتى. كۆك كىيىملىك ئەسكەرلەرنى كۆرسىلا پۈتۈن بەدىنى غەزەپتىن كىرىشىپلا قالاتتى، ئەمما ھېچقانداق يەردە، ھەتتا ئۆيدىمۇ ئۇلار توغرۇلۇق گەپ قىلمايتتى.

مەن ھەرگىزمۇ ئاغزى بوش ئەخمەقلەردىن بولمايمەن، دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەر ۋە قايتا تىرىلمەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن قايغۇرغۇسى كەلگەنلەر قايغۇرىۋەرسۇن، شىماللىقلارغا سايلامغا قاتناشتۇرمىغىنى ئۈچۈن ئۆچلۈك قىلىدىغانلار قىلىۋەرسۇن، راست گەپ قىلغانلار تۈرمىدە يېتىۋەرسۇن، 3K پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى دارغا ئېسىلىسا ئېسىلىۋەرسۇن. — 3Kپارتىيەسى دېگەن بۇ ئىسىم نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، سىكارلېتنىڭ قۇلىقىغا خۇددى نېگىر، دېگەندەك ئاڭلىناتتى — ئەرلىرىنىڭ شۇ پارتىيەگە قاتناشقانلىقى بىلەن ماختىنىدىغان خوتۇنلار ماختىنىۋەرسۇن. خۇدا ساقلاپ، فىرانك ئۇلارغا ئارىلىشىپ قالماپتۇ. قىلچە چارىسى يوق ئىشلار ئۈچۈن كاللا قاتۇرىدىغان، خاپا بولىدىغان، پىلان كۆرسىتىدىغان ئادەملەر بىلگىنىنى قىلىشسۇن. جىددىيچىلىك ئىچىدىكى ھازىر بىلەن ئىشەنچ يوق كەلگۈسىنىڭ ئالدىدا ئۆتمۈشنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى بار؟ بولكا، ئولتۇراق ئۆي ۋە تۈرمىگە چۈشۈپ قالماسلىقنىڭ يولىنى قىلىشلار ھەقىقىي مەسىلىگە ئايلىنىۋاتقان چاغدا، سايلامغا قاتنىشىشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بار؟ خۇدا، مېنى ئالتىنچى ئايدىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈپ قويغايسەن، شۇڭغىچە بىر ئىش چىقىپ قالمىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانداقلا بولسۇن، ئالتىنچى ئايغا ئۆلىشىۋېلىش كېرەك. ئالتىنچى ئايدا ئۇ دەم ئېلىپ تاكى يەڭگىنچە پىتتىي ھامىنىڭ ئۆيىدە ياتىدۇ. خەقلەر ئۇنى، قورسىقىنى تومپايتىپ ھازىرغىچە سىرتتا ئىرغاڭشىپ يۈرۈۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلىشىۋاتىدۇ. قورساق كۆتۈرگەن ھېچقانداق بىر ئايال ئاشكارا سورۇنلاردا ھەرگىز كۆرۈنمەيدۇ. فىرانك بىلەن پىتتىي ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق خېلى بۇرۇنلا گەپ قىلغان، ئۇمۇ ئۇلارغا ئالتىنچى ئايدا ئىشتىن توختايمەن، دەپ ۋەدىمۇ بەرگەن.

ئالتىنچى ئايدىن ئىلگىرى، ئۇ پەن زاۋۇتىنى مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان قىلىۋالسا، ئاندىن خاتىرجەم ياتالايدۇ. شۇنىڭغىچە تاسادىپىي يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارغا تاقابىل كېلىش ئۈچۈن ئازراق پۇل توپلىۋالمىسا بولمايدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار، ۋاقىت بولسا قىسقا. ئۇ كۈنىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن بولۇشىنى، ھەربىر مىنۇتىنىمۇ قولدىن بەرمەي، جان ــ جەھلى بىلەن تېخىمۇ كۆپ پۇل توپلىۋېلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇ قورقۇنچاق فىرانكقا تولا سۆزلەپ يۈرۈپ دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى خېلى رەتكە سالدۇرۇۋالدى، كونا قەرزلەرنىمۇ خېلى يىغدۇرۇۋالدى. ئەمما، سىكارلېتنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى ئاشۇ پەن زاۋۇتىدا ئىدى. ھازىرقى ئاتلانتا خۇددى چاتىقۇەتكەن دەرەخ يىلتىزى شۇڭلارنى چىقىرىپ تېخىمۇ باراقسان، تېخىمۇ قويۇق كۆكلەپ كېتىۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياج كۈندىن ــ كۈنگە ئېشىۋاتاتتى، خىش ۋە ياغاچ ــ تاشلارنىڭ باھاسى كۈنسېرى ئۆرلەۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ پەن زاۋۇتى تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى.

ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋاقتى زاۋۇتتا ئۆتىدۇ ــ بۇنىڭغا كۆز ــ قۇلاق بولۇش، ئوغرى ــ يالغانلاردىن ھەزەر ئەيلەش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئۆتەتتى. كۆپ ۋاقتىنى بولسا پەيتونغا

ئولتۇرۇپ شەھەر ئارىلاش، تامچىلار، ھۆددىگەرلەر ۋە ياغاچچىلار بىلەن سۆزلىشىش، باھا تالىشىشقا سەرپ قىلاتتى، بەزىدە ھەتتا بىرەر ناتونۇش ئادەمنىڭ ئۆي سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ياغىچىدىن سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇراتتى.

ئۇ تېز ئارىدىلا ئاتالانتانىڭ كوچىلىرىدا دائىم كۆرگىلى بولىدىغان بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى پەيتونىغا ئولتۇرۇپ چىقاتتى، يېنىدا سۇرلۇك بىر قېرى نېگىر پەيتون ھەيدەپ ماڭاتتى. سىكارلېت يوغان بىر يۇڭ ئەدىيال بىلەن قورسىقىنى مەھكەم ئورىۋالاتتى، ئۇستىدە پىتتىي ھامما تىكىپ بەرگەن قىسقا يېپىنچا بار ئىدى. بېشىدىكى كۆزلىرىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش رەڭدىكى چىرايلىق شىلەپىسىنىمۇ پىتتىي ھامما تىكىپ بەرگەنىدى. سىرتقا چىققانلاردا شۇ كىيىملەر دائىم ئۇچىسىدا بولاتتى. يۇزىگە ئانچە - مۇنچە ئەڭلىكمۇ سۇركىۋالاتتى، ئەتىرمۇ چېچىۋالاتتى، شۇلار بىلەن ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك رەڭ تۇزەپ قالاتتى. پەيتوندىن چۈشمىسىلا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قانداقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ پەيتوندىن ناھايىتى ئاز چۈشەتتى، كۈلۈپ تۇرۇپ شەرەت قىلىپ قويىسىلا ھەرقاندىقى يۈگۈرۈپ كېلىپ، يامغۇر يېغىۋاتقان، بېشى يالاڭباش بولسىمۇ، پەيتوننىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سودىسىنى قىلىۋېرەتتى.

ياغاچ سودىسى بىلەن پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم يالغۇز ئۇلا ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇ رىقابەتچىلىرىدىن ھەرگىز قورقمايتتى. ئۆزىنىڭ چېۋەرلىكىدىن ماختىناتتى، باشقىلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇ گېرالدنىڭ قىزى ئىدى، شۇڭا دادىسىدىن قالغان سودىدىكى قۇۋلۇق ئەمدى ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلىشىپ تېخىمۇ ۋايىغا يېتىۋاتاتتى.

دەسلەپتە باشقا تىجارەتچىلەر، ئايال كىشىدىن تىجارەتچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقمايدۇ دىيىشىپ ئۇنى مەسخىرە قىلغانىدى. ھازىر ئۇلار ئۇنداق قىلىشمايدىغان، تېخى ئۇنىڭ پەيتونىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئىچىدە تىللىشىدىغان بولدى. ئايال بولۇپ قالغانلىقى، ئەمەلىيەتتە ئىشلىرىغا نۇرغۇن ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. چۈنكى، ئۇ بىر ئىشلار تەسكە چۈشكەندە چارىسىز قېلىۋاتقاندەك، ئۇلارغا يېلىنىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسا، خەقلەرنىڭ كۆڭلى ئاسانلا ئېرىپ قالاتتى. ئۇ ھەر قانداق ئەھۋالدا قىلچە كۆچىمەي، گەپ بىلەنمۇ چۈشەندۈرمەي، كىشىلەردە، بۇ ھەم يۇرەكلىك، ھەم قورقۇنچاق مەرتىۋىلىك ئايال ئىكەن، ھازىرقى مۇشۇ مۇدھىش ۋەزىيەت ئۇنى مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنداق مىسكىن ئايالنىڭ ياغىچىنى سېتىۋالمىساق، ئۇ ئاچتىن ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەندەك تەسىرات پەيدا قىلالايتتى. مەرتىۋىلىك ئاياللىق قىياپىتى ئەسقاتماي قالغان چاغلاردا بىرلا ئۆرۈلۈپ رەھىمسىز بىر تىجارەتچى قىياپىتىگە كىرەتتى ـ دە، يېڭى خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن زىيان تارتىشتىن قورقماي، ياغاچلىرىنى رەقىبلىرىنىڭكىدىن ئەرزان باھادا سېتىۋېتەتتى. خەقلەر بىلىپلا قالمىسا، يارىماس ياغاچلارنى ياخشى ياغاچلار قاتارىدا سېتىۋېتەلەيتتى، يەنە تېخى باشقا ياغاچ سودىگەرلىرىنىڭ يېغىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى تىللاپمۇ قوياتتى. بەزىدە يەنە بىر نەرسە دېگۈسى كەلمىگەندەك قىياپەتتە ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، ئۆزى بىلەن سودا قىلىش ئېھتىمالى بولغان خېرىدارلارغا رەقىبلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياغىچىنىڭ قىممەتلىكىنى، ياغاچلىرى سېسىق، يۇتاقلىرى جىق ياغاچ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ قوياتتى.

سىكارلېت بۇنداق يالغان گەپنى تۇنجى قېتىم قىلغاندا خىجىل بولغان، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىچىدە ئازابلانغانىدى. ئۇ يالغان گەپنى شۇنچىلىك ئاسان ئاغزىدىن چىقىرالىغىنىغا خىجىل بولغان بولسا، ئۇشتۇمتۇت، ئاپام

ئاڭلىسا نېمە دەر بولغىيدى دەپ ئويلاپ قېلىپ، شۇنىڭغا ئازابلانغانىدى.

ئېلىبېنىڭ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بۇنداق قىزنى قانداق ئەدەپلەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇ باشتا قاتتىق ھەيران قالىدۇ، ھەتتا ئىشەنمەيدۇ، كېيىن قېلىپتىن چىقمىغان، ئەمما جاندىن ئۆتكۈدەك گەپلەرنى قىلىدۇ، ئادەم نام ـ ئابرۇيغا، سەممىي ـ ساداقەتلىككە، ھەقىقەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، قولۇم ـ قوشنىلىرىغا قانداق ياردەم بېرىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىدۇ. سىكارلېت ئاپىسىنىڭ شۇنداق چاغدىكى چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپلا قالاتتى، ئەمما ئۇ چىراي شۇئان خىرەلىشىپ، رەھىمسىزلىك، بىغەرەزلىك ۋە ئاچ كۆزلۈكنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە كۆزىدىن تېزلا غايىب بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتلەر تارادا نامراتچىلىق ئىچىدە تۇرغان مەزگىللەردە كۆپ كۆرۈلەتتى، ئەمدى ھازىر تۇرمۇشى مۇقىمسىز بولۇۋاتقان چاغلاردا يەنە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئېلىبېن ئارزۇ قىلغاندەك ئادەم بولمىغىنىدىن ئۆكۈنۈپمۇ قالاتتى ھەم يەنە مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، ھەممىگە ئىشلىتىدىغان «بولدىلا، بۇ ئىشلارنى كېيىن ئويلايچۇ» دېگەن گېپىنى قىلىپ قوياتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تىجارەت ئۈستىدە ئاپىسى ئېلىبېننى زادىلا ئويلىمايدىغان، باشقىلارنىڭ سودىسىنى تارتىۋالغىنىغا پۇشايمان قىلمايدىغان بولدى. چۈنكى، ئۇ يالغان گەپ بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىشنىڭ ئۆزىگە پايدا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. جەنۇبنىڭ رېتسارلىق تۈزۈمى ئۇنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، جەنۇبنىڭ مەرتىۋىلىك ئاياللىرى يالغان گەپ بىلەن تۆرىلەرنى ئالداپ ئۇلارغا زىيان سالالايتتى، ئەمما تۆرىلەر يالغان گەپ بىلەن ئاياللارنى ئالداشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان ئاياللارنى يالغانچى دېيىشلىرىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا باشقا ياغاچ سودىگەرلىرى دەردىنى

ئىچىدە بىلەتتى، بەزىدە بىر - بىرلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، خۇددا كىيىنىدى خانىمنى بەش مىنۇتقا بولسىمۇ ئەر كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىمىغۇ، دېيىشىپ كېتەتتى.

دېكاتور كوچىسىدىكى بىر پەن زاۋۇتىنىڭ كەمبەغەل ئاق تەنلىك غوجايىنى سىكارلېتنى ئۆزىنىڭ چارىسى بىلەن بابلىماقچى بولۇپ، ئۇ دېگەن يالغانچى، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاشكارا قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا قىلچە پايدا ئېلىپ كەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنى قاتتىق زىيانغا ئۇچرىتىۋەتتى. خەقلەر ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۆزى بىر كەمبەغەل ئاق تەنلىك تۇرۇپ، مەرتىۋىلىك بىر خېنىمنىڭ ئۇستىدىن نىمىشقا بۇنداق گەپ تاپىدىغاندۇ، دېيىشتى. سىكارلېت ئۇ ئادەمنىڭ پىتنىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ئۆزىنىڭ سۇپىتىنى ساقلاپ جىمجىت يۈردى، كېيىن ئاستا - ئاستا دىققىتىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن خېرىدارلىرىغا قارىتىپ، بىر قىسىم ياغاچلىرىنى يۈرىكىنى قاتتىق قىلىپ تۇرۇپ خېرىدارلىرىغا ئەرزان باھادىلا سېتىپ بەردى. نەتىجىدە ئۇ ئادەم تېز ئارىدىلا ۋەيران بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ زاۋۇتىنى سىكارلېت ئۆزى باھا قويۇپ سېتىۋالدى، بۇ ئىشقا فىرانكمۇ قاتتىق ھەيران قالدى.

ئۇ زاۋۇت قولغا كەلگەندىن كېيىن، سىكارلېت يەنە بىر باش ئاغرىقىغا دۇچ كەلدى: بۇ زاۋۇتنى باشقۇرىدىغانغا ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى نەدىن تاپقىلى بولار؟ ئۇنىڭغا جونسونغا ئوخشاش ئادەملەر كېرەك ئەمەس ئىدى. سىكارلېت شۇنچە قاتتىق كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇ ئادەم بىر ئامالىلارنى قىلىپ ياغاچلارنى باشقىلارغا سېتىۋېتىپ باراتتى. يارامىلىق ئادەمنى تاپماقمۇ ئۇنچىلىك قىيىن ئەمەستۇ. ھازىر ھەممىلا ئادەم كەمبەغەلچىلىكنىڭ دەردىنى ئۆلگۈدەك تارتىۋاتامدۇ؟ كوچىلاردا ئىش تاپالماي يۈرگەن ئادەملەرمۇ كۆپقۇ؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇرۇن باي ئۆتكەن، ھازىر بولسا نامراتلىشىپ كەتتى. فىرانكىنىڭ ھەربىيدىن قايتىپ كېلىپ ئاچ قېلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە سەدىقە بەرمەيدىغان، پىتتىي ھامما بىلەن ئاشپەز خوتۇننىڭ ئاچلىقتا قورايدەك بولۇپ قالغان دىۋانىلەرنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ قورسىقىغا تاماق بەرمەيدىغان كۈنى بارمۇ؟

لېكىن، نېمىشقىدۇر سىكارلېتنىڭ بۇنداق ئادەملەرنى پەقەتلا ئىشلەتكۈسى يوق ئىدى. يىللاپ ئىش تاپالماي يۈرگەن ئادەملەرنى ئىشلەتكۈم زادىلا يوق، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — تىنچ دەۋرگە ماسلىشىپ جېنىنى باقالمىغان ئادەملەر ماڭا قانداق ماسلىشىپ كېتەلىسۇن؟ ئۇ خەق ھېلىلا تاياق يەيدىغان ئادەمدەك تۈگۈلۈپلا يۈرۈشىدىكەن. ماڭا ئۇنداق تۈگۈلۈپ يۈرىدىغان ئادەملەر كېرەك ئەمەس، رېنى، تومىي ۋېلبۇرن ياكى كېلس ۋېمتىن ياكى سىممونس ئائىلىسىدىكى يىگىتلەردەك چېۋەر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر كېرەك، شۇلارغا يېقىنراق ئادەملەر بولسىمۇ بولىدۇ. ئۇلاردا ئەسكەرلەرگە ئوخشاش، تەسلىم بولغاندىن كېيىن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان روھىي ھالەتلەر يوق، ھەرقانداق ئىشقا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئەمما، سىممونس ئائىلىسىدىكى يىگىتلەر خۇمدان سېلىشىۋالغانىدى، كېلس ۋېمتىن ئاپىسى قايناتقان دورىنى بازارغا ئاچىقىپ ساتاتتى. بۇ خىل دورا نېگىرلارنىڭ گىجىرماچ چاچلىرىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار ھەممىسى سىكارلېتنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆزىگە ئىشلەپ بېرىش تەكلىپلىرىنى كۈلۈپ تۇرۇپ چىرايلىق رەت قىلىشتى. سىكارلېت باشقىلارغىمۇ دەپ باقتى، ئۇلارمۇ ئۇنىمىدى. ئۇلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈپ بەرمەكچىمۇ بولدى، لېكىن يەنە رەت قىلىندى. مېرۋېتېر خانىمنىڭ بىر جىيەنى ھەتتا مەغرۇر ھالدا ئۇنىڭغا ھارۋا ھەيدەشنى خالىمىسىمۇ، ھارۋا ئۆزىنىڭ بولغاچقا، جاپا تارتسىمۇ شۇنىڭغا تايىنىپ جان باقىدىغانلىقىنى، ئەمما سىكارلېتنىڭ يېنىغا بارمايدىغانلىقىنى دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىكارلېتنىڭ پەيتونى پوشكال سېتىپ قايتىپ كېتىۋاتقان رېتى پىكاردىنىڭ هارۋىسىغا يېتىشىۋالدى. توكۇر تومىي ۋېلبۇرن يېرىم يولدا ئۇنىڭ هارۋىسىغا چىقىۋالغانىكەن. سىكارلېت ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

— رېتى، سىز نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئىشلىمەيسىز؟ بىر پەن زاۋۇتىنى باشقۇرۇش پوشكال سېتىشتىن ئابرۇيلۇق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە، سەل خىجىل بولغاندەك قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— مەنمۇ؟ ئۇ ئىشنىڭ خىجىل بولغۇدەك نېمىسى بار، — رېتى شۇنداق دەپ كۈلۈپ كەتتى، — ئابرۇيلۇق بولۇش دېگەن نېمە گەپ؟ مەن ئەزەلدىن ئابرۇيلۇق. بولۇپمۇ بۇ ئۇرۇش مېنى خۇددى نېگىرلارنىڭ ئەركىنلىكىدەك ئەركىنلىككە ئىگە قىلدۇرغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق مەن. ئەمدى ئۇنداق بايۋەچچىلەرچە بىكار تەلەپ بولۇپ ياشاشنى خالىمايمەن. هازىر قۇشقا ئوخشاش ئەركىنمەن، پوشكال توشۇيدىغان بۇ هارۋامنى ياخشى كۆرىمەن، قېچىرىمنى، سۆيۈملۈك شىماللىقلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلار ياخشى نىيەتلىرى بىلەن قېيىنئانام پىشۇرغان بۇ پوشكاللارنى سېتىۋالىدۇ. ياق، سىكارلېت، مەن پوشكال پادىشاھى بولماقچى، بۇ مېنىڭ پېشانەمگە يېزىلىپ كەتكەن. ناپولېئونغا ئوخشاش، تەقدىرنىڭ يازمىشىغا بويسۇنىمەن، — ئۇ گېپىنى قىلىپ بولۇپ خۇشال هالدا قامچىسىنى ئوينىتىپ قويدى.

— لېكىن، سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز تومىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ قوپال ئېرلاندىيەلىكلەرگە ياردەم بېرىدىغان تامچى بولۇشىنى ئارزۇ قىلمىغاندەك، پوشكالچى بولسۇن دەپ ئويلىمىغان. بىز تەرەپتىكى ئۇ ئىش...

— سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزمۇ سىزنى پەن زاۋۇتى بىلەن ھەپىلىشىدىغان قىز بولسۇن، دېمىگەن بولغىيدى؟ — دېدى تومى سۆز قىستۇرۇپ. ئۇنىڭ جاۋغايلىرى مىدىرلاپ

كېتىۋاتاتتى، — راست، مەن كىچىككىنە سىكارلېتنىڭ ئايسىننىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، كىتابتىكى: «ناچار ياغاچلانى ياخشى باھادا ساتقىلى بولسا، ياخشى ياغاچلارنى ساتىمەن دەپ ھەرگىز ئاۋارە بولما!» دېگەن گەپلەرنى يادلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن.

رېنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، مايمۇننىڭكىدەك كۆزلىرى كۈلكىدىن يۇمۇلۇپ قالدى.

— ئۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلماڭلار، — دېدى سىكارلېت سوغۇق تەلەپپۇزدا. ئۇ تومىنىڭ گېپىنىڭ يۇمۇرلۇق تەركىبىنى چۈشەنمىگەنىدى، — ئاتا - ئانام ئەلۋەتتە مېنى پەن زاۋۇتى ئاچسۇن دەپ تەربىيەلىمىگەن.

— بۇ مېنىڭ ئەدەپسىزلىك قىلغىنىم ئەمەس. ئاتا - ئانىڭىز سىزنى شۇنداق ئارزۇدا باققان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، سىز ھازىر شۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشى باشقۇرۇپ كېتىۋاتىسىز. بولدىلا، مېنىڭچە، ھېچقايسىمىز ئەسلىدە ئويلىغان ئىشلىرىمىزنى قىلمايۋاتىمىز، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى يامان ئەمەس قىلىپ كېتىۋاتىمىز. تۇرمۇشنىڭ مۇشكۈلچىلىكلىرىدىن زارلىنىپ يىغلاپ يۈرگەن بولساق، ئۇ چاغدا بىز بىر بىچارىگە، بىچارە بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالاتتۇق. سىكارلېت، نېمىشقا قولىدىن ئىش كېلىدىغان سومكىچىلارنىڭ بىرەر ئادىمىنى تېپىپ ئىشلەتمەيسىز؟ خۇدا گۇۋاھ، ئۇلارنى ھەرقانداق ئورمانلىقتىن تاپقىلى بولىدۇ.

— ماڭا سومكىچىلارنىڭ لازىمى يوق. ئۇلارنىڭ ھەرقانداقى مىختەك قادىلىپ تۇرسىڭىزمۇ نەرسىڭىزنى ئوغرىلىماي قالمايدۇ. ماڭا ياخشى ئادەم، ئۇبدان ئائىلىدىن چىققان چېۋەر، ئىشچان، سەممىي، سادىق ئادەم كېرەك. يەنە...

— تەلىپىڭىزمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىكەن. ئەمما، ھازىر بېرىۋاتقان مائاشىڭىز بىلەن ئۇنداق ئادەمنى ھېچ يەردىن تاپالمايسىز، سىز دېگەن ئۇ ئادەملەر مەجرۇھلا بولمىسا ھەممىسى

ئىش تېپىپ بولدى. قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۇلارغا مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا شۇ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشۇۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ ئىشلارنى قىلىشقا رازىكى، ئايال كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

— ئەگەر سىز ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىدىغانلا بولسىڭىز، ئەرلەرنىڭ ئانچە كاللىسى يوق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ، ئەمما ئۇلار ناھايىتى غۇرۇرلۇق ئىنسانلار، — دېدى تومىي تەمكىن تۇرۇپ.

— غۇرۇر! مېنىڭچىمۇ غۇرۇر ناھايىتى تەملىك نەرسە، پەقەت ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىپ ئىچىگە ئازراق شېكەر قۇيۇۋەتكەن چاغدىلا، — دېدى سىكارلېت ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىپ.

ئىككى ئەر زورىغا قاقاھلاپ كۈلۈپ قويدى. سىكارلېتقا ئۇلار بىرلىشىپ ئۆزىگە تاقابىل تۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. بىر ئويلىسا تومىنىڭ گېپىمۇ توغرا. سىكارلېت ئىزدەپ بارغان ۋە ئىزدىمەكچى بولغان ئەرلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى، ھەممىسىلا ئالدىراش، جاپالىق ئىشلىشىۋاتاتتى. بۇ ئىشلار بەلكىم ئۇلار خالىغان، قىلىپ ئۆگەنگەن ياكى كىچىكىدىن شۇ ئىشنى قىلىشقا ئۆگەنگەن ئىشلار بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇلار شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپتۇ. ئەرلەر ئۇچۇن ھازىرقى مۇشۇ دەۋر ئىنتايىن جاپالىق، ئۇلارغا باشقا يول تاللاشقىمۇ ئىمكانىيەت يوق، ئەگەر ئۇلار ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنىڭ يوققا چىققانلىقى بىلەن ئازابلىنىۋاتقان، ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشلىرىنى سېغىنىۋاتقان بولسا، بۇنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلمەيدۇ. ئۇلار يېڭى بىر ئۇرۇش، بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردىنمۇ دەھشەتلىك بىر ئۇرۇش بىلەن مەشغۇل. ئۇلار تۇرمۇشقا قايتىدىن كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇرۇش تۇرمۇشلىرىنى ئىككىنچى بۆلۈۋېتىشتىن ئىلگىرىكى جىددىي ۋە كۆڭۈللۈك تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرى بىلەن

كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلاۋاتاتتى.

— سىكارلېت، — دېدى توممى سەل ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك قىلىپ، — بايا سىزگە ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم، رەنجىمەڭ. سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، بەلكىم بۇنىڭ سىزگە پايدىسى تېگىپمۇ قالار. مېنىڭ قېيىنئىنىم خۇگ ئېلسىن ئوتۇنچىلىق قىلىۋاتاتتى، ئىشى تازا ئاقمايۋاتىدۇ. بۇ يەردە شىمالىلىقلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوتۇننى ئۆزلىرى تېرىپ كېلىشىدۇ. ئېلسىنلارنىڭ كۈنى ھازىر بەكمۇ تەس، مەنمۇ ياردەم بېرىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمما، فەننى بىلەن ئاپامنى، سىپارتادىكى ئىككى تۇل ھەدەمنى باقمىسام بولمايدۇ. خۇگ ئوبدان بالا، سىزمۇ ياخشى ئادەمنى ئىزدەۋاتىسىز، ئۇنىڭ ئەھۋالى سىزگە بەش قولدەك ئايان، ئوبدان ئادەملەرنىڭ بالىسى، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش.

— لېكىن... ھىم، خۇگنىڭ تازا جېنى يوق، بولمىسا ئۇ ئوتۇنچىلىقتا خېلى كۆتۈرۈلۈپمۇ قالاتتى.

توممى مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— سىز مەسىلىگە تولىمۇ ئۆتكۈر قارايدىكەنسىز، سىكارلېت، — دېدى ئۇ، — شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئويلىنىپ بېقىڭ. تەلەپنى بەكمۇ قاتتىق قويۇۋەتسىڭىز ئىشلىرىڭىزغا دەخلىسى يېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭچە، ئۇنىڭ سەممىيلىكى جانسىزلىق تەرىپىنى يېپىپ كېتىپ، سىزگە تېخىمۇ ئەسقاتىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ كېتەمدۇ تېخى.

سىكارلېت ئۆزى ئويلىغاندەك ئادەملەرنى نۇرغۇن ئىزدەپمۇ تاپالمىدى، ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىشنى خالايدىغان سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى بولسا ئۇنى تولا ئىزدەپ بوسۇغىسىنى تېشىۋەتتى، لېكىن ئۇ ئۇلارنى رەت قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا تومىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ خۇگ ئېلسىننى ئىشلەتمەكچى بولدى. خۇگ ئۇرۇش مەزگىلىدە غەيرەتلىك، پاراسەتلىك ئوفىتسېر ئىدى. تۆت يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا ئىككى قېتىم يارىلىنىپ، خۇددى پۈتۈن ئەقىل - پاراسەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇپ كەتكەندەك. بۈگۈنكى بۇ تىنچ مەزگىلدىكى ئىغىر رېئاللىق ئالدىدا خۇددى كىچىك باللاردەك گاراڭ بولۇپ قالغانىدى. ئوتتۇن ساتقىلى بازارغا چىققانلىرىدا، كۆزلىرى خۇددى لالما ئىتلارنىڭ كۆزلىرىدەك ئۇياق - بۇياققا ئالاق - جالاق قارايتتى، سىكارلېتقا لازىمى ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى.

ئۇ بەكمۇ دۆت ئىكەن، — دەپ ئويلىدى سىكارلېت، — تىجارەتتىن قىلچە خەۋىرى يوق. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئىككىنى ئىككىگە قوشسا قانچە بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ،ئۆگىنىپ كېتەلىشىگىمۇ كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئەمما، سەممىي، ياۋاش، مېنى ئالدىمايدۇ.

بۇ كۈنلەردە سىكارلېت ئۇنداق سەممىيلىككە موھتاج ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۆزى بارغانسېرى سەممىيەتسىز بولۇپ كېتىۋاتقاچقا، باشقىلارنىڭ سەممىيىتىنى شۇنچە سۆرۈشتۈرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

«ئەپسۇس، يوھان گاللېگېر تومى ۋېلبۇرن بىلەن بىللە تامچىلىق قىلىۋاتىدۇ - دە، — ئويلىدى سىكارلېت، — بولمىسا شۇ تازا بولاتتى. مىختەك قاتتىق، يىلاندەك ئەۋرىشىم ئادەم ئىدى. ھەققىنى مۇۋاپىق بەرسەم ياۋاشلىق بىلەن ئىشلىشىمۇ مۇمكىن. مەنمۇ ئۇنى چۈشىنىمەن، ئۇمۇ مېنى چۈشىنىدۇ، ئىككىمىز ماسلىشىپ ئىشلىيەلەيتتۇق. ئۇ ھازىر ياساۋاتقان ئۆينى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئامال قىلىپ ئەكېلىۋالساممۇ بولىدۇ. ئۇ كەلگۈچە جونسۇن ئەپەندى بىلەن خۇگ ئىشلەپ تۇرسۇن. خۇگنى يېڭى زاۋۇتقا، جونسۇن ئەپەندىنى كونا زاۋۇتقا قويۇپ، ئۆزۈم شەھەردە ياغاچ سودىسى بىلەن شۇغۇللانسام، پەن تىلىدىغان، توشۇيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ئۆزلىرى قىلىشسا. بىراق، يوھاننى ئەكەلگۈچە جونسۇن ياغاچ ئوغرىلىسا قانداق قىلىمەن. ئۇ ئادەم ئوغرى بولمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. چارلېستىن قالغان ھېلىقى يەرنىڭ يېرىمىغا ياغاچ قويىدىغان لاپاس سالدۇرسام قانداق بولار؟ فىرانك قارشىلىق

قىلمىغان بولسا قالغان يېرىمىغا قاۋاقخانا سالدۇراتتىم. مەيلى ئۇ قانچىلىك چوقان كۆتۈرسۇن، يېتەرلىك پۇل يىغىۋالغاندىن كېيىن چوقۇم قاۋاقخانا سالدۇرىمەن. ۋاي خۇدايىمەي، تۇغۇتۇم شۇ چاغقا توغرىلىنىپ قالمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. پات ئارىدا قورسىقىم يوغىناپ سىرتقىمۇ چىقالمايدىغان بولىمەن. نېمىشقىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە تۇغىدىغان بولۇپ قالغاندىمەن؟ ئەگەر ئۇ ئۆلگۈر شىماللىقلارنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىغان، ئەگەر...

ئەگەر! ئەگەر! تۇرمۇشتا «ئەگەر» دېمىدىگەن كۆپ. يا بىرەر ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغان، يا ئادەم ئۆزىنى بىخەتەر سەزمىگەن. ھەممە نەرسەمدىن قايتا مەھرۇم بولۇپ، باشقىدىن ئاچ ـ يالىڭاچ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپلا ئۆتكەن. ئەلۋەتتە، فىرانكىمۇ پۇلنى بۇرۇنقىدىن كۆپ تاپىدىغان بولدى. لېكىن، دائىم زۇكام بولۇپ، بىر ئاغرىسا بىرنەچچە كۈنگىچە مىدىرلىماي ياتىدۇ. ئۇنى بىر نېمە بولۇپ قالمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ياق، سىكارلېت ئۇنىڭغىلا تايىنىپ قالسا بولمايدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمدە ئۈمىد يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇنىڭ تېپىۋاتقان پۇلىمۇ ئىنتايىن ئاز. ئەگەر شىماللىقلار كېلىپ ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى ئېلىپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟ ئەگەر! ئەگەر!

سىكارلېت ھەر ئايدا تاپقان پۇلىنىڭ يېرىمىنى تارادىكى ۋىلغا ئەۋەتەتتى. بىر قىسمىدا رېت باتلېرنىڭ قەرزىنى تۆلەيتتى، بىر قىسمىنى ئۆزى يىغاتتى. پۇلنى ئۇنىڭدەك كۆپ سانايدىغان، پۇلنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئۇنىڭدەك قورقىدىغان خەسىس دۇنيادا تېپىلماس. ئۇ پۇلىنى بانكىغا ئىشەنمەي ياكى شىماللىقلار مۇسادىرە قىلىۋالىدۇ دەپ قورقۇپ ھەرگىز بانكىغا قويمايتتى، ئۇششاق قىلىپ قاتلاپ ئىچىدىكى كىيىملىرىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىۋالاتتى. ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا، تامنىڭ كاۋاكلىرىغا، ئەسكى ـ تۇسكى سالىدىغان خالتىلارنىڭ ئىچىگە، «ئىنجىل»نىڭ ئارىسىغا قويۇپ قوياتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ تېخىمۇ تېرىككەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاپىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، پۇللىرىغا بىر سوم قوشۇلسا، پالاكەت باسقاندا شۇ بىر سوم پۇلىنى ئارتۇق يوقىتىدۇ ـ دە.

فىرانك، پىتتىي هامما ۋە خىزمەتكارلار ئۇنىڭ سەۋەبسىز چىچىلىشلىرىغا، هامىلىدار بولغاچقا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، دەپ تەبىر بېرىۋاتقاچقا، بەرداشلىق بېرىپ يول قويۇپ كېلىۋاتاتتى، بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى. فىرانك هامىلىدار ئاياللارغا يول قويۇش كېرەكلىكىنى بىلگەچكە، ئەرلىك غۇرۇرىنى ئىچىگە سىغدۇرۇپ، ئۇنىڭ پەن زاۋۇتىنى داۋاملىق باشقۇرۇشىغا، بۇنداق هالەتكە يەتكەن ھەرقانداق هامىلىدار ئاياللارنىڭ سىرتلارغا چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ شەھەردە قاتراپ يۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىتا پەقەتلا نارازىلىق بىلدۈرمەي ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى ئۇنى بىئارام قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە، يەنە ئازراق چىدىسام بۇ ئىشلارمۇ ئىزىغا چۈشىدىغۇ دەپ تەسەللى بېرەتتى، بالا تۇغۇلسىلا سكارلېت ئىلگىرى ئۇ كەينىگە چۈشكەن ئاياللارغا خاس گۈزەل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئۇماق قىزغا ئايلىنىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنەتتى. ئەمما، ئۇ قانچىلىك يول قويسىمۇ، سكارلېت ئۆزىنى بىلمەي بۇرۇنقىدەكلا كۈندە دېگۈدەك زەھىرىنى چېچىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا قاراپ فىرانك ئۇنى، بىر نەرسىگە قاتتىق بېرىلىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالدى.

ئۇ زادى نېمىگە شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەندۇ؟ زادى قانداق نەرسە ئۇنى مۇشۇنداق ساراڭ خوتۇندەك قىلىپ قويۇۋاتقاندۇ؟ قارىغاندا، بۇنىڭغا هېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل كۆچلۈك هېرىسمەنلىكنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇ ئامالسىز ئۆيگە سولىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشى، تاسادىپىي ئەھۋاللارغا تاقابىل كېلىش ئۈچۈن تېز ئارىدا كۆپرەك پۇل تۇپلىۋېلىشى، شىماللىقلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆچىيىپ كېتىۋاتقان

ئۆچمەنلىك دولقۇنلىرىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن پۇلدىن ئۆزگە مۇستەھكەم بىر توسما ياسىۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، پۈتۈن پىكىر - خىيالى پۇلدىلا ئىدى. بەزىدە بالىسىنىمۇ ئويلاپ قوياتتى، ئويلىغاندىمۇ، بالىنىڭ بىئەپ بىر چاغدا تۆرىلىپ قالغانلىقىدىن خاپا بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئويلايتتى.

«ئۆلۈم، باج، بالا ! ئادەم بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ھېچقايسىسىنى مۇۋاپىق بىر پەيتتە توغرىلاپ تۇرۇپ تاللىۋالايچۇ، دېيەلمەيدىكەنمە !»

سىكارلېتنىڭ ئايال كىشى تۇرۇپ پەن زاۋۇتى ئاچقانلىقى باشتا ئاتلانتادىكى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر بۇ ئايالنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سودىدىكى رەھىمسىزلىكى ئادەمنى چۆچۈتەتتى. ھەممە ئادەمنىڭ، بۇ، راستلا روبېللارد ئائىلىسىنىڭ قىزى ئېللېننىڭ پۇشتىمىدۇ؟ دېگۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ تۇرۇپ كوچىلاردا ئەركىن مېڭىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىپ بولۇشقانىدى، بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ قاملاشمىغان ئىشى ئىدى. مەيلى ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك ئايال بولسۇن، ھامىلىدار بولغانلىقى ئېنىق بولغاندىن باشلاپلا بوسۇغىدىن ئاتلاپ باقمايتتى. شۇڭلاشقىمۇ مېرۋېتېر خانىم ئاچچىقى بىلەن، سىكارلېتنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن قارىغاندا، كوچىدا تۇغىدىغان ئوخشىمامدۇ، دېگەنىدى.

ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىلىقلىرىغا بولغان كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل تەنقىدلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىقىۋاتقان ھازىرقى گەپ - سۆزلەرنىڭ ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. سىكارلېت شىماللىقلار بىلەنمۇ سودا قىلىشىپ قالماي، داۋاملىق شۇنداق قىلىۋېرىدىغانلىقىنى ھەم شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەممىلا يەردە ئىپادىلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مېرۋېتېر خانىم ۋە باشقا نۇرغۇن جەنۇبلۇقلار بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن شىماللىقلار بىلەن ئالدى ـ ساتتى قىلىشقان، ئەمما ئۇلارنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيتتى ۋە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقلىرىنى ماڭدامدا بىر ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئەمما، سكارلېت ئۇلارنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەتتى، بىر قەدەر ياخشى كۆرىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئوخشاشلا يامان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ شىماللىق ئوفىتسېرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكەنلىرى راست ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بۇ جەھەتتە ھەممە ئىشنى قىلغان، پەقەت ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چايغا چاقىرىشلا قالغانىدى. شەھەردىكىلەر، ئەگەر پىتتىپيات بىلەن فىرانك بولمىغان بولسا، سكارلېت ئۇنىمۇ قىلاتتى، دەپ پەرەز قىلىشتى.

سكارلېت شەھەردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما كارى يوق ئىدى، ئۇنى ئويلاشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيتتى. ئۇ شىماللىقلارغا ئۆز ۋاقتىدا تارادىكى ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان چاغدىكىدەكلا ئۆچ ئىدى، ئەمما بۇ ئۆچمەنلىكىنى ئىچىدىلا بىلەتتى، سىرتىغا چىقارمايتتى. چۈنكى، ئۇ پۇلنى پەقەت شىماللىقلاردىنلا تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كۆلكە ۋە ياخشى گەپ ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئەپ ئۆتكەندىلا، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ زاۋۇتىدىن ياغاچ سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بىر كۈنلەردە ئۇ راسا بېيىپ، پۇللىرىنى شىماللىقلار تاپالمايدىغان بىر يەرگە تىقىپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھەقىقىي قارىشىنى ئىپادىلەپ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى، يىرگىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەمما، شۇ كۈنلەرگە ئېرىشكۈچە ئۇلار بىلەن چوقۇم ياخشى ئۆتۈشى كېرەك، بۇ ئەقەللىي بىر ساۋات. ئەگەر بۇ ساختىلىق دەپ قارىلىدىغان بولسا،

ئاتلانتالىقلار بۇ ساختىلىقتىن پايدىلىنىپ قانداق گەپ تاپسا تېپىشىۋەرسۇن.

ئۇ شىماللىق ئوفىتسېرلار بىلەن دوست بولۇشنىڭ يەردىكى قوشنى ئېتىۋالماقتىنمۇ ئاسان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان يات ئەلدە مىسكىن سەرگەردانلاردەك بولۇپ قالغانىدى. نۇرغۇنى بۇ يەرنىڭ ئاياللىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشنى ئويلايتتى، شەھەردىكى دۇرۇس نىيەتلىك ئاياللار بولسا ئۇلارنى كۆرگەندە قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى ياكى يۈزلىرىگە تۈكۈرگۈدەك بولۇپ نەپرەت بىلەن ھومىيىپ قويۇشاتتى. پەقەت پاھىشە خوتۇنلار بىلەن نېگىرلارلا ئۇبھان مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ياخشى ئائىلىدىن چىققان مەرتىۋىلىك ئاياللار ئۇلارغا قاراپ زىنىخلىرىنى چىقىرىپ كۈلسە، كۆپكۆك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قارىسا، ھاياجاندىن ئۇلارنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ كېتىدۇ ـ دە.

سكارلېت كۆپىنچە چاغلاردا ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ پەيتونىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، يات ـ يات زىنىخلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قوياتتى. ئەمما، غەزىپى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ، ئۇلارنى پېشانىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ تىللىۋەتكۈسىمۇ كېلەتتى، لېكىن ئۆزىنى باساتتى، ئۇلارنى مەيلىچە ئەخمەق قىلاتتى. ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنى ئەخمەق قىلىشنىڭ جەنۇبلۇق يىگىتلەرنى ئەخمەق قىلىشقا قارىغاندا ئۇنچىلىك قىيىن ئەمەسلىكىنىمۇ بىلىۋالدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشتىن ـ ئاخىر مۇشكۇلچىلىكتە قالغان جەنۇبلۇق ئېسىلزادە خانىم رولىنى ئويناپ كەلدى. ئۇ تەمكىن، لاتاپەتلىك قىياپەتتە كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئالدانغانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشاتتى. ئەمما، يەنە ئۇنىڭ چىرايلىق خۇلقلىرى ئۇلارنى ئاللىقانداق تاتلىق بىر سېزىم ئىچىگە چۆمۈلدۈرۈپمۇ تۇراتتى.

بۇ خىل سېزىم بەكمۇ پايدىلىق ئىدى، سكارلېتقا لازىممۇ شۇ ئىدى. نۇرغۇن ئوفىتسېرلار ئاتلانتادا قانچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇشلىرىنى بىلمەي خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەكېلىۋېلىشقانىدى، مېھمانخانا ھەم ھۆكۈمەت ئۆيلىرى توشۇپ كەتكەچكە، ئۆزلىرىگە ئايرىم ئۆيمۇ سېلىشىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلار ئۆيگە كېتىدىغان ياغاچنى كېنىيدى خانىمدىن سېتىۋېلىشنى خالايتتى، چۈنكى ئۇ ئۇلارنى شەھەردىكى ھەرقانداق ئادەمگە قارىغاندا ھۆرمەت قىلاتتى. سومكىچىلار بىلەن باشقا مۇتتەھەملەرمۇ تاپقان پۇللىرىغا ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى، دۇكانلار، مېھمانخانىلارنى سالدۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارمۇ سكارلېت بىلەن سودا قىلىشنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ بۇرۇنقى ئەسكەرلىرى بىلەن سودا قىلغانغا قارىغاندا كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشقانىدى. ئۇ ئەسكەرلەر تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشسىمۇ، ئەمما بۇ تەكەللۇپلار ئاشكارا نەپرەتلەنگەندىن ئۆتە زەھەرلىك ئىدى.

سكارلېت ئۆز ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى، شۇڭلاشقا ھازىر ئۇلارغا تايىنىپ پۇل تېپىپلا قالماي، كەلگۈسىدە يەنە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگىمۇ تايىنىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ مېڭىۋاتاتتى.

ئۇ شىماللىق ئوفىتسېرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزى ئويلىغان پەللىدە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ ئاسانغا چۈشۈۋاتاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبلۇق ئېسىلزادە ئاياللاردىن بەكمۇ قورقاتتى. ئەمما، سكارلېت يەنە بۇ ئوفىتسېرلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۇ ئويلاپ باقمىغان بىر مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى تېزلا بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ شىماللىق ئۇ خانىملار بىلەن زادىلا بېرىش ـ كېلىش قىلغۇسى يوق ئىدى، ئامال بار ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى، لېكىن بولمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ تونۇشقۇسى بار ئىدى. ئۇلار جەنۇب ۋە جەنۇبنىڭ ئاياللىرىغا كۆچلۈك قىزىقاتتى. سكارلېت بولسا ئۇلارنى شۇ ئارزۇلىرىغا يەتكۈزگەن تۇنجى جەنۇبلۇق ئايال ئىدى. ئاتلانتادىكى باشقا ئاياللار ئۇلار بىلەن تونۇشۇشنى پەقەتلا خالىمايتتى، چېركاۋلاردا

ئۇچرىشىپ قالسىمۇ ئۇلارغا قارىماي ئۆتۈپ كېتىشەتتى، شۇڭا سىكارلېت سودا ئىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندا، ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئويلاپ كېتىۋاتقان ئارزۇلىرىغا يەتكەندەك خۇشال بولۇشۇپ كېتەتتى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيتۇنىدىن چۈشمەي ئوفىتسېرلار بىلەن ياغاچ توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقانلىرىدا، ئايالللىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى ئۆيىگە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. سىكارلېت تازا خالاپ كەتمىسىمۇ، ئۇلارنى فىرانكىنىڭ دۇكىنىغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆيلىرىگە كىرەتتى. كۆپ چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇراتتى، چۈنكى ئۇ ئايالللار دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق سوئاللارنى سورايتتى ۋە جەنۇبنىڭ ھەممە نەرسىسىگە قىزىقاتتى.

شىماللىق ئايالللار «تام تاغامنىڭ كەپىسى» دېگەن ئەسەرنى «ئىنجىل»دىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئەسەر دەپ قارايتتى، شۇڭا ھەممىسىلا جەنۇبلۇقلارنىڭ قاچقان قۇللارنى قوغلايدىغان ئوۋ ئىتلىرى توغرۇلۇق سورىشاتتى، سىكارلېتنىڭ، ئۇنداق ئىتنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانمەن. بىزدە ياۋاش كىچىك ئىتلار بولىدۇ. ئۇ ئىتلار ئۇنداق يوغان، ۋەھشىي ئەمەس، دېگەن گەپلىرىگە پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ يەنە قۇللارنىڭ يۈزىگە باسىدىغان قورقۇنچلۇق بەلگە تامغىنى، قۇللارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان سەككىز قىرلىق قامچىلىرىنى شۇنچىلىك كۆرگۈسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇل قىزلارنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشقا بولغان قىزىقىشلىرى سىكارلېتقا شۇنچىلىك چاكىنا ۋە شۇنچىلىك ئەخلاقسىزلىقتەك بىلىنىپ كەتتى.

ئاتلانتالىق ھەرقانداق بىر ئايال ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل گەپلىرىنى ئاڭلىسا غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇشاتتى، ئەمما سىكارلېت ئۇنداق بولمىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا غەزەپتىن بەكرەك مەنسىتمەسلىك تۇيغۇسىنى قوزغىغان بولغاچقىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالىدى، ئۇلار دېگەن شىماللىق ئالۋاستىلار،

www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن ياخشى ئىش ۋە ياخشى گەپ كۈتۈشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ۋەتىنىگە، خەلقىگە ۋە ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە قىلغان خىلمۇ خىل ھاقارەتلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەتلا دولقۇن قوزغىيالمايتتى، يۈرىكىنى سىيپاپىلا ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ خىل ھالەت تاكى بىر ئىش ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى باسالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغۇچە داۋاملاشتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىكارلېت پېتتېر تاغا بىلەن پەيتونغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، شىماللىق ئۈچ ئوفىتسېر ئولتۇرىدىغان بىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار سىكارلېتنىڭ ياغاچلىرى بىلەن ئۆي ياسىشىۋاتاتتى. ئۇ ئوفىتسېرلارنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇشقان خوتۇنلىرى ئۇنى توۋلاپ توختىتىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى شۇنچىلىك يېقىمسىز ئىدىكى، شۇ تۇرقىدا سىكارلېت شىماللىقلارنىڭ ئاشۇ ئاۋازىدىن باشقا ھەرقانداق ئىشىنى كەچۈرۈۋېتىشكە رازى ئىدى.

— سىزنى ئۇچراتسام بولاتتى دەپ تۇراتتىم، كېنىدى خانىم، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ماين ئىشتاتىدىن كەلگەن ئورۇق، ئېگىز بىرسى، — سىزدىن بۇ نادان شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بىلەي دېگەن.

سىكارلېت ئاتلانتاغا قىلىنغان بۇ ھاقارەتنى ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ، تۇرۇپ ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ كۈلگەن بولۇپ تۇرۇۋالدى.

— سىزگە نېمىلەرنى دەپ بېرىشىم كېرەك؟

— بالىغا قارايدىغان خىزمەتكارىم بىرىدىگېت، بۇ يەردىكى «قارا ئەرۋاھ»لارنىڭ ئىچىدە بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق، دەپ شىمالغا كېتىپ قالغان، ئەمدى بالىغا قارايدىغان ئادەم يوق. ئېيتىڭا، بۇ يەردىن بالىغا قاراپ بېرىدىغانغا تۈزۈكرەك ئادەمدىن بىرنى تاپقىلى بولارمۇ؟ نەگە بېرىپ ئىزدەشنى بىلمەي

تۇرۇۋاتىمەن،

— بۇ قىيىن ئىش ئەمەس، — دېدى سىكارلېت كۈلۈپ كېتىپ، — يېڭىلا يېزىدىن كەلگەن، «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»نىڭ تەسىرىگە تېخى ئۇچرىمىغان نېگىر قىزدىن بىرنى تاپقىلى بولسا، ئەڭ ياخشى خىزمەتكارغا ئېرىشتىم دېسىڭىز بولىدۇ. ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەربىر نېگىر ئايالدىن سورىسىڭىز، چوقۇم...

ئۇ ئۇچ ئايال ئاچچىقى كېلىپ سۆزلەپلا كەتتى.

— سىز مېنى بالىسىنى قارا ئەرۋاھلارغا تاشلاپ بېرىپ خاتىرجەم يۈرەلەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — ماين ئىشتاتىدىن كەلگەن ئايال توۋلاپ كەتتى، — ماڭا ئېرىلاندىيەلىك قىزلاردىن كېرەك.

— ئاتلانتادا ئېرلاندىيەلىك خىزمەتكار قىزلارنى تاپالماسسىزمىكىن، — جاۋاب بەردى سىكارلېت سوغۇققىنا، — مەن ئاق تەنلىك چاكارلارنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم، بولغان تەقدىردىمۇ مەن ياللىمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — ئۇ ئۆزىنى زادىلا باسالماي مەسخىرە تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى، — ئىشىنىڭ، نېگىرلار ئادەم يېمەيدۇ، ئۇلار شۇنچىلىك ئىشەنچلىك...

— ۋاي خۇدايىمەي، ھەرگىز بولمايدۇ! ئۆيۈمدە نېگىر تۇرغۇزمايمەن، سىز نېمىشقا ئۇنداق ئويلايسىز؟

— مېنىڭ ئۇلارغا قارارغىمۇ كۆزۈم يوق. ئۇلارغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن، ئۇلارنى تېخى بالامغا قارىتىمەنمۇ...

سىكارلېت نېگىر ئانىسىنىڭ بىر جۈپ يېقىملىق ۋە قوپال، ئېلىنىدىن تارتىپ ئۆزى ۋە ۋادىنى بېقىپ قاتارغا قوشقۇچە سەتلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇ ناتونۇش ئادەملەر نېگىرلارنىڭ قوللىرىنىڭ شۇنچىلىك قىممەتلىك، شۇنچىلىك ئىلھامبەخش ئىكەنلىكىنى، ئۇ قوللارنىڭ بەدەننى قانداق تۇتۇشنى، ئادەمنىڭ ھالىغا قانداق يېتىشنى، قانداق كۆيۈنۈشنى بىلىدىغان قوللار ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ شۇلارنى ئويلاپ سىكارلېت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— سىلەرنىڭ بۇ گەپلىرىڭلارغا ھەيرانمەن. ئۇلارنى سىلەر ئازاد قىلغان ئەمەسمۇ؟

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۇلارنى ئازاد قىلغان مەن ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ماين ئىشتاتىدىن كەلگەن ئايال كۈلۈپ كېتىپ، — ئۆتكەن ئايدا جەنۇبقا كېلىشتىن ئىلگىرى بىرمۇ نېگىرنى كۆرمىگەنىدىم، كۆرەرمەن دەپمۇ ئويلىمىغان. ئۇلارنى كۆرسەملا بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقىغا ئىشەنمەيمەن...

سكارلېت پېتتېر تاغىنىڭ نەپەسىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايىلا بايقىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاتنىڭ قۇلاقلىرىدىن ئالماي تىككىنىدە ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا ماين ئىشتاتىدىن كەلگەن ئايال بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، يېنىدىكى دوستىغا پېتتېر تاغىنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن سكارلېت پېتتېر تاغىغا تېخىمۇ دىققەت قىلدى.

— ئاۋۇ قېرى قارا زەڭگىنى كۆردۈڭمۇ؟ خۇددى پاقىدەك كۆپۈپ ئولتۇرۇپتۇ، — ئۇ خىرىلداپ كۈلەتتى، — ئۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ قېرى ئەڭگۈشتەرىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ سىلەر جەنۇبلۇقلار نېگىرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيسىلەر، ئۇلارنى سىلەر يامان ئۆگىتىپ قويغان.

پېتتېر ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قوشۇمىسىنى چىڭ تۈردى، كۆزلىرى ئالدى تەرەپكە مىختەك قادىلىپ قالغانىدى. مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنى ھېچقانداق بىر ئاق تەنلىك «قارا زەڭگى» دەپ باقمىغانىدى، دېسىمۇ نېگىرلار دەيتتى، ئاق تەنلىكلەر ھەرگىز دېمەيتتى.

سكارلېت كۆزلىرى بىلەن كۆرمىسىمۇ، ئەمما ھاقارەتكە ئۇچرىغان بۇ ئادەمنىڭ غەزەپتىن ئېڭەكلىرىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى. بۇ ئاياللار جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيەسىنى چۆكۈرگەن، داۋس زوڭتۇڭنى تىللىغان،

جەنۇبلۇقلار قۇللىرىنى خارلايدىكەن، دەھشەتلىك ئۆلتۈرىدىكەن دەپ گەپ تاپقان چاغلاردا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇ خىل گەپلىرىنى ئاڭلاپ قويۇپ گەپ قىلمىغانىدى، ئۆزىگە پايدىلىقلا ئىش بولسا، شەخسىيىتىگە تېگىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ ھېچنېمە دېمەي كېلىۋاتاتتى. ئەمما، ھازىر ئۇلار ئەخمىقانە گەپلەر بىلەن بۇ سادىق قېرى نېگىرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىۋاتقاندا، ئوت تۇتاشقان پورۇخقا ئوخشاش ئىچى ۋىژىلداپ كەتتى. پېتتېرنىڭ بىلىدە ئېسىقلىق تۇرغان ئۇزۇن ساپلىق تاپانچىغا نەچچە قېتىم قاراپمۇ قويدى. بۇ تەكەببۇر، نادان، نوخۇلىسى ئۆسۈپ قېلىۋاتقان ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدىغۇ؟ ئەمما، ئۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئۆز - ئۆزىگە، تېخى پەيتى كەلمىدى، ۋاقتى كەلگەندە بۇ شىماللىقلارغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويىمەن، دەپ تەسەللى بەردى. ئۇ كۈنلەر ئاخىر بىر كۈنى كېلىدۇ، ھازىر ۋاقتى ئەمەس.

— پېتتېر تاغام بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۆز ئادىمى، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — خەير - خوش، پېتتېر، ماڭايلى!

پېتتېر تۇيۇقسىز تۇرغان ئاتنىڭ دۈمبىسىگە بىر قامچا سېلىۋىدى، ئات پەيتونىنى بىردىنلا سۆرەپ كەتتى. ماين ئىشتاتىدىن كەلگەن ئۇ ئايالنىڭ ھەيران قالغاندەك تەلەپپۇزدا: «ئۆز ئادىمى؟ ئۇلار تۇغقان ئەمەستۇ؟ ئەمىسە ئۇ نېمانچىلا قارا؟» دېگەن گېپى سكارلېتنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى.

ھۇ ئىپلاسلار! ھەممىسىنى يەر شارىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك. پۇلۇم كۆپەيگەندە ئۇ خەقنىڭ يۈزىگە چوقۇم تۈكۈرىمەن، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن...

ئۇ پېتتېرنىڭ چىرايىغا قاراپ، بىر تامچە ياشنىڭ بۇرنى ئۇستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىغا ئىچى ئاغرىپ، خۇددى بوزەك قىلىنىۋاتقان كىچىك بالىنى كۆرۈپ چىدىيالمىغاندەك سكارلېتنىڭ كۆزلىرىگىمۇ ياش كەلدى. ئۇ ئاياللار كاپىتان

www.uyghurkitap.com

خاملتون بىلەن مېكسىكا ئۆرۈشىغا قاتناشقان، ئۆلۈپ كېتىۋاتقان غوجايىنىنى باغرىغا مەھكەم باسقان، كېيىن چارلىز بىلەن مېلانىيەنى بېقىپ قاتارغا قوشقان، ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ئەخمەق پىتتىيپاتنىڭ خىزمىتىدە بولغان، قاچقاندا ھىمايە قىلىپ، قايتىپ كەلگەندە بىر يەردىن ئات تېپىپ ماكوندىن قايتۇرۇپ كەلگەن ئاشۇنداق بىر ياخشى ئادەمنى رەنجىتكەن، يەنە تېخى نېگىرلارغا ئىشەنمەيدىغانلىقلىرىنى دېيىشكەندى.

— پىتتىپر، — دېدى سكارلېت ئۇنىڭ ئورۇق مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ. ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — سەن يىغلىساڭ مەن بىئارام بولىدىكەنمەن. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلۈڭگە ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇلار ھەممىسى شىماللىق خۇنپەرلەر !

— ئۇلار خۇددى مەن ئافرىقىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدىغان ئادەمدەك گەپلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى پىتتىپر دىمىقىنى قېقىپ تۇرۇپ، — مېنى قارا زەڭگى دېيىشتى، مۇشۇ كەمگىچە ھېچقانداق بىر ئاق تەنلىك مېنى ئۇنداق دەپ باقمىغان. مېنى يەنە، قېرى ئەڭگۈشتەر، بۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دېگەندەكمۇ گەپلەرنى قىلىشتى. مەن شۇنداق ئىشەنچسىز ئادەممۇ؟ كاپىتان خاملتون ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا، ماڭا: «پىتتىپر، باللىرىمغا ئوبدان قارا، ياش پىتتىيپات خانقىزنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئال، ئۇنىڭ كاللىسى بەكمۇ ئاددىي» دېگەن. مەن ئۇنىڭغا شۇنچە يىللاردىن بېرى ياخشى قاراپ كەلدىم.

— پەرىشتە گابرىيلدىن[1] قالسا، ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىدىغان سەنچىلىك ئادەم يوق، — دېدى سكارلېت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — سەن بولمىساڭ بىزنىڭ ھايات ياشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

---

① «ئىنجىل»دا قەيت قىلىنغان پەرىشتىلەرنىڭ بىرسى. ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان پەرىشتە.

— شۇنداق، خانقىز، ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت سىزنىڭ. بۇ ئىشلارنى مەن بىلىمەن، سىز بىلىسىز، لېكىن ئۇ شىماللىقلار بىلمەيدۇ، بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار نېمىدەپ بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى باشقۇرىدۇ، سىكارلېت خانقىز؟ ئۇلار جەنۇب ئىتتىپاقىنى قوللايدىغان بىزلەرنى قىلچە چۈشەنمەيدۇ.

سىكارلېت گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۇ شىماللىق ئايالارغا چىقىرالمىغان ئاچچىقى ئىچىنى ئۆرتەپ تۇرۇۋاتاتتى. ھەر ئىككىسى گەپ قىلىشمايتتى. پېتتېرنىڭ تۇمشۇقلىرى قورقۇنچلۇق ئۇچلىنىپ كېتىۋاتاتتى، يۈرىكىنىڭ ئازابى بېسىلغاندەك قىلغان بىلەن ئاچچىقى بارغانسېرى ئۆرلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

سىكارلېت خىيالغا كەتتى. بۇ شىماللىقلار نېمىدېگەن غەلىتە ئادەملەر، پېتتېر نېگىر تۇرسا، خۇددى قۇلىقى ئاڭلىمايدىغاندەك، كۆڭلى يوقتەك قىلىشىۋاتقان گېپىنى قارا! نېگىرلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىشمەمدىغاندۇ؟ ئۇلار نېگىرلارنى پەقەتلا چۈشەنمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى غوجايىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشمەيدىكەن. شۇنداق تۇرۇپ يەنە ئۇلارنى ئازاد قىلىمىز دەپ ئۇرۇش قىلىشقىنىچۇ تېخى. ئۇلارنى ئازاد قىلغان تۇرۇپ، يەنە ئۇلارنى چۈشەنمىسە بۇنى نېمە دېيىش كېرەك؟ مەقسىتى ئۇلار ئارقىلىق جەنۇبلۇقلارنى قورقۇتۇش ئىكەن شۇ. نېگىرلارنى ئۆزلىرى چۈشەنمەي، ياخشى كۆرمەي ھەم ئۇلارغا ئىشەنمەي تۇرۇپ، يەنە تېخى جەنۇبلۇقلار نېگىرلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى بىلمەيدۇ، دەپ چۇقان كۆتۈرۈشىدۇ تېخى.

نېگىرلارغا ئىشەنمەس ئىمىش! سىكارلېت ئۇلارغا ئىشىنىشتە ھەرقانداق ئاق تەنلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، شىماللىقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ شۇنداق. نېگىرلار سەممىمىي، چىداملىق ۋە مېھرىبان خەق، ھەرقانداق مۇشكۈل ئەھۋالدىمۇ ئۇلار بۇ

خىسلەتلىرىدىن تايمايدۇ. ئۇلارنى پۇل بىلەن ئۆزگەرتىشمۇ تەس. سكارلېت شىماللىقلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى تارادا تۇرغان ئاشۇ بىرنەچچە سەمىمىي ـ سادىق نىگىرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلار قېچىپ كەتسە ياكى ئارمىيەگە قاتنىشىپ ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرسە تامامەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلار تارادىن كەتمىدى. ئۇ دىلسىينىڭ كېۋەزلىكتە ئۆزى بىلەن يانمۇ يان تۇرۇپ ئىشلىگەنلىكلىرىنى، پوركىنىڭ ئۇلارغا توخۇ ئوغرىلاپ ئەكېلىپ يېگۈزگەنلىكىنى، نىگىر ئانىسىنىڭ ئۆزىنى خاتا ئىش قىلىپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ئاتلانتاغا بىللە كەلگەنلىكىنى، ئەرلىرى ئۇرۇشقا كەتكەن قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى نىگىرلارنىڭ ئايال خوجايىنلىرىنى ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىلىرىدىن قانداق ساقلاپ قالغانلىقلىرىنى، يارىدارلارنىڭ يارىلىرىنى تاڭغانلىقلىرىنى، ئۆلگەنلەرنى كۆمگەنلىكلىرىنى، خوجايىنلىرىنى ئاچ قويماسلىق ئۈچۈن ھەتتا دىۋانىلىق، ئوغرىلىق قىلىشقانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى. ھازىرمۇ ئۇلار «ھۆرلەر ئۇيۇشمىسى»نىڭ خىلمۇ خىل ۋەدىلىرىگە ئالدانماي، يەنىلا ئىلگىرىكى خوجايىنلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈشۈۋاتاتتى. يەنە تېخى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۆتە جاپالىق ئىشلىشىۋاتاتتى. مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى شىماللىقلار بىلمەيتتى ھەم مەڭگۈ چۈشەنمەيتتى.

— لېكىن، ئۇلار سىلەرنى ئازاد قىلدى ـ دە، — دېدى سكارلېت پېيتېرغا ئۈنلۈك سۆزلەپ.

— ياق، خانقىز، ئۇلار مېنى ئازاد قىلمىدى، مەنمۇ ئۇ يارىماسلارنىڭ مېنى ئازاد قىلىشىغا موھتاج ئەمەس، — دېدى پېيتېر ئاچچىقى بىلەن، — مەن يەنىلا پىتتىيپات خانقىزغا مەنسۇپ. مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇياق مېنى خاملىتون ئائىلىسىنىڭ قەبرىستانلىقىغا كۆمۈپ قويىدۇ، چۈنكى مەنمۇ شۇ يەرنىڭ ئادىمى... ئەگەر پىتتىيپات خانقىز سىزنىڭ مېنى ئۇ شىماللىق خوتۇنلارنىڭ ھاقارىتىگە قويغانلىقىڭىزنى ئاڭلايدىغان

بولسا چوقۇم خاپا بولىدۇ.

— مەن نەدە ئۇنداق قىلدىم! — سىكارلېت ھەيران بولۇپ تۈۋلاپ كەتتى.

— شۇنداق قىلدىڭىزغۇ، سىكارلېت خانقىز، — دېدى پېتتېر. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تېخىمۇ ئۇچلىنىپ كەتتى، — مۇھىمى، سىز بىلەن مېنىڭ ئۇ شىماللىقلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشىمىزغا بولمايتتى. ئۇلارغا گەپ قىلمىغان بولسىڭىز، ئۇلار ماڭا ئاقىرىقلىق نىگىرلاردەك ھەم ئېشەكتەك مۇئامىلە قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ماڭا يان بېسىپ ئۇلارنى ئەيىبلىمىدىڭىز.

— ئەيىبلىدىمغۇ! — دېدى سىكارلېت. بۇ تەنقىد ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتكەندەك قىلاتتى، — ئۇلارغا سېنى، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۆز ئادىمى دېدىمغۇ؟

— بۇ دېگەن ئەيىبلەش ئەمەس، پاكىت، — دېدى پېتتېر، — سىكارلېت خانقىز، سىزنىڭ ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭىز توغرا ئەمەس، ھېچقايسى ئۆينىڭ قىزلىرى سىزدەك قىلمايدۇ. پىتتىپات خانقىزنىڭ ئۇ يارىماسلارغا تىكىلىپ قارىغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان بولسا چوقۇم خاپا بولاتتى.

پېتتېرنىڭ تەنقىدلىرى سىكارلېتقا فىرانىك، پېتتىي ھامما ۋە قوشنىلارنىڭ گەپلىرىدىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلدى، ئاچچىقىدا بۇ قېرى نىگىرنى ئۇرۇپ - ئۇرۇۋەتكۇسىمۇ كەلدى. پېتتېرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست ئىدى، ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ بىر نىگىرنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە ئىشلەيدىغان بىر چاكار نىگىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى ئۇنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. ئۆز ئۆيىدىكى چاكار نىگىرلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈش جەنۇبلۇقلار ئۈچۈن ئەڭ نومۇسلۇق ئىش ئىدى.

— مېنى تېخى قېرى ئەڭگۈشتەر دېيىشىۋاتىدا، — پېتتېر يەنە غودۇراشقا باشلىدى، — ئەگەر پىتتىپات خانقىز مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەپلەرنى ئاڭلايدىغان بولسا، ماڭا ھەرگىز سىزنىڭ پەيتونىڭىزنى ھەيدەتكۈزمەيدۇ. چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، خانقىز.

— پىتتىي ھامىمام ھەرقانداق ئەھۋالدا ساڭا داۋاملىق مېنىڭ پەيتونىمنى ھەيدەتكۈزىدۇ، — دېدى سكارلېت سەل قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — شۇڭا بۇ توغرۇلۇق ئەمدى گەپ قىلىشمايلى.

— مېنىڭ بىلىمدىن چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى پېتتېر خاپا ھالدا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — بېلىم شۇنچىلىك ئاغرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، تۇز قىلالمايۋاتىمەن. مۇشۇنداق ئاغرىۋېرىدىغان بولسا، خانقىز ماڭا بۇ پەيتوننى ھەيدەتمەيدۇ... سكارلېت خانقىز، ئەگەر بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئادەملىرى سىزنىڭ قىلىقلىرىڭىزنى قۇۋۋەتلىمەيدىغان بولسا، شىماللىقلار بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ داشقاللىرى سىزنى دۇمبالايدۇ، ئۇ چاغدا سىزگە ھېچقانداق پايدا يوق.

بۇ گەپ بىلەن سكارلېتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تاھايىتى ياخشى خۇلاسىلەنگەنىدى. شۇڭا، ئۇ چەكسىز غەزەپ بىلەن ئويغا پاتتى: راست، ھۆكۈمرانلار ئۇنى قوللاۋاتىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن قوشنىلىرى بولسا ئۇنداق ئەمەس. پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىشىۋاتىدۇ، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلىدۇ، ھەتتا پېتتېر چېغىدىمۇ ئۇنىڭدىن بىزار، ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا چىقىشنىمۇ خالىمايۋاتىدۇ. بۇ بىر ئەجەللىك زەربە ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ خەقلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى قايتىلىغىمۇ ئېلىپ قويمايتتى، ھەتتا ئۇلارنى كۆزىگىمۇ ئىلمايتتى. ئەمدى پېتتېرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچمەنلىك ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، ئۇنى قوشنىلىرىغا شىماللىقلارغا ئوخشاش ئۆچ قىلىۋەتتى.

ئۇلارنىڭ مەن بىلەن نېمە كارى؟ — ئويلىدى ئۇ، — ئۇلار مېنى چوقۇم شىماللىقلار بىلەن ئارىلىشىشقا، ئۇلار ئۇچۇن ئېتىزدا ئىشلەيدىغان قۇللاردىنمۇ ئۆتە كۈچەپ ئىشلەشكە ئامراق

دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرى مېنىڭ ئىشلىرىمنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. بوپتۇ، ئۇلار نېمە دېسە دېيىشىۋەرسۇن، كارىم يوق يۈرىۋېرىمەن، كارىم بولسۇن دېسەممۇ هازىر ئامالىم يوق. بىر كۈنلەردە... بىر كۈنلەردە...

ئاھ، ئۇ كۈنلەر ئاخىر كېلىدىغۇ! ئۇنىڭ هاياتى كاپالەتكە ئېرىشكەن ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ راهەتلىنىپ ئارام ئالىدۇ، ئاپىسىغا ئوخشاش ئېسىلزادە خانىم بولىدۇ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن هەممە ئادەم ئۇنى هۆرمەتلەيدىغان بولىدۇ. ئاھ، پۇلى بولغان كۈنلەردە ئۇ شۇنچىلىك ئېسىللىشىپ كېتىدۇكى، خۇددى ئاپىسىغا ئوخشاش مېھرىبان، هەممە ئىشتا باشقىلارنى ئويلايدىغان، قائىدىلىك ئېسىلزادىگە ئايلىنىدۇ، قورقۇش ـ ئەندىشىلەردىن خالىي بولىدۇ. بالىلىرى بىلەن ئوينايدۇ، ئۇلارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئىللىق ۋە ئۇزاق چۈشتىن كېيىنلىرى مەرتىۋىلىك خېنىملار ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. ئۇ تاۋار ـ دۇردۇنلارنىڭ شىلدىرلاپ تۇرۇشلىرى ۋە ۋىلىقلاپ كۈلۈشلەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ چاكارلىرىغا خۇش پۇراق چاي، شېرىن يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ قىزغىن سۆھبەتلەردە بولىدۇ. بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئادەملەرگە ئىنتايىن ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ، كەمبەغەللەرگە سېۋەت ـ سېۋەت يېمەكلىكلەرنى سەدىقە قىلىپ بېرىدۇ. كېسەللەرگە ئالاهىدە ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. چىرايلىق پەيتونلاردا ئولتۇرۇپ هەسەتخور خوتۇنلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئاپىسىغا ئوخشاش هەقىقىي بىر ئېسىلزادە خانىم بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا هەممە ئادەم ئۇنى خۇددى ئېللېننى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ. نېمىدېگەن مەرد، نېمىدېگەن قولى ئوچۇق خانىم بۇ، دەپ ماختىشىدۇ.

ئۇ كەلگۈسىگە بولغان خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇرلىرىغا بەكمۇ مەپتۇن ئىدى، ئاشۇنداق مەرد، قولى ئوچۇق، مېھرىبان بولۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي تۇردە ئويلىمىسىمۇ، ھەرھالدا شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭغا لازىمى ئاشۇ خىسلەتلەر بىلەن ياخشى ئاتاققا ئېرىشىۋېلىش ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىكى خىياللىرى بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، ئۇ ئىشلارنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنى زادىلا پەرقلەندۈرمەيتتى، بىر كۈنلەردە پۇلى بولسا، ھەممە ئادەم ئۆزىنى ماختىسىلا بولاتتى.

بىر كۈنلەردە! لېكىن ھازىر ئەمەس، ھازىر بولمايدۇ. خەق ئۇنى نېمىلا دېسۇن، ھازىر ئۇنداق ئۇلۇغ ئايالغا ئايلىنىدىغان چاغ ئەمەس.

پېتىر توغرا دەپتىكەن، پىتتىي ھامما راستلا ھاياجانلىنىپ قالدى، پېتىرنىڭ بېلىمۇ بىر كېچىدىلا پەيتون ھەيدىيەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاغرىپ كېتىپ، سىكارلېت ئامالسىز پەيتوننى ئۆزى ھەيدەيدىغان بولدى، قوللىرىدا يەنە قاداق پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىيازنىڭ بىرىنچى ئېيى ئۆتۈپ كەتتى. تۆتىنچى ئاينىڭ سالقىن كۈنلىرى تۈگەپ، بەشىنچى ئاينىڭ ئىللىق كۈنلىرى باشلاندى. بىرىنچى ھەپتىگىچە سىكارلېت بىر دۆۋە ئىشلار ۋە غەم ـ قايغۇنىڭ ئىچىدە يۈردى. قورسىقى كۈندىن ـ كۈنگە يوغىناپ، ھەرىكەتلىرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دوستلىرى بارغانسېرى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئۆيدىكىلىرى بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىراپ قېلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئىشلەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. خاتىرجەمسىز ۋە مۇشۇنداق كۈچەپ ئىشلەپ كېتىۋاتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئۇنى چۈشىنىدىغان پەقەت بىرلا ئادەم بار بولۇپ، ئۇ ئادەم رېت باتلېر ئىدى. بۇمۇ قىزىق ئىش، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئىچىدە پەقەت شۇلا سىمابقا ئوخشاش بىر جايدا توختىماي لىغىرلاپلا تۇراتتى،

دوزاختىن چىققان ئالۋاستىغا ئوخشاش يىرگىنچلىك، ئەمما قەيسەر ئىدى، سىكارلېتقا ھېسداشلىق قىلاتتى، بۇ خىل ھېسداشلىقنى ئۇ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمدىن تاپالمايتتى.

رېت دائىم دېگۇدەك سىرلىق ھالدا يېڭى ئورلېئانغا بېرىپ تۇراتتى، نېمىگە بارىدىغانلىقىنى سىكارلېتقا دېمەيتتى. ئۇنى ئۇ يەردىكى مەلۇم بىر ئايال بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىكىن دەپ ئويلاپ، سىكارلېتنىڭ ئازراق كۆنداشلىقىمۇ تۇتۇپ قالاتتى. لېكىن، پىتتىر سىكارلېتنىڭ پەيتونىنى ھەيدەپ بېرىشتىن باش تارتقاندىن كېيىن، رېت باتلېرنىڭ ئاتلانتادا تۇرىدىغان ۋاقتى ئۇزىراپ قالدى.

شەھەردە ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى «دەۋر قىزى» ناملىق قاۋاقخانىدا قىمار ئوينىغاش ياكى بېلىلى ۋاتلىنىنىڭ قاۋاقخانىسىدا شىماللىقلار، سومكىچىلار بىلەن پۇل تېپىشنىڭ پىلانلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ ھازىر پىتتىيپات خانقىزنىڭ ئۆيىگە كۆپ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ فىرانك بىلەن پىتتىيپاتنى ئايىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، سىكارلېتنىڭ ئىشى تولىمۇ زىل بولۇپ، ئەرلەر تولا كەلسە فىرانك بىلەن پىتتىيپاتقا ئېغىر كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، سىكارلېت ئۇنى ھەر كۈنى دېگۇدەك كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ پەيتونىنى ھەيدەپ پىئاچتىر كوچىسى بىلەن دېكاتور كوچىسىنىڭ خىلۋەت يەرلىرى بىلەن پەن زاۋۇتىغا كېتىۋاتقاندا، رېت ئاتلىق كەينىدىن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭاتتى. بەزىدە ئېتىنى پەيتونىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويۇپ پەيتونغا چىقىپ پەيتونىنى ئۆزى ھەيدەپ ماڭاتتى. يېقىندىن بېرى سىكارلېت ئۆزى ئېتىراپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئاسان چارچايدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ياردىمىنى سۆزسىز قوبۇل قىلاتتى، ئىچىدە ئۇنىڭغا رەھمەتمۇ ئوقۇپ قوياتتى. رېت شەھەرگە كىرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن ئايرىلاتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى شەھەردە ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى، ئۇلارغا سۆز - چۆچەك قىلىدىغانغا يەنە گەپ تېپىلدى. سىكارلېتمۇ ئەدەپ - قائىدىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ بىرسىنى كۆپەيتىۋالغانىدى.

بەزىدە ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىشلىرىنى راستلا تاسادىپىي بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ شەھەردىكى نېگىرلار قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋاتقان جىددىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان ۋاقتى تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ نېمىشقا سىكارلېتنىڭ تۇرقى سەتلىشىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى ئىزدەيدۇ؟ بۇرۇن ئۇنى سىكارلېتقا قارىتا يامان خىياللاردا بولغان دېيىلىدىغان بولسا، ئەمدى ھازىر ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ سىكارلېت ھەتتا بۇرۇن ئۇنىڭدا شۇنداق خىياللارنىڭ بولغانلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىدۇ. رېتنىڭ شىماللىقلارنىڭ تۈرمىسىدىكى ئادەمنىڭ ئۇغىسىنى قاينىتىدىغان ھېلىقى ئۇچرىشىشنى ئېغىزغا ئالمىغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولدى، ئاشلىبي ھەم ئۇنىڭ ئاشلىيىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنىمۇ قىلمايۋاتاتتى. «سىزگە مەپتۇنمەن» دېگەندەك قوپال گەپلەرنىمۇ ئېغىزغا ئالمايۋاتاتتى. سىكارلېت يوق يەردىن گەپ تېپىپ، نېمىشقا ھازىر كۆپ ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالدۇق دېگەن گەپنى ئۇنىڭدىن سورىمىغانلىقىنى ئويلىدى. سىكارلېت كېيىن رېت باتلېرنىڭ قىماردىن باشقا ئىشىنىڭ يوقلۇقىنى، ئاتلانتادا سىرداش دوستلىرى بولمىغاچقا، ئانچە - مۇنچە مۆڭدىشىش ئۇچۇنلا ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى جەزم قىلدى.

مەيلى رېت قانداقلا سەۋەب كۆرسەتسۇن، سىكارلېت بۇ ئادەمنىڭ يەنىلا قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتاتتى. ئۇ سىكارلېتنىڭ ھەرقانداق غودۇراشلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. سىكارلېت خېرىدارلىرىدىن قانداق ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، قەرزلىرىنى يىغالمايغانلىقىنى، جونسۇن

ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى قانداق ئالداۋاتقانلىقىنى، خۇگىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى توختىماي سۆزلەيتتى. رېت باتلېر ئۇنىڭ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. فىرانك ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويغان، پىتتىپات بولسا «شۇنداقمۇ» دەپلا تۈگەتكەنىدى. سىكارلېت رېت باتلېرنىڭ دائىم ئۆزىگە ئاستىرتىن ياردەم بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن شىماللىق بايۋەچچىلەرنى، پۇلدار سومكىچىلارنى تونۇيتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بوينىغا ئالمايتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتى. شۇنداق تۇرۇپ ھەر قېتىم ئۇ قارا ئېتىغا مىنىپ دەرەخلىك يولنىڭ دوقمۇشىدىن چىقىپ كەلگەندە بۆلەكچىلا روھلىنىپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا ئازراق ئۆزىنى باسالمايمۇ قالاتتى. ئۇ پەيتونغا چىقىپ بوجىنى قولىغا ئېلىپ بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خۇددى ياشلىق ۋاقتىغا يانغاندەك سېزىپ، قورسىقىنىڭ تومپىيىپ تۇرغىنىغا قارىماي، بىر تالاي غەم ـ غۇسسىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ خۇلق چىقىرىپ نازلىنىپمۇ قوياتتى. ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىمۇ تۈگىمەيتتى، ھەممە نەرسىنى دەيتتى، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ياكى ھەقىقىي ئويلىرىنى يوشۇرماي سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى خۇددى فىرانكنىڭ ياكى ئاشلېينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋاتقاندەك، خۇددى شۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. قىسقىسى، رېت باتلېردەك بىر دوستىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمە سەۋەبتىنكىن، رېت ئۇنىڭغا قارىتا تولىمۇ ئىتائەتچان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ، سىكارلېتنىڭ دوستلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى.

— رېت، بۇ شەھەردىكى ئادەملەر نېمىشقا بۇنداق نومۇسسىز؟ نېمىشقا مېنىڭلا كەينىمدىن گەپ قىلىشىدۇ؟ — پىتتىپر تاغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ پەيتونىنى ھەيدەپ بېرىشنى رەت قىلىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە ئۇ قاتتىق ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى،

— ئۇلار دەۋاتقان ئەڭ يامان ئادەم مەنمۇ ياكى سومكىچىلارمۇ، زادىلا بىلىپ بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەنلا بولۇپ كەلدىم، يامان ئىشلارنى قىلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— سىز يامان ئىشنى شۇنداق بىر پۇرسەت بولمىغاچقىلا قىلمايۋاتىسىز، ئۇلار بەلكىم مۇشۇ نۇقتىنى غۇۋا ھېس قىلىشىۋاتقان بولسا كېرەك.

— گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرماڭچۇ! ئۇلار مېنى ساراڭ قىلىپ قوياي دېيىشتى. مەن پەقەت پۇل تېپىش ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەنغۇ...

— سىز ئاياللار قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلغىنىڭىز ھەم قىلغان ئىشىڭىزدا ئازراق نەتىجە ياراتقىنىڭىز ئۈچۈن شۇنداق بولۇۋاتقان گەپ. بۇرۇن سىزگە ئېيتقىنىمدەك، بۇ ھەرقانداق جەمئىيەت يول قويمايدىغان بىر خىل جىنايەت. باشقىلارغا ئوخشىمىغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ئۆلۈمگە مەھكۇم سىز، سىكارلېت. سىزنىڭ پەن زاۋۇتى ئېچىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىڭىز ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ئەرلەر ئۈچۈن ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىش بولدى. ئېسىڭىزدە بولسۇن، تەربىيە كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئايال ئۆيدە ئولتۇرۇشى، بۇ مۇرەككەپ ۋە رەھىمسىز دۇنيا توغرۇلۇق ھېچنەرسە بىلمەسلىكى كېرەك.

— ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئولتۇرسام ماڭا نېمە پايدا؟

— ئومۇمەن ئېيتقاندا، لاتاپەت ۋە غۇرۇرىڭىز بىلەن ئاچ قورساق ئولتۇرۇشىڭىز كېرەك شۇ.

— قۇرۇق گەپ! مېرىۋېتېر خانىمنى ئالايلى، ئۇ شىماللىقلارغا پوشكال ساتىدۇ، بۇ پەن زاۋۇتى ئاچقانغا قارىغاندا تېخىمۇ يامان ئىش. ئېلسىن خانىم باشقىلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكىدۇ. فەننى چىنىلەرگە ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمەيدىغان سەت رەسىملەرنى سىزىدۇ، خەقلەر بولسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ئۇ

نەرسىلىرىنى سېتىۋالىدۇ...

— سىز مەسلىنىڭ تېگىزىنى كۆرەلمەيۋاتىسىز، قەدىرلىكىم، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى راۋاج تاپمىغان ئىشلار، شۇڭا جەنۇبلۇق ئەرلەرنىڭ كۈچلۈك غۇرۇرلىرىغا تەگمىگەن. ئۇ ئەرلەر تېخى: «ئۇلار بىچارە ھەم ئۇماق خوتۇنلار، شۇنچىلىك جاپا تارتىشىۋاتىدۇ. بۇمۇ ياخشى ئىش، ئۇلارمۇ جان باقمىقنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ باقسۇن» دېيىشىپ قويىدۇ. يەنە بىر گەپ، سىز دېگەن ئۇ خانىملار ئىش قىلىشنى راھەت دەپ بىلىدىغان خوتۇنلار ئەمەس. ئۆزلىرىنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئامالسىزلىقتىن قىلىۋاتقان ئىشلار ئىكەنلىكىنى، بىرەر ئەر كىشى كېلىپ ئۇلارنى ئۇ ئىشتىن ئازاد قىلغاندىلا، ئاياللار قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئۇ ئىشلاردىن قول ئۈزۈشىدىغانلىقلىرىنى خەقلەرگە بىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن بىئارام بولىدۇ. سىزچۇ، سىز بىر ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىسىز، بىرەر ئەر كىشىنىڭ ئۆزىڭىزنى باشقۇرۇشنى خالىمايسىز، شۇ سەۋەبتىن سىز ئۈچۈن بىئارام بولىدىغانلار چىقمايدۇ. مۇشۇ ئىشىڭىز ئۈچۈنلا ئاتلانتادا سىزنى كەچۈرىدىغان ئادەم چىقمايۋاتقان گەپ. چۈنكى، باشقىلار ئۈچۈن بىئارام بولۇشمۇ ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ـ دە.

— بەزىدە سىزنى ئىشلارغا جىددىي قارىسىكەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— سىز شەرقنىڭ: «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەن تەمسىلىنى ئاڭلىمىغانمۇ. ئۇلار سۆزلىسە سۆزلەۋەرسۇن. سىكارلېت، سىزنىڭ كارۋىنىڭىزنى ئۇلار توختىتىپ قالالمايدۇ.

— پۇلنى مەن تاپسام ئۇلار نېمىدەپ مېنى باشقۇرىدىكەن؟

— سىكارلېت، سىز ھەممىگە يېتىشىمەن دەپ ئويلىماڭ، بىر بولسا، ئاياللىقىڭىزغا قارىماي پۇل تېپىپ، خەقلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئىچىدە ياشاۋېرىڭ، بىر بولسا، ئېسىلزادىلىكىڭىزنى ساقلاپ، نامرات، ئاچ قورساق ئولتۇرۇپ دوستلىرىڭىزنىڭ

ئالقىشىغا ئېرىشىڭ. ئەمما، سىز ھازىر ئۆزىڭىزنىڭ يولىنى ئاللىبۇرۇن تاللاپ بولدىڭىز.

— مەن نامرات ياشاشنى ھەرگىز خالىمايمەن، — دېدى سىكارلېت دەررۇلا، — بۇ يولۇم توغرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئەگەر سىز پۇلغا شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق بولسىڭىز.

— ئېھتىياجلىق بولمامدىغان، مەن دۇنيادا پۇلنى ھەممىدىن ئەزىز بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا يولىڭىزنى تاللاپ بوپسىز. ئەمما، بۇ تاللاشقا سىز ئېھتىياجلىق بولغان ھەرقانداق نەرسىگە ئوخشاش بىر خىل جازا قوشۇلغان، ئۇ بولسىمۇ غېرىبسىنىش.

سىكارلېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر پەس جىمىپ كەتتى. بۇمۇ راست گەپ ئىدى. ئىنچىكە ئويلاپ باقسا غېرىبسىنىش مەۋجۇت ئىكەن... چۈنكى ئۇ ئايال دوستلىرىنىڭ بولمىغانلىقى بىلەن دائىم غېرىبسىنىپ يۈرەتتى. ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا كەيپىياتى تۆۋەن بولسا ئاپىسىنى ئىزدەپ بارسا بولاتتى. ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مېلانىيە بىر مەزگىل ھەمراھ بولدى. تارادىكى جاپالىق ئەمگەكلەردە بىللە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككىسىدە ئورتاقلىق يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ بىرمۇ ھەمراھى يوق، پىتتىپات ھامما ئۆزىنىڭ پاراڭلىشىدىغان كىچىككىنە دائىرىسىدىن باشقا، ھايات توغرۇلۇق ھېچقانداق خىياللىرى يوق ئايال ئىدى.

— مەن ئويلايمەن ... مەن ئويلايمەن، — دېدى سىكارلېت شۆبھە ئارىلاش، — ئاياللارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، مەن باشتىن - ئاخىر غېرىبلىق ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، ئاتلانتادىكى ئاياللارنىڭ مەندىن بىزار بولۇشى يالغۇزلا مېنىڭ بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىمدىن ئەمەس. ئىشقىلىپ، ئۇلار مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاپامدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ياخشى كۆرمەيدۇ، مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بىرمۇ ئايال يوق، ھەتتا سىڭىللىرىممۇ شۇنداق. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى زادىلا

بىلمەيمەن. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، چارلىس بىلەن توي قىلماستىمۇ ئاياللار مېنىڭ ئىشلىرىمنى ياقتۇرمايتتى.

— ۋىلكىس خانىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز، — رېتنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل يامان غەرەز ئەكس ئەتكەندەك بولدى، — ئۇ دائىم سىزنى قوۇۋەتلەپ كېلىۋاتقان ئەمەسمۇ؟ كېيىن ئېيتالايمەنكى، ئۇ سىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىڭىزدىن باشقا ھەممە ئىشىڭىزنى قوۇۋەتلەيدۇ.

«ئۇ مېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنىمنىمۇ قوۇۋەتلىگەن» دەپ ئويلىدى سكارلېت ئىچىدە. ئاندىن مەسخىرە مەنىسىدە كۈلۈپ قويدى.

— ئاھ، مېلانىيە، — ئۇ بىردىنلا مېلانىيەنى ئېسىگە ئالدى، ئارقىدىنلا چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى، — مېنى قوللايدىغان بىردىنبىر ئايال شۇ. ئەمما، بۇ مېنىڭ قانداقتۇر بىر شەرەپلىك ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭدا توخۇنىڭ كاللىسىچىلىكمۇ كاللا يوق. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا... — ئۇ سەل قورۇنۇپ قېلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى.

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، قوۇۋەتلىگىلى بولمايدىغان بەزى ئىشلارنى سەزگەن بولاتتى، — ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى رېت چۈشۈردى، — بۇ ئىشلار ماڭا قارىغاندا سىزگە ئېنىقراق.

— سىزنىڭ شۇ نەس باسقۇر خاتىرىڭىز بىلەن قارغىش تەگكۈر قىلىقلىرىڭىزنىزە.

— سىزنىڭ بۇ خىل ئادالەتسىز قوپاللىقلىرىڭىزنى ئىنچىكىلەپ ئولتۇرماي يەنە گېپىڭىزگە كېلەيلى، بۇ ئىشلاردا ئۆزىڭىز بىر قارارغا كەلسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئادەم بولسىڭىز، كىشىلىك دۇنيادىن، ھەتتا قۇرداشلىرىڭىزدىنمۇ، ئاتا ـ ئانىڭىزدىنمۇ، بالىلىرىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ ياشايسىز. ئۇلار سىزنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ، نېمىلا ئىش قىلىڭ، سىزدىن نەپرەتلىنىدۇ. بوۋا ـ مومىلىرىڭىز

بەلكىم سىزدىن پەخىرلىنىشى ياكى: «بۇ قىزىمىز دادىسىغا ئوخشاش بولۇپ چىقتى» دېيىشلىرى، نەۋرىلىرىڭىزمۇ سىزگە ھەۋەس قىلىپ: «بىزنىڭ مومىمىز قەھرى بار موماي جۇمۇ» دېيىشىپ سىزدىن ئۈگىنىشلىرى مۇمكىن.

سىكارلېت ئۆزىنى تۇتالماي پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ بەزىدە سىز ناھايىتى توغرا گەپ قىلىسىز! مېنىڭ مومام روبېللارد شۇنداق ئىدى. كىچىك ۋاقتىمدا كەپسىزلىك قىلسام، نېگىر ئانام مومامنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ مېنى قورقۇتاتتى. مومام تەرى سوۋۇن، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ناھايىتى تەلەپچان مەزلۇم ئىدى، ئەمما ئۇ ئۈچ قېتىم ئەرگە تەگكەن. ئۇنى تالىشىپ قالغان يىگىتلەر كۈرمىڭ قېتىم دۇئېلغا چىقىشقانىكەن. ئۇ ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ، ئالدى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئوچۇق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرەتتى... ھىم... ئىچىگە زادىلا ئىچ كىيىم كىيمەيدىغان.

ــ شۇڭا، سىز ئاپىڭىزنى دوراشقا ھەرىكەت قىلىسىڭىزمۇ، ئەمما چىن كۆڭلىڭىزدىن مومىڭىزغا قايىل. مېنىڭ بىر بوۋام باتلېر جەمەتىدىن، دېڭىز قاراقچىسى ئىدى.

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ئەسىرلەرنى كۆزلىرىنى تېڭىپ كېمىگە سېلىپ ماڭىدىغان قاراقچىلاردىنمۇ؟

ــ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا ئىش بولسا ئۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىنى تېڭىپ كېمىگە باسىدۇ. قىسقىسى، ئۇ نۇرغۇن پۇل تاپقان، كېيىن خېلى كۆپ پۇلنى دادامغا مىراس قىلىپ بەرگەن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئېھتىيات بىلەن «كاپىتان» دەپ ئاتىشاتتىكەن. مەن تۇغۇلۇشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى قاۋاقخانىدا بىرلىرى بىلەن مۇشتلىشىپ قىلغاندا ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. بالىلىرى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئەركىن تىنىشىپتىكەن. ھاراقنى ھەر كۈنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ تىنماي جېدەل چىقارسا، خاتىرجەملىك بولمىسا، بالىلىرىغا ئاراملىق بولامدۇ؟ ئەمما، مەن ئۇنىڭغا قايىل، دادامنى ئەمەس،

ئۇنى دوراشنى كۆپرەك ئويلايمەن. مېنىڭ دادام ياۋاش بىر مۆتىۋەر، نۇرغۇن ياخشى ئادەتلىرى، ياخشى گەپلىرى بار... ئىشلار ئەنە شۇنداق بولىدىكەن. ئىچىمدىكىنى ئېيتسام، سىكارلېت، سىزنىڭ بالىلىرىڭىزمۇ مېرۋېتېر خانىم بىلەن ئېلسىن خانىملارغا ئوخشاش سىزنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. بالىلىرىڭىز جاپادىن قورقىدىغان، ئوغۇل بالىچىلىقى يوق بالىلاردىن بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئۆزى جاپانى كۆپ تارتقان كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ بالىلىرى ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى تارتقان جاپانى بالىلىرىغا تارتقۇزماسلىققا تىرىشىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خاتا. جاپا ئادەمنى ئەقىللىك قىلىدۇ، يا ۋەيران قىلىدۇ، شۇڭا سىز ئۆزىڭىزنى قوللايدىغانغا نەۋرىلىرىڭىزنى ياخشى تەربىيەلىسىڭىز بولىدۇ.

— بىزنىڭ نەۋرىلىرىمىزنىڭ قانداقراق ئادەملەردىن بولىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ - دە.

— سىز «بىزنىڭ» دېگەن گەپ بىلەن، ئىككىمىزنىڭ نەۋرىلىرى بولىدۇ، دېمەكچىمۇ؟ ئىشىڭىزنى قىلىڭ، كېننېدى خانىم.

سىكارلېت شۇئان ئۆزىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇنى بىئارام قىلغىنى رېت باتلېرنىڭ ئۇ چاقچاقىلا ئەمەس ئىدى، شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ ھامىلىدارلىقىنى دەررۇ ئېسىگە ئالغانىدى. ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ ھامىلىدارلىقىدىن زادىلا گەپ ئاچمىغانىدى. سىكارلېت رېت باتلېر بىلەن بىللە بولۇپ قالغان چاغلاردا ئەدىيالنى قولتۇقىغىچە تارتىپ، ئەتراپىنى ھىم ئېتىپ ئولتۇراتتى، ئىسسىق كۈنلەردىمۇ شۇنداق قىلاتتى. مۇشۇنداق قىلسام ھامىلىدارلىقىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ دەپ ئۆزىنى ئاياللارغا خاس ئادەت بويىچە بەزلەپ قوياتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، بىردىنلا نومۇستىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— پەيتوندىن تېز چۈشۈپ كېتىڭ، لۈكچەك! — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى رېت خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، — سىز ئۆيگە يېتىپ بارمايلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەتراپقا يېڭىدىن نېگىرلار كەلدى، چېدىرلار بىلەن لەمپىلەرنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ، ھەممىسى يولدىن چىققان نېمىلەر ئىكەن. ئاسانلا ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان 3K پارتىيەسىدىكىلەرگە باھانە تېپىپ بېرىپ نېمە قىلىسىز؟ سىزنىڭ تۆپەيلىڭىزدىن ئۇلار بۈگۈن ئاخشاملا ئۇزۇن تونلىرىنى كىيىشىپ كوچىمۇ كوچا قاتراپ يۈرۈشىدۇ شۇ.

— يوقىلىڭ! — ئۇ توۋلاپ، رېت باتلېرنىڭ قولىدىكى بوجىغا ئېسىلدى. شۇ ئارىدا بىردىنلا كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. رېت دەررۇ پەيتوننى توختىتىپ، پاكىز ئىككى قول ياغلىقنى ئۇنىڭغا سۇندى ۋە ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن سىكارلېتنىڭ پەيتوننىڭ بىر تەرىپىگە قىيسىيىپ قالغان بېشىنى تۇزلەپ قويدى. دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان گۆگۈم مەھەلدىكى قۇياش نۇرى قارىسا ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان كىچىك - كىچىك ئالتۇن رەڭ دائىرىلەرنى ھاسىل قىلغانىدى، سىكارلېت كۆڭلى ئېلىشىش توختاپ سەل ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن نومۇس قىلىپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتقىنىچە يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەر كىشىنىڭ ئالدىدا ياندۇرغىنىدىنلا ئەمەس — بۇمۇ ئادەمنى قاتتىق خىجىل قىلىدىغان ئىش بولۇپ، ئايال كىشىنى نومۇستىن ئۆلتۈرەتتى — مۇشۇ ياندۇرۇش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇشتەك يۈز كېتىدىغان بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويغىنىدىن قاتتىق نومۇس قىلىپ كەتكەنىدى. يەنە كېلىپ بۇ ئىش ئۇنىڭ ئالدىدا، يەنى ئەزەلدىن ئاياللارنى ھۆرمەت قىلىپ باقمىغان رېت باتلېرنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەنىدى. ئۇ يىغلاپ ئولتۇرۇپ رېت باتلېرنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان قوپال مەسخىرىلىرىنى ئاڭلاشقا

تەييارلاندى.

— ساراڭلىق قىلماڭ، — دېدى رېت باتلىر تەمكىن ئولتۇرۇپ، — خىجىل بولۇپ يىغلاۋاتقان بولسىڭىز ئىنتايىن ئەخمەق ئىكەنسىز، سىكارلېت، بالىلاردەك قىلىق قىلماڭ. مېنىڭ قارىغۇ ئەمەسلىكىمنى، ھامىلىدار ئىكەنلىكىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا بىلىپ بولغانلىقىمنى سېزىشىڭىز كېرەك ئىدى.

سىكارلېت قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك «ۋاي»لا دېدى ـ دە، ئىككى قولى بىەن قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى مەھكەم يېپىۋالدى. ئۇنى «ھامىلىدار» دېگەن سۆز قورقۇتۇۋەتكەنىدى. فىرانك ئۇنىڭ ھامىلدارلىقىنى سەل خىجىل بولغاندەك تەلەپپۇزدا «سىزنىڭ ئاشۇ تۇرقىڭىز» دېگەن گەپ بىلەن ئىپادىلەيتتى. دادىسى گېرالدمۇ دېمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالغان چاغلاردا «ئۆيدە بولۇپ قالدى» دېگەن گەپنى ئىشلىتەتتى. ئاياللار تېخىمۇ يوشۇرۇپ «ئەھۋالى قىيىن» دېيىشەتتى.

— مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىغان بولسىڭىز تازىمۇ بالىلىق قىپسىز. ئەدىيالغا مەھكەم ئورىلىۋېلىپ ئولتۇرۇۋالغىنىڭىز بىلەنمۇ ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانمەن، بولمىسا مەن نېمىشقا دائىم...

ئۇ بىردىنلا گېپىنى توختىتىۋالدى، ئىككىسى جىمىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن رېت بوجىنى قولىغا ئېلىپ ئاتنى ھەيدىدى، ئاندىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك گېپىنى قىلىۋەردى، ئۇنىڭ ئالدىرىماي قىلىۋاتقان گەپلىرى سىكارلېتنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە خۇشال ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى، يۈزىدىكى قىزىللىقمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىۋاتاتتى.

— مەن سىزنى بۇنداق ئاسان ھاياجانلىنىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، سىكارلېت. خېلى ئەقلى ـ ھوشى بار دەپ بىلەتتىم، ھازىر سەل رايىم يېنىپ قالدى. بۇ ئىشتىنمۇ نومۇس قىلغان بارمۇ؟ شۇ گەپنى دېگەنلىكىم ئۇچۇن بەلكىم مەرتىۋىلىك ئادەم سانالماسمەن، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئۇنداق ئادەملەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەسلىكىمنى بىلىمەن. ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولمىغىنىمدىن قارىغاندا، ئۇلارنى ئادەتتىكى ئادەملەر دەپ قارايدىغان ئوخشايمەن ــ نېمىشقا ئاسمانغا، يەرگە ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسىگە قارىغىلى بولىدۇ، ئاياللارنىڭ بېلىگە، ئاندىن باشقا يېرىگە قارىغىلى بولمايدۇ ــ بۇ پۈتۈنلەي نورمال ئەھۋالغۇ. ياۋروپالىقلار بىزگە قارىغاندا كۆپ ئىلغار ئىكەن. ئۇلار ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئاياللارنى قىزغىن تەبرىكلىشىدۇ. مەنمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش قىلاي دېمەكچى ئەمەس. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇ خىل ئادىتى بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ھەممىدىن قاچۇرىدىغان ئادىتىمىزدىن ئىلغاردەك قىلىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي نورمال ئەھۋال، ئاياللار خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئۆيگە سولىنىۋالماي بۇ ئىشتىن پەخىرلەنسە بولىدۇ.

ــ پەخىرلەنسە؟ ــ سىكارلېت بوش توۋلاپ قويدى، ــ پەخىرلىنەرئىمىش ... تۇفى!

ــ سىزچە، بالا پەخىرلىنىشكە ئەرزىمەمدۇ؟

ــ ۋاي خۇدايىمەي! ياق، مەن بالىغا ئۆچ!

ــ سىز ... مەن فىرانكنىڭ بالىسىغا ئۆچ دېمەكچىمۇ؟

ــ ياق، كىمنىڭكىلا بولسۇن، بالىغا ئۆچمەن.

سىكارلېت بىردىنلا ئۆزىنىڭ يەنە گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ بوشىشىپ كەتتى. لېكىن، رېت باتلېرنىڭ ئۇ گېپىگە دىققەت قىلمىغاندەك توختىماي سۆزلەۋەردى.

ــ ئەمىسە ئىككىمىز بۇ جەھەتتە ئوخشاشمايدىكەنمىز. مەن بالىنى ياخشى كۆرىمەن.

ــ بالىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ــ ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا توۋلاپ كەتتى، ھەيرانلىقتىن ئۆزىنىڭ بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، ــ سىز يالغان گەپكە نېمىدېگەن ئۇستا.

ــ مەن راستلا بوۋاقنى، كىچىك بالىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلار چوڭ بولۇپ، چوڭلارنىڭ پىكىر قىلىش ئادەتلىرى بىلەن

يالغان گەپ قىلىپ ئادەم ئالدايدىغان ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ياخشى كۆرمەيمەن. بۇمۇ سىز ئۈچۈن يېڭىلىق بولمىسا كېرەك. ۋاد كۆڭۈلدىكىدەك بالا بولمىسىمۇ، مېنىڭ يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىز.

سكارلېت بۇنىڭ راستلىقىنى ئويلاپ بىردىنلا ھەيران قالدى، رېت دېمىسىمۇ ۋاد بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا دائىم ئويۇنچۇقلارنى ئەكېلىپ بېرەتتى.

— ئىككىمىز بۇ قورقۇنچلۇق مەسىلە توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىڭىزمۇ پات ئارىدا يەنە بىر بالىلىق بولىسىز، شۇڭا بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى سىزگە دېيىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان گەپلىرىمنى دەپ باقسام. ئۇ مۇنداق ئىككى ئىش ئىدى: بىرسى، سىزنىڭ پەيتوننى ئۆزىڭىز يالغۇز ھەيدەپ يۈرۈشىڭىز بەكمۇ خەتەرلىك، باشقىلارمۇ سىزگە بۇ توغرۇلۇق خېلى گەپ قىپتۇ. يامان ئادەملەرنىڭ ئۆزىڭىزگە باسقۇنچىلىق قىلىش ـ قىلماسلىقىغا سەل قارىسىڭىزمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىشىڭىز كېرەك. سىز جاھىللىقىڭىز تۈپەيلى ئىش تېرىپ قويىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا مەردانە يىگىتلەردىن بىرنەچچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرنەچچە نىگىرنى ئۆلتۈرۈپ، سىز ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشلىرى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن شىماللىقلار ئۇلارنى جازالايدۇ، بەزىلىرىنى دارغا ئاسمايدۇمۇ دېگىلى بولمايدۇ. سىز بەزى خانىملارنى سىزنى ياخشى كۆرمەسلىكىدىكى بىر سەۋەبنىڭ سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن ئوغۇللىرى ياكى ئەرلىرىنىڭ بالا تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ يەنە بىر گەپ، 3K پارتىيەسىدىكىلەر نېگىرلارنى كۆپرەك ئۆلتۈرۈپ قويسا، شىماللىقلار ئاتلانتاللىقلارغا تېخىمۇ قاتتىق چارە قوللىنىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ھەممىمىز شېرماننى بۇلارغا قارىغاندا پەرىشتە ئىكەن، دەپ قالىدىغانمۇ ئىش بولامدۇ قانداق؟ مۇنداق دېيىشىمدە ئاساسىم بار، چۈنكى مېنىڭ شىماللىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ياخشى، خىجىل بولماي دەۋېرەي، ئۇلار ماڭا خۇددى ئۆز ئادەملىرىدەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئاشكارا شۇنداق گەپلەرنى قىلىشقانلىقىنى ئاڭلىغان. ئۇلار 3K پارتىيەسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتماقچى، شۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇ شەھەرنى ئىككىنچى قېتىم كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشكە رازى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون ياشتىن يۇقىرى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئېسىشماقچى. شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا بۇنىڭ سىزگە زىيىنى چوڭ بولىدۇ. ئۇ چاغدا تاپقان پۇللىرىڭىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايسىز. ئوتتىنىڭمۇ نەدىن تۇتىشىپ نەگىچە كۆيىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇغۇ كىشى. ئۇلار مال ـ مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىشىدۇ، باجنى ئۆستۈرىدۇ، گۇمانلىق ئاياللارغا جەرىمانە قويىدۇ... بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. 3K پارتىيەسىدىكىلەر...

— سىز 3K پارتىيەسىدىكىلەرنى تونۇمسىز؟ تومى ۋېلبۇرن، خۇگ ياكى...

رېت سەل سەۋرسىزلىنىپ مۇرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— مەن دېگەن خائىن، ئىشپىيون، لۈكچەك تۇرسام ئۇلارنى نەدىن بىلەي. مېنىڭ ئۇلارنى بىلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئەمما، شىماللىقلار گۇمان قىلىۋاتقان ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق قارامىلىقىنى بىلىمەن. ئۇ ئادەملەر ھەممىسى دېگۈدەك دارغا ئېسىلىپ كەتتى. مەن سىزنىڭ قوشنىلىرىڭىزنىڭ دارغا ئېسىلىپ كېتىشىدىن قىلچە ئازابلانمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، ئەمما پەن زاۋۇتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىز چوقۇم ئىچىڭىز ئېچىشىدۇ. چىرايىڭىزدىن بىلىنىپ تۇرۇۋاتقان جاھىللىقىڭىزدىن مېنىڭ گەپلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا بۇ گەپلىرىمۇ سىز ئۈچۈن بەرىبىر. شۇنداقتىمۇ سىزگە بىردىنبىر نەسىھەتىم، سىرتلارغا يالغۇز چىققاندا تاپانچىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ... مەن شەھەردىلا بولسام دائىم كېلىپ پەيتونىڭىزنى ھەيدەپ بېرىمەن.

— رېت، سىز راستىلا ... راستىلا مېنى قوغداش ئۈچۈن...

— شۇنداق، سۆيۈملۈكۈم. مېنىڭ دائىم ماختىنىدىغان رېتسارلىق روھىم مېنى سىزنى قوغداشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مەسخىرە ئالامەتلىرى يەنە ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى، چىرايىدىكى جىددىي ھالەت پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقالدى، — يەنە نېمە ئۈچۈن؟ سىزنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۈچۈن، كېتىنېدى خانىم. شۇنداق، مەن سىزنى ئۈنسىز ياخشى كۆرىمەن، يىراقتىن سىزگە چوقۇنىمەن، ئەمما مەنمۇ ئاشلېي ئەپەندىگە ئوخشاش ئالىيجاناب، شۇڭا ئۇ ھېسسىياتلىرىمنى سىزدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى، ھېم، سىز فىرانكىنىڭ خانىمى، شۇڭا ئىززەت - ئابرۇيۇمنى ساقلاپ بۇنى سىزگە بۈگۈنگىچە دېمەي كەلگەن. لېكىن، ۋىلكېس ئەپەندىگە ئوخشاش نام - ئابرۇيىنى ئەزىز بىلىدىغان ئادەملەرنىڭمۇ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن، شۇڭا مەنمۇ ھازىر كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى سىزگە ئاشكارىلىدىم، يەنە ھېلىقى...

— خۇدا ھەققىدە ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — سكارلېت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ھەر قېتىم رېت ئۇنى خۇددى گالۋاڭ ئادەمدەك كولدۇرلاتقان چاغلاردا قاتتىق ئاچچىقى كېلەتتى ھەم ئاشلېينى، ھەم ئۇنىڭ نام - ئابرۇيىنى سۆھبەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىشىنىمۇ خالىمايتتى، — سىزنىڭ ماڭا دېمەكچى بولغان يەنە بىر ئىشىڭىز قايسى؟

— نېمە بولدى. مۇھەببەت ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتقان ھەم پارە - پارە بولۇۋاتقان يۈرىكىمنى ئاشكارىلاۋاتسام، گەپنى باشقىغا يۆتكىۋەتمەكچىمۇسىز؟ بوپتۇ. يەنە بىرسى مۇنداق ئىش، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مەسخىرە ئالامەتلىرى يوقىلىپ كەتتى، چىرايىمۇ تۇرۇلۇپ تەمكىن تۈسكە كىردى.

— بۇ ئېتىڭىزغا بىر ئامال قىلىڭ. بەكرەك شاشتەك قىلىدۇ. ئاغزىمۇ قاتتىق ئىكەن، ئۇنى ھەيدەپ ماڭغاندا قاتتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چارچايسىز، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر پەيتونىنى ئېلىپ قاچىدىغان بولسا ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنى توختىتالمايسىز. پەيتون ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان بولسا ئۆزىڭىزمۇ، بالىڭىزمۇ ئامان قالمايسىلەر، ئۇنىڭغا يۈگەننىڭ ئېغىرىنى سېلىڭ. يا بولمىسا ئۇنى ياۋاش، ئاغزى يۇمشاق بىر ئاتقا تېگىشىۋېتىڭ.

سكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىپادە يوق، ئەمما سەممىي چىرايىغا قاراپ، بىردىنلا بايىقى ئاچچىقلىرى نەگىدۇر يوقالدى. بايا ئاچچىقىدا ئۆلۈۋالغۇدەك بولغانىدى. رېت ئۇنى بۇ گەپلىرى بىلەن تىنچلاندۇرۇپ يۈرىكىنى ئورنىغا چۈشۈردى. ھازىر ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل بىر ئادەمگە ئايلانغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئېتىغىچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ يۈرىكىدە قاتتىق ھاياجان قوزغىدى. ئۇ نېمىشقا دائىم مۇشۇنداق بولمايدىغاندۇ؟

— بۇ ئاتنى باشقۇرماق راست تەس، — دېدى سكارلېت مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — بوجىنى دائىم چىڭ تارتىپ تۇرغاچقا كېچىچە بىلەكلىرىم ئاغرىپ چىقىدۇ. ئۇنى قانداق قىلسام ئوبدان باشقۇرۇپ كېتەلەرمەن، دەپمۇ ئويلايتتىم. ئەمىسە سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلاي، رېت.

رېت باتلېرنىڭ كۆزلىرى غەلىتىلا پارقىراپ كەتتى.

— مانا بۇ گېپىڭىز ئايالالارنىڭ گېپىگە ئوخشىدى، شۇنچىلىك تاتلىق، كېنىنېدى خانىم. ئادەتتىكى ھازازۇل تەلەپپۇزلىرىڭىزغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. سىزنى ئانچە ـ مۇنچە ئەدەپلەپ تۇرسا ئەرلەرنىڭ گېپىگە كىرىدىغان ياۋاش ـ يۇمشاق خانىمغا ئايلىنىدىغانمۇ ئوخشايسىز.

سكارلېتنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ يەنە خاپا بولۇپ كەتتى.

— ئەمدى پەيتوندىن چۈشۈپ كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، بولمىسا مۇشۇ قامچا بىلەن ساۋايمەن. نېمىشقا دائىم سىزگە يول قويىدىغانلىقىمنى، سىز بىلەن ئامال بار ياخشى بولۇپ قېلىشنى

ئويلايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. سىز ئەدەپ ـ قائىدىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىكەنسىز، بەئەينى... بولدىلا، يوقىلىڭچۇ!

رېت باتلېر پەيتوندىن چۈشۈپ كەينىگە باغلاقلىق ئېتىنى يەشتى. ئاندىن يولنىڭ بويىدا ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ بىردەم تۇردى، سكارلېتمۇ جاۋابەن يالغان ھىجىيىپ قويۇپ پەيتوننى ھەيدەپ كەتتى.

راست، ئۇ قوپال ھەم قۇۋ، خاتىرجەم مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدىغان ئادەم. ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان گال پىچىقىڭنىڭ قاچانلاردىن ئۆتكۈر پىچاققا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تۇيمايلا قالىسەن، شۇنداقتىمۇ ئادەمنى ھاياجانغا سالالايدۇ، خۇددى... بىراندى ھارىقىنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋالغاندەك.

بىرنەچچە ئايدىن بېرى سكارلېت بىراندىنىڭ پايدىسىنى خېلى كۆرۈپ قالغانىدى. ھەر كۈنى كەچتە قايتىپ كەلگەندە، كەچكىچە پەيتوندا سىلكىنىپ ئولتۇرۇپ چارچاپ كەتكەچكە، ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا نېگىر ئانىسىنىڭ سەزگۈر كۆزلىرىدىن يوشۇرۇپ جاۋەننىڭ ئەڭ ئۇستىدىكى تارتمىسىغا تىقىپ قويغان بىراندىلا ئۇنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى. مادې دوختۇر ئۇنىڭ ھامىلدار تۇرۇپ ۋىنودىنمۇ كۈچلۈك ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى ئويلىمىغاچقا، بۇ توغرۇلۇق ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىغانىدى. ئەلۋەتتە، تويلاردا ئازراق شامپان ئىچىپ قويسا ياكى زۇكام بولۇپ قالغان چاغلاردا ئوبدان ئۇخلاش ئۈچۈن بىرەر رومكا ئىسسىق ۋىنو ئىچىۋالسا بولىدۇ. ھاراق ئىچىدىغان بەزى بەختسىز ئاياللار ھاراقنى كۆپ ئىچىپ پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ يۈزىنى تۆكىدۇ. ئەرلىرىدىن ئاجراشقان ياكى سۇسان، ئانتونىغا ئوخشاش، ئاياللاردىمۇ سايلاش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك، دەيدىغان ئاياللار ھاراق ئىچىدۇ. ئەمما، مادې دوختۇر سكارلېتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇنى ھاراق ئىچىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى.

سىكارلېت كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى ساپ بىراندىدىن بىر رومكا ئىچىۋالغانلىقىنىڭ كۆپ پايدىسى بارلىقىنى چۈشىنىپ قالغانىدى. ئىچىپ بولۇپ قەھۋە ئىچسە ياكى ئەتىر بىلەن ئاغزىنى چايقىۋەتسە ئاغزى پەقەتلا هاراق پۇرىمايتتى. بۇ ئادەملەر نېمانچە كۆلكىلىكتۇ؟ ئەرلەر ئۆزلىرى ئىبسىل هاراقلارنى ئىختىيارىچە ئىچىپ نېمىشقا ئاياللارغا ئىچۈرمەيدىغاندۇ؟ بەزىدە فىرانكنىڭ خورىكى بىلەن ئۇخلىيالمىغان، نامراتلىقتىن ئەنسىرەپ، شىماللىقلاردىن قورقۇپ، تارانى، ئاشلىيىنى سېغىنىپ ئۇخلىيالمىغان چاغلىرىدا تىقىپ قويغان ئاشۇ بىراندى بولمىغان بولسا ئۇ ئاللىبۇرۇن ساراڭ بولۇپ كەتمەمتى؟ جۇشقۇن ۋە ئىللىق ئېقىم تومۇرلىرىغا يۈگۈرگەندە، ھەممە غەم ـ غۇسسىلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇچ رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ ئىشلارنى ئەتە تاقابىل تۇرالىغۇدەك بولغاندا ئاندىن ئويلايچۇ» دەپ قوياتتى.

ئەمما، بىرقانچە ئاخشام ئۇنىڭ دەردىنى بىراندىمۇ باسالمىدى، بۇ دەرد ئۇنى پەن زاۋۇتىدىن مەھرۇم قىلىشتىنمۇ ئۆتە ئازابلىدى. بۇ، تارانى سېغىنىپ تاپقان دەرد ئىدى. ئاتلانتانىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى، ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىنىۋاتقان بىنالار، ناتونۇش چىرايلار، ئات ـ هارۋىلار بىلەن ئادەملەر سەلدەك ئېقىۋاتقان تار كوچىلار بەزىدە ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىنى ئېتىۋالغاندەك بولۇپ ئەركىن تىنالماي قالاتتى. ئۇ ئاتلانتانى سۆيەتتى، لېكىن... ئاھ، ئۇ تاراغا قانداقمۇ ئوخشىسۇن، تارانىڭ يېقىملىقلىقى، تىنچلىقى، ئېتىزلىقلىرىنىڭ چىرايلىق ۋە تىمتاسلىقىنى ئاتلانتا بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئاشۇ قىزىل تۇپراقلار، ئەتراپىدىكى قويۇق قارىغايلىقلار! تاراغا قايتىپ كېتىش كېرەك! تۇرمۇش ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ مەيلى! ئاشلىيىغا يېقىنراق تۇرسا، ئۇنى كۆندە كۆرۈپ تۇرسا، گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسا شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك

ئەمەسمۇ؟ مىلانىيە ھەر قېتىمقى خېتىدە ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى يازىدۇ، ۋىلمۇ قىسقىلا خەتلەر بىلەن كېۋەز ۋە باشقا زىرائەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇلارمۇ ئۇنىڭ يۇرتىغا بولغان سېغىنىشىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

ئالتىنچى ئايدا چوقۇم ئۆيۈمگە كېتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماڭا بۇ يەردە قىلغۇدەك ئىش يوق. ئىككى ئاي تۇرۇپ كېلىمەن. ئۇ ئويلا - ئويلا بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. دېگەندەك، ئۇ ئالتىنچى ئايدا ئۆيىگە قايتىپ باردى، لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولمىدى، سەۋەب، ئالتىنچى ئاينىڭ بېشىدا ۋىل ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، گېرالد ئەپەندىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

پويىز جونېسبوروغا ناھايىتى كەچ يېتىپ كالدى. سىكارلېت پويىزدىن چۈشتى. ئالتىنچى ئاينىڭ كۇگۇم مەزگىلى شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىدى. كۇگۇم قاراڭغۇلۇقى پۈتۈن زېمىننى قاپلاپ تۇراتتى. ئۇرۇشتا ئامان قېلىپ قالغان بىرنەچچە دۇكان بىلەن بىرنەچچە ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن چىراغلارنىڭ سۇس يورۇقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىمارەتلەر زەمبىرەك ئوقىدا ياكى ئوتتا ۋەيران بولۇپ كەتكەچكە، ساق قالغان ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقلىرى بەكمۇ ئۇزۇن ئىدى. كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئۆيلەر سىكارلېتقا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. بۇللارد ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىكى توغرا ياغاچقا بىرقانچە ئات باغلاقلىق تۇراتتى. قىزىل توپىلىق يولدا بىرمۇ ئادەم يوق، ئۆلۈكتەك جىمجىت، پەقەت يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر قاۋاقخانىدىن مەستلەرنىڭ ۋارقىراشقان ۋە قاقاھلاپ كۈلۈشكەن

www.uyghurkitap.com

ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

پويىز ئىستانسىسى ئۇرۇشتا كۆيۈپ كېتىپ ھازىرغىچە ياسالمىغان، ئۇ يەردە بىردىنبىر لەمپىنىڭ ئەتراپىمۇ ئوچۇق ئىدى، يامغۇر بىلەن شامالدىن دالدىلانغىلى بولمايتتى. سىكارلېت لەمپىنىڭ ئاستىدا بىردەم مېڭىپ بېقىپ، ئاخىر قۇرۇق بىر ياغاچ تۇڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. بۇ بىرنەچچە تۇڭ كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرى ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغاندەك قىلاتتى. ئۇ، ۋىل بىنتىن كېلىۋاتامدۇ، يوق، دەپ يول تەرەپكە پات ـ پات قاراپ قوياتتى. ۋىل سىكارلېتنىڭ ئۆزىنىڭ گېرالدنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق يازغان ئىككى ئىلىك خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ تۇرسا بولاتتىغۇ؟

ئۇ ئالدىراشلا يولغا چىقىپ كېچىلىك كىيىمى بىلەن چىش چوتكىسىدىن باشقا ھېچنېمە ئالمىغان، ھەتتا ئالماشتۇرىدىغانغا ئىچ كىيىملىرىنىمۇ ئېلىۋالمىغانىدى. ھازىرلىق كىيىم سېتىۋېلىشقىمۇ ئۇلگۇرمەي، مادىي خانىمنىڭ قارا ئۇزۇن كۆڭلىكىنى ئارىيەت ئېلىپلا يولغا چىققانىدى. ئۇ كۆڭلەكمۇ تېخى تار كېلىپ قالدى. مادىي خېنىم ئورۇق، سىكارلېت ھازىرقى قورسىقى بىلەن سېمىز بولغاچقا، تار كۆڭلەكتە بەكمۇ بىئارام بولدى. سىكارلېت دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئەھۋالىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇ ئېگىشىپ بەدىنىگە سەپسېلىپ، سەتلىشىپ كەتكىنىگە كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇنىڭ نازۇك قىياپەتلىرى يوق، يۈزى بىلەن پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن. بۇرۇن ئۇ ئۆزىگە ئانچە سەپسېلىپمۇ كەتمەيتتى، لېكىن ھازىر ئاشلېي بىلەن كۆرۈشىدىغان بولغاچقا، ئىختىيارسىز سەپسېلىشقا باشلىدى ۋە ھازىرلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، قورسىقىدا باشقا بىر ئادەمنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ بىردىنلا پۇتۇن تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنى سۆيىدۇ، ئۇمۇ

سىكارلېتنى سۆيىدۇ. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ بىردىنلا قورسىقىدىكى بالىنى ئاشلېيغا بولغان مۇھەببىتىگە قىلىنغان خىيانەتنىڭ جىنايى پاكىتىدەك ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ نازۇك قامىتى، يەڭگىل قەدەملىرىدىن ھازىر ھېچنېمە يوق ئىدى، ھازىرقى تۇرقىنى ئاشلېي كۆرمىسىكەن دەپ مىڭ ئويلىسىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايتتى.

ئۇ تىت - تىت بولۇپ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى. ۋىل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشى كېرەكتىغۇ؟ بۇللاردقا كىرىپ ئۇ يەردىكىلەردىن ئۇنى سوراپ باقسا، ئۇ كېلەلمەيدىغان بولسا باشقىلارنىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ تاراغا كېتىۋالسىمۇ بولاتتى. لېكىن، شەنبە كۈنى ئاخشامدا تونۇشلارنىڭ بۇ يەرگە كۆپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇ يەرگە بارغۇسى كەلمىدى، ئۇلارغا مۇشۇ تۇرقى بىلەن كۆرۈنۈشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇستىدىكى كۆڭلىكى تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى ياپماقتا يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ تومپايتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، باشقىلارنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ ئۆزىگە تەسەللى ئېيتىشلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ ھېسداشلىققا موھتاج ئەمەس ئىدى، دادىسىنىڭ گېپى چىقسىلا يىغلىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يىغلىغۇسى يوق، چۈنكى يىغلىسىلا ئۆزىنى باسالماي قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئۇنىڭ راستىلا يىغلىغۇسى يوق ئىدى، لېكىن يەنە ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپلا تۇراتتى. دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندىن بېرى بۇ خىل ھالەت زادىلا بېسىلمىدى. يىغلىغاننىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ئۆزىنى بىئارام قىلىدۇ، پىكرىنى چاچىدۇ، ماغدۇرىنى قويمايدۇ. ۋىل، مېلانىيە، يەنە ھېلىقى قىزلار نېمىشقا دادىسىنىڭ ئاغرىقى توغرۇلۇق ئۆزىگە خەت يازمىغاندۇ؟ يازغان بولسا ئۇ دەررۇ تاراغا قايتىپ دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان، زۆرۈر بولسا ئاتلانتادىن دوختۇر چاقىرغان بولاتتىغۇ؟ ھەممىسى كالۋا، دۆت نېمىلەر! سىكارلېت بولمىسا ئۇلارنىڭ قولىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هېچ ئىش كەلمەمدۇ زادى؟ ئۇنىڭ ئىككى تەرەپتە تەك تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ـ دە. خۇدا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئاتلانتادا شۇنچىلىك جەبر ـ جاپالارنى تارتىشىمۇ ئاشۇلار ئۈچۈنغۇ؟

سكارلېت ياغاچ توڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەتراپىغا يەنە قاراپ چىقتى، ۋىل تېخىچە يوق. نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ ئۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا ئارقا تەرىپىدە شاخارنى دەسسەپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ ئاياغ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، ئىتتىك كەينىگە قاراپ، ئالېكس فونتائىننىڭ بىر تاغار ئارپىنى كۆتۈرۈپ، بىرچەتتە تۇرغان بىرھارۋىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ۋۇي، بۇ سكارلېت ئەمەسمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا، تاغىرنى تاشلاپ سكارلېتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. قارىداپ كەتكەن ئازابلىق چىرايىدا خۇشال كۈلكە ئويناپ تۇراتتى، — سىزنى كۆرگىنىمگە بەكمۇ خۇش بولدۇم. ۋىل ئېتىغا تاقا قاقتۇرۇپ قالغان، پويىز كېچىكىدۇ، ئۇلگۇرىمەن دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ. ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئالېكس، — دېدى سكارلېت كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرسىمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. يۇرتدىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى ئورنىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

— ھەي... ھەي... سكارلېت، — دېدى ئۇ تېخىچە سكارلېتنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي، — دادىڭىزنىڭ ئۆلۈمىگە بەكمۇ ئېچىنىمەن.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى سكارلېت جاۋابەن. ئۇ ئۇنىڭ دادىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىشىنى پەقەتلا خالىمايتتى، ئۇ توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالسىلا دادىسىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.

— سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، سكارلېت، بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ، — ئالېكس

سىكارلېتنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى، — ئۇ... ھەم، بىز ئۇنىڭ خۇددى بىر جەڭچىگە ئوخشاش جەڭدە ئۆلگەنلىكىنى بىلىمىز.

بۇ قانداق گەپ؟ سىكارلېت ھەيران قالدى. جەڭچىگە ئوخشاش دەيدۇغۇ؟ ئۇمۇ تونىغا ئوخشاش جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن ئېتىشىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئالېكسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلمەي قالدى. دادىسى توغرۇلۇق يەنە گەپ چىقسا يىغلىۋېتىشى تۇرغان گەپ. بۇ يەردە يىغلىسا ھەرگىز بولمايتتى، يىغلىسىمۇ ۋىلىنىڭ ھارۋىسىغا چىقىپ ناتونۇش ئادەملەر كۆرمەيدىغان يەردە يىغلىشى كېرەك. يىغلىغىنىنى ۋىل كۆرسە مەيلى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك بولۇپ قالغان ئادەم.

— ئالېكس، مېنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق، — ئۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويدى.

— سىكارلېت، كېرەك يوق، — دېدى ئالېكس. ئۇنىڭ بىردىن غەزىپى ئۆرلەپ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — ئەگەر ئۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى... سىكارلېت. مەن ھەرقانداق بىر ئايال توغرۇلۇق گەپ قىلسام بۇنداق قوپال گەپ قىلمايتتىم. سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بىرسى سۇئېللېننى قامچا بىلەن تازا بىر ساۋىسىكەن، دەپ ئويلايمەن.

نېمە دەپ جۆيلۈيدىغاندۇ بۇ؟ سىكارلېت بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە پەقەتلا يېتەلمىدى. سۇئېللېننىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاشۇنداق قارايدۇ. يالغۇز ۋىللا باشقىچە پىكىردە، مېلانىيە خانقىزمۇ ھەم شۇنداق. ئەلۋەتتە، ئۇ ياخشىچاق ئايال، ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە ئادەم نۇقسانسىز كۆرۈنىدۇ.

— بايىمۇ دېدىم، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق، — دېدى سىكارلېت سۇس جاۋاب بېرىپ. لېكىن، ئالېكس توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە بۇنچىلىك قوپاللىق قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇنىڭغا

سىكارلېتنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى، يات ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق يامان گەپلەرنى پەقەتلا ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ۋىل نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي يازمىغاندۇ؟

ئۇ ئالېكسىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىدىن، ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭدىن بەكمۇ خىجىل بولدى. ئالېكس ئۇنىڭ چىرايىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بايا ئۇنى قانداق تونۇۋالغانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتاتتى. بەلكىم بۇ ھامىلىدارلىقتىكى ئۆزگىرىشتۇ؟ ئايال كىشىنىڭ قورساق كۆتۈرگەندە سەتلىشىپ كېتىدىغانلىقى بار ئىشقۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا، ئوخارا ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان گەپ، چۈنكى دادىسى ئۇنى شۇنچىلىك ئارزۇلايتتى ئەمەسمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۆتكەندە كۆرگەن چاغدىكىدىن جىق ياخشى، چىرايىمۇ ئوڭشىلىپ، خۇددى ئۈچ ۋاخلىقىغا ئىسىل تاماقلارنى يەۋاتقاندەك بولۇپ قاپتۇ. چىرايىدا بۇرۇنقى ئالاقزەدىلىكلەر يوق. بۇرۇن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمۇ ھازىر ئىشەنچ بىلەن نۇرلىنىپ تۇرۇپتۇ. ۋۇجۇدىدىن ئىشەنچ ۋە كەسكىنلىك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. فىرانك دېگەن ئۇ قېرىنىڭ كۈنى خۇشال ئۆتۈۋاتقان ئوخشايدۇ ـ دە. سىكارلېت راستلا كۆپ ئۆزگىرىپتۇ. ئۇ گۈزەل ئايال، ئۇنىڭغا گەپ ئىشلىمەيدۇ. بىراق، چىرايىدىكى بۇرۇنقى ئىللىق، تاتلىق تەبەسسۇملار كۆرۈنمەيدۇ، ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، باشقىلار قاملاشتۇرالمايدىغان مەغرۇر بېقىشلىرىمۇ ھەم يوق.

شۇنداقمۇ دېيىمىز، باشقىلاردىمۇ ئۆزگىرىش كۆپقۇ؟ ئالېكس ئۆزىنىڭ ۋەيرانە كىيىملىرىگە قاراپ قويۇپ، شۇئان چىرايىنى ئازابلىق پۈرۈشتۈردى. ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىغىلى ياتقاندا

ئاپىسىنىڭ كېسىلىنى قانداق قىلىپ داۋالىتىشنى، ئۆلۈپ كەتكەن بىچارە جوئېنىڭ ئوغلىنى قانداق ئوقۇتۇشنى، بىرەر قېچىر سېتىۋېلىش ئۈچۈن نەدىن پۇل تېپىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ كېتەتتى. بەزىدە بۇ خىياللىرىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، ئۇرۇش تۈگىمىگەن بولسا، داۋاملىق ئۇرۇش قىلساقمۇ بوپتىكەن، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرلىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، يەيدىغان تاماقلىرى قوناق بولسىمۇ بار ئىدى، ئىشلارغا ئۆزى باش قاتۇرمايتتى، باشلىقلىرى نېمە قىلىشلىرىنى دەپ بېرەتتى، ھازىرقىدەك ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىر توقاي ئىشلار زادىلا بولمايتتى، ھېچنېمىگە باش قاتۇرمايتتى، ئوق يەپ ئۆلۈپ قالمىسىلا بولاتتى. ئالېكسنىڭ دىمىتى مۇنىرو بىلەن توي قىلغۇسى بار ئىدى، ئەمما يەنە بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، چۈنكى ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىشى كېرەك ئىدى. ئالېكس ئۇنى ئۇزاقتىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر دىمىتىنىڭ مەڭزىدىكى قىزىللىقلار يوقىلىپ، كۆزلىرىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلارمۇ ئۆچۈپ بولغانىدى. ئەگەر تونى تېكساس ئىشتاتىغا كەتمىگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا ئائىلىدە ئەر كىشىدىن بىرسى ئارتۇق بولۇپ، ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بولاتتى. يېنىدا بىر تىيىن پۇلى يوق، ئاچچىقى يامان ئۇ ئىنىسى غەربكە كېتىۋېلىپ ئائىلىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. ئالېكس شۇلارنى ئويلاپ چوڭقۇر بىر خورسىنىپ قويدى.

— فىرانك ئىككىڭلار تونىغا ياردەم بېرىپسىلەر، سىزگە بۇ ئىش توغرۇلۇق تېخى رەھمەت ئېيتقۇدەك بولمىدىم، — دېدى ئالېكس، — ئۇنى سىز قاچۇرۇۋەتتىڭىزغۇ دەيمەن؟ سىز تولىمۇ ئوبدان ئايال. ئۇنىڭ ئۇياقتا خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. سىلەردىن خەت ئارقىلىق سوراشقا پېتىنالمىدىم. فىرانك ئىككىڭلار ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇرغانمۇ؟ بېرىپ تۇرغان

بولساڭلار قايتۇرۇپ بېرەي...
— ئالېكس، بولدى قىلىڭچۇ، ھازىر بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلى، — دېدى سىكارلېت. ئۇنىڭ ئۇچۇن پۇل ئانچە مۇھىم نەرسىمۇ ئەمەس ئىدى.
ئالېكس بىردەم سۆزسىز تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن:
— مەن بېرىپ ۋىلنى چاقىرىپ كېلەي، ئەتە دەپنە مۇراسىمىغا ھەممىمىز بارىمىز، — دېدى.
ئالېكس بىر تاغار ئارپىنى يەنە ئۆشنىسىگە ئارتىپ ماڭاي دەپ تۇراتتى، بىر پەيتون تار بىر يولدىن غىچىرلاپ چىقىپ كەلدى، ۋىل سىكارلېتنى يىراقتىن كۆرۈپ پەيتوندىن چۈشۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ۋارقىرىدى:
— مېنى كەچۈرۈڭ، سىكارلېت، كېچىكىپ قالدىم!
ۋىل پەيتوندىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن سىكارلېتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تەزىم قىلىپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇ بۇرۇن سىكارلېتنى پەقەت سۆيۈپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسىلا «خېنىم» دېگەن سۆزنى قوشماي قالمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ھەركىتى سىكارلېتقا غەلىتە تۇيۇلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن مېھرىبانلىق سېزىپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنگەنمۇ بولدى. ۋىل ئۇنى چاقىتىن نېرى تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ پەيتونغا يۈلەپ چىقاردى. بۇ، ئۇ ئاتلانتادىن ئايرىلغان چاغدا چۈشۈپ كەلگەن ئاشۇ ئەبجەق پەيتون ئىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى بۇزۇلۇپ كەتمەي قانداقمۇ ھازىرغىچە ساق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ بۇنى چوقۇم ۋىل رېمونت بىلەن تۇتۇپ كېلىۋاتقان گەپ. پەيتوننى كۆرۈپ سىكارلېتنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى ۋە ئىختىيارسىز ئاتلانتادىن ئايرىلغان ئاشۇ كۈنى كېچىسىدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ، يېمەي ـ ئىچمەي بولسىمۇ پۇل يىغىپ يېڭى پەيتوندىن بىرنى ئېلىش، ئاندىن بۇ پەيتوننى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك، دەپ ئويلىدى.
ۋىل دەسلەپتە ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى، سىكارلېت

ئەكسىچە بۇنىڭدىن خۇشال بولدى. ۋىل يەنىلا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ: ئېگىز بوي، ئورۇق، چاچلىرى سېرىق، كۆزلىرى مۇلايىم، خۇددى كۆندۈرۈلگەن ئۇلاغقا ئوخشاش سەۋرچان.

ئۇلار تاراغا تۇتىشىدىغان قىزىل توپىلىق چوڭ يولغا چىقتى. ئۇپۇق ئاززاق قىزىرىپ تۇراتتى، پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلارمۇ شەپەق نۇرىدا ئاچ - توق قىزىل رەڭ بىلەن تاۋلىنىپ كۆزگە ئالاھىدە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يەرلەرگە تېرىلغان كېۋەزلەر ئاجايىپ ئوخشاپ كەتكەنىدى، دەل - دەرەخلەر يېشىل نۇ چاقنىتىپ ئالاھىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاھ، نېمىدېگەن گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بۇ! نەمخۇش چۆنەكلەر ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن كۆل رەڭ نېپىز تۇمان، قىزىل تۇپراق ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە سەلكىن شامالدا تەۋرىنىپ تۇرغان كېۋەزلەر، زېمىن ئۈستىگە خىلمۇ خىل رەڭلەردە تون ياپقان زىرائەتلەر، يىراقتىن قايقارا كۆرۈنۈپ تۇرغان قارىغايلىقلار... سىكارلېت مۇشۇنداق بىر تەڭداشسىز گۈزەللىكنى تاشلاپ ئاتلانتادا قانداق بولۇپ شۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپ قالغاندۇ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— سىكارلېت، ئوخارا ئەپەندىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سىزگە سەل تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەي. ئىشقىلىپ، تاراغا بارغۇچە سىزنى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىمەن. ھازىر سىزدىن بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەت ئالماقچىمەن. سىزنى ھازىر بۇ ئائىلىنىڭ بېشى دېسەكمۇ بولىدۇ.

— نېمە ئىش، ۋىل؟

ۋىل ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ مۇلايىم ۋە تەمكىن نەزەردە بىردەم قاراپ تۇردى.

— مەن سىزدىن سۈئېللېن بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

سىكارلېت بۇ گەپكە ھەيران قېلىپ كەينىمگە ئۇچۇپ كەتمەي دېگەندەك، پەيتون ئورۇندۇقىنىڭ يان ياغىچىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. سۈئېللېن بىلەنمۇ؟ ئۇ فىرانك كېنىنېدىنى

www.uyghurkitap.com

سۇئېيىللىپىندىن تارتىۋالغاندىن بېرى، يەنە بىر ئەر كىشى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى خالايدۇ دەپ زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن كىممۇ توي قىلىشى مۇمكىن؟

— نېمە دەۋاتىدىغانسىز، ۋىل!

— بۇ گەپچە، سىز بۇ ئىشقا قارىتا باشقىچە قاراشتا بولمايدىكەنسىز ـ دە، شۇنداقمۇ؟

— باشقىچە قاراشتا بولمايدىكەنسىز ـ دە؟ شۇنداق، باشقىچە قاراشتا بولمايمەن. بىراق... ۋىل بۇ گېپىڭىزگە ھەيران قېلىۋاتىمەن. سىز راستىلا سۇئېيىللىپىن بىلەن توي قىلماقچىمۇ؟ ۋىل، مەن سىزنى كاررىننى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن.

ۋىل ئېتىغا قاراپ قىياپىتىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، ئەمما سكارلېتقا يەڭگىل بىر خورسىنىپ قويغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بەلكىم شۇنداقمۇ بولغاندۇ، — دېدى ۋىل جاۋابەن.

— نېمە بولدى؟ ئۇ سىز بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمىدىمۇ؟

— ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە گەپ سوراپ باقمىدىم.

— ۋىل، سىز نېمىدېگەن گالۋاڭ. سوراپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇ سۇئېيىللىپىندەك ئىككى قىزغا بەرگۈسىز قىز ئىدى.

— سكارلېت، تارادا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى سىز بىلمەيسىز. بىرنەچچە ئايدىن بېرى بىزگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىڭىزمۇ تەگمىدى.

— مەن سىلەرگە كۆڭۈل بۆلمىدىم، شۇنداقمۇ؟ — سكارلېتنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — سىز مېنىڭ ئاتلانتادا شۇنچە شاپاشلاپ يۈرۈشلىرىمنى نېمە ئۈچۈن دەپ ئويلايسىز؟ تۆت ئاتلىق پەيتونغا ئولتۇرۇپ تانسىمۇ تانسا يۈرۈۋاتىمەنمۇ؟ ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى رېمونت قىلدۇردۇم، يېڭى ساپان سېتىۋالدىم، قېچىر سېتىۋالدىم. بۇلار ھېساب ئەمەسمۇ؟ مەن...

— خاپا بولماي تۇرۇڭچۇ. ئىرلاندىيەلىكلەرنىڭ مىجەزى سىزدىمۇ بار ـ دە، — ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ ئۇنىڭ سۆزىنى

بولۇۋەتتى، — سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنى مېنىڭدەك ئېنىق بىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىككىنچى بىر ئادەم يوق، سىز ئىككى ئەركەكنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىسىز.

سەل ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سىكارلېت ئۇنىڭدىن:

— ئەمىسە ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىز بىزگە خاتىرجەم ياشايدىغان ماكان، قورساقتا يەيدىغان تاماق بېرىۋاتىسىز، بۇنى مەن ئىنكار قىلالمايمەن. سىز پەقەت بۇ يەردىكىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىغىلا كۆڭۈل بۆلمەيسىز. مەن سىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس، سىكارلېت، سىز دائىم مۇشۇنداق، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارغا ئەزەلدىن قىزىقمايسىز. مەن كاررىنغا بۇ ئىش توغرۇلۇق پەقەتلا گەپ قىلىپ باقمىغان، گەپ قىلغاننىڭمۇ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇنى سىڭلىمدەك كۆرەتتىم، ئۇمۇ ئاكىسىدەك كۆرۈپ ماڭا ئىچىدىكى گەپلىرىنى دەپ بېرەتتى، باشقىلارغا ھەرگىز دېمەيتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن يىگىتىنى پەقەتلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدى ھەم مەڭگۇ ئۇنتۇپمۇ كېتەلمەيدۇ. سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ئۇ چارلېستونغا موناخ بولۇپ كەتمەكچى.

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟

— مەن سىزنىڭ بۇ ئىشقا ھەيران قالىدىغانلىقىڭىزنى پەرەز قىلىپ بولغان، سىكارلېت. سىزدىن تەلەپ، ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلماڭ، ئۇنى مەسخىرە قىلماڭ ھەم توسماڭ، مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى شۇنچىلىكلا ئىش، يۈرەك - باغرى قاتتىق ئېزىلگەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كەتكەنلەر نۇرغۇنغۇ؟ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى موناخ بولۇپ كەتمىگەن. مەنمۇ ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالدىمغۇ؟

— لېكىن، سىزنىڭ يۈرەك - باغرىڭىز ئېزىلمىگەن، — دېدى ۋىل. ئاندىن پەيتونغا چۈشۈپ قالغان بىر تال ئوتنىڭ غولىنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ ئاستا چايناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ گېپى بىلەن سىكارلېتنىڭ بىردىنلا يېلى چىقىپ كەتتى. ئۇ دائىم شۇنداق ئىدى، باشقىلارنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسىلا، قوبۇل قىلالمىسىمۇ ئۇنىڭ ئورۇنلۇق گەپ ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولاتتى. ئۇ بىردەم جىمىپ كېتىپ، كاررىن موناخ بولۇپ كەتسە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى.

— ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلماسلىق توغرۇلۇق ماڭا ۋەدە بېرىڭ.

— بوپتۇ، ۋەدە بېرەي، — سىكارلېت شۇنداق دېدى. ئارقىدىن ۋىلغا خۇددى ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋاتقاندەك لاپپىدە قاراپ قويدى، ئۇنىڭغا ئازراق ھەيرانمۇ بولدى. ۋىل كاررىننى ياخشى كۆرگەنىدى، ھازىرمۇ ھەم ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ روھىي ئازابلاردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەممۇ بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇ، سۇ ئېللېنغا كۆڭلى تارتىپ شۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

— سۇئېللېن بىلەن بولغان ئىشلار قانداق ئىش؟ سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتىڭىزغۇ؟

— پۈتۈنلەيمۇ ئۇنداق ئەمەس، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئاغزىدىن ئوتنىڭ غولىنى چىقىرىپ قىزىق بىر نېمىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كەتتى، — سۇئېللېن سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك يامانمۇ ئەمەس، سىكارلېت. ئىككىمىز ئوبدان ئۆتۈپ كېتەلەيمىز. ئۇنىڭغا كەم بولۇۋاتقان نەرسە ئەر بىلەن بالا. ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق.

پەيتون كاتاڭ يولدا قاتتىق چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. بىر نەچچە مىنۇتقىچە ئىككىسى لام - جىم دېمەي مېڭىشتى. سىكارلېت چوڭقۇر خىيالدا ئىدى، مەسىلە بۇنداق ئاددىي ئەمەس، چوقۇم بىر گەپ بار، بولمىسا ياۋاش، گەپ - سۆزلىرى سىلىق بۇ ئادەم سۇئېللېندەك جاپ - جاپ بىلەن ھەرگىز توي قىلمايدۇ.

— ۋىل، سىز بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ماڭا

دېمەيۋاتىسىز. ناۋادا سىز مېنى بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى دەپ بىلىدىكەنسىز، مېنىڭ بۇ ئىشنى سوراپ بىلىشكە ھوقۇقۇم بار.

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى ۋېل، — سىزنى ئىشلارنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ تارادىن كەتكۈم يوق، بۇ يەر مېنىڭ ئائىلەم، بىردىنبىر ھەقىقىي ئائىلەم، بۇ يەرنىڭ ھەر بىر تۈپ گىياھىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزۈمنىڭكىگە ئوخشاش كۆيۈنىمەن، كۈچ چىقىرىمەن. سىز بىر نەرسىگە ئەقىدە قىلغانىكەنسىز، ئۇنىڭغا چوقۇم مۇھەببىتىڭىز پەيدا بولىدۇ، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

سىكارلېت ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. ئۇنىڭمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئويدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى، ئۇنى تېخىمۇ يېقىملىق ھېس قىلدى.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم، — دېدى ۋېل يەنە، — دادىڭىز ئۆلۈپ كەتتى، كاررىن موناستىرغا كەتسە قورۇقتا سۇئېلىلىن ئىككىمىزلا قالىدىكەنمىز، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماي ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرىۋېرىشىم مۇمكىن ئەمەس، بولمىسا خەقلەر سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ.

— بىراق... بىراق، ۋېل، ئۇ يەردە يەنە مېلانىيە بىلەن ئاشلېي بار ئەمەسمۇ...

ئاشلېينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ۋېل ئىتتىك سىكارلېتقا قارىدى، كۆل رەڭ كۆزلىرىدە چوڭقۇر بىر ئىپادە يوشۇرۇنغانىدى. سىكارلېت ئۆزىنىڭ ئاشلېي بىلەن بولغان ئىشلىرىنى ئۇنىڭ تولۇق بىلىدىغانلىقىنى، چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما، ئۇ سىكارلېتنى ئەيىبلىمەي ھەم قوللاپمۇ كەتمەي سۇسلا جاۋاب بەردى:

— ئۇلار پات ئارىدا كەتمەكچى.

— نەگە؟ تارا بىزنىڭمۇ ھەم ئۇلارنىڭمۇ ئائىلىسى ئەمەسمۇ؟

— ياق، ئۇ يەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئەمەس، ئاشلېي شۇنىڭ ئۈچۈن تىت ـ تىت بولىدۇ، ئۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى دەپ

www.uyghurkitap.com

قارىمايدۇ. ئائىلەمنى ئۆزۈم ئىشلەپ بېقىۋاتىمەن دەپمۇ ئويلىمايدۇ. دېھقانچىلىقتا ئېپى يوق، بۇنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ. مېنىڭ تىرىشىشىمۇ بەربىر. ئۇ تۇغۇلۇشىدىن ئېتىزنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا لايىق ئادەم ئەمەس، بۇنى سىزمۇ، مەنمۇ ئېنىق بىلىمىز. ئۇنى ئوتۇن يېرىشقا قويسىڭىز چوقۇم پۇتىنى چانىۋالىدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدا ساۋاتسىز. بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. ئۆزىنى ئەركەك ساناپ يۈرگەن بىر ئادەم تارادا بىر ئايالنىڭ سەدىقىسى بىلەن كۈن ئالسا، يا ئۇنىڭ قىلغىنىنى ياندۇرالمىسا تىت ـ تىت بولمايدۇ دەمسىز.

— سەدىقە؟ ئۇ راستىلا شۇنداق دېگەنمۇ؟

— ياق، زادىلا ئۇنداق گەپنى قىلىپ باقمىدى. سىز ئاشلېينى چۈشىنىسىز، ئەمما مەن ئۇنىڭ شۇنداق خىيالدا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. تۈنۈگۈن ئاخشام دادىڭىزنىڭ جەسىتىگە ئىككىمىز ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا سۇئېللېن بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىمنى، ئۇنىڭمۇ قوشۇلغانلىقىنى دېۋىدىم، ئۇ خۇشال بولۇپ يەڭگىل بىر تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تارادا ئۇ خۇددى ئىتقا ئوخشاش ياشاۋېتىپتۇ. ئوخارا ئەپەندى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مېلانىيە ئىككىسىنىڭ بۇ يەردىن كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىسا ئىچى ئاچچىق بولىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار كېتىپ قالسا خەقلەر سۇئېللېن ئىككىمىزنىڭ كەينىمىزدىن گەپ تاپىدۇ ـ دە. شۇڭا، ئىككىمىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تارادىن كېتىپ باشقا يەردىن خىزمەت تېپىشنى ئويلاپتۇ.

— نېمە خىزمەت تاپقۇدەك؟ خىزمەتنى نەگە بېرىپ ئىزدەيدىكەن؟

— نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەنمۇ بىلمىدىم، شىمالغا كېتىمىز دېگەنلىكىنىلا ئاڭلىدىم. نيۇيوركتا بىر دوستى بار ئىكەن، شۇ دوستى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇ يەردىكى بىر بانكىدىن خىزمەت تېپىپ قويغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ.

— ياق، بولمايدۇ ! — سىكارلېت ئىختىيارسىز تووۋلاپ كەتتى. ۋىل ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

— بەلكىم ئۇنىڭ شىمالغا كەتكىنى توغرىدۇ.

— ياق، ياق ! مېنىڭچە، توغرا ئەمەس.

سىكارلېتنىڭ پىكىر تۇلپارى ھەر تەرەپكە قاراپ چېپىشقا باشلىدى. ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئاشلېينى شىمالغا كەتكۈزمەسلىك كېرەك. كېتىدىغان بولسا ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنى بىرنەچچە ئايدىن بېرى كۆرمىگەن، ھېلىقى چاغدا باغدا يۈز بەرگەن ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، سىكارلېتنىڭ ئۇنى ئويلىمايدىغان كۈنى يوق، ئۇنىڭغا جان ساقلىغۇدەك شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال. ئۇ، ئەلۋەتتە تۇغۇلۇشىدىن دېھقان ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىچە چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىشكە يارالغان ئادەم ئىدى، سىكارلېت ئۇنىڭ شۇ تەرىپىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ كاتتا ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا، ئارغىماقلارنى مىنىشكە، قۇللارنى ئىشلىتىشكە، مۇشائىرەلەر ئويۇشتۇرۇشقا مۇناسىپ ئادەم ئىدى. ئەمدى ئۇنداق كاتتا ئۆيلەرمۇ، ئارغىماقلارمۇ، قۇللارمۇ يوق، كىتابلارمۇ ئاز. لېكىن، بۇلار سىكارلېتنىڭ ئاشلېيغا بولغان ئۇ خىل قاراشلىرىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ دېھقانچىلىق قىلىشقا، ئوتۇن يېرىشقا يارالغان ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ تارادىن كەتمەكچى بولغىنىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

سىكارلېت ئۇنىڭ جورجىيەدىن كېتىشىگە يول قويمايدۇ. زۆرۈر تېپىلسا فىرانكقا دەپ، ئۇنى دۇكاندىكى شاگىرت بالىنىڭ ئورنىغا قويۇش كېرەك. بىراق، بۇمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئاشلېي يالغۇز ئېتىزلىقنىڭ ئىشلىرىغىلا ئەمەس، پوكەيدە تۇرۇشقىمۇ يارىمايدۇ. ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەر سودا - سېتىق ئىشلىرىنى نەدە يۈرۈپ بىلسۇن؟ ئۇ ئىشنىمۇ ئۇ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇم مۇۋاپىق بىر خىزمەت تېپىش كېرەك. توغرا، ئۇنى يەن زاۋۇتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتۇرسىچۇ؟ بۇنى ئويلاپ، ئۇ خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. بىراق، ئاشلىپي ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل قىلارمۇ؟ بۇنىمۇ سەدىقە دەپ چۈشىنىپ قالارمۇ؟ ئۇنى چوقۇم سىكارلېتقا ياردەم قىلىۋاتىسەن دەيدىغان ئويغا كەلتۈرۈش كېرەك. جونسۇننى ئىشتىن بوشىتىپ، ئورنىغا زاۋۇتنى باشقۇرۇشقا ئاشلىپىنى قويىمەن، ئۇنىڭغا فىرانكنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، دۇكاننىڭ ئىشلىرىمۇ ئېغىر، ماڭا ياردەم بېرەلمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىمەن. يەنە ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىمنى، ئېغىر ئىشلارنى قىلالمايدىغانلىقىمنى، ماڭا ياردەم بەرمىسە زادىلا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىمەن.

سىكارلېت ئۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ ئۆزىگە ياردەم قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. قوشۇلىدىغان بولسا يەن زاۋۇتتىن كىرگەن پايدىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە رازى. ئۇ ئۇنىڭ يېنىدا بولسىلا، ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشال كۈلكە كۆرەلىسىلا، كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ئىپادىلىنىپ قالىدىغان مۇھەببەت ئىپادىلىرىنى ھېس قىلىپ تۇرالىسىلا ئۇنىڭغا ھەممىنى بېرىۋېتىشكە رازى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەمدى ئۇنى مۇھەببىتىڭنى ئىپادىلە دەپ قىستىما، ئۇنىڭدىكى مۇھەببەتتىنمۇ قىممەتلىك بولغان شان ـ شەرەپ تۇيغۇسىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە زورلىما، دەپمۇ قويدى. قانداقلا قىلىپ بولسۇن، ئۆزىنىڭ ھازىر كەلگەن قارارىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشى كېرەك، بولمىسا ئۇ ئۆتكەنكىدەك كىشىنى ئوسال قىلىپ قويىدىغان ئىشنىڭ يەنە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ يەردىن كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

— مەن ئۇنىڭغا ئاتلانتادىن ئىش تېپىپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ ۋىلغا.

— ئۇ ئاشلىپي ئىككىڭلارنىڭ ئىشى، — دېدى ۋىل ئوتنىڭ غولىنى يەنە ئاغزىغا سېلىپ، — چۇ! شېرمان، ئىلدام ماڭ.

سىزدىن يەنە بىر تەلەپىم، سۈئىبلىلىنىنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كەتمىسىڭىز. بولار ئىش بولدى، ئۇنىڭ چاچلىرىتى بىر تال قويماي يۇلۇۋالسىڭىزمۇ ئۇخارا ئەپەندى تىرىلمەيدۇ. سۈئىبلىلىن قەستەن ئەمەس، ياخشى ئىش قىلدىم، دەپ قىلغان.

— باياتىنىدىن بېرى سىزدىن سوراي دەپ تۇراتتىم، سۈئىبلىلىنىنىڭ ئىشى زادى نېمە ئىش؟ ئىلكىس ئۇنى قامچا بىلەن راسا ساۋاش كېرەك، دەپ تومتاقلا بىر گەپنى قىلدى، ئۇنىڭدىن زادى نېمە خاتالىق ئۆتتى؟

— شۇنداق، ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقىمىز بار. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن جونېسبورودا مەن بىلەن ئۇچراشقانلا ئادەم، ئۇنى ئۇچرىتىپ قالساق بوغۇزلىۋېتىمىز، دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ كېيىنچە چۈشىنىپ قالار، دەپ ئويلايمەن. ئۇنى ئەيىبلىمەسلىككە ماڭا ۋەدە بېرىڭ. ئۇخارا ئەپەندىنىڭ جەستى ھازىرغىچە مېھمانخانىدا تۇرىدۇ. شۇڭا، بۈگۈن ئاخشام جاڭجاللاشماسلىقىڭلارنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئۇ مەندىن ئۇنىڭ بىلەن جاڭجاللاشماسلىقنى توختىماي تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى سكارلېت ئاچچىقى كېلىپ، — خۇددى پۈتۈن تارا ئۆزىنىڭكىدەك گەپ قىلىدىغۇ!

لېكىن، ئۇ يەنە دادىسىنىڭ جەستىنىڭ ھېلىغىچە ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بىردىنلا ئېچىنىشلىق يىغلاپ كەتتى. ۋىل ئۇنى تەسەللى تاپتۇرۇش ئۈچۈن بىر قولى بىلەن ئالدىغا تارتىپ مەيدىسىگە باستى، باشقا گەپ قىلمىدى.

ئۇلار چايقىلىپ ئالدىرىماي كېتىۋاتاتتى، يولمۇ قاراڭغۇدا بارغانسېرى كۆرۈنمەي قېلىۋاتاتتى. سكارلېتنىڭ بېشى ۋىلنىڭ مۈرىسىدە ئىدى، شىلەپىسى بىر چەتكە مايماق چىقىپ كەتكەنىدى. دادىسىنىڭ ئىككى يىلدىن بېرىقى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان جورىسىنى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇرىدىغان ھالىتىدىن باشقا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى. ئېسىدە بارى، ئاق چاچلىق، ئاۋازى جاراڭلىق، ئوچۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىجەزلىك، ئاچچىقى كەلگەندە يەرنى تېپىپ كېتىدىغان، خۇشى تۇتۇپ كەتسە سورۇنغا قارىماي ئاغزىغا كەلگەن چاقچاقنى قىلىدىغان، مەرد ۋە تەمبەل بوۋايلىقلا ئىدى. هازىر ئۇ يوق، جورىسىغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ.

— نېمىشقا ماڭا ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق خەت يازمىدىڭىز؟ ئاڭلىغان ھامان قايتىپ كېلەتتىم ئەمەسمۇ...

— ئۇ ئاغرىمىدى. بىر مىنۇتمۇ يېتىپ قالغىنى يوق. بۇ قول ياغلىقنى ئېلىپ يېشىڭىزنى سۈرتۈڭ، قەدىرلىكىم، مەن سىزگە بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي.

سكارلېت ۋىلنىڭ ھىندى تاۋرىدا قىلغان قول ياغلىقىغا ياشلىرىنى، بۇرنىنى سۈرتتى، ئاتلانتادىن ئالدىراش مېڭىپ قول ياغلىقنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئاندىن ئۇ بېشىنى يەنە ۋىلنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى. نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئاجايىپ سالماق!

— سكارلېت، ئاڭلاڭ، بۇ مۇنداق ئىش، سىز بىزگە ئۈزۈلدۈرمەي پۇل ئەۋەتىپ تۇردىڭىز. ئاشلىي ئىككىمىز ئۇ پۇللار بىلەن باجنى تۆلىدۇق، قېچىردىن بىرنى سېتىۋالدۇق، يەرلەرنىمۇ تېرىۋالدۇق، چوشقىدىن بىرنەچچىنى، يەنە جىقلا توخۇ ئالدۇق. مېلانىيە خانقىز توخۇ بېقىشقا ئۇستا ئىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن ئېسىل ئايال. شۇ نەرسىلەرنى ئالىمىز دەپ كىيىم - كېچەك قىلىشنى ئويلاشماپتۇق. ئەمما، سۇئېللېندىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپمۇ كەتمىدى.

مېلانىيە خانقىز بىلەن كاررىن خانقىز ئۆزلىرىنىڭ كونا كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرىۋەردى. سىز سۇئېللېننى چۈشىنىسىز، ئۇچىسى يېڭى كىيىم كۆرۈپ تۇرمىسا ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر شىماللىقلارنىڭ خوتۇنلىرى ئاجايىپ ياسىنىدىغان بولۇپ كېتىشتى. ھەر قېتىم ئۇ مەن بىلەن جونېسبورو دېگەندەك جايلارغا كونا كىيىملىرى بىلەن بارغاندا، ئۇ ئاياللارنىڭ چىرايلىق كىيىنىشلىرىنى كۆرۈپ چىدىمايلا

قالىدۇ، ئۇ تېخى يەنە چوڭ پەيتوننىڭمۇ گېپىنى قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنداق پەيتوندىن سىزدە بىرسى بولسا كېرەك.

ــ مەندىكىسى ئۇنداق پەيتون ئەمەس، ئۇستى يېپىق هارۋا شۇ، ــ دېدى سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن.

ــ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ سىزنىڭ كېتىنىدى فىرانك بىلەن توي قىلىۋالغىنىڭىزغا هازىرغىچە قورسىقى كۆپۈپ يۈرىدۇ. بۇ ئىشتىمۇ ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇ ئىشتا سىز نومۇسسىزلىق قىلدىڭىز. ئاچا ـ سىڭىل ئوتتۇرىسىدا بۇنداق هىيلىگەرلىك بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

سىكارلېت ۋىلنىڭ مۇرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى ئادەمگە ئېتىلماقچى بولغان يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى.

ــ نومۇسسىزلىق قىلدىم، شۇنداقمۇ؟ سىلىق ـ سىپايە بۇ گېپىڭىز ئۈچۈن رەھمەت سىزگە، ۋىل! ئۇ ئۇنى ئەمەس مېنى ياخشى كۆرگەن تۇرسا، بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار؟

ــ سىز ئەقىللىق ئايال، سىكارلېت. ئۇنى سىز ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالايسىز. سىز چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنى قولىڭىزغا كىرگۈزۈۋالغان، ئۆزىڭىز زۆرۈر تاپقان ۋاقتىڭىزدا ئاجايىپ جەلپكار بولالايسىز. نېمىلا دېمەڭ، ئۇ سۇئېللېننىڭ لايىقى ئىدى. سىز ئاتلانتاغا بېرىشتىن بىر هەپتە ئىلگىرى ئۇنىڭدىن سۇئېللېنغا بىر پارچە خەت كەلگەن. خەت ئاجايىپ تاتلىق گەپلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ يەنە ئازراق پۇل تېپىۋالغاندىن كېيىن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنى دەپتىكەن. سۇئېللېن ئۇ خەتنى ماڭا كۆرسەتكەن، شۇڭا بۇ ئەھۋاللاردىن مېنىڭ خەۋىرىم بار.

سىكارلېت گەپ قىلالماي جىمىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ هەممىسى راست بولۇپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەك قىيىن ئىدى. باشقىسى بولسىمۇ بىر نۆرى، ۋىلنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىشقا بۇنداق هۆكۈم چىقىرىشى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان ئىش ئىدى. فىرانكنى ئالداپ قولغا

كىرگۈزۈلگاندىن كېيىن سىكارلېت پەقەتلا ۋىجدانىي ئازاب تارتىپ باقمىغان، ئۆزىنىڭ لايىقىنى تۇتۇپ تۇرالمىغان قىزلار باشقىلاردىن ياماناسا ئادىللىق بولمايدۇ، ئۆزىدىن كۆرۈشى كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى.

— ۋىل، لىللا گەپ قىلىپ بېقىڭا، ئەگەر سۇئېللېن فىرانك بىلەن توي قىلغان بولسا، ئۇ تارا ئۈچۈن ياكى بىز ئۈچۈن بىر تىيىن پۇل چىقىرامتى؟

— مەن بايا دېدىمغۇ، زۆرۈر تاپقان ۋاقتىڭىزدا ئاجايىپ جەلپكار بولالايسىز، — ۋىل ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، — فىرانك دېگەن ئۇ قېرىدىن بىر تىيىنمۇ ئالغىلى بولمايتتى، بۇنىسى ئېنىق. لېكىن، سىز ئىنتايىن بولمىغۇر ئىش قىلدىڭىز، بۇ پاكىتتىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىڭىزنى قاچۇرالمايسىز. ئەگەر سىز ئۆز مەقسىتىڭىزنى بىر ئەر ۋاستە ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولسىڭىز، بۇنىڭغا مەن ئارىلىشالمايمەن. مەن نېمە ئادەم، نېمە سالاھىيىتىم بىلەن سىزدىن ئاغرىنىمەن؟ ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن سۇئېللېن ئۇششۇك ھەرىنىڭ ئۆزىلا بولدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ فىرانك دېگەن ئۇ قېرىنى ياخشى دەپ ئويلىشىمۇ ناتايىن. بۇ يەردىكى گەپ، ئۇنىڭ قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ قالغانلىقىدا. ئۇ سىزنى دائىم ياخشى كىيىملەرنى كىيىپ، ئېسىل پەيتون، ئېسىل ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ راھەت كۆرۈۋاتىدۇ، دەيدۇ، ئۆزىنى تارادا كۆمۈلۈپ قېلىۋاتىمەن، دەپ ئويلايدۇ. مېھمانغا، تانسىلارغا بېرىپ ئۆزۈمنى كۆرسەتسەم، چىرايلىق كىيىنسەم دېگەن خىيال كاللىسىدىن زادىلا چىقمايدۇ. ئۇ توغرۇلۇق ئۇنى ئەيىبلەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئاياللارنىڭ مىجەزى شۇنداق ـ دە.

بىر ئاينىڭ ئالدىدا مەن ئۇنى جونېسبوروغا ئېلىپ باردىم. ئۇ يەرگە بارغاندا دوستىنىڭكىگە كەتتى، مەن ئىشىمغا ماڭدىم. قايتقاندا شۇنداق ياۋاشلاپ كېتىپتۇ، ئەمما ئىچىنى بىر نېمە تاتىلايدۇ. بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، بىرەرسىدىن بىر گەپ

ئاڭلىغان بولسا، شۇنىڭغا شۇنداق بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئانچە ئېرەنشىمىدىم. بىر ھەپتىلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ، ئۆزى ناھايىتى ھاياجاندا، گەپمۇ قىلمايدۇ. ئۇ كاسىلىن كالۋېرتىنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلگەندى. سىكارلېت، ئەگەر سىز ئۇ قىزنىڭ ئىشىنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، ئىچىڭىز ئاغرىپ يىغىدىن باش كۆتۈرەلمەي قالىسىز. ئۇ بىچارىنىڭ بۇنداق ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى. ئۇ ھىلتون ئىسىملىك بىر شىماللىققا تەگكەن. ئۇ نان قېپى بىر نېمە ئىكەن. بىلەمسىز، ئۇ ئۆيلىرىنى گۆرۈگە بېرىپ قويۇپ، ئەمدى قايتۇرۇۋالالماي بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— بىلمەيمەن ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. دادامنىڭ ئىشىنى بىلسەملا بولدى.

— مانا ھازىرلا سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى ۋىل سەۋرچانلىق بىلەن، — سۇئېللېن ئۇلارنىڭكىدىن قايتىپ كېلىپلا بىزگە، بىزنىڭ ھىلتون ئەپەندىگە بولغان قارىشىمىز خاتا ئىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن، دېدى، ھەتتا ئۇنى ئەپەندى دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ گېپىگە ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. كېيىن ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دادىڭىزنى ئېلىپ سىرتنى ئايلىنىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئېتىزلىقتىن كېلىۋېتىپ ئىككىسىنىڭ قەبرىستانلىقنىڭ قورۇق تېمىدا ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. بوۋاي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپلا تۇراتتى، چىرايىدىن ھەيران بولغاندەك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى، توختىماي بېشىنى چايقايتتى. سىز بوۋاينىڭ ئەھۋالىنى بىلىسىز، سىكارلېت، ئۇنىڭ كاللىسى بارغانسېرى بولماي قالغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كىم ئىكەنلىكىنىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. بىر قېتىم سۇئېللېن ئاپىڭىزنىڭ قەبرىسىنى كۆرسەتكەندە ئۇنىڭ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. سۇئېللېن ئۆيگە ناھايىتى خۇشال قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدى. مەن ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ: «سۇئىبلىبىن خانقىز، بىچارە دادىڭىزنى خانىمىنى ئىسگە سىلىپ نىمىشقا قىينايسىز؟ ئۇ ئاپىڭىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى تازا ئىسىگە ئالالمايدىغان تۇرسا قەستەن شۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ؟» دېدىم. ئۇ بېشىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ كۈلۈپ قويدى، ئاندىن: «سىز ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماڭ. ۋاقتى كەلگەندە مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن خۇشال بولىسىلەر» دېدى. مېلانىيە خانقىز تۈنۈگۈن كەچتە سۇئىبلىبىننىڭ تۇزگەن پىلانىنى ئۆزىگە دەپ بەرگەنلىكىنى دېدى. مېلانىيە دەسلەپتە ئاڭلاپ ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ ھەم قورقۇپ كېتىپ ئۇ گەپنى باشقا ھېچكىمگە ئېنماپتۇ.

— قانداق پىلان ئىكەن ئۇ؟ ئەگىتمەي تېزرەك دېسىڭىزچۇ؟ ئۆيگىمۇ ئاز قېلىۋاتىمىز، ھازىر ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم دادامنىڭ ئىشى.

— مەنمۇ سىزگە شۇ ئىشنى دەپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى ۋىل، — ئەمىسە مۇشۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ گەپنى قىلىپ بولغاندا، ئاندىن ماڭايلى.

ۋىل ھارۋىنى توختاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز ھەم قېلىن قاشا بولۇپ، بۇ يەر ماكلىنتوشنىڭ زېمىنىنىڭ پاسىلى ئىدى. قاراڭغۇدىمۇ ئۇلارنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆيلىرىنىڭ تۇرخۇنلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سىكارلېت ئىچىدە ۋىلنىڭ يەر تېپىلمىغاندەك ھارۋىنى مۇشۇ يەردە توختاتقانلىقىغا نارازى بولدى.

— قىسقىسى، ئۇنىڭ پىلانى شىماللىقلارغا تارتقان زىيانلارنى... كۆيۈپ كەتكەن پاختىلارنى، ئۇلار ھەيدەپ كەتكەن ئۇلاغلارنى، چۇۋۇۋەتكەن ئېغىل - قوتانلار بىلەن قاشالارنى تۆلەتتىش ئىكەن.

— شىماللىقلارغا تۆلەتمەدىكەن؟

— جەنۇبلۇقلارنىڭ ئىچىدىكى قوشما ئىشتاتقا ھېسداشلىق

قىلغان ئادەملەرنىڭ مال ـ مۈلكى ۋەيرانچىلىقتا ئۇچراپ، ئۇلار ئەرز قىلسىلا شىمال ھۆكۈمىتى بىردەك تۆلەپ بېرىدىغان بوپتىكەن. سىز بۇ گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئاڭلىمىغان، — دېدى سىكارلېت، — ئەمما ئۇنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئەمەسمۇ؟

— سۇئېللېننىڭ قارىشىچە، مۇناسىۋىتى چوڭ ئىمىش. بىر قېتىم مەن ئۇنى جونېسبوروغا ئېلىپ بارغاندا ماكلىنتوشنىڭ خانىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. سۇئېللېن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ئۇستىبېشىغا سەپسالىپتۇ. قارىسا، ئۇچىسىدا ئېسىل كىيىملەر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇندىن گەپ ئاپتىكەن، ئۇ خوتۇن ئېرىنىڭ قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىگە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچى بىر ئادەمنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان مال ـ مۈلكىنى تۆلەپ بېرىش توغرۇلۇق ئەرز سۇنغانلىقىنى ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم جەنۇب ئىتتىپاقىغا ھېچقانداق شەكىلدە ياردەم قىلمىغان ھەم ئۇلارنى قوللىمىغانىكەن.

— ئۇلار ئەزەلدىن بىرەر ئادەمگە ياردەم قولىنى سوزۇپ باقمىغان، — دېدى سىكارلېت غەزەپ بىلەن، — ئۇلار شوتلاندىيەلىكلەر بىلەن قانداشلىقى بار ئېرلاندىيەلىكلەر.

— ھىم، بەلكىم شۇنداقتۇ، مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن. قانداقلا بولسۇن، ھۆكۈمەت ئۇلارغا... نەچچە تۈمەن، نەچچە مىڭ سوم بەرگەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئەمما خېلىلا كۆپ پۇلنىڭ گېپى بار. بۇ گەپنىڭ سۇئېللېنغا تەسىرى چوڭ بولغان. ئۇ بىرگىمۇ دېمەي بىر ھەپتىگىچە ئويلانغان گەپ. بىزنى زاڭلىق قىلىدۇ دەپ دېمىگەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىرسىگە بۇ ئىشنى مەسلىھەت سالغۇسى كېلىپ كاسلىن خانقىزنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ، ھېلىقى نان قېپى ھىلتونمۇ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە پىلانلارنى كۆرسىتىپ، سىزنىڭ دادىڭىز بۇ دۆلەتتە تۇغۇلغان ئەمەس، ئۇرۇشقىمۇ قاتناشمىغان، ئۇرۇشقا بارىدىغان ئوغۇللىرىمۇ يوق، جەنۇب ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدە ھوقۇقىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇتمىغان. مۇشۇ ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغانلا بولسا، ئوخارا ئەپەندىنىڭ قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق قوللىغۇچىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلا چىقىدۇ، دەپتۇ. سۇئېلىلىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوخارا ئەپەندىگە خىزمەت ئىشلەشكە باشلىغان گەپ. سكارلېت، ھۆددە قىلالايمەنكى، دادىڭىز خېلىغىچە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن. ئۇمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، مۇتلەق ئىشەنچلىك قەسەمنامىدىن بىرنى يازدۇرماقچى بولغان. ئوخارا ئەپەندى بولسا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن.

— دادامغا مۇتلەق ئىشەنچلىك قەسەمنامە يازدۇرماقچى بوپتىكەنمۇ؟ — سكارلېت توۋلاپ كەتتى.

— يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بېرى بوۋاينىڭ ئېسى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، سۇئېلىلېنمۇ دەل شۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولغان بولسا كېرەك. ھېچقايسىمىز ئۇنداق ئىش بولار دەپ ئويلىمىغان. ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنىنى ئادەتتىكى بىر ئىشقۇ دەپ ئويلاپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاپىڭىز ئارقىلىق دادىڭىزنى بۇنچىلىك ئاۋارە قىلىدىغانلىقى، شىماللىقلاردىن ئۈچ يۈز مىڭ دوللار ئالغىلى بولىدىغان تۇرۇقلۇق ئالماي، قىزلىرىڭنى كىيىم ــ كېچەكسىز قويدۇڭ، دەپ ئەيىبلەيدىغانلىقى خىيالىمىزغا كەلمەپتۇ.

— ئۈچ يۈز مىڭ دوللار ! — سكارلېت ئۆزىچىلا بۇ سانىنى ئاغزىغا ئېلىپ قالدى. ئۇنىڭدىكى بايا سۇئېلىلېننىڭ دادىسىغا قەسەمنامە يازدۇرماقچى بولغانلىقىدىن پەيدا بولغان قورقۇنچمۇ ئاستا ــ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

بۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە سادىقلىقى توغرۇلۇق قەسەم بېرىسە، ھۆكۈمەتنى قوللىغانلىقى، ھۆكۈمەتكە قارشى ئادەملەرگە ياردەم بەرمىگەنلىكى ھەققىدە بىرەرسى گۇۋاھلىقتىن ئۆتسىلا بولاتتى. ئۈچ يۈز مىڭ دوللار ! بۇ پۇلغا ئازراقلا يالغان گەپ قىلسا ئېرىشكىلى بولىدىكەنغۇ؟

شۇڭا، ئۇ سۇئىللىننى نېمە دەپ ئەيىبلىسۇن؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئالىكسىنىڭ سۇئىللىنىنى قامچا بىلەن ساۋاش كېرەك دېگەنلىكىنىڭ، يەرلىكلەرنىڭ ئۇنى بوغۇزلىتىۋېتىمىز دەپ تەھدىت سېلىشلىرىنىڭ سەۋەبى شۇمىدۇ؟ ئەخمەقلەر، ھەممىسى ئەخمەق نېمىلەر! ئۇنىڭدا شۇنچىلىك پۇل بولىدىغان بولسا نېمە ئىشلارنى قىلالمايدۇ، باشقىلارمۇ ھەم شۇنداققۇ؟ ئازراق يالغان سۆزلەپ قويغاننىڭ نېمىگە زىيىنى بار؟ نېمىلا دېسۇن، شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ پۇلىنى ئالغان ئەۋزەل ـ دە. ئۇنىڭ بەدىلىگە نېمە ئىش قىلىشقا توغرا كەلسە مەيلى ئەمەسمۇ.

ــ تۇنۇگۇن چۈشكە يېقىن ئاشلېي ئىككىمىز قاشاغا ياغاچ تەييارلاۋاتاتتۇق، سۇئىللىن مۇشۇ ھارۋا بىلەن دادىڭىزنى ھېچقايسىمىزغا گەپمۇ قىلماي شەھەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ. مېلانىيە خانقىز ئەھۋالنى ئازراق بىلىدىكەن، ئەمما ئۇنى تېيىتىدىن يېنىپ قالار دېگەن خىيال بىلەن ئۇ توغرۇلۇق ھېچقايسىمىزغا تىنماپتۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بۈگۈن بىلدۇق. ھىلتون دېگەن ئۇ نان قېپىنىڭ شىماللىقلارغا بېقىنغان ئادەملەر بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ئازراق تەسىرى بار ئىكەن، شۇڭا سۇئىللىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەنلا كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئوخارا ئەپەندىنى شىمال ھۆكۈمىتىگە سادىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىرىلاندىيەلىك، ئۇرۇشقا قاتناشمىغان دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسەم، ئاندىن ئۇ قەسەمنامىگە قول قويۇۋەتسىلا بولىدى، دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پۇل ئالغۇدەك، قانچىلىك ئالاتتىكىن، بىلمىدىم. دادىڭىز قەسەمنامىگە قول قويسا ھەم قەسەم قىلسىلا، ئۇ قەسەمنامىنى ئۇلار ۋاشىنگتونغا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ـ بۇنى قىلىپلا قەسەمنامىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ، دادىڭىزمۇ ھېچنېمە دېمەي ئىشلار ئوڭۇشلۇق مېڭىپتۇ. ئاندىن سۇئىللىن ئۇنىڭغا قەسەمنامىگە قول قويۇشنى ئېيتىپتىكەن، دەل شۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ بېشىنى چايقاپتۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ بىلىپ قالغانلىقى ناتايىن، لېكىن قول قويۇشنى خالىمىغان گەپ، سۇئېللېن ئۇنى كۆپ خاپا قىلىپ كەتكەچكە شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بارلىق تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتكەن سۇئېللېننىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، بوۋاينى ئۇ يەردىن سۆرەپ چىقىپ پەيتونغا سالپتۇ ۋە بالىلىرىڭغا ئوبدان كۆن كۆرسەتكىلى بولمىدىغان تۇرۇقلۇق سەن شۇنى قىلمىدىڭ، ئاپام سەندىن ئۇ دۇنيادا تۇرۇپ خاپا بولدى، يىغلىدى، دېگىنىچە كوچىنى تىنماي ئايلاندۇرۇپتۇ. بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاپىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا دائىم شۇنداق قىلاتتى. بۇ ئەھۋالنى شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈپتۇ. ئالېكس يېنىغا بېرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتىكەن، سۇئېللېن كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ، خەقنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ نېمە، دەپ ئۇنى تويدۇرۇپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قانداق ئويلاپ تاپتىكىن، چۈشتىن كېيىن بىر بوتۇلكا ھاراق تېپىپ، ئوخارا ئەپەندىنى ئىشخانىغا يەنە ئېلىپ كەپتۇ، ئاندىن ھاراقنى راسا ئىچۈرۈپتۇ. ئوخارا ئەپەندى ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن، سۇئېللېن ئۇنى بىر ھازاغىچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئالداپتۇ. ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن ئۇ ئاخىر ئەيۋەشكە كېلىپ، بوپتۇ، قول قويسام قوياي، دەپتۇ. ئۇلار قەسەمنامىنى ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇ ئەمدىلا قول قوياي دەپ تۇرغاندا، سۇئېللېن: «ئەمدى سىلاتتېرېي بىلەن ماكلىنتوشنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىزگە يوغانچىلىق قىلالمايدىغان بولدى ـ دە» دەپ قويۇپتۇ. سىزمۇ بىلىسىز، سىكارلېت، سلاتتېرېينىڭ ئەسكى ئۆيىنى شىماللىقلار كۆيدۈرۈۋەتكەندى، ئەرز قىلىپ بىرمۇنچە پۇل تۆلىتىۋالدى، ئېمىمىنىڭ ئېرى ئۇلارنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئىشلىرىنى توغرىلاپ بېرىپتۇ.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ دادىڭىز تىترەپ كېتىپ

ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىپتۇ. كاللىسى سەزگۈر ئىكەن، سۇئېللىندىن: «ئۇلارمۇ مۇشۇنداق نەرسىگە قول قويغانمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. سۇئېللىن هودۇقۇپ كېتىپ، تۇرۇپ قول قويغان، تۇرۇپ قول قويمىغان، دەپتۇ. «گېپىڭنى ئېنىق قىل، ئۇ ئاق تەنلىك ئىپلاس قەلەندەرلەرمۇ مۇشۇنداق نەرسىگە قول قويغانمۇ؟» دەپ تۇۋلاپتۇ ئوخارا ئەپەندى. «شۇنداق، ئەپەندى، ئۇلار قول قويۇپ نۇرغۇن پۇل ئالدى، سىز قول قويسىڭىزمۇ شۇلاردەك پۇل ئالىسىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھىلتون دېگەن ھېلىقى ئىپلاس.

شۇنىڭ بىلەن ئوخارا ئەپەندى قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپتۇ. ئالېكس ئۇنىڭ ئاۋازىنى يىراقتىكى بىر قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتىمىش. ئۇ ئىرلاندىيە تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەپ: «سەن ئوخارا جەمەتىدىكىلەرنى ئاشۇ ئاق تەنلىك دىۋانىلەر بىلەن بىر يولدا ماڭىدۇ دەپ ئويلامسەن؟» دەپتۇ ـ دە، قەسەمنامىنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ يىرتىۋېتىپ سۇئېللىنىڭ يۈزىگە ئېتىپتۇ. ئارقىدىن يەنە: «سەن مېنىڭ قىزىم ئەمەس !» دەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئالېكس ئۈنى، خۇددى ئۈركۈگەن بۇقىدەك كوچىدا يۈگۈرۈپ يۈردى. خانىم ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى ئۇنىڭ ئېسىنىڭ جايىغا كەلگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپتىمەن، دېدى. ئۇ مەست، دەلدەڭشىپ يۈرۈپتىمىش، ئاغزىدا شۇنداق سەت تىل. بىر چاغدا ئالېكسنىڭ باغلاقلىق تۇرغان ئېتىغا مىنىپتۇ ـ دە، قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن چاغدا ئاشلېي ئىككىمىز ئىشىك ئالدىدا چوڭ يولغا قاراپ تىتىلداپ ئولتۇراتتۇق، مېلانىيە خانىم ھېچنېمە دېمەي كارىۋىتىدا يېتىپ يىغلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز چوڭ يول تەرەپتىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بىلەن بىرسىنىڭ ۋارقىراپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاشلېي: «قىزىق ئىشقۇ بۇ، ئوخارا ئەپەندىنىڭ ئاۋازىغا نېمىدېگەن ئوخشىغان. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بىزنىڭكىگە ھەر قېتىم كەلگەندە مۇشۇنداق ۋارقىراپ كېلەتتى» دېدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇ ئارىدا ئۇ ئوتلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆرۈندى. دېمەك، ئۇ چوقۇم ئاتنى قاشادىن ئاتلىتىپ كەلگەن. ئارقىدىنلا ئۇ ئېتىنى دۆڭگە قاراپ چاپتۇردى، دۇنيادىن بىغەم ئادەمدەك ناخشىسىمۇ بار ئېدى. مەن دادىڭىزنىڭ ئاۋازىنىڭ بۇنچىلىك سازلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇ ناخشا ئېيتقاچ ھەدەپ ئاتقا قامچا ئۇراتتى، ئاتمۇ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي چاپاتتى. ئوتلاقنىڭ يەنە بىر بېشىغا بارغاندا ئاتنى توختىتىۋېلىش كېرەك ئىدى، لېكىن ئاتنى قاشادىن سەكرىتىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك توختاتمىدى، ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتۇق. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ: «ئېللېن، قاشادىن ئاتنى سەكرەتكىنىمنى كۆرگىن !» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. لېكىن، ئات ساتمىنىڭ يېنىغا چېپىپ بېرىپ چىپپىدە توختىۋالدى، دادىڭىز ئاتنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ يەرگە يىقىلدى. بىز يۈگۈرۈشۈپ بارغاندا ئاللىقاچان جېنى چىقىپ بوپتىكەن. يىقىلغاندا بوينى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ۋىل سىكارلېتنى، ھەرقاچان گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلاپ سۆزىنى توختاتتى، لېكىن ئۇ زۇۋان سۈرمىدى. ۋىل قامچىنى قولىغا ئېلىپ: «چۇ، شېرمان !» دەپ ئاتقا بىرلا ھەيۋە قىلىۋىدى، ئات ئۆي تەرەپكە قاراپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

## قىرىقىنچى باب

بۈگۈن كېچە سىكارلېت ناھايىتى ئاز ئۇخلىدى. تاڭ ئېتىپ قۇياش شەرق تەرەپتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى قارىغايلىقنىڭ كەينىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا كونا كارىۋاتتىن قوپۇپ، دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى بىر ياغاچ بەندىڭگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئېغىرلىشىپ تۇرغان بېشىنى يۆلىگەن پېتى سىرتقا نەزەر تاشلىدى. خامان، مېۋىلىك باغ، يىراقتىكى كېۋەزلىكلەر

كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇراتتى. ھەممە نەرسە شۇنچىلىك ئېنىق، نەمخۇش، جىمجىت ۋە ياپيېشىل ئىدى. كېۋەزلىكنى كۆرۈپ ئازاب چەككەن يۈرىكى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. تارانىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكىنى بىلەن بۇ يەرنى ئاشۇ ئىگىسىگە ئوخشاش سۆيىدىغان، ئاسرايدىغان ئادەم بار ئىدى. ئۆيلەر ئاپپاق ئاقارتىۋېتىلگەن، ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە قوناق، كاۋا، پۇرچاق، تۇرۇپلار تېرىۋېتىلگەن، بىر تالمۇ ياۋا گىياھ كۆرۈنمەيدۇ، ئەتراپى چىۋىقلاردا توقۇلغان قاشا. باغدىمۇ قالايمىقان ئۆسۈپ قالغان بىر تۈپمۇ دەرەخ يوق. ھەممە يەر رەتلىك، شاخلاردا تۈرلۈك مېۋىلەر ساڭگىلاپ تۇرغان، كېۋەزلىكمۇ قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا ياپيېشىل تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇنچىلىك يېقىملىق، توپ - توپ توخۇ - ئۆردەكلەر يېڭى ئاغدۇرۇلغان جايدىن قۇرت - قوڭغۇزلارنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن ئېتىزلىق تەرەپكە كېتىشىۋاتىدۇ.

سىكارلېت بۇنىڭ ھەممىسىنى ۋىلىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ كەتتى. گەرچە ئۇ ئاشلىبېنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرسىمۇ، ئەمما ئاشلىبېنى ياشناپ تۇرغان بۇ مەنزىرىنى بەرپا قىلغان ئادەم دەپ قارىمايتتى، چۈنكى تارانى گۈللەندۈرۈش يەر تېرىيدىغان ئاقسۆڭەكنىڭ ئەمەس، بەلكى يەرنى سۆيىدىغان دېھقاننىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ئەمەلگە ئاشاتتى. تارادا ھازىر ئاتتىن ئىككىسىلا بار ئىدى، بۇرۇنقىدەك ئات - كالىلار ئېغىلغا پاتمايدىغان، كېۋەزلىك بىلەن قوناقلىقلارغا كۆز يەتمەيدىغان مەنزىرە ھازىر يوق ئىدى، ئەمما ھازىرقى مۇشۇ ھالەتمۇ چوڭ گەپ ئىدى. تېرىلماي قالغان يەرلەرنى كېيىن تېرىۋالسىمۇ بولاتتى، دەم ئالغان يەرلەر تېخىمۇ مۇنبەتلىشىپ كېتەتتى.

ۋىل بىرقانچە ئىنگلىز مو يەرنىلا تېرىپ قالماي، يەنە جورجىيەلىكلەرنىڭ ئىككى دۈشمىنى، يەنى ئۇرۇقى بىلەن تېز كۆپىيىپ كېتىدىغان قارىغاي بىلەن قارا بىدىنىڭ يامراپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېتىشىنى تىزگىنلىۋالغانىدى. نەتىجىدە ئۇ نەرسىلەر ئېتىزلىقىمۇ، كېۋەزلىكىمۇ، يايلاقىمۇ، ئۆيىنىڭ ئالدىغىمۇ بارالماپتۇ. بۇ، جورجىيەدىكى نۇرغۇن قورۇقلاردا ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى.

سكارلېت تارانىڭ تاشلىنىپ قېلىپ چۆللۇككە ئايلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى ۋىل ئىككىسى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۇرۇپ شىماللىقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا، تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىرىغا تاقابىل تۇردى. بولۇپمۇ ئۇنى خۇشال قىلغىنى ۋىلنىڭ پاختىنى ئامبارغا ئەكىرىۋالغاندىن كېيىن، بىزگە پۇل ئەۋەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېگەن بىر ئېغىز گېپى بولدى. شۇنداقتىمۇ سكارلېت پۇل ئەۋەتىپ تۇرمىسا ۋىلنىڭ جاپادا قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ خىل مۇستەقىل روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ سالاھىيىتى ياللانما ئىشچى ئىدى، شۇڭا سكارلېت بەرگەن ئىش ھەققىنى قوبۇل قىلاتتى. ئەمدى ھازىر ئۇ سكارلېتنىڭ قېيىنئىنىسى ھەم بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايانماقچى ئوخشايدۇ. ۋىلنى ئۇنىڭغا تەگرى يەتكۈزگەن، دېيىشكىمۇ بولاتتى.

پورك ئېللېننىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئوخارا ئەپەندىگە قەبرە كولاپ تەييار قىلىپ قويغانىدى، ھازىر كولىغان توپىلىرىنى جايىغا تىندۇرۇۋېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. سكارلېت ئۇنىڭ كەينىدە، پاكار بىر تۇپ قارىغاينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان قىزىل توپىلىق بۇ قەبرىگە قارىماي كۆزلىرىنى باشقا جايغا تىكىپ تۇراتتى، جېم تارلېتون، خۇگ مونرو، ئالېكس فونتائىن ۋە ماكرس بوۋاينىڭ ئەڭ كىچىك نەۋرىسى ئوخارا ئەپەندىنىڭ گىروفىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىشتى ۋە ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يول بىلەن قەبرىستانلىققا قاراپ سۆزسىز جىمجىت

مېڭىشتى. گىروفنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن بولۇپ بىر توپ ئادەم كېلىشىۋاتاتتى، ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدا كونا كىيىملەر بار ئىدى، سوكوت بىلەن ئاستا كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلار باغنىڭ قوياش نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرغان يولىغا يېتىپ كەلگەندە، پورك قولىدىكى گۈرجەكنىڭ سېپىغا بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ بىرنەچچە ئايىنىڭ ئالدىدا ئاتلانتاغا بارغاندا كۆرگەن قاپقارا چاچلىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

سىكارلېت چارچاپ قالغانىدى. بارلىق يىغىنى ئاخشام يىغلىۋالغان بولغاچقا، ھازىر كۆزلىرىدە بىر تېمىممۇ ياش يوق ئىدى. سۇئېللېن ئۇنىڭ كەينىدە مىچىلداپ يىغلاپ تۇراتتى، يىغىسى سىكارلېتنىڭ جېنىغا قاتتىق تېگىۋاتاتتى. ئەگەر مۇشتىنى چىڭ تۈگۈۋالمىغان بولسا، ئاچچىقىدا كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۇنىڭ تەستىكىگە سالغان بولاتتى. مەيلى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز بولسۇن، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە شۇ سەۋەبچى بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بېسىۋالمىسا بولمايتتى. بۇگۈن ئەتىگەن ھېچكىم سۇئېللېنغا گەپ قىلمىدى، ئىچ ئاغرىتىپ قاراپمۇ قويمىدى. ھەممىلا ئادەم سىكارلېت بىلەن سۆيۈشۈپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، كاررىن بىلەن پوركقىمۇ تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىشتى، سۇئېللېنغا بولسا خۇددى بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوقتەك، ھېچكىم نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمىدى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سۇئېللېننىڭ خاتالىقى ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغانلىقىدىلا ئەمەس ئىدى، ئۇ يەنە دادىسىنى جەنۇبقا خائىنلىق قىلىشقا قىستىغانىدى. قاتتىق قامال ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ جەمئىيەتتىكىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىش قىلىش كۆپچىلىكنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرۇش بىلەن باراۋەر ئىدى. سۇئېللېن بۇ

www.uyghurkitap.com

يەردىكىلەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان يىمىرىلمەس ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغانىدى. شىماللىقلاردىن پۈل ئالماقچى بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۈلچىلەر بىلەن بۇ يەردىكى ئۇلارغا بېقىنغان ئادەملەر بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق ئادەملەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شىماللىق ئەسكەرلەردىن بەتتەر پەسكەش ئىدى. ئۇ تارىخى ئۇزۇن ھەم جەنۇب ئىتتىپاقىنى قەتئىي قوللايدىغان بىر جەمەتنىڭ ئادىمى تۇرۇپ، دۈشمەنگە بېقىنماقچى بولۇپ بۇ يەردىكى ھەممە ئادەمنى نومۇسقا قويغانىدى.

گېرالدنىڭ ئۆلۈمىگە كەلگەنلەر بىر تەرەپتىن، غەزەپ ــ نەپرەتتىن ھاياجانلىنىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاچچىق قايغۇ بىلەن سۈكۈتكە پېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچەيلەن ئالاھىدىرەك بولۇپ، بىرسى ماكرىن بوۋاي ئىدى. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى گېرالد ساۋاننادىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندە ئىككىسى ناھايىتى ياخشى ئۆتۈشكەن ئاغىنىلەردىن ئىدى. يەنە بىرسى فونتائىن موماي ئىدى. ئۇ گېرالدنى ئېلېننىڭ ئېرى بولغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. يەنە بىرسى تارلېتون خانىم ئىدى. ئۇ گېرالدقا باشقا قوشنىلىرىغا قارىغاندا بەكرەك يېقىن ئىدى، دائىم، بۇ ئەتراپتا پەقەت گېرالدلا ئارغىماق بىلەن پىچىۋېتىلگەن ئاتنىڭ پەرقىنى دەپ بېرەلەيدۇ، دەيتتى.

گېرالدنى يەرلىككە ئېلىپ مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئۈچى چىرايىدىن غەزەپ ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ جەسىتى قويۇلغان ئۆيگە كىرىشتى. ئاشلېي بىلەن ۋىل ئۇلارنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ بىر ئاز جىددىيلىشىپ، قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكىلى ئېلېننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتى.

ــ ئۇلار سۇئېلېننىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى، ــ دېدى ۋىل گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ، ــ ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق دەپ قارايدۇ. بەلكىم ئۇلار ھەقلىقتۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. ئەمما، ئاشلېي، بىز بۇ ئائىلىنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان

ئەر كىشىلەر، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

ئاشلېي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ مىجەزىنى ۋىلغا قارىغاندا ئوبدان بىلگەچكە، بەكرەك ئەنسىرەيتتى. قوشنىلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئۇرۇش ـ جېدەل، ھەتتا قورال ئىشلىتىشلەرنىڭ ئۆلۈمگە كەلگەنلەرنىڭ ئۆلگۈچى توغرۇلۇق قىلىپ قويغان بەزىبىر قوپاللراق گەپ ـ سۆزلىرى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇلار ئۆلگۈچىنى ماختاشلىرى كېرەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ بەزى چاغلاردا ئېيتىلغان ئالاھىدە ھۆرمەت سۆزلىرىنى ئۆلۈم ئىگىلىرى خاتا چۈشىنىۋېلىپ ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىدىغان، نەتىجىدە گۆرگە بىرنەچچە گۇرجەك توپا تاشلا ـ تاشلىمايلا جېدەل چىقىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولاتتى.

جونېسبورو بىلەن فايېتېۋىلنىڭ پوپلىرى كېلىپ گېرالدنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەنىدى، ئەمما ئاشلېي كاررىن كۆرىدىغان «ئىنجىل» نى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، دەپنە مۇراسىمىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. كاررىن كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ھەدىلىرىگە قارىغاندا ئېتىقادى بەكرەك كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا سىكارلېتنىڭ ئاتلانتادىن پوپ ئالغاچ كەلمىگەنلىكىگە قاتتىق نارازى بولدى. كېيىن كىشىلەر ئۇنى ۋىل بىلەن سۈئېللېن توي قىلغاندا كېلىدىغان پوپنى گېرالدنىڭ قەبرىسىگە ئاپىرىپ قىرائەت قىلدۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ، دېگەندىن كېيىن ئاچچىقى ئازراق ياندى. يېقىن ئەتراپتىكى يېڭى پوپلارنى تەكلىپ قىلىشقا كاررىن نارازى بولۇپ، بۇ ئىشنى ئاشلېيغا تاپشۇردى، ھەتتا ئۇ ئاشلېي ئوقۇيدىغان جايلارنى بەلگە قىلىپمۇ بەردى. ئاشلېي ۋىلنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيتتى، ئەمما يەنە ئۆزىنىڭ جېدەل ـ ماجىرانىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئارتىۋالغانلىقىنىمۇ، يۇرتداشلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىجەزىنىمۇ بىلگەچكە، بۇئىشنى قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى يوق ئىدى.

— قانداقمۇ قىلارمەن، ۋىل، — دېدى ئاشلېي پارقىراپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — مەن يا فونتائىن موماي بىلەن ماكىرس بوۋايغا قول ياندۇرالمىسام، يا تارلېتون خانىمنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتەلمىسەم. ئۇلار ھېچبولمىغاندا سۇئېلېننى قاتىل، ئۇ بولمىغان بولسا ئوخارا ئەپەندى ئۆلمەيتتى، دېيىشىدۇ. ئۆلگەن ئادەم توغرۇلۇق مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەتلەر جاننى ئالىدۇ ھەم شۇنداق يامان ئادەت.

— ئاشلېي، — دېدى ۋىل ئاستا سۆزلەپ — مەن بۈگۈن ھېچقانداق ئادەمنىڭ سۇئېللېن توغرۇلۇق گەپ قىلىشىغا يول قويمايمەن. سىز قىرائەت قىلىپ بولۇپ، «كىمنىڭ قىلىدىغان گېپى بار» دەپ ماڭا قاراپ قويىسىز، ئاندىن مەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىمەن.

سىكارلېت گىروف كۆتۈرۈپ كېلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ تۇراتتى. دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن قانداق ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلاپ باقمايتتى. دادىسى توپىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىلگىرىكى غەم - غۇسسىسىز بەختلىك ھاياتى بىلەن باغلاپ تۇرغان يەنە بىر يىپىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتاتتى.

گىروفنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر قەبرىنىڭ يېنىغا قويۇپ، كۆيۈشۈپ كەتكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئاشلېي، مېلانىيە، ۋىل بىللە كېلىپ، ئوخارا ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئاچا - سىڭىلنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇرۇشتى، يېقىن قوشنىلاردىن بىر نەچچىسى قەبرە يېنىغا كەلدى، قالغانلىرى تامنىڭ سىرتىدا تۇرۇشتى. سىكارلېت بۇ ئادەملەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى ھەم شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ كەلگىنىگە ھەيرانمۇ قېلىۋاتاتتى، ھەم تەسىرلىنىۋاتاتتى. كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى يىراق

جايلاردىن كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن قانداق خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. سازلىق بىلەن تاغدىن كەلگەن بىر نەچچە نامرات ئادەملەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ كەلگەنىدى، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، ئاغزىلىرىدا تاماكا قالدۇقلىرى، چىرايلىرى بەزگەك ئادەمدەك سېرىق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پاكىز ئىدى، دەزماللانغان گۈللۈك كۆڭلەكلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

ئەتراپىتىكى قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. چىرايى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ، خۇددى تۈكى چۈشۈپ كەتكەن توخۇغا ئوخشاپ قالغان فونتائىن موماي ھاسىسىغا تايىنىپ بىر چەتتە تۇراتتى. كەينىدە ساللى مۇنرو فونتائىن بىلەن ياش فونتائىن خېنىم بار ئىدى. ئۇلار مومايىنى پاكار تامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىڭ، دەيتتى، لېكىن موماي ئۇنىمايتتى. مومايىنىڭ ئېرى قېرى دوختۇر ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىنىڭ خۇشاللىقلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچۇپ كەتتى. كاسلىن كالۋېرت ھىلتون ئۆزى يالغۇز بىر چەتتە تۇراتتى. شۇ يەردە تۇرمىسىمۇ بولمايتتى، چۈنكى بۇ پاجىئەدە ئۇنىڭ ئېرىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. سكارلېت ئۇنىڭ كىر كىيىملىرىنى، قوللىرىدىكى قارا داغلارنى، تىرناقلىرى ئاستىدىكى كىرلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھازىرقى كاسلىندا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە خاس ئېسىلزادىلىكنىڭ ھېچقانداق ئىزى قالمىغانىدى. ئۇ نامراتلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، روھسىزلىنىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، بۇ دۇنيادا مەجبۇرىي ياشاۋاتقاندەك ياشاۋېتىپتۇ.

ئۇ بىر كۈنلەردە ياۋا گىياھ چايناپ قالىدۇ، ھازىرمۇ چايناۋاتامدۇ تېخى، — سكارلېت بۇ خىيالنى قىلىپ قويۇپ ئۆزى قورقۇپ كەتتى، — ۋاي خۇدايىمەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ بىردىنلا شۈركۈنۈپ، ئىتتىك كۆزلىرىنى كاسىلىنىدىن قاچۇردى، چۈنكى ئۇ كاسىلىنىڭ ۋۇجۇدىدىن يۇقىرى تەبىقە جەمئىيەت بىلەن نامراتلىقنىڭ ئارىلىقىنىڭ شۇنچىلىك قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولغانىدى.

مېنىڭ قولۇمدىن راست ئىش كېلىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى سىكارلېت. ئاندىن جەنۇب تەسلىم بولغاندىن كېيىن، كاسىلىن ئىككىسىنىڭ ئوخشاش شارائىتتا ئىش باشلىغانلىقىنى، ئىككىلىسىنىڭلا بىر باش، ئىككى قولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئىچىدە ئۆزىدىن مەمنۇن بولدى.

مەن خېلى يامان ئەمەس ئىش قىلدىم، ئۇ يەنە شۇنداق خىيال بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

ئۇ كۈلكىسىنى ئىتتىك يىغىشتۇرۇۋالدى، چۈنكى تارلېتون خانىمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى. مومايىنىڭ كۆزلىرى تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەنىدى، شۇڭا كۈلۈۋاتقان سىكارلېتقا ئاچچىقى بىلەن ئالىيىپ قويۇپ نەزىرىنى يەنە سۇئېلىنغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىدىن سۇئېللېننى نەس باشقانلىقىنى بايقاش تەسمۇ ئەمەس ئىدى. تارلېتون خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ كەينى تەرىپىدە تۆت قىزى تۇراتتى، قىزلارنىڭ قىزىل چاچلىرى هازىرقى بۇ سۇرلۇك كۆرۈنۈشكە زادىلا ماس كەلمەيتتى، كۆل رەڭ كۆزلىرى ئويناقشىپ تۇرغان كىچىك هايۋانلارنىڭ كۆزلىرىدەك جانلىق، ئويناق، شۇنداقلا يەنە قورقۇنچلۇق ئىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئاشلېي ئورنىدىن تۇردى، قولىدا كاررېننىڭ كىتابى بار ئىدى. كۆپچىلىك بىردىنلا جىمىپ، باش كىيىملىرىنى باشلىرىدىن ئېلىشقا باشلىدى، قوللىرى ئىككى يېنىدا سىلىنىپ تۇرغان، تىنىغان تىنىقلارنىڭمۇ ئاۋازلىرى ئاڭلانمايتتى. ئاشلېي يەردىن بېشىنى ئالماي بىردەم تۇردى. قۇياش نۇرىدا چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ قىرائەتنى باشلىدى، هەممە ئادەم جىمجىت تۇرۇپ ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىغا

قولاق سېلىۋاتاتتى، ئاۋازى ئوچۇق ۋە شوئىچىلىك چىرايلىق ئىدى.

ئاھ، ئۇنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن يېقىملىق، ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە، ئۇنىڭ سەل ئۆزگىچىسى ئۆزلەپمۇ قىلىۋاتاتتى.

ئاشلېي ئاخىر قىرائەتنى قىلىپ بولۇپ قايغۇلۇق كۆزلىرىنى ئەتراپقا يۇگۈرتۈپ چىقتى. كۆزلىرى ۋىلىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا: «كىمنىڭ قىلىدىغان گېپى بار؟» دەپ سوراپ قويدى.

تارلېتون خانىم جىددىيلەشكەن بولۇپ، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپ تۇرغاننىڭ ئارىلىقىدا ۋىل ئالدىغا چىقىپ گىروفنىڭ يېنىغا كەلدى ــ دە، گەپ قىلىشقا باشلىدى.

ــ دوستلار، ــ دېدى ئۇ ناھايىتى تەمكىن تۇرۇپ، ــ مېنىڭ تۇنجى بولۇپ گەپ قىلىۋاتقىنىمغا قاراپ، مېنى، بەكمۇ ئۆزىنى چاغلىماي قاپتۇ؟ دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. چۈنكى، مېنىڭ ئوخارا ئەپەندى بىلەن تونۇشقىنىمغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان، سىلەرنىڭ تونۇشقىنىڭلارغا بولسا يىگىرمە يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولدى. ناۋادا ئۇ يەنە بىر نەچچە يىل ھايات كەچۈرگەن بولسا، مەن ئۇنى دادا دەپ ئاتىغانمۇ بولاتتىم.

ھەممەيلەن بىردىنلا ھەيران قېلىشتى، لېكىن تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر بولغاچقا كۇسۇرلىشىپ كەتمىدى، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى كاررىنىغا يۆتكەلدى. كاررىن يەردىن بېشىنى ئالماي بىر چەتتە تۇراتتى. ھەممىلا ئادەم ۋىلنىڭ كاررىننى ياخشى كۆرۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. ۋىل كۆپچىلىكنىڭ كاررىنغا قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ چۈنكى، مەن يات ئاردا سۆئېللېن بىلەن توي قىلماقچى، ئاتلانتادىن يوپ كەلسىلا توينىمىزنى قىلىمىز. شۇڭا، مەن بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلىشقا ھەقلىق.

ۋىلنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، توپ ئىچىدە غۇلغۇلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ يەر ــ بۇر يەردىن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
بۇ ئاۋازلارغا غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك ۋىلنى تاراغا جان كۆيدۈرگەنلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەت قىلىشاتتى. ئۇنىڭ كاررىيىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزلىرى ئەڭ كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھېچقايسىسى قوبۇل قىلالمىدى. ئاق كۆڭۈل ۋىل قانداقلارچە ئۇ نومۇسسىز سۇئېللېن ئوخارا بىلەن توي قىلىدۇ؟
كەيپىيات بىردىنلا قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتتى. تارلېتون خانىم كۆزلىرىدىن غەزەپ چاچرىتىپ، ئاچچىق گەپلەر بىلەن قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشنى ئويلىدى، لېكىن گەپ قىلالمىدى. جىمجىتلىق ئىچىدە ماكرىس بوۋاي ئۇنلۇك سۆزلەپ، نەۋرىسىدىن ۋىلنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. ۋىل كۆپچىلىكنىڭ چىرايىدىكى بۇ خىل ھالەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، كۆزلىرىدە، قېنى قايسىڭ مېنىڭ كەلگۈسىدىكى خوتۇنۇمغا بىر نەرسە دېيىشىسەنكىن، دېگەندەك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. كىشىلەر نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي ۋىلغا كۆيۈنۈپ قاراشسا، سۇئېللېنغا نەپرەت بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. ئاخىر ۋىل غەلىبە قىلدى. ئاندىن ئۇ بايىقى گەپ ئارىلىقىدىكى تەبىئىي توختاشتىن كېيىن، گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:
ــ سىلەر ئوخارا ئەپەندىنى قىران ۋاقتىدىن باشلاپ بىلىسىلەر، ئەمما مەن ئۇ ئەپەندىنىڭ ئۇ چاغلىرىنى بىلمەيمەن، پەقەت ئاق كۆڭۈل ۋە ئازراق گالۋاڭ بوۋاي چاغلىرىنىلا بىلىمەن. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى پەقەت سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىنلا ئاڭلىدىم. سىلەرنىڭ ئۇ توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىڭلارنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىمەن. ئوخارا ئەپەندى باتۇر ئىرىلاندىيە جەڭچىسى، جەنۇبنىڭ ئالىيجاناب بىر ئەزاسى، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ سادىق ئادىمى ئىدى. بۇ ئۈچ خىل خىسلەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشكەن، بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان

ئەھۋال. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس دېيىشكىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدەك ئادەملەرنى يارىتىدىغان دەۋر ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىپ قالدى. ئۇ چەت ئەلدە تۇغۇلغان، بىز بۈگۈن ئۇنى بۇ يەردە يەرلىكتە قويۇۋاتىمىز، ئەمما ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە كەلگەن ئادەملەردىنمۇ بەكرەك جورجىيەلىككە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەم. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن، بىزنىڭ تۇپرىقىمىزنى قىزغىن سۆيەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن خۇددى جەڭ مەيدانىدا جەڭ بىلەن ئۆلگەن جەڭچىدەك ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ بىر ئەزايىمىز ئىدى، بىزدىكى ئارتۇقچىلىقلارمۇ، كەمچىلىكلەرمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل ئارتۇقچىلىقى، بىر ئىشنى قىلىش قارارىغا كەلگەن بولسا، ئۇنى ئۇ ئىشتىن ھەرقانداق بىر كۈچ قايتۇرۇپ كېلەلمەيتتى، ھېچكىممۇ قورقۇتالمايتتى. سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق نەرسە ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايتتى.

ئۆز ۋاقتىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولغاندا، ئۇ قىلچە قورقماي يۇرتىدىن ئايرىلىپ بۇياققا قېچىپ كەلگەن. ئامېرىكىغا كەلگەندە كەمبەغەل ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى، خىزمەت تېپىپ پۇل تاپتى. بۇ يەر ئەسلىدە قاقاس يەرلەر ئىدى، ئىندىيانلار تېخى يېڭىلا قوغلاپ چىقىرىلغاندا، ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ يەر ئاچتى، ھېچنېمىدىن قورقمىدى. ئاخىر قاقاسلىقتا بۇ قورۇقنى بەرپا قىلدى. ئۇرۇش پارتلىغاندا ئۇنىڭ پۇلى ئاز قېلىشقا باشلىغانىدى، ئەمما قايتا نامراتلىشىپ كېتىشتىن قورقمىدى. ئۇلارمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا قەددىنى پۈكمىدى، ھېچنېمىدە يول قويمىدى. شۇڭلاشقا، مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىزنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقلىرىمىز بار، دەيمەن. سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق كۈچ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

ئەمما، ئۇنىڭدا يەنە بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزمۇ يوق

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ئۇ يەنە ئىچىدىن بويسۇندۇرغىلى بولىدىغان ئادەم. دېمەكچى بولغىنىم، ئۇنى پۈتۈن دۇنيا ھېچنېمە قىلالمىغىنى بىلەن يۈرىكىنى ئېزىۋېتەلەيتتى. ئوخارا خانىم ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ئۆلۈپ ئىچىدىن تۈگىشىپ كەتتى. كېيىن بىز بۇرۇنقى ئوخارا ئەپەندىنى كۆرەلمىدۇق.

ۋىل سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سۆزدىن توختاپ ئەتراپقا قاراپ قويدى. ھەممە ئادەم ئاپتاپقا قاقلىنىپ، خۇددى ئەسلىرىنى يوقاتقاندەك يەرگە مىخلىنىپ تۇراتتى، سۇئېللىپنىغا بولغان غەزەپلىرى تېشىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، شۇ تۇرقىدا ئۇنى پۈتۈنلەي ئەسلىرىدىن چىقىرىۋېتىشكەنىدى. ۋىلنىڭ نەزىرى سىكارلېتنىڭ ئۈستىدە بىردەم تۇرۇپ، خۇددى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك، سەل ـ پەل قىسىلغاندەك بولدى. سىكارلېت كۆز ياشلىرىنى زورغا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ۋىلنىڭ بۇ گەپلىرى بىلەن ئۇ راستىلا ئازراق تەسەللى تاپقاندەك بولۇپ قالدى. ۋىلنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. ئۇ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن جەم بولىمىز، دېگەندەك ئاقمايدىغان گەپلەرنى زادىلا قىلمىدى، خەقلەرنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقىمۇ دەۋەت قىلمىدى. شۇڭا، سىكارلېت ئۇنىڭ ئورۇنلۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدى كۈچكە تولغاندەك، كۆڭلى تەسەللى تاپقاندەك بولۇپ قالدى.

— مەن كۆپچىلىكتىن ئاشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكى بىلەن ئۆلگۈچىنى كەمسىتىدىغان ئىشنى قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلەرمۇ، جۈملىدىن مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەم. بىزنىڭمۇ يېتەرسىزلىكىمىز بار، ئاجىزلىقلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. ھېچقانداق ئادەم ئۇنى، شۇنداقلا بىزنى بىر نېمە قىلىۋېتەلمەيدۇ. مەيلى شىماللىقلار، شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۇلچىلەر ياكى جاپالىق تۇرمۇش، تۈگىمەس باج ـ سېلىقلار، دەھشەتلىك ئاچارچىلىقلار بولامدۇ، ھېچقايسىسى بىزنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئەمما، ئىچىمىزدىكى ئۆز ئاجىزلىقلىرىمىز كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىزنى

ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. ھەممىمىزنىڭ ئوخارا ئەپەندىگە ئوخشاش ئەڭ يېقىن ئادىمىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىپلا تۇگىشىپ كېتىشىمىز ناتايىن. ئادەممۇ ماشىنىغا ئوخشاش نەرسە، ئۇنىڭمۇ پۇرژىنىسى بولىدۇ. ئۇ پۇرژىنا يەنە شۇ ئادەمنىڭ قولىدا. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر كىمنىڭ قولىدىكى پۇرژىنا ئۈزۈلۈپ كېتىدىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئورنى ۋە قىممىتى قالمايدۇ، ئۇ قانچە تېز ئۆلۈپ كەتسە شۇنچە ياخشى... شۇڭا مەن سىلەرنىڭ ئوخارا ئەپەندى ئۈچۈن ئارتۇقچە ھەسرەت چېكىپ كەتمەسلىكىڭلارنى سورايمەن. ھازىر ئوخارا ئەپەندىنىڭ تېنى يۇرىكى بىلەن ئۈچراشتى، شۇڭا بىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇشقا ھەققىمىز يوق، يەنە قايغۇرىدىكەنمىز، بۇ ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ دادىسىدەك ياخشى كۆرەتتىم، شۇڭا مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن... كۆپچىلىك ئەيىبكە بۇيرۇمىسا مۇشۇ يەرگىچە سۆزلىسەم، ھازىردارلارمۇ ئازابلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنى تۆپىلەپ يەنە ئازابلىمىساق.

ۋىل سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ، تارلېتون خانىمغا يۈزلىنىپ بوش ئاۋازدا دېدى:

— خانىم، سكارلېت خانقىزنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويالارسىزمۇ؟ ئۇ ئاپتاپتا ئۇزاق تۇرۇپ كەتسە ياخشى ئەمەس، فونتائىن خانىمنىڭ كەيپىياتىمۇ تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، مەن ئۇنى ئۆلگۈچىنى ھۆرمەت قىلمايۋاتىدۇ دېمەكچى ئەمەس.

گەپ بىردىنلا ئۆلگۈچىنى ماختاشتىن سكارلېتقا يۆتكىلىپ ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قارىغاچقا، ئۇ خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قورسىقى خېلىلا تومپىيىپ قالغان تۇرسا، ۋىل يەنە نېمىشقا ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۇنىڭغا بۇرايدىغاندۇ؟ سكارلېت خىجالەت بولۇپ ۋىلغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى. ۋىل ئۇنىڭغا چىرايىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتمەي تىكىلىپ تۇراتتى. سىكارلېت ئاخىر ئۇنىڭغا يول قويدى.

ۋىلىنىڭ كۆزلىرىدىن: «مەرھەمەت! مەن مەقسەتلىك شۇنداق قىلدىم!» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ۋىل ھازىر بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇڭا سىكارلېت ئۇنىڭغا تېرىكىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئامالسىز تارلېتون خانىمنىڭ يېنىغا ماڭدى. ۋىل تارلېتون خانىمنىڭ مەيلى ھايۋاننىڭ ياكى ئادەمنىڭ بولسۇن، تۇغۇت ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، دىققىتىنى دەررۇ سۇئىيلىبىندىن سىكارلېتقا يۆتكىۋەتتى، تارلېتون خانىممۇ دەررۇلا سىكارلېتنى قولتۇقلاپ ماڭدى.

— ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، قوزام.

ئۇنىڭ چىرايىدا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئەتتى، سىكارلېتمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ماڭدى. ئادەملەر ئۇلارغا ئوتتۇرىدىن يول ئېچىپ بەردى. كۆپچىلىك سىكارلېتقا ھېسداشلىق قىلىپ بوش پىچىرلىشىشقا باشلىدى، بەزىلەر ھەتتا مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوش ئۇرۇپمۇ قويدى. ئۇ فونتائىن موماينىڭ ئالدىغا كەلگەندە موماي ئورۇق قوللىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزارتىپ:

— قىزىم، مەن سىزنى يۆلەپ ئەكىرىپ قوياي، — دېدى. ئاندىن ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغان ساللى بىلەن فونتائىن خانقىزغا ئالىيىپ قويدى، — سىلەر مېنى يۆلىمەيلا قويۇڭلار، ئۆزۈم ماڭالايمەن.

ئۇلار توپ ئىچىدىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بايىقى يول يەنە ئېتىلىپ قالدى. تارلېتون خانىم ئۇنى كۈچەپ يۆلەپ كېتىۋاتاتتى، بەزىدە قاتتىق كۈچەپ كېتىپ، سىكارلېتنىڭ پۇتىنى يەردىن ئۈزۈۋالغۇدەك بولۇۋاتاتتى.

ئۇلار كۆپچىلىكتىن يىراقلاپ، قىلغان گەپنى ئاڭلىيالمايدىغان يەرگە بارغاندا، سىكارلېت ھاياجانلىنىپ:

— ۋىل نېمىشقا ئۇنداق گەپ قىلىدۇ؟ ئۇ بالا تۇغماقچى، دېگەندەك گەپ قىلدىغۇ؟ — دېدى.

— نېمە، بالا تۇغماتتىڭىز ئەمىسە؟ — دېدى تارلېتون خانىم جاۋابەن، — ۋىلنىڭ شۇنداق قىلغىنى توغرا. سىز ئەسلىدە كۈنگە قاقلىنىپ تۇرماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. ئاپتاپتا كۆپ تۇرۇپ ھوشىڭىزدىن كېتىدىغان بولسىڭىز بويىڭىزدىن ئاجراپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

— ۋىل ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىدى، — دېدى فونتائىن موماي ئۆينىڭ پەلەمپىيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ ھاسىرىغان ھالدا. موماي تولىمۇ ئىنچىكە بولغاچقا، ۋىلنىڭ بايىقى گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنىدى، شۇڭا ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — ۋىل ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدى. سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ، قەبرە يېنىدا ئۇزاق تۇرۇپ ئاغرىمىزغا كەلگەنىنى دېيىشىمىزدىن ئەنسىرەپ بىزنى ماڭدۇرۇۋەتتى... ئۇنىڭ مەقسىتى يالغۇز بۇلا ئەمەس. ئۇ يەنە سىكارلېتنىڭ گىروفنىڭ ئۇستىگە چۈشۈۋاتقان توپىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشىنى خالىمىدى. ئۆلگەن ئادەم سەن ئۇچۇن ئۆلمىگەندەكلا تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىساڭ... ئۇ دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاۋاز، چۈنكى ئۇ ھاياتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ... پەلەمپەيگە كېلىپ قالدۇق، مېنى تۇتۇۋال قىزىم، ماڭا ياردەم قىلىڭ، بېئېتىرس، سىكارلېتقا ھاسا كەتمەيدۇ، ئۇنى سىز يۆلىمىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. ۋىل بايا ئېيتقاندەك، مېنىڭ كەيپىم تازا ياخشى ئەمەس... ۋىل سېنىڭ داداڭنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىكەن، سەنمۇ دەردنى ھارغۇچە تارتتىڭ. ۋىلنىڭ مەقسىتى سېنى يەنە دەرد تارتقۇزماسلىق بولسا كېرەك. ئۇنىڭچە، سېنىڭ ئۇ ئىككى سىڭلىڭ سەنچىلىك ئاھ ئۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ، سۇئېللېن يامان ئىش قىلدى. ئاپتاپقا قانچە قاقلىنىپ تۇرسا ھەقلىق، كاررىنىنى تەڭرى ساقلايدۇ. سېنىڭ بولسا يۆلەنچۈكۈڭ يوق، قىزىم، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— شۇنداق، — دېدى سىكارلېت جاۋاب بېرىپ. ئۇ مومايىنى پەلەمپەيدىن يۆلەپ چىقىۋېتىپ، مومايىنىڭ ئورۇنلۇق گەپلىرىگە ھەيران قالدى، — مېنىڭ ئاتامدىن باشقا ھېچقاندا يۆلەنچۈكۈم بولۇپ باقمىغان.

— ئەمما، سەن ئاناڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مۇستەقىل ياشىيالىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ بەزىلەر ئۇنداق قىلالمايدۇ، داداڭ شۇنداق بولدى. ۋىلنىڭ دېگىنى توغرا، كۆڭلۈڭنى ھەرگىز يېرىم قىلما. داداڭ ئاپاڭدىن ئايرىلىپ قېلىۋېدى، ياشاشقا ئامالسىز قالدى، ئاخىر ئۇنىڭ يېنىغا كەتتى. بۇمۇ ئوبدان بولدى. مەنمۇ شۇنداق، مەنمۇ قېرى دوختۇرنىڭ قېشىغا كەتسەم ياخشى دەيمەن.

ئۇ بۇ گەپلەرنى باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلمىغانىدى، ئۇنى يۆلەپ مېڭىۋاتقانلارمۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەركىن، تەبىئىي بولۇپ، خۇددى جورىسى ھاياتتەك، ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ جونېسبورودىن ھازىرلا قايتىپ كېلىدىغاندەك گەپ قىلاتتى. موماي ھەقىقەتەن قېرىپ كەتكەن، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۆلۈمدىن قورقۇپمۇ كەتمەيتتى.

— بىراق، سىزمۇ مۇستەقىل ياشاۋاتىسىز، — دېدى سىكارلېت.

موماي ئۇنىڭغا خۇشال قاراپ قويدى.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئەمما، بەزى چاغلاردا كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولىدۇ.

— ھەي، موماي، — دېدى تارلېتون خانىم گەپ قىستۇرۇپ، — سىكارلېت خانقىزغا بۇنداق گەپلەرنى قىلسىڭىز بولمايدۇ، ئۇ ھازىر بىئارام بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىرتتىن تېخى يېڭىلا كەلدى، كۆڭلىكىمۇ تار ئىكەن، كۈننىڭ ئىسسىقىدا ئىچى سىقىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇلارمۇ ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق تۇرسا، سىز يەنە قايغۇ بىلەن ئازابنىڭ گەپلىرىنى قىلىسىزغۇ؟

— ھېچگەپ يوق، — دېدى سىكارلېت سەل بىزار بولغاندەك تەلەپپۇزدا، — بىئارام بولۇۋاتقىنىم يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنداق ئاسان بويىدىن ئاجراپ كېتىدىغان ئىنجىمارۇقلاردىنمۇ ئەمەسمەن.

— ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى تارلېتون خانىم خۇددى بىلمەيدىغىنى يوقتەك قىياپەتتە، — مەن تۇنجى بالامغا قورساق كۆتۈرگەن ۋاقتىمدا، بىر بۇقىنىڭ بىزنىڭ بىر قولنى ئۇسۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ بويۇمدىن ئاجراپ كەتكەن. سىز مېنىڭ ھېلىقى جەرەن ئېتىمنى بىلەمسىز؟ ئىسمى نېللې ئىدى. سىز ئۇنداق ئېسىل ئاتنى ئۆمرىڭىزدە كۆرۈپ باقمىغان ھەرقاچان. ئۇ شۇنچىلىك ئاسان ھاياجانلىناتتى. ئۇ قورساق كۆتۈرگەندە مەن جىددىي قارىمىغان بولسام...

— بۇ گېپىڭىزنى قويغىنا. بېئېترس، — دېدى موماي، — سىكارلېتنىڭ چوقۇم بويىدىن ئاجراپ كەتمەيدۇ. كارىدوردا بىردەم ئولتۇرايلىچۇ، بۇ يەر سالقىن ئىكەن. بېئېترس، ئاشخانىغا چىقىپ قاراپ باقساڭ، قايمىقىنى سۇزۇۋالغان سۇتتىن بارمىكىن، بولسا ماڭا بىر ئىستاكان ئاچىقىپ بەرگىن. سۇت بولمىسا ئىشكاپقا قاراپ باق، ھاراق بولسىمۇ مەيلى، بىر رومكا ئىچىۋالاي، ئۇلار خوشلاشقىلى كەلگەندە بىللە قايتايلى.

تارلېتون خانىم سىكارلېتقا قاراپ قويۇپ، ئاندىن قەتئىي تەلەپپۇزدا:

— سىكارلېت كارىۋاتقا چىقىپ يېتىۋالمىسا بولمايدۇ، — دېدى. ئۇ خۇددى تۇغۇتنىڭ ئەھلىدەك، تۇغىدىغان چاغنىڭ تەخمىنەن ۋاقتىنى سائەت، مىنۇتلىرىغىچە ئېيتىپ بېرەلەيتتى.

— بول چاپسان! — دېدى موماي ھاسىسىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ. تارلېتون خانىم بېشىدىكى شلەپىسىنى ئېلىۋېتىپ، قولى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن قىزىل چاچلىرىنى سىلاپ قويدى، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

سىكارلېت ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈردى. بەدىنىگە مەھكەم يېپىشىپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ ئىككى تۈگمىسىنى يېشىۋەتتى. كارىدورنىڭ تورۇسى ئېگىز بولغاچقا بۇ يەر سالقىن ئىدى.

— مەن بېئېترىس تارلېتوننىڭ بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا يۈرىكى ئازابلىنامدۇ ياكى ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغىمۇ، زادىلا بىلمەيمەن، — دېدى فونتائىن موماي، — ئۇ جېم بىلەن بىرنەچچە قىزىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بىلەمسىز؟ ئۇ بايا ۋىل سۆزلىگەن ئادەملەرنىڭ تىپىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۈرژىنا ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ كەتكەن. بەزىدە ئۇنى داداڭغا ئوخشاش بولۇپ قالارمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. ئۇ پەقەت ئاياللارنىڭ بالا تۇغقانلىقىنى، بايتاللارنىڭ قۇلۇنلىغانلىقىنى كۆرگەن چاغلاردىلا خۇشال بولىدۇ، باشقا چاغلاردا خۇشال يۈرگەنلىكىنى كۆرمەيسەن. قىزلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ تالالىق قىلمىدى. بۇ ئەتراپتىن ئۇلارغا ئەر تاپالايدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنچىسى يوق، شۇڭا ھېچنېمىدىن غەم قىلماي يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق غەلىتە مەزلۇم... ۋىل سۇئېللېننى ئالىدىغانلىقىنى دېدى، بۇ راست گەپمۇ؟

— راست گەپ، — دېدى سكارلېت مومايدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئۆلتۈرۈپ. بۇرۇن ئۇ بۇ مومايدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، ئەمدى ھازىر چوڭ بولدى، ئەلۋەتتە قورقمايدۇ - دە.

— ۋىل ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى تاپسا بولاتتىغۇ؟ — دېدى موماي ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— شۇنداقمۇ؟ — سكارلېت ھەيران قالدى.

— بۇ گېپىمگە ئۇنچىلىك ئەجەبلىنىپمۇ كەتمە، خانقىز، — دېدى موماي كىنايە بىلەن، — مەن سېنىڭ ئۇ ئارزۇلۇق سىڭلىڭنىڭ يامان گېپىنى قىلماقچى ئەمەس، بايا ئۇ يەردىن كەتمىگەن بولسام قىلار بولغىيدىم. بۇ ئەتراپتا ئەرلەر ئاز بولغاندىكىن، قىزلارنىڭ ئىچىدىن تازا يارايدىغىنىنى تاللىۋالماتتى دەيمىنا. بېئېترىسنىڭ تۆت ئالۋاستىسى، موتروننىڭ

بىر نەچچە قىزى، ماكرسىنىڭ...

— ئۇ سۇئېللېن بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ بېكىتىپ بولدى.

— سۇئېللېننىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ياخشى بىر ئەرگە ئېرىشىپتۇ.

— ئۇ ئاشۇنداق ياخشى ئادەمگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن تازا تەلەيلىك.

— سەن بۇ يەرنى تولىمۇ ياخشى كۆرسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— شۇڭا، تارانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانغا بىر ئەر كىشى لازىم بولۇپ، تەبىقە سورۇشتۇرمەيلا سىڭلىڭنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بوپسەن - دە؟

— تەبىقە؟ — سكارلېت موماينىڭ ئويلىغان ئويىغا ھەيران قالدى، — قانداق تەبىقە؟ ھازىر تەبىقە سورۇشتۇرگەننىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىر ئەر تېپىۋالسىلا بولدى ئەمەسمۇ؟

— بۇمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە، — دېدى موماي، — بەزىلەر سېنىڭ بۇ قارىشىڭنى مەنتىقىگە ئۇيغۇن دەپ بىلىشى، بەزىلەر، پەرقنى مۇجمەللەشتۇرۇۋەتتى، دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ پەرقتە زادىلا مۇجمەللىك قىلىشقا بولمايدۇ. ۋىل قانداقلا بولسۇن، يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئادىمى ئەمەس، ئەمما سىلەرنىڭ ئائىلىدىكى بەزىلەر يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ.

موماينىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى سكارلېتنىڭ مومىسى روبىللارد خانىمنىڭ سۈرىتىگە تىكىلدى.

شۇ ئارىلىقتا سكارلېت ۋىلنى ئويلاپ قالدى. ئۇ ئورۇق، كۆرۈمسىز، مىجەزى يېقىشلىق، دائىم ئاغزىدىن بوغدايىنىڭ غولىنى چۈشۈرمەيدىغان، كۆرۈنۈشتە روھسىزراق كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى. جەنۇبنىڭ كەمبەغەللىرى ئاساسەن شۇنداق سىياقتا ئىدى. ئۇنىڭ نورغۇن پۇللىرى بار ئېسىلزادە ئەجدادلىرى يوق،

www.uyghurkitap.com

ئائىلىسى جورجىيەگە ئەڭ دەسلەپتە كەلگەن، بەلكىم ئاۋگىرسوفقا[1] قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەملەردۇ ياكى قۇل بولۇشىمۇ مۇمكىن. ۋىل ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇمىغان، پەقەت يىراق بىر يېزىدىكى مەكتەپتە تۆت يىللا ئوقۇغان، ئۆزى سەمىمىي، ئىشەنچلىك، ئەمما يوقىرى تەبىقىدىن ئەمەس. روبىللاردلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن قارىغاندا، سۇئېللېن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا جەزمەن سالاھىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋالىدۇ.

— قارىغاندا، سەن ۋىلنىڭ ئائىلەڭلەرگە ئەزا بولۇپ كىرىشىگە قوشۇلىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى سكارلېت رەسمىي تەلەپپۇزدا. ئەگەر موماي ئۇنىڭغا يەنە قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئېتىلىشقا تەييار ئىدى.

موماي ئويلىمىغان يەردىن شۇنداق دېدى:

— مېنى بىرنى سۆيۈپ قويغىنا، — موماي ئۇنى قوللىغان ئىپادىدە كۈلۈپ تۇراتتى، — مەن سېنى ئەزەلدىن هازىرقىدەك ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، سكارلېت. كىچىكىڭدە تولىمۇ جاھىل، مۇئامىلەڭ ياۋا ياڭاقتەك قاتتىق ئىدىڭ، مەن ئۇنداق جاھىل قىزلارنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئۆزۈمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن سېنىڭ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا تۇتقان مۇئامىلەڭنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، كۈچۈڭ يەتمىگەن ئىشلارغا قارىتا ئۇنى قۇۋۋەتلىمىسەڭمۇ داۋراڭ قىلمايدىكەنسەن، بەئەينى ئوۋچىدەك، ئىشنى كەسكىن، ئېپچىللىق قىلىدىكەنسەن.

سكارلېت كۈلۈپ كەتتى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇڭا موماي قورۇلۇپ كەتكەن يۈزىنى يېقىن ئېلىپ كەلگەندە مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. مومايىنىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىقىنىڭ مەنىسىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسىمۇ ئىچىدە خۇشال بولدى.

---

① ئەنگلىيە گېنېرالى، جورجىيە مۇستەملىكىسىنىڭ ياراتقۇچىسى.

— سۇئېللېننى بىر قارا نامراتقا بېرىدىغان بوپسەن، بۇمۇ بوپتۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ۋىلنى ياخشى كۆرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىشىدۇ. ئۇنى ياخشى ئادەم دەپ ماختاپ تۇرۇپ، يەنە ئوخارا ئائىلىسىنىڭ قىزىنىڭ ئۆزىنى چۈشۈرۈپ ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىشى نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش، دېيىشىدۇ. ئەمما، سەن بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي يۈرۈۋەرسەڭ بولىدۇ.

— باشقىلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، كارىم يوق.

— مەنمۇ سېنى شۇنداقراق دەپ ئاڭلىغان، — مومايىنىڭ بۇ گېپىدە ئازراق كىنايە بار ئىدى، — خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، كارىڭ يوق يۈرۈۋەرسەڭ بولىدى. بۇ چوقۇم تازا لايىقىدا بولغان توي. ئەلۋەتتە، ۋىل بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇنداق نامرات قىياپەتتە يۈرۈشى، تويدىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئىلگىرىلەش بولماسلىقى مۇمكىن. نۇرغۇن پۇل تاپقان تەقدىردىمۇ داداڭغا ئوخشاش تاراغا شان - شەرەپ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، كەمبەغەللەردە ئۇنداق شان - شەرەپلەر ھەم بولمايدۇ. ئەمما، ۋىل ئاق كۆڭۈل ئادەم، نېمە قىلىشنى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. بايا قەبرىستانلىقتا ھەممىمىزنىڭ ئويلىغانلىرى خاتا بولغان. ئۇ تۇغما ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزەتتى. دۇنيادا بىزنى ھېچقانداق نەرسە ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئەمما بىز دائىملا قولدىن كەتكەن نەرسىلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەپلا يۈرسەك، ئۆتمۈشنىلا ئويلىساق، ۋىل دېگەندەك، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۈگەشتۈرۈۋالىمىز. مەيلى سۇئېللېن ياكى تارا ئۈچۈن بولسۇن، ۋىلنىڭ بولغانلىقى چوڭ ئىش.

— بۇ گەپچە، سىز مېنىڭ ئۇنىڭ سۇئېللېن بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلغانلىقىمنى قوللايدىكەنسىز - دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى موماي ھارغىن ۋە بىئارام بولۇۋاتقاندەك ئاھاڭدا، ئەمما تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — مەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

نامرات بىر ئادەم بىلەن ئېسىلزادىنىڭ قىزىنىڭ توي قىلىشىنى قوۋۋەتلەيمەنمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەم بىلەن يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەمنىڭ بىرلىشىشىنى قانداقمۇ قوللاي؟ كەمبەغەللەرمۇ ئاق كۆڭۈل، ئىشەنچلىك، سەمىمىي كېلىدۇ، بىراق...

ــ تېخى بايىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرى بەختلىك بولۇشى مۇمكىن دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ ــ سىكارلېت ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالدى.

ــ مەن سۇئېللېننىڭ ۋىلغا ياتلىق بولۇشىنى ياخشى ئىش دەپ ھېسابلايمەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ كىم بىلەن توي قىلسۇن، ئوبدان ئىش، چۈنكى ئۇ بىر ئەرگە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق. ئۇنداق ئەرنى ئۇ نەدىن تاپىدۇ؟ سەنمۇ بۇنداق ئوبدان غوجىدارنى نەدىن تاپىسەن؟ ئەمما بۇ مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ــ ئەمما، مەن ھازىرقى مۇشۇ ئەھۋالنى ياخشى كۆرىمەن، ــ دېدى سىكارلېت مومايىنىڭ گېپىنى ئويلانغاچ، ــ ۋىل سۇئېللېن بىلەن توي قىلسا مەن خۇشال بولىمەن. سۇئېللېن مېنى نېمىشقا باشقىچە ئويدا بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ؟ ئۇنداق ئويلايدىغانغا قانداق ئاساسى بار؟ ئۇ زادى دائىم شۇنداق.

سىكارلېت ھەيران ئىدى ھەم ئازراق خىجىلمۇ بولاتتى، باشقىلار ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئۇنىڭغا تېگىپ ئۇنى ئۇنداق ـ مۇنداق دېسە، ئۇ ئەلۋەتتە، ئۇ گەپكە چۈشەنمەيدۇ ھەم خىجىل بولىدۇ ـ دە.

مومای يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەچ، خۇشال كەيپى بىلەن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

ــ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بۇنداق نىكاھنى قوللاپ كەتمەيمەن، ئەمما ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىمەن، سەنمۇ ھەم شۇنداق. خاپىلىقتا ئۇچراپ ئۇنىڭغا چارە قىلالماي ئارقىدىن ۋارقىراپ ـ جارقىرىساڭ ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. ھاياتنىڭ ئەگرى ـ

توقايلىقلىرىغا ئۇ يول بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ
ھەم قېرى دوختۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ چەككەن
رىيازەتلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن كۆپ، شۇڭا مەن ئىشلارنى
قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىمەن. بىزدە ئۆز
تۇرمۇشىمىزدىن ئالغان ئەقلىيە سۆز بار دېيىلسە، ئۇ: «ۋايسىما،
كۇلۇپ يۇر، پۇرسەت ھامان كېلىدۇ، بىلىپ قوي» دېگەن مۇشۇ
بىر جۇملە سۆز، خالاس. نۇرغۇن قېتىم ئۆتكەللەردىن مانا
مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەلدۇق، بىر تەرەپتىن كۇلۇپ، بىر تەرەپتىن
پۇرسەت كۇتتۇق، ئاخىر ئۇنىڭ مۇتەخەسسىسىمۇ بولۇپ قالدۇق،
بۇمۇ ئامالسىزلىقتىن بولغان. بۇنىڭدىن قېچىپ ئۇنىڭغا،
ئۇنىڭدىن قېچىپ بۇنىڭغا تۇتۇلۇپ تۇراتتۇق، ئەمما يەنە تۆت -
بەش يىلغا بارمايلا باش كۆتۈرۈپ قالاتتۇق. بۇ قېتىم شىماللىق
ئالۋاستىلارغا تۇتۇلدۇق، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق، بىلەمسەن؟
ئۇ شۇنداق دەپلا بېشىنى چايقاپ قويۇۋىدى. سىكارلېتنىڭ
كۆزىگە ئۇ خۇددى ئىش بىلەرمەن شاتۇتىدەك كۆرۈنۇپ كەتتى.
خۇدايىم، بۇنداقمۇ ئوخشارمۇ؟
— بىلەلمىدىم، — دېدى سىكارلېت تەكەللۇپ بىلەن جاۋاب
بېرىپ. ئۇ موماينىڭ گەپلىرىدىن بەكمۇ زېرىككەنىدى.
— ئۇنداق بولسا گېپىمگە قۇلاق سال. مەن ئۆزىنى قاچۇرۇش
مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا دائىم باش ئېگىمەن. بىز بۇغداي
ئەمەس، ئارپا. بۇغداينىڭ غولى پىشقاندا قۇرۇپ كەتكەچكە
شامالدا ئېگىلمەيدۇ، قاتتىق بوراندا يەرگە يېتىپ كېتىدۇ شۇ.
ئارپىنىڭ غولى پىشقاندىمۇ شىرشىم تۇرغاچقا ئېگىلەلەيدۇ، بوران
ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كېلىپ تىك تۇرالايدۇ.
بىز بوينىمىزنى مەجبۇرىي غادايتىپ يۇرىدىغان ئادەملەردىن
ئەمەس. بوران چىققاندا ئەۋرىشىم، ئىتائەتچان بولۇۋالىمىز،
چۇنكى ئۇنىڭ بىزگە پايدىسى بارلىقىنى بىلىمىز. قىينچىلىققا
يولۇققاندا ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ، مۇمكىن بولمايدىغان
ئىشلارغا بېشىمىزنى ئېگىپ تۇرىمىز، جېدەل - ماجىرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلمايمىز، ئىشلەشنى بىلمىمىز، كۈلۈپلا تۇرىمىز، پۇرسەت كۈتىمىز. ئۆزىمىزدىن تۆۋەن ئادەملەرگە بوش كەلمەي، ئۇلاردىن ئامال بار ئۆزىمىزگە مەنپەئەت ئىزدەيمىز. كۈچىمىزگە كېلىشۋالغاندىن كېيىن پۇتىمىزنىڭ ئاستىغا قويغان تاشنى تېپىۋېتىمىز. قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشنىڭ ئەپچىل چارىلىرى مۇشۇلار، قىزىم، ــ ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى. ــ بۇ چارىنى ئەمدى ساڭا ئۆگىتىپ قويدۇم.

موماي سۆزلەپ بولۇپ خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك زەھەرلىك بولسىمۇ، ئۆزىگە ئىنتايىن قىزىق تۇيۇلسا كېرەك. قارىغاندا، ئۇ سىكارلېتنى ئۆزىنىڭ ئۇ گەپلىرىگە باھا بېرىدۇ دەپ ئويلىغانمۇ بولسا كېرەك، لېكىن سىكارلېت ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنى تازا چۈشىنەلمىگەچكە، دەرمەھەل نېمە دېيىشنى بىلمىدى.

ــ سەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ يىقىلىپ چۈشۈپ يەنە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ــ دېدى موماي يەنە سۆزلەپ، ــ لېكىن، ئەتراپىمىزدىكىلەر ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن، كاسلىن كالۋېرتنى ئالايلى... ئۇ ھازىر نېمە بولدى، كەمبەغەل بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى ئېرىدىنىمۇ ئۆتە ئاۋارە. يەنە ماكىرسلارنىڭ ئائىلىسىگە قاراپ باق، نامراتلىقتا بېشى قېيىپ نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ قولىدىنمۇ ئىش كەلمەيدۇ، كەلسىمۇ قىلىشنى خالىمايدۇ، ئەتىدىن كەچكىچە ئىچىگە تىنىپلا، بۇرۇنقى ياخشى تۇرمۇشلىرىنىڭ خىيالىنى قىلىپلا يۈرۈشىدۇ. يەنە قاراپ باق... ھەي، قوشنىلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش، بىزنىڭ ئۆيدىكى ئالېكس بىلەن ساللى، سەن، جېيم تارلېتون، ئۇنىڭ بىرنەچچە قىزى ھەم باشقا بىرنەچچەيلەندىن باشقىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشالمىدى. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ئەۋرىشىم ئەمەس، باشقىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىش ئىرادىسىمۇ ئاجىز. ئۇلار پۇلنىلا، قۇللارنىلا بىلىپ كەلگەن. ئەمدى ھازىر قۇللىرى بىلەن

پۆللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋىدى، ھېچنېمىسى يوق گادايلارغا ئايلىنىپ قالدى.

— سىز ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز.

— ياق، ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ھۆرمەت يۈزىدىنلا ئۇلارنى تىلغا ئالمىدىم. ئاشلېي ھازىر سىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ مېھمىنى. ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭ، بوپتۇ، ئۇلارغىمۇ بىر قاراپ باقايلى. ئىندىيا ۋىلكېس ھازىر قورۇلۇپ مومايىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قاپتىمىش، ستۇئارت تارلېتون ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۇل خوتۇندەك بولۇۋېلىپ يا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى، يا باشقىسىغا ياتلىق بولمىدى. ئۇ تېخى ياش ئىدى، ئەرگە تېگىمەنلا دېسە خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن، بىر توقاي بالىلىرى بار بويتاقلاردىن چىقماسمىدى؟ بىچارە خونېي ئەر تاپالماي ساراڭ بولۇپ كەتتى. ئاشلېيغا كەلسەك، ئۇنىڭ تۇرغان تۇرقى ئاشۇ.

— ئاشلېي ياخشى ئادەم، — دېدى سكارلېت ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.

— مەن ئۇنى بىرەر قېتىممۇ ياخشى ئەمەس دەپ باقمىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ياخشىلىقى تۆت پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ ياتقان تاشپاقىغا ئوخشايدۇ، قىلچە تەدبىرلىك ئەمەس. ئەگەر ۋىلكېسنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلايدىغان بولسا، ئاشلېيغا ئەمەس مېلانىيەگە تايىنىشلىرى كېرەك.

— مېلانىيە؟ ۋاي خۇدايىمەي! چوڭ ئاپا، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز! مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپ باققان، ئۇنى چۈشىنىمەن. ئۇ شۇنچىلىك ئاجىز، قورقۇنچاق، توخۇنى تاخ دېيىشكىمۇ جۈرئىتى يوق.

— ھازىر كىم توخۇنى تاخ دېيەلەيدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنداق قىلىش ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق. بەلكىم ئۇ توخۇنى تاخ دېيىشتىن قورقىدىغاندۇ؟ ئەمما، مەيلى قانداقلا نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئاشلېيغا، ئوغلىغا، مەدەنىيەتكە بولغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئېتىقادىغا تېگىپلا قويىدىغان بولساڭ، پۈتۈن دۇنيا، ھەتتا شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ھۆكۈمىتى بولسىمۇ ئۇلارغا ئۇنلۇك تـوۋلاشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. ئـۇنىڭ ئۇسۇلى سېنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مېنىڭكىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، سكارلېت. ئەگەر سېنىڭ ئاپاڭ ھايات بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى. مېلانىيە سېنىڭ ئاپاڭنىڭ ياش ۋاقتىنى ئېسىمگە سالىدۇ... ئۇ بەلكىم ۋىلكىس ئائىلىسىنى بۇ قىيىنچىلىقلاردىن ئۆتكۈزۈپ كېتەلىشى مۇمكىن.

— ھىم، مېلانىيە دېگەن ياخشى نىيەتلىك بىر ئەخمەق. ئەمما، سىزنىڭ ئاشلىيىغا بەرگەن باھايىڭىز ئادىل بولمىدى. ئۇ...

— ئاشلىي كىتاب ئوقۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ھازىرقى بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاڭلىسام، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئېتىزنىڭ ئىشلىرىدا ئەڭ ئاجىزى شۇ ئىكەن. ئۇنى بىزنىڭ ئالېكس بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساڭلا بىلىسەن. ئۇرۇش بولمىغان چاغدا ئالېكىس ئەڭ يارامسىز بايۋەچچە ئىدى، گالىستۇكىنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ، ھاراق ئىچىپ، خەققە تاپانچا ئېتىپ، ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغان قىزلارنىڭ كەينىدىن پالاقلاپ يۈرەتتى. ئەمدى ھازىر قانداق؟ كېۋەز تېرىشتا بۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئالدى. خانقىز، ئۇ راست شۇنداق، يەر تېرىشنى ئۆگەندى. ئۆگەنمىسە بولمايدۇ ـ دە، ئاچ قالىدۇ شۇ. ئۇنىڭ كېۋەزلىرى تارانىڭكىدىن كۆپ ياخشى. چوشقا بېقىش، توخۇ بېقىشلارغىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتى. جاپالىق مۇشۇ دەۋر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قاراپ باق، ئۇ چوقۇم دادىسىغا ئوخشاش پۇللۇق ئادەم بولىدۇ، ئەمما ئاشلىيچۇ...

سكارلېت ئۇنىڭ ئاشلىينى چۆكۈرۈپ قىلغان بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— مېنىڭچە، بۇنىڭ ھەممىسى قىلچە ئەھمىيىتى يوق

گەپلەر.

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، — موماي كۆزلىرىنى سىكارلېتقا مىختەك قادىدى، — سەن ئاتلانتاغا كەتكەندىن كېيىن ئاشۇ يولنى تۇتتۇڭ. بىزنى، بۇلار سەھرادا يۇرۇپ مېنىڭ ھېلىگەرلىكلىرىمنى نەدىن بىلسۇن دەپ ئويلاپ قالما. دەۋر ئۆزگەردى، سەنمۇ دەۋرگە بېقىپ ئۆزگىرىۋاتىسەن. ئاڭلىساق، سەن شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن، نامرات ئاق تەنلىكلەر ھەم شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۇلچىلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ئالداپ چۆنتىكىڭگە سېلىۋاتقۇدەكسەن، يەنە تېخى ناھايىتى لاتاپەتلىك يۇرەرمىشسەن. بوپتۇ، شۇ ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرىۋەر، ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى بىر تىيىنىنى قالدۇرماي سىيرىۋال، ھېچنېمىسىنى قويمىغاندىن كېيىن كۆتىگە تەپ. چۈنكى، ئۇلار سەن ئۈچۈن ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ - دە. چوقۇم شۇنداق قىل. ناۋادا ئۇ نامراتلار ساڭا يېپىشىۋالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تۇگەشكىنىڭ شۇ.

سىكارلېت مومايدىن كۆزلىرىنى ئۇزمەي ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىچىدە ئانالىز قىلدى، لېكىن يەنىلا ئۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئاشلىپىنى تۆت پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتىدىغان تاشپاقىغا ئوخشاتقىنىغا تېخىچە ئاچچىقى كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— مېنىڭچە، سىزنىڭ ئاشلىپىغا ئاشۇنداق باھا بېرىشىڭىز توغرا ئەمەس، — دېدى ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا.

— سىكارلېت، سەن نېمىدېگەن گالۋاڭ.

— ئۇ سىزنىڭ قارىشىڭىز، — دېدى سىكارلېت قوپاللىق بىلەن. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا مومايىنىڭ تەستىكىگە بىر شاپىلاق سالغۇسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى.

— بىرنەچچە سوم، بىرنەچچە تىيىن ئۈستىدە سەن تولىمۇ سەزگۈر، ئەمما ئۇ سەزگۈرلۈك ئەرلەرگە خاس سەزگۈرلۈك. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا سەن يەنىلا سەزگۈر ئەمەس، بولۇپمۇ

مۇناسىۋەتتە سەندە يېتەرلىك سەزگۈرلۈك ئازراق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىكارلېتنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ كەتتى.

— مەن سىنىڭ ئاچچىقىڭنى كەلتۈرۈپ قويدۇم، شۇنداقمۇ؟ — موماي كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، — مەن ئەتەي شۇنداق قىلدىم.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئېيتىڭا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسىز؟

— بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ.

موماي ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى، شۇندىلا سىكارلېت ئۇنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ موماي بەكمۇ قېرىپ، ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. توخۇنىڭ پۇتلىرىدەك ئورۇق قوللىرى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك ساپسېرىق ئىدى. سىكارلېتنىڭ بۇنى كۆرۈپ بىردىنلا ئاچچىقى ياندى. ئاندىن مومايىنىڭ يېنىغا بېرىپ قولىنى قوش قوللاپ مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— سىز گەپكىمۇ شۇنچىلىك ئۇستا ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — شۇنچە گەپ قىلىپ، بىر ئېغىزمۇ راست گېپىڭىزنى دېمىدىڭىز. سىز شۇنچە گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق، ماڭا داداڭنى تولا خىيال قىلما، دېمەكچىمۇ؟

— خىيالىڭغا كەلگەننى پەرەز قىلما، — دېدى موماي قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي. ئاندىن ئاستا قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى، — يالغۇز بولا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن مەزمۇنلار بار. سەن بەكمۇ دۆت ئىكەنسەن، دېگەنلىرىمنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىڭ.

سىكارلېت كۆڭۈلگە كەلگۈدەك بۇ گەپكە پىسەنت قىلماي كۈلۈپلا قويدى، بايا ئاشلېينى ھېلىقىدەك دېگەنلىكى ئۈچۈن مومايغا خاپا بولغانىدى، ھازىر ئۇ خاپىلىقلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، مومايىنىڭ گەپلىرىنىڭ رەسمىي گەپلەر ئەمەسلىكىگە خۇشال بولدى.

شۇ ئارىلىقتا تارلېتون خانىم ئىككى ئىستاكان سۇتنى

كۆتۈرۈپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى. ئۆي ئىشلىرىنى بىلمىگەچكە، سۈتنى ئېلىپ چىققۇچە خېلى كۆپ تۆكۈۋەتكەندى.

— مەن بۇ سۈتنى ئامباردىن تېپىپ چىقتىم، — دېدى ئۇ، — قېنى ئىچىۋېلىڭ. ئۇلار قەبرىستانلىقتىن هازىرلا قايتىپ كېلىشىدۇ. سىكارلېت، سىز سۇئېللېننى راستىلا ۋىلغا بېرەمسىز؟ مەن ۋىلنى ئۇنىڭ لايىقى ئەمەس دېمەيمەن، ئەمما سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ تولىمۇ نامرات ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

سىكارلېت بىلەن موماي ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. مومايىنىڭ قاراشلىرىدا مەسخىرە مەنىسى بار ئىدى، سىكارلېتنىڭ قاراشلىرىمۇ شۇ مەندە ئىدى.

## قىرىق بىرىنچى باب

ئۆلۈمگە كەلگەنلەر ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، سىكارلېت ئاپىسى ئېللېننىڭ بۇرۇن ئىش باشقۇرىدىغان ئىشخانىسىغا كىرىپ، تەكچىدىكى سارغىيىپ كەتكەن بىر توپ قەغەزلەرنىڭ ئىچىدىن پارقىراپ تۇرغان بىر نەرسىنى ئالدى. بۇنى ئۇ ئالدىنقى كۈنى كەچتە مۇشۇ يەرگە تىقىپ قويغانىدى. ئاندىن ئۇ ئاشخانىدا ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى رەتلىگەچ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان پوركنى چاقىردى. پوركنىڭ قاپقارا چىرايى خۇددى ئىگىسىز قالغان ئىتنىڭكىدەك ئاجايىپ سەتلىشىپ كەتكەندى.

— پورك، — دېدى ئۇ جىددىي تەرزدە، — سەن يەنە يىغلايدىغان بولساڭ، مەنمۇ... مەنمۇ يىغلايمەن. بولدى، ئەمدى يىغلىما.

— بولىدۇ، خانقىز، يىغلىماي. ئەمما، يىغلىماي دېسەممۇ گېرالد بېگىمنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئويلىسام...

— ئەمىسە ئويلىمايلا قوي. باشقىلار يىغلىسا چىداپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرالايمەن، ئەمما سەن يىغلىساڭ چىدىيالمايدىكەنمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ بىردەم تۇرۇۋالدى، ئاۋازىمۇ سەل يۇمشىدى، — قارا، سەن تېخىچە گېپىمگە چۈشەنمەيۋاتىسەن. سەن يىغلىساڭ مەن چىداپ تۇرالايمەن، چۈنكى سېنىڭ دادامنى قانچىلىك ئاسرايدىغانلىقىڭ ماڭا ئايان، ئاۋۋال بۇرنۇڭنى تاشلىۋەت، ئاندىن ساڭا بېرىدىغان سوۋغىتىم بار، بېرىمەن.

پورك قاتتىق مىشقىرىپ بۇرنىنى تاشلىۋېتىپ، سكارلېتنىڭ گېپىنگە قىزىققاندەك ئىپادىدە ئۇنىڭغا قارىدى.

— سەن خەقلەرنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلىغان ھېلىقى چاغدا ئۇلار سېنى ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ قويغانىدى، ئېسىڭدىمۇ؟

— ھەي، سكارلېت خانقىز، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق ئىشنى قىلمىغان...

— بولدى، قىلمىغىنىڭنى بىلىمەن، ماڭا يالغان سۆزلىمەيلا قوي. شۇ چاغدا ساڭا بىزگە بولغان ساداقەتمەنلىكىڭنى مۇكاپاتلاپ سائەت ۋەدە قىلغانىدىم، شۇ گېپىم ئېسىڭدە بارمۇ؟

— بار، خانقىز، ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئەمما سىزنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ياق، مەنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. شۇ سائەت مانا.

سكارلېت ئۇنىڭغا ئېغىر بىر ئالتۇن سائەتنى ئۇزارتتى. سائەتنىڭ ئۈستىدە تۈرلۈك ئويمىلار بار ئىدى، زەنجىرىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى.

— ۋاي - ۋۇي، سكارلېت خانقىز، — دېدى پورك، — بۇ گېرالد بېگىمنىڭ سائىتى ئەمەسمۇ؟ بۇ سائەتنى مەن بېگىمنىڭ قولىدا نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن.

— توغرا دېدىڭ، بۇ دادامنىڭ سائىتى، پورك، ھازىر بۇنى ساڭا تەقدىم قىلدىم، ئالغىن.

— ياق، ئالالمايمەن، خانقىز، — پورك قورققاندەك كەينىگە داجىدى، — بۇ ئاق تەنلىك خوجايىنلار ئىشلىتىدىغان سائەت، گېرالد بېگىمنىڭكى. سكارلېت خانقىز، نېمىشقا بۇ سائەتنى

ماڭا بېرىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ بۇ سائەت بەگزادە ۋاد خاملتونغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.
— هازىر بۇ سائەت سېنىڭ. ۋاد خاملتون دادام ئۇچۇن نېمە ئىش قىلىپ بەرگەن؟ دادام ئاغرىپ قالغان چاغدا ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغانمۇ؟ ئۇنى يۆيۈندۇرۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ قويغانمۇ؟ شىماللىق ئالۋاستىلار كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن بىللىمىدى؟ ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ بەرگەنمىدى؟ سەن نېمىدېگەن گالۋاڭ، پورك؟ بۇ سائەتكە مۇناسىپ ئادەم بار دېيىلسە، ئۇ سەن! دادام هايات بولغان بولسىمۇ مېنىڭ بۇ قارارىمغا قوشۇلاتتى، ئالغىن.
ئۇ پوركنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ سائەتنى تۇتقۇزۇپ قويدى. پورك سائەتكە هۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قاراپ قويدى، چىرايىدا ئاستا - ئاستا خۇشاللىق كۈلكىسى پەيدا بولدى.
— ماڭا بەرگىنىڭىز راستمۇ، سىكارلېت خانقىز؟
— راست، راستلا ساڭا بەردىم.
— ئەمىسە سىزگە رەهمەت، خانقىز.
— ئاتلانتاغا ئاپىرىپ ئۇستىگە بىرنەچچە خەت ئويدۇرۇپ بەرسەم ئۇنامسەن؟
— خەت ئويدۇرۇش دېگەن نېمە گەپ؟ — پورك شۈبهە بىلەن سورىدى.
— كەينى تەرىپىگە پىچاق بىلەن بىرنەچچە خەت ئويۇپ قويىدۇ. مەسىلەن... مەسىلەن: «ئەمگەكچان، سادىق خىزمەتكارىمىز پوركقا ئوخارا ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىدىن تەقدىم» دېگەندەك گەپلەرنى ئويىدۇ.
— ئويدۇرمىسىڭىزمۇ بولار، رەهمەت سىزگە، خانقىز، — پورك قولىدا سائەتنى مەهكەم تۇتۇۋېلىپ كەينىگە ئاستا داجىدى.
سىكارلېتنىڭ چىرايىدا كۈلكە كۆرۈندى.
— نېمە بولدۇڭ، پورك؟ مېنىڭ سائەتنى ساڭا يەنە ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— خانقىز، سىزگە ئىشىنىمەن... بىراق، نىيىتىڭىزدىن يېنىپ قېلىشىڭىزمۇ ھەم مۇمكىن.

— ئۇنداق بولمايدۇ.

— بولمىسا سېتىۋېتىشىڭىز مۇمكىن، پەرىزىمچە، بۇ سائەت جىق پۇلغا يارايدۇ.

— سەن مېنى دادامنىڭ سائىتىنى سېتىۋېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

— شۇنداق، خانقىز، پۇل لازىم بولۇپ قالسا شۇنداق قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

— مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن سېنى راسا ساۋاش كېرەك، پورك. سائەتنى سەندىن قايتۇرۇۋالسام بولغۇدەك.

— ياق، خانقىز، سىز ئۇنداق قىلمايسىز، — بىر كۈن قايغۇدا يۈرگەن پوركنىڭ چىرايىدا ئەمدى كۈلكە كۆرۈنۈشكە باشلىدى، — مەن سىزنى ئوبدان بىلىمەن... بىراق، سىكارلېت خانقىز...

— گېپىڭنى قىلىۋەر، پورك.

— نېگىرلارغا قىلغان مۇشۇ ياخشى كۆڭلىڭىزنىڭ يېرىمىنى ئاق تەنلىكلەرگە كۆرسەتكەن بولسىڭىز، مېنىڭچە، كىشىلەر سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

— كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ياخشى، — دېدى سىكارلېت، — ئەمدى چىقىپ ئاشلېي ئەپەندىنى چاقىرىپ قوي، كىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، ھازىرلا كەلسۇن.

ئاشلېي كىرىپ ئېللېننىڭ ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بويى ئېگىز بولغاچقا ئورۇندۇق كىچىكلا كۆرۈنەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭغا پەن زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ، پايدىنى تەڭ بۆلۈشىدىغانلىقىنى دېدى. ئاشلېي سىكارلېتقا قاراپمۇ قويماي، زۇۋانىمۇ سۈرمەي، بىردەم ئالىقىنىغا، بىردەم قولىنىڭ دۈمبىسىگە، خۇددى ئۇلارنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ قوللار ئېغىر ئىشلارنى

خېلى كۆپ قىلغان بولسىمۇ يەنىلا شۇنداق نازۇك ئىدى.

ئۇنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ سىكارلېت سەل ئالدىراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن زاۋۇتنىڭ ياخشىلىنىشلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، ھەتتا ئىشلىتىپ ئۆگىنىپ قالغان يېقىملىق كۆلكىلىرىنىمۇ، ناز بىلەن بېقىشلىرىنىمۇ ئايىمىدى. لېكىن، ئۇ بىكارغا ئاۋارە بولاتتى، چۈنكى ئاشلېي بىر قېتىممۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمىدى. ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويغان بولسىمۇ مەيلى ئىدى. سىكارلېت ۋىلدىن ئاڭلىغان ئاشلېينىڭ شىمالغا كەتمەكچى بولغان ئىشىنى تىلغا ئالمىدى، شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئاشلېينى ئۆزىنىڭ پىلانىغا قوشۇلمايدىغاندەك قىلىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەندەك بولۇۋالدى. ئاشلېي يەنىلا گەپ قىلمايتتى. ئاستا ـ ئاستا سىكارلېتنىڭ دەيدىغان گەپلىرىمۇ تۈگىدى. ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلمايدۇ. ئۇنى رەت قىلىدىغانغا ئۇنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك قانداق سەۋەبلىرى بار؟

— ئاشلېي، — ئۇ گەپكە ئېغىز ئېچىپلا يەنە توختاپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بۇنىڭ بىر سەۋەبى قىلىشنى ئويلىمىغان، ھەتتا قورسىقى يوغىناپ قالغان سەت قىياپىتىنى ئاشلېينىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورققانىدى، لېكىن، باشقا سەۋەبلىرى رول ئوينىيالمىغان بولغاچقا، ئەڭ ئاخىرقى مۇشۇ كوزىرنى كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولدى.

— سىز ئاتلانتاغا چوقۇم بېرىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە بەكمۇ موھتاج. ھازىر مەن زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بەلكىم بىرنەچچە ئايغىچە شۇنداق بولارمەن، چۈنكى مەن... قاراڭ... ھىم... چۈنكى..

— خۇدا ھەققى، گېپىڭىزنى توختىتىڭ، — دېدى ئاشلېي قوپاللىق بىلەن.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىردىنلا دېرىزە تەرەپكە ماڭدى، سىكارلېتقا كەينىنى قىلىپ دېرىزىدىن ھويلىدا قاتار تىزىلىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېتىۋاتقان ئۆردەكلەرگە قاراپ تۇردى.

— ئەجەبا... ئەجەبا، سىز مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ماڭا قاراپ قويۇشنى خالىمايۋاتامسىز؟ — سورىدى سىكارلېت ئامالسىز قېلىپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى تۇرقۇمنىڭ...

ئاشلېي ئىتتىك كەينىگە بۇرالدى، كۆك كۆزلىرى شۇئان سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى. ئۇ كۆزلەردىن يالقۇنلاپ تۇرغان كۈچلۈك ھېسسىياتنى كۆرۈپ، سىكارلېت ئىختىيارسىز ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى تۇتۇۋالدى.

— تۇرقىڭىز توغرۇلۇق گەپ قىلماي قويۇڭ، — دېدى ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، — سىزمۇ بىلىسىز، مەن سىزنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىڭىزنى بۇرۇندىن بىلىمەن.

سىكارلېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈلدى ۋە شۇئان كۆزلىرىگە ياش ئولاشتى.

— شۇ دېگىنىڭىزگە رەھمەت، سىزگە مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن كۆرۈنگىنىم ئۈچۈن بەكمۇ خىجالەتتىمەن...

— خىجالەت بولۇۋاتامسىز؟ بۇنىڭ خىجالەت بولىدىغان نېمىسى بار؟ ئەكسىچە مەن خىجالەت بولۇشۇم كېرەك ھەم خىجالەتمۇ بولۇۋاتىمەن. ئۆز ۋاقتىدا مەن ئىشنى ئۇنداق ئەخمەقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلمىغان بولسام، سىز ھازىر بۇنداق بىئارام بولمايتتىڭىز. فىرانكقىمۇ ياتلىق بولمايتتىڭىز، بۈلتۈر قىشتا سىزنى تارادىن قويۇۋەتمىسەم بوپتىكەن. مەن نېمىدېگەن گالۋاڭ! سىزنى چۈشىنىشىم... سىزنىڭ ئامالسىز قېلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىشىم كېرەك ئىدى... لېكىن مەن... مەن ... —

ئۇنىڭ چىرايىدا ئازابلىنىۋاتقان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئەتتى. سىكارلېتنىڭ يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاشلېي شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كەتمىگەنلىكىگە ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ.

— شۇ چاغدا يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈپ بولسىمۇ باجىنىڭ پۇلىنى سىزگە تېپىپ بەرسەم

بوپتىكەن. چۈنكى، سىز بىزنى دىۋانىنى باققاندەك باقتىڭىز ئەمەسمۇ؟ ھەي، ھەممە ئىشنى بۇزغان مەن.

سكارلېت بىر دىنلا ئۇمىدسىزلىنىپ قالدى، يۈرىكى بۆلەكچە بولۇپ بايىقى خۇشاللىقى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئاشلېينى بۇنداق گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى.

— ئۇ چاغدا مەن بەربىر كېتەتتىم، — دېدى سكارلېت ھارغىن تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە ئۇنداق ئىشنىمۇ قىلدۇرمايتتىم. ھازىر ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى.

— راست، ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئاشلېي ئازاب بىلەن ئاستا سۆزلەپ، — سىز ماڭا ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلدۇرمايتتىڭىز. ئەمما، ئۆزىڭىزنى شۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئەرگە سېتىۋەتتىڭىز... يەنە تېخى ئۇنىڭغا بىر بالىمۇ تۇغۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز. بۇنى سىز بىزنىڭ ئاچتىن ئۆلۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن قىلدىڭىز. مەن بىر كېرەكسىز ئادەم ئىكەنمەن، بىزنىڭ ھالىمىزدىن سىز خەۋەر ئېلىۋاتىسىز، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى، بۇ گەپلەر يۈرىكىدىكى تېخى ساقىيىپ كەتمىگەن جاراھەتنىڭ تېخىچە ئاغرىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سكارلېتنىڭ كۆزلىرىدە ئۆكۈنۈش ئالامەتلىرىنىڭ چىقىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاشلېينىڭ چىرايىدا ئازراق مۇلايىملىق پەيدا بولدى.

— گەپلىرىم سىزگە سىزنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلمىغاندۇ؟ خۇدا تۇرۇپتۇ، سكارلېت، مەن سىزنى ئەيىبلىگىنىم يوق. سىز مەن تونۇيدىغان ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر ئايال، مەن پەقەت ئۆزۈمنىلا ئەيىبلەيمەن.

ئاشلېي يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ تۇرقى، گەۋدىسى سكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە ئەمدى

بايقىدەك ئۇنداق چىرايلىق كۆرۈنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئاشلىپىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىپ ئۆزىنى بايا چىرايلىق دېگەن چاغدىكى ھالىتىگە كېلىشىنى، كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپلەرنى يەنە قىلىشىنى كۈتۈپ سۆزسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنى كۆرمىگىنىگە ئۇزاق بولغانىدى، بۇ ئارىلىقتا ئۇ ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرى ئىچىدىلا ئۇزۇپ يۈردى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، بۇ ناھايىتى روشەن ئەھۋال ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ئۆزىنى ئازاب بىلەن ئەيىبلەپ قىلغان گەپلىرى، فىرانك ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىغا نارازى بولۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان گېپىنى ئاڭلاشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى، بىر ئىشلار بىلەن ئۇنىڭغا شۇ گەپنى دېگۈزمەكچىمۇ بولاتتى، لېكىن يەنە جۈرئەت قىلالمايتتى. سەۋەب، بۇلتۇر قىشتا باغدا پاراڭلاشقاندا، ئۇنىڭغا ئىككىنچى بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمايمەن دەپ قىلغان قەسىمى يادىدا بار ئىدى. قاتتىق بىئارام بولۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئاشلىپىنى يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلماي ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى ئاشكارىلاپ قويسا ياكى مېنى بىر قۇچاقلىساڭ دېگەن مەقسىتىنى كۆزلىرى بىلەن بىلدۈرۈپ قويىدىغان بولسا ھەممە ئىش تۈگىشەتتى. ئۇ چاغدا ئاشلىپى نيۇيوركقا چوقۇم كېتەتتى. ياق، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشكە مۇتلەق بولمايدۇ.

— ئاشلىپى، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئۇنچىلا كايىپ كەتمەڭ. بۇ قانداق بولۇپ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز بولسۇن؟ ئۇ خىياللارنى قويۇپ، ئاتلانتاغا بېرىپ ماڭا ياردەملىشىڭ، بولامدۇ؟

— بولمايدۇ.

— ئاشلىپى، — ئۈمىدسىزلىنىپ قالغاچقىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى سەل ئۆزگىرىپ قالدى، — مەن سىزدىن ھازىرغىچە ئۈمىدلىنىپ

كەلگەن. مەن راستلا سىزگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق. فىرانك ماڭا ياردەم بېرەلمەيدۇ، دۇكاننىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش. سىز بارمىسىڭىز نەگە بېرىپ ئادەم تېپىشنى بىلمەيمەن. ئاتلانتادا بىڭسىسى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بەند، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا ئادەملەردە ئۇنچىلىك غەيرەتمۇ يوق... يەنە...

— نېمىلا دېسىڭىز بىكار، سكارلېت.

— سىز، نيۇيوركقا كېتىپ شىماللىقلار بىلەن بىللە ياشىسام ياشايمەنكى، ئاتلانتاغا بارمايمەن، دېمەكچىمۇ؟

— بۇنى سىزگە كىم دېدى؟ — ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ سكارلېتقا قارىدى. ئۆزى سەل خاپا، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ۋىل.

— راست، مەن نيۇيوركقا كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مەن بىلەن «ئۆزۈن سەپەر»دە بىللە بولغان بىر دوستۇم بار ئىدى، شۇ ماڭا دادىسىنىڭ بانكىسىدىن خىزمەت تېپىپ قويۇپتۇ. ئويلاپ باقسام، شۇ يەرگە بارسام ياخشى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، سكارلېت. مېنىڭ سىزگە پايدام تەگمەيدۇ، ياغاچىنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەيمەن.

— بانكىنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ بىلمەيسىز، ئۇنى ئۆگىنىشمۇ تەس. بىلىشىمچە، ئۇ خىزمەتتە تەجرىبىڭىزمۇ يوق. مەن سىزنى كەچۈرۈۋېتەلەيمەن، ئەمما شىماللىقلار كەچۈرمەيدۇ.

ئاشلېي تۇرۇپلا قالدى، سكارلېت بۇ گەپلەرنى ئارتۇقچە قىلىپ قويغانلىقىنى شۇئان سەزدى، ئاشلېي ئىتتىك يەنە دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى.

— ماڭا ھېچقانداق ئادەمنىڭ كەچۈرۈشلىرى لازىم ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ بىڭسىمگە تايىنىپ كۈن ئالماقچىمەن. مەن ھازىرغىچە نېمىلەر قىلالىدىم؟ ئەمدى بولسىمۇ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇشۇم كېرەك - دە، بولمىسا تۈگىشىمەن، ئۇمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن سىزنىڭ قەيسەرلىكىڭىزگە ئىچىمدە بەكمۇ ئۇزاق تورۇپ كەتتىم.

— يەن زاۋۇتىدىن تاپقان پايدىنى سىز بىلەن تەڭ بۆلۈشمەن دېدىمغۇ، ئاشلىپي. ئۇمۇ ئۆز كۆچىڭىزگە تايانغىنىڭىزغۇ؟ چۈنكى، سىز ئۇ يەردە ئەمگەك قىلىسىز — دە.

— ئۇمۇ ئوخشاشلا گەپ. پايدىنى تەڭ بۆلۈشسەكمۇ ئۇ پۇلنى بەربىر ئۆزۈم تاپقان ھېسابلانمايمەن، يەنىلا سىز بەرگەن بولىسىز. سىزنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىڭىز بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى، سىكارلىت... مەن، مېلانىيە، بىزنىڭ بالىمىز سىزنىڭكىدە تۇرۇۋاتىمىز، سىزنىڭكىنى يەۋاتىمىز، ھەتتا ئۇچىمىزدىكى كىيىملەرنىمۇ سىز بېرىۋاتىسىز، ئەمما مەن سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنىڭ بىرسىنىمۇ ياندۇرالمىدىم.

— ياندۇردىڭىز، بولمىسا ۋىل سىزنى...

— ھازىر ئۆتۈپ تۈنى ياخشى يارىدىغان بولۇپ قالدىم.

— ئاشلىپي، — سىكارلىت روھسىزلىنىشقا باشلىدى، ئاشلىپىنىڭ مەسخىرە قىلىپ دېگەن گەپلىرىدىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى، — مەن بۇ يەردە يوق چاغلاردا سىزگە نېمە بولدى؟ گەپلىرىڭىز شۇنچىلىك قوپال، شۇنچىلىك ئاچچىق! بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدىڭىز.

— نېمە بولدى؟ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بولدى، سىكارلىت. بۇ ئىشنى مەن ھازىرغىچە ئويلايمەن. جەنۇب تەسلىم بولۇپ سىز بۇ يەردىن كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزۈمنى ھېچقانداق ئىشنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمايتىمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. يەيدىغانغا تاماق، ئۇخلايدىغانغا كارىۋات بولسىلا بولدى دەپ، يالغان ئۆلۈك ھالىتىدە ياشاپ كەپتىمەن. سىز ئاتلانتاغا بىر ئەرنىڭ يۆكىنى ئۈستىڭىزگە ئارتىپ كەتتىڭىز، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى سىزگە سېلىشتۇرۇپ، ئەر كىشىدىن كۆپ ئارقىدا ئىكەنلىكىمنى، ھەتتا ئايال كىشىگىمۇ يەتمەيدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مۇشۇنداق ئويلاپ ھەم

بۇ ئويلىرىمدىن قۇتۇلالماي يۈرۈش مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق ئىش بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇ خىيالدىن ئازاد بولۇشۇم كېرەك. بەزى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى ئۆرۈش ئاياغلاشقان چاغدا مېنىڭكىچىلىكمۇ ئەمەس ئىدى، ھازىر ئۇلارغا قاراپ بېقىڭچۇ؟ ئۇلار جىق ئوڭشىلىپ كەتتى. شۇڭا، مەن نيۇيوركقا كەتمەكچى بولدۇم.

— مەن بىر ئىشقا چۈشەنمىدىم. سىز خىزمەت تېپىپ ئىشلىمەكچى بولغان بولسىڭىز، نيۇيوركمۇ، ئاتلانتامۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ پەن زاۋۇتۇم...

— بولمايدۇ، سكارلېت. بۇ ماڭا كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر پۇرسەت. مەن شىمالغا بېرىشىم كېرەك. ئەگەر ئاتلانتاغا بېرىپ سىزگە ئىشلەيدىغان بولسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈل - كېسىل تۈگىشىمەن.

«تۈگىشىمەن... تۈگىشىمەن... تۈگىشىمەن» بۇ ئاۋاز خۇددى ماتەم قوڭغۇرىقىدەك سكارلېتنىڭ يۈرىكىدە ئەكس سادا قوزغاپ ئۇنى قاتتىق قورقۇنچقا سېلىۋەتتى. ئۇ ئىتتىك ئاشلېيغا قاراپ ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ كۆزلەر ئارقىلىق ئۇ يەنە كۆز بىلەن كۆرگىلى، كۆڭۈل بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل تەقدىرنى كۆرۈۋاتقاندەكمۇ بولدى.

— تۈگىشىمەن؟ — خاتا ئىش قىلىپ قويغان بولسىڭىز، ئاتلانتادىكى شىماللىقلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇۋاتامسىز يا؟ تونىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بەرگەن ئىشىڭىزنى دەيمەن. ئەگەر... ئەگەر... ئاشلېي، سىز 3K پارتىيەسىگە قاتناشمىغانسىز - ھە؟

ئاشلېي يىراققا تاشلىنىپ تۇرغان نەزىرىنى دەررۇ يىغىۋېلىپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە بىردىنلا يەنە كۈلكىسىنى يىغىۋالدى.

— مەن سىزنىڭ بىر ئىشنى ئىنچىكە چۈشىنىشكە ئۈرۈنىدىغان مىجەزىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شىماللىقلاردىن ھەرگىز قورقمايمەن. مەن، ئەگەر ئاتلانتاغا بېرىپ سىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياردىمىڭىزنى داۋاملىق قوبۇل قىلىمۇەرسەم، ئۆزۈمگە تايانماقچى بولغان بارلىق ئۈمىدلىرىمنى مەڭگۈگە دەپنە قىلىۋېتىمەن، دېمەكچى.

— ھە، — سىكارلېت شۇندىلا يەڭگىل تىندى. — ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن - دە.

— ھەئە، شۇ گەپ، — ئۇ يەنە كۈلۈپ قويدى، بايىقىغا ئوخشاشلا بۇ كۈلكىسىدىمۇ ھېچبىر مەنە يوق ئىدى.

— بىراق، — سىكارلېت يەنە بىر يېڭى ھىيلە تاپتى، — سىز يەن زاۋۇتنى ئاستا - ئاستا مەندىن سېتىۋالسىڭىز، ئۇ چاغدا زاۋۇت سىزنىڭ بولمامدۇ؟ ئاندىن...

— سىكارلېت، — ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — سىزگە دەپ قوياي، ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ سەۋەبلەر بار.

— قانداق سەۋەبلەر؟

— بۇنى سىز باشقىلاردىن بەكرەك بىلىسىز.

— ھە، نېمىنى؟ ... بىراق... كېرەك يوق، — سىكارلېت ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن دەررۇ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — بولتۇر قىشتا مەن سىز بىلەن باغدا پاراڭلاشقاندا بىر ئىش توغرۇلۇق ۋەدە قىلغان، ئۇ ۋەدەمگە ئەمەل قىلىمەن. يەنە...

— بۇ گەپچە، سىز ئۆزىڭىزنى مەندىنمۇ بەكرەك تونۇۋالالايدىكەنسىز. ئەمما، مەن ئۇنداق ۋەدىلەرگە ئەمەل قىلالايمەن دەپ ئېيتالمايمەن، سىكارلېت، ئۇ ئىش توغرۇلۇق يەنە پاراڭلاشقۇم يوق، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۇ. ۋىل بىلەن سۆئېللېن توي قىلغاندىن كېيىن نيۇيوركقا كېتىمەن.

ئۇنىڭ ئاجايىپ چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى سىكارلېتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. سىكارلېت ئازاب بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. سۆھبەت ئاياغلاشقان، ئۇ يېڭىلگەنىدى. بىر كۈنلۈك چارچاش، قايغۇ - ھەسرەت ۋە ھازىرقى ئۈمىدسىزلىكلەر

قوشۇلۇپ سىكارلېتنىڭ تېنىي بوشىشىشقا، نېرۋىلىرى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ئۇ بىردىنلا: «ئاشلېي !» دەپ توۋلىۋەتتى. ئارقىدىنلا ئۆزىنى كونا سافاغا تاشلاپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

سىكارلېت ئۇنىڭ ئىشىككە بېرىپ بولغاندا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، نېمە قىلارىنى بىلمەي، بېشى ئۇستىدە تىنماي ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر چاغدا ئاشخانا تەرەپتىن ئىتتىك كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئۆيگە مېلانىيە كىرىپ كەلدى ۋە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— سىكارلېت... بالىنىڭ ئىشى ئەمەستۇ؟...

سىكارلېت ھەممە يېرى توپا - چاڭ سافانىڭ ئۇستىدە يېتىۋېلىپ يەنە توۋلاپ كەتتى.

— ئاشلېي... بەكمۇ ئەسكى ئادەم ئىكەن ! شۇنچىلىك ئەسكى... نەپرەتلىك !

— ئاشلېي، ئۇنى نېمە قىلدىڭىز؟ — مېلانىيە سافانىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سىكارلېتنىڭ بېشىنى قۇچاقلىۋالدى، — ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭىز؟ نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟ ئۇنداق قىلسىڭىز ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتمەمدۇ؟ كېلىڭ، سۆيۈملۈكۈم، بېشىڭىزنى مورەمگە قويۇۋېلىڭ، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئاشلېي... ھەقىقەتەن... جاھىل ئىكەن، ئۇنىڭغا ئۆچ بولدۇم.

— ئاشلېي، سىزگە ھەيرانمەن ! ئۇنىڭ شۇنچىلىك دىلىنى ئاغرىتىپسىز، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەمتىڭىز؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوخارا ئەپەندىنى تېخى يېڭىلا كۆمۈپ قويغان تۇرساق.

— ئۇنىڭغا خاپا بولماڭ، — دېدى سىكارلېت قارىمۇ قارشى گەپ قىلىپ، ئۇ بېشىنى مېلانىيەنىڭ مورىسىدىن ئىتتىك كۆتۈرۈۋېدى، تۇرۇۋالغان چېچى چۇۋۇلۇپ كېتىپ مورىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىيىلىپ چۈشتى، يۈز ـ كۆزى ياش ئىدى، ــ ئۇ نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدۇ، ئۇنىڭغا ھەقلىق.

ــ مىلانىيە، چۈشەندۈرۈپ قوياي، ــ دېدى ئاشلېي. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەنىدى، ــ سىكارلېت بىزگە ياخشىلىق قىلىپ ئاتلانتادىن ماڭا بىر خىزمەت تېپىپ قويۇپتۇ، يەنى زاۋۇتىغا دىرېكتور بولغۇدەكمەن...

ــ دىرېكتور قىلماقچىدىم، ــ دېدى سىكارلېت غەزەپ بىلەن، ــ تايىقان پايدىنى تەڭ بۆلۈشەيلى دېسەم، ئۇ...

ــ مەن ئۇنىڭغا، ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇم، شىمالغا بارماقچىمەن دېسەم، ئۇ ...

ــ مەن ئۇنىڭغا، ــ دېدى سىكارلېت يەنە يىغلاپ تۇرۇپ، ــ مەن سىزگە شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق، دېدىم ... يەن زاۋۇتنى باشقۇرۇپ بېرىدىغانغا ئادەم تاپالمىغانلىقىمنى... يات ئارىدا يەڭگىيدىغانلىقىمنى دېدىم... لېكىن ئۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئامال يوق، يەن زاۋۇتۇمنى سېتىۋېتىدىغان بولدۇم، ئوبدان باھادا ساتالمايدىغانلىقىم تۇرغان گەپ، زىيان تارتىمەن شۇ. پەرىزىمچە، يەنە ئاچلىقتىن قىينىلىمىز، بۇ گەپلەرنى دېسەممۇ ئۇ كۆڭۈل بۆلمىدى، نېمىدېگەن ئەسكى ئادەم بۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بېشىنى يەنە مېلانىيەنىڭ مۈرىسىگە قويىۋالدى، بۇ قېتىم ئۇنىڭدا ئازراق ئۈمىد پەيدا بولغاچقا، بايىقىدەك ئازابلىنىپ كەتمىدى. مېلانىيەنىڭ ئۆزىگە سادىق بولۇپ، ياردەم قولىنى سوزىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مېلانىيەنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، مەيلى ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى باشقىلار بولسۇن، كىمكى سىكارلېتنى خاپا قىلىپ يىغلىتىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ ئاشلېينىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى، بۇ ئۇنىڭ ئاشلېيغا تۇنجى قېتىم خاپا بولۇشى ئىدى.

ــ ئاشلېي، نېمىشقا سىكارلېتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭىز؟ ئۇ بىز ئۈچۈن ئاز ئىش قىلدىمۇ؟ ئۇنداق قىلسىڭىز ياخشىلىقنى

ئۇنتۇغان بولمامسىز؟ ھازىر ئۇنىڭ بويىدا بار، شۇڭا ئۇمۇ ئامالسىز... سىز نېمىشقا ئۇنداق گالۋاڭلىق قىلىسىز؟ سىزگە ياردەم لازىم بولغاندا، ئۇ بىزگە ياردەم بەردى، ئەمدى ئۇنىڭغا ياردەم لازىم بولغاندا، سىز ئۇنىمىسىڭىز بولامدۇ؟

سكارلېت چاندۇرماي ئاشلېيغا قاراپ قويدى. ئۇ مېلانىيەنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمىگەن ۋە ھەيران قالغان ئەلپازدا تۇراتتى. مېلانىيەنىڭ ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمىنىڭ شىددەتلىك دەرىجىسىگە ھەتتا سكارلېتمۇ ھەيران قالدى. چۇنكى، ئۇ مېلانىيەنىڭ خوتۇن كىشى ئەر كىشىنى ئەيىبلىسە بولمايدۇ، ئەر كىشى دېگەن يېرىم خۇدا دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— مېلانىيە... — ئاشلېي گەپ قىلماقچىدى، ئەمما قوللىرىنى يېيىپ يەنە ئامالسىز توختاپ قالدى.

— ئاشلېي، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرىسىز؟ ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن... مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەگەر بېئونى تۇغقان ۋاقتىمدا ئۇ بولمىغان بولسا مەن ئاتلانتادا ئۆلۈپ قالغان بولاتتىم. ئۇ يەنە... بىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىر شىماللىق ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشنى سىز بىلەمسىز؟ ئۇ بىز ئۈچۈن ئادەممۇ ئۆلتۈرگەن. ۋىل ئىككىڭلار كەلمىگەن چاغدا ئاتا - بالا ئىككىمىز ئۈچۈن قۇلدەك ئىشلىگەن. ئۇنىڭ يەر ھەيدىگەن، پاختا تېرىغان چاغدىكى ئىشلىرىنى ئويلىسام... ئاھ، سۆيۈملۈكۈم! — ئۇ يەنە يۈگۈرۈپ سكارلېتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى سۆيۈپ كەتتى، — ئۇ ھازىر بىزدىن تۇنجى قېتىم ياردەم سوراۋاتقاندا...

— ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى دېمىسىڭىزمۇ بىلىمەن.

— ئاشلېي، ئويلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشتىن باشقا، ئاتلانتادا شىماللىقلار بىلەن ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بىللە ياشاشنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىدىڭىزمۇ؟ ئۇ يەردە بىزنىڭ پىتنىپ خاممىز، ھېنرى تاغىمىز، نۇرغۇن دوستلىرىمىز بار، ئوغلىمىز بىلەن بىللە ئوينايدىغان بالىلارمۇ بار. ئۇ ئۇ يەردە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. شىمالغا كەتسەك ئوغلىمىزنى مەكتەپتە ئوقۇتالمايمىز. شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ بالىلىرى، نېگىرلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئوقۇمدۇ؟ ئوقۇتمىسىڭىز، ئايرىم مۇئەللىم ياللايدىغانغا ئىقتىسادىمىز يار بېرەمدۇ...

— مېلانىيە، — دېدى ئاشلىي بېسىق ئاھاڭدا، — سىزنىڭ ئاتلانتاغا شۇنچىلىك بارغۇڭىز بارمۇ؟ نيۇيوركقا بېرىشنى مەسلىھەت قىلغاندا بۇ گەپلەرنى دېمىگەنىدىڭىزغۇ؟ سىز زادىلا...

— ئۇ چاغدا مەن ئاتلانتادا قىلىدىغان ئىش يوق چېغى دەپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىچە گەپ قىلىشمۇ ماڭا بىئەپ تۇيۇلغان. ئەر نەگە بارسا، خوتۇنمۇ شۇ يەرگە بارىدىغان گەپ، مانا ھازىر سكارلېت بىزگە ئېھتىياج بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇ ئىشنى سىز ئۈستىڭىزگە ئالمىسىڭىزمۇ ھەم بولمايدىكەن، شۇڭا ئۆيىمىزگە قايتىشىمىز كېرەك، چوقۇم قايتىمىز! — ئۇ سكارلېتنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ شۇنچىلىك خۇشاللىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — شۇندىلا مەن ئىنىۋى پوئىنتىس، پىئاچتىر كوچىلىرىنى قايتا كۆرەلەيمەن. يەنە... يەنە... ئاھ، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلدى! ئۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ كىچىك ئائىلىمىزنى قۇرۇۋېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. كىچىك بولسىمۇ، ئاددىي بولسىمۇ مەيلى، ئۇ دېگەن ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى !

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق، قىن - قىنىغا پاتمىغان شادلىق ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى، قالغان ئىككىيلەن ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئاشلىي ئامالسىز قىياپەتتە، سكارلېت ھەيران ۋە نومۇس قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. ئۇ مېلانىيەنىڭ ئاتلانتاغا بولغان مېھرىنى بۇنچىلىك چوڭقۇر، ئۇ يەرگە كېتىشكە، ئۇ يەردىن ئۆي

تۇتۇشقا بۇنچىلىك ئىنتىزار دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ تارادا ھەممە نېمىدىن رازىدەك يۈرۈۋاتاتتى، ئەمدى ئۇنىڭ يۈرتىنى سېغىنغانلىقى سىكارلېتنى ھەيران قالدۇردى.

— سىكارلېت، بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپسىز، نېمىدېگەن ئوبدان سىز. مەن ئۆيۈمنى شۇنچىلىك سېغىنغانىدىم.

مېلانىيە باشقىلارنىڭ نىيىتىنى ئالىيجانابلىق دەپ مەدھىيەلىگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. سىكارلېت مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ قالغاندا قاتتىق ئىزا تارتاتتى ۋە خاپا بولاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى، شۇڭا ئاشلېي بىلەن مېلانىيەگە تىكىلىپ قارىيالمىدى.

— بىزنىڭ ئۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولىدۇ. توي قىلغىنىمىزغا بەش يىل بولدى، تېخىچە ئۆيىمىز يوق، مۇشۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— سىلەر ئۇ يەردە بىز بىلەن بىللە پىتتىپىيات خاممىنىڭ يېنىدا تۇرساڭلار بولىدۇ، ئۇ يەرمۇ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار، — دېدى سىكارلېت ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا. كۆزلىرىدىكى غەلىبە خۇشاللىقىنى، ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ پايدىسىغا مېڭىۋاتقانلىقىغا بولغان رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارغا قارىماي سافانىڭ يۆلەنچۈكىنى ئويناپ تۇرۇۋالدى.

— رەھمەت سىزگە سۆيۈملۈكۈم، ئۇ يەردە تۇرساق سىلەرنى قىستاپ قويىمىز. شۇڭا، ئايرىم ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغىنىمىز ياخشى... ئاشلېي، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ!

— سىكارلېت، — ئاشلېي خاتىرجەم ۋە ئادەتتىكىدەك تەلەپپۇزدا دېدى، — ماڭا قاراڭ!

سىكارلېت ھەيران قېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدە ئازاب ۋە ئامالسىز قالغاندەك ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— سىكارلېت، بوپتۇ، مەن ئاتلانتاغا باراي... ئىككىڭلارغا تەڭ كېلەلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ شۇ گەپنى دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سىكارلېتنىڭ بايىقى خۇشاللىقى ئۆزىدىن نېرى قىلىپ بولمايدىغان بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئاشلېينىڭ هازىرقى گەپنى قىلغان چاغدىكى روھىي هالىتى بايا ئاتلانتاغا بارسام ئۆزۈل ـ كېسىل تۆگىشىمەن، دېگەن گەپنى قىلغان چاغدىكى روھىي هالىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

سۇئېللىن بىلەن ۋىل توي قىلدى. كاررىن چارلېستوندىكى موناستىرغا كەتتى. ئارقىدىنلا ئاشلېي بىلەن مېلانىيە ئوغلىنى ئېلىپ ئاتلانتاغا ماڭدى. دىلسېي ئۇلار بىللە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتەتتى، بالىسىنى باقاتتى، پىرىسسىي بىلەن پورك هازىرچە تارادا قالدى. كېيىنچە ۋىل ئۆزىگە ياردەملىشىدىغان بىر نېگىر تېپىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئۇ شەهەرگە كەتمەكچى بولۇپ كېلىشتى.

ئاشلېي ئىۋى كوچىسىدىن بىر ئۆي تېپىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. ئۇ ئۆي پىتتىي هاممىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىلا بولۇپ، ئىككى ئائىلىنىڭ ئارقا هويلىسى بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئارىنى پەقەت تام ئورنىدىكى چاتقاللار ئايرىپ تۇراتتى. مېلانىيە بۇ يەرنى ئۇلارغا يېقىن دەپ تاللىغانىدى. ئاتلانتاغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سەهەردە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىردە كۈلەتتى، بىردە يىغلايتتى. بىردەم سىكارلېتنى، بىردەم پىتتىيپات هاممىنى قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمەيتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن ئۇزاق ئايرىلىپ كېتىپ قايتا كۆرۈشكەندە، ئارىلىق قانچە يېقىن بولسىمۇ ئادەمگە يىراقتەك بىلىنىدىكەن، دەيتتى.

ئەسلىدە بۇ ئۆي ئىككى قەۋەت بولۇپ، شەهەر مۇهاسىرىگە چۈشۈپ قالغاندا، زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسى بىلەن ئىككىنچى قەۋىتى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن ئىگىسى قايتىپ كېلىپ، پۇلى بولمىغاچقا ئىككىنچى قەۋىتىنى ياسىيالماي ئېلىۋېتىپ بىر قەۋەتلىك ئۆي قىلىۋاپتىكەن. شۇڭا،

ئۆي پاكار ھەم سەت ئىدى. خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ قەغەز كورۇپكىلاردا ياسىۋالغان ئۆيلىرىگە ئوخشايتتى.

سىكارلېتنىڭ نەزىرىدىمۇ بۇ ئۆي شۇنچىلىك سەت ئىدى، ئەمما مېلانىيە بۇ ئۆينى «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى ئاشۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىنمۇ ئېسىل كۆرەتتى. چۈنكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىدى، ئاشلېي، ئوغلى بېئو ئۈچى ئاخىر ئۆز ئۆيلىرىدە جەم بولۇشقانىدى.

ئىندىيا ۋىلكېس 1864 ـ يىلىدىن بېرى ماكوندا خونېي ۋىلكېس بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى، ھازىر ئۇمۇ كۆچۈپ كېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاچقا، ئازراق قىستىلىپ قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئاشلېي بىلەن مېلانىيە ئۇنى قارشى ئالدى. دەۋر ئۆزگەردى، پۇلمۇ كۆپ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ جەنۇبلۇقلارنىڭ كونا ئادەتلىرى زادىلا ئۆزگەرمىدى. ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدە تايانچىسىز قالغان ياكى توي قىلالمىغان تۇغقانلىرىنى بىر دەك قىزغىن قارشى ئالاتتى.

خونېي توي قىلىپ كەتكەنىدى، ئەمما ئىندىيانىڭ دېيىشىچە، ئېرى ئۆزىدەك ئەمەس، قوپال ئىدى. بۇرۇن غەربتىكى مىسسۇرى ئىشتاتىدا تۇرۇپ، كېيىن ماكونغا كۆچۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ قىزىل يۈزلۈك، ئاۋازى يوغان، ئەتىدىن كەچكىچە كۈلۈپلا يۈرىدىغان ئادەم ئىكەن. ئىندىيا ئۇنى ياقتۇرمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغۇسى كەلمەي قاپتۇ. كېيىن ئاشلېينىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتقانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ، سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە بىر ـ بىرىگە لايىق كەلمىگەن ئۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بەختلىك ئۆتۈۋاتقاندەك ھالەتلىرىنى كۆرۈۋېرىشتىن بەزگەن بولغاچقا، شۇ ئەپسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاكىسىنىڭ يېنىغا كېلىۋالغانىدى.

ئائىلىدە ئىندىيادىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى خونېينى كاللىسى ئاددىي، ھېجىيىپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، دەپ كۆزگە ئىلمايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېگىشىۋالغانلىقى ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۇلار ئويلىغاندىكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئېرى خېلى دۇرۇس، قولىدا ئازراق بىر نەرسىسى بار ئادەم ئىدى. لېكىن، ئىندىيا جورجىيەدە تۇغۇلغان، ۋىرگىنىيەدە ئوقۇغان بولغاچقا، دېڭىزنىڭ شەرق تەرىپىدىن باشقا جايلاردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ياۋايى، قوپال دەپ بىلەتتى، شۇڭا ئۇ يەردىن يېنىپ كەلگىنىگە خۇشال ئىدى. بەلكىم خونېيىنىڭ ئېرىمۇ رازى قىلغىلى بولمايدىغان بۇ مېھماننىڭ كەتكىنىگە خۇشال بولۇۋاتقاندۇ.

ئىندىيا ھازىر پۈتۈنلەي دېگۈدەك قېرى قىزلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشتا بولۇپ، چىرايىدىمۇ شۇ ياشتا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، شۇڭا چىرايلىق بولۇشنى بەكمۇ قوغلىشىپ كەتمەيتتى، كىرپىكلىرى چۈشۈپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە قىلچە مۇرەسسەسىز تىكىلەتتى، نېپىز لەۋلىرى دائىم دېگۈدەك يۇمۇقلۇق تۇرغاچقىمۇ ناھايىتى تەكەببۇر كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ستۇئارت تارلېتونى ئورۇشتا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى توي قىلمىغان، ئەمما خۇدا توي قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئايال بىلىپ بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى.

ئىۋى كوچىسىدىكى قورۇنىڭ ئالتە ئېغىز ئۆيى بار ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى سەرەمجانلاشتۇرۇلدى، ئەمما سەرەمجانلىرى بەكمۇ ئاددىي، ھەممىسى فىرانكنىڭ دۇكىنىدىن قەرزگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. فىرانك ئاشلىپىنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇ جابدۇقلارنى قەرز ھېسابىغا ئالغىنىغا ئازراق خىجالەتمۇ بولدى. سىكارلېت ئىككىسى دۇكىنىدىكى ئەڭ ئېسىل جاھازلارنى ئۇلارغا ھەقسىز بېرىشكە تەييار ئىدى، لېكىن ئەر ـ ئايال ۋىلكېسلار زادىلا قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى سەت ھەم تولىمۇ ئاددىي بولۇپ قالدى. سكارلېتنىڭ ئۇلارنىڭ يا يەردە گىلىمى، يا دېرىزىلىرىدىسى پەردە يوقلۇقىنى

كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى، ئەمما ئاشلىپىنىڭ بۇلارغا پەرۋايى پەلەك ئىدى. مىلانىيە توي قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆز ئۆيىنىڭ بولغىنىدىن خۇشال ئىدى ھەتتا پەخىرلىنەتتى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يا گىلەم، يا دېرىزە پەردىلىرى، يا ئورۇندۇق، چىنە ـ قاچا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقى ياكى كەملىكىنى دوستلار كۆرسە نېمە دەيدۇ دەپ خىجالەت بولاتتى، مىلانىيە بولسا مېھمان كەلگەندە ھەممە نەرسىسى تولۇقتەك ئۇلارنى چاندۇرماي چىرايلىق كۈتۈۋالاتتى.

مىلانىيە بەختلىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن سالامەتلىكى تولىمۇ ناچار ئىدى. ئوغلىنىڭ تۇغۇتىدىلا كېسەلگە چېقىلغان، تاراغا بارغاندىن كېيىن كۆپ چارچىغان بولغاچقا، بەدىنى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، تولىمۇ ئورۇق ئىدى، ئوغلى بىلەن ھويلىدا بىللە تۇرسا، ئۇنى يىراقتىن كۆرگەن ئادەم كىچىك قىز بالىمىكىن دەپ قالاتتى. بېلىنىڭ ئىنچىكىلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالاتتى، بەدەن تۈزۈلۈشىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەيدىسى تاختايدەك تۈپتۈز، كاسىسىمۇ يوق، بەدىنىلا ئەمەس، يۈزىمۇ شۇنداق ياغاق، سېرىق ئىدى. خۇددى كېپىنەكنىڭ بۈرۈتىدەك ئىنچىكە ھەم ئەگمە قاشلىرى قان دىدارى يوق ئاپپاق يۈزىنىڭ ئۈستىدە ئالاھىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى كىچىككىنە يۈزىگە ماس كەلمىگەن ھالدا يوغان ئىدى. ئاستىدىكى قارا سىزىقلار ئۇ كۆزلەرنى تېخىمۇ يوغان كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ كۆزلەرنىڭ قاراشلىرى قىز ۋاقتىدىكىدەكلا بولۇپ، ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس ئىدى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، تۈگىمەس ئازاب ۋە ھېرىپ ـ چارچاشلارمۇ ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتەلمىگەنىدى. بۇ، ئۈمىدۋار بىر ئايالنىڭ كۆزلىرى ئىدى، ھەرقانداق بوران ـ چاپقۇنلارمۇ ئۇنداق ئاياللارنىڭ ئىچكى تىنچلىقىنى بۇزالمايتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى قانداق قىلىپ ئاشۇنداق ياخشى ئاسرايدىغاندۇ، دەپ سىكارلېت ھەيران بولاتتى، ھەر بىر كۆرگەندە ھەۋەسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلاتتى. سىكارلېت ئۆزىنىڭ كۆزلىرىنىڭ بەزىدە ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىر قېتىم رېت باتلېر مېلانىيەنىڭ كۆزلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ نېمە دېدى خۇدايىم، قاملاشمىغانلا بىر نېمىگە ئوخشاتقان، شامغا ئوخشاتقانمىدى يا؟ توغرا، ئەتراپى توسۇلۇپ تۇرغان، ھەرقانداق شامال ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدىغان، بەخت نۇرى چېچىپ تۇرىدىغان شامغا ئوخشاتقانىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ كىچىككىنە ئۆيىدىن زادىلا مېھمان ئۈزۈلمەيتتى. مېلانىيە كىچىكىدىنلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك قىز ئىدى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارمۇ بار ئىدى.

بەزى ياشانغان ئادەملەرمۇ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭ دادىسى بىلەن مېكسىكىدىكى ئۇرۇشقا بىللە قاتناشقانلار ئىدى. ئاپىسىنىڭ دوستلىرىمۇ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ھازىرقى ياشلار قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۇنتۇپ ئۆزلىرى بىلگەننى قىلىپ يۈرگەچكە، قېرىلارنىڭ ئۇلاردىن دىلى ئاغرىپ مېلانىيەدىن تەسەللى تاپاتتى. ئۇنىڭ دېمەتلىكلىرىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇمۇ ئۇلارغا ئوخشاش جاپا تارتقان، دەرد تارتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى، دەردىگە يېتەتتى. ياشلاردىنمۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىدىغانلار بار ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە كۆڭۈللىرىدىكى گەپلەرنى قىلىشالايتتى، دوستلىرى بىلەن كۆرۈشەلەيتتى.

مېلانىيە كىشىلەرگە مۇلايىم ئىدى، زادىلا ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى، شۇڭا تېزلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ ئادەم يىغىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېشىمۇ، قېرىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى جەمئىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ ھايات قالغانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى، يانچۇقلىرى قۇرۇق بولسىمۇ، ئۆز نەسەبلىرى بىلەن مەغرۇرلىناتتى، كونا تۈزۈمنى ئەڭ قەتئىي

ھىمايە قىلاتتى. ئاتلانتا ئۇرۇشتا پارچىلىنىپ كەتكەن، بەزى ئادەملەر ئۆلۈپ تۈگىگەن، پۈتكۈل جەمئىيەت كۆز ئالدىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا كىشىلەر مېلانىيەنى كۈچلۈك بىر مەركەز ۋە ئاتلانتانى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى بىلىپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولۇشۇپ كېتىۋاتاتتى.

مېلانىيە ياش بولسىمۇ، بۇلاڭ ـ تالاڭدىن كېيىنكى يېڭى ھايات ئېھتىياج بولۇۋاتقان بارلىق خىسلەتلەر ئۇنىڭدىن تېپىلاتتى. نامرات ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن نومۇسلانماي پەخىرلىنەتتى؛ باتۇر ئىدى، ھېچكىمدىن ئاغرىنمايتتى؛ ئوچۇق، قىزغىن، مېھرىبان، ئەڭ مۇھىمى، كونا ئەنئەنىلەرگە سادىق ئىدى. مېلانىيە ئۆزگىرىشكە ئۇنىمايتتى، ھەتتا ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئادەملەرنىڭمۇ ئۆزگىرىشى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتمۈشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى قايتا كۆرۈنۈشكە باشلاۋاتاتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ شۇ خىسلەتلىرىدىن خۇشال ئىدى، شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۈلچىلەر بىلەن بىردىنلا بېيىپ كەتكەن جۇمھۇرىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشلىرىنى كۆزلىرىگە ئىلىشمايتتى.

كىشىلەر مېلانىيەنىڭ ياش چىرايىدىن ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەممە نەرسىگە بولغان ئۆزگەرمەس ساداقىتىنى كۆرگەندەك بولۇشاتتى ۋە دەرمەھەل ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئادەمنىڭ غەزىپىنى، نەپرىتىنى كەلتۈرىدىغان، يۈرەكلەرنى قورقۇنچقا سالىدىغان، ئېزىدىغان خائىنلارنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. ئۇ خىلدىكى ئادەملەرمۇ خېلى بار ئىدى. بەزىلىرى ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ناچار بولۇپ، ئامالسىز دۈشمەنگە بېقىنىپ كەتكەن ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە كىرىۋالغان، غالىبلار بەرگەن خىزمەتلەرنى قوبۇل قىلىشقانىدى، بولمىسا ئۇلارنىڭ پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئائىلىسى قۇتقۇزۇش پۇلىغا قاراپ قالاتتى. بەزى ياشلار بۇرۇن ئەسكەر بولغان، هازىر بولسا ئۇلاردا رېئاللىقتا يۇزلىنىدىغان جۇرئەت يوق، ئۆزلىرىگە دۇنيا توپلاشنىڭ يولىغا كىرىپ كېتىشكەندى. بەزىلىرى هەتتا رېت باتلېردىن ئۆگىنىپ، شىماللىقلارنىڭ قارام ئادەملىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، يارىماس ۋاستىلەر بىلەن پۇل توپلىشىۋاتاتتى.

ئۇ يارىماس خائىنلارنىڭ ئەڭ يامانلىرى ئاتلانتادىكى مەشھۇر ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى ئىدى، ئۇلار ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇرۇشقا قارىتا كىچىك چاغلىرىدىكى تەسىراتىدىن باشقا هېچقانداق نەرسە يوق، چوڭلارغا ئوخشاش ئازابلارنىمۇ تارتمىغان، بۇرۇنقى هەشەمەتلىك تۇرمۇشلىرى توغرۇلۇقمۇ هېچنېمە بىلمەيتتى. ئۇلار يا ئەرلىرىدىن، يا سۆيگەن يىگىتلىرىدىن ئايرىلىپ باقمىغانىدى. شىمالدىن كەلگەن ئوفىتسېرلار چىرايلىق، كىيىملىرى ئېسىل، مىجەزىمۇ يېقىشلىق ئىدى؟ تانسىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرالايتتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ چىرايلىق ئىدى، جەنۇبنىڭ قىزلىرىغا بەكمۇ چوقۇناتتى، ئۇلارنى مەلىكىلەردەك كۆرەتتى، غۇرۇرلىرىغا تېگىپ قويمايلى دەپ بەكمۇ ئېھتىيات قىلىشاتتى. بۇ ئەهۋاللارنىڭ هەممىسى ئۇلارنى، نېمىشقا ئۇ يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتمەيمىز دەيدىغان خىيالغا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

ئۇ يىگىتلەر شەهەردىكى هېلىقىدەك بالىلاردىن مىڭ ئارتۇق ئىدى. ئۇ بالىلارنىڭ كىيىملىرى ناچار، مۇئامىلىلىرى قوپال ئىدى، ئىشتىن باش كۆتۈرمەيتتى، ئوينايدىغانغا ۋاقتىلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، قىزلارنىڭ ئىچىدە شىماللىق ئوفىتسېرلار بىلەن قېچىپ كېتىدىغان ئەهۋاللار پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ قىزلارنىڭ ئۆيدىكىلىرى قاتتىق ئازابلىناتتى. «باش ئەگمەسلىك»نى ئۆزلىرىگە مىزان قىلىۋالغان ئۇنداق كىشىلەر ئۇ خىل ئېچىنىشلىق ئىشلارنى ئاڭلىغاندا قورققىنىدىن چىپىلداپ تەرلەپ كېتەتتى. ئەمما، مېلانىيەنىڭ

يىقىملىق ۋە قەيسەر چىرايىنى كۆرگەنلىرىدە بولسا يۈرەكلىرىدىكى قورقۇنچلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ياشانغان موماي‌لار ئۇنى، ئۇ قىزلار ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ بەردى، دەپ ماختىشاتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئېسىل خىسلەتلىرىنى زادىلا كۆز - كۆز قىلمايتتى. ياش قىزلارمۇ ئۇنىڭدىن نارازى ئەمەس ئىدى.

مىلانىيە ئۆزىنىڭ ئاستا - ئاستا يېڭى جەمئىيەتتىكى مۇھىم بىر شەخسكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆيىگە كېلىپ يوقلاپ تۇراتتى، ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىچىلىق گۇرۇپپىلىرىغا، ئۇسسۇل ئوينايدىغان، مۇزىكا چېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان كۇلۇبلىرىغا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. ئاتلانتالىقلار مۇزىكىنى ياخشى كۆرەتتى. بۇرۇنلا ئەمەس، ھازىرقىدەك نامرات تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋېتىپمۇ مۇزىكىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. مۇزىكىنى ياخشى كۆرۈش ھەۋىسى تېخى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. مۇزىكا ئۇلارغا كوچىلاردا تېرىسىگە پاتماي لاغايلاپ يۈرگەن نېگىرلارنى، كۆك فورما كىيىشكەن شىماللىق ئەسكەرلەرنى ئۇنتۇلدۇراتتى.

مىلانىيە يېڭى قۇرۇلغان شەنبىلىك مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى بولدى. بۇ ئەھۋال ئۇنى تەڭلىكتە قويدى. قانداق بولۇپ بۇ ئىشقا تۇتۇلۇپ قالدى، ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. بەلكىم پىيانىنو چالىدىغانلىقى، كىمگىلا بولسا چېلىپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇ.

ئۇ يەنە ئۇرۇشتا ئۆلگەن كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى قاتۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمدە جەنۇب ئىتتىپاقى تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش تىككۈچىلىك ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى بولدى. ئىككى ئۇيۇشما بىر قېتىم بىرلەشمە يىغىن ئاچتى، يىغىندا قاتتىق مۇنازىرە بولدى. بەزىلەر مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلماقچى ھەم ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

يىللىق دوستلۇقنى بۇزماقچى بولۇشتى. شۇ يىغىندىن كېيىن مېلانىيە شەرەپ بىلەن بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى. يىغىندا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ قەبرىلىرى يېنىدىكى قوشما ئىشتات جەڭچىلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە ئۇتۇپ كەتكەن ياۋا ئوت - چۆپلەرنىمۇ يۇلۇۋېتىش كېرەكمۇ يوق، دېگەن مەسىلىدە بەس - مۇنازىرە بولدى. شىماللىقلارنىڭ بۇ يەردىكى قەبرىلىرى زادىلا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سىغمايتتى، شۇنداقتىمۇ تىككۈچىلەر گورۇپپىسىدىكى ئاياللار ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇۋېتىش تەرىپىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئاياللىرى بىر - بىرى بىلەن قارشىلىشىپ ئوت بىلەن سۇدەك بولۇپ كېتىشتى.

مادى خانىم كېينكىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

— شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ قەبرىلىرىدىكى ئوتلارنى يۇلىمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئەگەر ماڭا ئىككى مىنۇت ۋاقىت بېرىدىغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كولاپ چىقىرىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتەتتىم.

بۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئىككى تەرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، ئۆزلىرىنىڭلا گېپىنى قىلىشاتتى. بۇ قېتىمقى يىغىن مېرۋېتېر خانىمنىڭ ئۆيىدە ئېچىلغان، مېرۋېتېر بوۋايتى ئۇلار ئاشخانىغا چىقىرىۋەتكەنىدى. كېيىن ئۇنىڭ دەپ بېرىشچە، ئۇلارنىڭ ئاۋازى فىرانكلىن جېڭىدىكى زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازىدىمۇ كۈچلۈك بولغان. ئۇ يەنە فىرانكلىندىكى جەڭ بۇ خوتۇنلارنىڭ يىغىنىدىن بىخەتەررەك ئىدى، دېگەن.

مېلانىيەمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. ئۇ بۇ خوتۇنلارنىڭ ئاۋازلىرىنى باسماقچى بولۇپ ۋارقىراپ باقتى، لېكىن يەنە ئۇلاردىن قورقۇپ تىترەپمۇ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ: «خانىملار، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلارچۇ!» دەپ ۋارقىرىدى، ئاياللار ئاستا - ئاستا بېسىلغانمۇ بولدى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم — دېمەكچىمەنكى... مەن نۇرغۇن ئويلاندىم... بىز ئۇ قەبرىلەردىكى ياۋا ئوتلارنى يۇلۇۋېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە گۈل تىكىشىمىز... مەن... مەن، سىلەر قانداق ئويلىساڭلار مەيلى، مەن ھەر قېتىم چارلىپسىنىڭ قەبرىسىگە گۈل قويغىلى بارغاندا، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىكى شىماللىقنىڭ بىر قەبرىسى ئۈستىگىمۇ گۈل قويۇپ قويىمەن، ئۇ قەبرە شۇنچىلىك غېرىبانە.

كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايىقىدىنىمۇ قاتتىقراق جار - جۇر قىلىشىپ كەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم ئىككى گۇرۇپپىنىڭ پىكرى بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

— مېلانىيە، شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ قەبرىسىگە گۈل قويدىڭىزمۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— چارلىپسنى ئۆلتۈرگەن شۇلار ئەمەسمۇ؟

— سىزنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالمىدىمۇ؟

— ئۇلارنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئوغلىڭىزنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇ خەق تارادىكى ئۆيلەرنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىپ سىلەرنى ماكانسىز قىلىپ قويماقچى بولغان ئەمەسمۇ؟

مېلانىيە ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئاران ئولتۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق ئەيىبلەشلەرگە پەقەتلا ئۇچراپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ بېسىمغا چىدىماي ھوشىدىن كەتكىلى ئاز قېلىۋاتاتتى.

— ئاھ، دوستلار، — دېدى ئۇ يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا، — ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، مەن مۇنداق گەپلەرنى قىلسام بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، چارلىپسنى ئاشۇلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە، ئەمما باشقىلىرىمىزنىڭ بالىلىرى، ئەرلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ قەبرىلىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمىز، يەنە...

ئۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپ گېپىنى قىلالماي قالدى، ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مادى خانىمنىڭ بايىقى غەزەپلىك ئەلپازى پەسىيىپ مىسكىنلىشىپ قالدى. گېپتىس قەلئەسىدىكى جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ ئوغلى دارسىنىڭ جەسىتىنى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارغانىدى، لېكىن، ھېچكىم ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى دەپ بېرەلمىدى، دۈشمەن تەرەپتە، ئالدىراشچىلىقتا كولانغان قەبرىلەرنىڭ بىرسىدە بولۇشى مۇمكىن، دېگەن گەپنىلا قىلىشتى. ئاللان خانىمنىڭ لەۋلىرىمۇ قىمىرلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىرى بىلەن ئىنىسىمۇ نەس باسقۇر مورگاننىڭ كەينىدىن ئوھىئو ئىشتاتىغا كەتكەنىدى. ئاخىرىدا ئۇ، شىماللىقلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كەلگەندە ئۇ ئىككىسى دەريا بويىدا قۇربان بولدى، دېگەن خەۋەرنى ئالدى. ئېلىسىن خانىمنىڭ ئوغلى شىمالدىكى بىر ئەسىرلەر لاگېرىدا ئۆلۈپ كەتكەن، كەمبەغەل بولغاچقا، ئوغلىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېلەلمىگەنىدى. يەنە بەزىلەرگە: «يوقىلىپ كەتتى... ئاڭلىساق، ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەندەك خەۋەرلەرمۇ كەلگەنىدى.

ھەممەيلەن شۇئان مېلانىيەگە قارىدى. كۆزلىرىدىن: «سەن نېمىشقا بىزنىڭ ھەسرىتىمىزنى قوزغايسەن؟ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نەلەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەسلىكتىن كېلىۋاتقان دەردلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ» دەۋاتقاندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

جىمجىتلىق ئىچىدە مېلانىيەنىڭ ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا قەتئىيلەشتى.

ــ شىماللىقلارنىڭ قەبرىلىرى بىزنىڭ بۇ يەرلەردە تۇرۇۋاتقاندەك، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىمۇ شىمالنىڭ مەلۇم يەرلىرىدە. ناۋادا شىماللىق بىرەر ئايال بىزگە ئوخشاش بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىنى ئاچىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلسا، ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىش بولىدۇ؟

مادې خانىم بوش ئىڭراپ قويدى.

— مېنىڭچە، بەزى شىماللىق ئاياللار ئاق كۆڭۈل، خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسكى ئەمەس. ئەگەر ئۇلار دۈشمەن تۇرۇپمۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇۋەتسە، بۇنى بىز ئاڭلىساق، ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىمىز. ئەگەر چارلېس شىمال تەرەپتە ئۆلۈپ قالغان بولسا، مەن ئانچە خاتىرجەملىنىپمۇ كەتمەيتتىم، سىلەر قانداق قارايسىلەر، بىلمەيمەن، — بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا مېلانىيەنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مەن سىلەرنىڭ ئىككىلا گۇرۇپپاڭلاردىن چېكىنىپ چىقىمەن، شىماللىقلارنىڭ ئۆزۈم تاپالىغان قەبرىلىرىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇۋېتىمەن، تېخى ئۇستىگە گۈلمۇ تېرىيمەن، قېنى كىم مېنى بىر نېمە دەيدىكىن.

مېلانىيە بۇ گەپلەرنى قىلچە قورقماي يۈرەكلىك دەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى ۋە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مېرىۋېتېر بوۋاي ئاشخانىدا بىر سائەتچە تۇرۇپ، ئاندىن ھېنرى خامىلتونغا ئاياللارنىڭ مېلانىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنى قۇچاقلىشىپ يىغلاپ كېتىشكەنلىكىنى، ئاخىرىدا مەجلىسنىڭ دوستانە كەيپىياتتا ئاياغلاشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن مېلانىيە ئىككى گۇرۇپپىنىڭ كاتىپى بولۇپ قالدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇ قەبرىلەردىكى ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىدىغان بولۇشتى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، دوللى مېنى ياردەم بېرىشنى خالايدۇ، دەپ قويدى، مېنىڭمۇ باشقا قىلىدىغان ئىشىم يوق ئىدى. شىماللىقلارنى ئانچە ئۆچ كۆرۈپمۇ كەتمەيتتىم. مېنىڭچىمۇ مېلانىيەنىڭ قىلغىنى توغرا، باشقا خوتۇنلارنىڭ خاتا. ئەمما ياشىنىپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېلىم ئاغرىيدىغان بولغاچقا، ماڭا ئوت يۇلماق قىيىن كېلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هازىر يادرو بولۇپ ئويۇشۇپ، بىزنى ۋە ئۇرۇشتىن قېلىپ قالغان بارلىق نەرسىلىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە باغلاۋاتىسىلەر. ئۇلار ئەرلىرىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىنى، بىزنىڭ ياش ئاياللىرىمىزنىڭ چىرايلىرىدىكى كۆلكىلىرىنى تارتىۋالدى، سالامەتلىكىمىزنى نابۇت قىلدى، تۇرمۇشىمىزنى بەربات قىلدى، تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتتى، شان ـ شۆھرىتىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلدى، بىزنى ئەللىك يىل كەينىگە چېكىندۈرۈۋەتتى، يۈكلىرىمىزنى ئېغىرلىتىۋەتتى، بالىلىرىمىزنى ئوقۇشسىز قالدۇردى، قېرىلارنى ئاپتاپسىنىشلاردىن مەھرۇم قىلدى. ئەمما، بىز يۇرتىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك، بىزنىڭ سىلەرگە ئوخشاش يادرو ئاساسلىرىمىز بار. سىلەرگە ئوخشاش مۇشۇنداق يادرولىرىمىز ساقلىنىپ قالسا، شىماللىقلار بىمىزنى ئېلىپ كەتسە مەيلى.

كېيىن سىكارلېت بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. پىتتىي هامىنىڭ يوغان قارا شال ياغلىقىغا ئورىلىۋالسىمۇ بولمىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن فىرانك ئىككىسى ئارقا هويلىدىن ئۆتۈپ مېلانىيەلەرنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارغا قاتنىشاتتى، ئۆيگە كىرمەي ئىشىكنىڭ ئالدىدا، چىراغنىڭ نۇرى چۈشمەيدىغان قاراڭغۇراق يەردە ئولتۇرۇۋالاتتى. بۇنداق يەردە خەقنىڭ كۆزىگە چۈشمەيتتى، ئەڭ مۇھىمى، ئاشلىپىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرالايتتى، بۇنى هېچكىممۇ سەزمەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنى بۇ يەرگە جەلپ قىلىدىغىنى ئاشلىپي ئىدى، باشقا گەپلەرنىڭ ھەممىسى بىزار قىلاتتى، ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا بىئارام بولاتتى، ھەممىسىلا كونا گەپلەر ئىدى. ئاۋۋال جاپالىق تۇرمۇش، سىياسىي ۋەزىيەت، ئاندىن ئىچكى ئۇرۇش ھەققىدە گەپلەر بولاتتى. ئاياللار نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ قىممەتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە غوتۇلدىشاتتى، ئەرلەردىن، ياخشى كۆنلىرىمىز يەنە كېلەرمۇ، دەپ سورىشاتتى. بىلەرمەن ئەرلەر، ئۇ

كۆنلەرنى چوقۇم كېلىدۇ، پەقەت ۋاقىتتىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى، هازىرقى قىيىنچىلىقلار ۋاقىتلىق، دېيىشىپ، ئاياللارنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇشاتتى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىشەنگەندەك قىياپەتكە كىرىشىۋالاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ جاپالىق تۇرمۇشنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى هەممە ئادەم بىلەتتى.

هازىرقى مۇدهىش تۇرمۇش توغرۇلۇق گەپلەر تۈگىگەندىن كېيىن، ئاياللار نېگىرلارنىڭ هەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى، شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋاتقانلىقى، شىماللىق ئەسكەرلەرنىڭ كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشلىرىگە چىداش مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرۇلۇق پاراڭلار باشلىناتتى. ئاياللار ئەرلەردىن شىمالىقلارنىڭ جورجىيەنى ئۆزگەرتىش ئىشى قاچان توختايدۇ؟ دەپ سورىشاتتى. ئەرلەر ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، پات ئارىدا توختايدۇ، دېموكراتلار پارتىيەسى سايلام هوقۇقىغا ئېرىشكەندە ئۆزگەرتىشمۇ تۈگەيدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشەتتى. ئۇلار ئەرلەرنىڭ دەردىگە يېتىدىغان بولغاچقا، بۇ گەپنى كوچىلاپ سوراۋەرمەيتتى. سىياسىي ۋەزىيەت توغرۇلۇق گەپ تۈگىگەندە، ئىچكى ئۇرۇش توغرۇلۇق گەپ باشلىناتتى.

جەنۇب ئىتتىپاقىنى بۇرۇن قوللاپ كەلگەن ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ قالسىلا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ گېپى باشلىناتتى، ئۇن نەچچە ئادەم بىر يەردە بولۇپ قالسىغۇ بولدى، پۈتۈن كونا خامان باشقىدىن سورۇلۇپ چىقاتتى، هەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدىن «ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا بۇنداق بولاتتى، بۇنداق بولغان بولسا ئۇنداق بولاتتى» دېگەندەك گەپلەر چۇشمەيتتى.

«ئەگەر شۇ چاغدا ئەنگلىيە بىزنى ئېتىراپ قىلىۋەتكەن بولسا...»، «شۇ چاغدا جېف داۋىس پۈتۈن پاختىنى يىغىۋېلىپ، قامالدىن ئىلگىرى ئەنگلىيەگە ئېلىپ كېتەلىگەن بولسا...»، «ئەگەر گېنېرال لوڭستىرېت گېتتىس قەلئەسىدە بۇيرۇقنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويسۇنغان بولسا...»، «ئەگەر گېنېرال ستۇرت مارس بوبقا تازا لازىم بولۇۋاتقان چاغدا ھۇجۇم قىلماي ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بولسا...»، «ئەگەر جېكسون قۇربان بولۇپ كەتمىگەن بولسا...» «ئەگەر ۋېكىس قەلئەسى قولدىن كەتمىگەن بولسا...»، «ئەگەر يەنە بىر يىل بەرداشلىق بەرگەن بولساق...»، «ئەگەر خود جونىستوننىڭ ئورنىغا چىقمىغان بولسا...»، «ئەگەر دالتوندىكى ئۇرۇشتا قوماندانلىقنى جونىستون ئۈستىگە ئالماي خود ئۈستىگە ئالغان بولسا...»

ئەگەر! ئەگەر! ئۇلار تىپتىنچ كېچىدە سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى، سۆزلىگەنسېرى ئەۋجىگە چىقاتتى... پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر، زەمبىرەكچىلەر ئۇلارغا ئاشۇ ئۆتكەن دەۋرلەرنى ئەسلىتەتتى.

ئۇلار نېمىشقا باشقا ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشمايدىغاندۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ ئويلايتتى سكارلېت، — ئىچكى ئۇرۇشتىن باشقا پاراڭلاشقۇدەك گەپ يوقمىدۇ؟ ئۆلگۈچە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشمەيدىغان ئوخشايدۇ بۇلار.

سكارلېت ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قۇچاقلىرىدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغان كىچىك باللارغا ئىختىيارسىز قاراپ قالدى. ئۇلار چوڭلارنىڭ كېچىلىرى قانداق ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكى، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بايراقلارنى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا قانداق قادىغانلىقى توغرۇلۇق قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىۋاتاتتى، جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ، جەڭ سىگناللىرىنىڭ سادالىرىنى، جەنۇب قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھۆررالىرىنى شۇ تۇرقىدا ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن تۇغلارنى مۇرىلىرىگە سېلىشىپ يامغۇردا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك جىددىي ھالەتتە ئولتۇرۇشاتتى.

«بۇ باللارمۇ چوڭ بولغاندا چوقۇم ئىچكى ئۇرۇشتىن باشقا

گەپنى قىلمايدىغان، شىمالىلىقلار بىلەن سوقۇشۇشنى ئۆلۈغ، شەرەپلىك دەپ بىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۇچۇن قارىغۇ، توكۇر بولۇپ قالىشمۇ مەيلى دەيدىغان ئادەملەردىن بولۇپ چىقىدۇ. ئۇرۇشنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ ھەم شۇ توغرۇلۇقلا گەپ قىلىدۇ. مەن ئۇنداق بولۇشنى ھەرگىز خالىمايمەن، بۇ ئۇرۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشنىمۇ ئويلىمايمەن. ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسا ئۇنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى قويماي ئۇنتۇپ كېتەتتىم... ئاھ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىش نېمىدېگەن ياخشى ئىش !»

مېلانىيە بىر چاغدا تارادا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ، سكارلېتنى ئۇنداق قەھرىمان، تاجاۋۇزچىلارغا ئۇنداق تاقابىل تۇرغان، چارلېسنىڭ قىلىچىنى ساقلاپ قالغان، ئوتنى قورقماي ئۆچۈرۈۋالغان دەپ سۆزلەپ كەتتى. سكارلېت ئاڭلاپ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنقى ئىشلارغا قىزىقمايتتى ھەم ئۇنىڭدىن ماختىنىشنىمۇ خالىمايتتى، ئۇ ئىشلارنى زادىلا ئەسلىگۈسى كەلمەيتتى.

«ئاھ، ئۇلار نېمىشقا ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتمەيدىغاندۇ؟ نېمىشقا كەينىگىلا قارىماي ئالدىغىمۇ قاراشنىڭ لازىملىقىنى بىلمەيدىغاندۇ؟ بىز ئۇرۇش قىلىپ ئەقىللىك ئىش قىلمىغان، شۇڭا ئۇنى چاپسان ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك.»

لېكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇڭا، سكارلېتنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئاشۇ قاراڭغۇ جايدا ھېچكىمگە كۆرۈنمەي تۇرۇپ مېلانىيەنىڭ ئۇ گەپلىرىگە جاۋابەن قورسىقىدىكى راست گەپلىرىنى ئېيتقۇسى كېلەتتى. ئەمما، مېلانىيە چوقۇم ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، چۈنكى ھازىر ئۇ سكارلېتنىڭ تۇغۇت توغرىسىدىكى گەپلىرىگىلا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ يەنە بىرنى تۇغقۇسى بار ئىدى، لېكىن مادې دوختۇر بىلەن فونتائىن دوختۇر يەنە بىرنى تۇغسا ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى دەپ قوشۇلمىغانىدى. ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ بۇ يازمىشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زادىلا بويسۇنغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا كۆپ ۋاقتىنى سىكارلېت بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ئېلىۋاتقان خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايتتى. سىكارلېتنىڭ بۇ بالىسىغا زادىلا قورساق كۆتۈرگۈسى يوق ئىدى، شۇڭا مېلانىيەنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز بىلىنەتتى. ئەمما، ئۇ ئىچىدە بىر ئىشتىن خۇشال ئىدى، ئۇ بولسىمۇ دوختۇرنىڭ گېپى بىلەن ئەمدى مېلانىيە بىلەن ئاشلىپى ئىككىسى ئەركىن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولالماسلىقى ئىدى.

ھازىر سىكارلېت ئاشلىپىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدى، ئەمما يالغۇز ئۇچرىشالمايۋاتاتتى. ئاشلىپى ھەر كۈنى پەن زاۋۇتىدىن قايتىپ كېلىپ سىكارلېتقا ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىپ قويۇش ئۇچۇن يېنىغا كىرەتتى، ئەمما دائىملا فىرانك ياكى پىتتىي ھامما بار چاغلارغا توغرا كېلىپ قالاتتى. بەزىدە مېلانىيە بىلەن ئىندىيا ئولتۇرغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن تىجارەت توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى سوراپ، بىرنەچچە ئېغىز مەسلىھەت بېرىپ قويۇپلا: «خەير ـ خوش، كىرگىنىڭىزگە رەھمەت، ئەتە كۆرۈشەيلى» دەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قوياتتى.

ھامىلىدار بولمىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى سىكارلېت، ئۇ چاغدا ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە زاۋۇتقا باراتتىم، ئادەمسىز دەرەخلىك جىمجىت كوچىلاردا ئۆرۈشتىن ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك كۈنلەر توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ماڭاتتۇق.

ئەگەر شۇنداق پۇرسەت بولۇپ قالسا، سىكارلېت ھەرگىز ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتى توغرۇلۇق گەپ سورىمايتتى، ئۆزىمۇ ھەم دېمەيتتى، چۈنكى بۇ توغرۇلۇق قەسەم قىلىۋەتكەنىدى، يالغۇز ئۇچرىشىپ قالسا يۈزىگە تارتىۋالغان نىقابىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئاتلانتاغا كەلگەندىن بېرى ئاشلىپى يەنىلا شۇنداق جىددىي قىياپەتتە يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتمايدۇ دەپ كىم

ئېيتالايدۇ؟ بەلكىم ئۇ كونا هالىتىگە، ھېلىقى چاغدىكى زىياپەتتىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە، ئىككىسى بىر - بىرىگە كۆڭۈل سىرلىرىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ دەۋرلىرىگە قايتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇشالمىسىمۇ، باشقىدىن دوست بولۇپ قالسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ. ئۇ چاغدا سىكارلېت ئاشۇ دوستلۇقنىڭ تەپتى بىلەن بولسىمۇ مۇزلاپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى ئىللىتالايدۇ.

«بالىنى چاپسانراق تۇغۇۋالسام بولاتتى. ئۇ چاغدا ئىككىمىز ھەر كۈنى پەيتون بىللە بىلەن ئىشقا باراتتۇق، يولدا بارغۇچە قانغۇچە پاراڭلىشاتتۇق.»

ئۇنىڭ بالىسىنى ھازىرلا تۇغۇۋەتكۈسى كېلەتتى، يالغۇز ئاشلىپى ئۈچۈنلا ئەمەس، پەن زاۋۇتىغىمۇ ئۇ بولمىسا زادى بولمايتتى. ھازىرمۇ زاۋۇتلىرىنى ئۆزى بىۋاستە باشقۇرمايۋاتاتتى، خۇگ بىلەن ئاشلىپىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ زاۋۇتلار زىيان تارتىۋاتاتتى.

خۇگ گەرچە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تازا چىقالمايتتى، سودا ئىشىنىمۇ بىلمەيتتى، ئىشچىلارغىمۇ تاقابىل تۇرالمايتتى. كىملا بولسۇن، باھادا ئۇنىڭدىن پايدا ئالالايتتى. چېۋەررەك بىر خېرىدار كېلىپ، ياغاچنىڭ بازار باھاسى سىلەر دېگەندەك ئەمەس، سىلەرنىڭ بەك يۇقىرى دېسە، خۇگ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ، ئۇ دېگەن باھا بىلەن سېتىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان سۈپىتى ئەڭ ياخشى تاختاينى بىرسىگە بىكارغا دېگۈدەك ئەرزان بېرىۋەتكەندە، سىكارلېت چىدىماي يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشچىلارغىمۇ ئالدىنىپ قالاتتى. نېگىر ئىشچىلار كۈندىلىك ھەققىنى كۈندە ئېلىشنى تەلەپ قىلسا، خۇگ ئۇلارغا ھەققىنى بېرىۋېتەتتى، ئۇلار كېچىچە ئىچىپ ئەتىسى ئىشقا كەلمىسە، خۇگ باشقا ئىشچىلارنى يالّلايتتى، نەتىجىدە ئىشقا تەسىر يېتەتتى، خۇگ شۇ ئىشلار بىلەن بازارغا ساتقىلى تاختاي ئېلىپ

كىرەلمەيتتى.

پايدىنى خۇگ ئەنە شۇنداق قولدىن چىقىرىۋېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك دۆت ئىدى، سىكارلېت ئۆزى ئۇ يەردە تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن زاۋۇتقا ئۆزى بىرىپ خۇگنى بوشاتماقچى، ئورنىغا باشقا بىرسىنى تاپماقچىدى. ئۇ ئەمدى هۆر نېگىرلارنى هەرگىز ئىشلەتمەيدۇ، بولمىسا ئۆزىگە ئىش تېپىۋېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇلار كېتىمەن دەپ كېتىۋېرىدىغان ئادەملەر تۇرسا، ئۇلار بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولامدۇ؟

بىر كۈنى خۇگ ئىشچىلارنىڭ ئىشقا كەلمىگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ كەلگەندە سىكارلېت ئۇنىڭغا قاتتىق چىچىلدى، ئاندىن ئېرىگە شۇنداق دېدى:

— فىرانك، مەن ئاساسەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، بىر نەچچە جىنايەتچىنى يالالاپ ئىشلەتمەكچىمەن. يوهان گالىلېگېر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ تومپى ۋېلبورنىنىڭ ئىش بېشى. مەن ئۇنىڭغا نېگىرلارنى ئىشلىتىپ زىيان تارتىۋاتقانلىقىمنى دېسەم، ئۇ، نېمىشقا جىنايەتچىلەرنى ئىشلەتمەيسىز، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا لايىق تاپتىم. ئۇ ماڭا باشقىلار ئىشلىتىۋاتقان مەھبۇسلاردىن بىرنەچچىسىنى ئەكېلىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلارغا كۆپ پۇلمۇ كەتمەيدىكەن، قورسىقىنى باقسىلا بولىدىغان ئوخشايدۇ. قانداق ئىشلىتىمەن دېسە، شۇنداق ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. «هۆرلەر ئۇيۇشمىسى»مۇ ئانچە ئارىلىشىۋالمايدىغان ئوخشايدۇ. يوهان گالىلېگېر بىلەن تومپىنىڭ پۇتۇشكەن توختامىنىڭ ۋاقتى توشقاندا، ئۇنى خۇگنىڭ ئورنىغا ئەكېلىۋالىدىغان بولدۇم. ئۇ ئۇ يەردىكى تاقابىل كەلمەك قىيىن بولغان ئېرىلاندىيەلىكلەرنى باشقۇرۇپ كېتەلىگەن يەردە جىنايەتچىلەرنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

جىنايەتچىلەرنى ئىشلىتىدىغانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ فىرانك چۆچۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. بۇ سىكارلېتنىڭ ئاجايىپ -

غارايىپ پىلانلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى ئىدى، ھەتتا قاۋاقخانا ئىچىشتىنمۇ يامان ئىش ئىدى.

بۇ پىلان فىرانك ۋە ئۇ ئالاقىلىشىدىغان مۇتەئەسسىپ ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن يامان ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ھۆكۈمەت نۇرغۇن جىنايەتچىلەرنى باقالماي، تۆمۈر يول ياساش، قارىغاي كېسىش دېگەندەك ئېغىر ئىشلارغا ياللىتىپ ئىشلىتىۋاتاتتى. فىرانكقا ئوخشاش مۆمىن خىرىستىيانلار ئۇنداق تۈزۈمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىشسىمۇ، ئەمما ئوخشاشلا ئۇنى ئەيىبلىشەتتى، قۇللۇق تۈزۈمنى چۈشەنمەيدىغان بەزىلىرى ئۇ تۈزۈمنى قۇللۇق تۈزۈمدىنمۇ بەتتەر دەپ بىلىشەتتى.

ئەگەر سىكارلېت مەھبۇسلارنى ياللاپ ئىشلىتىدىغان بولسا، خەقنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى فىرانك بىلەتتى. بۇ ئۇنىڭ پەن زاۋۇتى ئاچقانلىقىدىنمۇ، قىلىۋاتقان ھەممە ئىشىدىنمۇ، ھەتتا تېنىنى ساتقاندىنمۇ يامان ئىش ئىدى. سىكارلېتنىڭ شۇنداق قىلىشىغا يول قويۇشمۇ روھىي جەھەتتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى.

فىرانك بۇ ئىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىن، قاتتىق غەيرەتكە كېلىپ ئۇنى بۇ ئىشتىن توستى، بۇ ھەقتە قىلغان ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ قاتتىقلىقىغا سىكارلېتمۇ ھەيران قالدى. باشتا گەپ قىلماي ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ راستلا ئۇنداق قىلىدىغان نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، خۇگىنىڭ لاياقەتسىزلىكى بىلەن نېگىرلارنىڭ ئەسكىلىكىگە ئاچچىقى كېلىپلا شۇنداق دەپ قويغانلىقىنى دېدى. ئەمما، ئىچىدە بولسا شۇنداق قىلىشنى ئويلاپ يۈردى. ئۇ مەھبۇسلارنى ئىشلەتسە چوڭ بىر مەسىلىسى ھەل بولاتتى. لېكىن، فىرانك بۇنچىلىك قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرۈۋاتقان ئەھۋالدا...

ئۇ چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى. ئىككى زاۋۇتنىڭ بىرسى

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ پايدا تاپقان بولسا يەنە بولاتتى. ئاشلىپىمۇ زاۋۇت باشقۇرۇشتا خۇگ بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى.

دەسلەپتە ئاشلىپى زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرالمىدى. پايدىنى ئاشۇرۇش تۇرماق، سىكارلېت ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان چاغدىكىگىمۇ يەتكۈزەلمىدى، سىكارلېت ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنمۇ بولدى. ئاشلىپي چېۋەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابنى كۆپ ئوقۇغان ئادەم بولغاچقا، زاۋۇتنى باشقۇرالمايدىغانغا، پايدا تاپالمايدىغانغا ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا خۇگكىمۇ يەتمەي قالدى. چۈنكى، تەجرىبىسى يوق ئىدى، ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايتتى، سودىغا كاللىسى ئىشلىمەيتتى، خەق بىلەن ھەرگىز سودىلىشالمايتتى، بۇ جەھەتتە خۇگ بىلەن ئوخشاش ئىدى.

ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى سىكارلېتقا ناھايىتى تېزلا بىر باھانە تېپىپ بەردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، خۇگ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. خۇگ دۆت ئىدى، دۆتلۈككە گەپ كەتمەيتتى. ئاشلىپي بولسا تىجارەتكە خام ئىدى. ئەمما، يەنە ئاشلىپىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىشلارغا تېز ئىنكاس قايتۇرالمايدىغانلىقىغا، قىلىۋاتقان سودىسىغا مۇۋاپىق باھا قويالمايدىغانلىقىغا ئىقرار ئىدى. ئۇنىڭ پولغا ياتقۇزىدىغان تاختاي بىلەن دېرىزە تەكچىلىرىگە ئىشلىتىدىغان تاختايلارنىڭ پەرقىنى ئايرىشنى تېز ئارىدا ئۆگىنىۋېلىشىدىنمۇ گۇمانلىناتتى. ئاشلىپي ئۆزى ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، باشقا يامان ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئويلاپ قالاتتى. ئەگەر سىكارلېت ئەپچىللىك بىلەن بەزى ئىشلارنى توغرىلىۋەتمىگەن بولسا، بىرنەچچە قېتىم ئۇنى قاتتىق زىيان تارتقۇزۇۋەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرەر ئادەم كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالسا ـــ ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس ـــ گەپ قىلمايلا ئۇلارغا ياغاچلارنى نېسىگە بېرىۋېتەتتى، ئۇ ئادەملەرنىڭ بانكىدا پۇلى بارمۇ، يوق، مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق، زادىلا

سۇرۇشتۇرمەيتتى، بۇ جەھەتتە فىرانك بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى.

ئەمما، سىكارلېت ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۆگىنىدۇ دەپ قارايتتى. ئۆگىنىش داۋامىدا سىكارلېت خۇددى مېھرىبان ئانىلاردەك ئۇنىڭ بەزى نامۇۋاپىق ئىشلىرىغا يول قوياتتى ۋە سەۋەنلىكىنى تۈزىتىۋېلىشىنى سەۋر قىلىپ ساقلايتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئۇ سىكارلېتنىڭ قېشىغا كېلىپ روھسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندە، سىكارلېت ئۇنىڭغا ھارماي مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى، غۇرۇرىغا تەگكۈزمەي تۇرۇپ ياردەم قىلاتتى. شۇنداق ئىلھام بېرىۋاتسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە دائىملا غەلىتە بىر خىل ئۆلۈكلۈك ھۆكۈم سۈرەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، ھەتتا بەزىدە قورقۇپمۇ قالاتتى. ئۇ ئۆزگىرىپتۇ. بۇرۇنقى چاغلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. يالغۇز پاراڭلىشىپ باقسام بۇنىڭ سىرىنى يەشكىلى بولارمىكىنتاك.

بۇنداق چاغلاردا ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمايتتى، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى. ئەنسىرىشى ئىككى جەھەتتىن ئىدى، بىرسى، ئۇنىڭ دائىم خاپا يۈرىدىغانلىقى بولسا، يەنە بىرسى مۇشۇنداق خاپا يۈرىۋەرسە ياخشى بىر ياغاچ سودىگىرى بولۇپ چىقىشىغا تەسىر يېتىپ قېلىشى ئىدى. خوگ بىلەن ئاشلېيدەك سودىغا زادىلا كاللىسى ئۆتمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ پەن زاۋۇتىنى باشقۇرۇشى ئادەمنى راستىلا رەللە قىلاتتى. ئەڭ جاپالىق بۇ بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن سىكارلېت نۇرغۇن كۈچىدى، ئەتراپلىق پىلانلارنى تۈزدى. ھازىر ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئەڭ ياخشى خېرىدارلارنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى قاتتىق ئازابقا سېلىپ قويۇۋاتاتتى. ئاھ، ھازىرلا ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. ئۆزى ئۇستىدە تۇرسا ئاشلېي چوقۇم بۇ ئىشلارنى ئۆگىنىۋالاتتى. يوھان گاللېگېر يەنە بىر زاۋۇتنى باشقۇرسا، ئۇ ئۆزى ئېلىپساتارلىقنى قىلسا، ئىشلار رېتىگە چۈشەتتى. خوگ ئەگەر يەنە ئىشلەيمەن دېسە، ئۇنىڭغا ھارۋا ھەيدىتىش كېرەك، ئۇ

شۇ ئىشقا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، گاللىگېر قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئەمما يەنە ناھايىتى ھىيلىگەر ئادەم، لېكىن ئۇنى ئىشلەتمىسە كىمنى ئىشلىتىدۇ؟ نېمىشقا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەم ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىغا ئىش ئىزدەپ كەلمەيدىغاندۇ؟ شۇ تۇرقىدا خۇگىنىڭ ئورنىغا ئاشۇنداق ئادەمدىن بىرسى بولغان بولسا ئۇنىڭغا بۇنچىلىك باش قاتۇرۇش كېتەمتى. لېكىن...

توممى ۋېلبورن بىلى زەخىملەنگەن ئادەم بولسىمۇ، ئەمما شەھەر بويىچە ئىش كۆتۈرۈۋالغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئىدى، ھەممە ئادەم ئۇنى پۇلنى خۇددى پۇل باسقاندەك كۆپ تاپىدۇ، دېيىشەتتى. مېرۋېتېر خانىم بىلەن رېتىمۇ شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىدە بولكىخانا ئېچىپ ئوبدان تاپاۋەت قىلىۋاتاتتى. رېتى فىرانسۇزلارغا خاس ھەقىقىي تىرىشچانلىق بىلەن بولكىخانىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. مېرۋېتېر بوۋايمۇ ئاشخانىدىن قۇتۇلۇپ ھارۋا بىلەن رېتى ئۈچۈن تورتلارنى توشۇپ بېرەتتى. سىممونىسنىڭ بىرنەچچە ئوغلىمۇ ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، خۇمدىنىدا ئىشچىلار ئۈچ ئىسمېنا بويىچە ئىشلەيتتى، كېلىس ۋېتتىنمۇ چاچ تۈزلەش ماشىنىسى بىلەن نۇرغۇن پۇل تاپتى، ئۇ نېگىرلارغا، ئەگەر چاچلىرىڭلار يەنە مۇشۇنداق بۇدۇر تۇرىۋېرىدىغان بولسا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى سىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ تۇرغاچقا، خېرىدارلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى.

سكارلېت تونۇيدىغان قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسى پۇل تېپىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى چۈشكۈنلۈكلەردىن ھازىر ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ھەممە ئادەم پۇل تېپىش بىلەن بولۇۋاتاتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا پۇل تېپىشىپ بېرىدىغانغا بىرمۇ ئادەم چىقمايۋاتاتتى، بىكار يۈرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى خۇگ بىلەن ئاشلىيىغا ئوخشاش ئادەملەر ئىدى.

پۇل تاپمىسا بولمىغان، بالا تۇغمىسا يەنە، قانداق قىلغۇلۇق.

«مەن ئەمدى ھەرگىز بالا تۇغمايمەن، — دېگەن ئىرادىگە كەلدى ئۇ، — يىلدا بىرنى تۇغىدىغان خوتۇنلاردىن بولمايمەن، بالا تۇغسا بىر يىلنىڭ يېرىمىدا ئۆيدىن چىقماي، زاۋۇتقىمۇ بارالماي ئولتۇرىدىغان گەپ ئىكەن. ئەمدى چۈشەندىم، زاۋۇتتا مەن بىر كۈن بولمىسام بولمايدىكەن. فىرانكقا بۇنىڭدىن كېيىن بالا تۇغمايدىغانلىقىمنى ئېنىق ئېيتىشىم كېرەك.»

فىرانك كۆپرەك بالا تېپىشنى ئويلايتتى، ئەمما سكارلېت خالىمايتتى. ئۇنىڭدا فىرانكقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالى بار ئىدى. ئۇ قەتئىي قارارغا كېلىپ بولدى: قورسىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بالىسى، بالىدىن زاۋۇت مۇھىم.

•

## قىرىق ئىككىنچى باب

سكارلېت قىز تۇغدى. قىزى بېشىدا بىر تالمۇ چېچى يوق، خۇددى مايمۇنغا ئوخشايدىغان سەت قىز ئىدى، فىرانكنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. يالغۇز فىرانكلا ئۇنى چىرايلىق سانايتتى ھەم قىزىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. قوشنىلار ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن كىچىك ۋاقتىدا سەت بالا چوڭ بولغاندا چىرايلىق بولىدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى. ئۇلار قىزىغا ئېللا لورېنا دەپ ئىسىم قويۇشتى. شۇ چاغدا ئوغۇل تاپقانلار ئىسمىنى روبېرت لي ياكى «تاش تام جىكسون» دەپ، نېگىرلار ئابراھام لىنكولىن ياكى «ئازاد» دەپ ئىسىم قويۇشنى ياخشى كۆرگەندەك، قىزلارغىمۇ بۇ ئىسىم كەڭ قويۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ قىز ھەپتىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلدى. ئۇ چاغلاردا ئاتلانتانى ئەنسىزلىك قاپلاپ كەتكەنىدى، ھەممىلا ئادەم باشلىرىغا چوڭ بىر بالا ـ قازا كېلىدىغاندەك قاتتىق ساراسىمىدە ئىدى. بۇنداق بولۇشى، بىر نېگىر ئاق تەنلىك بىر ئايالنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلىكىنى ماختىنىپ سۆزلەپ

www.uyghurkitap.com

يۈرۈپتىكەن، شۇئان قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. ئۇنى تېخى سوت قىلماي تۇرۇپلا 3K پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى تۈرمىگە يوشۇرۇنچە كىرىپ ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىسمى تېخى ئاشكارىلانمىغان ئۇ بىچارە ئايالنى ئاشكارا سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاكا ـ ئۇكىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە رازى ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ئۇلارنى نومۇسقا قويۇشىغا رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، شەھەر ئاھالىلىرى ئۇ نېگىرنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ياخشى ئىش بوپتۇ، ئەڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىمۇ شۇ ئىدى، دەپ ھېسابلاشتى. ئەمما، ھەربىي دائىرىلەرنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ نېمە ئۈچۈن سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەنىدى.

ئەسكەرلەر ھەممە يەردە ئادەم تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئاتلانتادىكى بارلىق ئاق تەنلىك ئەرلەرنى تۇتۇشقا توغرا كەلسىمۇ، 3K پارتىيەسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش قارارىغا كەلگەنىدى. نېگىرلار قاتتىق قورقتى، نارازى بولدى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋېتىمىز دەپ تەھدىت سېلىشتى. شەھەردە ھەرخىل گەپلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى، بەزىلەر، شىماللىقلار، بۇ ئىشقا چېتىشلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن، دېيىشسە، بەزىلەر، نېگىرلار ئاق تەنلىكلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدىكەن، دېيىشتى. ھەممە ئادەم ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقاپ ئولتۇرىدىغان بولدى، ئەرلەر ئىشقا كەتكەنلىرىدە خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ھىمايىسىز قېلىشىدىن قورقۇپ ھېچ يەرگە بېرىشمايتتى.

سىكارلېت تېنى ئاجىز بولغاچقا، كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتاتتى، ئاشلېينىڭ سەگەكلىك قىلىپ 3K پارتىيەسىگە قاتناشمىغانلىقىغا ئىچىدە خۇداغا مىڭ رەھمەت ئېيتاتتى. فىرانك بېشى چوڭ ھەم ئۇنداق روھ بولمىغاچقا قاتناشمىغانىدى.

بولمىسا شىماللىقلار بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆلارنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۆلارنى تۇتۇپ كېتىشتىن يانمايتتى، ئۇ چاغدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرەتتى. ھازىرمۇ يېتىپ ئېشىۋاتامدۇ؟ 3K پارتىيەسىدىكى كاللىسى يوق ئۇ ياشلار نېمىشقا جىم يۈرۈشمەيدىغاندۇ؟ نېمىشقا شىمالىقلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇ ئايال مۇنداق ھاقارەتكە ئۇچرىمىغاندۇ؟ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ ئاغزىغا كەلگەننى دېگەن بولسا، مانا ئەمدى ئۇنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپى ئۇچۇن نۇرغۇن ئادەملەر جېنىدىن ئايرىلىدىغان بولدى.

كەيپىيات بەكمۇ جىددىيلىشىپ، خۇددى كۆيۈۋاتقان پىلتە ئاستا بىر باغلام بومبىغا يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھالەت شەكىللىنىۋاتاتتى. مۇشۇنداق بىر جىددىيچىلىك ئىچىدە سىكارلېتنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرالايدىغان بولدى، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كارىۋاتتىن چۈشتى. يەنە تېخى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلارنى قولىغا ئالماقچىمۇ بولدى. ئاشلىي بىلەن خۇگ ئۆيدىكىلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتەلمەيۋاتقاچقا، زاۋۇتقا قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى.

لېكىن، ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى.

فىرانك ئۆزىنىڭ دادا بولغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى، شۇڭا سىكارلېتنىڭ سىرتقا چىقىشىنى قاتتىق چەكلىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي سىرتقا چىقىپ ئىشىنى قىلىۋەرسە بولاتتى، ئەمما فىرانك پەيتون بىلەن ئاتنى ئېغىلغا سولاپ قۇلۇپلىۋەتكەن، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىگە رۇخسەت يوقلۇقىنى ئۆيدىكى ھەممە ئادەمگە جاكارلىۋەتكەنىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، سىكارلېت تۇغۇتتا ياتقاندا، فىرانك بىلەن نېگىر ئانىسى ئۇنىڭ تىقىپ قويغان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ نامىدا بانكىغا ئامانەت قويۇۋېتكەنىدى، شۇڭا ھازىر سىكارلېتتا پەيتون كىرا

قىلغۇدەكمۇ پۇل يوق ئىدى.

سكارلېت باشتا فىرانك بىلەن نېگىر ئانىسىغا قاتتىق چىچىلدى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا بوشاپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى، ئەڭ ئاخىرىدا دېگىنىنى قىلالمىغان كىچىك بالىغا ئوخشاش يىېرىم كۈن يىغلىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئازابلىنىۋاتسا، ئۇنىڭغا پەقەت: «ۋاي ـ ۋۇي قوزام، نېمىشقا كىچىك بالىدەك قىلىق قىلىسىز!» ياكى «سكارلېت خانقىز، يەنە يىغلاۋەرسىڭىز، سۈتىڭىز ئاچچىق بولۇپ قېلىپ بالىڭىز ئەمگەندە ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ» دەپلا قويۇشتى.

سكارلېت ئاخىر ئاچچىقىغا چىدىماي مېلانىيەنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتتى، پىيادە مېڭىپ بولسىمۇ زاۋۇتقا بارىمەن، پۈتۈن ئاتلانتالىقلارغا يارىماس بىر ئەرگە تېگىپ قالغانلىقىمنى دەيمەن. تاپانچام بار، كىمكى ماڭا تەھدىت سالىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنى ئېتىپ تاشلايمەن، بۇرۇنمۇ ئاتقانغۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئادەم ئۆلتۈرىدىغاندەك ــ راستلا ــ يەنە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغاندەك ھالەت چىقىپ تۇراتتى.

مېلانىيە ئۆزىنىڭ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشقا قورقۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

ــ ۋاي قانداق قىلارمەن ! ھەرگىز ئۇنداق قاراملىق قىلماڭ، سىزگە بىر ئىش بولسا مەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن. سىز ھەرگىز...

ــ تالاغا چىقىمەن، چىقىمەن ! زاۋۇتقا پىيادە بارىمەن...

مېلانىيە ئۇنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىۋاتمايۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ۋە بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرۇۋاتقان ھالەت دادىسى گېلارد ئوخارانىڭ ئاشۇنداق چاغدىكى ھالىتىگە بەكمۇ ئوخشايتتى،

مېلانىيە ئۇ خىل روھىي ھالەتنى بەكمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ سكارلېتنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— ئەيىب مەندە، — دېدى ئۇ ئەستايىدىل سۆزلەپ، — مەن سىزگە ئوخشاش يۈرەكلىك بولۇپ ئاشلېينى زاۋۇتقا ئەۋەتسەم بوپتىكەن، مەن ئۇنى ئۆيدىن چىقارماپتىمەن. سۆيۈملۈكۈم، مەن گالۋاڭ! ئەمدى ئۇنى زاۋۇتقا قورقماي ئەۋەتىمەن. ئۆزۈم سىلەرنىڭ ئۆيگە چىقىپ تۇرسام بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئىشقا بارسۇن...

سكارلېت ئۇ چاغدا ئاشلېينى يالغۇز سىرتقا چىقىرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا دەررۇلا توۋلاپ كەتتى:

— ئۇنداق قىلسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ سىزدىن ئەنسىرەپ تۇرۇپ زاۋۇتقا بارسا ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. پىتتىپىر تاغامىمۇ مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالىمىدى. بوپتۇ، پىيادە بولسىمۇ ئۆزۈم بارىمەن، ئىشلەيدىغانغا بىرنەچچە نېگىرنى تاپقىلى بولار...

— ياق، ياق، ئۇنداق قىلسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. بىر ئىش چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئاڭلىسام، دېكاتور كوچىسىدا يامان نېگىرلار ناھايىتى كۆپ ئىمىش، سىز شۇ يەر بىلەن مېڭىشىڭىز كېرەك. مەن ئويلىنىپ باقاي... سۆيۈملۈكۈم، بۈگۈن ھېچ يەرگە بارمايدىغانلىقىڭىزغا ۋەدە بېرىڭ، مەن ئوبدانراق ئويلىنىپ باقاي، ئۆيىڭىزگە چىقىپ ئارام ئېلىڭ. چىرايىڭىز تازا ياخشى ئەمەس، ماقۇل دەڭ.

سكارلېت قاتتىق خاپا بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن بولغاچقىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئاستا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولماقچى بولۇشۇۋىدى، ھەممىسىنى سىلكىۋەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ناتونۇش بىر ئادەم مېلانىيەلەرنىڭ پاكار تېمىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ پىتتىي ھاممىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا كىردى. ئېنىقكى، ئۇ نېگىر ئانا بىلەن دىلسىي

ئېيتقان «ئىششىز ئاققۇن»لاردىن ئىدى. مىلانىيە بۇنداق ئادەملەرنى كوچىلاردا ئۇچرىتىپ قالسا ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ يەر ئاستى ئۆيىدە ياتقۇزۇپ قوياتتى.

مىلانىيەلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىدا يەنە ئۈچ ئېغىز يەر ئاستى ئۆيى بار ئىدى. ئىككىسىدە بۇرۇن خىزمەتكارلار ياتقان، بىرسىدە هاراق ساقلايتتى. هازىر ئۇنىڭ بىر ئېغىزىدا دىلىسبى تۇراتتى، ئىككى ئېغىزىدا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان جۇل - جۇل كىيىملىك بىچارە مۇساپىرلار يېتىپ قوپاتتى. ئۇلارنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى مىلانىيەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، مىلانىيەلا ئۇلارنى نەدە ئۇچراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ قونىدىغانلارنىڭ كۆپى جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرىكى جەڭچىلىرى بولۇپ، قوپال، ساۋاتسىز، ماكانسىز ئادەملەر ئىدى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ يوق، ھەممە يەردە سەرگەردان بولۇپ ئىش ئىزدەپ يۈرۈشەتتى، مىلانىيە بەرگەن ئاز - تولا تاماقنى يەپ، بىر كېچە ئۇخلىغاندىن كېيىن ئەتىسى كېتىپ قېلىشاتتى.

چىرايلىرى قارىداپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، ئۇششاق باللىرى بار يېزا ئاياللىرىمۇ كېلىپ قونۇپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۇرۇشتا يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئەرلىرىنى ئىزدەپ چىقىشقانىدى. بەزىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ چەت ئەللىكلەرمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلار ئىنگلىزچىنى بىلمەيتتى ياكى ئازراق بىلەتتى. باشقىلارنىڭ گەپلىرىگە ئالدىنىپ، جەنۇبتا ئاسان پۇل تاپقىلى بولارمىش دېگەن ئارزۇ بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشقانىدى. بىر قېتىم جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بىر ئادىمى كېلىپ بۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئۇ ئادەمنى ئېگىز ئانا، ئاشۇلارنىڭ ئادىمى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىنى خۇددى ئات يىلاننى يۇراپ بىلىۋالغاندەك پۇراپ بىلىۋالىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ گېپىگە

ئىشەنمەيتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېلانىيەنىڭمۇ بۇ مېھرىبانلىقلىرىنىڭ چېكى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى.

ئۇ ناتونۇش ئادەم ئارقا ھويلىغا كىرگەندە، سىكارلېت قوچىقىدا قىزى، كارىدوردا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپلا: «مېلانىيەنىڭ ئاقساق - چولاقلىرىنىڭ بىرسى بولسا كېرەك. راست دېگەندەك، ئۇ ئاقساق ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇ ئادەمنىڭ بىر پۇتى يالغان پۇت بولۇپ، خۇددى ۋىلغا ئوخشاش ماڭاتتى. ئېگىز، ئورۇق، چاچلىرى چۇشۇپ كەتكەن، ساقىلى قورسىقىغا چۇشۇپ تۇرىدىغان قېرى ئادەم ئىدى، چىرايىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، كۆرۈنۈشى ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك قىلىسىمۇ، قېرى ئادەمدەك ئەمەس، خېلىلا تىمەن كۆرۈنەتتى، تۇرقى سەت ئىدى، يالغان پۇتى بىلەن يولنى تېز ماڭاتتى.

ئۇ پەلەمپەيگە چىقىپ سىكارلېتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ تېخى گېپىنى قىلماي تۇرۇپلا سىكارلېت ئۇنىڭ دىمىقىدا تىلىنى قايرىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولدى. بۇنداق ئادەملەر تۈزلەڭ رايونلاردا ئاز، تاغلاردا كۆپ ئىدى. كىيىملىرى ئاۋارە، مەينەت بولسىمۇ، كۆپ سانلىق تاغلىقلارغا ئوخشاش بىر خىل سالماق ھەم كۆرەڭرەك، خەقلەرنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىشىگە يول قويمايدىغانراق مىجەزدىكى ئادەمدەك قىلاتتى. بۇرنى ئىنچىكە، ئېگىز، قاشلىرى قاپقارا، قولاقلىرىدىمۇ ياۋا مۇشۇكنىڭكىدەك قويۇق تۈكى بار ئىدى. بىر قېشىنىڭ ئاستى چوڭقۇر ئورەك ئىدى. شۇ تەرەپتىكى ساقىلىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن تاتۇق ئۇ كۆز بىلەن ماسلىشىپ غەلىتە بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانىدى. يەنە بىر كۆزى كىچىك، ئەمما قېتىپ قالغاندەك، بىر خىل رەھىمسىزلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بەلبېغىدا ئېغىر بىر تاپانچا قىستۇرۇقلۇق، يىرتىلىپ كەتكەن ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن ئۇزۇن بىر خەنجەرنىڭ دەستىسى چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇراتتى.

ئۇ سىكارلېتقا سوغۇقلا سالام بېرىپ، ئاغزىدىكى چايناۋاتقان تاماكا يوپۇرمىقىنىڭ شامىسىنى يەرگە تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، گەپكە ئېغىز ئاچتى. يەكچەشمە كۆزىدە بىر خىل مەنسىتمەسلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ خىل مەنسىتمەسلىك سىكارلېتقىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاياللارغا قارىتىلغاندەك قىلاتتى.

— ۋىلكىس خانىم مېنى سىزگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى، — دېدى ئۇ قىسقىغىنا قىلىپ. ئۇ گەپنى خۇددى گەپ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن ئادەمدەك ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ناھايىتى تەستە دەيتتى، — مېنىڭ ئىسمىم ئارچې.

— كەچۈرۈڭ، مەندە سىز قىلغۇدەك ئىش يوق، ئارچې ئەپەندى.

— ئارچې دېگەن مېنىڭ ئىسمىم بولىدۇ.

— كەچۈرۈڭ، ئەمىسە فامىلىڭىز نېمە؟

ئۇ يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— فامىلەم بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مېنى ئارچې دەپ ئاتاۋېرىڭ.

— مېنىڭمۇ فامىلىڭىزنىڭ نېمىلىكى بىلەن كارىم يوق، سوراپ باقتىم. مەندە سىز قىلغۇدەك ئىش يوق.

— مېنىڭچە بار. ۋىلكېس خانقىز سىزنىڭ ھەممە يەردە قاتراپ يۈرمەكچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى ئاڭلاپ ئەندىشىدە قاپتۇ، شۇڭا مېنى سىزنىڭ پەيتونىڭىزنى ھەيدەپ بېرىشكە ئەۋەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى سىكارلېت. بۇ ئادەمنىڭ قوپاللىقى، مېلانىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغانلىقى سىكارلېتنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى.

ئۇ ئادەمنىڭ دۈشمەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى سىكارلېتنىڭ كۆزلىرى بىلەن يەنە ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل دۈشمەنلىك بىر سىكارلېت ئۈچۈن ئەمەس ئىدى.

— ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئاياللىرىنى ئاسراشلىرى كېرەك، شۇڭا ئاياللارنىڭ ئاۋارىچىلىك تاپماي يۈرگىنى ياخشى. ئەگەر سىز سىرتقا چىقمىسام زادى بولمايتتى دېسىڭىز، مەن سىزنى ئاچچىقاي، مەن نېگىرلارغىمۇ، شىماللىق ئالۋاستىلارغىمۇ قاتتىق ئۆچ.

ئۇ ئاغزىدىكى تاماكا يوپۇرمىقىنى تىنماي چايناپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ غوجايىنىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى.

— مەن ئايال كىشىلەرگە پەيتون ھەيدەپ بېرىشنى زادى خالىمايتتىم، لېكىن ۋېلكىس خانقىز ماڭا ياخشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا سىزنىڭ پەيتونىڭىزنى ھەيدەپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

— بىراق... — سكارلېت ئامالسىز گەپكە ئېغىز ئاچتى ۋە بىردىنلا توختاپ قالدى. بۇ ئادەمنى بىردەم كۆز ئۆڭمىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى زادىلا ياقتۇرمىدى، ئەمما ئۇنى ئىشقا سالسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭغا پەيتون ھەيدىتىپ شەھەرگە كىرسە، زاۋۇتقا بارسا ياكى خېرىدارلىرىنى ئىزدىسە بولاتتى، ئۇنىڭ بىلەن بارسا ئۆيىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيتتى، شەھەردىكىلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن سۆز - چۆچەك قىلالمايتتى.

— بوپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ مەيلى، — دېدى ئۇ، — ئەمما بۇ ئىشتا مەن ئېرىمنىڭ مەسلىھەتىنى ئالمىسام بولمايدۇ.

فرانك ئارچى بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ تەستە قوشۇلدى، ئاندىن پەيتوننى بېرىش توغرۇلۇق پېتتېر تاغىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسلىدە ئۇ سكارلېتنى بالىنى دەپ بولسىمۇ نىيىتىدىن يېنىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمدى ئۈمىدىنى ئۈزدى، كۆڭلىمۇ يېرىم بولدى. لېكىن، يەنە سكارلېت زاۋۇتقا بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتقاندا، ئارچىنىڭ پەيدا بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ئوبدان بولدى، دەپمۇ ئويلىدى.

بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشقا دەسلەپتە پۈتۈن ئاتلانتا ھەيران قالدى. ئارچې بىلەن سىكارلېتنىڭ بىللە مېڭىشى پەقەتلا ماسلاشماي قالغانىدى. بىرسى بەتبەشىرە، مەينەت، ئاقساق بوۋاي، يەنە بىرسى ئايدەك چىرايلىق، پاكىز خانىم. ئىككىسى بىللە شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە باراتتى، بىر - بىرى بىلەن ئاز گەپ قىلىشاتتى، خۇددى بىر - بىرىنى ياراتمايدىغاندەك قىياپەتتە يۈرۈشەتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ مەقسىتى ئايرىم ئىدى. ئارچېغا پۇل لازىم ئىدى، سىكارلېتقا بولسا بىرسىنىڭ ھىمايىسى. شەھەردىكى ئاياللار بۇ ئەھۋالنى، ئۇنىڭ باتلېر دېگەن ئادەم بىلەن شەھەردە ئاشكارا مېڭىپ يۈرگىنىدىن مىڭ ياخشى، دېيىشەتتى. ئۇلار ھەم رېت باتلېرنىڭ ھازىر نەلەردە يۈرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچلىرى پۇشاتتى. ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكەنىدى، نەگە كەتكەنلىكىنى سىكارلېتمۇ بىلمەيتتى.

ئارچې ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز ئادەم ئىدى، بىرسى ئۇنىڭغا گەپ قىلمىغۇچە زۇۋان سۈرمەيتتى، گەپكە جاۋاب بەرسىمۇ ئېنىقسىزلا بىر نېمىلەرنى دەپ قوياتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مىلانىيەنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىپ پىتتىي ھامماننىڭ ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىدە تاماكىسىنى چايناپ سىكارلېتنى ساقلايتتى. سىكارلېت چىققاندىن كېيىن پىتتىپ تاغا پەيتوننى قوشۇپ تەييار قىلىپ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتى. پىتتىپ تاغا ئارچېدىن بەكمۇ قورقاتتى، نېگىر ئانىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن پۈتۈننىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆتەتتى. ئارچې نېگىرلارغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى، نېگىرلار بۇنى بىلەتتى ھەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تاپانچىسى بىلەن خەنجىرىدىن باشقا يەنە بىر تاپانچىسىمۇ بار بولدى. بۇنىڭ بىلەن يېقىن - يىراقتىكى نېگىرلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ تېخىمۇ نامى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا تاپانچىسىنى چىقىرىش ياكى قولىنى بېلىدىكى تاپانچىغا ئېلىپ بېرىش پەقەتلا ھاجەتسىز ئىدى، روھىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى تەسىرىنىڭ ئۆزىلا نىگىرلانىڭ يۇرىكىنى مىجىشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئارچې بار يەردە نىگىرلار ھەتتا كۇلۇشكىمۇ جۇرئەت قىلالمايتتى.

بىر قېتىم سىكارلېت قىزىقىپ، ئۇنىڭدىن نىگىرلارغا نېمە ئۇچۇن بۇنچىلىك ئۆچ ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. باشقا چاغلاردا ئۇنىڭدىن قانداقلىكى بىر ئىشنى سورىسا «بۇنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق» دەپ جاۋاب بېرەتتى، بۇ قېتىم رەسمىي جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇلارغا ئۆچ، بىز تاغلىقلار ھەممىمىز ئۆچ. ئۇلارنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيمىز. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى شۇلار كەلتۈرۈپ چىقاردى.

— بۇ ئۇرۇشقا سىزمۇ قاتنىشىپسىزغۇ؟

— ئۇ دېگەن ئەر كىشى ئاتالغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى، مەن يەنە شىماللىق ئالۋاستىلارغىمۇ ئۆچ، ئۇلارنى نىگىرلاردىنمۇ ئۆتە يامان كۆرىمەن، تولا گەپ قىلىدىغان خوتۇنلارغىمۇ شۇنداق.

ئارچېنىڭ قىلچە يۇز ـ خاتىر قىلماي دېگەن بۇ گېپى سىكارلېتنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈردى، ھەتتا ئاچچىقىدا ئۇنى ئىشتىن قوغلىۋەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ بارىمەن دېگەن يېرىگە ئېلىپ بارالايدىغان ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم بار؟ ئۇ ئەدەپسىز، مەينەت، بەدىنى پۇراپ تۇرسىمۇ سىكارلېتنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىۋاتاتتى، زاۋۇتقا دېسە، زاۋۇتقا، خېرىدارلارنىڭ ئۆيلىرىگە دېسە، ئۆيلىرىگە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. پەيتوندىن چۈشسە ئۇمۇ چۈشۈپ كەينىدىن قالماي ماڭاتتى. قوپال ئىشچىلار، نىگىرلار ياكى شىماللىق ھەربىيلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، سودا قىلغاندا، يېنىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەي تۇراتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئادەملەر سىكارلېت بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىسىگە ئادەتلىنىپ قېلىشتى، ئاياللار ئۇنىڭ ئەركىن

يۇرىدىغانلىقىغا ھەۋەسمۇ قىلىپ قالدى. 3K پارتىيەسىدىكىلەر ھېلىقى نېگىرنى ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئاياللار ئاساسەن ئۆيلىرىگە بەند قىلىنىپ كەتكەنىدى، بىر نەرسە سېتىۋالغىلى بازارغا بارسا، يەتتە ـ سەككىز ئادەم مۇھاپىزەت قىلىپ باراتتى. ئۇ ئاياللار بۇرۇندىن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ يۈرگەن بولغاچقا، ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىككەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۈزلىرىنى سېپىۋېتىپلا سىكارلېتنى ئىزدەپ كېلىشىپ، ئارچېنى ئۆزلىرىگىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىدىغان بولدى. سىكارلېتمۇ مەرد ئىدى، ئۆزىگە لازىم بولمىغان چاغلاردا ئارچېنى دوستلىرىغا بېرىپ تۇرىدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئارچې ناھايىتى تېزلا ئاتلانتادىكى ئاياللارنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلىكىنى قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئاياللار ئۇنى ئىشى يوق چاغدا تالىشىپ كېتەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ناشتىدىن كېيىنلا: «بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئارچېنىڭ ئىشى بولمىسا ماڭا بېرىپ تۇرسىڭىز، قەبرىستانلىققا بارماقچىدىم»، «بازارغا شىلەپە سېتىۋالغىلى باراتتىم»، «ئارچې نېللىي ھامامنى پەيتونغا سېلىپ شەھەرنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىققان بولسا» «بۈگۈن مەن پىتتىپىردىس كوچىسىغا بېرىپ كەلمەكچىدىم، لېكىن بوۋامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئارچې ئاپىرىپ كېلەلەرمۇ؟» دېگەن مەزمۇنلاردا باغاقچىلار كېلىشكە باشلايتتى.

ئارچې قىزلارغىمۇ، خېنىملارغىمۇ، تۇل خوتۇنلارغىمۇ پەيتون ھەيدەپ بېرەتتى ھەم ئۇلارغا مەنسىتمەي مۇئامىلە قىلاتتى. مېلانىيەدىن باشقا ھەممە ئاياللارغا خۇددى نېگىرلار بىلەن شىماللىقلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلىدە بولاتتى. خانىملار دەسلەپتە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەدەپسىزلىكىگە ھەيران قېلىشتى، كېيىن كۆنۈپمۇ قالدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئۇ كەم سۆز بولغاچقا، ئاغزىدىكى تاماكىسىنى تۈكۈرگەندىن باشقا چاغلاردا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۆزلىرىگە پەيتون ھەيدەپ بېرىۋاتقان ئاشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپمۇ قېلىشىدىغان بولدى. بىر قېتىم مېرۋېتېر خانىم ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەيتون ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئارچېنى ئۇنتۇپ قېلىپ، مادې خانىمغا جىيەن قىزىنىڭ تۇغۇتىدىكى بارلىق تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بۇ خىل ئەھۋال مۇشۇنداق ئالاھىدە بىر ۋەزىيەت ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى چاغلار بولغان بولسا، ئۇ ئاياللار ئۇنى ئاشخانىسىغىمۇ يولاتمىغان، قولىغا ئازراق يەيدىغان نەرسە تۇتقۇزۇپ ئارقا ئىشىكتىنلا يولغا سېلىۋەتكەن بولاتتى. ھازىر ئۇ بار يەردە ئۆزلىرىگە خەتەر كەلمەيدىغان بولغاچقا، ھەممىسىلا ئۇنى قارشى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قوپال، ساۋاتسىز ھەم مەينەت ئىدى، ئەمما ئاياللارنى قايتا قۇرۇش دەۋرىدىكى تۇرلۇك ۋەھىمىلەرنىڭ تەھدىتلىرىدىن ئامان ساقلايتتى، ئۇ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىمۇ كۈندۈزلىرى خاتىرجەم ئىشلىرىغا كېتىۋېرەتتى، كېچىلىرى ئىشلىرى چىقىپ قالسىمۇ خاتىرجەم بېرىۋېرەتتى.

ئارچې كەلگەندىن كېيىن فىرانكمۇ پات ـ پات كېچىلىرى، دۇكانىنىڭ ھېسابىنى قىلاتتىم، ھازىر سودا ياخشى، شۇڭا كۈندۈزدە ھېساب قىلىدىغانغا ۋاقىت يوق، دەپ چىقىپ كېتىدىغان، بەزىدە ئاغىنىلىرى ئاغرىپ قالسا خاتىرجەم يوقلاپ بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ يەنە بىر تەشكىلاتى پەيدا بولۇپ، ھەر چارشەنبە كۈنى كېچىدە باشقىدىن سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى مۇزاكىرە قىلىشاتتى. فىرانك ئۇ يىغىلىشتىن پەقەتلا قالمايتتى. سكارلېت ئۇلارنىڭ ئۇ يىغىلىشلىرىدا گېنېرال گوردوننىڭ تۆھپىسىنىڭ باشقا گېنېراللارنىڭكىدىن كۆپلۈكى، گېنېرال لېدىن قېلىشمايدىغانلىقى، ئۇرۇشنى قايتا قوزغاشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرۇلۇقلا گەپلەرنى قىلىشىدۇ، دەپ ئويلايتتى. سايلىنىش ھوقۇقىغا قايتا ئېرىشىش ئۈستىدە قىلىنغان

تىرىشچانلىقلار ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمىگەنىدى. فىرانك شۇنداق يىغىلىشلارغا قاتنىشىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئاشلىيمۇ بەزى چاغلاردا چىقىپ كېتىپ كېسەللەرنى يوقلاپ، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ يىغىلىشلىرىغا فىرانك بىلەن بىللە بېرىپ قاتنىشىپ كېلەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئارچې پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئايالارنى، بالىلارنى مىلانىيەلەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرەتتى، ئىككى ئائىلىدىكىلەر ئاشۇنداق كېچىلەرنى شۇ يەردە بىللە ئۆتكۈزۈشەتتى. ئايالالار يىغىنە ئىشلىرىنى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئارچې بولسا مېھمانخانىدىكى دىۋاندا خورەك تارتىپ ئۇخلايتتى. ئۇ دىۋان ئۆيدىكى جاھازلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلى بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىم ئۇ دىۋانغا تەكلىپ قىلمايتتى، تەكلىپ قىلمىسىمۇ ئۇ كېلىپلا شۇ يەردە ئايىغىنىمۇ سالماي، يۆلەنچۈك ياستۇقلارنى بېشىغا قويۇپ يېتىۋېرەتتى، ھەممەيلەننىڭ ئىچى ئېچىشاتتى، ئەمما ھېچقايسىسى ئۇنى، ئۇ يەردە ياتما، دېيەلمەيتتى. بىر قېتىم ئۇ، ھېلىمۇ ماڭا بۇ دىۋان بار ئىكەن، بولمىسا بۇ بىر توپ خوتۇننىڭ مېكىيانىدەك چۇۋۇلداشلىرىغا قانداق چىدايتتىم، سارالڭ بولۇپ قالاتتىم شۇ، دېگەنىدى. شۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىن تېخىمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدى.

بەزىدە سىكارلېت ئارچېنىڭ زادى نەلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى، مېلانىيەنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچى پۇشاتتى، ئەمما ئۆزىدىن سورىيالمايتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق يەكچەشمە چىرايىغا قارىسىلا دەيدىغان گېپىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىدىن شىمالدىكى بىر تاغدا ياشايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەسكەر بولغانلىقىنى، جەنۇبنىڭ ئارمىيەسى تەسلىم بولۇشنىڭ ئالدىدا بىر كۆزىدىن، بىر پۇتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئازراق بىلگەنمۇ بولدى. بىر كۈنى سىكارلېتنىڭ خوگغا قاتتىق چېچىلىشى ئارچېنىڭ ئۇنىڭغا پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىنى تولۇقى

بىلەن سۆزلەپ بېرىشىگە سەۋەب بولدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ بوۋاي سىكارلېتنى خۇگ باشقۇرۇۋاتقان پەن زاۋۇتىغا ئېلىپ باردى. سىكارلېت زاۋۇتتا تېخى ئىش باشلانمىغانلىقىنى، نېگىرلارنىڭ يوقلۇقىنى، خۇگنىڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە روھسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىشچىلار كەلمىگەندىكىن ئۇمۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سىكارلېتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ خۇگقا قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى. چۈنكى، سىكارلېت نۇرغۇن ياغاچقا زاكاز قوبۇل قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سودا ئاسان قولغا كەلمىگەن ھەم ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، لېكىن زاۋۇتتا ئادەم يوق ئىدى.

— مېنى يەنە بىر زاۋۇتقا ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ ئارچېغا بۇيرۇق قىلىپ، — ئۇزاق يول ماڭمىسىز، تاماقمۇ يېيەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، سىزنى مەن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغانغا ياللىۋالغان. ئۇ يەرگە بېرىپ ۋىلكېس ئەپەندىگە قولىدىكى ئىشنى قويۇپ تۇرۇپ بۇ ياغاچلارنى تەييارلاتمىساق بولمايدۇ. بەلكىم ئۇ يەردىمۇ تېخى ئىش باشلىمىغاندۇ. مەن خۇگدەك بۇنداق لامزەللە ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان. يوھان گاللېگېر ئۇ دۇكاننى ياساپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنى ھەيدىمىسەم بولمايدۇ. مەن ئېرىلاندىيەلىكلەرنىڭ ئىچىدىنىمۇ مۇشۇنداق ھۇرۇن ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. گاللېگېر شىماللىقلارنىڭ قوشۇنىدا ئىشلىگەن، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. ئەمدى مەن ھۆر نېگىرلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەيمەن. ئۇلار ئىشەنچسىز، گاللېگېرنى چاقىرىپ كېلىپ بىرنەچچە مەھبۇسنى قولىغا تۇتقۇزىمەن. ئۇ ئۇلارنى ئىشلىتىدۇ. ئۇ...

ئارچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قايرىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى، كۆزلىرىدە بىر خىل نەپرەت قايناپ تۇراتتى.

— سىز مەھبۇسلارنى ياللاپ كەلگەن كۈنى مەن بۇ يەردىن

كېتىمەن، — دېدى ئۇ غەزىپىنى باسالماي.

— ۋۇي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران قالدى.

— مەن مەھبۇسلارنى ياللاشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئۇ مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن باراۋەر ئىش، ئادەم سېتىش... ئات ـ ئېشەك سېتىش بىلەن باراۋەر. مەھبۇسلارنىڭ كۆنى ئات ـ ئېشەكلەرنىڭكىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلار تاياق يەيدۇ، ئاچ قالىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ سورىقىنى كىم قىلىدۇ؟ ھۆكۈمەتنىڭ كارى يوق، چۈنكى ئۇلار پۇلنى ئېلىپ بولۇشقان. مەھبۇسلارنى ياللىۋالغان ئادەمنىڭمۇ ئۇلار بىلەن كارى يوق، ئازراقلا پۇل خەجلەپ قورسىقىنى باقسا بولدى، قورسىقىنى باققانلىقى ئۇچۇن ئۆلگۈدەك ئىشلىتىدۇ. مەن بۇرۇنمۇ ئايالالارنى كۆزگە ئىلمايتتىم، ئەمدى، خانىم، تېخىمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدۇم.

— ئۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— بار! — ئۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئۇ يەنە شۇنداق دېدى، — مەن قىرىق يىلغا يېقىن مەھبۇس بولغان.

سىكارلېت بىردىنلا شۈركۈنۈپ ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ قالدى. ئەسلىدە ئارچېنىڭ سىرى بۇ يەردە ئىكەن ـ دە. فامىلىسىنى، تۇغۇلغان يېرىنى، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى دەپ بەرمەسلىكى، تۇتۇلۇپ سۆزلەشلىرى، دۇنياغا نەپرەت بىلەن قاراشلىرى، ئۆچمەنلىك قىلىشلىرى شۇنىڭدىن ئوخشايدۇ. قىرىق يىل! ئۇ چوقۇم مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم...

— قاتىللىق جىنايىتىڭىز ئۇچۇنمۇ؟

— شۇنداق، — ئۇ بوجىنى سىلكىپ قويۇپ تۇزلا جاۋاب بەردى، — خوتۇنۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

سىكارلېت قورقۇپ كېتىپ چەكچىيىپلا قالدى.

سىكارلېتنىڭ بۇ ھالىتىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ساقىلى ئاستىدىكى كالپۇكلىرى مىدىرلاپ كەتتى.

— سىز شۇ تۇرقىدا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن، دەپ قورقۇپ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىسىز، خانىم. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەرگىز سىزنى ئۆلتۈرمەيمەن، بىگۇناھ بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈشكە ھېچقانداق ئاساسىم يوق.

— خوتۇنىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەنسىزغۇ؟

— ئۇ مېنىڭ ئىنىم بىلەن قالايمىقان مۇناسىۋەتتە بولغان، ئىنىم قېچىپ كەتتى، مەن خوتۇنۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. بۇزۇق خوتۇنلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. قانۇنمۇ شۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى سولاپ قويمايدۇ، ئەمما مېنى ئۇلار سولاپ قويۇشتى.

— بىراق، سىز تۈرمىدىن قانداق چىقتىڭىز؟ قېچىپمۇ ياكى كەچۈرۈم بىلەنمۇ؟

— كەچۈرۈم بىلەن دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ خۇددى توختىماي گەپ قىلىش ئېغىر كېلىۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — 1864 - يىلى شېرمان بۇ يەرلەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە مەن مىلېد گېۋىل تۈرمىسىدە ئىدىم، ئۇ يەردە قىرىق يىل ياتتىم. تۈرمە باشلىقى بىزنى يىغىپ، شىماللىق ئالۋاستىلار كەلدى، ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئوت قويىدۇ، دېدى. شۇڭا، مەن نېگىرلار بىلەن ئاياللارنى ئۇچ كۆرگەندىن باشقا، شىماللىقلارنىمۇ ئۇچ كۆرىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟ سىز بۇرۇن... شىماللىقلاردىن بىر نەچچىسى بىلەن تونۇشىدىغانسىز؟

— ياق، خانىم. ئۇلار توغرۇلۇق باشقىلاردىن ئاڭلىغان. ئاڭلىسام، ئۇلار ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا كۆپ ئارىلىشىۋالىدىكەن. مەن ئاشۇنداق ئادەملەرگە ئەڭ ئۇچ. ئۇلار جورجىيەدە نېمىلەرنى قىلمىدى؟ قۇللارنى قويۇۋەتتى، ئۆيلىرىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇلاغلىرىمىزنى بۇلىدى، ئۆلتۈردى، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ تۈرمە باشلىقى بىزگە، ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىددىي ئەسكەر ئېلىنىۋاتىدۇ، قايسىڭلار ئارمىيەگە قاتناشساڭلار، ئۇرۇشتىن كېيىن سىلەرنى قويۇپ بېرىمىز... ھايات قالساڭلارلا، دېدى. ئەمما، ئۇ يەنە ماڭا ئوخشاش مۇددەتسىز قامالغانلارنى، قاتىللارنى ئارمىيەنىڭ لازىم قىلمايدىغانلىقىنى، بىزنى باشقا تۈرمىگە ئاپىرىۋېتىدىغانلىقىنى دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ باشقا مۇددەتسىز قامالغانلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىمنى، خوتۇنۇمنى ئۆلتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن تۈرمىگە كىرگەنلىكىمنى، خوتۇنۇمنىڭ ئۆلۈمگە لايىق خوتۇن ئىكەنلىكىنى، شىماللىقلار بىلەن سوقۇشۇشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ئادەم گېپىمنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، مېنى باشقا مەھبۇسلارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ تۈرمىدىن چىقىرىۋەتتى.

ئۇ ھاسىراپ كېتىپ بىردەم تۇرۇۋالدى.

— بۇمۇ قىزىقلا بىر ئىش بولدى. ئۇلار مېنى ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن سولاپ قويۇشقانىدى، كېيىن قولۇمغا قورال بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئۆلتۈر، دەپ تۈرمىدىن قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشتىم، قولۇمغا قورالمۇ ئالدىم، بۇ بىر قىزىقلا ئىش بولدى. بىز تۈرمىدىن چىققانلار ئاجايىپ ياخشى سوقۇشتۇق، نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈردۇق، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ خېلى كۆپ ئۆلدى، بىرمۇ ئادەمنىڭ جەڭدىن قاچقانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق. تەسلىم بولغاندىن كېيىن ھەممىمىزنى قويۇۋېتىشتى. مەن بىر پۇتۇمدىن، بىر قولۇمدىن ئايرىلدىم، ئەمما ئۇنىڭغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى سكارلېت جانسىز ھالدا.

سكارلېت بىر ئىشلارنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ شېرماننىڭ قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىنى توسۇش ئۈچۈن مىلىيد گېۋىل تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلارنى قويۇپ بەرگەن بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانىدى. 1864 ـ يىلى مىلاد بايرىمىدا خىرانىك مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغان. ئۇ نېمە دېگەن بولغىيدى؟ شۇ چاغدىكى ئىشلار

ئۇنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ. ئۇ ھازىر شۇ چاغدا يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق بەزى ياۋۇزلۇقلارنى يەنە كۆرۈۋاتقاندەك، قورشاۋدا قالغاندا ئېتىلغان زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، جەڭدىكى ھارۋىلارنى كۆرۈۋاتقاندەك، ھارۋىلاردىكى جەسەتلەردىن قىزىل توپىلىق يولغا تېمىۋاتقان قانلارنىڭ ھىدىنى يەنە پۇراۋاتقاندەك، يېزا پىدائىيلىرىنىڭ سەپ تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ سەپنىڭ ئىچىدە ياشلارمۇ، بالىلارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، بالىلاردىن پىل ماردي، قېرىلاردىن ھېنرى تاغا، مىرۋېتېر بوۋايلار. مەھبۇسلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنمۇ يولغا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىتتىپاقنىڭ مەھشەر كۈنلىرى جەڭلەردە ئۆلۈپ كەتتى، بەزىلىرى تېنىپىستىكى ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە قار - مۇزلارنىڭ ئىچىدە توڭلاپ ئۆلدى.

سىكارلېت بۇ بوۋاينىڭ شۇنچىلىك ئەخمەقلىكىگە ھەيران قالدى، ھۆكۈمەت ئۇنى قىرىق يىل سولاپ قويسا، ئۇ يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشقان، جورجىيە ئىشتاتى ئۇنى جىنايەت بولۇپ شەكىللەنمەيدىغان بىر ئىش بىلەن ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرلىرىنى نابۇت قىلسا، ئۇ يەنە جورجىيە ئىشتاتى ئۈچۈن بىر پۇتى بىلەن بىر كۆزىنى قۇربان بەرگەن. بۇ ئىش سىكارلېتنىڭ ئېسىگە رېت باتلېرنىڭ ئۇرۇشنىڭ بېشىدا قىلغان بىر گېپىنى ئەسلەتتى. رېت باتلېر، جەمئىيەت مېنى ئۆز قوينىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى، شۇڭا مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئۈچۈن جەڭگە قاتناشمايمەن، دېگەنىدى. لېكىن، ئەڭ جىددىي پەيتلەردە ئۇ يەنىلا ئاشۇ جەمئىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلدى. دېمەك، بۇ بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئىدى. سىكارلېتنىڭ قارىشىچە، بارلىق جەنۇبلۇقلار مەيلى يۇقىرى، مەيلى تۆۋەن تەبىقىدىن بولسۇن، ھەممىسى ھېسسىياتلىرىنىڭ كەينىگە كىرىدىغان ئەخمەقلەر ئىدى، قىلچە قىممىتى يوق نۇتۇقلارغا جىددىي قارايتتى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ تېنىگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

سىكارلېت ئارچىبىنىڭ بوغۇملىرى يوغىناپ كەتكەن قوللىرىغا، ئىككى تاپانچىسى بىلەن خەنجىرىگە قاراپ، يەنە بىردىنلا قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ئارچىبىغا ئوخشاش مەھبۇسلار، ئىتتىپاقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەن قاتىللار، مۇتتەھەملەر، ئوغرىلار يەنە بارمىدۇ؟ راست، كوچىلاردا يۈرگەن ھەر بىر ناتونۇش ئادەم قاتىل بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر فىرانك ئارچىبىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىدىغان بولسا چاتاق چىقمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، پىتتىي ھامما بىلىپ قالسا چوقۇم ھوشىدىن كېتىدۇ. مېلانىيەچۇ... سىكارلېتنىڭ ئارچىبىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگۈسى كەلدى. سۆزلەپ بېرىش ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا بولۇپمۇ قالار. مەيلى، كىم ئۇنى قاملاشمىغان ئادەملەرنى يىغىۋالسۇن، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تونۇشتۇرسۇن دەپتۇ.

— مەن... مەن سىزنىڭ بۇ ئەھۋاللارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىڭىزدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم، ئارچى. مەن... مەن بۇ گەپلەرنى باشقىلارغا دېمەيمەن. ۋىلكېس خانىم بىلەن باشقا خانىملار ئاڭلىسا چوقۇم ھەيران قېلىشىدۇ.

— ۋىلكېس خانىمنىڭ خەۋىرى بار، بۇ يەرگە كەلگەن كۈنۈم كەچتىلا ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋاللىرىمنى سۆزلەپ بەرگەن. مېنى سىز، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمەيلا بۇ يەرگە كىرىۋاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— خۇدا بىزنى پاناھىدا ساقلىسۇن، — دېدى سىكارلېت ئىنتايىن ھەيران قىلىپ.

مېلانىيە بۇ ئادەمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قوغلاپ چىقىرىۋەتمەي، ئەكسىچە ئوغلىنى، ئۆزىنىڭ ھاممىسىنى، يەڭگىسىنى، دوستلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىنى نېمىسى؟ ئۆزى شۇنچىلىك قورقۇنچاق تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قورقماي ئۆيدە يالغۇزمۇ قالىدۇ تېخى.

— ۋىلكېس خانىم خېلى كاللىسى بار ئايال ئىكەن. ئۇ،

ئالدامچى هامان ئادەم ئالداپ ئۆتىدۇ، ئوغرى هامان ئوغرىلىق قىلىدۇ، ئەمما قاتىللار ئۇلاردەك ئەمەس، بىر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويسا، كېيىن مەڭگۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، دەپ قارايدىكەن، شۇڭا ماڭا ئىشەندى. ئۇ يەنە بۇرۇن جەنۇب ئىتتىپاقى ئۇچۇن جەڭ قىلغانلارنى ئىلگىرى يامان ئىش قىلغان بولسىمۇ ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىش كېرەك، دەپمۇ هېسابلايدىكەن. مەنمۇ يامان خوتۇنۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمنى ئەسكى ئىش قىلغانلىق دەپ قارىماي كېلىۋاتاتتىم... ۋىلكېس خانىم ھەقىقەتەن كاللىسى ئىشلەيدىغان ئايال... سىزگە يەنە دەپ قوياي، سىز قايسى كۈنى مەھبۇسلارنى ياللاپ ئىشلىتىشكە ئېلىپ كەلسىڭىز، مەن شۇ كۈنى بۇ يەردىن كېتىمەن.

سكارلېت ئۇنىڭغا دەررۇ جاۋاب بەرمىدى، ئەمما ئىچىدە: سەن شۇمپەن قانچە بالدۇر كەتسەڭ، مەن ئۇچۇن شۇنچە ياخشى، دەپ ئويلىدى.

مېلانىيە نېمىشقا بۇنداق... بۇنداق... ئۇ بۇ مۇتتەھەمنى يېنىدا تۇتماسلىقى، دوستلارغىمۇ ئۇنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى دېمەسلىكى كېرەك ئىدى. بۇ گەپچە، ئەسكەرلىكتە تۇرسىلا قىلغان جىنايەتلەر يۇيۇلۇپ كېتىدىكەن - دە مېلانىيە ئەسكەرلىكتە تۇرۇش بىلەن چوقۇندۇرۇشنى بىر ئىش دەپ قالغان ئوخشايدۇ. ھەي، مېلانىيەمۇزە، تازىمۇ گالۋاڭ - دە. جەنۇب ئىتتىپاقى، كونا ئەسكەر ۋە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان ئوخشايدۇ. سكارلېت ئىچىدە، بىزگە قارشىلىق قىلىدىغان يەنە بىر ئىش چىقىپتۇ - دە، دەپ شىماللىقلارنى تىللاپ قويدى. ئاشۇلار بولمىغان بولسا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرەمتى؟ ئاخىر بېرىپ ئايال كىشىنى بىر قاتىل مۇھاپىزەت قىلىپ يۈرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق.

ئارچى كەچنىڭ سوغۇق ھاۋاسىدا سكارلېتنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. دەۋر قىزلىرى قاۋاقخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە

www.uyghurkitap.com

بىر توپ ئادەم، ئات ـ ھارۋىلارنىڭ تۆرغانلىقىنى كۆردى. ئاشلىپي بىر ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، چىرايىدا بىر خىل جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ئاكا ـ ئۇكا سىممونس قاتارلىق بىرنەچچىسى ھارۋىدا تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ قوللىرىنى شىلتىپ كېتىشىۋاتاتتى. خۇگ ئېلىسىننىڭ چاچلىرى ئالدىغا چۇشۇۋېلىپ كۆزلىرىنى ئېتىۋاپتۇ، ئۇمۇ قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ كېتىۋاتىدۇ، مېرۋېتېر بوۋاينىڭ بولكا توشۇيدىغان ھاۋىسىمۇ بار. سكارلېت ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ تومىي ۋېلبورن بىلەن ھېنرى خامىلتون تاغىنىڭ مېرۋېتېر بوۋاينىڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

سكارلېت ئىچىدە: ھېنرى تاغام ئۆيگە بۇ ھارۋىدا قايتمىسا بولاتتى، خەقلەر كۆرسىمۇ سەت، ئۇنىڭ مىنىدىغان ئېتى يوقمۇ ئەمەس. ھەر كۈنى مېرۋېتېر بوۋاي بىلەن قاۋاقخانىغا ھاراق ئىچكىلى بارىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇلارغا يېقىن بارغاندا بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى، بەكمۇ ئەندىكىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ئىچىگە ئازراق قورقۇنچ چۈشۈپ قالدى.

ۋاي خۇدايىم، ــ ئويلىدى ئۇ، ــ يەنە بىرەر ئاق تەنلىك ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغان ئىش يۈز بەرگەنمۇ نېمە؟ 3K پارتىيەسىدىكىلەر نېگىرلاردىن يەنە بىرنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا، شىماللىقلار بىزنى بىر نىمىزنى قويماي قىرىپ تاشلايدۇ.

ــ پەيتوننى مۇشۇ يەردە توختىتىڭ، بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى ئۇ ئارچىغا.

ــ قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدا توختاتسام بولماس، ــ دېدى ئارچي.

ــ گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ توختاڭ ! كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن، ئاشلىپي، ھېنرى تاغا، بىر ئىش بولدىمۇ؟ ھەممىڭلار نېمانچە...

كۆپچىلىك بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ باشلىرىدىن شىلەپىلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت

بىلدۈرۈشتى، كۆزلىرىدە بىر خىل خۇشاللىق ئويناپ تۇراتتى.

— ھەم ياخشى ئىش، ھەم يامان ئىش، — دېدى ھېنرى تاغا ئۈنلۈك ئاۋازدا، — گەپ سىزنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارىشىڭىزدا. مېنىڭچە، ئىشتات پارلامېنتى مۇشۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

سىكارلېت ئىشتات پارلامېنتىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يېنىك بىر تىنىۋالدى. ئۇ ئىشتات پارلامېنتىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلار قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇ بايا شىماللىقلارنىڭ ئەسكەرلىرى يەنە كېلىپ قالايمىقانچىلىق قىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىغاچقا قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىدى.

— ئىشتات پارلامېنتى نېمە بوپتۇ؟

— ئۇلار تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى تەستىقلاشنى رەت قىپتۇ، — دېدى مېرۋېتېر بوۋاي، ئاۋازىدا بىر خىل مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى، — ئۇ شىماللىقلار بىزنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئەمدى كۆرسۇن.

— ئۇ خەق ئانىمىزنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىدىغان ئوخشايدۇ، سىكارلېت. قوپال گەپ قىلىپ قويدۇم، كەچۈرۈڭ، — دېدى ئاشلېي.

— ھە، تۈزىتىش لايىھەسىنىڭ ئىشمۇ؟ — سىكارلېت خۇددى ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغاندەك سوراپ قويدى.

سىكارلېت سىياسەت توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيتتى، ئۇ ئىشلارنى ئويلاشقىمۇ ۋاقتى يوق ئىدى. ئۆتكەن قېتىم 13 ـ ماددىنىڭ تۈزىتىش لايىھەسىنى تەستىقلىغان، 16 ـ ماددىنىڭمۇ يا؟ «تەستىقلاش» دېگىنى نېمىسىدۇ؟ بۇنى ئۇ زادىلا چۈشەنمەيتتى. ئەرلەر مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئاجايىپ كۆرەڭلەپ كېتىشىدىكەن. ئاشلېي ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەيران قىلىۋاتقاندەك ئىپادىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدى.

— قارا تەنلىكلەرنىڭ سايلامغا قاتنىشىشلىرى توغرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈزىتىش لايىھەسى، — دېدى ئاشلېي چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ لايىھەنى ئىشتات پارلامېنتىغا تاپشۇرغان، ئۇلار تەستىقلاشنى رەت قىلدى.

— ئۇلار نېمىدېگەن گالۋاڭ. شىماللىقلار ئاخىر بىزنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرىدۇ.

— بابا مېنىڭ ئانىمىزنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىدىغان ئوخشايدۇ، دېگىنىم مۇشۇ ئىش ئىدى، — دېدى ئاشلېي.

— مەن ئىشتات پارلامېنتى بىلەن پەخىرلىنىمەن. ئۇلارنىڭ شىر يۈرەكلىكى ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن، — دېدى ھېنرى تاغا ۋارقىراپ تۇرۇپ، — بىزلا چىڭ تۇرىدىغان بولساق، شىماللىقلار بىزگە مەجبۇرىي تاڭالمايدۇ.

— ئۇلار چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ ھەم قىلالايدۇ، — ئاشلېينىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدە غەمكىنلىك بار ئىدى، — شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز تەس بولىدۇ.

— ياق، ئاشلېي، ئۇنداق بولمايدۇ. كۈنلىرىمىز ھەرقانچە تەسلىشىپ كەتسىمۇ ھازىرقىدەك بولۇپ كەتمەس.

— بولىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ يامان كۈنگە قالامدۇق تېخى. ئەگەر بىزدە قارا تەنلىكلەر ئىشتات پارلامېنتىدىن بىرسى پەيدا بولسا قانداق قىلىمىز؟ بىرەر قارا تەنلىك ئىشتات باشلىقى بولۇپ قالسىچۇ؟ ناۋادا ھەربىي بەلگىلىمىلەر ھازىرقىدىنمۇ يامان تۈزۈلۈپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

سكارلېت بارغانسېرى ئىشنىڭ تەكتىگە چۈشىنىپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى، كۆزلىرى قورقۇنچلۇقتا پىيالىدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— قانداق قىلساق جورجىيە ئۈچۈن، بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىش بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم، — دېدى ئاشلېي قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، جىددىي ھالەتتە، — بىز ئىشتات پارلامېنتىغا ئوخشاش دەل تاقابىل تۇرۇپ، شىماللىقلارنى

ئەسكەر تارتىپ كېلىشكە، ئاندىن قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، نېگىرلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى بىزگە مەجبۇرىي تېڭىشىغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، بۇ ئىشنى چىرايلىق بولدى قىلىمىزمۇ؟ قايسىلا چارىنى قوللىنايلى، ھەممىسى ئوخشاش، بىزنىڭ قىلچە ئامالىمىز يوق، ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي بولمايدۇ. شۇڭا، ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلغىنىمىز ياخشىمىكىن.

سكارلېت ئۇنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ تۇرغىنى بىلەن تېگىگە تولۇق يېتەلمىدى. ئۇ ئاشلېينىڭ مەسىلىگە ئىككى تەرەپتىن قارايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۆزى بولسا پەقەت بىر تەرىپىنىلا، يەنى شىماللىقلارنىڭ كاچىتىغا ئۇرسا ئۆزىگە قانداق تەسىرى بولىدىغانلىقىنىلا ئويلايتتى.

— ئەمىسە بىز رادىكاللارغا ئايلىنىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۈچۈن بېلەت تاشلايمىزمۇ، ئاشلېي؟ — دېدى مېرۋېتېر بوۋاي قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي مەسخىرە تەلەپپۇزىدا.

بىردىنلا ھەممە ئادەم جىمىپ كەتتى، كەيپىيات جىددىي ئىدى. سكارلېت ئارچېينىڭ تاپانچىسىغا قولىنى سوزۇپ يەنە توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئارچې مېرۋېتېر بوۋاينى قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان قېرى دەپ بىلەتتى، مېلانىيە خانقىزنىڭ ئېرى ئەخمىقانە گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئارچېينىڭ نەزىرىدە ئۇ بوۋاي ئۇنى ئۇنداق مەسخىرە قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئاشلېينىڭ كۆزلىرىدە غەمكىنلىك بىردىنلا يوقىلىپ غەزەپ ئوتى چاقناپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلاي دەپ تۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا ھېنرى تاغا مېرۋېتېر بوۋايغا ئوت ئاچتى:

— سەن... ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل... كەچۈرۈڭ سكارلېت... ھەي بوۋاي، مېڭەڭ ئىلىشىپ قاپتۇ سېنىڭ، ئاشلېيغا نېمىشقا ئۇنداق گەپ قىلىسەن؟

— ئاشلېي ئۆزىنى ئۆزى ھىمايە قىلالايدۇ، سېنىڭ ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاقلاپ گەپ قىلىشىڭ ھاجەتسىز، — دېدى بوۋاي سوغۇق تەلەپپۇزدا، — خۇددى شىماللىقلارغا ئوتتۇپ كەتكەن جەنۇبلۇقلاردەك گەپ قىلىۋاتىدۇغۇ بۇ. ئۇلارغا تىز پۈكمىزمۇ؟ ئىشنى قىلىشسۇن، ئۇ بىر نېمىلەر! كەچۈرۈڭ، سىكارلېت.

— مەن قوشما ئىشتاتتىن چىقىپ كەتكەنگە مەسىلىنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنىدىم، — دېدى ئاشلېي. ئاچچىقى كېلىپ تۇرۇۋاتقاچقا ئاۋازى سەل تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — ئەمما، جورجىيە چېكىنىپ چىققاندا مەن قوللىدىم، ئۇرۇشنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيتتىم، شۇنداق تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتىم. ھازىرمۇ مەن شىماللىقلارنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىشنىڭ بىزگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. لېكىن، پارلامېنت شۇنداق قىلىشنى قارار قىلغانىكەن، ئۇنى قوللاشنى خالايمەن. مەن...

— ئارچى، — دېدى ھېنرى تاغا تۇيۇقسىزلا، — سىكارلېت خانقىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىن، بۇ ئۇ تۇرىدىغان جاي ئەمەس، سىياسەتكە ئاياللار ئارىلاشسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەل تۇرۇپ بۇ ئادەملەر بىر - بىرىنى سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ كېتىشلىرىمۇ مۇمكىن. ماڭ، ئارچى، خەيرلىك كەچ، سىكارلېت.

ئۇلار پېشايۋان بويىغا كوچىسى بىلەن ئۆيىگە قايتتى. سىكارلېتنىڭ قورقۇپ تېخىچىلا يۈرىكى سېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئىشتات پارلامېنتى ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشنى قىلسا سىكارلېتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىرى بولارمۇ؟ شىماللىقلار ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى پەن زاۋۇتىنى تارتىۋالارمۇ؟

— ھە، ئەپەندى، — ئارچى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ قويۇۋاتاتتى، — بۇرۇن خەقلەردىن، توشقان ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەن ئوۋ ئىتىغا تۈكۈرۈپ قويىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇنىڭ راستلىقىنى ھازىر كۆردۈم. ئىشتات پارلامېنتىدىكىلەر ئۆزلىرىگىمۇ، بىزگىمۇ پايدىلىق ئىش بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن «ياشىسۇن جېف داۋس! ياشىسۇن جەنۇب ئىتتىپاقى!»

دەپ تۇۋلاتمايدۇ؟ شىماللىقلار ھازىر بىزنى باشقۇرۇشقا نېگىرلارنى قويۇش قارارىغا كېلىپ بولدى. لېكىن، يەنە ئىشتات پارلامېنتىدىكىلەرگە قايىل بولۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ روھى قەدىرلەشكە تېگىشلىك.

— ئۇلارغا مەن قايىل بولۇشۇم كېرەكمۇ؟ ياق. ئۇلارنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك. ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولسا، شىماللىقلار بىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بىزنى ئۆردەك قۇرت يېگەندەك يەپ تۈگىتىدۇ. ئۇلار نېمىشقا تەس... تەستىق... نېمە دەيتتى ئۇنى؟ ئۇلارغا قىلدۇرماقچى بولغان ھېلىقى ئىشنىچۇ؟... ئۇلار نېمىشقا شىماللىقلارنى ئارامىدا قويماي يەنە ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىدۇ؟ ئۇلار بىزنى تىز پۈكتۈرمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرلا تىز پۈككىنىمىز ياخشى، كېيىنىنى ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟

ئارچى سكارلېتقا ئالىيىپ قويدى.

— ھېچ ئىش قىلمايلا تىز پۈكۈش كېرەكمۇ؟ ئايال كىشىمۇ ئۆچكىگە ئوخشايدۇ، قىلچە غۇرۇرى يوق.

سكارلېت ئۇن مەھبۇسنى ياللىۋېلىپ، ئىككى زاۋۇتقا بەشتىن ئورۇنلاشتۇردى. ئارچى دېگىنىنى قىلىپ ئۇنىڭ ئىشىنى قىلمايدىغان بولدى. مېلانىيە گەپ قىلىسىمۇ، فىرانك مائاشىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشكە ۋەدە بەرسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئۇ مېلانىيە، پىتتىي ھاماما، ئىندىيالارنى، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى شەھەرگە مۇھاپىزەت قىلىپ باراتتى، بىرلا سكارلېتقا ئۇنىمايتتى. سكارلېت باشقىلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ پەيتونىغا ئولتۇرۇۋالسىمۇ ماڭمايتتى. ئوتتۇرىدا شۇ ئىش تۈپەيلى كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ بولدى، سكارلېتقا ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن دوستلىرىمۇ بۇ بوۋاينىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلۇشقانىدى.

فىرانك سكارلېتقا ئۇ ئىشنى قىلماسلىقنى ئېيتقان، ئاشلىيىمۇ چىڭ تۇرغانىدى، كېيىن سكارلېت يىغلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋالغاچقا، ئىرادىسىگە قارشى ھالدا قوشۇلۇشقانىدى، سىكارلېتمۇ ئەھۋال ياخشىلانغاندىن كېيىن ھۆر نېگىرلارنى ياللاشقا ماقۇل بولدى. قوشنىلارمۇ قارشى تۇرۇپ كەتكەچكە، فىرانك، پىتتىي ھامما، مېلانىيەلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي يۈرۈشتى. پىتتىي ھامما بىلەن نېگىر ئانا ھەتتا مەھبۇسلارنى ئىشقا سالسا نەس باسىدۇ، ئادەم ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەملەردىن پايدىلىنىش ياخشى ئىش ئەمەس، دېيىشتى.

— ئۆز ۋاقتىدا قۇللارنى ئىشلەتكەندە ھېچقايسىڭلار قارشى تۇرمىغانغۇ؟ — دېدى سىكارلېت غەزەپ بىلەن.

ئۇ بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. قۇللارنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا قۇل بولۇشى ھازىر ھۆر يۈرگىنىدىن ياخشى ئىدى. سىكارلېت ئىشەنمىسە ئەتراپىغا قاراپ باقسا بولىدۇ، ئەمما خەقلەر قارشى تۇرغانسېرى سىكارلېتنىڭ ئۆز يولىدا مېڭىش ئىرادىسى شۇنچىلىك چىڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇندىن شۇنداق ئىدى. خۇگنى باشقۇرۇش ئورنىدىن ئېلىۋېتىپ ھارۋا بىلەن مال توشۇشقا قويۇپ قويدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يوھان گاللېگېرنى ياللىۋالدى.

ئۇنىڭ ئىگىلىشىچە، مەھبۇسلارنى ياللاپ ئىشلىتىشنى پەقەت گاللېگېر بىر ئادەملا قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇ دوغىلاق، ساغلام، چىرايى دائىملا جىددىي تۇرىدىغان، ئەستايىدىل ئادەم ئىدى.

سىكارلېت مەھبۇسلارنى شۇنىڭغا تاپشۇردى.

— بۇ ئادەملەرنى ئىختىيارىمچە ئىشلىتىمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى كۆل رەڭ ئەينەك شارچىلارغا ئوخشاش سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— ئىختىيارىڭىزچە ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. سىزدىن تەلىپىم، زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرۇڭ، قاچان ياغاچ لازىم دېسەم شۇ چاغدا تەييار بولسۇن.

— بولدى، مەن سىزگە ئىشلەيمەن، — دېدى يوھان قىسقىلا

سۆزلەپ، — بېرىپ ۋېلبورن ئەپەندىگە سىزدە ئىشلىمەيدىغان بولدۇم دەپ قويۇپ كېلەي.

سىكارلېت ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قارىسىغا قاراپ تۇرۇپ يېنىك تىنىپ قويدى، روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ يوھاننى ياخشى تاللىغانىدى، ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلەتتى، ئارتۇق گېپىمۇ يوق ئىدى. ئەمما، فىرانك ئۇنى ياقتۇرمايتتى، «ئېرلاندىيەلىك بۇ نامرات پۇل دېسە جېنىنى بېرىدۇ» دەپ تىللايتتى. ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى سىكارلېت ئۇنى ئەتىۋارلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر بىرەر ئېرلاندىيەلىك ئۆز ئىشىدا نەتىجە قازىنىدىغانلا بولسا، ئۇنى تېپىلغۇسىز تالانت ئىگىسى دېسە بولىدۇ، باشقا ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ھاجەتسىز، دەپ ئويلايتتى، يوھان بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش قاتلامدىكى ئەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلىشالايتتى، چۈنكى يوھان پۇلنىڭ مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە ئوخشاش چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

يوھان زاۋۇتنى ئۆتكۈزۈۋالغان بىرىنچى ھەپتىدىلا سىكارلېت ئۇنىڭدىن رازى بولدى. چۈنكى، بەش مەھبۇسنىڭ قىلغان ئىشى خۇگىنىڭ ۋاقتىدىكى ئون نېگىرنىڭ ئىشىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، يەنە تېخى سىكارلېتقا قىلىدىغانغا ئىش قالدۇرمايۋاتاتتى. بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئاتلانتاغا كەلگەندىن بېرى سىكارلېت ھازىرقىدەك راھەتكە چىقىپ باقمىغانىدى. يوھان ئۇنى زاۋۇتقا كەلتۈرمەيتتى، شۇڭا ئۇ ئاساسەن بىكارچى بولۇپ كېتىۋاتاتتى. يوھان بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا شۇنداقمۇ دېدى:

— سىز ئۇياقتا سېتىش بىلەنلا بولۇڭ، مەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولاي. مەھبۇسلار بار يەردە ئاياللار تۇرسا بولمايدۇ. بۇ گەپنى بۇرۇن سىزگە ھېچكىم دېمىگەن بولسا، ھازىر مەن دەپ قوياي. مېنىڭ ۋەزىپەم مال يەتكۈزۈپ بېرىش، توغرىمۇ؟ مەن ۋىلكېس ئەپەندىگە ئوخشىمايمەن، ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىر ئادەم

قاراپ تۇرمىسا بولمايدىكەن، ماڭا ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت زاۋۇتقا كۆپ بارمايدىغان بولدى، كۆپ بىر نۇپلىپ، نەتىجىدە يوھان قىلمايمەن دەپ تاشلاپ بەرسە قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاشلىپىغا بىر ئادەم قاراپ تۇرمىسا بولمايدىكەن، دېگەن گېپى سىكارلېتنى سەل خاپا قىلىپ قويدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. ئاشلىي مەھبۇسلارنى ئىشلىتىپمۇ ئىشلارنى ھۆر ئادەملەرنى ئىشلەتكەن چاغدىكىدىن كۆپ ئالدىغا سۈرۈپ كېتەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ ئۆزىمۇ بىر نېمە دەپ بېرەلمەيتتى. ئاساسلىقى ئۇ مەھبۇسلارنى ئىشلىتىۋاتقانلىقى ئۇچۇن نومۇس قىلاتتى. يېقىندىن بېرى سىكارلېتقىمۇ مۇشۇ سەۋەب بىلەن كۆپ گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

سىكارلېت ئاشلىپىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تازا خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، چارچاشتىن گەۋدىسى بۇرۇنقىدىن خېلىلا پۈكۈلگەنىدى. چىرايىدىمۇ كۈلكە ئاز كۆرۈنەتتى، ھازىرقى ئاشلىي كۆپ يىللار ئىلگىرى سىكارلېت بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالغان ئاشلىي ئەمەس، خۇددى ئېيتقۇسىز بىر ئازاب ئىچىدە يوشۇرۇن قىينىلىۋاتقان ئاشلىيدەك كۆرۈنەتتى، ئاغزى داۋاملىق يۇمۇقلۇق ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ ھالەتلىرىگە ھەيران ئىدى ھەم ئازابلىناتتى. ئۇنى ئالدىغا تارتىپ بېشىنى مۇرىسىگە قويۇۋالغۇسى، ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ: «نېمە دەردىڭىز بار، ماڭا ئېيتىڭ، مەن ھەل قىلىمەن» دېگۈلىرى كېلەتتى.

لېكىن، ئۇ يەنىلا شۇنداق جىددىي، سۇرلۇك، سوغۇق ئىدى. باشتىن _ ئاخىر ئۇنىڭغا مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

# قىرىق ئۈچىنچى باب

بۇ يىل ئون ئىككىنچى ئايدىمۇ ھاۋا ئىسسىق بولدى، بۇنداق ھاۋا ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، پىتتىي ھاممىنىڭ ھويلىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ھازىرغىچە كۆكۈچ سېرىق تۇراتتى، بار - بارا قۇرۇپ كېتىۋاتقان ئوت - چۆپلەردىمۇ ئازراق يېشىللىق ساقلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېت بالىسىنى كۆتۈرۈپ كارىدوردىكى ياتما ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى، بۇ يەرگە كۈننىڭ نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇراتتى. سىكارلېتنىڭ ئۈستىدە يېڭى تىكتۈرگەن يېشىل رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك بار ئىدى، كۆڭلەكنىڭ ئېتەكلىرىگە دولقۇن شەكلىدە نۇرغۇن گۈللەر چېكىلگەنىدى. بېشىدا يېڭى تىكىلگەن شىلەپە تۇراتتى، بۇلارنى ئۇنىڭغا پىتتىي ھامما يېقىندا تىكتۈرۈپ بەرگەنىدى. ئۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقانىدى، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ چۈشىنەتتى، شۇڭا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، ئەمدىلىكتە قايتا ياسىنىپ چىرايلىق بولۇپ قالغاچقىمۇ، كۆڭلى بەكمۇ يايراپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئورۇندۇقتا بالىسىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئارقا كوچىدىن جىددىي كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. قۇرۇپ كەتكەن پېلەكلەرنىڭ ئارىسىدىن سىنچىلاپ قاراپ، رېت باتلېرنىڭ بۇ تەرەپكە ئاتلىق كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇنىڭ ئاتلانتادىن كەتكىنىگە بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. ئۇ كەتكەن چاغلار گېلارد يېڭىلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئېللا لورىنانىڭ دۇنياغا كۆز ئاچىدىغىنىغا يەنە خېلى ۋاقىت بار چاغلار ئىدى. سىكارلېت ئۇنى سېغىنغانىدى، ئەمما شۇ تۇرقىدا قانداق قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشنىڭ كويىدا قالدى، ئەمەلىيەتتە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايىنى كۆرۈپلا يۈرىكى سىلىپ كەتكەنىدى. ئاشلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش ھازىرغىچە ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى، بۇ ئىشنى رىتقا دىگۈسىمۇ يوق ئىدى. ئەمما، ئۇ دىمەسلىكنى قانچىلىك ئويلىسۇن، رىت باتلىر بەربىر ئۇنىڭغا دىگۈزمەي قويمايتتى.

ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاپ ئاتتىن چۈشتى، سىكارلىت جىددىي ھالەتتە كۈتكەچ، ئۇنى ۋاد دائىم ئۇنىڭغا سۆزلەتكۈزىدىغان بىر رەسىملىك كىتابتىكى باش قەھرىمانغا ئوخشاتتى.

ئۇنىڭدا پەقەت قۇلىقىدىكى ھالقا بىلەن ئاغزىدا چىشلىۋالغان بىر پىچاقلا كەم، — ئويلىدى سىكارلىت. — دىڭىز قاراقچىسىغا ئوخشامدۇ، باشقىسىغىمۇ، كارىم نىمە؟ بۈگۈن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى مىنى ئۆلتۈرمەيدىغان قىلساملا بولدىغۇ.

رىت باتلىر تار يول بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. سىكارلىت ئۇنىڭغا سالام بەردى. ھىلىمۇ بۈگۈن ئۇ يىڭى كىيىم كىيىۋالغان، كىيىملىرى ئۆزىگە يارىشىپ تىخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. رىت تىزلا ئۇنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن سىكارلىت ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ كۆزىگىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كىتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى.

— يىڭىلا يەڭگىپسىزمۇ نىمە، سىكارلىت؟ پەقەتلا ئويلىماپتىمەن، — ئۇ كۈلدى ۋە ئىللانىڭ يۆگىكىنى قايرىپ ئىللا لورىنانىڭ كىچىككىنە كۆرۈمسىز يۈزىگە قاراپ قويدى.

— رىت، ياخشىمۇ سىز؟ — دىدى سىكارلىت قىزىرىپ كىتىپ، — كەتكىنىڭىزگە خىلى ۋاقىت بولدى سىزنىڭ.

— شۇنداق، سىكارلىت، قىزىڭىزنى كۆتۈرۈپ باقايچۇ. ھىم، مەن بالىنى قانداق كۆتۈرۈشنى بىلىمەن. مىنىڭ نۇرغۇن غەلىتە ئارتۇقچىلىقلىرىم بار. بالىڭىز فىرانكىنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ، بىرلا ساقىلى كەم، ئەمما ساقالمۇ بىر كۈنلەردە چىقىدۇ.

— چىقمايلا قويسۇن، ئۇ قىز.

— قىزمۇ؟ ئۇنىڭدا تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ. ئوغۇل بالىلار كەپسىز بولىدۇ. ئەمدى ھەرگىز ئوغۇل تۇغماڭ، سىكارلېت.

سىكارلېت ئەمدى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ تۇغمايمەن دېمەكچىدى، ئەمما ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە ئۇ گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق بىر گەپ تېپىش ئۈچۈن ئويلاندى. ئۇ ئۆزى قورقىدىغان بۇ گەپ توغرۇلۇق سۆزلەشمەسلىكنى، باشقا گەپلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى.

— بۇ قېتىمقى سەپىرىڭىز كۆڭۈللۈك بولدىمۇ، رېت؟ نەلەرگە باردىڭىز؟

— كۇباغا... يېڭى ئورلېئانغا — يەنە باشقا يەرلەرگىمۇ باردىم. ئاپلا، سىكارلېت، بالىڭىزنى ئېلىڭ، چىقىرىۋەتتى. قول ياغلىقىمنى يانچۇقۇمدىن ئالالماي قالدىم، قىزىڭىز ئوبدان قىز بوپتۇ، ئەمما چاپىنىمنى بۇلغىۋەتتى ـ دە.

سىكارلېت بالىنى ئېلىپ پۇتى ئۇستىگە قويۇۋالدى، رېت باتلېر ئېرىنچەكلىك بىلەن رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ كۈمۈش قۇتىنىڭ ئىچىدىن بىر تال سىگارېت ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— سىز دائىملا يېڭى ئورلېئانغا يۈگۈرىسىز، — دېدى سىكارلېت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ قويۇپ، — ئۇ يەردە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى ماڭا بىر قېتىممۇ دەپ بەرمىدىڭىز.

— مەن خىزمەتنى ناھايىتى بېرىلىپ ئىشلەيمەن، سىكارلېت، بەلكىم ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بارغاندىمەن.

— سىز بېرىلىپ خىزمەت ئىشلەمسىز؟ — ئۇ قىلچە قورۇنماي كۈلۈپ كەتتى، — سىز ئۆمرىڭىزدە خىزمەت قىلىپ باققان ئادەم ئەمەس، سىز تولىمۇ ھورۇن. شىمالدىن كەلگەن قارام ئادەملەرنى سېتىۋېلىپ ئوغرىلىقتا سېلىپ، ئوغرىلىغان مالنى تەڭ بۆلۈشىسىز، ئاندىن شىمالنىڭ ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىزنى پىلانلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، بىزگە ئوخشاش ئادەملەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلدۇرىدۇ.

رېت باتلېر ئۇنىڭ بۇ گېپىگە شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— سىزمۇ پۇل تېپىپ ئاشۇ ئەمەلدارلارغا پارا بەرسەم دەپ ئويلايسىز، ئەمما ھازىر كۈچىڭىز يەتمەيدۇ.
— سىزنىڭ بۇ خىيالىڭىز... — سىكارلېتنىڭ ئاچچىقى كېلىشكە باشلىدى.
— كۆڭلەرنىڭ بىرسىدە سىز يېتەرلىك پۇل تاپقاندىن كېيىن، بەلكىم تەرەپ - تەرەپكە پارا بېرىشكە باشلايسىز. ئۇ پۇلنى ياللىۋالغان مەھبۇسلىرىڭىزغا تايىنىپ تېپىشنى ئويلاپمۇ قويدىڭىز ھەرقاچان.
— ھە! — سىكارلېتنىڭ بىردىنلا پىكرى چېچىلىپ كەتتى، — مېنىڭ مەھبۇسلارنى ياللىغانلىقىمنى نېمانچە تېز بىلىپ بولدىڭىز؟
— مەن بۇ يەرگە تۈنۈگۈن كەچتە كەلگەن، دەۋر قىزلىرى قاۋاقخانىسىدا تۈنىدىم. ئۇ يەردە ھەممە گەپلەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. پۈتۈن قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتلەرنىڭ ئۇۋىسى دەڭا ئۇ يەر، ئايالالار ماشىنىچىلىق گۇرۇپپىسىدىنمۇ يامان. ئۇ يەردىكىلەر سىزنىڭ بىر قىسىم مەھبۇسلارنى ياللىۋالغىنىڭىزنى، گاللېگېر دېگەن ئىپلاسنىڭ مەھبۇسلارنى ھاردۇرۇپ جېنىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن.
— ئۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغان، — دېدى سىكارلېت غەزەپ بىلەن، — ئۇ ئۇلارنى ئۇ دەرىجىدە ئىشلەتكىنى يوق. ئۇنىڭغا مەن كېپىل.
— سىز كېپىللىك قىلالامسىز؟
— ئەلۋەتتە قىلالايمەن. سىز نېمىشقا بۇنداق سورايسىز؟
— كەچۈرۈڭ، كېنىنېدى خانىم، سىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىڭىزنىڭ پاكلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، ئەمما يوھان گاللېگېر بەكمۇ رەھىمسىز ئادەم، مەن ئۇنداق ئادەمنى ھېچقانداق يەردە ئۇچرىتىپ باقمىغان. ئۇنىڭغا سەل دىققەت قىلىپ تۇرۇڭ، بولمىسا تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ تەكشۈرۈپ قالسا بالاغا سىز

قالىسىز.
— سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ يولىغا مېڭىڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ يولىغا ماڭاي، — دېدى سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن، — مەھبۇسلار توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلىشنى خالىمايمەن. ھەممە ئادەم ماڭا قارشى چىقتى، ئەمما مەن ئۇلارنى يالىنىۋېلىشتىن يانمىدىم... سىز ماڭا يېڭى ئورلېئاندا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزنى تېخى سۆزلەپ بەرمىدىڭىز، دائىم شۇ يەرگە چاپقىنىڭىزغا قاراپ كۆپچىلىك سىزنى... — ئۇ ئىتتىك گېپىنى توختىتىۋالدى.
— كۆپچىلىك نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟
— سىز... سىزنى ئۇ يەردە ئاشنىسى بار، دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇ ياق بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋېتىپسىز، شۇنداقمۇ، رېت.
ئۇزاقتىن بېرى سىكارلېتنىڭ مۇشۇ ئىشنى بىلىپ باققۇسى بار ئىدى، شۇڭا ھازىر ئۆزىنى باسالماي ئۇنىڭدىن ئۇدۇللا سورىدى. رېت باتلېرنى توي قىلىدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا نامەلۇم بىر كۈنداشلىق ئوتىدا پۇچىلىنىپ بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتەتتى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.
ئۇنىڭ تىنچ تۇرغان كۆزلىرى بىردىنلا سەگەكلەشتى ۋە سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قادالدى، سىكارلېتنىڭ ئىككى مەڭزى ئىختىيارسىز شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.
— بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن مۇناسىۋىتى چوڭمۇ؟
— نېمە دېسەم بولار؟ ئىشقىلىپ، سىزنىڭ دوستلۇقىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، — دېدى سىكارلېت جىددىي تەلەپپۇزدا. ئاندىن بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بالىسىنىڭ باشنىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.
— سىكارلېت، ماڭا قاراڭە! — دېدى رېت باتلېر.
سىكارلېت بېشىنى ئاران كۆتۈردى، يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەنىدى.

— دوستلىرىڭىز سىزدىن سوراپ قالسا، رىت توي قىلماقچىكەن، لېكىن ئۇ ئايالنى تېخى ئۇندەككە كەلتۈرەلمەپتۇ، دەپ قويۇڭ. ھازىرغىچە مەن توي قىلسام بولىدىغان بىرەر ئايالنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

سىكارلېت ئۇنىڭ ئۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ گېپى راستمىدۇ؟ ئەمىسە نېمە ئۇچۇن ئۇ شەھەر قورشاۋدا تۇرۇۋاتقان ھېلىقى چاغلاردا، بىر كۈنى كەچتە، مۇشۇ كارىدوردا تۇرۇپ، مەن توي قىلىشنى ئويلىمايمەن، دەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئاشنا بولۇپ ئۆتۈشۈمنى پۈرىتىدۇ؟ سىكارلېت يەنە ئۇنى تۈرمىگە يوقلاپ بارغان چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ نومۇستىن قىزىرىپ كەتتى. رېت باتلېر ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەلىتە ئىپادىلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، يۈزىدە ئاستا ـ ئاستا بىر خىل يامان نىيەتلىك بىر كۈلكە پەيدا بولۇۋاتاتتى.

— سىز مەندىن قىلچە قورۇنماي سورىغاندىكىن، سىزنىڭ بۇ مەنىسىز قىزىقىشىڭىزنى قاندۇرمىساممۇ بولماس. مەن يېڭى ئورلېئانغا ئاشنامنى دەپ ئەمەس، بىر بالىنى، بىر ئوغۇل بالىنى دەپ بارىمەن.

— ئوغۇل بالىنى دەپ؟ — بۇ تويۇقسىز جاۋاب سىكارلېتنى ھەيران قالدۇردى ھەم ئۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

— راست دەۋاتىمەن، مەن ئۇ بالىنىڭ ھىمايىچىسى، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. ئۇ بالا ئۇ يەردە ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇ يەرگە مەن شۇ بالىنى دەپ دائىم بېرىپ تۇرىمەن.

— ئۇنىڭغا سوۋغاتلارنى ئېلىپ بارامسىز؟ — سورىدى ئۇ ۋە شۇندىلا ئۇنىڭ نېمە ئۇچۇن دائىم ۋادقا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— شۇنداق! — رېت سەل ئاچچىقى كەلگەندەك قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۇ چىرايلىقمۇ؟
— بەكمۇ چىرايلىق. بىراق، بۇنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوق.
— ئوماقمۇ؟
— ياق، بەك كەپسىز. مەن بەزىدە ئۇنى تۇغۇلمىسىمۇ بوپتىكەن دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. سىزنىڭ يەنە سورايدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟
ئۇ بىردىنلا خاپا بولۇپ قالغاندەك تۇتۇلۇپ، خۇددى بۇ گەپنى دېمىسەم بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك جىمىپ كەتتى.
— ماڭا ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى خالىمىسىڭىز، بوپتىمۇ، مەنمۇ سورىماي، — دېدى سىكارلېت مەغرۇر ھالدا. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى، — مەن سىزنىڭ قانداق قىلىپ ئۇ بالىنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ قالغانلىقىڭىزغا ھەيران، — سىكارلېت شۇ گەپ بىلەن تەڭ، خۇددى ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.
— ئەلۋەتتە، سىز ھەيران بولسىز، چۈنكى سىزنىڭ نەزەر دائىرىڭىز شۇنچىلىك - دە
رېت باتلېر ئارتۇق گەپ قىلماي تاماكىسىنى چېكىپ جىمجىت تۇرۇپ كەتتى، سىكارلېت ئۇنىڭغا ئېغىرراق گەپتىن بىرنى قىلىشنى ئويلىدى، ئەمما مۇۋاپىق گەپ تاپالمىدى.
— بۇ گەپنى باشقىلارغا دېمەيدىغانلا بولسىڭىز، مەن سىزدىن شۇنچىلىك رازى بولاتتىم، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — بىراق، ئايال كىشىدىن سىر ساقلاشنى تەلەپ قىلىش تولىمۇ ئەخمەقلىق.
— مەن سىرىڭىزنى ساقلىيالايمەن، — دېدى سىكارلېت ئۇ گەپ غۇرۇرىغا تەگكەندەك بولۇپ.
— شۇنداق قىلالامسىز؟ دوستلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىش، ئەلۋەتتە، ياخشى ئىش. سىكارلېت، تۇمشۇقىڭىزنى ئۇچلىماڭ، كەچۈرۈڭ، بايا سەل ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويدۇم.

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ كوچىلاپ سوراپ كەتتىڭىز، بۇ ئەيىب سىزدە. كۆلۈڭچۈ، بىردەم بولسىمۇ خۇشال ئولتۇرايلى، ئەمدى مەن سىزگە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن.

«ۋاي خۇدايىمەي، — ئويلىدى سىكارلېت، — ئەمدى ئۇ ئاشلىقي بىلەن پەن زاۋۇتىنىڭ گېپىنى چىقىرىدىغان بولدى.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەررۇلا چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرتۇپ زىنىخلىرىنى چىقاردى.

— رېت، — دېدى ئۇ گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكەش مەقسىتىدە، — سىز يەنە نەلەرگە باردىڭىز؟ يېڭى ئورلېئاندىلا تۇرمىغانسىز؟

— شۇنداق، يېقىندا چارلېستونغا بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ كەلدىم. دادام ئۆلۈپ كەتتى.

— ھىم، بەكمۇ ئەپسۇس.

— ئەپسۇسلىنىش ھاجەتسىز. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇ ئۆزىمۇ ئەپسۇسلانمايدۇ، مەنمۇ ئەپسۇسلانمايمەن.

— رېت، نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپ بۇ.

— مەن ئەپسۇسلانمىغان تۇرۇقلۇق ئەپسۇسلانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسام، ئەمەلىيەتتە، شۇ قورقۇنچلۇق بولار؟ ئاتا - بالا ئىككىمىزدە ئەزەلدىن بىر - بىرىمىزگە مۇھەببەت يوق ئىدى. بوۋاينىڭ مېنىڭ ئۇ ئىشلىرىمنى قوللاپ باققانلىقى زادىلا ئېسىمدە يوق. مەن بوۋايغا بەكمۇ ئوخشايتتىم، دادام بوۋامغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قوللىماسلىقتىن نەپرەتلىنىشكە ئۆتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئۇ خىل پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىش ئويىدا بولمىدىم، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ئىقرار. دادامنىڭ مېنىڭدىن قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ئىشلارنى قىلىش توغرۇلۇق كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىمۇ تۈتۈرۇقسىز ئۈمىدلەر ئىدى. ئاخىر دادام مېنى بىر تىيىن پۇل بەرمەي ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. مەرگەنلىكىم، قارتا ئويناشقا

ئۇستىلىقىمدىن باشقا ھېچقانداق ھۈنىرىم يوق ئىدى. ئۆلۈپ قالمىدىم، قارىغا ئېلىش بىلەن قىمارغا ئۇستىلىقىم ئەسقېتىپ، ئامىتىم كېلىپ كۆڭلىرىمنى ئوبدان ئۆتكۈزدۈم. ئەمما، دادام مېنىڭ بۇ ئىشىمنى ئۆزگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلدى. ئۇنىڭچە، باتلېر ئائىلىسىدىن قىمارۋازنىڭ چىقىپ قېلىشى چىداپ تۇرغۇسىز ئىش ئىدى، شۇڭا مەن تۇنجى قېتىم ئۆيگە قايتىپ بارغاندا ئاپامنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. ئۇرۇش باشلىنىپ مەن قامال لىنىيەلىرىدە سودا بىلەن يۈرگەن چاغلىرىمدا ئاپام ئۆيدىن يالغان گەپ قىلىپ چىقىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. بۇ كۆرۈشۈش مەندە دادامغا قارىتا يامان تەسىرات پەيدا قىلمىدى.

— بۇ ئەھۋاللارنى مەن زادىلا بىلمەيدىكەنمەن.

— مېنىڭ دادامنى كىشىلەر ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئەپەندى دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇتەئەسسىپ، نادان، جاھىل، ھېچكىم بىلەن چىقىشالمايدىغان، مۇستەقىل قارىشى يوق ئادەم. مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، خەقلەرگە ئۆلۈپ كەتتى، دەپ يۈردى: «ئەگەر ئوڭ كۆزۈڭ جىنايەت ئۆتكۈزسە ئۇنى ئويۇپ ئېلىۋەت»[1]دېگەندەك، مەن ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى بولۇپ قالغانىدىم. بالىلىرىنىڭ چوڭى ئىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەندىن ئۆچ ئېلىپ، مېنى بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئويۇپ ئېلىۋەتتى.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ كۈلۈمسىرىدى، كۆزلىرى بىر توچكىغا تىكىلىپ قالدى.

— ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولاتتى، لېكىن ئۇرۇشتىن كېيىن ئاپام بىلەن سىڭلىمغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئاڭلاپ ئۇنى قەتئىي كەچۈرمىدىم. ئاپام بىلەن سىڭلىم ئىككىسى تۇرمۇشتا قاتتىق قىينىلىپتۇ، ئۆيلەر كۆيۈپ كېتىپتۇ، شاللىقلار سازلىققا ئايلىنىپ تۈگەپتۇ، باجنى تاپشۇرالمىغاچقا،

[1] «ئىنجىل»دىكى 5 ـ سۈرە، 29 ـ ئايەتتىن

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ كوچىلاپ سوراپ كەتتىڭىز، بۇ ئەيىب سىزدە. كۆلۈڭچۈ، بىردەم بولسىمۇ خۇشال ئولتۇرايلى، ئەمدى مەن سىزگە كۆڭلۈڭنى غەش قىلىدىغان بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن.

«ۋاي خۇدايىمەي، — ئويلىدى سىكارلېت، — ئەمدى ئۇ ئاشلىبى بىلەن پەن زاۋۇتىنىڭ گېپىنى چىقىرىدىغان بولدى.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەررۇلا چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرتۇپ زېنىخلىرىنى چىقاردى.

— رېت، — دېدى ئۇ گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكەش مەقسىتىدە، — سىز يەنە نەلەرگە باردىڭىز؟ يېڭى ئورلېئاندىلا تۇرمىغانسىز؟

— شۇنداق، يېقىندا چارلېستونغا بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ كەلدىم. دادام ئۆلۈپ كەتتى.

— ھىم، بەكمۇ ئەپسۇس.

— ئەپسۇسلىنىش ھاجەتسىز. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇ ئۆزىمۇ ئەپسۇسلانمايدۇ، مەنمۇ ئەپسۇسلانمايمەن.

— رېت، نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپ بۇ.

— مەن ئەپسۇسلانمىغان تۇرۇقلۇق ئەپسۇسلانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسام، ئەمەلىيەتتە، شۇ قورقۇنچلۇق بولار؟ ئاتا - بالا ئىككىمىزدە ئەزەلدىن بىر - بىرىمىزگە مۇھەببەت يوق ئىدى. بوۋاينىڭ مېنىڭ ئۇ ئىشلىرىمنى قوللاپ باققانلىقى زادىلا ئېسىمدە يوق. مەن بوۋايغا بەكمۇ ئوخشايتتىم، دادام بوۋامغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قوللىماسلىقتىن نەپرەتلىنىشكە ئۆتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئۇ خىل پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىش ئويىدا بولمىدىم، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ئىقرار. دادامنىڭ مېنىڭدىن قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ئىشلارنى قىلىش توغرۇلۇق كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىمۇ تۈتۈرۇقسىز ئۈمىدلەر ئىدى. ئاخىر دادام مېنى بىر تىيىن پۇل بەرمەي ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. مەرگەنلىكىم، قارتا ئويناشقا

ئۇستىلىقىمدىن باشقا ھېچقانداق ھۈنىرىم يوق ئىدى. ئۆلۈپ قالمىدىم، قارىغا ئېلىش بىلەن قىمارغا ئۇستىلىقىم ئەسقېتىپ، ئامىتىم كېلىپ كۈنلىرىمنى ئوبدان ئۆتكۈزدۈم. ئەمما، دادام مېنىڭ بۇ ئىشىمنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلدى. ئۇنىڭچە، باتلېر ئائىلىسىدىن قىمارۋازنىڭ چىقىپ قېلىشى چىداپ تۇرغۇسىز ئىش ئىدى، شۇڭا مەن تۇنجى قېتىم ئۆيگە قايتىپ بارغاندا ئاپامنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. ئۇرۇش باشلىنىپ مەن قامال لىنىيەلىرىدە سودا بىلەن يۈرگەن چاغلىرىمدا ئاپام ئۆيدىن يالغان گەپ قىلىپ چىقىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. بۇ كۆرۈشۈش مەندە دادامغا قارىتا يامان تەسىرات پەيدا قىلمىدى.

— بۇ ئەھۋاللارنى مەن زادىلا بىلمەيدىكەنمەن.

— مېنىڭ دادامنى كىشىلەر ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئەپەندى دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇتەئەسسىپ، نادان، جاھىل، ھېچكىم بىلەن چىقىشالمايدىغان، مۇستەقىل قارىشى يوق ئادەم. مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، خەقلەرگە ئۆلۈپ كەتتى، دەپ يۈردى: «ئەگەر ئوڭ كۆزۈڭ جىنايەت ئۆتكۈزسە ئۇنى ئويۇپ ئېلىۋەت»①دېگەندەك، مەن ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى بولۇپ قالغانىدىم. بالىلىرىنىڭ چوڭى ئىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەندىن ئۆچ ئېلىپ، مېنى بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئويۇپ ئېلىۋەتتى.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ كۈلۈمسىرىدى، كۆزلىرى بىر توچكىغا تىكىلىپ قالدى.

— ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولاتتى، لېكىن ئۇرۇشتىن كېيىن ئاپام بىلەن سىڭلىمغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئاڭلاپ ئۇنى قەتئىي كەچۈرمىدىم. ئاپام بىلەن سىڭلىم ئىككىسى تۇرمۇشتا قاتتىق قىينىلىپتۇ، ئۆيلەر كۆيۈپ كېتىپتۇ، شاللىقلار سازلىققا ئايلىنىپ تۈگەپتۇ، باجنى تاپشۇرالمىغاچقا،

① «ئىنجىل»دىكى 5 ـ سۈرە، 29 ـ ئايەتتىن

شەھەردىكى ئۆيلەرمۇ قولدىن كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلىرىدە نېگىرلارمۇ ئولتۇرمايدۇ، ئاپامغا ئەۋەتكەن پۇللىرىمنى دادام، پاكىز پۇل ئەمەس، دەپ قايتۇرۇۋەتتى. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بىر نەچچە قېتىم چارلېستونغا بېرىپ سىڭلىمغا ئوغرىلىقچە پۇل بەرسەم، دادام بۇنى بىر ئامال قىلىپ بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپتۇ، ئاخىر ئۇنىمۇ قىيناپ بىر يەرگە ئاپاردى. ئەۋەتكەن پۇللىرىمنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ قانداق ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم... بىلمەيمۇ تۇرمايتتىم، چۈنكى ئىنىم ئۇلارغا بار ئامالى بىلەن ياردەم قىلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قولىدىمۇ پۇل كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ، ھايانكەشنىڭ تاپقان پۇلى ھارام، دەپ ئويلاپ مېنىڭ ياردىمىمنى قوبۇل قىلمايتتى. چۈشەندىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ ھاممىڭىز ئېلالى ئۇلارغا ياردەم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاپام ئىككىسى ياخشى ئۆتەتتى. ئاپامغا كونا ـ يېڭى كىيىملىرىنى بېرىپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر ئىش... ئاھ، خۇدا! مېنىڭ ئاپام باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالغان گەپ.

سكارلېت ئۇنىڭ يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەن ھالىتىنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقانىدى، چىرايىدا دادىسىغا بولغان نەپرەت، ئانىسىغا بولغان ئىچ ئاغرىتىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئېلالى ھاممام ياردەم قىلامدىكەن تېخى! خۇدا بىلىدۇ، رېت، ئۇنىڭ مەن ئەۋەتكەن ئاز ـ تولا پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق.

— ھە، ئەسلىدە ئۇنىڭغا سىز پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇۋېتىپتىكەنسىز ـ دە. سىز نېمىدېگەن تەربىيە كۆرمىگەن قىز، مېنىڭ ئالدىمدا پو ئېتىپ يۈزۈمنى چۈشۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز. ئۇ پۇللىرىڭىزنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن.

— ئۇنىڭدا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، — دېدى سكارلېت تومشۇقىنى ئۇچلاپ قويۇپ. كېيىن تۇيۇقسىز كۈلۈپ كەتتى، رېت باتلېرمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— سىكارلېت، پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىدىن ئېچىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ قېنىدىن باشقا شوتلاندىيەلىكلەرنىڭمۇ ئازراق قېنى باردەپمۇ ئويلامسىز؟ يەھۇدىيلەرنىڭ قېنىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

— ئۆتۈپ بېرىڭا! ئېلالى ھامامىنىڭ گېپىنى سىزنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلغىنىم يوق. راست گەپنى قىلسام، ئۇ مېنى پۇلى جىق دەپ ئويلاپ، پۇل ئەۋەت دەپ توختىماي خەت يازىدۇ. مېنىڭ چارلېستونغا پۇل ئەۋەتىپ تۇرغۇدەك ھالىم بارمۇ دەيسىز. دادىڭىز نېمە بولۇپ ئۆلۈپتۇ؟

— ئاستا - ئاستا ئاچتىن ئۆلگەن بولسا كېرەك، مەن شۇنداق ئويلايمەن... ھەم شۇنداق بولسىكەن دەپمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئۆلگىنى خوپ بولدى، ئۇ ئاپام بىلەن روسمالىنىمۇ ئاچتىن ئۆلتۈرمەكچىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم قىلالايدىغان بولدۇم. ئىككىسىگە ئۆي ئېلىپ بەردىم، خىزمىتىگە خىزمەتكار ياللىدىم. ئەلۋەتتە، ئۇلار باشقىلارغا پۇلنى مېنىڭ بەرگەنلىكىمنى دېمەيدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سۆيۈملۈكۈم، سىز چارلېستوننى بىلمەمسىز؟ سىز ئۇ يەرگە بارغانمۇ؟ ئائىلىمىز كەمبەغەل بولسىمۇ جەمئىيەتتىكى ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك - دە. ئەگەر باشقىلار ئۇلارغا كېلىنۋاتقىنىنىڭ قىماردىن، ھايانكەشلىكتىن، شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۈلچىلەرنى ئالدىغانلىقتىن كەلگەن پۇللار ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسا، ئىززەت - ئابرۇيىنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ئۇلار سىرتقا، دادىمىزدىن نۇرغۇن ئۆمۈر سۇغۇرتا پۇلى قالغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۇ پۇلنى ئۆزى يېمەي - ئىچمەي، بىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن تاپشۇرۇپ تۇرغانىكەن، دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇتەئەسسىپ قېرىنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. نەتىجىدە، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ناۋادا ئۇ ئۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان بولسا، قىلغان ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتكىنىگە ئېچىنىپ كۆزىنى مەڭگۈ يۇممايدۇ، شۇنداق بولسا ياخشى بولاتتى... ئۇ ئۆلۈمنى ئويلىغان... ئۆلۈشنى بەكمۇ خالىغان، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئەپسۇسلىنىمەن دېسەممۇ بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئەمەلىيەتتە، ئۇ گېنېرال لى تەسلىم بولغان چاغدىلا ئۆلۈپ بولغان. ئۇنداق ئادەملەرنى سىزمۇ بىلىسىز، ئۇلار بەرىبىر يېڭى دەۋرگە ماسلىشالمايتتى. ئۆتمۈشتىكى ياخشى تۇرمۇشنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي غوتۇلداپلا يۈرگەن بولاتتى.

— رېت، قېرىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ! — ئۇ دادىسى گېلاردنى ۋە ۋىلنىڭ ئۇنىڭ ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنى ئەسلىدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، سىز ھېنرى تاغا بىلەن ياۋا مۈشۈك مېرۋېتېر ئەپەندىگە قاراڭ. ئۇلار يېزا پىدائىيلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا ئاتلانغان چاغدىن باشلاپلا يېڭى ھاياتنى باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ياشىرىپ قالغاندەك، جانلىنىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئەتىگەن مەن مېرۋېتېر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ھارۋىسىنى خۇددى ئارمىيە ئىچىدە ھارۋا ھەيدىگەندەك ھەيدەپ كېتىۋېتىپتۇ، ئاتلىرىنى تىللاپمۇ قويىدۇ تېخى. ئۇ ماڭا ئۆيدە ئولتۇرۇۋالماي ھارۋا ھەيدەشكە باشلىغاندىن بېرى ئۆزۈمنى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك سېزىدىغان بولدۇم، دېدى. سىزنىڭ ھېنرى تاغىڭىزمۇ سوتنىڭ ئىچى - سىرتىدا شىماللىقلار بىلەن كۈرەش قىلىپ، تۇل خوتۇنلار بىلەن يېتىم - يېسىرلارنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ، شىماللىق تەۋەككۇلچىلەرگە خېلى تېتىۋاتىدۇ... پەرىزىمچە، ئۇ خەقلەردىن پۇل ئالمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇش بولمىغان بولسا ئۇ ئاللىبۇرۇن پېنسىيەگە چىقىپ رېماتىزم كېسىلىنى داۋالاش

بىلەن يۈرگەن بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە يەنە لازىم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە شۇنداق ياشىرىپ كېتىۋاتقان گەپ. يېڭى دەۋر قىرىللارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ئۇلار بۇ دەۋرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىدۇ. لېكىن، يەنە سىزنىڭ ۋە مېنىڭ دادامغا ئوخشاش ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار بۇ دەۋرگە ماسلىشالمايدۇ، ماسلىشىشنىمۇ خالىمايدۇ. بۇ گەپلەرنىمۇ قىلىشتۇق، ئەمدى ئىككىمىز ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلىشەيلى، سىكارلېت.

رېت باتلېرنىڭ گەپىنىڭ مەزمۇنىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىشى سىكارلېتنى هودۇقتۇرۇپ قويدى.

— نېمە... نېمە... — دەپ كېكەچلەپ كەتتى ئۇ. ئىچىدە بولسا، ۋاي خۇدايىم، نېمىمۇ دەيدىغاندۇ بۇ، گەپتە تەڭ كەلگىلى بولارمۇ ئۇنىڭغا... دەپ ئويلىدى.

— مەن سىزنى چۈشىنىمەن، شۇڭا سىزدىن راست گەپ، كۆڭۈل ئاياش، ئادىل مۇئامىلە قىلىش دېگەنلەرنى كۈتمەيمەن. ئەمما، مەن ئۆز ۋاقتىدا سىزگە ئىشىنىپ بەكمۇ ئەخمەقلىق قىپتىمەن.

— بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

— مەن سىزنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. مەيلى نېمىلا دەڭ، سىزنىڭ ئىچىڭىزدە بىر جىن بار. بايا مەن بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ ئىۋې كوچىسىدىن ئۆتۈپ قالدىم. بىرسى ماڭا سالام قىلغاندەك قىلدى، قارىسام، ئاشلېي ۋىلكېس خانىم ئىكەن. مەن توختاپ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشتىم.

— راستمۇ؟

— راست. ئىككىمىز كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ مەن بىلەن بىر پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن. ئاخىرقى يىللاردا جەنۇب ئىتتىپاقى ئۈچۈن جەڭگە بېرىپ ئاجايىپ باتۇرلۇق قىلدىڭىز، دەپ مېنى ماختىدى.

— قۇرۇق گەپ! مېلانىيەنىڭ بېشى ئايلىنىپ قاپتۇ. سىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باتۇرلۇقىڭىز تۈپەيلىدىن مىلانىيە ئاشۇ چاغدا ئۆلگىلى تاس قالغان ئەمەسمۇ؟

— ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدىم دەپ ئويلىغان بولاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھازىر ئاتالانتادا نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سوراۋاتىمەن، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىمگە قاتتىق ھەيران قالدى. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، سىزنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشى قاراۋاتقانلىقىڭىزنى، ۋىلكېس ئەپەندىنىڭ سىز بىلەن بىرلىشىپ يەن زاۋۇتىنى ماڭدۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ قانچىلىك ئىشلار؟ — دېدى سىكارلېت ئاددىيلا قىلىپ.

— مەن سىزگە ئاشۇ زاۋۇتنى سېتىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن پۇل بېرىپ تۇرغاندا، بۇ زاۋۇت بىلەن ئاشلېينى باقىدىغان ئىشنى قىلمايسىز دەپ شەرت قويغان، سىزمۇ بۇ شەرتىمگە قوشۇلغان.

— قانداق ئادەم سىز. پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بەردىم، ئەمدى زاۋۇت مېنىڭكى، قانداق قىلىمەن دېسەم ئىختىيار ئۆزۈمدە.

— ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن پۇلىڭىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ماڭا دەپ بېرەلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، ياغاچ سېتىشتىن كەلگەن.

— مەن سىزگە بېرىپ تۇرغان پۇل بىلەن كەلگەن، كۆڭلىڭىزدىكى گەپمۇ مۇشۇ. سىز مېنىڭ پۇلۇم بىلەن ئاشلېينى بېقىۋېتىپسىز. سىز پۈتۈنلەي ئىشەنچسىز ئايال ئىكەنسىز. ئەگەر سىز مېنىڭ پۇللىرىمنى ھازىرغىچە قايتۇرمىغان بولسىڭىز، مەن قەرزنى قىستايتتىم، قايتۇرالمىسىڭىز ئۆزىڭىزنى بازارغا سالاتتىم، شۇ چاغدا قىزىق ئىش بولاتتى.

ئۇنىڭ گەپلىرى بەكمۇ قاتتىق بولمىسىمۇ، ئەمما كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى.

سىكارلېت ئۇرۇش ئوتىنى دەرھال دۈشمەننىڭ ئۆزىنىڭ

زېمىنىغا تۇتاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

— سىز نېمىشقا ئاشلىيىغا بۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلىسىز؟ كۇنداشلىق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

سىكارلېتنىڭ بۇ گەپنى قىلغان تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. رېت باتلېر بۇ گەپكە قاتتىق كۈلۈپ سىكارلېتنى خىجىل قىلىپ قويغانىدى.

— سىز ئىشەنچسىزلا ئەمەس، بەلكى يەنە تولىمۇ كۆرەڭ خانىم ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — سىز ئۆزىڭىزنى بۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىچىدە گۈزەللىك داڭقىم بىلەن مەڭگۇ ياشايمەن دەپ ئويلامسىز؟ سىز دائىم، مەن چىرايلىق، مېنى كۆرگەن ئەرلەر ياخشى كۆرمەي قالمايدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

— خاتا، — دېدى سىكارلېت هاسىراپ كېتىپ، — مەن پەقەت سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشلىيىغا ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىڭىزنىلا بىلمەكچى، مېنىڭ ئويلايدىغىنىم پەقەت مۇشۇلا.

— سىز يەنە ئويلاپ بېقىڭ، كىچىك غەنناج، بۇ چۈشەندۈرۈشىڭىز توغرا بولمىدى. مەن ئاشلىيىنى ياخشى كۆرمەيمەن، بۇ راست، ئەمما ئۆچ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا هەم ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— ئىچىم ئاغرىيدۇ؟

— شۇنداق، كۆزگە ئىلمايدىغان تەرىپىمۇ بار. ئەمدى سىز كۆرۈك توخۇدەك رۇكۇلداڭ، ساڭا ئوخشاش لۈكچەكلەرنىڭ مىڭىنى ئاشلىيىغا تەڭ قىلمايمەن. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، كۆزگە ئىلمايمەن، دېگەندەك گەپلەر ئاغزىڭغا قانداق پاتتى، دەپ ۋالاقلاڭ. ۋالاقلاشلىرىڭىز تۈگىگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىمنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئەگەر سىز قىزىقسىڭىز.

— قىزىقمايمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ دەپ بېرەي، چۈنكى مەن سىزنىڭ مېنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن كۈنلەۋاتىسىز، دېگەن شېرىن خىياللارنى داۋاملىق سۈرۈشىڭىزگە چىداپ تۇرالمايمەن. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقىنىم، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئىدى، لېكىن ئۆلمىدى؛ كۆزگە ئىلمىغىنىم، ئۇنىڭ دۇنياسى ئاللىبۇرۇن تۈگىگەنىدى، شۇنداق تۇرۇپ يەنە ھازىر نېمە قىلىشنى بىلمەي يۈرۈۋاتىدۇ.

سكارلېت بۇ گەپلەرنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلدى، لېكىن نەدە، قاچان ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى، ئاچچىقى كېلىپ تۇرۇۋاتقاچقا كۆپ ئويلىنىپمۇ كەتمىدى.

— سىزنىڭ بۇ گېپىڭىزچە بولغاندا، جەنۇبنىڭ دۇرۇس نىيەتلىك ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئىكەن ـ دە!

— ئەگەر ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولسا، ئاشلىيىدەك ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتسە قەبرە تېشىغا ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ: «جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جەڭچىسى دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان» ياكى[1] «Dulce et decorum est» دەپ يېزىپ قوياتتۇق.

— مەن بۇ خاتىرە تېشىڭىزدىن ھېچنېمە چۈشەنمىدىم.

— خەتنى بىر مېتىر يوغانلىقتا يېزىپ كۆزىڭىزگە تاقاپ قويمىغۇچە چۈشەنمەيسىز، شۇنداقمۇ؟ دېمەكچىمەنكى، ئۆلسە ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىمەن دەپمۇ يۈرمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشمۇ تەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇلاردىن پەخىرلىنىپ يۈرۈۋېرىدۇ. مەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى بەختلىك ئىمىش دەپ ئاڭلىغان، سىزچە، ئاشلېي ۋىلكېس ھازىر بەختلىكمۇ؟

— ئەلۋەتتە... — سكارلېت گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، چۈنكى ئاشلېينىڭ يېقىندىن بېرىقى روھىي

① لاتىنچە، ئۇنتۇلغۇسىز ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن، دېگەن مەنىدىكى سۆز.

ھالەتلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى.

— خوگ ئېلىسۇن، مادې دوختۇر دېگەندەكلەرمۇ بەختلىكمىدۇ؟ ئۇلار مېنىڭ دادامدىنمۇ، سىزنىڭ دادىڭىزدىنمۇ بەختلىكمۇ؟

— بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بەختتىن بەھرىمەن بولالمايۋاتقاندۇ، چۈنكى ئۇلار پۇل - ماللىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

رېت كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ پۇل - ماللىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، جېنىم. سىزگە دەپ بېرەي، ئۇلار ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغان... كىچىكىدىن تارتىپ چوڭ بولغان دۇنياسىدىن، خۇددى بېلىق سۇدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، مۈشۈككە قانات چىقىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان. ئۇلارغا بېرىلگەن تەربىيە ئۇلاردىن مەلۇم ئادەملەردەك بولۇشنى، مەلۇم ئىشلارنى قىلىشنى، مەلۇم ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. گېنېرال لى ئاپو ماتوسقا يېتىپ بارغاندىن كېيىنلا، ئۇ خىل ئادەم، ئۇ خىل ئىش ۋە ئۇ خىل ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى بەربات بولۇپ كەتتى. سىكارلېت، گالۋاڭلىقىڭىزنى قاراڭ سىزنىڭ، سىز ھازىر ئاشلىپىنىڭ ئۆيى يوق، يەر - زېمىنلىرى باج تاپشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن مۇسادىرە قىلىنىپ كەتتى دەپلا بىلىسىز. ئۇنداق سالاپەتلىك تۆرىلەرنىڭ ھازىر كۆشۈكى بىر پۇل. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاشلىپى ۋىلكېس نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ كاللىسىغا تايىنىپ ئىش قىلامدۇ ياكى ئىككى قولىغىمۇ؟ كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇنىڭغا زاۋۇتىڭىزنى تۇتقۇزغاندىن بېرى تارتىۋاتقان زىيىنىڭىز كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس.

— ياخشى ! ئۇنداق بولسا بىر يەكشەنبە كۈنى ۋاقتىڭىز چىقسا ھېسابىڭىزنى تەكشۈرۈپ باقايلى، بولامدۇ؟

— ئىشىڭىزنى قىلىڭ، سىزنى دەپ ۋاقىت چىقىرىپمۇ

ئۆلتۈرمايمەن. ئەمدى كەتسىڭىز بولىدۇ، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە شۇنى قىلىڭ.

— قوزام، مەن ئىشىمنى قىلىپ بولغان ھەم ئۆزۈمنىڭدىن زېرىكىپمۇ قالغان. ھازىر مېنى ھەرقانچە مەجبۇرلىسىڭىزمۇ قىلمايمەن... ئاشۇ چاغدا سىزگە جىددىي پۇل لازىم بولغاندا مەن بېرىپ تۇرغان، سىز ئېلىپ ئىشلەتكەن، بۇ پۇلنى قانداق ئىشلىتىش توغرۇلۇق كېلىشىممۇ تۈزگەنىدۇق. سىز ئۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلدىڭىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، كىچىك ئالدامچى، سىز ھامان بىر كۈنى پۇل سوراپ يەنە ئالدىمغا بارىسىز، سىزنىڭ مېنىڭ ياردىمىم بىلەن يەن زاۋۇتىدىن بىرنەچچىنى، قېچىردىن بىر نەچچىنى سېتىۋالغۇڭىز، بىرنەچچە قاۋاقخانا ئاچقۇڭىز كېلىدۇ. شۇ چاغدا سىز مەندىن بىر تىيىن ئالالمايسىز.

— پۇل لازىم بولسا بانكىدىن ئالىمەن، رەھمەت سىزگە، — دېدى سىكارلېت تەمكىن تۇرۇپ، ئەمما غەزەپتىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە سىناپ بېقىڭ، مېنىڭ بانكىدىمۇ نۇرغۇن پېيىم بار.

— راستىمۇ؟

— راست، مەن بەزى ئىشەنچلىك كارخانىلارغا بەك قىزىقىمەن.

— باشقا بانكىلارمۇ بار...

— بانكا ئاز ئەمەس، ئەمما مەن ئازراقلا كۈچەيدىغان بولسام، ھەرقانداق بانكىدىن پۇل ئالالمايسىز. پۇل لازىم بولغاندا شىماللىقلارنىڭ يۇقىرى ئۆسۈملۈك بانكىسىدىن ئالسىڭىز بولىدۇ.

— ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنىمۇ خۇشال ئىزدەپ بارالايمەن.

— ئۇلارنى ئىزدەپ بارالىشىڭىزدا گەپ يوق، ئەمما ئۇلار ئالىدىغان ئۆسۈمنى ئاڭلىسىڭىز خۇشال بولالماي قالىسىز.

قوزام، سودا قىلغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە شۇملۇق ئويلايدىكەنسىز، قاتتىق جازالانماي قالمايسىز، شۇڭا مەن بىلەن ناھايىتى ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلغىنىڭىز ياخشى.

— سىز ياخشى نىيەتلىك ئادەم ئەمەسمىدىڭىز؟ پۇلىڭىز، تەسىرىڭىز ھەم بار، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن بىلەن ئاشلىپىدەك قىيىنچىلىقى بار ئادەملەر بىلەن قىرىشىپ نېمە قىلىسىز؟

— سىز ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا قوشۇۋالماڭ، سىز قىيىنچىلىقى بار ئادەملەر قاتارىغا كىرمەيسىز. سىزنىمۇ ھېچقانداق قىيىنچىلىق قورقۇتالمايدۇ. ئاشلىپىنىڭ بولسا راست قىيىنچىلىقى بار. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، كۆچلۈك بىر ئادەم ئۇنى مەڭگۈ قوللىسا، باشلاپ ماڭسا، مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرسا، بۇ باشقا گەپ. مەن بەزى ئادەملەرنىڭ مېنىڭ پۇلۇم بىلەن شۇنداق ئادەملەرگە ياردەم بېرىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن.

— سىز ماڭا بۇرۇن ياردەم بەرگەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ قىيىنچىلىقىم ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە...

— سىز تەۋەككۇلچى، سۆيۈملۈكۈم، قىزىقلا تەۋەككۇلچى. نېمە ئۇچۇن؟ چۈنكى سىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىكى ئەرلەرگە تايانمىدىڭىز، بۇرۇنقى كۇنلىرىڭىزنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلمىدىڭىز، ئاتلانتاغا كېلىپلا چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلدىڭىز. ھازىر مال - مۈلكىڭىز مۇقىم ئاساسقا ئىگە بولدى، سىزدە بىر ئۆلگۈچىنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىۋالغان پۇللا ئەمەس، يەنە جەنۇب ئىتتىپاقىدىن ئوغرىلىۋالغان پۇلمۇ بار. سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىز ئادەم ئۆلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ ئېرىنى تارتىۋېلىش، مەقسەتلىك ئويناش، يالغان گەپ قىلىپ ئادەم ئالداش، خەقنى زىيانغا سېلىشقا ئوخشاش ھۈنەرلىرىڭىز بىلەن كەلگەن. يەنە ئايرىم سۈيىقەستلىرىڭىزمۇ بار، ھەممە ھىيلىلىرىڭىز ئەستايىدىل تەكشۈرسىلا ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان ھىيلىلەر. ئەمما، سىز

قايىل بولغۇدەك ئايال. زېھنى كۆچىگىز، ئىرادىگىز كۆچلۈك، پۇل تېپىشقا ماھىر تەۋەككۈلچى. ئۆزى بىر ئىش قىلالايدىغان ئادەملەرگە ياردەم بېرىش ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ، مەن رىملىقلارغا ئوخشايدىغان مېرۋېتېر خانىمغا قولىدىن ھۆججەت ئالماي ئون مىڭ دوللار بېرىشكە رازى، چۈنكى ئۇ ئايال ئىشنى بىر سىيۇەت پوشكالدىن باشلىغان. ئەمدى ئۇ ھازىر قانداق؟ بولىكىخانىدىن بىرنى ئېچىۋالدى، بىرنەچچە ياش بالا بىلەن ياشىنىپ قالغان بوۋىيى ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ئىشلەپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمگەك قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان فىرانسىيەلىك رېنى دېگەن يىگىتمۇ بۇ ئىشنى ياخشى كۆرۈپ بېرىلىپ ئىشلەۋاتىدۇ... بىچارە تومىي ۋېلبورنمۇ سالامەتلىكى ناچار بولسىمۇ، ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ... ھەي، بولدىلا، دەۋەرمەي، يەنە دېسەم بەربىر قۇلىقىڭىزغا خۇشياقمايدۇ.

— سىزدىن بىزار بولۇشقا باشلىغىنىمغا خېلى بولدى، سارالىڭ بولۇپ قالاي دېدىم، — سىكارلېت ئەتەي ئۇنىڭ چىشىغا تېگىش، ئاشلىي توغرىسىدىكى گەپلەردىن چەتنەش مەقسىتىدە شۇنداق دېگەنىدى. ئەمما، رېت ئۇنىڭ نېمە ئويلىغىنى بىلەن كارى يوق كۈلۈپ تۇرىۋەردى.

— ئاشۇلارغا ئوخشاش ئادەملەر ياردەم قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما، ئاشلىي ۋىلكېسقا ئوخشاشلار... تۇفى! ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر بىزنىڭ بۇ قايناق دۇنيايىمىزدا ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، قىلچە قىممىتى يوق. بۇ دۇنيا ھەر قېتىم ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغاندا بىرىنچى بولۇپ يوقىلىدىغان ئادەملەر ئاشۇلار. نېمىشقا ئۇنداق بولمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ داۋاملىق ياشاشقا سالاھىيىتى يوق، چۈنكى ئۇلار كۈرەش قىلمايدۇ... قانداق كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. دۇنيانىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇشى مۇشۇ بىر قېتىملا ئەمەس، ئاخىرقى قېتىممۇ ئەمەس، بۇرۇن بولغان، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بولىدۇ. ئاشۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندە، شەخسلەرنىڭ ھەممە نېمىسى ۋەيران

بولۇپ پۈتۈن ئادەم باراۋەر بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن كىشىلەر ئىشنى باشقىدىن باشلاپ، قۇرۇق قول ئىگىلىك يارىتىشقا ئاتلىنىدۇ. قۇرۇق قول ئىگىلىك يارىتىش دېگىنىمىز، كاللا بىلەن ئىككى قولغا تايىنىپ ئىش قىلىش، دېگەنلىك. ئەمما، بەزى ئادەملەرنىڭ، مەسىلەن، ئاشلىپىدەكلەرنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدۇ، قوللىرىدىمۇ كۈچ يوق ياكى كاللىسى ئىشلەيدۇ، بىلەكلىرىنىڭمۇ كۈچى بار، لېكىن ئىككىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىدا قېلىپ قېلىۋېرىدۇ، ئۇلار ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. بۇ بىر قانۇنىيەت، بۇ خىل ئادەملەر يوقالسا دۇنيا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا ناھايىتى ئاز سانلىق ئادەملەرلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھەتتا ئۇلار چوڭ ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتىپمۇ كېلەلمەيدۇ.

— سىزمۇ نامراتچىلىقنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەن. دادىڭىز ئۆيدىن قوغلىنىۋەتكەندە يېنىڭىزدا بىر تىيىنمۇ يوقلۇقىنى دېدىڭىز، — دېدى سىكارلېت ئاچچىقى كېلىپ، — ئۇنداق بولغاندىكىن، سىز ئاشلىپىنىڭ دەردىنى چۈشەنسىڭىز توغرا بولىدۇ.

— مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، — دېدى رېت، — ئەمما ئىچ ئاغرىتىشىڭ كېرەك دېسىڭىز، ئۇ مۇمكىن ئەمەس. جەنۇب تەسلىم بولغاندا ئاشلىپىنىڭ مال - مۈلكى مەن ئۆيدىن قوغلىنىپ كەتكەندە بار مۈلكۈمدىن كۆپ جىق ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇنى بەزى دوستلىرى يۆلەيتتى، مەن بولسام جەمئىيەتتە تاشلاندۇق ئادەم ئىدىم. لېكىن، ئاشلىبي شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدى؟

— سىز ئۆزىڭىزچە ئالىيجاناب كاتتا ئادەم تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇۋاتىسىز. ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن... خۇداغا شۈكۈر، ئۇ سىزگە ئوخشىمايدۇ، سىزگە ئوخشاش ئۆزىنى بۇلغاپ، شىماللىق ئالۋاستىلار، تەۋەككۈلچىلەر ۋە ھايانكەشلەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ پۇل تېپىشنى

www.uyghurkitap.com

خالىمىغان، ئۇ ئېھتىياتچان، ساپ دىل ئادەم.

— ئەمما، ئۇ مەن ئېھتىياتچان، ساپ دىل ئادەم دەپ، بىر ئايالنىڭ بەرگەن ياردىمىنى، پۇلىنى ئالماي ئولتۇرمىدى ـ دە.

— ئالمىسا قانداق قىلىدۇ؟

— قانداق قىلىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ مەن پەقەت ئۆزۈمنىلا بىلىمەن، قوغلاپ چىقىرىلغاندا قانداق ئىدىم، ھازىر قانداق، باشقىلار قانداق كېتىۋاتىدۇ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ. بىز كونا خارابىيلىكلەرنىڭ ئىچىدىن پۇرسەت تېپىپ بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلاندۇق. بەزىدە لىللا ئىش قىلدۇق، بەزىدە شۇملۇقلارنى قىلدۇق، ھازىرمۇ ئۇ پۇرسەتلەردىن ئامال بار پايدىلىنىۋاتىمىز. ئاشلىيغا ئوخشاش ئادەملەرگىمۇ بۇ دۇنيادا ئۇنداق پۇرسەتلەر بار، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدۇ، چارە ئىزدىمەيدۇ. سىكارلېت، چارە ئىزدەپ ھارمايدىغان ئادەملەرلا بۇ دۇنيادا ياشاشقا تېگىشلىك.

رېت باتلېر يەنە نېمىلەرنى دېدى، سىكارلېتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، چۈنكى ئۇ رېت گەپ قىلىشقا باشلىغان چاغدىلا بەزى ئىشلارنى غۇۋا ئەسلەشكە باشلىغانىدى، ئەمدى ئۇ ئىشلار ئوچۇقلىششقا باشلىدى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، سوغۇق شامال چىقىپ تۇرغان ھېلىقى چاغدا، تارادىكى باغنىڭ ئىچىدە ئاشلىي ئىككىسى پاراڭلاشقان، ئاشلىي ئۇنىڭ يېنىدا يىراققا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن، شۇ چاغدا ئۇ... ئۇ نېمە دېگەن بولغىيدى؟ ئۇ غەلىتىلا بىر چەت ئەللىك ئادەمنىڭ ئىسمىنى دېدى، خۇددى غەيرىي دىنىنىڭ ئادىمىدەك گەپلەرنى قىلدى، دۇنيانىڭ مەھشەر كۈنى توغرۇلۇقمۇ سۆزلىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمىگەن، ئەمدى چۈشەندى، چۈشىنىپ ھەيران قالدى ھەم ئۆزىنى چارچىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

— ھە راست، ئاشلىي شۇنداق دېگەن...

— نېمە دېگەن؟

— تارادىكى ۋاقتىدا، بىر كۈنى خۇدالارنىڭ مەھشەر كۈنى،

دۇنيانىڭ مەھشەر كۈنى، دېگەندەك بىرمۇنچە يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلغان.

— ھە ! Gotterdammerung ، — رېتنىڭ چىرايىدا غەلىتە بىر قىزىقىش پەيدا بولدى، — ئۇ يەنە نېمە دېدى؟

— ئېسىمدە قالماپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ گەپلىرىگە تازا دىققەت قىلمىغانىدىم. ھە، توغرا، ئۇ يەنە، كۈچلۈكلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاجىزلار قاتاردىن چىقىدۇ، دېگەندەكمۇ قىلغان.

— بۇ گەپچە، ئۇ ھەممىنى چۈشىنىپ تۇرىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بەرمىكى قىيىن. ئۇنداقلارنىڭ كۆپى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي مەڭگۈ گاراڭ ھالەتتە ياشايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شېرىن خىياللىرىنىڭ نەلەرگە يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆمۈرۋايەت بىلمەي ئۆتۈپ كېتىشىدۇ. ھەممىگە چىدايدۇ، تەكەببۇرلارچە ياشىماقچى بولۇشىدۇ، بىر ئىش قىلاي دېسە كۈچى يەتمەيدۇ. لېكىن، ئاشلېي ئۇلارغا ئوخشىمايدىكەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىكەن، ئۆزىنىڭ قاتاردىن چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ بىلىدىكەن.

— ياق، ئۇ قاتاردىن چۈشۈپ قالمايدۇ، مەنلا بولىدىكەنمەن، ئۇنى ھەرگىز قاتاردىن چۈشۈرۈپ قويمايمەن.

رېت ئۇنىڭغا جىمجىت قاراپ تۇراتتى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى ئوچۇق ئىدى.

— سىكارلېت، ئۇنى ئاتلانتاغا كېلىپ زاۋۇتىڭىزنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈشكە قانداق كۆندۈردىڭىز؟ ئۇ تەكلىپىڭىزنى رەت قىلمىدىمۇ؟

سىكارلېت دەررۇلا دادىسىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى، ئەمما ئېسىگە ئالغىنىنى دېمىدى.

— ئەلۋەتتە رەت قىلمىدى، — جاۋاب بەردى ئۇ خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭغا پەقەت ماڭا ياردىمىنىڭ لازىملىقىنىلا ئېيتقان، چۈنكى مەن شۇ چاغدا زاۋۇتنى باشقۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

تورۋۋاتقان ئادەمگە تازا ئىشەنمەيتتىم، فىرانكىنىڭمۇ ئىشى ئالدىراش، ماڭا ياردەم بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە توغۇت ۋاقتىممۇ يېقىنلىشىپ قالغان، شۇڭا ئۇ ماڭا ياردەم بېرىشنى چىن كۆڭلىدىن خالىدى.

— توغۇتنى باھانە قىلىشىمۇ ياخشى ئىش. ئۇنى سىز شۇ گەپ بىلەن قايىل قىلغان. ئەمدى ئۇنى ھازىر ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك جايغا باغلاپ قويدىڭىز، ئۇ ھەممە ئىشقا ئەستايىدىل ئادەم بولغاچقا، خۇددى مەھبۇسلار ھازىر سىزگە باغلىنىپ قېلىۋاتقاندەك سىزگە باغلىنىپ قالدى. مەن ئىككىڭلارنىڭ بەختىنى تىلەيمەن. ئەمما، بايا سىزگىمۇ دېدىم، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھېيلىگەرلىك قىلىپ مەندىن پۇل قەرز ئالىمەن دەپ چۆچۈرىڭىزنى خام سانىماڭ. سىز ئىككى يۈزلىمە ئىكەنسىز.

سكارلېت ئاچچىقلاندى، ئۇمىدسىزلەندى ۋە ئىنتايىن ئازابلاندى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى رېت باتلېردىن پۇل قەرز ئېلىپ، شەھەرنىڭ بىر يېرىدە يەن زاۋۇتىدىن يەنە بىرنى قۇرۇشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ماڭا سىزنىڭ پۇلىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى ئۇ، — يوھان گاللىيگېر باشقۇرۇۋاتقان يەن زاۋۇتى بىلەنمۇ نورغۇن پۇل تاپىمەن، چۈنكى ھازىر ھۆر نېگىرلارنى ئىشلەتمەيدىغان بولدۇق. مېنىڭ يەنە گۆرۈگە قويغان پۇلۇممۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇكىنىمىزدا نېگىرلارنىڭ سودىسىنىمۇ قىلىمىز، بۇنىڭدىنمۇ نورغۇن پايدا ئالغىلى بولىدۇ.

— شۇنداق، بۇنى مەنمۇ ئاڭلىغان. سىز تولىمۇ ئەقىللىق ئايال. مەھبۇسلار تورمۇشتا يۆلەنچۈكى يوق ئادەملەر ئۇنىڭدىن باشقا، تۇل خوتۇن، نادان ئادەملەرنى يىغىۋېلىپ شۇلار ئارقىلىقمۇ پۇل تېپىۋېتىپسىز. ئەگەر پۇل تاپمىسىڭىز بولمايدىغان ئەھۋالدا قالغان بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن پۇلى بار ئادەملەرنى تاپماي، ئاجىز، كەمبەغەللەرنى تاپىسىز؟ روبىنزون پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بايلارنى بۇلاپ كەمبەغەللەرنى

يۆلەش ئالىيجاناب ھەرىكەت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.
— كەمبەغەللەردىن پۇل تاپماق ئاسان، خەتىرىمۇ ئاز، — دېدى سىكارلېت ئىچىدىكىنى يوشۇرمايلا.
رېت مۇرىلىرىنى لىكىلدىتىپ كۈلۈپ كەتتى.
— سىكارلېت، سىز ناھايىتى مەرد لۈكچەك ئىكەنسىز.
لۈكچەك؟ بۇ گەپمۇ ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىتتى. قىزىق ئىش! مەن لۈكچەك ئەمەس، ئۇ ھاياجان ئىچىدە تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئۇنداق لۈكچەكلەردىن بولغۇسى يوق، ئىناۋەتلىك خانىم بولماقچىدى. بىردىنلا ئۇ خېلى يىللار ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدى، ئاپىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ۋۇجۇدىدىن خۇش پۇراق تارقىتىپ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، نازۇك قوللىرى بىلەن چارچىغىنىغا قارىماي خەقلەرنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ ھەممە ئادەمنىڭ مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى ۋە شۇلارنى ئويلاپ تۇيۇقسىزلا بىئارام بولۇشقا باشلىدى.
— ئەگەر سىز مېنى ئەتەي قىيناپ ئويناماقچى بولسىڭىز بىكار ئاۋارە بولىسىز، — دېدى سىكارلېت. چىرايىدىن ئازراق ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، — مەن يېقىندىن بېرى ئۆزۈمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېھتىياتچانلىقنى ساقلاپ قالالمىدىم، كىچىك ۋاقتىمدا ئالغان تەربىيەم بويىچە كەڭ قورساق، مېھرىبانمۇ بولالمىدىم. ئەمما، رېت، ئۇنىڭغا ئامالىم يوق، ھەقىقەتەن ئامالىم يوق. شۇنداق قىلماي نەچارە؟ ھېلىقى شىمالىلىق ئەسكەر تاراغا باستۇرۇپ كىرگەندە بوشاڭلىق قىلغان بولسام قانداق بولاتتى؟ ۋاد بىلەن مەن، پۈتۈن تارا ۋە باشقىلار قانداق ئاقىۋەتكە قالاتتۇق؟ شۇ چاغدا شۇنداق قىلماي... ھازىر مەن ئۇ ئىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن. يەنە جوناس ۋىلكېرسون ئۆيىمىزنى تارتىۋالماقچى بولغاندا كەڭ قورساق، ئېھتىياتچان بولغان بولسام قانداق بولاتتى؟ ھازىر بىز قايسى ئۆيلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇراتتۇق؟ شۇ چاغدا مەن يەنە گۈدەكلىك قىلىپ فىرانكقا تەگمىگەن بولسام، ئۇ قەرزلەرنى، باجنى نەنىڭ پۇلى بىلەن تۆلەيتتىم؟ ھەي، بولدىلا، گەپ قىلمايلا قويااي، بەلكىم مەن لۈكچەكتۇرمەن، رېت، ئەمما مەڭگۇ لۈكچەك بولۇپ ئۆتۈشنى ھەرگىز خالىمايمەن. مەن شۇ چاغلاردا ھەم ھازىر شۇنداق قىلمىسام قانداق قىلاتتىم؟ ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا قانداق چىقىش يولى بار ئىدى؟ شۇ چاغدىكى مېنىڭ ھالىتىم ئۈستىگە لىق يۈك بېسىلىپ، سۇ ئۈستىدە لەپەڭشىپ ئاران كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشايتتى، ئۇنداق چاغدا ئانچە مۇھىم بولمىغان، تاشلىۋەتسىمۇ ئېچىنمايدىغان نەرسىلەرگە قارايدىغانغا نەدە ئادەمنىڭ چولىسى؟ مەسىلەن، يۇرۇش - تۇرۇش، كىيىنىش، ھەم باشقا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلارغا. مەن كېمەمنىڭ چۆكۈپ كېتىشىدىن شۇنچىلىك ئەنسىرەيتتىم، شۇڭا بەكمۇ مۇھىم ئەمەس نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىشكە رازى ئىدىم.

— غۇرۇر، يۈز - ئابرۇي، سەمىمىي يۈرەك، پاك دىل ۋە مەردانىلىقلارنى، — دېدى رېت ئۇ نەرسىلەرنى بىردىن - بىردىن تىلغا ئېلىپ، — سىكارلېت، سىزنىڭ قىلغىنىڭىزمۇ توغرا. كېمە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپىمۇ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ئەمما، ئەتراپىڭىزدىكى دوستلىرىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، ئۇلار يا كېمىلىرىنى ساق - سالامەت قىرغاققا يەتكۈزۈۋالدى ياكى رەتلىك كىيىنىپ تۇرۇپ كېمىسى بىلەن بىللە چۆكۈپ كېتىشكە رازى بولدى.

— ئۇلار ئەخمەق ئادەملەر، — دېدى سىكارلېت غەزەپ بىلەن، — بىر مەزگىل بىر مەزگىلگە ئوخشىمايدۇ. مەن پۇل تاپقاندا سىز دېگەندەك ياخشى ئادەملەردىن بولساممۇ بولىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ياۋاش ئادەم بولالايمەن ھەم شۇنداق قىلالايمەن.

— سىز ھازىرمۇ قىلالايسىز، ئەمما خالىمايسىز. سۇغا چۆشۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى سۈزۈۋېلىش ئاسان ئەمەس، سۈزۈۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئەسلىگە

ياندۇرماق قىيىن. سىز تاشلىۋەتكەن يۈز ـ ئابرۇي، پاكلىق ۋە مەردلىكلەرنى سۈزۈۋالغان ۋاقتىڭىزدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ دېڭىزنىڭ ئاستىدا تۇرىۋېرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەمما، مېنىڭچە، تولۇق ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ ياكى ئۆزگىرىپ باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ...

رېت باتلېر شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كېتەمسىز؟

— شۇنداق، ئەمدى يېنىك تىنغانسىز؟ ئەگەر ۋىجدانىڭىز پاك بولىدىغان بولسا، مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئوبدانراق سوراپ بېقىڭ.

ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ ئېڭىشىپ بالىغا قارىدى ۋە بىر بارمىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— فىرانك بۇ بالىسى بىلەن خۇشالدۇر ھەرقاچان؟

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە.

— بالىسى ئۇچۇن نۇرغۇن ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ قويغاندۇ؟

— ئەرلەرنىڭ بالىلىرى توغرۇلۇق ھەرخىل خىياللارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى رېت باتلېر. ئاندىن ئۇشتۇمتۇت گېپىنى توختىتىۋالدى، چىرايىدا غەلىتە بىر ئىپادە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئەگەر ئۇ قىزى ئۇچۇن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەيدىغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى، بۈگۈنكىدەك كەچلىرى سىرتقا چىقىپ كەتمەي ئۆيىدە ئولتۇرسۇن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ھېچنېمە دېگىنىم ئەمەس، ئۆيىدە ئولتۇرسۇن شۇ.

— نېمىدېگەن ئەسكى ئادەم سىز! بىچارە فىرانكنى شۇنداق دېيىشكە قانداق جۈرئەت...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ۋاي - ۋۇي خۇدايىمەي، — دېدى رېت باتلېر بار ئاۋازى بىلەن كۇلۇپ كېتىپ، — مەن ئۇنى ئايالالار بىلەن ئويۇنغىلى چىقىپ كېتىۋاتىدۇ دېمەكچى ئەمەس! فىرانك، ئۇ... ۋاي خۇدايىم!

ئۇ كۇلگەن پېتى پەلەمپەيدىن چۇشۇپ كەتتى.

## قىرىق تۆتىنچى باب

مارت ئېيى، بىر كۇنى چۇشتىن كېيىن شامال چىقىپ هاۋا بەكمۇ سوۋۇپ كەتتى. سكارلېت پەيتون بىلەن يوهان گالىلېگېر باشقۇرۇۋاتقان پەن زاۋۇتىغا كېتىۋاتاتتى. تىزىغا يېپىۋالغان ئەديىالنى يۇقىرىغا تارتىپ قولتۇقىدىن ئۆتكۇزۇپ ئورىۋالدى. بۇ كۇنلەردە ئۆزى يالغۇز پەيتون هەيدەپ چىقىش خەتەرلىك ئىدى، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلەتتى. هازىر نېگىرلارغا بولغان كونتروللۇق بوشاپ كەتكەن بولغاچقا، ئەهۋال باشقا چاغلاردىكىدىن كۆپ خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى. ئاشلېي ئالدىن ئېيتقاندەك، ئىشتات پارلامېنتى ئۆزگەرتىش لايىهەسىنى تەستىقلىمىغاندىن كېيىن، ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىدىغان ئىشلار باشلىنىۋاتاتتى. پارلامېنتنىڭ ئۇ لايىهەنى تەستىقلاشنى رەت قىلىشى شىماللىقلارغا كاچات بولۇپ تېگىپ، ئاچچىقىدا ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىدى هەم ئۆچ ئېلىش ناهايىتى تېز باشلىنىپ كەتتى. نېگىرلارنىڭ سايلام هوقۇقىنى قولغا كەلتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۇچۇن، جورجىيەدە توپىلاڭ بولدى دەپ جاكارلاپ، ئەڭ قاتتىق هەربىي هالەت يۇرگۇزدى. جورجىيە ئايرىم ئىشتاتلىق هالىتىدىن قېلىپ، فىلورىدا ئىشتاتى ۋە ئالاباما ئىشتاتى بىلەن بىر قاتاردا هەربىيلەر ئىدارە قىلىدىغان ئۇچىنچى رايون قىلىپ ئايرىلدى، ئۇ يەرنى قوشما ئىشتاتنىڭ بىر گېنېرالى باشقۇرىدىغان بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇش ئەنسىزلىككە تولدى. كىشىلەر

تېخىمۇ بەكرەك ئالاقزەدىلىككە چۈشتى. بۆلتۈرقى ھەربىي ھالەت بۇيرۇقلىرى خېلى قاتتىق ئىدى، ئەمما ھازىر گېنېرال پوپې چاكارلىغان بۇيرۇقلارغا قارىغاندا ئۇ چاغدىكىسىنى خېلىلا بوش دېيىشكە بولاتتى. جورجىيەگە نېگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئېھتىماللىقى ھەممە ئادەمنىڭ پەركايىنى ئۇچۇرغان، ئۇمىدلەر يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قاراڭغۇلۇق، ۋەسۋەسە ۋە ئازاب ئىگىلىگەنىدى. نېگىرلار يېڭىدىن ئېرىشكەن مۇھىم ئىجتىمائىي ئورنىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قېلىشمىغانىدى. شىماللىق ئالۋاستىلار ئارقا تىرەك بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ ھېچكىمنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى.

سكارلېت قورقۇنچلۇق ۋە قالايمىقان بۇ ۋەزىيەتتىن قورقۇپ قېلىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ يەنە ئىلگىرىكىدەك قەيسەر ئىدى. فىرانكنىڭ تاپانچىسىنى پەيتونىنىڭ قولغا يېقىن بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئۆزى يالغۇز سىرتقا پەيتونى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋېرەتتى. ئىچىدە ئىشتات پارلامېنتىنى كۆپچىلىككە بۇ بالا ـ قازانى تېپىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مىڭنى تىللاپ ماڭاتتى. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بۇنداق باتۇرلۇق، ھەممە ئادەم ماختايدىغان ئۇ خىل پالۋانلىقنىڭ زادى نېمىگە پايدىسى بار؟ مانا، ئاخىر ئۇ ئىشنى بۇزدى.

يەنە ئازراق ماڭسا شالاڭ بىر دەرەخلىككە چىقاتتى، ئۇ يەر كەمبەغەللەرنىڭ ئەسكى ئۆيلىرى جايلاشقان مەھەللە ئىدى. سكارلېت ئېتىغا قامچا ئۇرۇشقا باشلىدى، ھەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە سكارلېتنى سۈر بېسىپ كېتەتتى. ھەممە يەر تاش ئۆيلەر، ئەسكەرلەر تاشلاپ كەتكەن چېدىرلار بىلەن قاپلانغانىدى. بۇ ئاتالتانىڭ نامى ئەڭ يامان رايونى بولۇپ، ئاساسەن ماكانى يوق نېگىرلار، پاھىشە بولۇپ كەتكەن نېگىر ئاياللار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كەمبەغەل ئاق تەنلىكلەر ياشايتتى، نېگىرلار ياكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدە جىنايەت

ئۆتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالىدۇ دەيدىغان گەپمۇ ئەل ئارىسىدا ئېقىپ يۈرەتتى. شىماللىقلارنىڭ ئەسكەرلىرى بىر ئادەمنى ئىزدىمەكچى بولسا ئاۋۋال مۇشۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرەيتتى. ئادەم ئۆلتۈرۈش، يارىدار قىلىشتەك ئىشلارنىڭ بۇ يەردە ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھۆكۈمەت ئادەملىرىمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ دېلو تەكشۈرۈشتىن قاچاتتى، كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ يامان ئىشلارنى ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىپ كېتىۋېرەتتى. ئارقىدىكى ئورمانلىقتا ھاراق ياسايدىغان بىر يەر بار ئىدى، قوناق بىلەن سۈپىتى تۆۋەن ۋىسكىيلارنى ئىشلەپ چىقاتتى. كەچ كىرگەندىن كېيىنلا بۇ يەردە ئۇرۇش ـ تىللاش، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار باشلىنىپ كېتەتتى.

شىماللىقلارمۇ بۇ يەرنىڭ ئەسكى ئىشلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى، كۆزدىن يوقاتمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما تەدبىر قوللانمايتتى. ئاتلانتا بىلەن دېكاتورنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ بۇ يەرگە بولغان غەزىپى پەلەككە يېتىۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ يەر ئىككى شەھەرگە بارىدىغان بىردىنبىر يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانىدى. ئەرلەر بۇ يەردىن ئۆتكەندە تاپانچىسىنى بەتلەپ قويۇپ ماڭاتتى، ئاياللار زادىلا ماڭالمايتتى، ئېرى يېنىدا بولسىمۇ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى، چۈنكى ھاراقكەش نېگىر خوتۇنلار ھاراق ئىچىۋېلىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاپ تۇراتتى.

بۇرۇن ئارچىي يېنىدا بولغاچقا، سكارلېت بۇ يەردىن ئۆتكۈچە قورقۇش دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئەڭ يامان نېگىر خوتۇنلارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇشقىمۇ پېتىنالمايتتى. كېيىن ئۆزى يالغۇز ماڭىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئادەمنى خاپا قىلىدىغان ياكى باش ئاغرىتىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. نېگىر خوتۇنلار ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيتتى. سكارلېت ئامال قىلالماي،

دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قايتىپ كېلەتتى، ئۇ يەردە ئۇچرىغان ئىشلارنى ئۆيدىكىلىرىگىمۇ، دوستلىرىغىمۇ تىنمايتتى. تىنسا، ئۇلار: «نېمىشقىمىزگە نېمە يەتمەي سىرتلاردا ئۆزىڭىز يالغۇز يۈرىدىغانسىز؟» دېيىشەتتى. ئۆيدىكىلىرىمۇ ئۇنى سىرتقا چىقىشتىن قاتتىق چەكلەيتتى. ئۆزىنىڭ بولسا شۇ ئىش بىلەن سىرتقا چىقىشنى توختىتىپ قويغۇسى كەلمەيتتى.

خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن دەل بۇ يولدا ئۇ نېگىر خوتۇنلار كۆرۈنمەيتتى. شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ بىر ياندا ئاپتاپتا چوقچىيىپ تۇرغان بىرمۇنچە ئەسكى ئۆيلەرنى كۆردى، ئۇ ئۆيلەردىن كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ، قازاندا پىشىۋاتقان چوشقا گۆشىنىڭ پۇرىقى، يەنە ئۆيلەرنىڭ يېنىدىكى ئۇستى ئوچۇق ھاجەتخانىنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرى كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. سكارلېت بۇ پۇراقلارنىڭ سېسىقچىلىقىغا چىدىماي ئېتىغا بىر قامچا سېلىۋىدى، ئات ئىتتىك چېپىپ كەتتى.

ئۇ ئەمدىلا يېنىك تىنىپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت بىر تۈپ دەرەخنىڭ كەينىدىن ئېگىز بوي بىر نېگىر چىقىپ قېلىپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىنى ئىتتىك توختاتتى ـ دە، تاپانچىسىنى تىقىپ قويغان يېرىدىن قولىغا ئالدى.

— نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ توۋلىدى ئۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىگە مەدەت بېرىپ تۇرۇپ. ئۇ نېگىر يەنە دەررۇلا دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى، بەرگەن جاۋابىدىن ئۇنىڭمۇ قورقۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— سكارلېت خانىقىز، ئوق چىقارماڭ، مەن دارازا سام بولىمەن.

دارازا سام! سكارلېت ئۇنىڭ گېپىنى دەرمەھەل چۈشىنەلمەي قالدى. سام تارانىڭ ئىش بېشى ئىدى، شەھەر قورشاۋدىكى چاغدا سكارلېت ئۇنى مۇشۇيەردە ئاخىرقى قېتىم كۆرگەنىدى. ئۇ بۇ يەردە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئالدىغا چىق، راست سامىمۇ سەن، كۆرۈپ باقاي!
ئۇ ئادەم ناھايىتى تەستە دەرەخنىڭ كەينىدىن چىقتى. پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى، ئۇچىسىدا پۇرلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن ئىشتان، شىماللىق ئەسكەرلەرنىڭ كۆك رەڭلىك چاپىنى تۇراتتى، چاپىنى قىسقا ھەم تار ئىدى. سكارلېت ئۇنى تونۇدى، ئۇ راستلا سام ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاپانچىسىنى ئورنىغا قويۇپ قويدى، چىرايىمۇ خۇشاللىق بىلەن ئېچىلدى.
— ئاھ، سام، سېنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم.
سام يۇگۇرۇپ پەيتونىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چاقناپ تۇراتتى. ئۇزىنىڭ پۇتىغا ئوخشاش يوغان قوللىرى بىلەن سكارلېتنىڭ ئۇزىگە سوزغان نازۇك قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. تاۋۇزنىڭ شاپىقىغا ئوخشايدىغان تىلى توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى، بەدىنىمۇ توختىماي ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ھەرىكىتى ئۇيگە قارايدىغان ئىتنىڭ ئۇياق ـ بۇياققا سەكرەپ تۇرغىنىغا ئوخشاش كۈلكىلىك ئىدى.
— ۋاي خۇدايىمەي، ئۇيدىكىلەرنى قايتا كۆرگىنىمگە شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — ئۇ توختىماي سكارلېتنىڭ قولىنى سىلكىپ بېغىشىدىن ئاجرىتىۋەتكىلى ئازلا قالدى، — سىزمۇ نېمانداق ئەسكى بولۇپ كەتتىڭىز، سكارلېت خانقىز؟ تاپانچا ئېلىۋاپسىزغۇ؟
— بۇ كۈنلەردە يامان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى، سام، شۇڭا تاپانچا ئېلىپ يۈرىمەن، بۇنداق ئەسكى يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ سەن دېگەن تەربىيە كۆرگەن نېگىر تۇرساڭ؟ نېمىشقا شەھەرگە كىرىپ مېنى ئىزدىمىدىڭ؟
— سكارلېت خانقىز، مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن، بىر ئىش بىلەن كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. بۇ يەرنىڭ نېگىرلىرىدەك ھۇرۇن نېگىرلارنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان. سىزنىڭ ئاتلانتادا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن، سىزنى

هازىرمۇ تارادا دەپ ئويلاپ، پۇرسەت بولسا بىرىپ كەلسەم دەپ يۈرەتتىم.

— قورشاۋدىن كېيىن ئاتلانتادىن چىقمىدىڭمۇ؟

— چىقتىم. خانقىز، باشقا يەرلەرگىمۇ باردىم، — ئۇ سكارلېتنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى، سكارلېت ئاغرىپ كەتكەن قولىنى بوش سىلكىپ قويدى، — ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

سكارلېت شۇ چاغنى ئەسلىدى. ئۇ شەھەر قورشاۋغا ئېلىنىشىنىڭ هارپا كۈنى بولۇپ، هاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى، رېت باتلېر بىلەن پەيتوندا كېتىۋاتقاندا بىر توپ نېگىرلارنى باشلاپ كېتىۋاتقان سام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۇلار «بارغىن مۇسا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ خەندەكلەر تەرەپكە كېتىشىۋاتاتتى. سكارلېت ئېسىگە ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بىز شۇ چاغدا تىنماي خەندەك كولىدۇق. تاغارلارغا قۇم قاچىلىدۇق، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنلىرى ئاتلانتادىن چىقىپ كەتكۈچە توختىمىدۇق. بىزگە باشچىلىق قىلىۋاتقان باشلىقىمىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. بىزنى باشلايدىغان ئادەم يوق، ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇپ يۈردۇق. تاراغا قايتىپ كەتكۈم كەلدى، لېكىن تارانىڭمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول خېتىم يوق، يولدا شىماللىقلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقتۇم. كېيىن شىماللىقلار كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پولكوۋنىك مېنى يارىتىپ قېلىپ ئېتىغا قاراشقا، ئايغىنى مايلاشقا قويدى. خانقىز، تارادىكى ۋاقتىمىزدا ئاجايىپ ياخشى ئىدۇق، مېنىمۇ پوركقا ئوخشاش ئىش بېشىلىقىغا قويدۇڭلار. مەن ئۇ پولكوۋنىكقا ئۆزۈمنىڭ تىرىكچىلىق قىلغان ئادەملىكىمنى دېمىدىم. ئۇلارمۇ تازا گالۋاڭ نېمىلەر ئىكەن، ھېچنېمىنى بىلمىدى. ئاڭغىچە گېنېرال شېرمان ساۋاننانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، مەنمۇ پولكوۋنىك بىلەن ساۋانناغا باردىم. مەن

www.uyghurkitap.com

يول بويىدا كۆرگەن قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان... كۆيدۈرۈپ، ئېتىپ، قىلمىغانلىرى قالمىدى ئۇلارنىڭ. خانقىز، تارانى كۆيدۈرۈۋېتىشمىگەندۇ؟

— ئۇلار ئوت قويۇۋەتكەن، ئەمما ئۆچۈرۈۋالدۇق.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، تارا مېنىڭ ئۆيۈم. هازىرمۇ ئۇ يەرگە قايتىپ بارغۇم بار. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ پولكوۋنىك ماڭا: «سام، مەن بىلەن شىمالغا كەتكىن، سېنى مائاش بېرىپ ئىشلىتىمەن» دېدى. ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ باشقا قۇللارغا ئوخشاش ھۆرلۈكنىڭ تەمىنى تېپىپ باققۇم بار ئىدى. بوستون دېگەن جايلارغا باردىم، پولكوۋنىك بوستوندىن ئىكەن. ئاھ، خانقىز، مېنىڭ بارغان يەرلىرىم ئاز ئەمەس، ئۇ يەرلەرنىڭ كوچىلىرىدا ماشىنا، پەيتون دېگەندەك نەرسىلەر بەكمۇ كۆپ ئىكەن، ماشىنىلارنىڭ ئاستىدا قالارمەنمۇ دەپ بەك قورقتۇم.

— شىمالنى ياخشى كۆردۈڭمۇ، سام؟

— ياخشى كۆردۈم ھەم ياخشى كۆرمىدىم. ئۇ پولكوۋنىك ئوبدان ئادەم ئىكەن، نېگىرلارنى چۈشىنىدىكەن. خانىمى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىكەن. ئۇياق مېنى تۇنجى كۆرۈشكەندىلا «ئەپەندى» دېدى. بۇ گەپ ماڭا غەلىتىلا ئاڭلىنىپ كەتتى. كېيىن پولكوۋنىك ئۇنىڭغا ئىسمىمىنىڭ سام ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سام دەپ ئاتايدىغان بولدى. باشقا شىماللىقلار مېنى تۇنجى كۆرگەندە «ئوخارا ئەپەندى» دەپ ئاتاشتى، مەن خۇددى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئادەمدەك ئۇستەللىرىگىمۇ تەكلىپ قىلىپ بىللە ئولتۇرۇشتى. لېكىن، ئۇلار كۆڭلىدە مېنى ياخشى كۆرمىدى... باشقا نېگىرلارنىمۇ ھەم شۇنداق. يوغانلىقىمغا قاراپ مەندىن قورقۇپمۇ قېلىشتى. يەنە تېخى مەندىن ئۇۋۇ ئىتى سېنى قانداق قوغلاپ كەتكەن، غوجايىنىڭ قانداق ئۇرغان دەپ سوراپ كېتىشتى. خۇدا بىلىدۇ، سىكارلېت خانقىز، مەن نەدە غوجايىنلىرىمدىن تاياق يېگەن؟ گېلارد بېگىم ماڭا ئوخشاش كۆپ پۇلغا يارايدىغان قۇللارنى ھەرگىز

ئۇرمايتتى، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

مەن ئۇلارغا شۇ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردىم. يەنە خانىمنىڭ بىز نېگىرلارغا قانچىلىك مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، ئۆپكەمگە سوغۇق تېگىپ قالغاندا كېچە ـ كېچە ئۇخلىماي مېنى بىر ھەپتە داۋالاپ، كۈتۈپ ساقايتقانلىقىنى دېدىم. لېكىن، ئۇلار ئۇ گەپلىرىمگە زادىلا ئىشەنمىدى. خانقىز، مەن خانىمنى، تارانى سېغىندىم. كېيىن زادىلا چىدىماي بىر كېچىدىلا قېچىپ چىقىپ يوك پويىزى بىلەن ئاتلانتاغا كېلىۋالدىم. تاراغا بېرىپ خانىمنى، بېگىمنى كۆرۈپ كەلگۈم بار. بۇ ھۆرلۈكتىنمۇ جاق تويدۇم. ماڭا ئۇچ ۋاخلىقىمغا تويغۇدەك تاماق بەرسە، نېمىنى قىلسام بولىدۇ، نېمىنى قىلسام بولمايدۇ، دەپ بەرسە، كېسەل بولسام داۋالاپ قويسا بولىدى. ئۆپكەمگە يەنە سوغۇق تەگكۈزۈۋالسام قانداق قىلىمەن؟ شىماللىقلارنىڭ خوتۇنلىرى مېنى داۋالامدۇ؟ ئۇ مۇمكىن ئەمەس. مېنى «ئوخارا ئەپەندى» دەپ ھۆرمەت قىلىشقان بولسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ماڭا قارىمايدۇ. لېكىن، خانىم ئۇنداق ئەمەس، ماڭا ئوبدان قارايدۇ... سىكارلېت خانقىز، نېمە بولدىڭىز؟

ـــ دادام بىلەن ئاپام ئۆلۈپ كەتتى، سام.

ـــ ئۆلۈپ كەتتى؟ سىكارلېت خانقىز، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ سىز ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ.

ـــ چاقچاق ئەمەس، راست، ئاپام شېرمانىنىڭ قوشۇنى تاراغا كەلگەن چاغدا ئۆلۈپ كەتتى. دادام... بۇلتۇر ئالتىنچى ئايدا قازا قىلدى. سام، يىغلىما، يىغلىمىساڭچۇ! سەن يىغلىساڭ مەنمۇ يىغلايمەن. ھازىر بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ ساڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىمەن... سۇئېللېن خانقىز ھازىر تارادا، ناھايىتى ئوبدان بىر يىگىتكە تېگىۋالدى. ئىسمى ۋىل بېنتېن ئەپەندى. كاررىن خانقىز... ـــ سىكارلېت گېپىنى توختىتىۋالدى. بۇ يىغلاڭغۇ ئادەمگە موناستىر دېگەننىڭ قانداق

www.uyghurkitap.com

يەر ئىكەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولسۇن، — ئۇ هازىر چارلىۋېتىپ بولغاندا. پورك بىلەن پىرىنسىپ تارادا... سام، بولدى، يېشىڭنى سۈرتۈۋەت، سېنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەتكۈڭ بارمۇ؟

— بار، بىراق ئۆيدە مەن ئويلىغاندەك خانىم بولغان بولسا...

— ئەمىسە ئاتلانتادا قېلىپ مېنىڭ ئىشلىرىمغا ياردەملەشسەڭ قانداق؟ ماڭا پەيتون ھەيدەيدىغان بىرسى كېرەك. هازىر ئەسكى ئادەملەر كۆپ بولۇپ كەتتى. شۇڭا يېنىمدا بىر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ.

— شۇنداق، سىزگە بىر ئادەم بولمىسا زادى بولمايدىكەن. مەنمۇ سىزگە بۇ گەپنى دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىم. ئۆزىڭىز يالغۇز پەيتون ھەيدەپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بېرىپ يۈرسىڭىز خەتەرلىك، سكارلېت خانقىز. هازىر بەزى نېگىرلار بەك ئەسكى، بولۇپمۇ بۇ تەرەپتە ئولتۇرىدىغانلار. بۇ يەردە ئىككى كۈنلا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىز توغرۇلۇق قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىدىم. تۈنۈگۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا هېلىقى بۇزۇق نېگىر خوتۇنلىرى سىزگە قاراپ شۇنداق سەت ۋارقىرىدى. مەن سىزنى شۇ چاغدا تونۇۋالدىم، پەيتونىڭىز ئىتتىكلەپ كېتىپ يېتىشەلمەي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قويدۇم، راست. ئۇلارنىڭ بۈگۈن چىقمىغانلىقىغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— دىققەت قىلدىم، رەھمەت ساڭا، سام. قانداق، پەيتونۇمنى ھەيدەپ بېرەمسەن؟

— سكارلېت خانقىز، سىزنىڭ ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت، بىراق مېنىڭ يەنىلا تاراغا بارغۇم بار.

سام يەرگە قارىۋېلىپ باشمالتىقى بىلەن يەرنى سىجاپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

— ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىمايسەن؟ مەن ساڭا نۇرغۇن

ھەق بېرىمەن، مېنىڭ يېنىمدا قېلىپ قال.

ئۇنىڭ قاپقارا يۇزىدىكى ئىپادىدىن، ئىچىدىكىنى خۇددى كىچىك بالىنىڭ چىرايىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدىغاندەك ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سىكارلېتقا قارىدى. چىرايىدا بىر خىل قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ پەيتونغا يېقىنراق كېلىپ، بوش ئاۋازدا:

— سىكارلېت خانقىز، مەن ئاتلانتادىن كەتمىسەم پەقەت بولمايدۇ، چوقۇم تاراغا بېرىشىم كېرەك، ئۇ يەرگە بېرىۋالسام مېنى ئۇلار تاپالمايدۇ، مەن... بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان.

— نېگىرمۇ؟

ـــ ياق، ئاق تەنلىك، شىماللىق بىر ئەسكەرنى، ئۇلار مېنى ئىزدەۋاتىدۇ، شۇڭا مەن مۇشۇيەردە تۇرغان.

— ئۇ ئىش قانداق يۈز بەرگەن.

— ئۇ مەست بولۇپ قېلىپ ماڭا بولمىغۇر گەپلەرنى قىلغان، ئاچچىقىمغا پايلىماي بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمەن... ئەسلىدە ئۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى، سىكارلېت خانقىز، قولۇم بەكمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، بىردەمدىلا ئۆلۈپ قاپتۇ. قاتتىق قورقۇپ كېتىپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي مۇشۇيەرگە كېلىپ قالدىم. تۈنۈگۈن بۇ يەردە سىزنى كۆرۈپ: خۇداغا شۈكۈر، بۇ ياق سىكارلېت خانقىز ئەمەسمۇ؟ ئۇ ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى، ھازىرمۇ مېنى شىماللىقلارغا تۇتۇپ بەرمەس. مېنى چوقۇم تاراغا يولغا سېلىپ قويىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

— ئۇلار بۇ ئىشنى سېنىڭ قىلغىنىڭنى بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ. بويۇم ئېگىز تۇرسا، ئۇلارنىڭ تونۇيالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، مەن ئۆزۈمنى ئاتلانتا بويىچە ئەڭ ئېگىز ئادەممەنمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئۇلار تۈنۈگۈن ئاخشام بۇ يەرگە كېلىپ مېنى ئىزدىدى. بىر نېگىر قىز مېنى ئورمانلىقتىكى بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قويدى، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن چىقىۋالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سكارلېت خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ سامنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىدىن چۆچۈپ ياكى قايغۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىگە پەيتون ھەيدەپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇراتتى. سام ئاشۇ قامىتى بىلەن ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى بولغان بولسا، بۇنىڭ رولى ئارچىبىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئەمدى ئۇنى ساق ـ سالامەت تاراغا يەتكۈزۈپ قويۇش كېرەك، ساقچىلار ئۇنى تۇتۇپ كەتسە بولمايدۇ، بۇ نېگىر قولىدىن نۇرغۇن ئىش كېلىدىغان ئادەم، ئۇنى دارغا ئېسىۋەتسە بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. ئۇ تارادىكى ئەڭ ياخشى ئىش بېشىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. سكارلېت ئۇنى ھازىرغىچە ھۆرلۈككە ئېرىشكەن نېگىر دەپ قارىمايتتى، پورك، نېگىر ئانا، ئاشپەز نېگىر پىرىسسىيلارغا ئوخشاش دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھازىرمۇ «بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئەزاسى»، شۇڭا ئۇنى قوغداپ قېلىش كېرەك.

— مەن سېنى بۈگۈن كېچىدىلا تاراغا يولغا سېلىۋېتىمەن، — دېدى سكارلېت ئاخىرىدا، — سام، ھازىر مەن ئۇ تەرەپكە بارمىسام بولمايدۇ. كەچتە قايتقۇچە يەنە مۇشۇ يەردىن ئۆتىمەن. بارىدىغان يېرىڭنى ھەرگىز باشقىلارغا دېمە. يۈزۈڭنى توسۇپ تۇرىدىغانغا شىلەپىدىن بىرنى تېپىپ كىيىۋال.

— شىلەپەم يوق.

— مانا بۇ يىگىرمە بەش تىيىننى ئېلىپ، بىرەر نېگىردىن سېتىۋال، ئاندىن مۇشۇ يەردە مېنى ساقلا.

— بولىدۇ، خانقىز، — ئۇنىڭغا نېمە قىلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدىغان ئادەم چىققاچقا، ئۆزىنى ئەركىن سەزدى، چىرايىدىمۇ روھلىنىش پەيدا بولدى.

سكارلېت يولغا چىقىپ يول بويى خىيال قىلىپ ماڭدى: ۋىل چوقۇم ئۇنىڭدەك بىر ياخشى تېرىقچىنى قارشى ئالىدۇ. پورك ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا خام. بۇنىڭدىن كېيىن پىششىمۇ مۇمكىن ئەمەس، سام بارسا پورك ئاتلانتاغا كېلىپ دىلسىي بىلەن بىللە بولالايدۇ، دادام ھايات ۋاقتىدا ئۇلارغا شۇنداق ۋەدە بەرگەن.

زاۋۇتقا يېتىپ بارغاندا كۆن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. بايا سام بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. يوھان گالللىگېر زاۋۇتتىكى ئەسكى بىر ئۆيىنىڭ پېشايۋىنىدا تۇراتتى، ئۇ ئۆي زاۋۇتنىڭ ئاشخانىسى ئىدى. يەنە بىر تاش ئۆيمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئۇخلايدىغان ئۆي ئىدى. ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر كۆتەكتە تۆت ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلار سىكارلېت يوھاننىڭ قولىغا تاپشۇرغان مەھبۇسلار ئىدى، ئۇستىدە تەردە پىشىپ پاسكىنىلىشىپ كەتكەن مەھبۇس كىيىملىرى تۇراتتى، ماڭغاندا پۇتلىرىدىكى كىشەنلەر شاراقشىپ كېتەتتى، تۆتىلىسىنىڭ چىرايىدا ئېغىر سوكۇنات ۋە ئۇمىدسىزلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. سىكارلېت بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئورۇقلاپ، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن چاغدا ناھايىتى تىمەن، ساغلام ئىدىغۇ؟ سىكارلېت پەيتوندىن چۈشكەندە ئۇلار ئۇنىڭغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى، يالغۇز يوھانلا بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئۇنىڭ ئاپئاپئا قارىداپ كەتكەن يۈزى خۇددى ياڭاقنىڭ پوستىدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

— مەن بۇلارنى بۇنداق قىياپەتتە كۆرۈشنى خالىمايمەن، — دېدى سىكارلېت گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ، — ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. يەنە بىرسى قېنى؟

— ئاغرىپ قالدىم دەپ ياتىدۇ، — دېدى يوھان مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا، — ئۆيىنىڭ ئىچىدە.

— نېمە كېسەل ئىكەن؟

— ئاساسەن ھورۇنلۇق كېسىلى.

— كىرىپ كۆرۈپ باقاي.

— كىرمەڭ، يالىڭاچ ياتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن، ئەتە ئىشقا چىقىدۇ.

سىكارلېت ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا بىر مەھبۇسنىڭ بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ يوھانغا نەپرەت بىلەن قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويغانلىقىغا كۆزى چۈشتى، ئۇ مەھبۇس يەنە دەررۇلا يەرگە قارىۋالدى.

— ئۇلارنى قامچا بىلەن ئۇردىڭىزمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، كېنىنبېدى خانىم، ھازىر بۇ زاۋۇتنى كىم باشقۇرۇۋاتىدۇ؟ باشقۇرۇشقا مېنى ئۆزىڭىز قويدىڭىز، ئۇلارنى قانداق ئىشلەتسەم ئىختىيارىم ئىكەنلىكىنىمۇ سىز دېگەن، شۇڭا مېنى ئەيىبلىسىڭىز زادى بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ مەن ئېلىسىن ئەپەندىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ ياغاچ ئىشلەپچىقاردىم، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟

— ئۇغۇ شۇنداق ! — دېدى سىكارلېت. ئۇ بېشىغا تۇيۇقسىز بىر قۇزغۇن كېلىپ قونغاندەك شۈركۈنۈپ كەتتى.

بۇ يەر ۋە بۇ ئۆيلەر ئۇنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇرۇن خۇگ ئېلىسىن باشقۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە غېرىبلىق ۋە سىرت بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بىر خىل كەيپىيات سېزىپ ئىختىيارسىز تىترەپمۇ كەتتى. بۇ مەھبۇسلارنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسى مۇتلەق يوق، يوھان گاللېگېرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى، ئۇ ئۇلارنى نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايتتى، ئۇرالايتتى، ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن خارلىيالايتتى، ئۇ بولسا بۇ ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ بىلمەي يۈرىۋېرەتتى. مەھبۇسلار ئۇ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر جازاغا ئۇچراشلىرىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا دەردلىرىنى ئېيتالمايتتى.

— ئۇلار يامانمۇ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارغا تويغۇدەك تاماق بېرىۋاتامسىز؟ تاماقىغا بەرگەن پۇلۇم بىلەن ئۇلار چوشقىدەك سەمرىپ كەتسە بولاتتىغۇ؟ ئۆتكەن ئايدا ئۇن بىلەن چوشقا گۆشى ئۈچۈنلا ئوتتۇز دوللار بەردىم. كەچلىك تاماقىغا نېمە بېرىسىز؟

سىكارلېت ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىچىگە قاراپ باقتى، سېمىز بىر ئارغۇن خوتۇن كونىراپ كەتكەن ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاماق ئېتىۋاتاتتى، سىكارلېتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا سالام

بەردى، ئاندىن قازاندىكى قارا پۆرچاق بوتقىسىنى ئىلەشتۈرۈشكە باشلىدى. سىكارلېت يوھاننىڭ مۇشۇ خوتۇن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى ئويلاپ گەپ قىلمىدى، قارا پۆرچاق بوتقىسى بىلەن قوناق ئۇنىدا قىلغان قازان نېنىدىن باشقا نەرسىنىڭ تەييارلانمىغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى.

— ئۇلارغا بېرىدىغان باشقا نەرسىمۇ بارمۇ؟

— يوق.

— قارا پۆرچاق بوتقىسىغا ئازراق گۆش تاشلىۋەتكەنمۇ؟

— ياق.

— تۇزلىغان گۆشمۇ يوقمۇ؟ قارا پۆرچاققا گۆش ئارىلاشتۇرمىسا يېيىش تەس ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ نېمىشقا گۆش سالمىدىڭلار؟

— يوھان ئەپەندى گۆش سالمىساڭمۇ بولىدۇ دېگەن.

— هازىر سال! يەيدىغان نەرسىلەرنى نەگە قويىسىلەر؟

ئۇ ئايال قاتتىق قورقۇپ كېتىپ ئىشكاپقا قاراپ قويدى. سىكارلېت دەررۇ كېلىپ ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن ئاغزى ئېچىلغان بىر تۇلۇق قوناق ئۇنى، كىچىك بىر خالتا ئاق ئۇن، بىر قاداقچە قەھۋە، ئازراق قەنت، بىر تۈگچە ياغ، ئىككى سان گۆش چىقتى. بىر سان گۆش پىشۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستىدىن ئازراق شىلىپ يەپتۇ. سىكارلېت غەزەپ بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ يوھانغا قارىدى، يوھانمۇ ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— ئۆتكەن ھەپتە مەن ئەۋەتىپ بەرگەن بەش خالتا ئاق ئۇن نەگە كەتتى؟ بىر خالتا شېكەر بىلەن قەھۋەچۇ؟ بەش سان گۆش، ئون قاداق تۇزلىغان گۆش، تۇرۇپ، ئىرلاندىيە ياڭيۇلىرىنىمۇ ئەۋەتكەنمەن. ئۇ نەرسىلەر نەگە كەتتى؟ ئۇلارغا بىر كۈندە بەش ۋاخ تاماق بەرسەڭلارمۇ بىر ھەپتىدە تۈگەپ كەتمەيدۇغۇ؟ سېتىۋېتىپسەن! چوقۇم سېتىۋەتتىڭ! ھۇ ئوغرى! مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەكىلىپ بەرگەن ياخشى نەرسىلەرنى سېتىۋېتىپ پۇلىنى يانچۇقۇڭغا سالىسەن، ئۇلارغا بولسا ھەر كۈنى قارا پۇرچاق بىلەن قوناق بېرىسەن، ئۇلارنىڭ ئورۇقلاپ كەتكىنى بىكار ئەمەس ئىكەن. نېرى تۇر!

سكارلېت غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ پېشايۋانغا چىقتى.

— ھەي، سەن... توغرا، سەن، بۇ ياققا كەل.

ئۇ ئادەم ئورنىدىن تەستە قوپۇپ، پۇتىدىكى كىشەننى شاراقشىتقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. سكارلېت كىشەننىڭ ئۇنىڭ ئوشۇقىنى يالاپ ئېچىۋەتكەنلىكىنى كۆردى.

— سەن ئاخىرقى قېتىم قاچان گۆش يەپ باقتىڭ؟

ئۇ ئادەم يەرگە قارىۋالدى.

— گەپ قىل!

ئۇ ئادەم گەپ قىلماي ناھايىتى روھسىز ھالدا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇراتتى. ئاخىر ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سكارلېتقا يالۋۇرغاندەك لاپىدە بىر قاراپ قويۇپ ئىتتىك يەنە يەرگە قارىۋالدى.

— گەپ قىلىشتىن قورقۇۋاتامسەن، شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ، ئەمىسە سەن ئاشخانىغا كىرىپ ئىشكاپتىن بىر سان گۆشنى ئېلىپ چىق، رېبېكا، ئۇنىڭغا پىچاق بەر. ئۇ گۆشنى ئاپىرىپ بۆلۈشۈپ يەڭلار. رېبېكا، ئۇلارغا پىرەنىك بىلەن قەھۋە تەييارلاپ بەر، چاپسان بول، مەن قاراپ تۇرىمەن.

— ئۇ ئاق ئۇن بىلەن قەھۋە ئەپەندىنىڭ ئىدى، — دېدى رېبېكا پەس ئاۋازدا. ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتاتتى.

— يوھان ئەپەندىنىڭ ئىدى؟ كۈلكىلىك گەپقۇ بۇ. بۇ گەپچە ئۇ گۆشلەرمۇ ئۇنىڭ ئوخشىمامدۇ؟ مەن نېمە دېسەم شۇنى قىل، چاپسان بول! يوھان گاللېگېر، يۈرۈڭ، بىز پەيتوننىڭ يېنىغا بېرىپ پاراڭلىشايلى.

سكارلېت چوڭ ـ چوڭ چامداپ پەيتوننىڭ قېشىغا كېلىپ

ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. تۆت مەھبۇس بايىقى گۆشنى خۇددى ھازىرلا بىرسى كېلىپ قولىلىرىدىن تارتىۋالىدىغاندەك ئاغزىلىرىغا كەپلەپ تىقىپ يېيىشىۋاتاتتى. سىكارلېت تېخىچە ئاچچىقىدىن يانمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تويۇنۇپ گۆش يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئازراق خاتىرجەم بولغاندەك قىلدى.

— سەن ئۇچىغا چىققان قىزىل كۆز نېمىكەنسەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى سىكارلېت ئاچچىقىدا يوھانىغا. ئاڭغىچە يوھان پەيتونىنىڭ قېشىغا كېلىپ، شىلەپىسىنى كەجگىنىسىگە چۇشۇرۇۋالغان ھالەتتە يەرگە قاراپ تۇراتتى، — سېتىۋەتكەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ماڭا تولۇقى بىلەن تاپشۇرىسەن. بۇنىڭدىن كېيىن يەيدىغان نەسىلەرنى ساڭا ئايدا بىر ئەمەس، كۈنلۈكىنى كۈنلۈك يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ يەردە يوق، — دېدى يوھان گاللېگېر.

سىكارلېتنىڭ «ئەمىسە كۆزۈمدىن يوقال» دېگۈسى بار ئىدى، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئۇ گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى دەررۇ كاللىسىدىن كەچۈردى. يوھان كەتسە ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ياغىچى خۇگىنىڭكىدىن بىر ھەسسە كۆپ - تە. سىكارلېتنىڭ قولىدا چوڭ بىر زاكاز تۇرۇپتۇ، سانى ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىددىي لازىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنچىلىك كۆپ زاكاز زادىلا كېلىپ باقمىغان. ئۇ ياغاچلارنى تېز ئارىدا چوقۇم ئاتلانتاغا يەتكۈزۈش كېرەك. يوھان كېتىپ قالسا مۇشۇنداق بىر جىددىي پەيتتە ئورنىغا كىمنى تاپقىلى بولىدۇ؟

— راست، مەن كېتىمەن. سىز ماڭا بۇ يەرنىڭ ھەممە نېمىسىگە مەسئۇل بولىسەن دېگەن، تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيال چىقىرىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغان، ئەمما زاۋۇتنى قانداق باشقۇرۇش كېرەكلىكىنى دېمىگەن. ياغاچ قانداق چىقىۋاتىدۇ، بۇنى سىز بىلمەيسىز، شۇڭا مېنى ئىشەنچسىزلىكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەيىبلىسىڭىز بولمايدۇ. مەن سىز ئۈچۈن پۇل تېپىپ بېرىۋاتىمەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا ھەق بېرىسىز... ئۆزۈممۇ باشقا يوللار بىلەن ئازراق تاپتىم، ئەمما سىز تويۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئابرويۇمنى تۆكتىڭىز. ئەمدى مەن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرنىڭ تەرتىپىنى قانداق ساقلايمەن؟ بۇ ئادەملەرنى بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە ئۈچۈقداپ قويغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئۇ ھۇرۇن ئېشەكلەرگە تاياق ئازلىق قىلىدۇ تېخى. ئۇلارنىڭ قورسىقى تويمىسا، تەلمىپى قاندۇرۇلمىسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇلار ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئادەملەر ئەمەس، سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يا بۇ يەرنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىڭىز بولمايدۇ، يا مەن كېتىمەن.

ئۇنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايى شۇنچىلىك سەتلىشىپ كەتكەنىدى. سىكارلېت نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. يوھان بۇگۈن ئاخشاملا كېتىپ قالسا ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ كېچىچە بۇ يەردىن كەتمەي ئۇ مەھبۇسلارنى بېقىپ ياتالمايدۇ ـ دە.

ئۇنىڭ ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى. يوھاننىڭ مۇئامىلىسىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى، گەپلىرىمۇ سەل يۇمشىغاندەك بولدى.

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە باردى، كېنىنېدى خانىم، ئەڭ ياخشىسى، سىز قايتىپ كېتىڭ. بۇنچىلىك كىچىك ئىش ئۈچۈن ئۇياق ـ بۇياقمۇ بولۇپ كەتمەسىمىز. مۇنداق بولسۇن، كېلەر ئايدا سىز مېنىڭ مائاشىمدىن ئون بەش دوللار تۇتۇپ قېلىڭ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تۈگىسۇن.

سىكارلېتنىڭ كۆزلىرى بىر پارچە گۆشنى تالىشىپ يەپ كېتىۋاتقان بىچارە ئادەملەرگە چۈشتى، ئۇ ئەبجەق ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە بىرسى كېسەل بولۇپ ياتاتتى. ئۇ يوھان گاللېگېرنى كەتكۈزۈۋېتىشى كېرەك. ئۇ ئوغرى ھەم شۇنچىلىك رەھىمسىز ئادەم. ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مەھبۇسلارنى يەنە نېمىلەر قىلىدۇ، كىم بىلىدۇ؟ بىراق، ئۇ ئادەم يەنە قولىدىن ئىش

كېلىدىغان ئادەم، سىكارلېت مۇشۇنداق ئادەملەرگە موھتاج، ھازىر ئۇنى كەتكۈزۈۋەتسە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېرىۋاتىدۇ ـ دە. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەھبۇسلارنىڭ قورسىقىغا تويغۇدەك تاماق بېرىشى كېرەك.

— يىگىرمە دوللار تۇتىمەن، — دېدى سىكارلېت ئۈزۈپلا، — بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ سىز بىلەن يەنە سۆزلىشىمەن.

سىكارلېت بوجىنى قولىغا ئالدى. ئەتە سۆزلەشكۈدەك ئىشنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمدى ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى سىكارلېت بىلەتتى، يوھانىغىمۇ ئۇ نەرسە ئايدىڭ ئىدى.

سىكارلېت پەيتوننى ھەيدەپ دېكاتور كوچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ۋىجدانى بىلەن پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئېلىشىش بولۇۋاتاتتى. بۇ تىرىك ئادەملەرنى يوھانىغا ئوخشاش تاش يۈرەك ئادەملەرنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ناۋادا بىرەر مەھبۇس ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا بۇنىڭدا ئۇنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بولاتتى. چۈنكى، ئۇ يوھاننىڭ رەھىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان ـ دە. لېكىن، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، كىم ئۇلارنى جىنايەت ئۆتكۈزسۇن، دەپتۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانىكەن، تۇتۇلىدۇ. يامان كۈن كۆرسە ئۆزىدىن كۆرسۇن. شۇ خىيال بىلەن سىكارلېتنىڭ كۆڭلى ئازراق تەسكىن تاپقاندەك بولدى، لېكىن چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ، ئۇ مەھبۇسلارنىڭ روھسىز قىياپەتلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى يەنە بىئارام قىلىشقا باشلىدى.

«بولدىلا، بۇ ئىشلارنى كېيىن ئويلايچۇ.» ئۇ شۇ ھامان ئۇ ئىشلارنى يۈرىكىنىڭ ياغاچ ئىسكىلاتىغا سولىۋېتىپ دەرۋازىنى مەھكەم تاقىۋەتتى.

سىكارلېت نىگىرلارنىڭ ئولتۇراق رايونىغا يېتىپ كەلگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈن ئولتۇرۇپ ئورماننىڭ ئىچىگە قاراڭغۇلۇق تارقىلىشقا باشلىغانىدى. سوغۇق ھاۋا بىلەن سوغۇق شامال ئورمان ئىچىدىن بۇ تەرەپكە ئۇرۇپ تۇراتتى. سىكارلېت بىرەر قېتىممۇ بۇگۈنكىدەك كېچىدە يولدا قېلىپ باقمىغانىدى، شۇڭا جىددىيلىشىپ ئۆيگە چاپسانراق يېتىۋېلىشقا ئالدىراپ تۇراتتى.

سام يوق، قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. سىكارلېت ئۇنى ساقلىدى، شىماللىقلار تۇتۇپ كەتكەنمىدۇ يا، دەپ ئەنسىرەپمۇ قالدى. بىرئازدىن كېيىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئاندىن خاتىرجەم بولغاندەك قىلدى. سام كەلگەندە كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەدەپلەپ قويماقچىمۇ بولدى.

لېكىن، ئۇ تەرەپتىكى ئايلانمىدىن كېلىۋاتقان ئادەم سام ئەمەس ئىدى.

كىيىملىرى ئاۋارە بىر ئاق تەنلىك ئادەم بويى پاكار بىر نېگىر بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى، تۇرقى خۇددى ئورانگۇتاننىڭ ئۆزى ئىدى. سىكارلېت دەرھال بوجىنى سىلكىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تاپانچىغا قولىنى ئۇزارتتى. ئات ئەمدىلا ئورنىدىن قوزغىلىشىغا، ئۇ ئاق تەنلىك بىر قولىنى سوزۇپلا ئاتنى توختىتىۋالدى.

— خانىم، — دېدى ئۇ ئادەم، — يىگىرمە بەش تىيىنلىك تەڭگىدىن بىرنى بەرسىڭىز، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

— يولنى بوشات! نېرى تۇر! — دېدى سىكارلېت جاۋابەن، — يېنىمدا پۇل يوق چۇ! چۇ!

ئۇ ئادەم چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇۋالدى.

— ئۇنى تۇتۇۋال، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ يېنىدىكى نېگىرغا، — ئۇنىڭ پۇلى چوقۇم مەيدىسىدە.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار خۇددى قارا باسقاندەك سىكارلېتنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتتى. سىكارلېت قولىدا تاپانچا بارلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇ ئاق تەنلىككە قارىتىپ ئاتسا ئېتىمغا تېگىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. ئۇ نېگىر پەيتونغا قاراپ

يوگوردى، چىرايىدا شەھۋانە كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى، تەگدىمۇ يوق بىلمەيتتى، ئەمما بىر قول ئۇنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك قاتتىق تۇتۇۋالغانىدى، تاپانچىسىمۇ قولىدا يوق ئىدى. ئۇ نېگىر تۇيۇقسىز يېنىدا پەيدا بولغانىدى، تېنىدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراق سىكارلېتنىڭ بۇرنىغا پۇراپ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. نېگىر ئۇنى پەيتوندىن پەسكە تارتىشقا باشلىدى. سىكارلېت بوش قالغان بىر قولى بىلەن ھەدەپ ئۇنىڭ يۈزىنى مورلايتتى. كېيىن ئۇ نېگىرنىڭ قولى سىكارلېتنىڭ گېلىغا تەگكەندەك بولۇپ، بىر چاغدا كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئىچ كۆڭلىكى بىلەن بىللە قورسىقىغىچە يىرتىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن بىر قول كۆكسىنى مىجىقلاشقا باشلىدى، سىكارلېت ئەزەلدىن بوگۈنكىدەك قاتتىق قورقۇپ باقمىغانىدى، قورقۇنچلۇقتا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋال، پەيتوندىن سۆرەپ چۈش، — ئاق تەنلىكنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ نېگىر سىكارلېتنىڭ ئاغزىنى تۇتقانىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ قولىنى بار كۈچى بىلەن چىشلىۋېلىپ يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ئاق تەنلىكنىڭ بىرسىنى تىللاۋاتقىنى ئاڭلاندى. سام ئۇ نېگىرغا ئېتىلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ سىكارلېتنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغان قولى بوشاپ پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

— تېز قېچىڭ، سىكارلېت خانقىز! — سام ئۇ نېگىر بىلەن يومىداقلىشىۋېتىپ ھەدەپ ۋارقىرايتتى. سىكارلېت قامچىنى قولىغا ئېلىپ ئېتىغا قامچا سالدى. ئات قوزغالدى، لېكىن چاق ماڭمايتتى، يۇمشاق بىر نەرسە ئالدىنى توسۇۋالغانىدى. ئەسلىدە سام ھېلىقى ئاق تەنلىكنى ئۇرۇپ چاقنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

سىكارلېت قورقۇنچلۇقتا ئاتنى ئۇرۇۋېرىپ ئاخىر پەيتوننى ئورنىدىن قوزغىدى. ئات ئۈچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتاتتى. پەيتون شۇنداق قاتتىق سىلكىنەتتى. سىكارلېت كەينىدىن بىرسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئاتقا تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراشقا، ئاتنى تېخىمۇ قاتتىق قامچىلاشقا باشلىدى. ئەگەر ئۇ ھېلىقى ئورانگۇتاننىڭ قولىغا يەنە چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، بۇ قېتىم ئۆلىشىمۇ ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىگەن بولاتتى.

شۇ ئارىلىقتا بىرسىنىڭ «سىكارلېت خانقىز، توختاڭ!» دەپ تۇۋلىغىنى ئاڭلاندى.

سىكارلېت ئاتنى ئاستىلىتىشقا جۈرئەت قىلالماي ئاۋۋال كەينىگە قاراپ باقتى، سام كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. سىكارلېت ئاتنى توختاتتى، سام يېتىشىپ كېلىپ پەيتونغا ئۆزىنى ئاتتى، بېشى بىلەن يۈزىدىن تەر ھەم قان توختىماي ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— بىر يېرىڭىز يارىلاندىمۇ؟ — سورىدى ئۇ سىكارلېتتىن ھاسىراپ تۇرۇپ.

سىكارلېت گەپ قىلالماي قالدى، شۇ ئارىلىقتا سامنىڭ ئېتىنىڭ باشقا ياققا قارىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىكىنىڭ قورسىقىغىچە يىرتىلىپ ئاپپاق كۆكسى بىلەن ئىچ كۆڭلىكىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، نومۇستىن شەلپەردەك قىزىرىپ، ئېتىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىككى تەرىپىنى يىغىپ كۆكسىنى ئېتىۋالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرمەي مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— بوجىنى ماڭا بېرىڭ! — سام ئۇنىڭ قولىدىن بوجىنى ئالدى، — قېنى جانىۋار، چاپسان يۈگۈر!

ئات قامچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يەنە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

— ئىلاھىم ئۇ قارا زەڭگى ئۆلگەن بولىسىكەن. ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەپتىمەن، — سام تېخىچە ھاسىراۋاتاتتى، — ئەگەر ئۇ سىزنىڭ بىر يېرىڭىزنى بىر نېمە قىلىۋەتكەن بولسا، چوقۇم قايتىپ بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— ياق... ياق... چاپسان ماڭايلى! — دېدى سىكارلېت ئىسەدەپ تۇرۇپ.

# قىرىق بەشىنچى باب

شۇ كۈنى كەچتە فىرانك سىكارلېت بىلەن پىتتىي ھامما-
بالىلار بىلەن مېلانىيەنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ ئاشلىي بىلەن
بىللە ئاتلىق چىقىپ كېتىشتى. سىكارلېت نارازى بولۇپ يىغلاپ
ئۆيىنى بېشىغا كىيدى. مۇشۇنداق بىر كۈندە ئۇ نېمىدەپ
سىياسىي يىغىلىشلارغا بارىدۇ؟ يەنە كېلىپ بۈگۈن ئاخشام ئۇ
ھاقارەتكە ئۇچرىغان تۇرسا! ئەگەر سام كېلىپ قالمىغان بولسا
نېمە ئىشلار يۈز بېرەتتىكىنتاڭ! مۇشۇنداق بىر كۈندە فىرانك
نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ رەھىمسىز، شەخسىيەتچى! ئۇ مەيدىسى
ئوچۇق، يىغلاۋاتقان ھالەتتە سامنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ
كەلگەندە فىرانك قىممىر قىلماي بىر خىلدا تۇرىۋەردى. ئۇنىڭ بۇ
ھالىتىمۇ سىكارلېتنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى، يىغلاپ
تۇرۇپ ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندىمۇ، ئۇ سىرتقا
چىقىشقا ئالدىراپ تۇراتتى.

— قەدىرلىكىم، بىر يېرىڭىز زەخىملەندىمۇ ياكى قورقۇپ
كەتتىڭىزمۇ؟ — دەپلا سوراپ قويدى ئۇ.

ئۇ چاغدا سىكارلېت ئاچچىقىنى بېسىۋالالمىغان بولغاچقا،
گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا سام جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ قاتتىق
قورقۇپ كەتكەنلىكىنى دېدى.

— ئۇلار خانقىزنىڭ كىيىمىنى يەنە يىرتماقچى بولۇپ
تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە مەن كېلىپ قالدىم.

— سام، ئوبدان يىگىت ئىكەنسەن، بۇ ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ
ئۇنتۇمايمەن. ساڭا مەندىن ياردەم لازىم بولسا...

— لازىم، ئەپەندى، مېنى تاراغا يولغا سېلىپ قويسىڭىزلا
بولىدى، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. شىماللىقلار مېنى
تۇتماقچى بولۇپ ئىزدەۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

فىرانك بۇ گەپنى ئاڭلاپمۇ ھېچقانداق بولمىدى، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈنلىكىنىمۇ سورىمىدى. ئۇنىڭ ھالىتى تونى ئىشىك چەككەن ھېلىقى كۈنى ئاخشىمىقىدىكىدەك ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئەرلەرنىڭ ئىشى، ھەل قىلغاندا قانچە ئاز گەپ قىلسا، قانچە ھېسسىياتقا بېرىلمىسە شۇنچە ياخشى، دەپ قارايتتى.

— سېنى پېتتېر بۈگۈن ئاخشام روگ ـ رېئادقا ئاپىرىپ قويسۇن، شۇ يەردىكى ئورمانلىقتا بىر كېچە يېتىپ، ئەتە ئەتىگەندە جونېسبورونىڭ پويىزىغا ئولتۇرۇپ ماڭ. مۇشۇ بىر ئاز مۇۋاپىق چارە. ھۇي... قوزام، يىغلىماڭ. بولىدىغان ئىش بولدى، بىر يېرىڭىزمۇ يارىلانماپتۇ. پىتتىي ھاما، بۇرۇن تۇزىڭىزدىن ماڭا ئازراق بېرەمسىز؟ نېگىر ئانا، سىكارلېتقا بىر رومكا ھاراق ئەكېلىپ بەرگىن.

بۇ چاغدا سىكارلېت قاتتىق يىغلاپ كەتتى، بۇ قېتىم ئاچچىق كېلىپ يىغلىغانىدى. فىرانك ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسە، ئۇ لۈكچەكلەرنىڭ قىلمىقلىرىغا غەزەپلەنسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە توغرا بولاتتى، سىكارلېتقا لازىمى شۇ ئىدى، مەن ساڭا بۇرۇنلا يالغۇز سىرتقا چىقما، دېگەنىدىمغۇ، دەپ ئۇنىڭغا قاتتىق چېپىلىسىمۇ مەيلى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قىلمىۋاتقىنى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك. ئۇ خەتەرلىك ئىشقا يولۇقمىغاندەك بىر خىل قىلىق ئىدى. توغرا، ئۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كۆڭۈل بۆلدى، ھالىغا يەتكەندەك قىلدى، ئەمما كۆڭلى ئۇنىڭدا ئەمەس، خۇددى بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشلارنى ئويلاۋاتقاندەك سىياقتا تۇردى.

ئۇنىڭ مۇھىم ئىشى ئاشۇ ئەرزىمەس بىر سىياسىي يىغىلىشقا قاتنىشىش ئىكەنغۇ.

فىرانك سىكارلېتقا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بۈگۈن كېچە مېلانىيەلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتقاندا، سىكارلېت ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ئۇنىڭ بۈگۈن ئاخشام قاتتىق ئازابلىنىدىغان ئىشقا يولۇققانلىقىنى،

جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە قاتتىق چارچىغانلىقىنى، كارىۋاتتا ئۈستىگە ئەدىيال يېپىپ ئىسسىق ھەم جىمجىت يېتىشنى زۆرۈرلۈكىنى، پۇتىغا قىزىق كېسەك قويۇپ، تاتلىق ھاراقتىن بىرەر رومكا ئىچىۋالسا قورقۇنچىسى بېسىلىپ ئارام ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇنداق قىلماي، ئەكسىچە مېلانىيەنىڭ ئۆيىگە چىقىرىپ قويغىنى نېمىسى؟ ئەگەر فىرانك ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولسا، بۈگۈن ئاخشام ھەرقانداق مۇھىم ئىشى بولسىمۇ سىرتقا چىقماي ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان، قوللىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، سەن بىر نېمە بولۇپ كەتكەن بولساڭ، مەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىمايتتىم، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولاتتى، خەپ، كەچتە يىغىلىشتىن قايتىپ ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭغا مۇشۇ گەپلەرنى دېمەيدىغان بولسام.

ھەر قېتىم فىرانك بىلەن ئاشلىپى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئىككى ئائىلىنىڭ ئاياللىرى مېلانىيەلەرنىڭكىدە يىغىلغاندا ھەممىسى دېگۈدەك يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئوچاقتا ئوت كۆيۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۆي ئىچى ئىسسىق، راھەت ئىدى. ئۈستەل ئۈستىدە سۇس يېنىپ تۇرغان چىراغنىڭ سېرىق نۇرى تۆت ئايالنىڭ پارقىراپ تۇرغان چاچلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇلار شۇ چىراغنىڭ يورۇقىدا يىڭنە ئىش قىلىشىۋاتاتتى. ئۇ تەرەپتىكى ئىشىكى ئوچۇق ئۆيدىن ۋاد، ئېللا ۋە بېئولارنىڭ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ئارچې تاماكا يوپۇرمىقى چايناۋاتقان ھالدا ئوچاققا دۈمبىسىنى قىلىپ ئۇزۇن بىر ئورۇندۇقتا بىر ياغاچنى شىلىپ ئولتۇراتتى. چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان، كىيىملىرى مەينەت بۇ بوۋاي بىلەن كىيىنىشلىرى رەتلىك، پاكىز ئاياللار روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۇ خۇددى يۇڭلىرى پاخپىيىپ كەتكەن يوغان بىر ئالا - پاساق ئىتتەك، ئۇ تۆت ئايال چىرايلىق تۆت دانە ئاسلاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنەتتى.

مېلانىيە ئاياللار مۇزىكا ئەترىتىدە يېقىندا يۈز بەرگەن خاپىلىقلار تۇغرۇلۇق ئازراق ئاچچىق ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى. كېلەر قېتىم قويىدىغان ئويۇندا مۇزىكا ئەترىتىدىكىلەر ئەرلەر خور ئەترىتى بىلەن سۆزلىشىپ بىر يەكىرگە كېلىشىۋالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مېلانىيەنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا ئەترىتىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلاشقان، مېلانىيە ئۇلارغا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ئاران قايىل قىلىپ، ھازىرچە ئۇنداق قىلمايدىغان قىلغانىدى.

سكارلېتنىڭ يۈرىكى تېخىچە ئورنىغا چۈشمىگەچكە، مېلانىيەنىڭ تۈگىمەس گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ: «ئايالالار مۇزىكا ئەترىتىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا بارسۇن !» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇنىڭ ئۇلارغا بۈگۈنكى قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ چاغدا قانچىلىك باتۇرلۇق قىلغانلىقىنى شۇنچىلىك سۆزلەپ بەرگۈسى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئۇ مۇشۇ ھەقتە ئېغىز ئاچسىلا مېلانىيە دەرھاللا گەپنى مەنىسىز باشقا ئىشلارغا تارتىپ كېتەتتى، سكارلېت بولسا ئۆزىنى باسالماي بوغۇلۇپلا قالاتتى، نېمىشقا بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قىرانكقا ئوخشايدۇ دەپ ھەيرانمۇ بولاتتى.

ئۇ بۈگۈن شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق ئىشقا يولۇققان تۇرسا، بۇ ئادەملەر نېمىشقا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ئولتۇرۇشىدىغاندۇ؟ ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسا خېلى يەڭگىللەپ قالاتتى ئەمەسمۇ؟ لېكىن، بۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىكمۇ پۇرسەت بېرىشمەيۋاتىدۇ، نېمىدېگەن ئەدەپسىز خەق بۇ!

بۈگۈن كەچتە يۈز بەرگەن ئىشنىڭ سكارلېتقا بولغان تەسىرى گەرچە ئۆزى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ ناھايىتى چوڭ

بولدى. دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قاپقارا چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئۇنى سۈر باساتتى، كۆكسىنى مىجىقلىغان قوللارنى ئويلىسىلا، ئەگەر سام كەلمىگەن بولسا نېمە بولۇپ كېتەر ئىدىم، دەپ ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن رەھمەت ئېيتىپ كېتەتتى ۋە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەيتتى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، پۈتۈن دىققىتىنى قولىدىكى يىڭنە ئىشىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشاتتى. مېلانىيەنىڭ گېپى توختايدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ گېپى كۆپەيگەنسېرى سىكارلېتنىڭ نېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ كېتىپ، خۇددى نېرۋا تارىلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى.

سىكارلېتنىڭ قولىدىكى ياغاچنى يونۇپ ئولتۇرغان ئارچېغا كۆزى چۈشۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن خاپىلىقى ئۆرلەپ قوشۇمىلىرى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نېمىشقا ئۇ يەردە ياغاچ يونۇپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟ بىردىنلا ئۇنىڭ ئۇ ھەرىكىتى سىكارلېتقا غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. باشقا كۈنلەردە ئۇ ئۇزۇن دىۋاندا خورەك تارتىپ ئۇخلايتتى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، مېلانىيە ياكى ئىندىيا ئۇنىڭغا ئۆينى ئەخلەت قىلىۋەتتىڭ، يەرگە قەغەز سېلىپ، يونۇغان ياغىچىڭنى قەغەزگە چۈشۈرگىن دېگەن گەپنىمۇ دېمەيۋاتاتتى، ئۇ ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىنى رەسۋا قىلىۋەتتى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمىدى.

سىكارلېت ئارچېغا قاراپ ئولتۇرۇۋاتقان شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئاغزىدىكى چايناۋاتقان تاماكا يوپۇرمىقىنىڭ شامىسىنى ئوچاقتىكى ئوتقا شۇنداق تۈكۈردىكى، ئاۋازىنىڭ قاتتىقلىقىدىن خۇددى بومبا پارتلىغاندەك ئاۋاز چىقىپ، ئىندىيا، مېلانىيە، پىتتىي ھامما ئۈچى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— نېمانچە قاتتىق ئاۋاز چىقىرىسىز؟ — دېدى ئىندىيا. ئۇ جىددىيلىشىپ ھەم خاپا بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئاۋازى غاراڭ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇرۇك چىقىپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى، چۈنكى ئىندىيا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىغىر ـ بىسىق ئولتۇرىدىغان قىز ئىدى. ئارچى بوش كەلمەي ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى.

ــ شۇنداق ئاۋاز چىقىرىش كېرەك، ــ دېدى ئۇ گەپ قايتۇرۇپ. ئاندىن ئوچاقتا قارىتىپ يەنە بايىقىدەك بىرنى تۈكۈردى. مېلانىيە ئىندىياغا قاراپ قوشۇمىسى تۈرۈپ قويدى.

ــ مەن دادامنىڭ تاماكا يوپۇرمىقى چاينىمايدىغان ئادىتىنى ياخشى كۆرەتتىم، ــ دېدى پىتتىي ھاممىمۇ گەپ قىلىپ. بۇ گەپ بىلەن مېلانىيەنىڭ قوشۇمىسى بەكرەك تۈرۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇلار بۇرۇن پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان قوپال گەپتىن بىرنى قىلدى:

ــ بولدى، گەپ قىلماڭ ھاما، قانداق گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، ــ دېدى پىتتىي ھاما قولىدىكى ئىشىنى تىزىغا قويۇپ قويۇپ ئاغزىنى ئۇمچەيتكەن پېتى، ــ سىلەرگە بۈگۈن ئاخشام نېمە بولدى؟ ئىندىيا ئىككىڭلار ئەجەب گەپ قىلماي ياغاچتەك ئولتۇرىسىلەرغۇ؟

ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، مېلانىيەمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپمۇ قويماي قولىدىكى ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرىۋەردى.

ــ تىكىچىنى چوڭ ئېلىۋەتتىڭ، ــ دېدى پىتتىي ھاما، ــ سۆكۈۋېتىپ باشقىدىن تىك، ساڭا نېمە بولدى؟

مېلانىيە يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى.

ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ سىكارلېت چۈشەنمەي ھەيران بولۇۋاتاتتى. باياتىندىن بېرى ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن بولۇپ دىققەت قىلماي قالدىمۇ يا؟ مېلانىيە كۆپچىلىككە بۈگۈنكى كېچىنىمۇ باشقا نۇرغۇن كېچىلەردىكىگە ئوخشاش كۆڭۈللۈك

ھېس قىلدۇرىمەن دەپ نۇرغۇن تىرىشقان بولسىمۇ، كەيپىيات پەقەتلا ئاشۇ چاغدىكىدەك بولماي قېلىۋاتاتتى. كەيپىياتنىڭ بۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىشى ھەرگىزمۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۇ ئىش كۆپچىلىككە قاتتىق تەسىر قىلىپ كەتكەنلىكتىن ئەمەس ئىدى. سىكارلېت قالغانلارغىمۇ يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى، ئىندىيا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانىكەن، ئۇنى كۆرۈپ سىكارلېتنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى، چۈنكى ئىندىيا ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ قالغانىدى. ئۇ قارىشىدا نەپرەت ۋە كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى بىرخىل كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى.

«ھەممەئىشنى تېرىغان سەن، دېمەكچىمۇ نېمە ئۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى سىكارلېت.

ئىندىيا نەزىرىنى يەنە ئارچېغا ئاغدۇردى، چىرايىدا بايىقى تاقەتسىزلىكلەر يوق، ئەمما كۆزلىرىدىن بىر خىل تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئارچې ئۇنىڭغا بەكمۇ دىققەت قىلماي ئادەتتىكىدەكلا قاراپ قويدى.

مېلانىيەنىڭمۇ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. سىرتتا بوراننىڭ ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. سىكارلېتقا بۈگۈنكى كېچە بەكمۇ كۆڭۈلسىز تۈيۈلۈشقا باشلىدى. كەيپىياتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇ ئەمدى ھېس قىلدى، بەلكىم بۇ خىل ھالەت باياتىندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسا، ئۆزى ئاچچىقى بىلەن ئولتۇرغاچقا دىققەت قىلمىغاندۇ. ئارچېنىڭ چىرايىدا خۇددى بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك بىر خىل ھوشيارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، مېلانىيە بىلەن ئىندىيامۇ ئەنسىز كۆرۈنەتتى، شامال ياكى باشقا نەرسىنىڭ ئازراقلا شەپىسى ئاڭلانسا قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى دەررۇ توختىتىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى، ئوچاقتىكى ئوتۇننىڭ پاراسلاشلىرىمۇ ئۇلارنى پات - پات چۆچۈتۈپ قوياتتى.

چوقۇم بىر ئىش بولدى، ئەمما سىكارلېت نېمە ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئىش هازىر بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەۋىرى يوق، پىتتىي هاممىنىڭ ئاق كۆككۆل يوغان يۇزىگە، قوشۇمىسى بىلەن كالپۇكلىرىنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكىنىگە قاراپلا، ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشقا هەيران قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئارچي، مىلانىيە، ئىندىيالار بىلىدۇ، جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ قىمىرلاپ جايىدا ئولتۇرالماي قېلىۋاتقانلىقىدىن بۇنى ئاز ـ تولا بىلگىلىمۇ بولاتتى. چىرايىدىن هېچ ئىش يوقتەك ئولتۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل ئەنسىزلىك سكارلېتقا تەسىر قىلىپ ئۇمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى، بىر قېتىم قولىغا يىڭنە سانجىۋېلىپ، ئاغرىق ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە قاتتىق توۋلاپ هەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى.

— مەن بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن، قولۇم ئىشقا بارمىدى، — دېدى ئۇ چىڭ ـ چىڭ سۆزلەپ ۋە قولىدىكى ياماۋاتقان كىيىمنى يەرگە تاشلىۋەتتى، — ئىچىمگە بىر ئەنسىزلىك كىرىۋالدى، چىدىيالمايۋاتىمەن، ئۆيۈمگە چىقىپ ئۇخلايمەن. بۇ ئىشلارنى فىرانك بىلەتتى، شۇڭا چىقىپ كەتمىسە بولاتتى، ئايالالارنى قوغدايمىز، نېگىرلار بىلەن شىماللىقلارغا بوزەك قىلدۇرمايمىز، دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ئەمدى لازىم بولغاندا دېگىنىدەك قىلمايدۇ. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېنى ساۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، بىر توپ ئادەملىرى بىلەن ئويۇنغىلى كەتتى، ئۇ ئادەملەرمۇ ئاغزىدا...

سكارلېت غەزەپ بىلەن ئىندىيانىڭ چىرايىغا قاراپ بىردىنلا گېپىدىن توختاپ قالدى. ئىندىيانىڭ كىرپىكى يوق كۆك كۆزلىرى ئۇنىڭغا غەزەپ ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى، نەپىسىمۇ ئىتتىكلەپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەگەر مالال كۆرمىسەڭ، ئىندىيا، — دېدى سكارلېت مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن، — بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ماڭا قادىلىپ قېلىۋاتقىنىڭنى دەپ بەرسەڭ، ساڭا شۇنداق جىق رەھمەت

ئېيتاتتىم، چىرايىم بىر قانداق بولۇپ قاپتىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟
— ئۇنىڭغا مالال بولۇش كەتمەيدۇ، ئېيتىپ بېرىشكە تەييارمەن، — دېدى ئىندىيا، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۆتكۈر نۇر چاقناپ تۇراتتى، — سىنىڭ كېنىيدى ئەپەندىدەك ياخشى ئادەمدىن ياماننىشىڭنى خالىمايمەن. ئەگەر سەن بىلمىگەن بولساڭ...
— ئىندىيا! — مېلانىيە دېمە دېگەندەك ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، قولىدىكى كىيىمنى مىجىقلاپ كەتتى.
— مەن ئۆزۈمنىڭ ئىرىنى ساڭا قارىغاندا ياخشى چۈشىنىمەن دەپ ئويلايمەن، — دېدى سكارلېت. ئۇ ئىندىيا بىلەن پەقەتلا ئۇرۇشۇپ باقمىغانىدى. ھازىر ئۇرۇشۇشقا رەسمىي تەييارلاندى، جىددىيلىشىپمۇ كەتمىدى. مېلانىيە بىلەن ئىندىيا بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى، ئىندىيا شۇندىلا ئاغزىنى باسقان بولدى. لېكىن، بىرئاز تۇرۇپ يەنە سۆزلەپ كەتتى. رەھىمسىز گەپلىرىنىڭ ئىچىگە كۈچلۈك نەپرەت ئارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
— سەندىن شۇنچىلىك بىزارمەن، سكارلېت ئوخارا، يەنە تېخى مېنى قوغدىمىدى دەپ خەقتىن يامانلايسەن، قوغدىسىمۇ بىلمەيسەن. بولمىسا سەن بىرنەچچە ئايدىن بېرى ھەممە يەردە قاتراپ يۈرۈپ ناتونۇش ئەرلەرنى ئۆزۈڭگە قاراتمايتتىڭ. بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئىشنىمۇ ئۆزۈڭ تاپتىڭ. خۇدانىڭ كۆزى يوق ئىكەن، سېنى يەنە قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ.
— ئىندىيا، بولدى گەپ قىلماڭ! — دېدى مېلانىيە.
— قويۇۋېتىڭ، سۆزلىسۇن، — دېدى سكارلېت، — مەن ئاڭلاپ خوش بولۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ ماڭا ئۆچلۈك قىلىۋاتقانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، ئەمما ساختىلىق قىلىپ ئىقرار قىلمايتتى. ئەگەر ئۇ ئەرلەرنى ئۆزىگە قارىتالايدىغان بولسا، ئىشتىنىنى سېلىۋېتىپ ئەتىدىن كەچكىچە كوچىدىن كىرمىگەن بولاتتى.
ئىندىيا چايان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەتتى، هاقارەتكە چىدىماي ئورۇق گەۋدىسى تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن ساڭا ئۆچ، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن ئىنىق سۆزلەپ، — بۇرۇن دېمىگەنلىكىم ساختىلىقىمدىن ئەمەس. سەن ئەدەپ - قائىدىنى ئۇقمايسەن ھەم تەربىيە كۆرمىگەن، شۇڭا سېنىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى چۈشىنىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. مەن شەخسىي ئۆچمەنلىكلىرىمىزنى قايرىپ قويۇپ، ھەممىمىز بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشمىساق شىماللىقلارنى يېڭەلمەيمىز دەپ قاراپ كەلدىم. ئەمما سەنچۇ... سەن... سەن ھەممە يەردە دۇرۇس ئادەملەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ ئېرىڭنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتىڭ، شىماللىق مۇتتەھەملەرنىڭ بىزنى مەسخىرە قىلىشىغا، ھاقارەتلىشىگە، تەربىيە كۆرمىگەنلەر دەپ پەس كۆرۈشىگە دەستەك تېپىپ بەردىڭ. ئۇلار سېنىڭ ئەزەلدىن بىز بىلەن بىر نىيەتتە ئەمەسلىكىڭنى بىلمەيدۇ، كاللىسى ئىشلىمىگەچكە، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمنىڭ بىرسى سەن ئىكەنلىكىڭنى بىلىشمەيدۇ، سەن ئورمانلىقلاردا قالايمىقان يۈرگەچكە، نېگىرلار بىلەن ئەخلاقسىز ئاق تەنلىكلەر ساڭا ئېسىلغان، ئۇلار شەھەردىكى باشقا ئېسىپ تىلىك ئاق تەنلىك خانىملارغىمۇ شۇنداق قىلمىشىدۇ. سەن يەنە بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزدۈڭ، ئۇلار سېنى دەپ...

— ئىندىيا! ۋاي خۇدايىمەي! — دېدى مېلانىيە. سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن ئۆلتۈرغان بولسىمۇ، مېلانىيەنىڭ خۇدانى ئېغىزغا ئالغىنىغا ھەيران قالدى، — ھەرگىز دېمەڭ! ئۇ بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ... ھەرگىز دېمەڭ! سىز ماڭا ۋەدە بەرگەن...

— قىزلىرىم، ئۇرۇشماڭلار! — پىتتىي هامما تىترەپ تۇرۇپ ئۇلارغا يالۋۇردى.

— مەن نېمە ئىشنى بىلمەيمەن؟ — سىكارلېت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. غەزەپلىك كۆزلىرى ئۆزىگە رەھىمسىزلىك بىلەن

تىكىلىپ تۇرغان ئىندىيا بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇۋاتقان مېلانىيەگە قادىلىپ قالغانىدى.

— ھەي گالۋاڭ خوتۇنلار! — ئارچې بىردىنلا ئۇلارنى كەمسىتىپ توۋلىغان پېتى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — سىرتتا بىرسى كېلىۋاتىدۇ، ۋىلكېس ئەپەندى ئەمەس، چۇقان سېلىشماڭلار.

ئاياللار يەنىلا ئەرلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان گەپ. ئاياللار زۇۋانىنى ئۆچۈرۈپ، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قېلىشتى، چىرايلىرىدىكى غەزەپلىك ئالامەتلەرمۇ بىردەمدىلا يوقىلىپ ئىشىككە قاراپ ئاستا مېڭىشتى.

— كىم! — سىرتتىكى ئادەم ئىشىكنى چەكمەي تۇرۇپ ئارچې سورىدى.

— كاپىتان باتلېر، ئىشىكنى ئېچىڭلار!

مېلانىيە ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى لەپەڭشىپ كېتىپ پاچىقى كۆرۈنۈپ قالدى، ئارچې ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بۇراپ بولغۇچە مېلانىيە ئىشىكنى ئېچىپ بولدى. رېت باتلېر شلەپىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. ئۇ ئالدىراشچىلىقتا بېشىدىن شلەپىسىنىمۇ ئالماي، باشقىلارغا قاراپمۇ قويماي مېلانىيەگە قاراپ، ئۇنىڭغا سالاممۇ بەرمەي ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى.

— ئۇلار قەيەردە؟ چاپسان ئېيتىپ بېرىڭ. ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بولۇپ قالدى.

سكارلېت بىلەن پىتتىي ھامما تۇرۇپلا قالدى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشمەيتتى، ئىندىيا مۇشۇككە ئوخشاش بىر تاقلاپلا مېلانىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى.

— ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەڭ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — ئۇ خائىن، شىمالىلىقلارغا سېتىلىپ كەتكەن.

باتلېر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— چاپسان بولۇڭ، ۋىلكېس خانىم، ھازىرمۇ ئۈلگۈرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېلانىيە قورقۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالغانىدى.

— بۇ زادى... — سىكارلېت ئەمدىلا گەپ قىلىۋىدى، گېپىنى بۆلۈۋېتىشتى.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — دەپ توۋلىدى ئارچي ۋارقىراپ، — مېلانىيە خانقىز، ئۇنىڭغا دېمەڭ، بۇ يەردىن تېز يوقال، ئۆلمىگۈر خائىن!

— ئۇنداق دېمەڭ، ئارچي، ئۇنداق دېمەڭ! — توۋلاپ كەتتى مېلانىيە، ئۇ خۇددى ئارچي باتلېرنى ئۇرۇۋېتىدىغاندەك دەررۇ باتلېرنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى، — نېمە ئىش بولدى، سىز... سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — رېت باتلېرنىڭ چىرايى تەقەززالىقتا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن يەنە ئەدەپلىك تۇرمىسا بولمايتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ۋىلكېس خانىم، ئۇلار باشتىلا گۇمانلىق بولۇپ قالغان، ئىشنى ناھايىتى ئەپچىل قىلىپ كەلگەچكىلا، بۈگۈنگىچە تۇتۇلماي كەلدى. بۈگۈن ئاخشام شىماللىق ئىككى مەست كاپىتان بىلەن قارتا ئوينىغانىدىم، شۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، شىماللىقلار بۈگۈن ئاخشام بىر ئىش چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ، ئۇ ئەخمەقلەر ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەن گەپ.

بىردىنلا بىرسى مېڭىسىگە ئېغىر بىر نەرسە بىلەن ئۇرغاندەك مېلانىيە دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، رېت باتلېر ئىتتىك تۇتۇۋالمىغان بولسا يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى.

— ئۇنىڭغا دېمەڭ، بولمىسا ئالدىنىپ قالىسىز، — توۋلاپ كەتتى ئىندىيا باتلېرغا غەزەپ بىلەن قادىلىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ تېخى ھېلىلا شىماللىقلار بىلەن بىللە بوپتۇ.

رېت باتلېر يەنىلا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، مېلانىيەنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمىدى.

— چاپسان ئېيتىپ بېرىڭ، ئۇلار زادى نەگە كەتتى؟ ئۇلارنىڭ يىغىلىش قىلىدىغان يېرى نەدە؟

سىكارلېت رېت باتلېرنىڭ تۇرۇلۇپ تۇرغان چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە كۆرمىدى، ئەمما مېلانىيە بىر نەرسىنى بايقىدى بولغاي، ئۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن بوش سۆزلىدى:

— دېكاتور كوچىسىنىڭ يېنىدىكى نېگىرلار مەھەللىسىدە، ئەسلىدە ئۇلار يىغىنىنى سوللىۋان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ئاچماقچىدى... كۆيۈپ كەتكەن ھېلىقى جايدا.

— رەھمەت، مەن ئۇ يەرگە دەررۇ بارمىسام بولمايدۇ. شىماللىقلار كەلسە ھېچنېمە بىلمەيمىز، دەڭلار.

ئۇ ئۇچقاندەك چېپىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن كوچلۇك سادانى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ بۇ يەرگە راستىلا بايا كېلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

— شىماللىق ئالۋاستىلار بۇ يەرگە كەلگۇدەك، — پىتتىي هامما توۋلاپ كەتتى، پۇتلىرى تىترەپ قورققىنىدىن ئۇنىڭ چىقىرىپ يىغلاشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىدى.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئۇ نېمە دېمەكچى؟ ئەگەر ماڭا دېمەيدىغان بولساڭلار ساراڭ بولۇپ كېتىمەن، — سىكارلېت مېلانىيەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، خۇددى قاتتىق سىلكىسە ئۇنىڭدىن جاۋاب چىقىدىغاندەك سىلكىشكە باشلىدى.

— نېمىدېمەكچى؟ فىرانك بىلەن ئاشلېي سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلىدىغان بولدى دېمەكچى، — ئىندىيانىڭ قورقۇپ، ئەنسىرەپ جېنى چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋازى غالىبلاردەك چىقىۋاتاتتى، — ئۇنى سىلكىشتۈرۈۋەرمە، ھوشىدىن كېتەي دەپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ياق، ھوشۇمدىن كەتمەيمەن، — دېدى مېلانىيە زەئىپ ئاۋازدا. ئاندىن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇۋالدى.

— ۋاي خۇدايىم، مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىمغۇ! ئاشلېي نېمە دەپ ئۆلۈپ كەتكۇدەك؟ قايسىڭلار ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويىسىلەر...

ئارچېنىڭ مايسىراپ كەتكەن ئىشكىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىكارلېتنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ بۇيرۇق قىلىپ، — قولۇڭلارغا يىڭنە ئىشىڭلارنى ئېلىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرۇڭلار. شىماللىقلار قاراڭغۇ چۈشكەندىن باشلاپ بۇ ئۆينى نازارەت ئاستىغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاياللار قورقۇمسىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشتى. پىتتىي ھامىممۇ تىترەپ تۇرغان قولىغا بىر پاي پايپاقنى ئېلىپ، خۇددى قورقۇپ كېتىۋاتقان كىچىك بالىدەك ئەتراپىغا ئالاق ـ جالاق قاراپ ئولتۇردى، كۆزلىرى، نېمە ئىش بولدى، دەۋاتقاندەك ھەممە ئادەمگە تەڭ مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى.

— ئاشلېي نەدە؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى، مېلانىيە؟ — سىكارلېت تۇۋلاپ كەتتى.

— ئېرىڭ نەدە؟ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ يوقمۇ سېنىڭ؟ — ئىندىيانىڭ كۆل رەڭ كۆزلىرىدىن زەھەر چاچراپ تۇراتتى، قولىدىكى كونا لۆڭگىنى مىجىپ تۇختىمايتتى.

— ئىندىيا، گەپ قىلماڭ، — مېلانىيە گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرغا كېلىپ قالغانىدى. ئەمما ئاقىرىپ كەتكەن چىرايى بىلەن ئازابلىق كۆزلىرىدىن گەپنى ناھايىتى قىيىنىلىپ تۇرۇپ دەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — سىكارلېت، بەلكىم سىزگە بالدۇراق دېسەك توغرا بولار بولغىيدى، بىراق... بىراق سىز بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چوڭ بىر پالاكەتكە ئۇچرىدىڭىز، شۇڭا بىز... شۇڭا فىرانك ھازىرچە دېمەي تۇرۇڭلار... ئۇنىڭ ئۈستىگە 3K پارتىيەسىگە قارشى...

— 3K پارتىيەسى...

دەسلەپتە سىكارلېت بۇنداق ئاتالغۇنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغاندەك، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى، لېكىن ئارقىدىنلا قورقۇنچلۇق چىرقىراپ كەتتى.

— 3K پارتىيەسى! ئاشلېي 3K پارتىيەسىنىڭ ئادىمى ئەمەس! فىرانكمۇ شۇنداق! ماڭا ئۇ ئۇنىڭغا ئارىلاشمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن.

— كېيىنىپدى ئەپەندى ئەلۋەتتە 3K پارتىيەسىنىڭ ئادىمى، ئاشلىيمۇ شۇنداق. بىز تونۇيدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەزا، — دېدى ئىندىيا ئۇنلۇك سۆزلەپ، — ئۇلار ھەقىقىي ئەزىمەتلەر، جەنۇبلۇق ئادەملەر، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ سەن ئۇنىڭ پۈتىدىن تارتماي ئۇنىڭدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ. سەن بۇ ئىشنى ئادەم قىلمايدىغان ئىش دەپ قارايسەن ھەم...

— سىلەر ھەممىڭلار بىلىدىكەنسىلەر، بىر مەنلا...

— بىز سىزنى بىئارام قىلمايلى دېدۇق، — دېدى مېلانىيە كۆڭلى يېرىم بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

— بۇ گەپچە، ئۇلار سىياسىي يىغىلىشلارغا بارىمىز دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئىشلارنى قىلغىلى بارىدىكەن - دە، شۇنداقمۇ؟ ئۇ ماڭا ۋەدە بەرگەن. شىماللىقلار كەلسە مېنىڭ پەن زاۋۇتلىرىمنى، دۇكانلىرىمىزنى مۇسادىرە قىلىپ كەتكۇدەك ئەمەسمە! ئۇنىمۇ تۇتۇپ سولايدۇ... ھىم، رېت باتلېر زادى نېمە دېمەكچى بولغىيدى؟

مېلانىيە بىلەن ئىندىيا قورقۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. سكارلېت قولىدىكى ئىشنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەگەر سىلەر ماڭا دەپ بەرمەيدىغان بولساڭلار شەھەرگە كىرىپ ئۆزۈم ئېنىقلايمەن. ئۇچراشقان ئادەمدىن سورايمەن، بىلمەي قويمايمەن...

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئارچى سكارلېتقا قادىلىپ، — سىزگە مەن ئېيتىپ بېرەي. سىز بۈگۈن سىرتقا يالغۇز چىقىپ ئاشۇ بالاغا ئۇچرىدىڭىز، بۇنى ئۆزىڭىز تاپقان. ۋىلكېس ئەپەندى بىلەن كېيىنىپدى ئەپەندى شۇ ئىش ئۈچۈن باشقا بىرنەچچەيلەننى باشلاپ، ئۇ زەڭگى بىلەن ئاق تەنلىكنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى نېگىرلار مەھەللىسىگە كەتتى. ئەگەر ئۇلارنى تېپىۋالىدىغان بولسا پۈتۈن مەھەللىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ھېلىقى ھايانكەشنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولسا، دېمەك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شىمالىلىقلار بۇ خەۋەرنى بىر يەردىن ئاڭلاپ ئاشۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشىدۇ. ناۋادا رېت باتلېرنىڭ دېگىنى يالغان بولسا خائىن شۇ دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى شىمالىلىقلارنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ پاش قىلغىنى راست بولىدىغانلا بولسا، ئۆزۈمۇ بىللە ئۆلسەممۇ مەيلى، جېنىنى ئالماي قويمايمەن. ئۇلار ئامان قالىدىغان بولسا، بۇ يەردە تۇرماي تېكساس ئىشتاتىغا كېتىپ شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياشىسا بولىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ يەرگە مەڭگۈ كېلەلمەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن بولغان، قوللىرىڭىز ئۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن بويالغان

مىلانىيەنىڭ چىرايىدا ئەمدى بايىقى قورقۇنچلار يوق، ئەكسىچە ئاچچىق پەيدا بولدى ۋە سكارلېتنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— ئارچى، — دېدى ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ، — يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان بولسىڭىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭ. بۇ سكارلېتنىڭ كاساپىتىدىن بولغان ئىش ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۆزى... ئۆزى توغرا تاپقان ئىشنىلا قىلدى. بىزنىڭ ئەرلىرىمىزمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشىدۇ. ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىكى ئويلىرىمىز، چارىلىرىمىز ئوخشىمايدۇ، شۇڭا... شۇڭا باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچىمىمىز بويىچە تەلەپ قويساق بولمايدۇ. ئىندىيا ئىككىڭلار نېمىشقا ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىسىلەر؟ بەلكىم ئۇنىڭ ئېرى بىلەن مېنىڭ ئېرىم...

— تىنچلىنىڭلار! — ئارچى بىردىنلا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ھەممىڭلار جايىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ.

مېلانىيە ئاشلېينىڭ كۆڭلىكىنى دەررۇ قولىغا ئېلىپ

ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي كۆڭلەكنىڭ يىرتىقىنى تىتىشقا باشلىدى.

ئاتلار يېقىنلاپ تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇياق ئاۋازلىرى ئۆچۈپ، بىر ئادەمنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قىلىۋاتقان گېپى ئاڭلاندى. ئۆيدىكىلەر ئۇ ئادەملەرنىڭ ياندىكى ھويلىدىن ئالدىدىكى كارىدورغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرۇشتى. خۇددى دېرىزىلەردىن مىڭلارچە زەھەرلىك كۆزلەر ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك، تۆت ئايالنىڭ قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما قوللىرى ئىشتا ئىدى. سىكارلېت ئىچىدە توختىماي: «ئاشلېينى مەن بالاغا تىقتىم ! مەن بالاغا تىقتىم !» دەپ ئولتۇراتتى، فىرانكىنىمۇ بالاغا تىققانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى، كاللىسىغا ئاشلېينىڭ ئوبرازىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كىرمەيتتى. ئۇنى شىماللىق قېرى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا قانغا مىلەنگەن ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ئىشىكنى قاتتىق ۋە قوپال ئۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى. سىكارلېت مېلانىيەگە قارىدى. مېلانىيەنىڭ چىرايىدا بايا رېت باتلېرنىڭ چىرايىدا كۆرگەن پەرۋاسىز ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئارچى، ئىشىكنى ئېچىڭ ! — دېدى ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ

ئارچى قولىغا ئېلىۋالغان خەنجىرىنى قونچىغا تىقىپ، ئاندىن تاپانچىلىرىنىڭ قېپىنىڭ ئىزمىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئاسقاقلىغان پېتى بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. پىتتىي ھامما ئىشىكنىڭ ئالدىدا شىماللىق بىر ئوفىتسېر بىلەن كۆك كىيىم كىيگەن بىرنەچچە ئەسكەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا قورقۇنچلۇقتا قاتتىق چىرقىراپ كەتتى، باشقىلار جىمجىت تۇرۇشتى. سىكارلېت ئۇ ئوفىتسېرنى تونۇيدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى سەل يەڭگىل سەزدى. ئۇنىڭ ئىسمى تام جاففېر بولۇپ، رېت باتلېرنىڭ ئاغىنىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭغا ئۆي سالدىغان چاغدا ياغاچ سېتىپ بەرگەنىدى، دۇرۇس ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرمىگە سولاپ قويماس. ئۇ ئوفىتسېرمۇ بىر قاراپلا سىكارلېتنى تونۇپ بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا خۇددى خىجىل بولۇۋاتقاندەك، سەل ئېگىلىپ سالام قىلىپ قويدى.

— خەيرلىك كەچ، كېنىدى خانىم، قايسىڭلار ۋىلكېس خانىم بولىسىلەر؟

— مەن، — جاۋاب بەردى مېلانىيە ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇنىڭ بويى پاكار بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى لاتاپەتلىك ئىدى، — نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن بىزنىڭ ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىردىڭلار!

ئۇ ئوفىتسېر تېز ئارىدىلا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدى، ئاندىن خۇددى بۇ ئۆيدە ئەرلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولغاندەك، نەزىرىنى ئۈستەل ئۈستىگە، كېيىن ئاسقۇغا ئاغدۇردى.

— ئەگەر مۇمكىن بولسا كېنىدى ئەپەندى ۋە ئاشلېي ئەپەندى بىلەن پاراڭلاشقان بولسام.

— ئۇلار ئۆيدە يوق، — مېلانىيەنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئەمەس، ئەمما سوغۇق ئىدى.

— چوقۇم دەپ ئېيتالامسىز.

— ۋىلكېس خانىمنىڭ گېپىدىن گۇمانلانمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئارچې گەپ قىستۇرۇپ. ئاچچىقىدا ئۇنىڭ ساقاللىرى دىك تۇرۇپ كەتكەنىدى.

— كەچۈرۈڭ، ۋىلكېس خانىم، سىزنى ھۆرمەت قىلمىغىنىم ئەمەس، ئەگەر سىز سۆزىڭىزگە ئىگە بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۆيىڭىزنى ئاختۇرمايمەن.

— ئەلۋەتتە ئىگە، ئەمما ئاختۇرغۇڭىز كەلسە ئاختۇرۇۋېرىڭ. ئۇلار كېنىدى ئەپەندىنىڭ دۇكىنىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن.

— ئۇلار ئۇ يەردە يوق تۇرىدۇ. بۇگۇن ئاخشام يىغىلىشى يوق ئىكەن، — دېدى ئۇ ئوفىتسېر قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىز ئۇلارنى قايتىپ كەلگۈچە سىرتتا ساقلاپ تۇرىمىز.

ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قويۇپ ئاندىن چىقىپ كەتتى. ئۆيدىكىلەر سىرتتا بىر سىنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزدا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، شامال قاتتىق بولغاچقا، ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمىدى. ئۇ: «بۇ ئۆينى قاتتىق نازارەت قىلىڭلار، ھەر بىر دېرىزىدە بىردىن ئادەم تۇرسۇن !» دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. ئارقىدىنلا ئاياغلارنىڭ ئوپۇر - تۇپۇرلىرى ئاڭلاندى. سىكارلېت دېرىزىدىن خۇددى ساقاللىق ئادەملەر ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. مېلانىيە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ «خارلانغانلار» دېگەن كىتابنى قولىغا ئالدى. بۇ كىتابنى بۇرۇنقى جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ جەڭچىلىرى بەك ياخشى كۆرەتتى، گۇلخانلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوقۇشاتتى ھەم جىددىي ۋە چاقچاق ئارىلاش: «خارلانغان گېنېرال لي» دەپ قويۇشاتتى.

— ئىشلىرىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئارچىي يەنە. ئۇچ ئايال مېلانىيەنىڭ تەمكىن ئاۋازدا كىتاب ئوقۇشى بىلەن تەڭ سەل ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىپ، قولىدىكى ئىشلىرىنى يەنە باشلاپ كەتتى.

سىكارلېت مېلانىيەنىڭ كىتابتىن قانچىلىك ئوقۇغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدى، خۇددى بىرنەچچە سائەت ئوقۇغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. نېمىلەرنى ئوقۇدى، بىرسىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئاشلىپىنىلا ئەمەس، فىرانكنىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇگۈن شۇنچىلىك تەمكىن تۇرغانلىقى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىكەن - دە. ئۇ سىكارلېتقا 3K پارتىيەسىگە ئارىلاشماسلىق توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەن. شۇ چاغدا سىكارلېت بۇگۇنكىدەك ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىر يىلدىن بېرى قىلغان ئەجرى بىكارغا كېتىدىغان بولدى. ئۇ كۈرەش قىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمىدى، بوران ـ چاپقۇنلاردا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولدى. ئاھ، ئەمدى ئۇ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولدىمۇ؟ ئادەتتە خاراموش يۈرىدىغان فىرانكنى 3K پارتىيەسىنىڭ قاراملىقلىرىغا ئارىلىشىدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟ شۇ تورقىدا ئۇ بىر يەردە ئۆلۈپ قالغاندۇ. ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ شىماللىقلار ئۇنى تۇتۇۋالسا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاشلېيمۇ شۇنداق تەقدىرگە قالىدۇ.

سكارلېت قوللىرىنى تىرناقلىرى گۆشىگە پېتىپ ئاي شەكلىدە توت ئىز قالدۇرغۇچە بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ سىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئاشلېيىنىڭمۇ دارغا ئېسىلىش ئېھتىمالى بار، بۇ چاغقىچە ئېسىلىپمۇ كەتتىمۇ تېخى. مېلانىيە قانداق خاتىرجەم ئولتۇرۇۋاتىدۇ؟ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر خىيالىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقىنى نېمىسى؟ لېكىن، ئۇ ژان ۋالژاننىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى تەسۇرلەنگەن يېرىگە كەلگەندە، ژان ۋاژژانغا ئوخشاش ئۆزىنى تېخىمۇ تەمكىن تۇتۇشقا باشلىدى، ئورنىدىن تورۇپ ۋارقىراپ كەتمىدى.

سكارلېت ھېلىقى چاغدا تونى فونتائىن كېچىدە كېلىپ ئۇنى ئىزدىگەن ئىشنى ئېسىگە ئالدى. كىشىلەر ئۇنى كەينىدىن قوغلاپ كەلگەندى، چارچاپ كەتكەن، يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق. ئەگەر ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا ۋاقتىدا كەلمىگەن، پۇل بىلەن ئاتقا ئېرىشىپ قېچىپ كەتمىگەن بولسا ئۇنىمۇ دارغا ئېسىۋېتەتتى. ئەگەر فىرانك بىلەن ئاشلېي ھازىر ھايات بولسا ئۇلارمۇ ئوخشاشلا تونىنىڭ كۇنىگە قالىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر كۈنگە قېلىشىمۇ مۇمكىن، ھازىر ئۆينى ئەسكەرلەر قورشىۋالدى، ئۇلار پۇل بىلەن كىيىملىرىنى ئالغىلى كېلىدىغان بولسا قولغا چۈشمەي قالمايدۇ. شىماللىق ئەسكەرلەر بۇ ئەتراپتىكى ھەممە ئۆينى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانمۇ بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇلار ياردەم قىلىدىغان دوستلىرى بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ. كېچىلەپ تېكساس ئىشتابىغا قېچىپ كەتتىمۇ

تېخى.

لېكىن، رېت... رېت ئۇلارنىڭ قېشىغا ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ بارغانمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يېنىدىن پۇل ئۈزۈلمەيتتى، بەلكىم ئۇلارغا ئازراق پۇل بېرىپ تۇرغاندۇ. بىراق، ئۇ نېمىشقا ئاشلېينىڭ بىخەتەرلىكىنى دەپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدۇ؟ ئۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى ئەمەسمۇ؟ تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان بۇ تېپىشماق سىكارلېتنى يەنە ئەنسىرىتىپ قويدى.

«هەي، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى، — ئۆزىنى ئۆزى كايىپ كەتتى سىكارلېت، — ئىندىيا بىلەن ئارچى توغرا دەيدۇ، ھەممىسىنى قىلغان مەن. ئەمما، مەن ئۇلارنى بۇ دەرىجىدە گالۋاڭلىق قىلىپ 3K پارتىيەسىگە كىرىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىمغۇ؟ بۇنداق ئىش بولىدۇ دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن، پەن زاۋۇتىغا بارمىسامىمۇ بولمايتتى. مېلانىيە توغرا دېدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى بولىدۇ. مەن ئۇ ئىككى زاۋۇتنى ئاچمىسام يەنە بولمايدۇ. پۇل تېپىشىم كېرەك ـ دە. قارىغاندا، ئەمدى ئۇ زاۋۇتلارنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ.»

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مېلانىيەنىڭ ئاۋازى تىترەشكە، ئاجىزلىشىشقا باشلىدى، ئاخىرىدا توختاپ قالدى. خۇددى ئەسكەرلەر دېرىزىدىن قاراپ تۇرمايۋاتقاندەك شۇ تەرەپكە قاراپ دىققەت بىلەن تۇرۇپ كەتتى. قالغانلارمۇ بىرەر شەپە ئاڭلىغاندەك قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قالدى.

سىرتتا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى، ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن ئىشىك ـ دېرىزىلەر ھەم ئېتىك بولغاچقا، ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاۋازلار قۇلاقلارغا غۇۋا كىرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئېيىتىلىۋاتقىنى كىشىلەر ئەڭ يامان كۆرىدىغان، شېرمانىنى مەدھىيەلەيدىغان «جورجىيەنى تىرىپىرەن قىلىمىز» دېگەن ناخشا ئىدى، ناخشىنى ئېيتىۋاتقىنى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل رېت باتلېر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رېت ناخشىنىڭ بىر مىسراسىنى ئېيتىپ بولۇشىغا، ئىككى مەست ئاۋاز ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېيتىپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى ئاغزىغا كەلگەننى دەيتتى، ئاغزىلىرى گەپكە كەلمەيتتى. جاففېر ئەسكەرلىرىگە قىسقىلا بۇيرۇق بەردى. ئارقىدىنلا ئەسكەرلەرنىڭ ئۇيۇر - تويۇرلىرى ئاڭلاندى. ئۆيدىكىلەر قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ بىر - بىرىگە ئەنسىز قارىشىپ قويدى، چۈنكى ئۇلار رېت باتلېر بىلەن گەپ تالىشىۋاتقان ئىككى مەستنىڭ ئاشلېي بىلەن خۇگ ئىكەنلىكىنى ئاۋازلىرىدىن تونۇۋالغانىدى.

ھويلىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ تېخىمۇ كۈچەيدى، شىماللىقلارنىڭ ئوفىتسېرى ئۇلارنى سوراق قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا خۇگنىڭ تەلۋە كۈلكىسى ئارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى، رېت باتلېر ئاران سۆزلەيتتى ھەم ئالدىراپ تۇراتتى. ئاشلېينىڭ ئاۋازى غەلىتە، تەبىئىي ئەمەس. ئۇ: «ئىشىڭنى قىلىش! ئىشىڭنى قىلىش»لا دەيتتى.

ئۇنىڭ ئاشلېي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — ئويلىدى سكارلېت ئىچىدە. ئۇمۇ بۇ ئىشقا ھەيران قىلىۋاتاتتى، — ئۇ زادى ھاراق ئىچمەيتتىغۇ؟ رېتچۇ... ئۇنىڭغا نېمە بولغان؟ ئۇ مەست بولۇپ قالسا جىمىپ كېتەتتى، پەقەت ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتمەيتتى.

مېلانىيە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئارچېمۇ تۇردى. جاففېرنىڭ: «بۇ ئىككىسى قولغا ئېلىندى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارچى شۇئان تاپانچىسىغا قولىنى ئۇزارتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى مېلانىيە كەسكىن سۆزلەپ بوش ئاۋازدا، — مەن چىقاي.

مېلانىيەنىڭ شۇ تۇرقىدىكى قىياپىتى ھېلىقى چاغدا، قولىدا قىلىچ، پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يەردە ئۆلۈك ياتقان شىماللىق ئەسكەرنىڭ جەسىتىگە قاراپ تۇرغان چاغدىكى قىياپىتىگە ئوخشايتتى. ياۋاش، قورقۇنچاق ئادەم مۇھىتنىڭ قىستىشى بىلەن بەزىدە يولۋاستىنمۇ سەزگۈر، ۋەھشىي بولۇپ

كېتىدۇ. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭ، كاپىتان باتلېر، — دېدى ئۇ ئوچۇق ئاۋاز بىلەن ئۈنلۈك سۆزلەپ. گېپىدە ئېرىگە قارىتا قاتتىق نارازى بولغاندەك بىر خىل ئالامەت چىقىپ تۇراتتى، — ئۇنى يەنە مەست قىلىپ قويۇپسىلەر - دە. ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭلار.

ئوفىتسېر قاراڭغۇ هويلىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— كەچۈرۈڭ، ۋىلكېس خانىم، سىزنىڭ ئېرىڭىز بىلەن ئېلىسىن ئەپەندى قولغا ئېلىندى.

— قولغا ئېلىندى؟ نېمە ئىش ئۈچۈن؟ هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر ئاتلانتادا هاراق ئىچكەنلىكى ئادەملەرنى قولغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، شىماللىق بارلىق ئەسكەرلەر مەڭگۈ تۈرمىدە يېتىشى كېرەك. ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭ، كاپىتان باتلېر... ناۋادا ماڭالىغۇدەك ئەهۋالىڭىز بولسا.

سكارلېت كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى دەررۇ ئاڭقىرالماي هەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئاشلېي بىلەن رېتنىڭ مەست ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، بۇنى مېلانىيەنىڭمۇ بىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئادەتتە ياۋاش، نازۇك يۈرىدىغان مېلانىيە هازىر نېمە ئۈچۈن بۇنداق هازازۇل خوتۇنلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ۋارقىراپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى مەستلىكتىن ماڭالماي قېلىۋاتىدۇ دەيدۇ؟

سىرتتا دەتالاش قىلىۋاتقان ئاۋازلار، ئارىلاپ تىللىشىشلار غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئارقىدىنلا بىرسىنىڭ يەكپاي دەسسەپ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاشلېي ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، بېشى ساڭگىلاپ قالغانىدى، ئۈستىدە رېت باتلېرنىڭ ئۇزۇن قارا چاپىنى تۇراتتى. رېت باتلېر بىلەن خۇگ ئېلىسىن ئۆزلىرى تۇزۇك ماڭالمايدىغان تۇرۇقلۇق يەنە ئاشلېينىڭ قولتۇقىدىن يۆلىشىۋالغانىدى. ئېنىقكى، يۆلىۋالمىسا ئاشلېي چوقۇم يىقىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇ ئوفىتسېرمۇ چىقىۋاتاتتى، چىرايىدا گۇمان ۋە قىزىقىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىققاندا ئۇ توختاپ قالدى. قالغان ئەسكەرلەر ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ھەدەپ ئالدىغا بويۇنداپ قارايتتى، سوغۇق شامال توختىماي ئۆيگە كىرىۋاتاتتى.

سىكارلېت بەكمۇ قورقۇپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئىشلارغا چۈشەنمەي ھەيران بولاتتى. بىر مېلانىيەگە، بىر ئورنىدا تۇرالمايۋاتقان ئاشلېيغا قارايتتى، ئازراق چۈشەنگەندەكمۇ قىلاتتى. يەنە تۇرۇپلا: «ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى ئەمەسمۇ» دېگۈسى كېلەتتى. قىزىق بىر ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك، ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك ئويلاپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئويۇندا پىتتىي ھامما بىلەن سىكارلېتلا رول ئالمىغان، قالغانلارنىڭ بولسا ھەممىسىنىڭ رولى بار ئىدى، بىر - بىرىگە خۇددى دائىم مەشىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئارتىسلاردەك ناھايىتى ياخشى ماسلىشىۋاتاتتى. سىكارلېت بۇ ئويۇننىڭ بىر قىسمىنىلا چۈشىنىۋاتاتتى. چۈشەنگەنلىرىنى ھوزۇرلىنىپ كۆرۈۋاتاتتى، ئەمما زۇۋان سۈرمەيتتى.

— ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭ، — دېدى مېلانىيە ئاچچىقى بىلەن، — سىز، كاپىتان باتلېر، بۇ يەردىن دەررۇ كېتىڭ! بۈگۈن سىز ئۇنىڭغا يەنە ئۆلگۈدەك ئىچۈرۈپسىز، بۇ يەرگە يەنە قايسى يۈزىڭىز بىلەن كەلدىڭىز؟

ئۇ ئىككىسى ئاشلېينى ئاۋايلاپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. رېت باتلېر ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇۋېلىپ ئورنىدا ئاران تۇرۇۋاتاتتى.

— ماڭا يانغان ياخشىلىق شۇ بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ خۇددى قاتتىق ئازار يېگەن ئادەمدەك، — كىم مېنى ئۇنى ساقچىدىن قاچۇرۇپ ئۆيگە ئەكېلىپ قوي دەپتۇ؟ ئۇنىڭ يولدا كەلگۈچە ۋارقىراپ - جارقىراپ، مېنى ئۇرۇپ، مورلاپ كەتكەنلىرىچۇ تېخى.

— خوگ ئېلىسەن، مېنىڭ سەن ئۈچۈنمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ. بىچارە ئاناڭغا نېمە دەيسەن؟ هاراق ئىچىپ، يەنە كېلىپ كاپىتان باتلېر بىلەن. ئۇ بولسا... شىماللىقلارنى ياخشى كۆرىدىغان، هايانكەش! ۋاي – ۋۇي، ۋىلكېس ئەپەندى، نېمىشقا بۇنداق ئىشنى قىلىسىز!

— مېلانىيە، مەن ئۇنچىلىكمۇ مەست ئەمەس، — دېدى ئاشلېي تىلى كالۋالىشىپ، ئاندىن بىردىنلا ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ يېتىۋالدى.

— ئارچى، ئۇنى هوجرىسىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇڭ، ئۇخلاپ قالسۇن. بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلىدىغان، — دېدى مېلانىيە، — پىتتى هامما، سىز كىرىپ ئۇنىڭ ئورنىنى سېلىپ بەرسىڭىز، — ئۇ تۇيۇقسىز يىغلاپ كەتتى، — ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ ماڭا ئىككىنچى ئىچمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىغۇ!

ئارچى قولىنى ئاشلېينىڭ قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ يۆلىدى، پىتتى هامما قورقۇپ پۇتلىرىدا جان قالمىغان بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى، شىماللىق ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— ئۇنى تۇتماڭ، ئۇ قولغا ئېلىنغان. سېرژانت!

سېرژانت مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ دەررۇ ئۆيگە كىردى. رېت باتلېر تېخىچە مەزمۇت تۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ بىر قولىنى ئوفىتسېرنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋېلىپ، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، ئاندىن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا يىغالىدى.

— تام، ئۇنى نېمىشقا قولغا ئالىسەن؟ ئۇ ئۇنچىلىك مەست ئەمەس. بەزىدە ئۇ بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مەست بولۇپ كېتىدۇ.

— ئۇ نەدە مەست بولىدۇ، — دېدى ئوفىتسېر، — هەقىقىي مەست بولۇپ پاتقاقتا مىلىنىپ كەتسىمۇ مېنىڭ كارىم يوق، چۈنكى مەن ساقچى ئەمەس. ئۇ بۈگۈن ئاخشام خوگ ئېلىسىن بىلەن بىللە 3K پارتىيەسىنىڭ هەرىكىتىگە قاتنىشىپ، نېگىرلار مەهەللىسىنى ئوققا تۇتتى، ئۇنى مەن شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولغا ئالماقچى، بىر نىگىر بىلەن بىر ئاق تەنلىكنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئاشلىي ئەپەندى.

— بۈگۈن ئاخشام؟ — باتلېر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلۈۋېرىپ جېنى قالماي، دىۋاندا ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن گەپ قىلغۇدەك بولۇپ يەنە سۆزلىدى، — بۈگۈن ئاخشام ئەمەستۇ، تام، بۈگۈن ئاخشام بۇ ئىككىسى مەن بىلەن بىللە. يىغىلىشتا بولماي، سائەت سەككىزدىن باشلاپلا مەن بىلەن بىللە بولدى.

— سىز بىلەنمۇ؟ — ئۇ ئوفىتسېرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى، ئاشلىي مەستچىلىكتە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى، خوتۇنى بىر ياقتا يىغلاپ ئولتۇراتتى. بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ گاڭگىراپلا قالدى، — لېكىن... سىلەر نەدە ئىدىڭلار؟

— ئېيتقىلى بولمايدۇ، — دېدى رېت باتلېر نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن مېلانىيەگە قاراپ قويۇپ.

— يەنىلا ئېيتقىنىڭىز ياخشى، باتلېر ئەپەندى.

— خانىملارنىڭ ئالدىدا ئېيتالمايمەن. خانىملار چىقىپ تۇرسا قانداق بولار...

— مەن چىقمايمەن، — دېدى مېلانىيە ئاچچىقىدا قول ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئېرىمنىڭ بۈگۈن كەچتە نەدە بولغانلىقىنى بىلىشكە ھەققىم بار مېنىڭ.

— بېللې ۋاتلىنىڭ قىمارخانىسىدا ئىدۇق، — دېدى رېت باتلېر خىجىل بولغاندەك قىياپەتتە، — خوگ ئېلسىنمۇ، فرانك كېنېدىمۇ، دوختۇر مادېمۇ شۇ يەردە بولدى — بىز بىر توپ ئادەم زىياپەتتە بولدۇق، كاتتا زىياپەتتە. ئۇ يەردە شامپان بار، قىزلارمۇ جىق.

— بېللې ۋاتلىنىڭكىدىمۇ؟

مېلانىيە بىردىنلا قاتتىق توۋلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. ھەممە ئادەم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. مېلانىيە مەيدىسىنى تۇتقان پېتى، ئارچې كېلىپ يۆلىمىغۇچە ھوشىدىن

كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى، شۇئان پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. ئارچي مىلانىيەنى كۆتۈرۈپ يەردىن ئالدى، ئىندىيا ئاشخانىغا سۇغا يۈگۈردى، پىتتىي هاما بىلەن سىكارلېت ئۇنى يەلپۈپ قولىنىڭ بىغىشلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا خۇگ ئېلسىن:

— ھەممىنى دەۋەتتىڭمۇ؟ بىرسىنىمۇ قويماي دېدىڭ - ھە! — دېدى، ئارقىدىن كۆلۈپ كەتتى.

— ئەمدى بۇ ئىشنى پۈتۈن شەھەر بىلىپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى رېت باتلېر ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇپ زەردە بىلەن، — ئەمدى رازى بولدۇڭمۇ، تام؟ ئەتىدىن باشلاپ ئاتلانتادىكى ئاياللار ئەرلىرىگە گەپ قىلمايدىغان بولدى - دە.

— رېت، — ئىشلەك ئوچۇق بولۇپ، سوغۇق شامال كىرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ بۇ ئوفىتسېر تەرلەپ تۇرۇۋاتاتتى، — مۇنداق قىلايلى، سىز ئۇلارنىڭ بىللې ۋاتلىنىنىڭ قىمارخانىسىدا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىڭ، بولامدۇ؟

— ۋاي ئاناڭنىيەي، بولىدۇ، — دېدى رېت نارازى بولغانراق قىياپەتتە، — ئىشەنمىسەڭ بىللىدىن سوراپ باقساڭمۇ بولىدۇ. ۋىلكېس خانىمنى ئۆزۈم ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قوياي. ئارچي ئۇنى ماڭا بەر، مەن كۆتۈرەلەيمەن. پىتتىي ھاما، سىز شامنى كۆتۈرۈپ ئالدىمدا مېڭىڭ.

رېت ھېچقانچە كۈچىمەيلا ۋىجىك مىلانىيەنى ئارچىنىڭ قولىدىن ئالدى.

— ئارچي، سەن ۋىلكېس ئەپەندىنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويغىن. بۈگۈنكى ئىش بىلەن ئۇنى كۆرۈپ قويدۇم، ئەمدى ئۇنىڭغا قارايدىغان كۆزۈم يوق.

پىتتىي ھاما قورقۇپ تىترەپ تۇرۇۋاتسىمۇ، شامنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىغا قاراپ ئاستا ماڭدى. ئارچي ئاشلېينى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن قوپتۇردى.

— ئەمما... مەن بۇ ئىككىيلەننى قولغا ئالىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رېت باتلېر قاراڭغۇ كارىدوردا كېتىۋېتىپ كەينىگە قايرىلدى.

— ئۇنداق بولسا ئۇلارنى ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ قولغا ئېلىڭ. بۇ تۇرقى بىلەن ئۇلار بەرىبىر بۇگۈن قېچىپ كېتەلمەيدۇ، مەن قىمارخانىدا هاراق ئىچسە جىنايەت هېسابلىنىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيدىكەنمەن، تام. گېپىمنى ئاڭلا، ئۇلارنىڭ بۇگۈن ئاخشام شۇ يەردە ئىكەنلىكىگە ئەللىكچە ئادەم گۇۋاهلىق بېرەلەيدۇ.

— جەنۇبلۇق بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ نەدىلىكىگە گۇۋاهلىق بېرەلەيدىغان ئەللىك ئادەمنى تاپمىقى تەس ئەمەس، ئۇ ئادەملەرنى تاپالايدۇ. بەلكىم ئۇ ئۇ يەرگە بارمىغاندۇ، — دېدى ئوفىتسېر روهسىزلىنىپ، — ئېلسىن ئەپەندى، سىز مەن بىلەن مېڭىڭ، ۋىلكېس ئەپەندى كېپىللىكتە قالسۇن، ئەگەر بىرەرسى...

— مەن ۋىلكېس ئەپەندىنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، ئۇنىڭ قاچان چاقىرتسىڭىز شۇ چاغدا يېنىڭىزغا بارىدىغانلىقىغا مەن كېپىل، — دېدى ئىندىيا سوغۇق تەلەپپۇزدا، — بولدى، چاپسانراق چىقىپ كېتىڭلار، بىزنى بىر كېچە پاراكەندە قىلدىڭلار، شۇمۇ يېتەر.

— سىلەردىن كۆپ كەچۈرۈم سورايمەن، — دېدى ئۇ ئوفىتسېر خۇشياقمىغاندەك سەل ئېگىلىپ قويۇپ، — مەن ئۇلارنىڭ هەقىقەتەن ۋاتلىن خانقىز... ياق، خانىمنىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاكىڭىزغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئەتە ئەتىگەندە ژاندارمىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن.

ئىندىيا بېشىنى سوس لىڭشىتىپ قويۇپ، خۇددى چاپسانراق چىقىپ كېتىڭلار دېگەندەك ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بۇرىدى. ئۇ ئوفىتسېر بىلەن سېرژانت چىقىپ كەتتى، خۇگ ئېلسىن كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىندىيا ئىشىكنى گۇپىلا قىلىپ ياپتى. ئاندىن سىكارلېتقا قارايمۇ

قويماي، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بارلىق دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى. سىكارلېت ئىككى پۇتى تىترەپ، بايا ئاشلېي ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ھۆل تۇرغانلىقىنى بايقاپ قولى بىلەن سىلاپ باقتى. قولىغا شىلىمشىق قىپقىزىل بىر نەرسە چاپلىشىۋىدى، قورقۇپ جان - پېنى چىقتى.

— ئىندىيا، — دەپ توۋلىدى ئۇ، — ئىندىيا، ئاشلېي — يارىلىنىپتۇ.

— ھۇ كالۋا، سەن ئۇنى راستلا مەست بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

ئىندىيا ئەڭ ئاخىرقى دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ ھۇجرىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. سىكارلېتمۇ كەينىدىن كىردى، قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى. رېت يوغان گەۋدىسى بىلەن ئىشىكنى توسۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ مۈرىسى ئۈستىدىن ئاشلېينىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ھالدا كارىۋاتتا جىمجىت ياتقانلىقىنى كۆردى. بايا ھوشىدىن كەتكەن مېلانىيە ھازىر ئاجايىپ چەبدەسلىك بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. قولىدا قايچا، ئاشلېينىڭ قانغا مىلىنىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كېسىشكە باشلىدى. ئارچى كارىۋاتنىڭ يېنىدا چىراغنى پەس تۇتۇپ تۇراتتى، بىر قولى بىلەن ئاشلېينىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئۇ ئۆلۈپ قالدىمۇ؟ — سورىدى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئىككى ئايال تەڭلا.

— ياق، قان كۆپ چىقىپ كېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئوق مۈرىسىگە تېگىپتۇ، — دېدى رېت باتلېر.

— ئۇنى نېمىشقا ئۆيگە ئېلىپ كەلدىڭىز، ھەي كالۋا، — دېدى ئىندىيا ۋارقىراپ، — مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭ! نېمىشقا ئۇنى ئۇلار قولغا ئالسۇن دېگەندەك قىلىپ ئۆيگە ئېلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلدىڭىز دەۋاتىمەن؟

— ئۇ ماڭالمايتتى ھەم بارىدىغانغىمۇ يەر يوق، ۋىلكېس خانىم. يەنە بىر گەپ، سىز ئۇنىڭ تونى فونتائىنىغا ئوخشاش سىرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشىنى خالامسىز؟ شۇنچە قوشنىلىرىڭىزنىڭمۇ ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تېكساس ئىشتاتىغا كېتىپ، ئۇ يەردىن مەڭگۈ قايتىپ كەلمەسلىكىنى ئويلامسىز؟ ئۇلارنى بىز قۇتۇلدۇرۇپ قالالىشىمىز مۇمكىن، پەقەت بىللې...

— مەن ئۆتۈۋالاي !

— بولمايدۇ، ۋىلكېس خانىقىز. سىزنىڭ قىلىدىغان بىر ئىشىڭىز بار، بېرىپ دوختۇردىن بىرنى باشلاپ كېلىڭ، مادي دوختۇرنى ئەمەس، ئۇنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن چېتىشلىقى بار. ئۇنىمۇ شۇ تۈرقىدا شىماللىقلار سوراق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. باشقا دوختۇر بولسۇن، كېچىدە سىرتقا چىقىشتىن قورقامسىز؟

— قورقمايمەن، — دېدى ئىندىيا جاۋابەن. ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدىن بىر خىل نۇر چاقناپ تۇرۇۋاتاتتى، — مەن قورقمايمەن، — ئۇ كىيىم ئاسقۇدىن مېلانىيەنىڭ باشىنىكى بار ئۇزۇن چاپىنىنى ئالدى، — مەن دېئان دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىمەن، — ئۇ ئانچە ھاياجانلىنىپ كەتمەي ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى، — كەچۈرۈڭ، بايا ئەھۋالنى ئۇقماي سىزنى خائىن، كالۋا دەپتىمەن. ئاشلېيغا ياردەم قىلغىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ مىننەتدارمەن... ئەمما مەن سىزنى يەنىلا نەزىرىمگە ئىلمايمەن.

— مەن سىزدەك ئوچۇق ـ ئاشكارىلىقنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنىڭ ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، — رېت ئۇنىڭغا سەل ئېگىلىپ قويدى. چىرايىدا خۇشال كۈلكە جىلۋىلەندى، — چاپسان مېڭىڭ، ئارقا ئىشىكتىن چىقىڭ. قايتىپ كەلگەندە ئەتراپتا ئەسكەرلەر بولۇپ قالسا ئۆيگە

كىرمەك.

ئىندىيا ئاشلىپىغا ئازاب بىلەن بىر قېتىم قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئاستا مېڭىپ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

سىكارلېت رېت باتلېرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ھە دەپ ئاشلىپىغا بويۇتداپ قارايتتى. ئاشلىپىنىڭ كۆزلىرىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپلا يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى. مېلانىيە تەكچىدىن قاتلاقلىق بىر لۆڭگىنى ئېلىپ ئاشلىپىنىڭ يارىسىنىڭ ئۈستىنى باستى، ئاشلىپى ئۇنى خاتىرجەم قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. سىكارلېت رېت باتلېرنىڭ ھەدەپ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىدىكى خىياللىرىنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايۋاتاتتى. ئاشلىپىنىڭ بەدىنىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا يۈگۈرۈپ بېرىپ كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغۇسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ئىككى پۇتى تىترەپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرەلمەيۋاتاتتى، ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ئىچكىرىدىن كۆزىنى بىر دەقىقىمۇ ئۈزمەيتتى. مېلانىيە يەنە بىر لۆڭگىنى ئېلىپ، ئېقىۋاتقان قاننى پۈتۈنلەي توختىتىۋالماقچى بولغاندەك يارا ئۈستىگە كۈچەپرەك باستى. ئۇزاققا بارماي بۇ لۆڭگىمۇ قىپقىزىل قان بولۇپ كەتتى.

قان شۇنچە كۆپ ئاقسىمۇ ئادەم يەنە ئۆلمەيدىكىنە؟ خۇدا ساقلاپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان كەتمەپتۇ. ئاھ، ئاغزىدىن كەلگەن قان ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى، بۇنى سىكارلېت بىلىدۇ. ھېلىقى كۈنى بۇ يەردە بولغان بىر جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن قان كەلگەن ئەمەسمىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى رېت ئۇنىڭغا مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن، — ئۇ ئۆلمەيدۇ، سىز كىرىپ مېلانىيە خانىمغا چىراغ تۇتۇپ بېرىڭ، مەن ئارچېنى بىر ئىشقا بۇيرۇيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارچې شۇئان بېشىنى كۆتۈرۈپ رېتقا قارىدى.

— سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايدىغان ئادەم ئەمەس مەن، — دېدى ئارچې ئاغزىدىكى چايناۋاتقان تاماكا يوپۇرمىقىنى ئىككىنچى قوۋۇزىغا يۆتكەپ.

— ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىڭىز كېرەك، — دېدى مېلانىيە قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن، — كاپىتان باتلېر نېمىگە بۇيرۇسا هازىرلا مېڭىڭ. سىكارلېت، چىراغنى سىز ئېلىڭ.

سىكارلېت چىراغنى ئېلىپ، خۇددى قولىدىن هازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئاشلېينىڭ كۆزلىرى يەنە يۇمۇلۇپ كەتتى، كۆكسى ئاستا كۆتۈرۈلۈپ تېز چۈشۈۋاتاتتى. مۇرىسىدىن ئېقىۋاتقان قان توختايدىغاندەك ئەمەس، مېلانىيەنىڭ قوللىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېت ئارچېينىڭ گۈس - گۈس مېڭىپ رېت باتلېرنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى، ئاندىن رېت باتلېرنىڭ ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا ئىتتىك سۆزلەپ بىر نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. پۈتۈن خىيالى ئاشلېيدا بولغاچقا، رېت باتلېرنىڭ: «مېنىڭ ئېتىمنى مىنىڭ... ئات تالادا باغلاقلىق... چاپسان مېڭىڭ» دېگەن گەپلىرىنىلا ئاڭلىيالىدى.

ئارچې ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سورىغاندەك قىلدى، ئارقىدىنلا باتلېرنىڭ:

— بۇرۇنقى سۇللىۋان دېھقانچىلىق مەيدانىدا. چاپان چوڭ بىر تۇرخۇنلۇقنىڭ ئىچىدە، ئۇنى تېپىپ دەرهال كۆيدۈرۈۋېتىڭ.

— هىم ! — دېدى ئارچې جاۋابەن.

— گەمىدە يەنە ئىككى ئادەم بار، ئۇلارنى بىر ئامال قىلىپ ئاتنىڭ كەينىگە باغلاپ، بېللېنىڭ ئۆينىڭ كەينىدىكى بوش يەرگە تاشلاپ قويۇڭ، ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن تۆمۈريولنىڭ ئارىلىقىدىكى جايغا. ناهايىتى ئېھتىيات قىلىڭ. ئەگەر بىرەرسى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا ھەممىمىز تەڭ دارغا ئېسىلىمىز. ئۇلارنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويغاندىن كېيىن، مېنىڭ

تاپانچىلىرىمنى ئۇلارنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويۇڭ، ئەڭ ياخشىسى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇڭ، بۇ تاپانچىلارنى ئېلىڭ.

سىكارلېت ئۇنىڭ بېلىدىن ئىككى تاپانچىنى ئېلىپ ئارچىغا بەرگەنلىكىنى كۆردى. ئارچى تاپانچىلارنى بېلىگە قىستۇرۇۋالدى.

ھەربىر تاپانچىدىن بىر پايدىن ئوق ئېتىۋېتىڭ، كۆرگەن ئادەم بۇلار دۇئېلغا چىقىشىپتىكەن دەپ قالسۇن، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ئارچى ھەممە گەپنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇردى، كۆزلىرىدىن بولسا بىر خىل كۆچلۈك قايىللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. سىكارلېت تېخىچە بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. ئۆتۈپ كەتكەن بۇ يېرىم سائەت ئۇنىڭ ئۇچۇن قاباھەتلىك بىر چۈش بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى مەڭگۈ چۈشىنىپ بولالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، رېت باتلېرنىڭ مۇشۇنداق بىر قورقۇنچلۇق مۇھىت ئىچىدىمۇ قىلچە تەمتىرىمەي تۇرۇشلىرى ئۇنى تەسىرلەندۇرمەيمۇ قالمىدى.

ئارچى بۇرىلىپ ماڭماقچى بولۇۋېتىپ، يالغۇز كۆزى بىلەن سوراق مەنىسىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— ئۇ؟

— شۇنداق.

ئارچى بىردەم غودۇراپ قويۇپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى ـ دە، «يامان بوپتۇ» دەپ قويۇپ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

قىسقىغىنا بۇ سۆزلىشىش سىكارلېتنى يەنە بىر قېتىم يېڭى ۋەھىمە ۋە شۈبھىگە سېلىپ قويدى، ئىچى بىردىنلا مۇزلاپ يۈرىكى قاتتىق تارتىشىپ كەتتى.

— فىرانك نەدە؟ — ئاخىر ئۇ چىدىماي تۋۋلاپ كەتتى.

رېت باتلېر بىر سەكرەپلا كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ سىكارلېتنىڭ قولىدىكى بىردىنلا سىڭارىيان بولۇپ كەتكەن چىراغنى تۇتۇۋالدى.

— سەل تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىمەن. — دېدى ئۇ كۈلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇپ، — چىراغنى تۇز تۇتۇڭ، سىكارلېت، ئاشلىيىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويماڭ يەنە. مېلانىيە خانقىز...

مېلانىيە خۇددى گەپ ئاڭلايدىغان ئەسكەردەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. بەك جىددىيلىشىپ تۇرۇۋاتقاچقا، رېتنىڭ ئۆزىنى مۇلايىم ئاۋازدا چاقىرغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى، دوستلار بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلارلا بىر - بىرىنى ئاشۇنداق يېقىملىق چاقىرىشاتتى.

— كەچۈرۈڭ، ۋىلكىس خانىم، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

— كاپىتان باتلېر، كەچۈرۈڭ دېگەن گەپنى قىلماڭ. خانقىز دېمەي، ئىسمىمنى مېلانىيە دەپ چاقىرىۋەرسىڭىزمۇ خۇشال بولىمەن. سىزنى مەن ئۆز... ئۆز ئاكامدەك ياكى... بىر نەۋرە ئاكامدەك كۆرىمەن. سىز كەڭ قورساق ھەم قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم. سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟

— رەھمەت ئېيتسام؟ — رېت سەل خىجىل بولغاندەك بولدى، — مەن ئۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، مېلانىيە خانقىز، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئەپۇ سورىغاندەك بىر خىل ئاھاڭدا چىقتى، — مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى سورايمەن. بايا بېللىي ۋاتلىڭنىڭ گېپىنى ئامالسىز چىقىرىپ، ئۇلارغا ئاشۇنداق... ئاشۇنداق بىر... بىر يەرگە باردى دېدىم... مەن بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن، دەررۇ بىر چارىنى تېپىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئاخىر شۇ پىلاننى ئويلاپ تاپتىم. مېنىڭ شىماللىقلارنىڭ قوشۇنى ئىچىدە تونۇشلىرىم ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەممىدىن ئەپلىك يېرى، ئۇلار مېنى ئۆزىنىڭ ئادىمىدەك كۆرەتتى، چۈنكى مېنىڭ ئۆز ئادەملىرىمنىڭ ئىچىدە «خەقنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان»لىقىم ئۇلارغىمۇ مەلۇم ئىدى. بۈگۈن ئاخشام مەن بېللىي ۋاتلىڭنىڭ قىمارخانىسىدا بىرنەچچە شىماللىق بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇرغان، ئۇنىڭغا شىماللىق ئون نەچچە ئوفىتسېر گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. بېللىي بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە قىزلىرىمۇ يالغان گەپ قىلىپ ۋىلكىس ئەپەندى بىلەن

باشقا بىر نەچچەيلەننىڭ ئۆزلىرى بىلەن پۈتۈن بىر كېچە بىللە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە شىماللىقلار ئىشىنىدۇ، ئۇلار ئەنە شۇنداق غەلىتە ئادەملەر. چۈنكى، ئۇلار ئۇ قىزلاردا ئۇنچىلىك دەرىجىدە سادىقلىق ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بولىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. ئەمما، شىماللىقلار ئاتلانتادىكى ھەرقانداق بىر دۆرۈس ئايال ئۇلارنى، بۈگۈن ئاخشام پالان يەردە ئىدى دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسىمۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەي، يەنە ئاشۇ چىرايلىق قىزلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا، مەن ھايانكەش دېگەن يامان نامىم ھەم ئاشۇ ئون نەچچە قىزنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن پايدىلانسام بۇ بىر نەچچەيلەننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىدىم.

رېت باتلېرنىڭ ئاخىرىدىكى گەپلىرى بىلەن تەڭ چىرايىدا سوغۇق بىر كۈلكە ئەكس ئەتتى. لېكىن، كۆزلىرى مېلانىيەنىڭ مىننەتدارلىق ۋە ھاياجان ئەكس ئېتىپ تۇرغان قىزغىن كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇ سوغۇق كۈلكە بىردىنلا ئۆچتى.

— كاپىتان باتلېر، سىز بەكمۇ تەدبىرلىك ئىكەنسىز. بۇلارنىڭ ھاياتى قۇتۇلۇپ قالمىغانلا ئىش بولسا، بۈگۈن ئاخشام ئۇلار دوزاختا ئىدى دېيىشكىمۇ كۆڭلۈمگە ئالمايمەن، چۈنكى مەن ھەم باشقا مۇھىم ئەربابلار مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئۇنداق قورقۇنچلۇق يەرلەرگە ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغانلىقىنى بىلىمىز.

— ئەمما... — رېت خىجىل بولغاندەك سەل تۇرۇپ قالدى، — ئەمەلىيەتتىمۇ بۈگۈن ئاخشام ئۇ شۇ يەردە بولدى.

مېلانىيەنىڭ چىرايى سەل تۇرۇلدى.

— مەن سىزنىڭ بۇ يالغان گېپىڭىزگە مەڭگۈ ئىشەنمەيمەن.

— مېلانىيە خانقىز، ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاڭ. بۈگۈن مەن سۈللىۋانغا يېتىپ بارغاندا، ۋىلكېس ئەپەندىگە ئوق تېگىپ بوپتىكەن. ئۇنىڭ بىلەن خۇگ ئېلسىن، دوختۇر مادې، مېرىۋېتېر بوۋايلارمۇ بىللە ئىكەن...

— ئۇ بوۋاي ئۇلار بىلەن نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — تىۋۋلاپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەتتى سىكارلېت.

— يەنە تېخى ھېنرى تاغىڭىزمۇ بار.

— ۋاي خۇدايىمەي ! — پىتتىي ھاممىمۇ ئۆزىنى باسالماي بوش تووۋلاپ قويدى.

— ئەسكەرلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، بەزىلەر تارقاپ كېتىپتۇ، كېتەلمىگەنلىرى سوللىۋاتغا كېلىۋاپتۇ. ئەگەر ۋىلكېس ئەپەندى يارىلانمىغان بولسا، ئۇلار شۇ يەردىلا تېكساس ئىشتاتىغا قېچىپ كەتمەكچىكەن. ئۇ ئاتلىق ئۇزۇن يولغا چىدىمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا ئۇ يەردە ئەمەس باشقا جايدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك بولۇپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن مەن ئۇلارنى ئارقا ئىشىك بىلەن بىللىي ۋاتلىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردىم.

— ھە، ئەمدى چۈشەندىم، بايا ئۇقماي قوپاللىق قىلىپ قويۇپتىمەن، كەچۈرۈڭ، كاپىتان باتلېر. شۇ چاغدا ئۇلارنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارمىسىڭىزمۇ بولمايتتىكەن. سىلەرنىڭ ئۇ يەرگە كىرىپ كەتكىنىڭلارنى بىرەر ئادەم كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟

— ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى كىرىپ - چىقىدىغان ئارقا ئىشىك بىلەن كىردۇق. ئۇ ئىشىك تۆمۈريول تەرەپكە قارايدىغان، دائىملا قاراڭغۇ ھەم قۇلۇپ سېلىقلىقلا تۇرىدىغان ئىشىك ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا سىلەر...

— مەندە ئۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بار ئىدى، — دېدى رېت گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا دەپ. دەل شۇ چاغدا مېلانىيە ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى.

مېلانىيە ئۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەندەك ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى، قوللىرىمۇ تىترەشكە باشلاپ، تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان لۆڭگىسى ئاشلېيىنىڭ يارىسىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ مېنىڭ قەستەن سورىغىنىم ئەمەس... — دېدى ئۇ مۇجمەللا گەپ قىلىپ. ئاندىن ئىتتىك لۆڭگىنى يەردىن ئېلىپ يەنە يارىغا بېسىپ تۇرۇۋالدى.

— مەن سىزدەك بىر خانىمغا بۇ گەپنى دېيىشكە مەجبۇر بولغىنىم ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

بۇ گەپتىن قارىغاندا، ئۇ راست ئىش ئوخشايدۇ، — سىكارلېت شۇ خىيال بىلەن تەڭ قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتى، — ئۇنىڭ ۋاتلىن دېگەن ئۇ بۇزۇقنىڭكىدە تۇرۇۋاتقىنى راست ئىكەن - دە. ئۆي ئۇنىڭ ئەمەسمىدى، راست.

— مەن بېللي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا بىر تىزىملىكنى بەردىم، بۈگۈن كەچتىكى ھەرىكەتكە چىققانلارنىڭ تىزىملىكى ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىلەن قىزلىرىنىڭ مۇشۇ ئادەملەرنىڭ بۈگۈن كەچتە مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. كېيىن بىز يېنىپ چىقىدىغان چاغدا كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ بەكرەك دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، ئۇ يەرنىڭ تەرتىپىنى ساقلايدىغان ئىككى لوكچەكنى سۆرەپ چىقىپ ئۇلار بىلەن بىر پەس مۇشتلاشتۇق. ئۇلار بىزنى ھاراق ئىچىپ قاۋاقخانىنىڭ تەرتىپىنى بۇزدى دەپ، ئۇ يەردىن سۆرەپ چىقىپ كوچىغا چىقىرىۋەتتى.

رېت باتلېر شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ كۈلۈپ كەتتى.

— مادې دوختۇر مەست ئادەمنى زادىلا دورىيالمىدى، ئۇ بۇنداق يەرگە كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزى يۈزىنى تۆككەنلىك دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ھېنرى تاغا بىلەن مېرۋېتېر بوۋاي مەست ئادەمنى ئاجايىپ قاملاشتۇردى. ئۇلار بولمىغان بولسا بۇ ئويۇنىمىز ئاللىبۇرۇن چېنىپ قالاتتى. مېرۋېتېر بوۋاي تېخى بەكرەك دورىۋېتىپ ھېنرى تاغىنىڭ كۆزىنى ئۇرۇپ كۆكەرتىۋەتتى.

ئارقا ئىشىك ئۇشتۇمتۇت ئېچىلىپ، ئىندىيا بىلەن دوختۇر دېئان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاپپاق چاچلىرى رەتسىز ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كونا تېرە سومكىسى بىر يېنىدا پولاتچاپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى بوشلا لىڭشىتىپ قويۇپ، بىر كىمگىمۇ گەپ قىلماي، ئىتتىك بېرىپ ئاشلېپىنىڭ يارىسىنىڭ ئۇستىدىكى لوڭگىنى ئېلىۋەتتى.

— يۇقىرىغىراق تېگىپتۇ، ئۆپكە ساق ئىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇستىخنى سۇنمىغانلا بولسا مەسىلە چوڭ ئەمەس، لوڭگىدىن بىرنەچچىنى تەييارلاڭلار، خانىملار، پاختا بولسىمۇ بولىدۇ، بىراندىدىن ئازراق بولسۇن.

رېت سىكارلېتنىڭ قولىدىن چىراغنى ئېلىپ ئۇستەلگە قويۇپ قويدى، مېلانىيە بىلەن ئىندىيا دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن چېپىشىپ يۈرەتتى.

— بۇ يەردە سىز گە قىلىدىغان ئىشمۇ يوق ئوخشايدۇ. مېھمانخانىغا چىقىپ ئوتىسىنىپ ئولتۇرۇڭ، — رېت سىكارلېتنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئۆيدىن ئاچىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سۆزلىرى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك ئەمەس، ناھايىتى سىلىق ئىدى، — بۈگۈن سىز ئوبدانلا جاپا تارتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

سىكارلېت گەپ قىلماي مېھمانخانىغا چىقتى. ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى گىلەمنىڭ ئۇستىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ تىترىكى زادىلا بېسىلمايۋاتاتتى. گۇمانى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارا – بارا جەزملىشىپ قېلىۋاتاتتى. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار بۇ! ئۇ چىرايىدا قىلچە ئىپادە يوق، رېت باتلېرغا قاراپ قويدى، لېكىن گەپ قىلالمايتتى. ئاخىر بولماي:

— فىرانك — ئۇ بىللې ۋاتلىنىڭ قېشىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

رېت باتلېرنىڭ ئاۋازى قايغۇلۇق ئىدى.

— ئارچې ئۇنى بىللېنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى بوش ئورۇنغا ئەكېلىپ قويماقچى. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، مېڭىسىگە ئوق تېگىپتۇ.

# قىرىق ئالتىنچى باب

شۇ كۈنى كېچىسى شەھەرنىڭ شىمالىدىكىلەر تۈزۈك ئۇخلىمىدى. 3K پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانلىقى، رېت باتلېرنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرغانلىقى تېزلا تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئىندىيا ۋىلكېس ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، ئاخشام بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا دەۋېتىپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولۇپ كېتەتتى، ئۇ كېتىپلا شۇ يەرنى قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك باساتتى.

سىرتتىن قارىغاندا ھەممە ئۆيلەر قاراڭغۇ، تىنچ، ئادەملەر ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە پىچىر - پىچىر گەپ، ھاياجانلىنىش كېچىچە بېسىلمايتتى. شۇ كۈنكى ھەرىكەتكە قاتناشقان ۋە باشقا 3K پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىلا ئەمەس، پىئاچتېر كوچىسىدىكى ھەممىلا ئادەم ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ، تاپانچىلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇپ، ئوزۇقلارنى خالتىلارغا قاچىلاپ ئاتلىرىغا ئارتىپ تەييارلا تۇرۇشۇۋاتاتتى. ئىندىيا كېلىپ: «كاپىتان باتلېر، ھېچكىمنى سىرتقا قاچمىسۇن، يولدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئادەم بار، دەيدۇ. ئىشلارنى ئۇ ۋاتلىن بىلەن بىللە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ...» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەچكىلا ھېچكىم ئاتلانماي تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، ئادەملەر ئۆيلىرىدە بۇ گەپ توغرۇلۇق ھەر خىل غۇلغۇلىلارنى قىلىشىپ، ئەرلەر: «مەن نېمىشقا شىماللىققا سېتىلغان ئۇ ھايانكەشكە ئىشەنگۈدەكمەن؟ بۇ بىر قىلتاق بولۇشى مۇمكىن!» دېيىشسە، ئاياللىرى ئۇلارغا يالۋۇرۇپ: «يەنىلا ماڭماي تۇرغىنىڭىز ياخشى. ئۇ خوگ بىلەن ئاشلېينى قۇتقۇلدۇرغان بولسا بىزلەرنىمۇ قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئىندىيا بىلەن مېلانىيە ئۇنىڭغا ئىشىنىۋېتىپتۇغۇ» دېيىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي قېلىپ قىلىشتى، ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقىمۇ يول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوق ئىدى.

ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئەسكەرلەر ئون نەچچە ئۆينىڭ ئىشىكلىرىنى ئۆرۈپ ئۇلارنى سوراق قىلغان، شۇ كۈنى ئاخشىمى نەگە بارغانلىقىنى دەپ بېرەلمىگەن ياكى دېمىگەنلەرنى تۇتۇپ كېتىشكەنىدى. رېنى پىكارد بىلەن مېرۋېتېر خانىمنىڭ بىر جىيەنى، ئاكا ـ ئۇكا سىممونىسلار، ئاندى بونىيل تۈرمىدە بىر كېچە يېتىشتى. ئۇلار نەس باسقان بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان، ئېتىشىش باشلانغاندىلا باشقىلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ يولدا كېتىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالغانىدى، شۇڭا رېت باتلېرنىڭ پىلانىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار سوراقتا باشقا گەپ قىلماي، نەگە بارغۇمىز كەلسە شۇ يەرگە بارىمىز، سەنلەرنىڭ نېمە كارىڭ، دەپلا تۇرۇۋالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن شىماللىقلار ئۇلارنى ئەتىسى سوراق قىلىش ئۈچۈن سولاپ قويۇشقانىدى. ھېنرى تاغا بىلەن مېرۋېتېر بوۋاي، بىر ئاخشام بېللى ۋاتلىڭنىڭ قىمارخانىسىدا ئىدۇق، دەپ تۇرۇۋېلىشتى. ئوفىتسېر تام جاففېر قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلىشقا يېشىنىڭ ياراشمايدىغانلىقىنى دېگەندە، ئۇلار غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قېلىشتى.

تام جاففېر بېللى ۋاتلىڭنى ئىزدەپ باردى. ئۇ تېخى كېلىش مەقسىتىنى ئېيتماي تۇرۇپلا بېللى بايا بىرنەچچە لوكچەكنىڭ كېلىپ قالايمىقان قىلغانلىقىنى، بىرنەچچە قىممەت باھا ئەينەكنى سۇندۇرۇپ، قىزلىرىنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئېلىپ قىلمىغان ئەسكىلىكنىڭ قالمىغانلىقىنى، شۇڭا قىمارخانىنى بالدۇر تاقىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپلا كەتتى، ئەمما تام جاففېر كىرىپ ھاراق ئىچمەن دېسە ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى...

تام جاففېر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۆزىگە چىرايلىق قىزلارنىڭمۇ، شېرىن شارابنىڭمۇ كېرىكى يوقلۇقىنى ئېيتىپ،

جىدەل چىقارغان ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلمىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدى، بىللې ئەلۋەتتە بىلەتتى، ھەممىسى بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ، ھەر چارشەنبە كۈنى كەچتە كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ ئادەملەر سۇندۇرۇۋەتكەن ئەينەكلەرنى تۆلەپ بەرمەيدىغان بولسا ئۇستىدىن ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئارقىدىن ئۇن ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىردىن دەپ بەردى. تام جاففېر ئاڭلاپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— بۇ توپىلاڭچىلار ئىشلىرىنى بىزنىڭ مەخپىي ساقچىلىرىمىزدىنمۇ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، — دېدى ئۇ، — ئەتە ئەتىگەندە سىز ھەم قىزلىرىڭىز ژاندارمىغا بېرىڭلار!

— ژاندارمىلارنىڭ قوماندانى ئۇلارغا سۇندۇرۇۋەتكەن ئەينەكلىرىمنى تۆلىتىپ بېرەرمۇ؟

— ئەينەكلىرىڭىزنىڭ گېپىنى قويۇڭ! رېت باتلېرنى ئىزدەڭ، شۇ تۆلەپ بەرسۇن، بۇ يەر ئۇنىڭ ئەمەسمىدى؟

تاڭ بىلەن تەڭ بۈرۈن جەنۇب ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ھەممە شەھەر ئاھالىسى ئاخشام بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى نېگىرلارمۇ ھېچكىم ئېيتمىسىمۇ بىلىپ بولۇشقانىدى. ئۇلارنىڭمۇ ئاق تەنلىكلەر بىلمەيدىغان يەر ئاستى ئالاقىلىشىش تورلىرى بار ئىدى. ھەممە ئادەم ئۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتلىرىدىنمۇ خەۋەر تېپىشقانىدى. مەسىلەن، فىرانك كېننېدى بىلەن تومى ۋېلبورنىنىڭ ئۆلگەنلىكى، ئاشلېينىڭ فىرانكنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا يارىلانغانلىقى، دېگەندەك ئىشلار.

سكارلېت بۇ قېتىمقى پاجىئە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، شەھەردىكى بارلىق ئاياللار ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچلۈك قىلىشقانىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئانچە ئۆچلۈك قىلىشمايدىغانمۇ بولۇشتى. تاڭ يورۇغاندا جەسەتلەر بايقالدى. ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ ئەھۋالنى سكارلېتقا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ بۇ ئىشنى بىلمىگەندەك يۈرگەنىدى. فىرانك بىلەن تومىمى قوللىرىدا تاپانچا، مەيداندا يېتىپتۇ، بەدەنلىرى ئالىبۇرۇن مۇزلاپ قېتىپ كېتىپتۇ. شىماللىقلار ئۇلارنىڭ ياتقان ھالەتلىرىگە قاراپ مەستچىلىكتە بىللىنىڭ بىرەر قىزنى تالىشىپ قېلىپ بىر - بىرىنى ئېتىپ تاشلاپتۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى، بۇنداق ئىشلارمۇ ئانچە - مۇنچە بولۇپ تۇراتتى. كۆپچىلىك تومىنىڭ خوتۇنىغا قاتتىق ھېسداشلىق قىلىشتى. ئۇ تېخى يېڭىلا يەڭگىگەن بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى تومىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەرلەر قورشاپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ ھېچكىم بارالمىغانىدى، يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلەر كېيىنىدىنى تۇتماق بولۇپ يېتىپ ھامىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

تاڭ تېخى يورۇمايلا، ھەربىي سوت بۇ ئىشلارنى بوگۇنلا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغۇدەك، دېگەن خەۋەر تارقالدى. شەھەردىكىلەر كېچىچە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇخلىماي چىقتى. شەھەردىكى بىرنەچچە مۇھىم ئادەملەرنىڭ ئامان قېلىشى مۇنداق ئۈچ ئىشقا باغلىق ئىدى: بىرسى، ئاشلېي ۋىلكېس سوتقا بارغاندا يارىلانغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ھاراقنى كۆپ ئىچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىئارام بولۇۋاتقاندەك تۇرۇۋشى؛ يەنە بىرسى، بېللې ۋاتلىن ئۇ ئادەملەرنىڭ بىر ئاخشام ئۆزىنىڭ قىمارخانىسىدا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى؛ ئۈچىنچى بىرسى، رېت باتلېرمۇ ئۇلاردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىغانلىقىنى ئېيتىشى كېرەك ئىدى.

كۆپچىلىكنىڭ كېيىنكى ئىككى ئىشقا ئەندىشىسى كۆچلۈك ئىدى. بېللې ۋاتلىن! ئۆز ئەرلىرىنىڭ تەقدىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا باغلاپ قويىدۇ؟ بۇنىڭغا چىداش مۇمكىنمۇ؟ بۇرۇن ئايالالار ئۇنىڭ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يىراق ماڭاتتى. شۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدىمىدۇ؟ ئېسىدە بولسا بۇ خوتۇنلارنىڭ تۇگەشكىنى شۇ. ئەرلەر ئۆز

تەقدىرلىرىنىڭ بېللې ۋاتلىنغا باغلىنىپ قالغانلىقىغا خوتۇنلىرىدەك ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. چۈنكى، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە بېللې ئۇنچىلىك ئەسكى ئايال ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى رېت باتلېر ئىدى. چۈنكى، ئۇ هاراقكەش سودىگەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىماللىقلارغا سېتىلغان ئادەم ـ دە. بېللې شەهەر بويىچە ئاتىقى چىققان ئايال، رېت باتلېرمۇ هەممە ئادەم نەپرەتلىنىدىغان بىر شەخس، شۇنداق تۇرسا كۆپچىلىك يەنە نېمىشقا ئۇ ئىككىسىدىن ئۈمىد كۈتىدىغاندۇ؟

ئۇلار يەنە شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىشلىرىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. شەهەر بويىچە ئەڭ ئابرۇيلۇق ئون ئىككى ئادەمنىڭ ئەسلىدە بېللې قىمارخانىسىنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى ئىكەنلىكى پاش بولغان تۇرسا، ئۇلار مەسخىرە قىلمامتى ئەمىسە؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسى تېخى بىر بۇزۇق خوتۇننى دەپ بىر ـ بىرىنى ئېتىشىۋەتكەن، بەزىلىرى قاتتىق مەست بولۇپ جېدەل چىقارغان، بېللې ئۇلارنىڭ غوۋغالىرىغا چىدىماي قاۋاقخانىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. يەنە تېخى بىرنەچچىسى قولغا ئېلىنغان، ئۇ يەرگە بارغانلىقى ئېنىق تۇرسا ئىقرار قىلمىغان.

ئۇلارنىڭ شىماللىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىشلىرىدىن قورقۇشلىرىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. ئۇزاقتىن بېرى جەنۇبلۇقلارنىڭ ئۇلارنى كەمسىتىشى، سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشلىرى جېنىغا تەگكەن بولغاچقا، ئەمدى ئۇلار جەنۇبلۇقلارنىڭ ئۈستىدىن تازا كۈلەتتى. ئۇلارنىڭ ئوفىتسېرلىرى خىزمەتداشلىرىنى ئويغىتىپ بۇ ئىشنى ئۇلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ، ئەرلىرى تاڭ سەهەردە خوتۇنلىرىنى ئويغىتىپ ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگىلى بولىدىغان يەرلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنلار دەرهال كىيىملىرىنى كىيىشىپ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بېرىدۇ. شىماللىقلارنىڭ خوتۇنلىرى بۇ ۋەقەگە ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشىدۇ، سىلەر جەنۇبلۇقلار ئاياللارنى ھۆرمەتلەيمىز دەپ يوغان گەپ قىلاتتىڭلار، بايا سىلەر مۇشۇنداق ئادەملەر ئىكەنسىلەر ـ دە، دېيىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ خوتۇنلار ھېچكىمنى كۆزلىرىگە ئىلماي غادىيىپ مېڭىشىپ كېتىدۇ، ئەرلىرىمۇ چاغلىق ئىكەنغۇ، سىياسىي يىغىلىشلارغا بارىمىز دەپ قويۇپ بارىدىغان يېرى ئاشۇ يەر ئىكەن، دېيىشىدۇ.

ئەمما، ئۇلار سىكارلېتنىڭ ئۇستىدىن كۈلۈشمەيدۇ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىككە ھېسداشلىق قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئاتلانتا بويىچە دۇرۇس ئايال. شىماللىقلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بىرنەچچىلا ئايال بار، سىكارلېت شۇلارنىڭ بىرسى، ئېرى ئوبدان قارىماي ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆزى بېقىش ئۈچۈن تىرىكچىلىككە بېرىلگەچكە، ئۇ خېلى بۇرۇندىنلا ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن. ئېرى ئەسكى بولسىمۇ ئۆزىگە سادىق ئەمەس دەپ ئويلىمىغان، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش. ئۇنىڭ ساداقەتسىزلىكى بىلەن ئۆلۈمى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىپ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش بولدى. نېمىلا بولسۇن، ئېرى ئەسكى بولسىمۇ بولغىنى ياخشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، شىماللىق خانىملارنىڭ سىكارلېتقا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. مادې خانىم، مېرۋېتېر خانىم، ئېلسىن خانىم، تومىي ۋېلبورنىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنى، بولۇپمۇ ئاشلېي ۋىلكېسنىڭ خانىمىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىتىدىغان بولسا، ئۇلار ئۇ خانىملارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، بۇ تۇرغان گەپ.

شۇ كۈنى كېچىدە شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قاپقاراڭغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە مۇشۇ ھەقتە كۆپ پاراڭ بولدى. ئاياللار ئەرلىرىگە شىماللىقلار نېمە دەپ ئويلىسا ئويلىسۇن كارىمىز يوق، دېيىشتى. ئەمما، كۆڭۈللىرىدە ئىندىيانىلارنىڭ قامچىسىنى يېيىشكە رازى ئىدىكى، شىماللىقلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشقا

رازى ئەمەس ئىدى، ئۆز ئەرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى تېخىمۇ خالىمايتتى.

دوختۇر مادې رېت باتلېر ۋە باشقا بىرنەچچەيلەننىڭ رورى بىلەن بۇ ئىشقا ماقۇل دەپ قويۇپ، غورورىنىڭ ھاقارەتلىنىشۇاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن خاپا ئىدى. ئەگەر باشقىلار چېتىلىپ قالمىغان بولسا، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ دارغا ئېسىلىشقا رازى ئىدىمكى، بىللېنىڭ قىمارخانىسىغا بېرىشنى ھەرگىز خالىمايتتىم، دېدى ئۇ مادې خانىمغا.

— بۇ، سىز ئۈچۈنمۇ بىر ھاقارەت، مادې خانىم، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن يەنە.

— بەربىر، سىزنىڭ ئۇ يەرگە بارمىغانلىقىڭىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، چۈنكى... چۈنكى...

— شىماللىق ئالۋاستىلار بىلمەيدۇ، ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۇلارغا راستتەك كۆرسىتىش كېرەك. ئۇلار چوقۇم ئۇستىمىزدىن كۈلىدۇ، مەن بۇ ئىشقا خەقلەرنىڭ ئىشىنىپ قېلىپ ئۇستىمىزدىن كۈلكە قىلىشىغا بەكمۇ ئۆچ، چۈنكى... سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزگە ئەزەلدىن سادىق بولۇپ كېلىۋاتىمەن.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى قاراڭغۇدا كۈلۈپ تۇرۇپ مادې خانىم، ئاندىن ئورۇق قولىنى ئۇنىڭ قولى ئۇستىگە قويدى، — مەن بۇ ئىشنىڭ راست بولۇشىنى خالايمەنكى، ئۇلارنىڭ سىزنىڭ بىر تال موينىڭىزغا تېگىشىنى خالىمايمەن.

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟ — دوختۇر مادې تووۋلاپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە قىلچە گۇمانلانماي شۇنچىلىك قاتتىق ئىشەنگەنلىكىگە ھەيران قالغانىدى.

— مەن دارستىن ئايرىلىدىم، پىلمۇ تۈگەپ كەتتى، ھازىر سىزدىن باشقا ھېچكىمىم يوق.

— سارالڭ بولدىڭىزمۇ؟ نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

— گالۋاڭ قېرى، — دېدى مادې خانىم مولايىم تەلەپپۇزدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بېشىنى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

دوختۇر مادې بىردىنلا جىمىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن خوتۇنىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويۇپ يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— مېنى رېت باتلېرنىڭ ئۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىل دېگۈچە دارغا ئېسىۋەتكىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز رەھمەت ئېيتالمايمەن. ئۇ شۇنچىلىك تەكەببۇر ھەم ئۇچىغا چىققان ھايانكەش، ئۇنى ئويلىسىملا قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كېتىدۇ، ئاشۇنداق بىر ئادەمگە رەھمەت ئېيتىمەنمۇ؟ يا ئۇ ئۇرۇشقا قاتناشمىسا...

— مېلانىيەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاتلانتا قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئارمىيەگە قاتنىشىپتىكەن.

— يالغان! مېلانىيە خانىم ئاغزى تاتلىق ئوغرىنىڭمۇ گېپىگە ئىشىنىدۇ. مەن رېت باتلېرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىۋاتقانلىقىغا زادىلا چۈشەنمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كېنىېدى خانىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرۇلۇقمۇ گەپ - سۆز تولا، ئۇلار پەيتوندا بىللە ئولتۇرۇپ مېڭىشىدىكەن. بىر يىلدىن بېرى بۇنداق ئىشلار كۆپ بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى چوقۇم كېنىېدى خانىم ئۈچۈن قىلدى.

— ئەگەر سكارلېت ئۈچۈن بولسا ئۇ بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتى. فىرانك كېنىېدى دارغا ئېسىلسا ئۇ خۇشال بولمامتى؟ مېنىڭچە، ئۇ مېلانىيە ئۈچۈن...

— سىز ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر ئىش بار دېمەكچىمۇ؟

— يوق گەپنى قىلماڭچۇ. ئەمما، باتلېر ئەپەندى ئۇرۇش ۋاقتىدا ئاشلېينى بىر ئامال قىلىپ شىماللىقلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، مېلانىيە ئۇنى ئۆزىچىلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادىل گەپنىمۇ قىلاي، ئۇ مېلانىيە بىلەن بىللە بولغاندا چىرايىدا ھارامزادە كۆلكىلىرى زادىلا

كۆرۈنمەيدۇ، مۇلايىملىشىپ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مىلانىيەگە بولغان مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئادەم بولاي دېسە بولالايدىغانلىقىغا ئادەمنىڭ كۆزى يېتىپمۇ قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشى... — مادې خانىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى، — دوختۇر، سىز بەلكىم مېنىڭ بۇ قارىشىمنى ياخشى كۆرمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

— ئۇلار توغرۇلۇق بولىدىغان ھەرقانداق پاراڭنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشى بىر تەرەپتىن مىلانىيە ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى، بىزگە بىر ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بۇرۇن بىز ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچ ئىدۇق، بۇ خىل ھالىتىمىزنى ھەتتا ئاشكارا ئىپادىلىيەلەيتتۇق. ئەمدى ھازىر ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا قىيىن بىر مەسىلىنى قويۇپ قويدى: سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ۋاتلىنىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىڭلارغا ئىقرار بولۇپ، ئۆزۈڭلارنىمۇ، بىزنىمۇ شىماللىقلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىشىڭلار، يا بولمىسا راست گەپنى قىلىپ دارغا ئېسىلىشىڭلار كېرەك. ئۇ يەنە بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىڭ ئۇ ئاشنىسىغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. ئەمما، بىز دارغا ئېسىلىپ كەتسەكمۇ ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئوقۇشنى خالىمايمىز. بەسلىشەلەيمەنكى، شۇ تۇرقىدا ئۇ بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

دوختۇر چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى.

— ئۇ بىزنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغاندا، ماڭىمۇ خۇددى تاماشىمىزنى كۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— دوختۇر، — دېدى خانىم سەل ئارىسالدى بولۇپ، — ئۇنىڭ ئىچى قانداق ئىكەن؟

— نېمە دەۋاتىسىز، مادې خانىم؟

— ئۇنىڭ قىمارخانىسىنىڭ ئىچى قانداق ئىكەن دەۋاتىمەن؟ تاشئەينەك، ئاسما چىراغلار بارمىكەن؟ ئۇ قىزلار... ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە كىيىم كىيمەي يۈرەمدىكەن؟

دوختۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە شۇئان سەكرەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئىپپەتلىك ئايالنىڭ ئىپپىتىنى يوقاتقان ئۇ ئاياللارغا بۇنچىلىك قىزىقىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، سىز ئىزا تارتماي مەندىن بۇ گەپنى قانداق سوراۋاتىسىز؟ ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ مەن سىزگە ئۆزىڭىزنى بىسىۋالىدىغان دورا بەرسەم بولغۇدەك.

— ماڭا ئۇنداق دورا لازىم ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم، ئۇ ئەسكى ئاياللارنىڭ تۇرىدىغان يېرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ باققۇم كېلىپ قالدى. ئۇنى بىلىشكە مۇشۇ پۇرسەتتىن باشقا پۇرسەتمۇ يوق - دە. سىز ئەسكى ئىكەنسىز، ماڭا دەپ بەرمەيۋاتىسىز.

— مەن ئۇ يەردە ھېچنېمىنى كۆرمىدىم. ئۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىم ماڭا قاتتىق ھار كەلگەچكە، ھېچنېمىگە قارىمىغانىدىم، — دېدى دوختۇر جىددىي تەلەپپۇزدا. ئۇ خوتۇنىنىڭ پەزىلىتىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇنى ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشلاردىنمۇ بەكرەك ھەيران قالدۇردى، — رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن كىرىپ ئۇخلىسام.

— بوپتۇ ئۇخلاڭ! — مادېي خانىمنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. دوختۇر ساپما كەشىنى كىيىۋاتقاندا، خانىمنىڭ خۇشال ئاۋازدا، — مېرۋېتېر خانىم بوۋىيىدىن ئۇ يەرنىڭ قانداقلىقىنى چوقۇم سوراپ بىلدى، شۇنىڭدىن سورايمەن، — دېگەنلىكى ئاڭلاندى.

— توۋا دەڭ، خانىم! دۇرۇس ئاياللارمۇ ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىشامدۇ؟

— كىرىپ ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭ.

ئەتىسى قار ئارىلاش يامغۇر ياغدى، قىشتا بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. خېلىدىن كېيىن قار توختاپ شامال چىقىشقا

باشلىدى. مېلانىيە يوغان بىر چاپانغا ئورىنىپ، بىر نېگىر بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ نېگىر پەيتونكەش بولۇپ، مېلانىيەنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، كېلىشى سىرلىق ئىدى. تالادا دېرىزە پەردىلىرى چۇشۇرۇۋېتىلگەن بىر پەيتون تۇراتتى. مېلانىيە پەيتوننىڭ قېشىغا كېلىشىگە پەيتوننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، قاراڭغۇدا بىر ئايالنىڭ پەيتون ئىچىدە ئولتۇرغانلىقى كۆرۈندى.

مېلانىيە يېقىنراق بېرىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— سىز كىم بولىسىز؟ ئۆيگە كىرسىڭىز بولمامدۇ؟ تالا سوغۇق! — دېدى.

— پەيتونغا چىقىپ مەن بىلەن بىردەم ئولتۇرۇڭ. ۋىلكېس خانىم، — پەيتوننىڭ ئىچىدىن ئىزا تارتىپراق چىققان تونۇشلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— هوي، ۋاتلىن... خانقىز... خانىممۇ نېمە سىز؟ — دېدى مېلانىيە، — مەنمۇ سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاپ تۇراتتىم. يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرىڭ!

— بولمايدۇ. ۋىلكېس خانىم، — دېدى بېللي ۋاتلىن. ئاۋازىدىن سەل ئەندىكىپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — پەيتوندا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

مېلانىيە پەيتونغا چىقتى. پەيتونكەش پەيتوننىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەتتى. مېلانىيە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قوللىرىنى تۇتتى.

— بۈگۈنكى ئىش ئۈچۈن سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. سىزگە ھەممىمىز چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز.

— ۋىلكېس خانىم، بۈگۈن ئەتىگەن سىز ماڭا ھېلىقى خەتنى ئەۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى. بۇ مېنىڭ سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئېلىشنى خالىمىغانلىقىم ئەمەس، ئاساسلىقى، ئۇ خەتنىڭ شىماللىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقتۇم.

خىتىڭىزدە مېنىڭ يېنىمغا بىرىپ رەھمەت ئېيتماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى دەپسىز. سىز نېمىدېگەن يوزە ئويلىغان؟ نېمىشقا ئۇنداق ئويلىدىڭىز؟ ئاخىر بولالماي قاراڭغۇ چۈشكەندە يېنىڭىزغا ئۆزۈم كەلدىم. ئۇنداق قىلسىڭىز ھەرگىز بولمايتتى. مەن... سىززە ــ ھەي... ئۇ ئىشىڭىز ياخشى بولمىدى.

ــ ئېرىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ياخشى نىيەتلىك بىر ئايالغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئالدىغا بارسام نېمىشقا ياخشى بولمايدۇ؟

ــ بۇ گېپىڭىزنى قويۇڭ، ۋىلكېس خانىم، سىز يەنىلا گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز.

مېلانىيە بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۇ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنگەندەك بولدى ۋە شۇندىلا خىجالەت بولۇپ قالدى. كىيىملىرى ئاددىي بۇ چىرايلىق ئايالنىڭ تۇرقى، گەپ ـ سۆزلىرى مېلانىيەگە ئۇنىڭ ئۇنداق بۇزۇق ئايال ئەمەسلىكىنى بىلدۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى، گەپلىرى سەل ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنىۋاتقان قىزغىن گەپلەر ئىدى.

ــ بۈگۈن ژاندارمىدا ناھايىتى ياخشى گەپ قىپسىز، ۋاتلىن خانىم، سىز ھەم سىزنىڭ ھېلىقى... سىزنىڭ... ئۇ قىزلىرىڭىز بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپسىلەر.

ــ ۋىلكېس ئەپەندى ئاجايىپ جاسارەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ قانداق قىلىپ شۇنداق مەزمۇت تۇرۇپ ئەھۋاللارنى ئېنىق سۆزلەپ بېرەلىگەنلىكىگە ھەيرانمەن، ئاخشام ئۇنىڭ يارىسىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ ئەھۋالى ھازىر قانداق، ۋىلكېس خانىم؟

ــ ھازىر ياخشى، رەھمەت سىزگە. دوختۇر گۆشىنىڭلا زەخىملەنگەنلىكىنى ئېيتتى. بۈگۈن ئەتىگەن ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن شۇنداق تۇرالىدى، بولمىسا ئۇنچىلىك ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ ھاياتىنى سىز قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز. ئەينەكنى تۆلىتىۋالىمەن دەپ كۆتۈرگەن

غوۋغايىڭىز ھەممە ئادەمنى ئىشەندۇرۇۋېتىپتۇ.

— رەھمەت سىزگە خانىم، ئەمما... كاپىتان باتلېرنىڭ ئوينىغان رولىمۇ ئاجايىپ چوڭ بولدى، — بېللې بۇ گەپنى مەغرۇر تەلەپپۇزدا دېدى.

— راست دەيسىز، — دېدى مېلانىيە قىزغىن ئاھاڭدا، — شىماللىقلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىرى يوق ئىكەن، ھەممە ئىشنى ئاجايىپ ياخشى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇنىڭغا، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن. سىلەر بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىكەنسىلەر.

— بەكمۇ تەكەللۇپ قىلىپ كېتىۋاتىسىز، ۋىلكېس خانىم. ۋىلكېس ئەپەندىنى دائىم بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ تۇرىدۇ، دېگەن گېپىم سىزنى بىئارام قىلمىغاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇ يەرگە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىغان...

— بۇنى مەن بىلىمەن، شۇڭا ئۇ گېپىڭىزگە پەقەتلا بىئارام بولمىدىم، ئەكسىچە سۆيۈندۈم.

— ئەمما، باشقا خانىملار سۆيۈنمەيدۇ، — دېدى بېللې بىردىنلا تۇرۇلۇپ، — كېيىنكى ئېيتالايمەنكى، ئۇلار كاپىتان باتلېردىنمۇ رازى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. مەن ئويلايمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر سىزلا مەندىن رازى. ئۇلار مېنى كوچىدا كۆرسە چوقۇم تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى دارغا ئېسىلسىمۇ كارىم يوق، ئەمما ۋىلكېس ئەپەندىگە ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۇرۇش ۋاقتىدا سىلەرنىڭ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىڭلار زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. دوختۇرخانىغا ئىئانە قىلغان پۇلۇمنى سىز قولۇمدىن ئېلىپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. پۈتۈن شەھەردە ھېچكىم ماڭا سىزدەك قىلمىغان. مەن خەقنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن ۋىلكېس ئەپەندى دارغا ئېسىلىپ كەتسە سىزنىڭ تۇل قالىدىغانلىقىڭىزنى، بالىڭىزنىڭ يېتىم قالىدىغانلىقىنى ئويلىدىم... بالىڭىز شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوماق بالا بوپتۇ، ۋىلكىس خانىم، مېنىڭمۇ بالام بار، شۇڭا...
— شۇنداقمۇ؟ بالىڭىز هازىر نەدە؟ ... هە...
— ئۇ ئاتلانتادا ئەمەس، بۇ يەرگىمۇ كېلىپ باقمىغان، كىچىكىدە كۆرگەنچە ئۆزۈممۇ كۆرۈپ باقمىدىم. مەن... هەي، كاپىتان باتلېر ماڭا ئۇلار ئۇچۇن يالغان گۇۋاهلىقتىن ئۆتۈشنى ئېيتقاندا، مەن ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سورىدىم، ئىچىمدە ۋىلكىس ئەپەندىنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلاپ قىلچە ئىككىلەنمىدىم، قىزلارغا: ئەگەر قايسىڭلار ۋىلكىس ئەپەندى بىر كېچە مۇشۇيەردە بولغان، دېگەن گەپنى دېمەيدىغان بولساڭلار بوغۇزلىۋېتىمەن، دېدىم.
— هە ! — مېلانىيە بېلىنىڭ «قىزلار» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ خىجالەت بولۇپ كەتتى،... سىز... هەم ئۇلار... بولمىغان بولساڭلار بىزنى مەڭگۈ پالاكەت باساتتى.
— بۇ ئىشنى مەن سىز ئۈچۈن قىلدىم، — دېدى بېللى قىزغىن تەلەپپۇزدا، — باشقا ئادەم بولغان بولسا هەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم. يالغۇز كېنىېدى خانىمنىڭ ئېرى بولغان بولسىمۇ، كاپىتان باتلېر هەرقانچە گەپ قىلسىمۇ ئۇنىمايتتىم.
— نېمە ئۈچۈن؟
— ۋىلكىس خانىم، بىزدەك ئاياللارنىڭ بىلمەيدىغىنى ئاز. ئەگەر ئاشۇ خانىملار، خانقىزلار بىزنىڭ ئۆزلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىدىغانلىقىمىزنى بىلىدىغان بولسا قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتىدۇ. كېنىېدى خانىم ياخشى ئايال ئەمەس، ۋىلكىس خانىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىنى، ۋېلبورندەك ياخشى بىر يىگىتنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەندەك بولدى، ھەممىسى شۇنىڭ كاساپىتى، ئاتلانتادا يالغۇز قاتراپ يۈرۈپ نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىك يامان ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان گەپ. بىزنىڭ قىزلارنىڭ بىرسىمۇ...
— ئۇ مېنىڭ يەڭگەم بولىدۇ، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى مېلانىيە شۇئان

چىرايىنى تۇرۇپ.

بېللي ئەپۇ سورىغاندەك دەررۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، لېكىن يەنە شۇئانلا قولىنى تارتىۋالدى.

— ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلماڭ، ۋىلكېس خانىم، مەن چىدىيالمايمەن. بايىلا شۇنداق قىزغىن ئىدىڭىز، سىزنىڭ ئۇياقنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ قالدىم. بىچارە كېننېدى ئەپەندى ئۆلۈپ كەتتى، مەنمۇ كۆپ بىئارام بولدۇم. ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى، دائىم ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتىم، ماڭا شۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمما، كېننېدى خانىم... هەي. ئۇ سىزگە ئوخشىمايدۇ، ۋىلكېس خانىم. ئۇ رەھىمسىز ئايال، ئۇنى شۇنداق دەپ ئويلىماسلىققا ئامالىم يوق... كېننېدى ئەپەندىنى قاچان يەرلىكىدە قويىسىلەر؟

— ئەتە ئەتىگەندە. سىزنىڭ كېننېدى خانىمنى ئۇنداق دېيىشىڭىز توغرا ئەمەس، شۇ تۇرقىدا ئۇ قاتتىق ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى بېللي. ئېنىقكى، ئۇ بۇ گەپكە ئىشەنمەيتتى، — ئەمدى مەن قايتاي. يەنە تۇرىۋەرسەم بىرەرسى پەيتونۇمنى تونۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا سىزگە ياخشى بولمايدۇ، يەنە بىر ئىش، ۋىلكېس خانىم، ناۋادا مېنى كوچىلاردا ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ماڭا... ماڭا گەپ قىلماي كېتىۋېرىڭ، مەن سىزنى كەچۈرىمەن.

— سىز بىلەن سۆزلىشىشنى ئۆزۈمچە شەرەپ دەپ ئويلايمەن. سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېرىشىشمۇ مەن ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش. مەن... مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىزنى خالايمەن.

— ياق، — دېدى بېللي، — ئۇنداق قىلساق ياخشى بولمايدۇ... خەير - خوش !

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق يەتتىنچى باب

سىكارلېت ھۇجرىسىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى، نېگىر ئانا ئېلىپ كىرگەن تاماقتىن ئازراقلا يەپ بولدى قىلدى. سىرتتا شامال توختىماي چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۆينىڭ ئىچىدە قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بىرنەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا فىرانكنىڭ جەسىتى مېھمانخانا ئۆيدە ئىدى، ئادەملەر پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كىرىپ - چىقىشاتتى، پىچىرلىشىپ پاراڭ قىلىشاتتى. قوشنىلار ئىشىكنى بوش چېكىپ كىرىشەتتى، كىرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىشاتتى. فىرانكنىڭ سىڭلىسى جونېسبورودىن ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىگە كەلگەن بولۇپ، ئۇمۇ پات - پات يىغلاپ قوياتتى.

ھازىر ئۆيلەر جىمجىت، ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ، ئۇ پەلەمپەيلەردىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايدۇ. فىرانكنىڭ جەسىتى ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگەندە قىزى بىلەن ئوغلى مېلانىيەلەرنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ھازىر ئوغلىنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، قىزىنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى شۇنچىلىك كۆرگۈسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاشخانىمۇ جىمىپ كەتكەن، پىتتىر بىلەن نېگىر ئانا ۋە ئاشپەز ئايالنىڭ بىر - بىرىگە ۋارقىرىغانلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ، ھەتتا پىتتىي ھاممىمۇ سىكارلېتنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ ئۇنى تېخىمۇ ئازابقا سالماي دەپ ئويلاپ، تەۋرەنمە ئورۇندۇقنى غىچىرلاتمايۋاتىدۇ.

ئۇنى قايغۇدا، ئارامىنى بۇزمايلى دەپ ئويلاپ ھەممەيلەن يالغۇز قالدۇرۇپ قويغانىدى، يېنىغا ھېچكىم كىرمەيتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ ئەكسىچە يالغۇزلۇقنى زادىلا خالىمايتتى. ئۇنىڭ قايغۇلۇق ئىشلىرى ئاز بولغانمۇ؟ ھەممىسىگە چىدىغان، بۇ قېتىمقىسىغىمۇ چىدىيالايتتى. ئوخشىمايدىغىنى، فىرانكنىڭ

ئۆلۈمى ئۇنىڭغا قاتتىق مىسكىنلىك ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ قورقاتتى، پۇشايمان قىلاتتى، ۋىجدانى ئازابلىناتتى، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پۇشايمان ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتاتتى.

ئۇنىڭغا يەنە ۋەھىمە ۋە خوراپىيلىقمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا پات ـ پات فىرانك ئىككىسى ياتقان كارىۋاتقا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قوياتتى.

فىرانكنى ئۇ ئۆلتۈردى، چوقۇم ئۇ ئۆلتۈردى، خۇددى مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى ئۆز قولى بىلەن باسقاندەك. فىرانك ئۇنىڭغا سىرتقا يالغۇز چىقماڭ دەپ يالۋۇرغان، لېكىن ئۇ ئاڭلىمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ جاھىللىقى فىرانكنىڭ بېشىغا چىقتى. خۇدا ئۇنى چوقۇم مۇشۇ ئىش ئۈچۈن جازالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئىشمۇ بار، ئۇ ئىشنىڭ سىكارلېتقا بولغان بېسىمى تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۇنى ئىنتايىن ئەنسىزچىلىككە سالاتتى. فىرانكنىڭ جانسىز جىمجىت يۈزىدە ئامالسىز قالغاندەك بىر خىل ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەت قېتىپ قالغانىدى، ئۇ خىل ھالەت خۇددى سىكارلېتنىڭ ئۈستىدىن دەرد تۆكۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. فىرانك سۇئېللېننى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا سىكارلېت تېگىۋالدى، خۇدا ئۇنى مۇشۇ ئىشى ئۈچۈنمۇ جازالايدۇ، ئۇ جازا سۇپىسىدا بېشىنى ئېگىپ قىلمىشىغا ئىقرار بولىدۇ، شىماللىقلارنىڭ لاگېرىدىن ھارۋا بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بويىنىغا ئالىدۇ.

بەلكىم سىكارلېت ئۆزىنى ئاقلاپ، مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، ئۇنى ئالدىدىم، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن فىرانك بىلەن سۇئېللېننىڭ مۇھەببىتىنى، بەختىنى قۇربان قىلىشىمغا توغرا كەلدى، دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ گەپلەرنى ئەمدى دېگەننىڭ پايدىسى يوق، پاكىت ئېنىق تۇرۇپتۇ. سىكارلېت ئۇنىڭغا دادىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارىيالمايدۇ. ئۇ فىرانكقا رەھىمسىزلىك بىلەن ياتلىق بولدى، ئۇنى ئالدىدى. بىرىم يىلدىن بېرى ئۇ فىرانكنى ئاجايىپ زور بەختكە چۆمۈلدۈرەلەيتتى، لېكىن فىرانك ئۆزىنى بەختلىك سەزمىدى. خۇدا ئۇنى جازالايدۇ، چۈنكى ئۇ فىرانكقا ياخشى مۇئامىلىدە بولمىدى. خۇدا ئۇنى جازالايدۇ، ئۇ فىرانكنى ئالدىدى، زەردىگۆش قىلىۋەتتى، مەسخىرە قىلدى، دوستلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، قاۋاقخانا ئېچىپ، مەھبۇسلارنى يالالاپ ئىشلىتىپ، ئۇنى خەقلەرنىڭ يۈزىگە قارىغۇسىز قىلىۋەتتى.

سىكارلېت فىرانكنى قاتتىق خاپا قىلدى، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلىدۇ، ئەمما فىرانك ھەممىگە چىدىدى. ئۇنىڭدىن قىلچە ئاغرىنمىدى. ئۇ فىرانكنى بىرلا ئىش بىلەن، يەنى بالا تۇغۇپ بېرىپ خۇشال قىلدى، لېكىن ئۇ شۇ چاغدا ئامال قىلالىغان بولسا ئېللانىمۇ تۇغمىغان بولاتتى.

سىكارلېت تىترەپ كېتىۋاتاتتى، تىترىكى بېسىلاي دېمەيتتى، فىرانك شۇ تۇرقىدا ھايات بولغان بولسا ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئوبدان كۈتۈپ، ئۇنىڭغا قىلغانلىرىنى يۇيۇۋەتكۈسى كېلەتتى. خۇدا ئۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتمىگەن، ئۇنىڭدىن ئۇنچىلىك قاتتىق ئۆچ ئالمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. ۋاقىت بۇنداق ئاستا ئۆتمىگەن، ئۆيىنىڭ ئىچى بۇنچىلىك جىمىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۇ خىل خىياللار بېسىۋالمىغان بولاتتى. ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالمىغان بولسىمىغۇ كاشكى، شۇنىڭدا يەنە ياخشى بولاتتى.

مېلانىيە بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ بۇ قورقۇنچلۇق خىياللاردىن نېرى قىلاتتى. ئەمما، ئۇ ھازىر ئاشلېيىنىڭ يېنىدا. سىكارلېت پىتتىي ھاممىنى چاقىرتىپ كىرىپ، ۋىجدانىي جەھەتتە تارتىۋاتقان ئازابىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىشنى ئويلاپمۇ باقتى، لېكىن يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ كەلسە ئۆزىنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، چۈنكى پىتتىي ھامما فىرانكنىڭ

ئۆلۈمىگە ھەممىدىن بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېشى فىرانكنىڭ يېشىغا يېقىنراق ئىدى ھەم ئۇنى چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى. پىتتىي ھامىمىنىڭ ئۆيىدە تۈۋرۈك بولۇپ تۇرۇپ بېرىدىغان بىر ئەر كىشى بولمىسا بولمايدۇ دەيدىغان تەلىپىگىمۇ فىرانك تازا باب كېلەتتى. فىرانك يەنە ئۇنىڭغا گېزىت ئوقۇپ بېرەتتى، شۇ كۈنلۈك بولغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. ئۇ بولسا ئۇنىڭ پايپىقىنى ياماپ بېرەتتى، فىرانك زۇكام بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا ئايرىم تاماق ئېتىپ بېرىپ ناھايىتى ئوبدان كۈتەتتى. شۇڭا، ئۇ فىرانكنى قاتتىق ئەسلەيتتى، كۆزىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئۇ 3K پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسا مۇشۇ ئىش يوق» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

سىكارلېت شۇ تۇرقىدا بىرەرسىنىڭ كىرىپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشىنى، قورقماسلىقىقا ئۈندىشىنى، نېمە ئۈچۈن قورقۇۋاتقانلىقىنى، نېمە ئەندىشىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىشىنى، ئۆزىگە تەسەللى بېرىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. ئەگەر ئاشلېي بولغان بولسا... ئۇ بۇ ھەقتە ئويلىنىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ فىرانكنىلا ئۆلتۈرۈپ قالماي، ئاشلېينىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تاس قالغان ـ دە. ئەگەر ئاشلېي ئۇنىڭ فىرانكنى ئالداپ قانداق قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى، يەنە ئۇنىڭغا يامان مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى ئاڭلايدىغان بولسا ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاشلېي تۈز كۆڭۈل، سەممىي، باغرى يۇمشاق ئادەم، مەسىلىلەرگىمۇ ئەتراپلىق قارايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى چۈشەنسە ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن، چوقۇم كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىككىنچى ياخشى كۆرمەيدۇ، شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاشلېينىڭ مۇھەببىتى داۋاملىق كېرەك. ئۇنىڭ مۇھەببىتى بولغاندىلا سىكارلېتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى مەخپىي مەنبەدىن ئۇزۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالمايدۇ. ئۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالسا بۇ دۇنيادا قانداق ياشايدۇ؟ ئەگەر شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ كۆڭلىدىكى ئەنسىزچىلىكلەرنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بەرگەن بولسا كۆڭلى قانچىلىك يايراپ كېتەر ئىدى.

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت، ماتەم قايغۇسى ھېلىمۇ شۇنداق ئېغىر. بۇ ئەھۋال ئۇنى تېخىمۇ مىسكىنلەشتۇرۇپ چىدىغۇسىز ئازابلىماقتا. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى يېرىم يېپىپ قويدى، ئاندىن كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى تارتمىنى ئېچىپ، كىيىملەرنىڭ ئارىسىدىن پىتتىمي ھاممىنىڭ «كەۋسەر ھارىقى» بىراندىنى ئالدى. بۇ ھاراقنى ئۇ ھېچكىمگە كۆرسەتمەي شۇ يەرگە تىقىپ قويغانىدى. چىراغقا يېقىن تۇتۇپ بوتۇلكىدا يېرىم قالغانلىقىنى بىلدى. تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپ ئاز ـ ئازدىن ئىچكەنگە بۇنچىلىك يېرىملاپ كەتمىگەندۇ؟ يوغان ئىستاكانغا خېلى قۇيۇپ غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

ھاراق قورساققا كىرگەندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىنى قىزىتىپ پىغانىنى باسقاندەك بولدى. مۇشۇنداق چاغدا ھاراقتىن باشقىسى بىكار. نېمىشقا ئاياللار كۈچلۈك ھاراق ئىچمەي، گىرادۇسى تۆۋەن ھاراق ئىچىدىغاندۇ؟ فىرانكىنى دەپنە قىلىۋاتقاندا مادىي خانىم بىلەن مېرۋېتىر خانىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھاراق پۇراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، ئىككىسى تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۆز بېقىشىۋالغانىدى. ھۇ، قېرى مۇشۇكلەر!

سكارلېت ھاراقتىن يەنە ئازراق قۇيۇپ ئىچتى، ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن سەل تۇرۇپ ئۇخلاپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. نېگىر ئانىسى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قويغىلى كىرگەندە ئاغزىنى ئەتىر بىلەن چايقىۋەتسە بولىدى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇنلاردا ئوچۇق سوتلارغا بارغاندا ئازراق ئىچىۋېلىپ تەڭشىلىۋالغاندەك تەڭشىلىۋېلىپ، فىرانكىنىڭ ياداڭغۇ چىرايىنى ئۇنتۇپ كەتكۈسى كېلەتتى. بولمىسا دائىم ئۇ، مېنىڭ ھاياتىمنى

سەن نابۇت قىلغان، ئاخىر ئۆلتۈردۈڭ، دەۋاتقاندەك كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.

ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، شەھەردىكى ھەممىلا ئادەم فىرانكنى خوتۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ ئويلىمايتتى، ئەمما دەپنە مۇراسىمىدا ئادەملەر ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشتى، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىلا ئۇنىڭغا ئازراق قىزغىن ئىدى. شەھەردىكىلەر ئۇ توغرۇلۇق نېمە دېسە دېيىشمەمدۇ، ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئۇ بىر خۇدادىن قورقىدۇ، قالغانلارنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئۇلار ئۇنى نېمە قىلالايتتى.

شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇپ يەنە ئازراق ئىچتى، ھاراق گېلىنى كۆيدۈرۈپ چۈشۈپ ئۇنى بىردىنلا شۈركۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ سەل ئىسسىغاندەك بولدى، لېكىن فىرانك كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئەرلەر، ئادەم كۆچلۈك ھاراق ئىچسە ھەممە غەم - قايغۇنى ئۇنتۇيدۇ، دېيىشەتتى. ئۇمۇ قۇرۇق گەپ ئىكەنغۇ؟ ئىچىپ غەرق مەست بولۇپ كەتسە، ئاندىن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆيىدىن سىرتقا چىقماسلىقىنى ئۆتۈنگەن چاغدىكى يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرى، قورقۇمسىرىغاندەك قىلغانلىرى، ئۇنىڭدىن رەنجىگەنلىكلىرى نېمىشقا كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ؟

ئىشىك ھالقىسىنىڭ قاتتىق قېقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۆينىڭ جىمجىتلىقى بىردىنلا بۇزۇلدى. پىتتىي ھاممىنىڭ ئىرغاڭلاپ مېڭىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچقانلىقى ئاڭلاندى. ئارقىدىن بىر - بىرىدىن ھال سوراشلار، بوش پىچىرلىشىشلار باشلاندى. قوشنىلارنىڭ بىرەرسى ھال سوراپ ياكى سۈت ئېلىپ كىرگەن بولسا كېرەك. پىتتىي ھامما ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتاتتى. ئۇ پەتە قىلىپ كىرگەنلەرنى قوبۇل قىلىشتا ھەرگىز ھاردىم دېمەيتتى.

ئۇ زادى كىمدۇ؟ سىكارلېتنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي ئىچى پۇشتى. شۇ ئارىلىقتا بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى

ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئاۋاز جاراڭلىق، تەمكىن ئىدى. سىكارلېت ئۇ ئاۋازنى دەررۇ تونۇپ بىردىنلا خۇشال بولدى، ئۆزىنى ئەركىن سېزىشكە باشلىدى. ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس دەل رېت باتلېر ئىدى. سىكارلېت فىرانكىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى. ئۇنى بۇگۇنكى بۇ غەمدىن، بۇ ئىچ پۇشۇقلىرىدىن پەقەت شۇلا خالاس قىلالايتتى.

— ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدۇ، — تۆۋەندىن رېت باتلېرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇ ئۇخلاپ قالدى، كاپىتان باتلېر، ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشكۈسى يوق. بىچارە بەكمۇ قايغۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ...

— خانىم مېنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئەمىسە ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئەتە مەن بۇ يەردىن كەتمەكچى. سىرتتا ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن، مۇھىم بىرئىش بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا... — پىتتى ھامما نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى.

سىكارلېت يوگۇرۇپ ئىشىكتىن چىقىپ، نېمىشقىدۇر، ئىككى پۇتىدا جان يوق تامغا يۆلىنىپ قالدى.

— مەن ھازىرلا چۈشىمەن، رېت، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

پىتتى ھامما ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇستىگە قارىدى، سېمىز يۈزى ئۇستىدىكى مۇشۇكياپىلاقنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىشنى خوپ كۆرمىگەنلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئېرىم ئۆلگەن كۇنىلا ناشايان خىيال لاردا بولسام، ئەل ئىچىگە ھازىرلا نامىم تارايدۇ، سىكارلېت شۇنداق ئويلىغاچ ئۆيىگە كىرىپ چاچلىرىنى تارىدى، ئۇزۇن قارىلىق كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى گېلىغىچە مەھكەم ئەتتى، پىتتى ھامما قارىلىق كىيىمگە پار بولسۇن دەپ بەرگەن بۇلاپكىنى مەيدىسىگە تاقىدى. ئانچە چىرايلىقمۇ ئەمەس ئىكەنمەن، — دەپ ئويلىدى ئەينەككە قاراۋېتىپ، — چىرايىم بەكمۇ سارغىيىپ

كېتىپتۇ. كۆپ ھەرەج تارتقان ئوخشايمەن، شۇ خىيال بىلەن ئۇپا - ئەڭلىككە قولىنى ئۇزارتتى، كېيىن يەنە توختاپ قالدى. ئەڭلىكلەرنى سۈرتۈپ پەسكە چۈشسە بىچارە پىتتىي ھامىمىسى قاتتىق خاپا بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئاغزىغا بولۇشىچە ئەتىر قۇيۇپ خېلى چايقىغاندىن كېيىن تۈكۈرۈك قاچىسىغا تۈكۈرۈۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇلار تېخىچە ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. پىتتىي ھامما سىكارلېتنىڭ قىلىقىغا خاپا بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنى ئىچكىرىگە كىرىپ ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىغانىدى. رېت باتلېرنىڭ ئۇچىسىدا قارا كاستيۇم - بۇرۇلكا، كىراخماللانغان ئاپپاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدا كېپىنەك گالىستۇك، پۇتۇن تۇرقى قەدىناس دوستىنىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم تۇتقان كۆرۈنۈشتە ئىدى. بۇلارنى ئۇ شۇنچىلىك ئەتراپلىق ئويلىغانىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمگە كۈلكىلىكمۇ كۆرۈنەتتى. بۇنى پىتتىي ھامما سەزمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە كەچ كېلىپ ئاۋارە قىلغانلىقى ئۈچۈن سىكارلېتتىن ئەپۇ سورىدى. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىشلىرى بولۇپ قېلىپ، دەپنە مۇراسىمىغا كېلەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ نېمىگە كەلگەندۇ؟ — سىكارلېت ھەيران بولۇپ ئويلىنىپ قالدى، — بۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى گەپلىرى ئەمەس.

— مەن سىلەرنى كېچىدە كېلىپ ئاۋارە قىلمىسام بولاتتى، لېكىن سودا ئىشى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى، ئۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى، كېننېدى ئەپەندى ئىككىمىز تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر ئىش بار ئىدى...

— مەن كېننېدى ئەپەندى ئىككىڭلارنىڭ سودىدا ئالاقەڭلار بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى پىتتىي ھامما. فىرانكنىڭ ئۆزىدىن بەزى ئىشلارنى يوشۇرغانلىقىغا خېلىلا ئاچچىقى كەلدى.

— كېننېدى ئەپەندى جىق ئىشلارغا قىزىقاتتى، — دېدى رېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەدەپ بىلەن، — بىز مېھمانخانىغا كىرىپ پاراڭلاشساق قانداق؟
— بولمايدۇ، — دېدى سىكارلېت مېھمانخانىنىڭ يېپىقلىق تۇرغان ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ. ئۇنىڭغا فىرانكنىڭ جەسىتى سېلىنغان گىرووف تېخىچە شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقاندەك، مەڭگۇ ئۇ ئۆيگە كىرگىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.
— ئەمىسە كۇتۇپخانىغا كىرىڭلار. مەن ئۇستىگە چىقىپ يېڭىنە ئىشىمنى قىلاي، — دېدى پىتتىي هامما دەرهاللا، — بىر ھەپتىدىن بېرى ئىشىمنى قولۇمغا ئالالمىدىم. مەن...
ئۇ گەپ قىلغاچ ئۇستىگە چىقىپ كەتتى، چىقىپ كېتىۋېتىپ قايرىلىپ ئۇ ئىككىسىگە قاراپ قويدى، بۇنى ئۇ ئىككىيلەن كۆرمىدى. رېت باتلېر سىكارلېتقا يول بېرىپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى، ئاندىن كەينىدىن ئۆزى ماڭدى.
— سىز فىرانك بىلەن قانداق ئىشلارنى مەسلىھەتلەشكەن؟ — سورىدى سىكارلېت شۇئانلا.
رېت ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ بوش ئاھاڭدا:
— ھېچقانداق ئىشنى مەسلىھەتلەشمىگەن، پىتتىي هامما بىزنى يالغۇز قالدۇرسۇن دەپلا شۇنداق دەپ قويدۇم، — دېدى. ئاندىن بىردەم جىمىپ كېتىپ قوشۇپ قويدى، — بۇ ئىشىڭىز ياخشى بولماپتۇ، سىكارلېت.
— نېمە ئىشىم ياخشى بولماپتۇ؟
— ئەتىر!
— نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەنمىدىم.
— چۈشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئەمەس. هاراق! خېلى كۆپ ئىچكەن ئوخشايسىز.
— كۆپ ئىچسەم نېمە بوپتۇ؟ مېنى سىز باشقۇرامتىڭىز؟
— قايغۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتسىڭىزمۇ گەپنى سەل سىلىقراق قىلسىڭىز. ئۆزىڭىز يالغۇز ئىچمەڭ، سىكارلېت، باشقىلار هامان سېزىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ئابرۇيىڭىزنى چۈشۈرۈۋالىسىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە يالغۇز ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس،

نېمە بولدىڭىز، سۆيۈملۈكۈم؟

رېت ئۇنى باشلاپ دىۋاننىڭ يېنىغا كەلدى، سىكارلېت جىمجىت كېلىپ ئولتۇردى.

— ئىشىكنى يېپىپ قويايمۇ؟

ئىشىكنى يېپىپ قويغانلىقىنى نېگىر ئانىسى بايقاپ قالمىغان بولسا ئاچچىقى كېلىپ توختىماي سۆزلەيتتى. ئىشىك ئوچۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ هاراق توغرۇلۇق قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالسىمۇ سىكارلېتنىڭ جېنىغا ۋاي ئىدى. ئاخىر بولماي سىكارلېت بېشىنى لىڭشىتتى، رېت باتلېر بېرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى. قايتىپ كېلىپ سىكارلېتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سەزگۈر كۆزلىرىنى سىكارلېتقا تىكتى. ئۇنىڭدىكى ئەرلىك قۇدرەت سىكارلېتنىڭ چىرايىدىكى قايغۇنى ئاستا - ئاستا تارقىتىپ، كۇتۇپخانىنى يەنە شۇنداق سۆيۈملۈك، ئىللىق بىر جايغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك هېسسىياتقا كەلتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى، هەتتا چىراغنىڭ نۇرىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يېقىملىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— سىزگە نېمە بولدى، سۆيۈملۈكۈم؟

بۇ گەپنى هېچكىم رېت باتلېردەك ئادەمنى هاياجانغا سالمىغان دەرىجىدە قىلالمايتتى، چاقچاق قىلىپ دېگەندىمۇ شۇنداق ئىدى، ئەمما بۇگۇنكىسى چاقچاق ئەمەستەك قىلاتتى. سىكارلېت ئازابقا پاتقان كۆزلىرىنى خۇددى ئۇنىڭ هېچقانداق ئىپادە يوق چىرايىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپماقچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكتى. رېت باتلېر چۈشىنىپ بولمايدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا، سىكارلېت ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق هېسسىياتقا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. رېت باتلېرنىڭ دائىم، ئىككىمىز بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىمىز، دېيىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك. بەزىدە سىكارلېتقا رېت باتلېردىن باشقا هەممە ئادەم ناتونۇشتەك بىلىنىپ كېتەتتى.

— نېمە بولغىنىڭىزنى ماڭا دەپ بەرمەمسىز؟ — ئۇ زىيادە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، — فىرانك بوۋايدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭىز ئۇچۇنلا ئەمەستۇ؟ سىزگە پۇل كېرەكمۇ؟

— پۇل؟ ياق، پۇلنىڭ لازىمى يوق ! ئاھ، رېت، مەن قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

— يوق گەپنى قىلماڭ، سكارلېت، سىز ئۆمرىڭىزدە قورقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي كەلدىڭىز.

— رېت، مەن راستلا قورقۇۋاتىمەن.

ئۇ ئۇنىڭغا ئىچىدىكىنى دېسە بولىدۇ، ھەممىنى دېيىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىمۇ ئەسكى بولغاچقا، ئۇنىڭ يېغىرىنى ئاچمايدۇ. ھازىر دۇنيادىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ روھلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىشمايدىغان، ئاچتىن ئۆلسىمۇ ئەسكى ئىش قىلمايدىغان بولۇشتى. شۇڭا، ئۇنىڭدەك يامان، ئۇنىڭدەك نامى بۇلغانغان، ئۇنىڭدەك ئالدامچى ئادەم بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈشمۇ بىر ھېسابتا كۆڭۈللۈك ئىش.

— مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن، دوزاخقا چۈشۈشتىن قورقىمەن.

ئەگەر رېت ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قاتتىق كۈلىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزى دېگەندەك ھازىرلا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، رېت كۈلمىدى.

— تېنىڭىز ساغلامغۇ سىزنىڭ... ئۇنىڭ ئۈستىگە دوزاخ دېگەن يوق نەرسە.

— بار، رېت ! سىز دوزاخنىڭ بارلىقىنى بىلىسىز!

— مەن دوزاخنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇ دوزاخ مۇشۇ يەر شارىدا، ئۆلگەن ئادەملەر كىرىدىغان ئۇنداق دوزاخ مەۋجۇت ئەمەس. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھېچنېمىسى قالمايدۇ، سكارلېت. سىز ھازىر بۇ دۇنيادىكى دوزاختا.

— رېت، بۇ گېپىڭىز مۇقەددەس ئەرۋاھلارنى ھاقارەتلىگەنلىك.

— قىزىق يېرى، ئادەملەر مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن تەسەللى

تاپىدۇ. ئېيتىڭا، سىز نېمىشقا دوزاخقا كىرگۇدەكسىز؟

سكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزلىرىدىن بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن ئېغىر ئالمىدى. ئۇنىڭ قوپال قوللىرى ئالىقىنىدا، ئۆزىنى خۇددى تەسەللى تېپىپ قېلىۋاتقاندەك سېزىۋاتاتتى.

— رېت، مەن فىرانكقا ياتلىق بولمىسام بوپتىكەن، مەن خاتالىشىپتىمەن، ئۇ سۇئېللېننىڭ سۆيگىنى ئىدى، سۇئېللېننى ياخشى كۆرەتتى. مېنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭغا مەن، سۇئېللېن تونى بىلەن توي قىلماقچى دەپ يالغان گەپ قىلغان. ھەي، مەن نېمە دەپ شۇنداق ئىشنى قىلغاندىمەن؟

— ھەە، ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە. بۇ ئىشقا زادىلا ئەقلىم يەتمەي يۈرەتتىم.

— كېيىن مەن ئۇنى ئۆزى خالىمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ تېخىمۇ ئازابلىدىم. مەسىلەن، قەرزلەرنى قايتۇرغۇچىلىكى يوق ئادەملەرنى قەرز قايتۇرۇشقا قىستىدىم، پەن زاۋۇتى ئاچتىم، قاۋاقخانا ئاچتىم، مەھبۇسلارنى ياللاپ ئىشلەتتىم، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەقلەرنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. يەنە بار، رېت، ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئۇنىڭ 3K پارتىيەسىگە قاتناشقانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇنىڭ شۇنچىلىك جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ ئويلىماپتىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ نۇقتىنى ئويلىشىم كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم دەيمەن.

— «دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ھەممە سۈيى قوللىرىمدىكى قانلارنى يۇيۇپ تازىلىۋېتىشىمگە يېتەرمۇ؟»[1]

— نېمە دەۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە، سۆزلەۋېرىڭ.

① شېكسپىرنىڭ «ماكبېت» ناملىق دىرامىسىنىڭ 2 ـ پەردە 5 ـ كۆرۈنۈشىدىكى سەھنە سۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سۆزلەۋېرىڭ؟ سۆزۈم تۈگىدى. شۇ گەپلىرىم يەتمىدىمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا تېگىپ ئۇنى خۇشال قىلالمىدىم، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئاھ، خۇدا! بۇ ئىشلارنى نېمىشقا قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلىپ تەگدىم. ئۇ چاغدا شۇنداق قىلىشىمنى پۈتۈنلەي يوللۇق دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى بىلدىمكى، زور بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن. رېت، ئەسلىدە بۇ مەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك نومۇسسىزلىق قىلدىم، ئەمما ئۆزۈم ئۇنداق نومۇسسىز ئادەم ئەمەس. كىچىك ۋاقتىمدىمۇ ماڭا ئۇنداق تەربىيە بېرىلمىگەن. ئاپام... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ گېپىنى قىلالماي قالدى. بۈگۈن ئۇ ئاپىسى ئېلىنىنى ئەسلىمەسلىكنى ئويلىغانىدى، لېكىن بولمىدى.

— مەن سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن بەكمۇ بىلگۈم بار ئىدى. سىز كۆپرەك دادىڭىزغا ئوخشىسىڭىز كېرەك.

— مېنىڭ ئاپام — ھىم، رېت، مەن ھازىر ئاپامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە تۈنجى قېتىم خۇشال بولۇۋاتىمەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ھازىرقى مېنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ مېنى بۇنچىلىك نومۇسسىز ئادەم بول دەپ تەربىيەلىگەن ئەمەس. ئۇ ھەممە ئادەمگە شۇنداق مېھرىبان، شۇنداق يېقىملىق ئىدى. مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمنى خالايتتىكى، بۇنداق ئىشلارنى قىلىشىمنى زىنھار خالىمايتتى، مەن ئاپامغا ئوخشاش ئادەم بولۇشنى شۇنچىلىك ئويلىدىم، ئەمما ئۇنىڭدەك بولالمىدىم، دادامدەك ئادەم بولۇشنى بولسا خالىمايتتىم. ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، لېكىن ئۇ... باشقىلار ئۇچۇن ئويلىمايتتى. رېت، بەزىدە، ئامال بار ئادەملەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشنى، فىرانكقا ئوبدان مۇئامىلە قىلىشنى ئويلىدىم. لېكىن، ئاشۇ يامان چۈشۈمنى ئويلىغاندا قورقۇپ جېنىم چىقىپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداقلا بولىدىغان بولسا پۇل تاپاي دەپ ئويلاپ، كۆرگەنلا جايدا پۇلغا ئۆزۈمنى ئۇردۇم، ئۇ

پۇللار ماڭا مەنسۇپمۇ، ئەمەسمۇ، ئويلىمىدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش قۇيۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى، يېشىنى يا سۈرتمەيتتى، رېت باتلېرنىڭ قولىنى قاتتىق سىقاتتى، تىرناقلىرى قولىنىڭ گۆشىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

— قانداق يامان چۈش ئۇ؟ — سورىدى رېت مۇلايىم ۋە تەمكىن ئاھاڭدا.

— ھە — سىزگە دەپ بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇ مۇنداق گەپ: مەن ھەر قېتىم بىرسىگە يېقىنلاشقاندا ئۆزۈمنى، ئۇنىڭ پۇلىنى كۆزلەپ يېقىنلاشما، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتىم، بىر قېتىم مەن چۈشۈمدە تاراغا قايتىپ كېتىپتىمەن. رېت، شۇ ئىشنى ئويلىسام قانچىلىك تىترەپ قورقۇپ كېتىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. چۈشۈمدە پۈتۈن يەر كۆيۈپ كەتكەن بىر مەنزىرىنى كۆردۈم، ئەتراپ جىمجىت، يەيدىغان ھېچنەرسە يوق، قورسىقىم قاتتىق ئېچىپ كېتىۋاتىدۇ.

— سۆزلەۋېرىڭ.

— قورسىقىم قاتتىق ئېچىپ كەتتى، دادامنىڭ، سىڭىللىرىمنىڭ، ئۆيدىكى قۇللارنىڭمۇ قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەنىدى. «قورسىقىمىز ئېچىپ يۈرىكىمىز گىلدىڭلاپلا قالدى» دېيىشتى ئۇلار. مەنمۇ ئاچلىقتىن بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئۆزۈمگە توختىماي: «بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتەلىسەملا مەڭگۈ، مەڭگۈ ئاچ قالمايمەن» دەپ پىچىرلايتتىم. ئاندىن مەن ئاپپاق بىر تۇماننى كۆردۈم ــ دە، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. تۇماننىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتىدۇ، كەينىمدىن بىرسى قوغلاۋاتقاندەك قىلىدۇ، مەن بولسام ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ قېچىۋاتىمەن. ئىچىمدە يەنە، بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتەلىسەملا ھېچ ئىش يوق، دەپ ئويلايمەن. لېكىن، نەگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئويغىنىپ كەتتىم، قورقۇپ جېنىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقتى. چۈشۈمدىكىدەك ئاچ قالارمەنمۇ دەپ شۈنچىلىك قاتتىق ۋايىم يېدىم. شۇ چۈشۈمدىن كېيىن دۇنيادىكى بارلىق پۇللارنى ماڭا بەرگەن تەقدىردىمۇ ئاچ قالمايمەن دەپ ئېيتالمايمەن، دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا فىرانك نېمىلا دېسە ئۇنىڭغا قاتتىق چېچىلغان بولاتتىم. ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى، مەنمۇ چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر كۈنلەردە پۇلىمىز جىق بولسا، شۇ چاغدا ئاچ قىلىشتىن قورقمايمىز، ئۇنىڭ تارتقان زىيانلىرىنىمۇ تولدۇرۇۋالايمىز دەپ ئويلىدىم. هازىر ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. كېچىكتۇق. هەي، شۇ چاغدا مەن توغرا قىلدىم دەپتىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىنتايىن خاتا ئىشلار ئىكەن. ئەگەر ئاشۇ كۈنلەرنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولغان بولسا، پۈتۈنلەي باشقىچە يول تۇتقان بولاتتىم.

— بولدى قويۇڭ، — دېدى رېت. ئۇ سىكارلېت چىڭ تۇتۇۋالغان قولىنى تارتىۋېلىپ، يانچۇقىدىن پاكىز قول ياغلىقىنى چىقاردى، — مەڭ، كۆزلىرىڭىزنى سۈرتۈڭ، بۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىڭىزنى قىيناپ نېمە قىلىسىز؟

سىكارلېت قول ياغلىقىنى ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئەمدى ئۇ خۇددى ئۇستىدىكى بىر قىسىم يۈكنى رېتنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ بەرگەندەك ئۆزىنى خېلى يەڭگىل سەزدى. رېت ئاجايىپ قابىلىيەتلىك، تەمكىن ئىدى، تۇمشۇقىنى كۆتۈرۈپ قويۇشلىرىمۇ سىكارلېتقا خۇددى بۇنچىلىك ئازابلىنىشلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاۋاتقاندەك بىلىنىپ خېلىلا تەسەللى بولۇۋاتاتتى.

— خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك قىلىۋاتامسىز؟ ئەمدى بىز تېخىمۇ ئوچۇقراق پاراڭلىشايلى. بايا سىز بۇرۇنقى كۈنلەرنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى دېدىڭىز. شۇنداق قىلالىشىڭىز مۇمكىنمىدۇ؟

— ھىم...
— قىلالمايسىز، يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ يولىدا ماڭىسىز. شۇ چاغدا سىزنىڭ باشقا چارىڭىزمۇ بارمىدى؟
— يوق ئىدى.
— ئەمىسە نېمىگە پۇشايمان قىلىسىز؟
— ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلماي، ئاخىر ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە.
— ئۇ ئۆلمىگەن بولسا بەرىبىر ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولمايتتىڭىز. مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز فىرانكقا تەگكىنىڭىزگە، ئۇنى بوزەك قىلغىنىڭىزغا، شۇ قىلغانلىرىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تېزلەتكىنىڭىزگە ھەرگىز پۇشايمان قىلمايسىز. پەقەت دوزاخقا چۈشۈپ قېلىشىڭىزدىن قورقۇپلا پۇشايمان قىلىۋاتىسىز. شۇنداقمۇ ئەمەس؟
— سىز بۇ گېپىڭىز بىلەن مېنى گاڭگىرىتىپ قويدىڭىزغۇ؟
— سىزنىڭ ئەخلاق قارىشىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش گاڭگىراش ھالىتىدە. سىز ھازىر تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنىغا ئەمەس، تۈرمىدە ياتىدىغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلغىنىغا ئوخشاش روھىي ھالەتتە.
— مېنى ئوغرىغا ئوخشىتىۋاتامسىز...
— سىز ئۇ گەپكە ئېسىلىۋالماڭ. پەقەت دوزاختا مەڭگۇ كۆيۈپ ئۆتىدىغانلىقىڭىزدىن قورقۇۋاتقانلىقىڭىز ئۈچۈنلا شۇنداق قالايمىقان خىياللاردا بولۇۋاتىسىز، بولمىسا فىرانكنىڭ ئۆلگىنى ئوبدان بولدى دەيتتىڭىز.
— ئاھ، رېت!
— ئىچىڭىزدىكىنى ئېيتتىڭىز، ئېيتقاندىن كېيىن راستمۇ، بۇمىسىنىمۇ ئېيتىۋېتىڭ. ئۈچ يۈز دوللار ئۈچۈن ھاياتىڭىزدىن قىممەتلىك بولغان ئۇ ئېسىل تاشتىنىمۇ ۋاز كەچكەنلىكىڭىزنى... ھەي، ۋىجدانىڭىز ئازراقمۇ ئازابلانمىدىمۇ؟
بىراندى ھارىقى ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىر ئۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكىنى شۇنداق ئېنىق بىلىۋالالايدىغان تۇرسا.

— ئۇ چاغدا مەن خۇدانىمۇ، دوزاخنىمۇ ئويلىمىغان، كېيىن ئويلىدىم، ئەمما خۇدا مېنى كەچۈرىدىغۇ دەپ قاپتىمەن.

— فىرانكقا ياتلىق بولغاندا خۇدانىڭ ئۆزىڭىزنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

— رېت، خۇداغا ئىشەنمەيدىغانلىقىڭىز ئېنىق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا خۇدانى ئېغىزىڭىزدىن چۈشۈرمەيسىز؟

— سىز ئىشىنىسىز ئەمەسمۇ؟ خۇدانىڭ ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى سىز بىلىسىز. هازىرقى مۇهىم ئىش شۇ. خۇدا نېمىشقا كەچۈرمەيدۇ؟ تارا قولىڭىزدا قالدى، ئۇ يەردە هازىر شىماللىقلارمۇ يوق. شۇنداق ئەهۋالدىمۇ قايغۇرامسىز؟ هازىر قورسىقىڭىز توق، كىيىمىڭىز پۈتۈن تۇرۇپمۇ ئۆزىڭىزنى قايغۇلۇق هېس قىلامسىز؟

— هىم، ئۇنداق هېس قىلمايمەن.

— ياخشى، شۇ چاغدا فىرانكقا تېگىشتىن باشقا يەنە قانداق چارىنى ئويلىغانىدىڭىز؟

— ئويلىمىغان.

— شۇ چاغدا فىرانك سىزگە ئۆيلەنمىسە بولمايدىغان ئەهۋالدا ئەمەس ئىدى، توغرىمۇ؟ ئەرلەر دېگەن ئەركىن. ئۇ هەم سىزنىڭ زورىڭىز بىلەن ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغانمۇ ئەمەس؟

— هىم...

— سكارلېت، نېمىشقا ئىچىڭىز تىتىلدايدۇ؟ بۇرۇنقى كۈنلەر قايتىلىنىدىغان بولسا سىز يەنە يالغان گەپ قىلاتتىڭىز، ئۇمۇ ئوخشاشلا سىزگە ئۆيلىنەتتى. بەربىر يەنە خەتەرگە ئۇچرايتتىڭىز. ئۇمۇ سىز ئۈچۈن ئۆچ ئالماي قويمايتتى. ناۋادا ئۇ سىڭلىڭىزغا ئۆيلەنگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۆلمەي قېلىشى

مۇمكىن ئىدى. ئەمما، سىڭلىڭىزمۇ ئۇنىڭغا سىز قىلغاندىنمۇ بەتتەر قىلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەھۋالدا ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمايتتى.

— مەن ئۇنىڭغا ئوبدانراق مۇئامىلە قىلالار بولغىيدىم.

— ئۇ مۇمكىن... ئەگەر باشقا بىرسى بولغان بولسا. سىز كىچىكىڭىزدىن تارتىپ كىمنى بوزەك قىلغۇڭىز كەلسە شۇنى بوزەك قىلىپ كەلگەن. كۈچلۈكلەر هامان ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ. فىرانك سىزنى قامچا بىلەن ساۋىماي خاتا قىلغان... سىكارلېت، مەن سىزگە تولىمۇ هەيران، يېشىڭىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەقلىڭىزمۇ ئېشىشى كېرەك ئىدى. سىزگە ئوخشاش پۇرسەتپەرەسلەر ئەسلىدە بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك.

— نېمە پەرەس... نېمە دېدىڭىز؟

— پۇرسەت تاپسىلا باشقىلاردىن پايدىلىنىدىغان ئادەملەرنى دېمەكچىمەن.

— ئۇنداق قىلىش خاتامۇ؟

— كىشىلەر ئۇنى ياخشى ئىش ئەمەس دەپ قارايدۇ — بولۇپمۇ ئالدىدا پۇرسەت تۇرسا ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدىغان ئادەملەر شۇنداق قارايدۇ.

— رېت، سىز چاقچاق قىلىۋاتىسىز. مەن تېخى سىزنى ماڭا ياخشى ئويدا بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

— مەن ئۆزۈمچە سىزگە قارىتا ياخشى ئويدىمەن دەپ ئويلايمەن. سىكارلېت، سۆيۈملۈكۈم، سىز هازىر مەست، مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە چىقىۋاتىدۇ.

— كېيىنىپ ئېيتالامسىز...

— ئېيتالايمەن. بولدىلا، يىغلاپ ئېقىپ كەتمەڭ يەنە، باشقا گەپنى قىلىشايلى. مەندە سىزنى خۇشال قىلىدىغان قىزىق بىر خەۋەر بار. بۈگۈن مەن ئاساسەن شۇ گەپنى سىزگە دېگىلى كەلگەن، ئاندىن كەتمەكچىمەن.

www.uyghurkitap.com

— نەگە كېتىسىز؟

— ئەنگلىيەگە، بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن. سكارلېت، ۋىجدانىڭىزنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇڭ، سىزنىڭ روھىڭىز توغرۇلۇق يەنە گەپ قىلغۇم يوق. مەن دەيدىغان خەۋەرنى ئاڭلىغۇڭىز يوقمۇ؟

— بىراق... — سكارلېتنىڭ ئاۋازى ئاجىز ئىدى، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. ھاراقنىڭ كۈچى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ پۇشايمان ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىشكە، رېتنىڭ گەپلىرى گەرچە مەسخىرە ئارىلاشقان بولسىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بولۇپ، خىيالىدىكى فىرانكنىڭ كۆلەڭگىسى بارا - بارا سۇسلىشىشقا باشلىدى. بەلكىم رېتنىڭ دېگىنى راستتۇ، خۇدايىم ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ، فىرانكنىڭ ئۇ ئىشنى ھازىرچە ئويلىماسلىق قارارىغا كەلدى.

— قانداق خەۋەر ئۇ؟ — سورىدى ئۇ ئارانلا. ئاندىن قول ياغلىق بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈپ قويدى، چاچلىرىنى تۈزىدى.

— ئۇ خەۋەر، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇنداق گەپ، مەن تونۇيدىغان ئاياللارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ يارايدىغىنى سىز. ھازىر فىرانكمۇ يوق، شۇڭا سىزنى مېنىڭ ئويلىغىنىمغا قوشۇلىدۇ، دەپ بىلىمەن.

سكارلېت بىردىنلا قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن... سىز تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم ئىكەنسىز، مۇشۇنداق چاغدا كېلىپ ماڭا ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەمسىز... مەن سىزنىڭ ماھىيىتىڭىزنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بالدۇرلا بىلىشىم كېرەك ئىدى. فىرانكنىڭ كىرپىكىگە تېخى چاڭ قونمىدى. ئەگەر سىز دۇرۇس ئادەم بولسىڭىز... ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭ.

— بوشراق گەپ قىلىڭ، بولمىسا پىتتىي ھامما كىرىپ قالىدۇ، — دېدى رېت. ئۇ ئورنىدىن تۇرماي قوللىرىنى سوزۇپ

سىكارلېتنىڭ تورۇلۇپ كەتكەن مۇشتلىرىنى تۇتۇۋالدى، — سىز مېنىڭ گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندەك قىلىسىز.

— خاتا چۈشىنىپ؟ خاتا چۈشەنگىنىم يوق! — ئۇ قوللىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزماسلىق ئۈچۈن ئىتتىك تارتىۋالدى، — قولۇمنى قويۇۋېتىپ دەررۇ بۇ يەردىن يوقىلىڭ، مەن سىزدەك شۇم نىيەت ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان...

— تىنچ! — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە توي قىلايلى، دەپ تەلەپ قويۇۋاتىمەن، ئالدىڭىزدا تىزلانسام ئاندىن ئىشىنەمسىزيا؟

سىكارلېت جىددىيلەشكىنىدىن ھاسىراپ كېتىپ ئىتتىك دىۋاندا ئولتۇرۇۋالدى، ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. ھاراقنىڭ كۈچى بىلەنمۇ قانداق، ئۇنىڭ: «توي قىلمايمەن، سۆيۈملۈكۈم» دېگەن مەسخىرە گېپىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى. بىر بولسا سىكارلېت مەست، بىر بولسا رېت سارالڭ. لېكىن، ئۇ ساراڭدەك ئەمەس، خۇددى ھاۋا رايى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقاندەك شۇنچىلىك ئىختىيارىي، ئالدىرىماي قىلىۋاتقان گەپلىرىدە ئازراقمۇ تەقەززالىق يوق.

— مەن بۇرۇندىن تارتىپ سىز بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلاپ كەلگەن. سىكارلېت، سىزنى «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە لوڭقىلارنى چېقىپ، ئاغزىڭىزنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۆينى بېشىڭىزغا كىيگەن ۋاقتىڭىزدا يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ قىز ئەمەس ئىكەن دەپ ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ سىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدىم. كېيىن فىرانك ئىككىڭلارنىڭ ئازراق پۇل توپلىغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ئالدىمغا ئىككىنچى پۇل سوراپ كەلمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن سىزگە ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم.

— رېت باتلېر، سىز ماڭا يەنە بىر قېتىم رەزىل چاقچاقتىن بىرنى قىلدىڭىز.

— سىزگە چىن دىلىمدىن گەپ قىلىۋاتسام، ئەكسىچە سىز مەندىن گۇمانلىنىۋاتىسىز. ھازىر سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق ئەمەسلىكىگە ئۆزۈممۇ ئىقرار، لېكىن ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان باھانەممۇ بار، چۈنكى ئەتە ماڭماقچىمەن، سىرتتا تۇرىدىغان ۋاقتىممۇ ئۇزۇنراق، شۇڭا مەن كەلگۈچە سىزنىڭ پۇلى بار بىرسىگە ياتلىق بولۇپ كېتىشىڭىزدىن ئەنسىرىدىم. ماڭا نېمىشقا تەگمەيسىز؟ مېنىڭمۇ پۇلۇم بار ئەمەسمۇ؟ راست، سىكارلېت، سىزنىڭ ئېرىڭىزنى ئالماشتۇرىدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ مەڭگۈ ساقلاپ تۇرالمايمەن.

ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ راست. سىكارلېت ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغاچ، ئۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئاساس ئىزدەۋاتقاندەك رېتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇ كۆزلەردە كۈلكە ئويناپ تۇراتتى، يەنە قانداقتۇر بىر نەرسە، ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ھەم تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر نەرسىمۇ باردەك قىلاتتى. ئۆزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئەمما چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ تۇرغان مۈشۈكتەك يۈكسەك ھوشيارلىق بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇ خىل خاتىرجەم ھالىتىنىڭ تېگىگە غەلىتە بىر كۈچ يوشۇرۇنغاندەك تۇيۇلۇپ سىكارلېت قورقۇشقا باشلىدى.

ئۇ ئۇنىڭغا راستلا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇۋاتامدىغاندۇ؟ بۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغانلا بىر ئىشقۇ؟ سىكارلېت بۇرۇن، ئەگەر ئۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق تەلەپ قويىدىغان بولسا ئۇنى راسا قىيناشنى، ئىزا تارتقۇزۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىغانىدى، شۇنىڭدىن لەززەت ئالماقچىمۇ بولغانىدى. ئەمدى ئۇ ھازىر تەلەپ قويدى، لېكىن سىكارلېت ئۇ چاغدىكى ئاشۇ خىياللىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇنى ئالىقىنىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرالمايتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ بولغانىدى، خۇددى ئۆزىگە تۇنجى قېتىم تەلەپ قويۇۋاتقان قىزلاردەك ھاياجانلىنىپ، قىزىرىپ ۋە گەپ قىلالماي قېلىۋاتاتتى.

— مەن... مەن ئەمدى توي قىلمايمەن.

— مۇمكىن ئەمەس، سىز توي قىلىشقا يارالغان، نېمىشقا مەن بىلەن توي قىلمايسىز؟

— مەن... مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— بۇ سىزنىڭ كەمچىلىكىڭىز ئەمەس. ئېسىمدە قېلىشىچە، سىز ئالدىنقى ئىككى ئېرىڭىزنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتىڭىز.

— نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟ سىز مېنىڭ فىرانكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىز.

رېت باتلېر گەپ قىلمىدى.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم! ياخشى كۆرەتتىم!

— بۇنى بىز تالاشمايلى. مەن كەتكەندىن كېيىن بۇ تەلپۈنى ئويدانىراق ئويلىنىپ بېقىڭ.

— رېت، ئىشلارنى كەينىگە سۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيمەن. سىزگە هازىرلا جاۋابىمنى بېرىۋېتەي، ئۇزاققا قالماي تاراغا قايتىپ كېتىمەن. ئىندىيا ۋىلكىس پىتتىي هاممىغا هەمراھ بولۇپ مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. تارادا ئۇزاق تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ... قايتا توي قىلغۇممۇ يوق.

— يوق گەپنى قىلماڭ، نېمە ئۈچۈن؟

— بۇنى سورىمايلا قويۇڭ، توي قىلىشنى خالىمايمەن.

— بىراق، ئەخمەق قىز، سىز ئەزەلدىن هەقىقىي توي قىلىپ باققان ئەمەس. توي قىلىشنىڭ راهىتىنى بىلمەيسىز. مېنىڭچە، سىزنىڭ بىر قېتىممۇ تەلىيىڭىز چىقمىغان... بىر قېتىمدا ئاچچىقتىن توي قىلدىڭىز، يەنە بىر قېتىمدا پۇل ئۈچۈن توي قىلدىڭىز. سىز بىرەر قېتىم بولسىمۇ تۇرمۇشنىڭ هۇزۇرىنى كۆرۈش ئۈچۈن توي قىلىپ بېقىشنى ئويلاپ باققانمۇ؟

— هۇزۇر كۆرۈش ئۈچۈن؟ بۇ بىر ئەخمىقانە گەپ بولدى، توي قىلسا نېمە هۇزۇر كۆرىدۇ ئادەم.

— كۆرمەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۆرمەيدۇ؟

سىكارلېتنىڭ يۈرىكى ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىراندى پەيدا قىلغان بايىقى جاهىللىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇمشىغىلى تۇردى.

— نىكاھلىق تۇرمۇشتىن پەقەت ئەرلەرلا ھۇزۇرلىنىدۇ... بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلسە كېرەك، مەن ھازىرغىچە بىلەلمىدىم. توي قىلىش ئاياللار ئۈچۈن قورساق بېقىش، دۆۋە - دۆۋە ئىشلارنى قىلىش، ئەرلەرنىڭ قىيناشلىرىغا چىداش... يەنە يىلدا بىر بالا تۇغۇپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

رېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. جىمجىت كېچىدە كۈلكە ساداسى ئۆينى بىر ئالدى. دەل شۇ چاغدا سىكارلېت ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— تىش! نېگىر ئانامنىڭ قۇلىقى ياۋا مۇشۇكنىڭكىدىنمۇ سەزگۈر. بۇنداق قاتتىق كۈلگىنىڭىز پەقەتلا بولمىدى. بولدى كۈلمەڭ. سىزنىڭ ھۇزۇر دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ.

— سىزنى مەن تەلىيىڭىز كەلمىگەن دەپ بىكار دېمىدىم، مۇشۇ گەپلىرىڭىز شۇ گېپىمنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىرىنچى قېتىم سىز بىر بالىغا تەگدىڭىز، كېيىندىن بىر بوۋايغا تەگدىڭىز. ئاپىڭىزمۇ سىزگە ئاياللار «ئۇنداق ئىشلار»غا چوقۇم چىدىشى توغرۇلۇق گەپ قىلغان بولغىيدى؟ چۈنكى سىلەر قالغان ھالاۋەتنى بالاڭلاردىن ئالىسىلەر. بۇنداق قاراش پۈتۈنلەي خاتا. نېمىشقا ئاتىقى يامان بولسىمۇ ئاياللارنى رازى قىلىشقا ماھىر چىرايلىق ئەرلەرگە ياتلىق بولمايسىز؟ ئۇ سىزنى ھەقىقىي ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

— سىز شۇنچىلىك قوپال ھەم ناھايىتى كۆرەڭ ئادەم ئىكەنسىز. بىز ئەسلىي گېپىمىزدىن كۆپ يىراقلاپ كەتتۇق. سىز راست... راست قوپال ئادەم ئىكەنسىز.

— ھەم شۇنداق قىزىق ئادەم، شۇنداقمۇ؟ ئۇزۇپ ئېيتالايمەنكى، سىز ھەرقانداق بىر ئادەم بىلەن ئەر - خوتۇنلار

ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ باقمىغان، چارلىس بىلەن، فىرانك بىلەنمۇ پاراڭلاشمىغان.

سكارلېتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. رېتنىڭ بىلىدىغان ئىشلىرى بەكمۇ كۆپ ئىكەن، ئاياللارنى شۇنچىلىك ئىنچىكە چۈشىنىدىكەن. ئۇ بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟ سكارلېت ھەيران ئىدى.

— قاپىقىڭىزنى تۈرمەڭ. بىر كۈننى دەڭ، سكارلېت، سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزنى ئويلاپ، دەررۇ توي قىلايلى دەپمۇ تۇرۇۋالمايمەن. بىر مەزگىل كۈتسەممۇ بولىدۇ. شۇ بىر مەزگىل سىزنىڭچە قانچىلىك ۋاقىت بولسا بولار؟

— مەن سىزگە تېخى ياتلىق بولۇش توغرۇلۇق جاۋاب بەرگىنىم يوق. ھازىرقىدەك چاغدا بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىششمۇ قاملاشمىغان بىر ئىش.

— مەن سىزگە نېمە ئۈچۈن ھازىر كېلىپ بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردىم. ئەتە ماڭماقچىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن. ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم، بەلكىم بۇ گەپنى قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەندىمەن.

سكارلېت بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى رېت دىۋاندىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇۋېلىپ توختىماي سۆزلەيتتى.

— كەچۈرۈڭ، ھېسسىياتىم قاتتىق ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقاچقا سىزنى چۆچۈتۈپ قويدۇم، سۆيۈملۈك سكارلېت... سۆيۈملۈك كېنىيدى خانىم. سىز دىققەت قىلمايمۇ قالمىدىڭىز. يۈرىكىمدىكى ئۇزاقتىن بېرى سىز ئۈچۈن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دوستلۇق ھېسسىياتىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، تېخىمۇ گۈزەللەشتى، تېخىمۇ پاكلاشتى، تېخىمۇ مۇقەددەس تۈس ئالدى. ئۇنىڭ قانداق ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاھ ! ئۇ مۇھەببەت ! ماڭا مەدەت بېرىۋاتقىنى پەقەت

ئاشۇ خىللا ھېسسىيات!

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — يالۋۇردى سىكارلېت، — قاراڭ، تۇرقىڭىزنى، شۇ تۇرقىدا نېگىر ئانام كىرىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— ئۇ مېنىڭ بۇنداق ئەدەپلىك قىياپىتىمنى كۆرسە چوقۇم ھەيران قالىدۇ، ھەتتا ئىشەنمەيدۇ، — رېت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىز كىچىك بالا ياكى كىچىك ئوقۇغۇچى ئەمەس، ئۇنداق دەبدەبىلىك گەپلىرىڭىز بىلەن مېنى گوللايمەن دەپ ئويلىماڭ. ماڭا قايتىپ كەلگىنىڭىزدىن كېيىن توي قىلىمەن، دەپ ۋەدە بېرىڭ. جاۋابىڭىزنى بەرمىسىڭىز، خۇدا تۇرۇپتۇ، بۇگۈن بۇ يەردىن كەتمەيمەن. ھەر كۈنى ئاخشىمى دېرىزىڭىزنىڭ تۈۋىدە گىتار چېلىپ، بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتىمەن، سىزنى ئىزا تارتقۇزىمەن. ئاخىر يۈزىڭىزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ مەن بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولىسىز.

— رېت، ساراڭلىق قىلماڭ، مەن ھېچكىمگە ياتلىق بولمايمەن.

— ھېچكىمگە ياتلىق بولماسىز؟ ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى دېمىدىڭىز، چوقۇم قىزلاردەك ئىزا تارتىپ ئەمەس. سەۋەبى زادى نېمە؟

ئۇشتۇمتۇت، سىكارلېت ئاشلېينى ئويلاپ قېلىپ، خۇددى ئاشلېي ھازىر يېنىدا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى، پەرۋاسىز كۆزلىرى، مەغرۇر قىياپىتى رېت بىلەن زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ قايتا ياتلىق بولماسلىقى ئاشلېي ئۈچۈن ئىدى. رېت باتلېردىن بىزار بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئازراق قىزىقىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى مەڭگۈ ئاشلېيغا مەنسۇپ دەپ ئويلايتتى. بۇرۇن چارلېسقىمۇ، فىرانكقىمۇ مەنسۇپ بولمىغان، بۇنىڭدىن كېيىن رېتقىمۇ مەنسۇپ بولمايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، قىلغان پۈتۈن ئىشلىرى، بارلىق ئىستەك - ئارزۇلىرى، ئېرىشكەن ھەممە نەرسىلىرى بىر ئاشلېيغىلا مەنسۇپ

ئىدى، چۈنكى ئۇنى سۆيەتتى. ئۇ ئاشلىپى بىلەن تاراغىلا مەنسۇپ ئىدى. بۇرۇن چارلېس بىلەن فىرانكقا قاراپ كۈلۈشلىرى، ئۇلارنى سۆيۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشلىپى ئۈچۈن دېيىشكە بولاتتى. پەقەت ئاشلىپىنىڭ ئاشۇنداق تەلەپنى ئۆزىگە قويمىغانلا يېرى بار ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم قويمايتتى. سىكارلېتنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە بىر خىل ئارزۇ قايناتتى، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتاش ئىدى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇ ئارزۇسىدىن يانمايتتى.

سىكارلېت چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزى سەزمىدى. چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندا چىرايى ئادەتتىن تاشقىرى مېھرىبانلىشىپ كېتەتتى، رېت باتلېر ئۇنىڭ بۇ خىل چىرايىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. يوغان كۆك كۆزلىرى سىرلىق چاقناپ، چىرايلىق لەۋلىرى ئىختىيارسىز مىدىرلاپ، ئىككى مەڭزى توغاچتەك قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ رېت باتلېرمۇ خۇددى نەپسى توختاپ قالغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز تاقەتسىزلىك بىلەن ۋارقىراپ كەتتى.

— سىكارلېت ئوخارا، نېمىدېگەن ئەخمەق سىز!

سىكارلېت خىياللىرى ئىچىدىن تولۇق يېنىپ چىققىچە ئارىلىقتا رېت ئۇنى خۇددى خېلى يىللار ئىلگىرى قاراڭغۇ كېچىدە تارانىڭ يولىدا كېتىۋېتىپ قۇچاقلىۋالغاندەك قۇچاقلىۋالدى. سىكارلېت يەنە ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، بىر خىل ئىللىق ئېقىم بەدىنىگە تاراش بىلەن تەڭلا ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلىۋەتتى، ئاشلىپى ۋىلكېسنىڭ خىيالىدىكى ئوبرازى بارغانسېرى سۇسلىشىشقا باشلىدى. رېت ئۇنى بېلىدىن مەھكەم قامالاپ تۇتۇپ لەۋلىرىگە سۆيدى. باشتا يەڭگىل سۆيدى، ئارقىدىن ئۆزىگە مەھكەم چاپلاپ تۇرۇپ ئاجايىپ قىزغىن سۆيۈپ كەتتى. سىكارلېتقا پۈتۈن كائىنات پىرقىراۋاتقاندەك، پەقەت رېت باتلېرلا ئۇنى يىقىلىپ كېتىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلاپ قىلىۋاتقانىدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. پۈتۈن نېرۋىلىرى غىدىقلىنىپ ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر تاتلىق سېزىم سەزدى. شۇ سېزىمنىڭ تەسىرى بىلەن كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئۆزىنىڭ رېتنىڭ ئۇ خىل قىزغىن سۆيۈشلىرىگە سۆيۈش بىلەن جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز بىلىپ قالدى.

— بولدى قىلىڭ! بولدى! بېشىم قېيىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بوش ئىڭراپ ۋە بېشىنى ئىككى يانغا قاچۇرۇپ. رېت ئۇنىڭ قويۇق ئالتۇن چاچلىق بېشىنى ئۆزىنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى. سىكارلېت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ چىرايىنى غۇۋا كۆردى: رېتنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ كەتكەن، ئادەتتىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، بىلەكلىرى تىترەپ تۇراتتى. سىكارلېت بۇ ھالەتتىن قورقۇپ قالدى.

— مەن سىزنىڭ بېشىڭىزنى قايدۇرىمەن، قايدۇرمىسام بولمايدۇ. سىزدە بۇرۇنلا مۇشۇنداق سېزىم بولۇشى كېرەك ئىدى. سىز يولۇققان ئۇ كالۋالارنىڭ ھېچقايسىسى سىزنى بۇنداق سۆيۈپ باقمىغان، شۇنداقمۇ؟ ئاززۇلۇقىڭىز چارلېس، فىرانك، يەنە ھېلىقى ئەخمەق ئاشلېيلارنىڭ ھېچقايسىسى...

— ئۇنداق دېمەڭ...

— دەيمەن! ئۇ بىر نېمىلەر ئاياللارنى چۈشىنەمدۇ؟ سىزنى چۈشەندىمۇ؟ سىزنى مانا مەن چۈشىنىمەن.

ئۇنىڭ لەۋلىرى سىكارلېتنىڭ لەۋلىرىگە يەنە چاپلاشتى، سىكارلېت قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەي ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ تۇراتتى، بېشىنى قاچۇرغۇدەك ئەھۋالى يوق، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى. يۈرىكى ھاياجان ئىچىدە قاتتىق سوقۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتاتتى، ئۇ نېمىدېگەن كۈچلۈك، ئۆزى بولسا شۇنچىلىك ئاجىز. سىكارلېت قورقۇپمۇ قالدى. ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ؟ ئەمدى بولدى قىلمىسا سىكارلېت بېشى قېيىپ يىقىلىپ قالىدۇ. ئۇ توختاپ قالسا ئوبدان بولاتتى...

مەڭگۈ توختاپ قالمىسا ئاجايىپ ئوبدان بولاتتى.

— ماڭا جاۋاب بېرىڭ، بولامدۇ؟ — ئۈنىڭ لەۋلىرى سىكارلېتنىڭ لەۋلىرىگە چاپلىشىپ تۇراتتى، كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىن ئىدى. خۇددى دۇنيادا ئاشۇ كۆزلەردىن باشقا كۆزلەر يوقتەك سىكارلېتقا بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، — گەپ قىلىڭ، بولمىسا...

تولۇق ئويلانمايلا سىكارلېتنىڭ ئاغزىدىن «ماقۇل» دېگەن گەپ چىقىپ كەتتى. بۇ دەل رېت باتلېر كۈتۈۋاتقان گەپ ئىدى، سىكارلېت بۇ گەپنى ئىختىيارىدىن سىرتلا دەپ سالغانىدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ يۈرىكى تىنچلىنىپ، بېشىنىڭ قېيىشىمۇ توختاپ قالدى، هاراقنىڭ كەيپىمۇ تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا رازى بولۇش نىيىتى يوق ئىدى، ئەمما رازىلىق بېرىپ قويدى، بۇ ئىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيتتى، ئەمما ئۇ كېيىنچە پۇشايمان قىلمىدى. بۇ «ماقۇل»لۇقتا غايىبتىن بىر كۈچ ئارىلاشقاندەك، ئۇنىڭ قولىدىنمۇ كۈچلۈك بىر قول كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندەك شۇنداق تەبىئىي بولدى.

رېت باتلېر «ماقۇل» سۆزىنى ئاڭلاپلا يېنىك بىر تىنىپ قويدى ۋە يەنە سۆيمەكچى بولۇپ ئېڭىشتى، سىكارلېتمۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى كەينىگە تاشلاپ ئۇنىڭ سۆيۈشىنى كۈتتى. لېكىن، رېت بىردىنلا توختىۋېلىپ ئۇنى نائۈمىد قىلىپ قويدى، چۈنكى بۇ سۆيۈشلەر ئاجايىپ تاتلىق بىر سېزىم ئاتا قىلغان، شۇ سېزىمدىن پۈتۈن تېنى يايراپ كەتكەنىدى.

رېت باتلېر دېۋاندا مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، سىكارلېت بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويىۋالغانىدى، بىلەكلىرىمۇ تىترىمەيۋاتاتتى، كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى. سىكارلېت كۆزلىرىنى ئېچىپ رېتنىڭ يۈزىدىكى بايىقى قورقۇنچلۇق قىزىللىقنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆردى. لېكىن، نېمىشقىدۇر

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا قاراۋېرىشتىن خىجىل بولۇپ ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى، يۈرىكى يېڭىباشتىن سېلىپ كەتتى.

رېت يەنە گەپ باشلىدى، ئاۋازى ئاجايىپ تۇرغۇن ئىدى.

— گېپىڭىز گەپمۇ؟ دېگىنىڭىزدىن يېنىۋالمايدىغانسىز؟

— ياق.

— مېنىڭ قىزغىن ھېسسىياتىم سىزنى ئاللىقانداق «خىياللار ئالىمى»گە ئېلىپ كەتمىگەندۇ؟

سكارلېت بۇ گەپكە جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالدى، چۈنكى نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. رېت ئۇنىڭ ئېگىكىنى كۆتۈردى.

— سىزگە بايا ئېيتتىم. مېنى نېمە قىلىمەن دېسىڭىز مەيلى، پەقەت يالغان گەپ قىلمىسىڭىزلا بولدى. ئەمدى راستىڭىزنى ئېيتىڭ، سىز ماڭا نېمە ئۈچۈن «ماقۇل» دېدىڭىز؟

سكارلېت يەنىلا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى، ئەمما بايىقىغا قارىغاندا خېلىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. خۇددى ئىزا تارتىۋاتقاندەك ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى، لەۋلىرىدە بولسا كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

— ماڭا قاراڭ، مېنىڭ پۇللىرىم ئۈچۈنمۇ؟

— ئاھ، رېت! نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟

— ماڭا ئۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلماي بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ. مەن چارلېسقىمۇ، فىرانكقىمۇ ئوخشىمايمەن، بۇ يەردىكى نادان يىگىتلەرگە تېخىمۇ ئوخشىمايمەن، كۆزلىرىڭىزنى ئويناتسىڭىزلا ئالدىنىڭىزغا چۈشىدىغان ئادەممۇ ئەمەسمەن. زادى مېنىڭ پۇللىرىم ئۈچۈنمۇ قانداق؟

— ھىم، شۇنداق، ئەمما پۈتۈنلەيمۇ ئەمەس.

— پۈتۈنلەيمۇ ئەمەس؟

رېت بۇ گەپكە خاپا بولۇپ كەتمىدى، چوڭقۇر بىر تىنىپلا قويدى ۋە كۆزلىرىدىكى ئۇنىڭ «ماقۇل» سۆزى بىلەن پەيدا بولغان

بايىقى تەقەززالىقلار بىردىن ئۆچۈپ كەتتى. سىكارلېت قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرغاچقا ئۇنى زادىلا سەزمىدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى سىكارلېت ئامالسىز قالغاندەك تەلەپپۇزدا، — سىزمۇ بىلىسىز، رېت، پۇل دېگەن لازىم بولىدىغان نەرسە، ئەپسۇس، فىرانكتىن ماڭا كۆپ پۇل قالمىدى. ئەمما، رېت، بىز ياخشى ئۆتەلەيمىز. مەن تونۇيدىغان ئەرلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت سىزلا ئاياللارغا راست گەپ قىلىسىز. سىز مېنى نادان كۆرمەيسىز، ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىشمنى خالىمايسىز، سىزدەك ئېرىم بولغانغا ئۆزۈمنى بەختلىك سانايمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن.

— مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ھىم، — دېدى ئۇ ئالدىراپ كېتىپ، — ئەگەر مەن، سىزنى سۆيىمەن، ئوتىڭىزدا كۆل بولاي دېدىم دېسەم، ئۇ قۇرۇق گەپ بولىدۇ، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

— بەزىدە سىز راست گەپنى بەكمۇ ئەستايىدىل قىلىسىز، قوزام. لېكىن، سىز يالغاندىن بولسىمۇ مېنى: «رېت، مەن سىزنى سۆيىمەن» دەپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇ كۆڭلىڭىزدىكى گەپ بولمىسىمۇ مەيلى ئىدى.

ئۇ زادى نېمە دېمەكچى؟ سىكارلېت چۈشەنمەي تېخىمۇ تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ ھالىتى غەلىتىلا ھەم ناھايىتى قىزغىنىدەك، ھەم دىلى رەنجىگەندەك، ھەم ئادەمنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك. ئۇ قوللىرىنى سىكارلېتنىڭ بېلىدىن تارتىۋېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. سىكارلېت ئۇ قوللارنىڭ تۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

«ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولسامۇ، راست گەپ قىلىشىم كېرەك.» سىكارلېت ئىچىدە ئاشۇنداق قارارغا كەلدى، يەنە ھاياجانلىنىپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. ھەر قېتىم رېت باتلېر چىشىغا تەگكەندە ئۇ شۇنداق روھىي ھالەتتە بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— رېت، ئۇنداق دېسەم سىزگە يالغان ئېيتقان بولىمەن. بىز نېمىشقا ئۇنداق گەپلەر بىلەن بىر ـ بىرىمىزنى ئالدايمىز؟ بايا دېدىم، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. بىر قېتىم سىز ماڭا، سىزنى سۆيمەيمەن، ئەمما ئىككىمىزنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەرلىرىمىز كۆپ. ھەر ئىككىمىز لۇكچەك، دېگەن. بۇ ئۆزىڭىزنىڭ گېپى...

— ۋاي خۇدايىمەي! — رېت ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا دېدى، — ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىش تاپتىممۇ نېمە!

— نېمە دېدىڭىز؟

— ھېچنېمە، — رېت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، بۇ خۇشاللىق كۈلكىسى ئەمەس ئىدى، — بىر ۋاقىتنى دەڭ، سۆيۈملۈكۈم، — رېت يەنە كۈلۈپ كەتتى ۋە ئېگىلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىپ، كەيپىنىڭ يەنە كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سىكارلېت يەڭگىل تىنىپ قويدى، چىرايىدىمۇ كۈلكە كۆرۈندى.

رېت ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ بىردەم سىلاپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— سىز رومانلاردىن ئاياللارنىڭ باشتا ئېرىگە كۆڭلى يوق، كېيىن بارا ـ بارا كۆڭلى چۈشۈپ قالىدىغان ۋەقەلەرنى ئوقۇغانمۇ؟

— سىز بىلىسىز، مەن ئەزەلدىن كىتاب ئوقۇمايمەن، — دېدى سىكارلېت جاۋابەن. ئاندىن ئۇنىڭ خۇشال كەيپىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇلاپلا شۇنداق دېدى، — ئەمما سىز ماڭا بىر قېتىم، ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ كېتىشى بولمىغۇر ئىش، دېگەن.

— ۋاي ئاناڭىنىيەي، بەكمۇ جىق گەپلەرنى دەپ كېتىپتىكەنمەنغۇ؟ — ئۇ شۇ گەپنى دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئادەم تىللىماڭ.

— بۇنىڭغا سىز كۆنۈشىڭىز ھەم ئادەم تىللاشنى ئۆگىنىپ قويۇشىڭىز كېرەك. مېنىڭ بارلىق يامان ئادەتلىرىمگە ماسلاشمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز... سىز مېنى ياخشى كۆرىمەن دېدىڭىز ھەم چىرايلىق قوللىرىڭىزنى مېنىڭ پۇللىرىمغا ئۇزارتماقچى بولۇۋاتىسىز. ئەمما، بىلىپ قېلىڭ، ئۇنىڭ ئۇچۇن خېلى كۆپ بەدەل تۆلەيسىز، ھازىرقىسى شۇ بەدەلنىڭ بىر قىسمى.

— سىزگە يالغان سۆزلىمىگىنىم، ئالدىڭىزدا مەغرۇر تۇرۇۋالمىغانلىقىم ئۇچۇن ماڭا بۇنداق خاپا بولۇپ كەتسىڭىز بولمايدۇ. سىزمۇ مېنى ئۇنچىلىك سۆيۈپ كەتمەيسىز، توغرىمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، مەن نېمە دەپ سىزنى بۇنداق سۆيۈشۈم كېرەك ئىكەن؟

— راست دەيسىز، سۆيۈملۈكۈم، سىز مېنى سۆيمەيسىز، مەنمۇ ھەم شۇنداق، سىزنى سۆيسەممۇ سىزگە دېمەيمەن. سىزنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ئادەمگە خۇدا يار بولسۇن. ئۇ ئادەمنى سىز چوقۇم خاپا قىلىپ قويىسىز، سۆيۈملۈكۈم. خۇددى يامان مۈشۈكلەرگە ئوخشاش ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايسىز، خىيالىڭىزغا كەلگەننى قىلىسىز، ھەتتا ئۆتكۈر تىرناقلىرىڭىزنى ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارتمايسىز.

رېت شۇ گەپنى دەپلا سىكارلېتنى يەنە قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. لېكىن، بۇ قېتىمقىسى بايىقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بىئارام بولۇشى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. خۇددى ئەتەي بىئارام قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئەتەي ھاقارەتلەۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى سىكارلېتنىڭ بوينىغا چۈشۈپ ئاخىر كۆكسىدە توختىدى. ئۇ لەۋلەر شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمۇ ئۇزۇن ئىدى. بەدىنىنى بىر قەۋەت يىپەك رەخت ئايرىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، سىكارلېتقا خۇددى بىر پارچە ئوت كېلىپ تېگىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئىككى قولى بىلەن ھەدەپ ئىتتىرەتتى، بىر تەرەپتىن ئاچچىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلەتتى، بىر تەرەپتىن ئامالسىز قېلىۋاتاتتى.
— بۇنداق قىلماڭ! نېمىشقا ھەددىڭىزدىن ئاشىسىز؟
— يۈرىكىڭىز خۇددى توشقاندەك سەكرەپ توختىمايۋاتىدۇ، — دېدى رېت مەسخىرە ئاھاڭدا، — كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، سىزدە يالغۇز ياخشى كۆرۈشلا بولسا يۈرىكىڭىز بۇنداق قاتتىق سېلىپ كەتمەيتتى. بۇ گېپىمگە خاپا بولماڭ، سىزنىڭ ئىپپەتلىك قىزلاردەك ئىزا تارتىپ كېتىشلىرىڭىز ئەتەي قىلىۋاتقان قىلىقىڭىز. راستىڭىزنى ئېيتىڭ، مەن سىزگە ئەنگلىيەدىن قانداق نەرسە ئالغاچ كېلەي؟ ئۈزۈكمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟
ئايال كىشى بولغاندىكىن ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا يالغاندىن ئاچچىقلانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسا بولاتتى، لېكىن رېتنىڭ ئاخىرقى گېپى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ سەل ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.
— ھىم... ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك ئالغاچ كېلەرسىز... چوقۇم ئەڭ يوغىنىدىن بولسۇن.
— شۇ چاغدا سىز كەمبەغەل دوستلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ، قاراڭلار، بۇ نېمە؟ دەيسىز، شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، سىزگە ئەڭ چوڭ ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك ئالغاچ كېلەي، قولىدا ئانچە كۆپ پۇلى يوق دوستلىرىڭىز ئىچى تارلىق قىلىپ بىر-بىرىگە، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك دېگەن بىلەن ياراشسىچۇ كاشكى، دېيىشسۇن.
رېت بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، سكارلېتمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي كەينىدىن ئەگەشتى.
— نېمە بولدى؟ نەگە بارىسىز؟
— قايتىپ نەرسە-كېرەكلىرىمنى تەييارلىۋالاي.
— ھىم، بىراق...
— بىراق نېمە؟
— ھېچنېمە، سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن.
— رەھمەت.
رېت ئىشىكنى ئېچىپ كارىدورغا چىقتى. سكارلېتمۇ

كەينىمدىن ماڭدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى، ئۇمىدسىزلىنەتتى. بۇ ئويۇنىنىڭ مۇشۇنداق چالا - بۇلا يىغىشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. رېت پەلتوسىنى كىيىپ شلەپىسى بىلەن پەلىيىنى قولىغا ئالدى.

— مەن سىزگە خەت يازىمەن. ئەگەر ئۆزگىرىپ قالسىڭىز خەتتە يازارسىز.

— سىز...

— نېمە بولدى؟ — ئۇ ئالدىراپ تۇرۇۋاتقاچقا، سەل تېرىككەندەك بولدى.

— خوشلىشىۋاتقاندا مېنى بىرنى سۆيۈپمۇ قويمامسىز؟ — دېدى سكارلېت خۇددى بىرسى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك بوش ئاۋازدا.

— باياتىندىن بېرى سىزنى شۇنچە كۆپ سۆيدۇم، شۇ سۆيگەنلىرىم يەتمىدىمۇ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى رېت ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى، — سىز دېگەن ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ھەم تەربىيە كۆرگەن ياش ئايال... بايا سىزگە ھايات ھۇزۇرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، قانداق، راستمىكەن؟

— نېمىدېگەن ئەسكى ئادەم سىز، — ۋارقىراپ كەتتى سكارلېت، ھەتتا پىتتىي ھاممىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ قورقمىدى، — بولسا مەڭگۈ قايتىپ كەلمەڭ، سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

سكارلېت كەينىگە بۇرۇلۇپلا پەلەمپەيگە ماڭدى، كەينىمدىن ئىللىق قوللىرىنى سوزۇپ بىلىكىمدىن تۇتۇۋالىدۇ. مېنى ماڭدۇرمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن رېت ئۇنداق قىلمىدى، ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۆي ئىچىگە سوغۇق شامال گۇر قىلىپ كىردى.

— مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا چىقىپ كەتتى. پەلەمپەيىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا چىقىپ بولغان

www.uyghurkitap.com

سىكارلېت قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

رېت باتلېرنىڭ ئەنگلىيەدىن ئالغاچ كەلگەن ئۈزۈكى ھەقىقەتەن يوغان ئىدى، يوغانلىقىدىن سىكارلېت قولىغا سېلىشتىن خىجىل بولدى ھەم باشقىلار بۇ ئۈزۈكنى كۆرۈپ، كۆرۈمسىز ئىكەن دەيدىغاندەكمۇ ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ بۇ ئۈزۈك شۇنداق ئىدى، شۇڭا سىكارلېت ئۈزۈكنى قولىغا سالماي يۈرەتتى. ئۈزۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆت كىرالىق ئالماس، ئالماسنىڭ ئەتراپىغا ئۇششاق يېشىل ياقۇتلار قويۇلغان بولۇپ، شۇ چوڭلۇقى بىلەن پۈتۈن بىر بارماقنى يېپىپ تۇراتتى ھەم شۇنچىلىك ئېغىر ئىدى. رېت باتلېر چوقۇم ئۈزۈكنى باشقا نىيەت بىلەن قەستەن مۇشۇنداق يوغان، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ ياساتقان.

سىكارلېت رېت باتلېر ئاتلانتاغا قايتىپ كېلىپ بۇ ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ قويغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ ئويىنى ھېچقانداق ئادەمگە، ھەتتا ئۆيدىكىلەرگىمۇ دېمىگەنىدى. ئەمدى ئۆزىنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى جاكارلىۋىدى، بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپ ھەممىلا يەردە شۇلارنىڭلا گېپى بولۇپ كەتتى. 3K پارتىيەسى ۋەقەسىدىن كېيىن، شىماللىقلار بىلەن شىمالدىن كەلگەن تەۋەككۈلچىلەردىن باشقا، رېت باتلېر بىلەن سىكارلېت كىشىلەر ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدى. سىكارلېت چارلېس خانىلتون ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇستىدىكى قارىلىق كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ جامائەتنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. زاۋۇت ئېچىش ئاياللارنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى، شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ ھامىلىدار تۇرۇپ سىرتلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقماي نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. كېيىن فىرانك بىلەن تومىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولۇپ، ئۇن نەچچە ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا خەۋپ

يەتكۈزۈپ، نەتىجىدە ئۇنى ھەممە ئادەم ئاشكارا ئەيىبلەيدىغان بولدى.

رېت باتلېر ئۇرۇش ۋاقتىدا ھايانكەشلىك قىلىپ شەھەر خەلقىنىڭ نەپرىتىگە قالغانىدى. كېيىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە كىرىپمۇ ھېچكىمدە ئۆزىگە قارىتا ھېسداشلىق قوزغىيالمىدى. تېخىمۇ قىزىق يېرى، ئۇ ئاتلانتادىكى ئۇن نەچچە داڭلىق شەخسنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپمۇ خەقنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمىدى، ئەكسىچە ئاتلانتادىكى خوتۇنلارنىڭ قاتتىق نەپرىتىگە ئۇچراپ كەتتى.

ئۇلار ئۆز ئەرلىرىنىڭ ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقانلىقىدىن نارازى ئەمەس ئىدى، نارازى بولىدىغىنى ئەرلىرىنىڭ رېت باتلېرنىڭ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئاشۇ پىلانى بىلەن ئامان قالغانلىقى ئىدى. ئۇ ئاياللار بىرنەچچە ئايغىچە شىماللىقلارنىڭ كەمسىتىشلىرى بىلەن مەسخىرىلىرىگە ئۇچراپ باش كۆتۈرەلمەي يۈردى. ئەگەر رېت باتلېر 3K پارتىيەسىدىكىلەرنى ئويلىغان بولسا، بۇ ئىشنى باشقا چارە بىلەن بىر تەرەپ قىلسا بولمامدۇ؟ ئۇ شەھەردىكى ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بېلىلىپ ۋاتلىنىنى قەستەن بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇۋالغان دەپ ئويلايتتى ئۇلار. شۇڭلاشقا، شۇنچە ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىدى ھەم ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىنىمۇ كەچۈرۈۋەتمىدى.

ئۇ ئاياللار كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، دەردىگە يېتەتتى، جاپاغا چىدايتتى. ئەمما، كىمكى ئۇلارنىڭ قەغەز يۈزىگە چۈشمىگەن قائىدە ـ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنداق ئادەمگە قىلچە رەھىم قىلمايتتى. ئۇ قائىدە ـ قانۇنلارمۇ ئاددىي بولۇپ، جەنۇب ئىتتىپاقىغا سادىق بولۇش، كونا جەڭچىلەرنى ھۆرمەت قىلىش، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، كەمبەغەل بولسىمۇ ئىرادىسىدىن تايماسلىق، ئەپچىل بولۇش، شىماللىقلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشتەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

ئالاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، رېت باتلېر بىلەن سىكارلېت ئاشۇ قائىدە — قانۇنلارنىڭ ھەممىسىگە خىلاپلىق قىلغانىدى.

رېت باتلېر قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئادەملەر باتلېرغا يۈز كېلەلمەي، ئاياللىرىنىڭ ئاغزىنى بېسىشقا ھەرىكەت قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئامال قىلالمىدى. رېت باتلېر بىلەن سىكارلېت توي قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېلان قىلماستىلا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ بولغانىدى، ئۇلار پەقەت كۆرۈنۈشتىلا ئۇ ئىككىسىگە يامان ئەمەس مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى ھازىر قىلچە يۈز — خاتىر قىلمايدىغان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ توي قىلىدىغان خەۋىرى تۇيۇقسىز پارتلىغان بومبىدەك ئاجايىپ زور تەسىر قوزغىدى، پۈتۈن شەھەر زىلزىلىگە كېلىپ كەتتى، ئەڭ ياۋاش ئاياللارمۇ ئۆزلىرىنى باسالماي قالدى. سىكارلېت فىرانك ئۆلۈپ بىر يىل بولا — بولمايلا يەنە توي قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە فىرانكنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغانمۇ شۇ ئىدى. توي قىلماقچى بولغان ئادىمى پاھىشىخانا ئاچقان، شىماللىقلار بىلەن ئاپاق — چاپاق بولۇپ نۇرغۇن شۇملۇقلارنى قىلىۋاتقان ئادەم ئىدى. ئىككىسى ئايرىم تۇرىۋەرگەن بولسا كىشىلەر ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا چىدايتتى، لېكىن ئىككىسىنىڭ بىرلەشمەكچى بولغانلىقى چىدىغۇسىز بىر ئىش بولدى. ھەر ئىككىسى سېسىپ كەتكەن رەزىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ بۇ شەھەردە تۇرۇشىغا مۇتلەق بولمايتتى، ئۇلارنى جەزمەن شەھەردىن قوغلىۋېتىش كېرەك ئىدى.

ئەگەر ئۇلارنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋاقتى باشقا چاغقا توغرا كەلگەن بولسا، ئاتلانتالىقلار بەلكىم ئۇلارغا بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلىپ كەتمىگەنمۇ بولاتتى. لېكىن، ھازىر رېت باتلېر مۇئامىلە قىلىۋاتقان شىماللىق تەۋەككۇلچىلەر بىلەن ئۇلارغا سېتىلغان جەنۇبلۇقلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى نامى ئىنتايىن يامان ئىدى. ئۇلارنىڭ توي خەۋىرى ئاڭلانغان چاغلار شىماللىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئەڭ

ئاخىرقى بىر قورغان — جورجىيە ئىشتاتى يېڭىلا گۇمران بولۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئۇلارغا قارشى كەيپىياتى پەللىگە يەتكەن چاغلار ئىدى.

قايتا قۇرۇشنىڭ باشلانغىنىغا ئۈچ يىل بولدى. بۇ ئۈچ يىل ئەڭ قورقۇنچلۇق يىللار بولۇپ، بۇنىڭدەك يامان كۈنلەرنىڭ يەنە يۈز بېرىشى ناتايىن ئىدى. كىشىلەر جورجىيەنى قايتا قۇرۇشنىڭ ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىنىڭ ئەمدى باشلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشماقتا ئىدى.

ئۈچ يىلدىن بېرى شىمال ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى بىلەن ھۆكۈمرانلىقىنى جورجىيەلىكلەرگە مەجبۇرىي تاڭدى. ئەسكىرىي كۈچى بىلەن مەجبۇرلاۋاتقان بولغاچقا، نۇرغۇن جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. جورجىيە شىماللىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى خەلقنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. جورجىيەنىڭ باشلىقلىرى كۆرەشنى توختاتماي، ئۆز ئىرادىلىرى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى، ۋاشىنگتوننىڭ قانۇن - پەرمانلىرىنى جورجىيەنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى ئۈستىگە دەسسىتىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇلارغا زادىلا تىز پۈكمەي كېلىۋاتاتتى.

جورجىيە ھۆكۈمىتى رەسمىي تەسلىم بولمىغانىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان كۆرەشلىرى قۇرۇق ئاۋارىچىلىك بولۇپ، غەلىبە قىلالمايتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتىنى ئازراقلا كېچىكتۈرەتتى، خالاس. جەنۇبنىڭ باشقا ئىشتاتلىرىدا نېگىرلارنىڭ ئورنى ئۆسۈپ كەتكەن ياكى ئۇلار شىماللىقلارنىڭ قوللىرىدىكى پارلامېنتلارغا كىرىشكەنىدى. لېكىن، جورجىيە ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي قارشىلىق قىلىۋاتاتتى، شۇڭا ھازىرچە ئۇنداق شۇم قىسمەتتىن ئامان تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۈچ يىلدىن بېرى ئىشتات پارلامېنتى ئاساسەن ئاق تەنلىكلەر بىلەن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. ئەمما، ھەممە

يەردە شىماللىقلارنىڭ ئەسكەرلىرى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن تىغمۇ تىغ تۇرۇشتىن باشقا ھېچنېمە قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ھوقۇق ئەمەلىيەتتە قۇرۇق ھوقۇق ئىدى، ئەمما جورجىيەلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدا ئىدى. ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى بۇ قورغانمۇ يىمىرىلىپ كەتتى.

تۆت يىلنىڭ ئالدىدا جونىستون بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى دالتوندىن ئاتلانتاغا قەدەممۇ قەدەم چېكىنىپ كەلگەنىدى. 1865 ـ يىلىدىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال يەنە يۈز بېرىپ، جورجىيەدىكى دېموكراتلار پارتىيەسىمۇ قەدەممۇ قەدەم كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىنىڭ جورجىيەدىكى ھوقۇقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، ئىشتاتنىڭ ئىشلىرىغا، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشلىرىغا ئارىلىشىۋاتاتتى، قورال كۈچىگە تايىنىدىغان ئىشلار بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى، ھەربىي تەرەپنىڭ بۇيرۇقلىرىمۇ كۆپ ئىدى، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئىشلىمىكى تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر جورجىيە ئىشتاتى ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىشتاتقا ئايلىنىپ قالدى. ئىشتاتنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى يوق، بۇيرۇق بويىچە نېگىرلارمۇ سايلامغا قاتنىشىدىغان بولدى.

سكارلېت بىلەن رېت باتلېر توي قىلىدىغانلىقلىرىنى جاكارلاشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئىشتات باشلىقى سايلىمى بولدى. جەنۇبنىڭ دېموكراتلار پارتىيەسى گېنېرال گوردوننى نامزاتلىققا كۆرسەتتى. ئۇ خەلقنىڭ ئەڭ زور ھىمايىسىگە ئىگە، ئەڭ ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بۇلوك ئىسىملىك بىرسى نامزات بولدى. سايلام ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، ۋاگون ـ ۋاگوندا نېگىرلار ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە قاتراپ يۈرۈپ بېلەت تاشلاپ، ئاخىر ئىشتات باشلىقلىقىغا بۇلوك سايلىنىپ كەتتى.

جورجىيە ئىشتاتىنىڭ پارلامېنتى شىماللىقلار بىلەن نېگىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، جورجىيەدىكى خەلقنىڭ نالە ـ پەريادلىرى پەلەكنى تىترەتتى، ھەممە ھاياجاندا ئىدى، ھەممە ئادەمنىڭ غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتاتتى.

رېت باتلېر پۈتۈن ئادەم نەپرەتلىنىۋاتقان بۇلوكنىڭ ئاغىنىسى بولۇپ چىقتى.

سكارلېت ئەزەلدىن كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، شۇڭا بۇ قېتىمقى سايلام ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز يۈردى. رېت بۇ سايلامغا ئارىلاشمىدى. ئۇنىڭ شىماللىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىدەكلا ئىدى. قانداقلا بولسۇن، رېت باتلېر شىماللىقلارغا سېتىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلوك ئۇنىڭ دوستى. ئۇلار توي قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، سكارلېتمۇ شىماللىقلارغا سېتىلغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. دۈشمەن لاگېرىغا كىرىپ كەتكەن ئادەمنى ئاتلانتالىقلارنىڭ ئەپۇ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار توي قىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ تىلغا ئالماي، خىلمۇ خىل يامان ئىشلىرى توغرۇلۇقلا سۆزلىشىدىغان بولۇشتى.

سكارلېت پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ئۆزىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. كېيىن مېرۋېتېر خانىم دىنداشلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولدى.

ـــ ئاپىڭىز بۇ ئالەمدە ئەمەس، پىتتىي ھاممىڭىز بولسا توي قىلمىغان... ھىم... شۇڭا سىزگە بۇ ئىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىشقا مۇۋاپىق ئەمەس، شۇڭا يېنىڭىزغا مەن كەلدىم، سكارلېت. ياخشى ئائىلەرنىڭ بالىلىرى كاپىتان باتلېرغا ئوخشاش ئادەملەرگە ھەرگىز ياتلىق بولماسلىقى كېرەك، ئۇ ئادەم...

— ئۇ مىرۋىتىر بوۋام بىلەن جىيەنىڭىزنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

مىرۋىتىر خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا يىرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. بىر سائەتنىڭ ئالدىدا ئۇ بۇ بوۋاي بىلەن كۆڭۈلسىز سۆھبەتتە بولغانىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا، رېت باتلېر شىماللىقلارغا يېقىنغان ھەم لۈكچەك ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئازراقمۇ رەھمىتىمىزنى ئېيتىپ قويمىساق قانداق بولىدۇ؟ مەن بۇ قېرى يۈزۈمنى نەگە قويىمەن؟ دېگەنىدى.

— ئۇ سىزنى شىماللىقلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولسۇن دەپ قەستەن شۇنداق قىلغان، — دېدى مىرۋىتىر خانىم داۋاملىق سۆزلەپ، — ئۇ بىر لۈكچەك نېمە، بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز، شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئۆچ، ياخشى ئادەملەر ھەرگىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدۇ.

— يېقىنلاشمايدۇ؟ بۇ غەلىتە گەپ بولدى. مىرۋىتىر خانىم، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇ سىلەرنىڭ ئائىلىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئەمەسمىدى؟ ئۇ تېخى مايبېلنىڭ تويىغا بىر كۆڭلەكلىك دۇردۇن سوۋغات قىلغان، توغرىمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا مەن خاتا كۆرگەن بولىمەن.

— ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەھۋال باشقىچە ئىدى، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر نۇرغۇن بولمىغۇر ئادەملەرنىمۇ قوبۇل قىلغان، شۇ چاغدىكى ئورتاق ئىشلىرىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلىش پۇتۇنلەي توغرا ئىدى. ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايدۇ، شۇڭا سىز ئۇنىڭغا ھەرگىز ياتلىق بولماڭ. ئۇ ئۆزى ئۇرۇشقا قاتناشماقتا يوق، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلىرىمىزنى مەسخىرە قىلغان، سىزچىمۇ شۇنداقتۇ؟

— ئۇمۇ ئەسكەر بولغان، ئەسكەرلىكتە سەككىز ئاي تۇردى، ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ فىراكلىندا جەڭ قىلغان، كېيىن گېنېرال جونستون بىلەن بىللە تەسلىم بولغان.

— مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى مىرۋىتىر



www.uyghurkitap.com

خانىم. ئۇ راستىلا بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز دەك قىلاتتى، — لېكىن ئۇ يارىلانمىغان - دە، — ئۇ بۇ گەپنى ناھايىتى مەغرۇر ھالدا قوشۇپ قويدى.

— يارىلانمىغان ئادەملەر نۇرغۇنغۇ.

— جىگىرى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يارىلانغان، يارىلانمىغان ئادەملەرنى مەن ئاڭلاپ باقمىغان.

بۇ گەپ سىكارلېتنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى.

— سىز تونۇيدىغان ئۇ ئادەملەر يامغۇردىن دالدىلانمايدىغان، ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان گالۋاڭ ئادەملەر بولسا كېرەك. ئاڭلاپ تۇرۇڭ، مېرۋېتېر خانىم ھەم يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان دوستلىرىڭىزغىمۇ دەپ قويۇڭ، مەن كاپىتان باتلېر بىلەن توي قىلىمەن، ئۇ شىماللىقلار ئۈچۈن جەڭ قىلغان بولسىمۇ مەيلى.

بۇ ئېسىلزادە خانىم غەزەپتىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى، سىكارلېت ئۇنىڭ ئەمدى ئۆزىگە نارازى دوستى ئەمەس، دۈشمىنىگە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى، ئېگىز ئانىنىڭ گېپىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى.

پىتتىي هامما ئۇلارنىڭ توي قىلىشماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپلا ھوشىدىن كەتتى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ ھەممە قارشىلىقلىرىغا چىدىدى. ئاشلېي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇرۇنقىدىن خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى، ئۇنى تەبرىكلىگەندە كۆزلىرىگە قارىماي باشقا ياققا قاراپ تۇرۇۋالدى. سىكارلېت ئۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بەردى. پوللى هامما بىلەن ئېلالى هامما چارلېستوندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كېتىشكەنلىكلىرىنى يېزىپ خەت ئەۋەتتى. بۇ خەتكە سىكارلېت يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلمىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا بۇ توينى قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ئۇ توينى قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسا ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغانلىقىنى دېيىشكەندى. مىلانىيە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ چىن نىيىتى بىلەن:

— كاپىتان باتلېر نۇرغۇن ئادەملەر ئويلىغاندىنمۇ ياخشى ئادەم، ئاق كۆڭۈل، تەدبىرلىك، جەنۇب ئىتتىپاقى ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلغان، شۇڭا ئۇ ئاشلىپىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى. بىراق، سكارلېت، بۇ ئىشتا بۇنداق ئالدىراپ قارار قىلمىسىڭىز، قانداق دەيسىز؟

سكارلېت ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپلا قويدى. ئۇ باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ گېپىنى قاپتىلىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. ئەمما، نېگىر ئانىسىنىڭ گېپى ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈردى، كۆڭلىنى يېرىم قىلدى.

— سىز قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى ئېلىپ خانقىز بىلگەن بولسا چوقۇم رەنجىيتتى، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم جىق يېرىم بولغان. بۇ قېتىمقى ئىشىڭىز زادىلا بولمىدى، قىپقىزىل بىر لۈكچەككە تەگمەكچى بولۇۋاتىسىز. سىز ئۇنى بەلكىم ئېسىلزادىنىڭ ئەۋلادى دېيىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداقلا دېسىڭىز ئۇ گېپىڭىز جىڭدا توختىمايدۇ. ئېسىلزادىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش لۈكچەكلەر چىقىدۇ. سكارلېت خانقىز، سىز چارلېس ئەپەندىنى خونپىي خانقىزدىن تارتىۋالدىڭىز، ئەمما ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتىڭىز. يەنە سىز سىڭلىڭىزدىن فىرانك ئەپەندىنى تارتىۋالدىڭىز، شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىڭىز، ئەمما مەن سىزگە ھېچنېمە دېمىدىم. مەسىلەن، سىز ناچار ياغاچلارنى ياخشى ياغاچ قاتارىدا ساتتىڭىز، پەيتونتى ئۆزىڭىز يالغۇز ھەيدەپ ھەممە يەردە يۈرۈپ ھۆر نېگىرلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە تارتتىڭىز، شۇ سەۋەب بىلەن فىرانك ئەپەندى ئۆلۈپ كەتتى. يەنە مەھبۇسلارغا تويغۇدەك تاماق بەرمەي، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدىڭىز. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا مەن بىر نېمە دېمىدىم. بۇ ئىشىم ئۈچۈن ئۇ دۇنيادىكى ئېللېن

خانىم مېنى ئەيىبلەپ: «نېگىر ئانا، ھەي نېگىر ئانا! سەن نېمىشقا مېنىڭ قىزىمغا ئوبدان قارىمىدىڭ؟» دېيىشى مۇمكىن. مەيلى، ئۇ ئىشلارنى بوپتۇغا چىقىرىۋېتەيلى، ئەمما بۇ ئىشقا مەن قوشۇلالمايمەن، سىكارلېت خانىم. سىز بىر لۈكچەككە ياتلىق بولسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. تېنىمدە تىنىقىم بولىدىكەن، سىزگە بۇ ئىشنى قىلدۇرمايمەن.

— مەن كىمگە تېگىشنى خالىسام شۇنىڭغا تېگىمەن، — دېدى سىكارلېت چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان ئوخشايسەن، نېگىر ئانا.

— شۇنداق، مەن بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشىم كېرەك ئىدى، بۇ گەپلەرنى سىزگە مەن دېمىسەم كىم دەيدۇ؟

— مەن ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم، نېگىر ئانا، ئەڭ ياخشىسى تاراغا كەتسەڭ، ئازراق پۇل بېرەي، يەنە...

نېگىر ئانا مەغرۇر قىياپەتتە تۇردى.

— مەن ھۆرلۈكۈم بار ئايال، سىكارلېت خانىم، بېرىشنى خالىمىغان يەرگە مەجبۇرلىسىڭىزمۇ بارمايمەن. تاراغا سىز قايتىپ كەتسىڭىز، مەنمۇ بىللە كېتىمەن. ئېللېن خانىمنىڭ قىزىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ھېچ يەرگە بارمايمەن، ئېللېن خانىمنىڭ نەۋرىلىرىگە ئۇ لۈكچەكنى دادا قىلدۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراتمايمەن. تېخىلا دەڭ، مەن بۇ يەردىن بەرىبىر كەتمەيمەن.

— مەن سېنى ئېلىپ قېلىپ كاپىتان باتلېرنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇش قارارىغا كېلىپ بولدۇم، مېنى بۇ قارارىمدىن ھېچكىم ياندۇرالمايدۇ.

— دەيدىغان گەپلىرىم بەكمۇ كۆپ، — دېدى موماي ئۇنىڭ گېپىگە گەپ ياندۇرۇپ. ئۇنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن سىكارلېت بىلەن قاتتىق بىر ئېلىشىش قارارىغا كەلگەندەك بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى، — مەن ئېللېن خانىمنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە ئەزەلدىن بۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغان. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سىكارلېت خانىم. سىز بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىچىر، ئەمما بىشىڭىزدا ئاتىنىڭ نوختىسى بار. قىچىرنىڭ پۇتلىرىنى سورتۇپ، تۇكلىرىنى يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتسىمۇ، نوختىسىنى مىس تەڭگىلەرنى قويۇپ بېزەۋەتسىمۇ، ھەشەمەتلىك كاتتا پەيتونلارغا قوشۇۋالسىمۇ، بەرىبىر قىچىر، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنى ئالدىغىلى بولمايدۇ. سىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇستىڭىزگە تاۋار ــ تورقىلارنى ئارتىۋالغان، زاۋۇت باشقۇرغان، دۇكان ئاچقان، پۇل تاپقان، ئۆزىڭىزنى كاتتا چاغلىغان تەقدىردىمۇ سىز بەرىبىر قىچىر، سىزمۇ ئوخشاشلا ھېچكىمنى ئالدىيالمايسىز. رېت باتلېر يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، ئۇستىگە بەيگە كىيىملىرىدەك چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ قېتىۋالغان ھالەتتىمۇ، بەرىبىر سىزگە ئوخشاش بېشىغا ئاتنىڭ نوختىسىنى سېلىۋالغان قىچىر.

نېگىر ئانىنىڭ كۆزلىرى سكارلېتقا مىختەك قادىلىپ قالغانىدى. سكارلېت بۇ ھاقارەتلەرنى ئاڭلاپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدى.

ــ ئۇنىڭغا زادى تەگمىسەم بولمايدۇ دېسىڭىز تېگىۋېرىڭ، سىز دېگەن دادىڭىزنىڭ مىجەزىنى تارتقان قىز. ئەمما، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مەن بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن، مۇشۇيەردە ھەممە ئىشنى كۆزىتىپ تۇرىمەن.

نېگىر ئانا سكارلېتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي كەينىگە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ شۇ چاغدا «قېنى كۆرەرمىز» دېگەن گەپنى قىلغان بولسا، بۇ گەپنىڭ سالمىقى سكارلېتنى خېلىلا تىترەتكەن بولاتتى.

كېيىن ئۇلار يېڭى ئورلېئاندا شېرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، سكارلېت نېگىر ئانىسىنىڭ شۇ چاغدا قىلغان گەپلىرىنى رېت باتلېرغا دەپ بەردى. رېت باتلېر ئۇنىڭ، قىچىرنىڭ بېشىغا ئاتنىڭ نوختىسىنى سېلىۋالغان، دېگەن گېپىگە قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. سكارلېت ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ھەيران قالدى ھەم ئاچچىقى كەلدى.

— مەن ئاددىي گەپ بىلەن بۇنچىلىك چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئادەمنى ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىم، — دېدى ئۇ، — كاللىسى بەكمۇ ئىشلەيدىغان موماي ئىكەن، ئۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. مەن ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئەيۇ قىلىشىغا ئېرىشسەم دېگەن ئارزۇدا. بىراق، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن قېچىر بولغاندىكىن، مەڭگۈ ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ھەم ئەيۇ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيمەن ـ دە. تويدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئون دوللارلىق تىللادىن بىرنى بەرسەم ئۇ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. پۇلنى كۆرگەندە يۇمشىمايدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ ماڭا ئالىيسىپ قويۇپ، مەن ھۆر نېگىر ئەمەس، شۇڭا ماڭا پۇلنىڭ كېرىكى يوق، دېدى.

— ئۇ نېمانچىلا ھاياجانلىنىپ كېتىدىغاندۇ؟ نېمىشقا كىشىلەر ماڭا شۇنداق جاۋىلداپ توختىمايدىغاندۇ؟ كىم بىلەن توي قىلسام، قانچە قېتىم ياتلىق بولسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟ مەن خەقنىڭ ئىشلىرىغا زادىلا ئارىلاشمايمەن، ئۇلار نېمىشقا مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىدىغاندۇ؟

— ئومىقىم، دۇنيادا ھەممە نەرسىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، ئەمما خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان ئادەملەرنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. نېمانچىلا پۇتى كۆيۈپ قالغان مۇشۇكتەك ئىگراپ كېتىسىز؟ خەق كەينىمدىن نېمە دېسە دەۋەرسۇن، پەرۋايىم پەلەك دەۋەتاتتىڭىزغۇ؟ نېمىشقا شۇ گېپىڭىزنى ئەمدى ئىسپاتلىمايسىز؟ ئۇششاق ئىشلاردا خەقنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ تۇرغان يەردە، بۇنداق چوڭ ئىشلاردا ئۇنىڭدىن خالىي بولىمەن دېيىش مۇمكىنمۇ؟ مەندەك ئەسكى ئادەم بىلەن توي قىلىسىڭىز خەقنىڭ گېپىگە قالىدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا بىلەتتىڭىز. ئەگەر مەن تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، نامىم چىقمىغان ئادەم بولغان بولسام خەقمۇ كەينىمدىن كۆپ گەپ قىلىشمىغان بولاتتى. لېكىن، مەن پۇلى بار ھەم ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئەسكى ئادەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەيۇ قىلىشلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېرىشەلمەيۋاتىمەن.

— مەن سىزنىڭ بەزى چاغلاردا ئەستايىدىل بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن.

— مەن ھازىرمۇ شۇنداق ئەستايىدىل. ياخشى ئادەملەر ئەسكى ئادەملەرنىڭ گۇللەپ ـ ياشناپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە نېمىشقىدۇر چىدىماي قالىدۇ، ئەزەلدىن شۇنداق. ئۇنىڭغا كۆپ باش قاتۇرۇپ كەتمەڭ. سىكارلېت، بىر قېتىم سىز ماڭا، تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىشنى ئويلىشىم، ۋاقتى كەلگەندە كىشىلەرگە، ئىشىڭنى قىلىش، دېيىش ئۈچۈن، دېگەنىدىڭىز، سىزگە شۇ پۇرسەت ئەمدى كەلدى.

— مەن سىزگە شۇنداق دېمەكچىمىدىم، — دېدى سىكارلېت كۈلۈپ كېتىپ.

— ھازىرمۇ شۇنداق دېيىشنى ئويلامسىز؟

— ھازىر ئۇنداق ئويلىمايمەن.

— قاچان دېگۈڭىز كەلسە دەۋېرىڭ، سىز خۇشال بولسىڭىزلا مەيلى.

— ھازىر ئۇنداق خۇشال بولۇپمۇ كەتمەيمەن، — دېدى سىكارلېت ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ. رېت باتلېر خۇددى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى، لېكىن ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالمايتتى.

— ئاتلانتانى ئۇنتۇپ كېتىڭ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ قېرى مۇشۇكلەرنىمۇ ئۇنتۇڭ. سىزنى يېڭى ئورلېئانغا خۇشال بولسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم، سىزنى چوقۇم خۇشال قىلىمەن.

# بەشـی پێنجەم

www.uyghurkitap.com

# قىرىق سەككىزىنچى باب

سىكارلېتنىڭ يېڭى ئۇرلېئاندىكى كۆڭلىرى ناھايىتى خۇشال ئۆتتى، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن ھازىرغىچە بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى. يېڭى ئۇرلېئان ئۆزگىچە قاينام – تاشقىنلىق شەھەر ئىدى. سىكارلېت خۇددى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم بىردىنلا ئەركىنلىككە چىقىپ قالغاندەك ئوخشاش قانغۇچە ئويناپ – كۈلدى. شىماللىق تەۋەككۈلچىلەر بۇ شەھەرنى رەھىمسىز تۇردە بۇلاپ – تالىغانىدى، نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل ئادەملەر كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرەتتى، ئەتىگىنىگە تاپسا كەچكە يوق، ئاچ – زار ئىدى. مۇئاۋىن ئىشتات باشلىقى بىر نېگىر ئىدى. ئەمما، رېت باشلاپ بارغان يەرلەر سىكارلېت ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كاتتا يەرلەر ئىدى، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلى بار غەمسىز ئادەملەر ئىدى. رېت ئۇنىڭغا كىيىنىشلىرى كاتتا چىرايلىق خېنىملارنى تونۇشتۇرۇپ قويدى، ئۇلارنىڭ قوللىرى ئەمگەك قىلغاندەك ئەمەس، ئاپپاق ئىدى، كىمنىلا كۆرسە كۈلۈپ تۇراتتى، مەنىسىز چوڭ ئىشلارنى تىللىرىغا ئالمايتتى، جاپالىق تۇرمۇشلار توغرۇلۇقمۇ گەپ قىلىشمايتتى. ئۇ ئۇچراتقان ئەرلەرمۇ ھەرقانداق ئايالنى ھاياجانغا سالالايدىغان ئەرلەر ئىدى، ئاتلانتانىڭ ئەرلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، ھەممىسىلا ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ تانسا ئويناشاتتى، خۇددى ئۇ تانسا زالىدىكى ياش مەلىكىدەك ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشاتتى.

ئۇ ئەرلەرمۇ رېتقا ئوخشاش چىرايلىرىدىن جاھىللىقى، ئازراق قوپاللىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىدى، خۇددى ئۇزۇن يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەتەرلىك ئىچىدە يۈرۈپ، بىپەرۋالىققا قەتئىي يول قويمايدىغان ئادەملەردەك زېرەك كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئۆتمۈشكە ئۆكۈنمەيدىغاندەك، كەلگۈسىنى ئويلىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. سىكارلېت بىرنەچچە قېتىم ئۇلاردىن يېڭى ئورلېئانغا كېلىشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلغانلىقلىرىنى كوچىلاپ سوراپ بېقىپتۇ، ئەدەپ بىلەن گەپنى باشقا گەپلەرگە يۆتكىۋېتىپتى. بۇمۇ قىزىقلا ئىش ئىدى. ئاتلانتادا ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇ يەرگە يېڭى كەلگەن ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشلىرىنى، ئائىلىسىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ كېتەتتى، جەمەتىنىڭ كۆپلۈكىنى، پۈتۈن جەنۇبنىڭ ھەممە يېرىدە بار ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىشاتتى.

بۇ يەردىكى ئادەملەر بولسا كەم سۆز، گەپ ـ سۆزلەرنى ئويلاپ ئورۇنلۇق قىلىشاتتى. مەدەنىيەتلىك، كىيىنىشلىرى كاتتا ئىدى، سىكارلېتقا تولىمۇ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى غەلىتىمۇ كۆرۈنۈپ كەتمەيتتى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رېتنىڭ دوستلىرى ئىدى. ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى، كاتتا پەيتونلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى سىرتلارغا ئاچىقىپ ئويناتاتتى، كەچلىك تاماقلارغا چاقىراتتى، كاتتا زىياپەتلەرگە ئېلىپ باراتتى. سىكارلېت ئۇلاردىن تولىمۇ رازى ئىدى، رېت باتلېرغا ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا قىزىقلا تۇيۇلۇپ كېتەتتى.

ـــ مەن سىزنىڭ شۇنداق ئويلىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، ـــ دېدى بىر كۈنى شۇنداق گەپ بولغاندا رېت كۈلۈپ كېتىپ.

ـــ نېمىشقا ئۇنداق ئويلىماي؟ ـــ ئادىتى بويىچە، رېتنىڭ كۈلۈپ قويۇشى بىلەن سىكارلېتنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەندەك بولۇپ قالدى.

ـــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى لۈكچەكلەر، مۇتتەھەملەر، تەۋەككۈلچىلەر، شىمالدىن كەلگەن ئاقسۆڭەك بەگزادىلەر،

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىزنىڭ سۆيۈملۈك ئېرىڭىزگە ئوخشاش يېمەكلىك ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولغان، بەزىلىرى ھۆكۈمەت بىلەن قانۇنسىز توختاملارنى تۈزۈشۈپ ياكى ئەڭ ئىپلاس سودىلارنى قىلىپ باي بولغان.

— بۇ گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن. چاقچاق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ ئۇلار ئەڭ ياۋاش...

— شەھەردە ياۋاش ئادەملەر ئاچ قالىدۇ، — دېدى رېت، — ئۇلار بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشىدۇ. ئەگەر ئۆيلىرىگە بېرىپ قالسىڭىز، ئۇلارنىڭ سىزنى كۈتۈۋېلىشىمۇ ناتايىن. سۆيۈملۈكۈم، ئۇرۇش ۋاقتىدا مەن بۇ يەردە بەزى شۇملۇقلارنى قىلغان، ئۇ ئادەملەرنىڭ خاتىرىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ ئىشلىرىمنى ئۇنتۇپ قېلىشقىنى يوق. سىكارلېت، سىز دائىم ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان ئادەملەر بىلەن بەزى ئىشلارنى ياخشى كۆرۈپ مېنى ھەر ۋاقىت خۇشال قىلىسىز؟

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ دوستلىرىڭىزغۇ؟

— ھەم. مەن لۈكچەكلەرنى ياخشى كۆرىمەن. كىچىك ۋاقتىمدا كېمىلەردە قىمار ئوينايتتىم، شۇڭا ئۇ خىلدىكى ئادەملەرنى ياخشى چۈشىنىمەن، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكى ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئەمما، سىز... — ئۇ يەنە كۈلۈپ كەتتى، — ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىنى، قاندىقىنىڭ ئېسىلزادە، قاندىقىنىڭ ئېسىلزادە ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيسىز. بەزىدە ئۇچراتقان ئادەملىرىڭىزنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاپىسى بىلەن مېلانىيەنىلا ئېسىلزادە دەپ ئويلاپ قالىسىز، مېنىڭچە، ئۇلار سىزدە ھېچقانچە چوڭ تەسىر قالدۇرالمىغان.

— مېلانىيە! ئۇ شۇنچىلىك سەت، كىيىگەن كىيىملىرىمۇ سەھرالىقنىڭكىدەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز ئالدىغا كېسىپ بىر ئىش قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خانىم، بۇنداق ھەسەتخورلۇق قىلماڭ، چىراي ئادەمنى ئالىجاناب، كىيىم ئىسىلزادە قىلىپ كۆرسىتەلمەيدۇ.

— راستمۇ؟ قاراپ تۇرۇڭ، رېت، مەن سىزگە چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. ھازىر مېنىڭ پۇلۇم... بىزنىڭ پۇلىمىز بار بولدى، ئەمدى مەن سىز ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئەڭ ئىسىلزادە ئايالغا ئايلىنىمەن.

— مەن خۇشاللىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقا رازى، — دېدى رېت.

ئاشۇ خىلدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقى سكارلېتنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋاتاتتى. رېتمۇ ئۇنىڭغا ئىسىل كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىپ تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى، كىيىملەرنىڭ رەڭگىنى، رەختىنى، پاسونىنى رېت ئۆزى تاللاپ بېرەتتى. ئېتەكىگە سىم قويۇپ كۆپتۈرۈۋالىدىغان كۆڭلەكلەر زاماندىن قالغانىدى. ھازىرقىسى ئەڭ يېڭى پاسوندىكىسى بولۇپ، بەل ئىنچىكە بولغاچقا، قورساقنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى، كىيگەن ئادەمنى سەل خىجىل قىلىپ قوياتتى، شۇڭا سكارلېتقا يەنىلا ئېتىكى كۆپۈپ تۇرىدىغان بۇرۇنقى كۆڭلەكلەر يارايتتى. ھازىر شىلەپىلەرمۇ ئۆزگىرىپ، يوغان شىلەپىلەر يوقالغان، ئورنىغا بېشىنىڭ چوققىسىغا قوندۇرۇۋالىدىغان شىلەپىلەر چىققانىدى. (سكارلېتنىڭ چېچى ئىندىيانلارنىڭ چېچىغا ئوخشاش يىرىك بولغاچقا، ئۇ شىلەپە بېشىغا چاپلىشىپ تۇرمايتتى). ئۇنىڭدىن باشقا، موناستىردا تىكىلگەن نەپىس ئىچ كىيىملەرمۇ بار ئىدى. بۇ كىيىملەر شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى، رېت ئۇلاردىن كۆپ سېتىۋالغانىدى. كېچىلىك كىيىملەر، تون شەكلىدىكى ئۆي ئىچىلىك كۆڭلەكلەرمۇ بار ئىدى، يىپەك پايپاقتىنمۇ ئون نەچچە جۈپ سېتىۋالغانىدى.

سكارلېت ئۆيىدىكىلىرىگىمۇ ئايىماي پۇل خەجلەپ نۇرغۇن سوۋغاتلارنى سېتىۋالدى. ئوغلى ۋادقا سان بېرناردنىڭ سورتلۇق كۈچۈكىدىن بىرنى ئالدى، ۋاد ئۇزاقتىن بېرى ئاشۇنداق

كۆچۆكنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. بېئوغا پارس ئاسلىنى، قىزى ئېللاغا بىر تال قاشتاش بىلەزۈك، پىتتى ھامىمغا ئۆزۈن مارجان، ئاشلىي بىلەن مىلانىيەگە «شىكسپىر ئەسەرلىرى» توپلىمى، پىتتىر تاغىغا بىر قۇر كىيىم، پەيتونكەشلەر كىيدىغان ئېگىز شلەپە، دىلسىي بىلەن ئاشپەز ئايالغا بىر كىيملىكتىن رەخت سېتىۋالدى. تارادىكىلەرگىمۇ قىممەت باھا سوۋغاتلاردىن خېلى كۆپ ئالدى.

— نېگىر ئانىڭىزغا نېمە ئالدىڭىز؟ — رېت كۆچۆك بىلەن ئاسلاننى پەرداز ئۆيىگە ھەيدەپ كىرگۈزۈۋېتىپ، ئاندىن كارىۋات ئۈستىدىكى شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگەچ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ھېچنېمە ئالمىدىم. ئۇ تولىمۇ ئەسكى موماي. ئىككىمىزنى قېچىرغا ئوخشاتقان تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمىدەپ سوۋغات ئالاتتىم.

— ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلغان تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىسىز، ئامرىقىم؟ ئۇ مومايغا چوقۇم بىر نەرسە ئېلىشىڭىز كېرەك، ھېچنېمە ئېلىپ بارمىسىڭىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ئاغرىتىسىز. ئۇ تېپىلغۇسىز ياخشى كۆڭۈللۈك ئايال، ئۇنداق ئادەمنىڭ دىلىنى رەنجىتىسىڭىز بولامدۇ؟

— ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئالمايمەن، ئۇ ئۇنداق نەرسىلەرگە لايىق ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا مەن ئېلىپ بېرەي. مېنىڭ نېگىر ئانامنىڭ دائىم، ئۇ دۇنياغا ماڭىدىغان ۋاقتىمدا قېلىن خاڭدەن كۆڭلەك كىيىمەن، ئۇ رەختنىڭ كۆڭلىكى قاتتىق، مېنى يۆلەپ تۇرالايدۇ ھەم ئاددىي، تەڭرىم كۆرسىمۇ پەرىشتىلىرىمنىڭ قانىتىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك ئىكەن دەپ قالىدۇ، دەيدىغان. نېگىر ئانىڭىزغا ئاشۇ رەختتىن ئېلىپ بېرەي، چىرايلىق تىكتۈرۈپ كىيىۋالسۇن.

— ئۇ سىزنىڭ سوۋغىتىڭىزنى قوبۇل قىلمايدۇ ھەم ئۆلسىمۇ ئۇ كۆڭلەكنى كىيمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، شۇنداقتىمۇ ئېلىپ قوياي.

يېڭى ئورلېئاننىڭ دۇكانلىرىدا نەرسە - كېرەكلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتەتتى. رېت بىلەن بىللە بازارغا چىقىش، رېستورانلارغا كىرىش سىكارلېت ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. بۇ يەرنىڭ تاماقلىرىنىڭ خىلىمۇ كۆپ ھەم نامى بار ئىدى. سىكارلېت بۇرۇن تارادا كۆرگەن كۈنلىرىنى، يېقىندىكى سېرىقتال تۇرمۇشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولغاچقا، ئۇ تائاملارنى يەپ تويمايتتى. ئىشتىھايى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

— ھەر قېتىم تاماق يېگەندە خۇددى ئاخىرقى تاماقىڭىزدەك قىلىپ كېتىسىز، — دەيتتى رېت، — تەخسە يالايدىغان قىلىقىڭىزنى تاشلاڭ، تويمىسىڭىز ئاشخانىدا يەنە بار، كۇتكۇچىلەرگە دېسىڭىز ئاچىقىپ بېرىدۇ. بۇنداق يەۋەرسىڭىز، ئاخىر كۇبالىق خوتۇنلارغا ئوخشاش سەمرىپ كېتىسىز، ئۇ چاغدا مەن سىز بىلەن ئۆي تۇتمايمەن.

سىكارلېت ئۇنىڭغا جاۋابەن تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ، تاماقتىن كېيىن تورت بۇيرۇتتى، تورتنىڭ ئۈستى قېلىن بىر قەۋەت شاكىلات، ئوتتۇرىسى يەنە بىر قەۋەت قايماق ئىدى.

پۇلنى قانچىلىك خەجلەيمەن دېسە خەجلىگىلى بولسا، باج تۆلەيمەن، قېچىر سېتىۋالىمەن، دەپ بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتمىسە نېمىدېگەن ياخشى. رېتنىڭ بېرىش - كېلىش قىلىدىغان ئادەملىرى خۇشخۇي، شۇنچىلىك پۇلى كۆپ، ئاتالىنتالىق نامرات بايۋەچچىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن، ئاياللىرىمۇ شۇنداق، ئاجايىپ ئالىپتە كىيىنىشىدىكەن، بەللىرى ئىنچىكە، بويۇن - بىلەكلىرى ئوچۇق، كۆكسىنىڭمۇ يېرىمى دېگۈدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، يەنە تېخى ئەرلەرنىڭ چەكچىيىپ قاراپ كېتىشلىرىنىمۇ بىلىشىدۇ. ئاھ، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىشلار بۇ. نېمە يەيمەن دېسە، يېسە، سەن چوڭ ئائىلىنىڭ قىزى، خەق كۆرسە سەت تۇرىدۇ، دەپ ھېچكىم قورۇمىسا، شامپان ئىچەمدۇ،

ۋىنو ئىچەمدۇ، قانچىلىك ئىچىدۇ، ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسا، بۇ نېمىدېگەن ياخشى تۇرمۇش.

رېت باتلېر بىلەن بىللە بازارغا چىقىش سكارلېت ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن ئادەم ئىدى. بۇرۇن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەن. ئاتلانتادا ئۇنىڭ چىرايى توغرۇلۇق ھېچكىم ھېچنېمە دېمەي، پەقەت كەمچىلىكلىرى ئۈستىدىلا گەپ قىلىدىغان بولغاچقا شۇنداقمىدىكىن. يېڭى ئورلېئانغا كەلگەندىن كېيىن، ئايالالارنىڭ رېت باتلېردىن كۆزلىرىنى ئۈزۈشەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېگىشىپ ئۇ ئايالالارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ قويسا قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىشىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئېرىگە قاتتىق ھەۋەس قىلىشاتتى، سكارلېتقىمۇ تارلىق قىلىشلىرى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۆلەكچىلا غادىيىۋالىدىغان بولۇۋالدى.

«ئەر – خوتۇن ئىككىمىز شۇنداق كېلىشكەن، بىر – بىرىمىزگە ئاجايىپ ماسلىشىمىز.» سكارلېت بەزىدە ئاشۇنداق تاتلىق خىياللاردا بولۇپ قالاتتى.

رېت باتلېر ئېيتقاندەك، توي قىلىش راستىلا ئادەمگە ھۇزۇر بېرىدىغان ئىش ئىكەن، بولۇپمۇ سكارلېت رېت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن بۇنى بەكمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ يالغۇز ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىمۇ ئۆگەندى. قىزىق يېرى، بۇرۇن ئۇ، ئەمدى تۇرمۇشنىڭ ئۆگەنگۇدەك ھېچقانداق يېڭىلىقلىرى قالمىدى، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمدى بىلدىكى، تۇرمۇشنىڭ ئالدىدا ئۇ تېخى كىچىك بالا ئىكەن، ھەر كۈنى يېڭى – يېڭى نەرسىلەرنى بايقاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇ بىرىنچى بولۇپ رېت باتلېر بىلەن توي قىلغاننىڭ چارلېس ۋە فىرانك بىلەن توي قىلغانغا قارىغاندا كۆپ جەھەتتە پەرق قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئىككىسى ئۇنى ھۆرمەت

www.uyghurkitap.com

قىلاتتى، ئۇنىڭ مىجەزىدىن قورقاتتى، ئۇنىڭدىن شەپقەت تىلەيتتى. ئۇ خۇشال بولسا ئۇلارغا ئازراق شەپقەت ياغدۇرۇپ قوياتتى. رېت باتلېر بولسا ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ ھەم ئۇنى ئانچە ھۆرمەت قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىۋېرىدۇ. سىكارلېت نارازى بولسا ئۇ خىل نارازىلىقى ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلىدۇ. سىكارلېت ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرۈپمۇ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مەنىلىك بىلىنىدۇ. ئەڭ قىزىق يېرى، بەزىدە ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا ئادەمگە ئىنتايىن رەھىمسىز ئادەمدەكمۇ كۆرۈنۈپ قالىدۇ، لېكىن يەنە ئۇ ئاچچىقلىرى بىردەملا يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ئىگىلەيدۇ. ئۇ يەنە خۇددى بېشىغا يۇگەن سېلىقلىقتەك ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلالايدۇ.

بۇنداق چاغلاردا سىكارلېت: بۇ ئۇنىڭ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلاپ قالىدۇ. لېكىن، يەنە ئۇنىڭ قىلىقىدىن رازى بولۇپ، مەنمۇ ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى باشقۇرماي قويۇۋېتىشنى خالىمايمەن، دەپمۇ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئېھتىماللىقمۇ يوق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇ مىجەزىدىن بەزىدە خۇشال بولسا، بەزىدە ھەيران قالاتتى.

ئۇ رېت باتلېر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن يېڭى ئىشلىرىنى بايقىدى، بۇرۇن ئۇنى تولۇق چۈشىنىمەن دەپ ئويلايتتى. لېكىن ھازىر ئۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ بەزىدە مۇشۇكنىڭ تىۋىتىدەك يۇمشاق، بەزىدە بىگىزدەك ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى سەزدى. رېت بەزىدە ئۆزى بارغان يەرلەردىكى قەھرىمانلىق ۋە شەرەپلىك ئىشلارنى ئىپپەت ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى قايىل بولغان تەلەپپۇزدا سۆزلەپ كېتەتتى. ئارقىدىنلا ئىنتايىن پەسكەش ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ قوياتتى. سىكارلېت ھەر قانداق ئەر ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا ئۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمما، ئۇ سۆزلىگەن ۋەقەلەر ئاجايىپ

قىزىقارلىق ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا سىكارلېتنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپمۇ قوياتتى. رېت ئاجايىپ قىزغىن ۋە مۇلايىم ئاشىقمۇ بولالايتتى. كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە يەنە ئەڭ ئۆتكۈر مەسخىرىۋازغا ئايلىنىپ، سىكارلېتنىڭ پورۇخقا ئوخشاش مىجەزىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ شۇنىڭدىن لەززەتمۇ ئالاتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ خۇشامەتلىرىنىڭ بىر ــ بىرىگە تۇپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەڭ مۇلايىم مۇئامىلىسىمۇ ئادەمنىڭ گۇمانىنى قوزغىماي قالمايتتى. سىكارلېت يېڭى ئورلېئاندا ئىككى ھەپتە تۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەھۋاللىرىنى چۈشەندى، پەقەت زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنىلا چۈشەنمىدى.

بەزىدە ئۇ خىزمەتكار ئىشلەتمەي، سىكارلېتنىڭ ناشتىلىقىنى كارىۋاتقا ئۆزى ئېلىپ كېلىپ، ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك بىر قوشۇق ــ بىر قوشۇقتىن يېگۈزۈپ قوياتتى، بەزىدە تارغاقنى قولىغا ئېلىپ چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى. بەزى چاغلاردا بولسا گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى ئېلىپ تاشلاپ قوپاللىق بىلەن تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋېتەتتى. بەزىدە ئۇنى تىياتىرخانىلارغا ئېلىپ بېرىپ، قۇلىقىغا، تەڭرى سىزنىڭ بۇنداق يەرلەرگە كېلىشىڭىزنى تازا خالىمايدىغانمۇ ئوخشايدۇ، دەپ سىكارلېتنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى. بەزىدە چېركاۋغا بارغانلىرىدا ئۇنىڭغا پىچىرلاپ ناھايىتى سەت گەپلەرنى قىلاتتى، ئارقىدىنلا گېپىمگە كۈلدىڭىز دەپ خاپا بولۇپ كېتەتتى. سىكارلېتقا، ئىچىڭىزدە نېمە ئويلىسىڭىز قورۇنماي ئىختىيارىي دەۋېرىڭ، دەيتتى. سىكارلېتمۇ ئۇنىڭدىن ئادەم مەسخىرە قىلىدىغان، ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇنداق گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ئېغىز ئاچۇرمىغىلى بولىدىكەن، ئەمما ئۇ رېت باتلېرغا ئوخشاش زەھەرلىك گەپلەرنىڭ ئىچىگە ئازراق يۇمۇر ئارىلاشتۇرۇشنى، ئۆزىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇپ باشقىلارنى مەسخىرە ئاستىغا ئېلىشنى بىلمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رېت ئۇنى ئويناشقا قويۇپ بېرەتتى، لېكىن سىكارلېت جاپالىق ۋە ئېغىر تۇرمۇش ئىچىدە يۈرۈپ ئويۇننى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. رېت بولسا قانداق ئويناشنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى ئاچقىپ بىللە ئوينايتتى. رېت چوڭ ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى سىكارلېت ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئاياللار كىچىك باللارغا ئوخشاش ئەرلەرنىڭ بەزى كۈلكىلىك ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەندە ئۆزلىرىنى باسالماي كۈلۈشۈپ كېتىدۇ، ئەمما سىكارلېت ئۆزىنىڭ ئاياللىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ رېت باتلېرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلالمايتتى.

سىكارلېت شۇنى ئويلىسىلا خاپا بولاتتى، ئەگەر ئۇ رېت باتلېردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرغان بولسا ياخشى بولاتتى. باشقا ئەرلەرنى شۇنداق قىلالايتتى، مەسخىرە ئارىلاش «كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلىغۇ» دېيەلەيتتى. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ دادىسىنى، چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان ھەرخىل يامان قىلىقلارغا ئامراق قوشكېزەك تارلېتونلارنى، فونتائىنلارنىڭ ئائىلىسىدىكى كىچىك باللاردەك مىجەزلىك ئۇزۇن چاچ باللارنى، چارلېسنى، فىرانكنى شۇنداق قىلالايتتى. ئاشلېي ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاشلېي بىلەن رېت باتلېرلا ئۇنىڭ چۈشىنىشى ۋە كونترول قىلىشى قىيىن ئادەملەر ئىدى، چۈنكى ئۇلار چوڭلار قاتارىدىكى، ۋۇجۇدىدا بالىلىق قىلىقلار يوق ئادەملەر ئىدى.

ئۇ رېتنى چۈشەنمەيتتى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان يەرلىرى كۆپ بولسىمۇ چۈشىنىشنى خالىمايتتى. مەسىلەن، بەزى چاغلاردا رېت سىكارلېت دىققەت قىلمىغان چاغلاردا ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قوياتتى، بۇ قاراشلىرى غەلىتە ئىدى. سىكارلېت بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاشۇنداق قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپمۇ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۇ قاراشلىرىدا ئۆتكۈر سەزگۈرلۈك، ئۈمىد ۋە ئارزۇلار ئەكس ئېتىپ تۇرۇۋاتقاندەكمۇ بولاتتى.

— نېمىشقا ماڭا بۇنداق قارايسىز؟ — دېدى ئۇ بىر قېتىم

خاپا بولۇپ، — چاشقان كىرىپ كەتكەن تۆشۈككە قاراپ ئولتۇرغان مۇشۇكتەك قارايسىزغۇ ئادەمگە.

بۇنداق چاغلاردا ئۇ دەررۇلا ئۆزگىرىپ باشقا بىر قىياپەتتە كۈلۈپ تۇرۇۋالاتتى. بىر ئادىن كېيىن سىكارلېت ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەتتى، رېتقا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئىشنى ئويلىمايتتى. رېت تۇراقسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ قىلىقلىرىنىڭ ئويلاپ ئاۋارە بولغۇچىلىكى يوق ئىدى، ئويلىمىسىمۇ كۆڭلىرى خۇشال ئۆتىۋېرەتتى... ئەمما ئاشلىپىنىڭ ئىشى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى.

رېت سىكارلېتقا ئاشلىپىنى ئويلاشقا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن ۋاقتىنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەتتى. كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاشلىپى زادىلا بولمايتتى، لېكىن كەچتە تانسا ئويناپ چارچىغان ياكى شامپان ئىچىپ بېشى قايغان چاغلاردا ئاشلىپىنى ئويلاپ قالاتتى. ئاينىڭ نۇرى كارىۋىتىغا چۈشۈپ تۇرغان كېچىلەردە رېت باتلېرنىڭ قويىنىدا يېتىپ تۇرۇپ، مۇشۇ بىلەكلەر ئاشلىپىنىڭ بىلەكلىرى بولۇپ مېنى باغرىغا مەھكەم باسقان بولسا، يۈزىگە تېگىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىمنى قوللىرى بىلەن تاراپ كەينىگە قايرىۋەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلاپ كېتەتتى.

بىر قېتىم ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ دېرىزە تەرەپكە قاراپ ياتتى. بىرئازدىن كېيىنلا جىمجىتلىق ئىچىدە رېتنىڭ: «خۇدا سېنى دوزاخقا مۇپتىلا قىلغاي، غەلىناج !» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سىكارلېت ھەيران قېلىپ ئۇنى توختۇۋالماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ توختۇۋېلىشىغا، بەرگەن سوئالىغا پىسەنت قىلمىدى. ئەتىسى سىكارلېت ناشتا قىلىۋاتقاندا ئۇ كىرىپ كەلدى. چاچلىرى تاراقسىز، ئۆزى مەست ئىدى، پۈتۈن يېرىدىن نارازىلىق، خاپىلىق يېغىپ تۇراتتى، سىكارلېتتىن كەچۈرۈممۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سورىمىدى، نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ دېمىدى.

سىكارلېتمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنېمە سورىمىدى، سوغۇق ھالەتتە ئولتۇرىۋەردى. ئايال كىشى خاپىلىقتا ئۇچرىغاندا شۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. سىكارلېت تامىقىنى يەپ بولۇپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپلا، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن رېتنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ سىرتقا سودىلىققا چىقىپ كەتتى. قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە ئۇ يوق ئىدى، كەچلىك تاماقتا ئاندىن پەيدا بولدى.

تاماق بەكمۇ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە يېيىلدى. سىكارلېت چىداپ ئولتۇردى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ يېڭى ئورلېئاندىكى ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تامىقى ئىدى، بۈگۈنكى تاماقتا قىسقۇچپاقىدىن تويغۇچە يەۋالماقچىدى، لېكىن رېت قادىلىپ ئولتۇرۇۋالغاچقا ياخشى يېيەلمىدى، شۇنداقتىمۇ بىرنى يەۋەتتى، خېلى كۆپ شامپان ئىچتى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ يەنە ھېلىقىدەك يامان چۈش كۆردى. بىر چاغدا چۈشىدىن ئويغىنىپ يىغلاپ كەتتى، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى. چۈشىدە ئۇ تاراغا قايتىپ كەتكەن، تارا چۆللۈككە ئايلىنىپ قالغان، ئاپىسى ئۆلۈپ، دۇنيادىكى بارلىق كۈچ - قۇدرەت ۋە ئەقىل - پاراسەتلەرمۇ تەڭ يوقالغان، بارىدىغان ماكان، تايىنىدىغان ئادىمى يوق تىكەندەك يالغۇز قالغان، قورقۇنچلۇق بىر نەرسە كەينىدىن قوغلاۋاتقان، ئۇ قېچىۋاتقان، قېچىۋاتقان، يۈرىكى قورقۇنچلۇقتا يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان، قويۇق تۇمان ئىچىدە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، بار كۈچى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان، بۇرۇن زادىلا بېرىپ باقمىغان نامەلۇم بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالسام دەپ ئەتراپقا ئالاق - جالاق قاراۋاتقان.

سىكارلېت چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقاندا، رېت باتلېرنىڭ ئېڭىشىپ ئۆزىگە قاراپ تورغانلىقىنى كۆردى. ئۇ گەپمۇ قىلماي ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى قۇچاقلىغاندەك مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى، سۆزسىز بوش

شىۋىرلاشلىرى ئۇنى تەسەللى تاپتۇرغان، تىنچلاندۇرغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ يىغىسى ئاستا ـ ئاستا بېسىلىپ قالدى.

— ئاھ، رېت، بايا مەن مۇزلاپ، قورسىقىم ئېچىپ، ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، ھېچنېمە تاپالمىدىم، تۇمان ئىچىدە يۈگۈردۈم، يۈگۈردۈم، ئەمما تاپالمىدىم.

— نېمىنى، جېنىم؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىلسەم ياخشى بولاتتى.

— يەنە شۇ بۇرۇنقى چۈشىڭىزمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق.

رېت ئۇنى ئاستا كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپ شام ئىزدىدى. شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ۋە ئازراق قورۇلغان يۈزى ئېنىق كۆرۈندى. ئەمما ئۇ چىراي تاشتەك بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئىچ كىيىمىنىڭ ئالدى ئوچۇق ئىدى، قوڭۇر رەڭ مەيدىسىدىكى قاپقارا تۈكلەر كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى. سكارلېت ھازىرمۇ قورقۇنچلۇقتا تىترەپ تۇرۇۋاتاتتى، كۆڭلىدە: ئۇنىڭ كۆكرىكى شۇنچىلىك كۈچلۈك، دەپ ئويلاپ:

— مېنى باغرىڭىزغا بېسىڭچۇ، رېت، — دېدى بوش شىۋىرلاپ.

— ماقۇل، جېنىم! — رېت دەررۇلا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ كىرېسلودا ئولتۇردى.

— ئاھ، رېت، دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ئاچارچىلىق.

— كەچلىك تاماقتا يەتتە خىل قورۇما بىلەن يوغان بىر قىسقۇچپاقىنى يەۋېتىپ، چۈشىڭىزدە يەنە ئاچ قالغانلىقىڭىزنى چۈشىگەن بولسىڭىز، ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىش بوپتۇ، — ئۇ كۈلۈپ كەتتى، كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى.

— رېت، شۇنچىلىك قاتتىق يۈگۈردۈم، يۈگۈردۈم، تاپماقچى بولغان نەرسەمنى ئىزدىدىم، تاپالمىدىم. تۇمان ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتىم. ئۇ نەرسىنى تاپسام مەڭگۈ سوغۇقتا،

www.uyghurkitap.com

ئاچارچىلىقتا قالماي خاتىرجەم ياشايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

— سىز بىر ئادەمنى ئىزدىدىڭىزمۇ ياكى بىر نەرسىنىمۇ؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇنى ئويلاپ باقمىدىم. رېت، مەن چۈشۈمدە ئىزدىگەن ئاشۇ خاتىرجەم يېرىمنى تاپالارمەنمۇ؟

— تاپالمايسىز، — دېدى رېت بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، — مېنىڭچە، ئۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈش ئۇنداق بولمايدۇ. ئادەتتە سىز خاتىرجەم، قورسىقىڭىز توق، كىيىملىرىڭىز پۈتۈن ياشىغان، شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۇنداق چۈشنى كۆرمەيسىز. سكارلېت، مەن سىزنى چوقۇم خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن.

— رېت، سىز نېمىدېگەن ياخشى.

— ماختىغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت، خانىم. سكارلېت، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا: «مەن مەڭگۈ ئاچ قالمايمەن، مەڭگۈ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىمايمەن. رېت بىلەن بىللە ياشىسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىلا ھېچقانداق پالاكەتكە يولۇقمايمەن» دەڭ.

— ئامېرىكا ھۆكۈمىتى؟ — ئۇ ھەيران بولۇپ سورىدى، ئاندىن لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، يۈزىدىكى ياشلىرى تېخى قۇرۇپ بولمىغانىدى.

— بۇرۇنقى جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ پۇللىرى بۈگۈن ئېيپەتلىك بىر قىزغا ئايلىنىپ، نۇرغۇن پۇلۇمغا پاي چېكى سېتىۋالدىم.

— ۋاي خۇدايىمەي، — سكارلېت ئۇنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز تووۋلاپ كەتتى، بايىقى قاباھەتلىك چۈشلىرىمۇ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى، — پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى شىماللىقلارغا قەرز بېرىۋەتتىم، دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئىنتايىن كۆپ.

— ئۆسۈمى يۈز پىرسەنت بولسىمۇ كارىم يوق. ئۇ چەكلەرنى دەررۇ سېتىۋېتىڭ، شىماللىقلار سىزنىڭ پۇلىڭىزدىن

پايدىلانماقچى بوپتۇ ـ دە.

— ئەمىسە بۇ پۇللىرىمنى نەگە خەجلىشىم كېرەك؟ — كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى ئۇ. سىكارلېت ھازىر بايىقىدەك قورقۇنچ ئىچىدە ئەمەس ئىدى، بۇنى رېت كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

— نېمە... نېمە؟ پىئاچتېردىن زېمىن سېتىۋېلىڭ. سىز پۇللىرىڭىزغا پۈتكۈل پىئاچتېرنىمۇ سېتىۋالالايسىز.

— رەھمەت سىزگە، مېنىڭ پىئاچتېردىن زېمىن ئالغۇم يوق. ھازىر تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ھۆكۈمىتى جورجىيەنى پۈتۈنلەي قولغا ئېلىپ بولدى، يەنە نېمە ئىشلار بولىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ. توپ ـ توپ قۇزغۇنلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇ يەرگە يوپۇرۇلماقتا. مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالماقچى ئەمەس، ئۇلار بىلەن تىركىشىپ باقىمەن. بىلەمسىز، شىماللىقلارغا ھەقىقىي بېقىنغان ئادەم شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئەمما، مەن ئۇلارغا ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن، پۇللىرىمغا زېمىن سېتىۋالغۇممۇ يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا زايوم سېتىۋالىمەن. زايومنى تىقىپ قويسىڭىز بولىدۇ، زېمىننى تىقىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس.

— سىزنىڭچە... — ئۆزىنىڭ پەن زاۋۇتىنى، دۇكىنىنى ئويلاپ سىكارلېتنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى.

— ئۇقمايمەن، لېكىن قورقۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىكارلېت، يېڭىدىن ئىشتات باشلىقى بولغان چىرايلىق ئادەم مېنىڭ ئاغىنەم. ھازىر ۋەزىيەت مۇقىم ئەمەس، شۇڭا پۇللىرىمنى يەر ـ زېمىنغا دەسمايە سالالمايمەن.

ئۇ سىكارلېتنى يەنە بىر تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاندىن سىگارىتىنى بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. سىكارلېت ئۇنىڭ تىزىدا ئىككى پۇتىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى، تۈكلۈك مەيدىسىگە قاراپ، بايىقى قورقۇنچلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ھېجىيىپ قويۇۋاتاتتى.

— يەر ـ زېمىنىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدىڭىز، سىكارلېت، — دېدى ئۇ، — مەن بىر ئۆي سالماقچى. سىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فىرانسىيىدىكى پىتتىمۇ ھازىرقىدەك ھامىمىزنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلىنىمىز بىلەن مېنى ھەرگىزمۇ مەجبۇرلىيالمايسىز. ئەتىدىن كەچكىچە كوتۇلداپ يۈرسە ئۇنىڭغا چىدىيالمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پىتتىر تاغىڭىزمۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇكى، خامىلتونلارنىڭ ئۇ مۇقەددەس ئۆيىگە ئاياغ باستۇرمايدۇ. پىتتىي ھاما ئىندىيانى ئەكىلىپ بىللە تۇرسا بولىدۇ. بىز ئاتلانتاغا بارغاندىن كېيىن، ھازىرچە مىللەتلەر مېھمانخانىسىنىڭ يېڭى توي قىلغانلارغا ئېچىپ قويغان ئۆيلىرىدە تۇرىمىز، ئۆيىمىز پۈتكەندە كۆچۈپ كەتسەكمۇ بولىدۇ. ئاتلانتادىن مېڭىشتىن ئىلگىرى مەن ئۇلار بىلەن پىئاچتىرىدىكى بىر پارچە ئاق يەرنىڭ باھاسىنى دېيىشىپ قويغان، لىيدىپنلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بوش يەرنى، ئۇ يەرنى سىز چوقۇم بىلىسىز.

— ئاھ، رېت، بەك ياخشى بوپتۇ. ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم، ماڭا يوغان ئۆيلەر كېرەك.

— بىزنىڭ ئاخىر بىر ئىشتا بولسىمۇ پىكرىمىز بىر يەردىن چىقتى. تاملىرى ئاق، تۆۋرۈكلىرى تۆمۈررەڭ، مۇشۇيەردىكى فىرانسىيە شەكلىدە سېلىنغان ئۆيلەردەك ئۆي سالىمىز، بولامدۇ؟

— ياق، بولمايدۇ، رېت، يېڭى ئورلېئاندىدىكىدەك ئۇنداق كونا شەكىلدە سالدۇرمايلى. قانداق شەكىلدە سالدۇرساق ياخشى بولىدىغانلىقىنى مەن بىلىمەن، ئەڭ يېڭى شەكىلدىكىسى بولۇشى كېرەك. مەن بىر ئۆينىڭ لايىھەسىنى كۆرگەن... نەدە كۆردۈم، ئويلاپ باقاي. ھە، «خارپېر ھەپتىلىك ژۇرنىلى»دا كۆرۈپتىمەن، شۋېتسارىيەنىڭ Chalet[①] شەكىلدىكى ئۆيلىرىدىن.

— شىۋېتسارىيەنىڭ قانداق شەكىلدىكى ئۆيى؟

— ئۇ گەپ قانداق يېزىلىدۇ؟

سىكارلېت ئۇ گەپنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

① ئىنگلىزچە، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي، دېگەن مەنىدە.

— ھە ! — رېت بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى.

— ئىنتايىن چىرايلىق، ئۆيىنىڭ ئۆگزىلىرىنىڭ ئىككى يان سىيرىلمىسى ئوخشاش بولمايدۇ، ئىككىلا تەرىپى ئۇچلۇق ئۆگزە، رەڭلىك ياغاچلار بىلەن يېپىلىدۇ، ئۆگزىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە دېرىزە بار، دېرىزىسىگە قىزىل رەڭلىك ئەينەك سېلىنىدۇ، ھېچ يەردە يوق، پۈتۈنلەي يېڭىچە.

— ئايلانما كارىدورنىڭ رېشاتكىلىرى ھەرە چىشى شەكلىدە بولسا كېرەك.

— شۇنداق.

— ئايلانما كارىدورنىڭ ئۆگزىسىدىن ياغاچتىن ياسالغان بۇلۇت شەكلىدىكى بىر نەرسە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. سىز بۇنداق ئۆينى چوقۇم بىر يەردە كۆرۈپسىز.

— كۆرگەن... شىۋېتسارىيەدە ئەمەس، شىۋېتلار ناھايىتى ئەقىللىق مىللەت، بىناكارلىق سەنئىتىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. سىز راستىلا ئاشۇنداق ئۆي سالدۇرايلى دەمسىز؟

— ھەئە.

— مەن ئەسلىدە تويدىن كېيىن سىزنى بىر ئىشلارغا دىتى يېتىدىغان قىلىپ چىقماقچىدىم. نېمىشقا فىرانسىيە شەكلىدىكى ياكى ئالتە ئاق تۇۋرۇكلۇك مۇستەملىكە شەكلىدىكى ئۆيلەرنى ياخشى كۆرمەيسىز؟

— راستىنى ئېيتسام، ئۇ ئۆيلەرنىڭ شەكلى بەكمۇ كونا. مەن ياقتۇرمايمەن، ئۆيىنىڭ ئىچ تاملىرىغا قىزىل قەغەز چاپلايمەن، دېرىزە پەردىلىرىنى ئېسىل دۇردۇنلاردىن قىلدۇرىمەن، ياخشى ياغاچلاردىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرىم، كۆركەم گىلەملىرىم بولىدۇ... ئاھ، رېت، بىزنىڭ ئۆيىمىزنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ھەۋىسى كېلىپ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتسۇن !

— بىز ئۆينى خەقنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش ئۈچۈن سالىمىزمۇ؟ بوپتۇ، سىزلا خۇشال بولىدىغان ئىش بولسا ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەسەت ئوتىدا چىرايلىرى تاتىرىپ كەتسىمۇ كەتسۇنلا. بىراق، سىكارلېت، ھازىر خەقلەرنىڭ كۆپى كەمبەغەل، مۇشۇنداق چاغدا بايۋەچچىلىك قىلساق قانداق بولار؟

— مەن شۇنداق قىلىمەن، — دېدى ئۇ جاھىللىق قىلىپ، — بۇرۇن ئۇلار ماڭا قىلغان، ئەمدى مەنمۇ ئۇلارنى ئولتۇرالمايدىغان قىلىۋېتىمەن. كاتتا زىياپەت بېرىپ، شەھەردىكى ھەممە خەققە، سىكارلېت توغرۇلۇق ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىساق بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىمەن.

— بىراق، بىزنىڭ ئۇ كاتتا زىياپىتىمىزگە خەقلەر كېلەرمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەم كېلىدۇ.

— ئۇ ناتايىن، ئۇ مۇتەئەسسىپ ئادەملەر ئۆلسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلمايدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ پۇللا بولىدىغان بولسا سىزنى چوقۇم ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ.

— جەنۇبلۇقلار ئۇنداق ئەمەس، شىماللىق پۇلى بار بايۋەچچىلەرمۇ جەنۇبلۇق ئېسىلزادىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئاياغ باسالمايدۇ. شىماللىقلارغا يېقىنغان — سىز بىلەن مەن، ئومىقىم — ئادەملەرنى ئۇلار توكۇروپ تاشلىمىسىلا شۇنىڭغا رازى بولساق بولىدۇ. ئەگەر سىناپ باقىمەن دېسىڭىز، مەيلى، مەن قوللايمەن، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭىزدىنمۇ ئىنتايىن خۇرسەن بولىمەن. پۇل توغرۇلۇق گەپلەر بولۇندى، شۇڭا سىزگە ئالدىن ئېيتىپ قوياي، ئۆينىڭ راسخوتى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ لازىمەتلىكلىرىگە قانچىلىك پۇل كەتسە مەن بېرىمەن، زىننەت بۇيۇملىرى سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇلانى ئۆزۈم ئېلىپ بېرىمەن، سىزنىڭ تەلىپىڭىز تولىمۇ تۆۋەن ئىكەن، قوزام. ۋادا بىلەن ئېللاغا نېمە ئالىمەن دېسىڭىز مەيلى، ۋىل كېۋەز تېرىيمەن دېسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن، كىلايتوندىكى ئۆزىڭىز ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئۇ يوكتىن سىزنى ئازاد قىلىۋېتىشكىمۇ تەييارمەن. شۇنچىلىك قىلسام يېتەر دەيمەنغۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، سىز بەكمۇ مەردلىك قىلىۋاتىسىز.
— ئەمما، بىر نەرسىنى سىزگە ئېنىق ئېيتىپ قوياي، ھېلىقى دۇكىنىڭىز بىلەن ئوتۇن زاۋۇتىڭىزغا مېنىڭ بىر تىيىنىمنىمۇ ئىشلەتمەيسىز.
— ھە ! — سىكارلېتنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ شىرىن ئاي مەزگىلىدە شۇ ھەقتە گەپ تېپىشىپ، ياغاچ زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئەللىك ئىنگلىزچىسى كەلگۈدەك يەر سېتىۋېلىشقا رېت باتلېردىن مىڭ دوللار ئېلىپ تۇرۇشنى پىلانلاپ تۇرۇۋاتاتتى.
— سىز ماڭا، مېنىڭ ئىدىيەم ئازاد دەپ ماختانغان، باشقىلار نېمە دېسە كارىم يوق، دېگەنىدىڭىز. بۈگۈن بىلدىمكى، سىزمۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش مېنى ئۆيگە ئىگە بولۇۋالامدىكىن دەپ قورقىدىكەنسىز.
— بىزنىڭ باتلېر جەمەتىمىزدە كىمنىڭ ئۆينىڭ بېشى بولىدىغانلىقىغا قارىتا كىشىلەردە ئارتۇقچە گۇمانلار بولمايدۇ، — دېدى رېت ئالدىرىماي سۆزلەپ، — ئەخمەق ئادەملەرنىڭ نېمە دېيىشلىرى بىلەن كارىم يوق. ئەمەلىيەتتە، مەن كۆپ تەربىيە كۆرمىگەن، ھازىر قولىدىن ئىش كېلىدىغان چېۋەر خوتۇنغا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن. سىزنىڭ دۇكىنىڭىز بىلەن پەن زاۋۇتىڭىزنى داۋاملىق باشقۇرۇپ كېتىشىڭىزگە قوشۇلىمەن. ئۇلارنى بالىلىرىڭىزغا مىراس قالدۇرارسىز. ۋاد چوڭ بولۇپ ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشنىڭ بىئەپلىكىنى ھېس قىلغاندا، ئۇ زاۋۇتنى قولىغا ئېلىپ باشقۇرۇپ كەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، مەن مەيلى دۇكانغا ياكى ياغاچ زاۋۇتىغا بولسۇن، بىر تىيىن پۇل بەرمەيمەن.
— نېمە ئۈچۈن؟
— مېنىڭ ئاشلىي ۋىلكېسقا ياردەم بەرگۈم يوق.
— سىزنىڭ يەنە تۇتتى، شۇنداقمۇ؟
— ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر سەۋەبىنى سورىسىڭىز ئېيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرنىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر ئىش، ئۆينىڭ خىراجىتىدىكى ھېساباتتا مېنى ئالدايمەن دېمەڭ. پالانى كىيىمگە مۇنچە ئىشلەتتىم، پوستانى ئىشقا ئۇنچە ئىشلەتتىم دەپ، ئوتتۇرىدىن پۇل قايرىپ ئاشلىپىغا قېچىر ياكى پەن زاۋۇتىدىن يەنە بىرنى سېتىۋالىمەن دېسىڭىز بولمايدۇ. سىزنىڭ بارلىق ھېسابىڭىزنى تەكشۈرۈپ تۇرىمەن، ئەرسىلەرنىڭ نەرخى ماڭا ناھايىتى ئېنىق، بۇ گەپلىرىمنى ئۆزىڭىزگە قىلىنغان ھاقارەت دەپمۇ چۈشىنىپ قالماڭ. چوقۇم مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنى ھەرگىز ئىختىيارىڭىزغا قويۇپ بەرمەيمەن. تارا بىلەن ئاشلىپىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرىمەن، تارانىڭ ئىشىمۇ ئانچە ئەمەس، ئەمما ئاشلىپىنىڭ ئىشى باشقا گەپ. مەن سىزنى ئاستا ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن، قوزام. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭكى، سىزگە يەنە يوگەن بىلەن قامچىمۇ بار.

## قىرىق توققۇزىنچى باب

ئېلسىن خانىم كارىدور تەرەپكە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇردى، مېلانىيەنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاشخانا تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن چىنە - تەخسىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن، پىچىنە - پىرەنىك تەييارلاۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ، ئاندىن يېنىدىكى خانىملارنىڭ گەپلىرىگە ئارىلاشتى. ئۇ خانىملار مېھمانخانا ئۆيدە يىغىنە ئىشلىرىنى قىلغاچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— شەخسەن ئۆزۈمنى ئېيتسام، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ سىكارلېتنى يوقلاپ ئۆيىگە ھەرگىز كىرمەيمەن، — دېدى ئېلسىن خانىم. چىرايىدا سۇرلۇك بىر تەكەببۇرلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

جەنۇب ئىتتىپاقى تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش جەمئىيىتىنىڭ تىككۇچىلەر ئۇيۇشمىسىدىكى قالغان ئاياللار بۇ

گەپنى ئاڭلاپ قولـلـىرىدىكى ئىشلـىرىنى قويدى ـ دە،
ئورۇندۇقلىرىنى يىقىن ئەكىلىشىپ باشلىرىنى بىر يەرگە
يىغدى. ئۇلار مىلانىيە بولغاچقا، بـاياتىنـدىن بىرى رېت باتلېر
بىلەن سكارلېتنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشالمىغانىدى. ئۇ ئىككىسى
ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا يېڭى ئورلېئاندىن قايتىپ كېلىپ
مىللەتلەر مېھمانخانىسىغا چۈشكەنىدى.

— خوگ ئۇلارنى ئادەمگەرچىلىك يۈزىدىن بولسىمۇ يوقلاپ
قويۇش كېرەك، دەۋاتىدۇ، چۈنكى رېت باتلېر ئۇنىڭ ھاياتىنى
قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ـ دە، — دېدى ئېلسىن خانىم سۆزىنى داۋام
قىلىپ، — بىچارە فەننىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى قوللاپ، مەنمۇ
بارىمەن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «فەننى، سكارلېت بولمىغان بولسا
تومى ھازىر ھايات يۈرگەن بولاتتى. ئۇلارنى يوقلاپ بارساڭ، ئۇ
مەرھۇمنى ئاياغ ئاستى قىلغان بولمامسەن؟» دېدىم. فەننىنىڭ
كاللىسى يوق قىز، نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر: «ئاپا، مەن
سكارلېتنى ئەمەس، كاپىتان باتلېرنى دەپ بارىمەن. ئۇ تومى
ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى كاپىتاننىڭ
سەۋەنلىكىدىن بولمىغان» دەيدۇ.

— ياشلار ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلىمايدۇ، — دېدى
مېرۋېتېر خانىم، — يەنە بارىمىز دېيىشىۋاتقىنىنى قارا
بۇلارنىڭ، — ئۇ سكارلېتقا رېت باتلېر بىلەن توي قىلماق دەپ
نەسىھەت قىلغاندا، سكارلېت ئۇنى تويدۇرۇپ قويغانىدى. ھازىر
شۇ ئىش يادىغا كېلىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، — بىزنىڭ
مايبېلمۇ سىلەرنىڭ فەننىگە ئوخشاشلا گالۋاڭ، ئۇمۇ، رېنې بىلەن
ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىمىز، دەۋاتىدۇ. كاپىتان باتلېر
رېنېنىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋاپتىكەنمىش. ئەگەر سكارلېت تالادا
سوكۇلداپ يۈرمىگەن بولسا رېنېگىمۇ ئۇ ئىش يوق ئىدى.
مېرۋېتېر بوۋايمۇ بارىمەن دەيدۇ، ئۇمۇ قېرىغاندا ئالجىغىلى
تۇردى. ماڭا، سىز بارمىسىڭىز بارماڭ، مەن بارىمەن، دېدى.
مېنىڭ ئۇ قېيىنئاتام بىللې ۋاتىلىنىڭ قېشىغا بىر قېتىم

www.uyghurkitap.com

كىرىپ قويۇپلا ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان ئىشلارنى قىلغىلى تۇردى. مەن سىكارلېت دېگەن ئۇ غەنناجىنىڭ قېشىغا ھەرگىز بارمايمەن. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆرۈش ۋاقتىدا قىلغانلىرى ئازمۇ؟ ھايانكەشلىك قىلىپ بىزنى ئاچ قويغان ئاشۇ بىر نېمىغۇ؟ ھازىرمۇ شىماللىق تەۋەككۈلچىلەر ھەم ئۇلارغا سېتىلغان جەنۇبلۇقلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ تېخى ئاتنى چىققان ھېلىقى ئىشتات باشلىقى بۇلوك دېگەن بىر نېمە بىلەن ئاغىنە ئىكەن... شۇنداق ئادەمنىمۇ يوقلاپ بارامدۇ كىشى.

بوننېل خانىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ سېمىز كەلگەن بۇغداي ئۆڭ ئايال ئىدى، دائىم كۈلۈپلا تۇراتتى.

— ئۇلار پەقەت بىرلا قېتىم بارىدۇ، قائىدىسىنى قىلىپ قويىدۇ شۇ. دوللى، مېنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگۈم يوق. شۇ كۈنكى ئىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى بارىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. بېرىپ قويسا بولىدۇ. نېمىشقىكىن، سىكارلېتنىڭ ئېللېننىڭ قىزى ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. مەن ساۋاننادا ئېللېن روبېللارد بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ شۇ چاغلاردا بەكمۇ ئوماق قىز ئىدى، ئىككىمىز يېقىن ئۆتەتتۇق. ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسى فىلىپپې روبېللارد بىلەن توي قىلماقچىدى، دادىسى ئۇنىمىغان. ئۇ بالىمۇ ئوبدان بالا ئىدى... ياش بولغاندىكىن بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. كېيىن ئېللېن ئوخارا دېگەن ئۇ بوۋاي بىلەن قېچىپ كېتىپ سىكارلېتنى تۇغدى. ئېللېننىڭ يۈزىنى دەپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمىسەم بولمايدۇ.

— نېمىدېگەن گالۋاڭ سەن، قىلمۇاتقان گېپىڭنى قارىغىنا، — دېدى مېرۋېتېر خانىم ئاچچىقىدا، — ئېرى ئۆلۈپ يىلى توشمايلا توي قىلىۋالغان خوتۇننى سەنمۇ يوقلاپ بارماقچىمۇ؟ ئۇ خوتۇن...

— كېنىنېدى ئەپەندىنىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دېدى ئىندىيا گەپ قىستۇرۇپ. ئۇنىڭ گەپلىرى زەھەردەك

ئاچچىق ئىدى. سىكارلېتتىنىڭ گېپى چىقىشىغىلا سىتۇئارت تارلېتون ئېسىگە كېلىپ، ئەدەپ ـ قائىدىنىمۇ قايرىپ قويۇپ سۆزلەۋەردى، — كېننېدى ئەپەندى ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ باتلېر دېگەن ئۇ ئادەم بىلەن چاتىقى بارلىقىنى سەزگەنىدىم، ئۇلارنىڭ ئۇ خىل مۇناسىۋىتىنى ئادەتتىكى ئادەملەر سېزەلمەيدۇ.

خانىملار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بولۇپمۇ بىر قېرى قىزنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلىپ ئاغزىلىرىنى ئېچىپلا قېلىشتى. تېخى ئېغىزلىرى يۇمۇلماي تۇرۇپلا مېلانىيە ئىشىكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قېلىشقانىدى. ئۇنى كۆرۈپ، خۇددى كۇسۇرلىشىۋاتقىنىنى مۇئەللىم كۆرۈپ قالغان ئوقۇغۇچىلاردەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. مېلانىيەنىڭ چىرايىنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشى ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ خاپا بولۇشى يوللۇق ئىدى. يۈزى ئېسىلىپ، مۇلايىم كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاچراپ تۇراتتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بۇنداق خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم ئۇنى بۇنچىلىك خاپا بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇلار ئۇنى ياۋاشلىقى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى، خۇسۇسىي قاراشلىرىنى دېمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشەتتى.

— بۇ گەپلەر قانداق ئاغزىڭىزغا پاتتى، ئىندىيا؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن بوش سۆزلەپ، — ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئۆچمەنلىك قىلىسىڭىز ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نەگە بارىدۇ؟ نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق بۇ !

ئىندىيانىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتتى، ئەمما بېشى غادىيىپ تۇراتتى.

— دېگەن گېپىمدىن يانمايمەن، — ئۇ قىسقىلا گەپ قىلدى، ئەمما يۈرىكى تىترەپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مەن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىدىممۇ؟» ئۇ ئۆزىدىن ئۆزى سوراپ قويدى. سىتۇئارت تارلېتوننى، خونبې بىلەن چارلېسنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلغىنى خاتامۇ؟ بولۇپمۇ ئۇ هازىر سىكارلېتنىڭ ئاشلېينىمۇ ئۆزىنىڭ تورىغا ئىلىندۇرماقچى بولۇۋاتقىنىدىن گۇمانلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە يەنە: «ئاشلېي بىلەن سىنىڭ ئۇ ئەتىۋارلىق سىكارلېتىڭ توغرۇلۇق ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم كۆپ تېخى،» دەپمۇ ئويلىدى. ئىندىيانىڭ ئاشلېينى قوغداپ قىلىش ئۇچۇن ئاغزىنى جىم تۇتقۇسى كېلەتتى، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ ھەممە گۇمانلىرىنى مېلانىيەگە، پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاپ، ئاشلېينى ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققۇسىمۇ بار ئىدى، شۇ ئىككى خىل خىيال ئىچىدە خېلىدىن بېرى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتاتتى. دەۋەتسە، ئاشلېينى سىكارلېتنىڭ چاڭگىلىدىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولاتتى. لېكىن، هازىر ۋاقتى ئەمەس، قولىدا يېتەرلىك ئىسپاتى يوق، ئۇنىڭدىكىسى پەقەت گۇمانلا.

— دېگەن گېپىمدىن هەرگىز يانمايمەن، — دېدى ئۇ بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ.

— ئەمىسە سىز بىز بىلەن بىللە تۇرالمىغۇدەكسىز، — دېدى مېلانىيە. تەلەپپۇزى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى.

ئىندىيا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، سېرىق يۈزى هۆپپىدە قىزاردى.

— مېلانىيە، سىز... سىز مېنىڭ يەڭگەم... بۇنچىلىك كىچىك ئىش ئۇچۇن مەن بىلەن جېدەللەشمەڭ...

— سىكارلېتمۇ مېنىڭ يەڭگەم، — دېدى مېلانىيە. ئىككىسى خۇددى ناتونۇش ئادەملەردەك بىر - بىرىگە قادىلىپ تۇرۇشتى، — يەنە كېلىپ ئۆزۈمنىڭ بىر تۇغقان ھەمشىرىلىرىمدىنمۇ يېقىن، مەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ياخشىلىق كۆرگەن، سىز ئاسان ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز بىلەن مەن ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. شەھەر قورشاۋدا قالغاندا ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن بىر قەدەممۇ نېرى بارمىدى، مېنى

تاشلاپ كەتسە كېتىۋېرەتتى، پىتتىي ھامما شۇنداق قىلدىغۇ؟ شىماللىقلار ئاتلانتاغا كېلىپ قالغان چاغدا مېنى مىڭبىر جاپالار بىلەن تۇغدۇردى، يەنە مېنى شۇنچە جەبىر - جاپالارنى تارتىپ تاراغا ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغدا مېنى ئاتلانتادىكى بىرەر دوختۇرخانىغا تاشلاپ قويسىمۇ قويىۋېرەتتى. ئۇ چاغدا شىماللىقلار كېلىپ مېنى تۇتۇپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، تاماقلارنى يېگۈزۈپ قويدى، ئۆزى قورسىقى ئاچ، ھېرىپ - ئېچىپ ھالىدىن كەتتى. سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، كېسىلىم بار ئىدى، شۇڭا تاراغا كەلگەندە ئەڭ ياخشى كارىۋاتتا ياتتىم، كېيىن يەرگە چۈشۈپ ماڭغۇدەك بولغاندا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئايغىنى ماڭا كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىنى، ئىندىيا، سىز ئۇنتۇپ قالسىڭىزمۇ، ئەمما مەن مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. كېيىن ئاشلېي قايتىپ كەلدى، ئاغرىقچان بولۇپ قاپتۇ. روھى چۈشكۈن، كىرىدىغان ماكانى يوق، يانچۇقىمۇ قۇرۇق، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ سكارلېت ئۇنى خۇددى ھەدىسىگە ئوخشاش غەمگۈزارلىق قىلىپ تارادا ئېلىپ قالدى، كېيىن بىز شىمالغا كېتىشنى ئويلىدۇق، لېكىن يەنە جورجىيەدىن كەتكۈمىز يوق ئىدى. بۇ چاغدىمۇ سكارلېت ئۇنى ئۆزىنىڭ پەن زاۋۇتىغا ئىشقا قويدى. كاپىتان باتلېر ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، بۇمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى ئىدى. يا ئۇ ئاشلېيغا قەرزدار ئەمەس، شۇڭا مېنىڭ ئۇلارغا رەھمىتىم تولا، سكارلېتقىمۇ، كاپىتان باتلېرغىمۇ رەھمەت. سىز، ئىندىيا، سكارلېتنىڭ ئاشلېي ئىككىمىزگە قىلغان شۇنچە كۆپ ياخشىلىقلىرىنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالىسىز؟ نېمىشقا ئاكىڭىزنىڭ ھاياتىغا سەل قاراپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئادەمنى ئەشەددىي گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەيسىز؟ سىز سكارلېت بىلەن كاپىتان باتلېرنىڭ ئالدىدا تىزلانسىڭىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

— بولدى قىلىڭ، مېلانىيە، — دېدى مېرۋېتېر خانىم

چىرقىراق ئاۋازى بىلەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھاياجىنى خېلى بېسىلىپ قالغانىدى، — ئىندىياغا ئوخشاش كەپلەرنى قىلماڭ.

— سىزنىڭ سىكارلېت توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم، — دېدى مېلانىيە ئۇ سېمىز خانىمغا يۈزلىنىپ. ئەلپازى خۇددى يەرگە يىقىتقان رەقىبىنىڭ بەدىنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئىككىنچى رەقىبىگە ئېتىلغان ئادەمنىڭكىگە ئوخشايتتى، — سىزمۇ بار، ئېلسىن خانىم، سىلەر چىرايلىق كاللاڭلارنىڭ ئىچىدە سىكارلېت توغرۇلۇق نېمىلەرنى ئويلايسىلەر، ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، لېكىن مېنىڭ ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىكەنسىلەر، بۇنىڭ بىلەن كارىم بولىدۇ. سىلەر قانداق بولۇپ ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللاردا بولىسىلەر ھەم خىياللىرىڭلارنى قورقماي ئاغزىڭلاردىن چىقىرالىدىڭلار؟ سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار ئاسراشقا تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھايات ياشىشىنى خالىماي ئۆلۈپ كەتسۇن دەپ ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قۇتۇلدۇرغان ئادەملەرگە ئازراق بولسىمۇ تەشەككۈرۈڭلار يوقمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئىشى پاش بولۇپ قالغان بولسا، شىماللىقلار ئۇنىمۇ 3K پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قاتارىدا دارغا ئېسىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇ ئۆزىنى ئويلىماي سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىغۇ؟ ئۇ سىزنىڭ قېيىنئاتىڭىزنى، كۈيۈئوغلىڭىزنى، ئىككى جىيەنىڭىزنى قۇتۇلدۇردى، بوننېل خانىمنىڭ ئىنىسىنى، ئېلسىن خانىمنىڭ ئوغلى بىلەن كۈيۈئوغلىنىمۇ ساقلاپ قالدى. سىلەر ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنسىلەر، مەن سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىڭلارنى تىلەيمەن.

ئېلسىن قولىدىكى ئىشىنى سېۋەتكە سېلىپ ئورنىدىن تۇردى، نىيىتىدىن يانمايدىغاندەك كالپۇكلىرىنى قورۇۋالغانىدى.

— مەن سىزنىڭمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تەرتىپسىز قىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىمەن، مېلانىيە، مەن ھەرگىز

ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىمايمەن. ئىندىئا توغرا دەيدۇ، سىكارلېت يەڭگىلتەك، شاللاق ئايال. ئۇنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا قىلغانلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن قىلغان پەسكەشلىكلىرىنىمۇ ئۇنتۇمايمەن...

— سىزنىڭ ھەقىقىي ئۇنتۇيالمايدىغىنىڭىز، — دېدى مېلانىيە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. ئۇ كىچىككىنە قوللىرىنى مەھكەم تۈگۈپ ئىككى بېلىگە قويۇۋالغانىدى، — خۇگىنى يارامسىزلىقىدىن زاۋۇتتىن چىقىرىۋەتكەنلىكى.

— مېلانىيە! — ھەممەيلەن تەڭلا ئۇنى ئەيىبلەشتى.

ئېلسىن خانىم بېشىنى تىك تۇتۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى:

— مېلانىيە، — ئاۋازى سەل يۇمشاپ قالغانىدى، — بۇ گېپىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈمگە قاتتىق تەگدى. مەن سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدىم، دوختۇر مادېغا ياردەملىشىپ سىزنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتۇرغانمۇ مەن. سىزنى ئۆز قىزىمدەك ياخشى كۆرەتتىم. باشقا بىر مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن شۇنداق دېگەن بولسىڭىزمۇ مەيلى ئىدى، لېكىن سىكارلېت ئوخارادەك بىر ئايالنى دەپ بۇنداق قىلىشىڭىز زادىلا بولمىدى. قاراپ تۇرۇڭ، ئۇمۇ بىر كۈنى سىزگە بىزگە قىلغاندەك قىلىدۇ...

ئېلسىن خانىم گېپىنى باشلىغاندىلا مېلانىيەنىڭ كۆزلىرى ياشلىنىشقا باشلىغانىدى. گېپى تۈگىگەندىن كېيىن چىرايى باشقىدىن تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ھەر قايسىڭلارغا شۇنى دەپ قوياي، — دېدى ئۇ، — قايسىڭلار سىكارلېتنى يوقلاپ بارمايدىكەنسىلەر، مېنىڭ بوسۇغامغا مەڭگۈ دەسسىمەڭلار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن بىردىنلا ۋاژىلداپ كەتتى، ئېلسىن خانىم سېۋەتنى تاشلىۋېتىپ ئىشىك تۈۋىدىن كەينىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياندى، بېشىدىكى يالغان چېچى سىگارىيان بولۇپ قالدى.

— بۇ گەپكە مەن قوشۇلالمايمەن، — دېدى ئۇ تووۋلاپ، — مەن قوشۇلالمايمەن. بېشىڭىز ئايلىنىپ قاپتۇ، مىلانىيە. ئەمما، مەن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن. سىز بىلەن مەن يەنىلا دوست، بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزسەك ھەرگىز بولمايدۇ.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپلا يىغلاپ كەتتى، مىلانىيەمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىپ يىغىنى سالدى، ئەمما يەنە ئۆزىنىڭ ئۇ گېپىنىڭ راستلىقىنى دەپ تۇراتتى. باشقا ئاياللارمۇ يىغلاشتى، مېرۇېتېر خانىم ئېلىسىن خانىم بىلەن مېلانىيەنى قۇچاقلىۋېلىپ يىغلاۋاتاتتى. پىتتىي ھامما ھاياجانلىنىپ كېتىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى بولدى بىر نېمە: يىغلىشىۋاتقان، سۆيۈشۈۋاتقان، تۇزغا، سۇغا يۈگۈرۈشۈۋاتقان. بۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا ئادەم كۆزلىرىدە ياش يوق تەمكىن تۇراتتى، ئۇ ئىندىيا ئىدى، ھېچكىم دىققەت قىلمىغان بىر ئارىلىقتا ئاستىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن مېرۇېتېر بوۋاي دەۋر قىزلىرى قاۋاقخانىسىغا ھېنرى خاملىتون بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ، كېلىنىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ كالللىسى يوق ئەخمەق خوتۇنلار ئاخىر قانداق قىلىشىدىغان بوپتۇ؟ — سورىدى ھېنرى تاغا تاقەتسىزلىنىپ.

— مەنمۇ ئېنىق ئۇقمىدىم، — دېدى مېرۇېتېر بوۋاي جاۋاب بېرىپ، — ئەمما، مىلانىيە ئۇ تالاش - تارتىشتا ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار چوقۇم ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ بىر قېتىم بولسىمۇ بارىدۇ. سېنىڭ ئۇ جىيەن قىزىڭنى ھەممىسى ھۆرمەت قىلىدۇ، ھېنرى.

— مىلانىيەمۇ ئەخمەق قىز، ئۇ خوتۇنلارنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. سىكارلېت ناھايىتى قۇۋ ئايال، ئۆز ۋاقتىدا چارلىس ئۇنىڭ بىلەن قانداق توي قىلىپ قالغان بولغىيدىكىن، — دېدى ھېنرى تاغا خاپا ئولتۇرۇپ، — لېكىن يەنە مىلانىيەنىڭ

گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇق، كاپىتان باتلېر قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئادەملىرىمىز ئۆيدىكىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويسا بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟ راستىنى ئېيتسام، مەن باتلېردىن ئۇنچىلىك بىزارمۇ ئەمەس. ئاشۇ كۈنى ئۇ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدى. بىزنىڭ كۆزىمىزگە مىخ بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى سىكارلېت. ئۇ تولىمۇ ئەقىللىك ئايال، ئەقىللىكلىكى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدىغان بولدى. ئىشقىلىپ، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگىلى بارىمەن، ئۇ شىماللىقلارغا سېتىلغانمۇ، يوق، كارىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىكارلېت مېنىڭ جىيەن كېلىنىم. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بارماقچىمەن.

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە باراي، ھېنرى. دولى مېنىڭ بارغىنىمنى ئاڭلايدىغان بولسا ئۆلۈۋالىدۇ. توختاپ تۇر، بىر رومكا ئىچىۋېلىپ ئاندىن ماڭايلى.

— ھازىر ئىچمە، ئۇ يەرگە بارغاندا كاپىتان باتلېرنىڭكىنى ئىچىمىز، ئۇنىڭ ياخشى ھاراقلىرى بار.

رېت باتلېر ئۇ جاھىل ئادەملەرنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەيدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئېيتقانىدى، ھازىر ئۇ گەپنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىۋاتاتتى. بەزى ئادەملەر ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئۇ بىلەتتى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ھېلىقى كۈندىكى ھەرىكەتكە قاتنىشىپ ئامان قالغانلارنىڭ خانىملىرىمۇ كېلىشتى. لېكىن، كېيىن ناھايىتى ئاز كېلىشىدىغان بولدى. كەلگەن بىلەنمۇ رېت باتلېر بىلەن سىكارلېتنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشمايتتى.

رېت ئۇلارنىڭ مىلانىيەدىن قورقمىغان بولسا ئۆزلىرىنى كۆرگىلى كەلمەيدىغانلىقىنى دېدى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى سىكارلېت بىلمەيتتى، ئۇ گەپنى پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇتۇرۇقسىز گەپ، دەپلا قارايتتى. دېمىسىمۇ ئۇ شۇنداق گەپ ئىدى، چۈنكى مىلانىيە ئېلىسىن خانىم بىلەن مىرۋېتىر خانىمدەك ئادەملەرگە تەسىرىنى قانداق ئۆتكۈزەلىسۇن؟ ئۇلار بىر قېتىملا كېلىپ ئىككىنچى كەلمىدى، سىكارلېتمۇ ئۇلارنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئانچە ئويلاپمۇ كەتمىدى، كەلگەن بولسىمۇ بىلەلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ مېھمانخانىدىكى بۇ ئۆيگە باشقا مېھمانلار ھەر كۈنى توشۇپ تۇراتتى. ئاتلانتانىڭ يەرلىك ئادەملىرى ئۇ ئادەملەرنى «كەلگۈندىلەر» دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇلارنى كەمسىتىدىغان گەپلىرى يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى.

مىللەتلەر مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقان «كەلگۈندىلەر» ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىسىلا ئۇلارغا ئوخشاش ئۆيلىرى پۈتكۈچە مۇشۇ يەردە تۇرۇشۇۋاتاتتى. ئۇلارمۇ رېت باتلېرنىڭ يېڭى ئورلېئاندىكى ئاغىنىلىرىگە ئوخشاش ناھايىتى سۆلەتلىك، كىيىنىشلىرى كاتتا ئادەملەر ئىدى، پۇلنى سانىماي خەجلەيتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، «ئىشتات ھۆكۈمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن ئاتلانتاغا كېلىشكەن» ئىدى. ئۇ قانداق ئىشلار، سىكارلېت بىلمەيتتى ھەم كاللىسىنى قاتۇرۇپ بىلىشنىمۇ ئويلىماتتى.

رېت ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلەتتى... ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى قۇزغۇننىڭ ئۆلەي دەپ قالغان ھايۋانلارغا قىلىدىغان ئىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يىراقتىن ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ، راسا بىر تويۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېلىشكەنىدى.

رېت تونۇيدىغان شىماللىق ئۇ تەۋەككۇلچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۇلارنىڭكىگە كېلىپ تۇراتتى. بەزى «كەلگۈندىلەر» سىكارلېتتىن ياغاچ سېتىۋالغانلار بولۇپ،

ئۇلارمۇ كېلىشەتتى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ خانىملىرى بىلەن ناھايىتى چىقىشاتتى. ئۇ خانىملار چىرايلىق كىيىنەتتى، ئۇرۇشنىڭ، جاپالىق تۇرمۇشنىڭ پاراڭلىرىنى زادى قىلىشمايتتى، مودا كىيىملەر، قىزىق - قىزىق ۋەقەلەر، قارتا ئويۇنلىرى توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشاتتى. سىكارلېت بۇرۇن زادىلا قارتا ئويناپ باقمىغانىدى، ھازىر قىزىقىپ قېلىپ خېلى يامان ئەمەس ئوينايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ ئۆيدە بولسىلا قارتا ئوينايدىغان دوستلىرى زادىلا ئۈزۈلمەيتتى. يېقىندىن بېرى ئۇ سېلىنىۋاتقان ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ مېھمانخانىدا كۆپ تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ بولمىغاندىكىن مېھمانلارمۇ كەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ كەلمىگىنىگە ئۇمۇ ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى، ئۇ خىل ئارىلىشىشلارنى ئۆي پۈتكەندىن كېيىنگە قالدۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئۆي پۈتكەندە ئۇ ئاتلانتا بويىچە ئەڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇنىڭ ئايال غوجايىنى بولۇپ قالاتتى، شۇ چاغدا شەھەردىكى تونۇش - بىلىشلىرىگە كاتتا چاي بېرىشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى.

ھاۋامۇ بارغانسېرى ئىسسىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭمۇ تاملىرى قوپۇرۇلۇپ گەۋدىسى پۈتۈشكە باشلىدى، پىئاچتېر بويىچە ئەڭ چىرايلىق ئۆي بولۇپ چىقىۋاتاتتى. سىكارلېت دۇكىنىنىمۇ، پەن زاۋۇتىنىمۇ ئۇنتۇپ پۈتۈن ۋاقتىنى ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىشقا قاراتتى. بەزىدە ئۇستىلار بىلەن ئۆيىنىڭ ئۇ يەر - يېرى توغرۇلۇق تالىشىپ، قىزىرىشىپ كېتەتتى. ئۆي پۈتۈپمۇ قېلىۋاتاتتى، پۈتۈشكە ئاز قالغانسېرى سىكارلېت، بۇ ئۆي پۈتۈپ چىققاندىن كېيىن پۈتۈن شەھەر بويىچە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ چوڭ ئۆي بولىدۇ، جامېسنىڭ ئۆيىدىنىمۇ ھەشەمەتلىك ئۆي بولۇپ چىقىدۇ دەپ ئويلاپ كېتەتتى. جامېسنىڭ ئۇ ئۆيىنى يېقىندا ئىشتات باشلىقى سېتىۋېلىپ كۆچۈپ كىرگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۆيمۇ ئاخىر پۈتتى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى سىكارلېت ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە بېزىدى، يەرگە قېلىن قىزىل گىلەملەرنى سالدى، ئىشىكلىرىگە ئېغىر دۇخاۋا پەردىلەرنى تارتتى. ئۆيىنىڭ جاھازلىرىمۇ ئالاھىدە ياسالغان ھەم ئالاھىدە سىرلانغان بولۇپ، ۋالىلداپ تۇراتتى. ياغاچتىن قىلىنغان ھەرقانداق نەرسىلەرگە نەپىس ئويمىلار ئويۇلغانىدى.

قىسقىسى، بۇ ئۆينى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ھەشەمەتلىكىگە ھەيران قېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ قالاتتى. سىكارلېت يۇمشاق گىلەملەرنى دەسسەپ تۇرغاندا ياكى مامۇق تۆشەكلەردە ياتقانلىرىدا تارادىكى سوغۇق ئۆيلىرىنى، شال پاخىلىدىن قىلغان كارىۋات تەگلىكلىرىنى ئەسلەپ، ھازىرقى ئۆيىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. بۇ ئۇ كۆرگەن ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆركەم، جاھازلىرى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ھەشەمەتلىك ئۆي ئىدى. ئەمما، رېت باتلېر بۇ ھەشەمەتلىكلەرنى قاباھەتلىك چۈشتەك بىلەتتى. لېكىن، سىكارلېت ياخشى كۆرگەنىكەن، بوپتۇ، ئولتۇرۇپ باقسۇن، دەپ ئويلايتتى.

— بىزنى تونۇمايدىغان ناتونۇش بىر ئادەم بۇ ئۆينى كۆرسە چوقۇم، ھارام پۇل بىلەن سېلىنغان ئۆي ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ، — دېدى رېت بىر كۈنى سىكارلېتقا، — بىلەمسىز، سىكارلېت، خەلق ئىچىدە، ئەگرى يول بىلەن كەلگەن پۇل يەنە شۇ ئەگرى يول بىلەن توگەيدۇ، دېگەن گەپ بار. بۇ ئۆي دەل شۇ گەپنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنداق ئۆينى پەقەت ھايانكەش سودىگەرلەرلا سالىدۇ.

سىكارلېت ئۆينىڭ خۇشاللىقىدا ھەم يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن بېرىدىغان كاتتا چايدا مېھمانلارنى قانداق كۈتۈۋېلىش خىيالىدا ئولتۇرغاچقا، رېتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي:

— يوق گەپنى قىلماڭچۇ؟ يەنە قانداق گەپلىرىڭىز بار؟ — دېدى. سىكارلېت رېت باتلېرنىڭ ئۆزىنى دائىم چۆكۈرۈپ

تۇرىدىغانلىقىنى، قىلغان گەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىغان بولسا كەيپىياتىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى، بەكرەك كۆڭۈلگە ئېلىپ كەتسە جېدەل چىقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا دېيىشىپ قالغۇسى كەلمەيتتى. دېيىشىپ قالسىمۇ ھامان ئۆزى ئۇتتۇرۇپ قوياتتى، شۇڭا گېپىگە قۇلاق سالمايتتى. قۇلاق سېلىشقا توغرا كېلىپ قالغانلاردا چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە شۇنداق قىلىپ كەلدى.

شېرىن ئاي مەزگىللىرى ھەم مىللەتلەر مېھمانخانىسىدا تۇرغان چاغلىرىدا ئىككىسى ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشكەنىدى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپ سىكارلېت يېڭى دوستلاردىن بىرنەچچىنى تاپقاندىن كېيىنلا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تويۇقسىز جېدەل باشلاندى، ھەر قېتىمقى جېدىلى ئۇزاققا سوزۇلمايتتى، چۈنكى رېت جېدەلنى ئۇزاققا سوزمايتتى، ئۇنىڭ كەسكىن سۆزلىرىگە سالقىن مۇئامىلە قىلاتتى، پەيتىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، پۇرسەت كەلگەندە گەپتە ئۇنى سانجىۋالاتتى. سىكارلېت سۆزلەپ تىنمايتتى، ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيەتتى. رېت ئۇنداق قىلمايتتى، ئورۇنلۇق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە، يېڭى دوستلىرىغا، يېڭى ئۆيگە دەل جايىدا باھا بېرەتتى. بەزى پىكىرلىرى شۇنچىلىك ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇنداق گەپلەرنى سىكارلېت ئەستايىدىل ئاڭلىماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چاقچاققىمۇ ئايلاندۇرۇۋېتەلمەيتتى.

مەسىلەن، سىكارلېت دۇكىنىنىڭ ئەسلىدىكى «كېننېدى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى» دېگەن ۋىۋىسكىسىنى كىشىلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغان ھەم چىرايلىق ۋىۋىسكىغا ئالماشتۇرماقچى بولۇپ، رېت باتلېرغا[①] cmporium دېگەن سۆزنى ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىم قويۇپ بېرىشنى ئېيتتى. رېت

---

① ئىنگلىزچە، كاتتا تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، دېگەن سۆز.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا Caveat Emptorium[1] دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى ۋە بۇ ئىسىمنىڭ ماگىزىندا سېتىلىدىغان نەرسىلەرگە تازا ماس كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سىكارلېت شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ خۇشال بولۇپ، بىر سىگە ۋىۋىسكا ياستىپ ۋىۋىسكىغا ئۇ خەتلەرنى يازدۇدى. ئاشلېي ۋىۋىسكىدىكى خەتنى كۆرۈپ قاتتىق ئوڭايسىزلاندى ۋە ئۇنى سىكارلېتقا تەرجىمە قىلىپ بەرگەننىدى. سىكارلېت ئاڭلاپ ئاچچىقىنى باسالماي قالدى، رېت باتلېر بولسا قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

يەنە رېت باتلېرنىڭ نېگىر ئانىغا بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ شۇنداق ئىش يۈز بەرگەننىدى. نېگىر ئانا رېت باتلېرنى ئۈستىگە ئاتنىڭ ئېگىرىنى توقۇۋالغان قېچىر دەپ ئۇنىڭغا پەقەتلا يول قويمايتتى، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن، ئەمما يەنە سالقىن مۇئامىلە قىلاتتى، «كاپىتان باتلېر» دەپ ئاتايتتى، زادىلا رېت ئەپەندى دېمەيتتى. رېت سوۋغات قىلغان قىزىل كۆڭلەكنى قولىغا ئالغاندا تىزىنى ئېگىپ رەھمەت ئېيتمىدى ھەم ئۇ كۆڭلەكنى كىيىپمۇ قويمىدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئامال بار ۋاد بىلە ئېلىلانى كۆرسەتمەيتتى. ۋاد رېت تاغىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، رېتمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. نېگىر ئانا شۇنداق ئىشلارنى قىلسىمۇ رېت ئۇنى ھەيدىۋەتمىدى ياكى قاتتىق قوللۇق قىلمىدى، كارى يوق يۈرۈۋەردى، ئەمما باشتىن ــ ئاياغ ھۆرمەت قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭغا سىكارلېتنىڭ يېڭى تونۇشقان خانىم ــ قىزلىرىغا ھۆرمەت قىلغاندىنمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلاتتى. بەزىدە سىكارلېتمۇ ئۇنىڭدىن ئۇنداق ھۆرمەت كۆرمەيتتى. رېت ۋادنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئويناتقىلى ئاچىقاندىمۇ نېگىر ئانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالاتتى، ئېلىلاغا قورچاق ئېلىپ بەرسىمۇ نېگىر ئانىغا دەپ قويۇپ، ئاندىن ئېلىپ بېرەتتى، ئەمما ئۇ موماي ئۇنىڭغا زادىلا يۈز ــ خاتىر قىلمايتتى.

---

[1] ئىنگلىزچە، ماگىزىندىن چىقىپ كەتكەن مال قايتۇرۇلمايدۇ، دېگەن سۆز، ئەمەلىيەتتىكى مەنىسى، خېرىدارلار ئېھتىيات قىلسۇن، دېگەن بولىدۇ.

سكارلېت رېتنى ئۇنىڭغا قاتتىق قول بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئائىلە باشلىقلىقىغا خاس ئىش قىلغان بولاتتى، دەپ قارايتتى، ئەمما رېت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ھەقىقىي ئائىلە باشلىقى بىزنىڭ نېگىر ئانىمىز، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بىر قېتىم رېت ئۇنىڭغا، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ جورجىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلىشىپ دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. شۇ چاغدا سىز ئۇچۇن مەن پۇشايمان يەيدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى.

— كەلگۈسىدە دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشتات باشلىقى، پارلامېنتى بار بولغاندا، سىز ھازىر تونۇشقان جۇمھۇرىيەتچى يېڭى چاكىنا دوستلىرىڭىزمۇ ئورنىدىن چۈشۈپ، كونا كەسىپلىرى بولغان قاۋاقخانا ئېچىش، يۇندى توكۇشتەك ئىشلارنى قىلىشىدۇ، ئۇلار شۇنداق ئىشلارغا مۇناسىپ، شۇ چاغدا سىز دېموكراتچىلاردىنمۇ، جۇمھۇرىيەتچىلەردىنمۇ دوستلىرىڭىز يوق، ئۆزىڭىز يالغۇز قالىسىز، كۈنىڭىزمۇ تەس بولىدۇ. ھەي، بۇلار كېيىنكى ئىشلار، ھازىر بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولار.

سكارلېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلگىنىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغدا ئىشتات باشلىقى بولوكنىڭ ئورنى مۇستەھكەملىنىپ بولغان، پارلامېنتتىمۇ نېگىرلاردىن يىگىرمە يەتتىسى كىرگەن، جورجىيەدىكى نەچچە مىڭ ئادەم سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى.

— دېموكراتلار پارتىيەسى مەڭگۈ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقالمايدۇ، پەقەت شىماللىقلارنىڭ چىشىغا تېگىپلا ئۆتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئېلىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇرۇق ماختىنىش بىلەن كېچىلىرى چىقىپ ھەرىكەت قىلىشتىن باشقا ھېچنەرسە كەلمەيدۇ.

— ئۇلار چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ. مەن جەنۇبلۇقلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشىنىمەن، جورجىيەلىكلەرنىمۇ بىلىمەن، ناھايىتى قەيسەر، ئىرادىلىك ئادەملەر. ئۇرۇش بىلەن ھاكىمىيەتنى ئالغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان بولسا چوقۇم ئۇرۇش قىلىدۇ. شىماللىقلارغا ئوخشاش نىگىرلارنى سېتىۋېلىپ ئۆزلىرىگە بېلەت تاشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا ئۇ ئىشنىمۇ چوقۇم قىلىدۇ. شىماللىقلاردەك گۆردە ياتقان ئۆلۈكلەرنىمۇ سايلامغا قاتناشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، جورجىيەنىڭ بارلىق قەبرىلىرىدىكى ئۆلۈكلەر چوقۇم سايلام مەيدانىغا يېتىپ بارىدۇ. بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز بۇلوكنىڭ يۇمشاق قول سىياسىتى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. جورجىيە ئۇنى پات ئارىدا چوقۇم قوغلاپ چىقىرىدۇ.

— رېت، گەپنى ئۇنچىلىكمۇ كېسىپ دېمەڭ، — دېدى سكارلېت ئۇنىلۇك سۆزلەپ، — مەن خۇددى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ تەختكە چىقىشىنى خالىمايدىغاندەك گەپلەرنى قىلىسىزغۇ؟ ئەھۋالنى سىز تولۇق چۈشىنىسىز. مەن ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئاجايىپ خالايمەن. سىز مېنى بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىزنىڭ بۇ يەردە كۆرەڭلەپ مېڭىپ يۈرۈشلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ مەنمۇ جورجىيەلىك، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ باشقىدىن تەختكە چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەمما، ئۇلار چىقالمايدۇ، ھازىرغىچە چىقالمىدى، چىققان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىزنىڭ دوستلىرىمىزغا قانچىلىك تەسىرى بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ پۇللىرى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ چۆنتەكلىرىدە تۇرىۋېرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گەپ ئۇلارنىڭ شۇ پۇللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىدا، ھازىرقى خەجلەشلىرىدىن قارىغاندا، يانچۇقلىرىدا بەش يىل تۇرسا چوڭ گەپ. ئاسان كەلگەن ھەم ئاسان كېتىدىغان پۇللار - دە، ئۇ ئۇلارنىڭ پۇللىرى ئۇلارغا ھېچقانچە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، خۇددى مېنىڭ پۇللىرىم سىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىگەندەك. ھېچبولمىغاندا مېنىڭ پۇللىرىم سىزنى ئاتقا ئايلاندۇرالمىدى. شۇنداقمۇ، ئوماق

قېچىرىم؟

ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى قاتتىق جېدەلگە سەۋەبچى بولۇپ، ئىككىسى بىرنەچچە كۈن خېلى خوپ جېدەللەشتى. سىكارلېت، ماڭا يالۋۇرسۇن دېگەندەك، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا گەپ قىلمايلا قويدى. تۆت كۈندىن كېيىن رېت ۋادنى ئېلىپ يېڭى ئورلېئانغا كېتىپ، سىكارلېتنىڭ ئاچچىقى يانغاندا، ئاندىن قايتىپ كەلدى، ئەمما سىكارلېتقا ئېگىلمەي ئۇنى بىئارام قىلىپ يۈرۈۋەردى.

رېت يېڭى ئورلېئاندىن خۇشال قايتىپ كەلگەنىدى، سىكارلېتمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھازىرچە ئۇ ئىشنى ئويلىماي كېيىنگە قالدۇرۇپ يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ ھازىر بۇنداق خاپىلىقلارنى ئويلايدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى، ئەس - يادى قانداق قىلىپ قوشنىلىرىغا، دوست - بۇرادەرلىرىگە بېرىدىغان كاتتا چايىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىدى. ئۇ زىياپەتنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ ئىدى، ئاتلانتادىكى ئۆزى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى — بارلىق كونا دوستلىرىنى، يېڭى ئورلېئاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تونۇشقان ھەممە چىرايلىق دوستلىرىنى — چاقىرماقچىدى. بۇ چايدىن ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى، رېتنىڭ قۇلاققا خۇشياقمايدىغان گەپلىرىنى ئاساسەن ئۇنتۇپ قالغانىدى.

پاھ، پۇل بولسا قالتىس بولىدىكەنە! زىياپەتكە كېرەكلىك نەرسىلەرگە پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي خەجلىگىلى، ئېسىل جاھازلارنى، كىيىم - كېچەكلەرنى، يېمەكلىكلەرنى ئىختىيارىيچە سېتىۋالغىلى بولىدىكەن، تۈگەپ كېتەرمۇ دەپ ئەندىشىمۇ قىلمايدىكەن ئادەم. نۇرغۇن پۇلنىڭ چېكىنى چارلېستوندىكى ھاممىلىرىغا، تاراغا ئەۋەتىپمۇ تۇرۇۋاتىدۇ. نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش بۇ. خەقنى كۆرەلمەيدىغان ئۇ گالۋاڭلار پۇلنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ تېخى! رېتچۇ تېخى، ئۇمۇ، پۇل ساڭا ھېچقانچە ياخشىلىق ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلمەيدۇ دېگەن، چۈشىنىپ بولمايدىغان ئادەملەردە بۇ!

سىكارلېت يېڭى - كونا دوستلىرىنىڭ ھەممىسىگە، تونۇشلىرىغا، ئانچە تونۇمايدىغان ئادەملىرىگە ئالا قويماي بارغاق تارقاتتى. مېرۋېتېر خانىم ئۇنى يوقلاپ مېھمانخانىغا بارغاندا قوپاللىق، ئەدەپسىزلىك قىلغان، ئېلسىن خانىممۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇز چىراي كۆرۈشكەنىدى، ئۇلارمۇ قالمىدى. مادې خانىم بىلەن ۋېمتىن خانىملارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنداق كاتتا سورۇنلارغا كىيىپ بارغۇدەك تۈزۈك كىيىملىرىنىڭمۇ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنى چاقىردى، بۇ قېتىمقى بۇ چوڭ يىغىلىشنىڭ يېرىمى زىياپەت، يېرىمى تانسا ئىدى، شۇ چاغلاردا بۇنداق چايلارنى «كاتتا يىغىلىش» دەپ ئاتىشاتتى، ئاتلانتادا بۇنداق يىغىلىش ھازىرغىچە بولۇپ باقمىغانىدى.

ئۇ كۈنى كەچتە زال ھەم كارىدورلار مېھمانلار بىلەن لىق توشتى. ئۇلار سىكارلېت تەييارلىغان شامپانلارنى ئىچىشىپ، مەززىلىك تائام ۋە پېچىنە - پىرەنىكلەرنى يېيىشىپ راھەتلەنمەكتە، لەرزان مۇزىكىلارغا تانسىلارنى ئويناشماقتا ئىدى. بىراق، رېت «كونا ئەسكەرلەر» دەپ ئاتايدىغان ئادەملەردىن مېلانىيە، ئاشلېي، پىتتىي ھامما، ھېنرى تاغا، ئەر - خوتۇن مادېلار ۋە مېرۋېتېر بوۋايدىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى.

ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇرغۇن ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن، بىر قىسمى مېلانىيەنىڭ يۈزىنى دەپ، يەنە بىر قىسمى رېت ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن يۈز كېلەلمەي كېلىشكەنىدى. زىياپەتكە ئىككى كۈن قالغاندا، ئىشتات باشلىقى بۇلوكمۇ ئۇ زىياپەتكە بارغۇدەك دېگەن گەپ تارقىلىپ كېتىپ: «كونا ئەسكەرلەر» سىكارلېتقا خەتلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئادەم بارىدىغانلا بولسا ئۆزلىرىنىڭ قەتئىي بارمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. كونا دوستلاردىن ئازراق كەلگەن بولسىمۇ، ئىشتات باشلىقى كېلىشى بىلەنلا ئۇلارمۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا

زىياپەتتىن چىقىپ كەتتى.

سكارلېت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ھەم ئاچچىقى كەلدى، بۇ ئىشىم پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى دەپمۇ ئويلىدى. قانداق كاتتا «چوڭ يىغىلىش» ئىدى ـ ھە بۇ! سكارلېت كۆپچىلىككە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنچىلىك كۈچىگەن ئەمەسمىدى؟ ئەپسۇس، كونا دوستلىرىدىن بىرنەچچىسىلا كەلدى، كونا رەقىبلىرىنىڭ بىرسىمۇ كەلمىدى. تاڭ يورۇغاندا مېھمانلار تارقاپ كەتتى. سكارلېتنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ راسا بىر يىغلىغۇسى كەلدى، لېكىن يەنە رېتنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشلىرىدىن، بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان قارا كۆزلىرىدىن قورقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى ئېغىزدا دېمىسىمۇ كۆزلىرىدىن: «مەن دېمىدىممۇ؟» دەۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، سكارلېت غەزىپىنى تەستە بېسىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋەردى.

ئەمما، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە مېلانىيەگە قاتتىق چېچىلدى.

— سىز مېنى بەكمۇ ئوسال قىلدىڭىز، مېلانىيە ۋىلكېس، ئاشلېي بىلەن قالغان بىرنەچچىڭلار بىرلىشىپ مېنى شۇنچىلىك رەسۋا قىلدىڭلار. سىز ئۇلارنى باشلاپ ماڭمىغان بولسىڭىز، ئۇلار ھەرگىز چىقىپ كەتمەيتتى. ھەم. مەن سىزنىڭ ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى كۆردۈم. ئىشتات باشلىقىنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويىماقچى بولۇپ مېڭىۋىدىم، بىرىنچى بولۇپ سىز چىقىپ كەتتىڭىز.

— مەن ئۇ ئادەمنى كەلمەيدۇ... كېلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — دېدى مېلانىيەمۇ خاپا چىراي ھالدا، — ھەممە ئادەم...

— ھەممە ئادەم؟ بۇ گەپچە، ھەممە ئادەم مېنىڭ ئۈستۈمدىن گەپ قىلىشىپتۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى سكارلېت غەزەپ بىلەن توۋلاپ، — سىز ئىشتات باشلىقىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش كەلمەيلا قوياتتىم دېمەكچىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، — دېدى مېلانىيە كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي بوش ئاھاڭدا، — سۆيۈملۈكۈم، ئۇنداق ئەھۋالدا مەنمۇ كېلەلمەيتتىم.

— يارايسىز! ئەسلىدە سىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش مېنى ئوسال قىلماقچىكەنسىز - دە.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى مېلانىيە كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، — مەن سىزنى قەستەن رەنجىتمەكچى ئەمەس، سىز مېنىڭ ھەددەم، قەدىرلىكىم، ئۆز ئاكام چارلېسنىڭ رەپىقىسى، مەن...

ئۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ بىر قولىنى سكارلېتنىڭ دولىسىغا قويۇۋىدى، سكارلېت سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتى، دادىسىغا ئوخشاش قاتتىق چىچىلىپ ۋارقىراپ كەتكىلىمۇ تاس قالدى. لېكىن، مېلانىيەمۇ بوش كەلمىدى، كۆزلىرى سكارلېتنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىگە دادىل تىكىلىپ تۇرىۋەردى، — بالىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايى ۋە ئورۇق گەۋدىسىگە مۇناسىپ كەلمىگەن بىر خىل كەيپىيات ئىچىدە مەيدىسىنى كېرىپ ئولتۇرىۋەردى.

— كەچۈرۈڭ، سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، قەدىرلىكىم. مەن بۇلوك ياكى ھەرقانداق جۇمھۇرىيەتچى، شىماللىقلارغا بېقىنغان ھەرقانداق ئادەم بىلەن بىر يەردە ئولتۇرالمايمەن. سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىمۇ، باشقا يەردىمۇ شۇنداق. مەن... مەن... — مېلانىيە مۇھىم بىر گەپنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپىغا قاراپ كەتتى، — مەن قوپاللىق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ھالەتتىمۇ، ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشمەيمەن.

— سىز بىزنىڭ دوستلىرىمىزنى ئەيىبلىمەكچىمۇ؟

— ياق، قەدىرلىكىم! ئۇلار مېنىڭ ئەمەس، سىزنىڭ دوستلىرىڭىز.

— سىز مېنى، ئىشتات باشلىقىنى چاقىرماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، دېمەكچىمۇ؟

مېلانىيە بۇ گەپتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماي، سكارلېتنىڭ

كۆزلىرىگە دادىل تىكىلىپ تۇرىۋەردى، قىلچە تەۋرەنمىدى:

— قەدىرلىكىم، سىزنىڭ قىلغان ھەرقانداق ئىشىڭىز يوللۇق، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزگە ئىشىنىمەن، سىزنى ئەيىبلەيدىغان خىيالىممۇ يوق. سىزنى ئەيىبلىگەن ئادەمنى ئاڭلىسام شۇئان دەككىسىنى بېرىمەن، بىراق، سىكارلېت، — بىردىنلا ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى، ئاۋازى چىڭ ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدا ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس بىر خىل نەپرەت ئوتى لاۋۇلدايتتى، — ئۇ ئادەملەرنىڭ بىزگە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ سۆيۈملۈك چارلىس ئۆلۈپ كەتتى. ئاشلېي سالامەتلىكىدىن ئايرىلدى، «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى. ئەجەبا، شۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ سىز ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى شىماللىقنىڭ قولىدىكى ئاپىڭىزنىڭ يىڭنە - يىپ سالىدىغان قۇتىسىنىغۇ ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ شېرماننىڭ ئادەملىرى تاراغا كېلىپ بىزنىڭ ئىچ كىيىملىرىمىزدىن تارتىپ بۇلاپ كەتتى، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولۇشتى، دادامدىن قالغان قىلىچنى قولىغا ئېلىپ شىلتىپ كېتىشتى، شۇلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ سىكارلېت، ئۇلار بىزنى بۇلاپ - تالىدى، ئازابلىدى، ئاچ - يالىڭاچ قويدى. بۈگۈن سىز دەل ئاشۇ ئادەملەرنى ئۆيىڭىزگە چاقىرىپ مېھمان قىلدىڭىز، نېگىرلارنى بىزگە قارشى قويغانلار، مال - مۈلۈكلىرىمىزنى بۇلاپ كەتكەنلەر، بىزنى سايلامغا قاتناشتۇرمىغانلار ئاشۇلار ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى مەن ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئۇنتۇپ كېتىشنىمۇ ئويلىمايمەن، نەۋرىلىرىمگىمۇ ئۇلاردىن مەڭگۈ نەپرەتلىنىشنى ئۆگىتىمەن. تەڭرىم ماڭا داۋاملىق ئۆمۈر بېرىدىغان بولسا، ئۇلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەتنى نەۋرە - چەۋرىلىرىمنىڭ قان - قېنىغا سىڭدۈرۈۋېتىمەن. سىكارلېت، سىز نېمىشقا ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىسىز؟

مېلانىيە دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سەل تۇرۇۋالدى،

سكارلېتنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى. مېلانىيەنىڭ كىچىك ھاياجىنى، ئاۋازىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى، بايىقى ئاچچىقلىرىنىمۇ نەلەرگىدۇر تارقىتىۋەتتى.

— سىز مېنى گالۋاڭ كۆرۈۋاتامسىز؟ — سورىدى ئۇ سەل تېرىككەندەك قىلىپ، — ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكىنىم يوق. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، مېلانىيە، بىز ئەمدى ئامال بار ھازىرقى شارائىتتىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، ھازىر مەن دەل شۇنداق قىلىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ ئىشتاتقا ئېلىنغانلىقى ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

باشلىقى بولۇكقا ئوخشاش بىرئاز ياخشىراق ئادەملىرى بىلەن ئارىلىشىشقا ماھىر بولساق، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا بولغان ياردىمى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

— ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرئاز ياخشى دېگۈدەك ئادەملەر يوق، — دېدى مېلانىيە كەسكىن سۆزلەپ، — ئۇلارنىڭ ياردىمىمۇ ماڭا لازىم ئەمەس، ھازىرقى ۋەزىيەتتىن پايدىلانغۇمۇ يوق، ئەگەر پايدىلىنىش شىماللىقلارغا قارىتىلغان بولسا.

— ۋاي خۇدايىمەي، مېلانىيە، نېمىشقا بۇنداق يامانلايسىز؟

— ھە، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، — دېدى مېلانىيە سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ، — سكارلېت، مەن ئەسلىدە سىزنى رەنجىتمەكچى ھەم ئەيىبلىمەكچى ئەمەس. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويلىغانلىرى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇشلىرىمۇ ھەقلىق ئىش. گېپىمنى ئاڭلاڭ، قەدىرلىكىم، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز، شۇنداقمۇ؟ سىز ماڭا نېمە دېگۈدەك ئىش قىلمىغاندىمەن؟ سكارلېت، ئىككىمىز ئەپ ئۆتمەيدىغان بولساق، بۇ ماڭا قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ... بىز ھەممە جاپالاردا بىللە بولغان تەقدىرداشلار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بولدى گەپ قىلماڭ، مېلانىيە، گەپكىمۇ ئۇستا ئىكەنسىز، — دېدى سكارلېت نارازى بولغاندەك قىلىپ، ئەمما مېلانىيە

ئۇنىڭ بېلىدىن بوش قۇچاقلىۋالدى، سىكارلېت ئۆزىنى قاچۇرمىدى.

— بولدى، ئىككىمىز يەنە ئەپلىشىپ قالدۇق، — دېدى مېلانىيە خۇشال هالدا، ئەمما بىر گەپنى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى، — سۆيۈملۈكۈم، بىز بۇرۇنقىغا ئوخشاش قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرايلى. جۇمهۇرىيەتچىلەر بىلەن شىماللىقلارغا بېقىنىپ كەتكەن ئادەملەر ئۆيىڭىزگە كەلگەن چاغدا ماڭا خەۋەر بېرىۋەتسىڭىز مەن كەلمەي تۇرىمەن.

— كېلەمسىز، كەلمەمسىز، ماڭا بەرىبىر، — دېدى سىكارلېت شىلەپىسىنى كىيىۋېتىپ. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلغۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. مېلانىيە دىلى رەنجىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ رەنجىگىنى سىكارلېتنىڭ زىياپەت تۇپەيلى ئازابلانغان يۈرىكىگە تەسەللى بولغانىدى.

زىياپەت بولۇپ بىرنەچچە هەپتىگىچە سىكارلېت كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىگە تۇتقان مۇئامىلىسىگە پىسەنت قىلماي يۈرۈشنىڭ ئىنتايىن تەس ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ يۈردى. مېلانىيە، پىتتىي هامما، هېنرى تاغا ۋە ئاشلېيدىن باشقىلار ئۇنى يوقلاپ كەلمەيتتى، ئۆزلىرىنىڭ يىغىلىشلىرىغىمۇ چاقىرىشمايتتى. بۇ ئىشتىن ئۇ قاتتىق هەيران بولدى هەم ئازابلاندى. ئۇلار ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىپ، ئۇنى هاقارەتلەپ ئارىغا ئالماي يۈرۈشسىمۇ سىكارلېتنىڭ ئۇلارغا قارىتا قىلچە يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئۇلار بىلىشمەمدىغاندۇ؟ ئۇلار ئۇنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئىشتات باشلىقى بولوكنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىشى كۆرۈنۈشتىكى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشلىرى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەخمەق گالۋاڭلار! ئەگەر هەممە ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش جۇمهۇرىيەتچىلەرگە كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىغان بولسا جورجىيە قېيىن ئەهۋالدىن بۇرۇنلا قۇتۇلۇپ كېتەتتى.

سىكارلېت شۇ چاغدا ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشى ۋە كونا دوستلىرى بىلەن بولغان ئاجىز مۇناسىۋەت يىپلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى ئۇنى مەڭگۈ ئۇلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. مېلانىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى، ئۇ مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. سىكارلېت بۇرۇنقىدەك ھايات كەچۈرۈشنى، كونا دوستلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ ياشاشنى ئويلىسىمۇ، ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۈتۈن شەھەر ئۇنىڭغا چىرايىنى تۈرگەن، گىرانىت تاشتەك قېتىپ كېتىشكەنىدى. كىشىلەرنىڭ بۆلوك ھاكىمىيەتكە بولغان نەپرىتى سىكارلېتنىڭمۇ ئۈستىگە چۈشكەنىدى، بۇ خىل نەپرەت ئىنتايىن رەھىمسىز بولۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىكارلېتنىڭ تەقدىرى دۈشمەننىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن، كېلىپچىقىشى، ئائىلە ئەھۋالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاينىغان ئۇنسۇر، نېگىرلارنىڭ قوللىغۇچىسى، خائىن جۇمھۇرىيەتچى بولۇپ بولغانىدى... ئۇ يەنە شىماللىقلارغا بېقىنىپ كەتكەنمۇ ئادەم ئىدى.

سىكارلېت بىر مەزگىل ئازابلانغاندىن كېيىن، پەرۋا قىلمىغاندەك يۈرگەن يالغان نىقابىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەيتتى، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقى بىلەن روھىمۇ چۈشۈپ كەتمەيتتى. ئۇزاققا قالماي مېرۋېتېر، ئېلسىن، ۋېمتىن، بونىېل، مادې ۋە باشقىلار ئۆزىنى نېمىلا دېسە قىلچە كارى بولمايدىغان بولدى. مېلانىيە بىلەن ئاشلېي ئۇنى تاشلىماي پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. ئۇنى بىر ئاشلېيلا تاشلىمىسا قالغىنىنىڭ كارى چاغلىق ئىدى. ئاتلانتادا ئۇنىڭ زىياپەتلىرىگە قاتنىشىدىغان ئادەملەر خېلى بار ئىدى، ئۇلار ئۇ مۇتەئەسسىپ قېرىلارغا

قارىغاندا ئىختىيارىي ئىدى، كالللىسىمۇ قېتىپ قالغان ئەمەس، كىيىملىرىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن چىرايلىق ئىدى.

ئۇ ئادەملەرنىڭ ئاتالىتاغا كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغانىدى. بەزىلىرى رېتىنىڭ دوستلىرى ئىدى، بەزىلىرى سىرلىق پائالىيەتلەردە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئادەملەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ مېھمانلىرىنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقاندا تونۇشۇپ قالغان ئەر ـ ئاياللارمۇ، ئىشتات باشلىقى بولۇك يېڭىدىن خىزمىتىنى ئۆستۈرگەن ئەمەلدارلارمۇ بار ئىدى.

سىكارلېتىنىڭ زىياپەتلىرىگە كېلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن، ئائىلە ئەھۋالى ياخشى ئادەملەرمۇ، تەۋەككۇلچىلەردىن باشقا، مال ـ مۈلۈكلىرى خېلى بار شىماللىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاتالانتانى قايتا قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سودىنىڭ ناھايىتى ياخشى راۋاج تاپىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېلىشكەنىدى. شىمالدىكى پۇلدار ئائىلىلەرمۇ باللىرىنى يېڭى رايوندا يېڭى ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبقا ئەۋەتىپ تۇرۇشاتتى. ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرمۇ قانلىق جەڭلەرنى قىلغان بۇ شەھەردىن كېتىشنى خالىماي ئولتۇراقلىشىپ قېلىۋاتاتتى. دەسلەپتە ئۇلار بۇ يەرگە يات بولغاچقا، سىكارلېتىنىڭ تەكلىپلىرىنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ زىياپەتلىرىگە كېلىپ تۇرۇشقانىدى، كېيىن ئۇنىڭ چەمبىرىكى ئىچىدىن ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرمۇ تەۋەككۇلچىلەر ۋە تەۋەككۇلچى ھۆكۈمەت بىلەن بىر مەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن، جورجىيەنىڭ يەرلىك ئادەملىرىگە ئوخشاش ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپمۇ قېلىۋاتاتتى، نۇرغۇنلىرى ھەتتا دېموكراتلار پارتىيەسىگە كىرىپ جەنۇبلۇقلاردىنمۇ ئۆتە جەنۇبلۇق بولۇپ كېتىشكەنىدى.

سىكارلېتىنىڭ خۇشى يوق بەزى ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى، ئۇ ئادەملەرنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇلارنىڭ «كونا ئەسكەرلەر»نىڭ ئۆيلىرىدە مېھمان بولغۇسى

كېلەتتى، ئەمما ئۇلار ئۇ ئادەملەرنى ئۆيلىرىگە چاقىرمايتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىمالدىن كەلگەن ئايال مۇئەللىملەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار جەنۇبقا نىگىرلارنى، شىماللىقلارغا بېقىنغان جەنۇبلۇقلارنى ئوقۇتۇشقا كەلگەنىدى. ئۇ جەنۇبلۇقلار ئەسلىدە ئوبدان ئادەملەر بولۇپ، جەنۇب تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەتچىلەرگە ئايلىنىپ كېتىشكەنىدى.

شىمالدىن كەلگەن ئايال مۇئەللىملەر بىلەن شىماللىقلارغا بېقىنغان جەنۇبلۇقلارنىڭ ئىچىدە ئاتلانتانىڭ يەرلىك خەلقى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى قايسىلار؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دېمەك تەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى كېيىنكىلىرى بولسا كېرەك.

سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن خىلمۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بۇ جەمئىيەتنىڭ پەقەت بىرلا ئورتاقلىقى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ پۇل ئىدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ قولىغا يىگىرمە بەش سومنى ئېلىپ ئىختىيارىيچە خەجلەپ باققان ئادەملەر ئەمەس ئىدى، ھازىر بولسا پۇلنى سۇدەك خەجلىشەتتى، بۇنداق ئىسراپخورلۇق ئاتلانتادا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

سىياسىي جەھەتتە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ، ئاتلانتا ئىسراپخورلۇق ۋە ھەشەمەتچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويدى. پۇلدارلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق روشەن گەۋدىلىنىپ باقمىغانىدى. يۇقىرى ئورۇندىكىلەر بەختسىز ئادەملەرگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئەلۋەتتە، نىگىرلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممە شارائىتلىرى ياخشى ئىدى، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى، ياخشى ئۆيلەردە تۇراتتى، ياخشى كىيىملەرنى كىيەتتى، ئويۇن - تاماشىلارمۇ شۇلارنىڭ ئىدى، چۈنكى ھاكىمىيەت شۇلارنىڭ قولىدا - دە. نىگىرلارنىڭ قوللىرىدىكى ھەر بىر سايلام بېلىتىنىڭ رولى بار ئىدى. يېقىندىن نامراتلىققا

يۈزلىنىۋاتقان ئاتلانتالىقلار كوچىلاردا يىقىلىپ قالسىمۇ، يېڭىدىن باي بولۇۋاتقان جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمايتتى.

بۇ چاكىنىنا دولقۇن ئىچىدە سكارلېت ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى، دائىم كەيپى چاغ ئىدى، رېت باتلېرنىڭ پۇلى بىلەن كىيىم دېگەننى بولۇشىچە كىيەتتى، شۇ چاغنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئۇنىڭغا تازا ماس كەلگەنىدى. ھەممە ئادەم قىلچە قورۇنماي ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشەتتى، ئاياللارنىڭ كىيىنىشلىرى تولىمۇ ئالىپتە، ئۆيلىرىنىڭ جاھازلىنىشلىرىمۇ ئۆزگىچە، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ھېسابسىز، ئاتلىرىمۇ، يەيدىغان نەرسىلىرىمۇ، ۋىسكىيلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. سكارلېتنىڭ ئاپىسىنىڭ تەلەپ ئۆلچىمى بويىچە بولغاندا، سكارلېتنىڭ يېڭى تونۇشقان دوستلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ دۇرۇس ئاردەم دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خېلى يىللار ئىلگىرى تارادىكى مېھمانخانا ئۆيىدە تۇرۇپ رېت باتلېرغا ئاشنا بولۇش قارارىغا كەلگەن چاغدىن باشلاپلا ئاپىسىنىڭ ئادەم بولۇش ئۆلچەملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ھازىر ئۇنداق ئىشلارنى قىلسىمۇ ۋىجدانى زادىلا ئازابلانمايتتى.

ئۇنىڭ ھازىرقى يېڭى دوستلىرىنى قاتتىق تەلەپ بويىچە ئەپەندى، خانىم، دەپ ئاتىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەممىسىلا رېتنىڭ يېڭى ئورلېئاندىكى ئاغىنىلىرىگە ئوخشاش ئاجايىپ قىزىق ئادەملەر ئىدى. سكارلېت يېڭى ئورلېئاندىكى چاغدىكىدىن باشقا ۋاقىتلاردا پەقەتلا ھاياتنىڭ لەززىتىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۆزىنى بەختەر سەزمەي كەلگەنىدى. ئەمدى تۇرمۇشى مۇقىملىققا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تانسىلارنى ئوينىغۇسى، سىرتلارغا چىقىپ تاماشا قىلغۇسى، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچكۇسى، تاۋار - دۇردۇنلارغا يۆگىلىپ يۇرگۇسى، يۇمشاق ماموق تۆشەكلەردە، لۆم - لۆم دىۋانلاردا ئولتۇرغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەم قىلىپمۇ كۆردى، رېتمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردى. سىكارلېت ھازىر بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىسكەنجىلەردىن، نامراتلىقنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىدىن قۇتۇلغانىدى، شۇڭا بۇرۇن ئۆزى ئويلاپ يۈرگەن ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتى خىيال قىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇ ئارزۇلىرى، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىش، كىم قوللىمىسا ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىق ئىدى.

سىكارلېت ئاشۇ خىياللىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇ ئارزۇلىرى قىمارۋازلارنىڭ، ئالدامچىلارنىڭ، ئەدەپلىك ئايال تەۋەككۇلچىلەرنىڭ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن خەقنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئوينىتىشنى ئويلايدىغان ئادەملەرنىڭ ئارزۇلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تەشكىللىك جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئادەملەرنىڭ ھايات يۈرۈشى نومۇس ئىش ئىدى. سىكارلېت نېمە دېگۈسى كەلسە، دەيتتى، نېمە قىلغۇسى كەلسە، قىلاتتى، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى خۇددى ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغان شاردەك بارغانسېرى كۆپچۈپ كېتىۋاتاتتى.

سىكارلېت يېڭى تونۇشقان جۇمھۇرىيەتچىلەرنى، شىماللىقلارغا بېقىنىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئوخشاشلا كۆزگە ئىلمايتتى، شىماللىق ئوفىتسېرلار بىلەن ئۇلارنىڭ خانىملىرىغا تېخىمۇ قوپاللىق، تېخىمۇ تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. ئاتلانتاغا ئېقىپ كەلگەن خىلمۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئىچىدە يالغۇز ھەربىيلەرنىلا قوبۇل قىلمايتتى، قارشى ئالمايتتى، قەستەن ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلاتتى. كۆك كىيىمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇمىغان ئادەم يالغۇز مېلانىيە ئەمەس ئىدى. سىكارلېت ئۈچۈن ئۇ ھەربىي كىيىملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ تۈگمىلىرى مەڭگۈ قورشاۋ ۋەھىمىسى، ئۇنىڭدىن قاچقان قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلەر، بۇلاڭچىلىق، ئوت قويۇش، ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش ۋە تارادىكى ئېغىر ئەمگەكلەردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ھازىر ئۇنىڭ پۇلى بار بولدى، ئىشتات باشلىقى ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرى بىلەن

تونۇشتى، ئىجتىمائىي ئورنى مۇستەھكەملەندى، كۆك كىيىملىك ئەسكەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئاساسقا ئىگە بولدى. ئەمدى ئۇلارغا قانداق ھۆرمەتسىزلىك قىلىمەن دېسە قىلالايدۇ.

رېت بىر قېتىم ئۇنىڭغا ئۆيىگە كېلىۋاتقان ئەرلەرنىڭ كۆپىنىڭ ئىلگىرى ئاشۇ كۆك كىيىملەرنى كىيگەن ئەسكەرلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، سكارلېت ئۇنىڭغا، كۆك كىيىم كىيمىگەن شىماللىقلار ھەقىقىي شىماللىق ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردى.

سكارلېتنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى كۆك ھەربىي فورما كىيىپ يۈرىدىغان ئۇ ھەربىيلەرگە بەزىدە تۇيۇقسىز تۇيۇلۇپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ خانىملىرىمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇلار تەربىيە كۆرگەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئىدى، ياقا يۇرتلاردىكى بۇنداق دۈشمەنلىك مۇئامىلىلەر ئۇلارغا ھار كېلەتتى، مۇتتەھەم ھاكىمىيەتنى قوغداشقا مەجبۇرلانغانلىقلىرى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ شىمالغا قايتىپ كېتىشنىمۇ ئويلىشاتتى. ئۇلارنىڭ خانىملىرى باتلېر خانىمنىڭ قىزىل چاچلىق بەتبەشىرە بىرىدگېت فىلاخېرتىغا ئوخشاش خوتۇنلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۆزلىرىنى قەستەن نەزەرگە ئېلىپ قويمايۋاتقىنىغا ھەيران بولۇشاتتى.

ئەمما، سكارلېت دوستۇم دەپ يۈرگەن ئۇ خوتۇنلارمۇ دەردىنى ئىچىدە بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى كەمسىتىشلىرىگە رازى ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سكارلېت يەنە بايلىقنىڭ، نازاكەتنىڭ سىمۋولى ئىدى، يەنە كونا تۈزۈم، كونا شەخسلەر، كونا ئائىلىلەر، كونا ئەنئەنىلەرنىڭ ۋەكىلىدەكمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇلار ھەم ئاشۇ كونا نەرسىلەرنىڭ قايتىدىن جېپسىلىشىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار تەلپۈنگەن ئۇ كونا ئائىلىلەر بولسا سكارلېتنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىشنى ئويلايتتى. ئەمما، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئېسىلزادىلەرنىڭ خانىملىرى ئۇلارنىڭ ئۇ

خىياللىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى، سىكارلېتنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى چوڭ بىر قولدارنىڭ قىزى، ئاپىسىنىڭ ساۋاتلىقلىقى رويپلاردىن جەمەتىدىن، ئېرىنىڭ چارلېستوندىكى رېت باتلېر ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى، ئۇلارغا شۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى. كونا ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئۇلارنى كەمسىتەتتى، ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمەيتتى. چېركاۋلاردا ئۇلارغا سالقىن قاراپ باشلىرىنى لىڭشىتىپلا قوياتتى. ئۇلار بۇ كونا ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئىچىگە كىرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى، شۇڭا سىكارلېتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى ئويلىشاتتى. سىكارلېت ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇچۇن ۋاستىلا ئەمەس ئىدى، ئۇنى يەنە ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ تىپىك گەۋدىسى دەپمۇ بىلىشەتتى. ئۇ خانىملار يۇقىرى تەبىقىگە ھەقىقىي مەنسۇپ بولمىغان خانىملار بولغاچقا، سىكارلېتنىڭ ساختا نىقابىنىڭ ئاستىدىكى ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتى، سىكارلېتنىڭ ئۆزىمۇ ھەم چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلار سىكارلېتقا ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەلەمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقلىرىغا، قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي ئەيىبلىرىنى ئېچىشلىرىغا چىدايتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئاساسلىرى ئاجىز، ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىمۇ كۆچلۈك ئەمەس ئىدى، شۇڭا لاتاپەتلىك بولۇشقا تىرىشاتتى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ، ئاياللىق خۇسۇسىيىتى يوق، دەپ ئەيىبلەشلىرىدىن قورقۇپ ھېچكىمگە ئاچچىقلىنالمايتتى، ھېچكىم بىلەن تەڭ تۇرالمايتتى، ھەرقانچە كۆپ بەدەل بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ خانىملاردەك بولۇشقا تىرىشاتتى.

ئۇلارنىڭ ئەرلىرى پۇل تېپىشقا ئۇستا بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئۆگىنىشكە ماھىر ئەمەس ئىدى، سىكارلېتنىڭ زىياپەتلىرىدە هاراقنى كۆپ ئىچەتتى، ھەتتا مەست بولغۇچە ئىچىشىپ، بەزىلىرى كەچتە كېتەلمەي

سىكارلېتلارنىڭكىدە قونۇپمۇ قالاتتى. ئۇلارنىڭ هاراق ئىچىشى سىكارلېت كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىشلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. يۈزلىرى ئېسىلىپ، تىلى كالۋالىشىپ شۇنداق سەتلىشىپ كېتەتتى، سەت گەپلەرنى قىلىشاتتى، تۈكۈرۈك قاچىلىرىغا تۈكۈرمەي، كۆرگەنلا يەرگە تۈكۈرۈۋېرەتتى. سىكارلېت ئەتىسى گىلەملەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ تۈكۈرۈكلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرەتتى.

سىكارلېت ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، لېكىن يەنە ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنداق ئادەملەر ئۇنىڭكىگە كۆپ كېلەتتى. بەزىدە ئۇلار ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا سىكارلېت ئۇلارنى قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ ئۆيىدىن قوغلاپمۇ قوياتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ قوپاللىقلىرىغا چىدايتتى.

ئۇلار رېتنىڭ گەپلىرىگىمۇ چىدايتتى، بەزىدە رېت ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۇلارنىڭ يېغىرىنى ئاچسىمۇ غىرىڭ قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ خانىملىرى رېت باتلېرنى چاكىنا ئادەم دەپ بىزار بولۇشاتتى، ئەرلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن چوشقا، هاراملىق دەپ قوياتتى. بۇرۇن ئاتلانتالىقلار ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇمۇ ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇشنى ئويلىمىغانىدى. هازىرمۇ ئۇلار ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، ئۇمۇ ئۇلارغا ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلمايتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئىدى، ئۆزىنىڭ ئىشىدىن ئۆزى خۇشال بولۇپ يۈرەتتى، باشقا ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئېتىبار بەرمەيتتى، قىلىۋاتقان تەكەللۇپلىرى ئادەمنىڭ زېتىغا تېگىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. سىكارلېت ئۈچۈن ئۇ هازىرمۇ بىر تېپىشماق ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ تېپىشماقنى تېپىش ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ هەممە نەرسىدىن نارازى بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدىمۇ رازى بولمايدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتى ئۇنىڭغا جىددىي كېرەكلىك نەرسىلەر هېچيەردىن تېپىلمايتتى ياكى ئۇنىڭغا هېچ قانداق نەرسە لازىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمايتتى، شۇڭلاشقا ھەر قانداق نەرسىگە ئېتىبارسىز قارايتتى. ئۇ يەنە شۇنداق تۇرۇپ، يەنە سىكارلېتنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىنى مەسخىرە قىلاتتى، ئىسراپخورلۇقىغا، تەكەببۇرلۇقىغا ئىلھام بېرەتتى، ھەشەمەتچىلىكىنى، شەكىللۋازلىقىنى ياراتمايتتى، ئەمما يەنە ئاشۇ ھەشەمەتچىلىكلىرىگە كەتكەن پۇلنى قىسماي بېرىپ تۇراتتى.

## ئەللىكىنچى باب

رېت باتلېرنىڭ غەلىتىلا مىجەزلىرى بار ئىدى، ئۇ مىجەزلىرىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمەيتتى، ئىككىسىنىڭ ئەڭ شېرىن چاغلىرىدىمۇ شۇنداق ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر مىجەزىگە زادىلا كۆنەلمەيۋاتاتتى. دائىملا ئۇنى ئۆزىگە دىققەت قىلىپ قاراۋاتقاندەك سېزەتتى، بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك، كۈتۈۋاتقاندەك ئىپادىلەردە چۆچۈگەندەك بىر خىل ئالامەت كۆرۈنۈپ قالاتتى. كۆزلىرىدىكى ئۇ ئىپادىدە چىدىغۇسىز سەۋرچانلىق ئەكس ئېتەتتى. سىكارلېت بولسا بۇ خىل سەۋرچانلىقنىڭ زادىلا تېگىگە يېتەلمەيتتى.

رېت يالغان گەپكە، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۆچ بولسىمۇ، سىكارلېت ئۇنىڭ بىلەن بەزى چاغلاردا خۇشال ياشايتتى. ئۇ سىكارلېتنىڭ دۇكىنى، زاۋۇتلىرى، قاۋاقخانىسى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنى، مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنى بېقىشقا كېتىدىغان خىراجەتلىرى ئۇستىدىكى ۋايساشلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلايتتى ھەم ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەمەلىي مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى. سىكارلېت ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتلەرگە، تانسىلارغا زېرىكمەي، بىزار بولماي تولۇق قاتنىشاتتى. بەزى ئاخشاملىرى يالغۇز ئىككىسى، ئالدىلىرىغا بىراندى بىلەن قەھۋە قويۇپ

پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. رېت ئۇنىڭغا قىزىق - قىزىق ۋەقەلەرنى، ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كۈلدۈرەتتى، كۆڭلىنى ئاچاتتى. ھەرقانداق ئىشتا سەمىمىي بولسىلا ئۇنىڭ نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغانلىقىنى سكارلېت ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇنداق قىلماي ئەگرىلىك قىلسا، كۆڭلىدىكىنى ئېيتمىسا ياكى ئاياللارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنى ئالداپ مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىمەن دەپ ئويلىسا ئۇ ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمەيتتى. ئۇ يەنە سكارلېتنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايتتى، شۇ ئويى ئۈچۈن ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. سكارلېت ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشىغا زادىلا چىدىيالمايتتى.

رېت دائىم ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارايتتى، سكارلېت ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى، بەزىدە ھەيران قېلىپ، مۇشۇنداق تۇرۇپ مەن بىلەن نېمىشقا توي قىلغاندۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. ئەرلەرنىڭ بەزىلىرى مۇھەببەتنى، بەزىلىرى ئۆي - ئوچاقلىق، بالىلىق بولۇشنى، بەزىلىرى پۇلنى دەپ توي قىلىشىدۇ، ئەمما سكارلېت ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن پۈتۈنلەي ئۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن توي قىلمىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن توي قىلمىغان، ئۇنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئۆيىنى قورقۇنچلۇق بىنا، بۇ يەردە تۇرغاندىن ياخشىراق بىر مېھمانخانىدا تۇرغىنىم ياخشى، دېيىشلىرىمۇ شۇنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ يەنە چارلېس بىلەن فىرانكقا ئوخشىمايتتى، زادىلا بالا يۈزى كۆرگۈسى يوق ئىدى. بىر قېتىم سكارلېت ئۇنىڭغا ئەركىلەپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۆزى بىلەن توي قىلغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ خۇشال جاۋاب بېرىپ: «سىز بىلەن توي قىلىشىم، سىزنى چىرايلىق بىر نەرسە ئورنىدا يېنىمدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى، ئامرىقىم» دېدى. بۇ گەپ سكارلېتنى قاتتىق خاپا قىلدى.

ئۇنىڭ سكارلېت بىلەن توي قىلىشى ھەقىقەتەن ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ توي قىلىش زۆرۈرىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئەمەس ئىدى، پەقەت ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈنلا توي

www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى، بۇ مەقسىتىگە باشقا يوللار بىلەن يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، تويى ئاخشىمى شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىقرارمۇ بولغانىدى. ئۇ سىكارلېتنىمۇ بىلىپ ۋاتلىنىغا ئوخشاش قىلماقچىدى. بۇ خىل ھالەت كىشىنى بەكمۇ بىئارام قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ بىر خىل ھاقارەت ئىدى. سىكارلېت ھەرقانداق خاپىلىقلارغا دولىسىنى قىسىپ قويۇپ بوپتۇلا دەپ يۈرىۋەردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ ئىشتا كېلىشىممۇ تۈزۈلۈپ بولغانىدەك ئىدى، سىكارلېت ئۇ كېلىشىمدىن رازىدەكمۇ قىلاتتى، رېتنىڭمۇ رازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭ رازى بولۇش ـ بولماسلىقىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمەيتتى.

بىر كۈنى سىكارلېتنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىپ دوختۇر مادېغا كۆرۈنگىلى بېرىپ، ئادەمنى تولىمۇ خاپا قىلىدىغان بىر ئىشنى بىلىپ كەلدى. بۇ ئىشقا مۇرىلىرىنى قىسىپ قويۇپ بوپتۇلا دېگىلى بولمايتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاچچىقى بىلەن رېتقا ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى دېدى.

رېت ئۇستىدە كېچىلىك كىيىمى، تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى. كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي جىددىي ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈۋاتاتتى. لېكىن، سىكارلېت گەپ قىلالماي قېلىۋاتاتتى. ئاچچىقى كېلىپ ھەم چارە قىلالماي تۇرغاچقا، ئاغزىغا ھېچقانداق گەپ كەلمەيتتى.

ــ ماڭا ئەمدى بالا لازىم ئەمەس، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز، ئەزەلدىن بالا تۇغۇشنى ئويلىمايتتىم. نېمىشقا كۈلۈپلا ئولتۇرىسىز؟ سىزمۇ ماڭا بالا لازىم ئەمەس دەيتتىڭىزغۇ؟ ۋاي خۇدايىم!

رېت باياتىندىن بېرى ئۇنىڭدىن مۇشۇ گېپىنى ئاڭلايمەن دەپ گەپ كۈتمىگەنىدى. رېتنىڭ چىرايى ئازراق تۇرۇلدى، كۆزلىرى

يەنىلا ئامالسىز تۇرۇۋاتقاندەك پىلدىرلاپ تۇرۇۋاتاتتى.
— تۇغۇپ بولۇپ مىلانىيە خانقىزغا بېرىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ يەنە تۇغقۇسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇ خىيالىنىڭ كاللىڭىزدىن ئۆتمەيدىغانلىقىنى دېگەنىدىڭىزغۇ؟
— بوغۇزلىۋەتمەيدىغان بولسام سىزنى ! بۇ بالا ماڭا لازىم ئەمەس، سىزگە ئېيتسىپ قوياي، تۇغمايمەن.
— تۇغمايمەن؟ قېنى يەنە سۆزلەڭ.
— ئۇنىڭغا چارەم بار. بۇرۇن سەھرالىق بولغاچقا، ھېچنېمە بىلمەيتتىم، ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ئاياللار تۇغمايمەن دېسە ئۇنىڭ ئامالى بار ئىكەن...
رېت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، چىرايىدا قورقۇنچلۇق بىر ھالەت كۆرۈندى.
— سىكارلېت، نېمەدېگەن دۆت سىز، چاپسان دەڭ، چارىسىنى قىلدىڭىزمۇ، يوق؟
— تېخى قىلمىدىم، ئەمما چوقۇم قىلىمەن. بىلىمنى ئاران ئىنچىكىلەتتىم. ئەمدىلا ئۇنىڭ پەيزىنى كۆرەي دەۋاتقاندا، يەنە بىر قېتىم تولۇمدەك بولۇۋالايمۇ؟
— بۇ خىيال سىزگە نەدىن كەلدى؟ كىم ئۆگەتتى؟
— مامې بارت... ئۇ...
— بۇنداق ئىپلاس چارىنى پاھىشخانىنىڭ غوجايىنلىرىمۇ بىلىدۇ. ئۇ خوتۇن بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ بىزنىڭ بوسۇغىمىزغا دەسسىمىسۇن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئۆينىڭ غوجايىنى مەن. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىڭىزگە قەتئىي يول قويمايمەن.
— نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، سىز نېمەدەپ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىسىز؟
— سىز بىر بالا تۇغامسىز، يىگىرمە بالا تۇغامسىز، كارىم يوق، ئەمما سىز ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بىلەن كارىم بار.
— ئۆلۈپ كېتىمەنمۇ؟ مەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، ئۆلۈپ كېتىسىز. بۇنداق ئىشنى قىلىشنىڭ قانچىلىك قاراملىق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ قارىغاندا، مامې بارت سىزگە ئۇنى دېمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

— دېمىدى، — سىكارلېت دۇدۇقلاپ قالدى، — ئۇ پەقەت شۇ چارە بىلەن مەسىلە ھەل بولىدۇ دېگەنلا گەپنى قىلدى.

— ئاھ، خۇدا! مەن ئۇ خوتۇننى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — رېت تووۋلاپ كەتتى، چىرايىمۇ ئېسىلىپ كېتىۋاتاتتى. مىشىلداپ يىغلاۋاتقان سىكارلېتقا بىردەم قاراپ تۇردى. ئاچچىقى ئازراق يانغاندەك قىلغان بىلەن چىرايى يەنىلا تۇرۇك ئىدى. بىر چاغدا ئۇ سىكارلېتنى خۇددى ھازىرلا قېچىپ كېتىدىغاندەك مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، قوزام، مەن سىزگە ھاياتىڭىز بىلەن ئوينىشىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلدۇرمايمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بالا خالىمايمەن، ئەمما نەچچىسى بولسىمۇ بېقىپ كېتەلەيمەن. سىزنىڭ بۇنداق جۆيلۈشلىرىڭىزنى ئەمدى ئاڭلىغۇم يوق، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن دەيدىغان بولسىڭىز... سىكارلېت، بىر قېتىم مەن بىر قىزنىڭ شۇنداق چارىنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ... ھەي، ياخشى قىز ئىدى. شۇ ئىش بىلەن ئازابلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. مەن...

— نېمە بولدىڭىز، رېت، — سىكارلېت تووۋلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى، ھاياجانلىنىشلىرى سىكارلېتنى قاتتىق ھەيرانلىققا سالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۇنتۇپ قالدى، — ئۇ نەدە بولغان ئىش؟ ئۇ كىم؟

— يېڭى ئورلېئاندا، ئۇنىڭغا خېلى يىللار بولدى، ئۇ چاغدا ياش ئىدىم، ئاسان ھاياجانلىناتتىم، — رېت بىردىنلا لەۋلىرىنى سىكارلېتنىڭ چاچلىرىغا تەگكۈزدى، — سىكارلېت، بۇنىڭدىن كېيىنكى توققۇز ئايدا سىزنى بېلىمگە تۇگۇپ يۈرسەممۇ مەيلى، بۇ بالىنى چوقۇم تۇغۇڭ.

سكارلېت ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. رېتنىڭ چىرايى ئۇنىڭ مۇلايىم بېقىشلىرى بىلەن تەڭ، خۇددى سېھىر قىلىنغاندەك بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— مەن سىز ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟ — سورىدى سكارلېت، ئىتتىك يەرگە بېقىپ.

رېت خۇددى بۇ گەپنىڭ ئىچىدە قانچىلىك نازلىنىش بارلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى پەملىگەندىن كېيىن شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— مۇھىم بولماي! مەن سىز ئۈچۈن ئاز پۇل خەجلىدىممۇ؟ ئۇ پۇللىرىم بىكارغا كەتمىسۇن ـ دە.

سكارلېت قىز تۇغدى. مېلانىيە ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن چىققاندا قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى، ئەمما خۇشاللىقىدا يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. رېت كارىدوردا تۇراتتى، قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن تاماكا قالدۇقلىرى يەردىكى گىلەمدە ياتاتتى، تاماكىلارنىڭ ئوتلىرى گىلەملەرنىڭ بىرنەچچە يېرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى.

— ئەمدى كىرسىڭىز بولىدۇ، كاپىتان باتلېر، — دېدى مېلانىيە سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ.

رېت ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ سكارلېتنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. مېلانىيە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇنىڭ نېگىر ئانىنىڭ قولىدىكى يالىڭاچ بوۋاققا ئېڭىشىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئارقىدىنلا مادي دوختۇر ئىشىكنى يېپىپ يېنىپ چىقتى. مېلانىيە ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى، بايا ئۇنىڭ كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بىر كۆرۈنۈشكە ئىختىيارسىز كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نېمىدېگەن ياخشى، — ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بىچارە باتلېر، جىق ئەجىر قىلدى. بۇگۈنگىچە ئاغزىغا بىر تېمىم هاراق ئالمىدى. نېمىدېگەن ئوبدان ئادەم بۇ. نۇرغۇن ئەرلەر بالىسى يەرگە چۈشكۈچە هاراق ئىچىشتىن توختىمايدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ تازا ئىچكۈسى كېلىۋاتقاندۇ. ئۇنىڭغا دەپ ئېسىگە سېلىپ قويايمۇيا؟ بولدىلا، ئۇنداق قىلسام هۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

مېلانىيە ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئازراق ئارام ئېلىپ قالغاندەك بولدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ بېلى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى، هازىرمۇ خۇددى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. سكارلېت نېمىدېگەن بەختلىك! تۇغۇتىدا كاپىتان باتلېر سىرتتا مىدىرلىماي تۇردى. ئۇ بېئونى تۇغقان قورقۇنچلۇق كۈنلەردە ئاشلېي يېنىدا بولغان بولسا ئۇنچىلىكمۇ ئازاب چېكىپ كەتمەس ئىدى. ئۇ قىز سكارلېتنىڭ بولماي مېنىڭ بولۇپ قالسىچۇ! «هوي، مەن نېمانداق ئەسكى، — ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە كايىپ كەتتى، — سكارلېت ماڭا ئەزەلدىن شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭ بالىسىنى مېنىڭ بالام بولۇپ قالسىكەن دەپ ئويلاۋاتىمىنا! خۇدا، مېنى كەچۈرگىن! ئۇ گەپنى مەن چىن كۆڭلۈمدىن دېگىنىم يوق. پەقەت... پەقەت يەنە بىرنى تۇغسام، دېگەن ئارزۇيۇم بىلەنلا شۇنداق دەپ سالدىم.»

مېلانىيە بەل ياستۇقىنى ئاغرىۋاتقان يېرىگە بېسىپ ئولتۇرۇۋالدى، خىيالى يەنە بىرنى تۇغۇۋېلىشتا ئىدى. بىراق، بۇ مەسىلىدە مادې دوختۇر ئۆزىنىڭ قارىشىنى تېخى ئۆزگەرتكىنى يوق. مېلانىيەنىڭ نېمە بولسا بولسۇن دەپ يەنە بىرنى تۇغۇۋالغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن ئاشلېي ئۇنىمايدۇ. بولمىسا ئاشلېي قىزى بولۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىدۇ!

قىز! ۋاي خۇدايىمەي! مېلانىيە جىددىيلىشىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. «كاپىتان باتلېرغا بالىسىنىڭ قىز

ئىكەنلىكىنى دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەنغۇ! ئۇ ئوغۇل بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلغان بولغىيدى. ھەي، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار بۇ!»

ئايال كىشى ئۈچۈن بالىسى ئوغۇل بولامدۇ، قىزمۇ، ئوخشاش ئىدى، ھەر ئىككىسىگە خۇشال بولىۋېرەتتى. لېكىن، ئەرلەر ئۇنداق ئەمەس، بولۇپمۇ كاپىتان باتلېرغا ئوخشاش مىجەزى چۇس ئادەملەر ئۈچۈن بالىسىنىڭ قىز بولۇپ قېلىشى زەربە بولۇپ قالاتتى ھەم ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك مىجەزلىرىگە بېرىلگەن جازا دەپمۇ قارىشاتتى. مېلانىيە بىرنىلا تۇغدى، يەنە كېلىپ ئوغۇل تۇغدى، شۇڭا ئۇ خۇدادىن بەكمۇ رازى ئىدى. ئەگەر ئاشۇ قورقۇنچلۇق كاپىتان باتلېرنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان بولسام، تۇغۇت كارىۋىتىدا يېتىپ ئۆلۈپ قالسامۇ ئۇنىڭ تۇنجى بالىسىنى ھەرگىز قىز تۇغمايتتىم، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ ئىچىدە.

شۇ ئارىلىقتا نىگىر ئانا ئۆيدىن خۇشال يېنىپ چىقىپ، مېلانىيەنىڭ بايىقى ئەندىشىلىرى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى... لېكىن، يەنە كاپىتان باتلېرنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سەل ئىچى پۇشتى.

— بالىنى يۇيۇندۇرۇۋېتىپ، — دېدى نىگىر ئانا، — رېت ئەپەندىدىن، بالا قىز بولۇپ قالدى، دەپ كەچۈرۈم سورىۋىدىم، ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بەردى بىلەمسىز، مېلانىيە؟ ئۇ: «ئۇنداق دېمەڭ، نىگىر ئانا، مەن، بالام ئوغۇل بولسىكەن دەپ باققانمۇ؟ ئوغۇل بالىنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرى كۆپ، يەنىلا قىز بالا ياخشى. مەن قىزىمنى ئون ئوغۇل بالىغىمۇ تېگىشمەيمەن» دەپلا بالىنى قولۇمدىن ئالىمەن دېۋىدى، مەن ئۇنىڭ قولىغا ئۆرۈپ: «سەممىمىي بولۇڭ، رېت ئەپەندى، كېيىن ئوغۇل تاپقاندا خۇشاللىقىڭىزدىن بېشىڭىز ئاسمانغا تاقىشىپ كەتسە، شۇ چاغدا دەيدىغان گېپىم بار جۇمۇ سىزگە» دېدىم. ئۇ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ كېتىپ: «ئانا، سىز نېمىشقا گېپىمگە ئىشەنمەيسىز؟ ئوغۇل بالا دېگەننى نېمە قىلىدۇ. مانا مەن شۇنىڭ مىسالىغۇ؟» دېدى. مېلانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خانقىز، بۇ ئىشتا ئۇ ھەقىقىي ئىپسىلزادىلەرگە ئوخشىدى، — موماي ناھايىتى رازى بولغاندەك توختىماي كۈلۈۋاتاتتى. رېتىنىڭ ئۇ گەپلىرى مومايىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەندەك قىلاتتى، — بۇرۇن مەن رېت ئەپەندىنى خاتا ئەيىبلەپ يۈرگەنمۇ ئوخشايمەن. بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ خۇشال كۈنۈم، مىلانىيە خانقىز. مەن روبېللارد جەمەتىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد قىزلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم، شۇڭا مەن خۇشال.

— راست، بۈگۈن ھەقىقەتەن خۇشاللىق كۈن، ئانا، بالىنىڭ سالامەت تۇغۇلغانلىقى ھەممىمىزنى خۇشال قىلدى.

بىراق، بۇ ئائىلىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسى ئۈچۈن بۈگۈن ئانچە خۇشاللىق كۈن بولمىغانىدى. ۋاد خامىلتون بىر پەس تىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆپ ۋاقتىنى ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. نېگىر ئانا ئۇنى ئەتىگەندىلا ئويغىتىپ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپلا ئېللا بىلەن بىللە پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانىدى. ۋاد پەقەت ئاپىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ئۆيدە ئوينىسا ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلمايدىغانلىقىنىلا ئاڭلىغانىدى. پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆيىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ سىكارلېتنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئەنسىزچىلىكتە ئاغرىپ قالدى. خىزمەتكار قىز شۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى. بالىلارغا پىتتىر تاغا ئاددىيلا تاماق قىلىپ بەردى. بىر ئازدىن كېيىن ۋادنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. ئاپىسى ئۆلۈپ كەتسە ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلارنى ئۇ كۆرگەن، ئۇلارنىڭ يىغىلىرىنى ئاڭلىغان. ئاپام ئۆلۈپ كەتسە مەن قانداق قىلىمەن؟ گەرچە ئۇ ئاپىسىدىن قاتتىق قورقىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئاپىسىنى گىروف ئېلىپ ماڭىدىغان قارا سىرلانغان ھارۋىغا سېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى، ھارۋىنى سۆرەپ ماڭىدىغان ئاتنىڭ بېشىغا قىستۇرۇپ قويىدىغان پۆپۈكنى ئويلاپلا، كىچىككىنە يۈرىكى قاتتىق سېلىپ نەپەس ئالالماي

قالدى.

چۈشتە، پېتتېر ئاشخانىدا ئالدىراش يۈرگەندە، ۋاد ئاستىلا ئىشىكتىن چىقىپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. قورقىقانسېرى تېخىمۇ ئىتتىك يۈگۈرەيتتى. رېت تاغىسىدىن، مېلانىيە هاممىسىدىن ياكى نېگىر مومىسىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ تاپالمىدى. نېگىر مومىسى بىلەن دىلسي لۈڭگە، جاۋۇرلاردا ئىسسىق سۇلارنى كۆتۈرۈشۈپ پەلەمپەيدىن ئالدىراش چىقىپ - چۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ شۇ يەردىلىكىنى بايقىمىدى. ئۈستىدىكى ئىشىك ئېچىلغان چاغلاردا مادي دوختۇرنىڭ قىسقا گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتى، بىر قېتىم ئاپىسىنىڭ قاتتىق چىرقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، ئاپام ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندى.

بىر چاغدا نېگىر مومىسى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەلدى، ئالدىدىكى پەرتۇقى مەينەتلىشىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن، بېشىدىكى ياغلىقى بىر ياققا قىيسىيىپ قالغاندى. ئۇ ۋادنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتى. نېگىر مومىسى ئۇنى دائىم قانات ئاستىغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ۋاد تىترەپ كەتتى.

— ساڭا ئوخشاش كەپسىز بالىنى مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى ئۇ، — سېنى مەن پىتتىيپات چوڭ ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان ئەمەسمۇ؟ ماڭ، چاپسان قايتىپ كەت!

— ئاپام ئۇ... ئۇ ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟

— نېمىدېگەن ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان بالا سەن. ئاپاڭ ئۆلمەيدۇ. ئوغۇل بالا دېگەننىمۇزە. خۇدايىم نېمىشقا خەقلەرگە ئوغۇل بالا بېرىدىغاندۇ؟ ماڭ، كەت!

لېكىن، ۋاد كەتمىدى، ئۇنىڭ گېپىگە تولۇق ئىشەنمەي، ئىشىك پەردىسىنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋەردى. يېرىم

سائەتلەردىن كېيىن مېلانىيە هاممىسى پەلەمپەيدىن چۈشتى. چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، هارغىن، ئەمما چىرايىدا كۈلكە بار ئىدى. مېلانىيە ئۇنىڭ پەردىنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئادەتتە مېلانىيە ئۇنىڭغا تولىمۇ مېھرىبان ئىدى، ئاپىسىغا ئوخشاش: «مېنى ئاۋارە قىلما، جىددىي ئىشىم بار»، «نېرى تۇر، ۋاد، ئىشىم ئالدىراش» دېمەيتتى.

ئەمما، بۈگۈن ئۇنىڭغا تازا مېھرىبانلىق كۆرسەتمەي سەل قوپاللىق بىلەن:

— ۋاد، بەكمۇ كەپسىز بالا ئىكەنسەن. نېمىشقا پىتتىي هاماڭنىڭ قېشىدا تۇرمىدىڭ؟ — دېدى.

— ئاپام ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟

— ياق، ۋاد، نېمانداق دۆت سەن؟ — ئارقىدىن ئۇ مۇلايىم گەپ قىلدى، — مادې دوختۇر ئاپاڭغا چىرايلىق بىر بالا بەردى، شۇنداق ئوماق سىڭلىڭ دېگىنە ئۇ. سەن ئۇنى ئەركىلىتىپ ئوينايسەن، گەپ ئاڭلىساڭ بۈگۈن ئاخشام ئۇنى كۆرىسەن. هازىر تالاغا چىقىپ ئوينا، غەلۋە قىلما، ماقۇلمۇ؟

ۋاد ئاستا مېڭىپ جىمجىت ئاشخانىغا كىردى. ئۇنىڭ تۇراقسىز كىچىككىنە دۇنياسىدا قاتتىق داۋالغۇشلار بولۇۋاتاتتى. بۈگۈن هاۋا شۇنچىلىك ياخشى، چوڭلارنىڭ هەرىكەتلىرى بولسا غەلىتىلا. ئەجەبا، يەتتە ياشلىق بالا كۆڭلىگە بىرەر ئىش كەلسە تۇرغۇدەك يەر تاپالماسمۇ؟ ئۇ دېرىزىنىڭ تەكچىسىدە ئولتۇرۇپ، تەشتەكتە ئۆستۈرگەن تاشئالمىدىن بىرنى ئۈزۈپ بىرلا چىشلىۋىدى، ئاچچىقلىقىدىن كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىۋاتسا هېچكىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، هەممىسى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈشىدۇ... ئۇ تېخى قىز بالا ئىكەن. ۋادنىڭ كىچىك بالىلار بىلەن تازا خۇشى يوق، قىز بالىلار بىلەن تېخىمۇ ئېقى كېلىشمەيدۇ. كىچىك بالىلاردىن ئۇنىڭ بىلىدىغىنى ئېللا بىرلا بالا، ئەمما ئۇ هازىرغىچە ۋادنىڭ هۆرمىتىنى، دىققىتىنى

قوزغىغۇدەك بىرەر ئىش قىلغىنى يوق.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، مادىي دوختۇر بىلەن رېت تاغىسى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ پەستە پاراڭلىشىپ بىردەم تۇرۇشتى. دوختۇر كەتكەندىن كېيىن، رېت تاغىسى ئاشخانىغا كىرىپ ئىشكاپتىكى هاراقتىن بىر رومكىغا قۇيۇپ ئىچىۋېتىپ ۋادنى كۆرۈپ قالدى. ۋاد ئۇنىمۇ مېنى كەپسىز دەپ تىللايدۇ، پىتتىي چوڭ ئاپاڭنىڭ يېنىغا كەت دەپ هەيدەيدۇ، دەپ ئويلاپ كەينىگە شوخشىدى. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى، رېت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى. ۋاد ئۇنىڭ بۇنداق كۈلكىسىنى، بۇنچىلىك خۇشال تۇرقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، شۇئان رېت تاغىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

— سېنىڭ كىچىك بىر سىڭلىڭ بار بولدى، — دېدى رېت ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىلەمسەن، بۇنداق چىرايلىق قىزنى سەن ئۆمرۈڭدە كۆرۈپ باقمىغان. نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا يىغلايسەن؟

— ئاپام...

— هازىر ئاپاڭ بولۇشچە تاماق يەپ ئولتۇرىدۇ. ئالدىغا توخۇ گۆشى، شورپا، قەھۋە دېگەنلەرنى تىزىۋەتتۇق. سەل تۇرۇپ ئۇنىڭغا ماروژنى ئەكىرىپ بېرىمىز، سەن يېسەڭ ساڭمۇ بېرەيلى، ئاندىن سىڭلىڭنى كۆرگىلى كىرىسەن.

شۇندىلا ۋاد خاتىرجەم بولدى، لېكىن يېڭى كەلگەن سىڭلىسىنى قارشى ئېلىپ گەپ قىلاي دېسە، ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. هەممە ئادەم شۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مېلانىيە هاممىسى بىلەن رېت تاغىسىمۇ شۇنداق.

— رېت تاغا، — دېدى ئۇ، — هەممىڭلار قىز بالىنى ياخشى كۆرۈپ ئوغۇل بالىنى ياخشى كۆرمەمسىلەر؟

رېت رومكىنى قويۇپ قويۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلىپ قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولىدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشەنگەنىدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ خۇددى بۇ ئىشنى ئەستايىدىل ئويلاۋاتقاندەك جىددىي تۇرۇپ، — قىز بالىلارنىڭ ئاۋارىچىلىكى ئوغۇل بالىلارنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ، شۇڭا ئادەملەر ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىدۇ.

— نېگىر مومام بايا ئوغۇل بالىلارغا ئۆچلۈكى كېلىدىغاندەك گەپ قىلدىغۇ ئەمىسە؟

— نېگىر موماڭنىڭ كەيپى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، بولمىسا ئۇ ھەرگىز ئۇنداق دېمەيتتى.

— رېت تاغا، سىز بۇ ئۇكامنىڭ قىز بالا ئەمەس ئوغۇل بالا بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — ۋاد بۇ گەپنى ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد بىلەن سورىغانىدى.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى رېت قىسقىلا قىلىپ. ئۇ ۋادنىڭ ئىتتىك يەرگە قارىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە شۇنداق دېدى، — ئوغۇل بالامدىن بىرسى تۇرسا، يەنە بىرنى ئارزۇ قىلىپ نېمە قىلىمەن؟

— ھە؟ — ۋادنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى، — ئۇ بالىڭىز نەدە؟

— مۇشۇ يەردە، — ئۇ شۇنداق دەپلا ۋادنى كۆتۈرۈپ تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، — ماڭا سەن بولساڭلا بولدى، ئوغلۇم.

ۋاد ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ بار بولغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ، خۇشاللىقىدا يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ، بېشىنى رېتنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدى.

— سەن مېنىڭ ئوغلۇم، شۇنداقمۇ؟

— مەن ئىككى ئادەمنىڭ ئوغلى بولىمەنمۇ؟ — سورىدى ۋاد. ئۇ زادى كۆرۈپ باقمىغان ئۆز دادىسىغا سادىق ئىدى. يەنە ئۆزىنى مېھرىبانلىق بىلەن باغرىغا بېسىۋاتقان بۇ ئادەمنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئىككى خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قاتتىق

ئېلىشماقتا ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى رېت كەسكىنلا، — خۇددى ھەم ئۆزۈڭنىڭ ئاپىسىنىڭ، ھەم مېلانىيە ھاماڭنىڭ بالىسى بولغانغا ئوخشاش.

ۋاد بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىچە توغرا تاپتى بولغاي، كۈلۈپ كەتتى ۋە خىجىل بولۇپ ئاززاق تولغىنىپ قويدى.

— سىز كىچىك بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەمسىز، رېت تاغا؟

رېتنىڭ چىرايى شۇئان باشقا چاغلاردىكىدەك جىددىي تۈس ئالدى، لەۋلىرى قورۇلۇشقا باشلىدى.

— چۈشىنىمەن، — دېدى رېت ئازابلىنىۋاتقاندەك بىر ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ، — كىچىك بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ياخشى چۈشىنىمەن.

ۋاد يەنە قورقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا شۇ تۇرقىدا پەيدا بولۇۋاتقىنى يالغۇز قورقۇنچلا ئەمەس، ئاززاق ئىچى تارلىقمۇ بار ئىدى. چۈنكى، رېت تاغىسىنىڭ كۆڭلىدە يالغۇز ئۇلا ئەمەس، يەنە بىر بالىمۇ باردەك قىلاتتى.

— سىزنىڭ باشقا ئوغۇل بالىڭىزمۇ بارمۇ؟

رېت ئۇنى تىزىدىن ئېلىپ يەرگە دەسسىتىپ قويدى.

— مەن ھاراق ئىچىمەن، سەنمۇ ئىچكىن، ۋاد. بىرىنچى قېتىم ئىچكىنىڭ بولۇپ قالسۇن، ئىككىمىز يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن كىچىك سىڭلىڭنى تەبرىكلەيلى.

— سىزنىڭ باشقا... — شۇ ئارىلىقتا ئۇ رېتنىڭ بوتۇلكىنى قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى، چوڭلار بىلەن ھاراق ئىچىدىغانلىقىغا ئىچىدە خۇشال بولغانىدى:

— مەن ئىچمەيمەن، رېت تاغا، مېلانىيە ھاماماغا ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىمىغۇچە ھاراق ئىچمەيدىغانغا ۋەدە بەرگەن. ۋەدەمدە تۇرىدىغان بولسام، ھامام ماڭا بىر سائەت سوۋغات قىلماقچى بولغان.

چۈشەنگەنىدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ خۇددى بۇ ئىشنى ئەستايىدىل ئويلاۋاتقاندەك جىددىي تۇرۇپ، — قىز بالىلارنىڭ ئاۋارىچىلىكى ئوغۇل بالىلارنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ، شۇڭا ئادەملەر ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشىدۇ.

— نېگىر مومام بايا ئوغۇل بالىلارغا ئۆچلۈكى كېلىدىغاندەك گەپ قىلدىغۇ ئەمەسە؟

— نېگىر موماڭنىڭ كەيپى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، بولمىسا ئۇ ھەرگىز ئۇنداق دېمەيتتى.

— رېت تاغا، سىز بۇ ئۇكامنىڭ قىز بالا ئەمەس ئوغۇل بالا بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — ۋاد بۇ گەپنى ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد بىلەن سورىغانىدى.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى رېت قىسقىلا قىلىپ. ئۇ ۋادنىڭ ئىتتىك يەرگە قارىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە شۇنداق دېدى، — ئوغۇل بالامدىن بىرسى تۇرسا، يەنە بىرنى ئارزۇ قىلىپ نېمە قىلىمەن؟

— ھە؟ — ۋادنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى، — ئۇ بالىڭىز نەدە؟

— مۇشۇ يەردە، — ئۇ شۇنداق دەپلا ۋادنى كۆتۈرۈپ تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، — ماڭا سەن بولساڭلا بولدى، ئوغلۇم.

ۋاد ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ بار بولغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ، خۇشاللىقىدا يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ، بېشىنى رېتنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدى.

— سەن مېنىڭ ئوغلۇم، شۇنداقمۇ؟

— مەن ئىككى ئادەمنىڭ ئوغلى بولىمەنمۇ؟ — سورىدى ۋاد. ئۇ زادى كۆرۈپ باقمىغان ئۆز دادىسىغا سادىق ئىدى. يەنە ئۆزىنى مېھرىبانلىق بىلەن باغرىغا بېسىۋاتقان بۇ ئادەمنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئىككى خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قاتتىق

ئېلىشماقتا ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى رېت كەسكىنلا، — خۇددى ھەم ئۆزۈڭنىڭ ئاپىسىنىڭ، ھەم مېلانىيە ھاماڭنىڭ بالىسى بولغانغا ئوخشاش.

ۋاد بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىچە توغرا تاپتى بولغاي، كۆلۈپ كەتتى ۋە خىجىل بولۇپ ئازراق تولغىنىپ قويدى.

— سىز كىچىك بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەمسىز، رېت تاغا؟

رېتنىڭ چىرايى شۇئان باشقا چاغلاردىكىدەك جىددىي تۈس ئالدى، لەۋلىرى قورۇلۇشقا باشلىدى.

— چۈشىنىمەن، — دېدى رېت ئازابلىنىۋاتقاندەك بىر ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ، — كىچىك بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ياخشى چۈشىنىمەن.

ۋاد يەنە قورقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا شۇ تۇرقىدا پەيدا بولۇۋاتقىنى يالغۇز قورقۇنچلا ئەمەس، ئازراق ئىچى تارلىقمۇ بار ئىدى. چۈنكى، رېت تاغىسىنىڭ كۆڭلىدە يالغۇز ئۇلا ئەمەس، يەنە بىر بالىمۇ باردەك قىلاتتى.

— سىزنىڭ باشقا ئوغۇل بالىڭىزمۇ بارمۇ؟

رېت ئۇنى تىزىدىن ئېلىپ يەرگە دەسسىتىپ قويدى.

— مەن هاراق ئىچىمەن، سەنمۇ ئىچكىن، ۋاد. بىرىنچى قېتىم ئىچكىنىڭ بولۇپ قالسۇن، ئىككىمىز يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن كىچىك سىڭلىڭنى تەبرىكلەيلى.

— سىزنىڭ باشقا... — شۇ ئارىلىقتا ئۇ رېتنىڭ بوتۇلكىنى قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى، چوڭلار بىلەن هاراق ئىچىدىغانلىقىغا ئىچىدە خۇشال بولغانىدى:

— مەن ئىچمەيمەن، رېت تاغا، مېلانىيە هاماماغا ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىمىغۇچە هاراق ئىچمەيدىغانغا ۋەدە بەرگەن. ۋەدەمدە تۇرىدىغان بولسام، هامام ماڭا بىر سائەت سوۋغات قىلماقچى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سائىتىڭنىڭ زەنجىرىنى مەن بېرەي، ئەگەر ياخشى كۆرسەڭ، ھازىرقى سائىتىمنىڭ زەنجىرىنى بەرسەممۇ بولىدۇ، — دېدى رېت كۈلۈپ كېتىپ، — مېلانىيە ھامماڭ توغرا دەپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ دېگىنى كۆچلۈك ئاق ھاراق، مېنىڭ دېگىنىم ۋىنو، ئوغلۇم. ھاراقنى سۈلكەتلىك ئادەملەردەك ئىچىش كېرەك، ھازىر شۇنداق ئىچىشنى ئۆگىنىشىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى.

رېت ئەينەك قاچىدىكى سوغۇق قايناق سۇنى رومكىدىكى ھاراققا رەڭگىنى يوقاتمىغۇدەك دەرىجىدە قۇيۇپ، ئاندىن ۋادقا بەردى. دەل شۇ چاغدا نېگىر ئانا ئاشخانىغا كىرىپ قالدى. ئۇ ئۈستىدىكى كىر كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، رەتلىك، پاكىز كىيىنىۋالغان، چىرايىدىكى بايىقى ئەنسىزلىكلەر يوق، ئاغزى ئېچىلىپ ھېجىيىپلا قالغانىدى.

— سىزگە خۇش خەۋەر، رېت ئەپەندى، — دېدى ئۇ.

ۋاد قولىدىكى ھاراقنى ئىچەي دەپ تۇراتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ نېگىر موممىسىنىڭ رېت تاغىسىنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنى «كاپىتان باتلېر» دەپلا ئاتايتتى، ھازىرقىدەك ئاتاپ باققانلىقىنى زادىلا ئاڭلىمىغانىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا دائىملا قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرەتتى، زادىلا ئېچىلمايتتى. ئەمدى كۈلۈپ «رېت ئەپەندى» دەپ كېتىۋاتىدۇغۇ؟ بۈگۈن بۇ خەقلەرگە نېمە بولغاندۇ؟

— ئانا، بۈگۈن سىز ۋىنو ئىچمەي رۇم ھارىقى ئىچىسىز ھەرقاچان، — رېت شۇنداق دەپلا ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى، — مېنىڭ قىزىم ئاجايىپ چىرايلىق، شۇنداقمۇ، ئانا؟

— ئەلۋەتتە چىرايلىق، — دېدى موماي رومكىغا قولىنى ئۇزارتقاچ ئاغزىنى تەمشىپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭدىن چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەنمۇ سىز؟

— سكارلېت خانقىزمۇ يېڭى تۇغۇلغاندا ئاشۇنداق چىرايلىق ئىدى، ئەمما يەنىلا سىزنىڭ قىزىڭىزغا يەتمەيتتى.

— يەنە ئازراق ئىچىڭ، ئانا. يەنە بىر ئىش. ئانا، — ئۇنىڭ ئاۋازى جىددىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى، ئەمما كۆزلىرى بىر نەرسىگە ھەيران بولۇۋاتقاندەك چىمچىقلاپ كېتىۋاتاتتى، — شىرىلداۋاتقان نېمە ئاۋاز ئۇ؟

— ۋاي خۇدايىمەي! رېت ئەپەندى، باشقا نەرسە ئەمەس، قىزىل تاۋار كۆڭلەكتىن چىقىۋاتقان ئاۋاز، — نېگىر ئانا پىخىلداپ كۈلگەچ، ئىككى يېنىغا ئېغىناپ قويدى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تەڭ يوغان كۆكسىلىرىمۇ لىغىلداپ كەتتى.

— راستمۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن. دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاۋازىدەك قىلىدۇ، كۆڭلىكىڭىزنى كۆتۈرۈڭچۇ، كۆرۈپ باقاي.

ـ رېت ئەپەندى، نېمانداق ئەسكى سىز... ۋاي خۇدايىم!

نېگىر ئانا بوش ئىڭراپ قويۇپ كەينىگە داجىدى. ئىككى قەدەمچە نېرىغا بېرىپ، ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئېتىكىنى كۆتۈرۈۋىدى، تېگىدىن ئىچىدىكى قىزىل خاڭدەن كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى كۆرۈنۈپ قالدى.

— شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت تاشلاپ قويۇپ بۇگۈن كىيىپسىز ـ دە، — دېدى رېت بوش ئاۋازدا. قارا كۆزلىرىدە خۇرسەنلىك كۈلكىسى ئويناپ تۇراتتى.

— شۇنداق، بۇ كۆڭلەككە ئۇزاق بولۇپ كەتتى.

رېتنىڭ كېيىن قىلغان گېپىنى ۋاد چۈشەنمىدى.

— ئەمدى مېنى بېشىغا ئاتنىڭ نوختىسىنى سېلىۋالغان قېچىر دېمەيدىغانسىز؟

— رېت ئەپەندى، سىكارلېت خانقىز بەكمۇ ئەسكى ئىكەن جۇمۇ، مۇشۇ گەپنىمۇ سىزگە دەپ قويغىنىنى قاراڭ. ئەمدى سىز بۇ گەپنى تۈگەتمەي مېنى يامان كۆرۈپ قالمايدىغانسىز ـ ھە؟

— ياق، تۈگەتمەيدىغان ئىش بولمايدۇ، سىزنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق دەمدۇ، يوق، دەپ سوراپ باقتىم شۇ. يەنە بىرنى ئىچىڭ، ئانا. بۇنى ئىچىپ تۈگىتىۋېتەيلى. ۋاد، سەنمۇ تەبرىكلەپ ئىچەمسەن؟

www.uyghurkitap.com

— سىڭلىم ئۇچۇن ئىچتىم ! — ۋاد شۇنداق دەپ تۇۋلاپ قويۇپ، ئارقىدىن بىرلا كۆتۈرۈپ قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى. ئىتتىك ئىچكەچكىمۇ ئۆپكىسىگە كېتىپ قېقىلىپ كېتىۋىدى، چوڭلار كۈلۈپ كېتىپ دۈمبىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى.

قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن، رېت غەلىتە قىلىقلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنىڭ كىشىلەرنىڭ رېتقا قارىتا ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان نۇرغۇن قاراشلىرىغا تەسىرىمۇ بولدى. ئەمما، پۈتۈن شەھەر خەلقى بىلەن سىكارلېت ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايتتى. رېت كىمنىلا كۆرسە قىلچە قورۇنماي ئۆزىنىڭ دادا بولغانلىقىدىن ماختىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى، تۇنجى بالىسىنىڭ ئوغۇل بولماي قىز بولغانلىقى ماختانغۇدەك ئىش بولمىسىمۇ كارى يوق ئىدى.
ئۇنىڭ دادا بولغانلىق خۇشاللىقى زادىلا بېسىلماي دېمەيتتى، ئۇنىڭغا قاراپ بەزى ئاياللارنىڭ ھەۋسى كېلىپمۇ قېلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇلار بالا تۇغقاندا، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى باللىرىنى چوقۇندۇرماي تۇرۇپلا، بالا تۇغۇش ئاياللارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، دېيىشىپ هېچقانچە ئەهمىيەت بەرمەيتتى. رېت سىرتتا كىمنىلا ئۇچراتسا، قىزى تۇغۇلۇپ قانداق مۆجىزە يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ كېتەتتى. ھەممە ئادەمنىڭ بالىسى ئۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئەمما مېنىڭ قىزىم ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن پەۋقۇلئاددە چىرايلىق، دەپ قىزىنى ماختاپ تىنمايتتى. يېڭى كەلگەن بىر خىزمەتكار ئايال بالىسىغا سېمىز گۆشتىن كىچىككىنە يېگۈزۈپ قويغىنىغا بالىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قېلىۋىدى، رېت تەجرىبىلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۈلۈپ ئۆچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك ئىش قىلىپ، خەقلەر تۇتۇۋالمىغان بولسا ئۇ ئايالنى قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋەتكۈدەك قىلىپ كەتتى. دەررۇ مادي دوختۇر بىلەن باشقا بىرنەچچە دوختۇرنى چاقىرتىپمۇ كەلدى. كېيىن ئۇ ئاياللار رېتنىڭ قاتتىق تۈزۈملىرىگە چىدىماي، ھەممىسى

بىر ھەپتىدىن تۆرۈپلا كېتىپ قېلىشتى.

كېلىپ - كېتىۋاتقان ئۇ ئاياللارنى نېگىر ئانىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇلارغا، خۇددى مەن باللارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقاندەك قىلىۋاتىدۇغۇ، دېگەندەك قىلىپ ئىچى تارلىق قىلاتتى. ئۇ قارايدىغان بالا بىرلا ئەمەس، ۋاد بىلەن ئېللامۇ بار ئىدى، ئەمما، نېگىر ئانا ياشىنىپ قالغان بولغاچقا ھەم رېماتىزىم كېسىلى قوزغىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، قاتتىقراق ھەرىكەتلەر، ئىشلار ئېغىر كېلەتتى. رېت شۇ سەۋەبنى دەپ خىزمەتكار ئەكېلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي، شۇنچە باي تۇرۇپ بىرلا خىزمەتچى ئىشلەتسەم يۇزۇمگە ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئېغىر ئىشلارنى قىلىدىغانغا ئىككى خىزمەتچى يالللايلى، ئۇلارنى سىز ئىشقا سېلىڭ، دېدى. خىزمەتكاردىن بىرنەچچىسى بولسا يالغۇز رېتنىڭلا ئەمەس، ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ ياخشى ئىدى. ئەمما ئۇ باللارنى ھۆر نېگىرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزمايدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن رېت تاراغا ئادەم ئەۋەتىپ پىرىسسىينى ئالدۇردى. رېت ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، ئۇ قانداقلا بولسۇن ئائىلە قۇلى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پىتتېر تاغا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ لور ئىسمىلىك بىر جىيەن قىزىنىڭ بارلىقىنى دېدى.

سكارلېت تېخى ئورنىدىن تۇرماي تۇرۇپلا رېتنىڭ بالىغا بەكمۇ بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. رېت مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا قىزىنى ماختاپ كەتسە سكارلېت خاپا بولاتتى، ھەتتا خىجىلمۇ بولۇپ قالاتتى. ئەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرۈشى نورمال ئەھۋال ئىدى، ئەمما ئۇ ئاشۇرۇۋېتىپ ئەر كىشىگە ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆزىنى تۇتۇپ ئەركىنرەك يۈرگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

— سىز مۇشۇ كۈندە بەكمۇ چاكىنىلىشىپ كېتىۋاتىسىز، — دېدى سكارلېت نارازى بولۇپ، — نېمىشقا ئۇنداق

قىلىدىغانلىقىڭىزنى چۈشەنمەي قېلىۋاتىمەن.

— چۈشەنمەي قېلىۋاتىمەن؟ سىز چۈشەنمەي قالمايسىز، بۇنىڭ جاۋابى ئاسان، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئۆزۈمگە مەنسۇپ تۇنجى ئادىمىم.

— ئۇ ماڭىمۇ مەنسۇپ.

— ياق، سىزنىڭ ئىككى بالىڭىز بار، بۇ ماڭا مەنسۇپ بالا.

— سىز قالتىسقۇ، — دېدى سىكارلېت، — بۇ بالىنى مەن تۇغدۇم، توغرىمۇ؟ بۇنىمۇ دېمەيلى سۆيۈملۈكۈم، مەنمۇ سىزگە مەنسۇپ.

رېت بىر قىزىنىڭ قاپقارا چاچلىرىغا، بىر سىكارلېتقا قاراپ قويۇپ مەجبۇرىي كۈلگەندەك كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداقمۇيا، سۆيۈملۈكۈم.

يېقىندىن بېرى ئۇلار پات - پات جېدەللىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. هازىر مېلانىيە كىرىپ قېلىپ بۇ گەپلەر جېدەلگە ئايلانماي قالدى. سىكارلېت مېلانىيەنىڭ رېتنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىۋاتقىنىغا ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرۇپ قاراپ تۇردى. ئەسلىدە قىزىنىڭ ئىسمىنى ئېۋگېنىيە ۋىكتورىيە[①] قويماقچىدى، لېكىن شۇ كۈنى مېلانىيە ئويلىمىغان يەردىن بىر گەپنى دەپ قويۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن خۇددى پىتتىي هاممىنىڭ بۇرۇنقى ساراجېنى دېگەن ئىسمى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، «پىتتىي» بولۇپ كەتكەندەك، بۇ قىزنىڭ ئىسمىمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەتتى.

ئۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: مېلانىيە بالىنى قولىغا ئالغاندا، رېت ئېڭىشىپ بالىسىغا قاراپ:

— ئۇنىڭ كۆزلىرى يېشىل پۇرچاقنىڭ رەڭگىگىمۇ ئوخشايدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى مېلانىيە ئاچچىقى كېلىپ، ئۇ

① ئالدىدىكىسى ناپولېئوننىڭ ئۈچىنچى خانىشىنىڭ، كېيىنكىسى ئەنگلىيە ئايال پادىشاهىنىڭ ئىسمى.

سكارلېتنىڭ كۆزلىرىنىڭمۇ ئاشۇ رەڭگە مايىل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، — ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوخارا ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش كۆك... گۈزەل كۆك بايراقنىڭ[1] رەڭگىگىمۇ ئوخشايدۇ.

— بوپتۇ، ئىسمى بونني بىلۇ[2] باتلېر بولسۇن، — دېدى رېت كۈلۈپ كېتىپ. ئۇ بالىنى يەنە مېلانىيەنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ كۆزلىرىگە باشقىدىن دىققەت قىلىپ قاراپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ ئىسمى بونني بىلۇ دەپ ئاتالدى، كېيىن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا خانىش بىلەن پادىشاھنىڭ ئىسمىنى قويماقچى بولۇشقانلىرىنى ئۇنتۇپمۇ كېتىشتى.

## ئەللىك بىرىنچى باب

سكارلېت ئاخىر يەنە سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلالايدىغان بولدى. ئۇ ئىچىگە بانداژ كىيىپ ئۇنىڭ يىپىنى لورغا تارتقۇزدى. چىڭ تارتىپ بولغاندىن كېيىن بېلىنى ئۆلچەپ بېقىۋىدى. يىگىرمە ئىنگلىز سۇڭى كەلدى. شۇنىڭ بىلەنلا، بالا تۇغمەن دەپ نېمە بولدۇم مەن، بەدىنىم بۇزۇلۇپ، بېلىم پىتتىي ھامام بىلەن نېگىر ئانامنىڭ بەللىرىگە ئوخشاپ قاپتىغۇ، دەپ توۋلاپ كەتتى.

— لور، چىڭ تارت، — دېدى ئۇ، — ئون سەككىز ئىنگلىز سۇڭىغا چۈشسۇن، بولمىسا كىيىملىرىم توغرا كەلمەيدۇ.

— يەنە تارتسام يىپى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، خېنىم، — دېدى لور، — بېلىڭىز يوغىناپ كېتىپتۇ، سكارلېت خانقىز، ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە يوق.

— چارە بار، — دېدى ئۇ باندازنىڭ زاپىسىنى قويۇۋېتىپ، —

① جەنۇب ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى.
② بونني بىلۇ ئىنگلىزچە «گۈزەل»، «كۆك» دېگەن مەنىدىكى سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئىككىنچى بالا تۇغمايمەن.

قىزى بوننى ئاجايىپ چىرايلىق قىز بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى، رېتمۇ قىزىغا پەۋقۇلئاددە ئامراق ئىدى. سىكارلېت ئەمدى پەقەتلا تۇغماسلىقنى ئويلايتتى، ئەمما قانداق قىلغاندا ئۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ئۇ رېتقا فىرانكقا تاقابىل تۇرغاندەك تاقابىل تۇرالمايتتى. رېت ئۇنىڭدىن قىلچە قورقمايتتى. بوننىينى بۇنچىلىك ياخشى كۆرگىنىگە قارىغاندا، كېلەر يىلى ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇپ بېرىسەن دەمدۇ تېخى. ئۆزىغۇ ئوغۇل تۇغساڭ بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دېگەن، شۇنداقتىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ھەي، ئۇنىڭ رېتقا ئوغۇلمۇ، قىزمۇ تۇغۇپ بەرگۈسى يوق، ئايال كىشى ئۈچ بالا تۇغسا بولمىدىمۇ؟

لور باندازنىڭ قويۇۋەتكەن زاپىسىنى تىكىپ، دەزمال سېلىپ تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كىيدۈردى. ئاندىن سىكارلېت پەيتوننى قوشتۇرۇپ پەن زاۋۇتىغا قاراپ ماڭدى. يولغا چىققاندىن كېيىن، بېلىنىڭ يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كەيپى بۆلەكچىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ھازىرلا زاۋۇتقا بېرىپ ئاشلېي بىلەن كۆرۈشەتتى، ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ زاۋۇتنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرەتتى. تەلىيى چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشەمدۇ تېخى. قورساق كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇ ئاشلېي بىلەن ئۇزاق كۆرۈشمىگەنىدى. ھامىلىدار بولۇپ قورسىقى تومپىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆرۈنگۈسى كەلمىدى. ئەمما، بۇرۇن يېنىدا ئادەملەر بولسىمۇ ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرغانلىقىنى ئەسلەپ تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭغا زاۋۇتنىڭ لازىمى يوق، ئىككى پەن زاۋۇتىنى سېتىۋېتىپ، پۇلىنى ۋاد بىلەن ئېللانىڭ كەلگۈسىدە ئىشلىتىشى ئۈچۈن بىرەر يەرگە پاي قىلىپ قوشۇۋەتسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا ئاشلېي بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان پۇرسەتتىن مەھرۇم قالاتتى، پەقەت ئەتراپىدا قاراپ تۇرغان نۇرغۇن ئادەم بار چوڭ

سورۇنلاردىلا ئۇچرىشالايتتى. ئاشلېي بىلەن بىللە ئىشلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ئىدى.

ئۇ ئاخىر زاۋۇتىغا يېتىپ كېلىپ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ياغاچلارنى، شۇنچە كۆپ خېرىدارلارنى كۆردى. ئۇلار خۇگ ئېلىسىن بىلەن ياغاچلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. نېگىرلار ئالتە ھارۋىغا ياغاچ بېسىۋاتاتتى. ئالتە ھارۋا! — مەغرۇر ئويلاندى ئۇ، — بۇلارنى ئۆزۈم بەرپا قىلغان ...

ئاشلېي ئۇنىڭ بىلەن ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خۇشال كۆرۈشتى، كۆزلىرىدىن بىر خىل مېھىر قايناپ تۇراتتى. سىكارلېتنى يۆلەپ پەيتوندىن چۈشۈرۈپ، خۇددى مەلىكىنى قارشى ئالغاندەك ئىشخانىغا باشلاپ كىردى.

لېكىن، سىكارلېت ئۇنىڭ ھېسابىنى كۆرۈپ، گاللېگېرنىڭ ھېسابى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىپ، بايىقى خۇشاللىقلىرى يوق، بىردىنلا تۇتۇلۇپ قالدى. ئاشلېي ھېسابىنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى. گاللېگېر ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەن بولۇپ، نۇرغۇن پايدا كەلتۈرگەنىدى. سىكارلېت ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئاشلېي ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— سىكارلېت، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزگە بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپمۇ كېتەلمەيمەن. مەھبۇسلارنى زادىلا ئىشلەتكۈم يوق. بۇنىڭدىن كېيىن نېگىرلارنى ياللاپ ئىشلىتىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ. شۇ چاغدا مەن ھازىرقىدىن ياخشى ئىشلىشىم مۇمكىن.

— نېگىرلارنىمۇ؟ ئۇلارغا ئىش ھەققى تۆلىسەم تېزلا ۋەيران بولۇپ كېتىمەن. مەھبۇسلار ئەرزانغا توختايدۇ. يوھان گاللېگېر مەھبۇسلارنى ئىشلىتىپ شۇنچە كۆپ پايدا كەلتۈرگەن يەردە...

ئاشلېي نەزىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ باشقا ياققا قارىۋالدى، ئۇ قاراپ تۇرغان يەرنى سىكارلېت كۆرەلمەيتتى. چىرايىدىكى خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى ئۆچكەنىدى.

— مەن مەھبۇسلارنى گاللېگېرغا ئوخشاش ئىشلىتەلمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى ئىشقا مەجبۇرلىيالمايدىكەنمەن.

— قىلغىلى بولمايدىغان نېمە بار، يوھان گاللىپگېر شۇنداق ياخشى ئىشلەۋاتامدۇ؟ ئاشلېي، سىزنىڭ باغرىڭىز يۇمشاق، ئۇنداق باغرى يۇمشاقلىق قىلماي ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلارغا سالسىڭىز بولىۋېرەتتى. يوھاننىڭ دېيىشىچە، مەھبۇسلار ئاغرىپ قالدىم دەپ ئالدىڭىزغا كەلسە، ئۇلارغا كۆنلەپ رۇخسەت بېرىۋېتىدىكەنسىز. ئاشلېي، پۇل تېپىشنىڭ يولى ئۇنداق بولمايدۇ. قانداقلا كېسەل بولسۇن، پۇتىلا سۇنۇپ كەتمىگەن بولسا ئىككىلا قامچا سالىدىغان بولسىڭىز شۇئان ساقىيىپ كېتىدۇ...

— سكارلېت! سكارلېت! قويۇڭ بۇنداق گېپىڭىزنى، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — ئاشلېي توۋلاپ كەتتى. كۆزلىرىدىكى كۆچلۈك ھاياجان سكارلېتقا ناھايىتى تېز تەسىر قىلىپ گېپىنى شۇئان توختىتىۋالدى، — سىز ئۇلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېسەل، قورساقلىرىمۇ تويمايدۇ، شۇنداق قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە... قەدىرلىكىم، ئۇنىڭ سىزنى بۇنچىلىك رەھىمسىز قىلىۋەتكىنىگە قاتتىق ئېچىنىمەن. بۇرۇن سىز شۇنچىلىك مېھرىبان ئىدىڭىز

— كىم مېنى نېمە قىپتۇ؟

— دېسەم بولاتتى، ئەمما تىلىم كۆيىدۇ. شۇنداقتىمۇ دەي، سىزنىڭ... رېت باتلېرىڭىز. ئۇنىڭ قولى تەگكەنلىكى نەرسە زەھەرلەنمەي قالمايدۇ، سىزمۇ زەھەرلىنىپسىز. بۇرۇن سىز ئازراق ئالدىراقسان بولسىڭىزمۇ، ئەمما شۇنچىلىك مېھرىبان، مۇلايىم، كەڭ قورساق قىز ئىدىڭىز. ئۇ سىزنى زەھەرلەپتۇ، باغرىڭىزنى قاتتىق قىلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن شۇنچىلىك رەھىمسىزلىشىپ كېتىپسىز.

— ھىم! — سكارلېت دەسلەپتە ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە ئۆكۈنۈپ ئىچىدە ئازابلانغانىدى، كېيىن بىردىنلا خۇشال بولۇپ

قالدى. چۈنكى، ئۇ ئاشلىپىنىڭ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ھازىرغىچە ئۆزىنى مېھرىبان، مۇلايىم دەپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ سىكارلېتنىڭ يولغا تويمايدىغانلىقىنى رېت باتلېردىن كۆردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ رېت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلار ئىدى. بوپتۇلا، رېتقا يەنە بىر قارا سۈركەلسە، ئۇنىڭغا ھېچقانچە تەسىرى بولۇپ كەتمەيدۇ.

— باشقا ئادەم بولغان بولسا كارىم يوق يۇرىۋېرەتتىم... ئەمما ئۇ رېت باتلېر بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ سىزگە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇ سىزگە سەزدۇرمەي تۇرۇپ سىزنىڭ كاللىڭىزنى ئۆزىنىڭ رەھىمسىز يولىغا سېلىۋاتىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى قىلماسلىقىم كېرەكلىكىنى چۈشىنىپمۇ تۇرىمەن... ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، ئۇنىڭغا رەھمەت. بەزىدە مەن بىزنى قۇتۇلدۇرغان ئادەم ئۇ بولماي باشقا بىرسى بولسا بولماسمىدى، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بۇ گەپلەرنى سىزگە دېيىشكە ھەققىم يوق ئىدى...

— ياق، ئاشلېي، ھەققىڭىز بار — ئەمما باشقىلارنىڭ يوق!

— سىزگە ئېيتسام، سىكارلېت، مەن چىدىماي قالدىم. مەن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئۇنىڭ نابۇت قىلىۋېتىشىنى كۆرگۈم يوق. گۈزەل رۇخسارىڭىز بىلەن جەلپكارلىقلىرىڭىزغا ئاشۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئىگە بولۇپ قالغانلىقىغىمۇ تاقەت قىلالمايمەن... ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىساملا...

ئۇ ئەمدى مېنى سۆيىدىغان بولدى، — دەپ ئويلىدى سىكارلېت قىن - قىنىغا پاتماي، — شۇنداق قىلىپ قالسا بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك ئەمەس. سىكارلېت ئاشلېينىڭ يېنىغا سۈرۈلگەنىدى. ئاشلېي خۇددى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە گەپلەرنى قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالغاندەك ئىتتىك كەينىگە داجىدى... ئەسلىدە ئۇ ئۇنداق گەپلەرنى دېمەكچى ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— سىزدىن سەممىيىتىم بىلەن ئەپۇ سورايمەن، سىكارلېت. مەن — مەن بايا ئېرىڭىزنى ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس دېگەنىدەك گەپ قىپتىمەن. ئەمەلىيەتتە شۇ گەپلىرىمدىن ئۆزۈمنىڭ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىم ئىسپاتلىنىپ قالدى. بىر ئايالنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئېرىنى ئەيىبلەشكە ھېچقانداق ئادەمنىڭ ھەققى يوق. بۇنىڭغا مەن باھانىمۇ كۆرسىتەلمەيمەن، پەقەت، پەقەت... — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇلماي قالدى، چىرايى بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ گەپنىڭ داۋامىنى كۈتمەكتە ئىدى.

— مەندە كۆرسەتكۈدەك ھېچقانداق باھانە يوق.

سىكارلېت قايتىپ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن خىياللانى قىلىپ ماڭدى. كۆرسەتكۈدەك ھېچقانداق باھانە يوق. ئەمما... ئەمما ئۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىكەن، سىكارلېتنىڭ رېتنىڭ قوينىدا ياتقانلىقىنى خىيال قىلسىلا غەزەپ ئوتىدا پۇچۇلىنىدىكەن. سىكارلېت بۇنداق بولۇشىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى، ئەمما بۇنى چۈشىنىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇنىڭ مېلانىيە بىلەن ئاكا - سىڭىللاردەك ئۆتىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئازابلانغان بولاتتى. ئاشلېي يەنە، رېت ئۇنى باغرىغا بېسىپ نابۇت قىلىۋەتتى، زالىم بىر ئايالغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، دەۋاتىدۇ. ئۇ شۇنداقلا ئويلايدىغان بولسا بۇنىڭدىن كېيىن رېتقا ئۆزىنى قۇچاقلاتمايدۇ. ئاشلېي ئىككىسى باشقا بىرلىرى بىلەن توي قىلىپ، جىنسىي تۇرمۇشتا بىر - بىرىگە سادىقلىقىنى ساقلاپ كەلسە بۇ نېمىدېگەن ئېسىل ئىش! بۇ خىيال ئۇزاققىچە سىكارلېتنىڭ كاللىسىدىن چىقماي تۇرۇۋالدى، بۇ خىيالدىن ئۇ خۇشال ئىدى. بۇ خىيال يەنە بىر ئەمەلىي مەسىلىنى، يەنى بۇنىڭدىن كېيىن بالا تۇغماسلىق كېرەكلىكىنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇپمۇ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشلېينىڭ گەپلىرى بىلەن پەيدا بولغان خۇشاللىقلىرى ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ رېت باتلېرغا بۇگۈن ئۆز ھوجرىلىرىدا ئايرىم

يېتىشنى دېيىشى، ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان ھەرقانداق ئىشقا تاقابىل تۇرىدىغان چارىلەرنى ئويلىشى كېرەك ئىدى. بۇ تەس ئىشلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئاشلىيىغا ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، رېت بىلەن بىللە ياتمايدىغان بولغانلىقىنى قانداق يوللار بىلەن بىلدۇرۇشى كېرەك؟ ئەگەر شۇنداق قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىسە، ئۇنداق قۇربان بېرىشلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ نومۇس قىلىش، خىجىل بولۇش دېگەنلەر ئادەمگە بەكمۇ كاشىلا قىلىدىغان نەرسىلەر ئىكەنغۇ. ئاشلىيې بىلەنمۇ رېت بىلەن پاراڭلاشقاندەك ئەركىن پاراڭلىشالىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. كېرەك يوق، بۇ ئەھۋالنى ئاشلىيىغا ئاشكارىلاشتا ئۇنىڭ چارىسى بار.

سكارلېت ئۇستىگە چىقىپ، باللار ئۆيىنىڭ يېرىم ئوچۇق ئىشىكىدىن رېتنىڭ بونىنىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى، ئېللا قۇچىقىدا، ۋادىنىڭ يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. رېتنىڭ بالىجانلىقى، ئۇلار ئۇچۇن جېنىنى بېرىدىغانلىقى سكارلېتنىڭ بەختى ئىدى. بەزى ئۆگەي ئاتىلار ئۆگەي بالىلىرىنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرۈشەتتى.

— سىزگە گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ رېتقا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشنى ئېيتتى. ئەڭ ياخشىسى، قايتا تۇغماسلىق قارارىغا كەلگەن، ئاشلىيىنىڭ مۇھەببىتى ئۆزىگە كۈچ بېرىۋاتقان مۇشۇنداق بىر چاغدا بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك.

رېت ھۇجرىغا كىرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— رېت، — دېدى سكارلېت تۇيۇقسىزلا، — مەن ئەمدى بالا تۇغماسلىق قارارىغا كېلىپ قويدۇم.

رېت سكارلېتنىڭ بۇ تۇيۇقسىز گېپىگە ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرماي ئاستا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— قەدىرلىكىم، بونىينى تۇغمىغان ۋاقتىڭىزدىلا مەن سىزگە

www.uyghurkitap.com

بىرنى تۇغامسىز ياكى يىگىرمىنىمۇ، كارىم يوق دېگەنغۇ؟

ئۇ خۇددى پەرۋا قىلمىغاندەك مۇئامىلە قىلسام ئۇنىڭ تۇغۇش - تۇغماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلەيمەن، دەپ ئويلىغاندەك، ئۇستىلىق بىلەن گەپ قىلغانىدى.

— بىزگە ئۈچ بالىمۇ يېتىدۇ، شۇڭا يىلدا بىرنى تۇغقۇم يوق.

— ئۈچمۇ ئارتۇق.

— سىزگىمۇ ئايان... — ئۇ گەپنى باشلاپ قويۇپ خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ كەتتى، — مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندىڭىزمىكىن؟

— چۈشەندىم. ئەمما، سىزمۇ توي قىلغاندىن كېيىنكى بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىمغا يول قويمايدىغان بولسىڭىز، سىز بىلەن ئاجرىشىشىمغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىزكىن؟

— تولىمۇ قاملاشمىغان ئادەم - دە، سىز. نېمىشقا بۇنداق ئويلايسىز؟ — سۆھبەت سىكارلېت ئويلىغاندەك بولمايۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىراپ كەتتى، — ئەگەر سىز ئايالالارنى ئازراق بولسىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا سىز مېنىڭ ھالىمغا يېتەتتىڭىز، خۇددى... ھىم، ئاشلېي ۋىلكېسقا قاراڭە، مېلانىيە تۇغسا بولمايدىغان بولغاچقا، ئۇ...

— ئاشلېي! ئۇ دېگەن ناھايىتى ئەدەپ - قائىدىلىك ئادەم، — دېدى رېت ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران قېلىپ، — قېنى سۆزلەڭ.

سىكارلېت بىردىنلا تۇرۇپ قالدى. ئۇ دېمەكچى بولغان گەپنى دەپ بولغان، ئەمدى دەيدىغان گېپى يوق ئىدى. نېمىدېگەن دۆت، رېت باتلېردەك شەخسىيەتچى چوشقىغا چېتىلىدىغان شۇنچىلا چوڭ ئىشنى تەكەللۇپ بىلەن ئۇلتۇرۇپ پۈتكۈزگىلى بولاتتىمۇ؟

— بۇگۈن چۈشتىن كېيىن يەن زاۋۇتىغا باردىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— نەگىلا باراي، بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟

— سىز ئىتنى ياخشى كۆرىسىز، توغرىمۇ، سىكارلېت؟

سىزچە ئىت ئۆزىنىڭ كاتىكىدە تۇرغىنى ياخشىمۇ ياكى ئاتنىڭ ئوقۇرىدىمۇ[1]؟

سكارلېت يەنە ئاچچىقى كەلدى. قاتتىق ئۇمىدسىزلەندى ۋە خاتىرجەمسىزلەندى. بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ھەم چۈشەنمىگەنىدى.

رېت ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئۇستىگە كۆتۈرگەنىدى، يۈزى يۈزىگە توغرىلاندى.

— سىز تېخى بالا ئىكەنسىز، سكارلېت، ئۈچ ئەر بىلەن ھايات كەچۈرۈپمۇ ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىنى قىلچە چۈشەنمەپسىز، ئۇلارنى كىلىماكتېرىيە مەزگىلىدىكى مومايلارغا ئوخشىتامسىز قانداق؟

رېت خۇددى چاقچاق قىلغاندەك ئۇنىڭ مەڭزىنى بوش چىمداپ قويۇپ ئېڭىكىنى قويۇۋەتتى، ئاندىن بىر قېشىنى ئۈچۈرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— سكارلېت، بىلىپ قويۇڭكى، سىز ۋە سىزنىڭ كارىۋىتىڭىز مېنى داۋاملىق ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىكەن، ئۇ چاغدا ماڭا كىشەنمۇ، يالۋۇرۇشلىرىڭىزمۇ كار قىلمايدۇ. مەن ھەر قانداق ئىشتا خىجىل بولۇش دېگەننى بىلمەيمەن، چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختام بار... مەن ئۇ توختامغا باشتىن - ئاخىر ئەمەل قىلىپ كەلدىم، ئەمما سىز ئۇنى بۇزدىڭىز. بوپتۇ، ئىپپىتىڭىزنى ساقلاپ يېتىۋېرىڭ.

— سىز بۇ گېپىڭىز بىلەن، — سكارلېت غەزەپ بىلەن توۋلاپ كەتتى، — سەن بىلەن كارىم يوق ...

— سىز مەندىن زېرىكتىڭىز، شۇنداقمۇ؟ ئەسلىدە ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئاسان زېرىكىپ قالىدىغان، سىز ئوخشىمايدىكەنسىز، پاكلىقىڭىز بويىچە قېلىۋېرىڭ، سكارلېت. بۇ ئىشىڭىز ماڭا ھېچقانداق قىيىنچىلىق كەلتۈرمەيدۇ. كېرەك يوق، — ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ كۈلۈپ كەتتى، — دۇنيادا

[1] ① ئىتنىڭ ئاتنىڭ ئوقۇرىدا تۇرۇشى، دېگەن بۇ سۆز نىيىتى يامان ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا كېرەكلىك نەرسىسىنى ئۆزىمۇ ئىشلەتمەي، خەققىمۇ بەرمەي تىقىپ قويىدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پىكاردىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە كەتتى.

رائول مايىبىل بىلەن رېنې پىكاردىنىڭ ئوغلى ئىدى، سىكارلېت ئۇ بالىنى ئادەم ئەمەس مايمۇنغا ئوخشايدۇ، دەپ يامان كۆرەتتى.

— ئەمىسە كىمنىڭكىگە بارغۇڭ كەلسە شۇنىڭكىگە بارغىن، ماڭ، چىقىپ پوركقا ئېيت.

— بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق، — جاۋاب بەردى ۋاد، — ھەممىسى شۇ يەرگە كەتتى.

ۋادنىڭ «ھەممىسى» دېگىنىنىڭ «مەندىن باشقىسى» دېگەن مەنىدىكى گەپ ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق ئادەم ئاڭلاپلا بىلىۋالالايتتى. لېكىن، سىكارلېتنىڭ ئەس - يادى ھېساب - كىتابىدا بولغاچقا، ئۇ گەپكە دىققەت قىلمىدى.

رېت ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ:

— سەن نېمىشقا بارمىدىڭ، ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى.

ۋاد ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر پۇتى بىلەن پولنى توختىماي سىيپاپ خاپا ھالەتتە ئۆرە تۇردى.

— ماڭا تەكلىپنامە ئەۋەتمىدى، ئەپەندى.

رېت قويۇن سائىتىنى بونىېنىڭ مەخسۇس بىر نەرسىلەرنى بۇزۇپ تۇرىدىغان كىچىككىنە قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇ تۈگىمەس بولمىغۇر ھېساب - كىتابىڭىزنى قويۇڭ، سىكارلېت. ئۇلار ۋادنى نېمىشقا رائولنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە چاقىرىشمايدۇ؟

— خۇدا ھەققى، رېت، مېنىڭ دىققىتىمنى چاچمىسىڭىزچۇ. ئاشلېي ھېساباتنى ئۇماچ قىلىۋېتىپتۇ. كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈننى دەيسىز؟ ھە، ئۇلارنىڭ ۋادنى چاقىرمىغىنىمۇ بوپتۇ، چاقىرغان بولسىمۇ ئۇنى ئەۋەتمەيتتىم. رائولنىڭ مېرۋېتېر خانىمنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئۇ خانىم ئۆيىگە ھۆر نېگىرلارنىڭ بالىلىرىنى چاقىرسا چاقىرىدۇكى،

بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ ئۇ مۇقەددەس ئۆيىگە چاقىرمايدۇ.

رېت ۋادقا قاراپ قويدى، ئۇ سەل قورقۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

— بۇياققا كەلگىن، ئوغلۇم، — دېدى رېت ۋادنى ئۆزىگە تارتىپ، — رائولنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بارغۇڭ بارمۇ؟

— ياق، ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاد قورقىماي يۈرەكلىك تۇرۇپ، ئەمما گەپنى قىلىپ بولۇپلا يەرگە قارىۋالدى.

— ئېيتقىنا، ۋاد، سەن جوۋېھتىن ياكى فىرانك يونىپلىنىڭ، ياكى باشقا دوستلىرىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىگە بېرىشنى ئويلامسەن؟

— ياق، ئەپەندى، ئۇلارمۇ مېنى چاقىرىشمايدۇ.

— ۋاد، يالغان گەپ قىلما! — دەپ ۋارقىرىدى سكارلېت كەينىگە ئۆرۈلۈپ، — تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا باتىنىڭ، كېلېرتىسنىڭ، ھىندونىڭ بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىگە قاتناشتىڭغۇ؟

— سىزمۇزە. قېچىرنىڭ بېشىغا ئاتنىڭ نوختىسىنى سالغاندەك گەپ قىلىۋاتىسىز. قاچانقى گەپلەر ئۇ، — دېدى رېت سكارلېتقا. ئارقىدىن ئۇ ئاۋازىنى سىلىقلاشتۇرۇپ ۋادتىن يەنە سورىدى، — سەن ئۇلارنىڭكىگە بارغاندا خۇشال ئويىندىڭمۇ؟ قورقماي دەۋەر.

— ياق، ئەپەندى.

— نېمە ئۇچۇن؟

— مەن... مەن بىلمەيمەن، ئەپەندى. نېگىر موما... نېگىر موما ئۇلارنى ئەسكى ئاق تەنلىكلەر دېگەن.

— ئۇ نېگىر موماڭنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويمايدىغان بولسام، — سكارلېت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ توۋلاپ كەتتى، — سەن ئاپاڭنىڭ دوستلىرىنى...

— بالا راست گەپ قىلىۋاتىدۇ، نېگىر ئانىمۇ شۇنداق، — دېدى رېت، — ئەمما سىز ئەزەلدىن ھەقىقەتنى تونۇمايسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىغىزغا ئۆچراپ تۇرسىمۇ شۇنداق... كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئوغلۇم. بىر شىنى خالىمىغان ئۇنداق جايلارغا بارمايلا قوي. مە! — ئۇ يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى، — پوركقا ئېيت، ئۇ سېنى پەيتونغا سېلىپ بازارغا ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كەلسۇن. ئۆزۈڭگە كەمپۈت سېتىۋال... جىق ئال، ئەمما جىق يەۋەتمە، قورسىقىڭ ئاغرىپ قالىدۇ.

ۋاد خۇشال بولۇپ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن ئاپىسىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلغاندەك ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى. سكارلېتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن، رېتقا قاراپ تۇراتتى. رېت يەردىن بوننىينى ئېلىپ يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ تۇرۇۋالدى. سكارلېت ئۇنىڭ چىرايىنى تولۇق كۆرەلمىدى، ئەمما كۆزلىرىدىن قورقۇنچقا يېقىنراق بىر خىل ئىپادە، قورقۇنچ ۋە كايىشتەك بىر خىل ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ۋاد ئۆگەي دادىسىنىڭ مەردلىكى بىلەن يۈرىكى سەل توختاپ، ئىزا تارتىپىراق ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— رېت تاغا، سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ، — رېت سەل ئەنسىرىگەندەك قىلىۋاتاتتى. ئەمما، يەنە بىپەرۋادەكمۇ كۆرۈنەتتى، — نېمە ئىش، ۋاد؟

— رېت تاغا، سىز... سىز ئۇرۇشتا جەڭگە قاتنىشىپ باققانمۇ؟

رېتنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى سەل كەينىگە تارتىلغاندەك بولدى، ئەمما يەنىلا شۇنداق ئۆتكۈر ئىدى. ئاۋازى بولسا ئىختىيارىيراق چىقىۋاتاتتى.

— بۇنى نېمىدەپ سوراپ قالدىڭ، ئوغلۇم!

— ھىم. جوۋېتىن سىزنى جەڭگە قاتناشمىغان دەيدۇ. بوننىيمۇ شۇنداق دېدى.

— سەن ئۇلارغا نېمە دېدىڭ؟

ۋاد سەل تۇتۇلۇپ قالدى.

— مەن... مەن ئۇلارغا بىلمەيمەن دەپ جاۋاب بەردىم، — ئارقىدىن ئۇ بىر گەپنى قوشۇپ قويدى، — مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدىم، تېخى بىر نەچچىسىنى ئۇردۇم. سىز ئۇرۇشقا قاتناشقانمۇ، رېت تاغا؟

— قاتناشقان، — دېدى رېت كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ئارمىيەدە سەككىز ئاي بولدۇم. لوۋېجويدىن تېننېسىنىڭ فىرانكلىن دېگەن يېرىگىچە ئۇرۇشۇپ باردىم. جونىستون تەسلىم بولغاندا مەن ئارمىيەدە ئىدىم.

ۋاد خۇشاللىقىدا تولغىنىپ كەتتى. سىكارلېت كۈلۈپ قويدى.

— مەن سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۇرۇش تارىخىڭىزدىن بىر كۈنلەردە نومۇس قىلىپمۇ قالدۇ دەپ ئويلايمەن، — دېدى سىكارلېت، — سىز ماڭا ئۇ ئىشلىرىڭىزنى باشقىلارغا دېمەڭ دېگەنىدىڭىزغۇ؟

— تىنچ! — ئۇنى گەپتىن توستى رېت، — ۋاد، ئەمدى رازى بولغانسەن؟

— ھەئە، ئەپەندى ! مەن سىزنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. سىز ئۇلار دېگەندەك قورقۇنچاق ئادەم ئەمەس. بىراق... سىز نېمىشقا باشقا بالىلارنىڭ دادىلىرى بىلەن بىللە بولمىغان؟

— باشقا بالىلارنىڭ دادىلىرى ئەخمەق ئادەملەر، ھەممىسى پىيادە ئەسكەر بولغان. بۇرۇن مەن ۋېست ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا، زەمبىرەكچىلەر قىسمىغا بۆلۈنگەن، مۇنتىزىم زەمبىرەكچىلەر قىسمىغا. ۋاد، ئۇ قىسمىغا كىرىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس.

— مەنمۇ چوقۇم شۇنداق دەپ ئويلايمەن، — دېدى ۋاد. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، — سىز يارىلانغانمۇ، رېت تاغا؟

رېت سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇنىڭغا ئىچىڭىز سۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

رېت قولىدىكى بالىنى ئاۋايلاپ گىلەمنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن كۆڭلىكىنى يۇقىرىغا قايرىدى.

— بۇياققا كەل، ۋاد، مەن ساڭا يارىلانغان يېرىمنى كۆرسىتىپ قوياي.

ۋاد خۇشال هالدا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇ قولى بىلەن كۆرسەتكەن يەرگە قارىدى، كۆكرىكىدىن تارتىپ دوۋسۇنىغىچە ئۇزۇن بىر تاتۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كالفورنىيەدىكى ئالتۇن كاندا بىرسى بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ پىچاق تىلىۋەتكەن يەر ئىدى، ۋاد ئۇنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ قاتتىق خۇشال بولۇپ، هاياجانلانغىنىدىن نەپەس ئالالماي قالدى.

— مەن سىزنىمۇ مېنىڭ دادامغا ئوخشاش دەپ ئويلايتتىم، رېت تاغا.

— ئاساسەن ئوخشاش، ئوخشىمايدىغان يەرلىرىمىزمۇ بار، — دېدى رېت كۆڭلىكىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىپ، — بولدى، ئەمدى بازارغا بېرىپ قولۇڭدىكى پۇلۇڭنى خەجلەپ كەلگىن. بۇنىڭدىن كېيىن قايسى بالا مېنى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان دېسە، تۇتۇۋېلىپ تازا قوي.

ۋاد خۇشاللىقىدا دىكىلداپ سەكرەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. رېت بوننېنى باشقىدىن قولىغا ئالدى.

— نېمىشقا ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلىسىز، باتۇر بايۋەچچە ئەسكەر؟ — سورىدى سكارلېت.

— ئوغۇل بالىلار، بولۇپمۇ ئۆگەي ئوغۇل بالىلار دادىلىرىدىن پەخىرلىنىشلىرى كېرەك. مەن ئۇنىڭ باشقا بالىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشىنى هەرگىز خالىمايمەن. بالىلار بىر-بىرىگە رەهىمسىز كېلىدۇ.

— قۇرۇق گەپ.

— مەن بۇ ئىشنىڭ ۋاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان، — دېدى رېت ئاستا

سۆزلەپ، — ئەمما كەلگۈسىدە بوننى بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىمايدۇ.
— قانداق ئەھۋالغا؟
— سىز مېنى بوننىنى دادىسى ئۈچۈن نومۇس قىلىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئۇمۇ توققۇز - ئون ياشلارغا كىرگەندە كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشالماي ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرسۇنمۇ؟ ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىدىن ئەمەس، ۋادقا ئوخشاش ئاتا - ئانىسىنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن نومۇسقا، ھاقارەتكە ئۇچرىسۇن دەمسىز؟
— ۋاي - ۋۇي، ئۇ دېگەن بالىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈن مەرىكىسىغۇ.
— ياش قىزلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى بالىلارنىڭ ئاشۇنداق پائالىيەتلىرىدىن باشلانغان. سىز مېنىڭ قىزىمنى ئاتلانتادىكى يۇقىرى تەبىقىنىڭ سىرتىدا قېلىپ ئۆيدە چوڭ بولسۇن دېمەكچىمۇ؟ مەن ئۇنى بۇ يەردە، چارلېستوندا ياكى ساۋاننا ياكى يېڭى ئورلېئاندا قارشى ئېلىنماي، شىمالغا ئوقۇشقا ياكى زىيارەتكە ئەۋەتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ئانىسىنىڭ دۆتلۈكى، دادىسىنىڭ مۇتتەھەملىكى تۈپەيلىدىن جەنۇبلۇقتىن بىرەر لايىق چىقماي قالغۇدەك بولسىمۇ، ئۇنى شىماللىققا ياكى بىر چەت ئەللىككە ياتلىق قىلمايمەن.
شۇ ئارىلىقتا ۋاد قايتىپ كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قىزىقىپ قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، بەزى گەپلەرنى چۈشەنمىگەندى.
— بوننى بېئو بىلەن توي قىلسا بولمامدۇ.
رېت ئاچچىقى بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ۋادنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئەمما ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ گېپىنى جىددىي تۇرۇپ ئويلىدى.
— بوننى بېئو ۋىلكېس بىلەن توي قىلسىمۇ بولىدۇ. ۋاد،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەن ئۆزۈڭ كىم بىلەن توي قىلىشنى خالايسەن؟

— مەن ھېچكىم بىلەن توي قىلمايمەن، — دېدى ۋاد ئىشەنچلىك ھالدا. ئۇ بۇ ئادەم بىلەن باراۋەر تۇرۇپ پاراڭلاشقىنىغا تولىمۇ خۇشال ئىدى. مېلانىيە بىلەنمۇ شۇنداق پاراڭلىشالايتتى. مېلانىيە ئۇنى زادى جىملىمەيتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەتتى، — مەن كەلگۈسىدە ھاۋر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ دادامغا ئوخشاش ئادۋوكات بولىمەن، ئاندىن ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ باتۇر ئەسكەر بولىمەن.

— مېلانىيە ئۇنىڭ ئاغزىنى چاپلىۋەتسۇن ئىلاھىم، — دېدى سكارلېت ئاچچىق قىلىپ، — ۋاد، سەن كەلگۈسىدە ھاۋر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇمايسەن، ئۇ دېگەن شىماللىقلارنىڭ مەكتىپى. مەن سېنىڭ ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇشۇڭنى خالىمايمەن. جورجىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيسەن، ئۇ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن مېنىڭ دۇكىنىمنى باشقۇرىسەن، داداڭغا ئوخشاش باتۇر ئەسكەر بولۇشۇڭغا كەلسەك ...

— تىنچ! — رېت ئۇنىڭغا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈزمىدى. چۈنكى، ئۇ ۋادنىڭ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان دادىسى توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا كۆزلىرىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدى، — ۋاد، سەن چوڭ بولغاندا داداڭغا ئوخشاش باتۇر ئادەم بول. داداڭ ئاجايىپ باتۇر ئادەم ئىدى، باشقىلار ئۇنداق ئەمەس دېسىمۇ سەن ئۇنىما. ئۇ سېنىڭ ئاپاڭ بىلەن توي قىلغان، شۇنداقمۇ؟ بۇمۇ ئۇنىڭ ئىنتايىن جاسارەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەن سېنىڭ ھاۋر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ ئادۋوكات بولۇشۇڭنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن. بولدى، ئەمدى چىقىپ پورك بىلەن بازارغا بېرىپ كەلگىن.

— سىزگە رەھمەت. ئەمما، سىز بالامغا ئۆزۈمنىڭ تەربىيە بېرىشىمگە يول قويۇڭ، — دېدى سكارلېت ۋاد چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆينى بېشىغا كىيىپ.

— ئۇنى سىز باشقۇرىمەن دېسىڭىز ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ!

ۋاد بىلەن ئېللانىڭ تەربىيەسىنى كېچىكتۈرگىنىڭىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما، مەن سىزنىڭ بۇنىڭغىمۇ ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا قوشۇلالمايمەن. بۇنىڭ كەلگۈسىدە كىچىك مەلىكە بولۇپ چىقىشى كېرەك. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولسۇن. ئۇنىڭ بارمايدىغان يېرى بولمايدۇ. سىز مېنى ئۇ چوڭ بولغاندا بۇ ئۆيگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋاتقان قاشىشاقلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلدۇرۇشىڭىز كېرەك، دېمەكچىمۇ؟

ــ ئۇلار سىزدىن مىڭ ياخشى...

ــ سىزگە قارىغاندا مىڭ ياخشىدۇ، ئۇمىدقىم. ئەمما، بۇنىڭ ئۇلارغا مۇتلەق ئوخشىمايدىغان قىز بولىدۇ. ئۇنى ئۆزىڭىز ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقان سەرگەردانلارغا ياتلىق بولىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ خەقنى زىيانغا دەسسىتىدىغانغا تۇرغان ئېرلاندىيەلىكلەر، شىمالىق ئالۋاستىلار، سومكىچىلارنىڭ پارتىيەسىنىڭ بىردىنلا بېيىپ كەتكەن بايلىرى دېگەندەك... مېنىڭ باتلېر جەمەتى بىلەن روبىللارد جەمەتىنىڭ قېنى بىلەن يۇغۇرۇلغان بونىيىم...

ــ يەنە ئوخارا جەمەتىمۇ بار...

ــ ئوخارا جەمەتى زامانى ئاۋۋال ئېرلاندىيە پادىشاھىنىڭ بېقىندىلىرىدىن بولغانىمىش. ئەمما، سىزنىڭ دادىڭىز باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا تۇرغان چېۋەر بىر دېھقان، خالاس. سىزمۇ دادىڭىزدىن ئانچە قېلىشمايسىز... ئەمما، مەندىمۇ خاتالىق بار، ئىلگىرىكى ھاياتىمنى خۇددى دوزاختىن چىققان شەپەرەڭدەك، ھەممە ئىشنى ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز بىلىپ، خىيالىمغا كەلگەننى قىلىپ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەمدى بونىڭ ئۇنداق بولمايدۇ. مەن بۇرۇن نېمىدېگەن ئەخمەق! بونىڭ چارلىستوندا قارشى ئېلىنمايدۇ، مەيلى مېنىڭ ئاپام ياكى سىزنىڭ ھامىملىرىڭىز ھەرقانچە چارىسىنى قىلغان بىلەنمۇ ئوخشاش... چارىسىنى ئۆزىمىز قىلمىساق، ئۇنىڭ بۇ يەردە يۈت دەسسەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرالىشىمۇ تەس.

— رىت، سىز بۇ ئىشنى ئەجەبمۇ ئىغىرلاشتۇرۇۋەتتىڭىزغۇ؟ قىزىق ـ دە سىز، بىزنىڭ شۇنچە كۆپ پۇلىمىز تۇرسا...

— ئۇ پۇللىرىڭىز بىر تىيىن! مەن ئۇنىڭغا ھازىرلاپ بەرمەكچى بولغان تەرتىپنى يېتىمىزدىكى ھەممە پۇلىمىزغا سېتىۋالالمايمىز. مەن بونىپنىڭ پىكاردىنىڭ ئەسكى ئۆيى ياكى ئىلىسىن خانىمنىڭ لىگشىپ تۇرغان ئامبىرىدا قاتتىق بولكىنى غاجاپ ياشىشىنى خالايمەنكى، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش سورۇنلىرىنىڭ چولپىنى بولۇشىنى خالىمايمەن. سىزمۇ تازا گالۋاڭ! سىز بالىلارغا جەمئىيەتتىن بىر ئورۇن ھازىرلاپ قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى... لېكىن ئۇنى قىلمايۋاتىسىز، ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىڭىزنى ساقلاپ قېلىشنىمۇ ئەستايىدىل ئويلىمىدىڭىز. شۇڭا، ھازىرغىچە دۇنياغا تۇتقان مۇئامىلىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز ئىنتايىن قىيىنغا توختاۋاتىدۇ. سىز پۇلغا ئۆزىڭىزنى بەك ئورۇپ كېتىۋاتىسىز، خەقنى بوزەك قىلىشنى ياخشى كۆرۈۋاتىسىز.

— مېنىڭچە، سىزنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى چۆگۈن ئىچىدىكى بوران ـ چاپقۇن، كىچىك ئىشنى يوغىنىتىۋەتكەنلىك، خالاس، — دېدى سىكارلېت سالقىن تۇرۇپ. ئاندىن بۇ سۆھبەت مۇشۇيەرگىچە بولسۇن دېگەندەك، قولىدىكى ھېسابات دەپتىرىنى ئاۋاز چىقىرىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— بىزگە پەقەت ۋىلكىس خانىملا ياردەم بېرەلەيتتى، ئەمما سىز ئۇنى ھاقارەتلىدىڭىز، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىڭىز. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ نامراتلىقىنى، جۇل ـ جۇل چاپانلىقىنى دېمىسىڭىز. ئاتلانتانىڭ بارلىق جەۋھەرلىرىنىڭ روھى ھەم مەركىزى پەقەت شۇلا. ئۇنى بىزگە ئەۋەتكىنى ئۈچۈن خۇداغا مىڭ قەتلە شۇكۇر ئېيتساق بولىدۇ، ئۇ بىزگە ئاشۇ تەرەپلەردىن ياردەم بېرىدۇ.

— ئەمدى سىز قانداق قىلماقچى؟

— قانداق قىلماقچى؟ بۇ شەھەردىكى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ھەربىر ئايال باشلىقىغا، بولۇپمۇ مېرۋېتېر خانىمغا، ئېلسىن خانىمغا، ۋېمتىن خانىمغا، مادې خانىمغا خىزمەت ئىشلىمەكچى. ئۇ ئۈچ قېرى مۇشۇكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ بارسامۇ مەيلى. ئۇلارنىڭ سوغۇق مەسخىرىلىرىگە چىداپ، ئۆتمۈشتىكى قىلمىشلىرىمغا تۆۋا قىلىمەن، ئۇلارنىڭ نەس باسقۇر ساخاۋەتخانىلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىمەن، چېركاۋلىرىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىمەن. جەنۇب ئىتتىپاقى ئۇچۇن قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئىقرار بولىمەن، ماختاپ كۆككە كۆتۈرىمەن، زۆرۈر تېپىلسا ئۇ خەقنىڭ 3K پارتىيەسىگىمۇ ئەزا بولۇپ كىرىمەن. يەنە مەن ئۆزۈم قۇتۇلدۇرغان ئۇ ئادەملەرگە قىلچە ئىككىلەنمەي ماڭا قەرزدار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرىمەن. سىزگە كەلسەك، خانىم، ماڭا رەھىم قىلىپ، كەينىمدىن مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا توپا چاچماڭ. مەن ياخشىلىشىپ قالماقچى بولۇۋاتقان ئۇ ئادەملەرگە ناچار ياغاچلىرىڭىزنى ساتماڭ ياكى باشقا تەرەپلەردىن ھاقارەت قىلماڭ. يەنە بىر گەپ، ئىشتات باشلىقى بۇلوك بىزنىڭ ئۆيگە ئىككىنچى ئاياغ باسمىسۇن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ سىز بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇ لاتاپەتلىك ئوغرىلارمۇ ئۆيىمىزگە كەلگۈچى بولمىسۇن. ئەگەر سىز مېنىڭ نارازىلىقىمغا قارىماي ئۇلارنى داۋاملىق تەكلىپ قىلىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۇلار مېنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىز ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسىز. ئۇلار ئۆيگە كىرىدىكەن، مەن بېللي ۋاتلىنىنىڭ قاۋاقخانىسىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ھەربىر ئادەمگە ئەھۋالنى دەيمەن. ئۇلار مېنىڭ سىزنىڭ ئۇ ئادەملىرىڭىز بىلەن بىللە يۈرۈشنى خالىمايدىغانلىقىمنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇشال بولىدۇ.

سكارلېت ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاچچىق ئازاب ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى، ئاخىرىدىكى گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— شۇنىڭ بىلەن ئوغرى كىيىمىگە چىققان ئۇ قىمارۋازلار بىلەن ھايانكەشلەر دۇرۇس ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالىدىكەن ـ دە؟ سىز يامان يولىڭىزدىن يانماقچى بولىدىكەنسىز، مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى بىرىنچى بولۇپ بېلىلى ۋاتلىنىڭ ئۆيىنى سېتىۋېتىڭ.

بۇ قارىسىغا ئېيتىلغان ئوق ئىدى. سىكارلېت هازىرغىچە ئۇ ئۆيلەرنىڭ رېتنىڭ ئۆيلىرى ئىكەنلىكىنى تازا ئېنىق بىلمەيتتى، ئەمما گۇمان قىلاتتى. رېت خۇددى سىكارلېتنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالغاندەك ئۇشتۇمتۇت قاتتىق كۈلۈپ كېتىپ:

— سىزنىڭ بۇ تەكلىپىڭىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى.

ئەگەر رېت باتلېر ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىگەن بولسا، ئۆزىنىڭ يامان يولدىن ياندىغان ۋاقتىنى مۇنداق بىر مۇشكۇل پەيتكە توغرىلىمىغان بولاتتى. بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل مۇشۇ كۈنلەردە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ۋە ئۇ پارتىيەگە قاتناشقان جەنۇبلۇق ئاق تەنلىكلەرنىڭ يامان نامى چىقىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ هاكىمىيىتى چىرىپ پەللىگە يەتكەنىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا رېت باتلېرنىڭ ئىسمىمۇ شىماللىقلار، جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان جەنۇبلۇق ئاق تەنلىكلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنىدى.

1866 ـ يىلى ئاتلانتالىقلار شۇ چاغدىكى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدىنمۇ يامان تۈزۈمنىڭ دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بولمايدىغانلىقىنى چەكسىز غەزەپ ئىچىدە ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇگۈنگە كەلگەندە بولسا، بۇلوك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇ چاغدىكىدىنمۇ قەبىھ ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى نېگىرلارنىڭ بىلەت تاشلاشلىرىغا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىۋېلىپ، قولىدا ھوقۇق يوق، ئەمما داۋاملىق قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئاز ساندىكى پارتىيەلەرنى ئۆز

ئىختىيارلىرى بويىچە ئاياغ ئاستى قىلىشماقتا ئىدى.
ئېگىرلارنىڭ ئېچىدە: «ئىنجىل»دا پەقەت ئىككى خىل ئادەملەر، يەنى باجگىرلار بىلەن جىنايەتچىلەرلا تىلغا ئېلىنغان، دېگەن بىر گەپ تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېگىرلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ جىنايەتكار تەشكىلاتلارغا قاتناشماي، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە قىزغىن كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ يېڭى غوجايىنلىرى ئۇلارنىمۇ قوللاپ بېلەت تاشلىشاتتى، كەمبەغەل ئاق تەنلىكلەر بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە قاتناشقان جەنۇبلۇق ئاق تەنلىكلەرگە كاتتا ئەمەللەرنى بېرەتتى، ھەتتا بەزى ئېگىرلارغىمۇ مەنسەپلەرنى ھەدىيە قىلىشاتتى. ئۇ ئېگىرلار پارلامېنتنىڭ ئىشخانىلىرىدا گازىر چېقىپ، ئاياغ كىيىپ كۆنمىگەن پۇتلىرىدىكى ئاياغلىرىنى سېلىپ ـ كىيىپ دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىكار ئولتۇرۇشاتتى. ساۋاتلىقلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى، ئەمما قوللىرىدىكى ھوقۇقلىرىنىڭ چوڭلۇقى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.
ئىشتات پارلامېنتىنى بىر توپ ھايانكەشلەر، ھۆددىگەرلەر، كارخانىچىلار شامال ئۆتمىگۇدەك دەرىجىدە ئورىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن بېيىپ تىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار قىلچە قىينالمايلا ھۆكۈمەتتىن تۆمۈريول ياسىمىز دەپ نۇرغۇن پۇل ئالاتتى، ئەمما تۆمۈريولدا مەڭگۇ ئىش باشلانمايتتى. پاراۋۇز، ۋاگونلارنى سېتىۋالىمىز دەپمۇ پۇل ئېلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ نەرسىلەرمۇ يوق بولۇپ چىقاتتى.
ئىسراپچىلىق، خىيانەتچىلىك ۋە باشقا چىرىكلىكلەرگە قارىغاندا خەلقنىڭ ئىشتات باشلىقىنىڭ شىمالغا بېرىپ ئۇ مەسىلىلەرگە قارىتا سۆزلىگەن خاتا سۆزلىرىگە بولغان خاتا نەپرىتى بەكرەك كۈچلۈك ئىدى، جورجىيەلىكلەر ئۇلارنىڭ ئۇ خىل چىرىكلىكلىرىگە قارشىلىق بىلدۈرگەندە، ئىشتات باشلىقى ئالدىراپ ـ تېنەپ شىمالغا بېرىپ دۆلەت مەجلىسىدە ئاق تەنلىكلەر ئېگىرلارنى كەمسىتتى، جورجىيەلىكلەر يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى، دەپ شىكايەت قىلاتتى. ئۇ يەرلەرنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كېرەك، دەپ تەلەپ قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، بىرمۇ جورجىيەلىك نېگىرلار بىلەن جېدەللەشمەيتتى، تېخى شۇنداق جېدەللەردىن ئۆزىنى تارتاتتى، ئىككىنچى قېتىم ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى ئويلاۋاتقان بىرمۇ جورجىيەلىك يوق ئىدى، مىلتىق ئاستىدىكى تۈزۈمدە ياشاشنى تەلەپ قىلىۋاتقانمۇ ئادەم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تەلىپى ھېچقانداق كاشىلىلارغا ئۇچرىماي تىنچ - خاتىرجەم ياشاش ئىدى. لېكىن، ئىشتات باشلىقىنىڭ تۆھمەتلىرى نەتىجىسىدە شىمال ھۆكۈمىتى جورجىيەدە قايتا توپىلاڭ چىقماسلىق ئۈچۈن قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى بېكىتىش قارارىغا كەلدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ تۈزۈمنى قاتتىق كۈچەيتىۋەتتى.

جورجىيەنىڭ كانىيىنى قاتتىق سىقىۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ بەكمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، نۇرغۇن ئادەملەر، ھەتتا ھۆكۈمەتمۇ بۇ ئىشلارغا سۈكۈت قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئىشلارغا قارشى تۇرۇشمۇ، نارازىلىق بىلدۈرۈشمۇ بىكار ئىدى، چۈنكى ئىشتات ھۆكۈمىتىنى ئارمىيە قوللايتتى.

ئاتلانتالىقلار بۇلۇك بىلەن ئۇنى قوللايدىغان ئاق تەنلىكلەرگە ۋە ئۇلار بىلەن ئاپاق - چاپاق ئۆتىدىغان ئادەملەرگە ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنەتتى. رېت ئەنە ئاشۇ ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئادەم ئىدى. ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئۇلار بىلەن يېقىن، ئۇلارنىڭ ھەممە شۇملۇقلىرىنى بىلىدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، ئەمدى ئۇ بىرلا ئۆرۈلۈپ تېخى يېقىندىلا بىر ئېقىمدا تۇرۇپ كەلگەن ئۇ ئادەملەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

رېت ئۆزىنىڭ بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىغا قارىتا ئاتلانتالىقلاردا گۇمان قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىشنى ئاستا ۋە ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ باردى. ئاۋۋال شىماللىق

ئەمەلدارلار، ئۇلارنى قوللايدىغان جەنۇبلۇق ئاق تەنلىكلەر ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئاشكارا سورۇنلاردا بىللە بولمايدىغان، جەنۇبلۇق گۇمانلىق ئادەملەر بىلەنمۇ يېقىن ئۆتمەيدىغان يولنى تاللىۋالدى. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ يىغىلىشلىرىغا قاتنىشىدىغان، ئۇلار ئۇچۇن بېلەت تاشلىغانلىقىنى ئالاھىدە بىلدۈرۈپ قويىدىغانمۇ بولدى. قىمارنىمۇ تاشلىدى، ھاراقنىمۇ ئاز ئىچىدىغان بولدى. بېللىي ۋاتلىنىنىڭ قېشىغىمۇ كۈندۈزدە ئەمەس كېچىدە، خۇددى ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشاش ھېچكىمگە كۆرۈنمەي بارىدىغان بولدى.

ۋادنى ئېلىپ چېركاۋغا ئىبادەتكىمۇ باراتتى. دەسلەپ بارغاندا ئىبادەت قىلىۋاتقانلار ھەيران قېلىپ ئورۇنلىرىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنى بەكرەك ھەيران قالدۇرغىنى ۋادنىڭ كەلگەنلىكى ئىدى. چۈنكى، كىشىلەر ئۇ بالىنى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. سىكارلېتمۇ شۇ دەپ بىلىشەتتى. سىكارلېتنىڭ چېركاۋغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىرىپ باقمىغىنىغا قاراپ شۇنداق ئويلاشسا كېرەك، دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. سىكارلېت ئاپىسىنىڭ نۇرغۇن تەلىماتلىرى بىلەن بىللە دىنىي ئېتىقادىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك ئۇنى بالىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا سەل قارىدى دەپ ئەيىبلەۋاتقان بىر چاغدا، رېت باتلېرنىڭ ئۇ خاتالىقىنى تۈزەتمەكچى بولغاندەك ۋادنى چېركاۋغا ئېلىپ كېلىشى ھەممە ئادەمنىڭ ئازراق ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

رېت ئۆزىنىڭ ئاغزىنى باشقۇرالىسىلا، كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان مەسخىرە چىقىپ تۇرمىسىلا كىشىلەرگە جىددىي ۋە يېقىملىق كۆرۈنەلەيتتى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى شۇنداق قىلالماي ئەمدىلىكتە قىلىدىغان بولۇۋاتاتتى، ھەتتا ئىچىگە كىيىۋالغان پىنجىكىنىڭ رەڭگىمۇ بۇرۇنقىدىن كۆزلەرگە بەكرەك يېقىن ئىدى. ئۆزى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئاشۇ ئادەملەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش رىت ئۈچۈن ئانچە قىيىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئەگەر رىتنىڭ مۇئامىلىسى ئۇلارنى بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويمىسىلا ئۇلار ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن رەھمەتلىرىنى بىلدۈرۈپ بولغان بولاتتى. هازىر خۇگ ئېلىسىن، رىنىي، ئاكا ــ ئۇكا سىمونلار، ئاندى بونىپل ۋە باشقا نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى كەمتەر، يېقىشلىق بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇشتى. ئۇلار ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقلىرىنى بىلدۈرگەندىمۇ ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك ئىپادىلەردە بولدى.

ــ ئۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ، ــ دەيتتى ئۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن، ــ مېنىڭ ئورنۇمدا سىلەر بولغان بولساڭلارمۇ شۇنداق قىلاتتىڭلار.

ئۇ چېركاۋنىڭ رېمونتى ئۈچۈن مەردلىك بىلەن پۇل ئىئانە قىلدى، «جەڭدە قۇربان بولغانلار قەبرىستانلىقىنى قايتا رەتلەش ئۇيۇشمىسى» غىمۇ نۇرغۇن پۇل بەردى. بۇ پۇلنى ئېلىسىن خانىم ئارقىلىق تاپشۇرۇپ، ئۇ خانىمغا بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇشنى ئالاھىدە تاپىلىدى. شۇنداق قىلسا ئۇ خانىمنىڭ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئېلىسىن خانىم «ھايانكەشنىڭ پۇلى»نى ئېلىشنى ئۆزىگە تازا راۋا كۆرمىدى. لېكىن، ئۇيۇشمىغا شۇ كۈنلەردە پۇل بەكمۇ لازىم بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئالمايمۇ قويمىدى.

ــ سىز قانداق بولۇپ پۇل ئىئانە قىلىپ قالدىڭىزكىن. چۈشەنمىدىم، ــ دېدى ئۇ ئەتەي ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ.

رىت باتلېر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئارمىيەدىكى چېغىدا ئۆزى بىلەن بىللە جەڭ قىلغان بىر قىسىم باتۇر سەپداشلىرىنىڭ هازىر يەرنىڭ ئاستىدا ياتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ روھلىرى ئۆزىنى داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ پۇلنى شۇلار ئۈچۈن ئىئانە قىلغانلىقىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئېلىسىن خانىمنىڭ ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپلا قالدى. مېرۋېتېر خانىم بىر چاغدا، سىكارلېتتىن

ئاڭلىدىم، ئۇ ئادەممۇ ئۇرۇشقا بىر نېچچىكەن، دېگەندەك بىر گەپنى قىلغان، ئەمما ئۇ چاغدا ئېلىسىن خانىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن، باشقىلارمۇ ئىشەنمىگەن.

— سىز ئارمىيەگە قاتناشقانمۇ؟ قايسى روتا، قايسى پولكتا تۇرغان؟

رېت باتلېر ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

— ھە، توپچىلار قىسىمىدا دەڭ! مەن تونۇيدىغان ئادەملەر ئاتلىق قىسىملار بىلەن پىيادىلەر قىسىملىرىدا كۆپرەك، بۇ گەپچە... — ئۇ بىردىنلا گېپىنى توختىتىۋالدى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغانىدى. رېتنىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قارىۋىدى، ئۇ كۆزلەر قولىدىكى ئويناپ تۇرۇۋاتقان زەنجىرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئەسلىدە پىيادە ئەسكەرلەر قىسمىغا قاتناشماقچىدىم، — دېدى ئۇ ئېلىسىن خانىمنىڭ ياخشىلىشىپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك سۆزلەۋاتقان يۇمشاق تەلەپپۇزى بىلەن كارى بولماي، — لېكىن، ئۇلار مېنىڭ ۋېست ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقىمنى بىلىپ قېلىپ... ئۇ مەكتەپنى پۈتكۈزەلمىگەنىدىم. ئېلىسىن خانىم، بالىلىق قىلىپ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇ مەكتەپتىن چىقىپ كېتىپتىكەنمەن... مۇنتىزىم زەمبىرەكچىلەر قىسمىغا تەقسىم قىلىنىشتى. ئاخىرقى چاغلاردا ئۇلارغا مەخسۇس ھەربىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئادەملەر تازا لازىم بولدى. بىزنىڭ قىسىمدا ئۆلگەن ئادەملەر شۇنچىلىك كۆپ. ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەمنى تونۇمايتتىم، پۈتۈن جەڭ داۋامىدا بىرمۇ ئاتلانتالىقنى ئۇچراتمىدىم.

— ھىم! — ئېلىسىن خانىمنىڭ خىيال كەپتىرى قاناتلىنىشقا باشلىدى. ئەگەر ئۇ راستىلا ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسا، ئېلىسىن خانىم ئۇنى ئەيىبلەپ خاتا قىلغان بولىدۇ ـ دە. بۇرۇن ئۇنىڭ نۇرغۇن يامان گېپىنى قىلغان، قورقۇنچلۇق ئادەم دەپ ھاقارەتلىگەنىدى، ئەمدى ئويلاپ خىجىل بولۇۋاتاتتى، —

ئەمىسە سىز نېمىشقا ئارمىيەگە قاتناشقىنىڭىزنى باشقىلارغا دېمىگەن؟ خۇددى ئارمىيەگە قاتنىشىش نومۇس ئىشتەك قىلىق قىپتىكەنسىز!

رېت باتلېر يۈرەكلىك هالدا ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلدى، چىرايىدا هېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى.

— ئېلسىن خانىم، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، — ماڭا ئىشىنىڭ، مەن جەنۇب ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىمدىن بۇرۇن قىلغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمدىن بەكرەك پەخىرلىنىمەن. مېنىڭ هېس قىلىشىمچە...

— بولدى سۆزلىمەڭ، بۇرۇن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشىڭىزنى يوشۇردىڭىز؟

— بۇرۇنقى... بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىمنى ئويلاپ دېيىشكە خىجىل بولدۇم.

ئېلسىن خانىم ئۇنىڭ ئىئانە قىلغان پۇللىرى بىلەن دېگەن گەپلىرىنىڭ هەممىسىنى مېرۋېتېر خانىمغا سۆزلەپ بەردى.

— دوللى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىجىل بولغانلىرىنى سۆزلىگەندە كۆزلىرىگە ياش ئالدى. راست دەۋاتىمەن، مەنمۇ هاياجانلىنىپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدىم.

— بىكار گەپ! — مېرۋېتېر خانىم پەقەتلا ئىشەنمىدى، — مەن ئۇنىڭ ئارمىيەگە قاتناشقىنىغىمۇ، كۆزىگە ياش ئالغىنىغىمۇ ئىشەنمەيمەن. بۇنى ئېنىقلىماقمۇ ئاسان. شۇ چاغدىكى زەمبىرەكچىلەر قىسمىنىڭ پولكوۋنىكى كارلېتون مېنىڭ هامامىنىڭ كۈيئوغلى بولىدۇ. شۇنىڭغا خەت يېزىپ سوراپ باقىمەن.

ئۇ راستلا كارلېتونغا خەت يازدى، جاۋابىمۇ كەلدى. جاۋاب خەتنى ئوقۇپ ئىنتايىن ئوسال بولدى. كارلېتون خېتىدە رېت باتلېرنىڭ ئارمىيەگە قاتناشقانلىقىنىلا ئەمەس، جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنى، تالانتلىق زەمبىرەكچى، زادى

قىينچىلىقتىن زارلانمايدىغان ئېسىل ئادەم ئىكەنلىكىنى، كەمتەرلىكىنى، كۆرسەتكەن خىزمىتىگە يارىشا بەرگەن ئەمەلنى رەت قىلغانلىقىنى ئاجايىپ ماختاپ يازغانىدى.

— بولدى، — دېدى مېرۋېتېر خانىم كارلېتوننىڭ خېتىنى ئېلسىن خانىمغا بېرىۋېتىپ، — مېنى ھېچقانچە كۆچمەيلا يەڭدىڭ. بىز ئۇ لۆكچەكنى ئارمىيەگە قاتناشمىغان دەپ خاتا ئويلاپ يۈرۈپتۇق. سىكارلېت بىلەن مېلانىيەنىڭ گېپى توغرا ئىكەن. ئۇ ئاتلانتا قولدىن كەتكەن ئاشۇ كۈنى ئارمىيەگە قاتنىشىپتىكەن. لېكىن، ئۇ بەربىر جۇمھۇرىيەتچىلەرنى قوللاپ كېلىۋاتقان بىر مۇتتەھەم، ئۇنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمەن.

— نېمىشقىكىن، — دېدى ئېلسىن خانىم دېلىغۇل بولۇپ، — نېمىشقىكىن، ئۇ ماڭا يامان ئادەم ئەمەستەكلا كۆرۈنىدۇ. جەنۇب ئىتتىپاقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئادەم ئۇ دەرىجىدىمۇ يامان بولۇپ كەتمەس. يامان دېسە سىكارلېتنى دېسە بولىدۇ. بىلەمسەن، دوللى، مەن... مەن ئۇنىڭ سىكارلېت ئۈچۈن نومۇس قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ئېسىلزادە بولغاچقىلا ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپ.

— نومۇس قىلارىمىش تېخى! تۇفى! ئىككىلىسى بىر قېلىپنىڭ كېسەكلىرى. سەن قانداق بولۇپ بۇنداق كۈلكىلىك خىياللارنى ئويلاپ قالدىڭ؟

— بۇ كۈلكىلىك خىيال ئەمەس، — دېدى ئېلسىن خانىم تېرىكىپ، — تۈنۈگۈن قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقاندا ئۇ ئۈچ بالىنى پەيتونغا سېلىپ پىئاچتېر كوچىسىدا يۈرۈپتۇ. مېنى پەيتونغا سېلىپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇنىڭدىن: «كاپىتان باتلېر، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتسا ئۈچ بالىنى ئېلىپ كوچىدا يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟ ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىز؟ نېمىشقا بۇ بالىلارنى دەرھال ئۆيگە ئېلىپ كەتمەيسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ خۇددى نازۇك بىر سوئالغا دۇچ كەلگەندەك، گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىدا ھېلىقى نېگىر موماي: «ئۆيگە ئەسكى ئاق

ﺗﻪﻟﻨﻜﻠﻪﺭ ﺗﻮﺷﯘﭖ ﻛﻪﺗﺘﻰ. ﺑﺎﻟﯩﻼﺭﻏﺎ ﺋﯚﻳﻨﯩﯔ ﻫﺎۋﺍﺳﯩﻐﺎ ﻗﺎﺭﯨﻐﺎﻧﺪﺍ ﺗﺎﻻﻧﯩﯔ ﻫﺎۋﺍﺳﻰ ﻳﺎﺧﺸﻰ» ﺩﻩﭖ ﺟﺎۋﺍﭖ ﺑﻪﺭﺩﻯ.

— ﺭﯦﺖ ﺑﺎﺗﻠﯧﺮ ﻧﯧﻤﻪ ﺩﯦﺪﻯ؟

— ﻧﯧﻤﻪ ﺩﻩﻳﺘﺘﻰ، ﻣﻮﻣﺎﻳﻐﺎ ﻗﺎﺭﺍﭖ ﻗﺎﭘﯩﻘﯩﻨﻰ ﺗﯜﺭﯛﭖ ﻗﻮﻳﺪﻯ. ﺋﺎﺋﯩﻠﯩﺴﺎﻡ، ﺗﯜﻧﯜﮔﯜﻥ ﺳﯩﻜﺎﺭﻟﯧﺖ ﻗﺎﺭﺗﺎ ﺋﻮﻳﯩﻨﻐﯩﻠﻰ ﺋﯚﻳﮕﻪ ﺋﺎﺷﯘ ﺋﻪﺳﻜﻰ ﺧﻮﺗﯘﻧﻼﺭﻧﻰ ﭼﺎﻗﯩﺮﯨﭙﺘﯩﻜﻪﻥ. ﻣﯧﻨﯩﯖﭽﻪ، ﺭﯦﺖ ﺑﺎﻟﯩﻠﯩﺮﯨﻤﻨﻰ ﺋﯘ ﺧﻪﻕ ﺳﯚﻳﻤﯩﺴﯘﻥ ﺩﻩﭖ ﺗﺎﻻﻏﺎ ﺋﺎﭼﯩﻘﯩﭗ ﻛﻪﺗﻜﻪﻥ ﮔﻪﭖ.

— ﺷﯘﻧﺪﺍﻗﻤﯘ؟ — ﻣﯧﺮۋﯦﺘﯧﺮ ﺳﻪﻝ ﺗﻪۋﺭﯨﻨﯩﭗ ﻗﺎﻟﻐﺎﻧﺪﻩﻛﻤﯘ ﻗﯩﻠﺪﻯ، ﻟﯧﻜﯩﻦ ﻳﻪﻧﯩﻼ ﺋﯚﺯﯨﻨﯩﯔ ﮔﯧﭙﯩﺪﻩ ﭼﯩﯔ ﺗﯘﺭﯗۋﺍﻟﻐﺎﻧﺪﻯ. ﻛﯧﻴﯩﻨﻜﻰ ﻫﻪﭘﺘﯩﺴﯩﮕﻪ ﻛﻪﻟﮕﻪﻧﺪﻩ ﺋﺎﻧﺪﯨﻦ ﺋﯘﺯﯗﻝ - ﻛﯧﺴﯩﻞ ﺗﻪﺳﻠﯩﻢ ﺑﻮﻟﺪﻯ.

ﺭﯦﺖ ﺑﺎﺗﻠﯧﺮﻧﯩﯔ ﺑﺎﻧﻜﯩﺪﺍ ﺑﯩﺮ ﺋﯘﺳﺘﯩﻠﻰ ﺑﺎﺭ ﺋﯩﺪﻯ، ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﯘ ﻳﻪﺭﺩﻩ ﻧﯧﻤﻪ ﺋﯩﺶ ﻗﯩﻠﯩﺪﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﻫﻪﺗﺘﺎ ﺑﺎﻧﻜﯩﻨﯩﯔ ﺑﺎﺷﻠﯩﻘﻠﯩﺮﯨﻤﯘ ﺑﯩﻠﻤﻪﻳﺘﺘﻰ، ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺑﺎﻧﻜﯩﺪﺍ ﻧﯘﺭﻏﯘﻥ ﭼﯧﻜﻰ ﺑﻮﻟﻐﺎﭼﻘﺎ، ﺋﯘﻻﺭﻣﯘ ﺋﯘﻧﯩﯖﻐﺎ ﺑﯩﺮ ﻧﯧﻤﻪ ﺩﯦﻴﯩﺸﻜﻪ ﭘﯧﺘﯩﻨﺎﻟﻤﺎﻳﺘﺘﻰ، ﺑﯩﺮ ﻣﻪﺯﮔﯩﻞ ﺋﯚﺗﻜﻪﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ، ﺋﯘﻻﺭﻣﯘ ﺋﯘﻧﯩﯖﺪﯨﻦ ﺋﯩﻠﮕﯩﺮﻯ ﺑﯩﺰﺍﺭ ﺑﻮﻟﻐﺎﻧﻠﯩﻘﻠﯩﺮﯨﻨﻰ ﺋﯘﻧﺘﯘﭘﻤﯘ ﻗﯧﻠﯩﺸﺘﻰ، ﭼﯘﻧﻜﻰ ﺋﯘﻧﯩﯔ ﻣﯩﺠﻪﺯﻯ ﺋﯚﺯﮔﯩﺮﯨﭗ ﻣﯘﻻﻳﯩﻢ، ﺋﻪﺩﻩﭘﻠﯩﻚ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻗﺎﻟﻐﺎﻥ ﻫﻪﻡ ﺑﺎﻧﻜﺎ ﺑﺎﺷﻘﯘﺭﯗﺷﻨﻰ، ﭘﺎﻱ ﭼﯧﻜﯩﻨﻰ ﻗﺎﻧﺪﺍﻕ ﻗﻮﺷﯘﺵ ﻛﯧﺮﻩﻛﻠﯩﻜﯩﻨﻰ ﺋﯚﮔﯩﻨﯩۋﺍﻟﻐﺎﻧﺪﻯ. ﻫﻪﺭ ﻛﯜﻧﻰ ﺋﯘﺳﺘﯩﻠﯩﺪﻩ ﻧﺎﻫﺎﻳﯩﺘﻰ ﺋﻪﺳﺘﺎﻳﺪﯨﻞ ﻗﯩﻴﺎﭘﻪﺗﺘﻪ ﺋﻮﻟﺘﯘﺭﺍﺗﺘﻰ. ﺧﯩﺰﻣﻪﺕ ﻗﯩﻠﯩۋﺍﺗﻘﺎﻥ ﻫﻪﻡ ﺧﯩﺰﻣﯩﺘﯩﻨﻰ ﺗﯩﺮﯨﺸﭽﺎﻧﻠﯩﻖ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯩﺸﻠﻪﻳﺪﯨﻐﺎﻥ ﺷﻪﻫﻪﺭ ﺋﺎﻫﺎﻟﯩﻠﯩﺮﻯ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﺎﺭﺍۋﻩﺭ ﻣﯘﻧﺎﺳﯩۋﻩﺗﺘﻪ ﺑﻮﻟﯘﺵ ﺋﯩﺴﺘﯩﻜﯩﺪﻩ ﻳﯘﺭﯗۋﺍﺗﻘﺎﻧﺪﻩﻛﻤﯘ ﻗﯩﻼﺗﺘﻰ.

ﻣﯧﺮۋﯦﺘﯧﺮ ﺧﺎﻧﯩﻢ ﺑﻮﻟﻜﯩﺨﺎﻧﯩﺴﯩﻨﻰ ﻛﯧﯖﻪﻳﺘﻤﻪﻛﭽﻰ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺋﯚﻳﯩﻨﻰ ﮔﯚﺭﯛ ﺋﻮﺭﻧﯩﺪﺍ ﻗﻮﻳﯘﭖ ﺑﺎﻧﻜﯩﺪﯨﻦ ﺋﯩﻜﻜﻰ ﻣﯩﯔ ﺩﻭﻟﻼﺭ ﻗﻪﺭﺯ ﺋﺎﻟﻤﺎﻗﭽﻰ ﺑﻮﻟﻐﺎﻧﺪﺍ، ﺑﺎﻧﻜﺎ ﺗﻪﺭﻩﭖ ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﯚﻳﯩﻨﻰ ﺋﯩﻜﻜﻰ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﮔﯚﺭﯛﮔﻪ ﻗﻮﻳﻐﺎﻧﯩﻜﻪﻥ، ﺩﻩﭖ ﻗﻪﺭﺯ ﺑﯧﺮﯨﺸﻜﻪ ﻗﻮﺷﯘﻟﻤﯩﺪﻯ. ﺋﯘ ﺋﺎﭼﭽﯩﻘﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﺎﻧﻜﯩﺪﯨﻦ ﭼﯩﻘﯩﭗ ﻛﯧﺘﯩۋﺍﺗﻘﺎﻧﺪﺍ ﺭﯦﺖ ﺋﯘﻧﻰ ﺗﻮﺳﯘۋﯦﻠﯩﭗ ﻧﯧﻤﻪ ﺋﯩﺶ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻛﻪﻟﮕﻪﻧﻠﯩﻜﯩﻨﻰ ﺳﻮﺭﯨﺪﻯ. ﺳﻪۋﻩﺑﯩﻨﻰ

بىلگەندىن كېيىن:

— ئوتتۇرىدا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، مېرۋېتېر خانىم، — دېدى، — مانا مەن سىزگە بورىېن بولاي، ئۇمۇ بولمىسا ئۇ پۇلنى مەن بېرىپ تۇراي. ھەرقانداق ئايال سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق زور ئىشلارنى قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا چوقۇم بورىېن بولۇش كېرەك، بانكىمۇ سىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە قەرز بېرىشى شەرت. كېلىڭ، مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بۇ ئىشنى سىزگە ھازىرلا بېجىرىپ بېرىمەن.

ئۇ بىر چاغلاردا مۇلايىم كۈلۈپ خانىمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھەقىقەتەن ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىككى مىڭ دوللارنى ئېلىپ ئايرىم قويۇپ قويغانلىقىنى، قاچان لازىم قىلسا ئېلىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنى قانداق قىلار... ئۆيىنى گۆرۈگە قويىدىغان توختامنامىگە قول قويدۇرارمۇ؟

مېرۋېتېر خانىم ئۆزى ئەڭ يامان كۆرىدىغان، ئىشەنمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ قالغىنى ئۈچۈن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ ھەم نومۇس قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئامالسىز ئاغزىدا رەھمەت ئېيتىپ قويغىنى بىلەن كۆڭلىدە يەنىلا نەپرەتلىنىپ تۇردى.

رېت ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل ئىپادىلەرگە دىققەت قىلماي ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— مېرۋېتېر خانىم، — دېدى رېت خوشلىشىۋېتىپ، — مەن سىزنىڭ بىلىمىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئەزەلدىن قايىل ئىدىم، شۇ بىلىملىرىڭىزدىن بىزگىمۇ ئازراق ئۆگىتىپ قويۇشىڭىزغا مۇمكىن بولارمۇ؟

مېرۋېتېر خانىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— قىزىڭىز مايبېل كىچىك ۋاقتىدا باشمالتىقىنى شورايدىغان، ئۇنى قانداق تۈزەتكەنىدىڭىز؟

— نېمە؟

— مېنىڭ قىزىم بونىيمۇ باشمالتىقنى شورايدۇ، ھېچقانداق قىلىپ قالدۇرالمىدۇق.

— ئۇنى چوقۇم چەكلەڭلار، — دېدى ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا، — بولمىسا چوڭ بولغاندا ئاغزى سەت بولۇپ قالىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، ھازىر ئۇنىڭ ئاغزى شۇنداق چىرايلىق، لېكىن قانداق قىلساق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتىمىز.

— سىكارلېت بىلىدىغاندۇ، ئىككى بالىنى چوڭ قىلغانغۇ؟

رېت ئايغىنىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى.

— ئۇنىڭ قولىغا ئازراق سوپۇن سۇركەپمۇ باقتىم، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ سىكارلېتنى ئەيىبلەشلىرىگە پىسەنت قىلماي.

— سوپۇن؟ سوپۇن سۇرتكەننىڭ پايدىسى يوق. مەن مايېيلىنىڭ قولىغا ئازراق كۈيىنىن سۇركەپ قوياتتىم، شۇنىڭ بىلەن قولىنى شوراشتىن تېزلا قېلىپ قالغان.

— كۈينىن؟ بۇ زادىلا خىيالىمىزغا كېلىپ باقمىغان چارە ئىكەن. رەھمەت سىزگە، مېرۋېتېر خانىم، بۇ ئىشتىن بەكمۇ بېشىم قاتقان.

رېت ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەندەك، خۇشال بولغاندەك كۈلۈپ قويدى. مېرۋېتېر خانىممۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئېلىسىن خانىمغا ئۆزىنىڭ رېتنى خاتا ئويلاپ يۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئەمما، ئىچىدە، ئۆزىنىڭ بالىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەن ئادەمنى زادىلا ئارتۇقچىلىقى يوق دېيىشمۇ بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. سىكارلېتنىڭ بونىيدەك شۇنداق بىر ئوماق بالىسىغا كۆيۈنمەسلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش ـ دە. بىر ئەر كىشىنىڭ كىچىككىنە قىزىنى تەربىيەلەشنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان ئىش. رېت بۇ ئىشلىرىنىڭ ھەرقانداق ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى ۋە شۇنىڭلىق بىلەن سىكارلېتنىڭ يامان ئاتاققا قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى،

ئەمما ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى.

بۇنىڭ ئايىغى چىققاندىن كېيىن، رېت ئۇنى دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. بەزىدە پەيتوندا، بەزىدە ئاتتا ئېلىپ ماڭاتتى. ھەر كۈنى بانكىدىن قايتىپ كېلىپلا پىئاچتېر كوچىسىدا ئۇنى يېتىلەپ يۈرەتتى، سورىغان تۈگىمەس سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. كەچقۇرۇنلىرى دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا سالقىنلاپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر قارا چاچلىق، كۆپكۆك كۆزلىرى تىنىق سۇدەك يالتىراپ تۇرغان بۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ، ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئەركىلىتىپ كېتىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا رېت ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە دەخلى بەر■ەي، ئاشۇنداق بىر قىزى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنى ماختىغان گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى.

ئاتلانتالىقلارنىڭ خاتىرىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، بەزى ئىشلارغا بولغان بۇرۇنقى قاراشلىرى ۋە شەكلىنىپ كەتكەن ئادەتلىرىنى بەكمۇ تەستە ئۆزگەرتەتتى ياكى ئۆزگەتمەيلا قوياتتى. ھازىرقى جاپالىق كۈنلەردىمۇ ئۇلار بۇلوك ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدىغان ھەرقانداق ئادەمگە دۈشمەنلىك نەزەر بىلەن قارىشاتتى. بۇنىڭ ۋۇجۇدىغا رېت باتلېر بىلەن سىكارلېتنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك جايلىرى مۇجەسسەملەشكەن بولغاچقا، ئۇلار شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئاتلانتالىقلارنىڭ رەھىمسىز تاملىرىدىن تېشىپ ئۆتۈشكە ھەرىكەت قىلىشىۋاتاتتى.

بۇنىي كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتاتتى، چوڭ بولغانسېرى بوۋىسى گېلارد ئوخارانىڭ تۇرقىنى، مىجەزىنى تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى پۇتى توم، قىسقا، كۆزلىرى ئېرلاندىيەلىكلەرنىڭكىدەك ئاسمان رەڭگىدە كۆك ئىدى، چاسىراق كەلگەن ئېڭىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىدە چىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋالىدىغان جاھىلىراق بالا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلىمۇ بولاتتى. بوۋىسى گېپىدە ئوخشاش ئاچچىقى يامان ئىدى، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆينى بېشىغا كىيەتتى، ئارزۇسىغا يەتكەن ھامان پەسلەپ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. دادىسى يېنىدا بولسىلا ئۇنىڭ ھەرقانداق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشاتتى. سىكارلېت بىلەن نېگىر ئانا ھەر قانچە قارشى تۇرسىمۇ، رېت ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرماي قويمايتتى. رېتقا بونىنىڭ قاراڭغۇدىن قورقىدىغان بىرلا تەرىپى ياقمايتتى.

ئۈچ بالا بىر ئۆيدە ئۇخلايتتى. ئىككى ياشقا كىرگۈچە بونى تېزلا ئۇخلاپ قالاتتى. كېيىن نېمە بولدى، نېگىر ئانا چىراغنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا يىغلايدىغان بولۇۋالدى. كېيىن بىرىنچى يېرىم كېچىدە چىرقىراپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، بىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان ئىككى بالىنىمۇ ئويغىتىۋېتەتتى ھەم پۈتۈن ئادەمنى پاراكەندە قىلىۋېتەتتى. كېيىن دوختۇر مادېغا كۆرسىتىپ باققانىدى، مادې قارا بېسىپ قالىدىكەن، دەپ يەكۈن چىقاردى. رېت بۇ يەكۈندىن قانائەتلەنمىدى. ئۇنىڭدىن كىملا سورىسا، قاراڭغۇدىن قورقىمەن، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

سىكارلېتنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ ئۇنى ئۇرماقچىمۇ بولدى. ئۇنىڭ بونىنى ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكۈسى يوق ئىدى. باللارنىڭ ئۆيىگە كېچىچە چىراغ يېقىپ قويايلى دېسە، قالغان ئىككى بالا يورۇقتا ئۇخلىيالمايتتى. رېتمۇ كۆپ تىت - تىت بولدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا سەۋرچان ئىدى، قىزىنىڭ ئاغزىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق بىلگۈسى كېلەتتى. ئۇ يەنە ئۇرغۇسى كەلسە ئۆزىنىڭ بونىنى ئەمەس، سىكارلېتنى ئۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاخىر بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن رېت بونىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋالدى. ئۈستەل ئۈستىدە كېچىچە چىراغ

يېنىق تۇراتتى. بوننىنىڭ كارىۋىتىنى رېتنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىش ئۇزاق ئۆتمەيلا سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۇششاق گەپلەر كۆپىيىپ كەتتى. قىز بالىنىڭ كىچىك بولسىمۇ دادىسىنىڭ ھۇجرىسىدا ياتقىنى مۇۋاپىق بولماپتۇ، بۇ قانداق گەپ؟ دېيىشەتتى ئادەملەر. بۇ قۇرۇق گەپلەر سكارلېتقا ئىككى تەرەپتىن بېسىم بولدى. بىرسى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئايرىم ئۆيدە ياتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويدى. ھەممىدىن يامىنى شۇ ئىدى. يەنە بىرسى، ھەممىلا ئادەم، بالا يالغۇز يېتىشتىن قورقسا ئاپىسى بىلەن ياتسا بولمامدۇ، دېيىشىۋاتاتتى. سكارلېت بۇ گەپكە ھېچنېمە دەپ جاۋاب بېرەلمەيتتى. بۇنداق بولۇپ قېلىشىمۇ سكارلېتنىڭ چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇخلىيالماسلىقىدىن، رېتنىڭمۇ قىزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىشىغا ئۇنىماسلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى.

— سىز بالا قاتتىق ۋارقىراپ كەتمىگۈچە ئويغانمايسىز، ئويغانسىڭىزمۇ بالىنى ئۇرىسىز، — دېدى رېت ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ.

سكارلېت بوننىنىڭ كېچىدە يىغلايدىغان كېسەلگە رېتنىڭ شۇنچىلا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىۋاتقىنىغا خاپا ئىدى، بوننىنىڭ ئۇ كېسىلىنى ئۇنى يەنە بالىلارنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇپ ساقايتالايدىغاندەكمۇ ئويلايتتى. ھەممە بالىلار قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك - دە. رېت ئەنە شۇ ئىشتا خاتا قىلغان بولۇپ، نەتىجىدە بالىنىڭ ئانىسىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

سكارلېت بالا تۇغماسلىق قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتقان ئاشۇ كېچىدىن باشلاپ رېت ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا دەسسەپ باقمىغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان، بوننىي كېچىدە قورققاچقا، ئامالسىز ئۆيدىن چىقمايدىغان بولغانغا قەدەر ئۆيدە تاماق يېمىگەنىدى. ئۇ كېچىلىرى ئۆيگە كەلمەيتتى. سكارلېتنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن

تاقاپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىماي چىققان كۆڭلىرىمۇ بولدى، ئۇنىڭ نەلەردە يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ: «قەدىرلىكىم، ماڭا ئۇخلايدىغانغا باشقا كارىۋاتمۇ چىقىپ قالدۇ» دېگەن گېپى سىكارلېتنىڭ ئېسىدە ئىدى، بۇ گەپنى ئويلىسىلا يۈرىكى ئاغرىيتتى، ئاغرىسىمۇ ئامالى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمەيتتى، دېسىلا جېدەل چىقاتتى. رېت ئىشىكنى كۆرسىتىپ، بەزىدە ئاشلىيىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ ھەممە گۇناھنى ئۆزىگە ئارتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بوننىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋېلىپ كېچىچە چىراغ يېقىپ قويىدىغان بۇ ئەخمىقانە ئىشىمۇ سىكارلېتتىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىش ئىدى.

سىكارلېت قورقۇنچلۇق ئاشۇ بىر كېچىگىچە بولغان ئارىلىقتا رېتنىڭ بوننىنىڭ بۇ غەلىتە ئىشىغا شۇنچە ئەھمىيەت بېرىپ ھەم ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشەنمىگەنىدى. ئاشۇ كۈندىكى كېچە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر كېچە بولدى.

شۇ كۈنى كۈندۈزى رېت بۇرۇن قامال لىنىيەلىرىدە بىللە ھەرىكەت قىلغان بىر تونۇشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككىسىنىڭ زادىلا گېپى تۈگىمەيتتى. سىكارلېت ئۇلار نەدە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، ھاراق ئىچتى، بىلمەيتتى، بېللى ۋاتلىنىڭ قېشىدا بولسا كېرەك، دەپ گۇمانلا قىلاتتى. چۈشتىن كېيىن بوننىنى سىرتقا ئاچىقىپ ئوينىتىپ كېلىدىغانغىمۇ، كەچلىك تاماققىمۇ كەلمىدى. بوننى ئۆزى ئۆلتۈرگەن مايلىق قۇرتلار بىلەن قوڭغۇزلارنى دادامغا كۆرسىتىمەن دەپ پۈتۈن چۈشتىن كېيىن دېرىزىنىڭ تۈۋىدىن كەتمىدى، ئاخىر ئۇخلايدىغان چاغ بولغاندا، لور قىيا ـ چىيا بىلەن ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

لور چىراغ يېقىشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى چىراغ ئۆچۈپ

قالدىمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ، رېت قايتىپ كەلگەندە ئۆينىڭ ئىچىدىكى شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلاپ قېتىپلا قالدى. بۇنىڭ چىرقىراۋاتقان ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۇشۇۋاتاتتى، ئەسلىدە بۇنى قاراڭغۇدا ئويغىنىپ كېتىپ دادىسىنى تولۇقلىغان، دادىسىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۆزى ئىسمىنى بىلمەيدىغان بارلىق ئالۋاستىلار كېلىپ ئۆزىنى تۇتماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىپ قورقۇنچلۇق چىرقىراپ كەتكەن. سىكارلېتمۇ، چاكارلارمۇ بەزلەپ ئۇنى باسالمىغانىدى. پەلەمپەيدىن ئوقتەك چىقىپ كېلىۋاتقان رېتنىڭ كۆزلىرىگىمۇ خۇددى ئالۋاستىلار كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

رېت ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ مىڭ تەستە يىغىدىن توختاتتى. نېمە بولدىڭىز، دېگەن سوئالغا ھاسىراپ ۋە ئېسەدەپ تۇرۇپ ئارانلا «قاراڭغۇ» دېگەن بىرلا جاۋابنى بېرەلىدى. شۇنىڭ بىلەن رېت سىكارلېت بىلەن خىزمەتكارلارنى غەزەپ بىلەن سوراققا تارتىپ كەتتى.

— چىراغنى قايسىڭ ئۆچۈرۈۋەتكەن؟ ئۇنى ئۆيگە يالغۇز ياتقۇزۇپ قويغان قايسىڭ؟ پىرىسسي، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن سېنىڭ، سەن...

— ئاھ، خۇدا، رېت ئەپەندى! ئۇ مەن ئەمەس، لورا!

— بىلمىدىم، رېت ئەپەندى، مەن...

— ئاغزىڭنى يۇم! مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى بىلىپ تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟ خۇدا تۇرۇپتۇ، مەن... كۆزۈمدىن يوقال، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە كەلگۈچى بولما! سىكارلېت، ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىپ يولغا سېلىۋېتىڭ. مەن پەسكە چۈشكۈچە بۇ يەردىن كېتىپ بولسۇن. ئەمدى ھەممىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، چىقىپ كېتىش!

بىرنەچچە نېگىر شۇئان چىقىپ كەتتى، لور پەرتۇقىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە يىغلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. سىكارلېت تۇرىۋەردى. سۆيۈملۈك بالىسىنىڭ ئۆزى بەزلىسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىسلىماي، دادىسى بەزلىسە بىسلىپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى. يەنە تېخى ئۇ كىچىك قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ بوينىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۆزىنىڭ قانداق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. سىكارلېت بايا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئىغىزمۇ گەپ ئالالمىغانىدى، بۇ ئەھۋالمۇ ئۇنى ئوسال قىلىپ قويدى.

— بۇ گەپچە، ئۇ سىنىڭ مەيدەڭگە چىقىۋاپتۇ - دە، — دېدى رېت مۇلايىم ئاھاڭدا، — ئۇ ناھايىتى يوغانمىكەن؟

— ھەئە، شۇنداق يوغان، تىرناقلىرىمۇ بار تېخى.

— ھە، تىرناقلىرىمۇ بارمىكەن؟ ئەمدى مەن كېچىچە يېنىڭدىن كەتمەيمەن. ئۇ بۇدا كەلسە چوقۇم ئېتىۋېتىمەن، — رېتنىڭ ئاۋازى سىلىق ۋە ئەستايىدىل ئىدى، بونىي دىققەت قىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى، ئېسەدەشلىرىمۇ ئاستا - ئاستا بېسىلغانىدى، ئاۋازىدىمۇ قورقۇنچ يوق، پەقەت رېتلا چۈشىنىدىغان گەپلەر بىلەن ھەيۋەت يوغان ئۇ نەرسىنى تەپسىلىي سۈرەتلەپ بېرىۋاتاتتى، رېتمۇ خۇددى ئۇ راست بولغان ئىشتەك ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل مەسلىھەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سكارلېت ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى.

— خۇدا ھەققى، رېت...

رېت، گەپ قىلماڭ، دېگەندەك قولىنى سىلكىپ قويدى. كېيىن بونىي ئۇخلاپ قالغاندا، رېت ئۇنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ ئۈستىگە يوتقىنىنى يېپىپ قويدى.

— مەن ئۇ زەڭگىنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتىمەن، — دېدى پەس ئاۋازدا رېت، — سىزدىمۇ بار، نېمىشقا چىراغ يېقىقلىقمۇ، يوق، كىرىپ قاراپ باقمايسىز؟

— ئەخمەقلىق قىلماڭ، رېت، — دېدى ئۇمۇ بوش ئاۋازدا، — ئۇنى سىز مۇشۇنداق ئۆگىتىپ قويدىڭىز. كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، ئەمما ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپمۇ قالىدۇ. ۋادمۇ قورقاتتى، ئەمما مەن ئۇنىڭغا يول قويمىغان،

بوننىمۇ بىر - ئىككى ئاخشام يىغلاپ...

— ئۇنى يىغلاتمايمەن، — سىكارلېتقا ئۇ خۇددى ئۆزىنى ھازىرلا ئۇرۇۋېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، — سىز يا دۆت، يا بولمىسا مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاياللىق خۇسۇسىيەت يوق بىر ئايال.

— مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن زىل ھەم قورقۇنچاق قىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

— قورقۇنچاق؟ ئىشىڭىزنى قىلىڭ! ئۇنىڭدا قورقۇنچاقلىقنىڭ سايىسىمۇ يوق. ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇرغا باي بولمىغاچقا، تەسەۋۋۇرغا باي ئادەملەر — بولۇپمۇ بالىلار — نىڭ ئازابىنى چۈشەنمەيسىز. ئەگەر تىرناقلىرى ئۇزۇن، مۈڭگۈزى بار بىر مەخلۇق سىزنىڭ مەيدىڭىزگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالسا ئۇنى قوغلاپ چۈشۈرۈۋېتىدىغانسىز، شۇنداقمۇ؟ سىزمۇ ئۇنى چۈشۈرۈۋەتكۈچە جان ئاچچىقىڭىزدا توۋلايسىز. ئەسلەپ بېقىڭا، خانىم، سىزمۇ بىر قېتىم پۇتى كۆيۈپ قالغان مۈشۈكتەك ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتكەنغۇ؟ ئۇ چاغدا سىز پەقەت تۇماندا قېچىپ كېتىۋېتىپلا چۈشىگەن، ئۇنىڭغىمۇ ئۇزاق بولمىدى.

سىكارلېتنىڭ ئاغزى شۇئان تۇۋاقلىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇ چۈشىنى زادىلا ئەسلىگۈسى يوق ئىدى، ئۇنى ئەسلىسە رېتنىڭ شۇ چاغدا ئۆزىنىمۇ بوننىنى بەزلىگەندەك بەزلىگەنلىكىنىمۇ ئەسلەشكە توغرا كېلەتتى.

— سىز مۇشۇنداق قىلىۋېرىپ ئۇنى يامان ئۆگىتىپ قويىسىز، ئۇنىڭدىن باشقا...

— مەن داۋاملىق شۇنداق قىلماقچى، شۇندىلا ئۇ بۇ ئىشتىن ئاستا - ئاستا قالىدۇ، ئۇنى ئۇنتۇيدۇ.

— ئەمىسە، — دېدى سىكارلېت ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ، — بالا باققۇچى بولغۇڭىز كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىپ ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ كېلىدىغان بولۇڭ، ھاراق ئىچمەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— چوقۇم بالدۇر قايتىمەن، ئەمما بەزى چاغدا غەرق مەست كېلىشىممۇ مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن، دېگەندەك ئۇ بالدۇر قايتىپ كېلىدىغان بولدى. كۆپىنچە ھاللاردا بونىي ئۇخلايدىغان چاغقا ئۇلگۇرۇپ قايتىپ كېلەتتى. كېلىپلا قىزىنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ كىچىككىنە قوللىرىنى سىلاپ ئۇخلاپ قالغۇچە ئولتۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بونىي جۆيلۈپ ۋارقىراپ كېتىدىغان ئىش قايتا يۈز بەرمىدى. ئۆيدىكى ھەممە ئادەم چىراغنىڭ يېقىقلىق ياكى ئەمەسلىكىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

رېت يەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە مەست كەلمەيدىغان بولدى، بۇ ھەرگىز سىكارلېتنىڭ تۆھپىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاراق ئىچەتتى، ئەمما مەست بولغۇچە ئىچمەيتتى. بىر كۈنى ئۇ ۋىسكىي ئىچتى، ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بونىينى كۆتۈرۈۋېلىپ:

— سۆيۈملۈك دادىڭىزنى بىرنى سۆيۈپ قويامسىز؟ — دېدى.

بونىي ھەدەپ ئاغزىنى قاچۇردى.

— ياق، — دېدى ئۇ راستىنى ئېيتىپ، — پاسكىنا ئىكەن.

— قەيرىم؟

— ئاغزىڭىز سېسىق پۇراپ تۇرىدۇ.

— ھە، ئەيىب مەندە، — دېدى رېت پۇشايمان قىلىپ. ئاندىن قىزىنى يەرگە قويدى، — مەن ئۆز ئۆيۈمدە مېنى ھاراقتىن چەكلەيدىغان ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن پەقەت بىر رومكىلا ۋىنو ئىچىپ قويىدىغان بولدى. بونىيغا ئۇنىڭ رومكىسىدا قالغان بىر - ئىككى تېمىم ۋىنونى ئېچىشكە رۇخسەت قىلىنغانىدى، ئۇنىڭغا ۋىنو سېسىق پۇرىمايتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ رېتنىڭ گۆش قونۇپ قېلىۋاتقان قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىشكە، كۆزىنىڭ ئاستىدىكى كۆكلەرمۇ ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. بونىي ئېگەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشنى ياخشى

كۆرگەچكە، سىرتلارغىمۇ كۆپ چىقىشقا توغرا كېلىپ يۈزى ئاپتاپتا قارايدى، تېرىسىنىڭ رەڭگىمۇ بۇرۇنقىدىن قىزاردى، سالامەتلىكىمۇ ياخشىلىنىپ، تېتىكلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئاتلانتالىقلارنى ھاياجانغا سالغان قارام ياش يىگىت ھالىتىگە قايتىپ كەلگەندەك بولۇپ قالدى.

ئۇ قىزنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ كوچىلاردىن ئۆتكەندە، بۇرۇن ئۆچلۈك قىلىدىغان ئادەملەر ئەمدى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇشىدىغان بولغانىدى. بۇرۇن ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئايال كىشى يېقىنلىشىپلا قالسا چاتاق چىقماي قالمايدۇ، دەپ قارايدىغان ئاياللارمۇ ھازىر ئۇنى كۆرسە توختاپ بوننېنى ئەركىلىتىپ قويۇشاتتى، ھەتتا ئەڭ مۇتەئەسسىپ مومايلارمۇ، بالىسىغا ئۇنىڭدەك كۆيۈنىدىغان ئەرلەرنى ئۇنچىلىك يامان دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، دەپ قويۇشاتتى.

## ئەللىك ئۈچىنچى باب

بۈگۈن ئاشلېينىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. مېلانىيە ھېچكىمگە تىنماي، بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە كاتتا چاي بەرمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئاشلېيدىن باشقا ھەممىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ چايغا ئاتلانتادىكى بارلىق يۈزلۈك ئادەملەر تەكلىپ قىلىندى، ئۇلارمۇ كېلىدىغان بولۇشتى. گېنېرال گوردون بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ تەكلىپنى قىزغىن قوبۇل قىلىشتى، ئالېكساندىر ستېپېنمۇ سالامەتلىكى يار بېرىدىغانلا بولسا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەتتا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ھەممە يەردە چاتاق تېرىپ يۈرىدىغان ئادىمى بوب تومبىسمۇ قاتنىشىدىغان بولدى.

ئۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سكارلېت، مېلانىيە، ئىندىيا ۋە پىتتىي ھاممىلار ئۇلارنىڭ ئۇ كىچىك ئۆيلىرىدە ئالدىراش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۆردى، ئىگىرلارغا دىرىزە پەردىلىرىنى ئاستۆردى، چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇپ سۆرتكۆزدى، قورۇمىلارنى تەييارلاتقۇزدى، پىچىنە ـ پىرەنىكلەرنى پىشۇرغۇزدى. سىكارلېت مېلانىيەنىڭ بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باققانلىقىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ــ قاراڭ، سۆيۈملۈكۈم، ئاشلىي ئاشۇ يىلى «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى كەنتى»دە ئۆتكۈزگەن باراۋەتتىن كېيىن بىر قېتىممۇ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ باقمىدى. ئىشى ناھايىتى جاپالىق، ئۆيگە ھېرىپ ـ ئېچىپ ئارانلا كېلىدۇ. شۇڭا، بۈگۈن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلمەيدۇ. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆيگە شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە چوقۇم ھەيران قالىدىغان بولدى.

ــ سىرتقا ئېسىۋەتكەن پانۇسلىرىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟ ۋىلكېس ئەپەندى كەچتە كەلگەندە كۆرمەمدۇ؟ ــ دېدى ئارچې سەل بىتاقەت بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

ــ ۋاي خۇدايىمەي، بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن، ــ تولۋالاپ كەتتى مېلانىيە، ــ ھېلىمۇ ياخشى ئېسىمگە سالدىڭىز. بۇ بولماپتۇ، بولماپتۇ! قانداق قىلارمىز؟ پانۇسلار دەرەخلەرگە ئېسىقلىق، ئىچىدە شاملار يېنىقلىق تۇرسا، ئۇ ئويلاپ قالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شاملارنى مېھمانلار كېلىشتىن ئىلگىرىلا ياندۇرۇۋېتىش كېرەك. سىكارلېت، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا پوركقا دەپ شۇ ئىشنى قىلدۇرۇۋېتەلەرسىزمۇ؟

ــ ۋىلكېس خانىم، سىز ئاياللارنىڭ ئىچىدە خېلى چېۋەر ئايال تۇرۇپ بەزىدە بىخۇدلىشىپ قالىدىكەنسىز، ــ دېدى ئارچې، ــ ئۇ ئىشنى پوركقا بۇيرۇمىغىنىڭىز ياخشى، بولمىسا ئۇ پانۇسلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. پانۇسلار شۇنداق چىرايلىق بولدى، بۇ ئىشنى مەن قىلاي.

ــ ئارچې، سىز نېمىدېگەن ياخشى، ــ مېلانىيەنىڭ كۆزلىرى ئارچېغا ئىشەنچ ۋە ھاياجان بىلەن تىكىلدى، ــ سىز

بولمىسىڭىز قانداق قىلار بولغىيدىم. سىز ھازىرلا شاملارنى پانۇسلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويسىڭىز، بولمىسا ۋاقتى كەلگەندە ئالدىراپ قالىمىز.

— بولىدۇ، — ئارچى قوپال ئاۋازى بىلەن ماقۇل جاۋابىنى بەرگەندىن كېيىن، ئالچاڭلاپ مېڭىپ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بۇنداق ئادەملەرگە پەقەت ياخشى گەپ قىلىشلا كېرەك، بولمىسا ھېچقانداق ئىشقا سالالمايسىز، — دېدى مېلانىيە ئارچى پەسكە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن پىخىلداپ كۈلۈپ، — ئۇ پانۇسلارنى ئەسلىدە شۇنىڭغا ئاستۇرماقچىدىم، لېكىن ئۇنىڭ خۇيىغا قاراپ گەپ قىلالمىغان. ئۇنى ئىشقا بۇيرۇسىڭىز قىلمايدۇ. خۇشى تۇتۇپ قالسا ھازىرقىدەك ئۆزىچىلا ئىشلەپ كېتىدۇ. نېگىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ.

— مېلانىيە، مەن بۇ قېرى ئالۋاستىنى ئۆيۈمدە ھەرگىز تۇرغۇزمايمەن، — دېدى سكارلېت ئاچچىقى بىلەن. ئۇ ئارچىغا ئارچى ئۆزىگە ئۆچ بولغاندەك ئۆچ ئىدى، ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن گەپلەشمەيتتى. مېلانىيە بولماي قالسا ئارچى سكارلېتنى كۆرگەن ھامان ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى، — ئۇ ھامان بىر كۈنى سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ، بۇ گېپىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ئۇنىڭ يامان نىيىتى يوق، ماختاپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، — دېدى مېلانىيە، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاشلىيى بىلەن بېئۇنى بەكمۇ چوڭ بىلىدۇ، مەنمۇ ئۇ بولسا ئۆزىمىزنى بىخەتەر سېزىمەن.

— بۇ گېپىڭىزچە، ئۇ سىزگە بەكمۇ سادىق ئوخشىمامدۇ. مېلانىيە، — دېدى ئىندىيا گەپ قىستۇرۇپ. ئۇنىڭ سوغۇق تەرىدە ئازراق مۇلايىم بىر كۈلكە پەيدا بولغانىدى، — مەن سىزنىڭ ئۇ مۇتتەھەمنىڭ تۇنجى ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتۇنى... ھىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ سېزىشىمچە، ئۇ بىر ەرسىنىڭ سىزگە ھاقارەت قىلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ. شۇنىڭدا ئۇ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سىزگە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز، ئىندىيا؟ — دېدى مېلانىيە قىزىرىپ كېتىپ، — ئۇ مېنى دائىم دۆت چاغلايدىغان تۇرسا، بۇنى سىزمۇ بىلىسىزغۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ سېسىق قېرى نېمىلا ئويلىسۇن، ئويلىغان ئويلىرى قىلچە ئەھمىيەتسىز، — دېدى سكارلېت ئۇنىڭغا بولغان ئۆچلۈكى بىلەن. ئۇ ئارچېنىڭ ئۆزىنىڭ مەھبۇسلار توغرۇلۇق قىلغان گېپىگە بەرگەن جاۋابىنى ئويلىسىلا ئاچچىقى كېلەتتى، — چۈشلۈك تامىقىمنى يەپ بولۇپ دۇكانغا بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، بۇگۈن خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى بېرەتتىم. ئۇ يەردىن پەن زاۋۇتىغا بېرىپ ھارۋىكەشلەر بىلەن خۇگىنىڭ پۇلىنى بېرىمەن.

— زاۋۇتقا بارسىڭىز، — دېدى مېلانىيە، — ئاشلېي كەچقۇرۇنراق ياغاچ مەيدانىغا خۇگىنىڭ قېشىغا بارماقچىدى، ئۇنى سائەت بەشكىچە شۇ يەردە تۇتۇپ تۇرالارسىزمۇ؟ بولمىسا بالدۇر كېلىپ قېلىپ بىزنىڭ تەييارلىق قىلىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ قالسا ئۇنى ھەيران قالدۇرىمىز دېگىنىمىز بىكار بولىدۇ.

سكارلېت ئىچىدە كۈلۈپ قويىدى، كەيپىياتىمۇ جانلاندى.

— بولىدۇ، تۇتۇپ تۇراي، — دېدى ئۇ.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ئىندىيانىڭ كىرپىكى يوق كۆزلىرى ئۇنىڭغا خۇددى نەشتەردەك قادىلىپ قالدى. ھەر قېتىم ئاشلېينىڭ گېپىنى قىلسىلا ماڭا مۇشۇنداق غەلىتە قارايدۇ بۇ بىرنېمە، دەپ ئويلىدى سكارلېت.

— ئۇنى بىر ئامال قىلىپ سائەت بەشكىچە تۇتۇپ تۇرۇڭ، — دېدى مېلانىيە، — ئاندىن ئىندىيا پەيتوننى ھەيدەپ بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كېلىدۇ... سكارلېت، بۈگۈن كەچتە بالدۇرراق كېلىڭ

جۇمۇ، بۇگۈنكى بۇ زىياپىتىمىزگە بىر مىنۇت كېچىكسىڭىزمۇ بولمايدۇ.

سكارلېت ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ خىيال بىلەن غەمكىن ماڭدى. ئۇ مېنى بىر مىنۇت كېچىكسىڭىزمۇ بولمايدۇ دەيدىغۇ؟ مېنى نېمىشقا ئۆزى، ئىندىيا، پىتتىي هامما بىللە مېھمان كۈتۈشكە قويمايدۇ؟

ئادەتتىكى ئەھۋالدا سكارلېت مېلانىيەنىڭ ئۆزىنى ئۇ ئىشقا قويمىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. بىراق، بۈگۈنكىسى ئاشلىبىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچقا، سكارلېتنىڭ ئاشلىبىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېھمانلارنى كۈتكۈسى شۇنچىلىك بار ئىدى. لېكىن، نېمە سەۋەبتىنكىن، مېلانىيە ئۇنى ئۇ ئىشقا قويمايۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. كېيىن رېت باتلېر ئۇنىڭغا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويدى.

— ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سابىق جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق مەشھۇر ئەربابلىرى قاتنىشىدىغان تۇرسا، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا جۇمھۇرىيەتچىلەرگە بېقىنغان جەنۇبلۇق ئاق تەنلىكنى قويامدۇ؟ سىز خەقنى بىخۇدلاشتۇرىمەن دېگەن بىلەن خەق ئۇنداق ئاسان بىخۇدلاشمايدۇ. مېلانىيە خانقىز سىزگە زىيادە ئامراق بولغاچقىلا، زىياپەتكە چاقىرغان گەپ، بولمىسا سىزگە ئۇمۇ يوق ئىدى.

سكارلېت چۈشتىن كېيىن دۇكان بىلەن پەن زاۋۇتىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى كۈندىكىدىن بەكرەك ياسىنىپ، ئۈستىگە ئاچ يېشىل رەڭ دۇردۇن كۆڭلىكىنى كىيدى، بۇ كۆڭلەك چىراغنىڭ سۇس نۇرىدا بىنەپشەرەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. بېشىغىمۇ كۆڭلىكىنىڭ رەڭگىدىكى چۆرىسىگە چىرايلىق پەي تۇتۇلغان يېڭى شلەپىسىنى كىيدى. ئەگەر رېت ئۇنىڭ چېچىنى قىسقا قىلىپ كەستۇرۇۋېتىشكە، ئىككى چېكىسىدىكى چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىشقا يول قويغان بولسا، بۇ شلەپىنى

كىيگەندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ، ئەگەر چېچىڭنى كەستۇرۇۋېتىدىغان بولساڭ، بىراقلا ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈۋېتىمەن، دەپ قورقۇتقانىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ ناھايىتى قوپاللىشىپ كەتكەنتى، ئۇنداق قىلمايدۇمۇ دېگىلى بولمايتتى.

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كۈنمۇ ياخشى، ھاۋامۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى، ئىسسىقمۇ ئەمەس، كۈنمۇ كۆزنى ئانچە چېقىپ كەتمەيتتى، ئىللىق شامال پىئاچتېر كوچىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى بوش شىلدىرلىتىپ تۇراتتى، سىكارلېتنىڭ شلەپىسىدىكى پەيلەرمۇ شامالدا بوش يەلپۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى، يۈرىكىمۇ ھەر قېتىم ئاشلېينى كۆرگىلى بارغان چاغدىكىدەك بۆلەكچىلا ھاياجان بىلەن سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە، خوگ بىلەن ئۇ ھارۋىكەشلەرنىڭ مائاشىنى بالدۇر بېرىۋەتكەن بولسام، شۇ تۇرقىدا ئۇلار ئۇ يەردىن ئاللىبۇرۇن كېتىپ، كىچىك ئىشخانىدا ئاشلېي ئىككىمىز يالغۇز قالاتتۇق ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. يېقىندىن بېرى ئۇ ئاشلېي بىلەن ئايرىم بىللە بولۇشنى كۆپ ئويلاپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما زادىلا مۇمكىن بولمايۋاتاتتى. بۈگۈن مېلانىيە ئۇنى ئاشلېينى سائەت بەشكىچە تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن بەلەن ئىش!

ئۇ دۇكانغا ناھايىتى خۇشال كىرىپ كېلىپ ۋىللىي بىلەن باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشلىرىنى بېرىۋەتتى، دۇكاننىڭ بۈگۈنكى سودىسى توغرۇلۇق سوراپمۇ قويمىدى، خۇددى سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ خانىملىرى ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك، بىر توپ ئەرلەر يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك، پەيتونلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەملەر شلەپىلىرىنى باشلىرىدىن ئېلىپ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۈگۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بىر

كۈن، ئۇمۇ ئەڭ خۇشال، ئەڭ گۈزەل، پىلانلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتىدۇ. بىراق، دۇكاندا سەل ھايال بولۇپ قېلىپ، زاۋۇتقا دېگەن ۋاقىتتىن سەل كېچىكىپ بارىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تۇرقىدا خۇگ بىلەن ھارۋىكەشلەر ئۆزىنى ساقلاپ ياغاچلارنىڭ ئۈستىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشىدىغاندۇ.

— ئاشلىپي كەلدىمۇ؟

— كەلدى، ئىشخانىسىدا، — جاۋاب بەردى خۇگ. ئۇ سىكارلېتنىڭ چىرايىنىڭ بۇگۈن بۆلەكچىلا ئېچىلىپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى، كۈندىكى خاپا چىرايلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، — مەن ئويلايمەن... دېمەكچىمەنكى، ئۇ ھېساباتلارنى تەكشۈرۈۋاتسا كېرەك.

— ھىم، بۇگۈن ئۇ ئۇ ئىشلارغا باش قاتۇرمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى سىكارلېت. ئاندىن ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ سۆزلىدى، — مېلانىيە خانىقىز ماڭا، ئۇنى بىز تەييارلىغىنىمىزنى تۈگىتىۋالغۇچە شۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇڭ دەپ تاپشۇردى.

خۇگ خۇشال كۈلۈپ قويدى، چۈنكى ئۇمۇ بۇگۈن ئۇ زىياپەتكە قاتنىشاتتى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئالدىراپ ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرىۋېرىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئاشلىپي ئۇنىڭ بىلەن ئىشىك تۈۋىدە دوقۇرۇشۇپ قالدى، كۈنىنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ چاچلىرى يالتىراپ، لەۋلىرى ئۈستىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

— سىكارلېت، بۇ چاغ بولغاندا بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىڭىز؟ نېمىشقا مېلانىيەنىڭ مەخپىي تەييارلاۋاتقان زىياپىتىگە ياردەم بەرمىدىڭىز؟

— سىزگە نېمە بولدى، ئاشلىپي ۋىلكىس؟ — سىكارلېتنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى، — بۇ ئىشنى سىزگە بىلىندۇرمەسلىكنى ئويلىغان، بىلىپ قاپسىز، ئۆيگە بارغاندا ھەيران قالمىسىڭىز مېلانىيەنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولمامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھىم، مەن ھەرگىز چاندۇرمايمەن، ئاتلانتا بويىچە ئەڭ ھەيران قالغان ئادەم بولۇپ بارىمەن، — ئاشلېي ئىچ – ئىچىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ ئىشنى سىزگە قايسى بىر ئەخلاقسىز ئادەم ئېيتىپ قويىدى؟

— مېلانىيە بۇ ئىشقا نۇرغۇن ئادەم چاقىرىپتۇ، ئەڭ بېشىدا گېنېرال گوردون بار، ئۇ ئادەممۇ شۇ گەپنى قىلدى. ئاندىن مېرۋېتېر بوۋايمۇ بار، ئۇمۇ تەكلىپ قىلىنغانىكەن، مېنى ئۇمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

— نېمىدېگەن ئەخلاقسىز ئادەملەر بۇ! — سىكارلېت ئاچچىقىدا ئۇلارنى تىللاپ قويدى، ئەمما ئاخىرىدا ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.

ئۇ يەنىلا ئۆز ۋاقتىدا «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى كەنتى»دە كۆرگەن ئاشلېي ئىدى، كۈلۈشلىرى يەنە شۇ چاغدىكىدەك. ئەمما، ھازىر بۇ كۈلكىلەر ناھايىتى ئازلاپ قالغانىدى. بۇگۈن ھاۋا شۇنچىلىك ياخشى، قۇياش ئىللىق، ئاشلېينىڭ چىرايىمۇ خۇشال، گەپلىرى شۇنچىلىك سىلىق، يېقىملىق، ئۇنىڭغا قاراپ سىكارلېتمۇ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى، يۈرىكىمۇ خۇددى بولۇشىچە كۆلۈۋاتقاندەك بارغانسېرى قىنىغا پاتماي قېلىۋاتاتتى، ئىچ – ئىچىدىن ئۆرلەپ تۇرۇۋاتقان خۇشاللىقى، كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقالماي ئىچىدە ئۆركەشلەپ تۇرۇۋاتقان ياشلىرى ئۇنى چىدىغۇسىز ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنى يەنە ئون ئالتە ياش ۋاقتىغا قايتىپ بارغاندەك ھېس قىلىپ، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، جىددىيلىشىپ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى، ھەتتا بېشىدىكى شلەپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ «ياشىسۇن !» دەپ توۋلىۋەتكۈلىرىمۇ كېلىپ كەتتى. ئەگەر راستلا شۇنداق قىلسام، ئاشلېي مېنى نېمە دەپ قالار دەپ ئويلاپ بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپمۇ كەتتى. ئاشلېيمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ مېلانىيەنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ قالغانلىقىغا كۈلۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ

بىلەن تەڭ بولۇشچە كۈلدى.

— ئىچكىرى كىرىڭ، سكارلېت، مەن ھېساباتنى تەكشۈرۈۋاتاتتىم.

سكارلېت قۇياش نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىشخانىغا كىرىپ ئۈستەل يېنىدىكى ئورۇندۇققا چۆكتى، ئاشلېي ئۈستەلنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىككى پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

— ئاشلېي، ئىككىمىز بۈگۈن ھېساب - كىتابنى قىلماي ئازادە ئولتۇرايلىچۇ، ئۇ ئىشتىن شۇنچىلىك زېرىككىلىك مەن. بۇ يېڭى شلەپىنى كىيىشىمگىلا كاللامدىكى بارلىق سان - سېپىرلار قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

— شلەپىڭىزمۇ سان - سېپىرلار ئۇچۇپ كەتكۈدەك چىرايلىق ئىكەن، — دېدى ئاشلېي، — سكارلېت، سىز بارغانسېرى گۈزەللىشىپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ.

ئۇ ئۈستەلدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتتى. ئاندىن كىيىملىرىنى تولۇق كۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ تۇردى.

— سىز ھەقىقەتەن گۈزەل، مەن ئويلايمەن سىز مەڭگۈ قېرىمايسىز !

سكارلېت مانا مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى كۈتكەنىدى، چۈشتىن كېيىنكى شۇ خۇشالچىلىقلىرىدا ئۇنىڭ ئاشۇ ئىللىق قوللىرىنى، مېھىرلىك كۆزلىرىنى، مۇھەببەتلىك سۆزلىرىنى سېغىنىپ شۇنىڭ پىراقىدا پۇچۇلىنىپ كەلگەنىدى. تارادىكى باغدا ئۆتكەن ھېلىقى سوغۇق كۈندىن باشلاپ بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز تۇرۇشلىرى، قوللىرىنى تۇتۇپ بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە بېقىشلىرى، ئۇزاق بىللە تۇرۇشلىرى بىرىنچى قېتىم ئىدى. مانا ئەمدى...

قىزىق ئىش، ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرۇۋاتقاندا سكارلېت نېمە ئۈچۈن ھاياجانلانمايدۇ؟ بۇرۇن ئۇنىڭ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرلىرى تېگىپلا كەتسە پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەپ كېتەتتى ئەمەسمۇ؟ ھازىرقىسى ئۆزىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل دوستلۇقتىن بولۇۋاتقان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇنىڭ قوللىرى ئۇنىڭغا ئۇنداق قىزغىن مۇھەببەتلىك تۇيغۇ بەرمىگەن گەپ. سكارلېت بۇ خىل ھالەتكە ھەيران قالدى، ھەتتا ھودۇقۇپمۇ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاشلېيىسى، يۈرىكىدىكى بەرنا يىگىت، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ھاياتىدىنمۇ ئەزىز بىلىدۇ. ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن...

لېكىن، سكارلېت ئۇ خىياللىرىنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ، ئاشلېينىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ كۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى. كۈچلۈك ھاياجان قوزغالمىسىمۇ مەيلى، ئۇ مۇشۇنىڭغىمۇ رازى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۈرەكتە بىلىپ ئېغىزدىن چىقارمايدىغان ئىشلارنى ئېسىگە ئالغاندا، ھازىرقى ھالەتنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى خۇددى سكارلېتنىڭ ئىچىدە ئويلاۋاتقانلىرىنى بىلمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى ھەم ئۇنىڭغا تونۇش كۈلكىسىمۇ پارلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئىككى جۈپ كۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلچە ياتلىق، قىلچە قورۇنۇش بولمىغاچقا، سكارلېت خۇشاللىقىدا تېخىمۇ شوخ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاھ، ئاشلېي، مەن تېزلا قېرىپ كېتىمەن، چىشلىرىممۇ چۈشۈپ قالمايدۇ.

— ياق، سكارلېت، مېنىڭچە، سىز ئاتمىش ياشقا بارغاندىمۇ ھازىرقىدەك تۇرىسىز. مەن ھېلىقى چاغدا بىزنىڭ ئۆيدە قىلغان باراۋەتتىكى تۇرقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. شۇ چاغدا سىز بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغانىدىڭىز، ئەتراپىڭىزدا ئون نەچچە يىگىت چۆرىدەپ ئولتۇرغان. مەن سىزنىڭ شۇ چاغدا كىيگەن كىيىملىرىڭىزنى دەپ بېرەلەيمەن: ئۈستىڭىزدە يېشىل گۈللۈك ئاق كۆڭلىكىڭىز بار ئىدى، شىلەپىڭىزنىڭ كەينىدە ئۇزۇن ئىككى تال لېنتا شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. ئەسىرلەر

لاگېرىدا ياتقان ۋاقتىمدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە بىر - بىرلەپ ئەسلەپ، خۇددى كىتاب ۋاراقلىغاندەك ئۇنىڭ ھەربىر سەھىپىسىنى ۋاراقلاپ تۇرغاچقا، سىزنىڭ شۇ چاغدىكى كىيىنىشلىرىڭىز ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ بىردىنلا گېپىنى توختىتىۋالدى. چىرايىدىكى قىزغىنلىقمۇ شۇئان ئۆچتى، سىكارلېتنىڭ قوللىرىنىمۇ قويۇۋەتتى. سىكارلېت بولسا جىمجىت ئولتۇرۇپ گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتتى.

— ئاشۇ كۈندىن كېيىن بىز ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىلەرنى باستۇق، ئىككىلىمىز شۇنداق. سىزچىمۇ شۇنداقمۇ، سىكارلېت؟ بىز ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان يوللارنى ماڭدۇق. سىز تېز ھەم چاققان ماڭدىڭىز، مەن بولسام ئاستا ھەم زورۇقۇپ ماڭدىم.

ئاشلېي ئۇستىلىدە باشقىدىن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، چىرايىدا ئازراق كۈلكە كۆرۈندى، ئەمما ئۇ بايا سىكارلېتنى خۇشال قىلغان كۈلكە ئەمەس، بىچارىلەرچە كۈلكە ئىدى.

— راست، سىز ناھايىتى ئىتتىك ماڭدىڭىز، ھارۋىڭىزنىڭ كەينىگە مېنى چېتىۋېلىپ سۆرەپ ماڭدىڭىز. سىكارلېت، بەزىدە مەن ئاجايىپ بىر قىزىقىش بىلەن، سىكارلېت بولمىغان بولسا مەن نېمە بولار ئىدىم، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

سىكارلېت دەررۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئاقلىدى، ئۆزىنى ئۆزى ئۇنداق تۆۋەن چاغلىماسلىقنى ئېسىگە سالدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇ ئوخشاش بىر مەسىلە ئۇستىدە رېتنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپمۇ ئۆلگۈردى.

— بىراق، ئاشلېي، مەن سىز ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلغىنىم يوق. مەن بولمىغان بولساممۇ سىز ھازىرقىدەك ياشاۋېرەتتىڭىز. بىر كۈنلەردە سىز چوقۇم چوڭ بىر باي ياكى ماختاشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ بىر ئەرباب بولۇپ چىقىسىز.

— ياق، سىكارلېت، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئۇنداق ئۇلۇغلۇقنىڭ

ئۆرۈقى يوق. سىز بولمىغان بولسىڭىز، بۇ دۇنيادىن مەن ئۇن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتكەن، بىچارە كاسلىن كالۋېرتقا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئادەملەردەك كۇنلەرگە قېلىشىم ئېنىق ئىدى.

— ئاشلىي، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، ئۇنداق گەپ قىلسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈم بىئارام بولىدىكەن.

— ئەمما، مېنىڭ كۆڭلۈم بىئارام بولمايدۇ، بۇرۇن شۇنداق بولاتتىم، ھازىر پەقەت...

ئۇ يەنە گېپىدىن توختاپ قالدى. سىكارلېت ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇنىڭ روھسىز كۆزلىرى ئۆزى ئۇستىدىن سىيپاپ ئۆتكەن چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. سىكارلېتنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت ئوتى يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان چاغدا، ئۇ قەلب دەرۋازىسىنى ئۇنىڭغا مەھكەم ئېتىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇقتەك بىر نەرسە شەكىللىنىپ قالغاندىن كېيىن، سىكارلېتقا ئۇنىڭ قەلب دەرۋازىسىدىن ئازراق ئىچكىرىلەپ كىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندەك، ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنەلەيدىغاندەك بىر ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ھازىر ئاشلېينىڭ كۆڭلى بىئارام بولمايدىكەن. جەنۇب تەسلىم بولغان يىلى، سىكارلېت ئۇنىڭغا ئاتلانتاغا بېرىش توغرۇلۇق يالۋۇرۇپ گەپ قىلغاندا بىئارام بولغانىدى، ھازىر پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرۈش قارارىغا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— مەن سىزنىڭ ئۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىمايمەن، ئاشلىي، — دېدى سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن، — بۇ گەپلىرىڭىز رېتنىڭ گەپلىرى بىلەن ئوخشاش گەپ بولدى. ئۇمۇ نۇرغۇن ئىشلاردا، بولۇپمۇ «جاھاننىڭ رەپتايىغا كىرىۋالغان ئادەم ئوبدان ياشايدۇ» دەيدىغان مەسىلىلەردە دائىم ئاشۇنداق مۇقامدا گەپ قىلاتتى، شۇڭا مەن ئۇنداق گەپلەردىن شۇنچىلىك زېرىككەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاشلېي كۆلۈپ قويدى.

— سكارلېت، سىز رېت ئىككىمىزنى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەملەر قاتارىدا ئويلاپمۇ باققانمىدىڭىز؟

— ھە، ياق! سىز دېگەن شۆنچىلىك تەمكىن. شۆنچىلىك تۈز كۆڭۈل، رېت بولسا... — سكارلېت نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردىنلا توختاپ قالدى.

— ئەمەلىيەتتە، بىز ئوخشىشىپمۇ كېتىمىز. ئىككىمىز ئوخشاش ئائىلىدە دۇنياغا كەلدۇق، ئوخشاش ئىدىيىدە تەربىيىلەندۇق، ئوخشاش خىياللارغا ئادەتلەندۇق، كىشىلىك ھايات يوللىرىنىڭ مەلۇم يەرلىرىگە كەلگەندىلا باشقا ـ باشقا يوللارغا كىرىپ كەتتۇق. ئەمما، ئوي ـ پىكىرلىرىمىز يەنىلا ئوخشاش، پەقەت قايتۇرىدىغان ئىنكاسلىرىمىزلا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ھەر ئىككىمىز ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمايمىز، ئەمما مەن ئارمىيىگە كىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتىم، ئۇ بولسا ئۇرۇش توگەي دېگەندە ئارمىيىگە كىردى، ئىككىلىمىز بۇ ئۇرۇشنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ۋە ئۇتتۇرۇشىمىز مۇقەررەر بولغان ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمما، مەن مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغان بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتىم. ئۇ بولسا قاتناشمىدى، بەزىدە ئۇنىڭ قىلغىنىنى توغرا دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن، لېكىن ئارقىدىنلا يەنە...

— ئاشلېي، سىز مەسىلىگە ئىككى تەرەپلەپ قارايدىغان بۇ ئادىتىڭىزنى قاچان تاشلايسىز؟ — سورىدى ئۇ، ئەمما بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىتاقەت بولۇپ كەتمىدى، — مەسىلىگە ئۇنداق قارايدىغان بولساق، ھەر ئىككى تەرەپتىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز.

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا. ئەمما... سكارلېت، سىز زادى قانداق نەتىجىگە ئېرىشمەكچى؟ مەن بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەيچۇ دەپ ئويلىمايمەن، ئەركىن ئادەم بولۇپ ياشىسام بولدى.

سكارلېت نېمە نەتىجىگە ئېرىشمەكچى؟ بۇ ئىنتايىن كۆلكىلىك سوئال ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۇل ۋە بىخەتەرلىك. ئەمما... يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ كېتىشمۇ تەس. ئۇنىڭ ھازىر پۇلى بار، بۇ خەتەرلىك دۇنيادا ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان بىخەتەرلىكنىمۇ ئېرىشىپ بولغان. تەپسىلىي ئويلاپ باقسا بۇمۇ يېتىشمەيدۇ، ئۇنى ئۇنچىلىكمۇ خۇشال قىلىۋەتكىنى يوق. پۇلغىمۇ، بىخەتەرلىككىمۇ، ئۇلارغا قوشۇپ سىزگىمۇ ئېرىشسەم، ئاندىن ئۆزۈمنى نەتىجىگە ئېرىشتىم دېسەم بولارمىكىنتاڭ... سىكارلېت شۇنداق ئويلاپ ئولتۇرۇپ ئاشلىيغا قىزغىن نەزەردە تىكىلدى، ئەمما ئۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارمىدى، چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قىزغىن ھېسسىياتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، ئۇنىڭ يەنە قەلب دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى.

— يالغۇز ئۆزىڭىزلا ئەركىن - ئازادە ئادەم بولۇپ ياشاشنى خالامسىز؟ — سىكارلېت قايغۇ ئارىلاش كۈلۈپ قويدى، — مېنىڭمۇ دائىملىق ۋە ئەڭ چوڭ قايغۇم ئۆزۈمنى ئەركىن ياشىتالماي كېلىۋاتقانلىقىمدا. مېنىڭ نېمە نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىمگە كەلسەم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئويلىغان نەتىجىگە ئېرىشتىم دەپ ئويلايمەن. مەن باي بولماقچى، بىخەتەر ياشىماقچى، يەنە...

— لېكىن، سىكارلېت، سىز مېنىڭ باي بولۇش - بولماسلىقنى خىيالىمغا كەلتۈرمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ باققانمۇ؟

ياق، ئۇ بۇ دۇنيادا باي بولۇشنى ئويلىمايدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان.

— ئۇنداق بولسا سىز نېمىنى ئويلايسىز؟

— ھازىر بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇرۇن بىلەتتىم، كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئەركىن - ئازادە بولسام، مەن ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەر كېلىپ ماڭا كاشىلا سالمىسا، مەن قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارغا مېنى مەجبۇرلىمىسا. بەلكىم... مەن كونا دەۋرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى

ئۇمىد قىلىدىغاندىمەن. ئەمما، ئۇ بارسا كەلمەسكە كەتكەن، شۇڭا ئۇنى دائىم ئەسلەيمەن ھەم كۆز ئالدىمدا يىمىرىلىپ كېتىۋاتقان دۇنيانىمۇ سېغىنىمەن.

سىكارلېتنىڭ ئاغزى چىڭ يۇمۇقلۇق ئىدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە سىكارلېتقا ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ يۈرىكىگە ئاغرىق سالالمايتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆتمۈشنى ئەسلىگۈسى كېلەتتى. بىراق، ئۇ ئاشۇ چاغدا «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى كەنتى»دىكى باغدا ھوشىدىن كېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئەمدى ھەرگىز كەينىمگە قارىمايمەن» دېگەندىن بۇيان ئۆتمۈش توغرۇلۇق گەپ قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى.

— مەن ھازىرقى تۇرمۇشنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ ئاشلېينىڭ كۆزلىرىگە قارىماي تۇرۇپ، — ھازىر ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلار پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، تانسا، زىياپەت دېگەندەك. ھەممە نەرسە شۇنچىلىك نۇرانە، بۇرۇنقى چاغلاردا بولسا ھەممە نەرسە تۇتۇق ئىدى. (ھەي، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر بىلەن ئىسسىق ۋە جىمجىت يېزا كېچىلىرى! قۇللار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرىدىن ئاڭلىنىدىغان مېھرىبانلىقلار بىلەن ئەتىگە بولغان سەۋرلىك كۈتۈشلەر! بۇلارنى مەن قانداقمۇ ئىنكار قىلالايمەن؟)

— مەن ھازىرقى ھاياتنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى سىكارلېت، ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى.

ئاشلېي ئۈستەل ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك كۈلۈپ قويدى. ئاندىن بىر قولى بىلەن سىكارلېتنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى.

— ھەي، سىكارلېت، سىز يالغان گەپنى زادىلا بىلمەيسىز. راست، ھازىر تۇرمۇشتا يېڭى تۇسلەر كىردى... مەلۇم دەرىجىدىكى تۇسلەر. ئۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ئىللىتىمۇ دەل

شۇنىڭدا. بۇرۇنقى جەمئىيەتتە ئۇنداق تۇسلەر يوق ئىدى، ئەمما ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان جايلىرى ئاز ئەمەس ئىدى، بىر خىل گۈزەللىككە، ئادەمگە ئاستا - ئاستا تەسىر قىلىدىغان بىر خىل گۈزەللىككە ئىگە ئىدى.

سىكارلېتنىڭ پىكرى ئىككى تەرەپلەپ مىڭغىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاشلېينىڭ ئاۋازى، قوللىرىنىڭ قوللىرىغا تېگىپ تۇرۇشى سىكارلېتنىڭ مەڭگۈ قۇلۇپلاقلىق تۇرغان قەلب دەرۋازىسىنى ئاستا - ئاستا ئېچىۋاتاتتى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆتمۈشتىكى كۈنلەرنىڭ گۈزەللىكلىرى يوشۇرۇنغانىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى بولسا ئۇنى قايتا كۆرۈشنىڭ ئازابىدا قىينىلاتتى. ئەمما، ئۇ يەنە ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى قانداقلا گۈزەللىك بولسۇن، ئاشۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى، چۈنكى ھېچقانداق ئادەم ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى ئۈستىگە ئارتىپ ئالدىغا ماڭالمايتتى.

ئاشلېي ئۇنىڭ ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىنى تارتىۋېلىپ، سىكارلېتنىڭ بىر قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتتى.

— ئېسىڭىزدىمىكىن، — دېدى ئۇ. بۇ چاغدا سىكارلېت ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەرگىز كەينىڭگە قارىما! ھەرگىز كەينىڭگە قارىما! دەپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئەمما، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ توسۇقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، خۇشاللىق دولقۇنلىرىنىڭ يۇكسەك چوققىسىدا ئۈزۈشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ ئۇنى چۈشىنىشكە، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى قايتا تېپىشەلەشكە باشلاۋاتاتتى. بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك مىنۇتلار ئىدى، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق ئازابقا قالسىمۇ مەيلى ئىدى.

— ئېسىڭىزدىمۇ، — دېدى ئاشلېي. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ

جەلپكارلىقى بىلەن ئىشخانىنىڭ تاملىرى بىردىنلا كەينىگە كېتىۋاتقاندەك، يىللار ئىلگىرىكى چاغلارغا يېنىۋاتقاندەك، سكارلېت ئىككىسى بۇرۇنقى باھار كۈنلىرىنىڭ بىرسىدە ئاتلىق چىغىر يوللار بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك بىر خىل سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى، گەپ باشلىنىش بىلەن تەڭ سكارلېتنىڭ قوللىرى تېخىمۇ چىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى، ئاۋازىمۇ خۇددى قەدىمكى ناخشىلاردىكى بىر خىل مۇڭ بىلەن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى. سكارلېت يەنە ئىككىسىنىڭ تاغ باغرىدىكى يول بىلەن تارلېتونلارنىڭ جاڭزىسىدا بولىدىغان باراۋەتكە بىللە كېتىۋاتقاندەك، ئۇ زەڭگىلەرنىڭ زىل ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ يېقىملىق كۈلكە ئاۋازلىرىغا ئۆزى قۇلاق سېلىۋاتقاندەك سېزىۋاتاتتى. ئاشلېينىڭ ئاۋازى مۇزىكىنىڭ، يەنى ئاشۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاق ئۆيىدە ئاڭلىغان ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدەك يېقىملىق ئىدى. ئاڭلىغانسېرى خۇددى كونا دوستلار ھازىرمۇ ھايات بولۇپ، توپ - توپ بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقاندەك، ھەممىسى كۈلۈپ - ئوينىاپ يۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىپمۇ كېتىۋاتاتتى: سىتۇئارت بىلەن بىرېنت پۇتلىرى ئۇزۇن، قىزىل چاچ، چاقچاقچى يىگىتلەر؛ تام بىلەن بويد بەئەينى ياۋا تايچاقلارنىڭ ئۆزى؛ جوئې فونتائىننىڭ چاقناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرى؛ ھەرىكىتى سىپايە يىگىتلەر كادې بىلەن رايفورد كالۋېرت؛ ھاراق ئىچسە قىزىرىپ كېتىدىغان گېلارد ۋە ئاغزىدىن ئۇنچە - مەرۋايىت ياغىدىغان مۇلايىم ئېللېن...

ئاشلېينىڭ ئاۋازى توختاپ قالدى، ئىككىسى ئۇزاققىچە بىر - بىرىگە جىمجىت قاراپ تۇرۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەي ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ئايرىلىپ قالغان پارلاق ياشلىق دەۋرلىرى بولغان.

«مەن سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن خۇشال بولالمايلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم، — دەپ ئويلىدى سكارلېت، — بۇرۇن پەقەتلا بىلەلمەيتتىم، ئۆزۈمنىڭمۇ نېمە ئۈچۈن خۇشال

بولالمايدىغانلىقىمنى چۈشەنمەي كەپتىكەنمەن. ئەمدى...
نېمىشقىدۇر ئىككىمىز خۇددى قېرىلاردەك پاراڭلىشىۋاتىمىز، — ئۇ تېخىمۇ غەمكىن، تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئويلاپ كەتتى، — قېرىلار ئەللىك - ئاتمىش يىللىق ئالدىدىكى ئىشلارنى ئەسلەشكە ئامراق، لېكىن بىز تېخى ئۇ ياشقا بارمىدۇق. پەقەت بىزنىڭ ئىچىمىزدە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى، خالاس. ھازىر ھەممە ئىشلار ئۆزگەردى، شۇڭا بۇرۇنقى ئىشلارغا ئەللىك - ئاتمىش يىل بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلسا كېرەك، لېكىن بىز قېرىپ كەتمىدۇق.»

ئۇ ئاشلېيغا يەنە قارىدى، ئۇ بۇرۇنقىدەك ياش، چىرايلىق ئەمەس ئىدى. بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قوللىرى ئارىسىدىكى سىكارلېتنىڭ قولىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پارقىراپ تۇرىدىغان يىرىك چاچلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، خۇددى توختام سۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاينىڭ يورۇقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قاپتۇ. نېمىشقىكىن، بۈگۈن چۈشتىن كېيىنىنىڭ بايا سىكارلېتقا بەرگەن گۈزەل تۇيغۇلىرىمۇ يۈرىكىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. قايغۇلۇق ئەسلىمىلەرنىڭ بايا بەرگەن شېرىن تەمىمۇ ئۆت سۈيۈقلۇقىغا ئوخشاش ئاچچىق تەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

«ئۇ ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئېسىمگە سالمىسا بوپتىكەن، — دەپ ئويلىدى سىكارلېت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، — ئۆز ۋاقتىدا كەينىمگە قارىمايمەن دەپ توغرا دەپتىكەنمەن، ئۇ ئادەمنى تولىمۇ قىينايدىغان، يۈرەكنى تولىمۇ ئېزىدىغان ئىش ئىكەن. ئادەمنىڭ ئەسلەشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا قولى بارمايدىكەن، ئاشلېينىڭ كەمچىلىكىمۇ ئەنە شۇنىڭدا. ئۇ ئەسلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئالدىغا پەقەتلا قارىمايۋاتىدۇ، ھازىرنى كۆرمەيۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىن قورقۇۋاتىدۇ، شۇڭا بۇرۇنقى ئىشلارنى تولا ئەسلەيدۇ. بۇرۇن مەن ئۇنى زادىلا چۈشەنمەپتىكەنمەن، بىلمەپتىكەنمەن. ھەي، ئاشلېي، مېنىڭ ئاشىقىم، كەينىمىزگە قارىماس-

لىقىڭىز كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ مەن ئۆتمۈش-
نىڭ ئىشلىرىنى ئېسىڭىزگە سالمىسام بوپتىكەن. ئۇ چاغلاردىكى
بەخت ـ سائادەتنى ئەسلىگەندە مۇشۇنداق ئەھۋال، مۇشۇنداق
ئازاب، مۇشۇنداق بىئاراملىق، مۇشۇنداق ئەپسۇسلىنىشلار پەيدا
بولىدىكەن ئەمەسمۇ!»

سىكارلېت ئورنىدىن تۇردى، بىر قولى يەنىلا ئاشلېينىڭ
ئالىقانلىرى ئىچىدە ئىدى. ئۇ كەتمەكچى، بۇ يەردە ئۆتمۈشنى
ئەسلەپ، ئۇنىڭ ھارغىن، قايغۇلۇق ۋە ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا
قاراپ ئولتۇرۇۋەرمەيدۇ.

— ئاشۇ چاغلاردىن كېيىن بىز نۇرغۇن مۇساپىلەرنى
باستۇق، ئاشلېي، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا، قىسىلىپ
تۇرۇۋاتقان گېلىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازىنىڭ تىترەپ
كەتمەسلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ تۇرۇپ، — ئۇ چاغلاردا
بىزنىڭ بەزى گۈزەل ئارزۇلىرىمىز بولىدىغان، شۇنداقمۇ؟ ئەمما،
ھېچقايسى ئىش بىز ئارزۇ قىلغاندەك بولۇپ باقمىدى.

— ئۇنداق بولۇشى مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ، —
ھايات بىزگە بىز ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە يېتىش بۇرچىنى
ئارتمىغان، شۇڭا زامانغا بېقىپ ياشىساق، ھازىرقى
كۈنىمىزدىنمۇ يامان كۈنگە قالمىساقلا بولىدى.

سىكارلېت ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپ ماڭغان يوللىرىنى
ئەسلەپ، تۇيۇقسىز يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ كېتىۋاتقاندەك،
قاتتىق چارچاپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. يۈرىكىدە بۇرۇنقى
سىكارلېت ئوخارا، سۆيگەن يىگىتلىرىنى ئەخمەق قىلىپ
ئوينايدىغان، چىرايلىق كىيىنىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان
ئاشۇ قىز قايتا ئەكس ئەتكەندەك بولدى. ئۇ چوقۇم پىششىپ
ۋايىگە يەتكەندە ئاپىسى ئېللېنغا ئوخشاش ئۇلۇغ بىر ئايال بولۇپ
چىقىدۇ.

ئۇ كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ياشنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدى،
مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياش تامچىلىرى مەرۋايىتتەك

www.uyghurkitap.com

تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى. كۆزلىرى خۇددى قورقۇپ تۇرۇۋاتقان كىچىك بالىنىڭ كۆزلىرىدەك ئاشلىيىغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئاشلىيې ئۇنى تارتىپ باغرىغا بوش باستى، ئەمما گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ بېشىنى مۇرىسى ئۈستىگە قويۇپ مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. سىكارلېتنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ بېلىدە، بوشاپ كېتىۋاتقان بەدىنىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالغانىدى. ئاشلىينىڭ ئىسسىق قوينى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بېھوشلاندۇرۇۋاتاتتى، كۆزلىرىدىكى ياشمۇ ئېقىپ تۈگىگەندەك بولدۇقلاپ چىقىشتىن توختىغانىدى. ئاھ، ئاشلىيې ئۆزىنى مەڭگۈ مۇشۇنداق قۇچاقلاپ تۇرسىكەن، دولقۇنلۇق ھېسسىياتلار، جىددىيلىشىشلەر بولمىسىمۇ مەيلى ئىدى. سۆيۈملۈك دوستىغا ئوخشاش بولسىمۇ ياخشى بولاتتى. بۇ نۇقتىنى پەقەت ئاشلىيىلا، ياشلىق ۋاقىتلىرىنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئەسلىيەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن لەززەت ئالالايدىغان، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى، ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن تونۇشلۇقى بولغان ئادەملا چۈشىنەلەيدۇ.

سىكارلېت سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدى، لېكىن ھارۋىكەشلەر قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پىسەنت قىلمىدى. شۇ پەيتى بىلەن تۇرۇپ، ئاشلىينىڭ يۈرىكىنىڭ رىتىملىق سوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. شۇ ئارىدا ئاشلىيې بىردىنلا ئۇنى ئۆزىدىن ئىتتىرىۋەتتى، سىكارلېت بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكەتتىن ھەيران قېلىپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئاشلىينىڭ كۆزلىرى شۇ تۇرقىدا ئۆزىدە ئەمەس ئىشىكتە ئىدى.

سىكارلېتمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئىندىيانى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەنىدى، خۇنۇك كۆزلىرىدە ئوت چاچراپ تۇراتتى، ئارچىمۇ بار بولۇپ، خۇددى بىر كۆزلۈك شاتۇتىدەك نەپرەتلىك قاراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدە ئېلىسىن خانىممۇ بار ئىدى.

سكارلېت ئۇ ئۆيدىن قانداق قېچىپ چىققانلىقىنى كېيىنمۇ زادى ئەسلىيەلمىدى، ئاشلىپىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتكەندى. كەينىدىن ئاشلېي بىلەن ئارچېنىڭ جىددىي پاراڭلىرى قۇلىقىغا ئازراق كىرىپمۇ قالدى. ئىندىيا بىلەن ئېلسىن خانىم سىرتتا بولۇپ، سكارلېت چىققاندا كۆزىمىز كۆرمىسۇن دېگەندەك باشقا ياققا قارىۋالدى. ئىزاغا ئۆلگەن سكارلېت ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئېپىسكوپتەك بۇرۇت قويۇۋالغان ئارچېنىڭ سۇرلۇك چىرايى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى «ئىنجىل. تەۋرات»تىكى قىساس مۇئەككىلىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت، بىرمۇ ئادەم يوقتەك قىلاتتى. خىزمەتكارلار بىرسىنىڭ ئۆلۈمىگە كېتىپتۇ، باللار مېلانىيەنىڭ ئارقا هويلىسىدا ئويناۋاتىدۇ، مېلانىيەچۇ...

مېلانىيە! سكارلېت پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۇنى ئويلاپ قالدى ۋە تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. مېلانىيە بۇ ئىشنى چوقۇم ئاڭلايدۇ، ئىندىيا شۇ تاپتا ئۇنىڭغا دەۋاتىدۇ. ئۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاشلېينىڭ ئابرۇيىنى قانچىلىك چۈشۈرۈۋېتىدىغانلىقى، مېلانىيەگە قانچىلىك قاتتىق تەسىر قىلىدىغانلىقى بىلەن كارى يوق، سكارلېتتىن ئۆچىنى ئالسىلا، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلسىلا بولدى. ئېلسىن خانىممۇ هېچنېمىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، سۆزلىمەي قويمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ئىندىيا بىلەن ئارچېنىڭ كەينىدە تۇرۇۋېتىكەن. بۇ خەۋەر كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە پۈتۈن شەهەرگە پۇر كېتىدۇ. ئەته ئەتىگەن ناشتىغىچە هەممە ئادەم، هەتتا نېگىرلارغىچە بىلىپ بولىدۇ. بۈگۈنكى زىياپەتتىلا ئايالار ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇۋېلىپ، مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئاغىزى ـ ئاغزىغا تەگمەي خۇشال سۆزلىشىدۇ. سكارلېت باتلېر پۇلى، تەسىرى بار ئىجتىمائىي ئورنىدىن بىردىنلا غۇلاپ چۈشىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ هېكايە بارغانسېرى يوغىناپ،

www.uyghurkitap.com

سىرلىقلىشىپ بارىدۇ، ئۇنى توسۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەمەلىي پاكىت ئۇستىدىلا قىلىنىشى يوق گەپ. ئاشلىپى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرغان، ئۇ يىغلاپ تۇرغان ئاشۇ كۆرۈنۈش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، قاراڭغۇ چۈشكىچە گەپ ئۇلغىيىپ، ئىككىسى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا بىراۋلار ئۇستىدىن چۈشۈپ قالغان بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار پۈتۈنلەي پاك، گۇناھسىز، ھەرىكەتلىرىمۇ دوستلار ھەرىكىتىدىن ھالقىپ كەتمىگەن. سىكارلېتنىڭ كاللىسىغا «ئەگەر»لەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى: ئەگەر ئۇ دەم ئېلىشقا كەلگەن مىلاد بايرىمى كۈنى سۆيۈشۈپ خوشلاشقاندا تۇتۇلۇپ قالغان بولساق، ئەگەر تارادىكى باغدا ئۇنىڭغا بىللە قېچىپ كېتەيلى دەپ يالۋۇرۇۋاتقان چېغىمدا تۇتۇلۇپ قالغان بولساق، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي گۇمانلىق ئىشنى قىلىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالغان بولساق بۈگۈنكىدەك بۇنداق روھىي ئازابقا قالمىغان بولاتتۇقمىكىن؟ بىراق، ھازىر... ھازىر... ئۇ مېنى پەقەت ئۆزىنىڭ دوستى قاتارىدا كۆرۈپ قۇچاقلىغانىدىغۇ؟

لېكىن، بۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. سىكارلېتنىڭ يا ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك دوستىمۇ يوق. «ئۇنىڭ يامان ئىش قىلىشىغا ئىشەنمەيمەن» دەيدىغان بىرىمۇ ئىنسان بولمايدۇ. ئۇ كونا دوستلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەنجىتىپ بولغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا يان باسقۇدەك بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ، يېڭى دوستلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالغان، پۇرسەت بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ. ياق، ئۇنى ھاقارەتلەيدىغان ھەرقانداق گەپكە كىشىلەر ئىشىنىدۇ. ئاشلىپىدەك ياخشى بىر ئادەم بۇ رەسۋاچىلىققا چېتىلىپ قېلىۋاتسىمۇ ئۇلارنىڭ كارى يوق. ئادەت بويىچە ھەممە ئادەم گۇناھنى ئايال كىشىدە قويىدۇ، ئەر كىشىگە كەلگەندە مۇرىلىرىنى قىسىپ قويۇپ بولدى قىلىشىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىشسىمۇ ھەقلىق، چۈنكى بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ قوينىغا ئۇ ئۆزىنى ئاتقان.

سىكارلېت ھەممە ھاقارەتلەرگە، ھەممە تۆھمەتلەرگە، ھەممە ئاھانەتلەرگە، پۈتۈن شەھەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن تاپقانلىكى ھەرقانداق گەپكە چىدايدۇ، بەرداشلىق بېرەلەيدۇ... ئەمما مېلانىيە چىدىمايدۇ، بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. سىكارلېت مېلانىيەنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن نېمە ئۈچۈن قورقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىلىپ قالغىنىغا قارىغاندا بەكرەك قورقاتتى. سىكارلېت ئىندىيانىڭ مېلانىيەگە ئاشلېي بىلەن سىكارلېتنىڭ ناشايان ئىشىنى كۆرۈپ قالدۇق، دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى، مېلانىيەنىڭ ئاڭلاپ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلۇپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. مېلانىيە ئاڭلىسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئاشلېيدىن ئايرىلىپ كېتەرمۇ؟ غۇرۇرىغا بەكرەك ئېتىبار بېرىدىغان بولسا ئاجراشماي قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ چاغدا ئاشلېي ئىككىمىز قانداق قىلىمىز؟ سىكارلېت خىلمۇ خىل خىياللار بىلەن قاتتىق قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى. ئاھ، ئاشلېي ئىزاغا ئۆلىدىغان بولدى، بۇ ئاپەتنى كەلتۈرۈپ بەرگىنىم ئۈچۈن ماڭا ئۆلگۈچە نەپرەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياش بىردىنلا توختاپ، يۈرىكىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى چىرمىۋالدى. رېت بىلىپ قالسىچۇ؟ ئۇ مېنى نېمە قىلىۋېتەر؟

ئۇ مەڭگۈ بىلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن. كونىلارنىڭ مۇشۇ ھەقتە بىر گېپى بولىدىغان، ئەرلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان ھېلىقى گەپچۇ؟ «خوتۇنى قېچىپ كېتىپتۇ، ئېرى كېيىن بىلىپتۇ» دېگەن گەپ. بەلكىم بىرەرسى ئۇنىڭغا دەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. رېت بىلەن بۇ ئىشنى سۆزلىشىش ئۈچۈن سەندە يېتەرلىك يۈرەك بولۇشى كېرەك. ئۇ دېگەن نامى بار لۈكچەك، ئاۋۋال ئوق چىقىرىپ، ئاندىن سەۋەبىنى سورايدىغانلاردىن. خۇدا، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ھەرگىز بىلدۈرۈپ قويمىساڭ! لېكىن سىكارلېت ئارچېنىڭ بايىقى رەھىمسىز تەلەتىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىدىكى ئۇنىڭغا ۋە باشقا ھەممە ئاياللارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. ئارچې خۇدادىنمۇ، ئادەملەردىنمۇ قورقمايدۇ، شاللاق خوتۇنلارغا بەك ئۆچ، ئۆچلۈكىدىن ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ بايا بۇ ئىشنى رېتقا ئېيتىدىغانلىقىنى دېگەندەك قىلغان. ئاشلېي ئۇنى توسقان تەقدىردىمۇ ئۇ ئۇنىڭغا دىمەي قويمايدۇ. ئاشلېي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە قانداقكىن، بولمىسا ئۇ رېتقا چوقۇم دەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇنداق قىلىشنى خىرىستوسىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىدۇ.

سكارلېت كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا كىرىپ ياتتى، كاللىسى يەنىلا ئاشۇنداق خىياللار بىلەن بەند ئىدى. ئىلاھىم ئۇ ئىشىكنى قۇلۇپلىۋالغان بولسۇن، مەڭگۈ بۇ ئۆيدىن چىقمىسۇن، ھېچكىمگىمۇ كۆرۈنمىسۇن. رېت بۈگۈن ئاخشام ئۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئۆتۈپمۇ كېتەر. ئۇ كەلسە، بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، زىياپەتكە بارالمايدىغاندەك تۇرىمەن، دەيدۇ. ئەتىگىچە بۇ ئىشنى يېپىپ كەتكۇدەك مۇكەممەل باھانىدىن بىرنى ئويلاپ تاپىدۇ.

«ئەمدى ئۇ ئىشنى ئويلىماي، — دېدى ئۇ بېشىنى ياستۇققا بىلەن پۈركىۋېلىپ، — ھازىر ئويلىماي. ھەرقانداق ئاقىۋەتكە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك بولغاندا ئاندىن ئويلاي.»

قاراڭغۇ چۈشكەندە خىزمەتكارلارنىڭ قايتىپ كېلىشكەنلىكى ئاڭلاندى. كەچلىك تاماق جىمجىتلىق ئىچىدە تەييارلىنىۋاتاتتى. نېگىر ئانا كېلىپ ئىشىكنى چەككەندى، سكارلېت، تاماق يېگۈم يوق، دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە. ئاخىر رېتنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىققاندا سكارلېت ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ ھەم ۋۇجۇدىدىكى ھەممە جاسارىتىنى يىغىپ ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، رېت ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، شۇندىلا سكارلېتنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

ئۇ تېخى ئاڭلىماپتۇ. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ئۇنىڭ يولسىز تەلىپىگە ھۆرمەت قىلىپ ھازىرغىچە ھۇجرىسىغا كىرمەيۋاتىدۇ. ئەگەر شۇ تۇرقىدا كىرىپ ئۇنىڭ ھودۇقۇپ، قورقۇپ تۇرغان چىرايىنى كۆرىدىغان بولسا چوقۇم بىلىپ قالاتتى. ئۇ ناھايىتى روھلۇق تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن مىجەزىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇ مۇراسىمغا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ياخشى، كەيپىياتىنى ئوڭشىۋېلىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت بار بولدى. راست، راست يېتەرلىك ۋاقىت بارمىدۇ؟ بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق مىنۇتلاردىن باشلاپ تۇرمۇشتا ۋاقىت دېگەن نەرسە زادىلا بولۇپ باقمىغاندەك تۇيۇلۇۋاتقانغۇ؟ ئۇ رېتىنىڭ ھۇجرىسىدا مېڭىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى، تۇرۇپ پوركۇقا گەپ قىلىپ قوياتتى. ئارىدىن ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، سكارلېت ھازىرغىچە ئۇنى چاقىرغۇدەك غەيرەتكە كېلەلمەيۋاتاتتى، قاراڭغۇدا جىمجىت ئىترەپ ياتاتتى.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن رېت ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. سكارلېت بار ئىمكانىيىتى بىلەن ئاۋازىنى تەمكىن چىقىرىشقا تىرىشىپ، «كىرىڭ!» دېگەن گەپنى ئاران دېيەلىدى.

— بۇ مۇقەددەس سارايغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولغىنىم راستىمدۇ؟ — دېدى رېت ئىشىكنى ئېچىپ كىرىۋېتىپ. ئۆيىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، سكارلېت ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى، ئاۋازىدىنمۇ ھېچنېمىنى بىلەلمىدى. ئۇ كىرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— زىياپەتكە بېرىشقا تەييارلىنىپ بولدىڭىزمۇ؟

— ئەپسۇس، بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — قىزىق ئىش، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك تەبىئىي چىقىۋاتاتتى، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر. ئۆينىڭ قاراڭغۇ بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، — مەن بارالمايدىغاندەك تۇرىمەن. سىز بېرىڭ، رېت، مېلانىيەگە كۆڭۈل ئېيتىپ قويۇڭ.

رېت ئۇزاقىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئاستا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنچىكىرەك ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى:

— بۇزۇق خوتۇنىنىڭ قورقۇنچاق بولغىنى قانداق گەپ!

بىلىپ قاپتۇ! سىكارلېت بىردىنلا تىترەپ كېتىپ گەپ قىلالماي قالدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ سەرەڭگە چاققانلىقى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۆينىڭ ئىچى پاللىدە يورۇپ كەتتى. رېت كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ قارىدى، ئۇستىدە مېھمانلىق كىيىملىرى رەتلىك تۇراتتى.

— تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئاددىيلا قىلىپ. ئاۋازىدا باشقا ھېچقانداق غەيرىيلىك يوق ئىدى، — ئاشلېنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېرىشىمىز كېرەك، دەررۇ تەييارلىق قىلىڭ.

— رېت، مەن بارالمايمەن، قاراڭ...

— قاراۋاتىمەن. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

— رېت، ئارچى سىزگە جۇرئەت قىلىپ...

— ئارچى جۇرئەت قىلالايدۇ، ئۇ قورقماس ئادەم.

— ئۇ يالغان سۆزلەيدۇ، ئۇنى بوغۇزلىۋېتىشىڭىز كېرەك.

— مېنىڭ راست گەپ قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرمەيدىغان غەلىتە بىر مىجەزىم بار. ھازىر ئۇ گەپلەرنى قىلىشقا ۋاقىت يوق، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

سىكارلېت ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى، ئۇستىگە ئارتىۋالغان يوغان ياغلىقىغا مەھكەم ئورىنىۋالغانىدى، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ رېتنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇراتتى، رېتنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى.

— مېنىڭ بارغۇم يوق، رېت. بۇ... بۇ ئۇقۇشماسلىق ئېنىقلانمىغۇچە مەن بارالمايمەن.

— ئەگەر سىز بۈگۈن ئاخشام ئۇ يەردە كۆرۈنمەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۆمۈرۋايەت بۇ شەھەردە تۇرمىسىڭىز بولىدۇ. مەن ئۆز خوتۇنۇمنىڭ بۇزۇق خوتۇن بولۇشىغا چىدايمەنكى، قورقۇنچاقلىقىغا چىدىمايمەن. بۈگۈن ئاخشام ئۇ يەرگە چوقۇم بېرىشىڭىز كېرەك. ئالېكساندىر سىتېپپېندىن

تارتىپ ھەممە ئادەم سىزگە زەھەرىنى سانجىسىمۇ، ۋىلكىس خانىم بىزنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسىمۇ بىرىش كېرەك.

— رىت، ئۇ ئىشنى سۆزلەپ باقسام، ئاڭلاپ باقسىڭىز.

— مەن ئاڭلىمايمەن، ۋاقتىم يوق، كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ.

— ئۇلار باشقىچە ئويلاپ قېلىشى... ئىندىيا بىلەن ئېلىسىن خانىم، يەنە ئارچىبمۇ بار، ئۇلار ئادەتتىمۇ ماڭا ئۆچ ئىدى. ئىندىيا ھەتتا يالغان گەپ قىلىپ ئاكىسىغا تۆھمەت قىلىش يولى بىلەن مېنى سېپىتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ باقسىڭىزلا...

«ئاھ، مۇقەددەس بۈۋى مەريەم ئانا. — ئازاب بىلەن ئويلاندى سكارلېت، — ئۇ، بوپتۇ سۆزلەپ باق دەپ قالسا، ئۇ چاغدا نېمە دەپ سۆزلەيمەن؟ نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن؟»

— ئۇلار چوقۇم ھەممە ئادەمگە ئۇ يالغان گەپلىرىنى دەپ بولدى، مەن بارمايمەن.

— چوقۇم بارىسىز، — دېدى ئۇ، — سىزنى مەن بويىنىڭىزدىن سۆرەپ بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان چىرايلىق كۆتىڭىزگە تېپىپ بولسىمۇ ئاپىرىمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر ئۇچقۇنلايتتى. ئۇنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، ئاندىن يەردە ياتقان باندىژىنى ئېلىپ تاشلاپ بەردى.

— بۇنى كىيىڭ، مەن تارتىپ چىگىتىپ بېرىمەن، بەل بوغىدىغان ئىشتىن تولۇق خەۋىرىم بار. ياق، نېگىر ئانىنى ياردەمگە چاقىرغىلى چىقىپ كەتسەم، شۇ ئارىلىقتا قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئىشىكنى تاقىۋالىسىز.

— مەن قورقۇنچاق ئەمەس، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى سكارلېت زىتىغا تەگكەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باياتىندىن بېرىقى قورقۇنچلىرىنى ئۇنتۇپ، — مەن...

— بۇنىڭدىن كېيىن شىماللىق بىر ئەسكەرنى ئېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شېرماننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن دەل تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلىقلىرىڭىز توغرۇلۇق پو ئېتىپ سۆزلەپ بەرمىسىڭىزمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ. چۈنكى، سىز قورقۇنچاق... باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق. ئۆزىڭىزنى ئويلىمىسىڭىزمۇ بونىپنى ئويلىشىڭىز كېرەك. بۈگۈن ئاخشام ئۇ يەرگە بارمىسىڭىز زادى بولمايدۇ. سىز بونىپنىڭ ئىستىقبالىنى ئابۇت قىلماقچىمۇ؟ باندازنى كىيىڭ! چاپسان بولۇڭ!

سكارلېت كېچىلىك كىيىمىنى سېلىۋېتىپ يەڭسىز ئىچ كۆڭلەكچە قالدى. رېت ئۇنى شۇ تۇرقىدا كۆرگەن بولسا ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ مەپتۇن بولۇپ، چىرايىدىكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر يوقىلىپ كەتكەنمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ سكارلېتنى بۇ ھالەتتە كۆرمىگىنىگە ئۇزاق بولغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، كىيىم ئىشكاپىغا ئېسىۋېتىلگەن كۆڭلەكلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ، ئاچ يېشىل رەڭلىك شىپىك كۆڭلەكنى ئالدى. بۇ كۆڭلەكنىڭ ياقىسى تولىمۇ يوغان ئويما ياقا ئىدى، كەينىمۇ بېلىگىچە ئوچۇق ئىدى، كەينى ئېتىكىنىڭ ئۈستىدە قىزىل تاۋاردىن تۈگۈلگەن يوغان بىر تال قىزىلگۈل بار ئىدى.

— بۇ كۆڭلەكنى كىيىڭ! — دېدى ئۇ كۆڭلەكنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ بېرىپ، — بۈگۈن ئاخشام ساھىبخانىلار كىيىدىغان بىنەپشە رەڭ ياكى سېرىق رەڭ كۆڭلەك كىيمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇيا - ئەڭلىكلىرىڭىزنى كۆپرەك سۈرتۈڭ. مەن پارسېسلار تۇتۇۋالغان ئۇ بۇزۇق خوتۇنمۇ ئۇيا - ئەڭلىكسىز بولمىغان بولغىيدى دەيمەن. كەينىڭىزگە بۇرىلىڭ.

رېت ئۇنىڭ باندىژىنىڭ يىپىدىن كۈچەپ بىر تارتىۋىدى، سكارلېت چىرقىراپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ قوپاللىقىدىن قورقۇپ ھەم نومۇس قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

— ئاغرىدى، شۇنداقمۇ؟ — رېت ئۇنىڭ ۋارقىراپ كەتكىنىگە

پىسەنت قىلماي كۈلۈپ قويدى. سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى، — بۇنىڭ يىپپىنى بوينىڭىزغا سىرتماق قىلىپ سالمىغىنىمغا شۈكۈر قىلىڭ.

مېلانىيەلەرنىڭ ھەربىر ئۆيىنىڭ دېرىزىسى يوپيورۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار يىراقتىن ئۇ يەردىن كېلىۋاتقان مۇزىكا ساداسىنى ئاڭلىدى. يېقىن كەلگەندە ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان كۈلكە ـ چاقچاقلار ساداسى قۇلاقلىرىغا تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچى مېھمانلار بىلەن توشقانىدى، بەزى مېھمانلار ئۆيگە پاتماي كارىدورغا، ھەتتا ھويلىغا چىقىپ كېتىشكەنىدى.

«كىرسەم بولمايدۇ... كىرمەيمەن، — سىكارلېت پەيتوندا قول ياغلىقىنى مىجىقلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلاتتى، — كىرمەيمەن، كىرسەم بولمايدۇ. قېچىپ كېتىمەن، نەگىلا بولسا مەيلى. تاراغا كېتىمەن. رېت نېمىشقا مېنى بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇرلايدۇ؟ خەق مېنى نېمە دەيدۇ؟ مېلانىيەچۇ؟ ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلار؟ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن، قېچىپ كېتىمەن.»

رېت خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقانلىرىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى، قولىنىڭ قاتتىقلىقىدىن بىلىكىگە كۆكمۇ چۈشۈپ كەتتى. بۇنداق قىلىقنى پەقەت تونۇمايدىغان ئەخلاقسىز ئادەملەرلا قىلاتتى.

— مەن ئېرلاندىيەلىكلەرنىڭ ئىچىدە سىزدەك قورقۇنچاق ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان، يوغان سۆزلەيدىغان باتۇرلۇقلىرىڭىز نەگە كەتتى؟

— رېت، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆيگە قايتۇرۇۋېتىڭ، مەن سىزگە بۇ ئىشنى چۈشەندۈرەي.

— سىزگە چۈشەندۈرىدىغانغا ۋاقىت دېگەن ئىنتايىن كۆپ. پەقەت بۈگۈن بىر ئاخشاملا بۇ يەردە سېرىك ئويناپ بېرىسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەيتوندىن چۈشۈڭ، قەدىرلىكىم، ئۇ شىرلارنىڭ سىرىنى قانداق تالايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، چۈشۈڭ.

سىكارلېت ئۆزىنىڭ پەيتوندىن قانداق چۈشكەنلىكىنى بىلمىدى، ئامبۇردەك كۈچلۈك قوللار بىلىكىدىن يۆلەپ كېتىۋاتاتتى. قەدىمىمۇ خېلى مەزمۇت بېسىلىشقا، يۈرىكىمۇ سەل توختاشقا باشلىدى. خۇدا تۇرۇپتۇ، سىكارلېت ئۇ ئادەملەرنىڭ يۈزىگە قاراشتىن قورقمايدۇ، قاراۋېرىدۇ. ئۇلار مىياڭلاپ توختىمايدىغان بىر توپ ھەسەتخور مۈشۈكلەرغۇ؟ ئۇلاردىن ھەرگىز قورقۇپ قالمايدۇ، نېمە ئويلىسا، نېمە دېسە مەيلى، كارى يوق. پەقەت مېلانىيەلا... مېلانىيە !

ئۇلار كارىدورغا كىرىپ كەلدى. رېت شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئىككى چەتتىكى ئادەملەر بىلەن توختىماي سالاملىشىپ ماڭدى. ئاۋازى تەمكىن، قىزغىن ئىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ مۇزىكا ئاخىرلاشتى. سىكارلېتنىڭ پىكرى قاتتىق چېچىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، كۆزلىرىگە ئۆيدىكى ھەممە ئادەم خۇددى دېڭىز نىڭ دولقۇنىدەك شاۋقۇن سېلىپ ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئاندىن شاۋقۇنلىرى ئاجىزلاپ كەينىگە يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار بىر يېرىمنى بىر نېمە قىلىۋېتەرمۇ؟ ھىم، ئىشىنى قىلىشسۇن، ئۇ خەق، كەلسە كەلمەمدۇ! ئۇ بېشىنى غادايتىپ، قىلچە قورقمايلا خەقلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى.

سىكارلېت ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلاردىن ئەھۋال سوراي دەپ تۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا، ئۆي ئىچىدىن بىرسى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئەتراپتا تۇرغانلار بىردىنلا جىمىپ كېتىپ، سىكارلېتنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ مېلانىيە ئىدى، ئالدىراپ سىكارلېتنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. ئەتراپتىكىلەر بىلەنمۇ سالاملاشماي ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. مېلانىيەنىڭ تار گەۋدىسى، تۈپتۈز كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ

تۇراتتى. لەۋلىرى ئاچچىقتىنمۇ، نېمىدىن، چىڭ يۇمۇلغانىدى. ھەممە ئىش كۆڭلىگە ئايان تۇرۇقلۇقمۇ، بۇ يەردە سىكارلېتتىن باشقا ئادەم يوقتەك، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپلا بىلىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— كىيىملىرىڭىز نېمىدېگەن چىرايلىق، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن، — ماڭا ھەمراھ بولۇپ يېنىمدا تۇرۇپ بېرىشنى خالامسىز؟ ئىندىيا بۈگۈن ئاخشام ماڭا ياردەم بېرەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ماڭا ياردەملىشىپ مېھمانلارنى كۈتۈشۈپ بەرسىڭىز.

## ئەللىك تۆتىنچى باب

سىكارلېت ئۆز ئۆيىگە ئامان - ئېسەن كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۈستىدىكى ئېسىل كىيىملىرىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەي ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىۋەتتى. بىر ھازاغىچە كارىۋاتتا جىمجىت يېتىپ، مىلانىيە بىلەن ئاشلېينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ مېھمان كۈتكەن ئاشۇ مىنۇتلارنى ئويلاپ چىقتى. ئاھ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ئۇ! ئۇ شېرماننىڭ قوشۇنىغا يەنە بىر قېتىم دۈچ كېلىشكە رازىكى، ئۇ كۆرۈنۈشلەردىكى ئوينىغان ئويۇننى ئىككىنچى قېتىم قايتىلاشقا مۇتلەق رازى ئەمەس ئىدى ھەم خالىمايتتى. خېلىدىن كېيىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ كىيىملىرىنى سالغاچ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈردى.

جىددىيچىلىكتىن كېيىن بولىدىغان ئىنكاسلار ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇپ پۈتۈن بەدىنى تىترەشكە باشلىدى. بىرىنچى بولۇپ چاچ قىسقۇچ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئارقىدىن ئادىتى بويىچە چېچىنى يۈز قېتىم تاراپ بولۇپ، تارغاق بىلەن ئىككى چېكىسىگە ئاغرىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە بىرنەچچىنى

ئۆرۈۋەتتى، ئون نەچچە قېتىم ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ پەستىكى ئاۋازلارنى تىڭشىدى. لېكىن، پەستىكى زال قاراڭغۇ ۋە تىمتاس ئىدى.

رېت مەرىكە تېخى تۈگىمەيلا ئۇنى پەيتونىغا سېلىپ ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى. سىكارلېت ئۇ يەردىن ئازراق بولسىمۇ بالدۇرراق قۇتۇلغىنىغا خۇشال ئىدى. رېت ئۇنى ئەكېلىپ قويۇپلا ئۆيگە كىرمەي نەگىدۇر كەتتى. خۇدا ئۇنىڭغا يەنە بىر ياخشىلىق قىلدى، بولمىسا ئۇنىڭ بۈگۈن رېت بىلەن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىغانغا زادىلا رەۋىتى يوق ئىدى، نومۇس، قورقۇنچ ۋە تىترەك ئۇنىڭ ھالىنى قويمىغانىدى. ئۇ بۈگۈن نەگە كەتكەندۇ؟ ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ يېنىغا كەتتى ھەرقاچان. سىكارلېت بۈگۈن تۈنجى قېتىم بىللې ۋاتلىندەك بىر ئايالنىڭ بۇ دۇنيادا بار بولغانلىقىدىن خۇشال بولدى. رېتنىڭ ھېلىمۇ ياخشى ئۆز ئۆيىدىن باشقا بارىدىغان يېرى بار ئىكەن، شۇ يەردە تۇرۇپ كەلسە بوراندەك ئاچچىقلىرى ئازراق بولسىمۇ بېسىلىپ قالار. ئۆز ئېرىنىڭ بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ يېنىدا تۇرۇپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىش غەيرىي ئەھۋال، ئەمما سىكارلېتنىڭ ئامالى يوق ئىدى، ھەتتا بۈگۈن ئاخشام ئۇنى كۆرمەيدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئۆلۈپ قالسىمۇ خۇشال بولاتتى.

ئەتە... ھىم، ئەتە باشقا بىر كۈن. ئەتە ئۇ بىرەر باھانە، رېتنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويالايدىغان باھانىدىن بىرنى تاپىدۇ، بۈگۈنكى نەپرەتلىك كېچىدىكىدەك قورقۇپ تىترەپمۇ كەتمەيدۇ. ئەتە ئۇ يەنە ئاشلىبىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى، يەرگە ئۆرۈلگەن غۇرۇرىنى، بۇلغانغان نومۇسىنى ئويلاپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلمايدۇ. بۇ نومۇسلۇق ئىشنى سىكارلېت كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئاشلىبىنىڭ ئاساسەن مەسئۇلىيىتى يوق. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئۇ ئادىمى ئۆزىنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان سىكارلېتتىن نەپرەتلىنەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى مېلانىيە ئاشۇ ئورۇق گەۋدىسى بىلەن يېپىپ قالغان بولسىمۇ، ئاشلىبي چوقۇم

ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. مېلانىيە گەپ ـ سۆزلىرىدىكى مۇھەببەت ۋە سەمىمىي ئىشەنچى بىلەن ئۇ ئىككىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇ يالتىراپ تۇرغان پولنى ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن بېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان زەھەرلىك، دۈشمەنلىك كۆزلەرگە قارىتىپ تۇرۇپ قولتۇقلاپ ماڭغاندا، ئۇ ئادەملەر ئىغىزلىرىنى ئېچىشىپ قاراپلا قېلىشتى. ئۇ يەنە بۈگۈنكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئاخشامدا سىكارلېتنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى. نەتىجىدە كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئازراق سوغۇق مۇئامىلە قىلغاندىن باشقا غەيرىي ھەرىكەتلەردە بولمىدى، يەنىلا ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

بۇ سەت ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى مېلانىيەنىڭ ئېتىكى ئاستىدا يېپىلىپ قېلىپ، سىكارلېتقا ئۆچ ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇششاق گەپلىرى ئارقىلىق يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتمەكچى بولغان ئادەملەر مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى. دېمەك، مېلانىيەنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارىغۇلارچە ئىشەنچى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى... يەنە كېلىپ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مېلانىيەنىڭ ئۆزى.

سىكارلېت شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھازىر ھاراق كېرەك، بىرنەچچە رومكا ئىچىۋالسا، ئاندىن ئۇخلىيالىشى مۇمكىن. ئۇ كېچىلىك كىيىمىنىڭ ئۈستىگە شال رومىلىنى ئارتىپلا ئۆيدىن چىقتى. سايلىما كەشىنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازى جىمجىت كېچىدە ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پەلەمپەينىڭ يېرىمىدىن چۈشۈپ بولغاندا، ئېغىشىپ پەستىكى ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ باقتى. ئىشىكنىڭ تېگىدىن چىراغنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سىكارلېتنىڭ قورقۇپ بىردىنلا يۈرىكى سېلىپ كەتتى. بايا ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاشخانىنىڭ چىرىغى يورۇق بولسا ئالدىراشچىلىقتا دىققەت قىلمىغان بولغىيمىدى؟ يا رېت قايتىپ كەلدىمۇ؟ ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشىكى بىلەن تۆۋەن چىقارماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىۋالغان بولسا كېرەك. ئەگەر رېت راستىلا قايتىپ كەلگەن بولسا، هاراق ئىچىمەن دېگەننى قويۇپ ئاستا مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنى ياخشى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنالايدۇ، ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئىشكىنى ئىچىدىن ئېتىۋالسا بولىدى.

ئۇ ئەمدى كەينىگە قايرىلىپ ئۈستىگە ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا رېت باتلېرنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. سكارلېتنىڭ كۆزىگە ئۇ ئادەتتىكىدىنمۇ ئېگىز، قاۋۇل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، ئازراق لىغشىپ تۇرۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

— پەسكە چۈشۈپ مەن بىلەن بىردەم ئولتۇرۇڭ، باتلېر خانىم، — ئۇنىڭ گەپلىرى سەل ئېغىرراق چىقىۋاتاتتى.

ئۇ مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، گېپى بىلەن تۇرقىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇرۇن مەست بولۇپ قالسا پەقەتلا بىلىندۇرمەيتتى. سكارلېت ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىۋىدى، رېت قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— چاپسان چۈشۈڭ، هۇ هايۋان! — دەپ تۇۋلىدى.

«ئۇ چوقۇم مەست بولۇپ قاپتۇ.» سكارلېت سەل قورقتى، ئادەتتە ئۇ قانچە كۆپ ئىچسىمۇ ئەدەپنى ئۇنتۇمايتتى. ئادەمنى بەكرەك مەسخىرە قىلىسىمۇ، گەپ ـ سۆزلىرىدە سانجىپ تۇرسىمۇ، ئەمما مۇئامىلىدە قوپاللىق قىلمايتتى.

ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا كېلىشتىن قورقۇۋاتىدۇ دەيدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك ... سكارلېت شۇ خىيالدىن كېيىن رومىلىغا تېخىمۇ چىڭ يۆگىلىپ، بېشىنى تىك تۇتقىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشتى.

رېت ئىشىكنىڭ ئىچىدە ئېگىلىپ تۇرۇپ سكارلېتقا يول بەردى. ئۇنىڭ زاڭلىق قىلىۋاتقان قىياپىتى سكارلېتنى تېخىمۇ قورقۇندۇرۇپ قويدى. ئۈستىدە كاستۇمى يوق، گالستۇكى يېشىلىپ ئىككى تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. كۆڭلىكىنىڭ

ئالدى ئوچۇق، مەيدىسىدىكى قاپقارا تۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چاچلىرى پاخپىيىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كېتىپتۇ. ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر تال شام ئاجىز يورۇقلۇق چىقىرىپ تۇرىدۇ. شامنىڭ يورۇقىدا تورۇسى ئېگىز بۇ ئاشخانىنىڭ تاملىرىدا ھەر خىل غەلىتە قارا سايىلەر پەيدا بولۇپ تىنىمسىز مىدىرلاپ تۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىدىكى كۈمۈش پەتنۇستا بىر شىشە ھاراق، شىشىنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە رومكا بار ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىۋېتىپ سوغۇق تەلەپپۇزدا.

• شۇ تۇرقىدا سىكارلېتنىڭ يۈرىكىدە بىر خىل ۋەھىمە پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراشتىن قورقۇش روھىي ھالىتى بۇ يېڭى ۋەھىمىنىڭ ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى، تەلەپپۇزى، ھەربىر ھەرىكىتى ناتونۇش ئادەملەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇ قىلىقلىرى بىلەن ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئەدەپسىز رېت باتلېرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەڭ ئەدەپسىزلىكى پەقەت بىر پەسلىك سوغۇق مۇئامىلە بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئاچچىقى كەلگەندىمۇ ھەرگىز قوپاللىق قىلمايتتى، سىلىق گەپ قىلاتتى، ھاراق ئىچكەندە بۇ خىل مىجەزى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنەتتى. دەسلەپتە بۇخىل مىجەزىگە ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى ئاچچىق گەپلەر بىلەن ئۆزگەرتمەكچىمۇ بولغانىدى، كېيىن ئۇ ئادەتتىكى بىر ئىشتەك ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا كۆنۈپمۇ قالدى. رېتنى ئۇ ھەممە ئىشقا ئەھمىيەتسىز قارايدۇ، تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن مېنى ئۆزىنىڭ مەسخىرە قىلىدىغان، شۇ يول بىلەن كۆڭلىنى ئاچىدىغان نىشانى قىلىۋالغان، دەپ ئويلايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ بىر ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلغانلىقىنى ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە سەزگەندەك بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن سىزنىڭ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىرەر رومكا هاراق ئىچىۋالمىسىڭىز بولمايدىغانلىقىڭىزغا قانداق سەۋەب كۆرسىتەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، مەن ھەرقانچە تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم بولساممۇ، مېنىڭ ئالدىمدا ئىختىيارىي ھاراق بولسىڭىز ھېچ گەپ بولماس، — دېدى ئۇ، — بىر رومكا قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

— ھاراق ئىچكۈم يوق، — دېدى سىكارلېت سالقىن ئولتۇرۇپ، — بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ...

— سىز ھېچنېمە ئاڭلىمىدىڭىز، مېنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولسىڭىز ھەرگىز پەسكە چۈشمەيتتىڭىز. مەن خېلىدىن بېرى مۇشۇ يەردە، ئۈستىدە مېڭىپ يۈرگىنىڭىزنى ئاڭلىدىم. چوقۇم سىزنىڭ ئىچكۈڭىز كەلدى، ئىچىڭ.

— مەن...

رېت بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ بىر رومكىغا توشتۇرۇپ ھاراق قۇيدى.

— ئىچىڭ، — ئۇ رومكىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — قوللىرىڭىز تىترەپ تۇرۇۋاتىدۇ. خۇپسەنلىك قىلماڭ، مەندىن يوشۇرۇنچە ئىچىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇڭا، بەزىدە سىزگە، ئۆزىڭىزنى بەكمۇ قورۇۋالماڭ، ئىچكۈڭىز كەلسە ئىچىۋېرىڭ، دېگۈم كېلەتتى. سىز، ھاراق ئىچسەم رېت مېنى باشقۇرىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

سىكارلېت رومكىنى تۇتۇپ تۇراتتى، كۆڭلىدە بولسا ئۇنى مىڭنى تىللايتتى. رېت ئۆزىنى شۇ قەدەر ئېنىق بىلەتتى. نېمىنى ئويلىسا، شۇنى بەش قولدەك بىلىپ تۇراتتى.

— بۇ ھاراقنى ئىچىڭ دەۋاتىمەن.

سىكارلېت رومكىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ھەممە ھاراقنى بىراقلا ئاغزىغا قۇيۇۋەتتى. ئاندىن رومكىنى ئىلگىرى گېرالد ساپ ۋىسكىي ئىچكەن چاغدىكىگە ئوخشاش دوم كۆمتۈرۈپ قويدى. رېت

ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئەمدى ئولتۇرۇڭ. ئىككىمىز ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، بايىقى زىياپەتتە بولغان ئىشلار توغرۇلۇق ئەركىن پاراڭلىشايلى.

— سىز ھازىر مەست بولۇپ قاپسىز، — دېدى سىكارلېت سوغۇققانلىق بىلەن، — مەنمۇ چىقىپ ئۇخلاي.

— مەن راست مەست بولۇپ قالدىم، ئەمما بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مەست بولغۇم بار، تاڭ ئاتقۇچە ئىچىمەن. ئەمما، سىز ئۇخلىمايسىز، ۋاقتىنچە ئۇخلىمايسىز. ئولتۇرۇڭ!

ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئاستا ۋە تەمكىن ئىدى. ئەمما، سىكارلېت ئۇنىڭ تېگىدە بېسىلىپ تۇرۇۋاتقان شىددەتلىك بورلىن - چاپقۇننى، قامچىغا ئوخشاش ئاچچىق رەھىمسىزلىكنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى، دېلىغۇل بولۇۋاتاتتى. رېت ئۇنى قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس، بىر قولى بىلەن بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. بىر چاغدا بوش بىر تولغىنىۋىدى، ئۇ ئاچچىق ئىڭراپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە قورقۇشقا باشلىدى. خۇددى ئۆمرىدە بولۇپ باقمىغاندەك قاتتىق بىر قورقۇنچ ئىچىگە چۈشۈپ قالغاندەك بولدى، رېت ئېڭىشىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدە ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان بىر خىل نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە يەنە ئۇ بىلەلمەيدىغان، چۈشىنىپمۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان، غەزەپ - نەپرەتتىنمۇ ئېغىر، ئازاب - ئوقۇبەتتىنمۇ كۈچلۈك بىر نەرسە باردەكمۇ قىلاتتى، شۇ نەرسىلەر كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرىنى ئوت شارىغا ئوخشاش يالقۇنلىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. رېت ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېرىپ، ئاخىر سىكارلېتنىڭ ئىسيانكار كۆزلىرىنى كەينىگە چېكىندۇردى، ئاندىن بىردىنلا كەينىگە شوخشۇپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئۆزىگە يەنە بىر رومكا ھاراق قۇيدى. سىكارلېت ئۆزىگە مۇداپىئە سېپىلى سوقۇش ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىۋاتاتتى، ئەمما رېت ھازىرغىچە ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسىمنى پاراڭ قىلىشقا، ئۇنىڭ ئاساسلىق قىلىپ قىلىنغىنىدىن مۇنداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدى... 

رەسمىي پاراڭ قىلىمىغاچقا، ئۆزىنى قايسى تەرەپتىن ئەيىبلەيدىغانلىقىنى ئۇقالماي قانداق مۇداپىئەلىنىشنى بىلمەيۋاتاتتى.

رېت هاراقنى ناھايىتى ئاستا ئىچتى، كۆزلىرى سىكارلېتتا ئىدى. سىكارلېت بولسا تىترەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى زورغا بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى. بەزىدە رېتنىڭ چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئاخىرىدا ئۇ كۈلۈپ كەتتى، ئەمما كۆزلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدى. سىكارلېت ئەمدى تىترىگىنى پەقەت باسالمىدى.

— بۈگۈن ئاخشام ئاجايىپ قىزىقارلىق كومېدىيە ئوينالدى، شۇنداقمۇ؟

سىكارلېت گەپ قىلمىدى، تىترىگىنى بېسىش ئۈچۈن ساپلىما كەشىنىڭ ئىچىدىكى پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە مەھكەم مىنگەشتۈرۈپ تۇرۇۋالدى.

— ئاجايىپ قىزىقارلىق كومېدىيە، پېرسوناژلىرى رولىنى بىر - بىرىدىن ياخشى ئېلىپ چىقتى. پۈتۈن مەھەللىدىكى ئادەملەر خاتالىق سادىر قىلغان بىر خوتۇننى چالما - كېسەك قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئېرى ئالىيجانابلىق قىلىپ خوتۇنىنى قوللىدى، ئۇنىڭ ھاقارەتلىنىۋاتقان خوتۇنىمۇ خىرىستوس روھى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پاك نام - ئابرۇيى بىلەن پۈتكۈل رەزىللىكلەرنى يېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشنىسى بولسا...

— ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز...

— ئۆتۈنۈشىڭىز ھاجەتسىز، بولۇپمۇ بۈگۈن كېچە، چۈنكى بۈگۈن بەكمۇ قىزىق بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئاشنىسى ئۆتۈپ كەتكەن دۆت بىر نېمىكەن، نومۇستىن ئۆلۈۋالغۇدەك بولۇپ كەتتى. سىز نەپرەتلىنىدىغان بىر ئايال سىزنى قوللاپ بارلىق گۇناھلىرىڭىزنى يېپىپ كەتسە، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز، سۆيۈملۈكۈم؟ ئولتۇرۇڭ!

سىكارلېت ئولتۇردى.

— مېنىڭچە، سىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىڭىزنى ئۆزگەرتمەيسىز. ئۇنى مېنىڭ ئاشلىپي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى بىلەلمىدىغاندۇ ـ بىلمەمدىغاندۇ؟ ئەگەر بىلسە نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى دەپ شۇنداق قىلامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايسىز. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى مېنى جازادىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دەپ ئويلىسىڭىز ئەخمەقلىق قىلغان بولىسىز. ئەمما...

— بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق.

— ياق، ئاڭلىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنى ئىچى تېخىمۇ سىقىلمىسۇن دەپ بۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. مېلانىيە خانقىزمۇ دۆت، ئەمما سىز ئويلىغانچىلىك ئەمەس. ئېنىقكى، بىرسى ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنى ئېيتىپ قويغان، ئەمما ئۇ ئىشەنمىگەن. ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇ شۇنچىلىك ئالىيجاناب ئايالكى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئالىيجانابلىققا يات ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ. مەن ئاشلېينىڭ ئۇنىڭغا نېمە دەپ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇ ھەرقانداق قاملاشمىغان يالغاننى توقۇسا بولىۋېرىدۇ، چۈنكى مېلانىيە ئۇنىمۇ، سىزنىمۇ جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ.

— ئەگەر سىز ئۆلگۈدەك ئىچمىسىڭىز ھەم ماڭا قىلىۋاتقان ھاقارىتىڭىزنى توختاتسىڭىز، ھەممە ئىشنى سىزگە تولۇق چۈشەندۇرۇپ قويىمەن، — دېدى سىكارلېت ئازراق بولسىمۇ غۇرۇرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، — ئەمما ھازىر ...

— سىزنىڭ چۈشەندۇرۇشلىرىڭىزگە قىزىقمايمەن، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى سىزگە قارىغاندا مەن ئوبدانراق چۈشىنىمەن. سەل دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ. ئورنىڭىزدىن يەنە بىر قېتىم قوپىدىغان بولسىڭىز ... ماڭا بۈگۈن ئاخشامقى كومېدىيەگە قارىغاندا باشقا بىر پاكىت قىزىقراق بىلىنىدۇ، ئۇ

بولسىمۇ، سىزنىڭ بىر تەرەپتىن مېنى ئەسكى دەپ تۇرۇپ، بىللە يېتىشىمىزنى پاك نىيىتىڭىز بىلەن رەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشلىپىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز. «ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈش» دېگەن بۇ سۆز ئاجايىپ سۆز ـ دە. شۇنداقمۇ؟ ھېلىقى كىتابتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەر ئىنتايىن كۆپ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— قايسى كىتاب؟ قايسى كىتاب ؟ — سىكارلېت ئالدىراپ سوراپ كەتتى. ئۇ ھەم دۆتلۈك قىلىۋاتاتتى، ھەم ھەيران قېلىۋاتاتتى. شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، ئېغىر كۈمۈش قاچىلارنىڭ شامنىڭ يورۇقىدا غەلىتە پارقىراپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— مەن تولىمۇ قوپال ئادەم، سىزدەك لاتاپەتلىك خېنىمنىڭ خىلى ئەمەس. سىز يەنە بالا تۇغۇشنى خالىماي مېنى ئۆيىڭىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتىڭىز. بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ ھار كەلدى، دىلىم ئاغرىدى، قەدىرلىكىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ لاتاپىتىگە ئۆزى ھەۋەس قىلىپ ئولتۇرسۇن، دەپ سىزنى مەن تاشلاپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان يەرنى ئىزدەپ سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم. لېكىن، سىز شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇزاقتىن بېرى ئازابلىنىپ ۋە قىينىلىپ يۈرۈۋاتقان ۋىلكېس ئەپەندىنى ئىزدەپ بارىدىغان بوپسىز. ئەمما، ئۇ يارىماس ئادەم ھېسسىيات جەھەتتە يالغۇز خوتۇنىغىلا بېرىلمەي، يا جىنسىي جەھەتتە ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلىشنى خالىماي ئوتتۇرىدا يۈرۈپتۇ. ئۇ نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ؟ مېنىڭچە، سىز ئۇنىڭغا بالا تۇغۇپ بېرىشكە قارشى ئەمەس، ھەم... ئۇنىڭ بالىسىنى مېنىڭ بالام دەپمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز، شۇنداققۇ؟

سىكارلېت ئاچچىق توۋلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، رېتمۇ مۇلايىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن سىكارلېت شۈركۈنۈپ كەتتى. رېت قوڭۇر رەڭ يوغان قوللىرى

بىلەن ئۇنى مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— مېنىڭ بۇ قوللىرىمدىن ئېھتىيات قىلىڭ، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، — بۇ قوللار بىلەن سىزنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا مىجىپ تاشلىيالايمەن، بولۇپمۇ ئاشلىپىنى يۈرىكىڭىزدىن كولاپ چىقىرىۋېتىشكە توغرا كەلگەندە. ئەمما، ئۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇنى سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىن مەڭگۈگە قوغلاپ چىقارماقچى. بېشىڭىزنى ئىككى تەرەپتىن قىسىپ تۇرۇپ بىرلا مىجىيدىغان بولسام، تاۋۇزغا ئوخشاش مىچچىدە مىجىلىدۇ ـ دە، ئاشلىپى ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ يوقايدۇ.

ئۇ راست دېگەندەك سىكارلېتنىڭ ئىككى چېكىسىنى تۇتۇپ كۈچەپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. سىكارلېت غەرق مەست، ئاۋازى ناتونۇش بۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا تازا قاراپ كەتتى. سىكارلېتنىڭ قېنى قىزىپ كەتكەندە يۈرىكى يوغىناپ كېتىدىغان، خەتەرلىك ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادىتى بار ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ قەددىنى رۇسلاپ جەڭگە ھازىرلاندى.

— ھەي ئەخمەق مەست، — دېدى ئۇ، — قولىڭىزنى تارتىڭ.

رېت باتلېر سىكارلېتنى ھەيران قالدۇرۇپ قولىنى ئىتتىك چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئورنىغا قايتىپ كېلىپ رومكىسىغا يەنە ھاراق قۇيدى.

— مەن سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا ئەزەلدىن قايىل، سۆيۈملۈكۈم، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ماڭارغا يول تاپالماي قېلىۋاتقان چېغىڭىزدىكى باتۇرلۇقىڭىزغا.

سىكارلېت رومىلىغا تېخىمۇ چىڭ ئورنىشىپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدە، شۇ تۇرقىدا ھۇجرامغا چىقىپ كېتىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلمۇۋېلىپ يېتىۋالسام قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلاپ كەتتى. مۇشۇ مىنۇتتا ئۇ ئىلگىرى بۈگۈنكىدەك تۇرقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بۇ رېت باتلېرغا تاقابىل تۇرمىسا، ئۇنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تەھدىت بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ پۇتلىرى تىترەپ تۇرۇۋاتسىمۇ ئورنىدىن ئالدىرىماي قوپتى، ئاندىن ئالدىغا چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى قولى بىلەن كەينىگە تارىۋەتتى.

— مەن ئۆزۈمنى ماڭارغا يول تاپالمايۋاتقاندەك ھېس قىلمايمەن، — دېدى ئۇ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن، — مېنى ئۆزىڭىزنىڭ قېلىپىغا سالىمەن دەپ مەڭگۈ خام خىيال قىلماڭ، قورقۇتىمەن دەپمۇ ئويلىماڭ، رېت باتلىر. سىز ھاراق ئىچىشتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ھايۋان سۈپەت ئادەم بولغاچقا، ئەسكى ئاياللار بىلەن ئۇزاق ئارىلىشىپ يۈرۈپ، باشقا ئاياللارنىمۇ ئاشۇنداق ئاياللار بىلەن ئوخشاش تاياقتا ھەيدەيسىز، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز. ئاشلىپىنىمۇ، مېنىمۇ چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. مەينەت يەردە يۈرۈپ ئادەتلەنگەن بولغاچقا، كاللىڭىزغا پاسكىنىچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كىرمەيدۇ. ئۆزىڭىز چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرگە ھەسەت قىلىپلا ئۆتىسىز. ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. شۇ ئارىلىقتا قاتتىق بىر كۈلكە ئاڭلىنىپ كەينىگە قايرىلىپ قارىدى، رېت دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئاھ، خۇدا، ئۇ مۇنداق قورقۇنچلۇق كۈلمىسىكەن! بۇ ئىشلارنىڭ كۈلگۈدەك نېمىسى بار؟ ئۇ قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىپ كەلدى، سىكارلېتمۇ قەدەممۇ قەدەم كەينىگە شوخشۇپ، ئاخىرىدا تامغا تاقىشىپ قالدى.

— كۈلمەڭ!

— سىز ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كۈلۈۋاتىمەن.

— كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ... مەن ئۈچۈن؟

— شۇنداق، بۇنىڭغا خۇدا گۇۋاھ، سىز ئۈچۈن بىئارام بولۇۋاتىمەن سۆيۈملۈكۈم، چىرايلىق ئەخمىقىم. چىدىيالمايۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ سىز كۈلكىگىمۇ، ئىچ

ئاغرىتقانغىمۇ چىدىمايسىز، توغرىمۇ؟

رېت كۆلكىسىنى توختىتىپ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئارتىلىۋالدى، سكارلېتنىڭ دولىسى ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، رېتنىڭ چىرايىمۇ ئۆزگىرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك يېقىن تۇرۇۋالغاچقا، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان هاراقنىڭ بۇسىغا چىدىماي ئىتتىرىۋېتىشنى بىر يانغا بۇرىۋالدى.

— مەن ھەسەتخورمۇ؟ — دېدى رېت، — نېمىشقا ئۇنداق بولماي؟ راستقۇ؟ ئاشلېي ۋىلكېسقا ھەسەت قىلىۋاتمەنغۇ؟ نېمىشقا ھەسەت قىلماي؟ ھىم، سىز گەپ قىلماڭ، چۈشەندۈرمەن دەپمۇ ئاۋارە بولماڭ. مەن سىزنىڭ جىنسىي جەھەتتە ماڭا سادىق ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن. سىزنىڭ ماڭا دەيدىغىنىڭىزمۇ شۇغۇ؟ بۇ نۇقتا ماڭا ناھايىتى ئېنىق، نەچچە يىلدىن بېرى شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇنى قانداق بىلدىم؟ ھىم، بىلەمسىز، ئاشلېينىڭ ئادەمگەرچىلىكى ۋە تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. ئۇ دۇرۇس نىيەتلىك ئېسىلزادە. ئەمما، بىز ئېسىلزادە ئەمەس، خەقلەر ھۆرمىتىمىزنى قىلىدىغان ھېچقانداق يېرىمىز يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ياش دەرەخلەردەك باراقسانلىشىپ كېتىۋاتقىنىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدا.

— مېنى قويىۋېتىڭ، بۇ يەردە سىزنىڭ ھاقارىتىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرالمايمەن.

— مەن سىزنى ھاقارەت قىلغىنىم يوق، جىنسىي جەھەتتىكى پاكلىقىڭىزنى ماختاۋاتىمەن. ئۇ جەھەتتە سىز مېنى پەقەتلا ئالداپ باقمىدىڭىز، سكارلېت. سىز ئەرلەرنى شۇنچىلىك گالۋاڭ چاغلامسىز؟ رەقىبلىرىڭىزنىڭ كۈچىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى بەك تۆۋەن چاغلىۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزگە پايدىسىز. مەن ئۇنداق گالۋاڭ ئەرلەردىن ئەمەس، سىز مېنىڭ قوينۇمدا يېتىپ تۇرۇپ مېنى ئاشلېيغا ئوخشاتقىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

سكارلېتنىڭ چىرايىدا بىردىنلا قورقۇنچ ۋە ھەيرانلىق پەيدا

www.uyghurkitap.com

بولدى.

— ئۇ ئادەمنى تولىمۇ شادلاندۇرىدىغان ئىش. بولۇپمۇ ئىككى ئادەم يېتىشقا تېگىشلىق كارىۋاتتا ئۈچ ئادەم ياتقاندەك بولۇش ئادەمنى روھىي جەھەتتىن بەكرەك ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، — رېت دەلدەڭشىپ تۇرۇپ، خۇددى مەسخىرە قىلىنىۋاتقاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇۋاتاتتى، — شۇنداق، ئاشلېي سىزنى كېرەك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن سىز ماڭا سادىق، ئەمما مەن ئاشلېي تېنىڭىزنى ئىگىلىۋالسىمۇ قىلچە ھەسەت قىلمايمەن، چۈنكى تەننىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق بىر نەرسە ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تېنىنىڭ. بىراق، ئۇ سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى، ئۇماق، رەھىمسىز، نومۇسنى بىلمەيدىغان، جاھىل يۈرىكىڭىزنى ئىگىلىۋالسا، ئەكسىچە شۇنىڭغا ھەسەت قىلىمەن. ئۇنىڭغا سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ لازىمى يوق، ئەخمەق، ماڭىمۇ سىزنىڭ تېنىڭىزنىڭ قىممىتى يوق. مەن ھېچقانچە پۇل خەجلىمەيلا ئاياللارنى سېتىۋالالايمەن. ماڭا لازىمى سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز ۋە يۈرىكىڭىز ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلارغا خۇددى سىز ئاشلېينىڭ يۈرىكىگە ئېرىشەلمىگەندەك مەڭگۈ ئېرىشەلمىگۈدەكمەن. سىز ئۈچۈن ئەنە شۇ ئىشنى دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

سكارلېت قورقۇپ تۇرۇۋاتىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرى يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتاتتى.

— كۆڭلىڭىز يېرىم بولىدۇ... مەن ئۈچۈن؟

— شۇنداق، چۈنكى سىز كىچىك بالىنىڭ ئۆزى، سكارلېت. ماڭا ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەر دېگەن بالىغا راستلا ئاينى ئېلىپ بەرسىڭىز ئۇنى ئۇ نېمە قىلىدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، ناۋادا سىز ئاشلېيغا ئېرىشسىڭىز ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولىدىغىنى، سىز قولىڭىزدىكى بەختنى چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىڭىزنى مەڭگۈ خۇشال قىلالمايدىغان نەرسىگە ئىككى قولىڭىزنى سوزۇۋاتىسىز. مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولىدىغىنى، دۇنيادا بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان ئەر -

خوتۇنلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ئارتۇق بەختنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتىسىز. ناۋادا مىلانىيە ئىككىمىز ئۆلۈپ كېتىپ، سىز يۈز ـ ئابرۇيلۇق، ئەتىۋارلىق ئۇ ئاشىنىڭىز بىلەن بىللە بولسىڭىز خۇشال، خاتىرجەم بولۇپ كېتەرسىزمۇ؟ تۇفى! ئۇ مۇمكىن ئەمەس! سىز ئۇنى، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئويلايدىغانلىقىنى، دۇنيادىكى ئىشلارغا بولغان قاراشلىرىنى خۇددى پۇلدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك چۈشەنمەيسىز. ئەمما، بىزچۇ، مېنىڭ سۆيۈملۈك، سىرداش خوتۇنۇم؟ سىز بىزگە يۈرىكىڭىزنىڭ يېرىمىنى بېرىدىغان بولسىڭىز ئاجايىپ خۇشال ياشايمىز، چۈنكى بىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقىمىز ئاجايىپ ئوخشىشىدۇ. ئىككىلىمىز ئۆچىغا چىققان مۇتتەھەملەر، نېمىگە ئېرىشمىز دېسەك ئېرىشەلەيمىز. مەن سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن، چۈشىنىمەن، سىكارلېت، تولۇق چۈشىنىمەن، بۇ ئاشلىينىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ سىزنى چۈشىنىدىغانلا بولسا شۇ كۈندىن باشلاپ سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ... ئەمما سىز ئۆزىڭىز چۈشەنمەيدىغان بىر ئەرنىڭ كەينىدىن بىر ئۆمۈر چىقمىدىڭىز، مەن بولسام بۇزۇق خوتۇنلارنىڭ كەينىدىن چىقمىدىم. شۇڭا، مەن قورقماي ئېيتالايمەنكى، ئىككىمىز بىرلەشسەك دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بەختلىك ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولاتتۇق.

رېت بىردىنلا سىكارلېتنى قويۇۋېتىپ، دەلدەڭشىگەن پېتى ئۇستەلگە بېرىپ ئۆزىگە ھاراق قۇيدى، سىكارلېت قاققان قوزۇقتەك جايىدىن مىدىرلىماي تۇردى. تۇرلۇك ـ تۇمەن خىياللار كاللىسىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، بىرسىنىمۇ تۇتۇۋالالمايتتى، ئەستايىدىل ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتى. رېت ئۆزىنىڭ ئۇنى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ، ئۇ راستلا شۇنداق ئويدىمىدۇ؟ ياكى مەستچىلىكتە دەۋاتقان گېپىمىدۇ؟ يا بولمىسا بۇ گېپىمۇ ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق چاقچىقىمىدۇ؟ ئاشلېي ـــ بايىقى ئاي ـــ سىكارلېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغلاپ تۇرۇپ ئاشۇ ئايغا ئېرىشمەكچى. ئۇ خۇددى كەينىدىن ئالۋاستى قوغلاۋاتقاندەك پەلەمپەيگە قاراپ يۈگۈردى. ئاھ، چاپسانراق ھۇجرىسىغا كىرىۋالسا بولاتتى. شۇ ئارىلىقتا پۇتى قايرىلىپ كېتىپ پۇتىدىكى كەشى چۈشۈپ قالدى، يەنە بىر پۇتىدىكىسىمۇ تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرۇپ قالغان شۇ دەقىقىدە رېت خۇددى ئىندىيانلاردەك تاپ بېسىپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. قىزىق تىنىقى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، قوللىرىمۇ قوپاللىق بىلەن رومىلىنىڭ ئاستىغا كىرىپ بولدى، يالىڭاچ بەدىنىنى تۇتۇپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— مېنى كوچىغا چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ بارماقچىمۇ؟ بۈگۈن ئاخشام بولمايدۇ، مېنىڭ كارىۋىتىمدا پەقەت ئىككىلا كىشىلىك ئورۇن بار.

رېت ئۈشتۈمتۇت ئۇنى قۇچاقلاپ يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى. سكارلېتنىڭ بېشى ئۇنىڭ مەيدىسىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغاچقا، يۈرىكىنىڭ جىددىي سوقۇشلىرى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، ئۇستىخانلىرى ئاغرىپ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. ھەممە يەر قاراڭغۇ ئىدى، سكارلېتنىڭ قورقۇپ جېنى چىقىۋاتاتتى. رېت ناتونۇش بىر غالجىر ئادەمگە ئايلانغانىدى، سكارلېت ئۇنى بۇنداق ھالەتتە پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغاچقا، بۇ ئىشلار ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇنى خۇددى ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى، سكارلېت چىرقىرايتتى، لېكىن يۈزىنى ئۇ مەيدىسىگە چاپلىۋالغاچقا، ئاۋازى چىقمايتتى، ئۈستىگە چىقىپ بولغاندىن كېيىن توختاپ، سكارلېتنىڭ بېشىنى ئۆڭدا قىلىپ، لەۋلىرىگە پۈتۈن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ سۆيۈپ كەتتى، سكارلېتنىڭ خىيالىدا پەقەت ئەتراپىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن لەۋلىرى ئۈستىدە قاتتىق بېسىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر جۈپ لەۋنىڭ ئوتتەك ھارارىتىلا قالغانىدى. رېت خۇددى بوران - چاپقۇن

ئىچىدە تورۇۋاتقاندەك تىترەپ كېتىۋاتاتتى، لەۋلىرى بولسا ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن بوينىغا، مۈرىلىرىگە، ئۇستىدىكى رومال چۈشۈپ كېتىپ ئېچىلىپ قالغان يەرلىرىگە يۆرۈش قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى قويماي سۆيۈپ چىقىۋاتاتتى. سۆيۈۋېتىپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى. سىكارلېتتا هازىرقىدەك بۇنداق كۆچلۈك هېسسىيات هېچقاچان ئۇرغۇپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا پەقەتلا كىرمەيتتى، سىرلىق بىر تۇمان ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى، ئۇنى ئۇ تۇمان ئىچىدە رېتنىڭ سۆيۈشلىرى، مەھكەم قۇچاقلاشلىرى باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولاتتى، ئەمما گەپ قىلاي دېسە رېتنىڭ لەۋلىرى بېسىۋېلىپ ئېغىز ئاچتۇرمايتتى. بىردىنلا ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل تەلۋە هېسسىيات سېزىشكە باشلىدى، قارشىلىقلىرىمۇ پەسەيدى. بۇ، خۇشاللىق ۋە قورقۇنچ، تەلۋىلىك ۋە شادلىق، بىر جۈپ كۆچلۈك بىلەك، هەددىدىن زىيادە قوپال لەۋلەر ۋە تېز يېتىپ كەلگەن تەقدىر ئالدىدا باش ئېگىۋاتقان هېسسىيات ئىدى. ئۇ هاياتىدا ئۆزىدىن كۆچلۈك ئادەمگە، ئۆزى تەھدىت سالالمايدىغان هەم بويۇن ئەگدۈرەلمەيدىغان، ئەكسىچە ئۆزىگە تەھدىت سېلىۋاتقان، ئۆزىنى بويۇن ئەگدۈرۈۋاتقان ئادەمگە تۇنجى قېتىم ئۇچراۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ بىلەكلىرىمۇ رېتنىڭ بوينىغا چىرمىشىپ، لەۋلىرى لەۋلىرى بىلەن تېخىمۇ جۈپلىشىپ كەتتى. ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېتىۋاتىدۇ، كېتىۋاتىدۇ! ئۇ ئاجايىپ يېقىملىق، هەممە نەرسىنى يۇتۇۋېتەلەيدىغان ۋە قايىنامدەك ئۆز ئىچىگە ئەكىرىپ كېتەلەيدىغان قاراڭغۇلۇق ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سىكارلېت ئويغىنىپ رېتنىڭ يېنىدا يوقلۇقىنى كۆردى. ئەگەر يېنىدا يەنە بىر ياستۇق بولمىغان بولسا، ئۇ ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىمەنە چۈش دەپ بىلگەن بولاتتى. ئۇ ئىشلارنى ئويلاپ سىكارلېتنىڭ ئىككى مەڭزى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. يوتقانىنى ئۇستىگە تارتىپ، دېرىزىدىن

www.uyghurkitap.com

چۈشۈۋاتقان كۈننىڭ نۇرىغا قاراپ ياتقىنىچە، چىگىچىلىشىپ كەتكەن خىيال يىپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ رەتلەشكە باشلىدى.

ئۇ ئويلىغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئىش ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىدى. بىرسى، ئۇ رېت بىلەن بىرقانچە يىل بىللە ئۆي تۇتۇپ بىللە ياشىدى، بىللە يېتىپ ـ قوپتى، بىللە تاماق يېدى، بىللە جېدەل ـ ماجىرا قىلدى، ئۇنىڭغا بىر بالىمۇ تۇغۇپ بەردى. لېكىن، شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى ئۇنى چۈشەنمەي كەلدى. ئۇنى پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈپ ئاچىقىقان ئادەم تامامەن ناتونۇش، چۈشىنىشمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇنى مانا مۇشۇ قالايمىقانچىلىققا توشقان كېچىدە ئۆزىگە بويسۇندۇرغان، رەنجىتكەن ۋە خارلىغانىدى. ھازىر ئۇنىڭغا ئۆچلۇك قىلاي، غەزەپلىنەي دېسىمۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. ئەكسىچە ئۇ ئۇنىڭ ئۇ خىل ئىشلىرىغا خۇشال بولۇۋاتاتتى.

ئەسلىدە ئۇ ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن نومۇسلىنىشى، تەلۋىلىك بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى ئويلىغاندا تىترەپ تۈگۈلۈپ قېلىشى، ئېسىلزادە، ھەقىقىي بىر ئېسىلزادە خانىم بولسا، ئاشۇنداق بىر كېچىدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرمەي قېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇنى ئۇنداق نومۇسلىنىشتىنمۇ بەكرەك ھاياجانغا سالغىنى ئاللىقانداق بىر تاتلىق سېزىملار ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەن ھېسسىيات بولدى. ئۇ بۈگۈنكىچە ئۆزىدە ئاشۇنداق بىر ھاياتىي كۈچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئاتلانتادىكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن ۋە تارادا ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا ئوخشايدىغان كەيپىياتنىڭ يەنە پەيدا بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

رېت ئۇنى سۆيىدىكەن، ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېدى، ئۇنىڭدىن يەنە گۇمانلانسۇنمۇ؟ ئۇ ئۇنى سۆيىدىكەن. ئۆزى بىلەن سالقىن ھايات كەچۈرگەن ئۇ ياۋايى، ناتونۇش ئادەم ئۆزىنى شۇنچىلىك سۆيسە، ياخشى كۆرسە ـ ھە! نېمىدېگەن غەلىتە،

نېمىدېگەن چۈشىنىش، ئىشىنىش تەس ئىش بۇ! سىكارلېت بۇ بايقاشقا قارىتا ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇنى ئويلاۋېتىپ، بىردىنلا كۈلگۈسى كېلىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. رېت ئۇنى سۆيىدىكەن. دېمەك، سىكارلېت ئاخىر ئۇنىڭغا ئېرىشتى دېگەن گەپ. بۇرۇن ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ياخشى كۆرگۈزەلمەي، ھەتتا قامچا بىلەن ئۇ تەكەببۇر ئىنساننى ساۋىماقچىمۇ بولۇپ، شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەن ئەمەسمىدى؟ بۈگۈن ئۇ ئاخىر ئارزۇسىغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنىمۇ بىلىۋالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېھتىياجىلا چۈشىدىكەن، ئۇنى چوقۇم ئۆزىگە قارىتالايدۇ، ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ مەسخىرىلىرى جېنىغا پاتقانىدى، ئەمدى ھازىر ئۇ ئۇنىڭ ئالىقىنىدا.

سىكارلېت ئۇنىڭ بىلەن كۆندۈزى يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ سۆزلىشىشنى ئويلاپ قالدى. شۇ ئوي بىلەن تەڭ جىددىيلىشىشكە ھەم خاتىرجەمسىزلىنىشكىمۇ باشلىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىچىدە ھاياجان ۋە خۇشاللىقمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

مەن خۇددى يېڭى تويى بولغان قىزلاردەك جىددىيلىشىۋاتىمەنغۇ؟ — ئويلاپ قالدى ئۇ، — يەنە كېلىپ رېتنى ئويلاۋېتىپ؟ شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئۇ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

ئەمما، رېت چۈشلۈك تاماققا ئۆيگە كەلمىدى. بىر كېچىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، سىكارلېت تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي، قۇلاقلىرى ئىشىكتە چىقتى. لېكىن، ئۇ كەلمىدى، ئەتىسىمۇ يوق، خەۋىرىمۇ كەلمىدى. سىكارلېت ئەنسىرەشكە، ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى، تاقەتسىزلىنىپ ساراڭدەكلا بولۇپ قالدى. بانكىغا بېرىپ باقتى، ئۇ يەردىمۇ يوق. دۇكانغا بېرىپ ئىشىكتىن كىرگەنلىكى ئادەمگە، خۇددى رېت كىرىپ كېلىدىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ تەلمۈرۈپ قاراپ قالاتتى. پەن زاۋۇتىغا بېرىپ خۇگقا قاتتىق بىر تۇۋلىدى، خۇگ قورقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېتىپ ياغاچلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. رېت سىكارلېتنى ئىزدەپ ئۇ يەرگىمۇ بارماپتۇ.

سىكارلېت، رېتنى كۆردۈڭلارمۇ، دەپ دوستلىرىدىن سوراپ بېقىشتىن خىجىل بولدى، خىزمەتكارلاردىن سوراۋشتۇرۇپ بېقىشقا غۇرۇرى يول قويمىدى. ئۇلار ئۇ بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىشى مۇمكىنمۇ؟ نېگىرلارنىڭ بىلمەيدىغان ئىشلىرى يوق. ئىككى كۈندىن بېرى نېگىر ئانىسى غەلىتىلا جىمىپ كەتتى. ئۆزىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدۇ، ئەمما گەپ قىلمايدۇ. ئەتىسى كەچقۇرۇندا بولالماي ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئويىغا كېلىپ قالدى. بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ بىرىيەرلەردە ھوشسىز ياتامدۇ تېخى. بەلكىم... نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق خىيال بۇ. بەلكىم ئۆلۈپمۇ قالغاندۇ.

سىكارلېت ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتا قىلىپ بولۇپ شلەپىسىنى كىيىۋاتقاندا، ئۈشتۈمتۇت بىرسىنىڭ پەلەمپەيدىن ئىتتىك چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال كارىۋاتقا قىڭغىيىۋالدى، ئاڭغىچە رېت كىرىپ كەلدى. ئۇ چاچلىرىنى ياسىتىپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىردۇرۇپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ قالغانىدى. ھاراق ئىچمەپتۇ، ئەمما كۆزلىرى قىزىل، يۈزى ھاراقنىڭ تەسىرى بىلەن ئازراق ئىششىق ئىدى. ئۇ ناھايىتى مەغرۇر ھالدا سىكارلېتقا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ھەي، قانداقراق؟ — دېدى.

كىممۇ ئۇن - تىنسىز ئىككى كۈن يوقىلىپ كېتىپ كەلگەندىن كېيىن «ھەي، قانداقراق» دەيدۇ؟ ئىككىسى بىللە بولغان ئۇ شېرىن ئاخشام ئېسىدە ھازىرقىدەك ئېنىق تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ قانداق بولۇپ ھېچنېمە بىلمىگەن ئادەمدەك بولۇۋالغۇسى كېلىدىغاندۇ؟ ئۇ بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟ سىكارلېت ئۇنىڭغا نېمە دەپ گەپ قىلىشنى بىلمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا خۇلق چىقىرىپ، ناز بىلەن كۈلۈپ چىرايلىق

كۆرۈنمەن دېگەن ئويلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. رېت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئادەتتىكىدەك ئۇنى سۆيۈپمۇ قويمىدى، قولىدا تاماكا، تۇرغان جايىدا ھېجىيىپ تۇرىۋەردى.

— نەگە... نەگە كەتتىڭىز؟

— ماڭا بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلماڭە! پۈتۈن شەھەر خەلقى بىلىپ بولغاندۇ دەپ ئويلايمەن. بەلكىم ئۇلار ئاڭلاپ سىز ئاڭلىمايمۇ قالغانسىز. كونىلارنىڭ «ئېرى قېچىپ كەتسە، خوتۇنى ھەممىنىڭ كەينىدە بىلىپتۇ» دېگەن بىر گېپى بار، بىلەمسىزكىن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئالدىنقى كۈنى ساقچىلار بېللىينىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن...

— بېللىينىڭ يېنىغا؟... ھېلىقى... ھېلىقى ئايالنى دەمسىز؟ سىز دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللىغۇ...

— ئەلۋەتتە، شۇ يەرگە بارماي نەگە باراتتىم؟ مەندىن ئەنسىرىمىگەنسىز دەيمەن!

— مەندىن ئايرىلىپ شۇ يەرگە...

— ھەي، ھەي، سكارلېت! ئالدانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالماڭە! سىز بېللىينىڭ ئىشىنى ئاللىبۇرۇن ئاڭلاپ بولغان.

— سىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ شۇنىڭ يېنىغا بېرىپسىز ـ دە. شۇنىڭدىن كېيىن... شۇنىڭدىن كېيىن...

— ھە، شۇنىڭدىن كېيىن، — ئۇ ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمىغاندەك قولىنى شىلتىپ قويدى، — مەن ئۇ ئىشلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن، ئۇ كېچىدىكى ئىشلار ئۈچۈن سىزدىن كەچۈرۈممۇ سورايمەن. ئۇ كۈنى مەن غەرق مەست بولۇپ كېتىپتىمەن، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇ كۈنكى گۈزەللىكىڭىز مېنى ئەس ـ ھوشۇمدىن ئايرىۋەتتى... يەنىمۇ تەپسىلىي سۆزلەيمەنمۇ، قانداق؟

سكارلېتنىڭ بىردىنلا كارىۋاتتا دۈم يېتىپ راسا يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، سكارلېت ئالدىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەخمەق بولۇپ، ئۇ مېنى سۆيمىدىكەن، دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرگىنىمچۇ تېخى. ئەسلىدە بۇ ئۇنىڭ ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچىۋېلىپ ئۆزىگە قىلغان نەپرەتلىك چاقچىقى ئىكەن. بىللىبىنىڭ يېنىدىكى قىزلارغا قىلغاندەك، نەپسىنى قاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىپتىكەن. مانا ئەمدى ئۇ ئۇنى يەنە ھاقارەتلىگىلى، مەسخىرە قىلغىلى، ئامالسىز قالدۇرغىلى تۇردى. ئۇ ئەمدى يېشىنى ئىچىگە تۆكۈشى، ئۆزىنى باشقىدىن روھلاندۇرۇشى كېرەك. نەچچە كۈندىن بېرى قىلغان خىياللىرىنى ئۇنىڭغا بىلىندۇرۇپ قويسا پەقەتلا بولمايدۇ. ئۇ دەررۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ، كۆزلىرىدىن يەنە بۇرۇنقىدەك تېگىرقاش ۋە بىر خىل سەزگۈرلۈكنى كۆردى... ئۇ كۆزلەر ئاجايىپ قىزغىن، ئاجايىپ ئۆتكۈر ۋە ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈۋاتقاندەك، شۇ گەپكە ئىنتىلىۋاتقاندەك ھاياجاندا ئىدى... ئۇ نېمىنى كۈتىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە ئالدىنىپ ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىشىنى، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆلكىسىگە دەستەك بولۇپ بېرىشىنى كۈتمەيدىغاندۇ؟ ياق، ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ. سكارلېتنىڭ قوشۇمىسى بىردىنلا تۈرۈلۈپ، چىرايىدا ئاچچىقلانغاندەك بىرخىل ئىپادە پەيدا بولدى.

— مەن سىزنىڭ ئۇ بۇزۇق خوتۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزدىن ئەلۋەتتە گۇمانلانغان.

— يالغۇز گۇمانلىنىشلا بولدىمۇ؟ نېمىشقا مەندىن سوراپ قىزىقىشلىرىڭىزنى باسمايسىز؟ سورىسىڭىز دەپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ ئاشلېي ئىككىڭلار ئىككىمىزنىڭ ئايرىم يېتىشىمىزنى قارار قىلغاندىن بېرى مەن شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان.

— سىز خوتۇنىڭىزنىڭ ئالدىدا شۇ ئىشلىرىڭىزدىن ماختىنىشقا جۈرئەت قىلىپ...

— مېنى كەچۈرۈڭ، ماڭا بۇ ئەخلاق دەرسىنى ئۆتمىسىڭىز. مەن سىزگە ئاشۇ ھېساباتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەملا ئۇ چاغدا نېمىلا قىلسام كارىڭىز بولمايتتى. يېقىندىن بېرى مېنىڭ ئازراق يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتىسىز. سىزمۇ

مېنىڭ خوتۇنۇم تۇرۇقلۇق، بونىڭنى تۇغقاندىن كېيىن خوتۇنۇمغا تازا ئوخشىماي قالدىڭىز، شۇنداققۇ دەيمەن؟ سكارلېت، سىز بىر بىچارە پايچىغا ئوخشاپ قالدىڭىز، بىللى بۇ جەھەتتە سىزدىن ياخشىراق.

— پايچى بولۇپ قالدىڭىز؟ دېمەكچى بولغىنىڭىز، ئۇنىڭغا...

— توغرىسىنى دېسەك، بۇ «ئۇنىڭ ئىشلىرىنى يۆلەش» دېيىلىدۇ. بىللى ناھايىتى چېۋەر ئايال. مەن ئۇنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنىڭغا ھازىر لازىمى پۇل. ئۇ شۇ پۇل بىلەن ئۆز ئالدىغا پاھىشىخانا ئاچماقچى. ئايال كىشىنىڭ قولىدا پۇل بولسا قانداق مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا بولىدىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز، ئۆزىڭىزنىمۇ ئويلاپ بېقىڭ.

— مېنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرماقچىمۇ سىز...

— ئىككىڭلار ناھايىتى چېۋەر ئايال تىجارەتچىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلىرىڭلاردىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭلار. ئەلۋەتتە، بىللى سىزدىن سەل ياخشىراق، چۈنكى ئۇ ئاق كۆڭۈل، پەزىلىتىمۇ ياخشى.

— بۇ ئۆيدىن ھازىرلا يوقىلىڭ!

رېت ئىرىنچەكلىك بىلەن ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، قاشلىرى ھەييارلارنىڭ قاشلىرىدەك يىمىرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سكارلېتنى نېمىشقا بۇنچىلىك ھاقارەتلەيدۇ؟ سكارلېت غەزەپ ۋە ئاچچىق ئىچىدە ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن مەخسۇس ئۇنى چۆكتۈرگىلى كەلگەن، ئىسىت، ئۇ پاھىشىخانىدا مەست بولۇپ ساقچىلار بىلەن سوقۇشۇۋاتقاندا ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كەتكىنى! بۇ ئەلەملەرگە قانداق چىدايدۇ بۇ يۈرەك.

— ئۆيدىن دەررۇ يوقىلىڭ، مەڭگۈ كىرگۈچى بولماڭ! بۇ گەپنى مەن بۇرۇنمۇ دېگەن. ئەمما سىزدە ئېسىلزادىلەرگە خاس خاراكتېر بولمىغاچقا، ئۇ گېپىمگە پەرۋا قىلمىدىڭىز، بۈگۈندىن باشلاپ ئىشىكلەرنى قۇلۇپلىۋېتىمەن.

— ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— قۇلۇپلايمەن، ئۇ كۈنى ھاراق ئىچىۋېلىپ قىلغان

www.uyghurkitap.com

قىلىقلىرىڭىز... شۇنچىلىك مەست، ئادەم يىرگەنگۈدەك...

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇنچىلىك يىرگەنگەندەك قىلمىۋىدىڭىزغۇ؟

— يوقال!

— خاپا بولماڭ، مانا ماڭدىم. ئەمدى ئىككىنچى كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن. سىزگە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ئەگەر مېنىڭ تاپتىن چىقىپ كەتكەن قىلىقلىرىم جېنىڭىزغا پاتقان بولسا ئايرىلىپ كەتسەكمۇ بولىدۇ. پەقەت بوننېنى ماڭا بەرسىڭىزلا، سىزدىن باشقا نەرسىلەرنى تالاشمايمەن.

— مەن ئەردىن ئاجرىشىپ جەمەتىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈشنى خالىمايمەن.

— مىلانىيە ئۆلۈپ كېتىدىغانلا بولسا سىز شۇئان داغ چۈشۈرىسىز، شۇنداق بولمامدۇ؟ مەن شۇ چاغدا سىزنىڭ مەن بىلەن ئاجرىشىشقا ئالدىرايدىغانلىقىڭىزنى ئويلىسام بېشىمغا ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ.

— چىقىپ كېتەمسىز، يوق؟

— بولىدۇ، چىقىپ كېتەي. مەن سىزگە مۇشۇ ئىشنى دەپ قويغىلى كەلگەن. چارلېستون بىلەن يېڭى ئورلېئانغا بارماقچىمەن. يەنە... ھە، توغرا، نۇرغۇن يەرلەرگە بارىمەن. بۈگۈنلا يولغا چىقماقچى.

— ھە!

— بوننېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىمەن. پىرىسسىي ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويسۇن، ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭىمەن.

— بالىنى ئۆيدىن ئاچىقىپ كېتىمەن دەپ چۈچۈرىنى خام سانىماڭ.

— ئۇ مېنىڭمۇ بالام، باتلېر خانىم. مەن سىزنى بوننېنى چارلېستونغا ئاپىرىپ مومىسىغا كۆرسىتىپ كېلىشىمگە قارشى تۇرماس دەپ ئويلايمەن.

— مومىسى؟ ئىشىڭىزنى قىلىڭ! بالىنى ئۆيدىن ئېلىپ كېتىپ، ئۆزىڭىز ھەر كۈنى كوچىدا ھاراق ئىچىپ يۈرمەكچىمۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇنى بېللىبېدەك بىرسىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويامسىز

تېخى...

رېت قولىدىكى سىگارېتنى غەزەپ بىلەن گىلەمگە ئېتىۋەتتى، سىگارېتنىڭ ئوتى گىلەمگە تۆتىشىپ يۆڭنىڭ سېسىق پۇرىقى چىقىشقا باشلىدى. رېتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، ئىككى سەكرەپلا سىكارلېتنىڭ قېشىغا باردى، چىرايى غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— ئەگەر ئەر كىشى بولۇپ قالغان بولسىڭىز، شۇ تۇرقىدا كاللىڭىزنى بىرلا تولغاپ ئۈزۈۋەتكەن بولاتتىم. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، سېسىق ئاغزىڭىزنى دەررۇ يۇمۇڭ. سىز مېنى بونىېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاشۇنداق يەرلەرگە ئېلىپ بارىدۇ... ئۇ مېنىڭ قىزىم! كالۋانىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى قارا! يالغان ئانىلىق قىياپىتىڭىزنى ئۆزىڭىزگە كۆرسىتىۋېلىڭ. سىز ئانىغا ئەمەس مۈشۈككە ئوخشايسىز. سىز قاچان باللار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ بىر ئىش قىلىپ باققان؟ ۋاد بىلەن ئېللا سىزنى كۆرسە قورقۇپ جېنى چىقىدۇ. ئەگەر مېلانىيە بولمىغان بولسا ئۇ باللار نېمىنىڭ مۇھەببەت، نېمىنىڭ مېھرىبانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتەتتى. بونى مېنىڭ قىزىم، ئۇ مېنىڭ! بۇنى بىلىپ قويۇڭ! سىز مېنىڭ ئۇنىڭغا سىزدىن ئۆتە كۆيۈنىدىغانلىقىمنى بىلمەمسىز؟ ۋاد بىلەن ئېللاغا تۇتقان مۇئامىلىڭىزنى ئۇنىڭغىمۇ ئىشلىتىپ، ئۇنىڭمۇ يۈرىكىنى يېيىشىڭىزگە مېنى يول قويىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئۇ مۇمكىن ئەمەس! ھەرگىز يول قويمايمەن! ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى دەررۇ تەييارلاڭ، بىر سائەتتىن كېيىن ماڭىمەن. ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئاقىۋىتى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكى ئىشتىنمۇ بەتتەر بولىدۇ. مەن دائىم سىزنى قامچا بىلەن راسا بىر ساۋىسام، ئاندىن تۈزىلەمدىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن.

ئۇ سكارلېتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇنىڭ باللارنىڭ ئويناۋاتقان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىردىنلا ئۇ ئۆيدىن باللارنىڭ خۇشال چىرقىراشقان ئاۋازلىرى كەلدى، بونىېنىڭ ئاۋازى ئېللانىڭكىدىنمۇ ياڭراق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— دادا، نەگە كەتتىڭىز؟

— بۇنىنى يۆگىۋالغىلى توشقان تېرىسى ئىزدەپ يۈردۈم. بۇنى، دادىڭىزنى تاتلىق بىر سۆيۈپ قويۇڭە، ئېللا، سىزمۇ.

## ئەللىك بەشىنچى باب

— قەدىرلىكىم، ماڭا ھېچنېمىنى چۈشەندۈرمەڭ، ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق، — دېدى مېلانىيە كىچىككىنە قولى بىلەن سكارلېتنىڭ ئۈمچىيىپ تۇرغان ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، — ئەگەر سىز ئۆزىڭىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلار بار دەپ قارايدىغان بولسىڭىز، بۇ قارىشىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزگىمۇ، ماڭىمۇ، ئاشلېيغىمۇ ھاقارەت كەلتۈرىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ، بىز ئۈچىمىز بۇ دۇنيادا شۇنچە يىل بىللە كۈرەش قىلدۇق. ئۈچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋىتىمىزگە سوغۇقچىلىق سالىدىغان بىرەر ئىش بار دېگەننى ئويلاشمۇ ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان ئىش. سىز مېنىڭ سىزنى ھەرقانداق ئادەمدىن ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ ئاشلېيغا، بېئۇغا ۋە ماڭا قىلغان خىلمۇ خىل ياخشىلىقلىرىڭىزنى... مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىڭىزدىن تارتىپ بىر بىر ئائىلىلىك ئادەمنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغىنىڭىزغىچە بولغان ئىشلىرىڭىزنى مېنى ئۇنتۇپ قالدى دەپ ئويلامسىز؟ سىز مېنى شىمالىلىقتىن ئولجا ئالغان ئاشۇ ئاتنىڭ كەينىدىن سوقا تۇتۇپ مېڭىپ قوللىرىڭىزنىڭ قاناپ كەتكەنلىكىنى، ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى دەپ شۇ جاپالارنى چەككىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، سىز توغرۇلۇق چىققان نومۇسسىز ئۇ ئۇششاق گەپلەرگە ئىشىنىدۇ دەمسىز؟ سىزنىڭ ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلىرىڭىزنى ئاڭلىمايمەن، سكارلېت ئوخارا، بىر ئېغىزىنىمۇ ئاڭلىمايمەن.

— لېكىن... — سىكارلېت بىر گەپنى دېمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

بىر سائەت ئىلگىرى رېت باتلېر بوننى بىلەن پىرىسسىنى ئېلىپ شەھەردىن كەتكەنىدى. بۇنىڭغا سىكارلېتنىڭ نومۇسى ھەم ئاچچىقى كېلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئاشلېي بىلەن بولغان ھېلىقى ئىشنىڭ خىجالەتچىلىكى، مېلانىيەنىڭ ئۇ ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى قوغداپ قالغانلىقى قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر مېلانىيە ئارچي بىلەن ئىندىيانىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، زىياپەتتە ئۇنىڭغا يېنىچە تەگكەن ياكى سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ خىلمۇ خىل قوراللىرى بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغان بولاتتى. لېكىن، مېلانىيە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ خىلمۇ خىل ھۇجۇم - ھاقارەتلىرىدىن ساقلاپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا سىكارلېتقا گۇناھىغا تۇۋا قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

سىكارلېتنىڭ ۋىجدانى ئازابلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كاتولىك مۇخلىسلىرىغا خاس ۋىجدانى ئۇزاقتىن بېرى بېسىلىپ ياتقان بولسىمۇ بۈگۈن ئاخىر ئورنىدىن تۇردى. «گۇناھىڭنى تونۇپ، ئازاب ۋە پۇشايمان ئىچىدە ئۇ گۇناھلىرىڭغا تۇۋا قىل!» بۇ گەپنى ئاپىسى ئېللېن ئۇنىڭغا يۈز نەچچە قېتىملاپ دېگەن بولغىيدى. بۈگۈن بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئېللېننىڭ بۇ دىنىي تەلىماتلىرى سىكارلېتنىڭ ئېسىگە يەنە كەلدى. ئۇ گۇناھىنى تونۇشنى خالايدۇ... شۇنداق، ھەممىنى تونۇيدۇ. ھەربىر گەپ، ھەربىر كۈلكىلىرىگىچە، ئاندىن خۇدا ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ. خاتىرجەملىك بېرىدۇ. ئەمما، سىكارلېتنىڭ تۇۋىسى بىلەن مېلانىيەنىڭ چىرايىدا قورقۇنچلۇق بىر سۇرلۇكلۇك پەيدا بولۇپ، مۇھەببەت ۋە ئىشەنچلىرى گۇمان بىلەن ۋەھىمە ۋە يىرگىنىچكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر جازا!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىكارلېت ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ھەممىنى مېلانىيەنىڭ ئالدىغا قويغىلى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ جەننىتى گۇمران بولۇپ كەتسىمۇ، ھەرقانچە كۆپ بەدەل تۆلىسىمۇ شۇنىڭغا رازى بولۇپ مېلانىيەنىڭ ئالدىغا كەلگەن. لېكىن، بىر كېچىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇ نىيەتلىرىنىڭ قىلچە مەنىسىز نىيەتلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە زىددىيەتلىك تۈرلۈك خىياللار چىگىچلىشىپ كەتكەندى، ئۇلارنى يېشىپ رەتلەشكە زادىلا ھەپىلىسى يوق ئىدى. پەقەت ئاپىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى كەمتەر، مۇلايىم، كۆڭلى پاك دەپ ماختىغاندەك، مېلانىيەنىڭمۇ ئۆزىگە ئاشۇنداق يۈكسەك باھالارنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۆزىگە بۇ دۇنيا قانداق قاراۋاتىدۇ، ئاشلىبى بىلەن رېت قانداق باھا بېرىۋاتىدۇ، كارى يوق ئىدى. پەقەت مېلانىيەلا ئۇنىڭغا بولغان ئىزچىل قاراشلىرىنى ئۆزگەرتمىسىلا، باشقىچە ئويلارغا كېلىپ قالمىسىلا بولاتتى.

ئۇنىڭ مېلانىيەگە ھەقىقىي ئەھۋالنى پەقەتلا دېگۈسى يوق ئىدى، ئەمما يەنە ئۇنىڭدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سەممىيەتلىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلەيتتى. ئۇ سەممىيەتلىك يەنە ئۆزى ئۈچۈن پۈچۈلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا ساختا نىقابىنى كىيىپ چىقىشقىمۇ قارشى ئىدى، شۇڭا ئۇ شۇ كۈنى رېت بونىېنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا مېلانىيەنىڭ يېنىغا چاپقانىدى.

لېكىن، ئۇ ئەمدىلا: «مېلانىيە، ئاشۇ كۈنكى ئىشنى چوقۇم چۈشەندۈرۈشۇم كېرەك...» دەپ بولغۇچە مېلانىيە شۇئان ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى گەپتىن توسۇپ قويدى. سىكارلېت ئۇنىڭ مۇھەببەت بىلەن نەپرەت تەڭ ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ يۈرىكى بىر قىسما بولدى. تۇۋا قىلىپ خاتىرجەملىككە ئېرىشىش نىيىتىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى شۇئان چۈشەندى. مېلانىيەنىڭ بىرىنچى گېپىلا ئۇنىڭ ئۇ نىيىتىگە ئۇزۇل ـ

كېسەل پالتا چاپقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان پىشقان ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئازاب ۋە ئېغىر يۈكتىن پەقەت ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك بىلەنلا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولسا، ئۆزىدىكى ئۇ ئازاب بىلەن ئېغىر يۈكنى ئۆزىگە ئىشىنىۋاتقان بىگۇناھ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويىدىكەن. مېلانىيە ئۇنى ساقلاپ قېلىپ قەرزدار قىلىپ قويدى، بۇ قەرزنى پەقەت سۈكۈت بىلەنلا قايتۇرۇشقا بولىدىكەن. ئەگەر مېلانىيەگە ئۆز ئېرىنىڭ ئۆزىگە ساداقەتسىزلىك قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ ئۇمۇرۋايەت ئازاب ئىچىدە ئۆتىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك.

ئۇنىڭغا دېسەم بولمايدىكەن، — ئويلىدى سىكارلېت كۆڭلى يېرىم بولۇپ، — ۋىجدانىم مېنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ دېمەسلىك كېرەك. ئۇشتۇمتۇتلا رېت باتلېرنىڭ مەست چېغىدا دېگەن بىر گېپىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ: «ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالىيجانابلىقتا يات نەرسىلەرنى كۆرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ... سىزنىڭ پەزىلەتسىزلىكىڭىز ۋىجدانىڭىزغا كىرىپ بولۇپ مىخلىنىپ كەتسۇن» دېگەنىدى.

توغرا، بۇ ئىش سىكارلېتقا ئۇمۇرۋايەت بىر كىرېست بولۇپ قالسۇن، بۇ ئازاب يۈرىكىگە مەڭگۈ ئورناپ كەتسۇن. نومۇس جەندىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان بولسۇن، ھەر قېتىم مېلانىيەنىڭ مۇلايىم كۆزلىرى، مېھرىبان چىرايىنى كۆرگەندە قاتتىق خاتىرجەمسىزلىنىپ، پۈتۈن دەردىنى ئىچىدە بىلىدىغان: «ماڭا بۇنداق ياخشى مۇئامىلىدە بولماڭ. مەن ئۇچۇن ھەممە نېمىڭىزدىن كەچمەڭ، مەن ئۇنىڭغا ئەرزىمەيمەن!» دەپ توۋلىيالمايدىغان بولسۇن.

«سىز بۇنچىلىك گالۋاڭ، بۇنچىلىك سۆيۈملۈك، ئادەملەرگە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدىغان بولمىسىڭىز، كاللىڭىز بۇنچىلىك ئاددىي بولمىغان بولسا ئىشلار بۇ دەرىجىدە قىيىنلىشىپ كەتمەيتتى، — ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئويلاپ كەتتى سىكارلېت، — مەن نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۈم، ئەمما بۇ قېتىمقىسى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ ئازابلىق.»

مېلانىيە پاكار بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پۇتىنى ئېگىز بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغاچقا، ئىككى تىزى خۇددى كىچىك بىر بالىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئاچچىقىدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان ھالەتكە يەتمىگەن بولسا ھەرگىز بۇنداق ئولتۇرالمايتتى. ئۇ كۆمۈش ئىلمەكتە تور توقۇپ ئولتۇراتتى، ئىلمەك خۇددى دۇئېلدا ئىشلىتىدىغان خەنجەرگە ئوخشاش يالتىراپ تۇراتتى.

مېلانىيەنىڭ گەپلىرىنىڭ خېلىلا ۋەزنى بار ئىدى، جېنى بار گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ھېچقانداق بىرسىگە ئېغىر گەپ قىلمايدىغان مۇلايىم خاراكتېرىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى. سىكارلېت ئۇشتۇمتۇتلا ۋىلكېس بىلەن خامىلتون ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ ئوخارا ئائىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش ئاچچىقىنىڭ بارلىقىنى، بەزىدە ئۇلارنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— قەدىرلىكىم، مەن باشقىلارنىڭ سىزنى تەنقىدلەپ قىلغان گەپلىرىدىن زېرىكتىم، — دېدى مېلانىيە، — بۇ قېتىمقىسى ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق گېپى، شۇڭا ئارىلاشمىسام بولمىدى. بۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ چېۋەر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئايال ئىكەنلىكىڭىزگە قىلىنىۋاتقان ھەسەتتىن كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇن ئەرلەر مەغلۇپ بولۇپ، سىز نەتىجە يارىتىۋاتىسىز ـ دە. بۇ گېپىمنى ھەرگىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. مەن سىزنى باشقا ئادەملەر دېگەندەك، ئاياللار قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىۋېتىپسىز، دېمەكچى ئەمەس. سىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلمىدىڭىز، كىشىلەر سىزنى، بولۇپمۇ قولىدىن ئىش

كېلمەيدىغان سىزدەك ئايالنى چۈشىنەلمەيدۇ. سىزنىڭ چېۋەرلىكىڭىز ۋە نەتىجىلىرىڭىزگە قىلىشقان ھەسەتلىرى ئاشلىپى ئىككىڭلارنىڭ نامىغا بىرىپ تاقالماسلىقى كېرەك ئىدى... خۇدا بىلىدۇ سىكارلېت !

مېلانىيەنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە خورسىنغاندەك ئېيتىلغان ئاخىرقى سۆز ئەگەر ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولسا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، دەپلا تۇگەتكىلى بولاتتى. لېكىن، سىكارلېت ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇ كىنايىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى.

— ئۇ ئادەملەر — ئارچى، ئىندىيا، ئېلسىن خانىم — ئۆزلىرى توقۇپ چىققان يالغان گەپلىرىنى ماڭا دېيىشتى. ئۇلار بۇنىڭغا قانداق جۈرئەت قىلىشقاندۇ؟ ئەلۋەتتە، ئېلسىن خانىم بۇ يەرگە كەلمىدى، كەلسىمۇ ئۇنىڭ بۇ گەپنى ماڭا دېگۈدەك جۈرئىتى يوق. لېكىن، ئۇمۇ سىزگە ئۆچ، قەدىرلىكىم، چۈنكى سىز پەننىدىن ئۇزۇپ كەتتىڭىز - دە. ئۇنىڭ يەنە خۇگىنى ئىشلەتمىگىنىڭىزگىمۇ قورساق كۆپۈكى بار. ئۇنى بوشىتىۋەتكىنىڭىز توغرا بولغان. ئۇ بىكار تەلەپ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم، — مېلانىيە بالا ۋاقتىدىكى دوستىنى، ياش ۋاقتىدىكى يىگىتىنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەس بىر نېمىگە چىقىرىۋەتكەنىدى، — ئارچىغا كەلسە، ئۇنىڭ ئىشىدا ئاساسەن مەن ئەيىبكار، ئۇ مۇتتەھەمنى مەن قانات ئاستىمغا ئالماسلىقىم كېرەك ئىدى. ھەممە ئادەم ماڭا نەسىھەت قىلغان، ئەمما مەن ئاڭلىماپتىكەنمەن. ئۇمۇ سىزنى ھېلىقى مەھبۇسلارنىڭ ئىشى بىلەن ياخشى كۆرمەيدۇ. سىزنى ئەيىبلەيدىغانغا ئۇنىڭ ئۆزى قانچىلىك ئادەم ئىدى؟ قاتىل ! بىر ئايال كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىل ئۇ. مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قىلسام، شۇنى بىلمەي يەنە مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ. ئاشلىپى ئۇنى ياغ چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتسىمۇ مەيلى، دەيتتىم. ئۇنى تانابىنى تازا تارتىپ ئاندىن ھەيدىۋەتتىم، بۇ شەھەردىن كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىندىيامۇ بىر ئەسكى قىز، سۆيۈملۈكۈم. ئىككىڭلار تۈنجى كۆرۈشكەن چاغدىلا ئۇنىڭ سىزگە ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۆچ ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدىم. چۈنكى، سىز ئۇنىڭدىن چىرايلىق، سىزگە قىزىقىدىغانلارمۇ كۆپ. بولۇپمۇ ئۇ سىتۇئارت تارلېتوننىڭ ئىشىدا سىزگە بەكرەك ئۆچلۈك قىلىدۇ. ئاشلېينىڭ بۇ سىڭلىسى توغرۇلۇق جىق سۆزلەپ كەتسەممۇ بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشىغىمۇ كۆپ پۇشايمان قىلدى. شۇڭا، ئۇ قىلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئاقلاپ كېتەلمەيدۇ... ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولماڭ. سىزنىڭ ئاشۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭىزنى يەنە ئاڭلايدىغان بولسام، خەقلەرنىڭ ئالدىدىلا سىزنى يالغانچى دەيمەن، دېدىم.

مېلانىيە گېپىدىن توختاپ قالدى. چىرايىدىكى ئاچچىق ئەلەملەر يوقىلىپ ھەسرەتلىك تۈس ئالدى. مېلانىيە جورجىيەلىكلەرگە خاس ئۆز ئائىلىسىنى قىزغىن قوغدايدىغان پەزىلەتكە ئىگە ئىدى، ئائىلىدە زىددىيەت تۇغدۇرىدىغان كىچىككىنە ئىشقىمۇ قايغۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بىردەم ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، سكارلېت ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمى بولغاچقا، بىرىنچى بولۇپ ئويلايدىغىنى يەنىلا سكارلېت ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتى بىلەن يەنە شۇنداق دېدى:

— قەدىرلىكىم، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ئۇ سىزنى كۆرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىمىزگە ئاياغ باسمايدىغان بولدى، مەنمۇ ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆيگە يولىمايمەن. ئاشلېيمۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولدى. سىڭلىسى تۇرۇپ شۇنداقمۇ گەپ قىلامدۇ...

ئاشلېينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا سكارلېت جىددىيلىشىپ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۇنى مەڭگۈ بىئارام بولۇپ ئۆتىدىغان قىلىۋەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئاشلېينى خۇشال، ئامان ـ ئېسەن ياشىتىش ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ھەر

قېتىملا خۇددى ئۇنى ئەتەي خاپا قىلغاندەك ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ ئۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، غۇرۇرىنى يەرگە ئۇردى، ئارامىنى بۇزدى، ئەمدى بۈگۈن سۆيۈملۈك سىڭلىسى بىلەن بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگىمۇ سوغۇقچىلىق سالدى. سىكارلېتنىڭ نام ـ ئابرۇيى بىلەن ئاشلېينىڭ خوتۇنىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىندىيا قۇربان قىلىنغان، يالغان گەپ قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلدۇرۇلغانىدى. ھەممە ئىشقا ھەسەت قىلىپلا يۈرىدىغان ئۇ قېرى قىز ئىندىيانىڭ سكارلېتقا بولغان ھەر بىر گۇمانى، ئۇنىڭ توغرۇلۇق قىلغان ھەر بىر گېپى مۇتلەق ئورۇنلۇق ۋە ئادىل گەپلەر ئىدى. ئاشلېي ئۇنىڭ كۆزلىرىدە دائىم ھەققانىيەتنى، ھەقىقىي ۋە سالقىن مەسخىرىنى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىكى بۇ ئالامەتلەر دەل ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

سكارلېت ئاشلېينىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ھازىر قاتتىق ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇمۇ سكارلېتقا ئوخشاشلا مېلانىيەنىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلغانىدى. سكارلېت مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئاشلېينى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئادەم ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما يەنە ئايال كىشى بولغاچقىمۇ، ئاشلېي ئارچېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مېلانىيە بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا ھەممىنى بوينىغا ئالغان بولسا، ئۇ چاغدا سكارلېت ئۇنىڭغا تېخىمۇ قايىل بولاتتى، چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان خەيرخاھلىقلارنى ئادالەتسىزلىك دەپ بىلەتتى. ئەمما، ھازىر ئېغىر ئەلەم ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇ ئىشلارنى كۆپ ئويلاپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ رېتنىڭ ئاشلېينى كەمسۇندۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنىمۇ ئەسلەپ، بۇ ماجىرادا ئاشلېي يىگىتلىك قىلالمىدىمۇ قانداق، دەپ ئويلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئاشلېينىڭ ھازىرغىچە كۆز ئالدىدا پارلاپ تۇرغان مۇكەممەل ئوبرازى ئىختىيارسىزلا سۇسلىشىپ قېلىۋاتقاندەك

بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى ۋە شۇئان ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرۇۋاتقان نومۇس ۋە جىنايەت كۆلەڭگىلىرى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. بۇ خىل خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلاي دېگەنسېرى كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاۋەردى.

— ئۇنداق قىلماڭ! يىغلىماڭ! — مېلانىيە ئىتتىكلا قولىدىكى ئىشنى قويۇپ سافاغا كېلىپ سكارلېتنىڭ بېشىنى مۈرىسىگە قويۇۋالدى، — ئەسلىدە بۇ ئىشنى سۆزلەپ سىزنى بىئارام قىلغۇم يوق ئىدى. سىزنىڭ ئاڭلىسىڭىز بىئارام بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئەمدى ئىككىنچى دېمەيمەن. ئىككىلىمىز دېيىشمەيلى، باشقىلارغىمۇ تىنمايلى. مەن يەنە، — ئۇ ئاخىرىدا غەزەپ ئارىلاش قوشۇپ قويدى، — ئىندىيا بىلەن ئېلسىن خانىمغىمۇ دەيمەن، ئۇلارمۇ مېنىڭ ئېرىم بىلەن يەڭگەم توغرۇلۇق پەلىپەتىش گەپلەرنى يەنە قىلىمىز دەپ خىيال قىلىشمىسۇن. بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. ئىككىسىنى ئاتلانتادا باش كۆتۈرگۈزمەيمەن. ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە كىم ئىشىنىدىكەن ھەم ئۇلارنى بوسۇغىسىغا دەسسەتكۈزىدىكەن، ئۇنداق ئادەملەرمۇ مېنىڭ دۈشمىنىم.

سكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق كۈنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ شەھەر بىلەن بۇ ئائىلىدىكى بىرنەچچە ئەۋلادقا سوزۇلىدىغان بۆلۈنۈش خاراكتېرىدىكى كۈرەشلەرنى كۆرگەندەك بولدى، بۇ كۈرەشلەرنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزى ئىدى.

مېلانىيە دېگىنىنى قىلىپ، سكارلېت ياكى ئاشلېيغا ئۇ ئىش توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. باشقىلارغىمۇ دېمەي، كارى بولماسلىقتەك سالقىن مۇئامىلىنى ساقلاپ كەلدى. ئاشۇ كۈنكى زىياپەتتىن كېيىن، رېت باتلېر سىرلىق ھالدا بىرنەچچە ھەپتە يوقىلىپ كېتىپ شەھەردە قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى، سكارلېتنىڭ ئۈستىدىنمۇ نۇرغۇن گەپ بولدى. مېلانىيە كونا

دوستلىرى ياكى تۇغقانلىرى بولسۇن، سىكارلېتنى ھاقارەتلىگەن ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنى كەچۈرمىدى.

مېلانىيە قىلچە تەۋرەنمەي سىكارلېت تەرەپتە تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېتنى كۈندىكىدەك دۇكانغا، يەن زاۋۇتىغا ماڭدۇرۇپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ پەيتوندا بىللە باراتتى. سىكارلېت قولۇم - قوشنىلارنىڭ قىزىقىپ قاراشلىرىدىن خىجىل بولۇپ سىرتلارغا چىقىشنى خالىمىسىمۇ، مېلانىيە ئۇنى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىرتقا چىقىشقا ھەيدەپ تۇراتتى. بەزى كۈنلىرى سىكارلېتنى ئىككى يىلدىن بېرى بېرىپ باقمىغان ئۆيلەرگە ئېلىپ باراتتى. ئۇيەرلەردە، سىلەرمۇ مېنىڭ بۇ دوستۇمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشىڭلار كېرەك، دېگەندەك، سىكارلېتنىڭ ھۆرمىتىنى بەكلا قىلىپ كېتەتتى.

ئۇ يەرلەرگە بارغاندا سىكارلېتقا بالدۇر بېرىشنى، قايتقاندا ھەممىنىڭ ئاخىرىدا قايتىشنى تاپىلاپ تۇراتتى. بۇنىڭدا ئۇ يەرگە كەلگەن خوتۇنلارنىڭ غەيۋەت قىلىشلىرىغا ۋاقىت چىقماي، بەزى خاپىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. بۇ بېرىش - كېلىشلەر سىكارلېت ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ بارماسلىققا پېتىنالمايتتى، راست تۇتۇلۇپ قالغانمىدۇ دەپ گۇمان بىلەن ئويلىشىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇشتىن قورقاتتى. ئەگەر بۇ ئاياللار مېلانىيەنى ياخشى كۆرمىگەن، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقمىغان بولسا سىكارلېتقا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويۇشمايتتى. شۇنداقتىمۇ سىكارلېت ئۆيىگە بارغانلىكى ئاياللارنىڭ كېيىن ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

بىر نۇقتا كىشىلەرنىڭ سىكارلېتقا بولغان قاراشلىرىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ بولسىمۇ، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئادەملەر سىكارلېتنى قوغداش ياكى تەنقىد قىلىشنى ئۇنىڭ دۇرۇس ئايال ياكى ئەمەسلىكى بىلەن بەلگىلىمەيتتى. «مەن ئۇنىڭغا يۇقىرى تەلەپ قويۇپمۇ

www.uyghurkitap.com

كەتمەيمەن.» مانا بۇ ئادەتتىكى مۇئامىلە ئىدى. سىكارلېت ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋالغان بولغاچقا، ئۇنى قوللايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى نۇرغۇن ئادەمنىڭ دىلىنى رەنجىتتى، شۇڭا بۇ رەسۋاچىلىقنىڭ ئۇنى ئازابلىغان ـ ئازابلىمىغانلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. ئەمما، بۇ ئىشنىڭ مېلانىيە بىلەن ئىندىياغا بولغان تەسىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. شۇڭا بۇ بوران ـ چاپقۇن سىكارلېتنى ئەمەس، ئاشۇ ئىككىسىنى دەۋر قىلىپ چىقىۋاتاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ پىكرى بىرلا مەسىلىگە، ئىندىيا يالغان گەپ قىلغانمىدۇ، دېگەن مەسىلىگە مەركەزلىشىپ قالغانىدى.

مېلانىيە تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ پاكىتلىرىنى كۆرسىتىپ، كۆردۈڭلارمۇ، مېلانىيە يېقىندىن بېرى دائىم سىكارلېت بىللە، مېلانىيەگە ئوخشاش ئىپپەتلىك ئايال گۇناھكار بىر خوتۇننى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن گېپى چىققان خوتۇننى قوللامدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئىندىيا ئۇششاق سۆز قېرى قىز، سىكارلېتقا ئۆچلۈك قىلىپ ئاشۇ تۆھمەتنى توقۇپ چىققان، ئېلسىن بىلەن ئارچىبىنمۇ يالغان گېپىگە ئىشەندۈرۈۋەتكەن، دېيىشەتتى.

ئەمما، ئىندىيانى قوللايدىغانلار بولسا، ئەگەر سىكارلېت پاك خوتۇن بولسا، ئېرى كاپىتان باتلېر نەگە كەتتى؟ نېمىشقا سىكارلېت بىللە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇ تۆھمەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشىگە كۈچ بەرمەيدۇ؟ دەپ سوئاللارنى قويۇشاتتى. بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرمەكمۇ تەس ئىدى، چۈنكى كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما رېتتىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى گەپ ـ سۆزلەر ئۇلغىيىپ، سىكارلېتنىڭ بويىدا قاپتۇ دېگەنمۇ گەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىندىيانى قوللايدىغانلار، دېمىدۇقمۇ، دېگەندەك، بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشاتتى، ئۇ كاپىتان باتلېرنىڭ بالىسى ئەمەس ـ دە،

دېيىشىپمۇ قوياتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ يىراقلىشىپ قالغانلىقى، ئايرىم ياتىدىغانلىقى بۇرۇنلا شەھەردىكىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىغا سەۋەب بولغان ھەم ئايرىم ياتىدىغانلىقلىرىغا ھەممە ئادەم نەپرەتلەنگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تۇپەيلى شەھەر خەلقى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئائىلە ئىنتىزام ـ قائىدىلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان خامىلتون، ۋىلكىس، بور، ۋىمتىن جەمەتلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ كىم تەرەپتە تۇرىدىغانلىقلىرىنى ئاشكارىلىماي قويمىدى، ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىشقا بولمايتتى. مېلانىيە سالقىن قان، تەمكىن تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئىندىيا بولسا ئىچى تارلىقى بىلەن ئىدى، ھەر ئىككى تەرەپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن يېقىن دوستلىرى بۇ بۆلۈنۈشنى سىكارلېت كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېيىشىپ ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىشەتتى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنچىلىك قىلىشىپ كەتمىسە بولاتتى، ئۇ بۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيتتى، دەپ قارىشاتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرۇشلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئىندىيانىڭ بۇ رەسۋاچىلىقنى ئاشكارىلىشى، ئاكىسى ئاشلېينى ئۇنىڭغا چېتىۋېلىشى توغرا بولمىدى، ئادەمنى ئازابلايدىغان بىر ئىش بولدى، دەپ ئېچىنىشاتتى. ئەمما، بۇ ئىش رېئاللىقتا ئايلىنىپ بولغاندىكىن نېمە ئامال؟ ئاخىر ئۇلارمۇ خۇددى مېلانىيەنىڭ يېقىنلىرى مېلانىيەنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن مېلانىيە بىلەن سىكارلېت تەرەپتە تۇرغاندەك، ئىندىياغا يان بېسىپ سىكارلېتقا قارشى تۇرۇشتى.

ئاتلانتالىقلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك مېلانىيە بىلەن ئىندىيانىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، شىرەم تۇغقانلىرى ياكى ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى دەپ ئاتىشىۋالغان ئادەملەر بولۇپ، مۇناسىۋەتلىرى بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى. بۇ مۇناسىۋەتلەرنى جورجىيەنىڭ كونا

www.uyghurkitap.com

يەرلىك ئادەملىرىلا ئېنىق بىلەتتى. بۇ ئىككى جەمەت سىرتنىڭ ئادەملىرىنى چەتكە قاقاتتى، جىددىي پەيتلەرگە دۇچ كەلگەندە بىر ئادەمدەك ئۇيۇشۇپ ئورتاق رەقىبلىرىگە قارشى تۇرالايتتى، بۇنداق چاغلاردا خۇسۇسىي ئاداۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. پىتتىي ھاما بىلەن ھېنرى تاغىنىڭ بىر مەزگىل ئارازلىشىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىناق مۇناسىۋەتلىرى بىر قېتىممۇ بۇزۇلۇپ باقمىغانىدى، يەنىلا بىر - بىرىگە مېھرىبان، گەپ - سۆز، يۇرۇش - تۇرۇشلىرى سىلىق، سۇلكەتلىك ئىدى، جېدەل - ماجىرا ناھايىتى ئاز بولاتتى. ئاتلانتادىكى باشقا جەمەتلەر ئۇلارنى ھەرگىز دورىيالمايتتى.

مانا ئەمدى ئۇلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت بۇ شەھەردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى يوق كۆپچىلىك ئادەملەرگە زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرى، سەۋر - تاقەتلىرى ئۇچۇنمۇ چوڭ بىر سىناق بولدى. چۈنكى، مېلانىيە بىلەن ئىندىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەت ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىمۇ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەنىدى، ھەتتا بۇ ئىشقا ئاتلانتادىكى تۆت چېركاۋمۇ ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى دىنىي تەشكىلاتلاردىمۇ بۆلۈنۈش پەيدا بولدى.

ئاتلانتانىڭ ئاياللىرى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن ئالتىگىچە مېلانىيە بىلەن سىكارلېت ئۆز ئۆيلىرىگە كەلگەندە، ئىندىيانىڭمۇ شۇ يەردە بولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىشەتتى.

ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ھازىر ئەڭ بىچارىسى پىتتىي ھاما ئىدى. بۇ ئايالنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىناقلىقى ئىچىدە تۇرۇپ خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ئارتۇقچە تەلىپى يوق ئىدى، ھازىرقى دەتالاشتىمۇ ئىككىلا تەرەپكە ياخشى بولۇشنى ئويلايتتى، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىڭ ئىككى كېمىنىڭ بېشىغا تەڭ دەسسەپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. ئىندىيا ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى. ئەگەر پىتتىي ھاما ئۆزى

ئويلىغاندەك مىلانىيە تەرەپتە تۇرىدىغان بولسا، ئۇ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. ئىندىيا كېتىپ قالسا بىچارە پىتتىنىيات قانداق قىلىدۇ؟ بۇ ئۆيلەردە ئۇزى يالغۇز تۇرالمايدۇ ـ دە. ئۇ چاغدا يات بىر ئادەمنى ئۆيگە ئەكىرىپ بىللە تۇرسا ياكى سىكارلېتنىڭ ئۆيىگە كەتسە بولىدۇ شۇ. بىراق، ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى كاپىتان باتلېر ئۇنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ يەرگە بارمىسا مىلانىيەنىڭ كىچىك ئۆيدە تۇرسىمۇ بولىدۇ، كەچتە بېئۇنىڭ كىچىك ئۆيدە بېئو بىلەن بىللە ياتسىمۇ بولىدۇغۇ.

پىتتىي هامما ئىندىيانى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ سوغۇق ۋە جاھىللىقى، هازىرقى مۇشۇ ئىشقا تۇتۇۋاتقان بىر تەرەپلىمىلىكى ۋە ئالدىراقسانلىقى ئۇنى قورقۇتۇپ قويغانىدى. پىتتىي هامما مەسىلىلەرگە ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ راھەتتە ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكى بىلەن قارايتتى، شۇڭا ئىندىيا بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرالايتتى.

لېكىن، ئىندىيانىڭ ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقى بىلەن بۇ ئۆي بۇ قېتىمقى بوران ـ چاپقۇننىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، مىلانىيە بىلەن سىكارلېت پىتتىي هاممىنى ئىندىيانى قانات ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ، دەپ بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، سىكارلېت پىتتىي هاممىغا بىرىپ تۇرۇۋاتقان پۇلنى توختىتىۋەتتى. ئۇ ئىندىيا داۋاملىق تۇرىۋېرىدىغان بولسا بىر تىيىن بەرمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى، ئاشلېي هەر هەپتىدە ئىندىياغا پۇل ئەكىرىپ بەرگەندە، ئۇ، بۇ پۇلنى يوغانچىلىق قىلىپ ئۇن ـ تىنسىز قايتۇرۇۋېتەتتى، پىتتىي هامما ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا هەيران قالاتتى ۋە ئەپسۇسلىناتتى. ئەگەر هېنرى تاغىنىڭ ياردىمى بولمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۈنى كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىپ كېتەتتى. ئەمما هېنرىنىڭ ياردىمىنى ئېلىشنى بولسا پىتتىي هامما نومۇس دەپ بىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىتتى ھاما بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن قالسا مىلانىيەنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى، ئەمدى ھازىر ئۇ خۇددى يات ئادەمدەك ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. بۇرۇن بۇ ئۆيگە كۈندە ئون نەچچە قېتىم كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان بولسا، ھازىر بىر قېتىممۇ كىرمەيتتى. پىتتى ھاما ئۆزى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ كېتەتتى، ئەمما مىلانىيە ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلمايتتى، جاۋابەن ئۆيگە كىرىپمۇ قويمايتتى.

پىتتى ھاما سىكارلېتنىڭ نۇرغۇن ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى... ئۇنى شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ياشاۋاتىدۇ دېسىمۇ بولاتتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەڭ جاپالىق كۈنلەردە ئۇ يا ھېنرىنىڭ ياردىمى بىلەن ياشىشى، يا ئاچتىن ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق چاغدا سىكارلېت كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بارلىق راسخوتىنى ئۈستىگە ئالدى، يەيدىغىنىنى، كىيىدىغىنىنى بەردى، ئاتلانتادا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان قىلىپ قويدى، توي قىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ياردىمىنى زادىلا ئايىمىدى.

راست ئەمەسمۇ، پىتتى ھاما مىلانىيەنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئاسرىشىغا، سىكارلېتنىڭ مەردلىك بىلەن قىلغان ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلگەن. ئىندىيا ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بەردى؟ ئۇنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كاشىلا قىلغاندىن باشقا ھېچنېمە قىلىپ بەرگىنى يوق.

بەزى ئادەملەر سىكارلېتنىڭ پاك، گۇناھسىزلىقىغا ئاخىر ئىشىنىشكەنمۇ بولدى. بۇ ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مىلانىيەنىڭ شۇ نۇقتىغا قاتتىق ئىشەنگەنلىكىدىن بولغانىدى. يەنە بەزىلەر سىكارلېتقا بولغان قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن مىلانىيەگە بولغان مۇھەببىتى، ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن سىكارلېتقا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئىندىيانىڭ قوللىغۇچىلىرى ھازىرمۇ سىكارلېتقا

سوغۇق مۇئامىلە قىلىشاتتى، ئايرىملىرى ھەتتا ئۇنى ئاشكارا ئەيىبلىشۋاتاتتى. كېيىنكى ئىككى خىل ئەھۋال ئادەمنى خىجىل قىلىپمۇ، ئازراق خاپا قىلىپمۇ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ سىكارلېت مىلانىيە بولمىسا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئادەمنىڭ نەپرىتىگە قېلىپ، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

## ئەللىك ئالتىنچى باب

•رېت باتلېرنىڭ ئاتلانتادىن كەتكىنىگە ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى، ئۈچ ئايغىچە سىكارلېتقا بىر قېتىممۇ خەت ـ خەۋەر بەرمىدى. ئۇنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى، قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قايتىپ كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە قارىتا سىكارلېتنىڭ كۆڭلىدە سان يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرۈۋەردى. سىرتتىن ناھايىتى تىمەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ مىلانىيە ئۇنى خەق ھازىرمۇ ئىككى زاۋۇتنىڭ ئىشىغا قىزغىن ئىكەن دەپ قالسۇن ئۈچۈن، ھەر كۈنى دۇكان بىلەن زاۋۇتلارغا بېرىپ كېلىشكە ھەيدەپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ دۇكاننىڭ ئىشلىرىدىن سوۋۇپ قېلىۋاتاتتى، پايدىسى ئۆتكەن يىلنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشقان، ساپ پايدا ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىشتىن زېرىكىپ، دۇكاندىكى خىزمەتچىلەردىن رازى بولمايدىغان، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. يوھان گاللېگېر مەسئۇل بولۇۋاتقان پەن زاۋۇتنىڭ تىجارىتى بەكمۇ ياخشى ئىدى، ئەمما سىكارلېت ئۇ ئادەمنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن خاپا ئىدى. يوھاندىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ مىجەزى بار ئىدى. ئاخىر ئۇ سىكارلېتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوتۇلداشلىرىغا چىدىماي، قاتتىق خاپا بولۇپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ كەتتى.

— خانىم، ماڭا ھېچنېمىڭىزنىڭ لازىمى يوق، سىزنى كىرومۋېل ئۇرسۇن، — دېدى ئۇ بىر كۈنى چىدىماي ۋە كېيىمەن دەپ جۇۋىسىنى تەتۈر كىيدى. شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت پەسكويغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ ئۇنى ئاران تۇتۇپ قالدى.

ئۇ ئاشلىق تورۇۋاتقان زاۋۇتقا پەقەتلا بېرىپ باقمىدى. ئۇنى ياغاچ مەيدانىدىكى ئىشخانىسىدا دەپ ئاڭلىغاندىمۇ بېرىشنى خالىمىدى. ئاشلىقىنىڭ ئۆزىدىن قېچىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، مېلانىيە ئۆزىنى ئۆيىگە مەجبۇرىي چاقىرىپ بارغاندا ئۇنىڭ قاتتىق قىينىلىپ كېتىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. ئىككىسى پەقەتلا يالغۇز بىر يەردە تۇرۇپ باقمىدى. سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ، ئۆزىگە ھازىرمۇ نەپرەتلىنىدىغان ــ نەپرەتلەنمەيدىغانلىقىنى، مېلانىيەگە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سوراپ باققۇسى كېلەتتى، ئەمما ئاشلىق ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن، ماڭا ئەمدى گەپ قىلمىسىڭىز دەپ يالۋۇرۇۋاتقاندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تورۇۋاتقان چىرايى سىكارلېتقا قاتتىق روھىي بېسىم بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشلىقنى باشقۇرۇۋاتقان زاۋۇت ھەر ھەپتىدە زىيان تارتىپ تۇرۇۋاتقاچقا، سىكارلېتنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئىشمۇ تۈگۈن بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھازىرقى ئەھۋاللارغا ئامالسىز قېلىۋاتقاندەك ئىپادىمۇ سىكارلېتنى بىزار قىلاتتى ۋە بۇ ۋەزىيەتنى قانداق تۈزەشنى بىلمەيتتى، ئەمما بۇنىڭغا چوقۇم بىر ئامال قىلىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئەگەر رېت بولغان بولسا ئۇنداق قىيىن ۋەزىيەتتىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتى، سىكارلېتمۇ رېتنىڭ مۇشۇ تەرىپىگە ئىچ ــ ئىچىدىن قايىل

ئىدى.

ھازىر ئۇنىڭ رىتقا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھاقارەتلىرىگە بولغان غەزەپ ــ نەپرەتلىرى ئاللىقاچان تۈگىگەن، ئۇنى سېغىنىشقا باشلىغانىدى. خەت ــ خەۋەر كەلمىگەنسېرى سېغىنىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. رىت ئۆزىدە قالدۇرۇپ كەتكەن تەلۋە خۇشاللىق، غەزەپ ــ نەپرەت، ئىزا ــ ئاھانەت ۋە ھاقارەتلەر بىلەن چىگىچلىشىپ كەتكەن كەيپىياتى ئىچىدىن غەمكىن بىر سېغىنىش باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ سېغىنىش ئۇنىڭدا قاتتىق روھىي بېسىم پەيدا قىلىۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ ئۇنى كۆرگۈسى، ئاچچىق گەپلىرىنى يەنە ئاڭلىغۇسى، ئىچىدىكى غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن بولۇشچە كۈلگەن چاغلاردىكى قىياپىتىگە قاراپ ئولتۇرغۇسى كېلەتتى، جان ــ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاچچىق مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى بولسىمۇ مەيلى ئىدى. سىكارلېتنىڭ ئەڭ بىزار بولىدىغىنى ئۇنىڭ ئالدىدا غودۇراشقا پېتىنالماسلىقى ئىدى.

سىكارلېت بوننې بىلەن رىت يېنىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن زېرىكىپ ئۆلەيلا دەۋاتاتتى، بۇرۇن بوننېدىن ئايرىلىپ قالسا ئۇنى بۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ھازىر رىتنىڭ ئۆتكەندە ئۆزىنى ۋاد بىلەن ئىللا توغرۇلۇق قاتتىق ئەيىبلەپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاشۇ ئىككى بالىسى ئارقىلىق كۆڭلىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن بۇنىڭمۇ ھېچقانچە پايدىسى بولمىدى. رىتنىڭ سۆزلىرى بىلەن بالىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان مۇئامىلىسى ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك قورقۇنچلۇق بىر پاكىتقا يۈزلەندۈرۈپ قويدى. بۇ ئىككى بالا بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇ پۇل تاپىمەن دەپ ئالدىراش بولۇپ كەتكەن، بالىلارغا قاتتىق ھەم ئاسان چېچىلىپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچى ۋە ياخشى كۆرۈشلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ھەم ئۇنى ئورنىغا كەلتۈرۈشتە كېچىككەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەۋرچان ئەمەس ھەم بالىلارغا يېقىنلىشىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماھىر بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ سەبىي ۋە سىرلىق كۆڭۈللىرىدىن زادىلا ئورۇن ئالالماي كېلىۋاتاتتى.

ئېللا ئەقلى ئاجىزراق قىز بولۇپ قېلىۋاتاتتى، خۇددى يېڭى ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسى دەرەخنىڭ شېخىدا مەزمۇت قونۇپ تۇرالمىغاندەك، دىققىتىنى بىر ئىشلارغا تازا يىغالمايتتى. بۇ ئەھۋال ئادەمنى بەكمۇ غەمگە سالاتتى. سىكارلېت ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىۋاتقىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىزلا بىر تېمىلەرنى دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتەتتى، سىكارلېت جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ئۆزىنىڭ سورىغان سوئالىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ۋادقا كەلسەك، رېتىنىڭ ئۇ توغرۇلۇق قىلغان گېپى توغرا بولسا كېرەك، سىكارلېتنى كۆرسە شۇنداق قورقاتتى. بۇ غەلىتە ئەھۋال سىكارلېتنىڭ غۇرۇرىغىمۇ تەگكەندەك بولدى. ئۆز ئوغلى تۇرۇپ ئۇنىڭدىن نېمانچە قورقىدۇ؟ بەزىدە ئۇنى گەپكە سېلىپ باقسا، ئۇ چارلېسنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان مۇلايىم كۆزلىرىنى ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىپ، گەپ قىلماي ياكى پۇتى بىلەن يەرنى جىجاپ خۇددى خىجىل بولۇۋاتقاندەك تۇرۇۋالاتتى. ئەمما مېلانىيە بىلەن بىللە بولسا سۆزلەپ توختىمايتتى، ھەتتا يانچۇقلىرىدىكى قارماققا ئۆتكۈزىدىغان سازاڭدىن تارتىپ قارماقنىڭ يىپلىرىغىچە ھەممە نەرسىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتى.

مېلانىيە باللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئوغلى بېئو ئاتلانتا بويىچە ئەڭ ئەدەپلىك، ئەڭ ئوماق بالا ئىدى. سىكارلېت ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا قارىغاندا ئۇ بالا بىلەن ئوبدان چىقىشاتتى. ئۇ بالا ھېچقانداق ئادەمدىن قاچمايتتى، سىكارلېتنى كۆرسىلا قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. چىرايى ئاشلېيغا ئوخشاش ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. ۋادمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ئەلۋەتتە، مېلانىيەنىڭ بالىسى بىرلا، شۇڭا ئۇنى

پۈتۈن مېهرى بىلەن تەربىيەلەۋاتىدۇ، سىكارلېتتەك ھەم بالا،
ھەم خىزمەت بىلەن دىققىتى چېچىلىپ تۇرمايدۇ. سىكارلېت ئەنە
شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى، يەنە بىر
جەھەتتىن، مېلانىيەنىڭ بالىجانلىقىغا قايىلمۇ بولاتتى. مېلانىيە
بالىجان بولغاچقا، ئۇننى تۇغسىمۇ ئۇنىڭغا كۆپلۈك قىلمايتتى،
شۇڭا ۋاد بىلەن قوشنىلارنىڭ بالىلىرىغىمۇ قانات قېقىپ
تۇراتتى.

ھېچبولمىغاندا بوننى بولسىمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەن
بىلەن ئويناشقىمۇ ئامراق، دەپ ئويلىدى سىكارلېت. لېكىن،
ۋىجدانەن ئېيتقاندا، بوننىينىڭ ئاپىسىغا قارىغاندا دادىسىنى
تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇنىڭ بوننىينى قايتا كۆرەلىشىمۇ ناتايىن. ھازىرغىچە
بىلگەن ئەھۋاللىرىدىن قارىغاندا، رېت ئىرانىغا ياكى مىسىرغا
كېتىپ شۇ يەرلەردە مەڭگۈ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن
ئىدى.

مادې دوختۇر ئۇنىڭغا يەنە ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى
ئېيتقاندا، ئۇ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەسلىدە ئۇ كۆڭلى ئاينىپ
يۈرگىنىنى ئۆتتىن ۋە روھىي جەھەتتىكى قاتتىق
جىددىيلىشىشلەردىن كۆرۈپ يۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ھېلىقى كۈنى كېچىدىكى رېت ئىككىسىنىڭ تەلۋىلىكلىرىنى
ئېسىگە ئېلىپ خىجىل بولغىنىدىن بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى.
ئىككىلىسىنىڭ ساراڭلىقى تۇتقان ئاشۇ قىسقىغىنە مىنۇتلاردا
بولغان ئىش ئىكەن ـ دە. ئاخىر يەنە بىر بالىغا قورساق
كۆتۈرۈپتۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ قېتىم ئۇ يەنە قورسىقىدا
قالغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولدى. ئوغۇل بالا بولسا ياخشى
بولاتتى، ۋادقا ئوخشاش قورۇنۇپ تۇرىدىغان ئەمەس، چىرايلىق،
ئوماق بالا بولسا ياخشى ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۇنى ئاجايىپ ياخشى
كۆرەتتى، بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ ئوبدان تەربىيەلەيتتى، پۇل
بولسا بار، كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈنمۇ پارلاق يوللارنى

www.uyghurkitap.com

تەييارلاپ بېرەلەيتتى. شۇئان ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كىردى: بۇ ئىشنى خەت يېزىپ رېتقا خەۋەر قىلىش كېرەك. خەتنى چارلېستوندىكى ئاپىسى ئارقىلىق ئەۋەتسەم بولىدۇ. ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ دەررۇ كەلمىسە بولمايدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن كەلسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا خەت يازسا، مانا، خەت يېزىپ مېنى چاقىرتىۋالدى دەپ ئۇنىڭ ئۇستىدىن كۈلمەسمۇ؟ ياق، خەتتە ئۇنى سېغىنغاندەك ياكى ئۇنىڭغا ھاجىتىم چۈشكەندەك تەسىرات بېرىپ قويماسلىقىم كېرەك.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى دەرھال بېسىۋالغىنىدىن ئۆزىچە خۇشال بولۇپ كەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە چارلېستوندىكى ھاممىسى پوللىدىن ئۇنىڭغا رېت توغرۇلۇق تۈنجى خەۋەر بېرىپ بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئوخشايدۇ. دېمەك، ئۇ ئامېرىكا تەۋەسىدىن چىقىپ كەتمەپتۇ. پوللى ھاممىسىنىڭ خېتى ئۇنى خاپا قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. رېت بونىنېنى ئېلىپ پوللىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. خەتتە ئۇ بونىنېنى بەكمۇ ماختاپ كەتكەنىدى.

«ئاجايىپ چىرايلىق قىز بوپتۇ، چوڭ بولغاندا چوقۇم يىگىتلەر كەينىدىن چىقمايدىغان بىر ساھىبجامال بولىدۇ. ئەمما، مەن ئويلايمەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغان يىگىت ئاۋۋال رېت بىلەن دۇئېلغا چىقىشى كېرەك، چۈنكى مەن ئۆز قىزىنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغان دادىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان. سۆيۈملۈكۈم، سىزگە بىرنەچچە ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى دەپ قوياي، كاپىتان باتلېر بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى مەن سىزنى ئۇنىڭغا زادىلا لايىق كۆرمەيتتىم، چۈنكى چارلېستوندىكىلەر ئۇنىڭ توغرۇلۇق پەقەتلا ياخشى گەپ ئاڭلىمايتتۇق، ھەممىمىزلا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئەپسۇسلىناتتۇق. ئېلالى ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشىنى قارشى ئېلىش ـ ئالماسلىقتا خېلى ئىككىلىنىپ يۈردۇق... بىراق، سىنىڭ قىزىڭ نېمىلا دېگەنبىلەن بىزنىڭ جىيەن

نەۋرىمىز بولىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاخىر كۆتۈۋالدۇق. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا ھەيران قالدۇق ھەم خۇشال بولدۇق، ئۇنىڭ توغرۇلۇق چىققان گەپلەرنىڭ يوقىلاڭ گەپلەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئۇ، ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك ھەم كېلىشكەن، ئەدەپلىك، ئۆزىنى تۇتقان ئادەم ئىكەن. بالاڭغا كۆيۈنۈشلىرىچۇ تېخى.

ئەمدى سۆيۈملۈكۈم، بىز بۇ يەردە ئاڭلىغان گەپلەر توغرۇلۇق ئازراق يازاي... ئېلالى ئىككىمىز دەسلەپ ئاڭلاپ ئىشەنمىگەن بەزى ئىشلار. بىز سېنىڭ كىيىنكى ئەھۋالىڭنى تەپەككۇر قىلىپ بىزگە بەزى ئىشلارنىڭ ھەم ئۇستۇڭدىن چىققان بەزى گەپلەر توغرۇلۇق ئاڭلىدۇق، ئەمما ھەممىسىنى ئىنكار قىلدۇق. ئۇرۇشتىن كېيىنكى جاپالىق كۈنلەردە شۇنداق قىلىشقىنى زۆرۈر دەپمۇ ھېسابلىغاندۇق، چۈنكى ئۇ چاغنىڭ شارائىتى شۇنداق ـ دە. ئەمما، ھازىر ئۇ زۆرۈرىيەت قالمىدى، چۈنكى رېت ئەپەندىنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشى، سەن قىلىۋاتقان ئۇ تىجارەتلەرنى باشقۇرۇپ كېتىشكە تامامەن قادىر ئىكەن. بىز ئۇ يەردە سېنىڭ ئۇستۇڭدىن چىققان گەپ ـ سۆزلەرنى ئۇقماي، ئادەمنىڭ بېشىنى ئەڭ كۆپ ئاغرىتىدىغان بۇ مەسىلە توغرۇلۇق كاپىتان باتلېرغا گەپ قىلدۇق.

ئۇ سېنىڭ ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دۇكانغا بېرىپ تۇرىدىغانلىقىڭنى، دۇكاننىڭ ھېسابىنى باشقىلارغا تۇتقۇزمايدىغانلىقىڭنى، ئۆزۈڭ ئېچىۋالغان پەن زاۋۇتلىرىڭغىمۇ پەيتونغا ئولتۇرۇپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بېرىپ تۇرىدىغانلىقىڭنى بىزگە تەستە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ساڭا پەيتون ھەيدەپ بەرگىنى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەن. بىز كاپىتان باتلېرنىڭ قانچىلىك ئارابلانغانلىقىنى قىياسمۇ قىلدۇق. ئۇ بەكمۇ قورسىقى كەڭ ئادەم ئىكەن. سكارلېت، ئەمدى ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. ئاپاڭ يوق، شۇڭا ئاپاڭنىڭ ئورنىدا ساڭا مەن گەپ قىلىپ قوياي. بالىلىرىڭ چوڭ بولغاندا سېنىڭ بۇرۇن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغىنىڭنى بىلسە ئۇلار قانداق ھېسسىياتتا بولىدۇ؟ دائىم زاۋۇتقا بېرىپ ئاددىي ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىڭنى، ئۇلارنىڭ ھاقارەتلىرىگە ئۇچرىغانلىقىڭنى بىلسە چوقۇم بىئارام بولىدۇ، ئايالىلارنىڭ يولىنى تۇتماسلىق...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىكارلېت خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇماي، بىرمۇنچە غۇدۇراپ بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. پوللى ھامىمىسى بىلەن ئىلالى ھامىمىسىنى ئەسكى ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقاندەك كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەگەر سىكارلېت خىراجەتلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرمايدىغان بولسا ئۇ ئىككىسىنىڭ كۈنىمۇ تەس ئىدى، ئاياللارنىڭ يولىنى تۇتماسلىق؟ سىكارلېت ئۇ يولنى تۇتىمەن دەپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ھامىملىرىغا كىرىپ ياتىدىغان تۆشۈكمۇ چىقمايتتى. رېت دېگەن ئۇ ئۆلمىگۈرنى قارا، دۇكان بىلەن زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئۇلارغا تەستە دەپ بەرگەنمىدۇ؟ ياق، سىكارلېت بىلىدۇ، ئۇ ئۇلارنى ئالدىغان، ئۇلارغا ئەدەپلىك، ئۆزىنى تۇتقان، مەرد بولۇپ كۆرۈنگەن. كەڭ قورساق ئەر، مېھرىبان دادىمۇ بولۇۋاپتۇ تېخى. ئۇ چوقۇم ئۇلارغا سىكارلېتنى دۇكاندا ئۇنى قىلدى، زاۋۇتتا بۇنى قىلدى، قاۋاقخانىسى ئۇنداق بولدى، دەپ بەردى. نېمىدېگەن ئەسكى ئادەم ئۇ. ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق ئەخلاقسىز ئىشلار بىلەن كۆڭلىنى ئاچىدىغاندۇ؟

بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئۇ ئاچچىقلىرى يوقىلىپ كەتتى. يېقىندىن بېرى ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئازىيىپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇ ئاشلېينىڭ قىزغىن ھېسسىياتلىرىغا قايتا ئېرىشسە، رېت قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قىزىق - قىزىق گەپلىرى بىلەن ئۇنى يەنە كۈلدۈرىدىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى!

بىر كۈنى ئۇلار خەۋەر قىلمايلا قايتىپ كەلدى. ئۆيگە كىرگەندە بىرىنچى بولۇپ چىققان ئاۋاز نەرسىلەرنى يەرگە تورۇكلىتىپ قويغاندا چىققان ئاۋاز بولدى. ئارقىدىن بونىنىڭ ئاپا دەپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى.

سىكارلېت بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا يۈگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن قىسقا پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ چىقىۋاتقان قىزىنى كۆردى، مەيدىسىدە بىر ئاسلان چاپلىشىپ تۇراتتى.

— بۇنى ماڭا مومام بەردى، — دېدى ئۇ ئاسلاننىڭ بوينىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆزى شۇنچىلىك خۇشال ئىدى.

سكارلېت بالىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ توختىماي سۆيۈپ كەتتى. بالا بولغاچقا، ئۇ رېت بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىش خىجالەتچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. رېت پەستە پەيتونكەشنىڭ پۇلىنى تۆلەۋاتاتتى. پۇلنى تۆلەپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سكارلېتقا قاراپ ئادىتى بويىچە شىلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ سەل ئېگىلىپ قويدى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىنى كۆرۈپلا سكارلېتنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى، مەيلى ئۇ كىم بولسۇن، نېمە ئىشلارنى قىلسۇن، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى.

— نېگىر ئانام نەدە؟ — دەپ سورىدى بوننى ئۇنىڭ قولىدىن چۇشۇشكە ھەرىكەت قىلىپ.

رېت باتلېر بىلەن ئادەتتىكىدەكلا كۆرۈشۈپ قويۇش، يەنە ئۇنىڭغا قورسىقىدا قالغانلىقىنى ئېيتىش ئالدىن ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك تەسكە چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ رېت پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقاندا چىرايىغا قاراپ تۇردى. ئۇ يەنىلا شۇنداق بۇغداي ئۆڭ، سوغۇق، قىلچە ئىپادە يوق چىرايدا ئىدى. ياق، ئۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ۋاقتىنى سەل ئۆتكۈزۈۋېتىپ دېسۇن، ھازىرلا دېسە بولمايدۇ. بۇنداق ئىشنى بىرىنچى بولۇپ ئېرىگە دېيىش كېرەك، ئەرلەر بۇنداق خەۋەرنى ئاڭلاشقا ئامراق. بىراق، ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشى ناتايىن.

سكارلېت پەلەمپەيىنىڭ ئۇستىدە رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆيۈپ قويىدىغان - قويمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنى سۆيمىدى، پەقەتلا:

— چىرايىڭىز سارغىيىپ قاپتۇ، باتلېر خانىم، ئەڭلىك سۈرتمىدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپلا قويدى.

ئۇنى سېغىنغانلىقى توغرۇلۇق بىر ئېغىز گېپىمۇ يوق، يالغاندىن بولسىمۇ دەپ قويسا بولمامدۇ. نېگىر ئانىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا بىرتى سۆيۈپ قويغان بولسا بولاتتىغۇ؟ مومايمۇ ئاخىر بونىڭى يېتىلەپ بالىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. رىت سىكارلېتنىڭ يېنىدا ئېرەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى.

— چىرايىڭىزنىڭ سارغىيىپ كەتكىنى مېنى سېغىنغانلىقىڭىزدىنمۇ، قانداق؟ — ئۇنىڭ ئاغزى كۈلۈپ تۇراتتى، ئەمما كۆزلىرىدە قىلچە كۈلكە يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇنى سېغىنىشى شۇنچىلىكلا ئوخشايدۇ، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن. بىردىنلا سىكارلېتتا قورسىقىدىكى بالىنى ئارتۇقچە يۈك، دەيدىغان بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى يۈرەك پارەم دەپ خۇشال بولىدىغان روھىي ھالەت ئۇنىڭدا ئەمدى يوق. ئالدىدا تۇرغان شىلەپىلىك بۇ ئەر بولسا ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىبى، تارتىۋاتقان بارلىق ئازابلىرىنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋاتقاندا سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئادەم سەل قارىيالمايتتى، شۇڭا رىتنىڭ چىرايىدىكى يالغان كۈلكىسى شۇئان ئۆچتى.

— چىرايىم سارغىيىپ كەتكەن بولسا، بۇ، سىزنى سېغىنغىنىمدىن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ خاتالىقىڭىزدىن بولغاندۇ. چۈنكى... — سىكارلېتنىڭ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ھازىر ئېيتقۇسى يوق ئىدى، لېكىن ئالدىراپ كەتتى. خىزمەتكارلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەي ئېنىقلىنىلا ئېيتتى، — قورسىقىمدا يەنە بالا بولۇپ قالدى.

رىت بىردىنلا ئىچىگە تىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئۇنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتماقچى بولغانىدەك قولىنى سوزغانىدى، سىكارلېت دەررۇ ئۆزىنى قاچۇردى. سىكارلېتنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىمۇ تۇرۇلدى.

— راستىمۇ؟ — دېدى ئۇ سوغۇقلا گەپ قىلىپ، — ئۇنداقتا بۇ بالىنىڭ ئاتىسى كىم بولىدۇ؟ ئاشلىيىمۇ؟

سكارلېت دەررۇ يېنىدىكى تۇۋرۇكنى تۇتۇۋالدى. قاتتىق تۇتۇپ تۇرۇۋالغاچقا، تۇۋرۇكتىكى ئويۇپ چىقىرىلغان قاپارتما شىر قولىنى قاتتىق ئاغرىتىۋەتتى. ئۇ رېتنى چۈشىنەتتى، ئەمما ئۆزىنى بۇ دەرىجىدە ھاقارەتلەيدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئەلۋەتتە، رېت چاقچاق قىلىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ھەرقانداق چاقچاق بۇنداق ئادەم چىدىغۇسىز ئېغىر بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ـ دە. سكارلېتنىڭ ئىككى قولىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىقىپ كۆزىنىڭ گۆھىرىنى سۇغۇرۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

— سىز نېمىدېگەن ئىپلاس ئادەم، — غەزەپتىن ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — سىز... سىز بۇ بالىنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىسىز، بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېيىشكە پېتىنىۋاتىسىز. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا بۇ بالىنى ئالمايمەن، سىزگە ئوخشاش ئەشەددىي لۈكچەككە ھېچقانداق ئايال بالا تۇغۇپ بەرمەيدۇ. بۇ بالا... ئاھ، خۇدا، بۇ ئىپلاسنىڭ ئەمەس، باشقا بىرسىنىڭ بولۇپ قالسىچۇ!

سكارلېت ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خۇددى بەدىنىگە ئۇچلۇق بىر نەرسە سانجىلىپ كەتكەندەك بىردىنلا ئۆزگىرىپ تولغىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

قارا ئۇنى، — ئويلىدى سكارلېت ئاچچىقى ھەم كۈلگۈسى كەلگەندەك بولۇپ، — ئاخىر جان تومۇرىغا تەگدىغۇ سىنىڭ.

لېكىن، بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ھېلىقى چىرايى يەنە ئەسلىگە كەلدى.

— ئۆزىڭىزنى خۇشالراق تۇتۇڭ، — دېدى ئۇ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بولمىسا بالىڭىز چۈشۈپ كېتىدۇ.

سكارلېت تۇيۇقسىز بېشى قايغاندەك بولۇپ، ھامىلدارلىقنىڭ ئازابلىرىنى: كۆڭلى ئايىنىش، ئۇزاق كۈتۈش، قورسىقىنى تومپايتىپ يۈرۈش. سەتلىشىپ كېتىش، ئاچچىق تولغاق دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى. ئەرلەر ئاياللارنىڭ بۇ ئازابلىرىنى ھەرگىز ھېس قىلىپ يېتەلمەيتتى. شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تورۇقلۇق ئۇ يەنە ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا تەييارلانغان. سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭ يۈزىنى مورلىشالغۇسى كەلدى، يۈزىدە يول ــ يول تىرناق يارىسى قالدۇرۇپ قويسا ئاندىن دەردى چىقىدىغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇددى مۈشۈكتەك شەپە چىقارماي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، لېكىن رېت چاققانلىق قىلىپ ئىتتىك ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە بىر قولى بىلەن ئۇنى توسۇۋالدى. پولغا يېقىندىن شام سۈرگىنى بولغاچقا سىلىق ئىدى، سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۇزارتقان بىلىكىگە كۈچ بىلەن ئۇرغاندا كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ ، شاتىكىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمەي كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى، شۇ يىقىلغانچە پەلەمپەيدىن پەسكە دومىلاپ چۈشتى.

بۇ سىكارلېتنىڭ هاياتىدا تۇنجى قېتىم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشى ئىدى. هازىرقى ئاغرىقىغا قارىغاندا بىرنەچچە قېتىم بالا تۇغقىنى هېچگەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا هازىرقىدەك قورقۇپ باقمىغان، ئاجىزلىشىپ كەتمىگەن، ئازابلانمىغان، غېرىبسىنمىغان ۋە ئەندىشىدە قالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەلىنىڭ خەقلەر دېگەندەك ئۇنچىلىك يەڭگىل ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، ئۆزىنى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا سېزەتتى. هەربىر تىنغاندا قوۋۇرغىلىرىغا خۇددى پىچاق تىققاندەك قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ باش ــ كۆزلىرىمۇ زەخملەنگەنىدى. پۈتۈن بەدىنى ئامبۇر بىلەن قىسىۋاتقاندەك، ئۇستىرا بىلەن گۆشلىرىنى تىلىۋاتقاندەك ئاغرىيتتى. بەزىدە ئاغرىق توختاپ قالغاندا پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، ئاغرىقى يەنە تۇتقىچە قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتەتتى، گېلىدىنمۇ هېچنەرسە ئۆتمەيتتى.

بالا تۇغۇش ئاسان، تۇغماي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىنتايىن ئازاب ئىكەن، قىزىق يېرى، شۇنچە ئاغرىۋېتىپمۇ بۇ بالىنى تۇغالمىغىنىغا ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، قورسىقىدىكى بۇ بالا ئۇنىڭ هاياتىدا تۇغايچۇ دەپ ئويلىغان

بالىسى ئىدى. ئۆزىنىڭ نېمىشقا شۇنداق ئويغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى، لېكىن بەك چارچاپ كەتتى، ئۇنى ئويلاپ تېگىگە يەتكۈدەك مادارى يوق، ئۆلۈم بىلەن قورقۇنچتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىيالمايدۇ، ئۆلۈم ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇدەك، ئۇنى قايتۇرۇۋەتكۈدەك كۈچى يوق. شۇڭا، ئىنتايىن قورقىدۇ، كۈچلۈك بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يېنىدا تۇرۇشىنى خالايدۇ. ئۇ كۈچىگە كېلىپ ئۆلۈم بىلەن ئۆزى ئېلىشقۇچە شۇ ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمنى قوغلىۋېتىپ تۇرسا ياخشى بولاتتى.

ئاغرىق ئازابىدا ئۇنىڭ غەزەپ ۋە ئاچچىقلىرىمۇ يوقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ھازىر رېت باتلېر كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ يوق، ئۇنى ئۇ چاقىرتىپ كېلەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئاشۇ كۈنى ئۆزىنى يەردىن قانداق كۆتۈرۈپ ئالغانلىقى، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكى، قورقۇپ كېتىپ نېگىر ئانىنى چاقىرغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىدە. كېيىنكى ئىشلارنى غۇۋا بىلىدۇ، كېيىن ھوشىدىن كەتتى، ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن بەدىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۆينىڭ ئىچىدە پىچىرلىشىشلار، پىتتىي ھامما يىغلاۋاتقان، دوختۇر مادي جىددىي كۆرسەتمىلەر بېرىۋاتقان، پەلەمپەيدە گۈلدۈرلەپ چىقىپ ـ چۈشۈۋاتقان ئاياغ ئاۋازلىرى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆزلىرىگە بىرخىل نۇر كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن تۇيۇقسىز توۋلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا بىرسىنىڭ ئىسمىنى دېگەندەك بولدى، ئاۋازى پەس چىققاچقا ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمىدى.

ئاۋازى پەس بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى قاراڭغۇراق بىر يەردىن جاۋاب سادا ئاڭلاندى. بۇ، ئۇ ئىسمىنى چاقىرغان ئادەمنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئىدى.

— مەن بۇ يەردە جېنىم، يېنىڭىزدىن ئايرىلمىدىم.

مېلانىيە قوللىرىنى ئۇنىڭ مۇزدەك پېشانىسى ئۈستىگە قويغاندا، ئۆلۈم ۋە ۋەھىمە ئاستا كەينىگە يانغاندەك بولدى،

www.uyghurkitap.com

سىكارلېت كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمەكچى بولدى، لېكىن مۇمكىن بولمىدى. ئۇ خۇددى مېلانىيەنى تۇغۇت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندەك، دەل شۇ چاغدا شىماللىق ئالۋاستىلار كېلىپ قالغاندەك ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. شەھەر ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇ چوقۇم شەھەردىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئەمما، مېلانىيە يەڭگىمەكچى، شۇڭا دەررۇ ماڭالمايۋاتىدۇ، مېلانىيە يەڭگىپ بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشى كېرەك. مېلانىيە ئۇنىڭ مەدىتى بىلەن چىداپ تۇرالايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك، مېلانىيەنىڭ تولغىقى ئۇنى قاتتىق ئازابلاپ كېتىۋاتىدۇ... پۈتۈن بەدىنى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك، ئۈستىرا بىلەن گۆشلىرىنى شىلگەندەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپ تۇتىدىغان ئاغرىق يەنە باشلاندى، يەنە مېلانىيەنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايدۇ.

بەختىمگە دوختۇر مادې بار ئىكەن، ئۇ كەلدى، پويىز ئىستانسىسى تەرەپتىكى ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولسىمۇ ئۇ كەپتۇ. ئۇنىڭ: «كاپىتان باتلېر قېنى؟ ئۇ هازىر جۆيلۈۋاتىدۇ» دېگەن گېپى ئاڭلاندى.

ئۇ كۈنى كېچە بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەتراپ يورۇپ كەتتى، بەزىدە ئۇ بالا تۇغۇۋاتقاندەك، بەزىدە يەنە مېلانىيە بار ئاۋاز بىلەن توۋلاۋاتقاندەك سېزىلىۋاتىدۇ. مېلانىيە يېنىدىن ئايرىلمىدى، قوللىرى شۇنچىلىك مۇزدەك، پىتتىي هامىنىغا ئوخشاش تەنتەك ئەمەس، يا يىغلىمايدۇ. سىكارلېت هەر قېتىم كۆزىنى ئېچىپ: «مېلانىيە قېنى؟» دەپ سورىغاندا مېلانىيەنىڭ جاۋابىنى شۇئان ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ يەنە: «رېت... ماڭا رېت كېرەك» دېگۈسى بار، ئەمما رېتنىڭ ئۆزىنى كېرەك قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدىكەندەك بىلىپ تۇرىدۇ. رېتنىڭ چىرايى ئىندىيانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندە ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا رېت كېرەك، ئەمما رېتقا ئۇ كېرەك ئەمەس.

بىر قېتىم ئۇ: «مېلانىيە قېنى؟» دەپ سورىۋىدى، نېگىر ئانىسىنىڭ: «بۇ مەن، قىزىم !» دېگەن جاۋابى ئاڭلاندى. ئۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سوغۇق لۆڭگىنى قويۇپ تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېت بىتاقەت بولۇپ: «مېلانىيە... مېلانىيە !» دەپ توۋلاپ كەتتى. مېلانىيەدىن خېلىغىچە جاۋاب كەلمىدى. بۇ چاغدا ئۇ رېتنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇراتتى، رېت بولسا غەرق مەست ئىدى. بېشى مېلانىيەنىڭ تىزلىرىدا، يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھەدەپ يىغلايتتى.

مېلانىيە ھەرقېتىم سىكارلېتنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنى ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ سىكارلېتنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرەتتى. ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان، ھەر يەردە تاماكا قالدۇقى، تەخسىلەردە قول تەگمىگەن تاماقلار، كارىۋاتنىڭ ئۈستى قالايمىقان، ئورۇن - كۆرپىلەر يىغىلمىغان، رەتسىز. رېتمۇ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ ئورۇقلاپ قالغاندەك، تىنماي تاماكا چېكەتتى، مېلانىيە كىرگەندە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. مېلانىيە ئىشىكنىڭ تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپ: «ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئەھۋالى ناچار» ياكى «ياق، ئۇ سىزنى تېخىچە سوراپ قويمىدى. تىڭشاڭە، يەنە جۆيلۈۋاتىدۇ» دەپ قوياتتى، يا بولمىسا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈۋەتمەڭ، كاپىتان باتلېر، سىزگە بىر چىنە قىزىق قەھۋە دەملەپ بېرەي، ئازراق بىر نەرسىمۇ يەۋېلىڭ، بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز سالامەتلىكىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز» دەيتتى.

بەزىدە ئۆزى قاتتىق چارچاپ، ئۇيقۇسى كېلىپ، پۈتۈن بەدىنى كۆيۈشۈپ تۇرسىمۇ رېتقا ئىچى ئاغرىپ كېتەتتى. كىشىلەر نېمىشقا ئۇنىڭ شۇنچىلىك يامان گېپىنى قىلىدىغاندۇ؟ ئۇنى رەھىمسىز، زالىم، سىكارلېتقا سادىق ئەمەس، دېيىشىدۇ. مېلانىيە بولسا ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭغا باشقا چاغلاردىكىدىن بەكرەك غەمخورلۇق قىلىۋاتاتتى، سىكارلېتنىڭ كېسىلىنىڭ يېڭى ئەھۋالىنى پات ـ پات يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئەھۋالى ھۆكۈم كۈتۈپ تۇرغان جىنايەتچىگە... ئەتراپىنى دۈشمەن قاپلىۋالغانلىقىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالغان كىچىك بالىغا ئوخشايتتى. بىراق، مېلانىيەنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئادەم كىچىك بالىغا ئوخشاش ئىدى.

لېكىن، مېلانىيە ئاخىر سىكارلېتنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا خۇشال كىرگەندە رېتنى بۇ ئەھۋالدا كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى: رېت كارىۋات يېنىدىكى كىچىك ئۈستەلگە يېرىم بوتۇلكا ۋىسكىنى قويۇۋالغان، ئۆينىڭ ئىچى تاماكىنىڭ ئىسى بىلەن توشقان. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالاڭلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى، چىشلىرىنى مەھكەم چىشلىۋالغان بولسىمۇ، ئېڭىكى توختىماي تىترەپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئۇ ئۆلدىمۇ؟

— ھە، ياق، ھازىر ياخشى بولۇپ قالدى.

رېت: «ئاھ، خۇدا!» دېدى ـ دە، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مېلانىيە ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ خۇددى قاتتىق مۈزلاپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئارقىدىنلا مېلانىيەنىڭ ئىچ ئاغرىتىشلىرى قاتتىق قورقۇنچقا ئايلاندى، چۈنكى رېت يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. مېلانىيە ئەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ رېتقا ئوخشاش ئىرادىلىك ئەرلەرنىڭ يىغلىغانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئېسەدەشلىرى مېلانىيەنى ئەنسىرىتىپ قويدى، ئۇنى مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلىدى. مېلانىيە مەستتىن بەك قورقاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە كۆزلىرىنى كۆرۈپ، ئىشىكنى يېپىپ تېز ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ يىغلاپ باققان ئەرلەرنى كۆرمىگىنى بىلەن يىغلىغان كىچىك

بالىلارنى كۆپ بەزلىگەنىدى، شۇڭا بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوش تەگكۈزۈپ قويىدى. شۇ ئارىلىقتا رېت ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئىككى قوللاپ تۇتتۇۋالدى. مېلانىيە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى، رېت بېشىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويۇۋېلىپ ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

مېلانىيە ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— بولدى. بولدى، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېلانىيەنى تېخىمۇ قاتتىق تۇتۇۋالدى. خۇددى سىرلىق بىرسىگە قاراپ سۆزلەۋاتقاندەك بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەيتتى. يەنە خۇددى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ئەھۋالنى دەۋاتقاندەك، مېلانىيەگە رەھىمسىزلىك بىلەن ئىچ ـ قارنىنى تۆكۈۋاتاتتى. مېلانىيە دەسلەپتە چۈشەنمىدى، گەپلىرى بەزىدە ئېنىق، بەزىدە تۇتۇق ئىدى. ئازابلىق توۋا ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەشتىن باشقا گەپ يوق ئىدى. ئۇ مېلانىيە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، ئاياللارمۇ دېمەيدىغان سىرلىرىنى سۆزلەيتتى. مېلانىيە ئاڭلاپ بەزىدە ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كېتەتتى ۋە ئۇنىڭ بۇنچىلىك سەمىمىيلىكىدىن تەسىرلىنىپمۇ قالاتتى.

ئۇ خۇددى بېئونى بەزلىگەندەك ئۇنىڭ بېشىغا بوش شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— بولدى، كاپىتان باتلېر، ماڭا بۇ گەپلەرنى دېمەڭ، بولدى قىلىڭ! — دەپ قوياتتى. لېكىن، ئۇ توختىمايتتى، خۇددى مېلانىيەنىڭ ئېتەكلىرىگە ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى يوشۇرۇنغاندەك، ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ سۆزلەپ تىنمايتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان نۇرغۇن ئەسكى ئىشلىرىنى دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، مېلانىيە بولسا ئۇ گەپلەرنىڭ بىرسىنىمۇ چۈشەنمەيتتى، بىللى ۋاتلىنىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئارقىدىن مېلانىيەنى ئىككى تەرەپكە تېخىمۇ قاتتىق چايقاپ تۇرۇپ ئۈنلۈك توۋلاپ كەتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— بىلەمسىز، سىكارلېتنى مەن ئۆلتۈردۈم، ئەسلىدە ئۇ قورسىقىدىكى بالىنى ئالمايمەن دېگەن، يەنە...

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! سارالڭ بولدىڭىزمۇ! ئالمايمەن دېگەن قانداق گەپ؟ ھەرقانداق ئايال ئۇنداق گەپ قىلمايدۇ...

— ياق! ياق! سىز ئالىسىز، ئۇ ئالمايدۇ، مېنىڭ بالامنى ئالمايدۇ...

— بولدى، گەپ قىلماڭ!

— سىز بىلمەيسىز، ئۇنىڭ بالا تۇغقۇسى يوق ئىدى، مەن مەجبۇرلاپ قورسىقىدا قالغان. بۇ... بۇ بالا... ھەممىگە مەن ئەيىبلىك. ئىككىمىزنىڭ بىللە بولۇپ باقمىغىنىمىزغا ئۇزاق بولغان...

— مەن مەست بولۇپ قالغان، ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن، ئۇنىڭغا قەستەن ئەسكىلىك قىلدىم ... ئاۋۋال ئۇ ماڭا ئەسكىلىك قىلغان. مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم... راست دەۋاتىمەن... لېكىن ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىدى. ئەزەلدىن شۇنداق، مەن خېلى تىرىشتىم... كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى گەپ قىلماڭ!

— لېكىن، بۇ بالىنىڭ ئىشىدىن زادىلا خەۋىرىم يوق ئىدى. ئالدىنقى كۈنگىچە... پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشكۈچە بولغان ئارىلىققىچە. ئۇ مېنىڭ نەدىلىكىمنى بىلمەيتتى، شۇڭا ماڭا خەت يازالمىغان... ئۇ مېنىڭ نەدىلىكىمنى بىلسىمۇ خەت يازمايتتى. سىزگە دېسەم... سىزگە دېسەم، مەن ئاڭلىغان بولسام دەررۇ قايتىپ كېلەتتىم... بىلگەن بولسام‌لا... كېلىشىمنى خالىمىسىمۇ كېلەتتىم.

— شۇنداق، مەنمۇ سىزنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

— ئاھ، خۇدا، بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەن سارالڭ بولدۇم، ھەم مەست، ھەم سارالڭدەك يۈردۈم. ئۇ ماڭا ئاشۇ پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ دېگەن... مەن قانداق قىلدىم، نېمىلەرنى دېدىم،

بىلەمسىز؟ مەن كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۆزىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ، بولمىسا بويىڭىزدىن ئاجراپ كېتىمدۇ» دېدىم. يەنە...

مېلانىيەنىڭ چىرايى شۇئان ئاقىرىپ، كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى. خۇددى بىر نېمىدىن قورققاندەك، تىزى ئۈستىدە ئازاب بىلەن تولغىنىپ تۇرۇۋاتقان قايقارا باشقا قاراپلا قالدى، ئوچۇق دېرىزىدىن قۇياش نۇرى ئۆينىڭ ئىچىگە چۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى. مېلانىيە ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئاجايىپ يوغان ۋە كۈچلۈكلۈكىنى، قوللىرىنىڭ دومبىسىدىكى تۈكلەرنىڭ قويۇقلۇقىنى بايقاپ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇلارغا قارىماسلىققا تىرىشتى. ئەمما، ئۇلار زالىملىق، رەھىمسىزلىك، ئەمما يەنە يۇمشاقلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىكى ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ ئاشلىپي بىلەن سىكارلېتنىڭ ئۈستىدىن چىققان يالغان گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولسا، سىكارلېتنى ئاشلېيدىن كۈنلەپ قالغانمىدۇ؟ ئۇ ئاشۇ رەسۋا گەپلەر تارقالغان چاغدىلا بۇ شەھەردىن كەتكەن ئەمەسمۇ؟ ياق... ئۇنداق ئىش يوق. كاپىتان باتلېر ئەزەلدىن ماڭىمەن دېسە ماڭىدىغان، قاچانلا بولسا سىرتقا چىقىپ كېتىۋېرىدىغان ئادەم. ئۇ ئۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. ئادەملەرگە ئەقىل - ھوشى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش شۇنىڭدىن چىققان بولسا ئۇ ئاشلېينى ئۆلتۈرۈۋەتمەمتى؟ ياكى ئۇلاردىن بۇ ئىشقا ئېنىق بىر نېمە دېيىشنى تەلەپ قىلمامدۇ؟

ياق، ھەرگىز ئۇ ئىشتىن ئەمەس. مەستچىلىكتە ئۆزىنى باشقۇرالماي ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتقان گەپ. ئەرلەرمۇ ئاياللارغا ئوخشاش كىچىككىنە بىر ئىش تەسىر قىلسا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. چوقۇم ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان بىر ئىش بار. ئىككىسى ئازراق دېيىشىپ قالغان بولسا، شۇنىڭغا چىدىماي چىققان ئىشتۇ بەلكىم. ئۇنىڭ ماڭا دېگەنلىرى راست بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئاخىرقى گېپى راست، چوقۇم شۇنداق دەپتۇ. خوتۇننى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرىدىغان ھەرقانداق ئەر كىشى ئۇنداق گەپ قىلمايدۇ. بولمىسا ئۇ سىكارلېتنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىكەن. مېلانىيە نېمىنىڭ رەزىللىك، نېمىنىڭ رەھىمسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بۇگۈن تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ۋە ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى بىر نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

— بولدى، بولدى! — دېدى ئىنچىكە ۋە مۇلايىم ئاھاڭدا ئۇ، — ئەمدى گەپ قىلماڭ، ھەممىنى چۈشەندىم.

رېت بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى، ئاندىن ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ شۇنداق دېدى:

— ياق، خۇدا تۇرۇپتۇ، سىز مېنى چۈشەنمەيسىز، چۈشىنەلىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، سىز... چۈنكى سىز بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، شۇڭا مېنى چۈشىنەلمەيسىز. سىز گەپلىرىمگە ئىشەنمەيسىز، ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست. مەن بىر ئىت، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ مەن ساراڭ بولدۇم، كۈنداشلىقتىن ساراڭ بولدۇم. ئۇ مېنى بۇرۇندىن ياخشى كۆرمەيتتى، مەن ئۇنى مېنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالايمەن دەپ ئويلايتتىم. لېكىن ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىدى. مېنى سۆيمىدى، ئەزەلدىن سۆيمەيتتى، ئۇنىڭ سۆيىدىغىنى...

ئۇنىڭ مەست ـ ئەلەس كۆزلىرى مېلانىيەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، خۇددى ئۆزىنىڭ كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمدىلا بىلگەندەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. مېلانىيەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا تەمكىن قىياپىتى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان ھەم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە پېتىنالمىغان ھالىتى بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تۇرغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان

سەبىيلىك بىلەن سەممىيلىك خۇددى كاچىتىغا شاپىلاق سالغاندەك رىتىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ھاراقنىڭ كەيپىمۇ، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاشلارمۇ بىراقلا يوقالدى، كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قىچىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاشقا، گەپ تاپالماي قېلىۋاتقان كىچىك بالىدەك كۆزلىرى چىمچىقلاشقا باشلىدى. ئىنىقكى، ئۇ ناھايىتى تەستە ۋە ناھايىتى ئاستا ئېسىگە كېلىۋاتاتتى.

— مەن ئەسكى، — دېدى ئۇ بېشىنى قايتىدىن مېلانىيەنىڭ تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ، — ئەمما ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەمەس. ئەگەر مەن بۇرۇن سىزگە ھازىرقىدەك گەپلەرنى قىلغان بولسام سىز ئىشەنمەيتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟ سىز بەك ياخشى ئايال، شۇڭا ماڭا ئىشەنمەيسىز. بۇرۇن مەن ھەقىقىي ياخشى ئادەمنى پەقەتلا ئۇچرىتىپ باقمىغان. سىز ماڭا ئىشەنمەيتتىڭىز، توغرىمۇ؟

— ياق، سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن، — دېدى مېلانىيە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك تەلەپپۇز بىلەن، — ئۇ ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. بولدى، كاپىتان باتلېر، يىغلىماڭ، ئۇ چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

## ئەللىك يەتتىنچى باب

بىر ئايدىن كېيىن، رېت سكارلېتنى جونېسبوروغا يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ باردى. سكارلېت تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن، چىرايى سېرىق، ئورۇق ئىدى. ۋاد بىلەن ئېللامۇ بىللە كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى، ئۇلار ئانىسىنىڭ تىنچ ۋە تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا پات - پات قارىشىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە يۈرەكلىرى ئاپىسى بىلەن ئۆگەي دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق غەيرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتى ئىچىدە مەلۇم بىر قورقۇنچلۇق نەرسىنىڭ بارلىقىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

سىكارلېت ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، تاراغا قايتىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاتلانتادا بىر كۈن ئارتۇق تۇرىدىغان بولسا، شۇ كۈنىنىڭ ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈرىكى هازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئەھمىيەتسىز خىياللار بىلەن قاتتىق داۋالغۇپ، ئۇنىڭ ئازابىغا پەقەتلا چىدىماي قېلىۋاتاتتى. تېنىدە كېسەل بار، روھى قاتتىق چارچىغان، خۇددى چۈشىدە ماكانىنى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرگەن كىچىك بالىدەك بولۇپ قالغانىدى.

ئىلگىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەندىن قورقۇپ ئاتلانتادىن قاچقانغا ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ ئۇ شەھەردىن قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئامال بار هازىرقى قايغۇ ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ، ئىلگىرىكىدەك ئۆزىنى قوغداش چارىسى بىلەن: «هازىر ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئويلىماي، بولمىسا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئەتە تاراغا يېتىپ بارغاندا ئويلاي، ئەتە باشقا بىر كۈن باشلىنىدۇ» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى ئېيتاتتى. خۇددى تاراغا، ئۆزىنىڭ جىمجىت ماكانىدىكى كېۋەزلىكلەرگە يېتىپ بېرىۋالسا بارلىق قايغۇ ـ ئەلەملىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك، پارچە ـ پۇرات، قالايمىقان خىياللىرىنى رەتلەپ پايدىلىق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋالالايدىغاندەك ئويلاپ كېتىۋاتاتتى.

رېت پويىز قوزغىلىپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە جايىدىن مىدىرلىمىدى. ئۇ چوڭقۇر خىيال ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى، چىرايىدا خۇشاللىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. پەيتونتى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىندى ۋە ئىچىگە قاتتىق بىر تىنىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇدۇل مېلانىيەنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى.

بۇگۈن يازنىڭ ئىللىق بىر ئەتىگىنى ئىدى، مېلانىيە ئۇزۇم بارىڭىنىڭ ئاستىدا ئىش تىكىپ ئولتۇراتتى، رېت باتلېرنىڭ ئاتتىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. رېت ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر

ياندا تۇرغان قاۋۇل بىر نېگىر بالىسىغا تۇتقۇزۇپ ئۆزى بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. مېلانىيە، نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈندىن بېرى رېت بىلەن يالغۇز پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. سكارلېت داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە مېلانىيە ئۇنىڭ بىلەن ئاندا ـ ساندا پاراڭلىشىپ تۇرغان، ئەمما كۆزلىرىگە دادىل قارىيالمىغان، رېت بۇرۇنقىدەكلا تەمكىن تۇرىۋەرگەن. گەپ ـ سۆز ۋە كۆزلىرى بىلەن ئاشۇ كۈندىكى گەپلەر توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلىندۈرمىگەنىدى. ئاشلىي، ئەرلەر مەست بولۇپ قالغاندا قىلغان گەپلىرى بىلەن ئىشلىرىنى كېيىن زادىلا ئېسىگە ئالالمايدۇ، دېگەندەك بىر گەپنى قىلغانىدى، شۇڭا مېلانىيە كاپىتان باتلېرنىڭ شۇ كۈنى قىلغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇ گەپلىرىنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى پەقەتلا بىلىشنى ئويلىمايتتى. رېت ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقاندا مېلانىيە ئوڭايسىزلىنىپ ئازراق قورققاندەك بولدى ھەم قىزىرىپ كەتتى. بەلكىم ئۇ بېئو كۈندۈزلىرى بونني بىلەن بىللە ئوينىسىكەن دېگەن گەپ بىلەن كەلگەندۇ. ئىشى يوق، شۇ كۈنكى ئىشلىرى ئۈچۈن مېلانىيەگە رەھمەت ئېيتقىلىغۇ كەلمىگەندۇ.

مېلانىيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا شۇنچە بەستلىك ئادەمنىڭ شۇنچىلىك يەڭگىل قەدەم بىلەن مېڭىشىغا ھەيرانمۇ بولدى.

— سكارلېت ماڭدىمۇ؟

— ماڭدى، تارانىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىسى بار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋابەن، — بەزىدە ئۇنى پالۋان ئانتۇسنىڭ[1] زېمىن ئانىسىنىڭ باغرىنى قۇچاقلىغان ھامان كۈچكە تولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئوخشىتىمەن. سكارلېتنى ئۆزى سۆيىدىغان تۇپراقتىن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

① ئانتۇس يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى زور پالۋان، زېمىن ئوغلى. ئۆز ئانىسى بولغان زېمىندىن ئايرىلمىسىلا ئۇنى ھېچقانداق كۈچ يېڭەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇق ئۆسكەن كېۋەزلەر ئۇنىڭغا مادىي دوختۇرنىڭ دورىسىدىنمۇ بەكرەك شىپا بولىدۇ.

— ئورۇندۇق قويۇپ بېرەي، ئولتۇرامسىز؟ — مېلانىيەنىڭ قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. رېت بەكمۇ قاۋۇل ئەر ئىدى. مېلانىيە ئالاھىدە قاۋۇل ئەرلەرنى كۆرسە دائىم مۇشۇنداق تەمتىرەپ قالاتتى. ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىدىن بىرخىل كۈچ ۋە تازا گۈللەۋاتقان ھايات ئېلېمېنتلىرىنى تارقىتىۋاتقاندەك، مېلانىيە ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقىدىنمۇ ئاجىز ۋە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. مۇشۇنداق بىر ئەرنىڭ ھېلىقى كۈنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى ھازىر ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئۇنىڭ قارا چاچلىق بېشىنى تىزلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرغانىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — مېلانىيە شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز گەپ قىلىپ سالدى. ئىككى مەڭزىمۇ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

— مېلانىيە خانقىز، — دېدى رېت بوش ئاۋازدا، — مەن سىزگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويدۇممۇ؟ مېنى بۇ يەردىن كەتسىكەن، دەپ ئويلاۋاتامسىزيا؟ ئوچۇقىنى دەۋېرىڭ.

«ھە، ئۇنىڭ ئېسىدە بار ئىكەن، — ئويلىدى مېلانىيە، — شۇڭا مېنىڭ خىجىل بولۇۋاتقىنىمنى دەررۇ بىلىۋالدى.»

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا خۇددى يالۋۇرۇۋاتقاندەك قاراپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا بىردىنلا خىجىل بولۇشلار بىلەن تەمتىرەشلەر ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. رېتنىڭ كۆزلىرى تىنچ، مۇلايىم، ئادەمنىڭ دەردىگە يېتىدىغاندەك چاقناپ تۇراتتى، مېلانىيە ئۇ كۆزلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىق قىلىپ تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىگە ھەيران قالدى. رېتنىڭ چىرايى ھارغىن ئىدى، يەنە ئازراق قايغۇ - ھەسرەتمۇ چىقىپ تۇراتتى. مېلانىيەنىڭ مۇشۇنداق بىر ئادەمنى تەربىيە كۆرمىگەن، ئۇنتۇپ

كېتىشكە تېگىشلىك ئۇ ئىشلارنى قايتا تىلغا ئالىدۇ، دەپ ئويلىغىنى نېمىسى؟

بىچارە ئادەم، سىكارلېت ئۇچۇن غەم قىلىپ مۇشۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدى مېلانىيە. ئارقىدىنلا:

— ئولتۇرۇڭ، كاپىتان باتلېر، — دېدى.

رېت ئورۇندۇقتا ئېغىر ئولتۇرۇپ، مېلانىيەنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپ قويدى.

— مېلانىيە خانقىز، چوڭ بىر ئىشتا سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج بولۇپ كېلىۋىدىم، — دېدى رېت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بىر ئالدامچىلىق ئۈچۈن ياردەم بېرىسىز. بۇ ئالدامچىلىقنى ئاڭلىسىڭىز قورقۇپ كېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

— ئالدامچىلىق؟

— شۇنداق، گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، سىز بىلەن بىر سودا توغرۇلۇق پاراڭلاشماقچىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇنداق بولسا سىز ۋىلكېس ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىڭ، مەن سودا ئىشلىرىنى قىلچە بىلمەيمەن، سىكارلېتتەك ئۇنچىلىك چېۋەر ئەمەس.

— سىكارلېتنىڭ چېۋەرلىكى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى رېت، — شۇڭا بۇ ئىشنى سىز بىلەن پاراڭلىشىشنى ئويلىدىم. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر. تارادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە شۇ دۇكىنى ۋە زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ دۇكان بىلەن زاۋۇتلارنى بىرسى پارتلىتىۋەتسىكەن دەپمۇ ئويلاپ كېتىمەن. مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرەيمەن، مېلانىيە خانقىز.

— شۇنداق، ئۇمۇ بۇ ئىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنى ئۇ ئىشلىرىنى تاشلاشقا، سالامەتلىكىنى ئاسراشقا مەجبۇرلىسىڭىز بولىدۇ.

رېت كۈلۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ قانچىلىك جاھىل ئىكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بىرىنچى بولۇپ دەتالاش قىلمايمەن. ئۇ خەقنىش بالىنىڭ ئۆزى، مېنىڭ ياردىمىمنىمۇ خالىمايدۇ، باشقىلار ياردەم بېرەي دېسىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭغا زاۋۇتلىرىنىڭ پاي چەكلىرىنى سېتىۋېتىش توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقتىم، لېكىن گېپىمنى ئاڭلىمىدى. شۇڭا، مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سىز بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كېلىشىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۇ زاۋۇتلىرىنى پەقەت ۋىلكېس ئەپەندىگىلا سېتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلىمەن، باشقىلارغا ھەرگىز ساتمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ۋىلكېس ئەپەندى سېتىۋالسۇنمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

— ھە، ئۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق... — مىلانىيە بىردىنلا لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى. ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئادەمگە پۇل توغرۇلۇق گەپ قىلسا بولمايدۇ - دە. ئاشلېينىڭ تاپقان پۇلى خىراجەتكە يەتمەيۋاتسا، ئۇنىڭدىن ئېشىنىش يوق گەپ. مېلانىيەنىڭمۇ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق بېشى قاتاتتى. ئاشلېينىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغان پۇلى ئۆينىڭ خىراجىتىگە ئاران يېتەتتى، ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق چىقىم قىلىدىغان ئىش چىقىپ قالسىلا خىراجەتتە جىددىيلىشىپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ داۋالىنىشىغىمۇ نۇرغۇن پۇل كەتتى، ھازىر ئاشلېينىڭ نيۇيوركقا زاكاز قىلىپ قويغان كىتابلىرى بىلەن ئۆي جاھازلىرىغا تۆلەيدىغان پۇل يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، يەر ئاستى ئۆيىدە يېتىۋاتقان يېتىم بالىلارنىڭ قورسىقى بىلەن كىيىملىرىگىمۇ پۇل كېرەك. يەنە تېخى ئاشلېينىڭ قولى ئوچۇقلۇق قىلىپ، جەنۇب ئىتتىپاقى ئارمىيەسىگە قاتناشقان ئادەملەردىن كىملا پۇل سورىسا بېرىپ تۇرۇشلىرى بار. يەنە...

— ئۇ زاۋۇتلارنى سېتىۋالىدىغان پۇلنى مەن سىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراي، — دېدى رېت.

— ئۇنداق قىلسىڭىزغۇ ياخشى بولاتتى، ئەمما ئۇ پۇلىڭىزنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولالماسلىقىمىز مۇمكىن.

— قايتۇرمىساڭلارمۇ مەيلى. پەقەت سىكارلېت ھەر كۈنى جاپا تارتىپ زاۋۇتمۇ زاۋۇت قاتراپ يۈرمەيدىغانلا ئىش بولسا، قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇنىڭغا ئاشۇ دۇكاننىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشىدۇ... مېنىڭ مەقسىتىمنى تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامسىز؟

— ھە... ھە... چۈشەندىم... — مېلانىيە بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

— ئوغلىڭىزغا تايدىن بىرنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلايسىز، شۇنداقمۇ؟ كەلگۈسىدە ئۇنى يەنە ھاۋۇر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا، ياۋروپاغا ساياھەتلەرگىمۇ ئەۋەتمىدىغانسىز؟

— ئەلۋەتتە، — مېلانىيە خۇشال ۋارقىراپ كەتتى. بېئونىڭ گېپى چىقسىلا ئۇ ئالاھىدە ئېچىلىپ كېتەتتى، — ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى بولسىكەن دەپ ئويلايمەن، بىراق... ھازىر ھەممە ئادەم قىيىنچىلىق تارتىۋاتىدۇ.

— ۋىلكېس ئەپەندى ھامان بىر كۈنى ئۇ زاۋۇتلاردىن نۇرغۇن پايدا تاپىدۇ، — دېدى رېت، — مەن بېئونىڭ ئاشۇ ئەۋزەل شارائىتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

— كاپىتان باتلېر، سىز تازىمۇ قۇۋ ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى مېلانىيە كۈلۈپ كېتىپ، — سىز بىر ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان ئىپتىخارىدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتىسىزغۇ؟ مەن سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى چۈشىنىپ بولدۇم.

— سىزنىڭ مېنى ئۇنداق چۈشەنمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى رېت. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم نۇرلىنىپ كەتتى، — ئېيتىڭا، سىز مەن بېرىپ تۇرماقچى بولغان پۇلنى ئالامسىز، ئالمامسىز؟

— بۇ ئالدامچىلىقنى قانداق ئېلىپ بارماقچىسىز؟

— ئىككىمىز بىرلىشىپ سىكارلېت بىلەن ئاشلېينى ئالدايمىز.

— ھە ! ۋاي خۇدايىمەي، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئەگەر سكارلېت ئۆزىگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ، مېنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىمنى بىلىدىغان بولسا... ئۇنىڭ مىجەزىنى سىزمۇ بىلىسىز... مەن يەنە ۋىلكېس ئەپەندىنىڭ مېنىڭ ياردىمىمنى رەت قىلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، ئىككىلىسى بۇ پۇلىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەسلىكلىرى كېرەك.

— ناۋادا ۋىلكېس ئەپەندى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، چۈنكى ئۇمۇ سكارلېتنى ئاسراشنى ئويلايدۇ.

— شۇنداق، مەنمۇ ئۇنىڭ سكارلېتنى ئاسرايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى رېتمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن، — ئەمما ئۇ رەت قىلىدۇ. ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەكەببۇر ئىكەنلىكى سىزگىمۇ مەلۇم.

— ياق ! — مېلانىيە بوش توۋلاپ كەتتى، — مەن، كاپىتان باتلېر، ئېرىمنى ئالدىيالمايمەن.

— سكارلېت ئۈچۈن بولسىمۇ شۇنداق قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ — رېتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولدى، — ئۇ سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغۇ؟

مېلانىيەنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— سىزمۇ بىلىسىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىنىڭ يېرىمىنىمۇ ئۆمۈرۋايەت قايتۇرۇپ بولالمايمەن.

— ئۇ شۇنداق، — دېدى رېت ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، — ئۇنىڭ سىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەنمۇ بىلىمەن. ۋىلكېس ئەپەندىگە بۇ پۇلنى مەلۇم بىر تۇغقىنىڭىزنىڭ مىراس قالدۇرغانلىقىنى دېسىڭىز بولارمۇ؟

— كاپىتان باتلېر، ماڭا بىرەر تۇغقىنىمىز بىر تىيىنمۇ مىراس قالدۇرۇپ باقمىغان.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇ پۇلنى پوچتا ئارقىلىق ۋىلكېس

ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتەي، كىم ئەۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىسۇن،
شۇ پۇل بىلەن ئۇ زاۋۇتلارنى سېتىۋېلىشنى خالامسىز؟ ئەمما ئۇ
پۇل جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىيدىن قايتقان كەمبەغەل
ئەسكەرلىرىگە ئىشلىتىلىپ كەتمىسۇن.

ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى گېپى ئاشلىيغا قىلىنغان تەنە گەپتەك
بىلىنىپ كېتىپ مېلانىيە سەل خاپا بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ
كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، خالايمەن.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇنمۇ؟ بۇ مەخپىيەتلىكنى ھەر
ئىككىمىز ئوبدان ساقلايلى، ماقۇلمۇ؟

— بىراق، مەن مۇشۇ كەمگىچە ئېرىمدىن سىر ساقلاپ
باقمىغان.

— بۇنىڭغا مەن ئىشىنىمەن، مېلانىيە خانقىز.

مېلانىيە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئادەمگە ئەزەلدىن
توغرا قاراپ كەلگەنلىكىنى، باشقا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇنداق
قىلالمىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنى رەھىمسىز،
مەسخىرىۋاز، ئەدەپسىز، ھەتتا سەممىي ئەمەس، دېيىشكەنىدى.
ئەمدى ھازىر ئادىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇن ئۇنىڭغا قارىتا
خاتا قاراشتا بولغانلىقىنى ئىقرار قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇ بولسا ئۇنى
دەسلەپ كۆرگەندىلا ياخشى دەپ باھا بەرگەن، يا ئۇ ئۇنىڭغا بىر
نەرسە بېرىپ باققىنى يوق. ئۇ سىكارلېتنى قانداق ياخشى
كۆرىدۇ ـ ھە. مۇشۇنداق چارىلەرنى ئويلاپ تېپىپ سىكارلېتنىڭ
ئۈستىدىكى بىھۇدە يۈكلەرنى يەڭگىللەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ،
نەقەدەر ئېسىل پەزىلەت بۇ !

— سىكارلېت سىزدەك ياخشى ئېرى بولغانلىقى بىلەن
بەختلىك ! — دەۋەتتى ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي.

— سىز شۇنداق ئويلامسىز؟ ئۇ بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلىسا
قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. سىزگە يەنە شۇنىمۇ دەپ قويای،
مېلانىيە خانقىز، مېنىڭ ھازىر سىزگە بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىرىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىكارلېتقا بەرگىنىمدىنمۇ كۆپ.

— ماڭا؟ — مېلانىيە ھەيران قالدى، — ھە، بېئوغا بەرمەكچى دېمەكچىمۇسىز؟

رېت شىلەپىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېلانىيەنىڭ ئاددىي چىرايىغا بىردەم جىمجىت قاراپ تۇرۇپ كەتتى، قارا كۆزلىرىدىن ئەستايىدىللىقى بىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. غۇبارسىز بۇ ئاددىي چىراي دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن پەقەتلا سەگەك ئەمەس ئىكەن ـ دە.

— ياق، بېئوغا ئەمەس، سىزگە بېئودىنمۇ مۇھىم بىر نەرسىنى بەردىم دەپ ئويلايمەن. تەسەۋۋۇر قىلالىدىڭىزمۇ، يوق، بىلمىدىم.

— ياق، تەسەۋۋۇ قىلالمىدىم، — مېلانىيە يەنە بىر قېتىم تەئەججۇپلەندى، — مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادا بېئودىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق، ئا... ۋىلكېس ئەپەندىدىن قالسا.

رېت ئۇنىڭغا ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇراتتى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى تولىمۇ خاتىرجەم ئىدى.

— سىزنىڭ مەن ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلماقچى بولغىنىڭىز بەكمۇ ئوبدان بولدى، كاپىتان باتلېر. راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ بەختىمۇ ماڭا يېتەرلىك. مەندە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئايال ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دېدى رېت، چىرايىمۇ شۇئان تۇرۇلدى، — شۇ نەرسىلىرىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

سىكارلېت تارادىن كېسەللى ساقىيىپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، سەمرىپ قايتىپ كەلدى، كۆپكۆك كۆزلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك چاقناپ تۇراتتى. ۋاد بىلەن ئېللامۇ قايتىپ كەلگەنىدى. رېتنىڭ شىلەپىسىدە ئىككى توخۇ پېيى قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. بونىېنىڭ ئۇستىدە كىيگىنىگە

بىرنەچچە كۈن بولغان، ئۇ يەر ـ بۇ يېرى يىرتىق ئۇزۇن چاپان بار ئىدى. ئىككى مەڭزىگە دۈگىلەك ئىككى سىزىق سىزىپ قويۇپتۇ، چېچىدا ئۆزىنىڭ بويىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك ئۇزاق بىر توز پېيى قىستۇرۇقلۇق تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئىندىيانلارنىڭ ئويۇننى ئويناۋاتقاندا پويىزنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قېلىپ ئالدىراپلا بۇ يەرگە يۈگۈرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ قىزىم مەيىنەت سەرگەردان بالىلارنىڭ ئۆزى بوپتۇغۇ! — سكارلېت ئاچچىق ھەم كۈلكە ئارىلاش سۆزلەپ بوننېنى سۆيۈپ قويدى. ئارقىدىن رېتقا مەڭزىنى تۇتۇپ بەردى. پويىز ئىستانسىسىدا ئادەم كۆپ بولۇپ قالدى، بولمىسا ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۆزىنى سۆيدۈرمەيتتى.

ئۆيگە بارغۇچە سكارلېت پۈتۈن ناھىيەدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى، كېۋەزلەرنىڭ بۇ يىل ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما پاختا باھاسىنىڭ بۇ يىل چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى، سۇئېللېننىڭ يەنە تۇغقانلىقىنى، ئېللاننىڭ ئۇنىڭ قىزىنى چىشلىۋالغانلىقىنى، بالا ئارىسىغا كىرىپ سۇئېللېن بىلەن ئۆزىنىڭ سوقۇشقانلىقىنى، ۋادىنىڭ بىر سۇ يىلىنىنى ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، قوشنىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى، كىمنىڭ كىم بىلەن توي قىلغانلىقى، كىمنىڭ ھازىر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى تىنماي سۆزلەپ ماڭدى.

لېكىن، ئاڭلىسا ئادەم بىئارام بولىدىغان بەزى ئىشلارنى سۆزلىمىدى. ئۇ ۋىل بىلەن پەيتونغا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلانغان، ئۇ يەرلەردىكى مىڭلاپ گېكتار يەرلەرنىڭ تېرىلماي ئاق تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئۇ ئىشلارنى ئەسلىسە كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولاتتى. پايانسىز تېرىلغۇ يەرلەر ئورمانغا، خارابىلىككە، ياۋا ئوت ـ چۆپلۈككە ئايلىنىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يۈزدە بىر پىرسەنتىگە زىرائەت تېرىلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىكارلېتقا بەرگىنىمدىنمۇ كۆپ.

ــ ماڭا؟ ــ مېلانىيە ھەيران قالدى، ــ ھە، بېئوغا بەرمەكچى دېمەكچىمۇسىز؟

رېت شىلەپىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېلانىيەنىڭ ئاددىي چىرايىغا بىردەم جىمجىت قاراپ تۇرۇپ كەتتى، قارا كۆزلىرىدىن ئەستايىدىللىقى بىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. غۇبارسىز بۇ ئاددىي چىراي دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن پەقەتلا سەگەك ئەمەس ئىكەن ـ دە.

ــ ياق، بېئوغا ئەمەس، سىزگە بېئودىنمۇ مۇھىم بىر نەرسىنى بەردىم دەپ ئويلايمەن. تەسەۋۋۇر قىلالىدىڭىزمۇ، يوق، بىلمىدىم.

ــ ياق، تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم، ــ مېلانىيە يەنە بىر قېتىم تەئەججۇپلەندى، ــ مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادا بېئودىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق، ئا... ۋىلكېس ئەپەندىدىن قالسا.

رېت ئۇنىڭغا ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇراتتى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى تولىمۇ خاتىرجەم ئىدى.

ــ سىزنىڭ مەن ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلماقچى بولغىنىڭىز بەكمۇ ئوبدان بولدى، كاپىتان باتلېر. راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ بەختمۇ ماڭا يېتەرلىك. مەندە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئايال ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار.

ــ ئۇنداق بولسا ياخشى، ــ دېدى رېت، چىرايىمۇ شۇئان تۇرۇلدى، ــ شۇ نەرسىلىرىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

سىكارلېت تارادىن كېسىلى ساقىيىپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، سەمرىپ قايتىپ كەلدى، كۆپكۆك كۆزلىرىمۇ پورۇلداپ چاقناپ تۇراتتى. ۋاد بىلەن ئېللامۇ قايتىپ كەلگەنىدى. رېتنىڭ شىلەپىسىدە ئىككى توخۇ پېيى قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. بونىپىنىڭ ئۇستىدە كىيگىنىگە

بىر نەچچە كۈن بولغان، ئۇ يەر - بۇ يېرى يىرتىق ئۇزۇن چاپان بار ئىدى. ئىككى مەڭزىگە دۈگلەك ئىككى سىزىق سىزىپ قويۇپتۇ، چېچىدا ئۆزىنىڭ بويىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك ئۇزاق بىر توز پېيى قىستۇرۇقلۇق تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئىندىيانلارنىڭ ئويۇننى ئويناۋاتقاندا پويىزنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قېلىپ ئالدىراپلا بۇ يەرگە يۈگۈرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ قىزىم مەينەت سەرگەردان باللارنىڭ ئۆزى بوپتۇغۇ! — سىكارلېت ئاچچىق ھەم كۈلكە ئارىلاش سۆزلەپ بوننېنى سۆيۈپ قويدى. ئارقىدىن رېتقا مەڭزىنى تۇتۇپ بەردى. پويىز ئىستانسىسىدا ئادەم كۆپ بولۇپ قالدى، بولمىسا ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۆزىنى سۆيدۈرمەيتتى.

ئۆيگە بارغۇچە سىكارلېت پۈتۈن ناھىيەدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى، كېۋەزلەرنىڭ بۇ يىل ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما پاختا باھاسىنىڭ بۇ يىل چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى، سۇئېللېننىڭ يەنە تۇغقانلىقىنى، ئېللانىڭ ئۇنىڭ قىزىنى چىشلىۋالغانلىقىنى، بالا ئارىسىغا كىرىپ سۇئېللېن بىلەن ئۆزىنىڭ سوقۇشقانلىقىنى، ۋادىنىڭ بىر سۇ يىلىنىنى ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، قوشنىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى، كىمنىڭ كىم بىلەن توي قىلغانلىقى، كىمنىڭ ھازىر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى تىنماي سۆزلەپ ماڭدى.

لېكىن، ئاڭلىسا ئادەم بىئارام بولىدىغان بەزى ئىشلارنى سۆزلىمىدى. ئۇ ۋىل بىلەن پەيتونغا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلانغان، ئۇ يەرلەردىكى مىڭلاپ گېكتار يەرلەرنىڭ تېرىلماي ئاق تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئۇ ئىشلارنى ئەسلىسە كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولاتتى. پايانسىز تېرىلغۇ يەرلەر ئورمانغا، خارابىلىككە، ياۋا ئوت - چۆپلۈككە ئايلىنىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يۈزدە بىر پىرسەنتىگە زىرائەت تېرىلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بۇ يەرلەرنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە يەنە ئەللىك يىل كېرەك، — دېگەنىدى ۋىل ئۇنىڭغا، — بۇ ئەتراپتا پەقەت تارالا ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتىدۇ، بۇمۇ ئىككىمىزنىڭ كۈچى بىلەن مۇشۇنچىلىك بولدى. بۇ چوڭمۇ ئەمەس، پەقەت ئىككى تۇياق قېچىر بىلەنلا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان يەر، تارادىن قالسا فونتائىنلارنىڭ، ئۇلارنىڭكىدىن قالسا تارلېتونلارنىڭ. ئۇلار كۆپ پۇل تاپالمايدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى قامدىيالايدۇ، غەيرىتى بار. ئۇلاردىن باشقا ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى...»

ياق، سكارلېت ئۇ يەرلەردىكى ۋەيرانچىلىقلارنى، تاشلىنىپ كەتكەن يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ، ئاتلانتادىكى بۇ قاينام ـ تاشقىنلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ يەرلەرنى ئەسلەش بەكمۇ كۆڭۈلسىز.

— بۇ يەرلەردىكى ئەھۋاللار قانداق؟ — ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئالدى ھويلىنىڭ لەمپىسى ئاستىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى سوراشقا باشلىدى. ئۇ يولدا كەلگۈچە توختىماي سۆزلەپ كەلگەچكە، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن جىممىپ قالماي دەپ ئويلىغانىدى. ئاشۇ كۈنى پەلەمپەيدىن دومىلاپ كەتكەندىن ھازىرغىچە رېت بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى، ھازىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ھازىر ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. كېسەل ياتقان چاغدا رېت بەكمۇ مۇلايىم بولۇپ كەتكەنىدى، لېكىن ئۇ يات بىر ئادەمنىڭ مۇلايىملىقى ئىدى. ئۇ چاغدا سكارلېتقا لازىملىق نەرسىلەرنى ھېچكىم دېمىسىمۇ ھازىرلاپ، بالىلارنى غەلۋە قىلدۇرماي، دۇكان بىلەن زاۋۇتلارنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ كەتكەن، ئەمما بىر ئېغىزمۇ «مېنى كەچۈرۈڭ» دېگەن گەپنى قىلىپ باقمىغانىدى. بەلكىم ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا ئۆكۈنمىگەندۇ، بەلكىم بويىدىن ئاجراپ كەتكەن ئۇ بالىنى ھازىرغىچە مېنىڭ بالام ئەمەس دەپ يۈرۈۋاتقاندۇ. سكارلېت ئۇنىڭ قاپقارا يۈزىنىڭ تۈۋىدىكى

يۈرىكىدە نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئەمما، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، بۇمۇ ئۇلار توي قىلغاندىن بۇيانقى تۇنجى ئەھۋال، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ھايات كەچۈرۈشنى ئويلاۋاتقاندۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك يۈرگۈسى كېلىۋاتقاندۇ... سىكارلېتمۇ شۇنداقراق ئويلاۋاتامدۇ تېخى. ئەگەر رېت شۇنداقلا ئويلىغان بولسا، سىكارلېت ئۆزىنىڭ ئىشنى قىلىپ يۈرۈۋەرسە بولىدىغۇ.

— ئىشلار جايىدىمۇ؟ — قايتا سورىدى سىكارلېت، — دۇكانغا لازىم قىلىدىغان يېڭى ئىشلار كەلتۈرۈلدىمۇ؟ قىچىرنى ئالماشتۇرۇۋەتتىڭلارمۇ؟ خۇدا ھەققى، رېت، شىلەپىڭىزدىكى پەينى ئېلىۋەتسىڭىزچۇ، ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ كوچىغا شۇ ھالىتىڭىز بىلەن چىقىپ كەتمەڭ يەنە.

— ياق، — دېدى بوننى دادىسىنىڭ بېشىدىكى شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ.

— بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى جايىدا كېتىۋاتىدۇ، — دېدى رېت جاۋاب بېرىپ، — بوننى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ئەمما سىز كەتكەندىن بېرى چېچىنى بىر قېتىممۇ تاراپ باقمىدى. پەينى ئاغزىڭىزغا سالماڭ، قىزىم، مەينەت. خىشنى ياتقۇزۇپ بولدۇق، قېچىرنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قېچىرغا ئالماشتۇردۇق، ئەمما يېڭى ئىشلار يوق، ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەك، جىمجىت كېتىۋاتىدۇ، — بىر ئازدىن كېيىن خۇددى تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك بىر گەپنى قوشۇپ قويدى، — تۇنۇگۈن ۋىلكېس ئەپەندى كېلىپ، مەندىن سىزنىڭ پەن زاۋۇتلىرىڭىز بىلەن ئۇ زاۋۇتلار قوشقان پاي چەكلىرىڭىزنى سېتىپ بېرىشنى خالاش - خالىماسلىقىڭىزنى سورىدى.

سىكارلېت بىر تال پەينى ئوينىپ، ياتما ئورۇندۇقنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرروۋلا توختاپ قالدى.

— ئۇ يەنە ناۋوتىنى سېتىۋالماقچىمىكەن؟ نەنىڭ پۇلىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېتىۋالىدىكەن؟ ئۇلارنىڭ ئارتۇق بىر تىيىن پۇلىنىڭ يوقلۇقىنى سىزمۇ بىلىسىز. ئۇنىڭ تاپقان پۇلىنى مىلانىيە ئۇدۇللۇق خەجلەپ تۈگىتىۋېتىدىغان تۇرسا.

رېت مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— مەن ئۇ ئايالنى ناھايىتى ئىقتىسادچان دەپ ئويلايمەن، ئەمما ۋىلكىس ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى سىزگە قارىغاندا ماڭا قاراڭغۇ، ھېچنېمىسىنى بىلمەيمەن.

بۇ تىكىنى بار گەپ ئىدى، قارىغاندا، رېتنىڭ مىجەزى تېخىچە ئۆزگەرمەپتۇ. سىكارلېتنىڭ ئۇ گەپكە سەل ئاچچىقى كەلدى.

— چىقىپ تۇرغىنا قىزىم، — دېدى ئۇ بونىبغا، — ئاپاڭنىڭ داداڭ بىلەن قىلىشىدىغان گېپى بار.

— ياق، — دېدى بونىي ئۇنىماي ۋە شۇئانلا رېتنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.

سىكارلېت بالىغا قاپىقىنى تۈرۈپ قويۇۋىدى، بونىيمۇ بوش كەلمەي ئاچچىقى بىلەن ئاپىسىغا ھومىيىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى گېرالد ئوخارانىڭ چىرايىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، سىكارلېت ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئولتۇرىۋەرسۇن، — دېدى رېتمۇ سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ، — ئۇ روك - ئىسلاندتىكى ۋاقىتىدا چېچەك چىقىپ قالغان بىر ئادەمنى بېقىپتىكەن، پۇلنى شۇ كىشى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئىنسانلارنىڭ ئېسىل خاراكتېرلىرىگە بولغان ئېتىقادىم ئەسلىگە كەلدى، بۇ دۇنيادا ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان ئادەملەر كۆپ ئىكەن.

— ئۇ كىم ئادەم؟ بىز ئۇنى تونۇمدۇق؟

— خەتكە ئىسمىنى يازماپتۇ، ۋاشىنگتوندىن ئەۋەتىپتۇ. ئاشلېيمۇ ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئېسىگە ئالالماپتۇ. ئەمما ئاشلېينىڭ شەخسىيەتسىز خىسلەتلىرى ئالەمگە مەشھۇر، قىلغان ياخشى ئىشلىرىمۇ كۆپ بولغاچقا، ھەممىنى ئېسىدە تۇتۇشۇڭ

كېرەك دېيەلمەيسىز ـ دە.

سكارلېت ئاشلېيىنىڭ بۇ پۇلغا تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغانلىقىغا بەكرەك ھەيران قالمىغان بولسا، شۇ تۇرقىدا رېت بىلەن يەنە تۇتۇشۇپ قالغان بولاتتى. تارادىكى ۋاقتىدا ئاشلېي توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قالماسلىق توغرۇلۇق ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىگىمۇ قارىمايتتى. بۇ ئىش ئۇستىدە تېخى بىر قارارغا كەلمىگەچكىلا، قايسى تەرەپتە تۇرۇشنى بىلەلمەي، ھازىرچە ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتماسلىق قارارىغا كەلدى.

— ئۇ مېنىڭ پاي چەكلىرىمنىمۇ سېتىۋالماقچىمىكەن؟

— شۇنداق. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا سىزنى چەكلىرىنى ساتماسلىقى مۇمكىن دەپ قويدۇم.

— مەن سىزنىڭ ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈمنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا يول قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئەمما، زاۋۇتلىرىڭىزنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمايدىغانلىقىڭىز ئېنىققۇ؟ ئۇمۇ سىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىسىڭىز چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىڭىزنى ماڭا ئوخشاش ئېنىق بىلىدىكەن. شۇڭا، پاي چەكلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا سېتىپ بەرسىڭىزمۇ بەربىر ئۇنى مۇستەقىل بىر ئىش قىلدۇرمايسىز.

— ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گېپىمنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭىز؟

— نېمىشقا پېتىنماي؟ بۇ راستقۇ؟ ئۇنىڭ مېنىڭ گەپلىرىمگە قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇ تولىمۇ سىپايە ئادەم بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئوچۇق ئېيتماسلىقىمۇ مۇمكىن.

— قۇرۇق گەپ! ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىشنى خالايمەن! — سكارلېت ئاچچىقىدا تۇۋلاپ كەتتى.

شۇ كۈنگىچە ئۇ زاۋۇتلىرىنى سېتىۋېتىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى، ساتماسلىقىدا نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي جەھەتتىكىسى شۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ئىدى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى يۇقىرى باھادا ساتالايتتى. لېكىن، ئۇ ھەممە باھالارنى رەت قىلدى. بۇ ئىككى زاۋۇت ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كونكرېت ئىسپاتى ئىدى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۇ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ياردىمىسىز، نۇرغۇن جاپالارنى يېڭىپ قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ئاشۇ زاۋۇتلىرى ۋە ئۆزى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئۇنى ئاشلېي بىلەن مەھكەم باغلاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئاشلېي بىلەن كۆرۈشمىكى تەس بولاتتى، مەڭگۈ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشەلمەيتتى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ھازىرقى ھېسسىياتى قانداق، ئاشۇ كۈنى مېلانىيە ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق مۇھەببىتى نومۇس ئوتى ئىچىدە كۆيۈپ تۈگەپ كەتتىمۇ، يوق، بۇلارنى چوقۇم بىلىشى كېرەك، بولمىسا ئازاب بىلەن ئۆتىدۇ شۇ. زاۋۇتلار ئۆزىنىڭ قولىدا بولسا ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىدىغانغا پۇرسەت چىقىدۇ، خەققىمۇ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغاندەك تەسىر بەرمەيدۇ. ۋاقىتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۆزىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى زاۋۇتنى سېتىۋېتىدىغان بولسا...

ياق، ئۇنىڭ ساتقۇسى يوق. ئەمما، رېتنىڭ ئۆزىنى ئاشلېينىڭ ئالدىدا ھەقىقىي ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ مەسىلىگە جىددىي قارىمىسا بولمايدىغانلىقىنىمۇ خىيال قىلىپ، زاۋۇتلىرىنى شۇئان سېتىۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئاشلېي بۇ زاۋۇتلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك، نەرخىنىمۇ ئەڭ تۆۋەن باھادا قويىمەن، ئۇ مېنىڭ قانچىلىك مەرد ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىپ قويسۇن.

— زاۋۇتلارنى ساتىمەن، — دەپ ئاچچىقى بىلەن تۇۋلاپ كەتتى ئۇ، — ئەمدى سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

رېتنىڭ كۆزلىرىدە غەلىبە خۇشاللىقى چاقناپ كەتتى. شۇڭا،

خۇشاللىقىنى بىلىندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىتتىك بۇنىڭ ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى چىگكەن بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالارسىزمىكىن، — دېدى ئۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بايىقى گەپنى ئالدىراپ قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى. بۇ گەپنى رېتقا ئەمەس باشقا بىرسىگە دېگەن بولسا، چوقۇم يۈزىنى قېلىن قىلىپ گېپىدىن يېنىۋالغانمۇ بولاتتى. نېمىشقا ئالدىراپ شۇنداق دەۋەتتى؟ ئۇ غەزەپ بىلەن رېتقا قارىدى، رېت ئادىتى بويىچە چاشقاننىڭ تۆشۈكىنى مارالاپ ياتقان مۈشۈكتەك ئۇنىڭغا قادىلىپ ئولتۇراتتى، سكارلېتنىڭ چىرايىدىكى ئاچچىقنى كۆرۈپ بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. شۇندىلا سكارلېت ئۆزىنى بۇ قىلتاققا رېتنىڭ دەسسىتىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىشقا باشلىدى.

— سىزنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز بارمۇ، يوق؟ — ئۈشتۈمتۈت سورىدى ئۇ.

— مېنىڭ؟ — رېت ھەيران قالغاندەك قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى، — سىز مېنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزۈمنى قاتتىق تارتىدىغانلىقىمنى بىلسىزغۇ؟

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئىككى پەن زاۋۇتى بىلەن ئۇنىڭغا سالغان بارلىق پاي چەكلىرىنى ئاشلېيغا سېتىۋەتتى. سكارلېت بۇ سودىدا زىيان تارتمىدى. ئاشلېي ئۇنىڭ تۆۋەن باھادا سېتىپ بېرىمەن دېگىنىگە ئۇنىماي ئەڭ يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى. سكارلېت توختامنامىگە قول قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى زاۋۇت ئۇنىڭ قولىدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن مېلانىيە ئاشلېي بىلەن رېتقا ئىككى رومكا ۋىنو قۇيۇپ بېرىپ بۇ سودىنى تەبرىكلىدى. سكارلېت بىر نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، خۇددى ئۆزىنىڭ بالىسىنى سېتىۋەتكەندەك كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى زاۋۇت ئۇنىڭ يۇرەك پارىسى، ئىپتىخارى، ئىككى قولى بىلەن جاپالىق ئىشلىگەن ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىسى ئىدى. ئۇ ئىشنى پەن تىلىدىغان كىچىك بىر لاپاستىن باشلىغانىدى، ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ ئىككى پەن زاۋۇتقا، ئىككى ياغاچ مەيدانىغا، ياغاچ توشۇيدىغان ئون نەچچە هارۋىغا ئېرىشتى، يەنە بىر توپ مەھبۇسلار ئەرزان باھادا ئۇنىڭغا ئىشلەپ بېرىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ.

ئۇ ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان نەرسىلىرىنى سېتىۋەتتى، ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى، ئۆزى يوق، ئاشلېينىڭ ئۇلاردىن، سكارلېت مىڭ تەستە بارلىققا كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشى ئىدى. ئاشلېي كىم بولسا ئىشىنىۋېرەتتى، ئىشنىڭ يولىنى تازا بىلىپ كېتەلمىگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ، چۈنكى رېت ئاشلېيغا ئۇنىڭ خەقنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا ئامراق ئىكەنلىكىنى دەپ قويغان.

«ئاھ، بېشىڭنى يېگۈر رېت !» سكارلېت ئىچىدە ئۇنى مىڭنى تىللاپ تۇراتتى، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزىتىپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. كۆزەتكەنسېرى بۇ ئىشنى پىلانلىغۇچىنىڭ ئاشۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ھازىرچە بىلمەيتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئاشلېي بىلەن ئىككىسىنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ دەررۇ سەگەكلەشتى.

— سىز ئەمدى ئۇ مەھبۇسلارنى دەررۇ قايتۇرۇۋېتىدىغانسىز دەيمەن؟ — دېدى رېت.

مەھبۇسلارنى قايتۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىشنى قانداق ئويلاپ قالدى؟ رېت بۇ ئىككى زاۋۇتنىڭ پايدىسى ئاشۇ ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىغۇ؟ نېمىشقا ئۇنداق كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ئاشلېيغا بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆگىتىدۇ؟ ئۇ ئۇنىڭ نېمە ئىشنى بىلىدىغاندۇ؟

— شۇنداق، ئۇلارنى دەررۇ قايتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى ئاشلېي

جاۋابەن. ئۇ سىكارلېتنىڭ ئالاقزەدە بولۇپ تۇرغان كۆزلىرىدىن دەررۇ ئۆزىنى قاچۇردى.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى سىكارلېت، — ئۇنداق قىلسىڭىز، توختامنامىدە بەلگىلەنگەن پۇلدىن مەھرۇم قالىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەدىن ئەمگەك كۈچى تېپىپ ئىشلىتىسىز؟

— ھۆر نېگىرلارنى ئىشلىتىمەن، — دېدى ئاشلېي.

— ھۆر نېگىرلارنى؟ ساراڭ بوپسىز! ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئىش ھەققى ئالىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شىماللىقلار سىزنى ئۇلارنى ئۈچ ۋاخلىق توخۇ - ئۆردەك گۆشلىرى بىلەن باقتىمۇ، يوق، ئۈستىگە مامۇق يوتقان يېپىپ قويۇۋاتامدۇ قانداق، دەپ دائىم نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى چاپسان ئىشلە دەپ بىر شاپىلاق سېلىپ قويسىڭىزغۇ بولدى، بالادا قېلىپ ئۆمۈرۋايەت تۈرمىدە ياتىسىز. يەنىلا ئاشۇ مەھبۇسلار ياخشى...

مېلانىيە كۆزلىرىنى چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئويناپ تۇرۇۋاتقان قوللىرىدىن كۆتۈرمەي تۇرۇۋالدى، ئاشلېي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىردەم جىمجىت تۇرۇۋېلىپ رېت بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشىۋاتقاندەك ھەم بىر - بىرىنى چۈشىنىشىۋاتقاندەك قىلغان بۇ قىلىقى سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— مەن مەھبۇسلارنى ئىشلىتەلمەيمەن، سىكارلېت، — دېدى ئاشلېي.

— ياخشى، ئەپەندى، — دېدى سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن، — نېمىشقا ئىشلەتمەيسىز؟ باشقىلارنىڭ مېنىڭ كەينىمدىن گەپ قىلغاندەك سىزنىڭ كەينىڭىزدىنمۇ گەپ قىلىشىدىن قورقامسىز؟

ئاشلېي بېشىنى كۆتۈردى.

— قىلىۋاتقان ئىشىم توغرىلا بولىدىكەن، ھەرقانداق

ئادەمنىڭ گېپىدىن قورقمايمەن. ئەمما، مەھبۇسلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ھەرگىز ئادىللىق دەپ ئويلىمايمەن.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن...

— باشقىلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە، ئازابقا سېلىش ھېسابىغا پۇل تېپىشنى خالىمايمەن.

— ئەمما، سىزنىڭمۇ بۇرۇن قۇللىرىڭىز بولغانغۇ؟

— لېكىن، ئۇلار ئازاب چەكمەيتتى، ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ ئۇلار ھۆرلۈككە ئېرىشمىگەن بولسا، دادام ئۆلگەندىن كېيىن ھەممىسىگە ھۆرلۈك بېرىۋېتەتتىم. بۇ ئىش بىلەن ئۇ ئوخشىمايدۇ، سىكارلېت. ئۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئىللەتلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى، ئۇنى سىز چۈشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەن چۈشىنىمەن. مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. يوھان گاللېگېر ئىش ئورنىدا ئاز دېگەندە بىر مەھبۇسنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەھبۇسلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى بىلەن كىمنىڭ كارى؟ ئۇ باشقىلارغا، ئۇ مەھبۇس قاچماقچى بولغان، ئۆلتۈرۈۋەتتىم، دەپتۇ. ئەمما، مەن باشقىلاردىن ۋەقەنىڭ ئۇ دېگەندەك ئەمەسلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن يەنە ئۇنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان بىر مەھبۇسنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم، مېنى خۇراپىي دېسىڭىزمۇ مەيلى، مەن باشقىلارنىڭ ئازابى ھېسابىغا كەلگەن پۇلنىڭ ئادەمگە بەخت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— ۋاي خۇدايىمەي ! سىز، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىش كېرەك، دېمەكچىمۇ، ئاشلىبي؟ ۋاللاس پوپنىڭ ھارام پۇل توغرۇلۇق سۆزلىگەن سەپسەتىلىرىنى ئىچىۋالغانمۇ نېمە سىز؟

— ئىچىۋېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ سۆزلىمەستىن بۇرۇنلا ئۇ گەپكە ئىشىنەتتىم.

— ئۇنداقتا سىز مېنىڭ تاپقان پۇللىرىمنىمۇ ھارام دەپ بىلىدىكەنسىز - دە، — سىكارلېت ئۆزىنى باسالماي تولاپ كەتتى، — چۈنكى مەن مەھبۇسلارنى ئىشلەتتىم، بىر

قاۋاقخانىغىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا... — سكارلېت بىردىنلا توختاپ قالدى. ئەر - خوتۇن ۋىلكېسلار خىجالەت بولۇپ قېلىشۋاتاتتى، رېت بولسا ھەجىيىپ تۇراتتى. سكارلېت ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى ئىچىدە تىللاپ كەتتى، بۇ ئۆلگۈر مېنى باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالدىڭ دەپ كۈلۈۋاتىدۇ ھەرقاچان. ئاشلېيمۇ شۇنداق ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ يانجىۋەتسەم! ئۇ غەزىپىنى ئاران بېسىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە تۇرۇپ باقتى، ئەمما ئوخشىتالمىدى.

— ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا.

— سكارلېت، مېنى تەنقىد قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. مېنىڭ مەقسىتىم ئۇ ئەمەس. بىزنىڭ پەقەت مەسىلىلەرگە قارىشىمىزلا ئوخشىمايدۇ. سىزنىڭ دېگىنىڭىز ماڭا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن.

سكارلېت بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز پاراڭلىشىشنى، رېت بىلەن مېلانىيەنىڭ يىراقلارغا كېتىشىنى ئويلاپ قالدى. شۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇ ئاشلېيغا: «مەنمۇ مەسىلىلەرگە سىزگە ئوخشاش قاراشنى خالايمەن. ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئويلىغىنىڭىزنى دەپ بېقىڭ، چۈشىنىپ قالاي، بولسا سىزگە ئوخشاش قىلاي!» دەپ توۋلىغان بولاتتى.

لېكىن، مېلانىيە بار، ئادەمنى ئازابقا سالىدىغان بۇ سورۇندا ئىنتايىن قورقۇپ تۇرۇپتۇ. رېت بولسا ئىرىنچەكلىك بىلەن ھەجىيىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇ ئامال بار سوغۇققان ۋە يول قويغان تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى:

— بۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئاشلېي، شۇڭا زاۋۇتنى قانداق باشقۇرۇشىڭىزنى مېنىڭ سىزگە ئۆگىتىپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز. ئەمما، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، سىزنىڭ بايىقى مۇئامىلىڭىز بىلەن گەپلىرىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم.

www.uyghurkitap.com

ئاھ، ئەگەر ئۇ ئىككىسى يالغۇز بولغان بولسا، ئۇنىڭغا بۇنداق مۇزغا ئوخشاش گەپلەرنى قىلمىغان بولاتتى، ئۇ گەپلەرگە ئۇ چوقۇم خاپا بولدى.

— سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، سىكارلېت، مېنىڭ ئەسلىي مەقسىتىم ئۇنداق ئەمەس ئىدى. مېنى چۈشىنىڭ ۋە كەچۈرۈڭ. مېنىڭ ئۇ گەپلىرىمدە سىزنى گۇمانغا سېلىپ قويىدىغان مەزمۇن يوق. مەن مەلۇم ۋاستىلەر بىلەن كەلگەن پۇل ئادەمگە بەخت ئېلىپ كەلمەيدۇ، دېمەكچىدىم.

— سىز خاتالاشتىڭىز، — دەپ توۋلاپ كەتتى ئۇ ئۆزىنى ئەمدى باسالماي، — ماڭا قاراڭ، مېنىڭ پۇلۇمنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى سىز بىلىسىز، بۇ پۇللارنى تېپىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىمنىڭ قانداقلىقىمۇ سىزگە مەلۇم. ھېلىقى يىلى قىشتا تارادا كۆرگەن كۈنلىرىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ھاۋا شۇنداق سوغۇق، كىيىدىغانغا ئاياغ يوق، گىلەمنى كېسىپ پايپاق تىكىپ كىيدۇق، يەيدىغان نەرسە يوق، قورسىقىمىز ئاچ يۈرەتتۇق، ۋاد بىلەن بېئونى كەلگۈسىدە قانداقمۇ ئوقۇتارمىز دەپ بالىلارنىڭ غېمىنى يەپ كېتەتتۇق. شۇ ئىشلار ئېسىڭىزدىمۇ؟...

— ئېسىمدە، — دېدى ئاشلېي تاقەتسىزلىنىپ، — ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتسەم دەيمەن.

— شۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزنى خۇشال، خاتىرجەم ئىدۇق دېيەلمەيسىز، شۇنداقمۇ؟ مانا ئەمدى قاراپ بېقىڭ، سىزنىڭ بەختلىك ئائىلىڭىز، بەختلىك كەلگۈسىڭىز بار بولدى. ماڭا قاراپ بېقىڭ، كىمنىڭ مېنىڭكىدەك ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى، چىرايلىق كىيىملىرى، نوچى ئاتلىرى بار؟ ھازىر ھېچكىم مېھمانلارغا مەندەك داستىخان سالالمايدۇ، بالىلىرىمنىڭمۇ نېمە دېسە شۇ نېمىلىرى بار. خوش، مەن بۇ نەرسىلەرگە كەتكەن پۇلنى نەدىن تاپتىم؟ ئاسماندىن بىرسى تاشلاپ بەرگەنمۇ؟ ياق، ئەپەندى، مەھبۇسلار، قاۋاقخانىنىڭ ئىجارە ھەققى ۋە...

— شىماللىق بىر ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭىزنى ئۇنتۇپ

قالماڭ، — دېدى رېت بوش ئاۋازدا، — سىز شۇنىڭ پۇلىنى دەسمايە قىلغان.

سكارلېت ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى، ئاغزىغا شۇنداق بىر يامان گەپ كەلدى، لېكىن دېمىدى.

— ئۇ پۇل سىزنى ئاجايىپ زور بەختكە ئېرىشتۈردى. شۇنداقمۇ، قەدىرلىكىم؟ — رېت زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى. سكارلېت گەپ قىلالماي ياردەم تىلىگەندەك ئىتتىك ئۇ ئۈچىگە قاراپ قويدى. مېلانىيە يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئاشلېينىڭ چىرايى سارغىيىپ دەررۇ پەسكويغا چۈشتى. پەقەت رېت باتلېرلا، ئاغزىدا سىگارىت، مىت قىلماي قويماي تۇراتتى، كۆزلىرى سكارلېتتا ئىدى.

— ئەلۋەتتە، ئۇ پۇل مېنى بەختلىك قىلغان، — دەپ توۋلىدى سكارلېت بار ئاۋازى بىلەن.

لېكىن، نېمىشقىكىن، ئۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلالمىدى.

## ئەللىك سەككىزىنچى باب

سكارلېت ئۆتكەن قېتىم ئاغرىغاندىن كېيىن، رېت باتلېرنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت قىلدى، بۇ ئۆزگىرىشتىن خۇشال بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. رېت ھازىر ناھايىتى سەگەك، تىنچ، بەزىدە دىققىتى بىر يەردە ئەمەستەك بولۇپ قالغانىدى. ھەر كۈنى كەچتە تاماقتا ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى، خىزمەتكارلارغا مۇلايىم، باللارغا قىزغىن ئىدى، بۇرۇنقى ئىشلارنى پەقەتلا تىلغا ئالمايتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن تىنچ، خاتىرجەم كېتىۋاتاتتى، ھېچبولمىغاندا كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ شۇنداق ئىدى. رېت سكارلېتقىمۇ ئاغرىق ياتقان چاغدىكىدەك سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، ئاۋازىنى سوزۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپ قىلىدىغان، مەسخىرە ئارىلاش سۆزلەيدىغان، گەپتە چېقىشۋېلىپ ئۇنى قىينايدىغان ئىشلىرى يوق ئىدى. سىكارلىت ئەمدى بىلدىكى، ئۇ بۇرۇن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ شۇنداق قىلاتتىكەن. ئەمدى ھازىر راست كۆڭۈل بۆلۈۋاتامدۇ ياكى بۆلمەيۋاتامدۇ، بىلىپ بولمايتتى. گەپنى توزۇتلۇك، مۇئامىلىنى سىلىق قىلاتتى، سىكارلېت بولسا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى غەمخورلۇقنى كۆتەتتى. ئاشۇ كۈنلەردىكى جېدەل ـ ماجىرانى سېغىناتتى.

ھازىر رېت ئۇنى خۇددى مېھماندەك خۇشال قىلالايتتى، ئەمما بۇرۇن ئۆزىگە قانداق دىققەت قىلىپ بىر مىنۇتمۇ نەزىرىدىن نېرى قىلمىغان بولسا، ھازىر ئۇنى تاشلاپ بونىيغا شۇنداق قىلاتتى. بەزىدە سىكارلېت، رېت بونىيغا بەرگەن مۇھەببىتى بىلەن غەمخورلۇقلىرىنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرگەن بولسا تۇرمۇشىمىز باشقىچە بولۇپ كېتەتتى، دەپ ئويلاپ قالاتتى.

رېت بەزىدە ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئۆيگە كەچ قايتىپ كېلەتتى. ئەمما ھاراق ئىچمەيتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېپىقلىق ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئىسقىرتىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايتتى. بەزىدە بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ مېھمانخانىدا ھاراق ئىچىشكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار يېڭى توي قىلغان چاغلاردا كېلىدىغان ئادەملەر ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۇ سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى، جۇمھۇرىيەتچىلەرنى قوللايدىغان جەنۇبلۇقلار ياكى جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن ئارىلاشمايتتى. سىكارلېت بەزىدە ئۆيىدىن چىقىپ پەستە بولۇۋاتقان گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ، رېت پىكارد، خوگ ئېلسىن، ئاندى بانىيل، ئاكا ـ ئۇكا سىمونسىلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتەتتى. مېرۋېتېر بوۋاي بىلەن ھېنرى تاغىمۇ پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالاتتى. بىر قېتىم مادې دوختۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى، بۇ ئادەملەر ئەسلىدە ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئەمەسمىدى؟

سىكارلېتنىڭ نەزىرىدە بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى فىرانكىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يېقىندىن بېرى رېتنىڭ ئۆيىگە كەچ كېلىشلىرى ئۇنىڭغا 3K پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ دېلو سادىر قىلىشى بىلەن فىرانكىنىڭ ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە ئىشنى ئەسلەتتى. رېت بىر چاغدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ 3K پارتىيەسىگە قاتنىشىپ يۇقىرى تەبىقىگە قىستىلىپ كىرىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى دېگەنىدى. ئەگەر ئۇ راستىلا فىرانكىنىڭ يولىدا ماڭغان بولسا...

بىر كۈنى يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى، رېت تېخىچە يوق ئىدى، سىكارلېت ئەنسىرەپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. بىر چاغدا ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سىكارلېت رومىلىنى ئۇستىگە ئارتىپلا ئىشىكتىن چىقتى، ئۇلار پەلەمپەينىڭ ئۇستىدە ئۇچراشقاندا رېتنىڭ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى.

— رېت، مەن چوقۇم بىلىشىم كېرەك ! رېت، چوقۇم بىلمىسەم بولمايدۇ، سىز... سىز 3K پارتىيەسى ئۈچۈن... شۇڭا مۇشۇنداق كەچ كېلەمسىز؟ ئۇنىڭغا كىردىڭىزمۇ...

چىراغنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ئۇ سىكارلېتقا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇپ ئارقىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— سىز دەۋرنىڭ جىق كەينىدە قالدىڭىز، — دېدى ئۇ، — ھازىر ئاتلانتادا 3K پارتىيەسى يوق، بەلكىم پۈتۈن جورجىيەدىمۇ شۇنداقتۇ. سىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان نىجىسلار بىلەن سومكىچىلار پارتىيەسىدىكى دوستلىرىڭىزدىن 3K پارتىيەسىنىڭ يامان گەپلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن ھەرقاچان.

— 3K پارتىيەسى يوق؟ مېنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى قاچان بىر خاتىرجەم قىلىشنى ئويلاپ باققان؟ ياق، 3K پارتىيەسى راست يوق. ئۇ پارتىيەنىڭ ياخشى ئىشىدىن يامان ئىشى كۆپرەك بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

سەۋەبىدىن شىمالىلىقلار ئاتلانتالىقلارنى ئارامىدا قويمىدى، ئىشتات باشلىقى بولوكقىمۇ تېخىمۇ كۆپ دەستەك تېپىپ بەردى. ئۇ قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى بىلەن شىمالىلىقلارنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرىنى جورجىيەدە توپىلاڭ چىقىشىنىڭ ئېھتىمالى بارلىقىغا، ھەممە يەردە 3K پارتىيەسىنىڭ يوشۇرۇنلۇپ يۈرگەنلىكىگە ئىشەندۈرىدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ ئىشتات باشلىقلىق ئورنىدا خاتىرجەم ئولتۇرىۋېرەتتى. شۇڭا، ھاكىمىيەتنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، يوق يەردىن 3K پارتىيەسى توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى توقۇپ چىقىرىپ، نەتىجىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۇلار تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىۋاتىدۇ، نېگىرلار باسقۇنچىلىق قىلدى دېگەن جىنايەتلەر بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، دەپ گەپ تارقاتتى. ئۇنىڭ ھەممىسى پەقەتلا بولۇپ باقمىغان ئىشلار، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ئېنىق بىلىدۇ. سىزنىڭ مەندىن ئەنسىرىگىنىڭىزگە رەھمەت. ئەمما، مەن جۇمھۇرىيەتچىلەرنى قوللىماي، دېموكراتلار پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي 3K پارتىيەسىنىڭ پائالىيەتلىرى توختاپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئىشتات باشلىقى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرى سىكارلېتنىڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى 3K پارتىيەسىدە قالغانىدى، ئۇ پارتىيە يوقالسىلا سىكارلېت خاتىرجەم بولاتتى، رېتمۇ فرانكقا ئوخشاش جېنىدىن ئايرىلىپ قالمايتتى، ئۇمۇ دۆكىنى بىلەن پۇللىرىنى ساقلاپ قالالايتتى. بىراق، رېتنىڭ «بىز» دېگەن گېپى ئۇنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتتى. بۇ گەپچە ئۇ «كونا ئەسكەرلەر پولكى» دىكىلەر بىلەن بىللە ئوخشىمامدۇ؟

— رېت، سىزنىڭ 3K پارتىيەسىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز بارمۇ، يوق؟ — ئۇ بۇ گەپنى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

رېت ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرى يەنە

ئويناپ كېتىۋاتاتتى.

— سوّيۇملۇكۇم، مۇناسىۋىتىم بار، ئاشلىپي ۋىلكېس بىلەن ئىككىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز چوڭ.

— ئاشلىپي... سىز بىلەن؟

— شۇنداق، ئاساسەن ھەم ھەقىقىي يوسۇندا شۇنداق. چۈنكى، سىياسىي دېگەن نەرسە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئادەمنىمۇ بىرلەشتۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئاشلىپي ئىككىمىز بىر – بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ كەتمەيتتۇق. بىراق... ئاشلىپي زوراۋانلىققا قارشى تۇرغاچقا، ئەزەلدىن 3K پارتىيەسىگە ئىشەنمەيتتى... مەنمۇ ئىشەنمەيتتىم، بەزى ھەرىكەتلىرىنى ئەخمەقلىق، ئۇنىڭ بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. دېمىسىمۇ شۇ يولدا مېڭىۋېرىدىغان بولساق، شىماللىقلارنىڭ بىزگە بولغان بېسىمى توختىمايتتى. ئاشلىپي ئىككىمىز ئىچىمىزدە بىلىشەتتۇق. ئۇ تەلۋىلەرنى قايىل قىلىپ، كۈتۈپ، خىزمەت ئىشلەپ، 3K پارتىيەسىنىڭ ئىشلىرىدىنمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلساق، دەپ ئويلايتتۇق.

— سىز ئۇ يىگىتلەرنى، ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى قوبۇل قىلدى، دېگەنىدىڭىز، ئەمدى سىز...

— مېنىڭ شۇ چاغدا ھايانكەش سودىگەر ئىكەنلىكىمنى، جۇمھۇرىيەتچىلەرنى قوللىغانلىقىمنى، شىماللىقلار بىلەن دوست بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ باتلېر خانىم، ھازىر مەن ئورنى بار دېموكراتلاردىن. ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمم قالغۇچە سوّيۇملۇك بۇ ئىشتاتىمىزنى بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرمەكچىمەن. مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى، شۇڭا ئۇلار قوبۇل قىلدى. باشقا سىياسىي مەسىلىلەردىكى پىكىرلىرىمۇ ياخشى. ھازىر بىز قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرىدا كۆپ سانلىققا ئايلىنىۋاتىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پات ئارىدا بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئىچىدىكى بەزى دوستلىرىمىزنى تۈرمە ھاياتىدىن بەھرىمەن قىلىمىز. ئۇلار يېقىندىن بېرى ئاچ كۆزلىشىپ بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

— سىز كۈچەپ ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلاتقۇزامسىز؟ ئۇلار سىزنىڭ دوستلىرىڭىز ئەمەسمىدى؟ سىزگە تۆمۈريولنىڭ زايومىنى سېتىپ بېرىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتۈرگەنىدىغۇ؟

رېت بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ كەتتى.

— مەن ئۇلاردىن ھازىرمۇ نەپرەتلەنمەيمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلارنى جىنايىتىگە لايىق ئاقىۋەتكە ئۇچرىتىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇنى قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن. ئۇ ئىشىم تېخى مېنىڭ ئابرۇيۇمنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ. بەزى سودىلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. بۇ نەرسىلەرنى قانۇن ئورگانلىرى تەكشۈرگەندە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ... ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ كۈنلەرگىمۇ ئاز قالدى. ئۇلار ئىشتات باشلىقىنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشنى ئەمەلىيەتتە باشلىۋەتتى، مۇمكىنلا بولىدىغان بولسا ئۇنى تۈرمىگە تاشلىشىدۇ. سىز دوستىڭىز گېلپېرتىس بىلەن ھىندوسنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە دەپ قويۇڭ، بۇ يەردىن دەررۇ كەتسۇن، ئىشتات باشلىقى قولغا ئېلىنسا، ئۇلارمۇ جەزمەن قولغا ئېلىنىدۇ.

جۇمھۇرىيەتچىلەر شىمالنىڭ ئارمىيەسىگە تايىنىپ جورجىيەدە بىرنەچچە يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولغاچقا، سكارلېت رېتنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپلىرىگە تازا ئىشىنىپ كەتمىدى. ئىشتات باشلىقىنىڭ ئورنى مۇستەھكەم، قانۇن ئورگانلىرى ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. تۈرمىگە تاشلىنىش تېخى.

— يوق گەپلەرنى قىلماڭ، — دېدى سكارلېت ئۇنى ئاگاھلاندۇرغاندەك قىلىپ.

— ئۇ تۇرمىدە ياتمىسىمۇ، ئەمما قايتا سايلىنالمايدۇ. كېلەر قېتىمدا بىز دېموكراتلار پارتىيەسىدىن ئىشتات باشلىقى سايلايمىز. ئورۇن ئالماشتۇرۇپ بېقىش كېرەك – دە.

— سىزمۇ ئۇ ئىشقا ئارىلىشىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى سىكارلېت ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك قىلىپ.

— ئاپپىقىم، راست دەيسىز، مەنمۇ ئارىلىشىۋاتىمەن، ھەر كۈنى كەچ قايتىشىممۇ سۇ سەۋەبتىن. ئۆز ۋاقتىدا گورجەك بىلەن ئالتۇن قازغاندىنمۇ بەكرەك كۈچەپ كېلەر قېتىملىق سايلام ئىشلىرىنى تەشكىللەۋاتىمەن. يەنە... ئاڭلىسىڭىز خاپا بولۇپ كېتەرسىزمىكىن، باتلېر خانىم... بۇ قېتىمقى تەشكىللەش ئىشىغا نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلدىم.

— سىز پۇللىرىڭىزنى چاشقاننىڭ ئۇۋىسىغا تۆكۈۋېتىپسىز.

— نېمە؟ سىز دېموكراتلار پارتىيەسىنى چاشقاننىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشىتىۋاتامسىز؟ — رېت ئۇنىڭغا مەسخىرە نەزىرىدە قاراپ قويۇپ جىمىپ كەتتى، چىرايىدىمۇ ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى، — بۇ قېتىمقى سايلامدا كىم ئۇتىدۇ، كىم ئۇتتۇرىدۇ، مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز. مۇھىمى، كىشىلەر ئۇلار ئۇچۇن كۈچ ھەم پۇل چىقارغانلىقىمنى بىلسىلا بولدى، بۇ نەرسە كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بولسا كەلگۈسىدە بونىڭغا پايدىسى كۆپ بولىدۇ.

— مەن سىزنىڭ مەيدانىڭىزنى بۇنچىلىك ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆزگەرتكىنىڭىزنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەنىدىم، ئەمدى بىلدىمكى، دېموكراتلار پارتىيەسىگە بولغان ئۇ خىل ساداقىتىڭىزمۇ تايىنلىق ئىكەن.

— بۇ مەيداننى ئۆزگەرتكەنگە كىرمەيدۇ. پەقەت تېرەمنىلا ئالماشتۇردۇم، خالاس. سىز يىلپىزنىڭ تېرىسىدىكى تەڭگىلەرنى قىرىپ چىقىرىۋەتسىڭىزمۇ ئۇ يەنىلا يىلپىز.

دەل شۇ چاغدا بونىېنىڭ تاراقلىغان بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كېتىپ «دادا» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رېت دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغانىدى، سىكارلېت يەنە گەپ قىلدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— رېت، توختاپ تۇرۇڭ، سىزگە يەنە بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن. سىز بۇنىڭدىن كېيىن چۈشتىن كېيىنلەردىكى سىياسىي يىغىلىشلارغا بوننېنى ئېلىپ بارمىسىڭىز، كىچىك بالىنى ئۇنداق يەرلەرگە ئېلىپ بېرىش قاملاشمىغان ئىش. خەقلەرمۇ سىزگە كۈلىدۇ، سىزنى ئۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، يېقىندا ھېنرى تاغام دېگەندە ئاندىن ئۇقتۇم ھەم...

رېت چىرايىنى تۈرۈپ بىردىنلا ئۇنىڭغا قارىدى.

— مەن دوستلىرىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا قىزىم تىزىمدا ئولتۇرسا بۇنىڭ قاملاشمايدىغان نېمىسى بار؟ سىزچە كۈلكىلىكتۇ، ئەمما ماڭا ئۇنداق ئەمەس. كىشىلەرنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ئىشتاتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشىغا ياردەم بېرىۋاتقان چاغلىرىمدا، بوننېنىڭ تىزىمدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشمايدۇ، ئۇزاققىچە ئۇنتۇمايدۇ، — ئۇنىڭ تۈرۈلگەن چىرايى ئەسلىگە كېلىپ، كۆزلىرى يەنە يامان نىيەتتە يىلدىرلاشقا باشلىدى، — بىلەمسىز، كىشىلەر بوننېدىن، سىز كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز، دەپ سورىغاندا، «دادام بىلەن دېموكراتچىلارنى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يەنە كىمنى ئەڭ يامان كۆرىسىز، دەپ سورىسا، «ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلارنى» دەيدۇ. خۇداغا شۈكۈر، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالىدىغىنىمۇ شۇ گەپلەر.

سكارلېت بۇ گەپكە چىدىماي جان ئاچچىقىدا توۋلاپ كەتتى.

— سىز چوقۇم مېنى ئۇنىڭغا ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇناپىق دېدىڭىز!

— دادا! — بوننېنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىمقىسى ئاچچىق ئارىلاش ئىدى. رېت ھەجىيىپ تۇرۇپ قىزىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

شۇ يىلى ئۆكتەبىردە، ئىشتات باشلىقى بۇلوك خىزمىتىدىن

ئىستىپا بەرگەنلىكىنى جاكارلاپ جورجىيەدىن قېچىپ كەتتى.
ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلاردا دۆلەت پۇلىنى قالايمىقان ئىشلىتىش، خىيانەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق چېكىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئىشلار ئاخىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا چىققانىدى. خەلقنىڭ غەزىپى كۆچىيىپ كەتكەن، ئۇنىڭ پارتىيەسىمۇ پارچىلىنىشقا باشلىغانىدى. دېموكراتلار پارتىيەسى قانۇن ئورگانلىرىدا كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بۇ پەقەت ئىشنىڭ بىرلا تەرىپى ئىدى. بۇلۇك ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ، شىمالغا بېرىۋالغاندىن كېيىن ئىستېپاسىنى جاكارلاش مەقسىتىدە، تۈرمىگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئاتلانتادىن مەخپىي قېچىپ كەتتى.
بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ ئىش رەسمىي جاكارلانغاندا، پۈتۈن ئاتلانتا خۇشاللىققا چۆمۈلدى، كىشىلەر كوچىلارغا چىقىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى، ئۆيلەردە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.
مۇۋەققەت ئىشتات باشلىقى ئەلۋەتتە، جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بولاتتى، ئەمما دېكابىردىكى سايلامدا كىم بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. سايلامدا جۇمھۇرىيەتچىلەر قاتتىق غالجىرلاشقان بولسىمۇ، جورجىيەنىڭ ئىشتات باشلىقى يەنە بىر قېتىم دېموكراتلار پارتىيەسىدىن سايلاندى.
كىشىلەر يەنە شادلىققا چۆمۈلدى. ئەمما، بۇ قېتىمقىسى بۇلۇك ئاغدۇرۇلغان چاغدىكىگە ئوخشاش پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان، سەمىمىي يۈرەكلىرىدە ئىپادىلىنىۋاتقان خۇشاللىق ئىدى. شۇڭا، پوپلار خۇداغا بۇ ئىشتاتنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنى ئۈچۈن رەھمەتلەر ئوقۇغاندا، پۈتۈن چىركاۋلار ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. كىشىلەر مەغرۇر ئىدى، بۇ ئىپتىخار بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن مەغرۇرلۇق ئىدى. ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى قانچىلىك قارشىلىق قىلسۇن، ئارمىيە، سومكىچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پارتىيەسى ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلار قانچىلىك توسقۇنلۇق قىلسۇن، جورجىيە ئاخىر خەلقنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ تۇيۇقسىز ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى ھەممە ئادەمنى تەڭ خۇش قىلغىنى يوق، جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە قاتتىق ساراسىمە پەيدا قىلدى. گېلبېرتىس بىلەن ھىندوس ئالدىن خەۋەر قىلىنغان بولغاچقا، بۇلۇك ئىستىپا بەرگەنلىكىنى جاكارلاشتىن بۇرۇنلا ئەسلىي جايىغا قېچىپ بېرىۋالدى. قېلىپ قالغان سومكىچىلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ قورقۇپ جېنى چىقتى. سكارلېتنى يوقلاپ كەلگەن خانىملار ئۇنىڭغا ھالىنى ئېيتىپ: «بۇنداق بولارىنى كىم بىلدى؟ بىز تېخى ئىشتات باشلىقىنىڭ ھوقۇقىنى ناھايىتى چوڭ، بۇ يەردىن مىدىرلىمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇق. بىز يەنە...» دەپ سۆزلەپ كېتىشتى.

سكارلېتمۇ ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قېلىۋاتاتتى. رېت بۇرۇنلا ئۇنى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ قويغان بولسىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنى بۇلوكنىڭ كېتىپ دېموكراتچىلارنىڭ يەنە قايتىپ كەلگەنلىكى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ گېپىگە خەقلەر ئىشەنمىسىمۇ، شىماللىقلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كەتكىنىگە ئۇمۇ ئازراق خۇشال ئىدى، قايتا قۇرۇش مەزگىللىرىدە تارتقان جاپالىرى، ئارمىيە بىلەن سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئۇنىڭ پۇللىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىش ئېھتىمالىدىن كېلىدىغان ۋەھىمىلەر ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىدە تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ تايانچىسىز ئىدى، دائىملا قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەتتى، شۇڭا ئۇلارغا ھازىرغىچە ئۆچ ئىدى. ئەمما، يەنە ئۆزىنىڭ ئامانلىقى، بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىر يولدا مېڭىپ قالغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى، ئۇلارنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان، ئۆزىنىڭ دوستلىرى ۋە بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى

ئۆزگەندى. ئەمدى ئۇ ھۆكۈمرانلار تۈگەشتى، سىكارلېتمۇ بۇلوك ھاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا پۇل تىككەندى، ئەمدى ئۇمۇ تۈگەشتى.

1871 ـ يىلىدىكى مىلاد بايرىمى ئون يىلدىن بېرىقى ئەڭ خۇشاللىق بىر بايرام بولدى. سىكارلېت ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەسلىدە ئاتلانتالىقلار ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان رېت بۇرۇنلا جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، نۇرغۇن ۋاقىت ۋە نۇرغۇن پۇلىنى جورجىيەنى قايتۇرۇۋېلىشقا قاراتقانلىقى ئۈچۈن ھازىر ھەممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا ئىدى. ئۇ چوڭ كوچىدا ئاتلىق كېتىۋاتىدۇ، بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ كىشىلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ھەممە يېرى ئاسمان رەڭ كىيىملەرگە پۈركىنىپ كەتكەن بونني ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ جاۋاب ياندۇرۇۋاتىدۇ، ئەھۋال سوراۋاتىدۇ، ئامراقلىقى كېلىپ بونىيغا قارىشىۋاتىدۇ. سىكارلېتچۇ...

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

ھەممە ئادەم بونني باتلېرنىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قاتتىق باشقۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن يەنە ئۇنى ھەممىسى ياخشى كۆرەتتى، قاتتىق تۇتۇشقا ھېچكىمنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى. ئۇ دادىسى بىلەن بىللە سىرتتا يۈرگەن ئاشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بۇزۇلۇۋالغانىدى.

شۇ جەريانىدا ۋە سىكارلېت ئاغرىپ قېلىپ تاراغا كەتكەندىن كېيىن ئۇ سىكارلېتنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ سىكارلېت ئۇنى باشقۇرالماي قالدى. بونني سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىدارە قىلىشنى، جاھىللىقى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارتىيەسى ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلار قانچىلىك توسقۇنلۇق قىلسۇن، جورجىيە ئاخىر خەلقنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ تۇيۇقسىز ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى ھەممە ئادەمنى تەڭ خۇش قىلغىنى يوق، جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە قاتتىق ساراسىمە پەيدا قىلدى. گېلېرتىس بىلەن ھىندوس ئالدىن خەۋەر قىلىنغان بولغاچقا، بۇلوك ئىستېپيا بەرگەنلىكىنى جاكارلاشتىن بۇرۇنلا ئەسلىي جايىغا قېچىپ بېرىۋالدى. قېلىپ قالغان سومكىچىلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ قورقۇپ جېنى چىقتى. سىكارلېتنى يوقلاپ كەلگەن خانىملار ئۇنىڭغا ھالىنى ئېيتىپ: «بۇنداق بولارنى كىم بىلدى؟ بىز تېخى ئىشتات باشلىقىنىڭ ھوقۇقىنى ناھايىتى چوڭ، بۇ يەردىن مىدىرلىمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇق. بىز يەنە...» دەپ سۆزلەپ كېتىشتى.

سىكارلېتمۇ ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قېلىۋاتاتتى. رېت بۇرۇنلا ئۇنى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ قويغان بولسىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنى بۇلوكنىڭ كېتىپ دېموكراتچىلارنىڭ يەنە قايتىپ كەلگەنلىكى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ گېپىگە خەقلەر ئىشەنمىسىمۇ، شىماللىقلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كەتكىنىگە ئۇمۇ ئازراق خۇشال ئىدى، قايتا قۇرۇش مەزگىللىرىدە تارتقان جاپالىرى، ئارمىيە بىلەن سومكىچىلار پارتىيەسىنىڭ ئۇنىڭ پۇللىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىش ئېھتىمالىدىن كېلىدىغان ۋەھىمىلەر ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىدە تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ تايانچىسىز ئىدى، دائىملا قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەتتى، شۇڭا ئۇلارغا ھازىرغىچە ئۆچ ئىدى. ئەمما، يەنە ئۆزىنىڭ ئامانلىقى، بەختەرلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىر يولدا مېڭىپ قالغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى، ئۇلارنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان، ئۆزىنىڭ دوستلىرى ۋە بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى

ئۈزگەنىدى. ئەمدى ئۇ ھۆكۈمرانلار تۈگەشتى، سىكارلېتمۇ بۇلۇك ھاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول تىككەنىدى، ئەمدى ئۇمۇ تۈگەشتى.

1871 ـ يىلىدىكى مىلاد بايرىمى ئون يىلدىن بېرىقى ئەڭ خۇشاللىق بىر بايرام بولدى. سىكارلېت ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەسلىدە ئاتلانتالىقلار ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان رېت بۇرۇنلا جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، نۇرغۇن ۋاقىت ۋە نۇرغۇن پۇلىنى جورجىيەنى قايتۇرۇۋېلىشقا قاراتقانلىقى ئۈچۈن ھازىر ھەممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا ئىدى. ئۇ چوڭ كوچىدا ئاتلىق كېتىۋاتىدۇ، بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىپ كىشىلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ھەممە يېرى ئاسمان رەڭ كىيىملەرگە پۈركىنىپ كەتكەن بونني ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ جاۋاب ياندۇرۇۋاتىدۇ، ئەھۋال سوراۋاتىدۇ، ئامراقلىقى كېلىپ بوننىغا قارىشىۋاتىدۇ. سىكارلېتچۇ...

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

ھەممە ئادەم بونني باتلېرنىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قاتتىق باشقۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن يەنە ئۇنى ھەممىسى ياخشى كۆرەتتى، قاتتىق تۇتۇشقا ھېچكىمنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى. ئۇ دادىسى بىلەن بىللە سىرتتا يۈرگەن ئاشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بۇزۇلۇۋالغانىدى.

شۇ جەرياندا ۋە سىكارلېت ئاغرىپ قېلىپ تاراغا كەتكەندىن كېيىن ئۇ سىكارلېتنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ سىكارلېت ئۇنى باشقۇرالماي قالدى. بونني سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىدارە قىلىشنى، جاھىللىقى ۋە

ئەركىلىكلىرىنى تۈزەشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئۈنۈمى دېگەنىدەك بولمىدى. رېت ئۇنىڭ تەلەپلىرى قانچىلىك بىمەنە، ھەرىكەتلىرى قانچىلىك قىلىقسىز بولسىمۇ ئۇنى دائىم قانات ئاستىغا ئالاتتى، چوڭ ئادەمدەك كۆرۈپ، ئىختىيارىيچە گەپ قىلىشلىرىغا مەدەت بېرەتتى، گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك، دېگەنلىرىگە بويسۇنۇۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. نەتىجىدە بونىي چوڭ ئادەملەرنىڭ گەپلىرىگىمۇ ئارىلىشىۋالىدىغان، ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا دادىسىنىڭ گەپلىرىگە قارشى چىقىپ ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولۇپ قالدى، ئەمما رېت ئۇنىڭغا كۈلۈپلا قوياتتى. بەزىدە سكارلېت ئۇنى جازالاپ ئالىقىنىغا ئۇرۇپ قويسىمۇ رېت خاپا بولاتتى.

«ئەگەر ئۇ كىچىكىدىن ئوماق قىز بولمىسا، كېيىن ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان بىرنېمە بولۇپ قالىدۇ، — دەپ ئويلايتتى سكارلېت قىزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆزىنىڭ مىجەزىگە ئوخشاش قىز بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، — ئۇ رېتقا شۇنچىلىك ئامراق، شۇڭا رېتلا خالايدىغان بولسا ئۇنى تۈزىۋېلىشقا بولاتتى.»

لېكىن، رېتتا بالىنى سكارلېت ئويلىغاندەك تەربىيەلەش خىيالى يوقتەك قىلاتتى. نېمىلا قىلسا ئۇنىڭ توغرا ئىدى. ئەگەر ئۇ ئاينى ئېلىپ بەر دەپ قالسا، رېتنىڭ ئاينى ئېلىپ بېرىشكە قۇدرىتى يېتىدىغانلا بولسا چوقۇم ئېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل چىرايى، بۈدۈر چاچلىرى، زىنىخلىرى، چىرايلىق تۇرقى، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قىزىدىن ماختانمايدىغان يېرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ شوخلۇقىنى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى، دادىسىنى ياخشى كۆرۈپ ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى، قىلىقسىزلىقلىرى بىلەن ئەركىلىكلىرىمۇ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ شۇنداق ئوماق تۇرسا، ئۇنى چىڭ تۇتۇشقا يۈرىكى قانداق چىدىسۇن؟ ئۇ دېگەن قىزىنىڭ يۈرىكىدىكى خۇدا، قىزىنىڭ كىچىككىنە دۇنياسىنىڭ يادروسى. ئۇنىڭ ئۈچۈن

بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بارمۇ بۇ دۇنيادا؟ ئۇ ھەرگىز قاراملىق قىلىپ قىزىنىڭ ئۇ خىل سەبىي يۈرىكىنى رەنجىتمەيدۇ.

بىر تۇرۇپ سىكارلېت قىزىنىڭ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن دادىسىنى مەھكەم كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى ھەم تەسىرلىنەتتى. رېتقا ئوخشاش بىر ئەركەكنىڭ دادا بولغاندىن كېيىن بۇنچىلىك دەرىجىدە جىددىي ۋە ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان؟ لېكىن، بەزىدە سىكارلېتنىڭ قىزىغا تارلىقى كېلىپ قالاتتى، چۈنكى ئەمدى تۆت ياشقا كىرگەن بوننىي رېتنى شۇقەدەر چۈشىنەتتى ۋە باشقۇرالايتتى.

بوننىي تۆت ياشقا كىرگەندىن كېيىن نېگىر ئانا، قىز بالا ئاتقا مىنمەسلىكى كېرەك ئىدى. «دادىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندا شامال كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى قايرىۋېتىدىغان ئىشلار بولىدۇ» دەپ كوتۇلدايدىغان بولۇپ قالدى. رېت بۇ تەنقىدكە جىددىي قارىدى، چۈنكى ئۇ مومايىنىڭ بالىلارنىڭ تەربىيەسى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىگە بىرئاز ئېتىبار بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تايدىن بىرنى سېتىۋالدى، كىچىك بىر ئېگەر ئالدى، بوننىي ئېتىغا «باتلېر ئەپەندى» دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. ئەمدى ئات مىنگەندە كىيىدىغان كىيىم سېتىۋېلىش كېرەك ئىدى. كىيىمنىڭ رەڭگىنى بوننىي ئۆزى تاللىدى، كىيىملەرنىڭ رەڭگى، ئەلۋەتتە، ئاسمان رەڭ بولاتتى.

— قوزام، كۆك رەڭلىكىنى ئالماڭ، چوڭ سورۇنلارغا بارغاندا مەن شۇ رەڭدە كىيىنىمەن، — دېدى سىكارلېت كۈلۈپ تۇرۇپ بوننىيغا بىر كۈنى، — كىچىك بالىلار قارا رەڭدە كىيىسىمۇ بولىدۇ. — سىكارلېت ئۇنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رېتقا قارىدى، — رېت، خۇدا ھەققى، ئۇنىڭغا كۆك رەڭنىڭ ئاسان كىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇڭچۇ.

— بوپتۇ كىيىۋەرسۇن، مەينەت بولۇپ كەتسە يەنە ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەرسەك بولمىدىمۇ، — دېدى رېت ئېرەنشىمەي.

شۇنداق قىلىپ، بونىېغا كۆك رەڭلىك كىيىم ئېلىپ بەردى، شىلەپىسى قارا رەڭدە ئىدى، ئۇستىدە ئۇزۇن بىر پەي قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ پىئاچتېر كوچىسىدا، كېيىن ـ كېيىن باشقا كوچىلاردا ئاتلىق يۈرۈشىدىغان بولدى.

كېيىن، يەنى رېت بونىېنى ئاتتا پۇختا ئولتۇرالايدىغان، ئاتنى ئوبدان باشقۇرالايدىغان، قورقمايدىغان بولدى دەپ ھېسابلىغاندا، «باتلېر ئەپەندى» گە توسۇقتىن ئاتلاپ ئۆتۈشنى ئۆگەتمەكچى بولدى، توسۇق ئەلۋەتتە تاينىڭ پۇتىنىڭ ئېگىزلىكىچىلىك كېلەتتى. ئۇنى ئۆگىتىشكە پېتتېرنىڭ جىيەنى ۋاشىنى كۇنلۇكىگە يىگىرمە بەش دوللار بېرىپ ياللىۋالدى.

تاي توسۇقتىن سەكرەشكە ئۆگىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، رېت بونىېنىڭ سىناپ بېقىشىغا قوشۇلۇپ ئۇنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى. نەتىجىدە ئۇ تۇنجى قېتىمقى سەكرەشتىلا غەلىبە قىلدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ھازىرقى توسۇقلارنىڭ ئېگىزلىكىگە قانائەت قىلماي، توسۇقنى بىر ئىنگلىزچىسى ئېگىزلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئاندىن بۇنىڭدىنمۇ ئېگىزگە سەكرەيدىغان بولىسىز، — دېدى رېت ئۇنىڭغا، — ئۇ چاغدا مەن سىزگە يوغان ئات ئېلىپ بېرىمەن. «باتلېر ئەپەندى» كىچىك، ئۇنداق ئېگىزدىن سەكرىسە بولمايدۇ.

— بولىدۇ، مېلانىيە ئاپامنىڭ ھويلىسىدىكى ئەتىر گۈللەرنىڭ ئۇستىدىن سەكرەتسەم سەكرىيەلىدى، ئۇ گۈللەر شۇنچىلىك ئېگىز ئىدى.

— ياق، سىزنىڭ تېخى ۋاقتىڭىز بار، — رېت بۇ قېتىم ھەر ھالدا چىڭ تۇرالىدى. لېكىن، بونىېنىڭ توختىماي دەپ تۇرۇۋېلىشى ۋە خاپا بولۇشلىرى بىلەن رېتنىڭ ئۇ قەتئىيەتلىكى

ئاللىقاياققا ئۇچۇپ كەتتى.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن تار ئاق توسۇق ياغاچنى ئازراق ئېگىزلىتىپ قويدى، — يىقىلىپ چۈشسىڭىز مېنى تىللىمايسىز - ھە!

— ئاپا! — دەپ توۋلىدى بونىي ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ، — قارىغىنا، دادام توسۇقنى ئېگىزلىتىپ بەردى.

سكارلېت بېشىنى تاراۋاتاتتى، قىزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ خۇشال توۋلاۋاتقان قىزىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كۆك رەڭ كىيىمى مەينەتلىشىپ غەلىتىلا بولۇپ قالغانىدى.

«ئۇنىڭغا باشقىدىن تىكتۇرۇپ بەرمىسەم راستىلا بولماي قاپتۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئۇ كىيىمنى ئۇستىدىن سالدۇرۇۋېتەلەمدىمەن تېخى.»

— ئاپا، قارا!

— قاراۋاتىمەن، سۆيۈملۈكۈم، — سكارلېت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

رېت بونىينى كۆتۈرۈپ ئېتىغا مىندۈرۈپ قويدى. سكارلېت بونىينىڭ گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ھەۋىسى كېلىپ ئىختىيارسىز ۋارقىراپ قويدى.

— چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، قوزام!

— سەنمۇ شۇ، ئاپا! — ئۇنىڭمۇ ئاپىسىغا ھەۋىسى كېلىپ توۋلىدى. ئاندىن «باتلېر ئەپەندى»نىڭ قورسىقىغا كۈچەپ بىرنى تەپكەنىدى، ئات شىپاڭ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

— ئاپا، ماڭا قاراپ تۇر - ھە! — ئۇ يەنە شۇنداق دەپ ئاتنى قامچا بىلەن بىرنى ئۇردى.

«ماڭا قاراپ تۇر - ھە!»

سكارلېت ئېسىگە گۇپپىدە بىر ئىش كەلگەندەك، بۇ ئىشتىن بىر خىل ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

نېمە ئىشتۇ؟ نېمىشقا ئېسىگە ئالالمايدۇ؟ ئۇ ئېغىشىپ، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدىكى قىزىغا قارىدى. نەزىرى ئۇنىڭغا يېتىپ بېرىش بىلەن تەڭ يۈرىكىنى خۇددى مۇزدەك بىر نەرسە چىرمىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى. بونىي چېپىپ كېتىۋاتاتتى، بۇدۇر چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ، ئاسمان رەڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇرۇۋاتاتتى.

«ئۇنىڭ كۆزلىرى دادامنىڭ كۆزلىرىگە، ئېرىلاندىيەلىكلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدۇ، — ئويلاپ قالدى سكارلېت، — ھەممىلا تەرىپى قويۇپ قويغاندەك دادامنىڭ ئۆزى.»

گېلاردنى ئويلاپ تۇرۇپلا، بايا ئېسىگە ئالالمىغان ئىشنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. كۆز ئالدىدا بىردىنلا يېزا مەنزىرىسى كۆرۈنگەندەك، قۇلاقلىرىغا ئېرىلاندىيە ئاھاڭىدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشا بىلەن تارانىڭ يايلىقىدا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى، ھازىر قىزى توۋلىغاندەك قوپالراق ئاۋازدا: «ئېلللېن، ماڭا قاراپ تۇرۇڭ ـ ھە !» دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.

— ياق ! — جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى سكارلېت، — ياق ! بونىي، سەكرىمە !

ئۇ دېرىزىدىن بېلىگىچە چىقىپ تۇرۇپ توۋلاۋاتقان شۇ مىنۇتتا، توسۇق ياغاچىنىڭ قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ سۇنغان ۋە رېتىنىڭ ئەنسىز توۋلىغان، كۆك رەڭ كىيىملەرنىڭ يەرگە چۈشكەن، ئاتنىڭ يەرگە يىقىلغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ دەھشەتلىك بىر گۈلدۈرماما ئاڭلاندى. ئاندىن «باتلېر ئەپەندى» ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، ئېگەر ئۈستىدە ئادەم يوق، ئۆزى يالغۇز ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

بونىي ئۆلۈپ كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە نېگىر ئانا مېلانىيە خانقىزنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتمەس تارتىپ بېشىغىچە ھەممە يېرى قارىلىق كىيىملەر بىلەن

پۈركىنىپ كەتكەنىدى. پۈرلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ ئىچى بىلەن تېشى قىزىرىپ قان قۇيۇلغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئەلەم، قايغۇ چىقىپ تۇرىدۇ. قورۇق چۈشكەن چىرايى قېرى مايمۇندەك ئەنسىز، ئەمما ئاللىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك قەتئىي.

ئۇ دىلسېيغا بوش ئاۋازدا بىر نېمىلەرى دېۋىدى، دىلسېي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن قولىدىكى تەخسىنى قويۇپ تاماق يەيدىغان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي مىلانىيە ئاشخانىغا كىردى، قولىدا سالفىتكا، چىرايى ئەنسىز ئىدى.

— سكارلېت خانقىز ئۇ...

— سكارلېت خانقىز هازىر تىنچلىنىپ بۇرۇنقى هالىتىگە كېلىپ قالدى، — دېدى نېگىر ئانا، — تاماق ۋاقتىدا سىزنى ئاۋارە قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، مىلانىيە خانقىز، ئەمما ئىچىمدىكى گەپنى دەۋەتكۈچە ئالدىراپ كەتتىم.

— كەچلىك تاماقنى سەل تۇرۇپ يېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى مىلانىيە دىلسېيگە، — دىلسېي، تاماقنى باشقىلارغا بېرىۋەرگىن، ئانا، سىز مەن بىلەن يۈرۈڭ.

نېگىر ئانا مىلانىيەنىڭ كەينىدىن مېڭىپ تاماقخانىنىڭ سىرتىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. تاماقخانىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن ئاشلىيىنىڭ ئۈستەلنىڭ بېشىدا، بېئو بىلەن سكارلېتنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ ئىككى ياندا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ۋاد بىلەن ئېللا ناهايىتى خۇشال ئىدى، مىلانىيە هاممىسى بىلەن بۇنچە ئۇزاق تۇرغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن بايرام بولغانىدى، مىلانىيە هاممىسى ئۇلارغا شۇنداق مېهرىبان ئىدى، هازىر تېخىمۇ شۇنداق بولۇۋاتاتتى. سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۇلارغا هېچقانداق تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى. بوننى ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن ئاپىسى كۆپ يىغلاپ كېتىپ، ئۇلارنى مىلانىيە هاممىسى ئۆيىگە ئەكېلىۋالغانىدى.

مىلانىيە نېگىر ئانىنى تۆت تېمى كىتاب بىلەن توشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۆجرا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئىشكىنى يېپىپ قويدى. ئاندىن ئۇنى سافاغا ئولتۇرغۇزدى.

— كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ تەرەپكە ئۆتمەكچىدىم، — دېدى ئۇ، — كاپىتان باتلېرنىڭ ئاپىسىمۇ كەلدى. بونىنىنى ئەتە يەرلىككە قويۇۋەتسەك بولار دەيمەن.

— ھازىر گەپ دەل شۇنىڭدا، — دېدى نىگىر ئانا، — مېلانىيە خانقىز، بىز زادىلا ئامال قىلالمىدۇق، سىزنى ياردەم بېرەلەمدىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى. بۇ دۇنيانىڭ ھەممىلا ئىشى يۈرەكنى ئېزىدىغان ئىشلار ئىكەنغۇ.

— سكارلېت ئاغرىپ قالدىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى مېلانىيە، — بونىي... سكارلېتنى ناھايىتى ئاز كۆرىمەن، ئۆينى تاقىۋېلىپ سىرتقا چىققىلى ئۇنىمايدۇ، كاپىتان باتلېر كۆپرەك سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ...

بىردىنلا مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. مېلانىيە ئىتتىك يېنىغا بېرىپ مورىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى. بىر ئازدىن كېيىن موماي كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— بىزگە چوقۇم ياردەم بېرىڭ، مېلانىيە خانقىز. مەن ھەممە كۈچۈمنى ئىشقا سالدىم، لېكىن ئامال قىلالمىدىم.

— سكارلېت خانقىز...

نىگىر ئانا قەددىنى رۇسلاپ قويدى.

— مېلانىيە خانقىز، سىزمۇ سكارلېتنى مەندەك ئوبدان چۈشىنىسىز. ئۇ قىز بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كەلگەن چاغدا، خۇدا ئۇنىڭغا شۇنداق بىر كۈچ ئاتا قىلامدىكىن، ئۆزىنى تۇتىۋالايدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى قاتتىق ئېزىۋەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالىدى. مەن ئۇنىڭ ئەمەس، رېت ئەپەندىنىڭ ئىشى بىلەن كەلدىم.

— ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي دەپ بارسام شەھەرگە

كىرىپ كەتكەن، يا بولمىسا ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋالغان بولىدۇ... سىكارلېتتىن سورىسام بىر ئېغىز مۇ گەپ قىلمايدۇ... ئېيتقىنا، ئانا، نېمە ئىش، قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم قىلىمەن.

موماي قولىنىڭ كەينى بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈپ قويدى.

ــ بايا مەن سىكارلېت خانقىزنىڭ ھەرقانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى دېدىم، چۈنكى بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭ بېشىدىن كۆپ ئۆتكەن. لېكىن، رېت ئەپەندى ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، ئۆزى خالىمىسا ھەرقانداق ئىشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدىكەن، شۇياقنىڭ ئىشى بىلەن كەلدىم.

ــ بىراق...

ــ مېلانىيە خانقىز، بۈگۈن ئاخشام سىز چوقۇم مەن بىلەن ئۇ يەرگە بىللە بېرىڭ، ــ مومايىنىڭ تەلەپپۇزى بەكمۇ جىددىي ئىدى، ــ رېت ئەپەندى سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئۇ سىزنى بەك چوڭ بىلىدۇ.

ــ ئانا، زادى نېمە ئىش؟ سىز نېمىگە قارىتا بۇنداق دەيسىز؟

موماي يەنە قەددىنى رۇسلاپ قويدى.

ــ مېلانىيە خانقىز، رېت ئەپەندى... ئېلىشىپ قالدى، بونىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشىمىزگە پەقەتلا ئۇنىمايۋاتىدۇ.

ــ ئېلىشىپ قالدى؟ ئانا، بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ــ يالغان سۆزلىگىنىم يوق، راست گەپ، ئۇ بونىنى يەرلىكىدە قويدۇرمايۋاتىدۇ. بايا ماڭا، بونىنىڭ ئۆلگىنىگە تېخى بىر سائەت بولمىدى، دېدى.

ــ ئۇ ئۇنداق قىلماسلىقى... مۇمكىن ئەمەس...

ــ شۇنىڭغا ئۇياقنى ئېلىشىپ قالدىمىكىن دەيمەن.

ــ ئەمما، نېمە ئۈچۈن...

ــ مېلانىيە خانقىز، سىزگە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرەي، بۇ گەپلەرنى باشقا ئادەمگە دېگىلى بولمايدۇ. بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇگەپلەرنى دېگۈدەك ئادەممۇ يەقەت سىزلا. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇياق قىزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، مەن ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، بالىسىنى ئۇنىڭچىلىك ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان. مادې دوختۇر بونىپىنىڭ بويىنىنىڭ ئۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى دېۋىدى، ئۇ قورقۇپ كېتىپ ساراڭ بولۇپ قالدى، مىلتىقنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ چىقىپلا ئۇ بىچارە ئاتنى ئېتىۋەتتى. ۋاي خۇدايىم، مەن تېخى ئۇنى ئۆزىنى ئېتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. شۇ ئارىلىقتا سىكارلېت خانقىز ھوشىدىن كەتتى، قوشنىلارمۇ كىرىپ ئۆيگە پاتماي كېتىشتى، لېكىن رېت ئەپەندى بونىپىنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ قويۇۋەتمىدى، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى قانلارنى يۇيۇۋېتەي دېسەممۇ ئۇنىمىدى. بىر چاغدا سىكارلېت خانقىز ھوشىغا كېلىپ ئاندىن يورىكىم ئورنىغا چۈشتى. مەن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشىدۇغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ــ موماي يەنە بىر قېتىم كۆز يېشى قىلدى، بۇ قېتىم يېشىنى سۈرتمىدى، ــ ئەمما سىكارلېت ھوشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپلا، رېت ئەپەندىنىڭ بونىپىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «قىزىمنى تۆلەپ بەر، ئۇنى سەن ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ!» دەپ توۋلاپ كەتتى.

ــ ھە ! ياق، ئۇنداق دېسە بولمايدۇ !

ــ شۇ ئەمەسمۇ ! ئۇ شۇنداق دېدى. رېت ئەپەندىگە ئىچىم ئاغرىپ مەنمۇ يىغلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. مەن: «بالىنى ماڭا بېرىڭ، كىچىك خانقىزنىڭ بۇنداق تۇرىۋېرىشىگە چىدىماي قېلىۋاتىمەن» دېدىم. بالىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ يۇزىنى يۇيۇۋەتتىم. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېت خانقىز ئۇنى، قاتىل، ئاتنى شۇنچە ئېگىز يەردىن ئاتلىتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ، دېدى، رېت ئەپەندى سىكارلېت خانقىزنى، سېنىڭ بالىلار بىلەن كارىڭ يوق،

كۆيۈنمەيسەن، دەپ ئەيىبلىدى...

— بولدى، گەپ قىلما، ئانا! ماڭا ھېچنېمە دەپ بەرمە. بۇ ئىشلارنى ماڭا دەپ بەرمىسەڭ بولاتتى، — تولۇپ كەتتى ميلانىيە. موماي سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋەتكەنىدى.

— سىزگە بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشىمىمۇ ھاجەتسىز ئىدى، لېكىن ئىچىمگە سىغدۇرالمىدىم. رېت ئەپەندى بونىنېنىڭ جەسىتىنى ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇۋالدى. سىكارلېت خانقىز، گىروبقا سېلىپ مېھمانخانا ئۆيگە قويۇپ قويايلى، دېۋىدى، رېت ئەپەندى ئاچچىقىدا: «ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە يېتىشى كېرەك!» دەپ تولۇپ، ئۇنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئاندىن ماڭا قاراپ: «ئانا، مەن سىرتقا چىقىپ قايتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭغا سىز قاراپ تۇرۇڭ» دېدى ۋە شۇ چىقىپ كەتكەنچە گۇگۇم چۈشكەندە قايتىپ كەلدى. غەرق مەست ئىدى، ئەمما ئۆزىنى باشقۇرالايتتى. ئۇ سىكارلېت خانقىزغىمۇ، پىتتىي خانقىزغىمۇ، ئۆيدىكى باشقا خانىملارغىمۇ قارىماي ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ مېنى تولىدى. مەن دەررۇ يېنىغا كىردىم. ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى، دېرىزىلەرمۇ يېپىقلىق بولغاچقا، ئۇنى دەرمەھەل كۆرەلمەي قالدىم. ئۇ ماڭا: «دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىڭ، ئۇ يەكمۇ قاراڭغۇ ئىكەن» دېدى. مەن دەرھال دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتىم. بىر چاغدا قارىسام، ئۇ ماڭا تىكىلىپلا قاپتۇ، چىرايى بۆلەكچىلا، قورقۇپ تىترەپ كەتتىم. «چىراغ كەلتۈرۈڭ! كۆپرەك كەلتۈرۈپ ھەممىسىنى يېقىۋېتىڭلار. پەردىلەر چۈشۈرۈلمىسۇن، دېرىزىلەرنىمۇ ئەتمەڭلار. سىز بونىي خانقىزنىڭ قاراڭغۇدىن قورقىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟»

ميلانىيە ئالاقزەدە بولۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى مومايىنىڭ كۆزلىرىگە تىكتى، موماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ گېپىنى قىلىۋەردى.

— ئۇ، بونىي خانقىز قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، دېگەن گەپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە دېدى.

موماي ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

— مەن ئۇنىڭغا بىر باغلام شام ئەكىرىپ بەردىم، ئاندىن ئۇ مېنى چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى. سىكارلېت خانقىز ئىشىكنى چەكسىمۇ ئېچىپ بەرمەي، ئىككى كۈن بوننېنىڭ جەسىتىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى. ئۇنى يەرلىككە قويۇشنىڭ گېپىنى پەقەتلا قىلمىدى. ئەتىگىنى ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ ئاتلىق شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ، ئاخشىمى غەرق مەست يېنىپ كېلىپ ئىشىكنى يەنە ئېتىۋېلىپ، يېمەي، ئىچمەي، ئۇخلىماي كېچىچە تۈنەپ چىقىپتۇ. ئاپىسى باتلېر خانىممۇ چارلېستوندىن ئۆلۈمگە دەپ ئالاھىدە كەلدى، سۇئېللېن خانقىز بىلەن ئېرى ۋىلمۇ تارادىن كەلدى، لېكىن رېت ئەپەندى ئۇلارغا قاراپمۇ، گەپ قىلىپمۇ قويمىدى. مېلانىيە خانقىز، ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق ئىش بولۇۋاتىدۇ، ئۇششاق سۆزلەرمۇ كۆپىيىپ كېتىدىغان بولدى.

— بۈگۈن كەچتە، — موماي يەنە گېپىدىن توختاپ قېلىپ قولى بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈپ قويدى، — رېت ئەپەندى سىرتتىن قايتىپ كەلگەندە سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆيىگە بىللە كىرىپ ئەتە بالىنى يەرلىككە قويۇۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دېۋىدى: «ئەگەر شۇنداق قىلىدىغانغا پېتىنىدىغان بولساڭ، ئەتە سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن» دېدى.

— ئاھ، ئۇ چوقۇم ساراڭ بوپتۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، خانقىز. كېيىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كېتىپ زادىلا ئاڭلىيالمىدىم، رېتنىڭ، بوننى خانقىز قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، گۆرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ دېگىنىنىلا ئاڭلاپ قالدىم. سىكارلېت خانقىز: «بالىنى ئۆزۈڭ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئەمدىلىكتە ئۆزۈڭنى ياخشى نىيەتلىك قىلىپ كۆرسەتمەكچىمۇ؟» دېۋىدى، ئۇ: «مېنى راستلا كەچۈرمەمسىز؟» دەپ سورىدى. سىكارلېت خانقىز: «كەچۈرمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوننېنى ئۆلتۈرۈپ

قويغاندىن كېيىن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭدىن تېخىمۇ يىرگىنىمەن، شەھەردىكى ھەممە خەق سېنى تىللاۋاتىدۇ. كەچكىچە مەستلا يۈرىسەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەرلەردە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا سەن ئۇچىغا چىققان ئەخمەق ئادەم. مەن سېنىڭ ئۇ پاسكىنىنىڭ... بېللې ۋاتلىنىنىڭ قېشىغا بېرىۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن!» دېدى.

— ئاھ، ئانا، ئۇ مۇمكىن ئەمەس.

— راست ئىكەن، خانقىز، سىكارلېت خانقىز شۇنداق دېدى، ئۇنىڭ پاكىتلىرىمۇ بار. بىز نېگىرلار نۇرغۇن ئىشلارنى ئاق تەنلىكلەردىن تېز ئاڭلايمىز. مەنمۇ ئۇنىڭ شۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، ئەمما ھېچكىمگە تىنمىغان، رېت ئەپەندىمۇ ئىنكار قىلمىدى. «راست، خانىم، مەن شۇ يەرگە بېرىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. چۈنكى، سىز ئۇنداق ئىشلارغا مەيلى دەيسىز ئەمەسمۇ؟ دوزاختا ئوخشايدىغان بۇ ئۆيگە قارىغاندا ئۇ يەر جەننەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېللې كۆڭلى ياخشى ئايال، مېنى ئۆزۈڭنىڭ بالىسىنى ئۆزۈڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ دېمەيدۇ» دېدى رېت ئەپەندى.

— ئاھ! — مېلانىيە بۇ ئازابلارغا چىدىماي ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى.

مېلانىيەنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، خۇشال ئۆتۈۋاتقاچقا، ئەتراپىدىكىلەرمۇ ۋاي دەپ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ ئىناق - ئېجىل تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇ نېگىر ئائىلىنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى چۈشەنمەيتتى ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى. ئەمما، ئادەم يالىڭاچ تەننى كۆرۈپ قالسا ئۇنى ئېسىدىن چىقىرالمىغانغا ئوخشاش، بىر ئىشنى ئاڭلاپ قالسا زادىلا خىيالىدىن نېرى قىلالمايتتى. رېت باتلېرنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ بېللې ۋاتلىن ھەققىدە قىلغان گەپلىرىمۇ شۇنداق بولدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدىكى گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ سىكارلېتنى ياخشى كۆرىدۇ. مېلانىيەنىڭ شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئاشۇنداقلىقىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، سىكارلېتمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق سۈركىلىشلەر يۈز بەرگەندۇ؟ ئەر ـ خوتۇن تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە شۇنچىمۇ رەھىمسىز بولۇپ كېتەمدۇ.

موماي سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— بىر ئازدىن كېيىن، سىكارلېت خانقىز ئۇنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقتى. چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، چىشلىرى كىرىشىپ قالغانىدى. مېنى كۆرۈپ: «ئانا، ئەتە بونىبېنى يەرلىكىدە قويىمىز!» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سىلىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايتتى. رېت ئەپەندىمۇ شۇنداق. يەنە تېخى ئۇ، شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ بوغۇزلىۋېتىمەن، دېگەن. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. مېلانىيە خانقىز، ئىچىمدىن چىقىرالماي يۈرگەن بىر ئىش بار، بونني خانقىزنى قاراڭغۇدىن قورقىدىغان قىلىپ قويغان ئادەم مەن ئىدىم.

— ئانا، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ... ھازىر ھېچ گەپ يوق.

— گەپ بار، خانقىز، پۈتۈن ئاۋارىچىلىك شۇنىڭدىن چىققان، شۇنىڭ بىلەن مەن، رېت ئەپەندى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭغا بۇ گەپنى دەپ قويماي دەپ ئويلاپ قېشىغا كىرىپ: «رېت ئەپەندى، بىر ئىشىمنى سىزگە ئىقرار قىلماقچىدىم» دېۋىدىم، ئۇ ساراڭغا ئوخشاش ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ: «چىقىپ كەت!» دەپ توۋلىدى. ۋاي خۇدايىم، مەن ئەزەلدىن بۇنداق قورقۇپ باقمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا، «رېت ئەپەندى، گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بولىدىغان ئىش ئىدى، بونني خانقىزنى مەن قاراڭغۇدىن قورقىدىغان قىلىپ قويغان» دېدىم ـ دە، بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئۇنىڭ تايىقىنى ساقلاپ تۇردۇم. لېكىن، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئاندىن مەن يەنە: «ئۇنى قەستەن قىلغىنىم يوق، رېت ئەپەندى، ئۇ قىز ھېچنېمىدىن قورقمايتتى،

باشقىلار ئۇخلاپ قالغاندا كارىۋاتتىن چۈشۈۋېلىپ قاراڭغۇدا ئۆينىڭ ئىچىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ يۈرەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن سوغۇق ئۆتۈپ ئاغرىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراڭغۇدا جىن ــ ئالۋاستىلار كېلىدۇ، دەپ قويۇپتىمەن» دېدىم.

ئۇ قانداق قىلدى، بىلەمسىز؟ ئۇ يېنىمغا كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن قوللىرىنى مۈرەمگە قويدى. ئۇنىڭ ماڭا تۇنجى قېتىم شۇنداق قىلىشى ئىدى. ئاندىن ماڭا: «ئۇ باتۇر ئىدى، شۇنداقمۇ؟ قاراڭغۇدىن باشقا ھېچنەرسىدىن قورقمايتتى» دېدى. مەن ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كەتتىم. ئۇ دولامغا بوش ئۇرۇپ قويۇپ: «بولدى، ئانا، يىغلىماڭ. بۇ ئىشنى دەپ قويغىنىڭىزدىن خۇشال بولدۇم. مەن سىزنىڭ بوننېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ئۇنى ياخشى كۆرگەندىكىن بولدى. ئەڭ مۇھىم نەرسە كۆڭۈل» دېدى. بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكىم تېخىمۇ يوغىناپ: «رېت ئەپەندى، بالىنى يەرلىكىدە قويىدىغان ئىشنى قانداق قىلىمىز؟» دېۋىدىم، شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرى پەيدا- لىدەك بولۇپ ماڭا توۋلاپ كەتتى: «ۋاي خۇدايىمەي ! مەن تېخى باشقىلار چۈشەنمىسىمۇ، سىزنى مېنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلاپتىـ- كەنمەن. مېنىڭ بالام قاراڭغۇدىن قورقىدىغان تۇرسا ئۇنى يەنە قاراڭغۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىمەنمۇ؟ مەن ھازىر ئۇنىڭ قاراڭغۇدىن قورقۇپ ۋارقىراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن ئۇنى ھەرگىز قورقۇتمايمەن.» مېلانىيە خانقىز، مەن ئۇنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلدىم. ئۇ ھاراقلا ئىچىدۇ. ئۇخلىشى، تاماق يېيىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەمما. ئۇ ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ قىلمايدۇ. ئۇ راستلا ساراڭ بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنى: «يوقىلىڭ» دەپ ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرى- ۋەتتى.

پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ ئۇنىڭ، بوننېنى يەرلىكىدە قويمايمىز دېگىنىنى، سكارلېت خانقىزنىڭ ئەتە قويۇۋېتىمىز،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگىنىنى ئويلاپ چۈشتۈم. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ شۇ گەپنى قىلىشىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ، شۇنىڭ بىلەن سىز ئېسىمگە كېلىپ ئالدىڭىزغا كەلدىم، بىزگە ياردەم بەرمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ئانا، مەن ئۇدۇللا بېرىپ بۇ گەپنى دېسەم بولمايدۇ.

— سىز دېمىسىڭىز كىم دەيدۇ؟

— ئۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار، ئانا؟

— مېلانىيە خانقىز، مەنمۇ ئامال قىلالمىدىم. سىزنىڭ ئامالىڭىز بار، رېت ئەپەندى بىلەن پاراڭلىشالايسىز، ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ، سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ. بەلكىم سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەن بىلىمەن. ئۇنىڭ سىزنى، مەن بىلىدىغان ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايال، دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان.

— بىراق...

مېلانىيە نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. رېت باتلېر بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ پاراڭلىشىشنى، نېگىر ئانا سۈرەتلەپ بەرگەن دەرىجىدە تەلۋىلەشكەن بىر ئادەمگە گەپ يېگۈزۈشنى، ئۇ ئوماق قىزنىڭ جەسىتى قويۇلغان يوپيورۇق ئۆيگە كىرىشنى ئويلىسىلا ئۇنى تىترەك بېسىپ كېتەتتى. ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟ قانداق گەپلەر بىلەن رېتنىڭ ئازابقا پاتقان يۈرىكىگە مەلھەم بولالايدۇ؟ ئۇنى ئەقلىنى قايتا ئىشقا سالىدىغان قىلالايدۇ؟ ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان شۇ ئارىلىقتا ئۆيىنىڭ سىرتىدىن ئوغلىنىڭ خۇشال كۈلۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇشتۇمتۇتلا، مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ قالسىچۇ؟ دېگەن بىر يامان خىيال يۈرىكىگە خەنجەردەك بېرىپ تەگدى. ئاھ، ئۇنىڭ ئوغلى بېئونىڭ كىچىككىنە گەۋدىسى كارىۋاتتا مۇزدەك بولۇپ ياتسا، بارلىق كۈلكىلىرى مەڭگۈگە ئۆچسە ئۇ قانداق بولۇپ كېتەر؟

— ئاھ ! — ئۇ ئىختىيارسىز چىرقىراپ كېتىپ، خىيالىدا ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم بېسىۋالدى ۋە شۇندىلا رېتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈشەندى. ئەگەر بېئو ئۆلۈپ قالىدىغان بولسا ئۇ ئۇنى ئاشۇ قاراڭغۇ يەرنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قويارمۇ؟

— ئاھ، بىچارە كاپىتان باتلېر ! — توۋلاپ كەتتى ئۇ، — مەن ھازىرلا باراي، ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي.

ئۇ ئىتتىك تاماقخانىغا كىرىپ ئاشلېيغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى، ئاندىن ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ھاياجان بىلەن ئالتۇن رەڭ چاچلىرىغا سۆيۈپ كەتتى، بالا چۈشەنمەي قورقۇپ كېتىۋاتاتتى.

مېلانىيە شلەپىسىنىمۇ كىيمەي، شارپىسى قولىدا، ئۆيدىن چىقىپ ئارقا ـ ئالدىغا قارىماي مېڭىپ كەتتى. نېگىر ئانا يېتىشەلمەي قالدى. سكارلېتنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىنمۇ پەستە تۇرغان پىتتىي خانقىز، باتلېر خانىم، ۋىل ھەم سۇئېللېنلار بىلەن باش لىڭشىتىپلا سالاملىشىپ قويۇپ ئۇدۇل ئۈستىگە ماڭدى، نېگىر ئانا پايپاسلاپ كەينىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى. سكارلېتنىڭ مەھكەم تاقاقلىق تۇرغان ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. نېگىر ئانا دەررۇلا:

— ياق، خانقىز، كىرمەڭ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ يەردىن ئاستا كېتىپ رېتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ يەردىمۇ خۇددى قېچىپ كېتىشنى ئويلاۋاتقاندەك ئىككىلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن خۇددى تۇنجى قېتىم جەڭگە كىرىۋاتقان جەڭچىگە ئوخشاش قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى ۋە:

— ئىشىكنى ئېچىڭ، كاپىتان باتلېر، مەن ۋىلكېس خانىم، بوننىينى كۆرگىلى كەلدىم، — دېدى.

ئىشىك تېزلا ئېچىلدى. نېگىر ئانا دەررۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالدى. رېت ئىشىك تۈۋىدە ھازىرلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى، نېگىر ئانا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ۋىسكىنىڭ پۇرىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

پۈرنغاندەك بولدى. ئۇ مېلانىيەگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن قولىدىن تارتىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى، ئارقىدىن ئىشىكنى گۈپ قىلىپ يېپىۋەتتى.

نېگىر ئانا ئاستا مېڭىپ ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرغان ئورۇندۇقتا سېمىز گەۋدىسىنى ئاران قويۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ جىمجىت ئولتۇراتتى، ئۇنىسىز يىغلايتتى، ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇيتتى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆزلىرىدىكى ياشنى پات ـ پات سۈرتۈپ تۇراتتى، ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئاۋازغا قۇلاق سالاتتى، لېكىن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى، بوش پىچىرلىغان ئاۋازلارلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ، مېلانىيەنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى كۆرۈندى.

— ئازراق قەھۋە دەملەپ بولكا بىلەن ئەكىرىپ بېرىڭلار! — دېدى ئۇ.

بۇنداق جىددىي چاغلاردا نېگىر ئانا ئون ئالتە ياشلىق نېگىر قىزلىرىدەك چاققانلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە رېتنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتاتچقا، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇ نەرسىلەرنى تەييار قىلدى، لېكىن مېلانىيە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ پەتنۇسنى قولىدىن ئالدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى. نېگىر ئانا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا شۇنچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، قوشۇق ـ ۋىلكىلارنىڭ ئاۋازى بىلەن مېلانىيەنىڭ بوش ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمىدى. كېيىن ئۇ كارىۋاتنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئېنىقكى، كارىۋاتقا ئېغىر بىر نەرسە تاشلانغانىدى، ئارقىدىنلا ئۆتۈكنىڭ پولغا تاشلانغان ئاۋازى چىقتى. خېلىدىن كېيىن مېلانىيە ئىشىكنى ئاچتى. نېگىر ئانا ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى كۆرەلمىدى. مېلانىيە قاتتىق چارچاپ كەتكەندەك قىلاتتى. كىرپىكلىرىدە ياش

يۇقىلىرى يالتىراپ تۇراتتى، ئەمما چىرايى تىنچ ــ خاتىرجەم ئىدى.

ــ چاپسان كىرىپ سىكارلېتقا ئېيتىڭ، كاپىتان باتلېر بوننى خانقىزنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن يەرلىكىدە قويۇشقا قوشۇلدى، ــ دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا نېگىر ئانىغا.

ــ خۇداغا شۈكۈر، ــ دېدى نېگىر ئانا خۇشال بولۇپ كېتىپ، ــ ئۇنى قانداق قىلىپ...

ــ ۋارقىرىماڭ، ئۇ ئۇخلاپ قالدى. يەنە بىر ئىش، ئانا، سىكارلېتقا كىرىپ ئېيتىپ قويۇڭ، بۈگۈن كېچە مەن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ چىقىدىغان بولدۇم، ماڭىمۇ قەھۋە دەملەپ مۇشۇ يەرگە ئەكىرىپ بېرىڭ.

ــ مۇشۇ ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىمەنمۇ؟

ــ شۇنداق، مەن كاپىتان باتلېرغا ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا بالىغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدىغانلىغا سۆز بەردىم. ئەمدى كىرىپ سىكارلېتقا ئېيتىپ قويۇڭ، بولمىسا ئۇ كېچىچە بۇ ئىشتىن ئويلاپ چىقىدۇ.

نېگىر ئانا ئېغىر بەدىنىنى ئاران كۆتۈرۈپ خۇشال ھالدا سىكارلېتنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا خۇشاللىقىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم تۇرۇۋالدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى خىلمۇ خىل خىيال ۋە ھېرىش ــ چارچاش بىلەن ئۇمۇ بىر يەرگە بارغانىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كاللىسىنى خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىق چىرمىۋالغانىدى.

«مېلانىيە خانقىز مەن ئەپلەشتۈرەلمىگەن ئىشنى قانداق ئەپلەشتۈرگەندۇ؟ قارىغاندا، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خانقىز تەرەپتە ئوخشايدۇ. سىكارلېت خانقىزغا ئەتە كىچىك خانقىزنى يەرلىكىدە قويۇشنى ئېيتاي، ئەمما مېلانىيە خانقىزنىڭ كېچىچە ئۇ ئۆيدە بوننى خانقىزنىڭ جەسىتىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتماي، سىكارلېت خانقىز ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاتمىشىنچى باب

دۇنيادىن ئازراق چاتاق چىقىۋاتامدۇ، قانداق؟ قورقۇنچلۇق، غەيرىي نورمال بىر ھادىسە خۇددى ئىزىتقۇ تۇماندەك ھەممە نەرسىنى قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ، سىكارلېتنىمۇ چىرمىۋالدى. بۇ ھادىسە بوننېنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، بوننېنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تارتقان ئازابلار ئاستا ـ ئاستا يەڭگىللەۋاتىدۇ. ئۇ ئېچىنىشلىق يوقىتىشقا چىداش مۇمكىن ئىكەن، ئەمما كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئاپەتكە بولغان ۋەھىمىلىك سېزىمگە چىداش مۇمكىن ئەمەستەك. ئۇ سېزىم يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ. خۇددى بېشىغا رومال سېلىۋالغان بىر ئىبلىس ئىككى مۈرىسىدە ئولتۇرۇۋالغاندەك، گويا دەسسەپ تۇرغان يېرى شۇرقىراپ تۇرغان قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلمەكتە.

سىكارلېت ئەزەلدىن بۇنچىلىك قورقۇنچقا چۈشۈپ باقمىغانىدى. ئىلگىرى ئۇنى قورقۇنچقا سالغان نەرسىلەر يارىلىنىش، ئاچلىق، نامراتلىق ۋە ئاشلىيىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قېلىشتەك كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئىدى، ئەمدى بولسا تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن يا ياخشىلىق كۆرگىلى بولمايدۇ، يا يامانلىق. ئەڭ سۆيۈملۈك بالىسىدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ ئازابىغىمۇ چىدىدى. مېلانىيەنىڭ ھېلىقى نەس باسقان زىياپىتىدىن كېيىن رېت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن سوغۇقچىلىقلارغىمۇ، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغۇ، دېگەن ئوي بىلەن چىداپمۇ كەلدى. بىراق، بۇ قېتىمقى تارتىۋاتقان ئازابى ئاچلىق ۋە ياكى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالىدىغان ئازابلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ

ئازابلار، قورقۇنچلار ئۇنى بۈگۈنكىدەك بۇنچىلىك ئۇسال، بۇنچىلىك رەسۋا ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويمىغان. بۇ قېتىمقىسى ئىلگىرى چۈشىدە كۆرگەن تۇمان، تۇمان ئىچىدە كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆزۈپ يۈرگەن قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر ئىچىدىكى تۇيغۇلىرىغا تولىمۇ ئوخشايدۇ.

سىكارلېت رېتنىڭ بۇرۇنلاردا قاقاھلاپ كۈلۈشلىرى بىلەن ئۆزىنى ئاشۇنداق قورقۇنچلار ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى، تۈكلۈك كەڭ كۆكسى، كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك نەزەردە قاراپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭغا تۇنجى قاراپ بېقىشى ئىدى. بىرلا قاراپ ئۇنىڭدىكى چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ھازىر ئۇ كۈلمەيتتى ياكى كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەيتتى.

بونني ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بىر مەزگىل ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنىڭ ئازابى بىلەن بولۇپ يۈردى، خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە تۈزۈت بىلەن گەپ قىلىپ قوياتتى. دائىملا بوننىنىڭ چىرايلىق كۈلكىلىرى، تايتاڭلاپ مېڭىشلىرىنى ئەسلەپلا تۇرۇۋاتقاچقا، رېتنىڭمۇ ئاشۇنداق ئەسلىمىلەر ئىچىدە ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئازابىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار خۇددى تونۇشمايدىغان ئىككى ئادەم بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپ، بىر ياتاقتا يېتىپ، بىر ئۈستەلدە تاماق يەپ تۇرۇۋېتىپمۇ بىر - بىرى بىلەن پاراڭلاشمىغاندەك، پىكىرلەشمىگەندەك ئۆتۈشكەندى.

ھازىر سىكارلېت يېتىمسىراشقا، قورقۇشقا باشلىدى. مۇمكىن بولسا ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقنى ئېلىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى. ئەمما، رېت ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمىغاندەك ئوتتۇرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىلىق ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ ھازىر ئاچچىقى يانغانىدى. ئاشۇ چاغدا بونىنىڭ ئۆلۈمىنى سىزدىن كۆرۈپ خاتا قىپتىمەن، دەپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈممۇ سورىيالايتتى. باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاشقىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا بونىنىڭ ئات مىنىشكە ئۇستا بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزىنىڭمۇ پەخىرلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ چوڭچوڭ گەپلىرىگە مەست بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇ چاغدا قاتتىق قايغۇغا چۆكۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا نەشتىرىنى تىقىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلىغانلىقىنى دېيىشكىمۇ تەييار ئىدى. لېكىن، شۇ گەپلەرنى قىلىشقا مۇۋاپىق بىر پۇرسەت يوق، ئۇ قارا كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ قاراپلا تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىغا پۇرسەت بەرمەيتتى. كەچۈرۈم سورايدىغان ۋاقىت ئۇزىراپ كەتكەنسېرى ئۇنى ئېيتماق تەس بولۇپ، ئاخىرىدا مۇمكىن بولمايدىغان ھالەتكە يېتىپ قېلىۋاتاتتى.

سىكارلېت نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. رېت ئۇنىڭ ئېرى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايرىلماس بىرلىشىشمۇ بار. بىر ياستۇققا باش قويۇپ بىر بالىلىقمۇ بولغان. ئۇ بالىسىنى يەنە تېز ئارىدىلا ئىككىسى تەڭ كۆمۈپمۇ قويۇشتى. سىكارلېت پەقەت ئاشۇ قىزىنىڭ دادىسىنىڭ قوينىدا قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگە تەڭ ئورتاقلاشقاندىلا، ئاندىن تەسەللى تاپالايتتى. لېكىن، ئىككىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سىكارلېت ئۇنداق قىلىمەن دېسە، پۈتۈنلەي ناتونۇش باشقا بىر ئادەمنىڭ قوينىغا كىرىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى.

رېت ئۆيدە ناھايىتى ئاز بولاتتى، كەچلىك تاماققا كەلگەن چاغلىرىدىمۇ سىرتتا ھاراق ئىچىپ كېلەتتى. بۇرۇنلاردا ھاراق ئىچىۋالسا گەپلەرنىمۇ قىلاتتى، سىكارلېت ئۇنىڭ ئۇ خىل گەپلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى، بەزىدە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئەمدى ھازىر ھاراق ئىچىۋالسا جىمىپ كېتىدىغان، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ بۇرۇن كىيىمنى رەتلىك، پاكىز كىيەتتى، ھازىر ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. كىيىملىرى رەتسىز ئىدى. ھاراق كۈچىنى كۆرسىتىپ چىرايىدىكى قىزىللىقلارمۇ يوقالدى، يۈزى ئىششىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، كۆزلىرىنىڭ ئاستىلىرىمۇ خالتىلىشىشقا باشلىدى. مەزمۇت تۇرىدىغان ئېگىز قامىتىمۇ بوشىشىشقا، ئازراق پۈكۈلۈشكە قاراپ يۈزلەندى.

بەزىدە ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيتتى، بىرەرسىدىن سىرتتا قونىمەن، دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپ يوقىلىپلا كېتەتتى. ئەلۋەتتە، بىرەر جايدا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ كېتىپ شۇ يەردە قونۇپ قالىدىغاندۇ. ئەمما، سىكارلېت ئۇنداق ئويلىماي، چوقۇم بىللىي ۋاتلىنىڭ قېشىدا دەپ بىلەتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر ماگىزىنىدا بىللىي ۋاتلىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى زىلۋالىقلىرى يوق، سەمرىپ يوغان بىر خوتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇپا ـ ئەڭلىك، ئېسىل كىيىملەر بىلەن چىرايلىق كۆرۈنەتتى، خۇددى ئانىلاردەك سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. بىللى باشقا شاللاق خوتۇنلارغا ئوخشاش ئېسىلزادە خېنىملارنى كۆرسە يەرگە قارىۋالمايتتى ياكى ئۇلارغا ھومايمايتتى. شۇڭا، سىكارلېتقا كۆيۈنگەندەك، ئىچ ئاغرىتقاندەك نەزەردە قاراپ قويدى. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

سىكارلېت ھازىر رېتنى تىللىيالمايتتى، ئۇنىڭغا چېچىلالمايتتى، سادىقلىق توغرۇلۇق گەپمۇ قىلالمايتتى، يامان گېپىنىمۇ سۆزلىيەلمەيتتى. شۇنىڭ بىەن بىللە بوننىنىڭ ئۆلۈمىگە سەن سەۋەبچى بولغان دەپ ئورۇنسىز ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈممۇ سورىيالمايتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇزدەك ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە بىر قايغۇ چىرمىۋالغانىدى، بۇرۇن ئۇ بۇنداق ئېغىر قايغۇغا مۇپتىلا بولۇپ باقمىغانىدى. ئۆزىنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر غېرىبلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۇنداق تۈيغۇلاردا بولۇپ باقمىغانىدى. قورقۇنچ ۋە غېرىبلىق ئۇنىڭدىن دائىملا نېرى ئەمەس ئىدى. مېلانىيەدىن باشقا ئۇنىڭ دەردىگە يېتىدىغانمۇ ئادەم يوق ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا كۈچلۈك تۇۋرۇك بولۇپ تۇرۇۋاتقان نېگىر ئانىسىمۇ ئۇنى تاشلاپ تاراغا كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيتتى.

نېگىر ئانىسى شۇ قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قىلچە چۈشەندۈرۈپ قويمىدى، ئۇنىڭدىن يول كىراسىغا پۇل بېرىشنى سورىغاندا، چارچىغان ۋە قېرىغان كۆزلىرىنى كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىپ تۇردى. سكارلېت يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قېلىپ قېلىشنى ئۆتۈنۈۋىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:

— ئېللېن خانقىز: «نېگىر ئانا، قايتىپ كەلگىن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭنى قىلىپ بولدۇڭ» دەۋاتقاندەك قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا قايتىپ كېتەي.

رېت ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن مۈرىسىگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ دېدى:

— سىزنىڭ توغرا، ئانا، ئېللېن خانقىز ئوبدان دەپتۇ. بۇ يەردىكى ئىشىڭىزنى قىلىپ بولدىڭىز، شۇڭا قايتىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. نېمە لازىم بولسا ماڭا خەۋەر قىلىڭ، — سكارلېت ئۇنى توسۇش ئۈچۈن گەپكە ئارىلاشماقچى بولغانىدى، رېت ئۇنى سىلكىۋەتتى، — گەپ قىلماڭ، گالۋاڭ! ئۇ كەتسۇن! ئۇنى ئېلىپ قېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭىز!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاچراپ تۇرۇۋاتقان نەپرەت نۇرلىرىنى كۆرۈپ سكارلېت ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپلا قالدى.

كېيىن ئۇ ھېچقانداق يەردىن ياردەمگە ئېرىشەلمەي، دوختۇر مادېنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— دوختۇر، ئۇ ساراڭ بولۇپمۇ قالارمۇ؟

— ياق، — دېدى دوختۇر، — ئەمما ھاراقنى كۆپ ئىچىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىدۇ.

سىكارلېت، ئۇ تولىمۇ بالىجان ئادەم ئىدى، شۇڭا قىزىنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۇچۇن مۇشۇنداق ئىچىپ كېتىۋاتسا كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭغا دەررۇ بىر بالا تۇغۇپ بەرسىڭىزمىكىن دەيمەن.

بۇ گەپنى دېمەك ئاسان، قىلماق تەس، دەپ ئويلىدى ئۇ دوختۇرنىڭ يېنىدىن چىقىۋېتىپ. ئەگەر بالا ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرالايدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭمۇ يۈرىكىدىكى ئېچىنىشلىق بوشلۇقنى تولدۇرالايدىغانلا بولسا، بىرنى ئەمەس، بىرنەچچىنى تۇغۇشقىمۇ رازى ئىدى، رېتقا ئوخشاش بوغداي ئۆڭ يىگىت ياكى بوننىغا ئوخشاش ئوماق قىز تۇغسىمۇ مەيلى ئىدى. بۇ قېتىم ئېللاغا ئوخشاش جىمغۇر ئەمەس، چىرايلىق، شوخ، ئەركە، كۈلۈپلا تۇرىدىغان قىزدىن بىرنى تۇغقان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. خۇدا ئۇنىڭ بالىلىرىدىن بىرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان بولسا، نېمىشقا ئېللانى ئېلىپ كەتمىدى؟ بونىي ئۆلۈپ كېتىۋىدى، ئېللا ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. رېتنىڭ يەنە بالا يۈزى كۆرگۈسى كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا بىر قېتىممۇ كىرىپ قويمىدى. ھازىر ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالمايدۇ، تېخى يېرىم ئوچۇق تۇرسىمۇ قاراپ قويمايدۇ، قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاشۇ قىزىل چاچ ئايالدىن باشقا ھېچكىمنى كۆڭلى تارتمىسا كېرەك.

بۇرۇن ئۇ ئادەمنى خاپىمۇ قىلالايتتى، خۇشالمۇ قىلالايتتى، ھازىر ئۇنداق ئەمەس، ئۆزگىرىپ كەتتى. نۇرغۇن يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلاتتى، ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ ئەسەر يوق، ئەكسىچە قوپال، رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. بونىي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ خانىملىرى رېتقا ئىچى ئاغرىپ كۆڭۈل ئېيتماقچى بولۇشسا رېت ئۇلارغا قوپاللىق قىلاتتى، گەپلىرىنى ئاڭلىمايتتى ياكى كۆڭلى بۆلۈنۈپ باشقا بىر نېمىلەرنى دەپ كېتەتتى.

قىزىق يېرى، ئۇ خانىملار ئۇنىڭدىن رەنجىشمەيتتى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلىنى، قايغۇسىنى چۈشىنەتتى ياكى چۈشەنگەندەك قىلىشاتتى. كەچلىرى مەستچىلىكتە ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرالماي قايتقان چاغلىرىدا بىرەرسى گەپ قىلىپ قالسا قاپاقلىرىنى تۈرۈۋالاتتى، ئۇلار پەقەت «بىچارە ئادەم !» دېيىشىپ، ئۆزىنىڭ غەمخورلۇقلىرىنى ئىپادىلەپلا قويۇشاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭۈللىرى يېرىم بولاتتى. چۈنكى، رېت ئۆيگە خاپا كىرىپ كەلگەندە سىكارلېت ئۇنى قوپاللىق بىلەن كۈتۈۋالاتتى.

ئادەملەر سىكارلېتنىڭ قوپال، رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى. ئۇنىڭ بوننى ئۆلۈپ قايغۇلىرىنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم يۈرۈۋاتقانلىقىغا ھەيران ئىدى، ئۇ خىل خاتىرجەملىكىنىڭ كەينىدە قانداق ئېغىر قايغۇ ــ ئەلەملەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى ۋە چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتى. رېتقا بولسا ھەممە ئادەم ھېسداشلىق قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھىي ھالەتلىرىنى بىلمەيتتى ھەم ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلمايتتى. سىكارلېت ئۆزىدىن ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەرد، ئۆزى ئۇچۇن كونا دوستلىرىنىڭ غەمخورلۇقىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ھازىر پىتتىي ھاما، مېلانىيە ۋە ئاشلېيدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆيىگە دەسسىمەيتتى، پەقەت يېڭى دوستلىرىلا ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتىپ، باشقا دوستلىرىنىڭ قىزىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ ئۇنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىلەتكەندەك بولۇپ قايتىپ كېتىشەتتى. سىكارلېت خالىمىسىمۇ ئۇلار كېلىپ تۇرۇشاتتى. بۇ «يېڭى ئادەملەر»نىڭ ھەممىسى ناتونۇش ئادەملەر ئىدى، ئۇنى چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشلىرىمۇ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ روناق تېپىشتىن ۋە پىتئاچتىر كوچىسىدىكى بۇ ھەشەمەتلىك ئىمارەتكە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىنى بىلىشمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تاۋار ــ تورقىلارغا يۆگىلىشتىن، چىرايلىق پەيتونلارغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتلىرىنى

سۆزلەشنى ياخشى كۆرۈشمەيتتى. سىكارلىتنىڭ هايات ئۈچۈن قانداق كۈرەش قىلغانلىقىنى، قانداق نامراتچىلىقلارنى، قانداق خەتەرلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بۇ ئۆيلەرگە، بۇ چىرايلىق كىيىملەرگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلىشمەيتتى، نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايدىغان بۇ ئادەمگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى. ھەممىسى رېئاللىقنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، جەڭ ئەسلىمىلىرىدە ئورتاقلىقى يوق ئىدى، قىزىل توپراقلىقتىكى يىلتىزلىرىمۇ بىر يەردىن ئەمەس ئىدى.

هازىر ئۇ ئۆزىنى يېتىمسىراپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، مايبېل ياكى فەننى، ئېلسىن خانىم ياكى ۋېتمىن خانىم، ھەتتا ئۇرۇشقاق مېرۋېتېر خانىم بىلەن بولسىمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئۇلار بولماي، باشقا ھەرقانداق بىر كونا تونۇشى، قوشنىلىرى بولسىمۇ مەيلى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنى بىلەتتى، ئۇرۇشنى، ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىلىرىنى چۈشىنەتتى. شەھەر ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان چاغلاردىكى ئىشلارنى بىلەتتى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەن، كېيىن خارابىلىكلەرنىڭ ئىچىدىن بەختلىك ھاياتلىرىنى بىللە قۇرۇشقانىدى.

مايبېل بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، شېرماننىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كەلگەن كۈنلەردە ئۇنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۆلۈپ قالغان بوۋىقىنى كۆمۈپ قويغان ئىشلىرىنى ئەسلەشسىمۇ كۆڭۈلگە تەسەللى بولمامدۇ؟ فەننى كەلسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئەرلىرىنىڭ ھەربىي ھالەت بولۇۋاتقان ئەڭ زۇلمەتلىك كۈنلەردە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىشىپ ئولتۇرۇشسىمۇ ھېساب ئەمەسمۇ؟ ئېلسىن خانىم بىلەن ئولتۇرۇپ، ئاتلانتا قولدىن كەتكەن كۈنى ئۇنى ئاتنى ئۆلگۈدەك قامچىلاپ ئىۋى پوئىنتىس كوچىسىغا كەلگەن چاغدىكى قورقۇپ كەتكەن چىرايىنى، ھارۋا جالاقلاپ ئۇستىدىكى جەڭچىلەر ئۈچۈن

يىغقان ئاياغلارنىڭ يول بويى تۆكۈلۈپ ماڭغانلىقىنى ئەسلىسىمۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى باسالماي قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتمەمدۇ؟

سىكارلېت ئىلگىرى جەنۇب ئىتتىپاقىنى قوللايدىغان ئىككى ئادەم بىر يەر يەرگە كېلىپ قالسا نېمە ئۈچۈن بۇرۇنقى ئىشلارنى شۇنچىلا بېرىلىپ، شۇنچىلا ماختىنىپ سۆزلىشىپ، ئەسلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئۇ چاغلار ئادەملەرنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرىنى سىنايدىغان چاغلار ئىكەن، ئۇلار شۇ چاغلارنىمۇ باشلىرىدىن ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلار كونا جەڭچىلەر ئىدى، سىكارلېتمۇ كونا جەڭچى ئىدى، ئەمما ھازىر شۇ ئىشلارنى بىللە ئولتۇرۇپ ئەسلىشىدىغان دوستلىرى يوق. ئاھ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئاشۇ ئادەملەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇسى شۇنچىلىك بار... ئۇلارمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەسمۇ، بۇ مۇساپىنىڭ قانچىلىك جاپالىق بولغانلىقىنى پەقەت شۇلارلا بىلىدۇ.

لېكىن، نېمىشقىكىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدى. ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى سىكارلېت بىلىدۇ، ئۇ ئۇلارغا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمىدى. بۇ سەۋەنلىكنى ئۇ ئەمدى بىلدى... بوننى ئۆلۈپ ئۆزى يېتىمسىراپ يالغۇز قالغاندا، قورقۇنچقا چۈشكەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاپپاق داستىخان سېلىنغان ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان بۇغداي ئۆڭ، روھى چالغىپ كەتكەن، ئاللىقاچان نابۇت بولۇشقا باشلىغان ئاشۇ ناتونۇش ئادەمگە كۆزى چۈشكەن چاغدا، ئاندىن بىلدى.

## ئاتمىش بىرىنچى باب

سىكارلېت مارىتادىكى ۋاقتىدا رېت باتلېر ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى، بەختىگە ئۇن مىنۇتتىن كېيىن

ئاتلانتاغا ماڭىدىغان پويىز بار ئىدى. ئۇ كىچىك بىر لا سومكىسىدىن باشقا ھېچنېمىسىنى ئالماي ۋاد بىلەن ئىللانى پىر بىسسىي بىلەن مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ، ئاشۇ پويىزغا ئولتۇرۇپ ئاتلانتاغا ماڭدى.

ئاتلانتا بىلەن مارىتانىڭ ئارىلىقى يىگىرمە ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى، لېكىن ھازىر باش كۈزنىڭ يامغۇرلۇق پەسلى بولغاچقا، يامغۇر كۆپ يېغىپ پويىزنىڭ سۈرئىتى بەكمۇ ئاستا ئىدى، يوللارغا توغرا كەلگەن يەرلەردە ئادەم ۋە ھارۋىلارنىڭ ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن توختاپ بېرەتتى. سكارلېت رېتنىڭ تېلېگراممىسىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولغاچقا، چاپسانراق يېتىپ بېرىشقا ئالدىراپ، پويىز ھەر بىر توختىغاندا چىدىماي تووۋلاپ كېتەتتى.

رېت تېلېگراممىدا: «ۋىلكېس خانىمنىڭ كېسىلى ئېغىر، تېز كېلىڭ!» دەپ يازغانىدى.

پويىز ئاتلانتاغا يېتىپ كەلگەندە گۇگۇم چۈشكەنىدى. سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، شەھەرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. كوچا چىراغلىرى تۇماندا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. رېت پەيتون بىلەن ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. سكارلېت ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تېلېگراممىنى ئالغان چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتتى. بۇرۇن ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى بۇ دەرىجىدە سۈرۈن كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئۇ بىر نېمە... — سكارلېت ئۆزىنى باسالماي ئىختىيارسىز تووۋلاپ كەتتى.

— ھېچنېمە بولمىدى، تېخى ھايات، — دېدى رېت ئۇنى يۆلەپ پەيتونغا چىقىرىۋېتىپ. ئارقىدىن ئۇ پەيتونكەشكە بۇيرۇدى، — ۋىلكېس خانىمنىڭ ئۆيىگە ھەيدە. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ كېسىلى بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم، ئۆتكەن ھەپتىلا بىر ئوبدان تۇراتتى. بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ قالدىمۇيا؟ ئاھ، رېت، ئۇنىڭ ئەھۋالى سىز دېگەندەك ئۇنچىلىكمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېغىر ئەمەستۇ؟

— ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىغا ئاز قالدى، — دېدى رېت. ئاۋازىدىمۇ خۇددى چىرايىدىكىگە ئوخشاش ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى، — سىز بىلەن دىدارلىشىۋالسام دەپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇنداق كېتىدىغانغا مۇمكىن ئەمەس! مېلانىيەگە مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟

— بويىدىن ئاجراپ كەتتى.

— بويىدىن... ئاجراپ كەتتى؟ بىراق، رېت، ئۇ... — سكارلېت قاتتىق قورقۇپ كېتىپ گەپ قىلالماي قېلىۋاتاتتى، رېتنىڭ كەينىدىكى گېپى بىلەن نەپىسى قىسىلىپ تېخىمۇ بولالماي قالدى.

— سىز ئۇنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغىنىنى بىلەمتىڭىز؟ سكارلېتنىڭ بېشىنى چايقاشقىمۇ ماجالى قالمىدى.

— ھە راست، سىزنىڭ بىلمىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بۇنداق ئىشلىرىنى ھېچقانداق ئادەمگە دېمەيدۇ، باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىمەن دەپ ئويلىغان بولغىيدى، ئەمما مەن بىلەتتىم.

— سىز بىلەتتىڭىز؟ ئۇ سىزگە ھەرگىز دېمەيدۇ.

— ئۇنىڭ ماڭا دېيىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى ئايدىن بېرىقى خۇشال ھالىتىگە قاراپ پەرەز قىلغان.

— دوختۇر ئۇنىڭغا ئەمدى توغىسىڭىز ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدۇ دېگەن تۇرسا.

— ھازىر دوختۇر دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى رېت، — ئارقىدىن ئۇ پەيتونكەشكە ۋارقىرىدى، — خۇدا ھەققىدە بولسىمۇ تېزرەك ھەيدىسەڭ بولمامدۇ؟

— رېت، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ناتايىن! — مەن... مەنمۇ...

— ئۇنىڭ كېسەلگە قارشىلىق كۈچى سىزنىڭكىدەك ئەمەس، بەدىنىدە گۆھەردەك يۈرىكىدىن باشقا نەرسە يوق.

پەيتون پاكار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى. رېت ئۇنى يۆلەپ پەيتوندىن چۈشۈرۈپ قويدى. سكارلېت قورقۇپ

تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى.
— سىزمۇ بىللە كىرىڭ، رېت.
— ياق، — ئۇ شۇنداق دەپلا پەيتونغا چىقىپ كەتتى.
سكارلېت پەلەمپەيدىن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاشلېي، پىتتىي هامما، ئىندىيا ئۇچى گۈگۈگا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئىندىيا بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ، — دەپ ئويلىدى سكارلېت، — مېلانىيە ئۇنى مەڭگۈ بوسۇغامغا دەسسىمە دېگەنىدىغۇ؟ ئۇچى ئۇنى كۆرۈپلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. پىتتىي هامما يىغلىۋېتەيلا دەپ تۇراتتى، ئىندىيا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالغانىدى. كۆزلىرىدە ئۆچمەنلىك ئەمەس، قايغۇ ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاشلېينىڭ كۆزلىرى قېتىپ قالغانىدى، خۇددى چۈشەكەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئادەمدەك ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىپ كېلىپ قولىدىن تۇتتى، ئاندىن يەنە شۇنداق قىياپەتتە:
— ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشسەم دەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.
— ئۇنىڭ يېنىغا شۇ تۇرقىدا كىرسەم بولامدۇ؟ — سكارلېت قايرىلىپ مېلانىيەنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ قويدى، ئىشىك ھەم يېپىقلىق ئىدى.
— بولمايدۇ، يېنىدا مادې دوختۇر بار، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزدىن خۇشال بولدۇم، سكارلېت.
— تېز يولغا چىقتىم، — دېدى سكارلېت شىلەپىسى بىلەن پەلتوسىنى يېشىۋېتىپ، — پويىز... ئېيتىڭا، ئۇ ياخشى بولۇپ قالدى، شۇنداقمۇ، ئاشلېي؟ قېتىپ تۇرماي گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ ئۇنىڭ ئۇنداق بولۇپ كېتىشى...
— ئۇ سىزنى زادىلا ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى، — دېدى ئاشلېي ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇپ، سكارلېت بولسا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سوئالىغا جاۋاب تاپقاندەك بولۇپ بىردىنلا قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ئۇ قورقۇنچ، تاقەتسىزلىنىش ۋە ئېغىر قايغۇغا قېلىشتىنمۇ بەكرەك غەلىتىلا قورقۇنچ ئىدى. يۈرىكى توختاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالغاندەك، يەنە بىر دىنلا قاتتىق سىلىپ يۈرەك قەپىسىگە پاتماي قىلىنىۋاتقاندەكمۇ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭ راست بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇ ھەدەپ ئۆزىدىن ئۇ قورقۇنچنى ھەيدىۋېتىشكە تىرىشاتتى. دوختۇر بەلكىم خاتا دىياگنوز قويۇپ قويغاندۇ، ئۇنىڭ ئۇنداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئۇنى ھازىرچە ئويلىماي تۇرايچۇ.

— مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! — دەپ توۋلاپ كەتتى سىكارلېت. ئاندىن، قىنى قايسىڭ مېنىڭ بۇ گېپىمگە قارشى چىقىشىسەن، دېگەندەك ئۇ ئۇچىگە دىققەت بىلەن قاراپ كەتتى، — مېلانىيە ماڭا نېمىشقا دېمەيدۇ؟ بۇرۇن بىلگەن بولسام مارىتاغا بارمايتتىم ئەمەسمۇ؟

ئاشلېينىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئەسلىگە كەلگەندەك ئازابلىق تۈس ئالدى.

— ئۇ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمىگەن، سىكارلېت. سىزگە، ئاڭلىسا مېنى ئەيىبلەيدۇ دەپ قورقۇپ دېمىگەن ئوخشايدۇ. ئۈچ ئاي كۆتۈپ، ھېچقانداق ئىش بولمىغاندا، ئاندىن ئېلان قىلىپ ھەممىڭلارنى ھەيران قالدۇرماقچى، دوختۇرنى خاتا دىياگنوز قويغانلىقى ئۈچۈن مات قىلماقچىدى. ئۆزى ناھايىتى خۇشال يۈرۈۋاتاتتى. بىر قىزىم بولسا، ئاندىن بەختلىك، قايغۇسىز ئۆتىمەن، دەپ ئويلايتتى...

مېلانىيە ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ مادې دوختۇر چىقتى، ئارقىدىنلا ئىشىكنى يەنە يېپىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆل رەڭ ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى، كۆزلىرى تۇيۇقسىز قورقۇپ قېتىپ قېلىشقان تۆتەيلەننىڭ كۆزلىرىدە ئىدى. ئاخىر ئۇنىڭ كۆزلىرى سىكارلېتنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالدى. سىكارلېت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر قايغۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر خىل يىرگىنىچ ۋە كەمسىتىش كۆرگەندەك بولۇپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرغان يۈرىكى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى.

— ئاخىر كەپسىز، — دېدى ئۇ.

سىكارلېت جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ئاشلېي ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

— سىز كىرمەي تۇرۇڭ، — دېدى دوختۇر، — ئۇنىڭ سىكارلېتقا دەيدىغان ئايرىم گېپى بار ئىكەن.

— دوختۇر، مەن كىرىپ ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام بولمامدۇ، — دېدى ئىندىيا ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا ئادەتتىكىدەك، ئەمما ۋارقىراپ تەلەپ قىلغاندىن سەمىمىي ئىدى، — مەن ئەتىگەندىلا كېلىۋىدىم، هازىرغىچە ساقلىدىم، ئەمما ئۇ... ماڭا رۇخسەت قىلىسىڭىز، كىرىپ كۆرۈشۈۋالسام، بىر مىنۇت بولسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇنىڭغا... خاتا قىلغىنىمنى... دەيتتىم، بەزى... بەزى ئىشلاردا...

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا سىكارلېت بىلەن ئاشلېيغا قارىمىدى، ئەمما دوختۇرنىڭ سوغۇق نەزىرى تەبىئىي هالدىلا سىكارلېتقا ئاغدۇرۇلدى.

— سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئىندىيا خانقىز، — دېدى دوختۇر ئاددىيلا قىلىپ، — ئەمما خاتا قىلغىنىڭىزنى دەپ ئۇنى جىددىيلەشتۈرمەيسىز. ئۇ سىزنىڭ خاتا قىلغىنىڭىزنى بىلىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئۇ گەپنى دېسىڭىز ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىسىز شۇ.

پىتتىي هامىمۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ گەپ قىلدى:

— مادې دوختۇر، مەنمۇ...

— پىتتىيپات خانقىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ چىرقىرايدىغىنىڭىزنى هەم هوشىڭىزدىن كېتىدىغىنىڭىزنى بىلىسىزغۇ؟

پىتتىي پاكار قەددىنى رۇسلاپ دوختۇرغا قاراپ قويدى. كۆزلىرىدە ياش يوق، ئۆزىنى تۇتقان هالەتتە ئىدى.

— ماقۇل، قەدىرلىكىم، سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى دوختۇر ئازراق تەكەللۇپ بىلەن، — يۈرۈڭ، سىكارلېت.

ئۇلار كارىدوردىن ئۆتۈپ هىم يېپىقلىق تۇرغان ئىشىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراپ ماڭدى، دوختۇرنىڭ قوللىرى سىكارلېتنىڭ مۈرىسىدە ئىدى.

— سىكارلېت، — دېدى ئۇ بوش ئاھاڭدا، — ئۇ يەرگە كىرگەندە ھاياجانلىنىپ كەتمەڭ. ۋىدالىشىدىغان گەپلەرنىمۇ قىلماڭ. بولمىسا خۇدا تۇرۇپتۇ، بويىنىڭىزنى ئۇزۇۋېتىمەن. كۆزۈمگە ئۇنداق ھاڭۋېقىپ قارىماڭ، مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندىڭىز. ئۇنى جىمجىت ئۆلگىلى قويۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدان ئازابىڭىزنى يەڭگىللىتىمەن، دەپ ئاشلىپى توغرۇلۇق گەپ قىلىسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. مەن ھازىرغىچە بىرەر ئايالنى رەنجىتىپ باقمىغان، ئەمما سىز ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان بولسىڭىز... ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزىڭىز مەسئۇل بولىسىز.

دوختۇر ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ ئىشىكنى يەنە يېپىۋالدى. كىچىككىنە بۇ ئۆي ئەرزان باھالىق ياڭاق ياغىچىدا قىلىنغان جاھازلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى، لامپىنىڭ ئۈستىگە گېزىت يېپىپ قويۇلغاچقا، ئۆينىڭ ئىچى گۇگۇم ئىدى. ئۆي خۇددى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىدەك پاكىز، رەتلىك ئىدى، بېشى پاكار بىرلا كارىۋات بار ئىدى، پولدا رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن بىر گىلەم سېلىقلىق تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ بېزىلىشى بىلەن سىكارلېتنىڭ ھۇجرىسىدىكى ھەشەمەتلىك جاھازلارنى، قىممەت باھا پەردىلەر، قىپقىزىل گىلەملەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مېلانىيە ئاشۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە خۇددى كىچىك قىزلاردەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى. كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. سىكارلېت ئۇنى كۆرۈپلا خۇددى مىخلىنىپ قالغاندەك ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپلا قالدى. ئۆينىڭ ئىچى گۇگۇم بولسىمۇ سىكارلېت ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى ئېنىق كۆردى. قورۇلۇپ كەتكەن يۈزىدە قان دىدارى

يوق، بۇرنىنىڭ چۈرسى قورۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ يەرگە كىرگۈچە مادىي دوختۇرنىڭ دىياگنوزى چوقۇم خاتا دەپ ئويلاپ كىرگەنىدى، ئەمدى ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا دوختۇرخانىدا مۇشۇنداق چىرايلارنى نۇرغۇن كۆرەتتى، ئۇنداق چىرايلارنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى.

مېلانىيە ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەمما سىكارلېت كۆڭلىدە ئۇنى ھازىرغىچە رەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مېلانىيە ئۆلمەيدۇ، ئۆلۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس. ئۇ سىكارلېتقا تازا لازىم بولۇۋاتقان چاغدا خۇدا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتمەيدۇ. بۇرۇن مېلانىيەگە بۇنچىلىك دەرىجىدە ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى، ھەقىقەت ئاخىر ئايان بولدى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئايان بولدى. ئۇ ئەزەلدىن مېلانىيەگە تايىنىپ كەپتىكەن، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاۋاتقان چاغدىمۇ شۇنداق، پەقەت ئۇنىڭ بىلمىگەنلا يېرى بار ئىكەن. ئەمدى مېلانىيە ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. سىكارلېت ئۇ بولمىسا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىيالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى. مېلانىيەنىڭ قېشىغا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېتىۋاتىدۇ، يۈرىكى بولسا قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە تولغانماقتا، مېلانىيەنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىچ ھەم قالقىنى، تەسەللى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنمەكتە.

ئۇنى تۇتۇپ قېلىشىم كېرەك، ھەرگىز ماڭدۇرمايمەن، سىكارلېت شۇ خىيال بىلەن تەڭلا كۆڭلىكىنى قايرىۋېتىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى. ئاندىن مېلانىيەنىڭ يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرغان مۇزغا ئوخشاش مۇزلاپ كەتكەن قولىنى تۇتۇپ بىردىنلا يەنە قورقۇپ كەتتى.

— مەن كەلدىم، مېلانىيە، — دېدى ئۇ.

مېلانىيەنىڭ كۆزلىرى ئازراق ئېچىلىپ، راستلا سىكارلېت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يەنە يۇمۇلۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ زەئىپ ئاۋازدا:

— بىر گېپىمگە ماقۇل دەمسىز؟
— بىر ئەمەس، ھەممە ئېيتىشىڭىزغا، ھەممە گېپىڭىزگە، مىلانىيە.
— بىئو... ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭ.
سكارلېتقا بېشىنى لىڭشىتماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى، گەپ قىلاي دېسە گېلىغا بىر نېمە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازى چىقمايتتى. باش لىڭشىتىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قولىنىمۇ سىقىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.
— مەن ئۇنى سىزگە تاپشۇردۇم، — ئۇنىڭ چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە كۆرۈندى، — مەن بۇرۇنمۇ ئۇنى سىزگە بىر قېتىم تاپشۇرغان... ئېسىڭىزدىمۇ؟... ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى.
ئۇنىڭ ئېسىدە بارمۇ، يوق؟ ئۇنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئېسىدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، مانا ئەمدى ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈن يەنە قايتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. سكارلېت ئاشۇ توققۇزىنچى ئاينىڭ ئىسسىق بىر كۈندىكى چۈش ۋاقتىنى، شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ۋەھىمىسىنى، چېكىنىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ قەدەملىرىنىڭ ئېغىر ئاۋازلىرىنى ھازىرمۇ ھېس قىلالايدۇ. مىلانىيەنىڭ ئەگەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسام بالام سىزگە قالسۇن، دېگەن گېپىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا مىلانىيەگە قاتتىق ئۆچلۈك قىلغانلىقىنىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالالايدۇ.
ئۇنى مەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم، — ئويلىدى ئۇ خۇراپىيلىق بىلەن، — بۇرۇن خۇدادىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەن، خۇدا ئاڭلاپ ئەمدى مېنى جازالاۋاتىدۇ.
— ئاھ، مىلانىيە ئۇنداق دېمەڭ، سىز چوقۇم بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىسىز...
— ياق، ماڭا جاۋاب بېرىڭ.
سكارلېت چىدىماي يىغلاپ كەتتى.

— ماقۇل، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەك كۆرۈپ قارايمەن.
— ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئاچقان ھېكىمەتلىرىڭلار ئانچە نېمە ئۈچۈن ئەمەس؟ — سورىدى مېلانىيە تولىمۇ ئاجىز ئاۋازدا.

— شۇنداق، ئەۋەتىمەن! ھارۋىغا، ياۋروپاغا، نەگە بېرىپ ئوقۇشنى خالىسا شۇ يەرگە، يەنە... يەنە ئۇنىڭغا تايمۇ ئېلىپ بېرىمەن... مۇزىكا ئۆگىتىمەن... ھە، مېلانىيە سىناپ باقايلى، كۆچەپ بېقىڭ!

مېلانىيەنىڭ ئاۋازى ئۆچۈپ كەتتى، تۇرقىدىن يەنە تىرىشىپ گەپ قىلغۇسى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئاشلېينىڭ، — دېدى ئۇ، — ئاشلېي ئىككىڭلار... — ئاۋازى تىترەپ كېتىپ يەنە گېپىنى قىلالماي قالدى.

ئاشلېينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سكارلېتنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك، قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئەسلىدە مېلانىيە ئۇلارنىڭ ئىشىنى باشتىن تارتىپ بىلىدىغان ئوخشايدۇ - دە. سكارلېت دەررۇ بېشىنى كارىۋاتقا قويۇۋالدى، باياتىندىن ئاران تۇرغان يىغىسىنى كۆچەپ بېسىپ بوش قويۇۋېتىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ئۇنى بىلدى، سكارلېت ئەمدى نومۇس قىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئەمدى ئۇزاقتىن بېرى بۇ ئاق كۆڭۈل ئايالنى رەنجىتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە نەپرەتلىنىشتىن باشقا ھېچقانداق تۇيغۇ يوق. مېلانىيە بۇرۇندىنلا بىلىدىكەن، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا سادىق دوست بولۇپ كەپتۇ. ئاھ، ئەگەر ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولغان بولسا، ئۇ ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمىغان، ئاشلېيغا لاپ قىلىپ قاراپمۇ قويمىغان بولاتتى.

«ئاھ، خۇدا! — سكارلېت ئىچىدە خۇداغا نالە قىلدى، — سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى ئامان قىلغىن! مەن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرىمەن. ئاشلېيغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمەن! ئۇنى ساقلاپ قالغىن!»

— ئاشلېي، — دېدى مېلانىيە ئاجىز تىنىقلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئارانلا قولىنى سىكارلېتنىڭ كارىۋاتقا قويۇۋالغان بېشىغا سوزۇپ ئاندىن باشمالتىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى بوۋاقلارنىڭ قوللىرىدىكى كۈچىدەك كۈچ بىلەن بوش تارتتى. سىكارلېت بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، ئۇ ئۇنى بېشىغىزنى كۆتۈرۈڭ دېمەكچىدى. لېكىن، ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەيتتى، مېلانىيەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى، ئۇ كۆزلەردىكى ئۇ ئىشنى بىلىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇرغان ئىپادىلەرنى كۆرگۈسى كەلمەيتتى.

— ئاشلىي، — دېدى مېلانىيە يەنە بىر قېتىم زەئىپ ئاۋازدا.

سىكارلېت بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ تۇردى. شۇ تۇرقىدا ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دۇنياغا بېرىپ خۇدانىڭ ئۆزى ئۇستىدىن چىقارغان ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمىنى ئاڭلىغاندىمۇ بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس بولغىيدى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى زىلزىلىگە كېلىپ كېتىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىر بېشىنى كۆتۈردى.

ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئۆلۈم ئالدىدىكى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان قاپقارا ۋە سەمىمىي كۆزلەر ۋە ئازاب ئىچىدە جانسىز مىدىرلاپ، گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغان كىچىككىنە ئۇماق ئېغىز بولدى. ئۇلاردا يا ئەيىبلەش، يا يامانلاش ياكى قورقۇنچ دېگەن نەرسە يوق... تىت ـ تىت بولۇش، گەپ قىلىشقا ماغدۇرى يەتمەيۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كېلىشتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

سىكارلېت تېخىچىلا ئالاقزەدە ئىدى، خاتىرجەم بولىدىغاندەك ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى. مېلانىيەنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋېتىپ خۇداغا ئىچ ـ ئىچىدىن رەھمەت ئېيتقۇسى كەلدى. بالا چاغلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇ خۇداغا بۇنداق ساپ نىيەت ۋە چىن ئىخلاس بىلەن سىغىنىپ باقمىغانىدى.

«ئېھ، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ خۇدا، ئۇنىڭغا مېنىڭ شۇ تۇرقىدا كۆڭلۈمدە ئويلاۋاتقىنىمنى بىلىندۇرۇپ قويمىغىنىڭغا مىڭ

رەھمەت.»

— ئاشلىپي توغرۇلۇق نېمە گېپىڭىز بار ئىدى، مېلانىيە؟

— سىز... ئۇنىڭغا ئوبدان قارىيالارسىزمۇ؟

— قارىيالايمەن.

— ئۇ ئاسان... ئاسان زۇكام بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ يەنە جىمىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ... ئىشلىرىغا قاراپ قويۇڭ... چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ھىم، چۈشەندىم، ئۇنى چوقۇم قىلىمەن.

مېلانىيە يەنە بىر قېتىم قاتتىق كۆچىدى.

— ئاشلىپي... ئۇ بىر ئىشلارنى قىلالمايدۇ.

پەقەت ئۆلۈملا مېلانىيەگە ئاشلىپىنىڭ ئەيىبىنى ئاچتۇرۇۋاتاتتى.

— ئۇنىڭغا ياردەم بېرىڭ، سىكارلېت... ئەمما... ئۆزىگە زادىلا بىلىندۇرمەڭ.

— ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىڭ ئىشلىرىغا چوقۇم ياردەم بېرىمەن، ياردەم بېرىۋاتقىنىمنى بىلىندۇرمەيمەن، مۇۋاپىق يوللار بىلەن تەكلىپىمنى بېرىپ تۇرىمەن.

مېلانىيە ناھايىتى تەستە مىيىقىدا كۈلەلىدى، بۇ غەلىبە كۈلكىسى ئىدى، سىكارلېت ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچراشتى. ئۇلار مۇشۇ بېقىشلىرى بىلەن چوڭ بىر سودىنى تاماملىغانىدى، يەنى ئاشلىپىنى بۇ رەھىمسىز دۇنيانىڭ توپتەك تېپىپ ئوينىشىدىن قوغداش ۋەزىپىسى بىر ئايالنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر ئايالنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلگەن، يەنە ئاشلىپىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا بىلىندۇرمەيدىغان بولغانىدى.

مېلانىيەنىڭ چىرايىدىكى قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان كۆرۈنۈش يوق، سىكارلېتنىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن تىنچىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— سىز ئەقىللىك، چېۋەر... ھەم شۇنداق باتۇر... ماڭا

باشتىن ـ ئاخىر ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلدىڭىز...

سىكارلېت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يەنە گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز ئېسەدەپ كېتىپ ئىتتىك قولى بىلەن ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە كىچىك باللارغا ئوخشاش ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ: «مەن ئالۋاستى! سىزگە بۇرۇندىن ئەسكىلىك قىلىپ كەلدىم! سىز ئۇچۇن ھېچقانداق ئىش قىلىغىنىم يوق! ئۇنىڭ ھەممىسى ئاشلېي ئۇچۇن قىلىنغان!» دەپ توۋلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپ ئۆزىنى باشقىدىن تۇتۇۋېلىش ئۇچۇن باشمالتىقىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇۋالدى. دەل شۇ چاغدا رېتنىڭ، «ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ياخشى كۆرۈش ۋىجدانىڭىزغا كىرىپ بولۇپ مىخلىنىدۇ» دېگەن گېپى يادىغا كېلىپ قالدى. دېگەندەك، ئۇ كىرىپ ئۇنىڭ ۋىجدانىغا مىخلىنىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئامالارنى قىلىپ ئاشلېينى مېلانىيەدىن تارتىۋالماقچى بولغانلىقى بىلەنلا ئاللىقاچان گۇناھكار بولۇپ بولغانىدى. مانا ئەمدى مېلانىيە يەنە شۇنداق ياخشى كۆرۈش ۋە ئىشەنچ بىلەن ئاشلېينى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىۋاتاتتى. ياق، بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ دۇنياغا كۆزلىرىدىن ياش تۆكمەي، ھەسرەتلەنمەي، قىينالماي تىپتىنچ كەتسۇن!

ئىشىك قىيا ئېچىلىپ دوختۇر ئۇنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى. سىكارلېت كارىۋاتقا ئېڭىشىپ، مېلانىيەنىڭ قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ مەڭزىگە ياقتى، كۆز ياشلىرىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇردى.

— خەيرلىك كەچ! — دېدى ئۇ. ئاۋازى ئۆزى ئەنسىرىگەندەك ئەمەس، خېلى كۈچلۈك چىقتى.

— ماڭا ۋەدە بېرىڭ، — دېدى مېلانىيە تولىمۇ بوش ئاۋازدا. ئاۋازى بۇ قېتىم تېخىمۇ بوشاپ كەتكەنىدى.

— مەن ھەممە تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، سۆيۈملۈكۈم.

— كاپىتان باتلېر... ئۇنى ياخشى كۈتۈڭ، ئۇ... سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

«رېت؟» سكارلېت سەل ھەيران قالدى ۋە بۇ گەپنى قىلچە ئەھمىيەتسىز گەپ دەپ ئويلىدى.

— شۇنداق، راست دەيسىز! — دەپ قويدى سكارلېت. ئارقىدىن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ يوتقان ئۈستىگە ئاستا قويۇپ قويدى.

— ئەمدى ئىككىڭلار كىرىڭلار! — دېدى مادې دوختۇر سكارلېت ئىشىكتىن چىقىشىغا پىتتىي ھامما بىلەن ئىندىياغا.

سكارلېت ياش بىلەن تولغان كۆزلىرى بىلەن ئىندىيا ۋە پىتتىي ھاممىنىڭ دوختۇرنىڭ كەينىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى غۇۋا كۆرۈپ تۇردى. ئىشىك يېپىلىپ ئۆينىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. ئاشلىپى كۆرۈنمەيتتى. سكارلېت تامغا يۆلىنىپ، خۇددى بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋالغان كەپسىز بالىدەك تۇراتتى، باياتىندىن چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتكەن گېلىنى ھەدەپ سىلايتتى.

يېپىقلىق ئىشىكنىڭ ئىچىدە ياتقان مېلانىيە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشماقچى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سكارلېت بىلىپ - بىلمەي تايىنىپ كېلىۋاتقان كۈچ - قۇدرەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتمەكچى. ئاھ، ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە ئۇ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى نېمىشقا بىلمىدى؟ ئاجىز، ئورۇق مېلانىيەنىڭ مۇستەھكەم مۇناردەك ئادەم ئىكەنلىكىنى كىم بىلگەن؟ مېلانىيە، ئۇ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك تۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى دادىل سۆزلىيەلمەيدىغان، قېرى خانىملارنىڭ گەپلىرىدىن قورقىدىغان ئايال ئەمەسمىدى؟ يول ماڭغاندىمۇ يۈرەكلىك قەدەم بېسىپ ماڭالمايتتىغۇ؟ لېكىن...

سكارلېت بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تارادا يۈز بەرگەن

ھېلىقى ئىشنى ئېسىگە ئالدى. كۆك كىيىم كىيگەن شىماللىق ئەسكەر يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى، پورۇخنىڭ ئىسى ئۇنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن تېخى تارقىلىپ كەتمىگەن، مېلانىيە پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە قولىدا چارلىپىسنىڭ ھەربىي قىلىچى، مىدىر قىلماي تۇراتتى. سكارلېتنىڭ شۇ چاغدا: ئەخمەق ! قىلىچنىمۇ ئوڭشاپ تۇتالمايدۇ، دەپ ئويلىغىنى ھېلىمۇ ئېسىدە. ئەمدى بىلدىكى، ئەگەر شۇ چاغدا زۆرۈر بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇ ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئۆزى ئۆلگەن بولاتتى.

راست، شۇ چاغدا مېلانىيە كىچىككىنە قوللىرىدا قىلىچنىڭ يوغان دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن جەڭگە كىرىشكە تەييار تۇرغان. سكارلېت ھازىر شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، مېلانىيەنىڭ دائىم قىلىچ قولىدا، ئۆزىنىڭ سايىسىغا ئوخشاش يېنىدىن ئايرىلماي ئۆزىنى قوغداپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قارىغۇلارچە قىزغىنلىق ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، شىماللىقلار بىلەن، ئوروش ئوتلىرى بىلەن، ئاچارچىلىق، نامراتلىق، پىتنە ـ پاسات، ھەتتا ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى.

سكارلېت ئۇ قىلىچنىڭ، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ زوراۋانلىقلىرىدىن، بوزەك قىلىنىشلىرىدىن قوغداپ كەلگەن ئۇ بىباھا قىلىچنىڭ ئەمدى مەڭگۈ قىنىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئىششەنچ ۋە باتۇرلۇقلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك ئويغا كېلىپ قالدى.

«مېلانىيە مېنىڭ بىردىنبىر دوستۇم ئىدى، — ئويلىدى سكارلېت ئازابلىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، — ئانامدىن قالسا مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بىردىنبىر ئايالمۇ شۇ ئىدى. ئۇ ھەم ئانامغا ئوخشايتتى. ئۇنى تونۇيدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا يېقىن تۇتاتتى.»

ئۇشتۇمتۇت سكارلېتقا ئۇ ئۆيدە ياتقان ئادەم ئۆزىنىڭ

ئانىسىدەك، ئانىسى بۇ دۇنيا بىلەن ئىككىنچى قېتىم خوشلىشىۋاتقاندەك، تاراغا بېرىپ قېلىپ ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قېلىۋاتقاندەك، ئاجىز، لاتاپەتلىك ۋە مېھرىبان بۇ ئادەمنىڭ پەۋقۇلئاددە كۈچ - مەدەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىپ يېتىمسىراپ قېلىۋاتقاندەك، تۇرمۇش ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بۇ ئۆيدە تۇرۇپ سىكارلېتنىڭ ئىچى سىقىلاتتى، قورقاتتى. شامنىڭ يورۇقى بىلەن تامغا چۈشۈپ تۇرغان ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ يوغان كۆلەڭگىلىرى ئالاڭلاپ تۇراتتى، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ جىمجىتچىلىق خۇددى جاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سىم - سىم يامغۇردەك ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن قورقۇنچقا سالاتتى. ئاشلېي ! ئاشلېي نەگە كەتكەندۇ؟

ئۇ خۇددى سوغۇقتىن قورقىدىغان جانىۋارلار ئىسسىق يەرنى ئىزدىگەندەك ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيىنى ئىزدەپ چىقتى، ئۇ يەردىمۇ يوق. ئۇنى چوقۇم تېپىشى كېرەك. ئۇ مېلانىيەنىڭ كۈچىنى، ئۇ كۈچكە ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بۈگۈن ئاران بىلگەندە ئۇ كۈچ يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئورنىدا ئاشلېي بارغۇ؟ كۈچلۈك، ئەقىللىك، كىشىلەرگە تەسەللى بېرىشكە ماھىر بۇ ئادەم ھازىر ھايات، ئاشلېي بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭغا كۈچ - قۇدرەت بېرىدۇ، سىكارلېت شۇنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ؛ ئۇ يۈرەكلىك، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىكى قورقۇنچلارنى يوق قىلالايدۇ؛ ئۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم، ئەركىن - ئازادە، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىكى غەم - قايغۇلارنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدۇ.

«ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا». سىكارلېت پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى بوش چەكتى، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، ئاشلېينىڭ پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ مىلانىيە تىكىپ بەرگەن پەلەيگە قاراپ خىيال بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قولىدىكى بىر پاي پەلەيگە بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ پەلەي خۇددى ئەينەكتىن تىكىلگەندەك، ئاۋايلاپ جايىغا قويۇپ قويۇپ يەنە بىر پېيىنى ئالدى.

سىكارلېت تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن «ئاشلېي !» دەپ توۋلىۋەتتى. ئاشلېي ئاستا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدە غۇۋالىق ۋە سوغۇق قاراشلار يوق، ھېچنېمىنى يوشۇرمايدىغاندەك يوغان ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلەردىكى ئازاب ۋە ۋەھىمە سىكارلېتنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، لېكىن تايانچىسىدىن ئايرىلىپ يېتىمسىراپ قالغاندەك بىچارە كۆرۈنەتتى، ئىچكىرى بىر يەرلىرىدىن يەنە تېخىمۇ قاش ۋە تەمتىرەشتەك بىرخىل ئىپادىلەرمۇ چىقىپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بايىقى قورقۇنچلىرىنى، غەم ـ قايغۇلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋالغاندەك بولدى.

ــ مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ــ دېدى سىكارلېت ئۇنىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ، ــ ئاشلېي، مېنى يۆلىۋېلىڭ، مەن بەكمۇ قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

ئاشلېي مىدىر قىلمىدى. قوللىرىدا ھېلىقى بىر پاي پەلەي تۇراتتى. سىكارلېت بىر قولىنى ئۇنىڭ بىلىكى ئۈستىگە قويۇپ:

ــ قولىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ئاشلېي خۇددى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان نەرسىسىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاخىر گەپكە ئېغىزمۇ ئاچتى، ئەمما ئاۋازى زادىلا ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

ــ بايا سىز ماڭا شۇنچىلىك لازىم بولدىڭىز، ــ دېدى ئۇ، ــ سىزنى ئىزدىمەكچى بولۇپ تۇراتتىم ــ خۇددى تەسەللىگە موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقان كىچىك بالىغا ئوخشاش، لېكىن مېنىڭ ئىزدەپ تاپقىنىم بىر بالا بولۇپ چىقتى. ئۇ مەندىنمۇ بەكرەك

قورقۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. تېخى ئۇ مېنى ئىزدەپ تېپىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرۇپتىكەن...

— سىز قورقمايسىز... قورقۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، — تۇۋلاپ كەتتى سىكارلېت — سىز ئەزەلدىن قورقۇپ باقمىغان، ئەمما مەن... سىز ئەزەلدىن قەيسەر...

— مەن ئۇ كەينىمدە تىرەك بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا قەيسەر ئىدىم، — دېدى ئۇ. ئاۋازى سەل خىرقىراپ چىقتى، قولىدىكى پەلەينى سىلاپ قويۇۋاتاتتى، — مەندىكى... مەندىكى كۈچ - قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ سوغۇق تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان ئاۋازىدىكى كۈچلۈك ئازاب - قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىكنى ئاڭلاپ، سىكارلېت ئىتتىك قولىنى تارتىۋالدى ۋە كەينىگە ئىككى قەدەم داجىپ كەتتى. ئىككىلىسى گەپ قىلىشمايتتى. سىكارلېت ئۇنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم چۈشىنىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى.

— نېمە... — سىكارلېت دۇدۇقلاپ قالدى، — ئاشلېي، سىز ئۇنى سۆيىسىز، شۇنداقمۇ؟

ئاشلېي ناھايىتى تەستە گەپ قىلىۋاتقاندەك سۆزلىدى:

— ئۇ مېنىڭ بارلىق خىياللىرىمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شېرىن خىيالىم، ھايات ياشاپ تۇرغان، تىنىقى بار، رېئاللىق ئالدىدا مەڭگۈ يوقىلىپ كەتمەيدىغان بىردىنبىر شېرىن خىيالىم ئىدى.

يەنە شۇ خىيالنىڭ گېپى، — سىكارلېت بۇرۇنقى مىجەزى بويىچە يەنە جۇدۇنى ئۆرلەپ ئويلىدى، — ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىي چۈشلىرىنى زادىلا ئۇنتۇمايدۇ، ئەمەلىيەتنى سۆزلىمەيدۇ.

— سىز بۇرۇندىن تارتىپلا مۇشۇنداق ئەخمىقانە ھالەتتە ياشاپ كەلدىڭىز، ئاشلېي، — دېدى سىكارلېت ئېغىر ۋە ئازابلىق روھىي ھالىتى بىلەن، — سىز نېمىشقا ئۇنىڭ مەندىن مىليون ھەسسە ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرمەيسىز؟

— سىكارلېت، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي... سىز مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قانچىلىك ئازاب چەككەنلىكىمنى بىلسىڭىز ئىدى... دوختۇر...

— قانچىلىك ئازاب چەككەنسىز! — ئەجەبا، سىز... ھەي، ئاشلىبى، سىز بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۆزىڭىزنىڭ سۆيگەن ئادىمىڭىزنىڭ مەن ئەمەس ئۇ ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى! نېمىشقا بىلمىدىڭىز؟ ئەگەر بىلگەن بولسىڭىز ئىشلار پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتى. پۈتۈنلەي... بۇنى بالدۇر بىلىشىڭىز، نام ـ ئابرۇي، قۇربان بېرىش دېگەندەك گەپلىرىڭىز بىلەن ماڭا سەل قارىماسلىقىڭىز، مېنى ئۆزىڭىزگە باغلىنىپ قالمىدىغان، باغلىنىپ قالغان ئارغامچىنى يېشىۋېتەلمەيدىغان قىلىپ قويماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. ئاشۇ يىللاردا ماڭا دېگەن بولسىڭىز، مەن... كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم بولسىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيتتىم. لېكىن، سىز بۇ پاكىتنى ھازىر، مېلانىيە ئۆلمىدىغان چاغدا كۆرۈپ يېتىۋاتىسىز. ئەمدى ھازىر بەكمۇ كېچىكتىڭىز، ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال يوق. ھەي، ئاشلىبى ئەرلەر بۇنداق ئىشلارنى بىلىشى كېرەك ئىدىغۇ... ئەكسىچە ئاياللار بىلمەيدۇ. سىز بۇرۇندىنلا ئۆزىڭىزنىڭ مېلانىيەنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى، مېنى، مېنى خۇددى رېتىنىڭ بېللىي ۋاتلىن دېگەن دوستىنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىڭىزنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك ئىدى.

ئاشلىبى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز تۇگۇلۇپ كەتتى. كۆزلىرى يەنىلا ئۇنىڭدا، بولدى گەپ قىلماڭ، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ دېگەندەك مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. چىرايىدىكى ھەربىر ئىپادە ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ تۇراتتى. بېشىنىڭ ساڭگىلاپ، گەۋدىسىنىڭ مۈكچىيىپ كېتىشىدىنمۇ، شۇ تۇرقىدا سكارلېتنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىنمۇ بەكرەك ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ سكارلېتنىڭ ئالدىدا جىمجىت تۇراتتى. قولىدىكى پەلەينى خۇددى ھېسسىيات ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قولدەك مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. سكارلېتمۇ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ بولغاندىن

كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش جىمىپ قالدى، غەزىپى بېسىلغان، ئۇنىڭ ئورنىنى مەنىسىتمىگەندەك بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش ئىگىلىگەنىدى. ۋىجدانى ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىۋاتاتتى. ئاھ، ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي گۇمران بولغان، ھېچقانداق مۇداپىئە كۈچى يوق بىر ئادەمنى پۈتى بىلەن تەپكەندەك بولۇۋاتىدىغۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق مىلانىيەگە ۋەدە بەرگەنىدىغۇ؟

مەن تېخى ھېلىلا مىلانىيەگە ۋەدە بېرىپ چىقىپ، يەنە بۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان گەپلەرنى ئۇنىڭغا دەۋاتىمەنغۇ؟ مەن ياكى باشقا ئادەم بولسۇن، ھازىر بۇنداق گەپلەرنى قىلىش پۈتۈنلەي مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىمۇ چۈشىنىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، — سىكارلېت غېرىبسىنغاندەك بولۇپ خىيالغا كەتتى، — ئۇ تېخى چوڭ بولماپتۇ، كىچىك بالىدەك ئىكەن، مەندىنمۇ ئۆتە ئوخشايدۇ. مىلانىيەدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقىنىدىن ئازابلىنىپ ھەم قورقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. مىلانىيە ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئەھۋالىنى بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر... ئەلۋەتتە، مىلانىيە ئۇنى مەندىن چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، شۇڭا مەندىن ئۇنىڭ بىلەن بىئونىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان. ئاشلىبى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەر؟ مەن بولسام بەرداشلىق بېرەلەيمەن. لېكىن، مەن ھەرقانداق ئىشقا چىداپ كەلگەن، يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارغا چىدايمەن، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ... ئۇ بولمىسا ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— مېنى كەچۈرۈڭ، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى سىكارلېت سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى سوزۇپ، — مەن سىزنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمما، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا گۇمان قىلىپمۇ باقمىغان...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇدانىڭ بىزگە رەھمى كەلگەن.

ئاشلىبي ئىتتىك بېرىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، سىكارلېت پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقتى، بىر قولى بىلەن چاچلىرىنى يېقىملىق سىلاپ كەتتى.

— يىغلىماڭ، سۆيۈملۈكۈم، ئۇ سىزنىڭ باتۇر بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇنىڭ سىز بىلەن دىدارلىشىۋېلىش ئارزۇسى بار، شۇڭا ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، يىغلىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالمىسۇن، بولمىسا قاتتىق بىئارام بولىدۇ.

ئاشلىبي ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋېتىپ، سىكارلېت دەم ئالالماي قالدى.

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن! — دەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بوش پىچىرلىدى.

مەنمۇ ياشىيالمايمەن، دەپ ئويلىدى سىكارلېتمۇ مېلانىيەدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ھاياتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ. ئەمما، ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئاشلىبي ئۇنىڭغا تايىنىدۇ، مېلانىيەمۇ ئۇنىڭغا تايىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، تارادىكى چاغدا ئۇ بىر قېتىم مەست بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنى ئايدىڭ كېچە ئىدى، قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ: يۈك دېگەننى يەلكىسىنىڭ كۈچى بار ئادەم كۆتۈرسە بولىدىكەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇنىڭ يەلكىسى كۈچلۈك، ئاشلىبىنىڭ ئاجىز ئىكەن. شۇڭا، ئۆزى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ بۇ يۈكنى يەلكىسىگە ئېلىشى كېرەك. سىكارلېت ئۆزىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن ئاشلىبىنىڭ ياش بىلەن نەملىشىپ كەتكەن مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. بۇ قېتىمقى سۆيۈشتە تەلۋىلەرچە قىزغىنلىق، بېسىلماس ھاياجان يوق، پەقەت سوغۇق مېھرىبانلىقلا بار ئىدى.

— قورقماڭ، ھامان چارىسىنى قىلىمىز، — دېدى سىكارلېت.

مېلانىيە ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ دوختۇر مادېنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— ئاشلېي، تېز بولۇڭ !

ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ تۇگىگەن ئوخشىمامدۇ! — دەررۇ ئويلىدى سكارلېت، — ئاشلېي تېخى مەن بىلەن خوشلىشىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدىغۇ! مەيلى، بەلكىم...

— تېز بولۇڭ ! — دېدى سكارلېت ئۈنلۈك ئاۋازدا. ئاشلېي گاڭگىراپ قېلىپ تېخىچە مىدىرلىماي تۇراتتى، — چاپسان چىقىڭ !

سكارلېت ئىشىكنى ئېچىپ ئاشلېينى ئىتتىرىپ دېگۈدەك چىقىرىۋەتتى. ئاشلېي بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ئالدىغا يۈگۈردى، قولىدا يەنە ھېلىقى پەلەي تۇراتتى. سكارلېت ئۇنىڭ ئىتتىك كېتىۋاتقان قەدەم تىۋىشىنى، ئارقىدىن ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

سكارلېت ھەسرەت بىلەن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ ئاستا مېڭىپ كارىۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاندىن كارىۋاتتا بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىردىنلا چارچاپ كەتكەندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئەزەلدىن بۇنداق چارچاپ باقمىغاندەك ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىك، ئۇنىڭغا كۈچ بېرىپ كۆرەشكە ئاتلاندۇرۇۋاتقان جىددىي ھالەت بىردىنلا يوقىلىپ كېتىپ، پۈتۈن ئەزايى سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتقاندەك، ھېسسىياتى قۇرۇپ قېلىۋاتقاندەك، ئازاب ۋە ئۆكۈنۈشلەر، قورقۇنچ ۋە تەئەججۈپلەر غايىب بولۇۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ راستىلا چارچىغانىدى. يۈرىكى خۇددى تام مەشىنىڭ ئۈستىدىكى سائەتتەك بوش ۋە رىتىملىق سوقۇۋاتاتتى.

ئاشۇ بوشلۇق ۋە گاراڭلىق ھالەت ئىچىدە بىر پىكىر ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاستا ـ ئاستا روشەنلىشىپ قېلىۋاتاتتى: ئاشلېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنى سۆيمەيدۇ. ئەزەلدىن چىن يۈرىكى بىلەن سۆيۈپ باققان ئەمەس. سىكارلېت بۇنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن قىلچە ئازابلانمىدى. ئەسلىدە بۇ ئازابلىق ئىش ئىدى، شۇڭا قاتتىق ھەسرەت چەكسە، ئاھ ئۇرسا، نالە ـ پەرياد كۆتۈرسە بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى، چۈنكى پاكىت دېگەن پاكىت، ئۇ ئۇنى سۆيمىسە، ئۇمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسا بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ پەرۋا قىلمىغىنى ئۇنى ئەمدى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى ـ دە. ئۇنى سۆيمىگەندىكىن، ئۇ نېمە دېسۇن، نېمە قىلسۇن، ھەرگىز بىئارام بولمايدۇ.

ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ چارچاپ كەتكەن بېشىنى ياستۇققا قويدى. ئۇ خىياللارنى كاللىسىدىن نېرى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە: لېكىن، مەن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەمەنمۇ؟ ئۇزاقتىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟ مۇھەببەت بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۆزگىرىپ سوۋۇپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئاھ، ئۇنداق ئويلىغانىنىڭمۇ پايدىسى يوق.

لېكىن، ئۇ ئۆزگىرىدۇ ھەم ئاللىقاچان ئۆزگەردى.

ئۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن باشقا نەرسىدە ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەمەس، — ئويلىدى ئۇ بۇ ئويلىرىدىن بىزار بولغاندەك ھالەتتە، — مېنىڭ سۆيىدىغىنىم ئۆزۈم قۇراشتۇرۇپ چىققان نەرسە، ئۇ نەرسىمۇ مېلانىيەگە ئوخشاش ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۆزۈمگە چىرايلىق بىر كىيىم تىكتۇردۇم ھەم ئۇنى ياخشى كۆردۈم. كېيىن ئاشلېي ئاتلىق كېلىپ قالدى. ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى، ھېچكىمگە ئوخشىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىيىمنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلسۇن ـ كەلمىسۇن كىيدۈرۈپ قويدۇم، ئەمما ئۇنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىغا قارىغۇم كەلمىدى. مەن ئۇ ئادەمنى ئەمەس، چىرايلىق كىيىملىرىنى ياخشى كۆرەتتىم.

سىكارلېت نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئىشلارنى، تارادىكى

چاغلىرىدا ئاق گۈللۈك يېشىل كۆڭلىكىنى كىيىپ قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرغاندا، ئاتلىق بىر ئالتۇن چاچ يىگىتنىڭ ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ئۇ يىگىت ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى يىگىت بولۇپ، ئەمدى ئۇيلىسا دادىسى گېلارد سوۋغات قىلغان ياقۇت كۆزلۈك هالقىسىچىلىكمۇ ئەتىۋارى يوق ئىكەن. ئۇ هالقىنىمۇ ئۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنى ئۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ كەتمىگەنىدى. پۇلدىن باشقا هەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن قالاتتى. ئاشلىيمۇ شۇنداق، ئەگەر ئۇ ئەينى چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن توي•قىلىشنى رەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ساختا ئارزۇسىنى قاندۇرغان بولسا، ئاشلىينىڭمۇ ئاللىبۇرۇن قىممىتى قالمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش قىزغىن ۋە بىردەم كۆرمىسە تۇرالمايدىغان هالەتتىن تەرەققىي قىلىپ كۈنچى، خاپىغان بولۇپ قالغۇدەك بولسا، باشقا بىرسىنى ئۇچراتقاندا، ئاشلىيغا بولغان ئۆز ۋاقتىدىكى قىزغىن هېسسىياتلىرى شامالدا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن تۇماندەك بىردەمدىلا يوقىلىپ كەتكەنمۇ بولاتتى.

مەن بۇرۇن نېمىدېگەن ئەخمەق! — ئەلەم بىلەن ئويلىدى سكارلېت، — مانا ئەمدى شۇنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمەن. بۇرۇن مەن ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىشلار ئەمدى بولۇۋاتىدۇ. مېلانىيەنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ ئاشلىيغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىۋىدىم، مانا ئەمدى مېلانىيە ئۆلۈپ ئاشلىيغا ئېرىشەلەيدىغان بولدۇم، ئەمما ئۇنداق قىلغۇم يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى بەك ئويلايدۇ، شۇڭا چوقۇم ماڭا رېتتىن ئايرىلىپ، ئاندىن ئۆزى بىلەن توي قىلىشنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەنما! ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلسىمۇ قاراپ قويماسمەن. بىراق، ئۇنداق قىلسامۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يۈك هامان مېنىڭ ئۈستۈمدە، هاياتلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسام، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم، ئاچ قويماسلىقىم، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشىگە يول قويماسلىقىم كېرەك. ئۇ مېنىڭ يەنە بىر بالامغا ئوخشاش ئىتتىكمىگە يېپيېشىپلا يۇرىدىغان ئوخشايدۇ. ئاھ، ئاشقىمدىن ئايرىلىپ، يىگىى بىر بالىغا ئانا بولىدىغان ئوخشايمەن. مېلانىيەگە ۋەدە بەرمىگەن بولسام، ئۇ چاغدا ئۇنى مەڭگۈ كۆرمىگەن بولساممۇ مەيلى ئىدى.

## ئاتمىش ئىككىنچى باب

سكارلېت بىرلىرىنىڭ شىۋىرلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئىشىكتىن چىقىپ قاراپ باقتى، قورقۇپ كېتىشكەن بىر نەچچە نېگىر كارىدوردا تۇرۇشاتتى. پىرىسسىي ئۇخلاپ قالغان بېئۇنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، پېتېر تاغا مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى، ئاشپەز ئايال كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى پەرتۇقىنىڭ ئېتىكى بىلەن تىنىماي سۈرتۈۋاتاتتى، ئۇچىلىسى ئەمدى قانداق قىلىمىز، دېگەندەك ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قارىشىپ تۇراتتى. سكارلېت كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ياتاق ئۆيگە قارىدى. پىتتىي ھاما بىلەن ئىندىيا بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ مىدىر قىلماي تۇرۇشاتتى. ئىندىيانىڭ ئادەتتىكى تەكەببۇر قىياپىتىدىن ھازىر ھېچنېمە يوق ئىدى، ئۇلارمۇ ئۇ نېگىرلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتمە بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. سكارلېت ئۆيگە كىرگەندە ئۇلار دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھىم، سىكارلېت، ئەمدى قانداق... — پىتتىي ھاما ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا، كىچىك بالىلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئاغزى تىترەپ كەتتى.

— ماڭا گەپ قىلماڭ، بولمىسا چىقىرىۋېتىمەن، — دېدى

سكارلېت. ئېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئاۋازى قوپال چىقىپ كەتتى، قوللىرىنىمۇ ئىككى يىقىنىغا تىرىۋالغانىدى. مېلانىيەنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى توغرۇلۇق چىققان بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ گېلى يەنە بوغۇلۇپ قالغانىدى، — ھېچقايسىڭ ئۇنۇڭنى چىقىرىشما!

ئۇلار ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى بۇيرۇق تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كەينىگە داجىشتى، چىرايلىرىمۇ بىرخىل بولۇپ كەتتى. «ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز يىغلىۋەتمەي، — ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بولمىسا ئۇلارمۇ يىغلاپ، ئارقىدىن نېگىرلارمۇ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىشىدۇ. شۇڭا، ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشىم كېرەك. قىلىدىغان ئىشلار نۇرغۇن، دەپنە ئىدارىسىگە بېرىپ ئالاقىلىشىش، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆيلەرنى تازىلىتىش كېرەك. پەتىگە كەلگەنلەر چوقۇم ماڭا ئېسىلىپ يىغلىشىدۇ، ئۇلارغىمۇ بىر نېمە دېيىش كېرەك. ئاشلېي بۇ ئىشلارنى قىلالمايدۇ. پىتتىي بىلەن ئىندىيامۇ شۇنداق. ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن قىلىشىم كېرەك. ئاھ، نېمىدېگەن ئېغىر ئىشلار بۇ! مەن نېمىشقا دائىم مۇشۇنداق ئىشلارغا ئۇچرايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلا خەقنىڭ ئىشى!»

سكارلېت پىتتىي بىلەن ئىندىيانىڭ بىئارام بولۇپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە قاتتىق ئۆكۈندى، مېلانىيە ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرگە بۇنداق قوپاللىق قىلىشىنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ.

— بايىقى قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ ناھايىتى تەستە، — سىلەرگە... ياخشى مۇئامىلە قىلمىدىم. ئەپۇ قىلىڭ ھامما، كارىدورغا چىقىپ بىردەم تۇرۇپ كىرەي. ئۆزۈم يالغۇز بىردەم ئويلىنىۋالمىسام بولمايدۇ. مەن كىرگەندە ئاندىن...

سكارلېت پىتتىي ھامماڭنىڭ مۇرىسىگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ تاشقىرىغا ماڭدى، يەنە تۇرىۋېرىدىغان بولسا ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆزى يالغۇز بىردەم تۇرۇۋېلىشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانغۇچە يىغلىۋېلىشى كېرەك، بولمىسا يېرىلىپ كېتىدۇ.

سىكارلېت سىرتتىكى كارىدورغا چىقىپ ئىشىكنى چىڭ يېپىۋەتتى. سالقىن ۋە نەم شامال يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. يامغۇر توختىغانىدى. ئارىلاپ ئۆگزىدىن تامچىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئەتراپتا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى، دۇنيا قويۇق تۇمان ئىچىدە ياتاتتى. كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ھەممە ئۆيلەر قاراڭغۇ ئىدى، پۈتۈن دۇنيا تىمتاسچىلىق ئىچىدە ياتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ بېشىنى تۈۋرۈككە يۆلەپ تۇرۇپ كەتتى. يىغلىغۇسى كېلەتتى، لېكىن كۆزلىرىگە ياش كەلمەيتتى. بۇ ئاپەت تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇنى ياش بىلەن ئىپادىلىگىلى، يەڭگىللەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ توختىمايتتى، ھاياتىدىكى يىمىرىلىش دەپ ئويلىغان ئىككى قورغاننىڭ يىمىرىلىپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، يۈرىكىدە ئاجايىپ زور ئەكس سادالارنى قوزغىماقتا ئىدى. ئۇ بىر دەم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن ئادىتى بويىچە: بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك بولغاندا ئويلايچۇ، دەپ خىيال قىلدى. بىراق بولمىدى، ئىككى ئىشنى ئويلىۋالمىسا بولمايتتى. بىرى، مېلانىيە ئىدى، ئۇ ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى ھەم ئۇنىڭغا ئۇ بولمىسا بولمايتتى. يەنە بىرسى، ئاشلېي ھەم ئۇنىڭغا بولغان ماھىيەتلىك قاراشنى رەت قىلىپ كېلىۋاتقان قارىغۇلارچە ۋە جاھىل مۇئامىلىسى ئىدى. سىكارلېت بۇ ئىككى ئىشنى ئويلىسا، مەيلى ئەتە ياكى ھاياتىدىكى قايسىبىر ئەتىدە بولسۇن، ئوخشاشلا قاتتىق ئازابلىناتتى.

ھازىر مەن ئۆيگە كىرىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشالمايمەن، — ئويلىدى ئۇ، — بۈگۈن ئاخشام ئاشلېيغىمۇ قارىيالمايمەن ھەم تەسەللىمۇ بېرەلمەيمەن. بۈگۈن ئاخشام بولمايدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى، دېمىسە بولمايدىغان تەسەللى گەپلەرنى ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ قىلاي. بۈگۈن ئاخشام بولمايدۇ، ئۆيگە

كېتىشىم كېرەك.

ئۇنىڭ ئۆيى بۇ يەردىن بەش مەھەللە نېرىدا ئىدى. ئۇ پېتېرنىڭ پەيتون قوشۇشىنى، مادىي دوختۇرنىڭ ئۆزىنى ئاپىرىپ قويۇشىنى كۈتمىدى، چۈنكى ئالدىدىكىسىنىڭ يىغىسىدىن، كېيىنكىسىنىڭ ئۈنسىز ئەيىبلەشلىرىدىن قورقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، چاپىنىنىمۇ، شىلەپىسىنىمۇ كىيمەي قاراڭغۇلۇقتىكى تۇمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ھاۋا نەم، ئەتراپ جىمجىت، ھەتتا ئايىغىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، ھەممە نەرسە خۇددى چۈشىدىكىدەك ئىدى.

ئۆيگە يېقىن يەردىكى دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا، كۆكسىدە توسۇلۇپ قالغان كۆز ياشلىرى ئېقىپ چىقالماي قاتتىق قىينىلىپ كەتتى، كاللىسىغا غۇۋا بىر خىيالىي كۆرۈنۈش كەلگەندەك بولدى. ھە، بۇرۇنمۇ ئۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بىلەن مۇشۇ قاراڭغۇ، سۈرۈن جايغا كەلگەن ئەمەسمۇ؟... بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم. بۇ نېمىدېگەن كۈلكىلىك ئىش ـ ھە، ئويلىدى ئۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە قەدىمىنى تېخىمۇ ئىتتىكلىتىپ. نېرۋىلىرى ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقاندەك قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ لېكىن، بۇ خىل تۇيغۇ داۋاملاشماقتا، بەلكى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ پۈتۈن ئېڭىغا سىڭىپ بارماقتا. ئۇ شۈبھە بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويدى، نەتىجىدە بۇ خىل تۇيغۇ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، غەلىتە ۋە تونۇشتەكلا. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى ھەرقانداق خەتەرنى پۇراپ بىلىدىغان ھايۋاندەك بىردىنلا سەزگۈرلەشتى. «بەك چارچاپ كەتكەچكە شۇنداق بولۇۋاتقاندىمەن، — ئۇ يەنە ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، — نېمىدېگەن قاراڭغۇ، نېمىدېگەن قويۇق تۇمان بۇ. بۇرۇن بۇنداق قويۇق تۇماننى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. يا... ياكى...»

شۇئان ئۇ چۈشەندى ـ دە، قورقۇشقا باشلىدى، سانسىزلىغان چۈشلىرىدە مۇشۇنداق تۇمان ئىچىدە قېچىپ يۈرگەن، ھەر بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چۈشىدە ئوخشاش بىر سىرلىق، پايانسىز جايدىن ئۆتكەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ يەردىمۇ تۇمان مۇشۇنداق قويۇق ئىدى، جىن ـ ئالۋاستىلار توپ ـ توپ يۈرۈشەتتى. ھازىرمۇ ئۇ ئاشۇ چۈشىنى كۆرۈۋاتامدۇ ياكى ئۇ چۈشى رېئاللىقتا ئايلىنىپ قالدىمۇ؟

قىسقا بىر ۋاقىت ئۇ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ پۈتۈنلەي ئېزىپ كەتتى، بۇرۇن كۆرگەن ئاشۇ چۈشى ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. يۈرىكى توختىماي سېلىشقا باشلىدى. يەنە بىر قېتىم ئۆلۈم ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە قالدى. تارادا بىر قېتىم شۇنداق بولغانىدى. دۇنيادىكى مۇھىم دەپ بىلگەن ئىشلارنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھايات بىر دۆۋە خارابىلىكتەك بىلىنىپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى تۇمان ئىچىدىكى ۋەھىمە ۋە تۇماننىڭ ئۆزى مەھكەم چىرمىۋالغانىدى. ئاخىر بولماي ئۇ قېچىشقا باشلىدى، بۇ قېچىش ئۆتكەندە چۈشىدە كۆرگەن قېچىشقا بەكمۇ ئوخشايتتى، بۇ قېتىم ئۇنى بەلگىسىز بىر ۋەھىمە قوغلاۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ نەگە قېچىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. تۇمان ئىچىدە ئۆزىنى مەلۇم بىر جايدىكى بىخەتەر يەرگە قاراپ قېچىۋاتىمەن، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ قاراڭغۇ كوچىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. كۆزلىرى يەردە، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئالدىدىن شامال ئۇرماقتا، ئىككى يانىدىكى دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى قورقۇنماقتا. مەلۇم جاي، مەلۇم جاي، جىمجىت ۋە نەمخۇش بۇ قاقاس دالادا ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان بىر جاي چوقۇم بار! ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. كۆڭلىكى ھۆل بولۇپ پاچاقلىرىغا چاپلىشىپ قېلىۋاتاتتى، تىنىقى كۆچىيىپ ئۆپكىسى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىچىدىكى چىڭ تارتىۋالغان باناز ئىككى بىقىنىنى قىسىپ يۈرىكىنى مىجىۋەتكۈدەك قىلىۋاتاتتى.

يىراقتىن پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقلىرى

كۆرۈندى. لېكىن، ئۇ يورۇقلۇقنىڭ راست بولۇشى ناتايىن. چۈشىدە ئۇ ئۇنداق چىراغلارنى كۆرمىگەن، كۆل رەڭ تۇماندىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئاشۇ يورۇقلۇققا يىغىلدى. ئۇ بىخەتەرلىكتىن، ئادەملەر ۋە رېئاللىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ مەزمۇت تۇرۇپ، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ ئۆزىنى ساراسىمە ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى، ئاندىن چىراغلار يېنىپ تۇرغان ئۇ جايغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن سەپسېلىپ، ئۇ يەرنىڭ چۈشلىرىدىكى ئالۋاستىلار يۈرىدىغان جاي ئەمەس، بەلكى ئاتلانتادىكى پىئاچتىر كوچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ پەيتون توختايدىغان بىر سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، چېچىلىپ كېتىۋاتقان نېرۋىلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يىغىشقا باشلىدى.

«باياتىندىن بېرى ساراڭ ئادەمدەك تىنماي يۈگۈردۈم، — دەپ ئويلىدى ئۇ. تىترەكلىرى بىرئاز توختىغان، ئەمما يۈرىكى يەنە قاتتىق سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، — لېكىن نەگە قاراپ يۈگۈردۈم؟» ئۇنىڭ تىنىقى ئەمدى سەل ئورنىغا چۈشتى. قوللىرى بىلەن بېلىنى تۇتۇۋېلىپ پىئاچتىر كوچىسىغا سەپسالدى. ئەنە ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدىكىسى ئۆزىنىڭ ئۆيى. ئۆيلەرنىڭ ھەممە دېرىزىلىرىدە خۇددى تۇمانلىق كېچىگە ئۇرۇش ئېلان قىلمۇاتقاندەك چىراغ يورۇقى پالىلداپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيى ! بۇ راست ! ئۇ يىراقتىكى ئۇ ئۆيلەرنىڭ قاراڭغۇدا چوقچىيىپ تۇرغان قارىسىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، يۈرىكىمۇ خېلىلا تىنچلىنىپ قالدى.

ئۆي ! ئۇ بارىدىغان جاي ئەنە شۇ! باياتىندىن بېرى يەتمەكچى بولۇپ يۈگۈرگەن جاي ئاشۇ! ئەمدى ئۇ رېتتىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارىدۇ.

شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئۇ بەدىنىدىكى قوۋۇق - كىشەنلەردىن، ئاشۇ چاغدا تاراغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ۋەيرانچىلىقلارنى كۆرگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى چۈشىدىن چىقماي كېلىۋاتقان ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلۇپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئاشۇ كۈنى كېچىدە تاراغا يېتىپ بارغاندا، تىنىچ، بەختەر مۇھىتنىڭ يوقالغانلىقىنى، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت، بارلىق ئەقىل ـ پاراسەت، بارلىق مېھرىبانلىق، بارلىق چۈشىنىشلەر... ئېلىلىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشكەن، سىكارلېت بالىلىق چاغلىرىدا مۇستەھكەم قورغان بولۇپ شەكىللەنگەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ بىراقلا گۇمران بولغانلىقىنى كۆرگەنىدى. شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ ئۇ ماددىي تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشكىنى بىلەن، چۈشىدە يەنىلا قورقۇپ، چۆچۈپ يۈرگەن كىچىك بالا ئىدى، يوقىتىپ قويغان دۇنياسىدىكى يوقالغان خاتىرجەملىكنى توختىماي ئىزدەپ يۈرەتتى.

ئەمدى ئۇ چۈشىدىكى پاناھگاھىنى، تۇمان ئىچىدە دائىم ئۆزىنى پاناھىغا ئالىدىغان ئۇ ئىللىق ۋە بەختەر جاينى تېپىۋالدى. ئۇ ئاشلىي ئەمەس... ھەي، ئەزەلدىن ئاشلىي بولۇپ باققانمۇ ئەمەس! ئاشلىينىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللىق ھارارەت سازلىقتىكى يېنىپ تۇرغان چىراغلارنىڭ ھارارىتىچىلىكمۇ يوق، ئۇنىڭ يېنىدىكى بەختەرلىكمۇ قۇملۇقتىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. رېت... رېتنىڭ يەلكىلىرى كۈچلۈك، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىيالايدۇ، كەڭ كۆكسى چارچاپ كەتكەن بېشىنى قويىدىغان ياستۇق، مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى ئۇنىڭغا ئىشلارغا توغرا قاراشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپلىق چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە، چۈنكى ئۇمۇ سىكارلېتقا ئوخشاش ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى سۆزلەيدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان كۆز قاراشلارغا، مەسىلەن، شۆھرەت، قۇربان بېرىش ياكى كىشىلىك ھاياتقا ئارتۇقچە ئىشىنىپ كېتىشتەك ھادىسىلەرگە ئالدىنىپ قالمايدۇ. يەنە تېخى سىكارلېتنى سۆيىدۇ! ئۇ نېمىشقا رېتنىڭ ئۆزىنى دائىم مەسخىرە ئاستىغا ئېلىپ تۇرسىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى؟ مېلانىيە ئۇنى چۈشەنگەن،

شۇڭا ئۇ ئۆلىدىغان چاغدا: «رىتقا ئوبدان مۇئامىلە قىلىڭ» دېدى.

«ئاھ، — ئويلىدى ئۇ، — دۆت ۋە گالۋاڭ ئادەم بىر ئاشلىپىلا ئەمەسكەن، ئۆزۈممۇ شۇنداق ئىكەنمەن. بولمىسا مەن بۇ نۇقتىنى بۇرۇنلا بىلىۋالماتتىم؟»

كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇ رىتنىڭ مۇھەببىتىدىن قوپۇرۇلغان ئاشۇ مۇستەھكەم تامغا يۆلىنىپ كەپتىكەن ھەم چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلاپتىكەن، يەنە تېخى كۆرەڭلىك بىلەن ئۆزۈمنىڭ كۈچىدىن بولغان دەپ چۈشىنىپ يۈرۈپتىكەن. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ھايات بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق ئېلىشىشلاردا مىلانىيەنىڭ باشتىن - ئاخىر ئۆزى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولسا، ھازىر رىتنىڭمۇ بىلىندۈرمەي ئۆزىنى قوللاپ، سۆيۈپ، چۈشىنىپ، ياردەمگە ھەر قاچان تەييار تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلاۋاتاتتى. ئاشۇ چاغدىكى ئىئانە ئۈچۈن مال سېتىش پائالىيىتىدە رىت ئۇنىڭ جىمجىتلىقىنى خالىمايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى توپ ئىچىدىن تارتىپ چىقىپ شوتلاندىيە ئۇسسۇلىنى بىللە ئوينىغان، ئۇستىدىكى قارىلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن، ئاتلانتا قولدىن كەتكەن كۈنى ئاسمان - پەلەك كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققان، ئۇنىڭغا پۇل قەرز بېرىپ ئىگىلىك تىكلىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەن، چۈشىدە قارا بېسىپ يىغلاپ كەتكەندە باغرىغا بېسىپ تىنچلاندۇرغان... بىر ئەر بىر ئايالنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرمىسە مۇشۇنچىلا ئىشنى قىلامدۇ؟

دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىكى يامغۇر تامچىلىرى تۆكۈلۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ئۇ بۇنى سەزمەيتتى، ئەتراپنى ئوراپ تۇرۇۋاتقان تۇمانغىمۇ دىققەت قىلمايتتى، خىيالى رىت باتلېردا، ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايىدا، قاردەك ئاپپاق چىشلىرىدا، ئۆتكۈر ھەم سەزگۈر كۆزلىرىدە ئىدى، ئويلىغانسېرى ھاياجىنىنى باسالماي تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

«مەن ئۇنى سۆيىمەن، — ئۇ بۇ پاكىتنى قىلچە ئىككىلەنمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىراپ قىلدى، — ئۇنى قاچاندىن بېرى شۇنداق سۆيۈپ كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئەمما بۇ ھەقىقەت، ئەگەر ئاشلېي بولمىغان بولسا بۇنى مەن بالدۇرلا بىلىپ يەتكەن بولاتتىم. ئاشلېي كۆزۈمنى باغلىۋالغان بولغاچقىلا، ھازىرغىچە ئۇنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن.»

ئۇ ئۇنى سۆيىدۇ، ئۇ لوكچەكنى، ئۇ مۇتتەھەمنى سۆيىدۇ، قىلچە ئىككىلەنمەي، ئاشلېي ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدىغان نام ـ ئابرۇيىنىمۇ دىمەي سۆيىدۇ... «ئاشلېينىڭ سۆزلىگەن ئۇ نام ـ ئابرۇيلىرى دائىم مېنى غۇلىتىپ كەلدى. شۇنداق، ئەينى چاغدا ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە توختىماي كېلىپ تۇرىدىغان چاغلىرىدا ئۆيدىكىلىرىنىڭ ئۆزىگە مېلانىيەنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىدىكەنغۇ! رېت مېنى ئۇنداق غۇلىتىپ باقمىدى، مېلانىيە زىيايەت بەرگەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچىدە ئۇ مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ قوياتتى. ئاتلانتا قولدىن كەتكەن ئاخشىمى بىزنى قۇتۇلدۇرغاندا، يېرىم يولدا تاشلاپ كېتىشىمۇ قەستەن ئەمەس، چۇنكى بىز خەتەرلىك جايلاردىن ئاساسەن ئۆتۈپ بولغان، بىزنى سالامەت قايتىپ كېتەلەيدۇ، دەپ ئويلىغان. شىماللىقلارنىڭ لاگېرىدا تۇتۇلۇپ ياتقاندا مەن قەرز سوراپ باردىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ، پۇل بېرىپ تۇرىمەن، ئەمما ئۆزىڭىزنى ماڭا گۆرۈگە قويۇپ تۇرىسىز، دېگەن گېپى راست شۇنداق ئويلاپ قىلغان گەپ ئەمەس، چاقچاق. ئۇ مېنى ئۇزاقتىن بۇيان سۆيۈپ كەلگەن، ئەمما مەن ئۇنىڭغا يامان مۇئامىلە قىلدىم، بىرنەچچە قېتىم غۇرۇرىغا تەگدىم، ئۇ ئۆزىنى ئايايدىغان بولغاچقا، پەقەتلا چاندۇرمىدى، كېيىن بوننى ئۆلدى... ئاھ، مەن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم؟»

سىكارلېت ئورنىدىن تۇرۇپ دۆڭنىڭ ئۇستىدىكى ئۇ ئۆيلەرگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. يېرىم سائەت ئىلگىرى ئۇ پۇلدىن باشقا، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن، ئۆزى ھايات قېلىشنى ئارزۇ قىلغان ھەممە ئادەمدىن — ئېللېندىن، گېلاردىتىن،

بونتېدىن، نېگىر ئانىسىدىن، مېلانىيەدىن، ئاشلېيدىن ئايرىلىپ قالدىم دەپ ئويلىغانىدى. ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ رېتنى سۆيىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋاتىدۇ... ئۇ ئۇنى قەيسەرلىكى، مەردلىكى، قىزغىن ۋە قوپاللىقى، ئۆزىگە ئوخشاش ئىكەنلىكى ئۈچۈن سۆيىدۇ.

«ئۇنىڭغا ھەممىنى دەيمەن، — ئويلاپ كەتتى ئۇ، — ئۇ مېنى چۈشىنىدۇ ھەم چۈشىنىپمۇ كېلىۋاتقان. ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇن قانچىلىك دۆت ئىكەنلىكىمنى، ئەمدى ئۇنى يەنە سۆيىدىغانلىقىمنى، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرىدىغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرىمەن.»

• ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى ناھايىتى قورقماس ۋە خۇشال سېزىشكە باشلىدى، ئۆزىنى چىرماپ تۇرۇۋاتقان قاراڭغۇلۇق ۋە تۇماندىنمۇ قورقمىدى، ئەكسىچە ئىچىدە ناخشا ئېيتىشقا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەرسىلەردىن ئىككىنچى قورقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى، ئەمدى ئۇ ھەرقانچە قويۇق تۇمان ئىچىدە قالسىمۇ ئۆزىنىڭ پاناھگاھىنى تېپىپ بارالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېنىك قەدەملەر بىلەن ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. ئۆيگە ھازىرلا ئۈچۈپ بارغۇسى كېلەتتى. شۇڭا، يول ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. نېمىدېگەن يىراق يول بۇ! ئۇ ئېتىكىنى تىزىغىچە كۆتۈرۈۋېلىپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ قېتىمقىسى قورقۇنچتىن ئەمەس ئىدى، رېت قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى.

## ئاتمىش ئۈچىنچى باب

ئالدى ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى. سىكارلېت ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۆيگە كىرىپ، تورۇستىكى ئاسما چىراغنىڭ ئاستىدا بىردەم تۇردى. ئۆينىڭ ئىچى يورۇق، ئەمما ناھايىتى جىمجىت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئىدى. ئۇ كىشىلەر ئۇخلاپ كەتكەندىن كېيىنكى جىمجىتلىق ئەمەس، بەلكى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان، چارچىغان، لېكىن يەنە ئازراق يامان ئالامەتلەر پۇراپ تۇرغان جىمجىتلىق ئىدى. بىر قاراپلا رېتنىڭ مېھمانخانا ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلدى، كۇتۇپخانىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. سكارلېتنىڭ يۈرىكى سەل ئاغقاندەك بولدى، ئېھتىمال سىرتقا چىقىپ كەتكەندۇ... بېللى بىلەن بىللىمىدۇ ياكى ھەر كۈنى ھاراق ئىچكىلى بارىدىغان يېرىگە كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدى.

سكارلېت ئۇستىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ تاماقخانىنىڭ ئىشىكىنىڭ يېپىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەل خىجىل بولدى، يۈرىكىمۇ ئازراق تارتىشقاندەك قىلدى. چۈنكى، بۇ يىلدىن يازدىن بېرى رېت ھەر كۈنى دېگۈدەك كېچىدە تاماقخانىغا كىرىۋېلىپ ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى، كۆپ ئېچىۋېتىپ مەست بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، پورك ئۇنى مەجبۇرىي ئۇستىگە ئاچىقىپ ياتقۇزۇپ قوياتتى، ئۇ سكارلېتنىڭ سەۋەبىدىن بولغان ئىش ئىدى. ئەمدى تۈزەتسە بولىدۇغۇ؟ ھازىردىن باشلاپ ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ، چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ... ئەمما، خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغىن، بۈگۈن ئاخشام ئۇنداق مەست بولۇپ كەتمىسۇن، بولمىسا ئۇ ماڭا ئىشەنمەيدۇ، مېنى يەنە مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇ چاغدا ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلىدۇ.

سكارلېت تاماقخانىنىڭ ئىشىكىنى ئازراق ئېچىپ ئىچىگە قاراپ باقتى. دېگەندەك، ئۇ شۇ يەردە، ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىدا تېخى ئاغزى ئېچىلمىغان بىر بوتۇلكا ھاراق تۇرۇپتۇ، يېنىدا قۇرۇق بىر رومكىمۇ بار. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ساق ئىكەن! سكارلېت ئىچىگە كىرىپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئېتىشتىن ئاران تۇتۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا، كۆزلىرىدىكى غەلىتە ھالەتنى كۆرۈپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گېپىنىمۇ دېيەلمىدى.

ئۇ سكارلېتقا سۇرلۇك قاراپ قويدى، چىرايىدىن

چارچىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئادەتتىكى تېتىكلىكلىرى كۆرۈنمەيتتى. سكارلېتنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، ھاسىراپ دېمىنى ئالالماي قېلىۋاتقان، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى لاي بولۇپ بۇلغانغان، پۈتۈن تۇرقى شۇنچىلىك كۈلكىلىك تۇرسىمۇ ئۇنىڭدا قىلچە ھەيران قىلىش كۆرۈنمەيتتى ھەم ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىمايتتى، ئادەتتىكىدەك ھىجىيىپ قويۇپ ئۇنى مەسخىرىمۇ قىلمايتتى، ئورۇندۇقتا قىيسىيىپ ئولتۇراتتى. كىيىملىرى پۇرلىشىپ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى، بۇرۇن ئىخچام، چەبدەس كۆرۈنىدىغان بەدىنى ھازىر بوشاپ، سالپىيىپ، ھاراق بىلەن قالايمىقان تۇرمۇش سىرتقى قىياپىتىگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى، چىرايىمۇ يېڭى قۇيۇلغان تىللاغا چۈشۈرۈلگەن شاھزادىنىڭ چىرايىدەك ئەمەس، بەلكى كونا قەغەز پۇلدىكى قىرىپ ماكچىيىپ كەتكەن خىسراۋنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىشىك تۈۋىدە بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، خۇددى ناھايىتى خاتىرجەم ۋە تەۋازۇ بىلەن تۇرۇۋاتقاندەك تۇرغان سكارلېتقا قارىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ناھايىتى قورقۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

— كىرىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئۆلدىمۇ؟

سكارلېت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئارىسالدى بولغاندەك ئاستا ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇ رېتنىڭ چىرايىدىكى ئۇ خىل يېڭى ئىپادىنى كۆرۈپ چۆچۈپ قالغانىدى. رېت ئورنىدىن تۇرمىدى، پۈتى بىلەن ئورۇندۇقنى تارتىپ ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. سكارلېت ئاستا كېلىپ ئولتۇردى ۋە مېلانىيەنىڭ گېپىنى ھازىرچە دېمەي تۇرسا بولاتتى دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا مېلانىيە توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بېسىلىپ قېلىۋاتقان ئازابلىرىنى قايتا قوزغىغۇسى يوق ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە مېلانىيە توغرۇلۇق تويغۇدەك پاراڭ قىلىۋالسىمۇ ۋاقىت چىقاتتى. لېكىن، بۈگۈن ئاخشام ئۇ «مەن سىزنى سۆيىمەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەن گەپنى قىلىۋېلىشى كېرەك، رېتقا كۆڭلىنى بىلدۈرۈۋېلىشقا پەقەت بۈگۈنلا، ھازىرلا پۇرسەت بار. لېكىن، رېتنىڭ چىرايىدىكى ئۇ خىل ھالەت ئۇنى ئېغىز ئاچتۇرمايۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ مېلانىيەنىڭ تېنى تېخى سوۋۇماي تۇرۇپلا مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىشقا خىجىل بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

— خۇدا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتىن قىلسۇن، — دېدى رېت قايغۇلۇق ھالدا، — ئۇ مەن كۆرگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل ياخشى ئايال ئىدى.

— شۇنداق، رېت، — دېدى سكارلېتمۇ مېلانىيەنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، — نېمىشقا ئۇنىڭ قېشىغا مەن بىللە كىرمىدىڭىز، ئۇ يەردىكى كۆرۈنۈش بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولدى... سىزنى ئويلاپ كەتتىم!

— مەنمۇ ئۇنى كۆرۈپ چىدىمايتتىم، — دېدى رېت ئاددىيلا جاۋاب بېرىپ. ئاندىن يەنە جىمىپ كەتتى، خېلىدىن كېيىن ئاندىن بوش ئاھاڭدا قوشۇپ قويدى، — ئاجايىپ ئۇلۇغ ئايال ئىدى.

ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرى باشقا ياقلارغا تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىۋاتقان روھىي ھالەت بىلەن ئاتلانتا قولدىن كەتكەن ئاشۇ كۈنى ئاخشامدا سكارلېت ئوتنىڭ يورۇقىدا كۆرگەن روھىي ھالەت پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چېكىنىۋاتقان قوشۇن بىلەن بىللە كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى دېگەنىدى... بۇ، ئۆزىنى ئۆزى تولۇق چۈشەنگەن ئادەمنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھەرىكىتى ئىدى.

رېتنىڭ بىر جۈپ كۆزى سكارلېتنىڭ بېشى ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، خۇددى ئىشىكتىن مېلانىيە كىرىپ ئۇ تەرەپكە كېتىۋاتقاندەك ئالدى تەرەپكە تىكىلىپ قالدى. چىرايىدا ئەلەم ۋە ئازاب يوق، پەقەت ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر خىيال بىلەن تەئەججۈپتىن، بالىلىق چاغلىرىدىلا ئۆلگەن ھېسسىياتىنىڭ قايتا ئويغىنىۋاتقانلىقىدىن باشقا نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ

چاغدا ئۇ يەنە بىر قېتىم: «ئاجايىپ ئۇلۇغ ئايال ئىدى» دەپ قويدى.

سىكارلېتنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى، بايىقى قىزغىنلىق، ئوتتەك ھېسسىيات، ئۇنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كەلگەن گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى. ئۇ رېت باتلېرنىڭ دۇنيادا ئۆزى بىردىنبىر قايىل بولىدىغان ئادىمىنى ئۇزىتىۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنىلا چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلىرى يەنە كۆرۈنگەندەك بولدى... ئۆزىنىڭ بولمىسىمۇ، يۈرىكى بىر خىل مۇزغا ئوخشاش توڭغۇغا پاتقاندى. ئۇ رېتنىڭ ھېسسىياتىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيتتى ياكى تەھلىل قىلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۆرۈنۈۋاتقىنى بىر ئايالنىڭ ئۆلگىنى ئەمەس، ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ تارىخنىڭ يېپىلغانلىقى ئىدى. ئۇ تارىختا لاتاپەتلىك، قەيسەر ۋە ئاق كۆڭۈل ئاياللارنىڭ تارىخلىرى خاتىرىلەنگەندى، ئۇلار ئۇرۇش ۋاقتىدا جەنۇبنىڭ ئۇلى ئىدى، ئۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن جەنۇبنى يەنە قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالغاندى.

رېتنىڭ كۆزلىرى قايتىپ كېلىپ سىكارلېتنىڭ ئۈستىگە قادالدى، ئاۋازىمۇ بوش ۋە سوغۇق ئىدى.

— ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى سىزگە ياخشى بولدى، شۇنداقمۇ؟

— نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟ — سىكارلېتقا بۇ گەپ قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئاچچىقلاپ توۋلاپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، — مېنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ؟

— ياق، مەن بۇنى بىلمەيمەن دېيەلمەيمەن. بۇ بەكمۇ ئۈشتۈمتۈت بولدى. ئەلۋەتتە، سىز يەنىلا ماختاشقا تېگىشلىك، چۈنكى سىز ئەزەلدىن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەسكىلىرىنى ياخشى كۆرەتتىڭىز، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىپ

قالدىڭىز.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ مەن ئۇنى بۇرۇندىن ھۆرمەت قىلىمەنغۇ؟ ئەمما سىز ئۇنداق قىلمىغان. ئۇنى مەندەك چۈشەنمەيتتىڭىز! سىزگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئۇنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، — ئۇ شۇنچىلىك...

— راستمۇ؟ ئۇ ناتايىن.

— ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمگە غەمخورلۇق قىلاتتى، — ھە راست، ئۇ ئاخىرىدا سىز توغرۇلۇقمۇ گەپ قىلدى.

رېت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، كۆزلىرىدە سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە دېدى؟

— ھازىر بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلىچۇ، رېت.

— دەپ بېرىڭ.

ئۇنىڭ ئاۋازى بىر ئاز تەمكىن ئىدى، سكارلېتنىڭ قولىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ ئاغرىتىۋەتتى. سكارلېتنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى مۇشۇ گەپ بىلەن باشلىغۇسى يوق ئىدى، لېكىن ئۇ قولىنى بەكمۇ ئاغرىتىۋەتكەنىدى.

— ئۇ... ئۇ.. كاپىتان باتلېرغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇ سىزنى سۆيىدۇ، دېدى.

رېت ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئالماي تۇرۇپ قولىنى قويۇۋەتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە باردى - دە، پەردىنى ئېچىپ، خۇددى سىرتتا تۇماندىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىغاندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن تالاغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇ يەنە باشقا گەپلەرنىمۇ دېدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ كەينىگە قارىماي تۇرۇپ.

— بېئوغا قاراپ قويۇشۇمنى دېدى، مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، ئەنسىرىمەڭ، بېئوغا ئۆزۈمنىڭ بالامغا قارىغاندەك قارايمەن، دېدىم.

— يەنچۇ؟

— ئۇ ئاشلېي... ئاشلېيغىمۇ قاراپ قويۇشۇمنى دېدى.

— خوتۇنىنىڭ روخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، قالغان ئىشلار ئاسانغا چۈشىدۇ، توغرىمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

رېت كەينىگە ئۆرۈلدى، سىكارلېت قورقۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆزىنى مەسخىرە قىلىدىغان ھېچقانداق ئالامەتنى كۆرمىگىنىگە ھەيران قالدى. ئۆزىگە قىزىقىۋاتقاندەكمۇ ئالامەت يوق ئىدى، چىرايى خۇددى مەنىسىز بىر ئويۇننى كۆرۈپ بولغان ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشايتتى.

— نېمە دېگىنىمنى ئېنىق بىلدۈرۈپ بولدۇم دەپ ئويلايمەن. مېلانىيە خانقىز ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى مەندىن ئاجرىشىشقا تېخىمۇ كۆپ سەۋەبلەرنى تاپالايسىز، بۇنداق قىلىش سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادەمنىڭ يۈز - ئابرۇيىنىمۇ چۈشۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزدە ھېچقانچە دىنىي ئېتىقادمۇ يوق، شۇڭا سىزگە چېركاۋنى ئارىلاشتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز. شۇنىڭ بىلەن... ئاشلېي ئىككىڭلارنىڭ شېرىن خىياللىرىڭلار مېلانىيە خانقىزنىڭ ياخشى تىلەكلىرى بىلەن ئەمەلگە ئېشىشۋېرىدۇ.

— ئاجرىشىمىز! — سىكارلېت تووۋلاپ كەتتى، — ياق !... ياق ! — ئۇ يەنە نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ رېتنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، — سىز پۈتۈنلەي خاتالاشتىڭىز، بەكمۇ، بەكمۇ چوڭ خاتالاشتىڭىز. مەن ئاجرىشىشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم... مەن... — ئۇ قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي توختاپ قالدى.

رېت ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى لامپىغا قاراتتى، ئاندىن كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. پۈتۈن ئوي - پىكىرلىرى كۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشكەندەك، كۆزلىرى كۆڭلىدىكىنى سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. لەۋلىرى مىدىرلايتتى، ئەمما گەپ چىقمايتتى، نېمە دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپ قىلىشنىمۇ ھەم بىلمەيتتى. شۇ تۇرقىدا سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىدىن قايناق ھېسسىيات، ئۈمىد، خۇشاللىق ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ سىكارلېتنىڭ مۇشۇ قاراشلىرىدىنمۇ چۈشەنسە بولاتتىمۇ؟ لېكىن، ئۇنىڭ تەقەززا بولۇپ ئىزدەۋاتقان كۆزلىرى دائىم ئۆزىنى نائۈمىد قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان قىلچە ئىپادە يوق قاپقارا چىرايىدىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىدى. رېت ئۇنىڭ ئېڭىكىنى قويۇۋېتىپ، ئاندىن ئورنىغا بېرىپ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى.

سىكارلېتمۇ كەينىدىن كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى بوش چايقاپ ئالدىدا ئۆرە تۇردى.

— سىز خاتا ئويلاپسىز، — دېدى ئۇ نېمە دېيىشنى كېرەكلىكىنى ئويلاپ تۇرۇپ، — رېت، بۈگۈن ئاخشام مەن ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىپ، خىيالىمغا كەلگەن ئويلىرىمنى سىزگە دەپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدىم. سۆيۈملۈكۈم، مەن...

— مەن چارچاپ قالدىم، — دېدى ئۇ، — سىزمۇ شۇنداق، كىرىپ ئارام ئېلىڭ.

— لېكىن، سىزگە ئېيتىپ بېرىشىم كېرەك.

— سىكارلېت، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئېغىر ھەم ئاستا ئىدى، — مېنىڭ گېپىڭىزنى... ھېچنېمىنى ئاڭلىغۇم يوق.

— لېكىن، ئويلىغانلىرىمنى، سىزگە مېنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز - دە.

— قەدىرلىكىم، نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭىز چىرايىڭىزدىن چىقىپ تۇرۇۋاتامدۇ؟ قانداق بىر ئىش ۋە قانداقتۇر، بىر ئادەم سىزگە ۋىلكىس ئەپەندىنىڭ چىش ئۆتمەيدىغان بىر پارچە قاتتىق گۆش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا سىزنىڭمۇ چىشىڭىز ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن يېڭى بىر نەرسە بولۇپ كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولغان ئوخشايمەن، — ئۇ يەڭگىل خورسىنىپ

قويدى، — بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ پايدىسى يوق.

سكارلېت ھەيران بولۇپ ئىچىگە قاتتىق بىر تىنىدى. راست ئەمەسمۇ، ئۇ دائىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالىدۇ. بۇرۇن ئۇنىڭ بۇ ئىشقا سكارلېتنىڭ ئاچچىقى كېلەتتى، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى، ئازراق چۆچۈگەندەك بولۇپ، ئاندىن خۇشال بولدى ھەم خاتىرجەم بولدى. ئۇ ئۆزىنى بىلگەن، چۈشەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلىمىكى ئاسانغا چۈشمەمدۇ. كۆپ سۆزلەپ كېتىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق - دە. ئەلۋەتتە، ئۇ سكارلېتنىڭ ئۇزاققىچە ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىدىن كۆپ ئازابلانغان، شۇڭا ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالغانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. كۆڭلىنى ئالسا، ئۇنى قىزغىن سۆيسە ئۆزىگە ئىشىنىشى تۇرغان گەپ ھەم بۇ ئاجايىپ قىزىق بىر ئىشقىمۇ ئايلىنىدۇ.

— سۆيۈملۈكۈم، سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — سكارلېت ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قولىنى قويۇپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق تۇردى، — بۇرۇن مەن قاتتىق خاتالىشىپتىكەنمەن، ئەخمەق ئىكەنمەن...

— سكارلېت، بۇنداق دېمەڭ، ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلسىڭىز چىدىمايمەن. ئەڭ ياخشىسى، ئىككىمىز توي قىلىپ بىللە ئۆتكەن ھاياتىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، كېيىن كۆرۈشۈپ قالساقمۇ بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىشىدىغان، ئويلىنىدىغان بىر تەسىرات قالدۇرايلى. شۇڭا، ئويۇنىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۇ پەردىسىنى ئوينىمىساق.

— ئەمما، سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، — دېدى سكارلېت خۇددى ئۇ دەررۇ ئۆزىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ گەپ قىلدۇرمايدىغاندەك ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلەپ، — رېت، مەن سىزنى شۇنچىلىك سۆيىمەن. سۆيۈملۈكۈم، مەن ئەسلىدە سىزنى بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرقىدەك سۆيۈپ كەلگەن. لېكىن، مەن دۆتلۈك قىلدىم، ھازىرقىدەك بولارىمنى بىلمىدىم. رېت، ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشىنىڭ !

رىت ئالدىدا ئۆرە تۇرغان سىكارلىتقا كۆڭلىدە تىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى. سىكارلىت ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆزىگە ئىشىنىۋاتقاندەك، لېكىن يەنە ئۆزىگە قىزىقمايۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ دەل مۇشۇ چاغدا ئۆزىگە قارىتا ياخشى نىيەتتە بولمايۋاتامدىغاندۇ يا؟ ئۇنى قىيىنىماقچىمۇ ياكى قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچىمۇ؟

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر گەپ قىلىپ، — ئەمما ئاشلېي ۋىلكېس ئەپەندىنى قانداق قىلىسىز؟

— ئاشلېي ! — دېدى ئۇ بۇ گەپتىن رازى بولمىغاندەك قوللىرىنى شىلتىپ قويۇپ، — مەن... مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىپ كېلىۋاتقىنىمغا ئىشەنمەيمەن. كىچىكىمدىن ماڭا ئاشۇنداق بىر ئادەت سىڭىپ قاپتىكەن. رېت، ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن بولسام، ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك قىزىقمىغان بولاتتىم، قىزىقىش دېگەننىڭ ئۆزىنىمۇ ئويلاپ قويمايتتىم. ئۇ روھى سارغىيىپ تۇگىگەن، قىلچە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم، ھەقىقەتەن شۇنداق. يۈز - ئابروي دېگەنلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگىنى بىلەن...

— ياق، — دېدى رېت، — ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنى ئوبدان كۆزىتىشىڭىز كېرەك. ئۇ ئېسىلزادە ئادەم، ئەمما ئۇنى ئۆزى سىغىشالمايدىغان بۇ دۇنيا ئالداپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇرۇنقى دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىمەن دەپ بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ.

— رېت، ئۇنىڭ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلىچۇ! ئۇنىڭ ھازىر نېمە ئەھمىيىتى قالدى؟ ئەجەبا، سىز مېنىڭ ھازىر... دېمەكچى بولغىنىم، مېنىڭ ھازىر...

رېتنىڭ چارچىغان كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، سىكارلېت خۇددى تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز بالىغا ئوخشاش بىردىنلا ئىزا تارتىپ گېپىنى توختىتىۋالدى. ئەگەر ئۇ ئۇنى روھىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن، قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنى باغرىغا باسقان، بېشىنى مەيدىسىگە چىڭ چاپلىۋالغان، لەۋلىرىنى لەۋلىرى ئۇستىگە باسقان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ! ئۇ چاغدا ئۇنى تەسىرلەندۈرىمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولمايتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئۆزىنى قەستەن قاچۇرمايۋاتقانلىقىنى، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە قۇرۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قىلغان گەپلىرىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقتەك تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— ئەگەر سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزنى بۇرۇن ئاڭلىغان بولسام خۇداغا مىڭبىر رەھمەتلەرنى ئېيتقان بولاتتىم. لېكىن، هازىر ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى.

— ئەھمىيىتى قالمىدى؟ نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش ! رېت، سىز ماڭا كۆيۈنىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ چوقۇم كۆيۈنىسىز، مېلانىيە سىزنىڭ ماڭا كۆيۈنىدىغانلىقىڭىزنى دېگەن.

— ھەم، ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى بويىچە بولغاندا شۇنداق دېگىنى توغرا. ئەمما، سىكارلېت، ئويلاپ باققانمىدىڭىز كىن، ئەڭ مۇستەھكەم مۇھەببەتمۇ ئۈپراپ تۈگەيدۇ.

سىكارلېت ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاغزى يوغان ئوچۇق، ئەمما گەپ چىقمايتتى.

— مېنىڭ مۇھەببىتىم ئۈپراپ تۈگىدى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئاشلىي ۋىلكېس ۋە سىزنىڭ غالجىرانە جاھىللىقىڭىز بىلەن خوراپ تۈگىدى. سىز شۇنچىلىك جاھىلسىزكى، ئۆزىڭىز توغرا دەپ ئويلىغان نەرسىگە ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيسىز... مېنىڭ مۇھەببىتىم ئەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق تۇگىگەن.

— لېكىن، مۇھەببەت تۇگىمەيدۇ.

— سىزنىڭ ئاشلىيىغا بولغان مۇھەببىتىڭىز شۇنداق.

— ئەمما، مەن ئاشلىيىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ باقمىغان.

— ئەمىسە سىز ئۇ رولنى بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ ئوينىاپسىز... تاكى بوگۈن ئاخشامغىچە. سىكارلېت، سىزنى ئەيىبلىمەكچى، يامانلىماقچى ئەمەسمەن، ئەمدى ئۇنداق قىلىشلارنىڭ ھاجىتى قالمىدى، شۇڭا مېنىڭ ئالدىمدا ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئاقلىماڭ، يۈرىكىڭىزنى بىلدۈرمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولماڭ. ئەگەر سىز مېنىڭ گېپىمنى بۆلمەي بىرنەچچە مىنۇت جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىسىڭىز، ئۇ چاغدا بۇ گەپلىرىمنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. بىراق، بۇ ئىشلار بەكمۇ ئېنىق، شۇڭا چۈشەندۈرۈشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بولار؟

سىكارلېت ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، گاز لامپىنىڭ كۆچلۈك يورۇقى سارغىيىپ كەتكەن يۈزىنى يورۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، كۆزلىرى رېتنىڭ ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش، ئەمما تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتقان كۆزلىرىدە ئىدى، ئۇنىڭ تەمكىن ئاھاڭدا سۆزلەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. رېتنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى، خۇددى يېنىدا ئولتۇرغان باشقا بىر ئادەمگە گەپ قىلىۋاتقاندەك گەپ قىلاتتى. بۇرۇنقى ئاچچىق، مەسخىرىلىك ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان گەپلىرى يوق ئىدى.

— سىز مېنىڭ سىزنى بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزغا بولغان ئەڭ يۇكسەك مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرگەنلىكىمنى، شۇنچە يىل پىراقىڭىزدا كۆيۈپ ۋىسالىڭىزغا يەتكەنلىكىمنى ئويلاپ باققانمۇ؟ ئۇرۇش ۋاقتىدا سىزنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن يىراقلارغا كېتىشنى ئويلىدىم، لېكىن قولۇمدىن كەلمىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي قايتىپ كېلىپ سىزنى ئىزدىدىم. فىرانك كېنىدىغا

شۈنچىلىك ئىچ تارلىقىم كەلدى. ئەگەر ئۇ كېيىن ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا ئۇنى چوقۇم ئۆزۈم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. سىزنى سۆيەتتىم، ئەمما سۆيگۈمنى سىزگە بىلدۈرمىگەنىدىم. سىكارلېت، سىز ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرگەن ئادەملەرگە دائىم رەھىمسىزلىك قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلاتتىڭىز، ئەمما قامچا قىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىدا ئوينىتىش ئۈچۈن قوبۇل قىلاتتىڭىز.

بۇ گەپلەرنىڭ ئىچىدە سىكارلېت ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىكى ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆيگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەر ئىدى، ئۇ گەپلەردىن ئۆزىگە قارىتا ئازراق قىزغىنلىق سەزمەكتە ئىدى، خۇشاللىق ھەم ھاياجانمۇ بار ئىدى، شۇڭا تىنىقىنىمۇ چىقارماستىن جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى ھەم كۈتۈۋاتاتتى.

— سىز بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا، مېنى تازا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى ھەم ئاشلېينىڭ ئىشلىرىنى بىلەتتىم. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. ئۇ چاغدا بەكمۇ دۆت ئىكەنمەن، سىزنى ھامان بىر كۈنى ئۆزۈمنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالايمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەگەر بۇ گېپىمگە خۇشال بولغان بولسىڭىز كۈلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا سىزگە كۆيۈنگۈم، بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرگۈم، نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى ئېلىپ بەرگۈم كېلەتتى. سىزنىڭ تارتقان جاپالىرىڭىزنى ھەرقانداق ئادەمدىن تولۇق چۈشىنەتتىم، شۇڭا سىزنى ئارام ئالدۇرغۇم، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئۆزۈم يېڭىمنى تۈرۈپ ئۇ ئىشلارنى قىلغۇم كېلەتتى، يەنە سىزنى كىچىك باللارنى ئويناتقاندەك ئويناتسام، دەيتتىم. ئۆزىڭىزمۇ كىچىك بالا ئىدىڭىز، قورقماس، بەزىدە ئازراق بىر نەرسىدىن چۆچۈپ تۇرىدىغان، جاھىل بالا ئىدىڭىز. مېنىڭ خىيالىمدا ھازىرمۇ سىز بالا. پەقەت كىچىك باللارلا مۇشۇنداق تەرسا ھەم بىر نەرسىگە تېز ئىنكاس قايتۇرالمايدىغان بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازى تەمكىن ھەم ھارغىن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكلەر سىكارلېتنىڭ خاتىرىسىنى ئويغاتماقتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى. بىر قېتىم ئۇ مۇشۇنداق بىر ئاۋازنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى باشقا بىر خەۋپلىك چاغلار ئىدى. نەدە ئاڭلىغان بولغىيدى؟ بۇ، ئۆزى ۋە مۇشۇ دۇنياغا يۈزلەنگەن، ھېسسىياتسىز، قورقۇمسىز ۋە ئۈمىدسىز بىر ئەرنىڭ ئاۋازى ئىدى.

كىم... كىم ـ ھە؟ توغرا، ئۇ ئاشلىپى ئىدى، تارادىكى سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان باغدا، ھارغىن ۋە سوغۇق بىر ئاۋاز كىشىلىك ھايات ۋە ھايات كومېدىيەسى توغرۇلۇق سۆزلەپ كەنكەندى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ھۆكۈم خاراكتېرلىك تەلەپپۇزى ئۈمىدسىزلىك ئازابىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. شۇ چاغدا ئاشلىپىنىڭ ئاۋازى سىكارلېتنىڭ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان نەرسىدىن قورقۇتۇپ تىترىتىۋەتكەنگە ئوخشاش، رېتنىڭ ھازىرقى ئاۋازىمۇ ئۇنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويۇۋاتاتتى. ئاۋازى، مۇئامىلىسى قىلىۋاتقان گېپىنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ بەكرەك سىكارلېتنى ئەنسىزچىلىككە گىرىپتار قىلىۋاتاتتى، بايىقى خۇشاللىقلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن خۇشاللىقلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېت شۇنىڭغا قاراپ ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى، رېتنىڭ قوڭۇر يۈزىدىن كۆزلىرىنى ئالمايتتى، بۇ سۆزلەرنىڭ داۋامىنىڭ ۋەھىمىدىن مۇستەسنا بولغان سۆزلەر بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ـــ شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىككىمىز خۇدا قوشقان قوشماقلاردىن ئىدۇق. مەن سىز تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە سىزنى ئەڭ چۈشىنىدىغان ھەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدىم. سىزنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش رەھىمسىز، ئاچ كۆز ۋە يۈزسىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەتتىم. مەن سىزنى ياخشى كۆرۈشتە ئاشۇ خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلغان، ئاشلىپىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدىغۇ دەپ ئويلىغان. لېكىن، ـــ ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ

قويدى، — قىلغان بارلىق تىرىشچانلىقلىرىم بىكارغا كەتتى. شۇنداقتىمۇ سىزنى سۆيدۇم، سىكارلېت. سىز ماڭا پۇرسەتلا بەرگەندە، ئەر كىشى ئايال كىشىنى ياخشى كۆرگەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. ئەمما، ئۇ قىلغانلىرىمنى سىزگە بىلدۈرۈپ قويسام بولمايتتى، چۈنكى بىلىپ قالسىڭىز، نېمە قىلسام بولىدۇ دەپ ئويلاپ مېنى بوزەك قىلىۋالاتتىڭىز، مېنىڭ مۇھەببىتىم بىلەن ئۆزۈمگە تاقابىل تۇراتتىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئاشلېيمۇ بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مېنى سارالىڭ قىلىپ قويۇشىڭىزمۇ مۇمكىن ئىدى. سىز بىلەن ھەر كۈنى كەچتە بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېسەم بولمايتتى. چۈنكى، سىز تاماق ئۈستىلىدىكى مېنىڭ ئورنۇمدا ئاشلېينىڭ ئولتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭىز، كېچىلىرى سىزنى قۇچاقلاپ ياتسام بولمايتتى... بولدىلا، ئەمدى ھازىر ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتىغۇ. ھازىر ئويلىسام ھەيران قالىمەن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىيناپ نېمە قىلار ئىدىم؟ قىسقىسى، شۇ ئىشلار بولغاندا بېللېنىڭ قېشىغا كېتىدىغان بولۇۋالدىم. ئۇ يەردە مېنىڭ روھىم خاتىرجەملىك تاپاتتى، چۈنكى قانداقلا بولسۇن بىر ئايال كىشى بىلەن بىللە بولاتتىم ـ دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ساۋاتسىز پاھىشە بولسىمۇ، مېنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى، مېنى ئېسىلزادىلەر قاتارىدا كۆرەتتى، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تاپاتتى. سىز بولسىڭىز ماڭا شۇ تەسەللىنى بەرمىدىڭىز، سۆيۈملۈكۈم.

— رېت... — سىكارلېت بېللېنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا جۇدۇنى ئۆرلەپ گەپ ئارىلىماقچى بولۇۋىدى، رېت قولىنى سىلكىپ ئۇنى گەپ قىلدۇرماي يەنە سۆزلەپ كەتتى.

— كېيىن بىر كۈنى كەچتە مەن سىزنى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە ئاچىقتىم... ئۇ چاغدا... مېنىڭ ئارزۇيۇم... ئاھ، شۇنچىلىك چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە، سىزنى خاتا ئويلاپ قالمىسۇن، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولسا مەسخىرىسىگە قالماي

www.uyghurkitap.com

دەپ ئەنسىرەپ سىرتقا چىقىپ ئۆلگۈدەك ئىچتىم، قايتىپ كەلگەندىمۇ قورقۇپ تىترەپ تۇراتتىم. شۇ چاغدا سىز ئالدىمغا چىققان، ئىككى ئىغىز چىرايلىق گەپ قىلغان بولسىڭىز، ئايىغىڭىز ئاستىغا يىقىلىپ پۇتلىرىڭىزنى سۆيگەن بولاتتىم، لېكىن سىز ئۇنداق قىلمىدىڭىز.

— بىراق، رېت، ئاشۇ كۈنى سىزنى شۇنچىلىك ئويلىدىم، ئەمما سىز باشقىچە بولۇۋالدىڭىز، سىزگە شۇنچىلىك تەلپۈنگەنىدىم... راست، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىدىغانلىقىمنى بىلگەندە، ئاشۇنداق بولۇشۇم تەبىئىي. ئاشلېيغا كەلسەك... ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئاشلېي خىيالىمدىن يوقالغان، ئەمما سىز ئۇ چاغدا ماڭا بۆلەكچىلا بولۇپ قالدىڭىز، شۇڭا مەن...

— هەي، بولدىلا، — دېدى رېت، — قارىغاندا، ئىككىمىز قارىمۇ قارشى قاراشتا بولۇپ كەپتىمىز، شۇنداقمۇ؟ لېكىن، ئەمدى ئۇنىڭ هېچقانداق ئەهمىيىتى يوق. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچىڭىز پۇشۇپ يۈرمەسلىكىڭىز ئۈچۈن شۇ چاغدىكى ئىشنى دەپ بېرەي. ئاشۇ قېتىم ئاغرىپ قېلىشىڭىز پۈتۈنلەي مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولغان. ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىدا مېنى چاقىرىسىكەن دەپ ئۇزاق تۇردۇم، لېكىن سىز چاقىرمىدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن ئوسال بولۇپ قېلىپ، ئەمدى ئىشلار تۈگىشىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم.

رېت گەپتىن توختاپ، خۇددى ئاشلېيغا ئوخشاش دېرىزىدىن يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. سىكارلېت ئۇنىڭ خىيالغا پاتقان چىرايىغا قارىغىنىچە زۇۋان سۈرمەي جىمجىت تۇراتتى.

— ئۇ چاغدا بوننىي بار ئىدى، شۇڭا يەنىلا ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم. مەن بوننىينى سىز دەپ ئويلاشنى ياخشى كۆرەتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە سىز ئۇرۇش ۋە نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان نارەسىدە قىز ئىدىڭىز، ئۇ سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئەركىلىكلىرىمۇ، باتۇرلۇقىمۇ، كۈلگۈنچەكلىكىمۇ

سىزنى تارتقاندى. شۇڭا، ئۇنى سىزنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتەتتىم، ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ سىزگە ئوخشمايدىغان بىرلا يېرى، مېنى ئىچ - ئىچىدىن ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا سىزدە يوق مۇھەببەتنى ئۇنىڭ دىلىغا سالغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا مىڭبىر رەھمەتلەرنى ئېيتاتتىم... ئۇ كەتتى، ئۆزى بىلەن بىللە ھەممە نېمىنى ئېلىپ كەتتى.

تۇيۇقسىز، سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى، ئۆزىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنىمۇ، ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىۋاتقان قورقۇنچلارنىمۇ... ھەممىنى، ھەممىنى ئۇنتۇدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا باشقىلار ئۈچۈن تونجى قېتىم بىئارام بولۇشى ئىدى، بۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇنى مەسخىرە ئاستىغا ئالماسلىقىمۇ مۇشۇ بىرىنچى قېتىم ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ باشقىلارنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېقىشىمۇ مۇشۇ قېتىم - دە.

— سۆيۈملۈكۈم، — سىكارلېت، مېنى قۇچاقلاپ تىزلىرى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇۋالسىكەن، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى، — سۆيۈملۈكۈم، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ئەمدى بارلىق كۈچۈم بىلەن سىزنى رازى قىلىمەن، بىز خۇشال - خۇرام ئۆتەلەيمىز، چۈنكى، بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا... رېت... ماڭا قاراڭ، بىز يەنە... يەنە بالىلىقمۇ بولىمىز... بالىمىز بولىېغا ئەمەس، بەلكى...

— ياق، رەھمەت سىزگە، — دېدى رېت خۇددى بىر پارچە بولكىنى ئېلىشنى رەت قىلغاندەك تەلەپپۇز ۋە قىياپەتتە، — مەن ئەمدى يۈرىكىمنى ئۈچىنچى قېتىملىق قاراملىق ئۈچۈن تىكمەيمەن.

— رېت، بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىزچۇ؟ نېمە دېسەم ئاندىن مېنى چۈشىنەرسىز؟ سىزدىن شۇنچىلىك كۆپ كەچۈرۈم سورىدىمغۇ...

— سۆيۈملۈكۈم، سىز تېخى بالا ئىكەنسىز، «كەچۈرۈڭ» دەپ

www.uyghurkitap.com

قويغان بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۆپ يىللىق سەۋەنلىكلەر بىلەن دىل ئاغرىتقىلىرىنى يېپىپ كەتكىلى، يۈرەكتىن ئۆچۈرۈۋەتكىلى، ئۇنىڭ قان ـ يىرىڭلىرىنى سىقىپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بۇ قول ياغلىقىمنى ئېلىڭ، سىكارلېت، مەن سىزنىڭ ھەرقانداق خەتەرلىك، يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ قولىڭىزدا قول ياغلىق كۆرمەيمەن.

سىكارلېت قول ياغلىقنى ئېلىپ بۇرنىنى سۈرتتى، ئاندىن جايىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئېنىق بولدىكى، ئۇ ئۇنى قوچاقلىمايدۇ. سىكارلېت دەسلەپتە ئۇنىڭ سىزنى سۆيەتتىم، دېگەن گەپلىرىنى ئەمەلىيەتتە قىلچە ئەھمىيىتى يوق، ۋاقتى ئۆتكەن گەپلەر دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئۇ گەپلەرنى ئاغزىدىن چۇشۇرمەي كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. رېت ئۇنىڭغا بىقىملىق قاراپ قويدى. كۆزلىرى بولسا چوڭقۇر خىياللار ئىچىدە ئىدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز، سۆيۈملۈكۈم؟ سىز ماڭا يېيىشىڭىزنى زادىلا دەپ بەرمىگەن.

— يىگىرمە سەككىزگە، — جاۋاب بەردى سىكارلېت. قول ياغلىقنى ئاغزىغا چىڭ بېسىۋالغاچقا، ئاۋازى بېسىق چىقتى.

— يېشىڭىزمۇ چوڭ ئەمەس ئىكەن. سىز پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەن، ئەمما روھىڭىزنى يوقاتقان چاغدا ياش ئىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ قورقماڭ، مەن سىزنى ئاشلىپىنىڭ ئىشى ئۈچۈن دوزاخقا مەھكۇم بولۇپ جازايىڭىزنى تارتىسىز دەۋاتمايمەن، مەسىلەن دەۋاتقانلا گەپ. سىز مەن بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئىككى نەرسىگە، يەنى ئاشلىپى بىلەن بايلىققا ئېرىشىشنى ئويلاپ ھەممىنى دەسسەپ ـ چەيلىدىڭىز. مانا ئەمدى باي بولدىڭىز، دۇنيانى سورايمەن دېسىڭىزمۇ سورىيالايسىز. ئەگەر ئاشلىپى ماڭا يەنە لازىم دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشىسىز. بىراق، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ نەرسىلەرمۇ سىزگە يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

سىكارلېتنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى، ئەمما دوزاختىن قورقۇپ ئەمەس. «ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ روھىم رېت ئىدى، — ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپلا قالسام باشقا نەرسىلەرنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار؟ مەيلى دوست، مەيلى پۇل... ياكى ھەرقانداق نەرسە بولسۇن، ھەممە نەرسە ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. ماڭا رېتلا بولسا، يەنە نامراتلىشىپ كەتسەممۇ مەيلى ئىدى، ئاچ قالساممۇ، يالىڭاچ قالساممۇ چىدايتتىم. ياق، ئۇنىڭ ئۇنداق مەقسىتى يوق... ئاھ، بۇ مۇمكىن ئەمەس !»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، قاتتىق بىتاقەت ئىچىدە شۇنداق دېدى.

— رېت، سىز مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپسىز. شۇنداق ئىكەن، ماڭا ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە قالدۇرۇپ كېتىشنى ئويلىغانسىز؟

— مەن نۇرغۇن ئويلاپ، سىزگە ئۆزىڭىز ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئىككى نەرسىنى قالدۇرماقچىمەن: بىرسى، ئىچ ئاغرىتىش، يەنە بىرسى غەلىتە بىر خىل مېھرىبانلىق.

ئىچ ئاغرىتىش ! مېھرىبانلىق ! «ئاھ، خۇدا !» ئۇ ئىككىسىدىن باشقا قانداقلا نەرسە بولسا مەيلى ئىدىغۇ؟ ئۇ باشقىلارغا قارىتا ئاشۇ ئىككى خىل ھېسسىياتتا بولغاندا، ئۇلارنى ئىچ - ئىچىدىن كەمسىتەتتىغۇ؟ ئەجەبا، رېتمۇ ئۇنى كەمسىتىۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە بولسا رازى بولاتتىغۇ؟ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سوغۇق مەسخىرىلىرى، ئاشۇ كېچىدىكى تەلۋىلىكلىرى، بەدىنىنى تۇتقان چاغدىكى قوپال ھەرىكەتلىرى ياكى ھازىر قىلىۋاتقان نەشتەردەك ئۆتكۈر سۆزلىرى بولسىمۇ مەيلى ئىدى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزىنى كەمسىتكىنىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ نېمىلا بولسا مەيلى، پەقەت رېتنىڭ خاراكتېرىگە توغرا كەلمەيدىغان ئاشۇ ئىككى خىل نەرسە بولمىسىلا بولدى. لېكىن، ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ چىرايىدا ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىز... سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، مەن مۇھەببەتتىڭىزنى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلدىم... ئەمدى سىز مېنى قايتا ئۇنداق سۆيمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— لېكىن... لېكىن مەن سىزنى سۆيىمەن... — دېدى ئۇ يەنە تەرسالىق بىلەن. ئۇ خۇددى جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسام ئارزۇيۇمغا يېتىمەن، دەپ ئويلايدىغان كىچىك بالىنىڭ ئۆزى ئىدى.

— ئۇ چاغدا بۇ سىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك بولىدۇ.

ئۇ بۇ گەپنىڭ تېگىدە چاقچاق مەنىسى بارمۇ - يوق دېگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن ئۇنداق مەنە يوق ئىدى، ئۇ بۇ پاكىتنى ئاددىيلا گەپ بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنىدى، لېكىن سىكارلېت ئۇ پاكىتقا ئىشىنىشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلىمۇ بولمايتتى، كۆزلىرى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلەردە بولسا ئۈمىدسىزلىك بىلەن تەرسالىق ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى، چىرايىمۇ خۇددى گېلاردىنىڭ چىرايىدەك بىردىنلا تۈرۈلۈپ، ئېڭەكلىرى جاھىللىق بىلەن ئۈچلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولمىغۇر خىياللاردا بولماڭ، رېت! مەن چوقۇم...

رېتنىڭ قوللىرى خۇددى ھەيران قېلىۋاتقاندەك بىر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كەتتى، قوشۇمىسىمۇ ئېچىلىپ، چىرايى بۇرۇنقىدەك مەسخىرىلىك تۈس ئالدى.

— ئۇنچىلىكمۇ قاتتىق تۇرۇۋالماڭ. سىكارلېت! مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭىز. ئاشلېيغا قىلغان تەلۋىلىكلىرىڭىزنى ماڭىمۇ قىلىپ بېقىشنى ئويلاۋاتقان بولسىڭىز كېرەك. ئەمما، مەن ئىرادە ئەركىنلىكىم بىلەن تىنچلىقىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىمدىن قورقىمەن. ياق. سىكارلېت، مەن نەس باسقان ئۇ ئاشلېيدەك كەينىمگە بىرسىنىڭ كىرىۋېلىشىنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن هازىرلا كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

سكارلېتنىڭ ئېڭىكى تىترەشكە باشلىغانىدى، چىشلىرىنى چىشلىرىغا مەھكەم بېسىپ ئۆتى توختىتىۋالدى. كەتمەكچى؟ ياق! ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۆنى كەتكۈزمەسلىك كېرەك! ئۆنىڭسىز قانداق ياشايدۇ؟ رېتتىن باشقا ھەممە يېقىنلىرى ئۆنىڭدىن ئائىلىسىنى ئۆزدى. ياق، ئۇ كەتسە بولمايدۇ. لېكىن، ئۆنى قانداق توسۇپ قېلىش كېرەك؟ ئۆنىڭ مۇزدەك يۈرىكىنى ئېرىتكىلى، رەھىمسىز گەپلىرىنى رەددىيە بېرىپ ياندۇرغىلى بولارمۇ؟ ياق، بولمايدۇ!

— مەن كەتمەكچى! سىز مارىتادىن قايتىپ كەلگەندىلا بۇ خىيالىمنى سىزگە دېمەكچىدىم.

— مېنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ سىز؟

— ئېرى تاشلىۋەتكەن خوتۇنلار قىياپىتىگە كىرىۋالماڭ، سكارلېت، بۇ رول سىزگە تازا ماس كەلمەيدۇ. بۇ گەپچە سىزنىڭ مەن بىلەن ئاجراشقۇڭىز ھەم ئايرىم تۇرغۇڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنداق بولسا باشقىلارنىڭ ئۆششاق گەپ قىلماسلىقى ئۈچۈن پات - پات كېلىپ تۇرساممۇ بولىدۇ.

— مېنىڭ ئۆششاق گەپ - پۈششاق گەپ دېگەنلەر بىلەن كارىم يوق، — دېدى سكارلېت ئاچچىقى بىلەن، — ماڭا لازىمى سىز. كەتسىڭىز مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭ.

— بولمايدۇ، — دېدى رېت مەسلىھەتكە قىلچە ئورۇن قويماي قەتئىي تەلەپپۇزدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سكارلېت بىردىنلا كىچىك بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىشكە، يەردە يېتىپ تېپچەكلەپ ئۆزىنى بېشىغا كىيىدىغانغا ئاز قالدى، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى دېمىگەن بولسا چوقۇم شۇنداق قىلاتتى. ئۇنداق قىلىدىغان بولسام ئۇ چوقۇم مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ ياكى بىر چەتتە قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنداق قىلماسلىقىم ھەم يەنە ئۆنىڭغا بەكمۇ يالۋۇرۇپ كەتمەسلىكىم كېرەك. ئۆنىڭ مېنى كەمسىتىشىگە دەستەك بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقىمۇ ھەرگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئاندىن ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىنى تۇتقان قىياپەتتە:

— نەگە كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

رېت جاۋاب بېرىۋاتقاندا كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسىنى قوۋۋەتلەۋاتقاندەك ئىپادە ئەكس ئەتتى.

— ئەنگلىيەگە... ياكى پارىژغا بېرىشىم مۇمكىن. چارلېستونغا بېرىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشنىمۇ ئويلاۋاتىمەن.

— ئۇلارغا ئۆچ ئىدىڭىزغۇ؟ دائىم ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم... ھەم...

رېت مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— ھازىرمۇ مەسخىرە قىلىمەن... ئەمما سەرگەردانلىق ھاياتتىن تويدۇم، سىكارلېت. بۇ يىل قىرىق بەش ياشقا كىرىپتىمەن... ئادەم بۇ ياشقا كەلگەندە، ياش ۋاقتىدا يەڭگىللىك بىلەن تاشلىۋەتكەن نەرسىلىرىنى قەدىرلەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. مەسىلەن، ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقى، نام ـ ئابروي، خاتىرجەملىك دېگەندەكلەرنى. بۇ مېنىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقىنىم ئەمەس، ئۆزۈم قىلغان ئىشلارغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن. مەن ياخشى كۈنلىرىمدىن ناھايىتى ئوبدان بەھرىمەن بولدۇم، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭدىن زېرىكىپ ئازراق ئۆزگىرىش ياساي دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئەمما، كەمچىلىكلىرىمدىن باشقا نەرسىلىرىمنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا ئەمەسمەن. مەن يەنە كۆپ كۆرۈپ كۆزگە سىڭىپ قالغان كۆرۈنۈشتىكى بەزى تەربىيەلەرنىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆچلۈكى كېلىدىغان، ئەمما جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىشلارنىمۇ ئۆگەنمەكچىمەن... بىراق، قەدىرلىكىم، ئۇ مېنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرى، يەنى باي ـ تۆرىلەرنىڭ سالاپەتلىك يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى. كونا زاماننىڭ لاتاپەتلىك گۈزەل ئەخلاقلىرى. بۇرۇن مەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇ دەرىجىدە جەلپكار نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەپتىكەنمەن.

سىكارلېت ھېلىقى چاغدا ئاراتنىكى باغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم ئېسىگە ئالدى. ئاشۇ كۈنى ئاشلېينىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن نەرسىلەر بۈگۈن رېتنىڭ كۆزلىرىدىمۇ تولۇق ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاشلېينىڭ شۇ چاغدا قىلغان گەپلىرىنى رېت ئەمەس، يەنە شۇ ئاشلېي سۆزلەۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئاشلېينىڭ قىلغان سۆزلىرى ئانچە - مۇنچە ئېسىدە بولغاچقا، خۇددى شاتۇتىدەك ئۇنىڭ شۇ گەپلىرىنى ئەينەن سۆزلىدى:

— ئۇ نەرسىلەر كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە... قەدىمكى گىرېك سەنئىتىگە ئوخشاش شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك مۇكەممەل ۋە تەلتۆكۈس.

— بۇ گەپ قانداق بولۇپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقىۋاتىدۇ؟ — سورىدى رېت كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بۇ دەل مېنىڭ ئويلىغانلىرىم.

— بۇ... بۇ گەپلەرنى ئاشلېي كونا دەۋرلەر توغرۇلۇق گەپ بولغاندا دېگەن.

رېت مۈرىلىرىنى قىسىپ قويىدى، كۆزلىرىدىكى نۇرمۇ شۇئان يوقالدى.

— يەنە شۇ ئاشلېينىڭ گېپى، — بۇ گەپتىن كېيىن ئۇ بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئاندىن يەنە سۆزلىدى، — سىكارلېت، سىزمۇ قىرىق بەش ياشلارغا بارغاندا مېنىڭ بۇ گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ قالىسىز. شۇ چاغدا بۇ خىل يالغان لاتاپەت، ساختا ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئەرزان باھالىق ھېسسىياتلاردىن زېرىكىشكە باشلايسىز. لېكىن، مەن يەنە شۇنداق بولۇشىڭىزغا ئىشەنمەيمۇ تۇرىمەن. مېنىڭچە، سىز مەڭگۈ كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەرگە دىققەت قىلىپ، ماھىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەي ئۆتۈپ كېتىسىز. مەن ئاشۇ چاغقىچە ياشىيالماسلىقىم، سىزنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىڭىزنى كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن، مېنىڭ ئۇنچىلىك ئۇزاق ساقلاشقا تاقىتىم يەتمەيدۇ، ئۇ چاغدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھالىتىڭىزنى كۆرۈشكىمۇ قىزىقىپ كەتمەيمەن. مەن قەدىمكى شەھەر - يېزىلارغا بېرىپ شۇ چاغلاردىن قېلىپ قالغان بەزى نەرسىلەرنى ئىزدىمەكچى. ھازىر مەندە كونىلىقنى سېغىنىدىغان بىر خىل مىسكىن كەيپىيات ئۇلغىيىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاتلانتا بارغانسېرى ماڭا بەكمۇ ناتونۇش ۋە يېڭى تۇيۇلماقتا.

— بولدى گەپ قىلماڭ! — سكارلېت تۇيۇقسىز توۋلاپ كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاساسەن ئاڭلىمىغانىدى، تولۇق ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلالمايتتى، ھەرقانچە سەۋرچان بولسىمۇ قىلچە ھېسسىيات يوق ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چىدىمايتتى.

رېت گېپىنى توختىتىپ ھەيران بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— ئەمىسە، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

سكارلېت ئىككى قولىنىڭ ئالىقانلىرىنى ئۈستىگە قارىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سوزدى. بۇ، بىر ئادەمگە يالۋۇرۇشنىڭ، ئەپۇ سوراشنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇسۇلى ئىدى.

— ياق! — دەپ توۋلىدى سكارلېت، — مەن چۈشەنمىدىم. چۈشەنگىنىم سىزنىڭ مېنى سۆيمەيدىغان بولۇپ قالغىنىڭىز، ئۆيدىن كەتمەكچى بولغىنىڭىز. ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، سىز كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟

رېت خۇددى ماھىرلىق بىلەن قىلغان يالغان سۆزنىڭ راست سۆزگە قارىغاندا رولى چوڭ بولامدۇ قانداق، دەپ ئويلاۋاتقاندەك، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— سكارلېت، مەن يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كەتكەن نەرسىنى يەملەپ چىقىپ، ئاندىن ئۆزۈمگە، بۇ سۇنمىغىنى بىلەن ئوخشاش، دەيدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. سۇنغىنى سۇندى، تۈگىدى... مەن ئۇنىڭ ساق ۋاقتىدىكى ھالىتىنى ئېسىمدە تۇتىمەن. ئەمما، ئۇنى يەملەپ، مەڭگۇ ئۇنىڭ سۇنغان يېرىگە قاراپ ئولتۇرمايمەن. بەلكىم مەن ياشراق بولغان بولسام... — ئۇ

چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى، — ئەمما ھازىر يېشىم بىر يەرگە باردى، شۇڭا ھەممىنى باشتىن باشلايمىز، دېگەندەك ئۇنداق ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن. بۇ ياشقا كەلگەندە ئەمدى يالغان گەپلەرنىڭ ئىغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ، يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئۆتۈشنىڭ خام خىياللىرى ئىچىدە ياشاشنى خالىمايمەن. مەن سىز بىلەن بىللە ئۆتۈۋېتىپ سىزگە يەنە يالغان گەپ قىلىشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرمەيمەن ھەم سىزنىمۇ ئالدىمايمەن. ھازىرمۇ سىزگە يالغان گەپ قىلغۇم يوق، پەقەت بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىڭىزغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگۈملا بار، لېكىن ئۇنداق قىلالمايمەن، — ئۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىچىگە بىر تىنىپ قويۇپ، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئىش بىلەن كارىم يوق.

سىكارلېت ئۇنىڭ پەلەمپەيدىن ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا جىمجىت قاراپ تۇردى. گېلى يەنە چىڭقىلىپ نەپەس ئالماي قېلىۋاتاتتى، رېتنىڭ ئاياغ تىۋىشىنىڭ بارا ـ بارا يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان سىكارلېت ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتى ئەڭ زور بولغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىنىڭمۇ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ رەھىمسىز كاللىسىغا كەلگەن ھۆكۈمنى ھەرقانداق ھېسسىيات ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلەر بىلەنمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇنىڭ ھەربىر ئىغىز سۆزى ھەقىقەت ئىكەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەيسەر ئىرادىنى، قىلچە مۇرەسسە قىلمايدىغان خاراكتېرنى كۆپ قېتىم ئاشلېينىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى تاپالمىغاندىن كېيىن، شۇنداق قاراشقا كەلگەنىدى.

سىكارلېت ئۆزى سۆيگەن ئىككى ئەرنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمەي، ئاخىرىدا ھەر ئىككىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئەمدى بىلدىكى، ئەگەر باشتىلا ئاشلېينى چۈشەنگەن بولسا ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ھەرگىز سۆيمىگەن بولاتتى، ئوخشاشلا رېتنىمۇ چۈشەنگەن بولسا ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى قولىدىن چىقىرىۋەتمەيتتى. سىكارلېت بىرخىل ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ دۇنيادا ئۆزى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى.

شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ يۈرىكى بىر خىل خىراماللىق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسى بويىچە بولىدىغان بولسا، خىراماللىق ئىچىدىكى يۈرىكىگە خۇددى دوختۇر بەدەننىڭ بىرەر يېرىنى كەسكەندە بەدەن ئاغرىماي، كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق ئاغرىپ كېتىدىغاندەك، چىدىغۇسىز ئاغرىق كىرىپ كېتەتتى.

«بۇ ئىشلارنى ھازىر ئويلىماي تۇراي، — دەپ ئويلىدى ئۇ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە، — ئەگەر ھازىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى ئويلاۋېرىدىغان بولسام ساراڭ بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن، قالغىنىنى ئەتە ئويلاي.»

«بىراق، — ئۇنىڭ يۈرىكى كونا ئادىتىنى تاشلاپ، ئاغرىق ئازابىدا نالە قىلىپ توۋلاپ كەتتى، — ئۇنى ماڭدۇرماسلىق كېرەك! ئۇنىڭ چارىسى چوقۇم تېپىلىدۇ!»

«ياق، ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلىماي، — يەنە ئويلاپ قالدى ئۇ يۈرىكىدىكى ئۇ ئازابنى ئۇنتۇشقا ياكى بىرەر نەرسە بىلەن توسۇپ قېلىشقا تىرىشىپ، — مەن... ھە توغرا، تاراغا كېتىشىم كېرەك، ئەتىلا ماڭاي، — بۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭ روھى بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

بۇرۇن ئۇ تاراغا ئىنتايىن قورقۇنچ ۋە يېڭىلگەنلىكلىرىنىڭ ئازابى بىلەن بېرىپ، تارانىڭ ھىمايىسى بىلەن يەنە قايتىدىن ئەسلىگە كېلەتتى - دە، ئىرادە قوراللىرى بىلەن قايتا قوراللىنىپ يېڭىدىن كۈرەشكە ئاتلىناتتى. بۇرۇنقى شۇ ئىشلارنى نېمىلا بولسۇن بۇ قېتىممۇ قىلىپ باقسۇن، خۇدا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپمۇ قالار. لېكىن، قانداق قىلىدۇ، ئۇ بىلمەيتتى، بۇ

ئىشلارغا ھازىر باش قاتۇرۇشنىمۇ ئويلىمايتتى. ئۇنىڭغا ھازىر بىردىنبىر زۆرۈر بولۇۋاتقىنى ئازابلىرىنى ئۇنتۇش، جاراھىتىنى ساقايتىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش پىلانلىرىنى تۈزۈش ئۈچۈن تىنچ بىر ماكان ئىدى. تارا خىيالىغا كېلىش بىلەن خۇددى سوغۇققان بىر قول يۈرىكىنى يېقىملىق سىلاۋاتقاندەك، تاتلىق بىر سېزىم بەدىنىگە تاراۋاتقاندەك، ئۇ يەردىكى ئاق ئۆيلەر كۈزنىڭ ئاپتىپىدا تاۋلىنىپ قىزىرىپ تۇرۇۋاتقان دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىلىقلىرىدىن ئۆزىگە قاراپ قول پۇلاڭشىتىۋاتقاندەك بىرخىل تۇيغۇغا چۆمۈلۈشكە باشلىدى. يېزىنىڭ گۈگۈم مەزگىلىدىكى تېپتىنچ ھالەتلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ، خۇددى ئۇ كەيپىيات ئۆزىگە بەخت تىلەۋاتقاندەك، ئاشۇ خىل كەيپىيات ئىچىدە ئاپپاق سوزۇلۇپ ياتقان كېۋەزلىكلەرنى، ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلاردىكى يالىڭاچ ياتقان قىزىل تۇپىلىق تېرىلغۇ يەرلەرنى، ياپپېشىل ئورمانلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭغا مەلھەم بولۇپ، يۈرىكىنىڭ ئاغرىق ئازابى يېنىكلىگەندەك، ئۆكۈنۈش، پۇشايمانلىرى سەل - پەل بېسىلغاندەك بولدى. ئورنىدىن تۇرغاندا، تاراغا بارىدىغان دەرەخلىك يوللار، ھويلىدىكى تامغا يامىشىپ ئېچىلىپ كەتكەن ئاق يەسمەن گۈللەر، سالقىن شامالدا يەڭگىل ئۈچۈپ تۇرىدىغان دېرىزە پەردىلىرى كۆز ئالدىدىن يەنە بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. نېگىر ئانىسى چوقۇم شۇ يەردە. ئۇنىڭ بىردىنلا نېگىر ئانىسىنى ئوتتەك كۆرگۈسى كەلدى. كىچىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئۇ مومايدىن ھازىرمۇ ئايرىلالمايتتى. ئۇنىڭ كەڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويسام، ئۇ يوغان قوللىرى بىلەن چاچلىرىمنى سىلاپ كەتسە، دېگەندەك تاتلىق خىياللارغا چۆمۈلدى. نېگىر ئانىسى ئۇنى كونا دەۋر بىلەن باغلاپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر ھالقا ئىدى.

سىكارلېتتا ئۆز جەمەتىنىڭ مەغلۇبىيەت كۆزىگە كۆرۈنۈپ

تۇرۇۋاتىسىمۇ ئۇنى ئىقرار قىلمايدىغان روھ بار ئىدى. ئاشۇ روھ بىلەن ئۇ ھازىرمۇ يەنە بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ چوقۇم رېتىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ، ئۇنىڭغا قۇربى يېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىدىغانلا بولسا، بۇ دۇنيادا ئۇ قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئەر كىشى يوق.

«قالغان ئىشلارنى تاراغا بارغاندا ئويلاي. شۇ چاغدا مەن ھەممە ئىشقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن. ئەتە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ چارىسىنى چوقۇم تاپىمەن. نېمىلا بولسۇن، ئەتە باشقا بىر كۈن باشلىنىدۇ.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب چەت ئەل ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىلى 8 - ئاي بېيجىڭ 1 - نەشرى، 1992 - يىلى 2 - ئاي خۇبېي 5 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据外国文学出版社1990年8月北京第1版，1992年2月湖北第5次印刷本翻译出版。

# ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن (2)

**ئاپتورى:** مارگارېت مىچېل (ئامېرىكا)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** راخمان مامۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل ھاشىم
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 28.125
**نەشرى:** 2014 - يىلى 9 - ئاي 2 - نەشرى
**باسمىسى:** 2014 - يىلى 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 17030 - 2
**باھاسى:** 74.00 يۈەن